دوكتور مانىئ جۇھەنى (سەئۇدىي)

يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن

# توغرا ۋە ئازغۇن يولدىكى مەزھەپ - پىرقىلار

# الموسوعة الميسرة فى الأديان والمذاهب والأحزاب المعاصرة

المؤلف: الندوة العالمية للشباب الإسلامي فى السعودية

إشراف وتخطيط ومراجعة: د. مانع بن حماد الجهني

الناشر: دار الندوة العالمية للطباعة والنشر والتوزيع، فى الرياض.

# بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەپەندىسىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

ئۆز بابىدا بىر يېڭىلىق بولۇشى ئارزۇ قىلىنغان بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسەرنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلىش ۋە پىكىر، سىياسەت، پارتىيە، دىن، مەزھەب ۋە ئوخشاش بولمىغان گورۇھلار خۇسۇسىدا زور بىر تۈركۈمدىكى چىن ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىزنى مەمنۇن قىلىدۇ.

بۇ ئەسىر ئۇچۇر ۋە مۇناسىۋەت ساھەسىدە بىر ئىنقىلابنى، پىكىر، مەلۇماتلارنى يۆتكەشتە ئىنسانىيەت بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان سەكرەشكنى باشتىن كەچۈردى. زامان ۋە ماكاننىڭ مۇساپىسى قىسقىراپ، دۇنيا كىچىككىنە بىر يېزا ھالىتىگە كىلىپ قالدى. ئادەمنى چۈچۈتكىدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش، كۆپىيىش ۋە تەكرارلىنىشتىن ئىبارەت ”ئۇچۇر پارتىلىشى“ دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر مۇساپىنى باشتىن ئۆتكۈزدى.

بۇلار ئۆتمۈشتىكى ئەللەر دۇچ كىلىپ باقمىغان قانچىلىغان قىيىنچىلىق ۋە نەتىجىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە يەككىلىك، يالغۇزلۇق ھېچقانداق دۆلەت ياكى شەخسلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. دەۋرىمىز ئىنسانلىرى ئۆزلىرىنى پەلسەپە، دىن، گورۇھ، سىياسەت، پىكىر ئېقىملىرى ۋە پارتىيىلەر ھەققىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى، خۇنۇك، چىن ھەقىقەتلەرنىڭ چىھرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان مەلۇماتلاردىن شەكىللەنگەن بىر توپاننىڭ قاينىمىدا ئۇچراتتى.

بۇ نوقتىلار بىزدە، يوقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئىلمىي ئېنسىكلوپېدىيە تەييارلاش زۆرۈرىيىتىنى ئويغاتتى. بۇنىڭ بىلەن، ھەقىقەتلەرنى ئېنىق ۋە چىنلىق دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان، مول مەنبەلەرگە تايانغان، ھۇجۇم ۋە جاراھەتلەندۈرۈشتىن يىراق، يۈزەكىلىكتىن خالى، چىنلىق ۋە ئامانەت پرىنسىپىغا رىئايە قىلغان، مىغىزلىق شەكىلدىكى جىددى ۋە پاكىز بىر تەتقىقاتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىپ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق. بۇنىڭ بىز مەقسەت قىلغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ يەردە يەنە، تەتقىقاتىمىزدا تارىخ سەھنىسىدە ئەمەلدىن قالغان، ۋاقىت تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇپ، چىرىپ تۈگىگەن ھەرىكەت ۋە ئېقىملارنى ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دۇنيادىكى تۇتامغا چىقىدىغان، ۋۇجۇدى ئىسپاتلانغان جانلىق مەزھەب ۋە ھەرىكەتلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز تولىمۇ مۇھىم.

بۇنداق قىلىشىمىز ھەرگىزمۇ يوقىلىپ تۈگىگەن تارىخى ھەرىكەتلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، ھازىرقى دەۋر مەزھەبلىرىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەنلىكىمىزدىن ئەمەس بەلكى، ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ



www.munber.org

بۇ دەۋرنىڭ يۈنىلىشىنى بىلىشى ئۈچۈن، ساغلام چۈشەنچە ۋە مەدەنى ئىلمىي ئۇزۇق ھازىرلاش ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش يولىدا ئېنىق پاكىتقا ئىگە قىلىش ئارزۇيىمىزنىڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق قىلدۇق.

بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئېمىلىرىنى لوغەت ئۇسۇلى بويىچە رەتلىنىدۇق: بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن ئىككى خىل پايدىسى بار ئىدى:

بىرىنچىسى: ئىشلىتىلىشى ئاسان بولسا، ئىككىنچىسى: كەلگۈسىدىكى قايتا نەشىرلىرىدە يېڭى ئېمىلارنى لوغەت تەرتىۋىدىكى مۇناسىپ ئورونىغا قويۇشقا قولاي ئىدى.

تەتقىقاتنىڭ ھەر بىر گوروھ، پارتىيە، دىن ياكى ئېقىملار توغرىسىدا ياقلاپ ماڭغان مېتودىغا كەلسەك، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئېنىقلىما: بۇ ماۋزۇنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئۇنىڭغا كىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەركەزلىك، يىغىنچاق ھالدا بارلىق ئېمىنى خۇلاسىلەش شەكلىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ تەسىس قىلىنىشى ۋە مۇھىم شەخسلەر: بۇنىڭدا، پىكرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئورۇن ھازىرلىغان دەسلەپكى جەريانلار، رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلىش شارائىتى توغرىسىدا سۆز يۈرىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرىكەتتە روشەن ئىزلارنى قالدۇرغان ۋە يۈنۈلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەر تونۇشتۇرىلىدۇ.

3 ـ پىكىر ۋە ئېتىقادلار: بۇنىڭدا، ھەرىكەتنىڭ پىكرى، ئەقىدىسى ۋە ھەرىكەت سۈپەتلىنىۋاتقان گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەر، بۇ ئېقىمنى ياقلىغۇچىلارنىڭ سۇلۇك ۋە خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارى، تەپەككۇرىدىكى مېتود ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ بايانى، پرىنسىپلىرى ۋە ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز يۈرىتىلىدۇ. بۇ ھەرقانداق ھەرىكەت ياكى مەزھەبتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئېما.

4 ـ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى: بۇنىڭدا، بۇ ياكى ئۇ ھەرىكەتنىڭ ئېتىقاد ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ.

5 ـ تارقىلىشى ۋە نۇپۇز دائىرىسى: بۇ ماۋزۇ ئاستىدا، ھەرىكەتنىڭ پىكرى ۋە پرىنسىپلىرى كەڭ تارقالغان رايۇنلار ۋە ئۇنىڭ نۇپۇز دائىرىسى، كۈچ ۋە قوللاش مەنبەلىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ.

6 ـ ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى: ماۋزۇغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېلىشنى، ئىچكىرلەپ ئىزدىنىشنى خالايدىغانلارغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن مۇھىم مەنبەرلەر كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

www.munber.org

يوقىرىقىلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن؛ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەندىن كىتابتا ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان تولۇقسىز ياكى كەمتۈك تەرەپلەر ئۇچۇن ئۆزۈر تىلەشنى مۇناسىپ، دەپ قارايمىز؛ چۈنكى بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ مۇجمەللىكى ۋە پايدىلىنىش مەنبەلىرىنىڭ تولۇقسىز بولۇشىدىن باشقا، تېمىنىڭ قېيىنلىقى، بابلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە مەزھەبلىرىنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇشى قاتارلىقلار نىشان قىلغان نوقتىغا يېتىشتە ھەقىقىي تۇسالغۇلۇقلارنى شەكىللەندۈرەتتى. ئەمما بۇ خىزمەتنىڭ بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان تەرىپى بولسا بىر يۈرۈش زەنجىرسىمان شەكىلدىكى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن ساغلام ئۇچۇرلارنى پىلانلىغان شەكىلدە يەتكۈزۈش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئېنسىكلوپېدىك خىزمىتىمىزدە ئۇتۇقتا ئېرىشكەن، غەلىبىدىن نەسىۋە ئالغان بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭدەك، كەلگۈسىدە بۇ كىتابقا يېڭى تېمىلارنى قوشۇش، كونىلىرىنى كونىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ئىچكىرلىگەن ھالدا خىزمەت قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق بۇلۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ نوقتىدا بىز، ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ياكى بىر قانچە تەرەپلەر بويىچە بىرىدىغان پىكىر ۋە مۇلاھىزىلىرىگە مۇھتاجمىز. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، يېتىپ كەلگەن پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرگە تولۇق كۆڭۈل بۆلىنىدۇ.

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى

ئىزدىنىش ـ تەتقىق قىلىش ئورگىنى

www.munber.org

## ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەپەندىسىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

بۇ ”ھازىرقى زامان مەھەب ۋە پىكىر ئېقىملىرى ئېنسىكلوپېدىيەسى“ ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرى. بىرىنچى نەشرى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تۈگەپ كەتتى. نەتىجىدە بىز، دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقىغا ئېنسىكلوپېدىيىنى تەلەپ قىلىپ كىلىۋاتقان خەتلەرگە جايىدا ئىنكاس قايتۇرالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، يىتىپ كەلگەن خەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ئىلاۋە قىلىشنى مەقسەت قىلغان مەھەب ۋە ئېقىملارنى ئىلاۋە قىلىش ۋە كېرەكلىك مەلۇماتقا ئەڭ ئاسان يول بىلەن يىتىپ بېرىشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەپسىلى مۇندەرىجە ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارغا ساقلاپ تۇرماسلىقنى مۇناسىپ كۆردۇق.

ئېنسىكلوپېدىيىنى بۇ قېتىممۇ بىرىنچىسى باسمىسىغا ئوخشاشلا قولىغا ئالغان ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمىز. چۈنكى،بۇ قېتىمقى نەشرىدىمۇ پەقەت ئورنى ئالماشقان مۇھىم شەخسلەرگە دائىر مەلۇماتلار ۋە بىرىنچى باسمىسىدا كۆرۈلگەن بېسىلىش خاتالىقلارنى تۈزىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق. ئەمما بىزنىڭ، جەمئىيەتتە ئورنى بار مەھەب ۋە تەشكىلاتلارغا ئائىت قولىمىزدا بار مەلۇماتلارنى ئىلاۋە قىلىش خۇسۇسىدىكى ۋەدە ۋە ئىستەكلىرىمىز ھېلىھەم مەۋجۇد. ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى نەشرلىرىدە قوشۇلىشى ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئېنسىكلوپېدىيىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىن ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى تاپالىغان ۋە بۇ مەلۇماتلارنى ئاسان ۋە قۇلاي شەكىلدە ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ”دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى“غا رەھمەت ئېيتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئېھتىرامىمىز ۋە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرى، تەنقىد، ئىلاۋە ياكى باھا خاراكتېرىدىكى پىكىرلىرى بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز ۋە ئۇ پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاللاھ خالىسا، ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىمىز. ئۇلارغا خالىس ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ئاللاھنىڭ ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

نىيەتلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھ باردۇر، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى باش كاتىپى

د. مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەلجۇھەنى

www.munber.org

# ئۈچىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ خوجىسىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن!

بۇ ”هازىرقى زامان دىن ۋە مەزھەپلەرگە دائىر ئېنسىكلوپېدىيە“[①] ناملىق كىتابنىڭ ئۈچىنچى نەشرى. بۇ كىتاب، ئىزدەنگۈچى ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن "ئىسلام سىلىشتۇرما تەتقىقاتى بويىچە بىتەرەپ هالدا ئىلمىي مەنبە كۆرسىتىش ساھەسىدىكى ئەجايىپ قەدەم، ساماۋىي دىنلار، ئىنسانىي تەسەۋۋۇرلار، مەزھەپلەر، گۇرۇھلار، ھەرىكەتلەر، پىكرى ۋە سىياسىي ئېقىملار خۇسۇسىدا نۇرغۇنلىغان چىن ھەقىقەتلەرنى ئىزاھلاش جەھەتتىكى ئىلمىي ئېھتىياج" دەپ سۈپەتلەنگەن ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ، ئىسلام كۇتۇپخانىلىرىدىكى زور بوشلۇقنى تولۇقلىدى ۋە ئىلاھىي ھىدايەت تىلەش يولىدا ئوبيېكتىپ بەلگۈلەرنى تىكلىدى. شۇڭا بۇ ئەسەر ئەقلىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنىپ، ئىسلام ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئورگانلىرى بىر قاتار جانلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇندى.

بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنى يېڭى شەكىل بىلەن، مەزمۇنىنى بېيىتقان ھالدا نەشىر قىلىۋاتقان ئىكەنمىز، مۇرەككەپ ۋە زىيادىلىكتىن خالىي ھالدىكى تالاش ـ تارتىش، ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىكى ئاددىلىق ۋە ئاسان ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇرۇنقى باسمىلىرىدا ئۇچرىغان كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، پىلانلانغان نىشانلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ باسمىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بۇ قېتىملىق نەشرىگە ئىلاۋە قىلىنىپ كەلگەن مۇناسىۋەتلىك قويۇق ۋە بىر قەدەر تولۇقلانغان بىر يۈرۈش ھەقىقەتلەرگە ئىشارە قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

**1** ــ بۇ قېتىملىق نەشرى ھەقىقەتەنمۇ، بۇرۇنقى باسمىسىنىڭ ھەسسىلەنگەن، تولۇقلانغان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ھەر بىر تېما، مەزمۇن، شەكىل، تىل ۋە مېتود جەھەتتىن بىرمۇ بىر مۇراجىئەت قىلىندى. ئوقۇرمەنلەر كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بۇ نوقتىلارنى ئېنىقلىما بېرىش، تەسىس قىلىش، مۇھىم شەخسلەر، پىكىر، ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ كىلىپ چىقىش مەنبەلىرى، تارقىلىش ۋە نۇپۇز دائىرىسى قاتارلىق تېمىلاردا ئۇبدان ھېس قىلىدۇ. ئاخىرىقى خۇلاسىدە بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى بار يەرلەرنى تەكىتلەش، پۈختىلاش كېرەك بولغان جايلارنىڭ دائىرىسىنى بەلگۈلەش، مەزمۇننى بايان قىلىش، مېتودىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ھالدا ئەستە قالدۇرۇش مۇھىم بولغان جايلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇماتلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، مۇنداقلا ئۆتكۈزىۋەتمىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇقىم ۋە يېڭىلانغان مەنبەلەرگە تاياندۇق.

**2** ــ بۇ نەشرى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنى باشقا مەنبەلەردىن ئىزدەپ يۈرۈشىدىن بىھاجەت قىلىش ئۈچۈن، بىز قوشۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن مەزھەپ ۋە يېڭى كىرىش ئېغىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقى نەشرى **58** مەزھەپ ۋە ئېقىمنى ئۆز

---

[①] بورۇنقى باسمىلىرىنىڭ ئىسمى شۇنداق ئىدى.



www.munber.org

ئىچىگە ئالغان بولسا، بۇ قېتىملىق نەشرى 120 مەزھەپ ۋە ئېقىمنى ۋە بىر قىسىم قالدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە، ھەقىقەتلەرنى چىنلىق دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان، مول مەنبەلەرگە تايانغان، ھۆججەت ۋە جاراھەتلەندۈرۈشتىن يىراق، يۈزەكىلىكتىن خالى، چىنلىق ۋە ئامانەت پرىنسىپىغا رىئايە قىلغان، مېغىزلىق شەكىلدىكى جىددى ۋە پاكىز بىر تەتقىقات ئالاھىدىكى بىلەنمۇ خاراكتېرلەندى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئېنسىكلوپېدىيە، ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ ساغلام تەبىئىتى، پاك روھى دۇنياسى بىلەن يېقىنلىشالايدىغان، ئاسان ۋە قۇلاي ھالدا ھەقىقەتنى ئۇچرىتالايدىغان مۇكەممەللىك تەۋەسىگە ئۆتتى.

3 ـ بۇ نەشرى يەنە، تېكىستتە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشى قىيىن بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش خاراكتېرىدىكى بىر تولۇقلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنى ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزدەش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىزاھاتلار ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ سىرتىدا قويۇلدى. ئۇنى ھازىرلاشتا، ئوبيېكتىپ ئىلمىي مەنبەلەرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ مېتودىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان قىسقارتىش ياكى زىرىكەرلىك دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلماستىن, سۆزلەرنىڭ ئاددى، ئېنىق ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. تېكىستتە ئۇچرىغان قاموس سۆزلىرىنىڭ يېنىغا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ( ✸ ) بەلگۈسى قويۇلغىنىدەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىزدىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قاموس ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەندى.

بۇ يەردە، ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ مېتودىغا خىلاپ ھالدا، ئېنسىكلوپېدىيە ۋە قاموسنىڭ بىر قىسىم كىرىش ئېغىزلىرىنىڭ بەزىدە قىسقىلا، يەنە بەزىدە نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشارە قىلىپ ئۆتۈش ياخشى بولسا كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپ بار:

(ئا) بىر تەرەپ قىلىنغان مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

(ب) دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقىنىڭ قىزغىنلىق ياكى ئېھتىيات سەۋەبىدىن بىر قىسىم ماۋزۇلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بىر قەدەر ئەتراپلىق بىر تەرەپ قىلىشى.

4 ـ ئىسلامنىڭ، بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بەلگۈلەيدىغان دائىرە ۋە بارلىق شەيئىلەرنى كۆرىدىغان لوپا ئەينەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، قىيامەت قايىم بولغۇچە داۋام قىلىدىغان، دۇنياۋىلىق سۈپىتىگە ئىگە، ئاللاھ تائالا ئۇ ئارقىلىق بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى خالىغان بۇ مۇكەممەل دىن ھەققىدە تىز ۋە يىغىنچاق شەكىلدە ئازراق ئۇچۇر بېرىش ۋە ئۇنى مۇستەقىل بىر تېما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ئەمما ئىلاۋە قىلىنغان باشقا ماۋزۇلار ئەدەبىي ۋە فىقھى مەزھەپلەر، پارتىيىلەر، ھەرىكەت ۋە سىياسىي ئېقىملاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ خۇسۇستا، ئۆزىمىز ئىلاۋە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بارلىق ئېقىم ياكى مەزھەپلەرنى ئىلاۋە قىلالمىغانلىقىمىز كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەمما، ھەرقايسى رايون، دۆلەت ۋە ئورگانلارنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىنى تەلەپ قىلىشۋېرىشى بىزنى ھېلىھەم



www.munber.org

تەتقىق قىلىنىۋاتقان، ئىزدىنىلىۋاتقان ۋە تولۇقلىنىۋاتقان بىر قىسىم تېمىلارنى كەلگۈسىدىكى نەشرلىرىگە قالدۇرۇپ، ھازىرلاپ بولغانلىرىمىز بىلەنلا كۇپايىلىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

5 ـ ئەمما مېتود نوقتىسىدىن، ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ تېمىلىرى ئىلگىرىكى باسمىلىرىدا ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىلمىي ئانسىكلوپېدىيەلەرنىڭ مېتودىغا ئويغۇن كېلىدىغان، ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىمايلا، ئىزدىگەن تېمىنى بىۋاستە تاپقىلى بولىدىغان ئەۋزەل تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ خىل ئارتۇقچىلىقنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئوخشىمىغان مۇقەددىملىرىغا تېز مۇراجىئەت قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان بىر ئېلىپبەلىك مۇندەرىجىنى قوشۇمچە قىلغان ئىدۇق. ئەمما بۇ قېتىمقى نەشرى تېخىمۇ تىرەن ۋە ئۇقۇرمەننىڭ نەپسىگە تېخىمۇ كۆچلۈك تەسىر قىلىدىغان شەكىلدە، يەنى تېما ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئامىللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلدى.

◈ ئىۆزىدىن باشقا بارلىق ساماۋىي دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى تەھىد ئەقىدىسىگە ئىگە دىن بولۇشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىسلام بىلەن باشلىدۇق. بۇ دىن، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىغا ۋەھيى قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان دىندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلامدىن شاخلانغان ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىلىپ چىققان فىقھى مەزھەپلەر، سۈننى ئېقىمىدىكى سەلەفي ۋە ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، ئازغۇن جامائەت ۋە پىرقىلارنى، ئەقىدە ساغلاملىقى ۋە ئەگىشىش ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرگەن سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە قايتىش زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلىگەن ئاساستا ئوتتۇرىغا قويدۇق.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن، يەھۇدىيلار ۋە ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ چىققان پىرقە، مەزھەپ ۋە ھەرىكەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

◈ ئارقىدىن خرىستىئان دىنى ۋە ئۇنىڭ قۇچىغىدا يېتىلگەن مەزھەپ، پىرقە ۋە ھەرىكەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق.

◈ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن، شەرق دىنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوقىدا ئايلىنىۋاتقان مەزھەپ ۋە پەلسەپىلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق.

◈ ئەڭ ئاخىرىدا پەلسەپە مەزھەپلىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار، مەلۇم مەزگىل ئىنسانىيەتنىڭ پىكرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، كېيىن يوقىلىپ تۈگىگەن، ئىزلىرى ئۆچكەن ياكى ئۆچۈشكە ئازلا قالغان ئىقتىسادى، سىياسىي نەزىرىيە ۋە پەلسەپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى بۇ مېتودنىڭ كۆتكەن نەتىجىگە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئاساسىي ماۋزۇلارنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىش ۋە يول ئېچىش مەقسىتىدە قىسقىلا مۇقەددىمە بىلەن باشلىدۇق. گەرچە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي ئامىللارنىڭ خېلىلا ئەھمىيىتى بولسىمۇ، بارلىق ئامىللارنىڭ ئومۇمىي تەرتىۋىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىپ، تېمىنىڭ ماھىيىتىنى ئەسكە سېلىپ قويىدىغان نوقتىلارنى مۇقەددىمىگە يېزىشتىن يىراق تۇردۇق.

www.munber.org

مەيلى ماختاش ياكى تەنقىد قىلىش ، ئىجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن بارلىق كۆز قاراشلاردىن ئىمكان بار پايدىلىنىشقا كۆڭۈل بۆلدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بەزىدە بۇ قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقلار تۇپەيلى، بىر خۇلاسىگە كىلىش بىز ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىدى. ھەرخىل مەزھەپ ۋە پارتىيىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پەقەت ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىشكە ھەتتا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆپتۈرۈشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ ئەمما، بۇلارغا قارشى كۈچلەر ئۇلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىجابىي تەرەپلىرىنى ئېتىباردىن قالدۇرۇشنى، ھېچبولمىغاندا يۇشۇرۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ھەقلىق تەرەپلىرى بارلىقى ئېنىق. مانا بۇلار بىزنى توغرىغا ئەڭ يېقىن دەپ قارىغان مەيداندا تۇرۇشقا ئېلىپ كەلدى. گەرچە بىز بۇ ئىشنى مۇكەممەل قىلدۇق، دەپ داۋا قىلالمىساقمۇ، بىراق بۇ باسقۇچتا قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشلارنى قىلدۇق. شۇڭا، ئىماد ئىسپاھانىنىڭ بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر ئىنسانىنىڭ ئىشىنىڭ كەمچىلىك ۋە يەتكۈسىزلىكتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئېيتقان سۆزىدىن ئىقتىباس ئېلىپ مۇنداق دەيمىز: ”بىر كىشىنىڭ بۈگۈن يازغان كىتابى ھەققىدە ئەتىسى "بۇنى ئۆزگەرتسە ئۇبدان، قوشۇمچە قىلسا ياخشى، يېزىشتىن ئىلگىرى تۈزەتسە بۇ گۈزەل بولغان بولاتتى." دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئىبرەتلىك ئىشتۇر. ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئاجىزلىقنىڭ ھۆكۈمران بولىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.“

ئەي، ئاللاھ! بۇ خىزمىتىمىزدە كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەرنى، سادىر قىلغان ئاجىزلىقلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئۇ كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقلارنى ھەقىقەتنى بويلاپ يازىدىغان كىشىلەرنىڭ يېزىپ بىزگە يوللىشىغا ۋە بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا جاۋاپ يېزىشىمىزغا ئىلھام بەرگىن! چۈنكى ھەقىقەت ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئەي، ئاللاھ! بۇ خىزمەتتىكى ياخشىلىقلارنى بىزنىڭ كۈچىمىزنى ئارتتۇرىشىمىز ئۈچۈن كېپىل قىلغىن! بارلىق كۈچىمىزنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلىشىمىزغا ياردەم بەرگىن! دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر! دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

د. مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەلجۇھەنى

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى باش

كاتىپى

www.munber.org

# تۆتىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

ھەمدۇ ـ سانالار ئىنسانىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا بايان قىلىشنى ئۆگەتكەن، مەلۇماتلارنى خاتىرلەش ئۈچۈن قەلەمنى بەرگەن ۋە ئۇنى زامان بويلاپ ساقلايدىغان قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. دۇئا ۋە سالاملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

بىر قانچە ئاي ئىلگىرىلا كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئۈچىنچى نەشرىدىن ئۇزۇن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، "ھازىرقى زامان دىن، مەزھەپ ۋە پىكىر ئېقىملىرى ئېنسىكلوپېدىيىسى" نىڭ بۇ نەشرىمۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدىنمۇ تېز تۈگەپ كەتتى. ئۇنىڭ تېز سېتىلىشى رىغبەتلىنىشكە ۋە تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشقا ئۈندىدى. ئېنسىكلوپېدىيە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئاسان، مەلۇماتلىرىنىڭ ئىشەنچلىك، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق، مۇراجىئەت قىلغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئەڭ قۇلاي يوللار بىلەن ئورۇندايدىغان، ئىبارىسى ساغلام، مەلۇماتى توغرا ۋە ئىنچىكە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا رازى بولۇپ، ئۇلارغا مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەن ئەخلاق ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان، ھەر قانداق پىكىر، مەزھەپ ۋە دىنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بىتەرەپلىك ۋە پاكىزلىق بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۇلارنى خۇنۇكلەشتۈرمەي، ئارتۇق بىر نەرسە يۈكلەپ قويماي، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدىكى «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا)ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [مائىدە سۈرىسى، **8** ـ ئايەت] ئايىتىدىكى ئىنساپ ۋە ئادالەت قارىشىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىنغان بولغاچقا مۇشۇنداق ياخشى ئالقىشقا ئېرىشتى.

كەمچىلىكلەرنى ھېس قىلىش ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشىمىز بىلەن بىرگە، ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ مۇكەممەللىنىشى ئۈچۈن ئىنتىلىمىز ۋە تىرىشىمىز. يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىزچىل ئىشلەيمىز.

مانا بىز ھازىر ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ تۆتىنچى باسمىسىنى سۇنۇۋاتىمىز. ئۆتۈنۈشلەر غالىب كېلىپ، تەلەپلەر بىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىنكاس قايتۇرۇدۇق. بىزگە خەت يازغان ياكى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئەتكەنلەرنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن، بىر قىسىم زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر، دۇنيا سەھنىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلار ۋە ئىلمىي ئىنچىكىلىكلەر تەقەززا قىلغان قوشۇمچىلار ۋە جىددى تۈزۈتىشلەرنى كىرگۈزۈش بىلەن ئۇنى ئۈچىنچى نەشرىدىكى ئومۇمىي شەكلىدە قايتا نەشر قىلدۇق. يەھۇدىيلارغا دائىر بابنى قايتا تەييارلىدۇق، نۇرسىيلار ھەركىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى كېڭەيتتۇق، ئون ئىككى ئىمامنى ياقلايدىغان شىئەلەر ۋە زەيدىيلەر توغرىسىدىكى بەزى نوقتىلارنى تۈزەتتۇق، دىيوبەندى جامائىتى ۋە باشقا تېمىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق.

بۇ نەشرىنى چىقىرىشنى تۈزىتىش ۋە قوشۇمچە قىلىش كېرەك دەپ قارىغان ياكى بىزگە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلار توپلانغا قەدەر كېچىكتۈرۈشكە ئورۇنغان ئىدۇق.



www.munber.org

لېكىن، ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز كېلىۋاتقان تەلەپلەر مۇمكىن بولغان تۈزىتىش ۋە قوشۇمچىلارنى ئىلاۋە قىلىپلا، نەشىر قىلىشىمىزغا مەجبۇر قىلدى. ھېلىھەم ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنى ئۇنىڭدىن تەشنالىقىنى قاندۇرىشىنى، ئىزدىگەن ۋە ئېھتىياجى چۈشكەن نەرسىلەرنى تاپالىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا تەقدىم قىلىمىز. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تولۇقلاش زۆرۈر كەمچىلىكلەر، تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلارنى كۆرگەنلەر، دىققەت قىلىش مۇھىم بولغان سەۋەنلىكلەر ياكى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك جايلارنى كۆرگەنلەردىن بىزگە خەت يېزىشقا بېخىللىق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىمىز. قەلبىمىز كەڭ، كېيىنكى باسمىلارنىڭ ئورنى تېخىمۇ كەڭرى بولۇپ، غايىمىز ھەمىشە ھەقىقەت، توغرىلىق ۋە ئامانەتتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزنى تەنقىدلەپ خەت يازغان بۇرادەرلەرگە كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيمەن. بىز ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن پايدىلاندۇق، پىكىرلىرىگە تاياندۇق. ئاللاھ ئۇلارغا خەيرلىك ئاتا قىلسۇن! ئاللاھ تائالادىن ھەقنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىمىزغا قادىر قىلىشىنى، توغرىلىققا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىپ، ياخشىلىق مىزانىمىزدا قويىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

د. مانىئ ئىبنى ھەمماد ئەلجۇھەنى

دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى باش كاتىپى

www.munber.org

# بىرىنچى قىسىم

# ئىسلام

www.munber.org

# ئەقىدە پىرقىلىرى

## فىقھى مەزھەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ قۇچىغىدا يېتىلگەن ھەرىكەتلەر


بىرىنچى پەسىل: ئومۇمىي مۇقەددىمە
ئىككىنچى پەسىل: ئىسلام
ئۈچىنچى پەسىل: ئىسلام تارىخىدىكى ئەقىدە پىرقىلىرى
تۆتىنچى پەسىل: ئىسلامدىكى فىقھى مەزھەبلەردىن
بەشىنچى پەسىل: يېقىنقى زامان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى
ئالتىنچى پەسىل: سۇپىزم، ۋارىيانتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار
يەتتىنچى پەسىل: چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەن جامائەتلەر
سەككىزىنچى پەسىل: خەلىپىلىكنى قايتا تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدىغان جامائەتلەر
تۇققۇزىنچى پەسىل: مىللەتچى (ئىرقچى) جامائەتلەر
ئونىنچى پەسىل: ئىسلامغا قارشى يۇشۇرۇن ھەرىكەتلەر
ئون بىرىنچى پەسىل: ھازىرقى زاماندىكى پارتىيىلەر، ھەرىكەتلەر ۋە ئېقىملار


www.munber.org

# بىرىنچى پەسىل

## ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ـ تەسلىم بولۇش، بويسۇنۇش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ رازى بولغان يولغا ئۆز ئىرادىسى بىلەن تەسلىم بولۇش، قۇرئان كەرىم ۋە پاك سۈننەتلىرىدە پەرۋەردىگارى نامىدىن بۇيرۇلغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ دىنىنىڭ پرىنسىپى ئىسلامنىڭ ئاساسىي تېمىسىدا ئىجتىهاد قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى شاھادەتنى ئادا قىلىش ئىسلامغا كىرىش ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان بۇ ئىككىسىدىن كىرىپ، ئىسلامنىڭ، ئىماننىڭ ئەركانلىرى ۋە ئېھسانلىرىغا بۇ ئەركانلارغا مەنسۇپ ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىي بولمىغان ئەھۋالدا ئەمەل قىلىدۇ. ئىسلام كۆپ ئىلاھلىق ئىدىيىسىنى رەت قىلىدۇ. نامازنىڭ، زاكاتنىڭ، روزىنىڭ ياكى ھەجنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش، ئاللاھ تائالاغا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە بولغان ئىماننى رەت قىلىش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما دىندىكى موقىم نەرسىلەرنىڭ سىرتىدىكى شاخچە مەسىلىلەردە، قۇرئان ـــ سۈننەت دائىرىسىدە ئىجتىهادنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىجتىهاد قىلىش ھەققى بار، دەپ قارايدۇ.

ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەن بۇ مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەنگەندە، بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ خۇسۇسەن ئىسلامغا دائىر تېمىلاردىكى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالايدۇ.

مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا مەنسۇپ تېمىلارنى تەقسىم قىلدۇق. ئالدى بىلەن ئىسلام ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى، تەبلىغ قىلىنىشى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەلگۈلىرى ۋە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىش ۋە توغرا يولدا مېڭىشنى ئارزۇ قىلىدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئومۇملاشتۇرغان ھالدا مەلۇمات بەردۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن، فىقھى، ئەقىدە ۋە پىكرى مەزھەبلەرگە دائىر تېمىلارنى تەتقىق قىلدۇق ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مەزھىبى بىلەن باشلىدۇق. ئۇ ئۆزىدىن باشقا پىرقە ۋە مەزھەبلەرگە نىسبەتەن ئادىل ھۆكۈم، كۈچلۈك مىزان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر تۇتۇپ ماڭغان يولنىڭ نىگىزىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى پەيغەمبىرى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر بىلەن ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن، قىياپەتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ۋە ئوبرازلاشتۇرماستىن سۈپەتلەيدىغان ئىماندا ئەكىس ئەتتىدۇ. قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ كالامى، مەخلۇق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشلانغان يەنە شۇنىڭغا قايتىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى ۋە باشقىلارنىڭ



www.munber.org

ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ.
ئۇ تائەتكە بۇيرۇپ، مەئسىيەتتىن توسىدۇ. ئىشنى ھەقىقى ئىلىپ بارغۇچى بەندىدۇر،
ئۇلار قىبلە ئەھلىدىن بىرسىنى بىرەر چوڭ گۇناھنى ھالال سانىمىغان بولسىلا كاپىر
دىمەيدۇ. ئىمان ئەھلىدىن بىرىنى دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خەلىپىلەر: ئەبۇ بەكر، ئۇنىڭدىن كېيىن
ئۆمەر، ئارقىسىدىن ئوسمان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)
لاردۇر. ئۇلارنىڭ شەرەپ مەرتىۋىسى خەلىپىلىك تەرتىۋى بىلەن ئوخشاشتۇر. كېمىكى،
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇدىن ئەۋزەل دەپ قارىسا، بۇ ھەقتە
ئىلىمسىز سۆزلىگەن، ھەق يولدىن ئازغان بولىدۇ؛ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ تۆت
مەزھىبى نىگىزىدىن بۇ ئەقىدىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەتتىن باشقا مەزھەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ
نەشرىدە ئىبازىي، ئون ئىككى ئىمامچىلار، زەيدىييە ۋە مۇئتەزىلە مەزھەبلىرى بىلەنلا
بولدى قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان
كالامىزم تەرەپدارلىرىنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا: ئەشئەرىيلەر ۋە ماتۇرىيدىلارنى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ سىلىشتۇرۇپ كۆرەلىشى،
ساغلام ھەقىقەتلەرنى ئۆزى يەكۈنلىيەلىشى ئۈچۈن، ھەقىقەتنىڭ ئەھلى سۈننەت
ۋەلجامائە تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ھەقىقەتكە
خىلاپلىق قىلغان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق.

ئىبازىيلارنىڭ قۇرئان مەخلۇق، چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلەرنى كاپىر
(نىيمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىش) دىيىش، ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ئىنكار قىلىش
قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە قارشى مەيداندا
ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما، زەيدىييە بولسا، شىئەلەرنىڭ ئەھلى ـ
سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ يولىغا (مېتودىغا) ئەڭ يېقىن بىر پىرقىسى بولۇپ، گەرچە
ئۇلار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىسمۇ، ئۇنى
قىسمەن ئىشلاردا ئەيىپلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئون ئىككى ئىمامنى
ياقلايدىغان شىئەلەر ئەبۇ بەكر، ئۆمەر، ئوسمان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!)
لارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئەلىنىڭلا خەلىپىلىككە ھەقلىق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ.
ئۇلار ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يوشۇرۇنىۋالغان، ئۇ قايتىپ كىلىدۇ،
دىيىشىدۇ. ئۇلار ئىماملارنى گۇناھلاردىن پاك، دەپ بىلىدۇ، ئىدىيىسىنى باشقىلاردىن
يوشۇرۇن تۇتۇش ۋە ۋاقىتلىق نىكاھنى مۇباھ دەپ قارايدۇ. چوڭ ساھابىلەرنى
ھاقارەت قىلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت مەزھەبلىرى دەپ تونۇلغان تۆت فىقھى
مەدرىسىسىنى ئۆگەندۇق ۋە ئەھلى سۈننەت مەزھەبلىرىنىڭ سىرتىدىن جەئفەرىييە
مەزھىبىنى تاللىدۇق. بۇ مەزھەبلەر ئەمەلىيەتتە فىقھى مەدرىسلىرى ئىبارەتتۇر.
شۇڭا ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلاپ، ئىسلاممۇ
خرىستىئان دىنىغا ئوخشاشلا مەزھەبلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن دەيدىغان بىلچىرلاش
خاراكتېرلىك ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق.
مەسىلەن، ئىسلامدىكى فىقھى مەدرىسلىرى ئىسلامنىڭ ئېھسان، ئىمان، ئىسلام
ئەركانلىرىنىڭ تەبىئىتى ياكى تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىدىن ھەر قانداق ئەھۋالدا ھالقىپ

www.munber.org

كەتمەستىن، شاخچە مەسىلىلەر خۇسۇسىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىھادلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خرىستىئان دىنى بۆلۈنگەن مەزھەبلەرنىڭ دەل ئەكسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، كاتولىك، ئورتودوكس ۋە پروتىستانت مەزھەبلىرى دىنىنىڭ نېگىزىدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەن مالىكىي، شافىئىي، ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىيدىن ئىبارەت ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقان ئەھلى سۈننەت مەدرىسىلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەندە، ئۇلارنىڭ شەكسىز ھالدا ئىسلام ئاساسىغا ئويغۇن كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پەقەت ۋارىيانتلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىھادلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا ئىجتىھادنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالماستىن قوبۇل قىلىشقىمۇ، ئۇلارنى قويۇپ ئىجتىھاد قىلىشقىمۇ بولىدىغان بۇ فىقھى مەزھەبلەرنى بايان قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام ئالەمدە تەسىرى ۋە تەرەپدارلىرى بار ئىككى خىل چاقىرىقنىڭ بايانىنى كەلتۈردۇق. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ئىجتىھاد قىلىشنىڭ شەرتى توشقان، ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالمايدىغان، مەزھەب تەئەسسۇپلۇقى يوق كىشىلەرنى ئىجتىھاد قىلىشقا چاقىرىش. ئىككىنچىسى: يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىھاد ئىشىكلىرىنى تاقاپ، مەزھەبلەرگە ئېسىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا چاقىرىدىغان، مەزھەب تەئەسسۇپلۇقى بار كىشىلەر. يۇقىرىدا جەئفەرى مەزھىبىنى بۇ قاتاردا ساناپ ئۆتكەن ئىدۇق.

تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئارىلىشىۋالغان بىدئەت ۋە شېرىكلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلاھاتچى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپى ھەرىكىتى يېقىنقى دەۋردە سەلەپىلەر دەئۋىتىنىڭ يېڭىلىشى ۋە داۋامى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ چاقىرىقنى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلدۇق. ئۇنىڭ سەلەپى ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بەلكى ئۇ، يېقىنقى دەۋر ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ بايراقدارى؛ چۈنكى باشقا بارلىق ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى بۇ سەلەپى ھەرىكەتتىن پايدىلاندى. ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر قوبۇل قىلدى. بۇ سەلەپىلەر دەئۋىتى مۇقىم بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىك بىلەن سۈپەتلەندى. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: پۈتۈنلەي ئىسلام ئەقىدىسىگە ، ئۇنىڭ ساپ ئەسلىگە قايتىشقا چاقىرىدىغان ھەرىكەت. قۇرئان ـ سۈننەتتە بايان قىلىنغىنى روشەن ھەقىقەت بولۇپ، چېگراسىدىن تىرناق مىقدارى ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەت، تەۋھىد ئۇقۇمىنى ئۇنىڭغا يېپىشىۋالغان شېرىكنىڭ تۈرلىرىدىن تازىلاش، جىھاد پەرزىنى تىرىلدۈرۈش، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارنى باستۇرۇش، بىدئەت خاراكتېرىدىكى ۋاستە ئىشلىتىشلەرنى يوق قىلىشقا، سۈپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ كاكىراشلىرىغا، قەبرىلەرنى ياساش، ئۇنىڭغا يۆپۈق يېپىش ۋە چىراق يېقىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. بەلكى بۇ چاقىرىقتا قەتئى چىڭ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈممەتنى پىكرى جەھەتتىن ئويغۇتۇپ، ئەنئەنە، تىنچلىق، قالاقلىق ئاستىدا بىر مەزگىل قالغان ئۈممەتنى ھەقىقىي ئىسلام مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ دەۋەت ساھەبى ۋە قۇرغۇچىسىنىڭ كىتابلىرىنىڭ نىگىزى تەۋھىد ئەتراپىدا ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. بۇنداق ئالاھىدىلىك باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ بىرىدىمۇ تېپىلمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر قىسىم سەلەپى ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەسىلەن: ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ رولىنى يېڭىلاش

www.munber.org

مەقستىدە مەيدانغا كەلگەن ھەرىكەت. بۇ ھىجرىيە V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە، بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي (ۋاپاتى 421 - يىلى) دەۋرىدە تازا گۈللەنگەن.

شاھ مۇھەممەد ئىسمائىل ئەددىھلىۋى قۇماندانلىقىدا ئىنگلىز باسمىچىلىرىغا قارشى جىھاد ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇلار ھەقىقىي ئىسلامغا چاقىرىش، تەۋھىد چۈشەنچىسىنى شېرىك ۋە بۇددىزمنىڭ چاڭ - تۇزانلىرىدىن تازىلاش، بىدئەت، خۇراپات ۋە مەزھەب تەئەسسۇپلىقىنى يوق قىلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ ھەدىس خىزمەتلىرى، يېزىق ئىشلىرى، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەرنى بىنا قاتارلىق ساھەلەر بويىچە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بار.

مىسىر، سۇدان ۋە باشقا جايلاردىكى "أنصار السنة المحمدية" «سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى» جامائىتىمۇ ئەقىدە ۋە يۆنىلىشتە سەلەپىلەرنىڭ مېتود ئاساسىي ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ، خالىس تەۋھىدگە ۋە ساغلام سۈننەتكە چاقىرىپ، خۇراپات ۋە بىدئەتلەرنىڭ چاڭ - تۇزانلىرىنى تازىلاش، غەربلىشىش، سىكولارىزم، يوشۇرۇن ھەرىكەتلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان تەسەۋۋۇپچىلارغا قارشى تۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىنى پاش قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى بايان قىلىش ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كىتاب ـ سۈننەتكە چاقىرىش پائالىيىتىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەجايىپ تەسىرلىرى بار.

◈ قۇرئان ۋە سۈننەت، شەرىئەت ۋە ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ئىدى. لېكىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىنگلىز ۋە فرانسۇزلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا گۇمران بولدى. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بەشەرى[1] قانۇن - نىزاملارنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇ ئىككى مەنبەدىن يىراقلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھاياتنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ نوقتىدا، يېقىنقى زامان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام جامائىتى، تۇنىستىكى ئىسلام يۆنىلىش ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى سالامەت پارتىيىسى، كوردىستان ئىسلام پارتىيىسى، سۇداندىكى مىللىي ئىسلام بىرلىكسېپى، پەلەستىندىكى ھاماس (ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى) ھەرىكىتى ۋە ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى قاتارلىقلارنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بۇ خۇسۇستا بىر قانچە خىل ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ:

- مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى، رىئال تۇرمۇشتا ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، قۇرئان ـ سۈننەتكە ئويغۇن بولغان ئىسلامغا قايتىش ۋە مۇكەممەل بولغان مېتود ئارقىلىق سىكولارىزم ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى.

- ھىندىستان ـ پاكىستان يېرىم ئارىلىدا شەيخ ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئىسلام جامائىتى شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ

[1] ئىنسانلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قانۇن - نىزاملار, دېمەكچى - تەرجىمان.



www.munber.org

دەۋىتىدىن زور دەرىجىدە تەسىر قوبۇل قىلغان. ئۇ يەنە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ ئىمان ئېتىقادىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارىنىڭ بىرى بولغان ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش قارىشىغا ئوخشاش بىر قىسىم مەنھەج (مېتود) لىرىدىنمۇ تەسىر قوبۇل قىلغان. لېكىن ئۇ دىققىتىنى ئەقىدە ۋە تەۋھىد مەسىلىسىگە سەلەپىلەر دەۋىتىدەك كۈچلۈك مەركەزلەشتۈرمىگەن.

- تۇنىستىكى ئىسلام يۈنىلىش ھەرىكىتى (گۇللىنىش پارتىيىسى) ئىسلام تارىخىدىكى ئەقلىيەتچىلىك مەدرىسىسىدىن روشەن تەسىر قوبۇل قىلغىنىدىن باشقا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ پىكىر - چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان.

- تۈركىيەدىكى سالامەت (رىفاق) پارتىيىسى، ئىسلام پارتىيىسى بولۇپ، ھاياتنى ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇ، ئالدىدا سكولارىزم ئېقىمىنىڭ تۈرتۈۋېلىشى بىلەن ھەقىقىي تۈردە دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارالماي يۈنۈلۈش ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، تۈركىيەدىكى سكولارىستىك تۈزۈم (دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمى) ھەرقانداق دىنى جامائەت ياكى پارتىيەنىڭ قانۇنلىششىغا يول قويمايدۇ. بۇ پارتىيە ئۆز پىكرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە سىياسىي يولنى تاللىغان.

- كوردىستان ئىسلام پارتىيىسىمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن تەسىر قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ سىرتىدىمۇ ھىمايىچىلىرى بار.

- سۇداندىكى مىللى ئىسلام بىرلىكسېپى، باشقا بارلىق غەيرى ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە قارشى بىر بىرلىكسەپ تەسىس قىلغان. گەرچە ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن بىخلىنىپ چىققان بىرلىكسەپ بولسىمۇ، كېيىن مۇستەقىل يول تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىجتىھادلارنىڭ بىر قىسىملىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە سەلەپىلەرنىڭ بىردەك تەنقىدلىشىگە ئۇچرىغان.

- شۇنىڭدەك، ھاماس ھەرىكىتى پەلەستىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ قوچىقىدا يېتىلگەن پەلەستىن جىھاد ھەرىكىتى. ئۇ پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ۋاقىت زايا قىلىش دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا قىيامەت كۈنىگىچە ۋەقف قىلىنغان، ئۇنىڭدا كەڭچىلىك قىلىش ياكى بىرەر بۆلىكىنى ئايرىپ قويۇش توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

- ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى ئالجىرىيەنى دۈچ كىلىۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا كىرىزىسلەردىن قۇتقۇزۇشقا قادىر، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى يىگانە يول بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ قىسمەن تەسەۋۋۇرلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر سەلەپى ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

- بۇ ھەرىكەتلەر نىگىزلىق مەسىلىلەردە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. ئەمما، ئۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

www.munber.org

◈ يۇقىرىقىلاردىن ئىسلامنىڭ يۈكسەك شەرىئەت ۋە ساپ ئەقىدىگە ئىگە دىن ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. ئۇ ماھىيەتتە، پىرقە ۋە تەرىقەتلىرى يوق دىن. بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ماۋزۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭدىن خىمىر تۇرۇچ ئالغان بىرلىۋى، خەتمىييە، سەنۇسى، تىيجانى ۋە شازىلى قاتارلىق تەرىقەتلەر توغرىسىدا توختالدۇق. تەسەۋۋۇپ دەسلىۋىدە روھنى پاكلاپ، ئۇ ئارقىلىق يۈكسىلىشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق شەھەر ھاياتىنىڭ باياشاتلىقىغا ئىنكاس قايتۇرغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى زاھىدلىقنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بەكلا ئاددى ۋە قولاي بولىدىغان زاھىدلىقنىڭ، نىگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرەققى قىلغانچە دىندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا كىرىپ كەتكەن تەسەۋۋۇپ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. چۈنكى سۈپىلار دىننى شەرىئەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. ئۇلار، شەرىئەتنى دىننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ھەممە ئادەم كىرىدىغان ئىشىك، ھەقىقەتنى بولسا، پەقەت تاللانغان ياخشى كىشىلەرلا يېتەلەيدىغان يوشۇرۇن قىسمى، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماۋزۇنى ئوقۇش جەريانىدا توختاپ ئۆتۈش مۇمكىن بولىدىغان نوقتىلارمۇ بار.

- سەنۇسىلارغا كەلسەك، گەرچە ئۇلار شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ سەلەپىلىك دەۋىتىدىن تەسىر قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، سالىھ كىشىلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى ۋاستە قىلىشتەك خۇراپات، بىدئەتلەردىن خالى يېرىم ساغلام شەكىلدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئېغىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا، مۇكەممەل ئۇسۇلى بار. لېكىن، سەنۇسى تەسەۋۋۇپتىن بەيئەت ئۇسلۇبى ۋە نەسەپ دەرىجىسى، قېرىنداشلىق دەرىجىسى، خاسلىق دەرىجىسى دېگەنگە ئوخشاش روھنى پاكلاش دەرىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ بىدئەت ئۇسلۇپ ۋە ۋەسىلىلەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

- شازىلىيە ــ قىپقىزىل سۈپىزم تەرىقتى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇپ تەرىقەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى بىلەن ئورتاقلىقى ئىگە تەرەپلىرى بار. گەرچە تىيجانىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاياتىي دۇنيادا شەخسەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەپسەتىلىرى بولسىمۇ، باشقا جەھەتلەردە ئۇلار تىيجانىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن خەتمىييەلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش.

- بىرلىۋىلار ئىنگلىزلار مۇستەملىكىسى دەۋرىدە ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن. پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالارغا، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە دائىر مەسىلىلەردە بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن.

- بۇلاردىن كېيىن، سۈپىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دىيوبەندىييە، سۇداندىكى مەھدىييە، ھىندىستاندىكى تەبلىغ جامائىتى ۋە تۈركىيەدىكى ئىلغار پىكىرلىك نۇرچىلارغا ئوخشاش دەۋەت جامائەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

◈ ئاندىن، رادىكال جامائەتلەردىن، ئۆزلىرىگە ”مۇسۇلمانلار جامائىتى“ ياكى ئاممۇي ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ”كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە



www.munber.org

ياتلاشتۇرۇش“ جامائىتى دەپ نام بېرىلگەن جامائەتنى تەتقىق قىلىپ چىقتۇق. بۇ مىسىر تۈرمىلىرىدىكى قىيناش، زىيانكەشلىك قىلىشلارغا قارشى مەيدانغا كەلگەن جامائەت بولۇپ، مىسىر ئىگىزلىكى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيگەن. بۇ جامائەت بىر گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلمىغان ھەرقانداق ئادەمنى كاپىر، دەپ قارايدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمدارلارنى، ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالارنى، ھاكىم ۋە مەھكۇم (پۇقرا) لارنى كاپىر، دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالارنى... كاپىرلار قاتارىغا چىقىرىدۇ.

◈ ئارقىدىن، ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىرىلدۈرۈشكە چاقىرىدىغان مىسىردىكى ئىسلام جامائىتى ۋە ئىسلام ئازاتلىق پارتىيىسى (ھىزبۇتتەھرىر) قاتارلىق بىر قىسىم جامائەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئىسلام جامائىتى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىدە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ھاياتىدىن يوقىلىپ كەتكەن پەرز - جىھادقا چاقىرىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مەقسىتى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، كېيىن خەلىپىلىك تىكلەشتىن ئىبارەت.

ئازاتلىق پارتىيىسى (ھىزبۇتتەھرىر) مۇ خەلىپىلىك تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدۇ. ئىراق، پەلەستىندە قورۇلغان بۇ پارتىيە تەرىپىدىن قانچىلىغان شەرئىي ئىجتىھادلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ تەنقىدلىشىگە ئۇچرىغان.

◈ ئارقىدىن، غەربتىكى ئىرقچى جامائەتلەرنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ”ئىسلام ئۈممىتى“ نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىسلامنى ئىرقچىلىق روھىي غالىپ كەلگەن بىر خىل خاس چۈشەنچىدە قوبۇل قىلغان ھەرىكەت بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلىغان.

◈ بۇلاردىنمۇ كېيىن، ئىسلامغا قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇلار: يەزىدىيىيە، قىرامىتە، ئىسمائىلىيىيە، ئەنسار، بابىيىيە، بىرىلۋىيىيە، جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى، ھەششاشلار، دۇرۇزلار، قادىيانىيلار، ئەمەل، نۇسەيرىيىيە ۋە خۇمەينىيەلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش، ئۇنى يوق قىلىشتا ئورتاقلىققا ئىگە.

◈ كېيىن، دىنىي بولمىغان سىياسىي ئېقىملارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇلار مۇسۇلمان دۆلەتلەردە مەۋجۇد پارتىيىلەر بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلارنى بۇ باپقا كىرگۈزۈۋېتىشىمىزگە ئۇلارغا ئەزا كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بولغانلىقى سەۋەپ بولدى. ئويغىنىش شامىلى - بولۇپمۇ كوممۇنىزم يىقىلغاندىن كېيىن - ئۇنىڭ بەزى بۆلەكلىرىنى سەگىتىشكە باشلىدى. تۆۋەندە بۇ پارتىيىلەرنىڭ مۇھىملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

- ئەرەب مىللەتچىلىكى: بۇ مۇتەئەسسىپ سىياسى ھەرىكەت بولۇپ، ئەرەبلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلار ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئورنىغا تارىخ، تىل، قان، ئورۇقداشلىق قاتارلىق ئامىللار ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

www.munber.org

- مىسىر ۋەكىل (ئەلچى) پارتىيىسى: مىسىرنىڭ خەلق پارتىيىسى بولۇپ، كونكىرت دىنى يۆنىلىشى يوق. ئۇ 1952 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى كۆپ سانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە ئىدى. ئۇ ھازىر "يېڭى ۋەكىل (ئەلچى)" نامىنى قوللىنىۋاتقان بىر ئۆكتىچى پارتىيە. ئۇنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىلىرى، بولۇپمۇ سەئد زەغلۇل سكولارىزملىق يۆنىلىشى بار، ئاياللارنى غەرب ئوقۇمىدىكى مەنىسى بويىچە ئازات قىلىش تەرەپدارلىرىدىن ئىدى. بۇ پارتىيە ئۆزىگە مۇئەييەن ئەقىدە تەسەۋۋۇرى بەلگىلىمىگەن.

- ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى: بۇ سكولارىزم ئېقىمىدىكى ھەرىكەت بولۇپ، مىسىردا مەيدانغا كەلگەن ۋە نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىگە تارقالغان. ئۇ، ئاياللارنى ئىسلامىي ئەدەب - ئەخلاقلاردىن ۋاز كېچىشكە، ئېچىۋېتىشكە، ئىسلام ئەھكاملىرىغا قارشى ئىسيان قىلىشقا، تالاقنى تىزگىنلەشكە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەشكە، مىراستا باراۋەر بولۇشقا ۋە ھەرقانداق ئىشتا غەرب ئاياللىرى بىلەن ئوخشاش ئېقىمدا يۈرۈشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دوست تۇتۇشنى، ئۇ ئارقىلىق پەزىلەتنى جانلاندۇرۇشنى ۋە ئەشۇ ھەرىكەتنىڭ بارلىق جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئىسلامغا قايتىشىنى خالايدۇ. بىراق، ناھايىتى تاسادىپىكى، قىسمەن قەلەملەر (قەلەمكەشلەر) بۇ خىلدىكى ھەقىقەتكە قايتىشنى "قالاقلىق" دەپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ۋەيرانە ھەرىكەتنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، شۇنداق قەلەملەرگە ھۆكۈم قىلىش ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇلىدۇ.

- كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى: بۇ، تۈركىيەدىكى سالامەت پارتىيىسىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، سكولارىستىك ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇ پارتىيە، ئىران دۆلىتى ئىچىدە كورد خەلقى ئۈچۈن ئاپتونومىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

- سۈرىيە مىللەتچى پارتىيىسى: بۇ پارتىيە ئۆزىنى ئەرەب مىللەتچىلىكىدىن مۇستەقىل دەپ قارايدۇ ۋە سۈرىيە مىللەتچىلىكىگە چاقىرىدۇ. بۇ پارتىيەنىڭ ئەزالىرى دىنغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

- پانچاسىلا ھەرىكىتى: بۇ ھىندونوزىيە سابىق باش ۋەزىرى سوكارنو تەرىپىدىن 1954 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئېلان قىلىنغان بەش ئاساسىي پرىنسىپتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندونوزىيە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى ئورنىغا بۇ پرىنسىپلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن مېڭىشى ئۈچۈن ئۇنى ھىندونوزىيە دۆلەت دەستۇرىغا كىرگۈزگەن.

- ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى: بۇ سكولارىستىك مىللەتچى پارتىيە بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىسلامىي پىكىردىن يىراق ھالدىكى سوتسىيالىستىك ئېقىمغا ئايلاندۇرۇش ۋە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ.

- ناسىرىييە ھەرىكىتى: بۇمۇ بىر ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولۇپ، جامال ئابدۇنناسىرنىڭ ھۆكۈمدارلىق مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىسمىنى ئابدۇنناسىرنىڭ ئىسمىدىن ئالغان. ئابدۇنناسىرنىڭ ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم ۋە

www.munber.org

بىرلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلغان. بۇ باشقا بارلىق ئەرەب سولچىل پارتىيىلەرنىڭ ئورتاق ئىدىيىسى ئىدى.

www.munber.org

# ئىككىنچى پەسل ئىسلام

ئىنقلىما:

◈ ''ئىسلام''نىڭ لوغەت مەنىسى ـ تەسلىم بولۇش، ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش دېگەن بولىدۇ.

◈ ئىستىلاھى مەنىسى: ئۇ ـ بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالا رازى بولغان ساماۋىي دىن. ئۇ دىن ئۈچۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى قىلىپ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە، ئىلاھلىقى ۋە رەببانىيلىقىدا خالىس بىر دەپ تونۇش، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازىلىق ۋە ئىختىيارلىق بىلەن تەن بېرىش، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئەقىدىدىكى ئىخلاسى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن چەك ـ چېگراسىنى تۇرغۇزۇش، گۈزەل ئەخلاقلاردا چىڭ تۇرۇش، ئىبادەتلەردە ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار، ئىسلامنىڭ بەش، ئىماننىڭ ئالتە ئەركانىغا ئەمەل قىلىش، ئېھساننىڭ نىگىزىنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاساسلىق كىشىلىرى:

پرىنسىپلىرى

ـ ئىسلام ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن ئىبارەت مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى قىلغان ساماۋىي دىن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.﴾[1]

ئەشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار.﴾[2] ئادەملەر ئېزىپ، كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكەن، پەيغەمبەرلىرى توغرىسىدا مۇبالىغە قىلغان ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىگىچە بارلىق ئىنسانىيەتكە رازى بولغان بۇ پۈلاتتەك مۇستەھكەم دىن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى ھەق دىن، دەپ ھېسابلىدى. ﴿ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.﴾[3] ئىسلامنى ئۆزىدىن باشقا بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان دىن قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن

---

[1] زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.



www.munber.org

باشقا دىن يوقتۇر. ﴿كىمكى ئىسلام ( دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾[1]

يەتكۈزگۈچىسى:

- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئىسلامنىڭ رىسالىسىنى ئاخىرقى شەكلىدە ئامانەتدارلىق بىلەن يەتكۈزگەن. تەۋھىد ئەقىدىسىنى تارقاتقان. ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاپ، كىشىلەرنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە باشلىغان. ئىنسانىيەتنى شېرىك ۋە بۇتپەرەستلىك مىكروبلىرىدىن قۇتقۇزغان. جەمئىيەتتىن پاساتچىلىق ۋە يىمىرىلىش چاڭ - توزانلىرىنى تازىلىغان. تۇراقسىزلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىقلارنى تۈگىتىپ، تىنچلىق ئورناتقان.

- ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ـ بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ دىنى بولۇپ، ئۇلار، كىشىلەرنى كۈچلۈك، يېگانە ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە چاقىرغان ۋە ئاللاھنىڭ رىسالىلىرىنى يەتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ غايىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكە قەدەر ئىنسانىيەتكە توغرا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇكەممەل ۋە ھەممىنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاساس بىلەن كىلىشىگە قەدەر كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئاقىۋىتىنى ئەسلىتىش، ھاياتى دۇنياغا بولغان قىزىقىشىنى باقى (ئۇ دۇنياغا) ئالەمگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

- مۇسۇلمان ـ ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە ئەلچىلىرىگە، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ساماۋىي دىنلارنىڭ بىر ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ۋە تەۋھىدكە چاقىرىدىغانلىقىغا، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان دەسلەپكى كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھەقىقى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. مانا بۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر ھەممىسىنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە دەۋىتىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىدۇر. ﴿اللّٰه سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار﴾[2] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يول چىرىغى ۋە مەشئەل سۈپىتىدە كەلدى. ﴿اللّٰه شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اللّٰه نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمانىنىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ﴾[3] ئۇ مۇۋەپپىقىيەت، ياخشىلىق ۋە نىجاتلىقنىڭ يولى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام سىياسىتىمىز، ھۆكۈملىرىمىز ۋە ئەدەب - ئەخلاقىمىزنى كەم - زىيادىسىز ھالدا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشىمىزنى شەرت قىلىپ بېكىتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 85 ـ ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى، 16 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿بۇمېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾[1]

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدىكى گۈزەللىكنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرى

بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. لېكىن بىز ئۇنىڭ ھاياتىدىكى گۈزەللىكنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بەزى ئىز ـ ئالامەتلەرگە ئىشارە قىلىپ ئۆتىمىز.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 571 ـ يىلى تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قورسىقىدا چېغىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ئانىسى ئۇ ئالتە ياشقا يېقىنلاشقاندا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىك ئانىسى ھەلىيمە بىنتى ھارىس ئەسسەئدىييە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى يېتىمچىلىقتا ئۆستۈرۈپ ــ گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىدى. كۆكرىكىدىن قارا قان پارچىسىنى چىقىرىپ تاشلىدى. ئۇ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇخلىس رەببانىي ئەلچىسى ۋە بەندىسى بولۇشى ئۈچۈن چىقىرىۋېتىلگەن شەيتانىنىڭ ئۇنىڭدىكى نېسىۋىسى ئىدى.

ـ بالىلىقىدا بەنى سەئد چۆللىكىدە قوي باقاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇزىكا ئاڭلاش، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ۋە باشقا جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشتىن قوغداپ قالغان. فۇججار ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، تاغىلىرىغا ئوقيا تەييارلىشىپ بەرگەن ئىدى. فۇزۇل ئەھدىنامىسىغا شاھىد بولغان. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمەتچىسى مەيسەرە بىلەن تىجارەتكە چىققان ۋە تىجارىتىدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە پايدا ئالغان. قۇرەيشلەر كەئبىنى بىنا قىلىش ئىشىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى تونىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ھەر بىر قەبىلىدىن بىر كىشىنىڭ تونىنىڭ بىر تەرىپىدىن كۆتۈرۈشكە بۇيرىغان، ئاندىن ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن ئالغان، كەئبە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان.

ـ ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى بېشارەت ھادىسىلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئىنجىل، تەۋراتلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. تەۋھىد ئەقىدىسىنى قايتا مەيدانغا كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ ئىككى دىن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ رىغبىتىگە ئاساسەن بولغانلىقىنى تەكىتلىسە، تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ئىسلامنىڭ نۇسرەت تېپىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ ساغلاملىقىنى تەكىتلەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنجىل ۋە تەۋراتلاردىنمۇ ئەشۇ خىل بېشارەتلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىنى بايقاش مۇمكىن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدىكى گۈزەللىكنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بالىلىقىدىن تارتىپلا قوغدىغان ۋە يامان ئىشلاردىن ئامان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قەۋمى ئارىسىدىكى

[1] ئەنئام سۈرىسى، 153 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەردانىلىك جەھەتتە ئەڭ ئەۋزىلى، ئەخلاق جەھەتتە ئەڭ گۈزىلى، تەبىقە جەھەتتە ئەڭ ھۆرمەتلىكى، خوشىندارچىلىق جەھەتتە ئەڭ ياخشىسى، سەۋر جەھەتتە ئەڭ بۈيۈكى، گەپ ـ سۆز جەھەتتە ئەڭ سەمىمىسى، ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ئەڭ يىراق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرگەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قەۋمى ئارىسىدا ”ئەمىن“ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ يېتىملىكى توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشىگە، ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئاتىسى يوق ياشلىق مەزگىلىمۇ شەھۋەت، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ناچار ئىنتىلىشلەرگە بوي سۇنۇشقا سەۋەپ بولمىغان. بەلكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغان. ئۇ، يىگىرمە بەش يېشىدا ئىسىل پەزىلەتلىك ئايال خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن تۇرمۇش قۇرغان.

2 ـ يېشى قىرىققا يېتىپ پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن، ئېتىقادى، ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردە تۇتۇپ مېڭىش زۆرۈر بولغان بارلىق ئىشلارنى ساقلاپ قالغان. پەيغەمبەرلىكىدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئۆزىگە نازىل قىلىنغان يوليورۇقلارنى يەتكۈزۈش (تەبلىغ قىلىش) بۇيرۇلغان چاغدا، كىشىلەرنى ھېكمەت ۋە ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت ئارقىلىق دەۋەت قىلغان. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانغا قەدەر، قىلىنغان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان. ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى دەۋەتنىڭ مەركىزى ئورنى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنيانىڭ تۆتتىن بىرىدە تارقىلىشقا باشلىغان.

3 ـ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولىدا، قۇرئان، ھەدىس ۋە تەرجىمەھال كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان مۆجىزىلەرنى روياپقا چىقارغان. ئۇ مۆجىزىلەر: ئىسرا ۋە مىراج، ئاينىڭ يېرىلىشى، قۇرەيش سەھىپىسىنىڭ يېيىلىپ تۈگىشى، قەتادەنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىشى، سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ ئېتىنىڭ پۇتلىرىنىڭ قۇمغا چۆكۈپ كەتكەنلىكى، خەندەك تېشىنىڭ پارچىلىنىشى، زەھەرلەنگەن قوينىڭ سۆزى، كۆتەكنىڭ يىغلىشى، تاشنىڭ تەسبىھ ئېيتىشى، تۆگىنىڭ شىكايىتى، تائامنىڭ كۆپىيىشى ۋە ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي بالاغەت ۋە پاساھەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما، قۇرئان كەرىم ئۆنىڭ ھەيران قالارلىق تەرەپلىرى تۈگەپ كەتمەيدىغان ئەبەدىيلىك مۆجىزىسى بولۇپ، تولا تەكرارلاش ئۇنىڭغا نوقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1] دېگەن چېغىدا، ئۇنى ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆزگەرتىشلەردىن ساقلايدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن.

4 ـ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ئىبارەت ئەگەشكۈچىلىرىنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىخلاس قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ساداقەت بىلەن يارىدەم بېرىدىغان، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدر، ئۇھۇد، بەنى نەزىير، خەيبەر، بەنى مۇستەلەق، ئەھزاب، خەندەق ۋە مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى..غا ئوخشاش غازاتلارغا قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادىل ئۇرۇشلار بولۇپ، يا دۈشمەنگە رەددىيە بېرىش ياكى

---

[1] ھىجىر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.



www.munber.org

تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنساننىڭ ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز قىلىش دېگەن نەرسە يۈز بىرىپ باقمىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ **11** ـ يىلى، رەببىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ **12** ـ كۈنى (دۈشەنبە) **63** يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئۇنىڭ شۇ قەدەر يۈكسەك ئىنسان ئىكەنلىكىنى نۇرغۇنلىغان غەيرى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار، بىر قەدەر ئىنساپلىق شەرقشۇناسلار ئېتىراپ قىلىشتى. ئۇلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان سان ـ ساناقسىز گۇۋاھلىقلار تارىخ تەرىپىدىن خاتىرلەنگەن بولۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مىسلىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خۇسۇستا ئەڭ يېڭى يېزىلغىنى بەلكىم ئامېرىكىلىق ئاتوم ئالىمى مايكىل ھارسىنىڭ ”مەڭگۈ ئۆلمەس يۈز كىشى“ ناملىق كىتابىدا يازغان مەزمۇنلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ توپلامدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنيا ۋە دىنى رەھبەرلىك جەھەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى تېپىلمايدىغان ئەڭ بۈيۈك كىشى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخسنىڭ تەرجىمەھالى نە ئىيسا، نە ماركس تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى، مۇھەممەد تەرىپىدىن بەلگۈلەنگەن.“

## ◈ توغرا يولدىكى خەلىپىلەر

ـ توغرا يولدىكى خەلىپىلەر ـــ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئىسىللىرى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى تەسىس قىلغۇچىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار:

**1** ـ ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (خەلىپىلىك دەۋى: ھـ **11** ـ **13**/ **632** ـ **634** م)

سەقىفتىكى بەنى سائىدە دە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋارىسلىق قىلغان. مۇھىم ئىش ـ ئىزلىرى: مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇشى، قۇرئاننى جەمئى قىلىشى، ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى قوشۇننى يولغا سېلىش ئىشىنى ئىجرا قىلىش، ۋە ئىراق ، شام قاتارلىق جايلارنى فەتھى قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىشلەردىن ئىبارەت. ئەمما، ئۇنى ئۆلۈم ئالدىرىتىپ، خەلىپىلىك دەۋرى پەقەت ئىككى يىل، ئۈچ ئايلا داۋاملاشتى.

**2** ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (خەلىپىلىك دەۋرى: ھـ **13** ـ **23**/ **634** ـ **644** م)

ئەبۇ بەكر سىددىق ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىلىكنى ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە تاماملانغان ئىشلار: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قوماندانلىقىدىكى قادىسىيە ئۇرۇشىدا پارىسلار ئۈستىدىن غالىب كىلىش ۋە ئەمرۇ ئىبنى ئاسنىڭ رەھبەرلىكىدە مىسىر ۋە پەلەستىننى فەتھى قىلىش قاتارلىقلار.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەر بېجى نىزامىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەسكەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى تەرتىپكە سالغان. ھىجرىيە تارىخىنى يولغا قويغان، شەھەرلەرنى تەسىس قىلىپ، ۋىلايەتلەرنى ئىنتىزاملاشتۇرغان. قازىلار، دىنى نازارەتچىلەرنى تەيىنلىگەن ۋە پوچتا نىزامىنى تۇرغۇزغان.

www.munber.org

مەسچىتتە كىشىلەر بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا، ئەبۇ لۇئلۇئ مەجۇسى تەرىپىدىن پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھىجرىيەنىڭ 23 - يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ27 - كۈنى، مىلادىيە 644 - يىلى، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولغان.

3 - ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (خەلىپىلىك دەۋرى: ھـ 23 ــ 35 / 644 ــ 656 م)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن، خەلىپىلىكنى ئۇستىگە ئالغان. ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىسلامغا قارشى ئىسيانلارنى باستۇرغان. ئىسلام ئىچىش ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەن. مىسىر ۋالىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەسسەرھ شىمالىي ئافرىقىنى فەتھى قىلغان بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ھالقىپ، ماۋەرائۇننەھرگە كىرگەن.

ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يەنە ئىسلام دېڭىز ئارمىيىسى تەشكىللىنىپ، مۇسۇلمانلار قىبرىس ۋە رودىسلارنى فەتھى قىلغان. ھـ 31 - يىلى (652 م) زاتۇسسەۋارى ئۇرۇشىدا ۋىزانتىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغان.

زەيد ئىبنى سابىتقا قۇرئاننى يېزىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى قۇرئان كەرىمنى بىر خىل ئوقۇشتا بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا مىسىر، كۇپە ۋە بەسرە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۆكتىچىلەرنىڭ قولىدا ھـ 35 - يىلى (656 م)، زۇلھەججە ئېيىدا قەتل قىلىنغان.

4 - ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (خەلىپىلىك دەۋرى: ھـ 35 ــ 40 / 656 م ــ 661)

ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتلە قىلىنغاندىن كېيىن، خەلىپىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە پىتنىگە سەۋەپ بولغان ۋالىلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاشقا باشلىغىنىدەك، ھەدىيەلەر ۋە باشقىلارنىڭ ئىگىلىكىدە بولمىغان زېمىنلارنى بەيتۇل مال قاتارىغا كىرگۈزىۋەتكەن. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى بىلەن پىتنە يۈز بەرگەن. ئۇنىڭغا خاۋارىج دەپ تونۇلغان كىشىلەر قارشى چىققان. ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇھىملىرى مەۋقەئەتۇ سىففىين ۋە نەھرەۋانلاردىن ئىبارەت. خەلىپىلىكتە تۆت يىل، توققۇز ئاي ۋاقىت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يەنى ھـ 40 - يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلمۇلجەم ئەلخارىجى ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇ كۇپەگە دەپنە قىلىنغان.

ئىسلام فەتھىسى قوماندانلىرىنىڭ بىر قىسمى

◈ مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن:

- خالىد ئىبنى ۋەلىد: مۇئتە غازىتىدا ئىقتىدارى بايقالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا "ئاللاھنىڭ قىلىچى" دېگەن تەخەللۇسنى بەرگەن. ئۇ مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان، كېيىن ئەبۇ بەكر ئۇنى ئىراقتىكى ئۇراشقا ئەۋەتكەن. ھىيرەلىكلەرنى ياراشتۇرۇپ قويغان، سەۋادنى فەتھى قىلغان. كېيىن ئىراقتا مۇسەننا ئىبنى ھارىسەنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان. شامغا يۈرۈش قىلىپ، يەرمۇك ئۇرۇشىدا ۋىزانتىيىلىكلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. ھىمستا ۋاپات بولغان.

www.munber.org

- ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەلجەرراھ: دەمەشىق، ھىمس، ئانتاكىيە ۋە ھەلەب قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان.

- سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس: ئىراننى فەتھى قىلغان ۋە كۇپە شەھرىنى پىلانلىغان.

- ئۇقبە ئىبنى نافىئ ئەلفىھرى: قەيرەۋان شەھرىنى بىنا قىلغان، ئۇنىڭ فەتھى قىلغان جايلىرى ئاتلانتىك ئوكيانغىچە يېتىپ بارغان.

- مۇسا ئىبنى نۇسەير: شىمالىي ئافرىقىنى فەتھى قىلىشنى تاماملىغان. تارىق ئىبنى زىيادنى ئىسپانىيەنى فەتھى قىلىشقا ئەۋەتىپ، كېيىن ئۆزىمۇ يېتىشىپ بارغان. ئۇلار پىرىنېي تاغلىرىغىچە ئۇلاشقان.

- قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەلباھىلى: ئۇ فەتھى قىلغان جايلار شەرقتە جۇڭگو چېگرىلىرىغىچە بارغان.[①]

- مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئەسسەقەفى: ئۇنىڭ قولىدا سىند ئەھلى ھىدايەتكە كىرگەن.

- سالاھۇددىن ئەييۇبى: ھ 583 - يىلى (1187م) دىكى ھىتتىين ئۇرۇشىدا ئەھلى سەلىپلەرنى مەغلۇب قىلىپ، قۇددۇسنى فەتھى قىلغان.

- زاھىر بەيبىرس بۇندۇقدارى:ئازاتگەردى سۇلتان قۇتۇز تەرىپىدىن تاتارلارغا قارشى ئەۋەتىلگەن قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ھ 658 - يىلى (1206م) يۈز بەرگەن ئەين جالۇت ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغان.

- مۇھەممەد فاتىھ: ھ 858 - يىلى (1453م) ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان.

### ئىسلامدىكى مۇھىم شەخسلەردىن

- ئىسلام — دىن، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت دېمەكتۇر. بۇ خۇسۇستا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان مۇھىم شەخسلەر:

1 - فىقھىدا: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ھ 150 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام مالىك (ھ 179 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام شافىئىي (ھ 204 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ھ 241 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار، باشقا نەچچە ئونلىغان ئەھلى سۈننەت مەزھەبلىرى يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان تۆت ئەھلى سۈننەت مەزھىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ ساھەدە باشقا ئىسلامىي شەخسلەردىن ئىبنى ھەزم، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ۋە شاگىرتى ئىبنى قەييۇم ۋە باشقىلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان، سۈننەتتىن ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە كۈچلەندۈرىشىگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىپ، ئىسلام فىقھىسىنى بېيىتىشقا

---

[①] بەزى مەشھۇر تارىخى ماتېرىياللاردا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەلباھىلى قەشقەرنى پەتھى قىلغان، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەمما بۇ قاراش ئۆز دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە قۇتەيبە كونتروللىقى ئاستىدىكى ئورتا ئاسىيانىڭ ئەمەلى شەرت- شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قاراش ئەمەس. يۇقىرىقى ئىلگىرى سۈرگەنلەرنىڭ بىرى مەشھۇر مۇپەسسىر ئىبنى كەسىر بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ "ئەلبىدايە ۋەننىھايە" ناملىق كىتابىدا "قۇتەيبەنىڭ قەشقەرگىچە يېتىپ بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ" دېگەن جۈملىلەرنى ئىلاۋە قىلىدۇ. لېكىن مەيلى قۇتەيبە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا شۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر بولسۇن، قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى قايسى ھاكىم ياكى خاندىن تارتىپ ئالغانلىقى، قەشقەرنىڭ پەتھى قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى، ئەھلىنىڭ مۇسۇلمان بولغان ياكى بولمىغانلىقى، قەشقەر پەتھى قىلىنغان بولسا تەكرار قاچان قولدىن كەتكەنلىكى ھەققىدە تۇتۇمغا چىققۇدەك مەلۇمات بەرمەيدۇ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام بىلەن تونۇشىشى قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن مەزگىلىدىن باشلانغان بولسىمۇ (تىجارەت ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلى)، قەشقەرنى پەتھى قىلىش بىلەن باشلانمىغان. ئىسلام دىنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا رەسمى دىن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. قۇتەيبەنىڭ قەشقەرگىچە ياكى جۇڭگو چېگرىلىرىغىچە بارغانلىقى خۇسۇسىدىكى قاراشلارنىڭ ئاساسى يوق. بۇ ناھايىتى كۆپ ساندىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان قاراشتۇر. - تەرجىمان



www.munber.org

ھەسسە قوشقان. ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم فىقھى ئالىملىرىنىڭ بىرى شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ھەرقانداق بىر پىكىردە قۇرئان، سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا قايتقان. شېرىكنى باستۇرۇپ، بىدئەتكە ئوت ئاچقان ۋە دىننى تەۋھىد ئەقىدىسى ساپلىقىغا قايتۇرغان.

2 ـ تەپسىردە: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلار، تابىئىنلار دەۋرىدە سەئىيد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ھىشام ئەلكۇفىي، جابىر ئىبنى يەزىيد ئەلجەئفىي، مۇجاھىد ئىبنى جەبر ئەلمالىكى، ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، ئەكرەمە، تاۋۇس ئىبنى كەيسان ئەليەمانىي، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ۋەكىيئ ئىبنى جەرراھ، ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھ ۋە ئۇلاردىن باشقا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن ئىبارەت.

مەشھۇر تەپسىرلەر: مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ ”التفسير الكبير“ (چوڭ تەپسىر) دەپ تونۇلغان تەپسىرى، كېيىن ئىبنى ماجەنىڭ تەپسىرى، نەيسابۇرىنىڭ تەپسىرى، ئىبنى كەسىرنىڭ قۇرئان ئەزىم تەپسىرى ۋە باشقىلار.

3 ـ ھەدىس ۋە سۈننەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلغان كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا س (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار. مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدىن: ئىمام بۇخارىينىڭ سەھىھۇلبۇخارىي، ئىمام مۇسلىمنىڭ سەھىھۇل مۇسلىم، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ مۇۋەتتائ، ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىيلارنىڭ سۈنەنلىرى ۋە باشقىلار بار.

4 ـ ئەرەب تىلىدا: گىراماتىكا ئىلمىنىڭ نوقتىلىق ئوتتۇرىغا قويغۇچىلىرى ـــ ئەبۇ ئەسۋەد ئەددۇئەلى، خەلىيل ئىبنى ئەھمەد ۋە سىيبەۋەيھ قاتارلىقلار.

ئەدەبىياتتا: ھەسسان ئىبنى سابىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە جەرىر، فىرەزدەق ۋە ئەختەل قاتارلىقلار، ئاببا سىيلار دەۋرىدە ئەبۇ تەممام، بۇھتەرىي، ئەبۇ ئەلا ئەلمەئەررىي، ئىبنى رۇمىي ۋە مۇتەنەببىي قاتارلىقلار، نەسىردە ئابدۇلھەمىيد ئىبنى يەھيا، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇقەففەئ ۋە جاھىز قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر يېتىشىپ چىققان.

5 ـ ئىجتىمائىي پەنلەردە: مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق (ۋاپاتى ھـ 120 ـ يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالىنى، بىلازەرى (ھـ 279 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ”فتوح البلدان“ شەھەرلەرنىڭ فەتھى قىلىنىشىنى، تابەرىي (ھـ 310 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مىللەتلەر ۋە پادىشاھلار تارىخىنى تەتقىق قىلغان. ئەبۇ فىدائ (ھـ 320 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ ”ئىنسانىيەت تارىخىدىن قىسقىچە بايان“ ناملىق كىتابىنى، مەسئۇدى (ھـ 346 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ”ئالتۇن ساتقۇچىلار“ ناملىق كىتابىنى، ئىبى ئەسىر (ھـ 630 ـ يىلى ۋاپات) ”الكامل في التاريخ“ (ئومۇمىي تارىخ)ناملىق كىتابىنى ۋە ئىبنى خەلدۇن ”بەربەر، ئەجەم ۋە ئەرەبلەر دەۋرىدىكى ئىگە ـ خەۋەر دىۋانى“ناملىق كىتابىنىڭ مەشھۇر مۇقەددىمىسىنى يېزىپ چىققان.

جۇغراپىيىدە ”مجم البلدان“ (شەھەرلەر قامۇسى) نىڭ ساھىبى ياقۇت ئەلھەمەۋىي، ”نزھە المشتاق“ (ئىنتىلگۈچى سەيلىگاھى) ناملىق كىتابىنىڭ ساھىبى ئىدرىيسى، مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي پەن ۋە تارىخ پەلسەپىسىنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى، دەپ ھېسابلايدىغان ”زېمىننىڭ تەسۋىرى“ ناملىق كىتابىنىڭ ساھىبى خارەزمىي قاتارلىقلار كۆزگە كۆرۈنگەن.

www.munber.org

6 ـ تەبئىي پەنلەردە: جابىر ئىبنى ھەييان خىمىيىدە، مۇسا ئىبنى شاكىر، بىرونىي، ئاببا س ئىبنى فەرناس مېخانىكا ئىلمىدا، كىندى، ھەسەن ئىبنى ھەيسەم ۋە بىرونىي فىزىكا ئىلمىدە يېتىشىپ چىققان.

7 ـ ماتېماتىكىدا: خارەزمىي ئالگېبرا ئىلمىدە، ھەسەن ئىبنى ھەيسەن ۋە مۇھەممەد ئەلبەغدادىي گېئومېترىيەدە ۋە نەسىيرۇددىن ئەتتۇسى ئۈچ بۇلۇڭلۇك شەكىل ھېسابىدا يېتىشىپ چىققان.

8 ـ ئاسترونومىيەدە: مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەلفەرازىي، ئەبۇ رەيھان بىرونى ۋە ئۆمەر ھەييام يېتىپ چىققان.

9 ـ تىببىي ۋە دۇرىگەرلىك ئىلمىدە: نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى: ئىبنى سىنا، رازىي ۋە باشقىلار. شۇنىڭدەك، بېناكارلىق، بىزەكچىلىك، پار ـ پۇر بۇيۇملىرى، گۈللۈك كاھىش، ئەينەكچىلىك، قۇلۇلە قېپى ياكى پىل چىشىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە ئاشۇنداق پىشىپ يېتىلگەن، گۈللەنگەن ۋە تارىخ بويلاپ مېۋە بىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بار ئىدى. ئىسلام مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىنىڭ، ياۋروپادا VII ئەسىردىن تاكى يېقىنقى زامان ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قەدەر مەيدانغا كەلگەن پىكىر ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ۋە غەربلىكلەرنىڭ ئىسلامنىڭ ئەبەدىيلىك پرىنسىپلىرىغا قارىتا كاللىسىنىڭ ئېچىلىشىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىرى بولغانىدى. ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلىرىغا تايىناتتى. مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئىشبىلىيا، قۇرتۇبە ۋە غەرناتە مەسچىتلىرىدە پەلسەپە ۋە باشقا پەنلەردىن دەرس بىرەتتى. مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇتۇلۇشى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسپانىيە ئارقىلىق غەربكە يۆتكەلگەن ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلىملەرنىڭ تەقدىرىمۇ دەل يۇقىرىقىلارغا ئوخشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەقىقەتەنمۇ ــ دىن ، هازارەت ۋە ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلانغان قائىدىلىك مەدەنىيەت ئىدى.

مۇھىم پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى:

◈ ئىسلام دىنى ـ خالىس تەۋھىد دىنى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەقىدە ۋە پىكىرلىرى تەۋھىد ئەقىدىسىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ. ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئەقىدە ۋە ئېتىقادلار تۆۋەندىكىلەردە گەۋدىلىنىدۇ:

ـ ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى، ئىمان ۋە ئېھساننىڭ ئاساسلىرى:

1 ـ ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى:

ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ، ئۇلار بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بىرىش، روزا تۇتۇش ۋە قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بەيتىدە ھەج قىلىشىدىن ئىبارەت.

(ئا) ئىككى شاھادەت: ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشنى، ئىبادەتنى ئۇنىڭغا خالىس قىلىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە قىلىنغان ھەرقانداق ئىبادەتتىن قولىنى ئۈزۈشنى ۋە مۇھەممەد



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىسىگە باش ئىگىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى شاھادەت ئىنسانىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى ئاچقۇچ. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شاھادەت ئېيتىش ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەت ۋە رەببانىيلىقىغا ياكى ئىبادەت، ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە بولغان ئەقىدىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(ب) ناماز: بەدەن ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ئوقۇشنى پەرز قىلدى. ئۇ — روھنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭ ناچار ئەخلاق، چەكلەنگەن ئىشلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنساننى رەزىل مىجەزدىن تازىلاش، ئازغۇنلۇق، زالالەت ۋە جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشتىن يىراقلاشتۇرۇش جەھەتلەردە بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە. مۆمىن كىشى نامىزىدا دۇنيادىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ، پەرۋەردىگارىغا تەكبىر ۋە مۇناجات (يۈرەك سۆزلىرى) بىلەن يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە ھىدايەت تىلەيدۇ. ئۇنى توغرا ئادا قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « نامىزىڭلارنى، مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگىنىڭلاردەك ئوقۇڭلار » دېگەن سۆزى ئاساستۇر. ناماز — ئەگەر مۇسۇلمانلار، ئىككى ھېيت، جۈمە، ۋە باشقا جامائەت نامازلىرىدا جامائەتنى تاشلىماي، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويى سۇنغان ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز - ئارا تونۇشۇشى ۋە سېپىنى بىرلەشتۈرۈشىنىڭ يولىدۇر.

(ج) زاكات: مالىيە ئىبادىتى بولۇپ، بايلار كەمبەغەللەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. زاكات مىلى ئۆزى ۋە ئۇ نەپىقە بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقاندىن كېيىن ئۆلچەمگە يېتىپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بايلارغا پەرز. زاكات ئۇنىڭ نەق پۇلى، مال - چارۋىلىرى، مېۋىلىرى، زىرائەتلىرى ۋە تىجارەت تۇرىدىن مۇئەييەن ئۆلچەمدە بېرىلىدىغان بولۇپ، كەمبەغەلنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، باينى ھالسىرىتىپ قويمايدۇ. پۇل ۋە تىجارەتنىڭ زاكىتى يىلدا بىر قېتىم ئۆتىلىدۇ. ئەمما، زىرائەتنىڭ زاكىتى ھەر قېتىملىق مەھسۇلاتتا ئادا قىلىنىدۇ. بۇ پەرز بايلارنى مالنىڭ ئازدۇرۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش شۇملۇقىدىن ئامان قىلسا، كەمبەغەللەرنىڭ قەلبلىرىنى ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك ئاپەتلىرىدىن سالامەت قىلىدۇ.

(د) روزا تۇتۇش: ئۇ ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ئۆزىنى پۈتۈن رامىزان ئىچىدە تاڭ سەھەردىن باشلاپ تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر ئاللاھقا ئىتائەت، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش سەۋەبىدىن ئۆزىنى يېمەك - ئىچمەك، ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن چەكلىشىگە ئوخشاش ماددى كۆرۈنۈشلىرىمۇ. ئۆزىدە كۆزىتىش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش، قەلبتە سەۋرنى مۇستەھكەملەش، نىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش، قەلبنى پاكلاش، نەپسىنى ساپلاشتۇرۇش، روھنى تەربىيلەش، ئىنساننىڭ ياخشىلىقنىڭ مول مەنبەسىگە ئايلىنىشىدەك مەنىۋى كۆرۈنۈشلىرىمۇ بار.

(ھ) يول تاپالىغانلار بەيتۇللاھدا ھەج قىلىش: بۇ ئىسلامنىڭ بەشىنچى ئەركانى بولۇپ، ئىنساننىڭ قەلبى، مېلى ۋە بەدىنىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئۇنى قادىر بولالىغان مۇسۇلمانلار ئېنىق ۋاقىتتا، ئېنىق ئورۇندا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، تىكىلگەن كېيىملىرى، زىننەت - بويۇملىرى، باياشاتلىق ۋە بەدەننىڭ توغما مىجەزلىرىدىن خالى بولۇش، ئىنسانغا ھەتتا ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە قەدەر ئازار بەرمەسلىك قاتارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەركانلىرى، ۋاجىبلار ۋە باشقا ئىشلارنى ئادا قىلىشتىكى ئەسلى قائىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن

www.munber.org

ئۆگىنىڭلار» دېگەن سۆزىدۇر. ھەج پەزىلەتلىك بىر ئىسلام قۇرۇلتىيى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار سۆھبەتلىشىدۇ، تونۇشىدۇ، ھەمكارلىشىدۇ.

2 ـ ئىمان:

ئۇ بۇ پۇلاتتەك دىنىنىڭ شۇتىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدە ئىسلام چوڭقۇرلاشقانسىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرلەيدۇ. ئۇ يەتمىش نەچچە بۆلەك بولۇپ، يۇقىرىسى "بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق" دېگەن سۆزدىن ، تۆۋىنى يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتىن ئىبارەت. ھايا ئىماننىڭ بىر بۆلىكى. ئىماننىڭ مۇئەييەن ئاساسلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش قاتارلىقلار. بەندىنىڭ سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشى ئىماننىڭ ياخشى دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا نۇرغۇنلىغان قۇرئان ئايەتلىرىدە ئىمان بىلەن سالىھ ئەمەللەرنى بىر يەردە زىكىر قىلىدۇ: ( شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ)[1]

3 ـ ئېھسان:

ئېھسان، بۇ مۇستەھكەم دىندىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە بولۇپ، بەندە ئۆزىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ئىبادەتلىرىنى "بۇنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدىغۇ" دەپ ئېلىپ بارىدۇ. گەرچە ئىنسان ئۇنى ھېس قىلىشقا قادىر بولالمىسىمۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، ئېتىقادلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقاشتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئېھسان ــ ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ لازىم. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېمەكتۇر.

ـ ئەقىدە ۋە شەرىئەت:

ئىسلام ئېتىقاد ئەھكاملىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئىنتىزاملاشتۇردى. بەندىلەرنىڭ نەپسلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ ئاساسى بولغان ئەخلاققا دائىر ھۆكۈملەرگە كەڭ ئورۇن ئاجراتتى. كۆرسەتمىلەرگە ئائىت ھۆكۈملەرنى يېراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق قەلب ئىگىسىنىڭ تەبىئىتى ئاۋاز قوشالايدىغان شەكىلدە مۇكەممەللەشتۈردى. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋھىدنىڭ نۇرى بىلەن شېرىك ۋە باشقا ئالدىغا كىلىۋالغان بارلىق تۇسالغۇلارنى يىراقلاشتۇرۇش، ئورتاھاللىقنى تەكىتلەش، ۋاستىنى رەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىشنىڭ ئىشكىنى ئېچىش، ئىنساننى ئەقلى بىلەن ھۆرمەتلەش، ئۇنى جىھاد يولىغا ئۈندەش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە شۇرانى يولغا قويۇش قاتارلىقلار ئارقىسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ، ئېغىرچىلىقنى رەت قىلىپ، مەجبۇرىيەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش، ئەھكاملاردىكى تەدرىجىلىك، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرگە مېڭىش ۋە ئادالەت ئورنىتىش قاتارلىق مۇھىم ئاساسلار ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنى ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردەك ئۆزگىرىپ كىتىش، ئىلگىرىكى دىنلاردىكىدەك چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش ياكى كۆپ ئىلاھلىقنى دەۋا قىلىدىغان ئېقىملار ئالدىدا ئىشكىنى ئۈچۈق قويۇشتەك پەرۋاسىزلىق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەقىلنىڭ، پاكىتنىڭ ۋە ئىنسان ۋە جىنلارنى يارىتىشتىكى ھېكمەتنىڭ قىممىتىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقتەك ئىشلاردىن كىلىپ چىققان ئاقىۋەتلەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

[1] كەھف سۈرىسى، 107 ـ ئايەت.



www.munber.org

- قۇرئان ۋە سۈننەت:

قۇرئان ۋە سۈننەت شەرىئەتنىڭ ئىككى ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا بۇ ئىككىسىدىن ئىنسانىي قانۇنلارغا ئىغىشقا بولمايدۇ. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ خاتا بىر نەرسىگە بىرلىككە كەلمەيدىغان بولغانىكەن، بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىلەرگە قارشى چىقىش جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك، قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجماﺋ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىھادمۇ، مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتىلگەن چاغدىكى سەھىھ ھەدىسىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىسلامدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

- ئىسلامنىڭ ئاساس ۋە ئالاھىدىلىكلىرى:

1 - ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: ئۇ بىر ئىلاھىي، ساماۋىي دىن بولۇپ، كەڭ دائىرىلىكلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى، ئىجابىيلىقى ۋە ھەر قانداق ئىشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش قاتارلىق ئىجابىيلىقلارغا ئىگە. ئۇ ئاللاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدىغان دىن. ھەقىقىي ئىسلامدا بىرىنى ۋاستە قىلىدىغان ئىش يوق. ئۇ — يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان پايدا - مەنپەئەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى، باراۋەرلىكنى تەكىتلەيدىغان، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشتىن توسىدىغان، ھەققەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق ۋە كېڭەشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزىدىغان، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىشلىشى ۋە خاتىرجەملىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان دىن. ئۇ — ئىنسانىنىڭ شان - شەرىپىگە ئېھتىرام قىلىدىغان، ئاياللارنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىدىغان، ۋەدە ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇيدىغان، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىغا ئېھتىرام قىلىدىغان دىن. ئۇ — ئىلىمنى سۆيىدىغان، نادانلىق ۋە خۇراپاتنى چەتكە قاقىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئەقىدىسىنى ئەبەدى مۇستەھكەم تۇتۇشقا، ئىسلامدىن چەتلەشتۈرىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلماسلىققا چاقىرىدىغان دىن.

2 - ئىسلامنىڭ ئىنسان، كائىنات ۋە ھاياتقا بولغان تەسەۋۋۇر ئاساسلىرى:

(ئا) ئىسلامدا ئىلاھىي زاتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بەلگىلەيدۇ: ﴿ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾[1]، ﴿الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىلەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)﴾[2] ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىغا ھېچكىم شېرىك بولمايدۇ. ئاللاھ باقىيدۇر، ئۇنىڭ باقىيلىقىغا ھېچكىم شېرىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا: ﴿قىلغانلىرىدىن سوئال — سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال — سوراق قىلىنىدۇ﴾[3] ئاللاھنىڭ سۇلتانلىقىغا ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ، ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر﴾[4] ئۇنىڭ رىزقلاندۇرۇشىغا ھېچكىم شېرىك

---

[1] شۇرا سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.
[2] ھەدىد سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.
[3] ئەنبىيا سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.
[4] زۇمەر سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.



www.munber.org

بولالمايدۇ. ﴿اللّٰه بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1] ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىگە ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ ﴿ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[2] ئۇرۇندا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ ﴿ئۇلارنىڭ اللّٰه رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾[3] كىشىلەرگە قانۇن بەلگۈلەشتە ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ... ئۇلۇھىيەت خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەر بىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

(ئە) ئىنسان بۇ ۋۇجۇدتىكى ئاللاھقا قۇل جانلىق بولۇپ، بەزى ئىشلىرىدا تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە، يەنە بەزى ئىشلىرىدا مۇيەسسەر[4] قىلىنغان. بەندە نە خۇسۇسىيەت، نە ھەقىقەتتە ئاللاھقا شېرىك بولالمايدۇ. ئۇ، چىركاۋنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئېيتقىنىدەك ساپ ئىلاھىي تەبىئەت ياكى ئوخشاش بولمىغان مەزھەب ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ قارىشىدىكىدەك ئىلاھىي ئىنسانمۇ ئەمەس.

(ب) ئىسلام پرىنسىپىدا ھاكىمىيەت پارتىيە ياكى خەلققە ئەمەس، ئاللاھقىلا خاس بولۇپ... خەلق ۋە پارتىيە ئاللاھنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ.

(پ) ئىسلام پرىنسىپى كەڭ دائىرىلىك مۇكەممەل پرىنسىپ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام پەقەت ئەقىدە تەسەۋۋۇرى ياكى دىن ۋە روھ بىلەنلا بولىدى قىلىدىغان... ياكى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسىي نىزاملا ئەمەس. بىراق ئۇ، كۆڭۈلدە ئېتىقادنى، رىئاللىقتا ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگىچە سۇزۇلىدىغان ئىنتىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پرىنسىپ.

(ت) ئىسلام ئىنسان ۋۇجۇدىنى كائىناتتىكى ئەڭ يۈكسەك نىشان، ئالىي غايە ــ يەنى ئىبادەتكە مەركەزلەشتۈرگەن: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[5]

(ج) بارلىق كىشىلەر بىر مەنبەدىن بارلىققا كەلگەن، باشلىنىش، ئاخىرلىشىش، ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشەنچىتە ـ بۇ نوقتىدا ـ ھەممىسى باراۋەر. ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىرلا قىممەت تەقۋالىق، ياخشى ئەمەل بولۇپ، باشقا نەسەب، مال ، ئورۇن، تەبىقە، جىنس.. ياكى ئۇلاردىن باشقا زېمىندىكى ھەرقانداق قىممەتنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

(چ) ئىسلام مۇقىم نوقتىلارنى چەك تۇتۇپ، ئىنسان ھاياتىدىكى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئۇنىڭدىن بىخلىنىپ چىققان نەرسىلەر ئۆزگىرىش قوبۇل قىلمايدىغان مۇقىم نوقتىلاردۇر. ئەمما مالىيە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇئامىلەر زامان ۋە ماكاننىڭ تەقەززاسىغا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنى ئىسلامنىڭ پەيغەمبىرى «سىلەر دۇنيارىڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىلىسىلەر» دېيىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرى ۋە پاك شەرىئەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ھەل قىلىشىغا ھاۋالە قىلغان.

(خ) ئىسلامدىكى ئەمەلىيلىك، قەتئىي بولمىغان ئەھكاملارنىڭ سىرتىدا ئىنساننىڭ شارائىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە مۇئەييەن شەكىل بەلگۈلىمەسلىك، ئىجتىھاد بابىنى ئېچىۋېتىش ۋە شۇرانى كەسكىن ئىجرا قىلىش بىلەن كۆپايىلىنىدۇ.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 66 ـ ئايەت.
[2] ئىخلاس سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.
[3] شۇرا سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[4] مۇيەسسەر _ تەۋھىد ئىلمىغا خاس بىر خىل ئىستىلاھ بولۇپ، ئىرادە ئەركىنلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ــ تەرجىمان.
[5] زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت.

www.munber.org

(د) كـمـكـى ئـاللاھ تائالاغا، ئـاللاھ يـول قويمـغـان، پـەيغەمـبەر ئەلەيھـسسـالام ۋە توغـرا يولدىكى خەلىپىلەرنىڭ ئادىتىدە يوق بىر ئىش بىلەن ئىبادەت قىلسا، بىدئەتچى ھېسابلىنىدۇ.

(ر) دۇنيا سىناق ۋە ئىشلەش، ئاخىرەت جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش سارىيىدۇر. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ. بۇ زېمىندىكى ھايات چەكلىك باسقۇچى بار. ئىنسانىنىڭ ئۆلۈشى ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان يەنە بىر كۈن بار.

(ز) مۇسۇلمانىنىڭ يولى ئېنىق، مۆئىيىەن ۋە تۈز يول. ئۇ ئېنىق بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى (كۆچى يەتكەن دائىرىدە) ئادا قىلىدۇ، مۆئەييەن چەكلىمىلەردىن چەكلەنگىنى بويىچە ئۆزىنى تارتىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ۋە توسقان ئىشلارنى بىلىش ئۇچۇن تىرىشىدۇ. چەكلىك بىلىشى بىلەن غەيبكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئاللاھقا ئىشەنمەسلىك، سۆرەلمىلىك، سەلبىيلىك ۋە گۇناھ سادىر قىلغاندا ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە يۈكلەپ قويۇش قاتارلىقلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

(ژ) ئىنسانىنىڭ گوش، قان ۋە نىرىپ، ئەقىل ، نەپس ۋە روھتىن تۈزۈلگەن ئۆزگىچە تۈزۈلمىسى ۋە ئېھتىياج، ھەۋەس ۋە يۈنىلىشلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش، گۇناھ ۋە جىنايەت سادىر قىلىش ئېھتىماللىقى بار. بىراق ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەۋبىنىڭ ئىشىكى جان تالىشىش جەريانىدىكى خىقىرىشقىچە ئۇچۇق.

**تارقىلىشى ۋە نۇپۇز دائىرىسى:**

◈ ئىسلامنىڭ نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەركىزىدىكى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ھىرا غارىدا، رامىزان كېچىلىرىنىڭ بىرىدە جۇلالىدى. بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنىڭ باشلىنىشىدىن چارەك ئەسىر ئۆتمەي ئەقىدىدىكى مۇستەھكەملىكى، دەۋەت ۋە ئۇ يولدا جىھاد قىلىشقا چاقىرىشتىكى قىزغىنلىقى ۋە ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش يولىدا قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن تارىختا مىسلى تېپىلمايدىغان ئىتائەتمەن ساھابىلەرنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلدى.

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىغا تارقىتىش ئۈچۈن يىگىرمە ئۈچ يىل توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، رۇم ئىمپىراتورى ھېرەقىل، ئىران پادىشاھى كىسرا II ، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى، غەسسانىيلار پادىشاھى ھارىس ئىبنى ئەبۇ شەمر ئەلغەسسانى ۋە بەلقائ ھاكىمى شۇرەھبىل ئەلغەسسانىي... لارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىردى.

◈ توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ دائىرىسى شەرقتە ئىراق، ئىران، خۇراسان، سەجىستان، شىمالدا شام، غەربتە مىسىر، لىۋىيە، تونىس، ماراكەش، جەنۇبتا نەۋبە ۋە سۇدان قاتارلىق ئەللەرگىچە كېڭەيدى.

◈ ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى زامانىسىدا غەربتە ئىسپانىيە ۋە فرانسىيەنىڭ جەنۇبى، شەرقتە سىند، ماۋەرائۇننەھر ۋە جۇڭگو چېگرالىرىغىچە فەتھى قىلىندى.

◈ ئابباسىيلار دەۋرىدە كىچىك ئاسىيادىن ھالقىپ، ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرىش ۋە ۋىزانتىيە دۆلىتىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئايرىۋېلىش ئىشى تامامالاندى. قىبرىس پەتھى قىلىندى، مۇسۇلمانلار يورۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىتالىيە قورۇقلىقىغا كىردى ۋە رۇملار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى يەڭدى.



www.munber.org

◈ ئوسمانىيلار دەۋرىدە بالقاننىڭ بىر قىسمى، ئالبانىيە، رودىس ۋە كىرىت ئاراللىرى ۋە ۋېنگىرىيە قاتارلىق ئەللەرنى فەتھى قىلىش ئىشى تاماملاندى.

◈ دەۋەتچىلەر ۋە تىجارەتچىلەر ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقالدى.

شۇلارغا ئوخشاش، ئىسلامنىڭ دۇنياسىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە ئۆز يولىنى ئېچىپ، ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىنىڭ سانى جەھەتتىن خىرىستىيان دىنىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان دىنغا ئايلاندى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭغا يەتتى. ئۇلارنىڭ 900 مىليوندىن كۆپرەكى 80دىن ئارتۇق دۆلەتتە ياشايدۇ. 300 مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان دۇنيادىكى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە ئاز سانلىقلار سۈپىتىدە تارقاپ كەتكەن.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەبۇ ئۇبەيدە قاسىم ئىبنى سالام – "الأموال"
- ئەبۇ يۈسۈف مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەششەيبانى – "الخراج"
- ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىززۇددىن ئىبنى ئەلئەسىير ئەلجەزرى – "الكامل في التاريخ"
- ئىبنى خەلدۇن، ئابدۇرراھمان ئىبنى خەلدۇن – "المقدمة"
- ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىيم ئىبنى تەيمىييە ئەلھىرانىي – "مجموع الفتوى"
- ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىيم ئىبنى تەيمىييە ئەلھىرانىي – "السياسة الشرعية بين الراعي والرعية"
- ئىمادۇددىن ئىبنى كەسىير – "البداية و النهاية"
- ماۋەردى – "الأحكام السلطانية"
- ياقۇت ئەلھەمەۋىي – "معجم البلدان"
- ئىككى ھەرەم ئىمامىي ئەبۇ ئەلمەئالىي ئەلجۇۋەينى – "غياث الأمم في التياث الظلم"
- ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل – "الزهد"
- ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك – "الزهد"
- ئىبنى سىينا – "المدخل إلى علم الأفلاك"
- ئىبنى سىينا – "الكليات في الطب"
- داۋۇد ئەلئەنتاكى – "تذكرة داود"
- يۈھەننە غەرناتى ـ "العلم عند العرب وأثره في تطور العلم العالمي" ، ئابدۇلھەلىيم ئەننەججار ۋە مۇھەممەد يۈسۈف مۇسالار تەرجىمە قىلغان.
- بەخرۇددىن رازى – "مقالة في الجدري و الحسبة"

www.munber.org

- هەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئەلۋەززان ئەززىياتى – ”وصف إفريقيا“
- مەھمۇد ئابدۇلۋاھهاب فايد – ”الإسلام و أثره في نهضة الشعوب“
- ئەبۇل هەسەن ئەننەدەۋىي – ”الإسلام و أثره في الحضارة الإنسانية“
- ئىبنى ئەبۇ ئەلئىز ئەلهەنەپىي – ”شرح العقيدة الطحاوية“
- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھهاب – ”كتاب التوحيد“ ”مجموعة الرسائل النجدية“
- ئەلى تەنتاۋىي – ”تعريف عام بدين الإسلام“
- مۇھەممەد ئەمىين ئەششەنقىتى – ”محاسن الدين الإسلامي“
- سەييىد قۇتۇب – ”مقومات التصور الإسلامي“
- ئەلى چسب الله ”أصول التشريع الإسلامي“
- د. مۇستەپا سىبائىي – ”من روائع حضارتنا“
- سەييىد سابىق – ”دعوة الإسلام“
- مۇھەممەد غەززالىي – ”هذا ديننا“
- د. ئابدۇرراهمان ئەلئىيسەۋىي – ”لماذا أنا مسلم“
- د.يۇسۇف ئەلقەرداۋىي – ”الخصائص العامة للإسلام“
- مۇھەممەد قۇتۇب – ”شبهات حول الإسلام“
- ئەھمەد شىبلى – ”موسوعة التاريخ الإسلامي“
- زەغرىد ھۇنكە – ”شمس العرب تسطع على الغرب“

www.munber.org

## 1 ـ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى ۋە پرىنسىپلىرى

ئېنىقلىما:

◈ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى تەۋھىد ۋە تائەت جەھەتتە زۆرۈر بولغان بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ۋە بارلىق غەيىب ئىشلارغا، خەۋەرلەرگە، ئەمەلىي ياكى ئىلمىي بولسۇن قەتئىي ھۆكۈملەرگە كەسكىن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

تەسىس قىلىنىشى:

ئۆزىدىن باشقا ھەممىسىنى بىكارغا چىقارغۇچى بۇ ئەقىدىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، بۇ ئەقىدە، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئەھلى سۈننەت، دەپ ئاتالغان. ھەقىقەتنىڭ ئەتراپىغا تويلىنىپ، دىندا چېچىلاڭغۇلۇق قىلمىغان، ھەقىقەت ئىماملىرىنىڭ مېتودلىرىغا ئەگىشىپ، ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشتا رىۋايەت ئەھلى، ھەدىس ئەھلى، غەلىبىگە ئېرىشكەن ياكى نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىگە قارشى چىقمىغان ئىسلام جامائىتىنىڭ ئەقىدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ”جامائە“ دەپ ئاتالغان.

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىدىسىنىڭ ئۇسۇلى(ئاساسى):

◈ ئۇ ئىسلامنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا نە تەرىقە، نە پىرقە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئىزدىنىش ۋە يەكۈن چىقىرىش جەھەتتىكى قائىدە ۋە ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەردە گەۋدىلىنىدۇ:

ـ ئەقىدىسىنىڭ مەنبەسى ـــ ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە سەلەپ سالىھلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى.

ـ قۇرئان كەرىمدىكى ھەرقانداق مەزمۇن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قانۇن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ بولغان بارلىق سۈننەتلىرىنى ئاھاد بولسىمۇ قوبۇل قىلىش لازىم.

ـ قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشنىڭ مەنبەسى ـــ ئۇنى بايان قىلىپ بېرىدىغان نەسلەر، سەلەپ سالىھلار ۋە ئۇلارنىڭ پرىنسىپى بويىچە ماڭغان كىشىلەردىن ئىبارەت.

ـ دىنىنىڭ بارلىق ئۇسۇلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، دىندا يېڭى بىر نەرسىنى پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن بىلجىرلاش ھەققى يوق.

ـ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تەسلىم بولۇش، قۇرئان ۋە سەھىھ سۈننەتتە كەلگەن ھەر قانداق نەرسىگە قىياس، ھۆزۈرلۇنۇش، بايقىغاننى داۋا قىلىش، سالاھىيتى ئېنىق بولمىغان شەيخ ياكى ئىمام ۋە ئۇلاردىن باشقا بىرىنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۆكتە قوپۇشقا بولمايدۇ.

ـ روشەن ئەقىل ساغلام دەلىلگە ئويغۇن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەتئى زىتلىق يۈز بەرمەيدۇ، ئەگەر بىرەر زىتلىق بارلىقى گۇمان قىلىنىپ قالسا، دەلىل ئەقىلدىن يۇقىرى ئورۇندا قويىلىدۇ.

www.munber.org

- ئەقىدىگە دائىر شەرئىي گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىش ۋە بىدئەت سۆزلەردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

- گۇناھ سادىر قىلماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئېنىق بىر مەسىلە. بۇ ئۇممەت ئومۇمىيلىقتا خاتالىققا بىرلىككە كېلىشتىن ھىمايە قىلىنغان، ئەمما يەككە ھالدا ھېچكىم خاتالىق سادىر قىلىشنىڭ سىرتىدا ئەمەس. تالاش - تارتىش يۈز بەرگەندە، بۇ ئۇممەت ئىچىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇجتەھىدلارنىڭ كەچۈرۈم سوراش بىلەن بىرگە قايتىدىغان ئورنى يەنىلا قۇرئان ۋە سۈننەت.

- راست چۈش ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر قىسمىدۇر. سەمىمىي كۆزىتىش ھەقىقەت بولۇپ، شەرىئەتكە ئويغۇن كېلىش شەرتى بىلەن كارامەت ۋە خوش - بىشارەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ نە ئەقىدە، نە شەرىئەت ئۈچۈن مەنبە بولالمايدۇ.

- دىن توغرىسىدا جېدەل - ماجىرا قىلىش گۇناھ بولۇپ، ياخشى مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلغان. كىرىش يوللۇق شەكلىدە چەكلەنگەن تېمىلارغا ئىچكىرلەپ كىرىشكە بولمايدۇ.

- رەددىيە قايتۇرغاندا ۋەھيى ئاساسىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بىدئەتكە بىدئەت بىلەن رەددىيە بىرىلمەيدۇ. چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش بىلەن پەرۋاسىزلىق بىر يەردە جەملەنمەيدۇ. ئەكسىمۇ ئۇنداق بولمايدۇ.

- دىندا پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش بىدئەت، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇق ۋە بارلىق ئازغۇنلۇق جەھەننەمدە قالىدۇ.

◈ ئېتىقادى تەۋھىد

- ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى ئەسلى قائىدە: ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مۇقىملاشتۇرغان ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى ئوبرازلاشتۇرماستىن، قىياپىتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىنكار قىلىنغان ئىسىم - ۋە سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن ئىنكار قىلىش. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ھېچ شەيئى اللہ غا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن سۆزىدە كەلگىنىگە ئوخشاش، نەس[2]تىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە دالالەت قىلىدىغان مەزمۇنلىرىغا ئىمان ئېيتىش.

- پەزىلەتلىك پەرىشتىلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن ئىمان كەلتۈرۈش، ئەمما تەپسىلى جەھەتتىن ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ۋە ئەمەللىرى توغرىسىدىكى سەھىھ دەلىللەرگە قاراپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن بولىدۇ.

- نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۆزگەرتىش

---

[1] شۇرا سۈرىسى، 11 - ئايەت.
[2] ▲ نەس : بۇ قۇرئان، ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنى كۆزدە تۇتىدىغان بىر خىل ئومۇملاشقان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنى ئۇيغۇرچىدا تېكىست ياكى باشقا بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەندە ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىغا مۇناسىپ بولمايدىغان چۈشەنچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى زور بولغاچ بىز ئەينەن نەس دەپ ئالدۇق. ۋاقىپ بولغايسىزلەر — تەرجىمان.



www.munber.org

كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئەمەس، پەقەت قۇرئان كەرىمگىلا ئەگىشىش ۋاجىب.

- ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرى (ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولسۇن) گە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى باشقا ئىنسانلاردىن ئەۋزەل دەپ بىلىدۇ. كىمىكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە دەيدىكەن ئۇ كاپىر بولىدۇ.

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش. كىمىكى ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە قاراشتا بولىدىكەن كاپىر بولىدۇ.

- قىيامەت كۈنىگە، ئۇ ھەقتە كەلگەن ساغلام رىۋايەتلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كېلىدىغان ئالامەت ۋە شەرتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

- تەقدىرگە، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش. يەنى: ئاللاھ تائالانىڭ بولىدىغان ئىشنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىۋەتكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنىڭ بولىدىغان، خالىمىغىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا، ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر، ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

- ئەرش، كۇرسى، جەننەت، جەھەننەم، قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى، پىلسىرات كۆۋرۈگى، مىزان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر توغرىسىدا كەلگەن ساغلام دەلىللەرنىڭ بىرىنىمۇ تەئۋىل قىلمىغان ھالدا ئىمان كەلتۈرۈش.

- سەھىھ دەلىللەردە تەپسىلاتى كەلگىنىگە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، پەيغەمبەرلەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ، سالىھ كىشىلەر ۋە باشقىلارنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

- مۆمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى جەننەت ۋە مەھشەردە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى ھەقىقەت. كىمىكى ئۇنى ئىنكار ياكى ئۇنى تەئۋىل قىلسا ئازغان بولىدۇ. ئۇ ئىشلار دۇنيادا ھېچكىم ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ.

- ئەۋلىيا ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ كارامەتلىرى ھەقىقەت. ئادەتتىن تاشقىرى ھەرقانداق ئىش كارامەت بولىۋەرمەيدۇ. بەلكىم شۇ تەرەپكە بېسىلغان قەدەم بولۇپ قېلىشىمۇ، شەيتان ۋە ئالۋاستىلارنىڭ تەسىرىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا ئۇنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن كېلىش ياكى كەلمەسلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

- مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى بولۇپ، ھەر بىر مۆمىننىڭ ئىمانىغا يارىشا ئەۋلىيالىقى بولىدۇ.

### ◈ ئىلاھىي تەۋھىد

- ئاللاھ تائالا يېگانە بىر، ئۇنىڭ رەببانىيلىقىدا، ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات ئىكەنلىكىدە، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە شېرىكى يوق، ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى قىلىشقا لايىق زات.

www.munber.org

- ئىبادەتنىڭ دۇئا، قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشتا، نەزىر قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، سۆيگۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىبادەتلەردىن بىر نەرسىنى ئاللاھدىن باشقا بىرىگە قارىتىش، مەيلى ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە، پەيغەمبەر، سالىھ بەندە ياكى باشقىلار مەقسەت قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئى نەزەر شېرىك ھېسابلىنىدۇ.

- ئىبادەتنىڭ ئۇسۇلى ئاللاھ تائالاغا مۇھەببەت، قورقۇش ۋە ئۈمىد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئىبادەت قىلىش ئازغۇنلۇق.

- ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش، رازى بولۇش، تەسلىم بولۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمدار، تەربىيەتچى ۋە ئىبادەتكە لايىق، ھۆكمى ۋە ئىشلىرىدا شېرىكى يوق زاتلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان بىر ئىشنى يولغا قويۇش، تاغۇتلارغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا نەرسىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىش كۇپۇرلۇق بولىدۇ. كېمىكى، بىرەرسىدە شەرىئەتنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا بولىدۇ، دەپ بىلجىرلىسا كاپىر بولىدۇ.

- ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىش چوڭ كۇپۇردۇر. كۇپۇرلۇققا يەتمەيدىغان كۇپۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىرىنچىسى: ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنغا چىك ئېسىلىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى جائىز، دەپ قاراش.

ئىككىنچىسى: ئاللاھنىڭ قانۇنىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن بىر ۋەقەدە ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ئېغىپ كېتىش.

- دىننى مۇئەييەن كىشىلەرلا ئىمتىيازغا ئىگە بولىدىغان ھەقىقەت ۋە مۇئەييەن كىشىلەر ئەمەس، ئاۋام تۇتۇپ مېڭىشى لازىم دەپ قارالغان شەرىئەتكە بۆلۈش، سىياسەت ياكى باشقا نەرسىلەرنى دىندىن ئايرىپ قاراش باتىل؛ بەلكى، ھەقىقەت، سىياسەت ياكى باشقىسى بولسۇن شەرىئەتكە زىت كېلىدىغان بارلىق ئىشلار شۇ ئىشنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ، ياكى كۇپۇر ياكى ئازغۇنلۇق بولىدۇ.

- بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم غەيبنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم پەيغەمبەرلىرىگە غەيىب نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ دېگەنگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئاللاھدىن باشقا بىرسىنى غەيبنى بىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇپۇرلۇق بولىدۇ.

- پالچى، كاھىنلارنىڭ ئىشلىرىنى راست دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇپۇرلۇق. ئۇلارنى چاقىرىش ياكى قېشىغا بېرىش چوڭ گۇناھتۇر.

- قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇلغان ۋاستىلەر بولۇپ، ئۇلار يوللۇق تائەتلەر بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ۋاستە ئىشلىتىش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 - يوللۇق: ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى، ۋاستە قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمىلى ياكى ھايات سالىھ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ۋاستە قىلىش.

2 - بىدئەت: ئۇ ئاللاھ تائالاغا پەيغەمبەرلەر، سالىھ كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئورنى، ھەققى ياكى ھۆرمىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەرىئەتتە يوق ئىشلار بىلەن ۋاستە قىلىش.

www.munber.org

3 ـ شېرىك: ئۇ ئۆلۈكلەرنى ئىبادەتتە ۋاستە قىلىش، ئۇلاردىن ئۈمىد قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلەش، ياردەم سوراش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار.

ـ بەرىكەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولۇپ، بەزى بەندىلىرىگە ئاللاھ خالىغان نەرسە بىلەن خاسلىشىدۇ، ئۇ نەرسىلەر دەلىلسىز ئىسپاتلانمايدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ كۆپ ۋە ئارتۇق بولۇشى ياكى مۇقىم ۋە مۇئەييەن بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

تەۋەررۇك مۇقىم تۇرغۇزۇلۇپ بولغان ئىشلاردىن بولۇپ، دەلىلسىز بىر ئىشتا تەۋەررۇك قىلىش جائىز ئەمەس.

ـ كىشىلەرنىڭ قەبرە بېشىدىكى ئىش ۋە زىيارەتلىرى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ يوللۇق: ئۇ ـ قەبرىلەرنى ئاخىرەتنى ئەسلەش ئۈچۈن، قەبرە ئەھلىگە سالام بېرىش ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىش.

2 ـ بىدئەت: ـ تەۋھىدنىڭ كامالى بىلەن سىغىشالمايدىغان شېرىك ۋەسىلىلىرىنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، قەبرە بېشىدا ئۇنىڭغا يېقىنلىششنى، ئۇنى تەۋەررۇك قىلىش ياكى ئۇنىڭ قېشىدا كېيىم ھەدىيە قىلىشنى ياكى ئۇنىڭغا بىنا سېلىشنى، ھاكلاپ قاتۇرۇش، چىراق يېقىش، ئۇنى مەسچىت قىلىۋېلىش، ئۇنىڭغا سەپەر قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توسقانلىقى ئېنىق ياكى شەرئەتتە ئەسلى بولمىغان ئىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ شېرىك: بۇ تەۋھىد بىلەن سىغىشالمايدۇ. بۇ ئاللاھنى قويۇپ قەبرە ئىگىسىدىن ھاجىتىنى تىلەش، ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇشنى، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش، قەبرىنى تاۋاپ قىلىش، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش، ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىبادەتلەرنىڭ بىرەر تۈرىنى قەبرە ئىگىسىگە قارىتىشتىن ئىبارەت.

ـ ۋاستىلەرگە ئۇنىڭغا قارىتىلغان مۇددىئانىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ۋاستىلەر ياكى دىندا بىدئەت پەيدا قىلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى توسۇش لازىم. چۈنكى، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ھەرقانداق نەرسە بىدئەت، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.

◈ ئىمان:

ـ ئىمان ــ سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشىدۇ ۋە كەملەيدۇ (كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ ــ ت). ئۇ قەلب ۋە تىلنىڭ سۆزى، قەلب، تىل ۋە بەدەننىڭ ئەمىلىدۇر. قەلبنىڭ سۆزى: ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ۋە تەستىقلاش. تىلنىڭ سۆزى: ئۇنى ئۆزى ئارقىلىق ئىقرار قىلىش. قەلبنىڭ ئەمىلى: ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش، ئىتائەت قىلىش، ياخشى كۆرۈش، سالىھ ئەمەللەرنى ئىرادە قىلىش قاتارلىقلار.

بەدەننىڭ ئەمىلى: بۇيرۇغاننى قىلىش، توسقاندىن يېنىش.

ـ چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان كىشى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ دۇنيادا ئىمانى ناقىس مۆمىن ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ تەسەررۇپاتىدا بولىدۇ، خالىسا كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. تەۋھىدچىلەرنىڭ ھەممىسى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆت بىلەن ئازاپلىنىدىغانلار بولسىمۇ، ئاقىۋىتى جەننەتتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئوتتا مەڭگۈ قالمايدۇ.

www.munber.org

- قبلە ئەھلىدىن مۇئەييەن بىر كىشىگە ئۇ ھەقتە نەستە مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا جەننەت ياكى دۇزاخ بىلەن ھۆكۈم قىلىش جائىز ئەمەس.

- كۈپۈر شەرئىي سۆزلەردىن بولۇپ، ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: چوڭ كۈپۈر — ئىسلامدىن چىقىرىدۇ. كىچىك كۈپۈر ـ ئىسلامدىن چىقارمايدۇ. بۇ بەزىدە ئەمەلىي كۈپۈر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

- كاپىر (دىنسىز) دەپ قاراش — شەرئىي ھۆكۈملەردىن بۆلۈپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە قايتىدۇ. شەرئىي دەلىلنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغان ئەھۋالدا بىر مۇسۇلماننى سۆزى ياكى ھەركىتىگە تايىنىپ كاپىر قاتارىغا چىقىرىش جائىز بولمايدۇ. چەكلىمىلەر تۈگەپ، شەرتلەر ھازىرلانغانمىغان ئەھۋالدا مۇئەييەن بىر كىشى توغرىسىدا موقىملاشقان بىر سۆز ياكى ھەرىكەتكە ئاساسەن كاپىر ھۆكمىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. كاپىرلىق ھۆكمىنى بىرىش ئەڭ خەتەرلىك ھۆكۈملەردىن بولۇپ، ھۆكۈمنى ئىنىقلاش، مۇسۇلماننى كاپىر دىيىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

◈ قۇرئان ۋە كالام:

قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغان كالامى (ھەرپ ۋە مەنىلىرى بىلەن) بولۇپ، مەخلۇق ئەمەس. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن باشلانغان، يەنە ئۇنىڭغا قايتىدۇ. ئۇ ئۇنى ئىلىپ كەلگۈچىنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ ۋە قىيامەتكىچە ساقلىنىدۇ.

◈ تەقدىر:

ئىماننىڭ ئەركانلىرىدىن بولۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- قەدەرنىڭ بارلىق نەس ۋە مەرتىۋىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ (ئىلىم، يېزىش، تەقدىر، يارىتىش) ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىۋەتكىنىنى قايتۇرغۇچى ۋە ھۆكمىنىڭ ئاقىۋىتىنى سۈرۈشتۈرگۈچى بولمايدۇ.

- بەندىلەرنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، كىمنىكى ئاللاھ ھىدايەق قىلغان بولسا، ئۇ يەزلىدىن، ئازدۇرغان بولسا ئادالىتىدىن بولىدۇ.

- بەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچى بولمىغان ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ياراتقان، ئۇنى بەندىلەر ئادا قىلىدۇ.

- ئاللاھنىڭ ئىشلىرىدا ھىكمەتنى، سەۋەبلەرنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە مۇئەييەنلەنتۈرۈش.

◈ جامائەت ۋە ئىمامىلىق:

- جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرى، ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەر، قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار بولۇپ، نىجات تاپىدىغان پىرقىدۇر.

- ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ـ گەرچە قىسمەن تەرەپلەردە خاتالاشسىمۇ ـ جامائەتتىن ھىسابلىنىدۇ.



www.munber.org

- دىندا تەپرىقچىلىك سېلىشقا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە تۇغدۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا تالاش - تارتىش قىلغان مەسىلىلەردە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە سەلەپ - سالىھلارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا قايتىشلىرى ۋاجىب.

- جامائەتتىن چىقىپ كەتكەن كىشىگە نەسىھەت قىلىش، چاقىرىش، ئەڭ ياخشى يوللار بىلەن مۇنازىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا پاكىت كەلتۈرۈش ۋاجىب. تەۋبە قىلمىسا، شەرىئەت بەلگۈلىمىسى بويىچە مۇۋاپىق جازالىنىدۇ.

- كىشىلەر كىتاب، سۈننەت ۋە ئىجمائىتىكى مۇئەييەن جۈملىلەر ئارقىلىق ئۆلچىنىشى لازىم. مۇسۇلمانلار ئامىسىنى ئىنچىكە مەسىلىلەر، چوڭقۇر مەنىلەر ئارقىلىق سىناشقا بولمايدۇ.

- بارلىق مۇسۇلمانلاردا ئەقىدە ۋە نىيەت ساغلاملىقى ئۇنىڭغا قارشى بىر نەرسە مەيدانغا كەلمىگەن ئەھۋالدا ئاساسىي قائىدە ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزلىرىنى ياخشىلىق تەرەپكە بۇراش ئەسلى قائىدە، ئەمما بىرسى تەرسالىقى، نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى ئاشكارىلىسا ئۇنى تەئۋىل قىلىش ئۈچۈن زورۇقۇشقا بولمايدۇ.

- خەلىپىلىك ئۈممەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ياكى مەسئۇللارنىڭ بەيئەت قىلىشى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرىلىدۇ. (ئىمامىلاردىن) كىمىكى چېكىدىن ئاشۇرىۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر پىكىرگە كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، نەسىھەت قىلىش ۋاجىب. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ تەرىپىدىن ئېنىق پاكىت ياكى بىرەر مەسىلىدە كۇپۇرلۇق ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا بولمايدۇ.

- ناماز، ھەج ۋە جىھادنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى بىلەن(ئۇلار زالىم بولغان تەقدىردىمۇ) بىرگە ئېلىپ بېرىش ۋاجىب.

- مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا دۇنيا تالىشىپ ياكى جاھىلىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھارام بولۇپ، چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما، بىدئەتچىلەر، ئادالەتسىزلەر ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار بىلەن ئۇلارنى ئازراق بەدەل بىلەن توسۇش مۇمكىن بولمىغاندا ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. پايدا - زىيان ۋە شارائىتقا قاراشمۇ زۆرۈر.

- ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئادىل بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىرى. ئۇلار ئۈچۈن ئىمان ۋە پەزىلەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش دىندا مۇھىملىقى بىلىنگەن كەسكىن ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش دىن ۋە ئىمان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىش كۇپۇر ۋە مۇناپىقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار بىلەن بولدى قىلىش، قەدرىنى تۆۋەنلىتىدىغان ئىشلارغا ئىچكىرلەپ كىرمەسلىك لازىم.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇ بەكرى، ئاندىن ئۆمەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى قاتارلىق تۆت خەلىپە. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ خەلىپىلىكى تەرتىۋى بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرىلىدۇ.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى سۆيۈش ۋە دوست دەپ قاراش، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قەدرى ۋە ئۇلارنىڭ پەزلىنى يوقىرى كۆتىرىش، سەلەپلەرنى، سۈننەت ئالىملىرىنى ۋە ئۇلارغا ياخشى ئىشلاردا ئەگەشكەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، بىدئەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس ئەھلىدىن يىراق تۇرۇش دىنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.



www.munber.org

- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئىسلامنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدىن بىرى بولۇپ، قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

- ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىسلامنىڭ بۈيۈك شۇئارلىرى ۋە جامائەتنى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىككىسى تاقەت يەتكەن دەرىجىدە ۋاجىب بولۇپ، ئۇنىڭدا مەنپەئەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

## ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە پرىنسىپىنىڭ گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

● ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشكۈچى پىرقە. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى پرىنسىپلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى تەرتىپلەشتۈرىدىغان ئەتراپلىق يولى ۋە مېتودلىرى بار؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ پرىنسىپى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامدۇر. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا پەرقلىق بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇلاردىن:

- يادلاش، تىلاۋەت قىلىش ۋە تەپسىر جەھەتلەردە ئاللاھنىڭ كىتابىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كىشىلىنى ساغلامدىن پەرقلەندۈرۈش (بۇنىڭ مەنبەسى بىلىش)، چۈشىنىش، بىلىش ۋە ئىلمىغا ئەمەلنى بويسۇندۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ھەدىسكە كۆڭۈل بۆلۈش.

- دىنغا تولۇق كىرىش، قۇرئانغا كامىل ئىمان ئېيتىش: ئۇلار رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان نەسلەرگە، (ئاللاھنىڭ رەببانىي، ئۇلۇھىيەت ۋە ئىسىم سۈپەتلىرگە دائىر) ئىسپات ۋە ئاللاھنى پاك دەپ تونۇشقا دائىر نەسلەرگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن، بەندىنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسى، ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرگىنىگە ئوخشاش، ئىلىم بىلەن ئىبادەتنىڭ، كۈچ بىلەن رەھمەتنىڭ، ئىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىش بىلەن زاھىدلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ.

- بەلگۈلەنگەن ئىشلارغا ئەگىشىش، بىدئەت پەيدا قىلماسلىق ، بىر يەرگە جەم بولۇش، دىندا پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش، ئىختىلاپ قىلىشتىن يىراق تۇرۇش.

- ساھابىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ماڭغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلىم، ئەمەل ۋە دەۋەت ساھەسىدە ئەگىشىلگەن ئادىل ھىدايەت ئىماملىرىغا ئەگىشىش، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىش. ئۇلارنىڭ يولىغا زىت كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش.

- ئوتتۇرا ھاللىق: ئېتىقادتىكى بىر خىل چۈشەنچە بولۇپ، چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش بىلەن پەرۋاسىزلىق ئارىسىدىكى ئوتتۇرھاللىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پائالىيەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا چەكتىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر بىلەن پەرۋاسىزلار ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ.

- مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنى ھەقىقەت ئۈستىگە جەملەش، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى تەۋھىد ۋە ئەگىشىش (قۇرئان، سۈننەتكە) يولىدا بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق تالاش - تارتىش ۋە جىدەلگە بارلىق سەۋەپلىرىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇش.

- بۇنىڭ بىلەن، دىنىنىڭ ئۇسۇلىدا بۇلارنىڭ ئۈممەتتىن پەقەت سۈننەت ۋەلجامائە دېگەن ئىسمدىن باشقا بىر نەرسىدە پەرقلەنمەيدۇ. ئىسلام ۋە سۈننەتتىن باشقا بىر مۇناسىۋەت بىلەن دوست تۇتمايدۇ ۋە دۈشمەنلەشمەيدۇ.

www.munber.org

- ئەقىدە، ئىبادەت، يۈرۈش - تۇرۇش، ئەخلاق ۋە ھاياتتىكى ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئېھتىياجى بار نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىدۇ. ئۇلار يەنە دىنغا قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن قاراشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەقىدە ۋە شاخچە مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەك، سۈننەت ۋە ۋاجىبلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. دەۋەت ۋاستىلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە يوللۇق ھەر قانداق ۋاستىدىن پايدىلىنىدۇ. ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، شەرئەت كۆرسەتكەن دائىرىدە تۇسىدۇ. جىھادقا، سۈننەتنى تىرىلدۈرۈشكە، دىننى يېڭىلاش، چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكمىنى تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. تاغۇتلارغا ياكى ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىدىن باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

- ئىنساب ۋە ئادالەت: بىرەر تائىپە ياكى شەخسنىڭ ھەققىنى ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئاساسى ئورۇندا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوستلۇقتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەيدۇ، دۈشمەنلەرگە زۇلۇم قىلمايدۇ، پەزىلەت ساھىبىغا قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر كۆز يۇممايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ئىمام ۋە مەشھۇر شەخسلەرنى ئۇلار گۇناھكار بولمايدۇ، دەپ مۇقەددەسلەشتۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىكى قائىدىسى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق شەخسنىڭ گەپ - سۆزىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. پەقەت ۋەھيى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەلەپلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدىن باشقا ھېچقانداق كىشى گۇناھ ياكى خاتالىقتىن خالىي ئەمەس.

- ئۇلار ئۆز ئارىسىدا سەلەپلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن تارتىشىش بار قىسمەن مەسىلىلەردە - بۇ مەسىلىلەردە قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئازغۇن سانىماستىن - ئىجتىھادنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ۋە پەيغەمبىرى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىختىلاپلىشىش ئەخلاقلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

- ئۇلار پايدا - زىيانغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىدۇ ۋە شەرىئەتنىڭ مەنپەئەت ھاسىل قىلىش ۋە زىياننى يوقىتىش ياكى كېمەيتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى، رەزىل ھەرىكەتلەرنى توسۇش مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىغا قويىلىدۇ.

- ئۇلارنىڭ پىتنىگە قارىتا ئومۇمەن مۇنداق مەيدانى بار: سىناق بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەلگۈلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ.

- كۆپۈر پىتنىسىگە قارىتا ھاجەت ۋە ئىقتىدارغا قاراپ پاكىت، بايان، قىلىچ ۋە نەيزە قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق كۆرەش قىلىدۇ.

- ئۇلار پىتنىدە تىنچلىقتا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا جىم تۇرىۋالغان ئەڭ ياخشى دەپ قارايدۇ. ئەمما شەرئىي دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەققەت ئاشكارا بولغان ئەھۋالدا ، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

- بىدئەتچىلەر سۈننەتكە يېقىن ۋە يىراقلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ۋە ھەممىسىگە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ نوقتىدا بىدئەت تۆۋەندىكىلەرگە بۆلىنىدۇ: مۆتىدىل شىئەلەر، مۇرجىئىيلارغا ئوخشاش ساھىبلىرىنى كاپىرغا چىقارماسلىقتا تالاش - تارتىش يوق بىدئەت. خاۋارىج ۋە رافىزىلارغا ئوخشاش ساھىبلىرىنى كاپىرغا چىقىرىش ياكى چىقارماسلىق توغرىسىدا ئىختىلاپ بار بىدئەت. ساپ جەھمىيىيەلەرگە ئوخشاش ساھىبلىرىنى مۇتلەق كاپىر، دەپ ئاتاشتا ئىختىلاپ يوق بىدئەت.



www.munber.org

- ئومۇملاشتۇرۇپ بىدئەتچىلەرگە مۇتلەقلەشتۇرۇپ ئاسى، پاسىق ياكى كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن، مۇئەييەن بىر كىشىگە شۈبھىلەرنى يوق قىلىپ، پاكىتلارنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق سۆزىنىڭ سۈننەتكە نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرمەي تۇرۇپ چىقارغان ھۆكۈمنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈردۇ.

- مۇسۇلمان ئالىملارنى ئۇلارنىڭ خاتا ئىجتىھادى، بولۇپمۇ بىرلىككە كەلمىگەن مەسىلىلەردىكى مەقسەتتىن يىراق تەئۋىلى سەۋەبى بىلەن كاپىرغا چىقىرىش، پاسىق دەپ ئاتاش ھەتتا گۇناھكار دەپ ھېسابلاشمۇ جائىز ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

- بىدئەتنى يۇشۇرغان كىشى بىلەن ئۇنى ئاشكارىلىغان ۋە شۇ بىدئەتكە چاقىرغان كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىنى پەرقلەندۈردۇ.

- بىدئەتنىڭ ھەجمىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قىبلە ئەھلىدىن چىققان بىدئەتچىلەر بىلەن، ئىسلامدا كەسكىن كاپىر دەپ قارالغان ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلار ئارىسىنى پەرقلەندۈردۇ. بۇ، نۇرغۇن بىدئەتچىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مۇناپىق، دىنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشى بىلەن بىرگە، ئومۇمىي سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر.

- بىدئەتچىلەرگە قارىتا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش، ئۇلاردىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، سۈننەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇ خىلدىكى بىدئەتتىن مۇسۇلمانلارنى ۋاقىپلاندۇرىدۇ، شەرئەت بەلگىلىگەن ئۆلچەملەر بىلەن بىدئەتلەرنى باستۇرىدۇ.

- ئۇلار جۈمە، جامائەت ۋە ھېيت نامازلىرىنى بىدئەت ئاشكارىلانمىغان ياكى نومۇسسىزلىق قىلمىغان، ئەھۋالى يېپىق ھالدا قالغان ئىماملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار بىدئەتكە بىدئەت بىلەن قارشى تۇرمايدۇ.

- باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولسىلا، بىدئەت ياكى نومۇسسىزلىقنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش جائىز ئەمەس، ئەگەر شۇنداق ئىماملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ سالسا، نامىزى توغرا بولىدۇ. چوڭ بىر يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا ئۇنداق كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان ئادەمنى گۇناھكار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ناچار بىرى تېپىلىدىغان ئەھۋال بولسا ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش جائىز بولۇپ، ئۇنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇلغان ناماز دۇرۇس بولمايدۇ.

- سۈننەتتىن چىقىپ كەتكەن قىبلە ئەھلى ئارىسىدىن چىققان پىرقىلەرگە جەھەننەم ۋە ھالاكەت ۋەدە قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ھۆكمى بارلىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش، پەقەت كاپىرلىقنى يۇشۇرۇن ساقلىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

- ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىر، ھۆكمى مۇرتەدلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

- يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتچىلەرگە، ئۇلارنىڭ يۇشۇرۇن مۇناپىقلىقى ۋە كاپىرلىقى بىلىنمىگەن ئەھۋالدا ھىدايەت، رەھمەت ۋە ئىستىغپار تىلەپ دۇئا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

www.munber.org

◈ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ يەنە نەپسىنى پاكلاش ۋە تەربىيلەش، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پاكلاش نوقتىسىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بىر پرىنسىپى بار؛ چۈنكى قەلب پۈتۈن بەدەننى ئىسلاھ قىلىشتىكى ھالقىلىق نوقتا. ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- تەۋھىدنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىش، شېرىك ۋە ئىماننى ئاجىزلىتىدىغان ياكى نىگىزىدىن يوق قىلىدىغان بىدئەتلەردىن يىراق تۇرۇش.

- ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرىنى چۈشىنىش، ئۇنى ئۆگىنىش، مەنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇش؛ چۈنكى ئۇ نەپسىتە مۇھەببەت، ئىتائەت، ئۇلۇغلاش، قورقۇش، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى قالدۇرىدۇ.

- پەرز ۋە نەپلى ئىبادەتلەر، زىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا يوللاش، روزۇ تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج ۋە ئۆمرىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ تائالا يولغا قويغان ئىشلارنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش.

- مەكرۇھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن بىرگە شۈبھىلىك ۋە ھارام ئىشلاردىن قېچىش.

- خرىستىيانلارنىڭ راھىبلىقى، ھالال نەرسىلەرنى ھارام ساناش، چالغۇ ۋە ناخشىلارنى ئاڭلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.

- ئاللاھ تائالا تەرەپكە ئۈمىد بىلەن قورقۇش ئارىسىدا يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت، قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە ئىبادەت قىلىش.

◈ ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى: گەرچە رايۇن ۋە دەۋرلەرنىڭ مۇساپىسى يىراق بولسىمۇ، چۈشەنچىدىكى ئويغۇنلۇق، مەيداندىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بار. بۇ ئۆگىنىش ۋە مەنبەنىڭ بىر ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

- ياخشىلىق قىلىش، رەھمدىل بولۇش ۋە بارلىق كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. ئۇلار سەلەپ - سالىھلارنىڭ ئۆز ئارا ياكى باشقىلار بىلەن قىلغان ئالاقىسىدىكى چۈشەنچىسى ئاساسىدا قۇرئان، سۈننەتكە ئەگىشىدۇ.

- ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ۋە ئومومىي مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىش.

- مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك.

- مۆمىن كىشىنى ئىماننىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ياخشى كۆرۈش، كاپىرنى ھەر قانچە يېقىن بولسىمۇ كاپىرلىقىغا ئاساسەن يامان كۆرۈش.

◈ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىگە خىلاپلىق قىلمىغانلا بولسا، سۈننەت ئەھلىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ بىرەر تۈرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئىجتىھاد ئېلىپ بارغان كىشى بىدئەتچى ھېسابلانمايدۇ.

www.munber.org

◈ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئۇسۇلىغا ئەگەشسە، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئەھلى سۈننەتنىڭ ئۇسۇلىغا زىت كىشىلەر پەيدا قىلغان بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەھلى سۈننەتتىن ھېسابلىنىدۇ.

**ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:**

- ئەبۇ ئۇبەيد ئەلقاسىم ئىبنى سەللام: "الإيمان"
- ئىبنى مەندە:"الويمان" ئىبنى بەتتا: "الإبانة"
- ئەبۇلقاسىم ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئەتتەبەرى ئەللالكائىي: "شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة"
- ئىمام ئەبۇ ئوسمان ئەسسابۇنى: "عقيدة أصحاب الحديث"
- ئەبۇ ئەلھەسەن ئەلئەشئەرىي: "الإبانة"
- ئىبنى خۇزەيمە: "التوحيد وصفات الرب"
- ئىبنى ئەبۇلئىز ئەلھەنەفىي: "شرح عقيدة الطحاوية"
- ئىبنى تەيمىييە: "منهاج السنة النبوية في الرد على الشيعة والقدرية"
- ئىبنى تەيمىييە: "درء تعارض العقل والنقل"
- ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزىييە: "طريق الهجرتين"
- ئىبنى تەيمىييە: مجموع الفتاوى
- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب: كتاب التوحيد الذي هو حق الله على العبيد
- ھافىز ئەھمەد ئەلھەكەمىي: معارج القبول شرح سلم الأصول
- د.ناسىر ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئەلئەقل: مجمل أصول أهل السنة والجماعة
- ئوسمان ئەلى ھەسەن: منهج الاستدلال عند أهل السنة والجماعة
- مۇھەممەد ئابدۇلھادىي ئەلمىسرى: أهل السنة والجماعة معالم الانطلاقة الكبرى
- د.ئابدۇلئەزىز ئەلئەبدۇللەتىيف: نواقض الإيمان القولية والعملية
- ئەھمەد سۇۋەييان: منهج أهل السنة في تقويم الرجال
- د.ناسىر ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئەلئەقل: مفهوم أهل السنة عند أهل السنة
- ئابدۇرراھمان ئابدۇلخالىق: الأصول العلمية للدعوة السلفية
- د.مۇستەفا ھىلمىي: الزهاد الأوائل
- د.ئابدۇلئەزىز ئەلئەبدۇللەتىيف: معالم السلوك في تزكية النفوس عند أهل السنة والجماعة
- د.مۇستەفا ھىلمىي: قواعد المنهج السلفي
- د.مۇستەفا ھىلمىي: السلفية بين الفلسفة الإسلامية والفلسفة الغربية

www.munber.org

## ئىسلامدىكى ئەقىدە پىرقىلىرى

- ◈ ئومۇمىي مۇقەددىمە
- ◈ ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەر
- ◈ ئىبازىييە
- ◈ مۇئتەزىلە
- ◈ زەيدىييە
- ◈ ئەشئەرىيلەر
- ◈ ماتۇرىيدىييە

### ئۇمومىي مۇقەددىمە:

ئىسلام ئۇممەتلىرىدىكى پىكرىي ۋە ئەقىدىۋىي پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە بۇ پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مەزگىلىدىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئىچكى ۋەزىيەت سەۋەب بولغان ئىدى.

بۇ پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشىدىكى تۇنجى سەۋەب بەزى مۇسۇلمانلار ياشىغان ساغلام ئىسلامىي مىتود ۋە روشەن پاكىتلاردىن ئېغىشتا گەۋدىلەنسە كېرەك. كىتاب ۋە سۈننەت مۇسۇلمانلارنى توغرا، ھەق يولغا يېتەكلەيدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسى دۇرۇستلۇق ۋە رەھبىي بولۇنمەسلىك مەسىلىسىدىكى ئۆلچەمدۇر. ئەمما، بەزى مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن روشەن يولنى تەرك ئىتىپ، سالىھ ئۇممەتنىڭ سەلەپلىرى تۇتۇپ ماڭغان، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ تۇتۇپ ماڭغان مىتودلىرىدىن ئېغىپ كەتتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ياكى خار قىلىدىغان ئەقىدە ھىدايىتىنى قويۇپ، ئەقلىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى. بىز توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرى، ئۇمەۋىي ۋە ئابباسىيلار دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم پىرقىلەرنىڭ مىسالىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

بۇ پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەجنەبىيلەرگە ئىسلامىي جەمئىيەتلەردىكى بىر قىسىم مۇھىم قاتلاملارغا سىڭىپ كىرەلىگەن ئاققۇن مەدەنىيەتلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بىرىشىدۇر. نەتىجىدە بۇلاردىن تەسىرلەنگەن ۋە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئىسلامىي مىتودنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ساھەلىرىگە بىر تۈركۈم ھەسەتخورلارنىڭ كىرىشى ياردەم بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئەقىدىسىدىن ياتلاشتۇرغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېقىمىغا ماسلاشتۇرغان بىر قىسىم ۋەيران قىلغۇچ پىرىنسىپلارنى قويۇشقا باشلىغان. شۇڭا، كەلگۈندى مەدەنىيەتلەر ئارقىلىق ئەجنەبىيلەرنىڭ ياكى ھەسەتخورلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە پۇرسەت يارىتىلىپ بىرىلىشىنىڭ بۇ پىرقىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ تەسىرى بولغان.

www.munber.org

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىككى تۈرلۈك ئامىل (باشقىلىرى بىلەن بىرلىكتە) بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلغان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى جەمئىيەتتە يىلتىز تارتىشىغا ياردەم بەرگەن بولسا، بۇ يەردە يەنە بۆلۈنۈشنىڭ ئىزچىللىقىغا ياردەم بەرگەن ئۈچىنچى بىر خىل ئامىل بولۇپ، ئۇ ئامىل بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ سەلبىيلىكتە قاتمال بولۇۋېلىشى، ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىبىنى ئادا قىلماسلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۇلار، بۇ بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئىمانىي بىرلىكنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ھېس قىلىشقا ۋە بۇلار تەقەززا قىلىدىغان سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىق ئۈچۈن جانلىق ھەرىكەتكە ئۆتمىدى.

ئەسلىدە ئۈممەت ئۆتمۈشىنىڭ دەرسلىرىدىن ساۋاق ئېلىشى لازىم ئىدى، ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەسىر يېڭى تەپرىقىچىلىكلەرگە، يېڭى پىكرىي پىرقىلەرگە شاھىد بولماقتا. بۇنىڭ مەنبەسى ئۈممەتنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ دەرسلىرىدىن پايدىلىنالمىغانلىقىدىندۇر. بۇلاردىن باشقا، ئىسلامنى چېك تۇتۇشنى يېڭىلىيالمىغانلىقى، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە تۇتقان ماڭغان يولدا بىر سۆزنىڭ ئۈستىدە بىر سەپ بولۇپ تۇرالمىغانلىقى ۋە پۇرسەتنى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىگە تارتقۇزۇپ قويغانلىقىدىنمۇ كېلىپ چىققان. ناھايىتى ئەپسۇسكى، كۆپىنچە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئارىسىدا تارىخ ئۆزىنى ئەنە ئەشۇنداق تەكرارلايدۇ.

ئىسلامدىكى پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى دەسلەپكى زامانلارغا دىققەتىمىزنى ئاغدۇرساق بۇ خۇسۇستا توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ئىشارە قىلىش مۇمكىن. ئىسلامىي پىرقىلار توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلدى ۋە پىكىرلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەسىرلەردە راۋاجلاندى. كېيىن، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ پىرقىلەرنىڭ ۋۇجۇدى چوڭقۇرلاشتى.

◈ رىسالەت دەۋرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات دەۋرى) ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىنىڭ باشلىرىدا مۇسۇلمانلار ئەقىدە، پىكىر ۋە جامائەت بولۇش جەھەتتە ھەقىقىي بىرلىكنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. قاراشلاردا ئىختىلاپ يۈز بەرسە، كىتاب ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىغانلىقلىرى ئۈچۈن دەرھاللا بىر يەرگە كېلەلەيتتى.

◈ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پىتنە ۋە تەپرىقىچىلىك ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە باشلاندى... دەسلەپتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىلىرىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن باشلاندى، ئارقىدىن "ئوسمان ئۆزىنىڭ يېقىن - يۇرۇقلىرىنى مەنسەپكە تەيىنلىدى" دېگەن سۆز بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىدىن شىكايەت قىلىش باشلاندى.

- ئارقىدىن بۇ شىكايەت بىر تۈركۈم دىنسىزلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئايلاندى.

- ئارقىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇلۇم قىلىنغان ھالدا چىدىماس، زالىم بىر گورۇھنىڭ قولىدا قەتل قىلىندى... بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇرۇش ئىشىكى ئېچىلدى.



www.munber.org

◈ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۆنى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى قانات ئاستىغا ئالدى، ئۇلاردىن قىساس ئالمىدى، دەپ ئەيىبلەشتى.

ـ بۇنىڭ نەتىسجىدە، ئەلى بىلەن زۇبەير، تەلھە ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) لار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى.

ـ ئارقىدىن ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ، ھەممىگە تونۇشلۇق ھۆكۈم قىلدۇرۇش ۋەقەسى بىلەن ئاياقلاشتى.

ـ ھۆكۈم قىلدۇرۇش مەسىلىسىدىن كېيىن، خاۋارىج ۋە شىئەلەرنىڭ چىقىشى ئۇممەتنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ھەقىقىي مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

ـ بىرىنچىسى خاۋارىجلار ئىدى. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن: "مۇسۇلمانلار جامائىتىنى تۇنجى بۆلگەنلەر بىدئەت ئەھلى ئارىسىدىكى دىنسىز خاۋارىجلار ئىدى."

ـ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار گۇناھ سەۋەبلىك قىبلە ئەھلىنى كاپىرغا چىقارغان دەسلەپكى كىشىلەردۇر. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى گۇناھ، دەپ قارىغان ئىشلار بىلەن قىبلە ئەھلىنىڭ قانلىرىنى ھالال سانىغان." ئۇلار يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئائىلىسىگە قىلغان دۈشمەنلىكلىرى ۋە ئاشكارا نەپرەتلىرى سەۋەبلىك "ناسىبە" دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ھىجرىيەنىڭ 37 ـ يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئەرراسىبىيغا بەيئەت قىلىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىككىنچىسى ـ شىئە: يەنى ئۆزلىرىنى ئەلى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرى، دەپ داۋا قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ بىر قانچە پىرقىگە بۆلۈنگەن. ئۇلارنىڭ چەكتىن ئەڭ تۇۋەن دەرىجىدە ئاشقانلىرى، زەيدىييەلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى "ئەلى، ئەبۇ بەكر ۋە ئۆمەرگە قارىغاندا خەلىپىلىككە ئەڭ ھەقلىق ئىدى" دەيدىغانلاردۇر.

كۈپۈرغا چىقىرىش مەسىلىسىگە ياندىشىپ، بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەئبەد ئەلجۇھەنىي ئوتتۇرىغا قويغان قەدەر مەسىلىسى مەيدانغا كەلدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىككى مەسىلە توغرىسىدىكى سۆزلەر كۆپىيىپ كەتتى.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇرجىئىيلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

◈ ئارقىدىن، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەئد ئىبنى دەرھەم ۋەجەھم ئىبنى سەفۋانلارنىڭ قولىدا "تەئتىل" (پاسسىپلاشتۇرۇش) ئېقىمى مەيدانغا كەلدى.

ـ كېيىن، جەھم ئىبنى سەفۋان ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا "ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ يېنىدا ئىنساننىڭ ئىرادىسى بولمايدۇ." دېگەن قاراشنى تەكىتلەيدىغان جەبر ئەقىدىسىگە چاقىردى.



www.munber.org

◈ ئىنسانىنىڭ شەرتسىز شەكىلدە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە چاقىرىدىغان مۇئتەزىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى؛ ئۇلار، "ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى تاللاش هوقۇقىغا ئىگە ئەركىن ياراتقان. بۇ ئەركىنلىك ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەت يۈكلەشنىڭ ئاساسي، هېساب ۋە جازا شۇنىڭغا ئاساسەن بولىدۇ" دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

ـ كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ كالام ۋە سۈپەتلىرى مەسىلىسى، قۇرئاننىڭ يارىتىلىش، يەنى ئۇ مەخلۇقمۇ ياكى قەدىممۇ؟ مەسىلىسى، غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ غۇلغۇلىنى ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە جەهم ئىبنى سەفۋان ۋە جەئد ئىبنى دەرھەم قوزغاتتى. ئابباسىيلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئىش ئەۋجىگە چىقتى. بۇ سەۋەپلىك ئەهلى سۈننەتنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتتىق كۈنلەرگە دۇچار بولدى.

ـ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان يۇنان ۋە ھىندىلارنىڭ پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن پىرقىلەرنىڭ سانى كۆپەيدى، بۆلۈندى. پىرقىلەر قانچىلىغان پىرقىلەرگە ئايلاندى. نەتىجىدە مۇئتەزىلىيەمۇ نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئۇلاردىن، ۋاسىل ئىبنى ئەتا بايراقدارلىقىدىكى "ۋاسىلىييە". ئەبۇ ھۇزەيل ئەللەللاف باشچىلىقىدىكى "ھۇزەيلىييە"لەرنى ساناش مۇمكىن.

ـ شىئەلەرمۇ چەكتىن بوشراق ئاشقان پىرقىلەر ۋە ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ئىېغىپ كەتكەن ئىسمائىلىييە، نۇسەيرىييە، دىرۇزىييە ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان رادىكال پىرقىلەرگە بۆلۈندى.

ـ بۇلاردىن كېيىن، پەيلاسوپلار، باتىنىيلار، رافىزىيلارغا قارشى تۇرۇش ۋە جەھمىييە، مۇئتەزىلىلەرنىڭ سېپىللىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئەشئەرىيلەر ۋە ماتۇرىيدىيلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك جىهادلىرى بار ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئەهلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشلىرىدا كالامىزمچىلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ مېتودلىرىنى قوللىنىشلىرى ئۇلارنىڭ بەزى پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدا تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان شەكىلدە كۈچلۈك رول ئوينىغان.

ـ بىزنىڭ بۇ ئېنسىكلوپېدىيەدە بۇ پىرقىلەرگە كۆڭۈل بۆلىشىمىز ۋە ئۇنى ئەتراپلىق، ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ بەزىسى ئۆلگەن، بەزىلىرى چەيلەنگەن پىكىرلىرىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ياكى پىكرىي ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەزى بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايمىز:

1 ـ پىرقىلەرنى تارىخي نوقتىدىن زىكىر قىلىشنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە پاك سۈننەت شەرىپتە پرىنسىپلىرى بار. قۇرئان كەرىم ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ ياخشى، يامانلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلغان، باشلىق ۋە قۇماندانلىرىنىڭ سۆزلىرىنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ئىشلىرىنى زىكىر قىلغان. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىزگە ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلارنى بايان قىلىپ بەرگەن...

2 ـ بۇ پىرقىلەرنىڭ پىكىرلىرىنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى، ساغلام ۋە ساغلام بولمىغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇھىم بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى بىلگەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ پىرقىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار ياكى



www.munber.org

هازىرقى دەۋردىكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئۇلارغا ئائىت سۆز ياكى زىكىر قىلىنىپ قالسا ئالدىنىپ قالمايدۇ...

3 ـ بۇ پىرقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئاڭلىغۇچى ياكى كۆرگۈچىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغۇدەك گۈزەل ئىسىملارنى قويىۋالىدۇ. سەزگۈر مۇسۇلمانلا قەدىمكى پىكىرلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى پىكىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى بايقىيالايدۇ.

4 ـ بۇ پىرقىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت، ساپاسى بار مۇسۇلمان ئۈچۈن مەركەزلىك ۋە قىسقا شەكىلدە يۇرۇتۇپ بېرىلگەن تارىخىي مەنبە بولۇپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. بۇ پىرقىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى، پىكىرلىرى ۋە تارقالغان جايلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا مۇراجىئەت قىلىدىغان ماتېرىيال ھازىرلاش ئۈچۈندۇر.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ پىرقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلىرى ئىسلامنىڭ ھېسابىغا ئۆزلىرىنىڭ نۇپۇزلىرىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. مەسىلەن شىئە ۋە رافىزىيلارغا ئوخشىغان پىرقىلەرنىڭ بارلىق ئىلمىي ۋە مەدەنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىگە چاقىرىدىغان دۆلىتى بار بولدى. ئۇلارنىڭ مەدرىسە ۋە دەۋەتچىلىرى ئافرىقا قىتئەسى ۋە ئىراق شەرقىنى كونتروللىقىغا ئالدى...

شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، يۇقىرىقى نوقتىلارنى بۇ ئېنسىكلوپېدىيىدىكى ئىسلام پىرقىلىرىنى بايان قىلىدىغان تېمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە زىكىر قىلىش زۆرۈردۇر... ئاللاھ تائالادىن مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنىڭ تۈز يولىغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنى كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىرلەشتۈرۈشىنى ۋە بىر ئۈممەتلىك يەلكىنىدىكى كۈچلۈك، ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك ئۆتمۈشىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

www.munber.org

## 3 ـ ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەر

### (ئون ئىككى ئىمامچىلار)

**ئىپنقلىما:**

ئـون ئىككـى ئىمـامچىـلىقنى ياقلايدىغـان شـىئەلەر ئـەلى رەزىيــەللاھۇ ئـەنھۇنىڭ خەلىپىـلىككە ئـەبۇ بـەكرى، ئۆمـەر ئىبـنى خـەتتاب ۋە ئوسـمان ئىبـنى ئـەففان (ئـاللاھ ئۇلارنىــڭ ھەممىســـىدىن رازى بولســۇن)لاردىــن ھــەقلىق ئىكــەنلىكىنى دەۋا قىلغـان مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پىرقىسىدۇر. ئۇلار "ئىمامچىلار" دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئىمـامچىلىقنى ئـۆزلىرىنى مەشغۇل قىلىدىغـان ئـەڭ ئاساسـلىق ئىشلارنىڭ بىرى قىلىۋالغان. ئۇلار يەنە ئون ئىككى ئىمامچىلار، دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار ئۆز داۋالىرىدا، ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئاخىرقىسى سامىرادىكى سەردابقا كىرىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ پەرقلىق قاراشلىرى، پىكىرلىرى بىلەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ دەل قارشىسىدىكى بىر تەرەپتۇر. مەزھىپىنى ئىسلام ئالەمىگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

### قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئىمـامچىلىقنى ياقلايدىغـان شـىئەلەر ئىمـام، دەپ ھېسـابلايدىغان ئـون ئىككـى ئىمام بولۇپ، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تىزىلىدۇ:

1 ـ توغـرا يولدىكـى خەلىپىلەرنىڭ تۆتىنچىسـى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇنى "ئەلمۇرتەزا"، دەپ ئاتايدۇ. ئـۇ ھجرييـەنىڭ 40 ـ يىلـى رامـىزاننىڭ 17 ـ كۈنـى كۇفـە مەسـچىتىدە ئابدۇرراھمـان ئىبـنى مۇلجەم ئىسـىملىك خـاۋارىجنىڭ ئـۆلتۈرۈش ئۈچـۈن قىلغـان سۇيىقەستىدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

2 ـ ھەسـەن ئىبـنى ئـەلى رەزىيــەللاھۇ ئـەنھۇما (3ھـ ـ 50ھـ) بولـۇپ، ئۇنـى "مۇجتەبا" دەپ ئاتىشىدۇ.

3 ـ ھۈسـەين ئىبـنى ئـەلى رەزىيــەللاھۇ ئـەنھۇما (4ھـ ـ 61ھـ) بولـۇپ، ئۇنـى "شەھىيد" دەپ ئاتىشىدۇ.

4 ـ ئـەلى زەيـنۇل ئـابىدىن ئىبـنى ئەلھۈسـەين (38ھـ ـ 95ھـ) بولـۇپ، ئۇنـى "سەججاد" دەپ ئاتىشىدۇ.

5 ـ مۇھەممەد باقىر ئىبنى ئەلى زەينۇل ئابىدىن (57ھـ ـ 114ھـ) بولۇپ، ئۇنى "باقىر" دەپ ئاتىشىدۇ.

6 ـ جەئفەر ئەسسادىق ئىبنى مۇھەممەد باقىر (83ھـ ـ 148ھـ) بولۇپ، ئۇنى "سادىق" دەپ ئاتىشىدۇ.

7 ـ مۇسا ئەلكازىم ئىبنى جەئفەر ئەسسادىق (128ھـ ـ 183ھـ) بولۇپ، ئۇنى "كازىم" دەپ ئاتىشىدۇ.



www.munber.org

**8 ـ** ئەلى ئەررىزا ئىبنى مۇسا ئەلكازىم **(148ھـ ـ 203ھـ)** بولۇپ، ئۇنى "رىزا" دەپ ئاتىشىدۇ.

**9 ـ** مۇھەممەد ئەلجەۋاد ئىبنى ئەلى ئەررىزا **(195ھـ ـ 220ھـ)** بولۇپ، ئۇنى "تەقىي" دەپ ئاتىشىدۇ.

**10 ـ** ئەلى ئەلهادىي ئىبنى مۇھەممەد ئەلجەۋاد **(212ھـ ـ 254ھـ)** بولۇپ، ئۇنى "نەقىي" دەپ ئاتىشىدۇ.

**11 ـ** ئەلهەسەن ئەلئەسكەرىي ئىبنى ئەلى ئەلهادىي **(232ھـ ـ 260ھـ)** بولۇپ، ئۇنى "زەكىي" دەپ ئاتىشىدۇ.

**12 ـ** مۇھەممەد ئەلمەھدىي ئىبنى ھەسەن ئەلئەسكەرىي **(256ھـ ـ .....)** بولۇپ، "كۈتۈلۈۋاتقان ھۆججەت" دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇلار ئون ئىككىنچى ئىمامنى دادىسىنىڭ سامىرادىكى ئۆيىدىكى سەرداب (ئورەك)قا كىرىپ كەتكەن، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ قايتقانلىقىنى كۆرمىگەن، دەپ داۋا قىلىشىدۇ. غايىب بولغان چاغدىكى يېشى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىدۇ، تۆت ياش، دېگەنلەرمۇ، سەككىز ياشتا ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما، كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ ئەسلى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ پەقەت شىئەلەرنىڭ ئويدۇرمىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنى "مەئدۇم ياكى مەۋھۇم" دەپ ئاتىشىدۇ.

◈ تارىخىي نۇقتىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىنىڭ بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ[①] بولۇپ، يەمەنلىك يەھۇدىيلاردىن. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە يەھۇدىي پىكرىدە ئۇچىراتقان رەجئە[②]، ئۆلۈمنىڭ يوقلىغى، زېمىننىڭ پادىشاھلىقى، مەخلۇقاتلارنىڭ ھېچقاندىقى قادىر بولالمايدىغان ئىشلارغا قادىر بولۇش، ھېچكىم بىلمەيدىغاننى بىلىش، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا بەدائ (ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىش) ۋە ئۇنتۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق(ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن پاكتۇر) يەھۇدىي پىكرىنى شىئەلەرگە ئېلىپ كىرگەن. يەھۇدىي دىنىدا چېغىدا يۇشەئ ئىبنى نۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى دەيتتى، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى، دەيدىغان بولدى. مەدىنىدىن مىسىر، كۇفە،

---

① بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بىرىنچى باسمىسى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار ئىتتىپاقىغا، شىئەلەرنىڭ تەسىس قىلغۇچىسىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئكە نىسبەت بېرىلگەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، شىئە ئوقۇرمەنلەردىن بىر قانچە پارچە خەت كەلدى.

بىز بۇ يەردە ئىبنى سەبەئنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنى شىئە ۋە سۈننىلەردىن تەركىپ تاپقان ئىسلامىي مەنبەلەر تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نەرسىنى تىلغا ئالىمىز. بۇ مەنبەلەر ئىبنى سەبەئنىڭ شىئەلەرنىڭ ئەقىدىلىرىگە كۆپىنچىسى ئويغۇن كېلىدىغان ۋە ئۇلارغا ئائىت پىكىرلەرگە تۈنجى چاقىرغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھەتتا، "سەبەئىييە" ئىسىملىك رادىكال بىر شىئە پىرقىسى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى سۈننىي ئۆلىمالىرىدىن باشقا، شىئەلەردىن ئەنناشىئ ئەلئەكبەرمۇ "مسائل الإمام" ناملىق كىتابىنىڭ 22 ـ بېتى ۋە باشقا يەرلەردە زىكىر قىلىدۇ.

ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئنىڭ رادىكاللىقى، پىكىرلىرى ئاساسەن مۇتەۋاتىر بولۇپ، ئۇنى شىئە ۋە سۈننىي ئۆلىمالار زىكىر قىلغان. ئۇنىڭ بەزى خەۋەرلىرى "في المقالات والفـرق" ناملىق كىتابىنىڭ 20 ـ بېتىدە، نوبەختىي (310ھـ) "فـرق الشـيعة" ناملىق كىتابىنىڭ 23 ـ بېتىدە، شۇنىڭدەك ئەلكەشىي ئەششىئىي "رجال" ناملىق كىتابىنىڭ 100، 98 ـ بەتلىرىدە ئىبنى سەبەئ توغرىسىدا بىر قاتار خەۋەرلەرنى كەلتۈرگەن ۋە باشقىلار. ئەمما، ئىبنى سەبەئنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوينىغان رولى توغرىسىدىكى گۇمانلىنىش مەسىلىسى يېڭى مەسىلە بولۇپ، ئۇنى شەرقشۇناسلار باشلىغان ۋە ھازىرقى زامان شىئە يازغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇلارغا ئەگەشكەن.

(بۇ تېما توغرىسىدا ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دوكتور سەلمان ئىبنى فەھد ئەلئەۋدەنىڭ "ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ ۋە ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پىتنە پەيدا قىلىشتىكى تەسىرى" ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئۇنىڭ ئەسلىسى ئۇنىۋېرسىتېت دىسسېرتاتسىيىسى بولۇپ، يازغۇچى ئۇنىڭدا ئىبنى سەبەئ توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بۇ دىسسېرتاتسىيە ھىجرىيە 1402 ـ يىلى مۇنازىرىگە قويۇلغان.)

② ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىر خىل مەزھەب ـ تەرجىمان.

www.munber.org

فۇستات ۋە بەسرە قاتارلىق جايلارغا يۆتكەلگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا "سەن سەن" يەنى سەن ئاللاھ، دېگەن. بۇ سۆز بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنداق قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەدائىنغا سۈرگۈن قىلغان.

◈ مەنسۇر ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ تالىب ئەتتابرەسىي (588ھ ۋاپات بولغان): "الإحتجاج" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب 1302 ـ يىلى ئىراندا بېسىلغان.

◈ كۇلەينىي: "الكافي" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى. بۇ كىتاب 1278 ـ يىلى ئىراندا بېسىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدىكى بۇخارىينىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا 16199 ھەدىس بار، دەپ داۋا قىلىنىشىدۇ.

◈ ھاجى مىرزا ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد تەقىي ئەننۇرىي ئەتتابرەسىي (1320ھ ۋاپات بولغان): ئۇ نەجەفتىكى مۇرتەزەۋىي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ "فصل الخطاب في إثبات تحريف كتاب رب الأرباب" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ، ئۇنىڭدا، قۇرئاننىڭ كەم ـ زىيادە تەرەپلىرى بار، دەپ داۋا قىلىدۇ. بۇ بىلجىرلاشلىرىنىڭ ئارىسىدا "ئىنشىراھ سۈرىسى"دىن "وجعلنا عليا صهرك" (يەنى ئەلىنى ساڭا كۈيئوغۇل قىلدۇق) ئىبارىسى چۈشۈپ قالغان، دەپ داۋا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بىلجىرلاشلىرىنىڭ توغرا بولۇپ قېلىشىدىن پاناھىدا ساقلىسۇن! بۇ كىتاب ھىجرىيە 1289 ـ يىلى ئىراندا نەشر قىلىنغان.

◈ ئايەتۇللاھ مامقانىي: "تنقيح المقال في أحوال الرجال" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى. ئۇ شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە رىۋايەتچىلەرنىڭ ساغلاملىرى بىلەن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئايرىيدىغان ئىمام، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ كىتابىدا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا تاغۇت ۋە قورقۇنچاق لەقەملىرى بېرىلىدۇ. بىرىنچى جىلد، 207 ـ بەتكە قاراڭ. بۇ كىتاب 1352 ـ يىلى ئىراندا بېسىلغان.

◈ "تهذيب الأحكام" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇ جەئفەر ئەتتۇسىي. "الوافي" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى موللا مۇھسىن ئەلكاشىي دەپ چاقىرىلىدىغان مۇھەممەد ئىبنى مۇرتەزا. "وسائل الشيعة إلى رسائل الشريعة" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەلھۇر ئەلئامىلىي. "بحار الأنوار في أحاديث النبي والأئمة الأطهار" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەلمەجلەسىي ئىسمى بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد باقىر ئىبنى ئەششەيخ مۇھەممەد تەقىي. "منهج الصادقين" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى فەتھۇللاھ ئەلكاشانىي. "شرح نهج البلاغة" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىبنى ئەبۇلھەدىيد.

◈ ئايەتۇللاھ ئەلخۇمەينى: ھازىرقى زامان شىئەلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىنىڭ بىرى. ئىراندىكى شىئەلەر ئىنقىلابىنى قوزغاپ ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئالغان. ئۇنىڭ "سىرلارنىڭ ئېچىلىشى"، "ئىسلام ھۆكۈمىتى" ناملىق كىتابلىرى بار. ئۇ فىقھىي ئالىمنىڭ ۋالىي بولۇشى نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئورتاق ئىسلامىي شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تار دائىرىدىكى رادىكال شىئە ئېقىمى



www.munber.org

ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئېكسپورت قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان. نەتىجىدە بەزى باسقۇچلارنى باسقان بولۇپ، ئۇلار باشقا سەۋەبلەر بىلەن بىرلىكتە سەككىز يىل داۋاملاشقان ئىراق ـ ئىران ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشىغا ئېلىپ بارغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار

◈ ئىماملىق (خەلىپىلىك): ئىماملىق (تەۋسىيەسى) يازما شەكىلدە بولۇشى لازىم. يەنى دەسلەپكى ئىمام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىمامنى سۆپەتلەپ ئەمەس، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرۇپ يازما ۋەسىيەت قالدۇرۇشى ۋاجىب. ئىماملىق مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ھەر بىرى بىر خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئەھۋالدا ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، كېتىپ قېلىشى جائىز ئەمەس. بەلكى، ئىشلارنى كونترول قىلىدىغان بىر كىشىنى تەيىنلىشى ۋاجىبتۇر.

ـ بۇنىڭغا غەدىر خەم بايرىمى كۈنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمام بولۇشىغا تەۋسىيە قىلىپ، ئاشكارا خەت قالدۇرغان، دېگەننى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ھادىسىنى ئەھلى سۈننەتنىڭ ھەدىسشۇناس ياكى تارىخچىلىرى تەستىقلىمايدۇ.

ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا يازما ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى داۋا قىلىشىدۇ... ۋاھاكازالار. ھەر بىر ئىمام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىمامنى ۋەسىيىتى ئارقىلىق تەيىنلەيدۇ. ئۇلارنى ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلار، دەپ ئاتايدۇ.

◈ پاكلىق (ئەسمە): ئەھلى بەيتتىن چىققان ئون ئىككى ئىمام ئۇلارنىڭ قارىشىچە خاتالىق ۋە ئۇنتۇشتىن، چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارغا يېقىنلىشىشتىن پاكتۇر.

◈ ئىلاھىي ئىلىم: ئىماملارنىڭ ھەر بىرىگە شەرىئەتنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمىدىن بىرىلگەن، ئۇلار ئىلاھىي ئىلىمغا ئىگە. يالغۇز ئۇلارغا ۋەھيى قىلىنمايدىغانلىقىدىن باشقا پەيغەمبەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى زامانىنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە، كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويغان.

◈ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار: ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ ئىمامنىڭ قولىدا يۈز بېرىشى جائىز بولۇپ، ئۇنى "مۆجىزە" دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەر بىر ئىمامغا سابىق ئىمامتىن يازما ۋەسىيەت بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئىماملىقىنى بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئارقىلىق ئىسپاتلىشى ۋاجىب.

◈ غايىب بولۇش: ئۇلار زامانىنىڭ ئەقلىي ۋە شەرئىي جەھەتتىكى ئاللاھنىڭ ھۆججەتلىرىدىن خالىي بولمايدىغانلىقى قارىشىدىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلار داۋا قىلغاندەك، ئون ئىككىنچى ئىمامنىڭ ئۆزىنىڭ خانىسىدە غايىب بولغانلىقىنى،



www.munber.org

ئۇنىڭ بىر چوڭ، بىر كىچىك غايىب بولۇدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

◈ ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىش (الرجعة): ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەلئەسكەريي زامانىنىڭ ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چىقىشقا رۇخسەت بەرگەن چاغدا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شام نامىزىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرىشاتتى. ئۇ يەرگە مىنىدىغان نەرسە ئېلىپ كېلىپ، ئىسمىنى چاقىرىشاتتى، قايتىپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىشاتتى، بۇ ئەھۋال ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغانغا قەدەر داۋاملىشاتتى، ئاندىن تارقىلىپ كېتەتتى، كېلىدىغان كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىشنى يەنە تەكرارلىشاتتى. ئۇلار، ئۇ قايتىپ كەلگەندە، زېمىن تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇمغا توشۇپ كەتكەندەك ئادالەتكە توشۇپ كېتىدۇ. تارىختىكى شىئەلەرنىڭ رەقىبلىرىدىن قىساس ئالىدۇ، دېيىشىدۇ. ئىماملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. باشقا پىرقىلىرىنىڭ بىر قىسىملىرى بەزى ئۆلۈكلەرنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ تەقىييە①: شىئەلەر بۇنى دىنىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنى تەرك قىلغانلار نامازنى تەرك قىلغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ، چىقىدىغان ئىمام چىققانغا قەدەر سەل قاراشقا بولمايدىغان ۋاجىب بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭ چىقىشىدىن ئىلگىرى بۇنى تەرك قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋە ئىماملارنىڭ دىنىدىن چىققان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»② دېگەن ئايىتىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە، "تەقىييە مېنىڭ ۋە ئاتىلىرىمنىڭ دىنى، تەقىييە بولمىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ" دېگەن سۆزنى بەشىنچى ئىمام ئەبۇ جەئفەرگە ئائىت، دېيىشىدۇ. ئۇلار "تەقىييە"نىڭ مەنىسىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېچكىرلەپ كېتىدۇ.

◈ مۇتئە (ۋاقىتلىق نىكاھلىنىپ ھوزۇرلىنىش): ئۇلار، ئاياللاردىن پايدىلىنىشنى ئادەتلەرنىڭ ياخشىسى، يېقىنلىشىشنىڭ ئەۋزەل يولى، دەپ قارايدۇ ۋە بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار»③ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىسلام بۇنىڭغا ئوخشاش چەكلىك مۇددەتنى شەرت قىلغان نىكاھلىنىشنى ھارام قىلغان. ئەھلى سۈننەتنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرىغىچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى ھازىر قىلىشنى نىكاھنىڭ شەرتى، دەپ قارايدۇ. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ جەمئىيەتكە نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

---

① "تەقىييە"نىڭ ئۇقۇم دائىرىسى توغرىسىدا، شىئەلەر بىلەن سۈننى ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما، ئۇ، بىر ئىشنىڭ (مەسلەن ئىمانىنىڭ) قەلبتە مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۆزىگە زىيان يېتىپ قىلىش خەۋپى بولسا، ئۇنى ئاشكارا قىلماسلىق، باشقىلاردىن يوشۇرۇش، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىرىدۇ. ـ تەرجىمان.

② ئال ئىمران سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.

③ نىسا سۈرىسى، 24 ـ ئايەت.

www.munber.org

◈ ئۇلار قوللىرىدا "فاتىمەنىڭ قۇرئىنى"[①] ئىسىملىك بىر قۇرئىنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ: كۇلەينىي ئۆزىنىڭ "الكافي" ناملىق كىتابىنىڭ 57 ـ بەت، ھىجرىيە 1278 ـ يىلى بېسىلغان نۇسخىسىدا جەئفەر ئەسسادىقتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "قېشىمىزدا پاتىمە ئەلەيھەسسالامنىڭ قۇرئىنى بار ئىدى. فاتىمەنىڭ قۇرئىنى دېگەن نېمە؟ ـ ، دېدىم. ئۇ: قۇرئان بولۇپ، سىلەرنىڭ قۇرئىنىڭلاردەك ئۈچ ھەسسە كېلىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدا سىلەرنىڭ قۇرئانىڭلاردىن بىر ھەرپمۇ يوق ـ ، دېدى."

◈ بەرائە (ئادا ـ جۇدالىق): ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لاردىن ئىبارەت ئۈچ خەلىپىدىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەڭ رەزىل سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (شۇلارنىڭ داۋا قىلىشلىرىچە) خەلىپىلىكنى ئۇلارغا قارىغاندا ئەڭ ھەقلىق سانىلىدىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تارتىۋالغان. ئۇلار يەنە ئەھمىيەتلىك ھەر قانداق ئىشنى باشلىغاندا، «بىسمىللاھ» نىڭ ئورنىغا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە لەنەت ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ. ئۇلار يەنە ساھابىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تىل تەككۈزۈشتىن قورۇنمايدۇ.

◈ مۇغالات (بەلگۈلىمىدىن ھالقىپ مۇبالىغە قىلىش): ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا مۇبالىغە قىلىشقان. شىئەلەرنىڭ سەبەئىيىيەگە ئوخشىغان مۇبالىغە قىلغۇچىلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بەزىلىرى، جىبرىئىل پەيغەمبەرلىكنى ئېلىپ چۈشۈشتە خاتالىشىپ، ئەلىگە چۈشۈشنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدكە چۈشكەن، دېيىشىدۇ؛ چۈنكى، گويا قاغا قاغىغا ئوخشىغاندەك، ئەلىمۇ پەيغەمبەرگە ئوخشايتتى، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "غەرابىييە" دەپ ئاتاشقان.

◈ غەدىر خەم بايرىمى: بۇ زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىگە توغرا كېلىدىغان بىر بايرام بولۇپ، قۇربان ۋە روزا ھېيتلىرىدىن مۇھىم، دەپ بىلىدۇ. ئۇنى چوڭ ھېيت، دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۈندە روزا تۇتۇش ئۇلار ئۈچۈن سۈننەت مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن سۈننەت) دۇر. بۇ كۈننى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا ۋەسىيەت قالدۇرغان كۈن، دەپ داۋا قىلىشىدۇ.

◈ پارىسلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى ئۇلۇغلايدۇ. بەزىلىرى "نورۇز كۈنىدە يۇيۇنۇشنى سۈننەت" دەپ قارايدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئۆتكۈزىدىغان بىر بايرىمى بار. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتىسى بابا شۇجائۇددىنىنىڭ بايرىمىدۇر. بۇ لەقەمنى ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلىغان ئەبۇ لوئلۇئ ئەلمەجۇسىيغىمۇ قويغان.

---

[①] ھازىرقى زاماندىكى بەزى شىئەلەر فاتىمەنىڭ قۇرئىنى، خەلىپىلەردىن يۈز ئۆرۈش ۋە بۇ ئېنىقلىمىدا كەلگەن بەزى باشقا ئىشلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما، بۇ مەسىلىلەر، ئۇلارنىڭ كىتاپلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالىرى بۇلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن، ھەتتا بۇلارنىڭ ئارىسىدا شىئەلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ بار. بۇ خىل ئىنكار قىلىش، بەزى ئىبادەتلەرنى ئاشكارا قىلىدىغان باشقا ئىسلامىي پىرقىلەرگە قارشى تەتبىقلىغان "تەقىييە" بولۇپ، ئۇنى مەخپى قىلىپ، قارشى مەيداندا تۇرىدىغانلىقىغا ئائىت بىرىلگەن سىگنالىدىن ئىبارەت.



www.munber.org

◈ تەسەللى بېرىش، قايغۇرۇش، سۈرەت تارتىش، كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى، نۇرغۇنلىغان هارام قىلىنغان ئىشلارنى مۇهەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇلارنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، گۇناھ ۋە جىنايەتلىرىنى يۇيىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. كەربالا، نەجەف، قۇم ... قاتارلىق جايلاردىكى مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلغانلار بۇ هەيران قالارلىق ئىشلارنى كۆرىدۇ.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ شىئە ئەقىدىسىدە ۋارىسلىق ۋە پادىشاھلىق دىنىغا ئىشىنىدىغان پارىسلارنىڭ ئەقىدىلىرى ئەكىس ئەتكەن. پارىسلار ئۆزلىرىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى يىتچىت قىلغان ئىسلامدىن ئىسلام نامى بىلەن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەسسە قوشقان.

◈ شىئەلەرنىڭ پىكرى بۇددىزم، مانىي ۋە بىراھمانغا ئوخشىغان ئاسىيا ئەقىدىلىرىدىن كەلگەن پىكىرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار "تەناسۇخ" ۋە "ھۇلۇل"① قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

◈ شىئەلەر پىكىرلىرىنى ئاشۇرىيە ۋە بابىل يۇتپەرەستلىكىنىڭ ئىزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان يەھۇدىيلاردىن قوبۇل قىلغان.

◈ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئال بەيت توغرىسىدىكى سۆزلىرى خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ. ئۇلارغا بايراملىرىنىڭ، سۈرەتلىرىنىڭ كۆپلىگى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئىماملارغا ئائىت، دەپ قاراشلىرىدا ئوخشايدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام پىرقىسى هازىر ئىرانغا تارقالغان ۋە شۇ يەرگە مەركەزلەشكەن. ئىراقتىمۇ خېلى كۆپ ساندا ئىمامچى شىئەلەر بار. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى پاكىستانغىمۇ سوزۇلغان. لۇبىيەدىمۇ ئەگەشكۈچىلىرى بار. ئەمما سۈرىيەدىكىلىرى ئاز ساندا بولۇپ، رادىكال شىئەلەردىن نۇسەيرىيلەر بىلەن قۇيۇق مۇناسىۋەت قىلىدۇ.

**يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى:** دەسلەپكى شىئەلەر ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ خەلىپىلىككە ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىر پارتىيە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئەقىدىگە ساھىب بىر پىرقىگە، ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دۆلىتىگە سۇيىقەست قىلىشنى مەقسەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى

① " تەناسۇخ" ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنىڭ باشقا بىر ئادەمگە كۆچىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان ئېتىقاد. "ھۇلۇل" خالىقنىڭ مەخلۇقتا مۇجەسسەملىنىشىنى تەكىتلەيدىغان ئېتىقاد ـ تەرجىمان



www.munber.org

بايرىقى ئاستىغا ئالدىغان سىياسىي ئېقىمغا ئايلانغان. ئىسلام تارىخىنى كۆزىتىپ چىققانلار ھەر قانداق ئىنقىلاپ، ئانا دۆلەتتىن بۆلۈنۈش ياكى ئەقىدىگە ئائىت مەسىلىلەردە شىئەلەرنىڭ ئوخشىمىغان پىرقىلىرىنىڭ بارلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلەر بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تارىخىي نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاب ۋە بۆلۈنۈشلەرگە تولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل ئىختىلاپلارنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان رەزىل ئامىللارنىڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك قېيىنچىلىقلار تۈگىمىگەن، ئىختىلاپ داۋاملاشقان. ھەتتا شىئە ئىسلامدىن تامامەن پەرقلىنىدىغان بىر دىنغا ئايلىنىپ قالغىلى ئازلا قالغان. غەربنىڭ ئورگانلىرى ۋە شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلارنى شىئە ۋە بىر ـ بىرىگە قارشى پارتىيىلەر، دەپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن بۇ ئىختىلاپلارنى غەنىمەت بىلگەن. ھەتتا، ئىسلامنى پىرقىلىرىنىڭ سانى يۈزگە يەتكەن خرىستىيان دىنى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولغان.

### ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: المذاهب الإسلامية – نەمۇزەجىيىە باسمىخانىسى ـ قاھىرە.
- ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەري: مقالات الإسلاميين ـ بىرىنچى نەشرى، 1379ھ/1969م.
- مۇھەممەد ئەبۇ زۆھرە: الشافعي ـ ئەرەب پىكىر نەشرىياتى ـ مىسىر.
- د.ئابدۇللاھ فەييياز: تاريخ الإمامية وأسلافهم من الشيعة ـ ئەسئەد باسمىخانىسى ـ باغداد، 1970م.
- د.سابىر تائىيمە: دراسات في الفرق – مائارىپ كىتابخانىسى ـ رىياد، 1401ھ/ 1981م.
- مۇھىببۇددىن ئەلخەتىيب (تەھقىقلىغۇچى): مختصر التحفة الإثنا عشرية – سەلەپىيە باسمىخانىسى ـ قاھىرە، 1373ھ.
- ئەبۇلفەتھ ئەششەھرىستانىي: الملل والنحل – مەرىپەت نەشرىياتى ـ بېيرۇت، ئىككىنچى نەشرى، 1395ھ/1975م.
- ئىھسان ئىلاھىي زەھىير: الشيعة والسنة ـ تەرجىمانۇسسۇننە ئىدارىسى ـ لاھور ـ پاكىستان، بەشىنچى نەشرى، 1397ھ/ 1977م.
- ئىھسان ئىلاھىي زەھىير: الشيعة والتشيع ـ تەرجىمانۇسسۇننە ئىدارىسى ـ لاھور ـ بىرىنچى نەشرى، 1404ھ/ 1984م.
- ئىھسان ئىلاھىي زەھىير: الشيعة وأهل البيت ـ تەرجىمانۇسسۇننە ئىدارىسى ـ ئۈچىنچى نەشرى، 1403ھ/ 1983م.

www.munber.org

- ئىبنى ھەزم: الفصل في الملل والأحواء والنحل ـ جىددە، **1402ھ/ 1982**م نەشرى.
- مۇھىببۇددىن ئەلخەتىيب: الخطوط العريضة ـ بەشىنچى نەشرى ـ قاھىرە، سەلەپىييە باسمىخانىسى – **1388**ھـ.
- ئەللامە دوكتور مۇسا ئەلمەسۇۋىي: الصراع بين الشيعة والتشيع ، **1408**ھ.
- د.سۇلەيمان ئىبنى فەھد ئەلئۇۋدە: عبدالله بن سبأ وأثره في إحداث الفتنة في الإسلام، ئىككىنچى نەشرى ـ رىياد، تەييىبە نەشرىياتى.
- د.ناسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلقەففارىي: التقريب بين السنة والشيعة، تۆتىنچى نەشرى، رىياد ـ تەييىبە نەشرىياتى، **1416**ھـ.

www.munber.org

# ئىبازىييە

## ئېنىقلىما:

ئىبازىييە خاۋارىجلارنىڭ بىر پىرقىسى بولۇپ، نامى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز ئەتتەمىيمىينىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. بۇ ئېقىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاۋارىج ئەمەسلىكىنى داۋا قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە قارىتىلغان بۇ ئاتالغۇنى ئىنكار قىلىدۇ. دەرۋەقە ئۇلار مەسىلەن ئەرازىقەلەرگە ئوخشاش رادىكال شىئەلەردىن ئەمەس. لېكىن ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە شىئەلەر بىلەن ئورتاق قاراشقا ئىگە. بۇلارنىڭ قاتارىدا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بورمىلاش، قۇرئاننى مەخلۇق دېيىش ۋە زالىم ئىماملارغا قارشى ئاتلىنىشنىڭ جائىزلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەر بار.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز بولۇپ، بەنىي مەررە ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى تەمىيمدىندۇر. ئۇنىڭ نەسەبى ئىبازغىچە قايتىدۇ (ئىباز يەمامەدىكى بىر يېزا). ئابدۇللاھ مۇئاۋىيە بىلەن زامانداش ياشىغان ۋە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

◈ ئىبازىيلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئائىشە، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقا چوڭ ساھابىلەردىن ئىلىم ئىگەللىگەن جابىر ئىبنى زەيدنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق كىشىسى دېيىشىدۇ، ئەمما جابىر ئۇلار بىلەن ئالاقىسىنى ئاللىقاچان ئۈزگەن. («تهذيب التهذيب» نىڭ 2 ـ جىلد، 38 ـ بەتكە قاراڭ)

◈ ئەبۇ ئۇبەيدە مۇسلىمە ئىبنى ئەبۇ كەرىيمە: جابىر ئىبنى زەيدنىڭ مەشھۇر تالىبلىرىدىن بىرى بولۇپ، جابىردىن كېيىن ئىبازىيلارنىڭ مەنبە خاراكتېرلىك ئادىمىگە ئايلانغان ۋە قەففاق لەقىمى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ ئەبۇ جەئفەر ئەلمەنسۇر (158ھ) نىڭ ھۆكۈمدارلىقى مەزگىلىدە ۋاپات بولغان.

◈ ھجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياشىغان ئەررەبىئ ئىبنى ھەبىيب ئەلفەراھىي. ئىبازىيلار «مسند الربيع بن حبيب» ناملىق بىر كىتابنى ئۇنىڭغا ئائىت دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغان ۋە كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان.

◈ ئابباسىيلار دۆلىتى مەزگىلىدە شىمالىي ئافرىقىدا ياشىغان ئىماملىرىدىن: ئىمام ئەلھارىس ئىبنى تەلىيد، ئەبۇ ئەلخەتتاب ئابدۇلئەئلا ئىبنى ئەسسەمەھ ئەلمەئافىري، كېيىن ئەبۇ ھاتىم يەئقۇب ئىبنى ھەبىيب، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاتىم ئەلمەزۇزىيلار بار.

◈ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماراكەشنىڭ تاھىرت رايونىدىكى رۇستەمىيلار دۆلىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئابدۇرراھمان، ئابدۇلۋاھھاب، ئەفلەھ، ئەبۇ بەكىر، ئەبۇ ئەليەقزان، ئەبۇ ھاتىمغا ئوخشاش كىشىلەر بار.

◈ ئۇلارنىڭ ئالىملىرىدىن يەنە:



www.munber.org

- سەلەمە ئىبنى سەئد: ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئافرىقىدا ئۇلارنىڭ مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

- ئىبنى مەقتىيىر ئەلجەناۋەنىي: بەسرەدە ئىلىم ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئىبازىي مەزھىپىنى تارقىتىشقا ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە لىۋىيەنىڭ نۇفۇسە تېغىدىكى يۇرتىغا قايتقان.

- ئابدۇلجاببار ئىبنى قەيس ئەلمۇرادىي: ھارىس ئىبنى تەلىيدنىڭ ھۆكۈمدارلىقى مەزگىلىدە قازى بولغان.

- ئەسسەمھ ئەبۇ تالىب: ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ياشىغان ئىبازىييە ئالىملىرىنىڭ بىرى. ئىمام ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى رۇستەمنىڭ دەۋرىدە ۋەزىر ئىدى، كېيىن لىۋىيەدىكى نۇفۇسە تېغى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن.

- ئەبۇ زەر ئەبان ئىبنى ۋەسىيم: ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ئىبازىييە ئالىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئىمام ئەفلەھ ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب دەۋرىدە تىرابلىس ئەتراپىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن.

### پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئىلاھىي سۈپەتلەرنى بورمىلاپ يازغان كىتابلىرىدىن ئۇلارنىڭ سۈپەتلەرنى بورمىلاشتا مۇئتەزىلىلەر بىلەن خېلى چوڭقۇر ئالاقىسى بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئەقىدىنى چىقىش قىلىدىغانلىقىنى، سۈپەتلەرنى ئوخشىتىشقا ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدە ئەمەس، مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەجازى ئوقۇمدا تەۋىل قىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما بۇ خۇسۇستىكى ھەق سۆز يەنىلا ھامان دەلىلگە ئەگىشىدىغان ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن ئەبەدىي بىرگە؛ چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن شەكىلدە بورمىلاش، ئوبرازلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە ئوخشىتىشتىن خالىي ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

◈ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى ئىنكار قىلىدۇ.

◈ مىزان، سىراتقا ئوخشىغان بىر قىسىم ئاخىرەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مەجازىي شەكىلدە تەۋىل قىلىدۇ.

◈ ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرىنى ئاللاھ ياراتقان، ئىنسان قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار بۇ نوقتىدا جەبەرىييە بىلەن قەدەرىييەنىڭ ئارىسىدا مۆتىدىل بىر يول تۇتىدۇ.

◈ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئاللاھنىڭ زاتىدىن ئارتۇق بولماستىن، دەل زاتىغا ئوخشاشتۇر.

◈ ئۇلارچە قۇرئان مەخلۇق بولۇپ، بۇ نوقتىدا خاۋارىجلار بىلەن ئوخشاش قاراشتا. ئەشئەرىي مۇنداق دەيدۇ: "خاۋارىجلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ مەخلۇقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.»[1]

[1] «مقالات الإسلاميين» ، بىرىنچى جىلد، 203 ـ بەت. ئىككىنچى نەشرى، 1389ھـ/ 1969م



www.munber.org

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىچە گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) ئۆتكۈزگەن كىشى نىمەت كاپىرى ياكى نىپاق كاپىرى، دەپ قارىلىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىدا كىشىلەر ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

**ـ ئىمانىغا ۋاپادار مۆمىنلەر**

**ـ شېرىكلىكى روشەن مۇشرىكلەر**

ـ تەۋھىد سۆزىنى ئېيتقان، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، ئەمما ئەمەل ۋە ئىبادەت جەھەتتە ئۇنىڭدا ئىزچىل بولالمىغان كىشىلەر؛ بۇلار تەۋھىدنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشرىك ئەمەس، ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ماڭمىغانلىقلىرى ئۈچۈن مۆمىنمۇ ئەمەس. بۇلار پەقەت تەۋھىدنى تەستىقلىغانلىقلىرى ئۈچۈن دۇنيا ئەھكاملىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە، ئىمانىغا ۋاپا قىلمىغانلىقلىرى ۋە تەۋھىدنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىدىغانىنى قىلىپ، تاشلايدىغانىنى تاشلىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاخىرەت ئەھكاملىرىدا مۇشرىكلەر بىلەن بىرگىدۇر.

◈ دار ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى مەسىلىسىگە كەلگەندە، يېڭى ئىبازىيلارنىڭ تۈرلۈك قاراشلىرى بار. ئەمما يېڭى ئىبازىيلار كونىلىرى بىلەن ئەھلى ئىسلام ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە قارشى چىققان كىشىلەرنىڭمۇ دار تەۋھىدكە تەۋە ئىكەنلىكى، ھاكىمنىڭ گازارمىلىرى دار ئەلبەغىيگە تەۋە ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىدۇ.

◈ قىبلە ئەھلىدىن ئۇلارغا قارشى چىققانلار مۇشرىك ئەمەس، كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىش جائىز، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئات، قۇرال ـ ياراق، شۇنىڭدەك ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى غەنىمەت ئېلىش ھالال، بۇنىڭدىن باشقىلىرى ھارام، دەپ قارايدۇ.

◈ گۇناھى كەبىرە سادىر قىلغانلار كاپىر بولۇپ، گۇناھ سادىر قىلغۇاتقان ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىۋاتقان مەزگىلىدە تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا گۇناھى كەبىرە ئۆتكۈزگەنلەرنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىغان بولسا، مەغپىرەت قىلمايدۇ.

ـ گۇناھى كەبىرەلەردىن بىرىنى سادىر قىلغان كىشىلەرنى كاپىر، دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنى ئىسلامدىن چىقىرىدىغان كاپىر ئەمەس "نىمەت كاپىرى ياكى نىپاق كاپىرى، دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەمما، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئۇلارنى پاسىقلىق ياكى ئاسىيلىق كەلىمىسى بىلەن ئاتايدۇ. ئەھلى سۈننەتنىڭ قارىشى بويىچە ئۇ كىشى سادىر قىلىۋاتقان گۇناھىغا تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىسا، ئۇنى مەرھەمىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا ئاسىيلىقىدىن پاكلىنىپ، جەننەتكە يۆتكەلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن جازالايدۇ. ئەمما، ئىبازىيلار ئاسىي كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلار ئاسىيلارنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشى مەسىلىسىدە باشقا خاۋارىج ۋە مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن قاراشتا بىر يەردىن چىقىدۇ.

www.munber.org

◈ تەۋھىد ئەھلىنىڭ ئاسىيلىرى ئۇچۇن شاپائەتنى ئىنكار قىلىدۇ؛ چۈنكى، ئاسىيلار (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدىغان بولۇپ، دوزاختىن چىققانغا قەدەر شاپائەت قىلىنمايدۇ.

◈ ئىماملارنىڭ (خەلىپىلەرنىڭ) قۇرەيشلىك بولۇشىنى رەت قىلىپ، ئەگەر ئۇنىڭدا باشقا شەرتلەر هازىرلانمىسا، ئۇنىڭغا بارلىق مۇسۇلمانلار لايىق دەپ قارايدۇ. يولدىن قىيىپ كەتكەن ئىماملاردىن بەيئەتنى تارتىپ ئېلىپ، ئورنىغا باشقىسىنى تەيىنلەش، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان ئىبنى ئەففان، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئەمرۇ ئىبنى ئەلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا هۇجۇم قىلىدۇ.

- ئۇلارنىڭ مەزھىپى بويىچە ۋەسىيەت ئارقىلىق خەلىپىلىك تىكلەش باتىل، ئىمام سايلاش پەقەت بەيئەت ئارقىلىقلا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان جايلاردا بىر قانچە ئىمامنىڭ بولۇشىنى جائىز، دەپ قارايدۇ.

- زالىم ئىمامغا قارشى چىقىشنى ۋاجىب، دەپ قارىمايدۇ، قارشى چىققانلارنى توسمايدۇ، بەلكى، ئۇنى جائىز، دەپ قارايدۇ. شارائىت مۇناسىپ بولۇپ، زىيانلىق تەرىپى ئازراق كۆرۈلگەندە، بۇ خىل جائىزلىق ۋاجىبقا ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر، شارائىت مۇناسىپ بولماي، كۆپرەك زىيان مۆلچەرلىنىپ قالسا، نەتىجە ئىشەنچلىك بولمىسا، ئۇ هالدا بۇ خىل جائىزلىق، چەكلەشكە ئۆزگىرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، هەر قانداق ئەهۋالدا، هاكىمغا قارشى چىقىش چەكلەنمەيدۇ. هاكىم زالىملا بولىدىكەن، هەرقانداق ۋەزىيەتتە بۇ ئىشلارنى يۈشۈرۈن تۈتۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

◈ مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە خىلاپ هالدا دادا تەرەپ چوڭ دادىنى، بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئانا تەرەپ چوڭ دادىغا قارىغاندا ياخشى، دەپ قارايدۇ.

-چوڭ دادا بىر توققانلارنىڭ مىراس ئېلىشىنى توسۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما باشقا مەزھەپلەرنىڭ بىر قىسىملىرى مىراسنى ئۇنىڭ بىلەن تەقسىم قىلىشىدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دىنىغا ۋاپادار، تائىتى سەۋەبلىك ۋەلىيلىككە لايىق بىرسى بولمىغان ئەهۋالدا، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر هەققىدە دۇئا قىلىشى جائىز ئەمەس. ئەمما، دۇنيانىڭ خەيرلىكلىرى ۋە ئىنسانىنىڭ دۇنيا ئەهلىلىكىدىن ئاخىرەت ئەهلىلىكىگە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئاسىي ياكى تەقۋا بولسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جائىزدۇر.

◈ ئۇلارنىڭ «ئەزابە گۇرۇپپىسى» ئىسمىدا بىر نىزامى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىلىملىك، يارامىلىق ئادەملىرىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدىغان چەكلىك ساندىكى بىر هەيئەتتىن ئىبارەت. ئۇلار، ئىبازىيلار جەمئىيىتىنىڭ دىنىي، مائارىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلىرىغا تولۇق شەكىلدە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇرۇش ۋە قوغدىنىش مەزگىلىدە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىسە، يۇشۇرۇن پائالىيەت دەۋرىدە ئىماملىق رولىنى ئوينايدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

www.munber.org

ـ ئۇلارنىڭ يەنە «ئەيرەۋان» ئىسىملىك بىر تەشكىلاتى بولۇپ، ئەزابە گۇرۇپپىسىنىڭ يارەدەمچى كېڭەش مەجلىسگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتتىكى ئىككىنچى كۈچتۇر.

ـ ئۇلار ئارىسىدىن زاكات يىغىدىغان ۋە كەمبەغەللەرگە تارقىتىدىغان كومىتېتلارنى تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭدەك، زاكات بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى، تىلەشنى خەير ـ ئېھسان كۈتۈشنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ.

ئىبازىيلاردىن بىر قاتار پىرقىلار ئايرىلىپ چىقىپ، كېيىن يوق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ پىرقىلار:

ـ ئەلھەفسىييە: ھەفس ئىبنى ئەبۇ مىقدام تەرەپدارلىرى

ـ ئەلھارىسىييە: ھارىس ئەلئىبازىي تەرەپدارلىرى

ـ يەزىدىييە: يەزىد ئىبنى ئەنىسەنىڭ تەرەپدارلىرى. يەزىد ، ئاللاھ تائالا ئەجەملەردىن پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاسماندىن كىتاب نازىل قىلىنىدۇ، دېگەنلەرنى داۋا قىلغان ۋە ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى تەرك قىلغان.

بارلىق ئىبازىيلار ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىبازىيلار سىزىقىدىن يىراقلاشقانلىقى ۋە ھەددىلىرىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى كاپىرلار قاتارىغا چىقارغان.

**پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:**

◈ ئىبازىيلار قۇرئان، سۈننەت (مۇسنەد ئەررەبىيئ ئىبنى ھەبىب)، قاراش ۋە ئىجمائقا تايىنىدۇ.

◈ زاھىرىيلار مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار بەزى دىنىي نەسلەرگە كەلگەندە، ھەرپ بويىچە توختىلىدۇ ۋە ئۇنى زاھىرىيلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەپسىر قىلىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە، مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ مەخلۇقلىقى سۆزىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

◈ بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فىقھىي توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىدە ھەنەفىي، مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىيلەرنىڭ قاراشلىرىغا تەنقىدسىز ھالدا تايانغانلارمۇ بار.

◈ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف ئىتفەييىش (1332ھ ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن شەرھلەنگەن «النيل وشفاء العليل» ناملىق كىتاب ئۇلارنىڭ ئەڭ تونۇلغان مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭغا ئىبازىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي ۋە ئەقىدىلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

**تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:**

www.munber.org

◈ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ھەتتا مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەلەرگە قەدەر تەسىرى بار ئىدى. ئەمما شىمالىي ئافرىقىدا ئۇلارنىڭ مەزھىپى بەربەرلەرنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ۋە ئۇلارنىڭ تاھىرتنى پايتەخت قىلغان، رۇستەمىيلار دۆلىتى نامى بىلەن تونۇلغان بىر دۆلىتى بولغان.

◈ ئۇلار شىمالىي ئافرىقىنى تاكى فاتىمىيلار (ئۇبەيدىيلارمۇ دېيىلىدۇ) تەرىپىدىن يوق قىلىنغانغا قەدەر مۇستەقىل ۋە زەنجىرسىمان ھالدا بىر يۈز ئوتتۇز يىل سورىغان.

◈ ئىبازىيلارنىڭ ئۇممانىدىمۇ بىر مۇستەقىل دۆلىتى قورۇلغان بولۇپ، يېقىنقى زامانغىچە ئۇنىڭ تىزگىنىنى ئىزچىل ھالدا ئىبازىي ئىماملار تۇتۇپ كەلگەن.

◈ ئۇلارنىڭ تارىخىي مەركەزلىرىدىن بىرى لىۋىيەدىكى نۇفۇسە تېغى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىبازىي مەزھىپىنى تارقىتىدىغان ۋە ئىبازىي فىرقىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان مەركەزلىرىنىڭ بىرى.

◈ ئۇلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇمماندا خېلى كۆپ ساندا، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، غەربىي سەھرا بوستانلىقى، تانزانىيە نامى بىلەن تانجانىيقاغا قوشۇلۇپ كەتكەن زەنجىبار قاتارلىق رايونلاردا تەسىرى بار.

**يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى،** ئىبازىيلار خاۋارىج پىرقىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسمى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز ئەتتەمىيمىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنى خاۋارىج ئەمەس، دەپ داۋا قىلىدۇ ۋە ئۇ سۈپەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قوبۇل كۆرمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار مەسىلەن ئەزارىقەلەرگە ئوخشاش رادىكال خاۋارىجلاردىن ئەمەس. ئەمما، خاۋارىجلار بىلەن تۈۋەندىكى مەسىلىلەردە ئورتاق قاراشقا ئىگە: ئابدۇللاھ ئىبنى ئىباز ئۆزىنى خاۋارىجلارنىڭ تۈنجى مەھكىمىسىنىڭ داۋامى، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خاۋارىجلار بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، قۇرئاننىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە زالىم ئىماملارغا قارشى چىقىشنى جائىز، دېيىش مەسىلىلىرىدە بىر يەردىن چىقىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- ئەلى يەھيا مۇئەممەر (يېڭى دەۋر ئىبازىيلىرىدىن): الإباضية في موكب التاريخ، ۋەھبە كىتابخانىسى ـ بىرىنچى نەشرى، قاھىرە. 1384ھ/1964م.

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: المذاهب الإسلامية، نەمۇزەج نەشرىياتى.

- الفرق الإسلامية، (زيل كتاب شرح المواقف– للكرماني) : بۇ كىتابنى، سەلىيمە ئابدۇررەسۇل تەھقىقلىغان، ئىرشاد نەشرىياتى، باغداد ـ 1973م.

- د.مۇستەفا ئەششەئكە: إسلام بلا مذاهب، مىسىر بېسىش، تارقىتىش نەشرىياتى ـ بېيرۇت.

- ئەششەھرىستانىي: الملل والنحل، ئىككىنچى نەشرى، مەرىپەت نەشرىياتى ـ بېيرۇت.


www.munber.org

- ئەلى يەھيا مۇئەممەر (ئىبازىي): الإباضية بين الفرق الإسلامية، ۋەھبە كىتابخانىسى ـ بىرىنچى نەشرى، قاھىرە. 1396ھ/1976م.
- ئابدۇلقادىر ئەلبەغدادىي: الفرق بين الفرق
- ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي: مقالات الإسلاميين
- ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەزم: الفصل في الملل والأهواء والنحل
- ئابدۇلقادىر شەيبە ئەلھەمەد: المذاهب والفرق والأديان المعاصرة
- ئالۇبېرد بېل: الفرق الإسلامية في الشمال الإفريقي، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرراھمان ئەلبەدەۋىي
- د.يەھيا ھۇۋەيدىي: تاريخ فلسفة الإسلام
- ئابدۇللاھ ئەلئەمىين: دراسات في الفرق والمذاهب القديمة المعاصرة
- بەكىير ئىبنى سەئىيد ئەئۋەشت: دراسات إسلامية في أصول الإباضية
- ئەلى يەھيا مۇئەممەر: الإباضية: دراسة مركزة في أصولهم وتاريخهم
- لۇئائ ھەسەن سادىق: جذور الفتنة في الفرق الإسلامية، مەدبۇلىي كىتابخانىسى، قاھىرە.
- سابىر تائىيمە: الإباضية
- ئابدۇلئەزىز ئەلئابدۇللەتىيف: الإباضية
- د.ئەھمەد مۇھەممەد ئەھمەد جەلىي: دراسات عن الفرق في تاريخ المسلمين، پادىشاھ فەيسال ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش مەركىزى، رىياد.
- نايىف ئەۋاد مەئرۇف: الخوارج في العصر الأموي
- سۇلەيمان ئەسسۇۋەيكىت: الخوارج في العصر الأموي، ماگىستىرلىك دىسسىرتاتسىيىسى، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتى، 1399ھ. نەشر قىلىنمىغان.
- ناسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەئدىي: الخوارج دراسة ونقد لمذهبهم، ماگىستىرلىك دىسسىرتاتسىيىسى، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتى، 1404ھ. نەشر قىلىنمىغان.
- غالىب ئەلئەۋاجىي: الخوارج تاريخهم وآراؤهم، ماگىستىرلىك دىسسىرتاتسىيىسى، ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتىتى، 1399ھ. نەشر قىلىنمىغان.
- مەھمۇد ئىسمائىيل: الخوارج في بلاد المغرب حتى منتصف القرن الرابع الهجري
- ئابدۇرراھمان ئەلمۇسلەھ: الإباضية عقيدة وفكرا، ماگىستىرلىك دىسسىرتاتسىيىسى، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتىتى، 1402ھ.

www.munber.org

د.ناسىر ئىبنى ئابدۇلكەرىيم ئەلئەقل: الخوارج أول الفرق في تاريخ الإسلام، ۋەتەن نەشرىياتى، رىياد.

www.munber.org

**ئېنىقلىما:**

ياخشى ـ يامان ئەدلى بىلەن بولغان دېگەن قاراشنى چۆرىدەيدىغان (العدلية القدريـة) نىڭ بىر پىرقىسى بولۇپ، "مەجبۇرىلىق بار، دېگەننى ئىنكار قىلىمىز" نى دەۋا قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنە تەۋھىد دەۋاسى ئاستىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەلىي ۋە سۈپەتى زاتىييەلىرىگە ئالاقىدار ئايەت ـ ھەدىسلەرنى بورمىلايدۇ.

زەيدىييە (ھادەۋىييە) شىئەلەرنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە ئەڭ يېقىن پىرقىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزھىپى ئون ئىككى ئىمامچى شىئەلەر ۋە باشقا شىئە پىرقىلىرىنىڭ يولسىزلىقلىرىدىن يىراق، دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ مەزھەپنىڭ ئىسمى سىياسەت ۋە ھۆكۈمەدە "پەرقلىق شىئەلەر" نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، بۇ يولدا قۇربان بولغان زەيد بىن ئەلى زەيىنۇل ئابىدىيننىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. ئۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خەلىپىلىكىنى توغرا دەپ قارايتتى. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى ساھابىلەرنى كاپىرغا چىقارمىغان. ئۇلارنىڭ مەزھىپى بويىچە ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم بار تۇرۇقلۇق مۇۋاپىق بىر ئادەم ئىماملىق (يەنى خەلىپىلىك) قىلسا بولاتتى. بىراق، ھادەۋىييەدىن باشقا زەيدىييە پىرقىلىرى زەيد ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلاردىن ئېغىپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ خەلىپىلىكىنى رەت قىلىشتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ قول ئۈزۈشتى. رافىزىلارغا ئويغۇن ھالدا ئىماملارنىڭ گۇناھسىز بولىدىغانلىقى ۋە رەجئە (ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىدىغانلىقنى دەۋا قىلىدىغان بىر خىل ئېقىم ـ تەرجىمان) قاتارلىق ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ زەيدىييە ئېقىمىنىڭ يىلتىزى زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى زەيىنۇل ئابىدىن ئىبنى ئەلھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (80 ـ 122ھ ـ ، 698 ـ 740م) غىچە قايتىدۇ. ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ئۆمەۋىيىلەرگە قارشى ئىراقتىكى شىئەلەر قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ سەۋەپلىك كۇفەلىكلەر ئۇنى ھىمايە قىلغان. بىراق ئۇنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا ئەقىدە قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىگە لەنەت ئوقۇماستىن بەلكى ئۇلاردىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى مەسخىرە قىلغان ۋە تاشلاپ كېتىشكەن. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت 500 ئەسكىرى بىلەنلا ئۆمەۋىيىلەرنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. بۇ ئۇرۇشتا بېشى ئوقيا بىلەن يارىلانغان بولۇپ، 122ھ ـ ۋاپات بولغان.

www.munber.org

- بىرىنچى ئىلىم ئىزدەش، ئىككىنچى ئەھلۇل بەيت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئەۋلادىنىڭ خەلىپىلىك ھەققىنى ئىزدەپ ئىراق، شام قاتارلىق رايۇنلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن. ئۇ، تەقۋا، ئالىم، پەزىلەتلىك، شىجائەتلىك، ئىخلاسمەن، خوشپېئىل، ھەيۋەتلىك ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتىدىغان كىشى ئىدى.

- ئىلىم ۋە رىۋايەتنى ئىمامىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەر ئارىسىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان چوڭ ئاكىسى مۇھەممەد ئەلباقىردىن ئۆگەنگەن.

- مۇئتەزىلىلەرنىڭ كاتتا بېشى ۋاسىل ئىبنى ئەتا بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرگە دەرس مۇتالىئە قىلغان، بۇ سەۋەپلىك ئۇنىڭ پىكرىدىن تەسىرلەنگەن ۋە ئۇ پىكىرلەرنىڭ بىر قىسمىنى زەيدىييە پىكرىگە سورەپ كىرگەن. گەرچە ئىنكار قىلىدىغانلار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەبۇ ھەنىفە ئەننۇئماننىڭ شاگىرت بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا ئىلىم ئوقۇغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلارمۇ بار.

گۇمانلىنىدىغان كۆز قاراشلاردىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ «ئەلمەجمۇئ ئەلكەبىير» ناملىق بىر كىتابى بولۇپ، ئۇ ھەدىسكە دائىر توپلانما ۋە فىقھىگە دائىر توپلانمادىن ئىبارەت ئىككى كىتابنىڭ جوغلانمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كىتابتا ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى چارىكىدە ۋاپات بولغان شاگىرتى ئەبۇ خالىد ئەمرۇ ئىبنى خالىد ئەلۋاستى ئەلھاشىمى ئۇ ئىككىسى ھەققىدە قىلغان رىۋايەت بار.

◈ ئوغلى يەھيا ئىبنى زەيد دادىسى بىلەن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. گەرچە خوراسانغا قېچىپ كېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇمەۋىيلەرنىڭ قىلىچى ئۇنى ئىزدەپ تاپقان ۋە ھىجرىيە 125 يىلى خوراساندا قەتلى قىلىنغان.

- مەسئۇلىيەت يەھيانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇھەممەد ئىبراھىمغا ھاۋالە قىلىنغان.

- مەدىنىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى (ھۇشيار جان ئىسمى بىلەن مەشھۇر ئىدى) ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇ مەدىنە ۋالىسى ئەيسا ئىبنى ماھان تەرىپىدىن قەتل قىلىندى.

- ئۇنىڭدىن كېيىن، بەسرىدە قېرىندىشى ئىبراھىم مەيدانغا چىققان ئىدى، خەلىپە مەنسۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۇ يەردە قەتل قىلىندى.

◈ زەيدىييە ئېقىمىنىڭ شەكىللەندۈرگۈچىسىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى زەيد ئىراقتا تۇرۇپ، ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىلىم ئىگەللىدى. ئۇ بۇ مەزھەپكە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشقانلارنىڭ بىرى ئىدى.

◈ زەيدىييە ئېقىمىنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى ئەلقاسىم (تەخەللۇسى ـ ئەررەسسى) ئىبنى ئىبراھىم (تەخەللۇسى ـ تەباتەبا) ئىبنى ئىسمائىل (تەخەللۇسى ـ ئەددىيباجول ئەسفەر) ئىبنى ئىبراھىم (تەخەللۇسى ـ شىبھە) ئىبنى ئەلھەسەن ئەلمۇسەننا ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبي تالىب (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) (ھ ـ 170 / 242ھ ـ ) تۇر. ئۇنىڭمۇ قاسىمىييە نامى بىلەن تونۇلغان بىر زەيدىييە پىرقىسىدىن بىرسى بار ئىدى.



www.munber.org

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن نەۋرىسى هادى ئىلەلھەق يەهيا ئىبنى ھەسەن ئىبنى قاسىم (245ھ - / 298ھ - ) مەيدانغا كەلدى ۋە يەمەننىڭ ئىمامى بولدى. ئۇ، يەمەندىكى قەرامىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ يەمەن، ھىجاز ۋە شۇ دائىرىدىكى رايونلاردا هادۋىييە ئىسمىدا تونۇلغان بىر زەيدىييە پىرقىسى شەكىللەندى.

◈ دەيلەم ۋە جىيلان رايونلىرىدا زەيدىييە پىرقىسىنىڭ ئىمام ھۆسەينى (تولۇق ئىسمى: ئەبۇ مۇھەممەد ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئەلھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەخەللۇسى "بۈيۈك هىماتچى" 230ھ - / 304ھ - ) دېگەن بىر ئىمامى مەيدانغا چىقتى. ئۇ كىشى ئەتروش ئىسمىدا ئەلگە تونۇلدى. بۇ ئىمام دەيلەم، جىيلان رايونلىرىغا زەيدىييە مەزھىپىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر ئەگىشىپ، باشلانغۇچ نوقتىدىكى زەيدىييەلەرگە ئايلاندى.

◈ ئۇلارنىڭ يەنە باشقا بىر داھىسى بولۇپ، تەبەرىستاننىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەلھەسەن ئىبنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى زەيد ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 250 - يىلى ھازەر دېڭىزىنىڭ جەنۇبى قىسمىدا بىر زەيدىييە دۆلىتىنى قورۇپ چىققان.

◈ ھىجاز، مىسىر، يەمەن ۋە بەسرە قاتارلىق جايلارغا تەبلىغچىلىرىنى ئەۋەتكەن مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى تەبتابامۇ ئۇلارنىڭ تونۇلغان ئىماملىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىشىلىرىدىن مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان، مۇھەممەد ئىبنى نەسر، ئەبۇلفەزلي ئىبنى ئەلئەمىيد، ساھىب ئىبنى ئۇبباد ۋە بەنىي بۇۋەيھ رايونىنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرىمۇ بار.

◈ ھىجرىيە 1322 - يىلى يەمەندىكى زەيدىييەچىلەر ئىمام يەھيا ئىبنى مەنسۇر ئىبنى ھۆمەيدىددىن باشچىلىقىدا تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈركلەردىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالالىدى ۋە 1962 - يىلى سىنتەبىر ئېيىغىچە دەۋاملاشقان زەيدىلار دۆلىتىنى قورۇپ چىقىشتى. يەمەندە ئىنقىلاب قوزغالغاندىن كېيىن، زەيدىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاخىرلاشتى، ئىراق، يەمەن يەنىلا زەيدىلار كۆپ ۋە سالمىقى بىر ئاز ئېغىر رايون.

◈ زەيدىييەچىلەر ئارىسىدىن نوقتىلىق تۇت پىرقە بۆلۈنۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا تىل ئۇزاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھەممىدىن ئەۋزەل كىشىنى ئەمەس، ئەۋزەللىكى بار بىر كىشىنى ئىماملىققا سايلاش قارىشىغا ئېغىپ كەتكەن بولدى. بۇ پىرقىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- **جارۇدىييە:** ئەبۇ ئەلجارۇد زىياد ئىبنى ئەبۇ زىيادنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ، تۆت پىرقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر بىرى.

- **سۇلەيمانىييە:** سۇلەيمان ئىبنى جەرىرگە نىسبەت بېرىلىدۇ. جەرىرىييە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

www.munber.org

- **بترىييە:** كەسىر ئەننەۋىيىل ئەبتەرنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ، ھەسەن ئىبنى سالىھ ئىبنى ھەيىۇل ھەمەدانىغا نىسبەت بېرىلىپ، سالىھىييە دەپمۇ ئاتالغان.

- **يەئقۇبىييە:** ياقۇب ئىبنى ئەدىينىڭ ھىمايىچىلىرى.

- سالىھىييە بىلەن بترىييە پىكىر ـ كۆز قاراشتا ئورتاقلىقتا ئىگە.

- بۇ پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان زەيدىيىيەچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار

◈ ئەمەللەرنى تالالاش ۋە ئالاھنىڭ زاتىغا ئالاقدار نوقتىلاردا مۇئتەزىلىلەرگە مايىل. گۇنايى كەبىرە ئۆتكۈزگەنلەرگە مۇئتەزىلىلەرگە ئوخشاشلا ئىككى مەنزىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، پاسىقتۇر، ئېتىبارى بىلەن قارايدۇ.

◈ مەيلى ئىمام ھسەن ياكى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ نەسلىدىن بولسۇن، فاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملىقى دۇرۇست، دەپ قارايدۇ.

◈ ئىماملىق ئۇلارنىڭ نەزىدە تەۋسىيە (يازما تەۋسىيە) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ. يەنى بۇرۇنقى ئىمام كېيىنكى ئىمامنى تەيىن قىلىپ، خەت قالدۇرۇشنى شەرت قىلمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىماملىق مىراسخورلۇق شەكلى بىلەن ئەمەس، بەيئەت ئاساسىدا تۇرغۇزىلىدۇ. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادلىرىدىن كىمنىڭ ئۇنىڭغا شەرتى توشسا، ئۇنىڭغا سالاھىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ.

- ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، ئوخشاش ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان ئىككى رايۇندا بىردىن ئارتۇق ئىمامنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشى جائىز.

- زەيدىيىيەچىلەر ھەممىدىن ئەۋزەل كىشىنى ئەمەس، ئەۋزەللىكى بار بىر كىشىنى ئىماملىققا سايلاش قارىشىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئىمامنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەۋزىلى بولۇشىنى شەرت قىلمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ئادەم بولسىمۇ، مۇئەييەن تەرەپتە ئارتۇقچىلىقى بار بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇشى ۋە ھۆكۈمگە دائىر ئىشلاردا ئۇ ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىش، ئۇنىڭ كۆز قارىشى قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىش تامامەن مۇمكىن.

◈ ھازىرقى زامان زەيدىييە[1]چىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ خەلىپىلىكىنى توغرا ، دەپ قارايدۇ، شىئەلەرگە ئوخشاش ئۇ

[1] بۇلار زەيد ئىبنى ئەلىنى ھىمايە قىلغانلار بولۇپ، "پىرقىلەر ئارىسىدىكى پەرق" ناملىق كىتاپىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، كۇفەلىكلەردىن ئون بەش مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلار زەيد ئىبنى ئەلىدىن ئەبۇ بەكىر بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى قاتاردىن چىقىرىۋېتىشكە چاقىرغاندا، ئۇ قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىققان ۋە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن رافىزى ـ ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى كۆپۈرغا چىقىرىش قارىشى ـ سۆزىنى كۆتۈرۈپ چىققان. زەيدنىڭ پەقەت ئىككى يۈزلا ئەگەشكۈچىسى قېلىپ قالغان. ئەھمەد ئەمىننىڭ "ئىسلام تېڭى" ناملىق كىتابىدا، زەيدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قىرىق مىڭ كىشى ئىدى، ئۇلار چېچىلىپ، زەيد بىلەن ئۈچ يۈز ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاز كىشى قالغان.



www.munber.org

ئىككىسىگە لەنەت ئوقۇمايدۇ، ئۇ ئىككىسىدىگە ئىپتىرازى يوق، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى تەنقىدلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى قانۇنلۇق، دەپ قارايدۇ.

◈ تەسەۋۋۇپنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

◈ نىكاھى مۇتئە (ۋاقىتلىق نىكاھ) مەسىلىسىدە شىئەلەرگە قارشى ھالدا ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ.

◈ شىئەلەر بىلەن بەش نەرسىنىڭ زاكاتى ۋە زۆرۈر بولغاندا تەقىييەنىڭ جائىزلىقىدا ئورتاقلىققا ئىگە.

◈ ئۇلار ئەھلى سۈننەت بىلەن شاخچە مەسىلىلەردىكى قىسمەن مەسىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرزلەر ۋە بارلىق ئىبادەلەردە ئومۇمەن دېگۈدەك بىردەكلىككە ئىگە. ئوخشىمايدىغان نوقتىلار:

- ئەزان ئوقۇغاندا شىئەلەرنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە " ھەييۇ ئەلا خەيرۇل ئەمەل" نى قوللىنىدۇ.

- جىنازە نامىزى ئۇلارنىڭ مەزھىپىدە بەش رەكئەت.

- نامازدا قوللىرىنى قويۇۋېتىدۇ.

- ھېيىت نامىزىنى يەككە ئوقۇسىمۇ، جامائەت بىلەن ئوقۇسىمۇ توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

- تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشنى بىدئەت، دەپ قارايدۇ.

- گۇناھكارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى رەت قىلىدۇ.

- تاھارەتنىڭ پەرزى ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدىكى تۆتنىڭ ئورنىغا ئۇلاردا ئون.

◈ ئىجتىھادنىڭ ئىشىكى ئىجتىھاد قىلىشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوچۇق. ئىجتىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلەر تەقلىد قىلىدۇ. باشقىلارنى تەقلىد قىلغاندىن ئەھلى بەيتنى تەقلىد قىلىش كۆپ ياخشى.

◈ زالىم، زومىگەر ئىماملارغا قارشى چىقىش ۋاجىب، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇش ۋاجىب ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

◈ باشقا كۆپ ساندىكى شىئەلەرنىڭ ئىماملىرىنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىش يولىدا مۇبالىغە قىلغاندەك مۇبالىغە قىلمايدۇ، ئىماملارنى خاتالىقتىن يىراق، دەپ قارىمايدۇ.

- بىراق، زەيدىييە ئىقىمىغا مەنسۇپ بىر قىسىم كىشىلەر ئەھلى بەيتتىن ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئىبارەت تۆت كىشىنى خاتالىقتىن مۇستەسنا، دەپ قاراشنى توغرا تاپىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ ساقلاۋاتقان مەھدىسى يوق.

www.munber.org

◈ مۇختار ئەسسەقەفي ئوتتۇرىغا قويغان "البداء" (ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشى) قارىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. زەيدىيىەچىلەر ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ئەزەلىي، قەدىم ۋە ئۆزگەرمەس ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە نەرسە لەۋھۇل مەھفۇزغا يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

◈ ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت ياكى ئىسيان قىلىشىنى تاللاش ھۆرلۈكى بارلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادە بىلەن مۇھەببەت ياكى رازىلىقنى تەپسىلى ئىزاھلايدۇ. بۇ ئەھلى بەيت ئىماملىرىنىڭ قاراشلىرى.

◈ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى دەلىل ـ ئىسپات مەنبەسى قۇرئان كەرىم، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن قىياستىن ئىبارەت. يەنە ئۇنىڭ ئىچىدە ئىستىھسان، مەسالىھ مۇرسەلەگىمۇ ئورۇن بېرىلىدۇ. ئارقىدىن ئەقلىنىڭ نۆۋىتى كېلىدۇ. ئەقىل ساغلام دەپ قارىغان، توغرا تاپقان ئىش قىلىنىدۇ، يامان كۆرگەن ئىشتىن توسىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىبنى ئەلۋەزىير، ئىبنى ئەلئەمىير ۋە شەۋكانىغا ئوخشاش يېتۈك ئالىملار چىقىپ، ئەقىدە ۋە مېتودتا سەلەپلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئەھلى سۈننەتكە ئايلانغان.

## پىكرى ۋە ئەقىدىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

◈ ئەھلى بەيتنىڭ خەلىپىلىككە ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى، ئۇلارنى تەقلىد قىلىش، ئۇلار ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنى باشقا ھەدىسلەردىن يۇقىرى ئورۇندا قويىدىغانلىقى ۋە بەش نەرسىنىڭ زاكىتى.. غا ئوخشاش مەسىلىلەردە شىئەلەر چىڭ تۇتۇپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئۇلارمۇ چىڭ تۇتىدۇ. گەرچە بۇلار شىئەلەرنىڭ باشقا پىرقىلىرىگە قارىغاندا، ھەقىقەتكە كۆپ يېقىن دەپ قارالسىمۇ، يەنىلا مەزھىپىدە شىئەلىكنىڭ روشەن ئىزنالىرى بار.

◈ زەيدىيىەچىلەر مۇئتەزىلىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلاردا ۋاسىل ئىبنى ئەتانىڭ قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەقىلگە ئېتىبار بېرىشى، دەلىل ـ پاكىتتا ئۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراشلىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن. چۈنكى ئۇلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش، گۇنايى كەبىرە سادىر قىلغانلار، زورلاش ۋە تاللاش قاتارلىق ئىشلارغا دائىر ئانالىزلىرىدىن باشقا، ئەقىدىلەرنى چۈشىنىش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاش، شەيئىلەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەقىلنىڭ نەسۋىسىنى ھەممىدىن ئارتۇق بىرىدۇ.

◈ گويا زەيدنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى زەيد ئىراقتا ئەبۇ ھەنىفىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىلىم ئىگەللىگىنىگە ئوخشاشلا، ئەبۇ ھەنىفىمۇ زەيدتە ئىلىم ئوقۇغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىرىنچى، سۈننىيلەرنىڭ ھەنەفىي مەزھىپى بىلەن شىئەلەرنىڭ زەيدىيىە مەزھىپى دەسلەپتە ئىراق ۋە ماۋەرائۇننەھىر رايونلىرىدا ئۇچراشقان. ئىككىنچى ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكەن.



www.munber.org

## تارقىلىشى ۋە نوپۇز دائىرىسى:

◈ ھىجرىيەنىڭ 250 - يىلى ھەسەن ئىبنى زەيد دەيلەم ۋە تەبەرىستان رايونلىرىدا زەيدىلەرنىڭ دۆلىتىنى قورۇپ چىققان.

◈ يەنە ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسرىدە ئەلھادى ئىلەلھەق يەمەندە ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دۆلىتىنى قورۇپ چىققان.

◈ زەيدىييە مەزھىپى شەرقتە جىيلان، تەبەرىستان، دەيلەم ۋە ھازەر دېڭىزى ساھىللىرىغا تارقالغان، غەربتە ھىجاز ۋە مىسىرغىچە سوزۇلغان، يەمەن زېمىنىغا مەركەزلەشكەن.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>؛ زەيدىييە مەزھىپى شىئەلەرنىڭ باشقا پىرقىلىرىگە قارىغاندا ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىندۇر. مۇئتەزىلىلەر بىلەن بولغان كونا مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردە تەسىرگە ئۇچرىغان. ئەمما، شاخچە مەسىلىلەردە زەيدىييە مەزھىپى ئىسلام فىقھىي مەدرىسە ۋە مەزھەپلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. زەيدىييە مەزھىپى بىلەن سۈننىلەر ئارىسىدىكى شاخچە مەسىلىلەرگە ئالاقىدار تالاش - تارتىشلار يوق دېيەرلىك.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

(ئا) مەزھەپلەرنىڭ مەنبەلىرى:

- يەھيا ئىبنى ھەمزە (الإمام المؤيد): المعالم الدينية في العقائد الإلهية - تحقيق سيد مختار أحمد حشاد - دار المعاصر

- يەھيا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھۇمەيد: توضيح المسائل العقلية والمسائل الفقهية في أصول العدلية ومسالك الزيدية - مخطوط.

- يەھيا ئىبنى ئەلھۇسەين ئەلقاسىم ئەررەسسىي (الإمام الهادي): رسائل العدل والتوحيد - تحقيق الدكتور محمد عمارة. منشورات دار الشروق.

- مۇسلىم ئىبنى مۇھەممەد ئەللەھجىي: أخبار الزيدية (طبقات الزيدية)، الجزء الرابع - مخطوط بمكتبة جامعة الإمام محمد بن سعود الإسلامية الرياض.

- ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەلەۋىي: سيرة الإمام الهادي يحيى بن الحسين - تحقيق د. سهيل زكار - دار الفكر، 1392هـ - / 1972م.

- ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەيسەم - ئەلئىسفەھانى: مقاتل الطالبين - الطبعة الهيدرية - النجف، 1353هـ - .

www.munber.org

- ئابدو رەب ئەلئەمیر ئەششامي: تاريخ الفرقة الزيدية بين القرن الثاني والثالث للهجرة ـ مطبعة الآداب ـ النجف، 1394هـ ـ / 1974م.
- ئەحمەد ئبنی یەحیا ئەلمۆرتەزا (الإمام المهدي): طبقات المعتزلة ـ تحقيق سوسنة ديلفدفلزر ـ بيروت، 1961م.
- ئسمایل ئبنی ئۆبباد (الصاحب بن عباد): نصرة مذاهب الزيدية ـ تحقيق د .ناجي حسن ـ الدار المتحدة للنشر.

**(ب) باشقا مەنبەلەر:**

- ئابدۆلقادىر ئبنی تاهىر ئەلبەغدادي: الفرق بين الفرق
- ئبنی هەزم: الفصل في الأهواء والملل والنحل
- مۆھەممەد ئبنی ئابدۆلكەریم ئەششەھرىستانی: الملل والنحل
- ئەبۆ جەئفەر مۆھەممەد ئبنی ئەلھەسەن ئەتتۆسی: تلخيص الشافي
- ئىززۆددىن ئەبۆلھەسەن (تەخەللۆسی ئبنىۆل ئەسير): الكامل في التاريخ
- مۆھەممەد ئەبۆ زوھرە: الإمام زيد
- مۆھەممەد ئەبۆ زوھرە: تاريخ المذاهب الإسلامية ـ دار الفكر العربي ـ القاهرة
- د. مۆستەفا شەکئە: إسلام بلا مذاهب ـ الدار المصرية للطباعة والنشر ـ بيروت
- د. ئەیمەن فۆئاد سەییىد: تاريخ المذاهب الدينية في بلاد اليمن حتى نهاية القرن السادس الهجري ـ الدار المصرية اللبنانية، 1408هـ ـ /1988م.
- ئەھمەد مۆھەممەد سۆبھي: الزيدية ـ الزهراء للإعلام العربي القاهرة
- د. ئەھمەد مۆھەممەد ئەسسۆبھي: المذهب الزيدي ـ منشأة المعارف ـ الإسكندرية

www.munber.org

## ئېنىقلىما:

مۇئتەزىلە بىر خىل ئىسلامىي پىرقە بولۇپ، ئۇمەۋىيلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئابباسىيلار دەۋرىدە راۋاجلانغان. سىرتتىن كەلگەن بىر قىسىم پەلسەپىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشىنىشتە پەقەت ئەقىلگىلا تايانغان، نەتىجىدە بۇ ئۇلارنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدىن ئېغىپ كېتىشكە ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭغا، مۇئتەزىلە، قەدەرىييە، ئەدلىييە، ئەھلۇل ئەدل ۋە تەۋھىد، مۇقتەسىدە ۋە ۋەئىيدىييە قاتارلىق ئوخشىمىغان ئىسىملار قويۇلغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ مۇئتەزىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەسىلىدە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى پەرقلىق بولۇپ، بۇ قاراشلار مونۇ ئىككى خىل ئېقىمغا يۈزلىنىدۇ:

- بىرىنچى ئېقىم: مۇئتەزىلە (بۆلۈنۈپ چىققۇچى، ئايرىلىپ چىققۇچى - دېگەن مەنىلەردە) چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلارغا ھۆكۈم قىلىش، قەدەر ھەققىدىكى تالاش - تارتىش، يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشقا قادىرمۇ ئەمەسمۇ دېگەنگە ئوخشاش ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك دىنىي مەسىلىلەردىكى تارتىشلارنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، دېگەن قاراش. بۇ قاراش ساھىبلىرىنىڭ پىكرى بويىچە، ئۇلارغا "مۇئتەزىلە" دېگەن ئىسىم بىر قانچە خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن قويۇلغان:

1 - ئۇلار، ئىككى مەنزىل ئارىسىدىكى بىر مەنزىل، دېگەن سۆزى بىلەن چىقىپ چىققان.

2 - ئۇلار، ۋاسىل ئىبنى ئەتانىڭ ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ مەجلىسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئىككى مەنزىل ئارىسىدىكى بىر مەنزىل سۆزىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە مەخسۇس بىر ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرغانلىقى ۋە ھەسەننىڭ: ۋاسىل بىزدىن چىقىپ چىقتى، دېگەن سۆزىدىن كېيىن، "مۇئتەزىلە" دەپ تونۇلغان.

3 - ياكى ئۇلار، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى يىراقلاشتۇرۇپ، بويقۇت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، مۇئتەزىلە دەپ ئاتالغان.

- ئىككىنچى ئېقىم: مۇئتەزىلەلەر سىياسىي سەۋەبتىن مەيدانغا كەلگەن. مۇئتەزىلەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيەگە يول قويغاندىن كېيىن، چىقىپ چىققان ياكى ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىمايە قىلغۇچىلىرى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ھىمايە قىلغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ مەيدانغا تۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىپ چىققان.



www.munber.org

◈ ئەمما، مۇئتەزىلەلەرنىڭ تارىخچىسى قازىي ئابدۇلجاببار ئەلھەمەزانىي، مۇئتەزىلەلەرنىڭ يېڭى مەزھەپ، تويۇقسىز مەيدانغا كىلىپ قالغان بىرەر پىرقە، يېڭى تائىپە ياكى بىرەر يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ھادىسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ دەۋامى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا بۇ ئىسمىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ: «سىلەردىن ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن»[1] دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يامانلىقنى تەرك قىلغان ئادەم ياخشىلىققا يېقىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىي بويىچە يامان ئىشلاردىن چېكىنىپ چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسمىنىڭ قويۇلۇپ قالغانلىقىنى، دەۋا قىلىدۇ.

◈ ئەمما، ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇئتەزىلەلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشى، دىنىي نەسلەرگە قارىتا يالغۇز ئەقلىي قاراشتىن تۇرەلگەن ئەقىدە ۋە پىكرى پىرىنسىپلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇلار يۇنان، ھىندىستان پەلسەپىلىرى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئەقىدىلىرىدىن تەسىرلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. (بىز بۇلار بىلەن، "پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ يىلتىزلىرى" دېگەن پاراگرافتا، تونۇشۇپ ئ ـ ۋتىمىز.)

◈ مۇئتەزىلە ئېقىمى ۋاسىل ئىبنى ئەتانىڭ قولىدا بىر پىكرى پىرقە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئەقلىچىلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن باشلانغان دىنىي پىكىر تارتىششى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ مۇئتەزىلە پىكرىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئەقلىچىلىك تەپەككۇرى ئۇسۇلىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ سۆزلەرنى ساھىبلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندە يىغىنچاقلايمىز:

ـ ئىنسان شەرتسىز شەكىلدە تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ. دېگەن سۆز. بۇ سۆزنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەشئەس بىلەن بىرلىكتە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا قارشى ھەرىكەت قوزغىغان مەئبەد ئەلجۇھەنىي ئوتتۇرىغا قويغان... ئۇنى ھىجرىيەنىڭ 80 ـ يىلى ھەرىكىتى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف ئۆلتۈرگەن.

ـ يۇقىرىقى سۆزنى يەنە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە غەيلان ئەددىمەشقى تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ـ قۇرئاننىڭ مەخلۇقلۇقى ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش توغرىسىدىكى بۇ سۆزنى جەھم ئىبنى سەفۋان ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنى سالىم ئىبنى ئەھۋەز مەرۋىدە ھىجرىيەنىڭ 128 ـ يىلى ئۆلتۈرگەن.

ـ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش توغرىسىدىكى قاراشلارنى يەنە، جەئد ئىبنى دەرھەمۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ كۇفەنىڭ ۋالىسى خالىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلقەسرىي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئتەزىلە ۋاسىل ئىبنى ئەتا (80ھ ـ / 131ھ ـ)نىڭ قولىدا بىر پىكرى پىرقە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ۋاسىل ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. "چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئىشى ئىككى مەنزىلنىڭ

---

[1] مەريەم سۈرىسى، 48 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىلدە بولىدۇ (يەنى كاپىرمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس)، ۋاپاتىدىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا مەڭگۇ دوزاختا قالىدۇ" دېگەن سۆزىدىن كېيىن، ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ يىغىلىشىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ۋە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرلىرىدە ياشىغان. ئۇنىڭغا ئائىت دەپ قارالغان مۇئتەزىلە پىرقىسى "ۋاسىلىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

◈ مۇتئەزىلىلەرنىڭ ئەقىدىلەرنى چۈشىنىشتە ئەقىلگە تايىنىشى ۋە ئۇنى نىسبىي مەسىلىلەرگە قىياس قىلىشى سەۋەبلىك ئۇلار بەش ئاساسىي پرىنسىپ (بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز)تىكى ئوخشاشلىقلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ تائىپىلەرنىڭ ھەر بىرى ئىككىنچىسىگە قارىغاندا پەرقلىق شەكىلدە يېڭى ـ يېڭى بىدئەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن... ۋە ئىسمىنى شۇ پىكرىنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشقان.

◈ ئابباسىيلار خەلىپىلىك مەئمۇن دەۋرىگە كەلگەن مۇئتەزىلىلەر گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى مەئمۇن ئۆز دەۋرىدىكى مۇئتەزىلە بىدئىتىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرى، قۇرئان خالىقمۇ مەخلۇقمۇ پىتنىسىنىڭ باشلامچىسى ۋە مۇئتەسىم دەۋرىدىكى قازىلارنىڭ قازىسى بولغان ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ دۇئاد، بىشرىلمەرىيسى ۋە سەمامە ئىبنى ئەشرەس قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇئتەزىلە ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان.

ـ "قۇرئان مەخلۇق" پىتنىسىدە مەئمۇننىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي ئىگىشتىن باش تارتقانلىقى ۋە بۇ بىدئەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن، مەئمۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇئتەسىم دەۋرىدىمۇ قامالغان، قىينالغان ۋە قامچىلار بىلەن ئورۇلغان ۋە ئىككى يېرىم يىل قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئارقىدىن ئۆيىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، مۇئتەسىم ۋە ئوغلى ۋاسىقلارنىڭ خەلىپىلىگى بويىچە ئۆيىدە تۇرغان.

ـ ھىجرىيەنىڭ 232 ـ يىلى مۇتەۋەككىل خەلىپىلىكنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئەھلى سۈننەتكە ياردەم بەرگەن، ئىمام ئەھمەدكە ئىززەت ـ ئىكراملارنى قىلغان، مۇئتەزىلىلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىكى تەسىرى ۋە ئون تۆت يىل جەريانىدىكى كۈچ ئارقىلىق ئەقىدىسىنى تېڭىشقا ئورۇنۇشلىرىغا خاتىمە بەرگەن.

◈ ھىجرىيەنىڭ 334 ـ يىلى پارس ئېلىدە مەيدانغا بەنىي بۇۋەيھ دۆلىتى (شىئە دۆلىتى ئىدى) دەۋرىگە كەلگەندە، شىئەلەر بىلەن مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئالاقىسى كۈچەيگەن ۋە بۇ دۆلەتنىڭ سايىسىدا مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئورنى يۈكسەلگەن. ئۆز دەۋرىدىكى مۇئتەزىلىلەرنىڭ كاتتىۋېشى سانىلىدىغان قازى ئابدۇلجاببار ھىجرىيەنىڭ 360 ـ يىلى بۇۋەيھى دۆلىتىنىڭ ھىمايە قىلىدىغان ۋەزىر ساھىب ئىبنى ئۇببادتەرىپىدىن رەيىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ساھىب ئىبنى ئۇبباد مۇئتەزىلە رافىزىلىرىدىن ئىدى. بۇ ھەقتە زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ شىئە، مۇئتەزىلە ۋە بىدئەتچى ئىدى". مەقرىزىي مۇنداق دەيدۇ: "مۇئتەزىلە مەزھىپى ئىراق، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە بۇۋەيھىييە دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا تارقالدى. "بۇ دەۋردە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ بىرى، شەرىيف ئەلمۇرتەزا بولۇپ، زەھەبىي ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ئۇ كالام ئىلمى، مۇئتەزىلە، ئەدەبىيات ۋە شېئىر

www.munber.org

قاتارلىقلاردا راسا يېتىشكەن ھوشيار، ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئەمما، ئۇ خالىس ئىماملارنىڭ بىرىدۇر."

◈ بۇلاردىن كېيىن، شىئە ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان بەزى پىرقىلەر تۇتۇپ ماڭغان تەرەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇئتەزىلە مۇستەقىل پىكىرلىك ھالىتىنى يوقىتىش گىردابىغا كىلىپ قالدى.

◈ ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە، يېڭى ئەقلىچىلىك مەدرىسىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ قولىدا مۇئتەزىلە پىكرى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. يېقىنقى زامان مۇئتەزىلە پىكرى ھەققىدە تېمىمىزدا تەپسىلى توختىلىمىز.

◈ ۋاسىل ئىبنى ئەتانىڭ قولىدا تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى يۇقىلىشى ۋە شىئە، ئەشئەرىييە ۋە ماتۇرىدىييەگە ئوخشىغان باشقا مەزھەپلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنگىچە بولغان جەرياندىكى مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك مۇتەپەككۇرلىرىنى تۆۋەندە زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز:

- ئەبۇ ھۇزەيل ھەمەدان ئىبنى ئەلھۇزەيل (135ھ - 226ھ - )، ئەبدۇلقەيسنىڭ مەۋلاسى، مۇئتەزىلىلەرنىڭ شەيخى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنازىرىچىسى. ۋاسىل ئىبنى ئەتادىن مۇئتەزىلەنى قوبۇل قىلغان ئوسمان ئىبنى خالىدتىن بۇ ئەقىدىنى قوبۇل قىلغان. پەيلاسوپلارنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن مۇئتەزىلىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئارىستوتىل، ئەنبادقلىس قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ ئىلىم بىلەن ئالىمدۇر، ئىلمى ئۇنىڭ زاتىدۇر. قۇدرەت بىلەن قادىردۇر، قۇدرىتى ئۇنىڭ زاتىدۇر." (باغدادىينىڭ "پىرقىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر" ناملىق كىتابى، 76 - بەتكە قاراڭ) ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "ھۇزەيلىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- ئىبراھىم ئىبنى يەسار ئىبنى ھانئ ئەننىزام (231ھ - ۋاپات بولغان). ئۇ ئەسلىدە براھمان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئومۇ باشقا مۇئتەزىلىلەرگە ئوخشاشلا يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ "تۇغۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پىئىللىرىدىندۇر" دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "نىزامىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- بىشىر ئىبنى ئەلمۇئتەمىر (226ھ - ۋاپات بولغان)، مۇئتەزىلە ئالىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ تۇغۇلدۇرۇش قارىشىنى كۆتىرىپ چىققان ۋە بۇ قاراشتا دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ "بارلىق تۇغۇلغان نەرسىلەر ئىنسانىنىڭ پىئىلى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭ، تەم، مەنزىرە ۋە پۇراق بىرىشى يوللۇق" دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "بىشرىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- مۇئەممەر ئىبنى ئەبباد ئەسسىلمىي (220ھ ۋاپات بولغان)، ئۇ سۈپەتلەرنى، قەدەرنىڭ ياخشى - يامىنىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش سۆزىنى ئىنچىكىلەش سېپىدىكى قەدەرىييەلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "مەئمەرىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

www.munber.org

- ئەبۇ مۇسا تەخەللۇسى، مەردار لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئىيسا ئىبنى سۇبەيھ (226ھ - ۋاپات بولغان). ئۇ مۇئتەزىلەنىڭ راھىبى، دەپ ئاتالغان. كۇپۇرغا چىقىرىۋېتىش مەسىلىسىدە بەك دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ھەتتا مۇئتەزىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ئۇممەتنى كاپىرغا چىقارغانلىقى بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "مەرداۋىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- سەمامە ئىبنى ئەشرەس ئەننۇمەيرى (213ھ ۋاپات بولغان) دىنىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سۇسلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەگەر پاسىق تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ ۋە پاسىقنىڭ دۇنيا ھاياتىدا ئىككى مەنزىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىلدە تۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. مەئمۇن، مۇئتەسىم ۋە ۋاسىقنىڭ دەۋرلىرىدە قەدەرىييەچىلەرنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ مەئمۇننى قىزىقتۇرۇپ، مۇئتەزىلەگە ئەگىشىشكە چاقىرغانلىقمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "سەمامىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- ئەمرۇ ئىبنى بەھر: ئەبۇ ئوسمان ئەلجاھىز (265ھ ۋاپات بولغان): مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلىرى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ بىرى. ئەدەبىي يېزىقچىلىقتىكى بالاغىتى ئارقىلىق مۇئتەزىلەگە ئائىت پىكىرلىرىنى يازغان نەرسىلىرىگە سىڭدۈرەلىگەن. مەسىلەن "البيان والتبيين" ناملىق كىتابىدا قايماققا زەھەر ئارىلاشتۇرغىنىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "جاھىزىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- ئەبۇلھۇسەين ئەبۇ ئۆمەر ئەلخەييات (300ھ ۋاپات بولغان): باغداد مۇئتەزىلىلىرىدىن بولۇپ، يوق نەرسە ماددا، يوق نەرسە مەۋجۇت بولۇشتىن ئىلگىرى ماددىدۇر، دېگەن بىدئەت قارىشىدا يالغۇزدۇر. ئۇ يەنە ئالەمنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ خىل قاراشلىرى بىلەن بارلىق مۇئتەزىلىلەرگە قارشى مەيداندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى "خەيياتىييە" دەپ ئاتىلىدۇ.

- ئەلقازىي ئابدۇلجاببار ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەلھەمەدانىي (414ھ ۋاپات بولغان): ئۇ مۇئتەزىلىلەرنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىدىن بولۇپ، رەي قازىلىرىنىڭ قازىسى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. ئۆز دەۋرىدىكى مۇئتەزىلە شەيخلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى. ئۇ مۇئتەزىلىلەرنىڭ تارىخىنى يازغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدە، پىكىر ساھەسىدىكى مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى قانۇنلاشتۇرغان.

## پرىنسىپ ۋە پىكىرلەر

◈ مۇئتەزىلە دەسلەپكى مەزگىلدە ئىككى خىل بىدئەت پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان:

بىرىنچى: ئىنسان قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىدا شەرتسىز تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ، مەسئۇلىيەت بۇنىڭغا ئاساسەن بەلگۈلەنگەن، دېگەن قاراش. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرى غەيلان ئەددەمەشقىي بولۇپ، ئۇ بۇخىل پىكىرگە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ

www.munber.org

دەۋرىدە چاقىرىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇ سەۋەبلىك ھىشامنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

- ئىككىنچى: گۇناھى كەبىرە ئۆتكۈزگەن كىشى مۆمىنمۇ ئەمەس، كاپىرمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ پاسىقتۇر. ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالى ئىككى مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىلدە بولىدۇ، دېگەن قاراش. ئۇ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلمىغان، ئۇ شۇڭا جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇنى ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، مۇسۇلمان، دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. ئىككى شاھادەتنى ئېيتىدۇ، ئەمما مۆمىن، دېيىلمەيدۇ.

◈ كېيىن، مۇئتەزىلىلەر مەزھىپىنى بەش خىل پرىنسىپ بويىچە رەتلىگەن:

1 - تەۋھىد

2 - ئادالەت

3 - ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

4 - ئىككى مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىل

5 - ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش

1 - تەۋھىد: ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ خۇلاسىسى، ئاللاھ تائالا ئوخشىتىش ۋە مىسال ئېلىشتىن پاكتۇر. «ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر» ، ھېچكىم ئۇنىڭ سۇلتانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ، ئىنسانلاردىكى ھېچقانداق ئىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقىقەت، ئەمما ئۇلار بۇلارغا ئاساسەن باتىل نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: سۈپەتلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنىڭ مۇمكىنسىزلىكى، سۈپەتلەر زاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كۆنىلار كۆپەيگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سۈپەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن سانىلىدۇ. يەنە ئۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلەش سۈپىتىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2 - ئادالەت: ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئادالەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ياراتمايدۇ، بۇزۇقچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بەندىلەر بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىدۇ، توسۇلغان ئىشلارنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرغان قۇدرەت ئارقىلىق قىلمايدۇ. ئۇ ئىرادە قىلمىغان ئىشقا بۇيرىمايدۇ، يامان كۆرمىگەن نەرسىدىن توسمايدۇ. ئۇ بۇيرىغان بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئىگە بولىدۇ، توسقان بارلىق يامان ئىشلاردىن پاكتۇر. بەندىلەرگە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئارتمايدۇ، قادىر بولالمايدىغان ئىشلارنى ئىرادە قىلمايدۇ. بۇ قاراشلار ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئىرادىسى بىلەن شەرئىي ئىرادىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىشىدىن نەتىجىلەنگەن.

www.munber.org

3 ـ ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش: يەنى، ئاللاھ تائالا مۆھسىن كىشىنى ياخشىلىق بىلەن، يامان ئىش قىلغۇچىنى يامانلىق بىلەن جازالايدۇ. چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىنى تەۋبە قىلمىغۇچە ئەپۇ قىلمايدۇ.

4 ـ ئىككى مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىل: يەنى، چوڭ گۇناھ (گۇناھى كەبىيرە) ئۆتكۈزگەن كىشى ئىمان بىلەن كۇپۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزىلدە تۇرىدۇ، ئۇ مۆمىنمۇ كاپىرمۇ ئەمەس. بۇنى مۇئتەزىلىلەرنىڭ شەيخى ۋاسىل ئىبنى ئەتا ماقۇللىغان.

5 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش: ئىسلام دەۋىتىنىڭ تارقىلىشى، ئازغۇنلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ساھىبلىرىنىڭ يېتەكلىنىشى ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب ئىكەنلىكىنى، ھەممەيلەننىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە، يەنى سۆزلىيەلەيدىغىنى تىلى بىلەن، ئالىم ئىلمى بىلەن، قىلىچى بارى قىلىچى بىلەن.. ۋەھاكازا تارقىتىشى كېرەكلىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ پرىنسىپنىڭ ھەقىقەتلىرىدىن بىرى، ئەگەر ھاكىم ھەقىقەتتىن ئېغىپ كەتسە ياكى قارشى چىقسا، ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

◈ مۇئتەزىلىلەرنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئەقىدىلىرى ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈشتە تامامەن ئەقىلگە تايىنىش. ئەقىدىلەرنى بايقاش، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلىشتە ئەقىلگە تايىنىشلىرىنىڭ ئىزلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا ئەقىل ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىدۇ. شەھرىستانىينىڭ "الملل والنحل" ناملىق كىتابىدا كەلگەن بايانلارغا كۆرە ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەت بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئەقىلگە ئويغۇن، ئەقلىنىڭ قارىشىدا ۋاجىب. نېمەت بەرگۈچىنىڭ شۈكۈر قىلىشى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنلار ۋاجىب. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بۇ ئىككىسىنىڭ زاتىدىكى ئىككى خىل سۈپەتتۇر."

ـ ئەقىلگە تايىنىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى، ئەرشتە قارار تېپىش، قول، كۆز، شۇنىڭدەك، مۇھەببەت، رازىلىق، غەزەب، قاتتىقلىق قاتارلىق سۈپەتلەرنى تۇن كەبى ئەقىللىرىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەۋىل قىلىدۇ. مەلۇمكى، مۇئتەزىلىلەر سۈپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەمەس، ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ـ ئەقىلگە تايىنىدىغانلىقلىرىنىڭ يەنە بىر دەلىلى، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىغا ھاقارەت قىلغان، ئۇلارنى يالغانچىلار قاتارىغا چىقارغان. ۋاسىل ئىبنى ئەتا: تۆگە ئۇرۇشى كۈنىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى پاسىقتۇر. بىر بولسا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەممار ئىبنى ياسىر، ھەسەن، ھۈسەين ۋە ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىيلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ياكى بولمىسا، ئائىشە ۋە زۇبەير قاتارلىقلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، دەپ بىلجىرلىغان. ئۇ ساھابىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى "گۇۋاھلىقلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ" دەپ رەت قىلغان.

ـ مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشلىرىنىڭ ۋە تائىپىلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب، باشتىكى قۇرلاردا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ سەھىھ سۈننەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، كولىماستىن،



www.munber.org

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماستىن ئەگىشىشنى رەت قىلىپ، ئەقىلگە تايىنىشلىرىدىن كىلىپ چىققان. بۇ مەسىلىدە ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان قائىدىسى تۆۋەندىكىچە:

"ھەر بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى دىنىنىڭ ئاساسىدا ئىلىپ بارغان ئىجتىھادى تەقەززا قىلغان ئىشلارنى قىلىشى لازىم." ئۇلارنىڭ مەزھىپىگە كۆرە، بىر تالىبنىڭ ئۇستازى بىلەن ئىختىلاپ قىلىششى ئۇنىڭ بىر پىرقە ساھىبى بولۇشىغا كۇپايە قىلىدۇ. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى، پەقەت تالىبنىڭ شەيخى بىلەن قىلىشقان ئىختىلاپلىرىدىن كىلىپ چىققان. ئەبۇ ھۇزەيل ئەللافنىڭ پىرقىسى بار، ئۇنىڭ شاگىرتى نىزام قارشى چىقىپ، ئۇنىڭمۇ پىرقىسى شەكىللەنگەن. نىزامغا تالىبى جاھىز قارشى چىقىپ، ئۇنىڭمۇ مۇستەقىل پىرقىسى شەكىللەنگەن. جەبائىينىڭمۇ پىرقىسى بار. ئۇنىڭغا ئوغلى ئەبۇ ھاشىم ئابدۇسسالام قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغىمۇ بىر پىرقە شەكىللەنگەن ۋەھاكازالار.

- دەرۋەقە، مۇئتەزىلىلەرنىڭ دىنىنى بىر قاتار ئەقلىي مەسىلىلەر ۋە لوگىكىلىك پاكىتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ھىس قىلىمىز. بۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن يۇنان ، خۇسۇسەن ئارىستوتىل لوگىكىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغانلىقىدىن كىلىپ چىققان.

◈ ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇئتەزىلىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئۇز دەۋرىدە پاچاقلاپ تاشلىغان. ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەريي ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ پىرقىسىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ دەلىلى ۋە مۇنازىرىدىكى ئۇسلۇبىنى ياقلىغان ھالدا ئۆزلىرىگە رەددىيە بىرىشكە ئۆتكەن... ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇرئان مەخلۇق، دىگەن پىتنىگە مۇناسىۋەتلىك ئوتنىڭ ئۇستىگە ئىمام ئەھمەد كەلگەن ۋە ئاز كۆرۈلىدىغان جاسارەت ۋە ئىرادە بىلەن بۇ پىتنىگە قارشى تۇرغان.

- كۆچلۈك پاكىت، قايىل قىلارلىق ئۇسلۇب بىلەن بىرىلگەن رەددىيەلەرنىڭ بىرى، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ "درء تعارض العقل والـنقل" نامىلىق كىتابىدا يازغان رەددىيەلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ قاراش ۋە پىكىرلىرىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ، ئىغىزلىرىنى تۇۋۇقلاپ قويغۇدەك رەددىيەلەرنىڭ بەرگەن. ساغلام ئەقىلنىڭ سەھىھ دەلىلگە قارىمۇ قارشى كىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

◈ ئۇ بۇ تەتقىقاتىدا مۇئتەزىلىلەرنىڭ ۋەھيىنىڭ نەسلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئەقىلگە تايانغانلىقلىرىنى بىر قانچە قېتىم زىكىر قىلغان. كىملەرنىڭدۇر كاللىسىغا ئىسلام ئەقىلگە قارشى، زورلۇق قىلىشقا ئورۇنىدىغان دىن ئىكەن، دىگەن خىياللار كىلىپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل چۈشەنچىنى، ئىسلامنىڭ ئاسمان زىمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر - تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى - يامان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يول قويۇلغان، ئىجازەت بىرىلگەن مەسىلىلەرنى بايقاشتا ئەقلنى ئىشلىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈشكە چاقىرىشى رەت قىلىدۇ. ئەققاد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) "تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئىسلامىي پەرز" نامىلىق كىتابىدا يازغان مەسىلىلەرمۇ ئۇ خىل چۈشەنچىگە رەددىيە بىرىدۇ. مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئىغىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئەقىلنى ئۆزىنىڭ ساھەسى بولمىغان، توغرا ئەقلى مۇھاكىمە ئىلىپ بارغىلى بولمايدىغان، ھىسنىڭ سىرتىكىدىكى غەيبى مەسىلىلەرگە كىرىشىپ قالغانلىقىدا. ئۇلار يەنە مۇئەييەن مۇقەددىمىلەرگە ئاساسەن بىر قاتار

www.munber.org

مەسىلىلەرنى توراقلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا شەرتسىز شەكىلدە توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئەقلىي قاراش ۋە يەكۈنلەرنى چىقىرىشتا ئىشلەتكەن ئوخشاش ئۇسلۇبلارغا تايىنىپ تۇرۇپ چىقارغان تەقدىردىمۇ ھەممىسە قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ «ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر» دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش. توغرىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرگەن سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلماسلىقتۇر. ئەمما، بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى مەخلۇقلارنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدىغانلىقى چۈشىنىلىدۇ.

ئۆلىمالار ئەقلنى ئىشلىتىش ساھەسىنى بىر قانچە تۈرلۈك قائىدە بىلەن توراقلاشتۇرغان:

- سەھىھ نەسلەرگە زىت كەلمىگەن بولۇش.

- غەيبى مەسىلىلەردە ئەقىل ئىشلەتمەسلىك. چۈنكى، ئۇنى بىلىشنىڭ يىگانە ۋە ساغلام مەنبەسى ۋەھيىدۇر.

- تەۋقىفىي (مۇقىملاشتۇرۇلغان) نامى بىلەن تونۇلغان، ھېكمىتى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەردە شەرئىي دەلىللەرنى ئەقلىنىڭ ئالدىغا قويۇش.

شەكسىزكى، ئىسلامنىڭ ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىشى، پىكىر ـ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرىشى، ساغلام شەرئىي دەلىللەرنىڭ ئالدىغا قويۇلمايدۇ؛ چۈنكى ئەقىلنىڭ نۇرغۇن تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللار سەۋەبلىك تەسىرلىنىشى، ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ بارلىق ئىشلاردا مۇتلەق (شەرتسىز) ھۆكۈم ساھىبى بولۇش سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. مەلۇمكى، ئىسلامىي پىكىر بويىچە مەرىپەتنىڭ مەنبەسى تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

1 ـ بەش ئەزا ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى مەۋجۇداتلار ئارقىلىق ھېس قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەر.

2 ـ ئەقىل: بەش ئەزا ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەر، كۆرۈش ۋە تەجرىبە قىلىش مۇمكىن بولىدىغان مەلۇماتلار ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەقلىي جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن شەخسنىڭ ساپاسى، جەمئىيىتى ۋە باشقا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارغا تايىنىدۇ.

3 ـ كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ۋەھيى: بۇ ئىككىسى، غەيبكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، بەش ئەزا بىلەن بايقىلى بولمايدىغان نەرسىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھازىرلىغان نەرسىلىرى، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرى ۋە باشقىلارنىڭ يىگانە ۋە ساغلام مەنبەسىدۇر.

ھالبۇكى، بۇنىڭدىن شەرئىي نەسلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئەقىل بىلەن نەقىلنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا تاكامۇللىشىشى ۋە ئۆلىمالار بەلگۈلىگەن شەرتلەرگە بوي سۇنۇشنىڭ لازىملىقى، ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## پىكرى ۋە ئەقىدىسىنىڭ كىلىپ چىقىشى

www.munber.org

◈ مۇئتەزىلىلەردىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش پىكرى يەھۇدىي پەلسەپىسىنىڭ نىگىزىغا قايتىدۇ. دەيدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار. چۈنكى، جەئد ئىبنى دەرھەم پىكىرلىرىنى ئەببان ئىبنى سەمئاندىن قوبۇل قىلغان. ئەببان تالۇت دېگەن بىر كىشىدىن، ئۇ ئانا تەرەپ تاغىسى لەبىيد ئىبنى ئەئسەم ئىسىملىك بىر يەھۇدىيدىن قوبۇل قىلغان.

يەنە بىر خىل قاراشتا، جەھم ئىبنى سەفۋان تاناسۇخ (ئۆلگەن كىشىنىڭ روھىنىڭ ئۆزىدىن يوقىرى ياكى تۆۋەن دەرىجىدىكى بىرەر ھايۋانغا كۆچىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ئەقىدە بولۇپ، قەدىمقي ھىندىلاردا كۆپ ئومۇملاشقان ئەقىدە. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ـ تەرجىمان) ئەقىدىسىدىكى سەمەنىيە ئىسىملىك بىر ھىندى پىرقىسى بىلەن مۇناقىشە ئېلىپ بارغان، بۇ مۇناقىشىلەر نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆز دىنىدىن گۇمانلىنىشىنى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتەك بىدئەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدەك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارغان.

◈ ئەزەلىي سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىش، ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ھۆرلۈكى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىدىغان يۇھەننا دەمەشقى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ پىكرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى مۇئتەزىلىلەر پىكرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى.

ـ مۇئتەزىلىلەردىكى تەقدىرنى ئىنكار قىلىش مەسىلىسى مەئبەد ئەلجۇھەنى ۋە غەيلان ئەددەمەشقى قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىككىسى يوقىرىقى پىكرىنى ئەبۇ يۇنۇس سىنسەۋەيھ ئىسىملىك بىر خىرىستىياندىن ئۆگەنگەن. ئەمما ۋاسىل ئىبنى ئەتانىڭ دوستى ئەمرۇ ئىبنى ئۇبەيد تەقدىرنى ئىنكار قىلىش ئىدىيىسىنى مەئبەد ئەلجۇھەنى ئارقىلىق قوبۇل قىلغان.

ـ مۇئتەزىلىلەر زات ۋە سۈپەت مەسىلىلىرىدە يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭغا يۇنان پەيلاسوپى ئەنباد قلىيسىنىڭ مونۇ سۆزىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن: ”بارىي (ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ـ ت) تائالانىڭ سالاھىيتى ھېلىھەم پەقەت ئىلىمدىلا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ خالىس ئىلىم، خالىس ئىرادە، خالىس ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق، قۇدرەت، ئادالەت، ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت. لېكىن بۇ يەردە بۇ ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان كۈچ يوق، بەلكى ئۇ ئۇدۇر، ئۇ بۇلارنىڭ جوغلانمىسىدۇر" ـ ظةلمعلةل ۋةتنعهةلنعث 2 ـ جعلد، 58 ـ بةتكة قاراث.

شۇنىڭدەك ئارىستوتىلنىڭ بىر قىسىم كىتابلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بار "بارى ھەممىنىڭ ئىلمىي، ھەممىنىڭ قودرىتى، ھەممىنىڭ ھاياتى، ھەممىنىڭ كۆزىدۇر."

بۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغان مۇئتەزىلىلەرنىڭ شەيخى ئەللاف مۇنداق دېگەن " ئاللاھ ئېلىمگە ئالىمدۇر، ئۇنىڭ ئىلمىي زاتىدۇر، ئۇ قودرەتنىڭ ساھىبىدۇر، قۇدرىتى زاتىدۇر، ئۇ ھاياتتۇر، ھاياتى ئۇنىڭ زاتىدۇر."

ـ شۇنىڭدەك ئەننىزام ، دىنسىز پەيلاسوپلاردىن "ئايرىلماس قىسىم"نى يوققا چىقىرىش سۆزىنى قوبۇل قىلغان ۋە كېيىنچە بۇنىڭغا ئاساسەن "تۇفرە" يەنى جىسىمنىڭ (ئا) ماكاندا بولۇشى، كېيىن ئۇنىڭ (ب) نوقتىدىن ئۆتمەيلا (ج) ماكاندا پەيدا بولۇپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

www.munber.org

- ئەھمەد ئىبنى خابت، ئەلفەزل ئەلھەدەسلەر نىزامنىڭ تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، پەيلاسوپلارنىڭ كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلغان ۋە پىكىر پەلسەپىسىنى ھىندى ۋە خرىستىئان پىكىرلىرى بىلەن شالغۇتلاشتۇرغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 - مەخلۇقاتلاردىن ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئالىدۇ.

2 - ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا جىسمانى جەسەت كەيدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ جەسەتلەشتۈرۈلگەن قەدىمىي سۆزدۇر.

3 - تەناسۇخ ( ئۆلۈكلەر روھىنىڭ ھايۋانلارغا كۆچىشى )

4 - ئاللاھنى كۆرۈشكە دائىر بارلىق دەلىللەرنى بايقىغۇچىلارنىڭ تونجىسى بولغان تونجى ئەقىلنىڭ كۆرىشى دېگەن قاراشقا بوراش. ئۇ پائالىيەتچان ئەقىل بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق سۈرەت مەۋجۇداتلار تەرىپىگە ئاقىدۇ.

◈ ئالىملار، مۇئتەزىلىلەرنىڭ يازغۇچى - مۇتەپەككۇرى سانىلىدىغان جاھىزنىڭ قىلغان ئىش - كۈشلىرىغا قاراپ، مۇئتەزىلىلەر پىكرىگە يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جاھىز پەيلاسوپلارنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرىگە ئەگەشكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ماقالىلىرىنى ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك ئىبارىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ۋە راۋاجلاندۇرغان.

- يەنە مۇئتەزىلىلەر پىكرىنىڭ كىلىپ چىقىشىنى ئوخشىمىغان تائىپىلەرگە مەنسۇپ نۇرغۇن پىرقىلەر ياشاپ كەلگەن ئىراقتىكى (مۇئتەزىلىلەر كىلىپ چىققان رايون) ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ۋە پىكىر ئېقىملىرىغا چېتىپ ئىزاھلايدۇ. مۇئتەزىلىلەرنى بەزىلەر پىكرى جەھەتتىن كىلدانىلىقلارغا باغلىسا، يەنە بەزىلەر پارىسلارغا، خرىستىئانلارغا، يەھۇدىيلارغا ھەتتا مەجۇسىيلارغا قەدەر چېتىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ئىسلامنى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇد مەلۇماتلىرى، دىنىي ۋە مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە ئاساسەن چۈشەنگەن.

## يېڭى دەۋر مۇئتەزىلە پىكرى:

◈ زامانىمىزدىكى بىر قىسىم يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرلار زامان تەرىپىدىن ئونتۇلۇپ كىتەيلا دەپ قالغان مۇئتەزىلىلەر پىكرىنى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر تون كەيگۈزۈيدى ۋە ئاقارتىش، يېڭىلاش، ئەقلانىيەتچىلىك، ھۆر پىكىر، تەرەققىيات، زامانىۋىلىشىش، ئاڭلىق دىنى ئېقىم ياكى ئىسلامى ئېقىم ... دېگەنگە ئوخشاش يېڭى - يېڭى ئىسىملار بىلەن ئاتاشتى.

- بۇ خىل ئەھۋال غەربنىڭ ماددىنى چۆرىدىگەن ئەقلىيەتچىلىك پىكىر ئېقىمى ئارقىلىق كۈچلەندى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان مۇئتەزىلىلىرى شەرئىي نەسلەرنى ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە كۆرە تەپسىرلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى...گويا ئىلگىرىكى مۇئتەزىلىلەرگە ئوخشاشلا شەرئىي نەسلەرنى بوراپ ئىزاھلاشنى ئادەت قىلىۋېلىشتى. بارا - بارا ئىسلامنىڭ پىكرى مەنبەلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئويغۇن جايلارنى ئىزدەشكە كىرىشتى ۋە مۇئتەزىلە ئىدىيىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان نوقتىلارنى ئۇچراتتى. بۇ سەۋەپلىك ماددىي مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىشتى... گويا شەيخ

www.munber.org

مۇھەممەد ئەبدە نىڭ پىل ئەھلىنىڭ ئۇچار قۇشلار كۆتىرىپ كىلىپ تاشلىغان تاش ـ شېغىل ئايىتى بىلەن ھالاك قىلىنغان پىل ئەھلىگە دائىر قىسسىنى تەپسىر قىلغىنىغا ئوخشاشلا.

◈ ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يىگانە يولى ئەقىلدۇر، ھەتتا بۇ ھەقىقەت غەيىب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ.. دەۋاسى ھازىرقى زاماندىكى يېڭى مۇئتەزىلىلەر پىكرىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مۇئتەزىلە پىرىنسىپلىرىنىڭ بىرى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بارلىق پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنى ئىنسانىنىڭ يىتەرسىز ئەقلىگە بويسۇندۇرىدۇ.

◈ مۇئتەزىلە پىكرىدىكى ئەڭ خەتەرلىك نوقتىلارنىڭ بىرى: قۇرئان، سۈننەتتە ئېنىق ئايەت ۋە ھەدىسلەر مەۋجۇت بولغان شەرئىي ئەھكاملارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشىدۇر. مەسىلەن بۇ خىل پىكىرنىڭ ساھىبلىرى ھىجاب، كۆپ خوتۇنلۇق مەسىلىسى، تالاق، مىراسقا دائىر ئىشلار ئۈياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، مۇرتەدنىڭ جازاسى، جىھادنىڭ پەرزلىگى، ھەد ئۇرۇش.. قا ئوخشاش ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشقا، بۇ نوقتىدا ئەقىلگە كەڭ ئورۇن بىرىشكە چاقىرىدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار كەڭ ئورۇن بەرمەكچى بولغان ئەقىل بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ھازىرقى زامان غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ قاراشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەقىلدىن ئىبارەت.

◈ ھازىرقى زامان مۇئتەزىلىلەر پىكرىنىڭ رەھبەرلىرى: مىسىر ئاياللىرىنىڭ ھىجابىنى تاشلىشىغا چاقىرغان سەئد زەغلۇل، "ئاياللارنى ھۆرلەشتۈرۈش ۋە يېڭى ئاياللار" ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى قاسىم ئەمىن، "ئەۋلادلار ئۇستازى" دەپ نام ئالغان لۇتفى سەييد، "ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تۈۋرۈگى" دەپ ئاتالغان تاھا ھۈسەيىن قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئەللىرىدە يوقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ھەسسە قوشقانلار.

◈ ئەمما ھىندىستاندا ئەنگىلىيە باسمىچىلىرى تەرىپىدىن "سىر" ئۇنۋانى بىرىلگەن سىر سەييد ئەھمەدخان ھازىرقى زامان مۇئتەزىلىلەر پىكرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭچە ئىسلام ھوقۇقچىلىقىنىڭ مەنبەسى سۈننەت ئەمەس پەقەت قۇرئان كەرىمدۇر. ئۇ يەنە سودا مۇئامىلىلىرىدىكى نورمال ئۆسۈمنى ھالال دەپ قارايدۇ، رەجىم ۋە ھىرابە جازالىرىنى رەت قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا جىھادنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرىقى نوقتا پەقەت ئىنگىلىزلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزىدۇر؛ چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى ھىندىستان مۇسۇلمان جىھادلىرىغا نۇرغۇن قېتىم دۇچ كەلگەن.

ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ شاگىرتى سەييد ئەمىر ئەلى مەيدانغا كىلىپ، مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ئەھلى كىتابلار بىلەن ئۆيلىنىشىگە بولىدۇ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىششى نورمال ئىش دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ـ ئۇلارنىڭ قاتارىدا يەنە، دىنغا بولغان قارىشىنى بىلىنمىگەن سىكولارىست مۇتەپەككۇرلارمۇ بار. مەسىلەن، بارلىق غەيبى ئىشلارنى ئىنكار قىلىدىغان ھازىرقى زامان بەشەرىي پەلسەپىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان (لوگىكا) نەزىرىيىسىنىڭ ساھىبى زەكى نەجىب مەھمۇد. ئۇ مۇئتەزىلە مەدەنى مىراس، بۇنى جانلاندۇرۇشىمىز لازىم ۋە

www.munber.org

دەۋرىمىز ئەۋلادلىرى ھازىرقى دەۋردىكى مەۋجۇد كىرزىسلارغا قارىتا مۇئتەزىلىلەرنىڭ مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇشنى لازىم دەپ بىلجىرلايدۇ. ( "تجديد الفكر العربي" ناملىق كىتابنىڭ 123 ـ بېتىگە قاراڭ)

ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە، ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى، ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىسلام تېخى قاتارلىق بىر قىسىم تارىخى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئەمىنمۇ بار. ئۇ گويا مۇئتەزىلىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى دېگەندەك قاراشتا، مۇئتەزىلەنىڭ ۋاپاتىغا "قەدىمكى تارىخ" ناملىق كىتابىدا قاتتىق قايغۇرىدۇ. "ئىسلام تېخى" كىتابىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ "مېنىڭچە مۇئتەزىلەنىڭ ئۆلۈمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ يوقۇتۇشلىرىنىڭ بىرى" ـ 3 ـ جىلد، 207 ـ بەت.

ھازىر ئىسلام دەۋەت سېپىدە چېپىۋاتقان ھايات كىشىلەر ئارىسىدىمۇ شەرىئەت ۋە ئەقىدىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئەقلىيەتچىلىك مېتودىنى ياقلاشقا چاقىرىدىغانلار بار. مەسىلەن؛ دوكتۇر مۇھەممەد فەتھىي ئوسمان "ئىسلامىي پىكىر ۋە تەرەققىيات" ناملىق كىتابىدا ۋە دوكتور ھەسەن تۇرابى ئۇسۇل ئەلفىقھى (فىقھىي مېتودولوگىيىسى) نى يېڭىلاشقا قىلغان چاقىرىقىدا مۇنداق دەيدۇ: " زامانىمىزدا ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاش ناھايىتى زور دەرىجىدىكى ئەقلىي ئىجتىھادقا ئېھتىياجلىق. ئەقلىنىڭ بۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىگە ئاقىلنىڭ ئېتىرازى چىقمايدۇ. بىز مۇھتاج بولىۋاتقان ئىجتىھاد يالغۇز شاخچە مەسىلىلەردىلا ئەمەس، ئاساس (ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى ـ دېمەكچى، ت) قا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ." (المعتزلة بين القديم والحديث) ناملىق كىتابنىڭ 138 ـ بېتىگە قاراڭ.

ـ يەنە بۇ ساھەدە يوقىرىقى مېتود بويىچە مېڭىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئەسىرداش يازغۇچىلار، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىمۇ بار. ئۇلار ئىجتىھاد ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، شەرئىي ئەھكاملارنى ساپلاشتۇرۇش ھەتتاكى تارىخىي ۋەقەلەردىمۇ ئەقلىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە رول ئوينىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلار، فەھمىي ھۇۋەيدى، مۇئتەزىلىلەرنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋي مىراسلىرىنى تىرىلدۈرۈشتە زور دەرىجىدە كۈچ چىقارغان مۇھەممەد ئەممارە، خالىد مۇھەممەد خالىد، مۇھەممەد سەلىم ئەلئەۋۋا ۋەباشقىلار. ئىسلام شەرىئىتى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئەقىل ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىجتىھادقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىغا قىل سىغمايدۇ. بىراق، بۇ ئىشلار ئۆزىنىڭ تۇراقلىق پاكىتلىرى (نەسلەر) دائىرىسىدە بولۇشى، مۇئەييەن چېگراسى بولمىغان سىرتقى تەسىرلەر، ئەجنەبىلەرنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئەمەس، ئۆز ئىستەكلىرىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ھېچقانداق بىر يېرىدىن باتىل ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولمىغان ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن جانلاندۇرۇشقا چاقىرىشنىڭ ئورنىغا ھايات ھادىسىلىرى ۋە ئەجنەبىلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈشكە ئورۇنىدىكەن، نەتىجىدە، ئىسلامنىڭ ئىسمىدىن، شەرىئەتنىڭ شەكلىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلاممۇ گويا، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە كۆز ـ قاراشلارغا ئەگىشىش سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كېتىپ، ھازىرقى كۈندە ئەسلى مەنبەسى بىلەن

www.munber.org

ھېچقانداق ئالاقىسى قالمىغان بورۇنقى ساماۋىي دىنلارغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: مۇئتەزىلە ھەرىكىتى ئىسلام ھۆكۈم سۈرگەن ئەسىرلەردە بىر قىسىم مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئايىقى يەتكەن جەمئىيەتلەردە كەڭ تارقالغان پەلسەپىلەرگە قىزغىن كىرىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھەرىكەت ئىسلامغا قارشى تۇرغان، ئۇنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىگە دائىر قاراشلىرىنى بورمىلاشقا ئورۇنغان كىشىلەرگە، ئوخشاش پىكىر ۋە ئوخشاش مېتودلار ئارقىلىق قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ پەقەت شۇ خىل مەدەنىيەت ھاۋاسىدا يېتىشكەن دىنسىزلارغا ئۇلار چۈشىنىدىغان ئۇسلۇپ بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئىسلامنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق بۇ خىل يۈزلىنىش گويا مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىشتىن يىراق تۇرۇش نىيىتىدە، ئىلاھىي سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىغىنىغا ئوخشاش كۆپلىگەن يولسىزلىقلار ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشلەرگە ئېلىپ باردى.

يەنە شۇ نەرسىمۇ ئېنىقكى، يېڭى مۇئتەزىلە ئەگەشكۈچىلىرىمۇ، ئىلگىرىكىلەر چۈشكەن ئورەككە چۈشتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ھازىر ئىجتىھاد بابىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتقانلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئىسلامنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى ھمايە قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلارلىق شەكىلدە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسلام غەرب مەدەنىيىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن ئارتۇق بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئەمەس، دېگەننى ئىسپاتلايمىز، دېمەكچى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكىلەر بورۇنقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۈگىنىشى، ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە راۋاجلىنىشى، ئۇنىڭ مېتودىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، شەرىئىتىنىڭ مىسلىسىزلىقى ۋە ئۇنى ئومۇمىيلىق، كامىللىقتا سەلەپ - سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان، ھەدىسنى مەركەز قىلغان دائىرىدە باشقا پەلسەپە ۋە مەدەنىيەتلەرنى سىڭىشتۈرگىلى بولىدىغان مۇستەقىل مەنبە دەپ تونۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشى تولىمۇ مۇھىم.

### ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەششەھرىستانى: الملل والنحل
- ئەلباغدادي: الفرق بين الفرق
- ئەلئەشئەري: مقالات الإسلاميين
- د.ئابدۇلكەريم ئوسمان: القاضي عبد الجبار الهمداني
- شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: ابن تيمية

www.munber.org

- شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە: درء تعارض العقل والنقل
- ئىبنى كەسىير: البداية والنهاية
- مۇھەممەد ئەلئەبدە، تارىق ئابدۇلھەلىم: المعتزلة بين القديم والحديث
- ئەھمەد ئەمىين: ضحى الإسلام
- زەكى نەجىيب مەھمۇد: تجديد الفكر العربي
- ئەرەپات ئابدۇلھەمىيد: دراسات في الفرق والعقائد
- ئەسسام ئەلبەشىير: الدعوة إلى التجديد في منهج النقد (ئىمام مۇھەممەد بىن سەئۇد ئىسلام ئۇنۋېرسىتېتىدە سۇنۇلغان ماگىستىرلىك دىسسېرتاتسىيىسى)
- ئەلى سامىي ئەننەششار: عقائد السلف
- سلىمان بىن سالىھ ئەلخەراشى: محمد عمارة في ميزان أهل السنة والجماعة
- سلمان بىن فەھد ئەلئەۋدە: حوار هادىء مع شيخ الغزالي
- د.فەھد ئەررۇمىي: منهج المدرسة العقلية الحديثة في التفسير
- يۇسۇف كامال: العصريون معتزلة اليوم
- د. ئابدۇرراھمان بىن زەيد ئەززەنىيدي: العصرانية في حياتنا الاجتماعية
- مۇھەممەد ھامىد ئەنناسىر: العصرانيون
- مۇھەممەد سۇرۇر زەينۇل ئابىدىين: دراسات في السيرة
- شەيخ ئابدۇللاھ بىن ياسىين: تنبيه الأنام لمخالفة شلتوت الإسلام
- بەستامىي مۇھەممەد سەئىيد: مفهوم تجديد الدين
- د.ھەسەن ئەتتۇرابىي: تجديد أصول الفقه
- جامال سۇلتان: غزو من الداخل
- ئىمام مۇھەممەد بىن سەئۇد ئىسلام ئۇنۋېرسىتېتى ئوسۇلۇددىن پاكولتېتى ژۇرنىلى، 1400ھ - ، 3 - سان: المدرسة العقلية الحديثة وصلتها بالقديمة

www.munber.org

# ئەشئەرىيلەر

## ئىنىقلىما:

ئەشئەرىيلەر: كالامىزمچى ئىسلام پىرقىسى بولۇپ، مۇئتەزىلىلەرگە قارشى مەيداندىكى ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى دېگەن كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئەشئەرىيلەر دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئىبنى كىلابنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇئتەزىلىلەر، پەلسەپىچىلەر ۋە باشقا رەقىبلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە پاكىتلار، ئەقلىي دەلىللەر ۋە كالامىزمنى ۋاستە سۈپىتىدە قوللانغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرى: تولۇق ئىسمى ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئىسمائىل ئەلئەشئەرى بولۇپ، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنىڭ نەسلىدىن. ھىجرىيەنىڭ 270 ـ يىلى بەسرەدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ پىكرى ھاياتى ئاساسەن ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن:

بىرىنچى باسقۇچ: ئۆز دەۋرىدىكى مۇئتەزىلىلەرنىڭ شەيخى ئەبۇ ئەلى ئەلجەبائىينىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە مۇئاۋىنىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئەبۇلھەسەن مۇئتەزىلىلەرگە قىرىق يىل رەھبەرلىك قىلغان.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئۆيىدە ئون بەش كۈن ئېتىكاف قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىستىخارە نامىزى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىگە رەسمىي قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇندىن ھىمايە قىلىپ كەلگەن مۇئتەزىلە مەزھىبىگە قارشى چىققان. مۇئتەزىلە مەزھىپىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن يېڭى بىر مېتود سىزىپ چىققان ۋە ئۇ ئارقىلىق ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئەقلىي ھۆكۈملەرگە ئويغۇن كىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلغان نوقتىلارغا بورىغان. يەنە شۇ مېتودى ئاساسىدا، ئەقىل ئارقىلىق ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىيد ئىبنى كىلابنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يەتتە تۆرلۈك سۈپىتىنى ئىسپاتلاش پرىنسىپىغا ئەگەشكەن. ئۇ سۈپەتلەر: ھايات، ئىلىم، ئىرادە، قۇدرەت، ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەشتىن ئىبارەت. ئەمما، يۈز، ئىككى قول، پاچاق قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئەقىل پرىنسىپلىرىغا ئويغۇن كىلىدۇ، دېگەن نوقتىلارغا بوراپ ئىزاھلىغان. بۇ ئەشئەرىيلەر ھازىرغىچە ياقلاپ كەلگەن باسقۇچ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى قىياپىتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن ۋە ئوبرازلاشتۇرماستىن ئىسپاتلاش. بۇ باسقۇچتا ئۆزىنىڭ "دىنىنىڭ ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش" ناملىق كىتابىنى يېزىپ، ئۇ ئارقىلىق ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بايرىقىنى كۆتۈرۈپ



www.munber.org

تۇرىۋاتقان سەلەپلەرنىڭ ئەقىدىسى ۋە مەنھەجى (مېتودى)نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئەقىدىنى شەرھىلەش ۋە سۈننەتنى ھىمايە قىلىشقا دائىر 68 كىتاب يېزىپ، چوڭ بىر كىتابخانا مىراس قالدۇرغان. ھىجرىيە 324 ـ يىلى ۋاپات بولغان ۋە باغدادقا دەپنە قىلىنغان. جىنازە نامىزىغا "بۈگۈن سۈننەتنىڭ ياردەمچىسى ۋاپات بولدى" دەپ كىشىلەرنى چاقىرىشقان.

◈ ئەشئەرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەزھەپنىڭ ئىماملىرى ۋە ئۇسۇل ـ ئەركانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ قولىدا ئەشئەرى مەزھىپى نۇرغۇن باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈردى. مەزھەپنىڭ ئەقىدە ۋە ئاساسىغا دائىر ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد ۋە مېتودلىرى كۆپەيدى. ئۇنىڭ سەۋەبى مەزھەپنىڭ دەسلىۋىدە ئېنىق ئېتىقادىي يۇنۇلۇش ۋە شەرئىي نەسلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا مۇئەييەن ئاساس ئۈستىگە قورۇلمىغانلىقىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۈزىتسىيە ۋە ئىجتىھادلىرى سەلەپلەرگە مۇۋاپىقلىشىش بىلەن ئەقىدىنى كۆچلەندۈرىدىغان كالام ئىلمىنى قوللانغان ھالدا مۇئتەزىلىلەرگە رەددىيە بېرىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەۋالغۇپ تۇردى. ئۇ تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- كالامىزم تەرەپدارلىرى ۋە مۇئتەزىلىلەرگە يېقىنلىشىش.
- تەسەۋۋۇپقا كىرىش ۋە ئۇنى ئەشئەريي مەزھىپىگە تېڭىش.
- پەلسەپىگە ئارىلىشىش ۋە ئۇنى مەزھەپنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىۋېلىش.

## مەزھەپنىڭ كۆرنەرلىك ئىماملىرى:

◈ ئەلقازي ئەبۇ بەكر ئەلباقىلانى: (328ھـ ـ 402ھـ / 950م ـ 1013م)تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى تاييىب ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر بولۇپ، كالام ئالىملىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەشئەرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھقىقلاپ چىققان، مۇقەددىمىلەردە تەۋھىدنىڭ ئەقلىي پاكىتلىرى توغرىسىدا توختالغان ۋە ئوشۇقتىن ئوشۇق مۇبالىغە قىلغان؛ گەرچە بۇ مۇقەددىمىلەر قۇرئان ياكى ھەدىستە زىكىر قىلىنمىغان بولسىمۇ. ئاخىرىدا ئۇ سەلەپلەرنىڭ مەزھىپىگە كىلىپ توختىغان ۋە ئىككى قول، يۈز قاتارلىق بارلىق سۈپەتلەرنى قانداق كۆرستىلگەن بولسا شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. تەۋىل قىلغۇچى (ئەسلى مەنىسىدىن ئىككىنچى بىر مەنەغا بوراپ، چۈشەندۈرگۈچى) لارنىڭ بارلىق ئىزاھلىرىنى خاتاغا چىقارغان. ئۇ بۇ قاراشلىرىنى "تمهيد الأوائل وتلخيص الدلائل" ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ كۇفەدە تۇغۇلغان، باغدادتا يەرلەشكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. دۆلەت ئۇنىڭ توغرىسىدا رۇم پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن كونىستانتىنپولدا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا خرىستىئان ئالىملىرى بىلەن مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ: "إعجاز القرآن"، "الإنصاف"، "مناقب الأئمة"، "دقائق الكلام"، "الملل والنحل"، الاستبصار"، "تمهيد الأوائل"، "كشف أسرار الباطنية" قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.



www.munber.org

◈ ئەبۇ ئىسھاق ئەششىرازى: (393ھـ - 496ھـ/ 1003م ـ 1083م) تولۇق ئىسمى: ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۇسۇف ئەلفىروز ئابادي ئەششىرازى بولۇپ، مۇنازىرىدە ئەللامە ئىدى. ئىراننىڭ فەيرۇزئاباد شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردىن شىرازغا، كېيىن بەسرىگە، ئۇ يەردىن ھىجرىيە 415 - يىلى باغدادقا كېلىپ ئورۇنلاشقان. شافىئىنىڭ فىقھىسى ۋە كالام ئىلمىدە نام چىقارغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە سوراش مەنبەسىگە ۋە شۇ دەۋرنىڭ مۇپتىسىغا ئايلانغان. ئۇ يەنە مۇنازىرە ۋە تالاش - تارتىشلاردا پاكىتلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىر نىزام ئەلمۇلك دەجلە دەرياسى ساھىلىغا "نىزامىييە مەدرىسىسى"نى بىنا قىلىپ بەرگەن. ئۇ شۇ يەرنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ كەمبەغەللىك ئىچىدە سەۋر بىلەن ياشىغان، سورۇنلۇقى ياخشى بولۇپ، چىرايى ئۈچۈق، گەپ - سۆزى پاساھەتلىك، مۇنازىرىگە ماھىر كىشى ئىدى. شېئىر يازالايتتى. ئۇ باغدادقا ۋاپات بولغان بولۇپ، نامىزىنى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدا چۈشۈرگەن.

ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەسەرلىرى بار: "التنبيه"، "المهذب في الفقه"، "التبصرة في أصول الشافعية"، "طبقات الفقهاء"، "اللمع في أصول الفقه وشرحه"، "الملخص"، "المعونة في الجدل".

◈ ئەبۇ ئىسھاق ئەلئىسفىرايىينى: (418ھـ/ 1027م) تولۇق ئىسمى: ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم ئىبنى مەھران بولۇپ، فىقھىي ۋە ئۇنىڭ مېتودىغا ئالىم كىشى ئىدى. ئۇ فىقھشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، "ركن الدين" يەنى ”دىننىڭ تۈۋرۈكى“ دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. نىيساپۇر بىلەن جورجان ئارىسىدىكى ئىسفىرايىين دېگەن جايدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، كېيىن نىيساپۇرغا بارغان ۋە ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر مەدرەسە قۇرۇپ ئۇنىڭدا دەرس بەرگەن. خۇراسان ۋە ئىراقنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى كەزگەن. ئۇ ئىسلام ئالىمىدە يۇكسەك شۆھرەت قازانغان. كالام ئىلمىدە چوڭ بىر كىتاب يېزىپ، ئۇنى "الجامع في أصول الدين والرد على الملحدين" دەپ ئاتىغان. ئىبنى خىللىكان بۇ ھەقتە "مەن ئۇنى بەش توملۇق ھەجىمدە كۆردۈم" دېگەن. ئەبۇ ئىسھاق ئەلئىسفىرايىينى - ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن - ھىجرىيە 418 - يىلىنىڭ ئاشۇرا كۈنى نىيساپۇردا ۋاپات بولغان ۋە جەسىدى ئىسفىرايىينغا يۆتكىلىپ، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ سەكسەن ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى.

◈ ئىككى ھەرەم ئىمامى ئەبۇ ئەلمەئالىي ئەلجۇۋەينى: (419ھـ - 478ھـ / 1028م ـ 1085م) تولۇق ئىسمى: ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەد ئەلجۇۋەينى بولۇپ، شافىئىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي ئالىمى ئىدى. نىيساپۇر ئەتراپىدىكى جوۋەين رايونىدا دۇنياغا كەلگەن، كېيىن باغدادقا، ئارقىدىنلا مەككىگە سەپەر قىلغان ۋە ھەرەمنىڭ يېنىدىلا تۆت يىل تۇرغان. مەدىنىگە بېرىپ پەتىۋا بەرگەن ۋە دەرس ئۆگەتكەن. بۇلاردىن كېيىن باغدادقا قايتىپ كەلگەن. ۋەزىر نىزام ئەلمۇلك ئۇنىڭغا نىزامىييە مەدرىسىسىدىن بىرنى بىنا قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆلىمالارنىڭ چوڭلىرى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ھېچقانداق تۇسالغۇسىز ئوتتۇز يىلغا يېقىن داۋاملاشتى، ئۇ بۇ جەرياندا ئەشئەرىيلەرنى ھىمايە قىلدى. ئۇنىڭ نامى ئۇيۇقچە يېيىلدى. ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا سەلەپى



www.munber.org

مەزھىپىگە قايتتى. ئۇ "نىزامىييە" رىسالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: "ئۇممەت بىرلىككە كەلگەن قاراش ھۆججەت بولالايدۇ. دېگەن كەسكىن دەلىلگە ئاساسەن ئۇممەتنىڭ سەلەپلىرىگە ئەگىشىشكە قاراش جەھەتتىن رازى بولىمىز. ئەقىدە جەھەتتىن شۇنى توغرا دەپ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىمىز..." ئۇ بۇ قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ "غياث الأمم في تياث الظلم" ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كىتابى ئىسلامنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرىنى ئىزاھلاشقا قارىتىلغان مەخسۇس ئەسەر بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىدۇ: "مېنىڭ ھازىر بۇ كىتابىنىڭ مۇددىئاسىغا ماسلاشقان ھالدا دېيدىغىنىم شۇكى، قاراشلار ئېغىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر يامراپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىمامنىڭ قىلىدىغان ئىشى بارلىق كىشىلەرنى ئىلگىرىكى سەلەپلەرنىڭ مەزھىپىلىرىگە توپلاشقا ھېرىسمەن بولۇشىدۇر. ئۇلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۆرەككەپ مەسىلىلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئېنىقسىز نوقتىلارغا يېقىنلىشىشتىن توسىشاتتى..."

ـ قۇرتۇبى مۇسلىم (ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىس كىتابىنى كۆزدە تۇتىدۇ ـ ت) نىڭ شەرھىدە جۇۋەينىنىڭ ھەمرالىغا مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى مىسال كەلتۈرىدۇ: "ئەي دوستلار! كالامىمىز بىلەن ئۆزەڭلارنى ئاۋارە قىلماڭلار، مەن كالام ئىلمىنىڭ مېنى ھازىرقى ھالغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتىم." رەھمەتلىك نىساپۇردا ۋاپات بولدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تۆت يۈز شاگىرتى بار ئىدى. ئۇنىڭ العقيدة النظامية في الأركان الإسلامية"، "البرهان في أصول الفقه"، "نهاية المطلب في دراية المذهب في الفقه الشافعي، "الشامل في أصول الدين" قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

◈ ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي: (450ھ ـ 505ھ / 1058م ـ 1111م) تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغەزالىي ئەتتۇسىي بولۇپ، ھۆججەتۇل ئىسلام (ئىسلامنىڭ بۇرھانى ياكى پاكىتى) دەپ ئاتالغان. خۇراساننىڭ تۇس رايونىغا قاراشلىق تابىران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ نىساپۇرغا، ئۇ يەردىن باغداد، ھىجاز، شام ۋە مىسىرلارنى كېزىپ، ئاخىرىدا يۇرتىغا قايتقان.

غەزالىي باقىلانىينىڭ پرىنسىپى بويىچە ماڭماستىن بەلكى ئەشئەرىيلەرنىڭ بىر قىسىم قاراشلىرىغا، بولۇپمۇ دەلىل كۆرسىتىشتىكى ئەقلىي مۇقەددىمىلەرگە مۇناسىۋەتلىك نوقتىلىرىغا قارشى چىققان. ئۇ يەنە "زالالەتتىن قۇتقۇزغۇچى" ۋە "ئىمان بىلەن زىندىقلىقنىڭ پەرقى" ناملىق كىتابلىرىدا كالام ئىلمىنى تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭ پاكىتلىرىنىڭ "شەكسىز ئىلىم" گە پايدىسى يوق، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. كالام ئىلمىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشنى ھارام دەپ كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "گەپنى ئۇچۇق قىلساق، بۇ ئىلىمگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ھارام". ئۇ تەسەۋۋۇپ تەرىپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئۇنى مەرىپەتنىڭ يىگانە يولى، دەپ قارىغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا "سەھىھۇل بۇخارىي"نى تەتقىق قىلىش جەريانىدا سۈننەتكە قايتقان.

◈ ئىمام ئەلفەخر ئەررازى: (544ھ ـ 606ھ / 1150م ـ 1210م) تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلھۇسەيىن ئەتتەمىيمى ئەتتەبەرىستانىي ئەررازى ئەلمۇۋەللەد بولۇپ، تەخەللۇسى پەخرۇددىن

www.munber.org

ئىدى. ئەل ئارىسىدا ئىبنى ئەلخەتىيب دېگەن نامدا تونۇلغان، ئۇ شافىئىي مەزھىپىنىڭ فىقھى ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا "وفيات الأعيان" نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى بولۇپ، ئىلمى كالام ۋە ئەقلىي قاراشلاردا زاماندا شلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن". ئۇ، ئەقلنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇنى شەرئىي پاكىتلارنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى بولغاندىن تاشقىرى، ئەشئەرىي مەزھىپىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىزاھلىغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىلمىي كالام بىلەن پەلسەپىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتكەن. "تارازا تىلىدا" ناملىق ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى جىلد، 426،429 ـ بەتلىرىدە ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ئۇنىڭ، دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا ئادەمنى ھەيران قىلارلىق دەرىجىدە گۇمانىي قاراشلىرى بار ئىدى. ئالدى بىلەن خۇسۇمەتچىلەرنىڭ شۈبھىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قوياتتى، ئاندىن ئەھلى سۈننەتنىڭ مەزھىپىنى يېتەرلىك دەرىجىدە مەۋھۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قوياتتى." بىراق ئۇ، ئەقلىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئېتىقادىنىڭ ساپلاشقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا سەلەپلەرنىڭ مېتودىغا ئەگىششىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتكەن. ئىلمىي كالام يوللىرىدىكى ئايلىنىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەلەپلەر مېتودىنىڭ ئەڭ ساغلام مېتود ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: "كالامىزم يوللىرى ۋە پەلسەپىۋىي مېتودلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ چىقتىم. ئۇلاردا ئاغرىقنى ساقايتىپ، تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان بىرەر ئامىلنى بايقىمىدىم. يەنىلا مەن ئەڭ يېقىن يولنىڭ قۇرئاننىڭ يولى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە {الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى} "مەرھەمەتلىك اللہ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ) قارار ئالدى" ۋە {إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ} "ياخشى سۆز اللہ نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ" دېگەن ئايەتنى، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى بار، دېگەننى رەت قىلىشتا {لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ} "ھېچ شەيئى اللہ غا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر" ۋە {وَلَا يُحِيطُونَ بِهِ عِلْمًا} "ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ" دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغىن" بۇلاردىن كېيىن ئۇ يەنە نادامەت ئىچىدە ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دېگەن: "كەچمىشىمنى سىناپ كۆرگەنلەر مەن بىلگەننى بىلىپ قالىدۇ" ـ ئىبنى تەيمىييەنىڭ "الحموية الكبرى" ناملىق كىتابىدىن.

ئۇنىڭ ئىلمىي كالامغا دائىر مەشھۇر كىتابلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: "أساس التقديس في علم الكلام"، "شرح قسم للإلهيات من إشارات ابن سينا"، "اللوامع البينات في شرح أسماء الله تعالي والصفات"، البيان والبرهان في الرد على أهل الزيغ والضلال"، "كافية العقول".

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئەشئەرىيلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلمىنىڭ مەنبەسى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلمىي كالامنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئارا قارىمۇ قارشىلىق يۈز بەرگەندە



www.munber.org

ئەقىلنى دەلىل ـ پاكىتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇنى ئەررازى "أساس التقديس" ناملىق كىتابىدا مەزھەپنىڭ ئومۇمىي قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بابىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئامەدىي، ئىبنى فۇرەك ۋە باشقىلارمۇ شۇ خىل قاراشتا.

ـ شەكسىز ئىلىم بابىدا ئىشقا يارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك جايلاردا ئاھاد ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلماسلىق. ئەمما، غەيبكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە ياكى ئەقلىي پرىنسىپلارغا زىت بولمىغان ئورۇنلاردا ئۇنى پاكىت سۈپىتىدە كەلتۈرسە ھېچ گەپ يوق. ئەمما مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنى تەۋىل قىلىش ۋاجىب. مانا بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىسىل زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن سەلەپ ـ سالىھلار ۋە ئۇلارنىڭ مېتودى بويىچە مېڭىپ كىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇتقان يوللىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گويا مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەنگە ئوخشاش ئىسلامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى يەككە ھالدا ئەۋەتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله بعر كعشعنعث يىزعنع يورذق قعلسذنكع ظذ بعزدعن بعرەر نەرسعنع ظاثلعسا، ظذنع خذددع ظاثلعغعنعدەك ظەيىنەن يەتكىزعدذ...» ـ ھەدىس. شۇنىڭدەك قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە دائىر ھەدىس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن دەلىللەرمۇ بار.

ـ ئەشئەرىيلەرنىڭ غەزالىي ۋە جامىيغا ئوخشاش بىر قىسىم مۇتەسەۋۋۇپلىرىنىڭ ئىلىمنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى يۇنۇلۇشى كەشف ۋە ھۇزۇرنى شەرئىي دەلىلنىڭ ئالدىغا قويۇش ۋە دەلىللەرنى ئۆزلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەۋىل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى تەسەۋۋۇپتىكى "قەلبىم ماڭا رەببىمنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ بەردى" دېگەن قائىدىگە ماسلاشقان ھالدا "العلم اللدني" يەنى ئىلھام ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئىلاھىي ئىلىم، دەپ ئاتىشىدۇ. "القصور العوالي" مەجمۇئەسى، لەددۇنىي رىسالىسىنىڭ 1 ـ جىلد، 114 بىلەن 118 ـ بەتلەر ئارىسىدا بۇلارنى ئىزاھلاپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، مۇھەممەد سەئىيد رەمازان ئەلبۇتىيمۇ "كبرى اليقينيات" تا بۇلارنى شەرھلەپ ئۆتىدۇ. (ئەلئىهدائ ـ 32 ـ بەت بىلەن 35 ـ بەتلەر ئارىسى.) بۇلاردىكى خاتالىق ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودىغا خىلاپ مەيداندا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەسىلە ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولسا، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

◈ ئەشئەرىيلەر ئەقىدىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسى)نى ئىلىمنى قوبۇل قىلىشنىڭ مەنبەسىگە قاراپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىدۇ:

ـ پەقەت ئەقىلنىلا ئىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ تونۇيدىغان قىسىم: بۇ قىسىم نۇرغۇن بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى بابىمۇ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەقىل ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن سۈپەتلەرنى "ئەقلىي سۈپەتلەر" دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ قىسىم ۋەھىيگە قارىماستىن، ئەقىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەمما بۇلاردىن باشقا ئاللاھنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتە دالالەت قىلىنغان (ئىككى قول، يۈز...دېگەنگە ئوخشاش ـ ت) خەۋەر سىياقىدىكى سۈپەتلىرىنى باشقا ياققا بۇرايدۇ.



www.munber.org

ـ ئىلمىنىڭ مەنبەسى ئاللاھنى كۆرۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەرگە كەلگەندە، ئەقىل ۋە نەقىل (ئايەت، ھەدىس) دەيدىغان قىسىم بولۇپ، بۇ نوقتىدا بىرلىككە كېلەلمىگەن.

ـ ئىلمىنىڭ مەنبەسى پەقەت ئايەت ھەدىسلا. دەيدىغان قىسىم؛ يەنى مىزان، سىرات ۋە قەبىر ئازابىغا ئوخشاش ئاخىرەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك غەيبى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىلەردە ئەقلىنىڭ ھۆكۈم قىلالىشى ئىمكانسىز. خۇلاسە گەپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە كەلگەندە ئەقلىنى ھاكىم قىلىۋالغان بولسا، ئاخىرەت مەسىلىلىرىگە كەلگەندە، ئەقلىنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدۇ. ئاللاھنى كۆرۈش مەسىلىسىگە كەلگەندە ئىككىسىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئەقىل بىلەن نەقىل (ئايەت ـ ھەدىسنىڭ) ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قارىمۇ قارشىلىق يوق. ئەقلىنى بىر يەردە ئالدىغا قويۇپ، ئىككى بىر يەردە ئېتىبارسىز قالدۇرىدىغان ئىشمۇ يوق بولۇپ، ھامان نەقلىنى ئەقلىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

◈ ئەشئەرىيلەر ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە خىلاپ يول تۇتقان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىغا دائىر پەيلاسوپلار ۋە كالامىزمچىلارنىڭ دەلىللىرىنى "كائىنات ھادىسىدۇر، ئۇنىڭ قەدىمى بىر مەيدانغا كەلتۈرگۈچىسى باردۇر، قەدىمى مەيدانغا كەلتۈرگۈچىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سۈپىتى ھادىسىلەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇشى، ئۇنىڭغا چۈشمىگەن بولۇشىدۇر. ئۇنىڭ ھادىسىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ماھىيەت، جىسىم، تەرەپ ياكى ماكان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر" دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق تەستىقلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇلار سانسىز يارىماس پرىنسىپلارنى رەتلەپ چىققان. مەسىلەن: رازىلىق، غەزەپ، قارار ئېلىش دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەرنى ئاللاھنىڭ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ مۇقەددەملىككە چۈشۈشىنى رەت قىلىش شۈبھىسى بىلەن ئىنكار قىلغان. ئەمما بۇ نوقتىدا سەلەپىلەرنىڭ ياراتقۇچى زاتنىڭ مەۋجۇتلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈشتىكى تۇتقان يولى قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن يولدىن ئىبارەت.

◈ ئەشئەرىيلەرنىڭ نەزىرىدە تەۋھىد ئاللاھنىڭ زاتىغا چېتىشلىق ئىككىلىك ياكى كۆپلۈكنى، قىسىمەنلىك ۋە تەركىبلىشىشنى، يەنى مۇستەقىل ۋە بىرىككەن بۆلەكلەرنى ئىنكار قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھنىڭ زاتى بىردۇر، ئۇنىڭ ئەزەلىي يوقتۇر، سۈپىتىدە بىردۇر، مىسالىي يوقتۇر، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يېگانىدۇر، شېرىكى يوقتۇر." بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنى ياراتقۇچى ياكى يارىتىشقا قادىر زات، دەپ ئىزاھلاپ، كۆز، ئىككى قول، يۈز قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ؛ چۈنكى بۇ سۈپەتلەر ئەشئەرىيلەرچە بولغاندا قورۇلما ياكى بۆلەكلەرگە دالالەت قىلاتتى. بۇنىڭدىمۇ بۇرۇنقى سەلەپىلەردىن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ تەۋھىد ئوقۇمىغا يۇقىرى دەرىجىدە زىتلىق بار. بۇنىڭ بىلەن ئەشئەرىيلەر تەۋھىدنى ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلىشقا لايىق يېگانە زاتلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىدى ئۇلۇھىيەنى بىر چەتتە قويۇپ، رەببانىيلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ۋە بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلىدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى.

www.munber.org

ئەشئەرىيلەر مانا مۇشۇنداق تەۋھىد ئوقۇمىدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلدى. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە "تەۋھىد تۈنجى ۋاجىب بولۇپ، بەندە ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتى، ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مۇئەييەنلەشتۈرگەن شەكىلدە ۋە پەيغەمبىرى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرگەن شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئاللاھ تائالا ئۆزى ھەققىدە ئىنكار قىلغان، پەيغەمبىرى ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئىنكار قىلغان ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن،قىياپىتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ۋە ئوبرازلاشتۇرماستىن ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر" دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئەمما ئەشئەرىيلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت يېشى (بالاغەت يېشى) غا يەتكەن چاغدىكى تۈنجى ۋاجىب ئۆگىنىش ياكى تەتقىق قىلىش، ئاندىن ئىماندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاللاھنى تەبىئى تونۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا خىل قاراشتا بولغانلارنى گۇناھكار دېيىش بىلەن كاپىر دېيىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىشىدۇ.

ئەمما ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە مەسئۇلىيەت يېشىغا يەتكەن ھەر بىر كىشىگە يۈكلەنگەن تۈنجى ۋاجىب، شېرىكسىز يىگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجمائقا ئاساسەن ئاللاھنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق يىگانە زات دەپ تونۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالانى تونۇش تەبىئي بىر خىل ئەھۋال، ئۇ ئىنساننىڭ نەپسىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ـ ئەشئەرىيلەر يۈز، ئىككى قول، كۆز، ئوڭ تەرەپ، پاچاق، بارماقلار، شۇنىڭدەك ئۈستۈنلۈك ۋە قارار ئېلىش دېگەنگە ئوخشاش خەبەري سۈپەتلەرنى تەۋىل قىلىش(باشقا مەنىگە بوراش) لازىم، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغانلىرى بۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا تەرەپلەرگە بورىۋېتىش ئاللاھ تائالانىڭ پاكلىق سۈپىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ۋاجىپ، دەپ قاراشتى. ئۇلار سۈپەتلەرگە ئائىت ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، تەۋىل بابىدا دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى, ئىمانغا دائىر، بولۇپمۇ ئىماننىڭ كەم ياكى زىيادە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئائىت ئايەتلەر، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھسىزلىقى تېمىسىغىچە يېتىپ باردى. بۇ نوقتىدا سەلەپلەرنىڭ تۇتقان يولى مەيلى سۈپەتلەرگە دائىر ياكى باشقا نەسلەر بولسۇن شەرئىي نەسلەرنىڭ مەنىسىنى ـ بوراش ياكى بورمىلاش ئوقۇمىدا ـ تەۋىل قىلماستىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

◈ ئەشئەرىيلەر ئىمان مەسىلىسىدە، ئىماننىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ئەمەل قىلمىسىمۇ ئىككى شاھادەتنى تەلەپپۇز قىلىشلا يېتەرلىك دەيدىغان مۇرجىئىيلار بىلەن، قەلب ئارقىلىق تەستىقلاشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە دەيدىغان جەھمىيەچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ھازىرقى زاماندىكىلىرىدىن شەيخ ھەسەن ئەييۇب قەلب ئارقىلىق تەستىقلىغان كىشى ئىككى شاھادەتنى تىلغا ئالمىسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. "تبسيط العقائد الإسلامية" ناملىق كىتابىنىڭ 29 ـ ۋە 32 ـ بەتلەر ئارىسى. بۇ مەسىلىدىمۇ ئىماننى سۆز، ئەمەل ۋە ئېتىقادتىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپىگە ۋە

www.munber.org

نۇرغۇنلىغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە قارشىلىق بار. ئۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى: [أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أّن نَّجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاء مَّحْيَاهُم وَمَمَاتُهُمْ سَاء مَا يَحْكُمُونَ] ”يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!" دېگەن ئايەتتۇر. يۇقىرىقى ئېتىقاد بويىچە شەيتانمۇ دۇزاختىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ؛ چۈنكى، ئۇمۇ قەلبى ئارقىلىق تەستىقلايدىغانلاردىن. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب مەسىلىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ "لاإله إلا الله محمد رسول الله " كەلىمىسىنى تىلغا ئېلىشىغا ئۈنچىلىك ھېرىسمەن بولۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئەمەسمىدى؟! بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر بار.

◈ ئەشئەرىيلەر كۆپۈر مەسىلىدە تۇراقسىز بولۇپ، بەزىدە بىز بىرىنى كۆپۈرغا چىقارمايمىز، دېسە، تورۇپلا بىزنى كاپىرغا چىقارغانلاردىن باشقىلارنى كاپىر دېمەيمىز، دېيىشىدۇ. يەنە بەزىدە بىر قىسىم ئىشلارنى پاسىقلىق ۋە بىدئەتكە ئېلىپ بارىدۇ ياكى پاسىقلىق ۋە بىدئەتكە ئېلىپ بارمايدۇ، دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ يۈكسەك ئورۇندا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلەرنى ياكى ئايەتلەرنىڭ سىرتقى مەنىسىنى قوبۇل قىلغانلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ ۋە ئايەتلەرنىڭ زاھىر (سىرتقى) مەنىسىنى قوبۇل قىلىشنى كۆپۈرنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، دەپ قارايدۇ.

ئەمما ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بولسا، كۆپۈرغا چىقىرىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، شەرئىي جەھەتتىن شۇنىڭغا لايىق بولغان كىشىلەردىن باشقىلارغا قارىتىپ ئېيتىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا توسالغۇلارنىڭ يوقۇلۇشى ۋە شەرتلەرنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئارقىلىق كاپىرلىقى مۇئەييەنلەشكەن كىشىلەرنى كاپىر، دەپ ئاتاشتىن باش تارتمايدۇ.

◈ ئۇلار قۇرئان ئاللاھنىڭ ھەقىقەتتىكى سۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ مەنىۋىي سۆزى، قۇرئان كەرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساماۋىي كىتابلار مەخلۇقتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. «الجوهرة» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «تەلىم - تەربىيە ئورۇنلىرىدىن باشقا جايلاردا قۇرئاننىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.» بۇ ئورۇنۇشتا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن مۇئتەزىلىلەرنىڭ ئارىسىدا تۈتماقچى بولغان مۆتىدىللىكمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. بۇ نوقتىدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپى «قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، مەخلۇق ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئاڭلىنىدىغان بىر سۆز بىلەن سۆزلەيدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر ئاڭلايدۇ، ئۇنى جىبرىئىل ئاڭلىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاڭلىغان ۋە قىيامەت كۈنىدە بارلىق كىشىلەر ئاڭلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلاَمَ اللّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لاَّ يَعْلَمُونَ] «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى

www.munber.org

پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە ) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن »[1]

◈ ئىمان ۋە تائەت ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن، كۇپۇر ۋە مەسىيەت بولسا، ئۇنىڭ خار قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئەشئەرىيلەرنىڭ نەزىرىدە تەۋپىق ئاللاھنىڭ تائەت ئۈچۈن قۇدرەتنى يارىتىشى بولسا، خار قىلىشى ئۇنىڭ مەسىيەت ئۈچۈن قۇدرەتنى يارىتىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەشئەرىينىڭ بىر قىسىم ھىمايىچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ياخشىلىقنىڭ ئامىللىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىش تەۋپىق، ئەكسى خارلىقتىن ئىبارەتتۇر.

◈ بارلىق مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنىدىغانلىقى راستتۇر، ئاللاھ مەۋجۇتتۇر، ئۇنىڭ كۆرۈنىدىغانلىقى راستتۇر. قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « بۇ كۈندە، ( سائادەتمەنلەرنىڭ ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. ( ئۇلار ) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ »[2] ئەمما ئەشئەرىيلەرنىڭ قارىشىچە، كۆرۈشنىڭ تەرەپ، ئورۇن، قىياپەت، ئۈچۈرۈشۈش دېگەنلەر سەپسەتە بولۇپ، بۇلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل قاراشتا، ئاللاھ تائالانىڭ يۈكسەكلىكى ۋە ئورنى ئىنكار قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى، ئاللاھ تائالانى كۆرۈشمۇ ئىنكار قىلىنىدۇ. رازى « كۆرۈش »نىڭ تەپسىرىدە مۇئتەزىلىلەرگە ئىلمىي ئېچىلىشلارنىڭ ئارتىشى، دېگەن قارىشى بىلەن خېلىلا يېقىنلىشىدۇ.

◈ ئەشئەرىيلەر پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى پەقەت ئادەتتىن تاشقىرى خاراكتېردىكى مۆجىزىلىلەرگىلا يىغىنچاقلىغان بولۇپ، بۇ قاراشتا گەرچە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا دائىر ئالامەتلەرنىڭ جەريانلىرىدىكى پىكىرلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، يەنىلا مۇئتەزىلىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. ئەمما كۆپچىلىك ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بەلگە ـ ئالامەتلەر كۆپ بولۇپ، مۆجىزىلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ « الكبيرة » نامىلىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە ئويغۇن ھالدا، بىر كىشى دۇنيادىن تەۋبە قىلمىغان ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتسە، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ. خالىسا، رەھمەت سۈپىتى بىلەن كەچۈرىدۇ ياكى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاپائەت قىلىدۇ، دەيدۇ.

◈ ئەشئەرىيلەر بەندىنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرەت دائىرىسىدىكى ئىشلارنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر سۈپىتىنى روياپقا چىقىرىشىدا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا سىلىشتۇرما ھالدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىدىكى نەرسىلەرنى يارىتىشنى شەكىل ئۈچۈنلا قىلىپ قويغان، بۇنداقكەن ئىش ـ ھەرىكەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئىنسان تەرىپىدىن ئۇنىڭ قۇدرىتىگە سىلىشتۇرما ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. تەھقىق قىلغۇچىلار بۇ يەردىكى « كەسب » يەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سۆزىنى كالامچىلارنىڭ ئورۇنۇشلىرى قاتارىدىن، دەپ سانايدۇ ۋە

[1] تەۋبە سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.
[2] قىيامەت سۈرىسى، 22، 23 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

بۇنىڭ ئۈچۈن يۇشۇرۇنلۇق ۋە گۇڭگىلىق دېگەن مەسىلىلارنى كەلتۈرىدۇ. ئەشئەرىينىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمام ئەلھەرەمەين بۇ قاراشتىن يېنىۋالغان ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ قارىشىنى قوللىغان, ھەتتا ئەشئەري ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ «الإبانة» ناملىق كىتابىدا بۇ قاراشتىن قايتقان.

◈ ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ھېكمەت ۋە مۇددىئانىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بىراق، ئاللاھ تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مۆجىزە ئاتا قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردە ھېكمەت ۋە مۇددىئانى ئىنكار قىلىش بىلەن پەيغەمبەر بىلەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغانلارنى ئايرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئۈچۈن مۆجىزە ئاتا قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قاراشلىرىدا قارىمۇ قارشىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

◈ ئەشئەرىيلەر ئىمان، بەرزەخنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە قىيامەت كۈنى تۇپلىنىش، مىزان، سىرات، شاپائەت، جەننەت ۋە جەھەننەمگە ئوخشاش ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن ئوخشاش قاراشتا؛ چۈنكى، بۇلار راستچىل پەيغەمبەر خەۋەر بەرگەن، قۇرئان ـ سۈننەت تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇمكىن ئىشلاردىندۇر. بۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئۇلار غەيب بىلەن ئالاقىدار نەسلەر قاتارىغا قويىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە ساھابىلەرنىڭ خەلىپىلىك تەرتىۋىدە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ خاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردىمۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن ئوخشاش قاراشتا؛ چۈنكى ئۇلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىش يا كۈپۈر، ياكى بىدئەت ۋەياكى پاسىق دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلىپىلىكتە قۇرەيشلەرنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياخشى كىشى بولسۇن ياكى گۇناھكار كىشى بولسۇن ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى جائىز دەپ قارايدۇ. زالىم ئىماملارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش جائىز ئەمەس، دېگەنلەردىن باشقا ئىبادەت ۋە مۇئامىلە مەسىلىلىرىدىمۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن ئورتاق قاراشقا ئىگە.

◈ ئەشئەري مۇئتەزىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتلىرىغا شۈبھىلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كالامىزمچە ئۇسلۇبى ئارقىلىق قارشى تۇرغاندىن سىرت، رافىزىيلار، باتىنىيلار، قەرامىتلار، پەيلاسوپلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا باتىل ئېقىم، ئازغۇن قاراش ساھىبلىرىغىمۇ رەددىيە بېرىپ كەلگەن.

◈ ئەڭ ساغلام قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، ئەشئەري ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرى كىتابى «الإبانة في أصول الديانة» دە، ئۆزىنىڭ كالامىزمغا ئائىت نۇرغۇن قاراشلىرىدىن قايتىپ، تەۋىل قىلماسلىق ۋە سۈپەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە سەلەپلەرنىڭ يولىغا قايتقان. ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىدىغان سۆزىمىز، ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، رەببىمىز ئەززەۋەجەللەنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىگە، ساھابە، تابىئىن ۋە ھەدىس ئىماملىرى رىۋايەت قىلغان نوقتىلارنى چىڭ تۇتۇشتۇر، بىز ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىمىز. شۇنىڭدەك ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ـ ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق، دەرىجىسىنى يۇقىرى، ساۋابىنى يۈكسەك



www.munber.org

قىلسۇن ـ نىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى ئاللاھنىڭ سۆزىگە مۇخالىپ كېلىدىكەن بىزمۇ قارشى تۇرىمىز. چۈنكى ئۇ، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى بىلدۈرگەن، شۈبھىلەرنى ئۇ ئارقىلىق يوققا چىقارغان يېتەشكەن يېتەكچى ۋە پەزىلەتلىك ئىمامدۇر. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىم، ئۇ قەدەر كاتتا ۋە ئۇ قەدەر ئۇلۇغ بۇ ئالىمغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن!»

◈ ئەشئەرىينىڭ پىكرى مەدرىسىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنى ھاياتىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بىراق ئۇ، شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەنئەنەۋىي ئوتتۇرىغا قويغانەك «ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىقى ۋە پىكىر ئاكتىپلىقىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرلەردىكى پىكرى ھۇسۇلى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇنىڭدا ھازىر يىمىرىلىش ۋە ۋەيران بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆزگە چېلىقماقتا.» نېمىشقا؟

ـ ئەنئەننى ياقلاش بۇ مەدرەسە شاگىرتلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئۇلار ئارىسىدا ئۇسلۇبىدا ھېچقانداق يېڭىلىق يارىتىلمىغان ئىلمىي كالام ئاساسلىق ئىلىمگە ئايلىنىپ قالدى.

ـ پەلسەپىۋىي ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلەپ كىرگۈزۈلىشى ۋە دەلىل كەلتۈرۈشتە ئىلمىي كالام ئۇسلۇبىغا تايىنىشى... بۇنىڭ ئىسلام پىكرىگە سەلبى تەسىرى بار ئىدى؛ چۈنكى بۇ خىل ئۇسلۇپ، كەسكىن ئىلىم ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى... گەرچە ئۆزلىرى ئىنكار قىلىشسىمۇ پەيلاسوپلاردىن تەسىرلەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپى ۋە سەلەپلەرنىڭ مېتودىغا توغرا ـ دۇرۇست ۋەكىللىك قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ «تهافت الفلاسفة» پەيلاسوپلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان غەززالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ شاگىرتى قازىي ئىبنى ئەلئەرەبىي مۇنداق دەيدۇ: «شەيخىمىز ئەبۇ ھامىد پەيلاسوپلارنىڭ قارنىغىچە ئىچكىرلەپ كىردى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىشنى ئىرادە قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا قادىر بولالمىدى.»

ـ ئىمام ئىبنى تەيمىييە كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئېغىپ كەتتى، دەپ قارىغان بارلىق مەزھەپلەر ـ بۇ قاتاردا ئەشئەرىيلەر، بولۇپمۇ ئاخىرقى دەۋردىكى ئەشئەرىيلەر ـ گە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كىتابى «درء تعارض العقل والنقل» ناملىق كىتابى ئارقىلىق قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ كالامىنى ياقلايدىغان قاراشلىرىنى يوققا چىقاردى. خاتالىقلىرىنى بايان قىلىپ بەردى، تەۋھىد، سۈپەتلەر ۋە باشقا ئەقىدىگە ئالاقىدار نوقتىلارنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشنىڭ كەسكىن ئۇسلۇبى قۇرئان ۋە سۈننەت ئۇسلۇبى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

## پىكىر ۋە ئەقىدىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى:

◈ ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىينىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى قاراشلىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام ئەقىدىسى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئەقىلنىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشقان ھالدىكى كالامىزمچە قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي ئىبنى كىلابنىڭ مېتودىغا تايىنىشنى چۆرىدەيتتى.



www.munber.org

◈ ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىيدىن كېيىن، مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى بىر قىسىم پىكىرلەر، مۆئەتتىلە ۋە مۇرجىئىلارنى ياقلايدىغان جەھمىييە ئەقىدىسى، ئاللاھنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەسلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، ئاللاھنىڭ يۇكسەك ئورۇندا ئىكەنلىكى ۋە خەبەرىي سۈپەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان مۆئتەزىلىلەر ۋە پەيلاسوپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك، قەدەر مەسىلىسىدە جەبرىييە ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

◈ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدىن تەسىرلەنگەنلىكى ۋە بىر قىسىم نوقتىلاردا ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

ئەشئەرىي مەزھىپى سەلچۇقلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كاتتىۋېشى، ئەشئەرىي ئەقىدىسىدىكى نىزامۇل مۇلك دەۋرىدە تارقالغان ۋە ئەشئەرىي ئەقىدىسى دۆلەت ھىمايىسىدىكى رەسمىي دېگۈدەك ئەقىدىگە ئايلانغان ئىدى.

نىساپۇر نىزامىييە مەدرىسىسى بىلەن باغداد نىزامىييە مەدرىسىسى ئۇنىڭ تارقىلىشى ۋە كۈچلىنىشىگە ھەسسە قوشتى. بۇ ئىككى مەدرىسىنى ئەشئەرىي مەزھىپىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرى ئىدارە قىلاتتى. باغداد نىزامىييە مەدرىسىسى ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام ئالىمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ھېسابلىناتتى. مەزھەپنىڭ تارقىلىشىدا ئەشئەرىي مەزھىپىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر قاتار ئالىملاردىن، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى شافىئىي ۋە مالىكىيلارنىڭ فىقھى ئالىملىرىدىن باشقا، بۇ مەزھەپتىكى مۇۋەھھىدلارنىڭ مەھدىسى مەھدى ئىبنى تومرت، نۇرۇددىن مەھمۇد زەنكى ۋە سالاھىددىن ئەييۇبىلارمۇ كۆپلەپ كۈچ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپ پۈتۈن ئىسلام ئالىمىگە تارقالغان بولۇپ، ھېلىھەم ئەشئەرىي مەزھىپى ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىنستىتوت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بار.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسىلەر ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: ئەشئەرىيلەر ئىسلامدىكى كالامىزمغا تەۋە بىر پىرقە بولۇپ، ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىينىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى پىكىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي بۇ باسقۇچتا مۆئتەزىلىلەرگە قارشى چىققان ۋە ئىبنى كىلابنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەقىل ئارقىلىق مۆئەييەنلەشتۈرگەن يەتتە دانە ئەقلىي سۈپەت (ھايات، ئىلىم، قۇدرەت،ئىرادە،ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش تىن ئىبارەت)نى ئىسپاتلاشنى ياقلايدىغان مېتودىنى يىتەكچى قىلغان ھالدا قۇرئان، سۈننەتنى چىڭ تۇتۇشقا چاقىرغان. ئۇلار باقىيلىك سۈپىتىدە ئىختىلاپلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشىغا مۇناسىۋەتلىك رازىلىق، غەزەب، خوشاللىق، كىلىش، چۈشۈش قاتارلىق سۈپەت ۋە ئىختىيارى سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ خەبەرىي سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلىدۇ ياكى مەنىسى باشقا

www.munber.org

ياقىا بورايدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى ئەشئەرىيلەر ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى توغرىسىدا توغرا بولمىغان بىر قىسىم پىكىرلەرگە، خۇسۇسەن ئەقىدە بابىدا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە دۇچ كەلگەن پىكىرلەرگە ئىشىنىدۇ. ئىبنى تەيمىييە، سەلەپ ـ سالىھلار چۈشەنچىسىدىكى قۇرئان، سۈننەت ئۇسلۇبى تەۋھىد، سۈپەتلەر ۋەباشقا ئەقىدە ۋە دىنغا ئائىت ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسلۇپ، ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەشئەرىيلەرنىڭ ئەقىدىسى ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇئتەزىلە، شىئە ۋە خاۋارىجلارنىڭ قارشىسىدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجاماائەنىڭ ئەقىدىسىگە تەۋە، دەپ قارىلىدۇ. ئەشئەرىيلەر، بولۇپمۇ ئىلگىرىكى ئىراق ئەشئەرىيلىرى ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەري، ئەلباھلي، ئىبنى مۇجاھىدقا ئوخشاش كىشىلەر ۋە باشقىلار پەيلاسوپلار ۋە مۇئتەزىلىلەرگە قارىغاندا سۈننەتكە ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر. يەنە خۇراسان ئەشئەرىيلىرىدىن ئەبۇ بەكر ئىبنى فەۋرەك ۋە باشقىلارنىڭ باتىنىيلار، رافىزىيلار ۋە پەيلاسوپلارغا قارشى ھالدا سۈننەت ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ باتىنىيلارنىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ، سىر ـ ئەسرارلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا ماختاشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىقلىرى، مۇئتەزىلىلەر ۋە جەھمىييەچىلەرنىڭ قاراشلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشتا رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك جىھادلىرى بار. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ئوتتۇرىغا قويغاندەك ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: «يا سۈننەت ۋە ھەدىسكە مۇۋاپىق ماقۇللانغان ۋەياكى سۈننەت ۋە ھەدىسكە قارشى چىققانلارنىڭ پاكىتلىرىنىڭ ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ ـ سۆزلىرىدە بىدئەت ۋە باتىل ئارىلاشتۇرغانلارنى ئەيىبلەيدىغان، ئىشلارنىڭ ياخشىسىنىڭ ئوتتۇراھال ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان كىشىلەرمۇ بار.»[1] ئۇ ئاخىرىدا «درء التعارض» دا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بىرلىرىنىڭ ئىسلام قوللىغان نەرسىلەرنى قوللاشتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن رىسالىگە مۇخالىپ ئىش قىلغان تائىپىلەرگە قارشى تۇرۇشتا قۇتلاشقا تېگىشلىك تۆھپىلىرى بار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ۋە توغرا ـ دۇرۇست ئىلمنى تارقىتىشتىكى سەئيى ـ ھەرىكەتلىرى ماختاشقا، كۆككە كۆتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە شۇنداقلىرىمۇ باركى، ئەڭ ياخشى دېگەنلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن جايلاردا خاتالىقلىرى بار» **8** ـ جىلد، **275** ـ بەت.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

**(ئا) مەزھەپ كىتابلىرى:**

ـ **فەخرۇلددىن ئەررازى:** أساس التقديس

ـ **ئىمامۇل ھەرەمەين ئەبۇ ئەلمەئالىي ئەلجۇۋەينى:** الشامل

[1] «درء التعارض» 2 ـ جىلد، 102، 103 ـ بەتلەر.



www.munber.org

- **ئىمامۇل ھەرەمەين ئەبۇ ئەلمەئالىي ئەلجۇۋەينى:** الإرشاد إلى قواطع الأدلة في أصول الإعتقاد
- **ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي:** الرسالة اللدنية من مجموعة القصور العوالي
- **ئەلقازىي ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەتتەييىب ئەلباقىلانىي:** الإنصاف فيما يجوز إعتقاده ولا يجوز الجهل به
- **ئەبۇ ئەلمەئالىي ئەلجۇۋەينى:** لمع الأدلة في قواعد أهل السنة والجماعة
- **ئەلباجۇرىي:** شرح الباجوري على الجوهرة
- **ھەسەن ئەييۇب:** تبسيط العقائد الإسلامية
- **سەئىيد ھەۋۋا:** الله جل جلاله
- **ۋەھبى سۇلەيمان غاۋجى:** أركان الإيمان
- **مۇھەممەد سەئىيد رامىزان ئەلبۇتى:** كبرى اليقينيات

**(ب) مەزھەپكە تەۋە بولمىغان كىتاب ۋە مەنبەلەر:**

- **ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي:** الإبانة في أصول الديانة
- **ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي:** مقالات الإسلاميين واختلاف المصلين
- **ئەبۇلقاسىم ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئەتتەبەرىي ئەللالىكائىي:** شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة
- **ئەززەھەبىي:** سير أعلام النبلاء
- **ئىبنى تەيمىييە:** درء تعارض العقل والنقل
- **ئىبنى تەيمىييە:** العقيدة التدمرية
- **ئىبنى تەيمىييە:** العقيدة الإسفهانية
- **ئىبنى تەيمىييە:** العقيدة الواسطية
- **ئىبنى ئەساكىر:** تبيين كذب المفتري
- **د.مۇھەممەد ئىبنى ئەمان ئەلجامىي:** الصفات الإلهية في الكتاب والسنة النبوية
- **سەفەر ئەلھەۋالىي:** منهج الأشاعرة في العقيدة
- **د. ئابدۇرراھمان سالىھ ئەلمەھمۇد:** موقف ابن تيمية من الأشاعرة

www.munber.org

ـ **خالىد ئىبنى ئابدۇللەتىيف ئىبنى مۇھەممەد نۇر:** منهج أهل السنة والجماعة ومنهج الأشاعرة

www.munber.org

## ئېنىقلىما:

ماتۇرىدىييە: كالامىزمچى بىر پىرقە بولۇپ، ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىدىيغا نىسبەت بېرىلىدۇ. بۇلار، دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇئتەزىلە، جەھمىيىچىلەر ۋە باشقا رەقىبلىرىگە قارشى تۇرۇشتا كالامغا ۋە ئەقلىي دەلىل ـ ئىسپاتلارغا تايىنىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

ماتۇرىدىييە بىر كالامىزمچى پىرقە بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. گويا ئەشئەرىي مەزھىبى پەقەت ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تونۇلغان ۋە ئەتراپقا تارقالغىنىدەك، ماتۇرىدىييە مەزھىپىنىڭ ئىسمىمۇ ئۇنىڭ ئاساسچىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تونۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك تۆت ئاساسىي باسقۇچقا پېغىنچاقلاش مۇمكىن:

◈ قۇرۇلۇش باسقۇچى: ( ... ـ 333ھـ): بۇ باسقۇچ مۇئتەزىلىلەر بىلەن بولغان مۇنازىلەرنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ ساھىبى، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد ئەلماتۇرىدىي ئەسسەمەرقەندى بولۇپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ سەمەرقەند رايونىغا يېقىن ماتۇرىد ئىسىملىك بىر مەھەللىدە تۇغۇلغان. ئەمما تۇغۇلغان كۈنى تازا ئېنىق بولمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى يازغانلارمۇ ھاياتى ھەققىدە، قانداق ئۆسۈپ يېتىلگەن، قانداق تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ياكى كىملەردىن تەسىرلەنگەن، بۇ ھەقتە كۆپ بىر نەرسىلەرنى يازمىغان. ئۇنىڭ ئۇستازلىرىدىنمۇ نۇسەير ئىبنى يەھيا ئەلبەلخىيغا ئوخشاش ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنى تىلغا ئېلىشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي ئىلىملىرى ۋە كالام ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەنىكەن.

ـ ئۇ "ماتۇرىدىييە" دەپ ئاتالغان. ئۇنى ھىمايە قىلغان كىشىلەر ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە، ئورنىنىڭ يۈكسەكلىكىگە دالالەت قىلىدىغان "ئىمامۇل ھۇدا"، ئىمامۇل مۇتەكەللىمىين" دېگەن ئوخشاش تەخەللۇسلارنىمۇ قوللىنىشقان.

ئابدۇللاھ ئەلمەرائىي ئۆزىنىڭ «الفتح المبين في طبقات الأصوليين» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ مەنسۇر دەلىل كەلتۈرۈشكە ماھىر كىشى بولۇپ، رەقىبلىرى ئالدىدا قوغدىنالايتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلاتتى، دىنسىزلارنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرەتتى...»[1] ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي «رجال الفكر والدعوة» ناملىق كىتابىدا ماتۇرىدىي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار پىكرىنىڭ

---

[1] 1 ـ جىلد، 193، 194 ـ بەتلەر.



www.munber.org

ماھىر ئوبزورچىسى بولۇپ، ھۇشيارلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان تۈردىكى ئىلمىي ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگەللىگەن» (139 ـ بەت) ھەتتا نەدەۋىي ئۇنى ئۆزىنىڭ «تاريخ الدعوة والعزيمة» ناملىق كىتابىدا ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىيدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. (1 ـ جىلد، 114، 115 ـ بەتلەر)

ـ ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي بىلەن ئەسىرداش ياشىغان. ھەدىس ئەھلى بىلەن مۇئتەزىلە ۋە باشقىلاردىن كېلىپ چىققان كالامىزم تەرەپدارلىرى ئارىسىدىكى كەسكىن ئېلىشىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ مۇئتەزىلە ۋە باشقىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەشئەرىينىڭ مېتودىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسۇلغا تايىناتتى. گەرچە نۇرغۇن نەتىجىلەردە بىر ئارىغا كېلىپ قالسىمۇ، تارىخى مەنبەلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇچرىشىش، خەت ـ ئالاقە ياكى بىر ـ بىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقانلىق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ.

ـ رەھمەتلىك 333ھـ دە ۋاپات بولغان ۋە سەمەرقەندكە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۇسۇل ئەلفىقھى (فىقھى مېتودولوگىيىسى) ۋە تەپسىرگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. جامائەتچىلىككە تونۇلغانلىرىدىن بىرى «تأويلات أهل السنة أو تأويلات القرآن» ناملىق كىتابىدۇر. بۇ كىتابتا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئائىت ئايەتلەرنى جەھمىييە ئىدىيىسى بويىچە تەۋىل قىلغان. ئىلمىي كالامدىكى ئەڭ مەشھۇر كىتابى «كتاب التوحيد» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ كالامىزمغا ئائىت قاراشلىرىنى تۇراقلاشتۇرغان ۋە ئەڭ مۇھىم ئېتىقادىي مەسىلىلەردىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئۇ تەۋھىد دېگەندە تەۋھىد ئەلخالىقىييە (ياراتقۇچىلىق)، تەۋھىد رۇبۇبىييە (رەببانىيلىق) ۋە بىر قىسىم ئىسىم، سۈپەتلەر تەۋھىدىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەمما بۇ سەلەپ ـ سالىھلارغا قارشى ھالدا، ئۇبرازلاشتۇرۇشنى ئىنكار قىلىش ۋە ھەر نەرسىدىن پاك دېگەننى باھانە قىلىپ، جەھمىييە ئۇسۇلى بويىچە ئاللاھنىڭ نۇرغۇن سۈپەتلىرىنى بورمىلايدۇ. ئۇنىڭ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ «الفقه الأكبر[1]» ناملىق كىتابىنى شەرھلەپ يازغىنىدىن باشقا، مۇئتەزىلىلەرگە رەددىيە بېرىپ يازغان «رد الأصول الخمسة» ، رافىزىيلارغا رەددىيە بېرىپ يازغان «رد كتاب الإمامة لبعض الروافض» ۋە قەرامىتىلەرگە رەددىيە بېرىپ يازغان «الرد على فروع مذهب القرامطة» ناملىق كىتابلىرى بار.

◈ شەكىللىنىش باسقۇچى: (333ھـ ـ 500ھـ): بۇ ماتۇرىيدىينىڭ شاگىرتلىرى ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا بىر كالامىزمچى پىرقە بولۇش سۈپىتى بىلەن تونجى بولۇپ سەمەرقەندتە مەيدانغا

[1] كىتاپنىڭ ماتۇرىيدىيغا ئائىت ئىكەنلىكىدە بىر قىسىم گۇمانى قاراشلار مەۋجۇت؛ چۈنكى، ماتۇرىيدىينىڭ ھاياتىغا دائىر مەنبەلەر ياكى باشقا يازغۇچىلارنىڭ كىتاپلىرى ئۇنىڭ بۇنداق كىتاپى بارلىقىغا ئىشارە قىلمايدۇ. بۇ كىتاپنىڭ ئۇنىڭغا ئائىت ئىكەنلىكىنى بىر قىسىم ئالىملار ۋە شەرقشۇناسلارمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلاردىن «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتۇرى ۋېنسىنك (13 ـ ۋە 122 ـ بەتلەردە) نى ۋە «ئىسلام مەزھەبلىرى تارىخى» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتۇرى شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە (175، 176 ـ بەتلەردە)نى ساناش مۇمكىن. كەۋسەرى ئۆزىنىڭ «ئالىم ۋە مۇتەئەللىم» ناملىق كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىدە ماتۇرىيدىينى تىلغا ئالغان. بۇ كىتاپنىڭ بىر قانچە خىل قولىيازما نۇسخىسى مىسىر كىتاپلار سارىيىدا ئەبۇللەيس نەسىر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەلفەقىيە ئەلسەمەرقەندى نامىغا ئائىت بىر رۇخسەت بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەينى كىتاپنىڭ 25 ـ بېتىدە يازغۇچى "فەقىيە ئەبۇللەيس (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن.." دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا دەلىل بولالايدۇ.



www.munber.org

كەلگەن. بۇ شاگىرتلار شەيخى ۋە ئىمامىنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. شاخچە مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ مەزھىپىگە ئەگەشكەن ھالدا ئەسەرلەرنى يېزىشقان. بۇنىڭ بىلەن ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسى باشقا جايلارغا قارىغاندا، بۇ رايۇنلاردا بەكرەك راۋاجلانغان. بۇ باسقۇچنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بىرى ئەبۇلقاسىم ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلھەكىيم ئەسسەمەرقەندي (342ھـ) بولۇپ، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ھېكمەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئەبۇلقاسىم ئەلھەكىيم ئىسمى بىلەن تونۇلغان ۋە بۇنىڭدىن سىرت ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلكەرىيم ئىبنى مۇسا ئىبنى ئىيسا ئەلبەزدەۋي (390ھـ) لارنىمۇ خاتىرلەش مۇمكىن.

◈ بۇنىڭدىن كېيىن، يۇقىرىقى باسقۇچنىڭ دەۋامى سۈپىتىدە بىر باسقۇچ ئىز بېسىپ كەلدى: ئۇنىڭ مۇھىم ۋە ئالاھىدە كىشىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـ ئەبۇ يەسىر ئەلبەزدەۋي (421ھـ ـ 491ھـ): تولۇق ئىسمى، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇلكەرىيم بولۇپ، ئەلبەزدەۋي بىزدەۋە (بىزدەمۇ دېيىلەتتى) دېگەن جاي نامىدىن ئېلىنغان. ئەلقازىي ئەسسەدر دېگەن تەخەللۇسقا ئېرىشكەن. ئۇ چوڭ ئاكىسى ئەلى بەزدەۋي (421ھـ توغۇلغان)دىن كېيىنكى ھەنەفىيلەرنىڭ شەيخى ئىدى.

ـ ئۇ دادىسىدىن ئىلىم ئىگەللىگەن. دادىسى ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىينىڭ شاگىرتى ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلكەرىيمنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇ كېنىدىيغا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭ، جەبائىي، كەئبىي ۋە ئەننىزام ۋە باشقىلارغا ئوخشاش مۇئتەزىلىلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئېتىقادىنىڭ سوسلىشىپ قالماسلىقى ۋە شەك پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن، بۇ كىتابلارنى ئوقۇش ۋە تۇتۇش جائىز ئەمەس.» ئەمما ئۇنى تۇتقانلارنى بىدئەت قاتارىغا چىقارمىغان. شۇنىڭدەك ئەشئەرىينىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئىچكىرلەپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭ خاتالىق تەرەپلىرى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراشنىڭ جائىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە ماتۇرىيدىينىڭ "التوحيد" ۋە "التأويلات" ناملىق ئىككى كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تەۋھىد كىتابىنىڭ بىر ئاز مەۋھۇم ۋە ئۇزۇن، تەرتىبىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان ـ دە، ئۇنى قايتا رەتلەپ چىقىش ۋە بىر قىسىم قوشۇمچىلارنى ئىلاۋە قىلىش ئارقىلىق ئاددىيلاشتۇرۇشقا بەل باغلىغان ۋە ئۆزىنىڭ "أصول الدين" ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان.

ـ شەيخ ئەبۇ يەسىر ئەلبەزدەۋىينىڭ قولىدا نۇرغۇنلىغان تالىبلار ئوقۇغان؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوغلى ئەلقازىي ئەبۇلمەئالىي ئەھمەد ۋە «نەسەفىييە ئەقىدىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى نەجمۇددىن ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئەننەسەفىي ۋە باشقىلار ئەڭ مەشھۇردۇر.

ـ ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھىجرىيەنىڭ 493 ـ يىلى، رەجەب ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى بۇخارادا ۋاپات بولغان.

◈ ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسى ئۈچۈن ئاساس تۇرغۇزۇش ۋە ئەسەر يېزىش باسقۇچى (500ھـ ـ 700ھـ): بۇ باسقۇچ ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسىگە ئائىت دەلىللەرنىڭ



www.munber.org

توپلىنىشى ۋە كۆپلەپ ئەسەر يېزىلىشى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باسقۇچ ماتۇرىيدى ئەقىدىسىنىڭ تۇراقلىششىدا يوقىرىقى باسقۇچلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ كۆرىنەرلىك شەخسلىرى:

- ئەبۇ مۇئىين ئەنىەسەفىي (438ھـ - 508ھـ): تولۇق ئىسمى، مەيمۇن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇئتەمەد ئەنىەسەفىي ئەلمەكھۇلىي بولۇپ، نەسەفىي، سەمەرقەند بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى نەسەف ئىسىملىك چوڭ بىر شەھەرنىڭ نامىدىن ئېلىنغان، ئەمما مەكھۇلىي چوڭ دادىسىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان. بىراق يۇرتىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان تەخەللۇسى ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ نامىنى بېسىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىر قانچە خىل لەقىمى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرى "دىن ۋە ھەقىقەتنىڭ قىلىچى" دىن ئىبارەتتۇر.

گەرچە ئۇ، ماتۇرىيدىييەنىڭ ئەڭ كۆرىنەرلىك ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، تەرجىمەھالىنى يازغانلار ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ياكى ئىلىم تەھسىل ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بىر نەرسە بايان قىلمىغان. دوكتۇر فەتھۇللاھ خەلىف مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام ئەبۇ مۇئىين ئەنىەسەفىي ماتۇرىيدىي مەزھىپى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان كىشى دەپ قارىلىدۇ، ئۇ گوياكى ئەشئەرىيلەر ئارىسىدىكى باقىلانى ۋە غەزالىيغا ئوخشاش ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسىنى ئىزاھلىغان. «تبصرة الأدلة» ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولۇپ، ئۇنىڭ «التوحيد» ناملىق كىتابىدىن قالسىلا ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسى بىلەن تونۇشۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بەلكى ئۇ كەسكىن ھالدا ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسىگە دائىر ئەڭ ئەتراپلىق مەنبەدۇر. ئۇنى «التمهيد» ناملىق كىتابىغا خۇلاسىلىگەن. ئۇنىڭ يەنە كالامىزم مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم نوقتىلىرىنى تەتقىق قىلغان «بحر الكلام» ناملىق يىغىنچاقلا يېزىلغان بىر كىتابىمۇ بار."

ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھىجرىيەنىڭ 508 - يىلى، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 25 - كۈنى، يەتمىش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

- نەجمۇددىين ئۆمەر ئەنىەسەفىي (462ھـ - 537ھـ): تولۇق ئىسمى، ئەبۇ ھەفس نەجمۇددىين ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبن ئىسمائىل... ئىبنى لوقمان ئەلھەنەفىي ئەنىەسەفىي ئەسسەمەرقەندى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن لەقەملىرى بولغان، ئەڭ مەشھۇرى "نەجمۇددىين" دۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 61 ياكى 62 - يىللىرى نەسەفتە دۇنياغا كەلگەن.

كۆپ ئۇستاز تۇتىدىغان كىشى ئىدى؛ ئۇنىڭ شەيخلىرىنىڭ سانى 500گە يەتكەن بولۇپ، مەشھۇرلىرى ئەبۇ يەسىر ئەلبەزدەۋي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىيسا ئەنىەسەفىيلەردۇر. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئىلىم ئۆگەنگەن، يازغان ئەسەرلىرى يۈزگە يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا "مجمع العلوم"، "التيسير في تفسير القرآن"، "النجاح في شرح كتاب أخبار الصحاح في شرح البخاري" ۋە "العقائد النسفية" ناملىق مەشھۇر ئەقىدە كىتاۋىمۇ بار. "نەسەفىييە ئەقىدىلىرى" ناملىق بۇ كىتابى ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسىگە ئائىت ئەڭ مۇھىم مەتنىلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ كىتاب ئەبۇ مۇئىين

www.munber.org

ئەنئەسەفي تەرىپىدىن يېزىلغان "تبصرة الأدلة" ناملىق كىتابىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىدى.

سەمئانى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ئۆزى يېتىشكەن، پەزىلەتلىك ئىمام بولۇپ، تەپسىر ۋە ھەدىسلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى يازغان... سەمەرقەندكە كەلگىنىمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بار قانچە كىتابنى ئارىيەت ئالدىم ۋە ئۇلاردا چەك ـ چېگرادىن ھالقىپ كەتكەن نۇرغۇن قۇرۇق خىياللارنى ئۇچراتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەدىسنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما چۈشىنىش نېسىپ بولمىغان كىشىلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم."

ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھىجرىيەنىڭ 537 ـ يىلى، جەمادىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى، پەيشەنبە كېچىسى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان.

◈ كېڭىيىش ۋە تارقىلىش باسقۇچى (700ھـ ـ 1300ھـ): ماتۇرىدىييە باسقۇچلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، بۇ دەۋردە كېڭىيىش ۋە تارقىلىشى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن؛ بۇ پەقەت ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىقى قانچىلىك كېڭەيسە، ماتۇرىدىييەنىڭ سۇلتانلىقىمۇ شۇ قەدەر كېڭەيگەن. ئۇ زېمىنىنىڭ شەرق، غەربلىرىدە، ئەرەب ئەللىرىدە، ئەجەملەردە، ھىندى، تۈرك، فارس ۋە رۇملارغىچە تارقالغان.

بۇ دەۋردە بۇگۈنگە قەدەر بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىنىپ كېلىۋاتقان "المسايرة في العقائد المنجية في الآخرة" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى كامال ئىبنى ئەلھەممام مىسالى كىشىلەر يېتىشىپ چىققان. بۇ جەرياندا، كالامىزمغا ئائىت كىتابلارنىڭ، مەتىن، ئىزاھ، ئىزاھنىڭ ئىزاھى، ئىزاھقا يېزىلغان ھاشىيەلىرى مەيدانغا كەلگەن.

ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ھازىرغا قەدەر ماتۇرىدىييەگە چاقىرىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسي غايىسى قىلغان مەدرىسلەر بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـ دىيوبەندي ۋە نەدەۋىييە مەدرىسلىرى (1283ھـ ـ ....): بۇ مەدرىسلەردە ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھلىرىغا دائىر تېمىلاردا كىتابلارنى يېزىشقا كۆپلەپ ئەھمىيەت بېرىلگەن. دىيوبەندىلارنىڭ ئەقلى ۋە نەقلى ئىلىملەردە ئىماملىرى بار؛ بىراق ئۇلار خالىس مۇتەسەۋۋىپ بولۇپ، كۆپىنچىسىدە قەبرىگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر مەۋجۇت. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىماملىرىدىن بىرى سانىلىدىغان شەيخ خەلىل ئەھمەد سەھارنفۇرىنىڭ "المهند على المفند" ناملىق كىتابى شاھىد بولالايدۇ. بۇ دىيوبەندىلارنىڭ ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم كىتابى. نەدەۋىييە مەدرىسلىرىمۇ ماتۇرىدىييە ئەقىدىسىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن دىيوبەندىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ.

ـ بىرلىۋى مەدرىسىسى (1272ھـ ـ ....): بۇ مەدرەسە ئابدۇلمۇستەپا لەقەملىك بىرلىۋىيىنىڭلارنىڭ كاتتىۋىشى ئەھمەد رىزاخان ئەلئەفغانى ئەلھەنەفي ئەسسۇپىغا (1340ھـ) ئائىتتۇر. بۇ جەرياندا ئوپ ـ ئۇچۇق شېرىك، قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش، دىيوبەندىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئەھلى سۈننەتنى

www.munber.org

كۆپۈرغا چىقارغاندىن سىرت دىيوبەندىيلارنى كاپىرغا چىقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

- كەۋسەرى مەدرىسىسى (1296ھـ - ....): بۇ شەيخ مۇھەممەد زاھىد ئەلكەۋسەريي ئەلجەركەسىي ئەلھەنەفي ئەلماتۇرىيدىي (1371ھـ) غا ئائىتتۇر. بۇ مەزگىلدە ئىسلامنىڭ ئىماملىرىغا قاتتىق ھاقارەت قىلىش، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇش ۋە ئۇلارنى خالىق ئورنىدا قويۇش قاتارلىق ئىشلار مەيدانغا كەلدى. سەلەپلەرنىڭ "التوحيد"، "الإبانة"، "الشريعة"، "الصفات"، "العلو" ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا كىتابلىرىنى خۇددى بۇددىزىمنىڭ ياكى ياراتقۇچىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغان ئىنساننىڭ كىتابلىرى قاتارىدا قويۇشتى. يەنە بۇ دەۋردە ۋەسىلە قىلىش پەردىسى ئارقىسىدا مازار ۋە مازارچىلارنىڭ ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت تەسەۋۋۇپ ۋە شېرىككە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەرگە چاقىرىش ئەۋج ئالدى. كەۋسەريي تەرىپىدىن ئالاۋە يېزىلغان بەيھەقىنىڭ "الأسماء والصفات" نامىلىق كىتابى ۋە كەۋسەريي ئۆزى يازغان "مقالات الكوثري" نامىلىق كىتابقا قاراڭ.

## مۇھىم پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ قوبۇل قىلىش مەنبەسى نوقتىسىدىن: ماتۇرىيدىيلار قوبۇل قىلىش مەنبەسى نوقتىسىدىن دىنىنىڭ ئاساسىنى ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ.

- ئىلاھىييات (ئەقىل ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدىغان) قىسمى: بۇنىڭدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئەقىل مۇستەقىل ئورۇندا تۇرىدۇ، شەرئىي دەلىللەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇ تەۋھىد ۋە سۈپەتلەر بابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- شەرئىييات (غەيب بىلەن مۇناسىۋەتلىك نوقتىلار) قىسمى: بۇ ئەقىلنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش ئىمكانى بولغان، ئەمما پەيغەمبەرلىك، قەبىر ئازاۋى ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئوخشاش ئەقىلنىڭ ئۇنىڭغا يېتىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىش لازىمكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرلىك خەۋىرىنىمۇ ئىلاھىييات قىسمىغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ.

بۇلارنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودىغا خىلاپ ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئايدىڭ؛ چۈنكى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شەرئەتنى ئۆگىنىدىغان مەنبە. ئۇنىڭدىن باشقا دىنىنىڭ ئاساسىنى ئىلاھىييات ۋە شەرئىييات، دەپ بۆلۈۋېتىشتىن ئىبارەت بىدئەتكىمۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە قارشى چىقىدۇ. دىنىنى بۇ خىل بۆلۈش پەيلاسوپلار تەرىپىدىن دىنىنىڭ نەسلىرى ئەقىلگە ئويغۇن كەلمەيدۇ، دېگەن باتىل ئىدىيە ئاساسىدا يىلتىز تارتقۇزۇلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەقىل بىلەن شەرئەتنىڭ ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشقان ۋە ئەقىلنىڭ ئۆزگە تەۋە بولمىغان رايونلارغا ئىچكىرلەپ كىرىشكە يول ئاچقان؛ شۇنداق قىلىپ شەرئەت بىلەن پۈت تېپىشىدىغان باتىل ئەھكاملار مەيدانغا چىققان ۋە ئۇلارنى تەۋىل بىلەن تەفۋىز (ئاجىز كەلگەن نوقتىلارنى ئاللاھقا يۈكلەپ قويىدىغان بىر خىل ئېقىم - تەرجىمان) دىن پاناھلىق ئىزدەشكە مەجبۇرلىغان. شۇ نەرسە ناھايىتى ئايدىڭكى، ئەھلى سۈننەت



www.munber.org

ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدىمۇ ساغلام، سالامەت ئەقىل بىلەن توغرا دەلىللەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق سۈركىلىش يوق.

◈ يوقىرىدىكى تەقسىماتقا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئىلاھىيياتقا ئائىت مەسىلىلەردە شەرئىي دەلىللەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى تۆۋەندىكىدەك:

- ئەگەر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى، كەسكىن شەكىلدە ئىسپاتلانغان ۋە ھازىرغا قەدەر زەنجىرسىمان دەۋاملىشىپ كەلگەن سۈننەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەقلى جەھەتتىن قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان، ئېنىق دالالەتكە ئىگە تەرىپى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقلى قاراشلىرىغا ناموۋاپىق كېلىپ قالمىسا، ئۇنى ئەقىدە بابىدا قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، كەسكىن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلى قاراشلىرىغا ئويغۇن كەلمەيدىغان گۇمانىي دالالەتنى كۆرسىتىدىغان تەرىپى بولۇپ قالسا، ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ. نەتىجىدە شەرئىي دەلىلەر ئەقلى دەلىللەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەۋىل قىلىنىدۇ ياكى مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا قالدۇرۇپ قويىدۇق، دەپلا بولدى قىلىدۇ. ئۇلار بۇ مەسىلىدە تۇراقسىز بولۇپ، تەئۋىل ۋە تەفۋىيزگە دائىر مۇقىم پرىنسىپى يوق. بەزىلىرى تەۋىلنى تەفۋىزدىن كۈچلۈك، دېسە, يەنە بەزىلىرى ئەكسىنى دەۋا قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزىلىرى، تەۋىل دەلىل ئىسپاتنى بىلىدىغان، ئالاھىدە كىشىلەرگە خاس بولسا، تەفۋىز ئاۋامغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نەرسە شۇكى، تەۋىل نە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، نە ئىلگىرى ياخشى دەپ قارالغان ئەسىرلەردە يوق نەرسە بولۇپ، يەھۇدىي، ناسارالار ئارقىلىق مۇئتەزىلە ۋە جەھمىييەلەرگە كىرگەن بىر خىل بىدئەتتۇر. ئىسلامدا پەيدا بولغان بىدئەتلەر ۋە ئۇممەتنىڭ بىرلىكىنىڭ پىمىرلىشىشىنىڭ سەۋەبى تەۋىلگە قايتىدۇ. تەۋىل تەئتىيل(پاسسىپلاشتۇرۇش) دىنمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى بۇ، ئاللاھنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىشقا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نادان ياكى ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرغان، دەپ تۆھمەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمما تەفۋىز (چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا يۈكلەپ قويۇش) سۆزى بىدئەتچىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ پېكىر - تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ئائىت ئايەتلىرىگە زىت، قارىمۇ قارشى كېلىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، دېيىش ئارقىلىق ئېتىبارسىز قالدۇرىدىغان ئەڭ خەتەرلىك سۆزلىرىدىن بىرى.

- ئەگەر دەلىلەر ئاھاد ھەدىسلەر قاتارىدىن بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئىشەنچلىك ئىلىمگە ئەمەس، بەلكى گۇمانغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ھەدىسلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ماقۇللىغان قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە شەرئىي ئەھكاملاردا قەتئىي ئەمەل قىلىنمايدۇ. گەرچە ئۇسۇل ئەلفىقھى (ئىسلام قانۇن مېتودولوگىيىسى)دە كۆرسىتىلگەن بارلىق شەرتلەر ھازىرلانغان تەقدىردىمۇ ئاھاد ھەدىسلەر ئارقىلىق ئەقىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدۇ ۋە ئەقىدە بابىدا پاكىت قاتارىدا سانالمايدۇ. ئەگەر، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان، تەۋىل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان، ھەتتا كۆرىنىشى شۇنداق، لېكىن ئۇ كۆزدە تۇتۇلمىغان شەكىلدە كەلگەن ئاھاد ھەدىس بولسا، ئۇنىڭ راۋىيسىنى يالغانچىلىق، سەۋەنلىك ياكى خاتالىق بىلەن ئەيىبلەپ، رەت قىلىنىدۇ.

www.munber.org

مانا بۇ كونا، يېڭى ماتۇرىيدىيلارنىڭ مەيدانى؛ كەۋسەري ۋە ئۇنى ھمايە قىلغان دىيوبەندىيلار بۇخارى ۋە مۇسلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىس كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئائىت ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ھەماد ئىبنى سەلەمە ۋە سۈننەت كىتابلىرىنىڭ ساھىبى ئىمام دارەمىي ئوسمان ئىبنى سەئىيدقا ئوخشاش كىشلەرگە تىل ئۇزىتىدۇ. بۇ قەدەرىييە[1] ۋە مۇئتەزىلە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بىدئەت سۆزدۇر. چۈنكى بۇ ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ زىيىنىغا پاكىت بولۇپ كىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگىمۇ خىلاپ، پەيغەمبەرلەر پادىشاھ ۋە باشلىقلارنى يەككە ـ يەككە ھالدا ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلەتتى؟ شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىتىپ كەلگەن ھەدىسلەرنى ئاھاد، مۇتەۋاتىر دەپ ئايرىيدىغان ئىشلامۇ ساھابە ۋە تابىئىنلار دەۋرىدە يوق ئىدى.

ـ يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ئۇلار ئاللاھ تائالانى شەرئىي دەلىللەر كىلىشتىن ئىلگىرى ئەقىل ئارقىلىق تونۇشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ۋە ئۇنى مۇكەللەف (شەرئىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش شەرتى ھازىرلانغان كىشى ـ ت) ئۈچۈن تۇنجى ۋاجىب، ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى كەچۈرۈلۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بولسىمۇ جازالىنىدۇ، دەپ قاراشقان. بۇ قاراشتا ئۇلار مۇئتەزىلىلەر بىلەن بىر يەردى چىقىدۇ. بۇ باتىللىقى ئىنتايىن ئېنىق مەسىلە بولۇپ، قۇرئان، سۈننەتتىكى دەلىللەرگە ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانى تونۇشنى ئەقلىنىڭ تەقەززا قىلىدىغانلىقى، ئۇنى ئىشقا سالمىغانلارنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، بىراق، ئۇنى تاشلاپ قويغاننىڭ جازاسى پەقەت شەرئىي ھۆكۈملەر كەلگەندىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق» ـ ئىسرا سۈرىسى، **15** ـ ئايەت. مۇكەللەف بولغان ئىنسانغا يۈكلەنگەن ۋە ئۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان بولىدىغان تۇنجى ۋاجىب: "بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى" دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان بارلىق دىنلاردىن قول ئۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدىمۇ بۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە بۇيرىمىغان. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ قەۋملىرىنى «ﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ﷲ دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر»[2] دېگەندىن باشقىغا دەۋەت قىلمىغان.

ـ ئۇلار يەنە، ئەقلىنىڭ گۈزەل شەيئىلەر بىلەن ناچار نەرسىلەرنى بايقىيالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، پەقەت ئەقلىنىڭ ياخشى ـ يامانىنى ئايرىشىغا ئائىت ئاللاھ ھۆكمى توغرىسىدا ئۆز ـ ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ. بىرلىرى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا، بەندىلەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ئىش ـ تۇشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلىدۇ.

---

[1] بۇ سۆزنى تۇنجى دېگەن كىشى ئىسمائىل ئىبنى ئەلىيە (218ھـ ۋاپات بولغان). «ئادالەت مىيزانى» ناملىق كىتاپىدا ئىمام ئەززەھەبى ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئاننىڭ يارىتىلىشى تىمىسىدا مۇنازىرە قىلىپ يۈرىيدىغان جەھمىي ئەقىدىسىدىكى بىر كىشى ئىدى.(1 ـ جىلد، 20 ـ بەت.) ئىمام شافىئىي ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: "ئۇ ئېزىپتۇ"
[2] ئەئراف سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.



www.munber.org

- باشقا كالامىزم پىرقىلىرىغا ئوخشاشلا ماتۇرىيدىييە پىرقىسىمۇ قۇرئان، ھەدىس ۋە تىلدا مەجازنىڭ يەر ئالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئۇلار مەقسەت قىلغان مەجاز، ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلمىگەن سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ھەقىقەتنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىشتا ئۆز گۇمانىي قاراشلىرى بويىچە بەندىلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش ياكى ئوختىشقا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە يۇقىرىقى قاراشقا تايىنىدۇ. ئۇ بۇ خىل ئوقۇمدا بىر بىدئەت، يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان، نە تىل، نە شەرىئەتتە ئاساسىي يوق سۆزدۇر. قەدىمقى فىقھىي ۋە ئۇسۇل (ئاساسىي پرىنسىپ) ئىمامىلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خەلىل ئىبنى ئەھمەد ۋە سىبەۋەيھگە ئوخشاش تىلشۇناسلارمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغان.

- ماتۇرىيدىيلارنىڭ تەۋھىد چۈشەنچىسى، ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا يىگانىدۇر، ئۇنىڭ پارچە ياكى بۆلەكلىرى يوقتۇر، ئۆز سۈپەتلىرىدە يىگانىدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يىگانىدۇر، ئۇنىڭ ياسالغان نەرسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە شېرىكى يوقتۇر، دېگەننى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار تەۋھىدنىڭ بۇ خىل شەكلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقارغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىلاھ ئىختىرا قىلىشقا قادىر زات، دېمەكتۇر. بۇ نوقتىدا ئۇلار جەھمىييە ۋە مۇئتەزىلىلەر ئوتتۇرىغا قويغان "ئىپپەت ۋە جەۋھەرلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئائىت دەلىللەر"گە ئوخشاش ئەقلىي ۋە پەلسەپىۋىي قىياس ۋە دەلىللەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ دەلىللەردە سەلەپلەر، ئىماملار، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، پەلسەپە ۋە كالامىزمنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىگە ھاقارەت قىلىنىدۇ. ئۇلار يەنە قۇرئان كۆرسەتكەن يوللارنىڭ ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇلارنى ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەري ئەھلى سۇغۇرغا يازغان رىسالىسىدە، ئىبنى رۇشد ئەلھەفىيد "مناهج الأدلة"، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە "درء تعارض العقل والنقل" ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار يەنە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە رەببانىي تەۋھىد بىلەن ئىلاھىي تەۋھىدنى ئوخشاش كۆرۈش قارىشىدا زىت مەيداندا تۇرىدۇ. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدە ئىلاھ ـ ئىبادەت قىلىشقا لايىق، شېرىكى يوق، يىگانە مەبۇدتۇر. پەيغەمبەرلەر پەقەت بۇلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانى رەببانىيلىقى، ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە يىگانە، دەپ تونۇشقا چاقىرىش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن.

- ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ "ئاللاھ تائالا پەقەت ئۆزى ئۆزىنى ئاتىغان ۋە شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەنلا ئاتىلىدۇ." ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ توراقلىق ئىكەنلىكىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ، ئەمما، ئەسسانىئ، ئەلقەدىيم، ئەززات... دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىسىملار مەسىلىسى بىلەن ئەھلى سۈننەتكە قارشى مەيداندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالا ھەققىدە خەۋەر بېرىش بابى بىلەن ئىسىملار بابىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ.

- ئۇلار ئۆز ـ ئارا تارتىشقان ھالدا، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھايات، قۇدرەت، ئىلىم، ئىرادە، كۆرۈش، ئاڭلاش، سۆزلەش ۋە قورۇشتىن ئىبارەت پەقەت سەككىز سۈپەتنىلا تەستىقلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بارلىق ئۆتۈملۈك پېئىللار تەكۋىين (قورۇلۇش)



www.munber.org

دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان ۋە سۈننەت دالالەت قىلغان ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ياكى ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئالاقىدار خەبەرىي سۈپەتلەر ئەقىل دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئىسلامىلارغا ئېتىقاد قىلغاندەك، بارلىق سۈپەتلىرىنىمۇ تۇراقلىق، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ «ھېچ شەيئى اللّٰه غا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن "ئوبرازلاشتۇرماسلىق، بورمىلاشتىن يىراق ھالدا تەڭداشسىز پاك دەپ تونۇش ۋە قىياپىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلىپ تەسلىم بولۇش" ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ـ قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي كالامى بولماستىن، مەنىۋىي سۆزىدۇر، ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە ئاڭلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىتابلار مەخلۇقتۇر، دېگەن سۆزلىرى؛ بۇ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان بىدئەت سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا نە قۇرئان ۋە سۈننەت دالالەت قىلمىغان ۋەياكى سەلەپ ئۆممەتلەردىن بۇ ھەقتە بىر نەرسە رىۋايەت قىلىنمىغان. بۇ بىدئەتنى تۇنجى پەيدا قىلغان كىشى ئىبنى كىلابتۇر. ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلسا، قەيەردە نېمىنى خالىسا ئۇنى سۆزلەيدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەندەك ھېلىھەم سۆزلەۋاتىدۇ ۋە بەندىلىرىگە قىيامەت كۈنى سۆزلەيدۇ، قۇرئان كەرىم مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي سۆزىدۇر. شۇنىڭدەك تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇرلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي سۆزىدۇر. مانا بۇ ئىلگىرىكى سالىھ ئۆممەت ۋە ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ماتۇرىيدىيلار ئىماننى پەقەت قەلب ئارقىلىق تەستىقلاش، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلىرى تىل ئارقىلىق تەستىقلاشنى قوشۇپ قويىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كەم ـ زىيادە بولۇشىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇستەسنالىق بار، دېيىشنى ھارام، ئىمان بىلەن ئىسلام پەرقسىز ھالدىكى ئوخشاش سۆز، دەپ قارايدۇ. بۇ نوقتىدا مۇرجىئەلەرگە ماسلىشىپ، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە قارشى چىقىدۇ. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدا ئىمان: قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن تەستىقلاش ۋە بەدەن بىلەن ئەمەل قىلىش بولۇپ، تائەت بىلەن ئارتىدۇ، گۇناھ بىلەن كەملەيدۇ. ئۇنىڭدا مۇستەسنالىق بار (بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۆزىنى گۇناھسىز، دەپ قارىماسلىق). ئىمان بىلەن ئىسلام بىر ـ بىرى بىلەن ھەمنەپەس، بىر يەرگە كەلگەندە ئايرىلىدۇ، ئايرىلغاندا بىر يەرگە كېلىدۇ.

◈ ماتۇرىيدىيە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن بەرزەخنىڭ ئەھۋالى ۋە تىرىلىش، توپلىنىش، مىزان، سىرات، شاپائەت، جەننەت، جەھەننەمگە ئوخشاش ئاخىرەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك غەيبى مەسىلىلەردە بىر يەرگە كېلىدۇ؛ چۈنكى، ئۇلارچە بۇ مەسىلىلەردە ھۆكۈم ئېلىش مەنبەسى غەيبتۇر؛ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ نەسلىرى ئۇنى كۈچلەندۈرگەن نەق ئىشلاردۇر.

---

[1] شۇرا سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.



www.munber.org

ـ شۇنداقكەن، ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرۈش مەسىلىسىنى تەرەپ ۋە ئۇچرىشىشنى رەت قىلغان ئاساستا تەستىقلايدۇ؛ كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مەسىلىنى تەستىقلىغان ئىكەن، بۇمۇ بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى سۆزدۇر. بۇنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپ ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

◈ ماتۇرىيدىيلار ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە ساھابىلەرنىڭ خەلىپىلىك تەرتىپى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجتىھادىدىن كېلىپ چىققان خاتالىق ئىكەنلىكى قارىشىدا ماسلىشىدۇ؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تىل تەككۈزۈشكە بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلارغا تىل تەككۈزۈش يا كۇپۇر ياكى بىدئەت ۋەياكى پاسىقلىقتۇر. يەنە خەلىپىنىڭ قۇرەيشتىن بولۇشى، مەيلى ياخشى ياكى گۇناھكار بولسۇن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنىڭ جائىزلىقى ۋە زالىم ئىمامغا قارشى چىقىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە تەقدىر، قۇدرەت، قادىر بولۇش، كائىناتتا يۈز بەرگەن ھەر بىر ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقى، بەندىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان بولۇپ، بەندىلەرنىڭ تاللاپ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ساۋابقا ئېرىشىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدىغان ئىش ـ ئەمەللىرى بار. بەندە قىلىش بۇيرۇلغان ئىشلارنى تاللاش ئەركىنلىكى بار، ئۇ ئۇنى بىرىجىبىرىشكە زورلانمايدۇ.

ماتۇرىيدىيلار مۇئتەزىلىلەرگە ئويغۇن ھالدا ئىمكان دائىرىسىدە بولمىغان ئىشلارنى مەسئۇلىيەت سۈپىتىدە يۈكلەشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بۇ مەسىلىدە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، دەپ كەسكىن قارار چىقارماستىن ئۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ماتۇرىيدىيلار ئەقىدىسىنىڭ توغرا ۋە خاتا تەرەپلىرى بار ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ؛ توغرا تەرىپىنى ھەنەفىيلەرنىڭ سەلەپلىرى بولغان ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەدىن قوبۇل قىلغان؛ چۈنكى تارىخ ئوقۇغان كىشى ھەنەفىي مەزھىپى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا نۇرغۇن پىرقىلەر[1]گە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغانلاردىن باشقىلىرى ئىمام ئەبۇ

[1] مىسال ئۈچۈن، «العقيدة الطحاوية» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتورى ئۆز دەۋرىدىكى (229 ياكى 239ـ ھـ / 321ھـ) ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى ئىمام ئەبۇ جەئفەر ئەھمەد ئىبنى سەلامە ئەتتاۋىينىڭ ئۇمۇمەن سۈننىي، سەلەپى ئەقىدىسىدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
ـ ئەمما ئەبۇ ھەنىيفە نامىدىن «الفقه الأكبر» ناملىق كىتاپنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى ئەبۇ مۇتىيئ ئەلھەكەم ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەلخىي جەھمىييەچى، مۇرجىئە كىشى ئىدى، ئۇنىڭ كىتاپ رىۋايەت قىلىش سەۋەبى ئارقىلىق ھەنەفىي مەزھىبگە تەسىرى بولغانلىقى ھېچقانچە سىر ئەمەس.
ـ ئىسمائىل ئىبنى ھەماد ئىبنى ئەبۇ ھەنىيفە قۇرئاننى مەخلۇق دەيدىغان پىتنىنىڭ بېشى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەتتا يالغاندىن تۆھمەت قىلىپ، بۇ سۆزنىڭ دادىسى ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى داۋا قىلاتتى.
ـ بەشر ئىبنى غىياس ئەلمەرىيسى ئەلھەنەفىي (228ھـ) مۇ جەھمىييە ئەقىدىسىكى مۇرجىئەلەردىن بولۇپ، مۇرجىئىيلار پىرقىلىرىنىڭ مەرىيسىييە ئىمامى، جەھم ئىبنى سەفۋاندىن كېيىنكى جەھمىييەنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشى ئىدى. دادىسى يەھۇدىي بولۇپ، سۈننىي ئىماملاردىن بىر قانچىسى ئۇنى كاپىر دەپ پەتىۋا چىقارغان.
ـ ئەلقازىي ئەھمەد ئىبنى ئەبى داۋۇد ئەلھەنەفىي مۇئتەزىلىلەردىن،(240ھـ) ئۇ قۇرئاننى مەخلۇق، دەيدىغان پىتنىنىڭ بېشى ۋە بەشر ئەلمەرىيسىنىڭ شاگىرتى ئىدى.



www.munber.org

ھەنىيفە ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى تۇتقان يولدىن ماڭمىغان. بۇنىڭ كۆپچىلىگى جەھمىييە ۋە مۇئتەزىلەدىن ئىبارەت بىدئەتچى پىرقىلەرگە تەۋە ھەنەفىيلەر ئىدى. چۈنكى تارىخىي مەنبەلەر ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىنىڭ ئىلمىنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆلىمالاردىن كىملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى مەسىلىسىدە بىر نەرسىگە ئىشارە قىلمايدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندىكىلەرنى كۈچلەندۈرەلەيمىز:

- ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىي بىۋاستە ياكى شەيخلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەھمىييە، مۇرجىئە، مۇئتەزىلە ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ شۇنىڭدەك بىر قىسىم سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەسلەرنى بۇرمىلاش، يۈكسەكلىك ۋە خەبەرىي سۈپەتلەرنى ئەھلى سۈننەتنىڭ ئەقىدىسى دېگەن گۇمان بىلەن ئىنكار قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇئتەزىلە ۋە پەيلاسوپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

- گەرچە ئىككىسىنىڭ ئۇچراشقانلىقى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋى كالامىي دېگەن بىدئەتنى تۇنجى پەيدا قىلغان ئىبنى كىلاب (240ھ) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىبنى كىلاب ماتۇرىيدىينىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىينىڭ سۈپەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە سۆزلەمدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش قۇرئان مەسىلىلىرى ۋە ئىماندىكى مۇستەسنالىق مەسىلىسى قاتارلىق بىر قانچە خىل مەسىلىدە ئىبنى كىلابقا ئەگەشكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (مجموع الفتاوى) 7 - جىلد، 433 - بەت، (منهاج السنة) 2 - جىلد، 362 - بەت.

### تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

ماتۇرىيدىييە تارقىلىپ، ھىندىستان ۋە ئۇنىڭغا خوشنا شەرق ئەللىرىدىن جۇڭگو، بېنگال، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيگەن. يەنە تۈركىيە، رۇم، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماراكەش قاتارلىق جايلارغا ھەنەفىي مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ تارقىلىشىغا ماسلاشقان ھالدا تارقىغان. بۇ ئەللەردە ھېلىھەم ئۇنىڭ كۈچلۈك يىلتىزى بار. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ساناش مۇمكىن:

1 - پادىشاھ، سۇلتانلار، بولۇپمۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ بۇ مەزھەپ ئۆلىمالىرىنى قوللاپ، قوۋۋەتلىشى.

2 - ماتۇرىيدىييە مەدرىسلىرىنىڭ ماتۇرىيدىييە ئەقىدىسىنى تارقىتىشتىكى رولى ناھايىتى زور. بۇنىڭ روشەن مىسالى شۇكى: پاكىستان، ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردىكى دىيوبەندىييە مەدرىسلىرى ئەقىدە دەرسلىكىدە ھازىرغىچە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى سۈپىتىدە ماتۇرىيدىينىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

3 - ئىلمىي كالامغا ئائىت ئەسەر يېزىش ساھەسى ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى جەھمىييەلەر، مۇئتەزىلە، رافىزىيلار ۋە باشقا بىدئەت ئىچىدىكى پىرقىلەرگە رەددىيە بېرىش بويىچە ئىلىپ بارغان يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئاكتىپلىقى.

www.munber.org

**4 ـ شاخچە مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئۇنىڭ مەزھىپىگە تەۋە بولغانلىقى.**

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى؛ ماتۇرىيدىييە كالامىزمچى بىر پىرقە بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ئەسىردە سەمەرقەندتە مەيدانغا كەلگەن. بۇ پىرقە ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىيغا ئائىت دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەھمىييە، مۇئتەزىلە ۋە باشقا يۇشۇرۇن پىرقىلەردىن تەركىب تاپقان خۇسۇمەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا ئەقلىي ۋە پەلسەپىۋىي دەلىللەرگە تايىنىدۇ. ئېتىقاد مەسىلىسىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە بىلەن مۇئتەزىلە، جەھمىييە ۋە ئەھلى كالام ئارىسىدىن نورمال بىر يول تۇتۇشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن. ئۇلار، شەرئىي پاكىتلارنىڭ ئالدىدا ئەقلىنىڭ ئورنىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. دىنىنىڭ ئۇسۇلىنى (ئاساسىنى) ئىلاھىييات ۋە شەرئىيياتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈش بىدئىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان، نەتىجىدە تەۋىل قىلىش ۋە تەفۋىيزنى ياقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە مەجاز بار، دەيدۇ. ئاھاد ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىتابلارنىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋىي كالامى ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار بۇ باپتا مۇئتەزىلە بىلەن جەھمىييەلەرگە، ئىمان بابىدا مۇرجىئىيلارغا، تەقدىر، ئاخىرەت ئىشلىرى، بەرزەخ ئەھۋالى، خەلىپىلىك ۋە ساھابىلەر توغرىسىدىكى قارىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە يېقىنلىشىدۇ. تەۋھىدكە بولغان چۈشەنچىسى ياراتقۇچىلىق ۋە رەببانىيلىق تەۋھىدىگە باغلىنىپ قالغان بولغاچقا، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرەلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، مەزھەپىنىڭ تارقىلىشى ۋە نۇپۇز كۈچى بىلەن كۈچەيگەن؛ بۇ مەزھەپىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان ئونۋېرسىتېت ۋە مەشھۇر مەدرىسلەر بولغاندىن سىرت، ئۇنى ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئوخشاش بىر قانچە دۆلەت قوللاپ، قۇۋۋەتلىگەن. ئۇلارنىڭ شاخچە مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ مەزھىپىگە تەۋە بولغانلىقلىرىنىڭمۇ ماتۇرىيدىييە مەزھىپىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىشىدا كۈچلۈك تەسىرى بار. شۇنداق بولسىمۇ، ماتۇرىيدىيلارنىڭ مۇئتەزىلە، باتىنىيلار، دىنسىز پەيلاسوپلار، رافىزىيلارغا رەددىيە بېرىشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ خىزمىتىدە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئەمگەكلىرى بار.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

### (ئا) مەزھەپنىڭ كىتابلىرى:

- ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىي: كتاب التوحيد
- ئەبۇ مەنسۇر ئەلماتۇرىيدىي: تأويلات أهل السنة
- ئەبۇ ئەلمۇئىين ئەننەسەفىي: تبصرة الأدلة



www.munber.org

- **ئەبۆ ئەلمۇئيـن ئەننەسەفـي:** بحر الكلام في علم التوحيد

- **نەجمۇددين ئۆمەر ئەننەسەفـي ئەتتەفتەزانى:** شرح العقائد النسفية

- **ئىبنى ئەلھەمام:** المسايرة في العقائد المنجية في الآخرة- مع شرحه المسامرة لابن أبي شريف، شرح قاسم بن قطلوبغا

- **شەيخ مۇھەممەد ئەبدە:** رسالة التوحيد

- **مۇستەھيى زاده ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان:** رسالة في الخلافات بين الأشعرية والماتوريدية والمعتزلة

- **ئەھمەد خەيري:** مقالات الكوثري ومعها مقدمة البنوري الديوبندي

- **د.مۇھيددين ئەلۋائـي:** تاريخ الدعوة الإسلامية وتطورها في شبه القارة الهندية

- **شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە:** العلماء العزاب

- **ئەلكەنەۋي** :الأجوبة الفاضلة- تعليقات الشيخ عبد الفتاح أبي غدة

- **د.ئەبۇلخەير مۇھەممەد ئەييۇب ئەلبەنگالى:** عقيدة الإسلام والإمام الماتوريدي

- **شەيخ رەشيد ئەھمەد ئەلكەنكۇھي ئەدديوبەندي:** الفتاوى الرشيدية

## (ب) مەزھەپكە تەۋە بولمغان كتاب ۋە مەنبەلەر:

- **ئەبۇلقاسىم ھىبەتۇللاھ ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئەتتەبەري ئەللالكائـي:** شرح أصول إعتقاد أهل السنة والجماعة

- **ئەلبەيھەقـي:** الأسماء والصفات

- **شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە:** الإيمان

- **شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە:** الإكليل في المتشابه والتأويل

- **شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە:** درء تعارض العقل والنقل (تحقيق د. رشاد محمد سالم)

- **ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزىي:** اجتماع الجيوش الإسلامية على غزو المعطلة والجهمية (تحقيق د.عبدالله المعتق)

- **ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسىي:** ذم التأويل

- **ئابدۇرراھمان ئىبنى يەھيا ئەليەمانى ئەلمەئلەمـي:** التنكيل بما في تأنيب الكوثري من الأباطيل

www.munber.org

- **ئىھسان ئىلاھىي زەھىير:** البرلوية عقائد وتاريخ
- **ئەھمەد ئىبنى ئىۋەزۇللاھ ئەللۇھەيبىي ئەلھەربىي:** الماتوريدية (رسالة الماجستير)
- **شەمس ئەلئەفغانى ئەسسەلەپىي:** الماتوريدية وموقفهم من توحيد الأسماء والصفات (رسالة الماجستير)
- **د. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلخۇمەيس:** منهج الماتوريدية في العقيدة
- **ئىبنى رۇشد ئەلھەفىيد**(أبو الوليد الأصغر محمد بن أحمد الفلسفي): مناهج الأدلة في عقائد الملة
- **د.ئەبۇ زەيد بەكر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ زيد:** براءة أهل السنة من الوقيعة في علماء الأمة
- **ئىبنى ئەبۇ ئەلئىز ئەلھەنەفىي ۋە مۇھەممەد ناسىرۇددىين ئەلئەلبانىي:** مقدمة شرح العقيدة الطاوية
- **شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە:** الاستقامة

**مۇھەممەد ئامان ئىبنى ئەلى ئەلجامىي:** الصفات الإلهية في الكتاب والسنة النبوية في ضوء الإثبات والتنزيه

www.munber.org

# ئىسلامدىكى فىقھىي مەزھەپلەر

## ئومۇمىي مۇقەددىمە:

فىقھىي مەزھەپلىرى ـ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە ئىجتىھاد ئېلىپ بارغان ئىمالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسى بىرى شەرىئەتنىڭ ئاساسى توغرىسىدا ئەڭ ئاددى بىر نوقتىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەزھەپچىلىك يوق، بىراق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى قولاي ۋە ئاسان يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن فىقھىي مەدرەسە فىقھشۇناسلىرىنىڭ ئىجتىھادلىرىغا ئەگىشىش ئېھتىياجى توغۇلغان. بۇ مەزھەپلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشى ۋە بۇ ئەھكاملارنى رىئاللىققا تەتبىقلاشتىكى جىددى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن فىقھىي مەدرەسەلەر شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. فىقھىغا بولغان بۇ خىل ئېھتىياج، ھەر بىر ئىنساننىڭ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇشى، يېڭىلىنىۋاتقان پايدىلىق نوقتىلارنى ئېنىقلىۋېلىشى ۋە جىددى ياكى يىلتىز تارتىپ كەتكەن پاسىتلارنى تازىلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. بۇلار توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان رىئاللىقلار سەۋەپ بولغان ئىجتىھادى مەزھەپلەر بولۇپ، ئۇلارنى مۇئەييەن دائىرىدىكى نەسلەر ئارقىلىق توراقلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار يېڭىدىن پەيدا بولغان ھەر قانداق بىر ئىشقا شەرئىي يېشىم مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان.

تۇنجى فىقھىي مەدرەسە ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دەۋرىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. چىقارغان ئەھكاملىرى كېيىنكىلەرگىچە يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ مەشھۇرلىرى ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، ئائىشە، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئاببباس قاتارلىق يەتتە كىشىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرلۇك شەھەرلەردە، ئەشۇ يەتتە كىشى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ فىقھىي چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ بايرىقىنى تىكلىگەن فىقھىي مەدرەسەلەر مەيدانغا كەلدى. مەدىنىلىكلەر ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر ، زەيد ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرىنىڭ، كۆپ ساندىكى مەككىلىكلەر ئۈچۈن ئىبنى ئاببباسنىڭ، ئىراقلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تەرىپىدىن ئىراققا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ بايرىقى تىكلەندى. ئەلقەمە ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شەيخى ھەماد ئىبنى ئەبۇ سۇلەيماننىڭ ئۇستازى ئىبراھىم ئەننەخەئىيلار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، گويا مەدىنىدە تۇرۇپ قالغان ساھابىلەرنىڭ ئەلمى مالىكقا ئولاشقاندەك،ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئەلمى ئەبۇ ھەنىيفەگە ئولاشقان. ئەمما شافىئىي دەسلەپتە مالىكتا ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابىنى تىڭشىغان، كېيىن ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەننىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگەنگەن. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھەدىس،



www.munber.org

فىقھىي ئىلىملىرىنى شافىئىيدا ئوقۇغاندىن كېيىن، يەمەن، كۇفە، بەسرە، ئەرەب يېرىم ئارىلى، مەككە، مەدىنە ۋە شام قاتارلىق جايلارنى كەزگەن ۋە بۇ يەرلەردىكى مەشھۇر ئىماملارنىڭ ئېيتقانلىرىنى رىۋايەت قىلغان.

ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىجتىھادنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىناتتى. بۇ مەزگىلدە ئىسلام دۇنياسى ئۇيۇقىدا ئون ئۇچ دانە مۇجتەھىد پارلىدى، مەزھەپلىرى خاتىرلىنىپ، كۆز قاراشلىرى تەقلىد قىلىندى. ئۇلار: مەككىدە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، مەدىنىدە مالىك ئىبنى ئەنەس، بەسرەدە ھەسەن ئەلبەسرىي، كۇفەدە ئەبۇ ھەنىيفە ۋە سۇفيان ئەسسەۋرىي، شامدا ئەۋزائىي، مىسىردا شافىئىي ۋە ئەللەيس ئىبنى سەئد، باغدادتا داۋۇد ئەززاھىرىي، ئىبنى جەرىر ئەتتابەرىي، ئەبۇ سەۋور ۋە ئەھمەد ۋە نىساپۇردا ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ... لەردىن ئىبارەت ئىدى. بىراق بۇ مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تۈگەپ كېتىشى سەۋەبىدىن پەقەت كىتابلاردىلا قېلىپ قالدى. بۇلاردىن باشقا ھەممىسىنى جوغلىغاندا ئالىملارنىڭ فىقھىي مەزھەپلىرى يىگىرمىگە يېتەتتى، بىراق ئۇ فىقھىي ئالىملىرىنىڭ شاگىرتلىرى ئىماملىرىنىڭ فىقھىلىرىنى توپلىمىدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. ئۇلارمۇ مەرتىۋە جەھەتتە مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ فىقھىي ئالىملىرىدىن قېلىشمايتتى. ئىمام شافىئىي ئەللەيس ئىبنى سەئدنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: " ئەللەيس فىقھىدا مالىكتىن ياخشى ئىدى، بىراق ھىمايىچىلىرى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى"

بۈگۈنكى كۈنگىچە دەۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۆت مەشھۇر مەزھەپ ئەھلى سۈننەتكە، جەئفەرىي مەزھىبى شىئەلەرگە ئائىتتۇر.

بۇ مەزھەپلەر بىر ـ بىرى بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىختىلاپلىشىدۇ؟ دەيدىغان بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. فىقھشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ سەۋەبىنى ئالىملار بايان قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ساھەدىكى ئەڭ مەشھۇر كىتابلارنىڭ بىرى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ « مەشھۇر ئۆلىمالارنى ئەيىپلىمەسلىك توغرىسىدا »[1] ناملىق كىتابى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا دوستلۇق ئەھدىسى بەرگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك مۆمىنلەرگە، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۆلىمالارغا ئەھدە بىرىشى ۋاجىب... شۇنى بىلىشۇنلەركى، ئۇممەتنىڭ نەزىرىدە ئومۇمىي جەھەتتىن قوبۇل قىلارلىق دەرىجىدىكى بىر ئىمامنىڭ مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇخالىپ بىر نەرسىگە تايىنىدىغىنى يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقىدا ئويۇل تاشتەك بىرلىككە كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر بىر كىشىنىڭ توغرا ـ خاتا سۆزلىرى بولىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ سۆزىگە قارشى بىر سەھىھ پاكىت مەۋجۇت بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق لازىم."

[1] بۇ كىتاپ ئا. قارلۇقىي تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تارقىتىلغان.ـ ت.



www.munber.org

بۇلاردىن كېيىن، فىقھىي ئىماملىرىنىڭ ئىخلاسمەن مۇجتەھىدلەر ئىكەنلىكى، بىدئەتچىلەر ئەمەسلىكىنى، مۇجتەھىدنىڭ توغرا قىلغان بولسا ئىككى ئەجىرگە، خاتا قىلغان بولسا بىر ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

دېمەك، شاخچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپنىڭ مەيدانغا كىلىشىنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئىش ئىكەنلىكى، ساھابىلەرنىڭمۇ ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقىنى بىلدۇق. چۈنكى بەزى ئىشلار بار ئۇ ھەققتە كۆرسەتمىلىكى ۋە توغرىلىقى كەسكىن بولغان، چۈشەنچىدە ئىختىلاپ قىلىش ئىمكانى يوق... ئەمما بەزى دەلىللەر باركى، چۈشەنچىدە ئىختىلاپ يۈز بىرىش ئېھتىماللىقى يوقىرى...

مۇسۇلمانلار تۆت ئىمامنىڭ بىرىگىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى دەپ ئەگەشمەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە بولمىغان بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويسا قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار خاتالاشمايدىغان ئىنسانلار ئەمەس. دەلىل پەقەت ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.

ئۆلىمالار تەقلىدچىلىكتە ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ئەسىرلەردىمۇ سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى پەتىۋانىڭ ئاساسى تۆۋرۈگى ھېسابلىنىدىغان «چاشيە ابن بابدين» (ئىبنى ئابىدىننىڭ ھاشىيەسى) ناملىق كىتابىنىڭ بېشىدىلا، "ھەنەفىي مەزھىپىدىكى بىر كىشىگە مەزھىپىگە توغرا كەلمەيدىغان بىر سەھىھ ھەدىس يولۇقسا، ھەدىسكە ئەمەل قىلسۇن؛ چۈنكى ئۇ ئاساستۇر" دەيدىغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار.

بىز بۇگۈن مۇبالىغە بىلەن پەرۋاسىزلىق ئارىسىدا قېلىۋاتىمىز: بىر تەرەپتە، ھەر بىر مۇسۇلمان تۆت مەزھەپتىن بىرىنى تۇتۇپ مېڭىشى، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقماسلىقى ۋاجىب، دەيدىغانلار بار. بۇ پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ئىجابىي سۆز. يەنە بىر تەرەپتە، ئالىمدىنمۇ ـ نادانىدىنمۇ، ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن بىۋاستە ھۆكۈم قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغىلى ئازلا قالدۇ. گەرچە بۇ خىل ئۇسۇل توغرا بولسىمۇ، ھەر بىر ئىنسان ئۇنداق قىلىشقا قادىر ئەمەس؛ چۈنكى، ئىجتىھادنىڭ ئاۋام خەلق بىلىپ بولالمايدىغان نۇرغۇن شەرتلىرى بار.

تۆت مەزھەپ ئىچىدىن مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىش، ئۇ مەزھەپنىڭ قاراشلىرىغا زىت يۈنۈلۈشتىكى ساغلام نەسلەر بار يەردىمۇ مەزھەپنىڭ تېشىغا چىقماسلىق سېپى ئۆزىدىن مۇتەئەسسىپلىكتۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى بىر قىسىم ئىسلامىي دەۋرلەردە بۆلۈنۈش، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە مەزھەپلەرگە ئەگەشكەنلەر ئارىسىدىكى نىزالارغا ئېلىپ باردى. ئاللاھقا شۈكۈر، يېقىنقى ئەسىرلەردە قىزىتمىسى بىر ئاز چۈشكەندەك بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسىم سەلبىي ئەھۋاللار ـ بولۇپمۇ ئەرەب بولمىغان ئەللەردە ــ روشەن مەۋجۇت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. شەكسىزكى، بۇنى سەۋەبى ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى، شەرىئەتنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى، ساغلام، توغرا بولغان سۈننەتنى، ئوقۇش ۋە چۈشەنچە جەھەتتە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ۋە ئالىملارنى كۆپەيتىدىغان ئەرەب تىلىنى



www.munber.org

بىلمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. يەنە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى بۇگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ سانلىقىغا سۇلتان بولىۋالغان مەدەنىيەت قالاقلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

بارلىق مۇسۇلمانلار ئورتاقلىشىدىغان ئارزۇيىمىز: تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنىڭ بىردەت ۋە ئازغۇنلۇقتىن يىراق ھالدىكى ساغلام ئەقىدە ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولىنىڭ سەھىھ سۈننەتنى يېتەكچى قىلغان ھالدا بىر ئارىغا كېلىشى، فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالماسلىقى... ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈملىرى، دەستۇرلىرى ۋە قانۇنلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە توپلانغان غايەت زور فىقھىي مىراسلىرىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك خەزىنىدىن پايدىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.

بىز دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن گەرچە بۇ ئېنسىكلوپېدىيىدە فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەپ ئۆتكەن بولساقمۇ، ئالدىنقى قاتاردىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ، فىقھىي مەزھەپلەردىكى ئەڭ ئەۋزەل نوقتىلارنى بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرىغا ماس كېلىدىغان شەكىلدە توپلاپ چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشىنى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن چىقىرىلغان ھەقىقىي ياخشى ئۈممەت بولۇشى ئۈچۈن بارلىق ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ ئەقىدە، پىكىر، فىقھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى يارا قىلىپ كېلىۋاتقان چېچىلاڭغۇلۇق، تالاش - تارتىش ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئامىللارنىڭ يوق بولۇشى ئۈچۈن ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەگىشىپ مېڭىشىغا لايىق ساغلام ئىسلامىي يۈنۈلۈشتىكى مۇكەممەل بىر مېتودنى رويابقا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز بۇ تۆت فىقھىي مەزھەپنى تارىخى تەرتىۋى بويىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز ۋە ئۇنىڭغا جەئفەرىي مەزھىپىدىن ئىبارەت سۈننى بولمىغان بىر مەزھەپنى ئىلاۋە قىلىپ ئۆتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىدا كۈچلۈك تەسىرى بولغان ئىككى خىل يۈنۈلۈش بويىچە مەزھەپلەرنى خۇلاسىلەيمىز. ئۇنىڭ بىرى ئىجتىھاد ياكى مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىدىن يىراق تۇرۇش، يەنە بىرى مەزھەپچىلىك ياكى مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى.

www.munber.org

# ھەنەفي مەزھىپى

## ئىنقلىما:

ھەنەفي مەزھىپى ئىسلام دۇنياسىدا تارقالغان سۈننى ئەقىدىسىدىكى فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئەننۇئمان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن ھەنەفي مەزھىپى دەپ ئاتالغان.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشلىرى:

مەزھەپنىڭ شەكىللەندۈرگۈچىسى: ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئەننۇئمان ئىبنى سابىت ئىبنى زۇتىي ئەتتەمىيمي ئەلكۇفىيدۇر. ئۇ ھجرىيەنىڭ **80** - يىلى كۇفەدە تۇغۇلۇپ، ھجرىيەنىڭ **150** - يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. ئەسلى مىللىتى پارىس بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ تابىئىلىرىدىندۇر. ئۇنى بەزىلەر ساھابىلەردىن تۆت كىشىگە ئۇلاشقانلىقى ئۈچۈن تابىئىنلاردىن دەپ قارايدۇ. بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، كېيىن ئوقۇشقا يۈزلىنىپ، قۇرئان كەرىمنى يادلىغان، سۈننەتلەرنى ئۆگەنگەن ۋە فىقھىدا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ توغرىسىدا شافىئىي مۇنداق دېگەن: "فىقھىدا ئەبۇ ھەنىيفەدىن ئالىمراق بىرىنى كۆرمىدىم". ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەر فىقھىدا ئەبۇ ھەنىيفە ئائىلىسىگە تەۋەدۇر"

## ئەسەرلىرى:

ئۇنىڭ ئىلمى كالامغا ئائىت "الفقه الأكبر" ناملىق بىر كىتابى، يەنە "مسند الحديث"، "العالم والمتعلم" ناملىق كىتابلىرى ۋە "قەدەرىيىيەگە رەددىيە" ناملىق رىسالىسى بار. ئۇ مۇئەييەن فىقھىي كىتاب قالدۇرمىغان، پەقەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىملا قىلىپ بەرگەن، بۇ ئاساستا ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەششەيبانىي ئۇلارنى توپلىغان.

## كەمتەرلىگى:

ئۇ ھەمىشە «بىزنىڭ بۇ سۆزىمىز بىر خىل قاراش، بۇ بىزنىڭ ئىمكانىمىز يەتكەن ئەڭ ياخشى سۆز. كىمكى بىزنىڭ سۆزىمىزدىنمۇ ياخشى بىر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، ئۇ ئالدىنقى ئورۇنغا قويىلىدۇ، بىز ئۇنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىمىز.» دەيدۇ.

- ئۇنىڭ قارىشىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل قاراش كۆزگە چېلىقسا، ئۆزىنىڭ قارىشىدىن چېكىنەتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا مۇنازىرە قىلغۇچىسى بىرەر ھەدىسنى زىكىر قىلسا، قارىشىدىن دەرھال قايتاتتى. چۈنكى ھەدىس بار يەردە كۆز قاراشقا ئورۇن يوق ئىدى.

www.munber.org

- خەلىپە مەنسۇر ئۇنى قازى بولۇشقا ئىزچىل تەلەپ قىلغان بولسىمۇ قوبۇل قىلمىغان. بۇ سەۋەپلىك ئۇ تاياق يېگەن، ھەتتا تۈرمىگە تاشلانغان.

**تالىبلىرى:**

ئەبۇ يۇسۇف يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئەلئەنسارىي ئەلكۇفىي (113ھـ - 182ھـ): بۇ كىشى ئىراقنىڭ فىقھىي ئالىمى ئىدى. ئەبۇ ھەنىيفەدە ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىھاد ئۇسۇلىنى تۇتقان. ئىمامنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر تالىبلىرىدىن ئىدى. ئۇ قازى ئەلقۇزات مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن چاغلىرىدا ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە تارقىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئۇ چاغلاردا ھەنەفىي مەزھىپىدە بولمىسا قازىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەنمەيتتى.

- ئۇ يىتەرلىك دەرىجىدە ئەقىللىك ۋە ئاجايىپ زىرەك كىشى ئىدى. ئۇ ئوخشىمىغان ئىقىملارغا تەۋە شەيخلار بىلەن ئالاقە قىلغان. ھەماد ئىبنى ئەبۇ سۇلەيماننىڭ قولىدا ئوقۇغان ۋە مەككىدە بىر قانچە يىل تۇرۇپ قالغان.

- ئابباسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىدنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «الخـراج» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇ مالىيە سىياستىگە ئائىت تۇنجى كىتاب يازغان ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى ئىزاھلىغان تۇنجى كىشى، شۇنىڭدەك ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مېتودولوگىيىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشىدۇر.

◈ مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەششەيبانىي (132ھـ - 189ھـ): بۇ كىشى ۋاسىتتا تۇغۇلغان، كۇفەدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ناھايىتى ئەقلى ساغلام كىشى ئىدى، ئۇ ئۇستازى ئەبۇ يۇسۇف ھايات چېغىدىلا خېلىلا يېتىشىپ قالغان، ئىمام مالىكتا دەرس ئوقۇغان، يەنە ئۇنىڭ شافىئىي بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنازىلىرىمۇ بار. ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىسىنى ئالتە كىتابقا توپلىغان بولۇپ، مەزھەپنى بىر ئارىغا توپلاش شەرىپى ئۇنىڭغا ئائىت. ئۇنىڭ كىتابلىرى سەرخەسى تەرىپىدىن «المبسوط» ناملىق كىتابتا شەرھىلەنگەندىن كېيىن، ھەنەفىي فىقھىسىغا دائىر ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ قالغان.

◈ زەفەر ئىبنى ئەلھۇزەيل (110ھـ - 158ھـ): ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قىياسقا بەكرەك ئېسىلىدىغان ساھىبلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنى چوڭ بىلەتتى، ئۇلۇغلايتتى. ئۇ ئىشەنچلىك، ئىبادەتخومار ۋە زاھىد كىشى ئىدى. قازى بولۇشنى رەت قىلىپ، بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى چېقىۋېتىلگەن، كېيىن ئۇ قايتىپ كىلىپ ئۆيىنى رىمونىت قىلغان ۋە ئوخشاشلا قازىلىقنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆيى يەنە چېقىۋېتىلگەن. ئۇ قازىلىق مەنسىپىنى تۈتقىلى ئۇنىماي، ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن، دۇنيادىن زاھىد بولۇپ كەتكەن. ئۇنى بەسرەلىكلەر ياخشى كۆرەتتى, ئۇ شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

◈ ھەسەن ئىبنى زىياد ئەللۇئلۇئي (ھىجرىيەنىڭ 204 - يىلى ۋاپات بولغان): ئۇ دەسلەپتە ئەبۇ ھەنىيفەگە، ئارقىدىن ئەبۇ يۇسۇفقا كېيىن مۇھەممەدكە شارگىرت بولغان... ئالدى بىلەن سۈننەت، ئىككىنچى قەدەمدە فىقھىي بىلەن مەشغۇل بولۇپ

www.munber.org

ئۆتكەن. ئۇ ناھايىتى ھوشيار، قەلبى ئويغاق، زىرەك، شۇنىڭدەك رىۋايەتلەرنى يادلىغان كىشى ئىدى.

## ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئىجتىھادتا تۇتقان يولى:

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىپىدە قۇرئان، سۈننەت، ئىجمائ، قىياس، ئىستىھسان، ئۆرپ، ساھابىنىڭ سۆزى، ئىلگىرىكى شەرىئەتلەر ۋە باشقا ئىختىلاپلىق شەرىئەت مەنبەلىرىگە تايانغان.

ـ قۇرئان: ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ. قۇرئاننىڭ ئەتراپىدا بولىۋاتقان ئىختىلاپلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پاكىت بولۇش ياكى بولالماسلىقى توغرىسىدىكى ئىختىلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆز ۋە مەنىلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئىختىلاپتىن ئىبارەت.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى: بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ. ئىختىلاپ سۈننەتكە مۇناسىۋەتلىك شاخچە قىسىملاردىدۇر. ئەبۇ ھەنىيفە سەھىھ سۈننەتنى، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ قولىدا تارالغان رىۋايەتلەرنى (ئۇ ھەنەفىيلەرنىڭ نەزىرىدە مەشھۇر ھەدىستۇر) پاكىت سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. ئەمما ئاھاد ھەدىسلەر ئۆلارنىڭ قارىشىدا راۋىلىرى زەنجىرسىمان كەلمىگەن ۋە مەشھۇر ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىسلەرنى مۇئەييەن شەرتلەر ئاساسىدا قوبۇل قىلىدۇ.

ـ ئىجمائ: شەرىئەتنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى.. ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجمائ توغرىسىدا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشلار ئىجمائنىڭ قىسمەن شەكىللىرىگە مۇناسىۋەتلىك شاخچە مەسىلىلەرگە باغلىنىشلىق.

ـ ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى: ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭدىن خالىغىنىنى تاللايدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، فىقھشۇناس مۇجتەھىدنىڭ تاللىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىدىن نەتىجىلەنمەيدۇ. بەلكى ئۆلارنىڭ ئارىسىدا سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىپ، باشقىلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولغان بىرىنى تاللىۋالىدۇ.

ـ قىياس: قۇرئان، سەھىھ سۈننەت ياكى ساھابىلەر چىقارغان يەكۈن ياكى ھۆكۈملەردىن مۇناسىۋەتلىك دەلىل تېپىلمىغاندا، ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلارنى ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرۇپ قىياس قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ـ ئىستىھسان: مەنپەئەت ياكى مەنپەئەتنىڭ بىر قىسمىنى زىيان تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر قىسىم قىياسلار ئىستىھسان ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ... ھەنەفىي مەزھىپى ئىستىھسانغا بەك ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ناھايىتى زور ھەجىمدىكى فىقھىي مىراسلارنى قالدۇرغان.

◈ ھەدىسشۇناس ۋە فىقھشۇناسلار ئەبۇ ھەنىيفەنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى قىياسقا توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رەت قىلغان، دەپ ئەيىپلەيدۇ. ئەبۇ ھەنىيفە رەت قىلغان ھەدىسلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەل قىلىنغان،

www.munber.org

دەلىل كەلتۈرۈشكە سالاھىيىتى توشىدىغان سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن.

ـ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي ئالىملىرى بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئەبۇ ھەنىيفە سەھىھ ياكى ھەسەن ھەدىسلەرنى رەت قىلمايتتى، بەلكى ھەدىس ياكى خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلىشتا ناھايىتى چىڭ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆزرىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كۇفەدە ئىدى، كۇفە سىياسىي گورۇھۋازلىق، پىتنىنىڭ ئۇۋىسى ئىدى، ئۇ يەردە پىرقىلەر پارچىلىنىۋاتقان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەدىسكە سەل قاراپ، رىۋايەتلەرنى يۇشۇرىدىغان، ھەتتا ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ياردەمچى تېپىش ئۈچۈن ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىدىغان جاي ئىدى... كۇفە ۋەھيى نازىل بولغان، سۈننەتنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ھىجازدىن يىراق ئىدى. بۇ سەۋەپلەردىن ئىمام ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا ئېھتىيات قىلاتتى.

## ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى:

● بۇ مەزھەپ تۇنجى بولۇپ، شەكىللەندۈرگۈچىسى ئۆسۈپ يېتىلگەن، كەچمىشلىرى جەملەنگەن ئىراقتا تارقىغان.

● ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ بۇ مەزھەپكە كىرىشى ۋە مەھكىمىنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇفكە بېرىشى بىلەن باشقا جايلارغا تارقالغان. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەزھىپى ھەنەفىي بولمىغان كىشىلەر قازىلىققا تەيىنلەنمەيتتى، بۇ سەۋەپتىن ھەنەفىي مەزھىپى ئىران، مىسىر، شام ۋە ماراكەشلەرگە تارقالغان.

● ھېلىھەم كۆپچىلىك كىشىلىرى بۇ مەزھەپكە ئەگىشىپ كىلىۋاتقان خۇراسان، سەجىستان، تەبەرىستان، دەيلەم، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمىنىيە قاتارلىق رايۇنلاردا ئەبۇ ھەنىفىگە بولغان بىر خىل مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام بار.

● ئوسمانىيلار ئىسلام ئەللىرىگە ھۆكۈمدار بولغاندىن كېيىن، دۆلەت ھەنەفىي مەزھىپىنى ئاساس قىلدى. ئوسمانىيلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان تۈركىيە، ئىراق، سۈرىيە، لىۋىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ مەزھەپكە ئەگىشىدۇ. مىسىردا شەرئىي مەھكىمىنىڭ تايىنىدىغان مەزھىپى ھەنەفىي مەزھىپىدۇر.

● ھەنەفىي مەزھىپى ھازىر ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، مىسىر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاسىيادىكى ئىسلام دۆلەتلىرىدە تارقىلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، ھەنەفىي مەزھىپى ئىسلام دۇنياسىدا تارقالغان ئىسلام سۈننى فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئەننۇئماندۇر. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسى قۇرئان، سۈننەت، ئىجمائ ۋە قىياس، ئىستىھسان، ئۆرپ، ساھابىلەرنىڭ سۆزى، ئىلگىرىكى شەرىئەتلەر ۋە باشقىلاردىن ئىبارەتتۇر. ھەنەفىي مەزھىپى دەسلەپتە ئىراقتا



www.munber.org

تارقالغان، كېيىن ئابباسىيلار دۆلىتى ئۇنىڭغا ئىمكان ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ ھازىر ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە تارقىلىۋاتىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۆچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

### (ئا) ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ مۇھىم كىتابلىرى:

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئەڭ مۇھىم كىتابلىرى «الفقه الأكبر»، «مسند الحديث»، «العالم والتعلم» لاردىن ئىبارەت. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم كىتابلىرى «الجامع الصغير»، «السير الكبير»، «السير الصغير»، «المبسوط»، «الأصل» ۋە «الزيادات» لاردىن تەركىب تاپقان زاھىر رىۋايەتلىك ئالتە كىتابتۇر. ھەنەفىي مەزھىپىدە كۆچلۈك قاراشلار ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىمام مۇھەممەدنىڭ نادىر كىتابلىرىدىن «الجرجانيات»، «الهاردنيات»، «الكيسانيات» ۋە «الرقيات» لار، ئەلھاكىم ئەششەھىيد ئەلمەرۋەزىي (334ھـ)نىڭ «الكافي» ناملىق كىتابى، سەرخەسىينىڭ «المبسوط»، كاسانىينىڭ «بدائع الصنائع»، مۇرغەنانىي (593ھـ)نىڭ «مختصر الهداية» ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرى، بۇ شەرھلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى كەمال ئىبنى ئەلھۇمام (861ھـ) تەرىپىدىن قىلىنغان «فتح القدير»، ھاشىيە ئىبنى ئەلئابىدىين (1252ھـ) ئىسمى بىلەن تونۇلغان «رد المختار» ۋە «مجلة الأحكام العدلية» ناملىق كىتابلارمۇ بار.

### (ب) ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ مەنبەلىرى:

- شەمسۇل ئەئىممە ئەسسەرخەسىي: «المبسوط»، بېرىنچى نەشرى 1324ھـ - مىسىر، سائادەت نەشرىياتى.
- ئالائۇددىين ئەبۇ بەكر ئىبنى مەسئۇد ئەلكاسانى (587ھـ ۋاپات بولغان): بدائع الصنائع في ترتيب الشرائع
- ئالائۇددىين مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەسسەمەرقەندىي ئەلھەنەفىي (575ھـ ۋاپات بولغان): تحفة الفقهاء – بېرىنچى نەشرى، د.مۇھەممەد زەكىي ئابدۇلبىر تەھقىقلىغان، دەمەشىق، دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (1377ھـ/ 1958م)

### (ج) قىسقارتىلغان كىتابلار:

- مۇھەممەد ئالائۇددىين ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئابدۇررراھمان (1088ھـ ۋاپات بولغان) (ئەلھەسكەفىي نامى بىلەن تونۇلغان): الدر المختار شرح تنوير الأبصار

www.munber.org

● مۇھەممەد ئەمىين (1252ھـ ۋاپات بولغان،ئۇ ئىبنى ئابىدىين نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى): حاشية رد المحتار على الدر المختار، ئىككىنچى نەشرى، مۇستەپا ئەلبابىي ئەلھەلەبىي نەشرىياتى(1386ھـ/ 1966م)

## (د) مەزھەپنىڭ ئاساسلىق كىشلىرىنىڭ تەرجىماللىرى:

● مۇھىيددىين ئابدۇلقادىر ئىبنى ئەبۇ ئەلۋەفا ئەلقۇرەشى ئەلمىسرى ئەلھەنەفىي (775ھـ ۋاپات بولغان): الجواهر المضية في طبقات الحنفية

● ئەلمۆۋلا تەقىيۇددىين ئىبنى ئابدۇلقادىر ئەتتەمىيمي ئەددارىي ئەلغەززىي ئەلمىسرى ئەلھەنەفىي (1005ھـ ۋاپات بولغان): الطبقات السنية في تراجم الحنفية – تحقيق عبدالفتاح محمد الخلو

## ئۇنۇۋېرسال كىتابلار:

- د.ھەسەن ئەھمەد مۇرئىي: الاجتهاد في الشريعة الإسلامية – بۇ،ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنۇۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجلىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (1401ھـ / 1981م) بىر يۈرۈش تەتقىقاتلارنىڭ بىرى.

- د.مۇھەممەد فەۋزىي فەيزۇللاھ: المذاهب الفقهية، شۇئائ نەشرىياتى - كۇۋەيت، 1985م

- شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: أبو حنيفة، ئەرەب پىكىر نەشرىياتى

- مۇھەممەد ئەلى ئەسسايىس: تاريخ الفقه، مۇھەممەد ئەلى سۆبەيھ نەشرىياتى - قاھىرە

- مۇھەممەد سەلام مەدكۇر: المدخل للفقه الإسلامي- ئەرەب گۈللىنىش نەشرىياتى - قاھىرە، 1383ھ

- ئەيسەۋىي ئەھمەد ئەيسەۋىي: المدخل للفقه الإسلامي- ئەرەب كىتاب نەشرىياتى - قاھىرە

- مۇستەپا شەلەبىي: المدخل لدراسة الفقه الإسلامي- تەئلىيف نەشرىياتى - قاھىرە، 1376ھ

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: تاريخ المذاهب الإسلامية

- د.مۇھەممەد ئەززۇھەيلىي: تعريف عام بالعلوم الشرعية

- د.مۇھەممەد شەتا ئەبۇ سەئد: محاضرات في الشريعة الإسلامية- قاھىرە، 1407ھ

www.munber.org

# مالىكىي مەزھىپى

### ئىنىقلىما:

مالىكى مەزھىپى ئىسلام ئالىمدىكى تۆت چوڭ سۈننى فىقھىي مەزھەپنىڭ بىرى. ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن "مالىكىي مەزھىپى" دەپ ئاتالغان.

### قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ مەزھەپنىڭ قۇرغۇچىسى: تولۇق ئىسمى، مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئەبۇ ئامىر ئەلئەسبەھىي ئەلمەدەنىي بولۇپ، تابىئىنلاردىن كېيىنكى دارۇلھىجرە (مەدىنە مۇنەۋۋەرە) نىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ **93** ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلۇپ، **179** ـ ھىجرىيەدە يەنە مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئۇ، ئۇمەۋىيلار دۆلىتى گۈللىنىپ، يۈلتۈزلىرى پارلىغان مەزگىللەردە ياشىغان ۋە ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ تازا كۈچلەنگەن چاغلىرىغا زاماندىش بولغان. چوڭ دادىسى ئەبۇ ئامىر ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدردىن باشقا بارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. چوڭ دادىسى مالىك تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرى ۋە ئالىملىرىدىن سانىلاتتى. ئۇ قۇرئان كەرىمنى يادلىغان، ئۆلىمالارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى بار يەرلەرگە دەۋاملىق بېرىپ تۇرغان كىشى بولۇپ، ناھايىتى باي ئىلمىي ۋە فىقھىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاتكەردىسى نافىئ، ئىبنى شىھاب ئەززوھرىي، ئىبنى ھەرمەز ۋە رەبىيئە ئىبنى ئابدۇرراھمان قاتارلىقلاردىن ئىلىم ئىگەللىگەن. سادىق ئىمامنىڭ سورۇنلىرىغا كىلەتتى. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ پەتىۋالىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. كىچىكىدىلا دىنى مەلۇماتى مۇكەممەللەشكەن ئىدى. ئۇ ئۆلىمالارنى چوڭ بىلەتتى، ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇلارنى ھوقۇقدار ۋە ئىناۋەت ئىگىلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. شافىئىي ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مالىك ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھۆججىتىدۇر». «خالعمعغان كعشعضة قةسةم كةلمةيدذ» دېگەندىن ئىبارەت ھەق سۆزى ئۈچۈن مالىك ئۇرۇلدى، ئاللاھ يولىدا ئەزىيەتكە ئۇچرىدى. مەنسۇرغا بەيئەت قىلىدىغان چاغدا ئۇ زورلۇق بىلەن بەيئەت قىلدۇرۇلغان ۋە مەدىنىنىڭ ۋالىسى مەنسۇرنىڭ نامىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە مەنسۇر ھەققىدە سۇئال سورىغانلارنى يىراققا ئىتتىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق، ئۇ بۇ مەسىلىنى خەلق ئارىسىدا سۆزلەپ بەرگەن. مالىكنىڭ سۈننەت ۋە رىۋايەتلەرگە قىلغان ئەڭ چوڭ خىزمىتى، ئۇنىڭ مەشھۇر ۋە قىممەتلىك كىتابى «الموطأ» دور. ئۇ بۇ كىتابنى يېزىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن قىرىق يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. مالىك رىۋايەت ئىلمىنى موقىملاشتۇرغان تۈنجى كىشىدۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلغان رىۋايەتلىرى «ئالتۇن زەنجىر» رىۋايەتلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

www.munber.org

◈ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلقاسىم ئەلمىسرى (128ھـ ـ 191ھـ): بۇ كىشى ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يىگىرمە يىل ۋاقتىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ۋە مالىكىنىڭ فىقھىسىنى توپلاپ چىققان. ئۇ تەقۋالىقى، زاھىدلىقى، ھارامدىن قورقىدىغانلىقى، سەۋرچانلىقى، مەنسەپدارلاردىن يىراق تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئەل ئارىسىدا تونۇلغان. ئۇنىڭ ھەققىدە تارىخچىلار مۇنداق دىگەن: ئىبنى ئەلقاسىم ، گەرچە ئۇ، چۈشىنىش ئىقتىدارى بار، ئىلىملىك، ھارامدىن قورقىدىغان ۋە مالىك ھەققىدە كۆپ بىر نەرسە دىيىشلەردىن خالىي بىرسى بولسىمۇ ئۇنى خاتىرلەپ مىخشىقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە مالىكنىڭ ھەمرالىقىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن مەشھۇر. «المدونـة» (مالىكىيلارنىڭ تۈنجى كىتابى) گە قاراپ چىقىپ، ئۇنى تۈزەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن سەھنۇن رىۋايەت قىلغان ۋە رەتلەپ چىققان.

◈ ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئىبنى مۇسلىم (125ھـ ـ 197ھـ): ئىمام مالىكنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر يىگىرمە يىل ھەمسەپەر بولغان ۋە «الموطأ الكبير و الموطأ الصغير» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «ئالىم، سالىھ ۋە فىقھشۇناس، ئىلمىي كۆپ، سەھىھ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىدىغان، راستچىللارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ... ھەدىسلىرى تولىمۇ ساغلام ئىدى.» ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس ئىدى، قازىلىق ئىشلىرىدىن يىراق تۇراتتى، پەتىۋا بىرىشتىن قورقاتتى. ئۇ، ئىمام مالىكنىڭ فىقھىسىنى مىسىرغا تارقاتقان.

◈ ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەلقىيسىي ئەلئامىري (140ھـ ـ 204ھـ) مۇ ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، مىسىرنىڭ فىقھىي ئالىمى ئىدى. شافىئىي مىسىردا ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، «مىسىردىن فىقھىغا ئەشھەبتىن ئالىمراق بىر كىشى چىقمىغان» دېگەن.

◈ ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلھەكىيم (155ھـ ـ 214ھـ): فىقھىغا ئالىم، سالىھ، سەمىمىي ۋە مۇلايىم كىشى ئىدى. ئەشھەبتىن كېيىن مەسئۇللۇق ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن. ئۇ شافىئىينىڭ دوستى ئىدى. ئۇنىڭ «علم الموطأ والأهوال والقضاء في البنيان» غا قىسقارتىلغان «المختصر الكبير والأوسط والصغير» ئۇنىڭدىن باشقا، «فضائل عمر بن عبد العزيز» ۋە «المناسك» ناملىق كىتابلىرى بار.

◈ پارىسلارنىڭ فىقھىي ئالىمى ئەسەد ئىبنى ئەلفۇرات (213ھ ۋاپات بولغان): ئەسلى نىساپۇرلۇق بولۇپ، تۇنىستا ئۆسۈپ يېتىلگەن. كېيىن مەككىگە ئىمام مالىكنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن «الموطأ» نى تەلىم ئالغان، ئارقىدىن ئىراققا بېرىپ، ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئىككى سەپدىشىدا ئوقۇغان. بۇنىڭدىن كېيىن مىسىرغا قايتىپ كېلىپ، ھەنەفىي فىقھىسىغا ئائىت ئىگەللىگەن بىلىملىرىنى ئەلى ئىبنى ئەلقاسىمنىڭ دىققىتىگە سۇنغان. ئۇ ئۇنىڭغا مالىكىي مەزھىپىي بويىچە پەتىۋا بەرگەن. بۇ مەسىلىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە قەيراۋاندا نەشر قىلىنغان «المدونة» نىڭ ئاساسىي بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، سەقەلىيىيە غازاتىغا ئاتلانغان قوشۇننىڭ



www.munber.org

قومانداىلىقنى قىلغان ۋە سەرقۇسەنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتقان مەزگىلدە ۋاپات بولغان.

◈ ئەسبەغ ئىبنى ئەلفەرەج ئىبنى سەئىيد (150ھـ ـ 225ھـ): مىسىرلىق فىقھشۇناس ئىدى. ئۇ مەدىنىگە مالىكنىڭ يېنىغا ئىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن بارغان، مالىك ۋاپات بولغان چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن. مالىكنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىبنى ئەلقاسىم، ئىبنى ۋەھب ۋە ئەشھەبلەردە ئوقۇغان. ئۇنىڭ «آداب القضاء»، «تفسير غريب الموطأ»، «آداب الصيام»، ۋە «الرد على أهل الأهواء» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

◈ ئىيسا ئىبنى دىينار (212ھـ ۋاپات بولغان): قۇرتۇبىي ـ ئەندەلۇسى (ئىسپانىيە)لىق. ئىبنى ئەلقاسىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئىسپانىيەنىڭ فىقھي ئالىمغا ئايلانغان. تارىخچىلار ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "ئىيسا يېتىشكەن فىقھشۇناس ئىدى... ئاللاھدىن قورققىدىغان، ئەمەل قىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدىكى ئىزچىل ئىبادەت قىلىدىغان كىشى ئىدى، چاقىرىققا ئاۋاز قوشاتتى. قىرىق يىلغىچە تۈنىدە ئالغان تاھارىتى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇغان، دېگەن گەپلەرمۇ بار.» ئۇ تۇلەيتەلەدە ۋاپات قىلغان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)

◈ ئابدۇسسالام ئىبنى سەئىيد ئەتتەنۇخىي (160ھـ ـ 240ھ): ئۇنى سەھنۇن دەپ ئاتاشقان. قەيرەۋاندا فىقھي ئۆگەنگەن. كېيىن مىسىرغا، ئارقىدىن مەدىنىگە بېرىپ ئىبنى ئەلقاسىم، ئىبنى ۋەھب ۋە ئەشھەبلەردىن دەرس ئاڭلىغان، ئەمما مالىكنىڭ دەرسىگە قاتناشمىغان. ئۇ ھەمىشە «ئاللاھ پەقىرلىكنى قۇرۇتقۇەتسۇن! ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا مەن مالىك بىلەن ئۇچرىشالايتتىم» دەيتتى. ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ۋە ئىلمنى يادلىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىلگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەتراپلىق فىقھي ئىلمىي، سەمىمىي تەقۋالىق، ھەقىقەتتە كەسكىن تۇرۇش، دۇنيادىكى زاھىدلىق، يېمەك_ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىكى ئاددىي ـ ساددىلىق، كەڭ قورساقلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەشكەن. ئۇ سۇلتانلاردىن بىر نەرسە قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ماراكەشتە بەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. «المدونة» نى يازغان بولۇپ، قەيرەۋانلىقلار ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، بەلكى ئۇ، تارىخ بويلاپ مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئاساسلىق كىتابى بولۇپ كەلگەن.

## ظعمام مالعكنعث مةز هعصعنعث ظذسذلع )ظاساسلعرع(:

- قۇرئان كەرىم
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى
- ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر

بۇ ئۈچ ئۇسۇلدا تۆت چوڭ فىقھي مەزھەپ بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، مالىك ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇمچە قىلغان:

www.munber.org

ـ قىياس

ـ مەسالىھ مۇرسەلە: بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن ئېتىبار بېرىش ياكى ئېتىبارىدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا نەس كەلمىگەن مەسىلىلەر.

ـ مەدىنىلىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى: بۇ ئاساستا ئىمام مالىك باشقا فىقھىي ئالىملاردىن پەرقلىنىدۇ... مالىك ئارىسىدا ئۆزى ياشاپ تۇرىۋاتقان مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەللىرىنى خەبەر ۋاھىد ھەدىستىن كۈچلۈك دەپ قارايدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. جامائەتنىڭ رىۋايىتى يەككە بىر ئادەمنىڭ رىۋايىتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مالىك خەبەر ۋاھىد ھەدىسكە ئەمەل قىلىشتا ئۇنىڭ مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىگە قارشى كەلمەسلىكىنى شەرت قىلىدۇ. مالىكنىڭ نەزىرىدە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەللىرى مۇتلەق دەلىل بولالايدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىبتۇر.

ـ ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش: مالىك «الموطأ» دە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدا ئۇنىڭ كىتابى ئەمرۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) لارنىڭ ۋە مەدىنىدىكى ساھابىلەردىن پەتىۋالارنى خاتىرىلىگەن يەتتە فىقھشۇناسنىڭ پەتىۋالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مالىك شاتىبىي ئېيتقاندەك، ئۆز دەۋرىنىڭ سۈننەت ئىمامىي سانىلاتتى.

## مالىكىي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى:

ـ بۇ مەزھەپ ھىجازغا، ئۇ يەردىن ئافرىقا قىتئەسىگە، بولۇپمۇ ماراكەشكە تارقالغان. ماراكەشتىن ئىسپانىيەگە تارقالغان. ھەتتا ئىسپانىيەدىكى مەھكىمە شەرئىيىيەدە مەنسەپ تۇتۇشنىڭ شەرتى قۇرئان كەرىمنى ۋە ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابىنى يادلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

ـ ھەكەم ئىبنى ھىشام دەۋرىدە بۇ مەزھەپ ئىسپانىيىدە يۇكسەك پەللىگە چىققان. مالىكىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر فىقھشۇناسى يەھيا ئىبنى يەھيا ھەكەمنىڭ يېنىغا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان ۋە ئەبۇ يۇسۇف ھەنەفىي مەزھىپىنى ئىراققا تارقاتقىنىغا ئوخشاش، ئۇمۇ مالىكىي مەزھىپىنى ئىسپانىيە ۋە ماراكەشلەرگە تارقاتقان.

ـ مالىكنىڭ ھىمايىچىلىرى بۇ مەزھەپنى مىسىرغا ئېلىپ كەلگەن، مىسىر ھىجازدىن كېيىنكى مالىكى مەزھىپى تارقالغان بىرىنچى دۆلەت بولۇپ قالغان.

ـ مالىكىي مەزھىپى بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مىسىر ئېگىزلىكلىرى، سۇدان ۋە ھىجازنىڭ قارشىسىغا توغرا كېلىدىغان ئافرىقا قىتئەسىنىڭ باشقا جايلىرىدا ھېلىھەم ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدۇ.

ـ بۇ مەزھەپتىكى قاراشلارنىڭ كۆپلىكىگە ئاساسەن، مالىكىي فىقھىسىدا ئىزدەنگەن كىشى تۇرلۇك پىكىر مۇئىلىرى ۋە تەتبىقلاشقا بولىدىغان ئوخشىمىغان

www.munber.org

مۇھىت ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا ئويغۇن كېلىدىغان ھەر خىل تۈستىكى فىقھىي تالاش ـ تارتىشلارنى ئۇچرىتىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، مالىكىي مەزھىپى تۆت چوڭ سۈننى ئىسلام فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)تۇر. مەزھەپنىڭ ئاساسىي قۇرئان، سۈننەت، ساھابىلەرنىڭ ئىجمائىلىرىدىن باشقا، قىياس، مەسالىھ ئەلمۇرسەلە، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەللىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ھۆججەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشنى چۆرىدەيدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ مۇھىم كىتابلىرى «الموطأ»، «المدونة»، «الموازية»، «بداية المجتهد» ۋە «الذخيرة» لەردىن ئىبارەتتۇر. مالىكىي مەزھىپى ھىجازغا، ئۇ يەردىن ماراكەش، ئىسپانىيە ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە تارقالغان. ئۇ مىسىر ئېگىزلىكلىرى، سۇدان، بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە باشقا يەرلەرگىمۇ تارقالغان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

(ئا) مالىكىي مەزھىپىنىڭ مۇھىم كىتابلىرى:

- ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس: الموطأ (ھەدىس، رىۋايەتلەر ۋە ئىمامنىڭ قاراشلىرىنى بىر ئارىدا)
- سەھنۇن ئىبنى سەئىد ئەتتەنۇخىي: المدونة (ئىمام مالىكنىڭ قاراشلىرى بولۇپ، شاگىرتى سەھنۇن تەرىپىدىن توپلانغان)
- مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەلئىسكەندەرىي ئىبنى زىياد (ئىبنى ئەلمەۋۋاز نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ھىجرىيە 269 ياكى 281 ـ يىلى ۋاپات بولغان): الموازية
- ئىبنى رۇشدى (450ھـ ـ 520ھـ): بداية المجتهد
- ئەلقەررافىي: الذخيرة
- ئەلھاتتاب: مواهب الجليل

(ب) قعسقارتعلغان كعتابلار:

- شەيخ خەلىل ئىبنى ئىسھاق ئەلمالىكىي (767ھـ ۋاپات بولغان): المختصر في الفقه المالكي ـ بۇ كىتابنىڭ شەرھلىرى بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر قىسمى:

www.munber.org

- ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلمالىكىي (ئەلھاتتاب نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 954 ـ يىلى ۋاپات بولغان): مواهب الجليل لشرح مختصر الخليل، بىرىنچى نەشرى ـ سائادەت نەشرىياتى، مىسىر (چىسلاسىز)

- مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەسسىنباۋي (ئەلئەمىير نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ھىجرىيە 1232 ـ يىلى ۋاپات بولغان): المجموع الفقهي في مذهب الإمام مالك – (وهو متن مختصر)

(د) مەزھەپنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ تەرجىماللىرى:

- ئەلقازي ئىياز ئىبنى مۇسا ئەسسەبتي (445ھـ ۋاپات بولغان): ترتيب المدارك وتقريب المسالك لمعرفة أعلام مذهب مالك

- بۇرھانۇددىين ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى فەرھۇن ئەلئۇمەري ئەلمەدەنىي ئەلمالىكىي (779ھـ ۋاپات بولغان): الديباج المذهب في معرفة أعيان علماء المذهب

ظذنۆعرسال كعتابلار:

- د.مۇھەممەد فەۋزي فەيزۇللاھ : المذاهب الفقهية، شۇئائ نەشرىياتى ـ كۇۋەيت، 1985م

- د.ھەسەن ئەھمەد مۇرئىي: الاجتهاد في الشريعة الإسلامية، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر ئىشلىرى ئىدارىسى ـ رىياد، 1401ھـ، ئەرەب گۇللىنىش نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1383ھـ.

- ئىبىسەۋىي ئەھمەد ئىبىسەۋىي: المدخل للفقه الإسلامي، ئەرەب كىتاب نەشرىياتى ـ قاھىرە

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: الإمام مالك، ئەرەب پىكىر نەشرىياتى ـ قاھىرە

- ئىبنى فەرھۇن: الديباج المذهب في معرفة أعيان علماء المذهب

ئەھمەد تىيمۇر پاشا: نظرة تاريخية في حدوث المذاهب الأربعة وانتشارها

www.munber.org

# شافىئىي مەزھىپى

### ئېنىقلىما:

شافىئىي مەزھىپى ئىسلام ئالىمىدىكى تۆت چوڭ سۈننى فىقھىي مەزھەپنىڭ بىرى. ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن "شافىئىي مەزھىپى" دەپ ئاتالغان.

### قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىئىي ئەلقۇرەشى ئەلمەتلەبىيدۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 150 ـ يىلى، يەنى ئەبۇ ھەنىيفە ۋاپات بولغان يىلى غەززەدە توغۇلغان ۋە ھىجرىيە 204 ـ يىلى مىسىردا ۋاپات بولغان.

ـ كىچىك چېغىدىلا دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئانىسى (يەمەننىڭ ئەزد، دېگەن يېرىدىن ئىدى) ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان. ئۇ مەككىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، قۇرئان كەرىمنى يادلىغان، تىل، شېئىر ۋە ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغان. غەيرى ئەرەبلەردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن سەھراغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەردە «الموطأ» نى يادلىغان ۋە ئۇ يەرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن، بولۇپمۇ مۇسلىم ئىبنى خالىد ئەزەنگىدىن قۇرئان ئىلىملىرى ۋە فىقھىي ئۆگەنگەن. ئىمام مالىكتا ئوقۇش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغان ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان، «الموطأ» نى ئېغىزىدىن ئاڭلىغان. ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى سۇفيان ئىبنى ئۇيەيينە ۋە مەدىنە ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئالغان. بۇلاردىن كېيىن، ھىجرىيە 195 ـ يىلى ئىراققا كېتىپ، ئۇ يەردە ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم ئىگەللىگەن. باغدادتا دەلىل كىتابى ئورنىدا كۆرىلىدىغان ئۆزىنىڭ كونا فىقھىسىنى يازغان. بۇنىڭدىن كېيىن، ھىجرىيە 199 ـ يىلى مىسىرغا بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ فىقھىي مېتودولوگىيىسىگە ئائىت كىتابى «الرسالة» نى، فىقھىغا ئائىت «الأم» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئۇ ھەدىستە، ئۇسۇل (دىن مېتودولوگىيىسى)دا ۋە فىقھىدا ئىمام بولغىنىدىن سىرت، تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئالىم ئىدى. شافىئىيغا نۇرغۇن كىشىلەر مەدھىيە ئوقۇشقان. تارىخچىلار ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دۇنيانىڭ ئىمامى، مەيلى شەرق ياكى غەربتە بولسۇن زېمىننىڭ ئالىمىدۇر.»

ـ ئۇ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئوقيا ئېتىشتا ماھىر بىر كىشىگە ئايلىنىپ، ئون پاي ئوقيا ئاتسا ھەممىسى تەككۈدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم تالىبلىرىغا «ئىككى نەرسىگە ھەۋىسىم بار ئىدى: بىرى ئوقيا، ئىككىنچىسى ئىلى



www.munber.org

م. ئوقيا ئېتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، ئۇن پاي ئاتسام ھەممىسى نىشانغا تەگدۇ.» دېگەن، ئەمما، ئىلىم ھەققىدە گەپ قىلمىغان. سورۇندىكىلەردىن بەزىلەر: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئىلىم جەھەتتە ئوقيا ئېتىشتىنمۇ بەكرەك يېتىشتىڭ» دېيىشكەن.

## داڭلىق كىتابلىرى:

- «الحجة»، ئۇ بۇ كىتابىنى ئىراقتا تالىبلىرىغا ئىملا قىلىپ بەرگەن.
- «الأم»، بۇ كىتابىنى مىسىردا تالىبلىرىغا ئىملا قىلىپ بەرگەن.
- «الرسالة في الأصول»، بۇ كىتاب، مالىك ۋە ئىراقلىقلاردىن پەرقلىق ھالدا،مۇشۇ ساھەدە تۇنجى يېزىلغان كىتابلارنىڭ بىرى.
- يېقىندا بېسىلغان بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىمۇ ئۇنىڭغا تەۋەدۇر.

## مەرتىۋىسى:

شاگىرتى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ تائالا ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا بۇ ئۇممەتنىڭ دىنى ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ.» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ يۈزنىڭ بېشىدىكى كىشى ئىدى، يەنە بىر يۈز يىلنىڭ بېشىدىكى كىشىنىڭ شافىئىي بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن."

◈ ئەبۇ يەئقۇب يۈسۈف ئىبنى يەھيا ئەلبۇۋەيتي (231ھـ ۋاپات بولغان): مىسىردىكى بىر يېزىدىن بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنى پەتىۋا بېرىشكە بۇيرۇيتتى. شافىئىي باغدادقا چاقىرىلغاندا، ئۇنى مىسىردىكى بىر دەرسخانىسىغا ئۆزىنىڭ ئىز باسارى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويغان. «قۇرئان مەخلۇق» دەيدىغان بالايى قازا سۆز مەيدانغا كەلگەندە تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ تۈرمىدە كىيىملىرىنى يۇيۇيتتى، ھەر جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تۈرمىنىڭ ئىشىكىگە چىقاتتى، بىراق ئۇنى گۇندىپايلار "قايتقىن، ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن!" دەپ قايتۇرۇۋېتەتتى. ئۇ شۇ چاغدا "ئىي رەببىم، سېنىڭ نىدايىڭغا ئاۋاز قوشقان ئىدىم، ماڭا يول قويۇشمىدىلار، دەيتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە تۈرمىنىڭ قېيىن شارائىتى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

◈ ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئىبنى يەھيا ئەلمەزنىي (175ھـ - 264ھـ)ئەلفەقىيھ ئەرراۋىيە ئەلمىسرىدۇر. شافىئىي ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەلمەزنى مەزھىپىمنىڭ يارىدەمچىسى».

ئۇنىڭ ھاياتىنى يازغانلار «زاھىد، ھارامدىن قورقىدىغان، دۇنيا چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان، چاقىرغان يەرگە بارىدىغان كىشى ئىدى» دېيىشكەن. ئۇ نۇرغۇن كىتاب

www.munber.org

يازغان بولۇپ، مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «الجامع الكبير»، «الجامع الصغير»، «المنثور»، «المسائل المعتبرة»، «الترغيب في العلم»، «الوثائق» ۋە «المختصر الصغير».

◈ رەبىيئ ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەلمۇرادي (174ھـ ـ 270ھـ): بۇ كىشى، شافىئىينىڭ ھەمايىچىسى، كىتابلىرىنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى بولۇپ، ئەمرۇ ئىبنى ئاس جامەسىنىڭ مەزىنى ئىدى. «الرسالة»، «الأم» ۋە باشقا كىتابلار بىزگە ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن.

◈ ئەبۇ ھەفس ھەرمەلە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەتتەجىيبىي ئەلمىسرىي (166ھـ ـ 243ھـ): شافىئىي، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجەلەردىن ھەققىدە رىۋايەت قىلغان. ئىبنى مۇئىين ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇغان. ئۇنىڭ «المبسوط»، «المختصر»، «الشروط» (ئۈچ تومluق) ناملىق كىتابلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئون تومدىن تەركىب تاپقان «السنن» ناملىق كىتابى ۋە باشقىلارمۇ بار.

◈ ئەبۇ ئەلى ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى زەيد ئەلكەرابىيسى (245ھـ ياكى 248ھـ دە ۋاپات بولغان): باغدادنىڭ فىقھىي ئالىمى ئىدى. دەسلەپتە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىسىنى ئۆگەنگەن. شافىئىي باغدادقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، دەرس ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ فىقھىسىنى ئۆگىنىپ، شافىئىي مەزھىپىگە ئەگەشكەن. قۇرئان مەخلۇق دېگەن تېمىدا دوستى ئىمام ئەھمەدكە قارشى چىققان. ئۇنى ھەنبەلىلەر يالغۇز قويغان ۋە ئىمام ئەھمەدكە ھاقارەت قىلغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا قولاق سالمىغان.

◈ ئەبۇ ئابباس ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى سەرىيج (306ھـ ۋاپات بولغان): ئۆز زامانىسىدىكى شافىئىي مەزھىپىنىڭ بايراقدارى ئىدى. شافىئىي مەزھىپى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇيۇققىچە تارقالدى.

## مەزھەپنىڭ تۈپلىنىش باسقۇچلىرى:

شافىئىي مەزھىپى ئۆز قۇرغۇچىسىنىڭ قولىدا ئىككى خىل ئىجتىھاد باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى:

بىرىنچىسى: باغدادتا تارقاتقىنى بولۇپ، ئۇ كونا مەزھەپ ئىدى. ئۇنىڭغا شافىئىنىڭ ئىملاسى ئاساسىدا زەئفەرانىي تەرىپىدىن تۈپلانغان «الحجة» ناملىق كىتابى ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئىككىنچى باسقۇچ: ھىجرىيە 199 ـ يىلى مىسىرغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، كىتابلىرىنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى قاراشلارنى تاۋلىغان، بەزى پىكىرلىرىدىن قايتقان، يەنە بەزىلىرىنى موقىملاشتۇرغان. ئارقىدىن يەكۈنلىگەن خۇلاسىنى تۈپلىغان. ئۇنىڭ يېڭى كىتابلىرىنى رەبىئ ئىبنى سۇلەيمان رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

شافئىي باغدادتا يازغانلىرىنى مىسىردا يازغانلىرى بىلەن ئالماشتۇرغان. ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «باغدادتا يازغان كىتابىمدىن بىر نەرسە رىۋايەت قىلغان كىشىنى توغرا قىلدى، دەپ قارىمايمەن»

## شافئىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسلىرى):

ـ قۇرئان: بۇ بىرىنچى ئاساس بولۇپ، باشقا بىر نوقتىدا دالالەت قىلىدىغان بىرەر دەلىل ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ زاھىرى (سىرتقى) مەنىسىگە ئاساسەن ئەمەل قىلىنىدۇ.

ـ سۈننەت: ھەتتا خەبەر ۋاھىد بولغان تەقدىردىمۇ ئەگىشىش ۋاجىب بولغان ئىككىنچى ئاساس؛ ئۇنىڭ سەھىھلىك ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنىڭ زەنجىرسىمان ھالدا كېلىشىدىن باشقا شەرتى يوق. شافئىي «الرسـالة» ناملىق كىتابىدا خەبەر ۋاھىد ھەققىدە چىڭ تۇرغان ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن, شۇڭا ئۇ ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن "سۈننەتنىڭ ھامىيچىسى" دەپ ئاتالغان. ئەمما، شافئىي، سەئىيد ئىبنى مۇسەييىبتىن باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلغان "مۇرسەل" ھەدىسلىرىنى دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىشنى نەزەردىن ساقىت قىلغان؛ چۈنكى، شافئىي ئۇنىڭ رىۋايەتچىلىرىنى ئۇچراتقان. ئەمما بۇنى ھەنەفىيلەر توغرا تاپمىغان.

ـ ئىجمائ: شافئىي ئىجمائنى «بىرلا كىشى قىلغان رىۋايەتتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ، ئىجمائنى بىرلا ئادەم قىلغان رىۋايەتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

ـ قىياس: قۇرئان ياكى سۈننەتتە ئاساسىي بولۇش ياكى سەۋەبىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى شەرتى ئاساسىدا قىياسنى قوللىنىدۇ.

شافئىي باشقا بارلىق فىقھىي مەنبەلەرنى رەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ـ ئىستىھسان[1]: ئۇ ئىستىھسانىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن بىر كىتاب يازغان ۋە ئۇنىڭ «كىمكى ئىستىھسانىنى قوللىنىدىكەن شەرىئەت يولغا قويغان بولىدۇ» دېگەن سۆزى كەڭ تارقالغان. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئەبۇ ھەنىيفەگە قارشى چىققان.

ـ مەسالىھ ئەلمۇرسەلە: مالىكىي مەزھىپى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ نوقتىغىمۇ ئەمەل قىلمايدۇ.

ـ مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەللىرى: شافئىي بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ «الأم» ناملىق كىتابىدا مالىكىيلارغا رەددىيە قايتۇرغان.

ـ ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى: ئۇنىمۇ ئىجتىھاد بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ۋە ئۇنىڭدىمۇ خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوبۇل قىلمىغان.

---

[1] ئىستىھسان:ـ ياخشىراق بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈن بىر ھۆكۈمنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك يەنە بىر ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىش، دېمەكتۇر.



www.munber.org

- شۇنداق قىلىپ، شافىئىي ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بولغان يەردە ھېچكىمنىڭ ھۆججەت كۆرسىتىش ھەققى يوق، دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ «ئەگەر بىر ھەدىس سەھىھ بولسىلا، ئۇ مېنىڭ مەزھىپىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## شافىئىي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى:

◈ شافىئىي مەزھىپى، شافىئىينىڭ يېڭى مەزھىپىنىڭ توراقلىشىشى ۋە تالىبلىرىنىڭ بۇ مەزھەپنى تارقىتىشقا كۈچ چىقىرىشى سەۋەبلىك مىسىردا تارقالغان. فاتىمىيلار مىسىرنى كونتروللىقىغا ئالغان چاغدا ئەھلى سۈننەتنىڭ فىقھىسى مۇنقەرز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، فاتىمىيلارنى باستۇرغان سالاھۇددىين ئەييۇبىنىڭ قولى ئارقىلىق قايتىدىن جانلانغان.

◈ بۇ مەزھەپ يەنە ئىراق، شاملارغا تارقىغان. ئىراقتىن خۇراسانغا، يەمەن، ھىجاز، ئىران ۋە قىسمەن ھىندىستان ۋىلايەتلىرىگە كېڭەيگەن.

◈ ئىندونوزىيە ۋە مالايسىيەدە شافىئىي مەزھىپى ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئۇ يەرگە ئىسلام ۋە ئۇنىڭ فىقھىسى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەنبەلى مەزھىپى مەيدانىغا كىلىشتىن ئىلگىرىكى تىجارەتچىلىرى ئارقىلىق يېتىپ بارغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، شافىئىي مەزھىپى تۆت چوڭ سۈننى ئىسلام فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىيس ئەششافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دۇر. ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساغلام سۈننەتلىرى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان. خەبەر ۋاھىد ھەدىستە چىڭ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن "سۈننەتنىڭ ھىمايىچىسى" دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. بىراق ئۇ، سەئىيد ئىبنى ئەلمۇسسەييىبتىن باشقىلار رىۋايەت قىلغان مۇرسەل ھەدىسلەرنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايتتى. چۈنكى سەئىيدنىڭ مۇرسەل ھەدىسلىرىنى رىۋايەت دەپ قارايتتى. بۇلاردىن كېيىن، ئىجمائ، قىياسلارنى ئاساس قىلاتتى. شافىئىي ئىستىھسان، مەسالىھ ئەلمۇرسەلە، مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەللىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلاتتى. بۇ مەزھەپ مىسىر، ئىراق، شام، خۇراسان، يەمەن، ھىجاز، ئىران ۋە بىر قىسىم ھىندىستان ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. شافىئىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر كىتابلىرى، ئىمام شافىئىينىڭ «الأم»، نەۋەۋىينىڭ «مختصر المزني»، «روضة الطالبين» ۋە «المجموع»، رافىئىينىڭ «فتح القدير شرح الوجيز»، شىرازىنىڭ «المهذب والتنبيه» قاتارلىق كىتابلىرىدىن ئىبارەت.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:



www.munber.org

## (ئا) شافئىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن:

- ئىمام شافئىي: الأم
- نەۋەۋي: مختصر المزني
- ئەررافئىي: فتح القدير شرح الوجيز
- نەۋەۋي: روضة الطالبين
- شيرازىي: المهذب والتهبيه
- ئەلماۋەردي: الحاوي الكبير
- نەۋەۋي: المجموع

شافئىي فىقھىسىنىڭ پەتىۋا ۋە مەھكىمە ئىشلىرىدا تايىنىدىغان نىگىزلىك كىتابى نەۋەۋىنىڭ «منهاج الطالبين» بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ خەتىب ئەششەربىينى تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «مغني المحتاج»، ئەررەملىي تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «نهاية المحتاج» ۋە ئىبنى ھەجەر ئەلھەيتەمىي تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «تحفة المحتاج» قا ئوخشاش نۇرغۇن شەرھلىرى بار.

## (ب) شافئىي فىقھىسىنىڭ مەنبەلىرى:

- ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافئىي (204ھ ۋاپات بولغان): الأم
- ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى يۈسۈف ئەششىرازىي (476ھ ۋاپات بولغان): المهذب
- ئەبۇ زەكەرىييا مۇھيىددىن يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋي (676ھ ۋاپات بولغان): منهاج الطالبين

## (ج) قىسقارتىلغان كىتابلار:

- ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي (505ھ ۋاپات بولغان): الوجيز في فقه مذهب الإمام الشافعي
- ئەبۇ زەكەرىييا مۇھەممەد ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋي: الروضة في الفروع

www.munber.org

## (د) مەزھەپنىڭ ئاساسلىق كىشلىرىنىڭ تەرجىماللىرى:

### ئۇنىۋېرسال كىتابلار:

- تاجۇددىن ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى ئابدۇلكافىي ئەسسەبەكىي (771ھـ ۋاپات بولغان): طبقات الشافعية الكبرى

- جامالۇددىن ئابدۇررەھىيم ئىبنى ئەلھەسەن ئەلئىسنەۋي (772ھـ ۋاپات بولغان): طبقات الشافعية

- د.مۇھەممەد فەۋزي فەيزۇللاھ : المذاهب الفقهية، شۇئائ نەشرىياتى ـ كۇۋەيت، 1985م

- د. ھەسەن ئەھمەد مۇرئىي: الاجتهاد في الشريعة الإسلامية، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى نەشىر ئىشلىرى ئىدارىسى ـ رىياد، 1401ھ

- مۇھەممەد ئەلى ئەسسايس: تاريخ الفقه، مۇھەممەد ئەلى سۇبەيھ باسما زاۋۇتى ـ قاھىرە

- مۇھەممەد سالام مەدكۇر: المدخل للفقه الإسلامي، ئەرەب كىتاب نەشرىياتى ـ قاھىرە

- ئىيسەۋي ئەھمەد ئىيسەۋي: المدخل للفقه الإسلامي، تەئلىف نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1376ھ

- مۇستەپا شەلەبىي: المدخل لدراسة الفقه الإسلامي، تەئلىف نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1376ھ

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ ھاتىم ئەررازي: آداب الشافعي ومناقبه، ئىلمىي كىتابلار نەشرىيات ـ بېيرۇت.

www.munber.org

## ھەنبەلي مەزھىپى

### ئىنىقلىما:

ھەنبەلي مەزھىپى ئىسلام ئالىمىدىكى تۆت چوڭ سۈننى فىقھي مەزھەپنىڭ بىرى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ ئىسمىغا ئاساسەن "ھەنبەلي مەزھىپى" دەپ ئاتالغان. بۇ مەزھەپ ئاساسىي جەھەتتىن قۇرئان ۋە سۈننەتكە تايىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەردىكى بىدئەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە سۈننەتنى ئىجرا قىلىدۇ.

### قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ھەنبەلي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھىلال ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەييان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنەس ئىبنى ئەۋف ئىبنى قاسىت ئىبنى مازىن ئىبنى شەيبان ... ئىبنى ۋائىل ئەززۇھەلى ئەششەيبانى (164ھـ - 241ھـ) بولۇپ، نىزار ئىبنى مۇئىد ئىبنى ئەدنانغا بارغاندا نەسەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئانىسى ھامىلدار ھالدا دادىسىنىڭ ھەمرالىقىدا مەرۋىدىن چىقىدۇ ۋە ھىجرىيە 164 - يىلى، رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا باغدادتا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندە دادىسى ۋاپات قىلىپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە قالىدۇ ۋە نام - شۆھرەتلىك چوڭ دادىسىغا نىسبەت بېرىلىدۇ.

- ئۇ، ئىلىم تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە بەسرە، كۇفە، شام، ئەرەب يېرىم ئارىلى، مەككە، مەدىنە، يەمەن ۋە باشقا جايلارغا ھەممىشە سەپەر قىلىپلا تۇراتتى.

- ئۇ، مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىئىي، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ۋەكىئ ئىبنى ئەلجەرراھ، يەھيا ئەلقەتتان، يەزىد ئىبنى ھارۇن، ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، ئابدۇررەززاق ئىبنى ھەمام ئەسسەنئانىي ۋە باشقىلاردا فىقھي ئۆگەنگەن.

- سۈننەتنى توپلاش ۋە يادلاشقا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇ ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىمامى، فىقھشۇناسلارنىڭ ئەپەندىسى، (قۇرئان، ھەدىس) يادلىغۇچىلارنىڭ رەھبىرى ۋە ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرىدىغانلارنىڭ يولباشچىسى ئىدى.

- ھافىز ئەززەھەبىي ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغان شەيخلىرىنىڭ ئىككى يۈز سەككەن نەچچىگە يەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

- ئۇنىڭغا ئىماملار مەدھىيە ئوقۇغان. شافىئىي «باغدادتىن چىققىنىمدا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن ئالىمراق، ئۇنىڭدىن بەكرەك ھارامدىن قورقىدىغان، ئۇنىڭدىنمۇ



www.munber.org

تەقۋاراق بىر كىشى يوق ئىدى.» دېگەن بولسا، ئەززەھەبى «ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىدى» ۋە ئەبۇ جەئفەر ئەننۇفەيلىي «ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل دىنىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ئىدى» دەيدۇ.

ـ پەقەت ئاللاھدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان ئاز بىر قىسىم سەۋرلىك كىشىلەرلا تاقەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ھەقىقىي زاھىد بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئورنى ئۇنىڭ نەزىرىدە كىچىكلەپ كەتتى. ئىبنى نۇھاس ئۇنىڭ توغرىسىدا «دۇنيا ئۇنىڭغا تەڭلەنگەندە ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ۋە بىدئەتلەرنى ئىنكار قىلغان.» ئىبنى قەييىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ تەقۋا ئىماملارنىڭ ئەھۋالىدۇر.» سالىھ ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «بەزىدە دادامنىڭ پارچە ناننى ئالغىنىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تۇزانلارنى پۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن، قاچىغا سالغىنىنى، ئاندىن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ، ئارقىدىن تۇز بىلەن يىگىنىنى كۆرگەن چاغلىرىم بولاتتى، بىراق، ئۇنىڭ ئانار، ئامۇت ياكى باشقا مېۋىلەرنى سېتىۋالغانلىقىنى كۆرمىدىم...» مەرۇزىي «ئۆلۈم زىكرى قىلىنسا ئىمام ئەھمەدنى ئىبرەتلەر بوغىۋالاتتى.» دېگەن بولسا، مەيمۇنىي «ئەبۇ ئابدۇللاھنىڭ ئۆيى كىچىك، تار بولۇپ، قارا تاشنىڭ ئۈستىدىلا ئوخلايتتى.» دەيدۇ.

ـ ئىمام ئەھمەد سۇلتانلارنىڭ ئىشكىلىرىگە يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، ھەرقانچە قىممەتلىك بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلمايتتى. بالىلىرى باشلىقلارنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇلارغا ئاچچىقلىناتتى. ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەھمەد يەمەندە ئىدى، ... توقۇيتتى... ساتاتتى ۋە ئۇنىڭدىن خىراجەت قىلاتتى». ئۇ قىرىق ياشقا كىرگۈچە پەتىۋا بىرىش ئۈچۈن ئولتۇرمىغان.

## ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئېغىر كۈنلىرى:

ئىمام ئەھمەد ياشىغان دەۋرنىڭ ئەھۋاللىرى، ۋالىيلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەتلىرىدە بىدئەتنىڭ تېز سۈرئەتتە يامىرىشى، رافىزىي ۋە مۇئتەزىلەلەرنىڭ تارقىلىشى، بولۇپمۇ باشلىقلارنىڭ مۇئتەزىلە مەزھىپىگە ياردەم بىرىشى ۋە قۇرئاننىڭ مەخلۇق ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ئىشلارغا بوغۇلۇپ قالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىر بالا ـ قازا ۋە مۇسىبەتنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەئمۇن كىشىلەرنى قۇرئاننى مەخلۇق دېگۈزۈشكە ئورۇندى. ئىمام ئەھمەد بۇنى قوبۇل قىلماي، ھەقىقەتتە ئىزچىل تۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەئمۇن ئۇنى ئۇرۇش ۋە تۈرمىگە تاشلاشقا بۇيرىدى. بۇ ئەھۋالنى مەئمۇندىن كېيىن مۇئتەسىممۇ داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتى يىگىرمە سەككىز ئايغىچە داۋاملاشتى. پۇتىدا ئىشكەل بار ھالەتتە ناماز ئوقۇيتتى، ئوخلايتتى. كېيىن ئۇ قاماقتىن بوشىتىلىپ، جاراھەتلىرى ساقايغاندىن كېيىن مەسچىتتە دەرس بىرىشنى داۋاملاشتۇردى. ۋاسىقنىڭ ھۆكۈمدارلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئىمام ئەھمەد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ مەسچىتكە چىقىپ دەرس بىرىشى چەكلەندى. بۇ ئەھۋال ۋاسىقنىڭ ئۆلۈمىگىچە بەش يىل داۋاملاشتى.

www.munber.org

مۇتەۋەككىل (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن سۈننەت ئىھيا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قىلىنغان ھۇجۇملار توختىدى.

◈ ئىمام ئەھمەدتىن نۇرغۇن ئۆلىمالار دەرس ئاڭلىغان بولۇپ، ئۇلار: ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە سالىھ، تاغىسى ھەنبەل ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ئەبۇ زەرئە، بۇخارىي، مۇسلىم، «سۈنەن»نىڭ ساھىبى ئەبۇ داۋۇد، ئەسرەم، ئەبۇ يەئلا ئەلمۇسلىي، ئەلمەيمۇنىي، ئىبنى ھانىئ ۋە باشقىلاردۇر.

- سالىھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (266ھ) ئىمامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىنىڭ فىقھىي ۋە باشقا مەسىلىلىرىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلگەن.

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (290ھـ) دادىسىدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

- ئىسھاق تەمىيمىي (ئەبۇ يەئقۇب ئەلكۇسەج ئەلمەرۋەزىي بولۇپ، 251ھـ ۋاپات بولغان): بۇ كىشى مەرۋىدە توغۇلغان ۋە ئىراق، شام، ھىجازنىڭ فىقھىي ئالىملىرىدىن ئىلىم ئىگەللىگەن، كېيىن باغدادقا بېرىپ ئىمام ئەھمەدنىڭ قولىدا فىقھىي ئۆگەنگەن.

- ئەلبەغدادىي (273ھـ ۋاپات بولغان): ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ بەكىر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى خانى ئەلخۇراسانى ئەلبەغدادىي بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ئىمام ئەھمەدتىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى رىۋايەت قىلغان ۋە بىر قانچە كىتاب يازغان؛ ئۇنىڭ ئىلەل[1]، تارىخ ۋە ناسىخ - مەنسۇخقا ئائىت كىتابلىرى بار. ئۇنىڭ يەنە ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپى بويىچە فىقھىغا ئائىت يازغان «السنن» ناملىق بىر كىتابىمۇ بار.

- ئەلخەرقىي (334ھـ ۋاپات بولغان)؛ تولۇق ئىسمى: ئەبۇلقاسىم ئۆمەر ئىبنى ئەلھۇسەيندۇر. ئۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىككى ئوغلى سالىھ ۋە ئابدۇللاھلاردا ئوقۇغان. ئۇ 2300 مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «المختصر» ناملىق كىتابى بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ كىتابنى ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسىي ئۆزىنىڭ «المغني» ناملىق مەشھۇر كىتابى ئارقىلىق ئىزاھلاپ ئۆتكەن. رەھمەتلىك دەمەشقتا ۋاپات بولغان.

- ئەلخىلال (211ھـ ۋاپات بولغان)؛ تولۇق ئىسمى: ئەبۇ بەكر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھارۇندۇر. ئەھمەدنىڭ سەپداشلىرىدىن فىقھىي ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ «الجامع لعلوم أحمد بن حنبل»، ناملىق كىتابىدىن باشقا، «العلل والسنة»، «طبقات أصحاب ابن حنبل»، «العلم»، «تفسير الغريب»، «الأدب» ۋە «أخلاق أحمد» قاتارلىق كىتابلىرىمۇ بار.

## ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسلىرى):

[1] سەۋەب - دېگەن كېلىدۇ. كۆپىنچە شەرئىي ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبىنى كۆزدە تۇتىدۇ. - ت.



www.munber.org

◈ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆزىنىڭ فىقھىي مەزھىپىنى بەش ئۇسۇل ئاساسىغا قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىي ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇلار:

ـ نەسلەر: قۇرئان ئايەتلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭغا نە كۆز قاراش، نە قىياس ۋە ساھابىنىڭ سۆزىنى تەڭ قىلمايتتى.

ـ ساھابىلەر بەرگەن پەتىۋا: ئەگەر بەزى ساھابىلەرنىڭ بەرگەن پەتىۋالىرىنى ئۇچىراتسا ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىغان بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلاتتى، باشقىسىنى ئىزدەپ يۈرمەيتتى.

ـ ئەگەر ساھابىلەر بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلە بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدىن قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ يېقىن بولغانلىرىنى تاللىۋالاتتى. ساھابىلەرنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى. ئەگەر ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئايدىڭ بولمىسا، ئۇ چاغدا تالاش ـ تارتىشنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە كەسكىن يەكۈن چىقارمايتتى.

ـ مۇناسىۋەتلىك بابتا ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان بىرەر ئامىل بولمىغىدا مۇرسەل ھەدىس ۋە ئاجىز ھەدىسنى قوبۇل قىلاتتى ھەم بۇنى قىياستىن ياخشى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىكى ئاجىز ھەدىس باتىل، رەت قىلىنغان ياكى رىۋايىتىدە بىرەر مۇتتەھەم بار ھەدىس ئەمەس، بەلكى سەھىھنىڭ جۈرىسى، ھەسەن ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەدىسلەرنى سەھىھ، ھەسەن ۋە ئاجىز دەپ ئايرىماستىن، ئۇ سەھىھ ياكى ئاجىز دەپلا ئايرىيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاجىز ھەدىس بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلاتتى. ئىبنى ئەلقەييىمنىڭ بايان قىلغىنىغا قارىغاندا، ئەگەر مۇناسىۋەتلىك بابتا ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان رىۋايەت، ساھابىنىڭ سۆزى، ياكى ئۇنىڭغا قارشى بىر ئىجمائ بولمىغىنىدا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش قىياسقا ئەمەل قىلغاندىن ئەۋزەل ئىدى.

ـ قىياس: ئۇ قىياسنى يۇقىرىدا كەچكەن ئامىللار ئۇچىرىمىغىنىدا ئىشلىتەتتى. بىر رىۋايەتكە كۆرە ئىمام ئىستىھساننى ئىنكار قىلغان، ئەمما ئىبنى قۇدامە ئۇنىڭ قىياستىن كېيىن ئىستىھساننى قوللىنىدىغانلىقىنى، ئىستىھساننىڭ ئۇنىڭ مەزھىپى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىستىھسان، ياخشىراق بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈن بىر ھۆكۈمنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك يەنە بىر ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىش، دېمەكتۇر.

## ھەنبەلي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى:

◈ ھەنبەلي مەزھىپى باشقا ئۈچ مەزھەپ (ھەنەفي، شافىئىي، مالىكىي)كە ئوخشاش كەڭ تارقىلالمىغان. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

ـ رىۋايەت، ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇشى

ـ زۆرۈر بولمىغان ئەھۋالدا ئىجتىھادنىڭ دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇشى

ـ يېقىنقى زاماندىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھۆكۈمەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەزھەپكە ئەگەشمىگەنلىكى



www.munber.org

- باشقا مەزھەپلەرگە قارىغاندا كىچىكىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى

- ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ئەرەب يېرىم ئارىلى، دەمەشىق ئەتراپلىرى، مىسىر ئېگىزلىكلىرى ۋە چەكلىك مىقداردا باشقا ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ۋۇجۇدى بار. ئەمما ئۇ مىسىردا، ئەزھەرنىڭ بارلىق ئىنىستوتلىرى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىدا ئوقۇتىلىدۇ.

**يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى**، ھەنبەلىي مەزھىپى تۆت چوڭ سۈننى ئىسلام فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دۇر. بۇ مەزھەپنىڭ ئۇسۇلى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، بۇنىڭغا ئەمەل، كۆز قاراش، قىياس ھەتتا ساھابىنىڭ سۆزىنىمۇ تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ پەتىۋاسى تۇرىدۇ، تالاش - تارتىش قىلىشىپ قالغان بولسا، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەڭ ئويغۇن بولغان قاراشنى تاللىۋالىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ كېيىن، مۇناسىۋەتلىك باىتا ئۇنى چەكلەپ قويىدىغان بىرەر ئامىل بولمىغىنىدا ئاجىز ھەدىسنى قويىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئامىللارنىڭ بىرەرىمۇ تېپىلمىسا قىياسنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەممىدىن كېيىن ئىستىھساننى كىلىدۇ. ئىبنى قۇدامە ئىمامنىڭ ئىستىھساننى قوبۇل قىلىشىنى كۈچلۈك رىۋايەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەزھەپ ھازىر ئەرەب يېرىم ئارىلى، دەمەش ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە بىر قىسىم باشقا ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. «مختصر الخرقي»، «كشاف القناع وشرح منتهى الإرادات»، «المحرر» ۋە «المقنع» قاتارلىقلار بۇ مەزھەپنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىندۇر.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

(ئا) ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن:

- خىرقىي: المختصر (بۇنى ئەللامە مۇۋەپپەقۇددىن ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق كىتابىدا ئىزاھلىغان)
- ئەلبەھۇتىي: كشاف القناع وشرح منتهى الإرادات
- ئابدۇسسالام ئىبنى تەيمىييە: المحرر في الفقه
- مەرداۋىي: الإنصاف
- ئىبنى مۇفلەھ: الفروع
- ئىبنى قۇدامە: المقنع
- ئەلھەجاۋىي: الروض المربع

www.munber.org

## (ب) ھەنبەلىي فىقھىسىنىڭ مەنبەلىرى:

- ئەبۇلقاسىم ئۆمەر ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئەلخىرقىي (334ھـ ۋاپات قىلغان: مختصر الخرقي

- ئەبۇ ئەلخەتتاب مەھفۇز ئىبنى ئەھمەد ئەلكلوزانىي (516ھـ ۋاپات بولغان): الهداية

- مۇۋەپپەقۇددىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى قۇدامە(620ھـ ۋاپات بولغان): المقنع

- ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلئىمام ئەبۇ ئۆمەر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسىي (682ھـ ۋاپات بولغان): الشافي – الشرح الكبير (بۇ «المقنع» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىدۇر.)

## (ج) قىسقارتىلغان كىتابلار:

- شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى مۇفلىھ ئەلھەنبەلىي (763ھـ ۋاپات بولغان): الفروع

## (د) مەزھەپنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ تەرجىمالىرى:

- ئەلقازىي ئەبۇلھۇسەين مۇھەممەد ئىبنى ئەلقازىي ئەبۇ يەئلا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلھۇسەين ئەلفەرائ (527ھـ ۋاپات بولغان: طبقات الحنابلة - سۈننەتى مۇھەممەدىيە نەشرىياتى باسمىسى

- ئەبۇ ئەليەمەن مۇجىرۇددىن ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەلئەلىمىي (928ھـ ۋاپات بولغان): المنهج الأحمد في تراجم أصحاب أحمد - تحقيق محي الدين عبد الحميد- مىسىر، مەدەنىي باسمىخانىسى

## ئۇنۋېرسال كىتابلار:

- د.مۇھەممەد فەۋزي فەيزۇللاھ : المذاهب الفقهية، شۇئائ نەشرىياتى - كۇۋەيت، 1985م

- ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى سۇلەيمان ئەسسەۋيان: الإمام أحمد بن حنبل الشيباني ومسنده - «مجلة البحوث الإسلامية» ژۇرنىلى، 26 سان، 221 ۋە 302 - بەتلەر ئارىسى.



www.munber.org

- شەيخ مۇھەممەد خۇزەربي: تاريخ التشريع الإسلامي _ بۈيۈك تىجارەت كۈتۈپخانىسى ـ قاھىرە

- ئىيسەۋي ئەھمەد ئىيسەۋي: المدخل لدراسة الفقه الإسلامي، تەئلىف نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1376ھـ

- مۇھەممەد سالام مەدكۇر: المدخل للفقه الإسلامي، ئەرەب گۈللىنىش نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1383ھـ

- ئىبنى بەدران ئەلھەنبەلىي: المدخل إلى مذهب الإمام أحمد بن حنبل، مۇنىرىييە باسمىخانىسى ـ قاھىرە

- ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە: إعلام الموقعين، سائادەت نەشرىياتى — مىسىر

- ئىبنى ھاجىب: مختصر المنتهى

- د.سالىم ئەلى ئەسسەقەفىي: مفاتيح الفقه الحنبلي

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: الإمام أحمد بن حنبل، ئەرەب پىكىر نەشرىياتى ـ قاھىرە

- د.مۇھەممەد شەتا ئەبۇ سەئد: متبعون لامبتدعون، سالام نەشرىياتى ـ 1403ھـ، رىياد

- د.ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەتتۇركىي: أصول مذهب أحمد بن حنبل


www.munber.org

# جەئفەريي مەزھىپى

## ئېنىقلىما:

جەئفەريي مەزھىپى ئون ئىككى ئىمامچى شىئەلەرگە ئائىت بىر فىقھىي مەزھەپ. ئۇنىڭ "جەئفەريي" دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ، ئۇلارنىڭ، بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىسىنىڭ ئىمام سادىق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان جەئفەر ئىبنى مۇھەممەددۇر دەپ قارىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ مەزھەپ فىقھىسىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شۇ كىشىدىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

جەئفەريي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇ ئابدۇللاھ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئەلباقىر ئىبنى ئەلى زەينۇل ئابىدىن ئىبنى ئەلھۇسەين ئەسسەبت ئەلھاشىمىي ئەلقۇرەشىي (80ھـ - 148ھـ / 699م – 765م) بولۇپ، ئۆزىگە ئەسسادىق تەخەللۇسىنى قوللانغان. نەسىبى ئاتا تەرەپتىن پەيغەمبەر شەجەرىسىگە، ئانا تەرەپتىن ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدۇ. شىئەلەر ئۇنى ئىمامچىلار نەزىرىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئالتىنچىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، باقىر نامى بىلەن تونۇلغان دادىسى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئەلى (117ھـ) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شىئەلەرگە ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ئىماملىق قىلغان.

- ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمغا يۈزلەنگەن. ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مەدىنىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ ھەدىسشۇناسلىرىنىڭ ئۇلتۇرۇشلىرىغا دەۋاملىق قاتناشقان ۋە دادىسى ئىمام باقىردا ئوقۇغان. ئۇ ھەدىس ۋە فىقھىدا يېتىشكەن ۋە باشقا يۇرتلاردىكى ئىسلام فىقھىي ئالىملىرى بىلەن ئالاقە قىلغان. خەلىپە مەنسۇر ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەنىيفەنى مۇنازىرىگە سالغان. ئەبۇ ھەنىيفە مۇنازىرىدىن كېيىن « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئەسسادىقتىن فىقھىغا ئالىمراق بىرىنى كۆرمىگەن» دېگەن. ئۇنىڭدا قايىسى تەرەپ، قايىسى تۇردىن بولسۇن، ئىلىمگە ئىنتىلدۇرىدىغان زىرەكلىك ۋە كۈچلۈك ئىرادە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىمۇ ئىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئاسمان جىسىملىرى، يۇلتۇزلارنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ رىۋايەتلەر بار. جابىر ئىبنى ھەييان ئۇنىڭدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ مەدىنىدىكى دەرسخانىسى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن دەرس ئاڭلىغان، گەرچە دەرسلىرىدە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ فىقھىي ۋە رىۋايەتلىرىدىن پايدىلانغان. ناۋادا شىئەلەر ئۇنىڭغا ئۇ سۆزلىمىگەن سۆزلەرنى مەنسۇپ قىلىپ قويىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ شان - شەرىپىنى



www.munber.org

تۆۋەنلەتمەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بىر قىسىم سىياسىي قاراشلىرى بولسىمۇ، خەلىپىلىك تەلەپ قىلمىغان ۋە ئىلىمگە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋاقتىمۇ چىقمىغان. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى مۇبالىغىلەشتۈرگەنلەرگە لەنەت ئوقۇغانلىقىغا ئائىت ساغلام پاكىتلار بار. ئۇ سەپداشلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا بۇنى چۈشەندۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىلەردىن قول ئۈزگەنلىكىنى، ئۇنداقلارغا لەنەت ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇنى نورمىدىن سىرت مۇبالىغە قىلغانلارنىڭ مۇشرىك سانىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ھەر قايسى شەھەرلەرگە خەت يازغان. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، مەنسۇر ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ سورۇنلىرىغا نىمە ئۈچۈن كەلمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: «بىزنىڭ سەندىن قورقىدىغان بىر مەسىلىمىز ياكى قولۇڭدا بىز ئۈمىد قىلىۋاتقان ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى يوق. سېنى قۇتلۇقلايلى دېسەك سەن بىر نېمەتنىڭ ئىچىدە ئەمەسسەن، تەزىيە بىلدۈرەيلى دېسەك بىرەر ئوقۇبەتنى كۆرمىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ - ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن - ئەنە شۇنداق ئاللاھنىڭ يولىدا ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمايدىغان كىشى ئىدى.

- ئىمامچىلارغا ئائىت مەنبەلەردە كېلىشىچە، ئىمام سادىقنىڭ ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابى تۆت يۈز كىتابقا توپلانغان، ئۇنى شىئەلەرنىڭ «الأصول» دەپ ئاتايدۇ.

- سادىقتىن بىر تۈركۈم تابىئىنلار دەرس ئالغان بولۇپ ئۇلار، يەھيا ئىبنى سەئىيد ئەلئەنسارىي، ئەييۇب ئەسسەختىيانىي، ئەبۇ ئەمرۇ ئىبنى ئەلئەلا، شۆھبە ئىبنى ئەلقاسىم، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. مەدىنىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئىراققا بېرىپ ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان. ئۇ يەردە ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن ۋە بىرەرسى بىلەن خەلىپىلىكمۇ تالاشمىغان.

- بۇخارىي، مۇسلىم ۋە بارلىق سۈننەت كىتابلىرىنىڭ ساھىبلىرى ئۇنىڭدىن قانچىلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. سادىق قۇرئان ۋە سۈننەتتە چىڭ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ يەنە شەھرىستانى بايان قىلغاندەك «دىندا ئىلىمگە باي، ھېكمەتتە مۇكەممەل يېتىشكەن، دۇنيادا زاھىد ۋە ھاۋايى - ھەۋەستىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرىدىغان» كىشى ئىدى.

- شەھرىستانى «الملل والنحل» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ _ جەئفەر ئەسسادىقنىڭ - بىر قىسىم چەكتىن ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسىلىلەردىن ۋە ئۇنى يۈكلىگەن كىشىلەردىن قول ئۈزگەنلىكى، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا رافىزىيلار مەزھىپىنىڭ «غىيبە»، «رەجئە»، «بىدائ»، «تەناسۇخ»، «ھۇلۇل»، «تەشبىيھ» قا ئوخشىغان ئەخمىقانە تەرەپلىرى بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ ئالاقىسىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق شىئەلەر بۇنىڭدىن كېيىن تارقىلىپ كېتىپ، ھەر بىرى بىردىن مەزھەپنى ئىلىپ ماڭغان ۋە ئۆز مەزھەپلىرىنى سەپداشلىرى ئارىسىدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىمام سادىققا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئىمام سادىقنىڭ بۇلار ۋە مۇئتەزىلە، قەدەرىييەلەر بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.



www.munber.org

ـ ئىبنى تەيمىيىە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ «درء تعارض العقل والنقل» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: باتىنىيلار دەۋا قىلىۋاتقان ئەلى ۋە جەئفەر ئەسسادىق نامىدىن رىۋايەت قىلىنىۋاتقان بۇ ئىشلار قىپ قىزىل يالغاندۇر. يەنە ئۇنىڭغا يۈلتۈزلار ھەققىدىكى سۆزلەر، ئەزالارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى، ئۆزگەرتىلگەن تەپسىرلەر ۋە ئاللاھ ئۇنى ئۇلاردىن يىراق قىلغان تۇرلۇك باتىللارنىمۇ يۈكلەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزى كاتتىۋاشلىرى «رسائل إخوان الصفاء» ناملىق كىتابنىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى، دەپ بىلجىرلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كىتاب ئۈچىنچى ئەسىردە، يەنى ئۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل كېيىن يېزىلغان. جەئفەرىي مەزھىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ بۈگۈنكى ھالغا كەلتۈرگەن ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۆلىمالىرىمۇ ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ھەققىي فىقھى قاراشلىرىدىن مىڭ گەز يىراقتا.

◈ مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق، ئەبۇ جەئفەر ئەلكۇلەينىي: بۇ ئىمامچى فىقھشۇناس بولۇپ، كىلىين دېگەن جايدىن. ئۇ باغداتتىكى شىئەلەرنىڭ شەيخى ئىدى، ھىجرىيە 328، مىلادى 941 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ بىرى «الكافي في علم الدين» بولۇپ، ئۈچ تومدىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى تومى ئۇسۇل ئەلفىقھى (فىقھى مېتودولوگىيىسى)غا، قالغان ئىككى تومى قوشۇمچە مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ كىتابنى ئۇ يىگىرمە يىلدا يېزىپ بولغان.

◈ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى مۇسا بابەۋەيھ ئەلقۇممىي ئەسسەددۇق: بۇ كىشى ھىجرىيە 381، مىلادى 991 ـ يىلى ۋاپات بولغان. رەيغا تۇرغان، خۇراساندا شۆھرەت قازانغان. رەيدا ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈچ پارچىگە يېقىن كىتابى بولۇپ، فىقھقا ئائىت «الإعتقادات»، «المقنع» ۋە «من لايحضره الفقيه» قاتارلىق كىتابلار شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

◈ ئەبۇلھەسەن ئەتتۇسىي: بۇ كىشى 460ھـ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «تهذيب الأحكام» ۋە «الاستبصار» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

## جەئفەرىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسلىرى):

مەزھەپىنىڭ دەلىللىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى، خەبەر (رىۋايەت)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىجمائ ۋە ئەقىلدىن ئىبارەتتۇر.

ـ كىتاب: قۇرئانى كەرىم بولۇپ، بارلىق فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتا تايىنىدىغان بىرىنچى ئاساسى بولغىنىغا ئوخشاش ئىمام جەئفەر سادىقنىڭمۇ تۇتقان مېتودىدىكى ئاساستۇر. يەقەت شىئەلەردىكى ئىماملارنىڭ "گۇناھتىن خالىي ئىكەنلىك" ئەقىدىسى ئۇلارنى بەرەر مەسۇم ئىمامنىڭ قولىدىن ئالمىغۇچە قۇرئان قۇرئان ھېسابلانمايدۇ، دەيدىغان قاراشقا ئېلىپ بارغان: چۈنكى ئەسلىدىنلا ئىماملارنىڭ قولىدىن ئېلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ قولىدا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى قۇرئاننى بىر قىسىم سۈرىلىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ۋە ئايەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ



www.munber.org

كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلىش سالاھىيىتىنى يوقاتقان دەپ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ جەئفەر سادىقنىڭ قارىشى ئەمەس. شىئەلەر قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى ئىماملارغا قارىتا چىكىدىن ئاشقان مۇبالىغىگە ئىگە ئەقىدىلىرىنىڭ تەقەززاسىغا ئويغۇن ھالدا ئۆزگەرتىدۇ.

ـ خەبەر (رىۋايەت): بۇ، شىئەلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مەسۇم دەپ قارايدىغان ئىماملىرىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ئال بەيت (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى)نىڭ قۇرئانغا بەرگەن تەپسىرلىرى ۋە ئەھكاملارغا قىلغان ئىزاھلىرىغا ئائىت رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىئە ئەقىدىسى ئىماملارنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋردىكى ئىماملارنىڭ مەسۇملىقى ۋە ئۇ مەسۇم ئىماملارنىڭ سۆزلىرىنى ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇشقا، پەقەت ئىماملىقنى ياقلايدىغان سەپداشلىرى ئارقىلىق كەلگەن رىۋايەتلەرنىلا قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە سۈننەت مەيلى پەيغەمبەر ياكى ئىمام بولسۇن[1]، پەقەت مەسۇملارنىڭ سۆزى ياكى ئەمەللىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ـ ئۇلار خەبەرنى سەھىھ، ھەسەن، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ۋە ئاجىزدىن ئىبارەت تۆتكە ئايرىغان:

1 ـ سەھىھ: رىۋايىتى ئادىل سانالغان بىر ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان كىشى ئارقىلىق مەسۇم بىر كىشىگىچە ئۇلاشقان بولۇش

2 ـ ھەسەن: رىۋايىتى مەدھىيە ئوقۇلغان، ئەمما ئادىللىقىغا يازما بىر نەرسە قالدۇرۇلمىغان، ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان كىشى ئارقىلىق مەسۇم بىرسىگە ئۇلاشقان بولۇش.

3 ـ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان (مۇۋەسسەق): بۇنى "كۈچلۈك" مۇ دەپ قويىدىغان بولۇپ، ئىماملىقنى ياقلىمايدىغان ئەمما ئىشەنچلىك بىرسىنىڭ رىۋايىتى.

4 ـ ئاجىز: رىۋايىتى پاسىقلىق بىلەن ئەيىبلەنگەنگە ئوخشاش ياكى سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر ئارقىلىق كەلگەن بارلىق رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ـ ئىجمائ: شىئەلەر ئىجمائىنىڭ بىر تۈرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىجمائ دائىرىسىدە بىر مەسۇمنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىماملىقنى ياقلايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىجمائ قىلىشى مەسۇم ئىمامنىڭ سۆزلىرىگە باغلىنىپ قالىدۇ.

ـ ئەقىل: گەرچە شىئەلەر قىياس ـ ئەقىل ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈن ـ نى رەت قىلىشسىمۇ ئەقىل توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىدۇ ۋە ئۇنى شىئەلەر ــ كېيىنكى دەۋردىكى شىئەلەر ـ ھۆكۈم چىقىرىش مېتودلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار، شەيئىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىرى بار، ئۇنى شەرىئەتنىڭ بۇيرۇش ياكى توسۇشىدىن ئىلگىرى ئەقىل ھېس قىلىدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭغا، ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] «الكافي» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شىئەلەرنىڭ مەنبە ۋە كىتابلىرى ئىسلامدىن چىقىرىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار بىلەن تولغان. ئۇلار، ئىماملىرىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ماختاش سەۋەبىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



www.munber.org

بىر قىسىم ئەھكاملارنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ساماۋىي شەرىئەتلەرنى ئىنكار قىلغانلارمۇ بەزى نەرسىلەرنىڭ ياخشى، يەنە بەزىلىرىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەقىلنىڭ ئۆزىمۇ تاقىتى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەت ياكى بىرەر يۈكنى يامان كۆرىدۇ.

ـ بۇنىڭدىن شەيئەلەرنىڭ ماھىيەتتە ياخشى ـ يامان ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشتا ئەقىلنىڭ رولىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇئتەزىلەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## ھازىرقى جەئفەرىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي ھۆكۈملىرىدىن نەمۇنىلەر:

◈ ئىستىنجا قىلغان سۇنى قايتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ, دەيدۇ. يەنە ھاراق بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ، دەيدۇ.

◈ نەيرۇزنى يۈيۈشنى سۈننەت، دەيدۇ. (بۇ مەجۇسىيلارغا خاس بايراملارنىڭ بىرى)

◈ تەيەممۇم بىر قېتىم ئۇرۇش بىلەنلا بولىدۇ، دەيدۇ.

◈ سەجدە سۈرىسىگە ئوخشاش قۇرئاننىڭ بەزى سۈرىلىرىنى ئوقۇسا نامازنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ بەزىلەر نامازدا يېيىش، ئىچىش جائىز، دەپ قارايدۇ.

◈ ھېچقانداق سەۋەپ ياكى سەپەردە بولمىغان ئەھۋالدىمۇ پىشىن بىلەن ئەسىرنى، ناماز شام بىلەن خۇپتەننى جەمئىي قىلىپ ئوقۇشنى جائىز، دەيدۇ.

◈ يەنە ئىمام بولمىغان ئەھۋالدا جۇمە نامىزىنى تەرك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما خۇمەينى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئىران شىئەلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەندىغان شىئەلەر جۇمە ئوقۇشقا باشلىدى.

◈روزىنىڭ روزىدارنىڭ سۇغا شۇڭغۇشى بىلەن سۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قازا بىلەن بىرگە كاپارەت كېلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەمما بەزىلىرى روزىدار كىشىنىڭ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى جائىز، دەپ قارايدۇ.

◈ ئۇلاردا، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ سۈننەتكە ئوچۇقتىن ئوچۇق خىلاپ كېلىدىغان بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن فىقھىي ھۆكۈملەر بار.

## جەئفەرىي مەزھىپىنىڭ تارقىلىشى:

جەئفەرىي مەزھىپى ئىران، ئىراق، پاكىستان، لىۋىيە ۋە سۈرىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارقالغان. بۈگۈنكى كۈندە شىئەلەر جەئفەرىي مەزھىپىنى مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئارقىلىق تارقىتىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىراندا ئالتە ئۇنىۋېرسىتېت ئېچىلغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدىن

www.munber.org

يىگىرمە مىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى پىلانلانغان. بۇ پىلاننىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە ھىجرىيە 1409 ـ يىلى ئافرىقىدا ئىران تەرىپىدىن 511 مەكتەپ ئېچىلغان. ئىران قولىدا بار ئىقتىساد ۋە مۇھىم كىشىلەر ئارقىلىق شىئە مەزھىپىنى تارقىتىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ساھەدە زور مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شىئەلەشتۈردى.

يذقعرعقعلاردعن شذ نةرسة ظايدعثلعشعدذكع، جەئفەري مەزھىپى ئون ئىككى ئىمامچىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەرنىڭ فىقھي مەزھىپى. بۇ مەزھەپنىڭ ئەسلىدىكى دەلىللىرى قۇرئان كەرىم، رىۋايەت، ئىجمائ ۋە ئەقىلدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما بۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قۇرئان دېگەندە، ئۇنىڭ مەسۇم ئىمامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان قۇرئاننى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەھلى سۈننەتنىڭ قولىدىكى ھازىرقى قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىگە ئۆزگىرىش ئارىلىشىپ قالغانلىقى ۋە بىر قىسىم سۈرىلەرنىڭ چۈشۈرۈلۈپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن دەلىل ـ ھۆججەت سۈپىتىدە قوللىنىش سالاھىيىتى يوقتۇر. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ جەئفەر سادىقنىڭ قارىشى ئەمەس. بۇ مەزھەپنىڭ قۇرئان كەرىمگە بۇ دەرىجىدە ئېنىق ئىسيان قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى جەئفەر سادىققا باغلىشى توغرا ئەمەس. بۇلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سۈننەت مەيلى ئىمام ياكى پەيغەمبەر بولسۇن، مەسۇم كىشىنىڭ سۆزى ياكى ئەمەلىدۇر. يەنە ئۇلارچە ئىجمائنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىجمائ قىلغانلارنىڭ قاتارىدا مەسۇم كىشىنىڭمۇ بولۇشى لازىم.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

### (ئا) مەزھەپنىڭ كىتابلىرى:

◈ مۇسا كازىم (183ھـ) تۈنجى بولۇپ «الحلال والحرام» تىمىسى ئاستىدا ئىمامچىلىقنىڭ فىقھىسىغا ئائىت كىتاب يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئەلى رىزا «فقه الرضا» ناملىق كىتابىنى يازغان، بۇ كىتاب 1274ھـ تېھراندا بېسىلغان. بۇنىڭدىن كېيىن، سەفائ ئەئرەج ئەلقىممىي (290ھـ) «بشائر الدرجات في علوم آل محمد وما خصهم الله به» ناملىق كىتابىنى يازغان، بۇ كىتاب 1285ھـ بېسىلغان. ئارقىدىن، ئەلكۇلەينى ئەررازىي (328ھـ) «الكافي في علم الدين» ناملىق كىتابىنى يازغان. ئۇنىڭدىن چوڭ يەتتە تومى 1381ھـ دە تېھراندا بېسىلغان.

ـ جەئفەري مەزھىپىنىڭ باشقا مۇھىم فىقھي كىتابلىرى: نەجمۇددىن ئەلھۇللىي (676ھـ) نىڭ «المختصر النافع» ۋە شېھىت زەينۇددىن ئەلجەبئىي ئەلئامىلىي (965ھـ)نىڭ «الروضة البهية» ناملىق كىتابلىرى (بۇ كىتابلار مىسىردا بېسىلغان)،



www.munber.org

ئەلمۇھەققىق ئەلھۇلىينىڭ «شرائع الإسلام» ۋە مۇھەممەد ھەسەن ئىبنى باقىر ئەننەجەفىي (1322ھـ)نىڭ «جواهر الكلام» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(ب) جەئفەريي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مەنبەلىرى:

◈ ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەين ئىبنى مۇسا ئىبنى بابەۋەيھ ئەلقۇممىي (381ھـ)نىڭ «من لا يحضره الفقيه» ناملىق كىتابى.

◈ ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى ئەلى ئەتتۇسىي (460ھـ دە ۋاپات بولغان) نىڭ «الاستبصار فيما اختلف من الأخبار» ناملىق كىتابى.

◈ ئەبۇ مەنسۇر ئەھمەد ئىبنى ئەتتەبرەسىي ئەششىئى (588ھـ ۋاپات بولغان) نىڭ «الكافي من فقه الشيعة» ناملىق كىتابى قاتارلىقلار.

(ج) قىسقارتىلغان كىتابلار:

◈ ئەبۇلقاسىم نەجمۇددىن جەئفەر ئىبنى ئەلھەسەن ئىب ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى ئەلھەسەن ئىبنى سەئىيد ئەلھەزەلىي (676ھـ ۋاپات بولغان. ئۇ «الحلي» ناملىق كىتابنى تەھقىقلاش بىلەن شۆھرەت قازانغان)نىڭ «المختصر النافع في الفقه الإمامية» ناملىق كىتابى.

◈ زەينۇددىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئەلجەبئىي ئەلئامىلىي (966ھـ ۋاپات بولغان) نىڭ «الروضة البهية في شرح اللمعة الدمشقية» ناملىق كىتابى.

(د) مەزھەپنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ تەرجىمەھاللىرى:

مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن ئەلھۇر ئەلئامىلىي (1104ھـ ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «أمل الآمل» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب ئەسسەييد ئەھمەد ئەلھۇسەينى تەرىپىدىن تەھقىقلانغان ۋە باغدادتىكى ئەندەلۇس كۇتۇبخانىسى تەرىپىدىن (1385ھ) نەشر قىلىنغان.

ئۇنۋېرسال كىتابلار:

www.munber.org

- د.سۇبھى ئەسسالىھ : معالم الشريعة الإسلامية ، ئەلئىلمۇ للمەلايىين نەشرىياتى، بېيروت، 4 ـ نەشرى، 1982م
- ئەششەھرىستانى: الملل والنحل، (مۇھەممەد سەييد كەيلانى تەھقىقلىغان) مەريەت نەشرىياتى، بېيروت، 1400ھـ ـ 1980م
- شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: أبو حنيفة، ئەرەب پىكىر نەشرىياتى
- ئىبنى تەيمىييە: درء تعارض العقل والنقل، (د.مۇھەممەد رەشاد سالىم تەھقىقلىغان) ، بەشىنچى قىسىم، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنۇېرسىتېتى نەشرى، 1401ھـ
- ئىبنى تەيمىييە: اقتضاء الصراط المستقيم، (د.ناسىر ئەلئەقل تەھقىقلىغان)، بىرىنچى جىلد
- ئەززەركەلىي: الأعلام
- ئەششاھ ئابدۇلئەزىز ئەلئىمام ۋەلىيۇللاھ ئەددىھلەۋى: التحفة الاثنا عشرية، (مۇھىببۇددىن ئەلخەتىب تەھقىقلىغان)، رىياد پەتتۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان ـ 1404ھـ
- **ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرى**
- مۇھسىن ئەلئەمىين: أعيان الشيعة، بېيروت باسمىسى
- ئەسەد ھەيدەر: الإمام الصادق والمذاهب الأربعة، بېيروت باسمىسى
- د.مۇھەممەد ئەززۇھەيلىي: تعريف عام بالعلوم الشرعية
- شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: تاريخ المذاهب الإسلامية
- د.ئابدۇللاھ فەيياز: تاريخ الإمامية وأسلافهم من الشيعة

د.ئەھمەد مۇھەممەد جەلىي: دراسات عن الفرق في تاريخ المسلمين: الخوارج والشيعة


www.munber.org

# ئىجتىهاد قىلىش ياكى مەزھەپ ئەسەبىيلىكى قىلماسلىق

ئىنقىلما:

بۇ ئىقىم، مۇئەييەن فىقھىي مەزھەپكە يېپىشىۋالماستىن، تۆت مەزھەپ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دەلىلى كۈچلۈك بولغان مەزھەپلەردىن ھۆكۈم ئېلىشقا چاقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

مۇئەييەن فىقھىي مەزھەپكە ئېسىلىۋالماسلىق، تەقلىدنى چۆرۈپ تاشلاش ۋە سالاھىيىتى توشقان كىشىلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن بىۋاستە ھۆكۈم ئېلىشى مەزھەپچىلىك ۋە تەقلىد قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئىسلامىي مېتودتۇر. ئۇنىڭ ئاساسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالغان بولۇپ، فىقھىي مەزھەپنىڭ ئىماملىرىدىن باشقا دەسلەپكى ياخشى زامانلار دەپ تونۇلغان دەۋر ئەھلىمۇ بۇ يولدىن ماڭغان. ئەمما، كېيىنكى ئەسىرلەردە مەزھەپچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، تەقلىدنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مەزھەپلەرگە بولغان مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئەتراپىنى قاپلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلىنىشى، كاپىرلارنىڭ ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىشى، ئىجتىھاد بابىنىڭ تاقىلىشى، ئەگەشكەن ئىماملىرىنىڭ سۆزلىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ ئۈستىگە قويۇش، ئۇ ئىككىسىدىن پايدىلىنىشنى ئونتۇش قاتارلىقلارغا ئېلىپ باردى. مۇئەييەن مەزھەپكە ياردەم بېرىش، بىر مەزھەپنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىش، باشقا مەزھەپلەردىن قول ئۈزۈش قاتارلىق ئىشلار ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. دوست ـ دۈشمەنلىك قارىشى مەزھەپكە بولغان تەۋەلىككە ئاساسەن بېكىتىلدى. ھەتتا قارشى مەزھەپتىكىلەر بىلەن قودىلاشماسلىق، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇماسلىق دېگەندەك قاراشلارمۇ مەيدانغا كەلدى. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئەلھافىز ئەززەھەبى تەرىپىدىن قىسقارتىلغان كىتابى «المنتقى من منهاج الاعتدال» غا يازغان ئىلاۋىسىدە ئۇستاز مۇھىببۇددىين ئەلخەتىيبنىڭ بايان قىلغىنىغا ئاساسەن ئىراندىكى دۆلەتنىڭ شىئەلىشىشىگىمۇ مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى سەۋەب بولغانىكەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 18 ۋە 19 ـ بەتلىرىدە قىسقىچە مۇنداق دەيدۇ: خۇدابەندە ئىسىملىك ئىران شاھلىرىدىن بىرى ئەھلى سۈننەتتىن ئىدى، بىر كۈنى ئايالىغا غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۈچ تالاق قىلغان. كېيىن ئۇنى نىكاھىغا قايتۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇنىڭغا ئەھلى سۈننەتنىڭ فىقھىي ئالىملىرى ئۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ، ئاجراشمىغۇچە ساڭا يول يوق، دەپ جاۋاب بەرگەن. پادىشاغا بۇ پەتىۋا ئېغىر كەلگەن. ئۇ ئاخىرى شىئەلەرنىڭ فىقھىي ئالىملىرىدىن بىرى سانىلىدىغان ئىبنى ئەلمۇتەھھىردىن پەتىۋا سورىغان. ئۇ شەرتلىرى ھازىر بولمىغان بولغاچقا تالاقنىڭ چۈشمىگەنلىكى ۋە ئايالىنى قايتۇرىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن. پادىشا بۇ پەتىۋادىن سۆيۈنگەن ۋە ئىبنى ئەلمۇتەھھىرنى ئۆز يېنىغا تارتقان. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى پادىشاھ ۋە خەلقىنىڭ ئۇنى تەقلىد قىلىپ شىئە بولۇپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغان.



www.munber.org

بۇ ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى شەرتلىرى ئاساسىدا ئىجتىھاد بابىنى ئېچىپ سەلەپلەرنىڭ فىقھىي مېتودىدىكى ئاساسىنى يېڭىلاش، مەزھەپلەر ۋە مۇئەييەن كىشىلەرگە مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان دەلىللەرگە تايىنىشقا چاقىرىدىغانلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭغا چاقىرغانلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى:

◈ ئەللامە ئىبنى ھەزم؛ تولۇق ئىسمى: ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەئىيد ئىبنى ھەزم بولۇپ، ئەبۇ مۇھەممەد دەپ چاقىرىلاتتى، ئەمما ئىبنى ھەزم نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ، ھىجرىيە 384 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ئىسپانىيەنىڭ قۇرتۇبە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر، جەمئىيەتتە ئورنى بار، پۇلدار بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. دادىسى ئىسپانىيەدىكى بەنى ئۇمەييە ئەمىرلىرىنىڭ بەزىلىرىگە ۋەزىرلىك قىلاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە بېرىلگەن. دەسلەپتە ئىسپانىيەدە كەڭ تارقالغان ۋە شۇ چاغدىكى دۆلەتنىڭ رەسمىي مەزھىپى بولغان مالىكىي مەزھىپىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئىبنى ھەزم ئەمما مالىكنى تەنقىد قىلىدىغانلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە شافىئىي مەزھىپىگە يۈتكەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ھەزمدە كۆرۈلگەن تەنقىد روھى ۋە پىكرى ئەركىنلىك شافىئىينىڭ كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن ئۇچراشقان.

ـ ئىبنى ھەزم شافىئىي مەزھىپىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى نەسلەرنى قاتتىق چىڭ تۇتۇش، فىقھىنى نەس ياكى نەسنىڭ مەنىسى، دەپ قاراش روھى ئۇنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇنى يەنە ئىمام شافىئىينىڭ ئىستىھسان ۋە مەسالىھ ئەلمۇرسەلەنى چەكلەش قىلىپ پەتىۋا بەرگەنلەرگە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ قاتتىقلىقىمۇ ئەجەبلەندۈرگەن.

ـ ئۇ شافىئىي مەزھىپىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، شافىئىينىڭ تالىبى ۋە زاھىرىي مەزھىپىنىڭ شەيخى داۋۇد ئەلئىسفەھانىنىڭ پەقەت نەسلەرنىلا تۇتۇپ مېڭىش چاقىرىقىغا ئائىت قاراشلىرىنى توغرا تاپقان ۋە بۇ قاراشقا كۆڭۈل بۆلگەن؛ چۈنكى بۇ مەشھۇر مەزھەپلەرنىڭ بىرىگە باغلىنىپ قالمايتتى.

ـ ئىبنى ھەزم ئۆز يۇرتى ۋە سىرتلاردىن بولۇپ، شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئەلجۇسۇر، شەيخ ئەبۇلھۇسەين ئەلفارىسى، ئەبۇ بەكر ئىبنى ئىسھاق، ئابدۇللاھ ئىبنى يەھيا، ئەبۇلقاسىم ئەلئەزدى، ئابدۇللاھ ئىبنى دەھھۇن قاتارلىق نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ زاماندا‌شلىرىدىن ئەللامە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبىر بىلەن ئۇچراشقان.

ـ «نفح الطيب» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن: «سائىدنىڭ دېيىشىچە: ئىبنى ھەزم قۇرتۇبىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام ئىلىملىرىگە توپلىغان، مەرىپەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۇلارنىڭ تىلشۇناسلىق، بالاغەت، ئەدەبىيات، تەرجىمھال ۋە تارىخ قاتارلىقلاردىمۇ تونۇشىنى بېيىتقان.» زەھەبى ئۇنىڭ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئەقلىدە، ئۆتكۈرلۈكتە ۋە قۇرئان، سۈننەت، مەزھەپ ۋە پىرقىلەردە ، ئەرەب تىلى، لوگىكىغا ئائىت ئىلىملەردە، سەممىيەت، دىيانەت، ئېپپەتكە ئائىت شېئىر، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە كىتابلىرىنىڭ كۆپلىكىدە ۋايىغا يەتكەن ئىدى.» يەنە ئۇنىڭ ھەققىدە ئابدۇلۋاھىد ئۆزىنىڭ «المعجب» ناملىق كىتابىدا

www.munber.org

مۇنداق يازىدۇ: «ئىسپانىيە ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئىبنى ھەزمنىڭ فىقھىي، ھەدىس، ئۇسۇل، پىرقە، تارىخ، نەسەب، ئەدەبىيات قاتارلىق تېمىلاردا يازغان كىتابلىرى تۆت يۈز جىلدقا يەتكەن بولۇپ، سەكسەن مىڭغا يېقىن بەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.»

- ئىبنى ھەزم تەقلىدچىلىكنى ھارام دەپ قارايدىغان زاھىرى مەزھىپىنى تاللىغان؛ چۈنكى ئۇ، پەقەت قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجمائنىلا ياقلايدىغان مەزھەپ ئىدى.

- ئىبنى ھەزم «النبذ» دە «تەقلىد قىلىش ھارام، ھېچكىمگە بىرسىنىڭ سۆزىنى پاكىتسىز قوبۇل قىلىش ھالال ئەمەس. بۇ مەسىلىدە ئالىمۇ نادانمۇ ئوخشاش» دەيدۇ.

- ئىبنى ھەزم يەنە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ «تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش، ئىسپانىيەدە تۇرىدىغان بىر ئوقۇمىغان ئادەم مالىكقا ئەگەشسە، يەمەندە شافىئىيغا، خۇراساندا ئەبۇ ھەنىيفەگە تەقلىد قىلسا، ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرى بىر - بىرىگە زىت تۇرسا، بۇمۇ ئاللاھنىڭ دىنىمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى بۇنداق قىلىشقا قەتئىي بۇيرىمىغان. بەلكى دىن بىر ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىردۇر.»

ئىبنى ھەزمنىڭ ئوقۇمىغان ئادەم ئۈچۈن تەقلىد قىلىشنى چەكلىشى، ئۇنىڭمۇ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى تاشلىشى كېرەك، دېگەننى مەقسەت قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش تىرىكچىلىككە ئائىت مەنپەئەتلەرنى كاردىن چىقىرىدۇ. چەكلەنگىنى پەقەت ئىككى ئىشتۇر:

1 - بىر ئىمامنىڭ شەخسىيىتىگە تەقلىد قىلىش، يەنى بۇ ئىمامغا تەقلىد قىلىشنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ مەزھىپىگە بۇ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى دەپ ئەگىشىش. بۇ ھەقىقەتكە ئويغۇن كەلمەيدۇ.

2 - ئوقۇمىغان، بىلمىگەن بىر كىشىنىڭ باشقىلاردىن قۇرئان ۋە سۈننەتكە تايانمىغان ياكى ئۇنىڭ فىقھشۇناسى مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمى دەپ دەۋا قىلغان پەتىۋالارنى قوبۇل قىلىشى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ھەزم ئوقۇمىغان بىر كىشىگە مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە «ئاللاھنىڭ ھۆكمى ياكى پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى مۇشۇنداقمۇ؟» دەپ سورىشىنى ۋاجىب دەپ قارىغان. ئەگەر مۇپتى «ھەئە، شۇنداق» دەپ جاۋاپ بەرسە، ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر. ئەگەر مۇپتى «ياق» دېسە، ياكى جىمجىت تۇرىۋالسا ۋەياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ بەرسە، ئۇ چاغدا بۇ ئوقۇمىغان، بىلمىگەن كىشىگە ئۇنى باشقىلاردىن سورىشى ۋاجىب بولىدۇ. مانا بۇ ئىلىم باسقۇچلىرىدىكى پەيدىن پەيلىككە ئويغۇن.

- ئىبنى ھەزم تەقلىد قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا قۇرئاندىن دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئاللاھ تائالانىڭ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا



www.munber.org

ئەگەشمەڭلار »[1] ۋە « ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللە غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار »[2] دېگەن سۆزلىرى باردۇر.

- ئىبنى ھەزمنىڭ نەزىرىدە ئۇسۇل (ئاساس) قۇرئان، سۈننەت، ئىجمائ ۋە دەلىللىدىن ئىبارەت، تۆتتۇر: ئىبنى ھەزمنىڭ نەزىرىدىكى تۆتىنچى ئاساس دەلىلدىن ئۇ، باشقا ئۇسۇللاردىن ئېلىنغان مەنە تەتبىقلىنىدىغان مەسىلىدىكى ھۆكۈمنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇ مەسىلە ئىجمائ ياكى نەستىن ئېلىنغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ، نەستىن سەۋەبنى چىقىرىش، ئاندىن نەسنىڭ ھۆكمىنى سەۋەب ئەمىلىلىشىدىغان بارلىق مەسىلىلەرگە بىرىشنى ئاساس قىلغان قىياسقا قارشى تۇرىدۇ. ئىبنى ھەزم ھىجرىيەنىڭ 456 - يىلى شەئبان ئېيىدا يەتمىش ئىككى يىلغا يېقىنلاشقان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىسپانىيەندىكى يېزىسى مىيت لىشىمدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى «الإحكام في أصول الأحكام»، «الإيصال إلى فهم الخصال»، « الجامعة لمحصل شرائع الإسلام في الواجب والحلال والحرام والسنة الإجماع »، « المحلى بالآثار »، « مداواة النفوس »، « المغرب في تاريخ المغرب »، « الفصل بين أهل الأهواء والنحل »، « الالتباس فيمابين أصحاب الظاهرة و أصحاب القياس » ۋە باشقىلار.

◈ ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىيم ئىبنى ئابدۇسسالام ئىبنى تەيمىييە، شەيخۇل ئىسلام، شامنىڭ ھىران رايۇنىدا ئىلىمگە باغلىنىشلىق ۋە ئۇنى سۈيىدىغان بىر ئائىلىدە 661ھـ دۇنياغا كەلگەن. دادىسى شىھابۇددىين ئابدۇلھەلىيم ئىبنى ئابدۇسسالام ھەنبەلىيلەرنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن سانىلىدۇ. چوڭ دادىسى شەيخۇل ئىسلام مەجدۇددىين ئەبۇ ئەلبەركات ئابدۇسسالام ئىبنى ئابدۇللاھ كۆزگە كۆرۈنگەن ھافىزلارنىڭ بىرى بولۇپ، فىقھىدا، تەپسىردە، ئوقۇشتا ۋە گىراماتىكىدا ئەلگە تونۇلغان كىشى ئىدى.

- شەيخۇل ئىسلام ئەھمەد ئىبنى تەيمىييەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، مەتىنلىرىنى يادلاش ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئىنچىكىلىكى بىلەن بىرگە رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى بىلىشتە تولۇق تەجرىبىسى بار ئىدى. بۇ خۇسۇستا ئىبنى ئەلۋەردى مۇنداق دەيدۇ: « ئىبنى تەيمىييە بىلمەيدىغان ھەرقانداق ھەدىس ھەدىس ئەمەس. ھەممىنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، بىراق باشقا ئىماملار كۆلدىن كەچكەن بولسا، ئۇ دېڭىزدىن كەچكەن. »

- ھافىز ئەززەھەبي ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: « ئىلىم - مەرىپەت، جاسارەت ۋە زېرەكلىك، ئاللاھنىڭ يولىدا ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش، ئۈممەت ئۈچۈن نەسىھەت ۋە ھۆرمەت، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئەسىرىنىڭ يېگانە كىشىسى ئىدى... كىشىلەر فىقھىنى بىلىش ئۈچۈن جان تالىشۋاتاتتى، مەزھەپلەر، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرىدا ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى، ئەمما ئۇ پەتىۋا بەرگەندە مۇئەييەن مەزھەپكە تايىنىۋالماي، قارىشىدىكى توغرا دەلىلنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. »

---

( ① ) ئەئراف سۈرىسى، 3 - ئايەت.
( ② ) نىسا سۈرىسى، 59 - ئايەت.



www.munber.org

ـ ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ پەتىۋالىرىدا ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگىشىشىنىڭ ۋاجىبلىقىنى يوققا چىقىرىپ، ئىجتىھاد قىلىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىجتىھاد بابىنى ئېچىۋېتىشكە چاقىراتتى. بۇ بابنى تاقىۋېتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا كىشىگە توغرا كەلمەيدىغان مەرتىۋە ئىدى. ئۆلىمالار تويپى ئىچىدىكى ئىلىمگە تەۋە تەقلىدچىلەرمۇ ئىبنى ئابدۇلبىر رىۋايەت قىلغان سەئىي ئىبنى ئەبۇ ئۇرۇبەنىڭ «ئىختىلاپقا قولاق سالمىغانلارنى ئالىم ھېسابلىماڭلار» دېگەن سۆزىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشمىدى.

ـ شەيخۇل ئىسلام (ئىبنى تەيمىييە ـ ت) ھەقىقەتكە ياردەم بېرىش، باتىلنى چەيلەپ ـ يەنجىش يولىدا قولى ۋە قىلىچى، قەلىمى ۋە تىلى ئارقىلىق شۇنداق جىھاد قىلغانكى، ئېغىر كۈن ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر ئۇنى جىھادتىن توسۇيالمىغان. ھەقىقەتنى قوللاش يولىدا، تاتارلارغا، ئىسلام شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتكەنلەرگە قارشى تۇرغاندەك، پىرقە، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە پەيلاسوپلار، كالامچىلار، تەسەۋۋۇپچىلار، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىرى ۋە باشقىلاردىن تەركىپ تاپقان گورۇھلارغا قارشى تۇرغان. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان«دۈشمەنلىرىم ماڭا زىيان سالالمايدۇ. مېنىڭ جەننىتىم ۋە بوستانىم قەلبىمدىدۇر، نەگىلا باراي، ئۇ ھامان مەن بىلەن بىرگە. مېنى قاماپ قويۇشسا، مەھبۇسلىقىم خالىلىقىم، يۇرتۇمدىن چىقىرىۋېتىشسە بۇ مېنىڭ ساياھىتىم. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈشسە ئۆلۈمۈم شاھادىتىمدۇر.» دېيىش ئۇنىڭ شۇئارى ئىدى.

ـ شەيخۇل ئىسلامنىڭ دەۋراشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ۋە سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ كەلگەن كىشىلەرگە ناھايىتى زور تەسىرى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇر تالىبلىرىدىن ئىمام ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە، مۇپەسسىر ھافىز ئىبنى كەسىير ۋە ھافىز شەمسۇددىين ئەززەھەبىلەرنى ساناش مۇمكىن. ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پەتىۋانىڭ ئوقى ئەتراپلىرىدا ئايلىنىدىغان فىقھىي ئىمالارنىڭ سۆزلىرىنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقى، سەھىھ دەلىللەرنى قاتتىق چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى باشقا ھەر كىمنىڭ سۆزىدىن يۇقىرى قويىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر ئىلمىي بايلىقنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، ھىجرىيەنىڭ 728 ـ يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولغان. بۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى «مجموع الفتاوى»، «درء تعارض العقل والنقل»، «نقض المنطق» ۋە «منهاج السنة النبوية في الرد على الرافضة والقدرية» ناملىق كىتابلىرىدۇر.

◈ ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە؛ تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى ئەبي بەكىر ئىبنى ئەييۇب ئىبنى سەئد... ئەبۇ ئابدۇللاھ شەمسۇددىين ئەززەرئىي ئەددەمەشقىي بولۇپ، ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە نامى بىلەن تونۇلغان. ھىجرىيە 691 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئىلمىلىك ۋە دىندار بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئاتىسى جەۋزىييە مەدرىسىسىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالغان، توغرا ـ دۇرۇستلىقى بىلەن تونۇلغان كىشى ئىدى.

ـ ئىبنى قەييىم دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىنى مىراس ئالغان ۋە شۇ دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملاردا ھەممە پەنلەر بويىچە ئىلىم ئىگەللىگەن. ئۇ



www.munber.org

ئەڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بىرى شەيخۇل ئىسلام تەقىييۇددىن ئىبنى تەيمىييە ئىدى. ئۇنىڭ دەرسلىرىدە مەتىن ئوقۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئون بەش يىل بىرگە يۈرگەن. ئۇنىڭدىن قۇرئان، سۈننەت، تەپسىر، ھەدىس، فىقھىي، ئىلمى كالام ۋە مىراس ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان، دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ھارامدىن قورقىدىغان، ئىستىغپار ۋە زىكىرنى كۆپ ئېيتىدىغان كىشى ئىدى. بامداد نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇغان ئورنىدا ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ئولتۇراتتى ـ دە، كۈندۈزمۇ خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالاتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ مېنىڭ ئەتتىگەنلىكىم، ئەگەر ئۇنىڭغا ئولتۇرمىسام موسكۇللىرىم ئاجىزلاپ كېتىدۇ». ئۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقى ۋە ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى جاسارىتى سەۋەبىدىن بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان.

ـ ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىمام شەۋكانى مۇنداق دېگەن: «ھەممە ئىلىمدە يېتىشكەن، تەتقىقاتلىرىدىن ئېشىپ كېتىپ، شۆھرىتى ئوپئوچۇقچە تارقالغان، سەلەپلەرنىڭ مەزھەپلىرىنى بىلىشتە بىر دېڭىزغا ئايلانغان... چۈشەنچىلەر سۆزىگە ئاشىق، زېھىنلەر مايىل ۋە قەلبلەر ئۇنى سۆيگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئارتۇق جايلارنى بىر تەرەپ قىلىش ماھىرلىقى، كۆپىنچە يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان گۈزەل سىياقى بار ئىدى. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا دەلىلسىز گەپ قىلمايتتى. نادىر ئەھۋاللاردا ئۆزى تەربىيىلەنگەن مەزھەپكە مايىل بولۇپ قالاتتى... ئىزدىنىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئوتتۇرا ھال ئىدى. مايىل بولغان تەرەپلىرىگە ھامان دەلىل بىلەن بىرگە مايىل بولاتتى... »

ـ مەككە مۇكەررەمەدە تۇرغان، مىسىرغا بىر قانچە قېتىم سەپەر قىلغان ۋە سەپەرلىرى جەريانىدا ئىلمىنىڭ كۆپلىكى، كۆرگەنلىرىنىڭ بىپايانلىقى ۋە ئەستە تۇتۇشىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئىشارە قىلىدىغان نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. بۇ كىتابلار : «كتاب مفتاح دار السعادة ومنشور ولاية دار العلم والإرادة» ، «روضة المحبين ونزهة المشتاقين» ، «زاد المعاد في هدي خير العباد» ، «بدائع الفوائد» ، «تهذيب سنن أبي داود» ۋە باشقىلار.

ـ ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ ئىسلام كۇتۇپخانىلىرىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە ئىلمىي بايلىقلارنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 751 ـ يىلى، رەجەب ئېيىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى ۋاپات بولغان. بۇ كىتابلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «شفاء العليل في مسائل القضاء والقدر والتنزيل» ، «إعلام الموقعين عن رب العالمين» ، «طريق الهجرتين» ۋە «الصوائق المرسلة على الجهمية والمعطلة»

◈ ئىمام ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەششەۋكانىي ئەسسەنئانىي، ھىجرىيە 1173 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا يەمەندىكى خولان قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان سەھامىييە يېزىلىرىنىڭ بىرى، ھىجرەت شەۋكان دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. سەنئادا ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەللامە ئەلقاسىم ئىبنى يەھيا ئەلخۇلانىي، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئىسمائىل ئەننەھمىي، ئەلھەسەن ئىبنى ئەلمەغرىبىي ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان ئۆلىما ۋە شەيخلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ، تەپسىر، ھەدىس، فىقھىي، ئۇسۇل، تارىخ، گراماتىكا، ئەدەبىيات ۋە لوگىكىلاردا يېتىشكەن. ئىمام



www.munber.org

شەۋكانى ئىمام زەيدىنىڭ مەزھىپىدە فىقھىي ئۆگەنگەن. كېيىن، تەقلىدنى تاشلاپ، ئىجتىھادقا ئائىت قاراشلىرىنى تارقاتقان. ئۇ «السيل الجرار المتدفق على حدائـق الأزهـار» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، ئۇسۇل ۋە قوشۇمچە مەسىلىلەردىكى ئۆز دەۋرىنىڭ تەقلىدچىلىرىنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە چاقىرغان. ئۇ يەنە «شرح الأزهار الذي هو فقه أهـل بيـت المختـار» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، ئۇنىڭدا تەقلىد قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئائىت دەلىللەرنى ئىزاھلىغان ۋە تەقلىد قىلىشتىن قاچقان. قازىلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. ھەدىس شەرىپىنى چۈشىنىشكە ئائىت «نيل الأوطار»، تارىخقا ئائىت «إرشاد الفحول إلى تحقيق علم الأصول» ۋە «البدر الطالع بمحاسن من بعد القرن السابع»، تەپسىر ئىلمىگە ئائىت «فتح القدير»، مەۋزۇئ ھەدىسلەر ئىلمىگە ئائىت «الفوائد المجموعة»، تەۋھىدكە ئائىت «الدر النضيد» ۋە باشقا نۇرغۇن كىتابلارنى مىراس قالدۇرۇپ، ھىجرىيە **1250** ـ يىلى، جەمادىيەلئاخىر ئېيىدا سەنئادا ۋاپات بولغان.

◈ ئەللامە، ھەدىسشۇناس ئەھمەد شاكىر ئەبۇلئەشبال؛تولۇق ئىسمى: ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد شاكىر ئىبنى ئەھمەددۇر. ئۇ ئەبۇ ئەلياۇ ئائىلىسىدىن بولۇپ، نەسەبى ئەلھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغىچە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا دادىسى ئىمام‌لارنىڭ قوياشى، ئەبۇلئەشبال، دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. ئۇ ھىجرىيە **1309** ـ يىلى جەمادىئەلئاخىر ئېيىنىڭ **29** ـ كۈنى قاھىرەدە دۇنياغا كەلگەن.(مىلادى **1892** ـ يىلى، **29** يانۋار)

ـ ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ مەرىپەتپەرۋەر بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، دادىسى شەيخ مۇھەممەد شاكىر ئەزھەرنىڭ پەتىۋا ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى ۋە ۋەكىلى، سۇدان قازىلىرىنىڭ قازىسى، ئىسكەندەرىيىە ئۆلىمالىرىنىڭ شەيخى ئىدى. ئۇ سەبىلىك ۋە ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا بەكلا تىرىشقان، شېئىر ۋە ئەدەبىيات ئوقۇغان، يىگىرمە ياشقا توشماي تۇرۇپلا ھەدىس ئىلىملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنى ئۆگەنگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلىم تەلەپ قىلىشتا تەدرىجى ھالدا بىر قانچە ئىلىم ئەھلىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى دادىسى، شەيخ ئابدۇسسالام ئەلفەقي، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئىدرىيس ئەسسەنۇسىي، شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئەششەمس ئەششەنقىيتى، شەيخ شاكىر ئەلئىراقىي، شەيخ جامالۇددىن ئەلقاسىمىي، شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا، شەيخ تاھىر ئەلجەزائىرىي ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت.

ـ ئۇ ئەزھەردە ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن مەھكىمە خىزمەتچىلىكىگە، ئارقىدىن قازىلىققا ۋە ئالىي سوتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ تاكى **1951** ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئالى سوتنىڭ مۇتەۋەللىسى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ مىسىردىكى سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتىگە قاراشلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار ھەيئىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى.

ـ ئۇنى دوستى ئەللامە مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقي مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «سۈننەت كىتابلىرىنى جانلاندۇرۇشتا رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك دەرىجىدە ھەسسە قوشتى. نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئىلمىي ۋە ناھايىتى ياخشى نەشىر قىلدۇردى. «المسند



www.munber.org

للإمام أحمد بن حنبل» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى بېسىپ چۈشتى.»

ـ ئۇنىڭ ئىلمىي مېتودى ساغلام ئىلىم، يەنى سەلەپ سالىھلار ۋە كېيىنكىلەردىن بىرەر قاراش ياكى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مۇتەئەسسىپلىك قىلمىغان، تەقلىد يولىدا چىڭ تۇرىۋالمىغان توغرا دەلىللىگە تايىنىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتقان ئۇسۇلى بويىچە چۈشىنىلگەن قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىغا قورۇلغان.

ـ ئۇنىڭ يازغان ۋە تەھقىقلىغان ئەسەرلىرى ئەللىك پارچىغا يېقىنلاشقان. شۆھرەت قازانغانلىرى: «شرح المسند» ۋە ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىنى قىسقارتىپ يازغان «عمدة التفسير» قاتارلىق كىتابلىرىدۇر. ئەبۇلئەشبال ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ بۇ ئىككى كىتابىنى تاماملاشقا ئۈلگۈرمەيلا ھىجرىيە 1377 ـ يىلى، زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى (شەنبە) ۋاپات قىلغان.(مىلادى 1958 ـ يىلى، 14 ـ ئىيۇن).

هازعرقع زاماندعكع ظةث ضةؤدعلةك كعشعلعرع:

◈ ئەللامە ئەششەنقىيتى مۇھەممەد ئەلئەمىين ئىبنى مۇھەممەد ئەلمۇختار ئىبنى ئابدۇلقادىر ئىبنى يەئقۇب ئىبنى جاكىن ئەلئەمىير (ھىمىيەرگە تەۋە ئەلجكنىيىن نامى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر قەبىلىنىڭ چوڭ ئاتىسى)دۇر. ئۇ ھىجرىيە 1335 ـ يىلى ھازىرقى مورىتانىيەنىڭ كىيگا ئىشچىلار ئويۇشمىسىغا قاراشلىق تەنبىھ رايۇنىدىكى خوش پېئىل، ئىلىمنى سۆيىدىغان، ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك چېغىدىلا دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، تاغىسىنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەن. ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە قۇرئان كەرىمنى يادلاش، ئەدەبىيات، گىراماتىكا قائىدىلىرى، ئەرەبلەرنىڭ نەسەبى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمالىغا ئوخشىغان تۈنجى باسقۇچ ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئون ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىدا ۋەرش ۋە قالۇننىڭ رىۋايەتلىرىنى چىقىش قىلغان ئىككى خىل قىرائەتنى ياخشى ئۆگەنگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم ئۆگەنگەشتە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەخرەم نامى بىلەن تونۇلغان شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئەللامە ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان مەشھۇر ئۆلىمالىرىنىڭ قېشىغا بارغان. كېيىنچە دەرس ئۆتۈش ۋە پەتىۋا بېرىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، ھۆكۈم چىقىرىش، ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ۋە يۇرتىنىڭ ئۆلىما ۋە خەلقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.

ـ ھەج قىلىپ قايتىش نىيىتى بىلەن سەئۇدى دىيارىغا كەلگەن. ھەج سەپىرى جەريانىدا ئەمىر خالىد ئەسسەدەيرىي بىلەن ئۇچراشقان. سىدەيرىي ئۇنىڭ ئىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىش پىكرىدىن توسقان ۋە شەيخ ئابدۇللاھ ئەززاھىم، شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى سالىھتىن ئىبارەت ئىككى شەيخ بىلەن ئۇچرىشىشىنى تەۋسىيە قىلغان. نەتىجىدە ئۇ پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ نىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئاللاھنىڭ كىتابىنى تەپسىر قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قېلىپ قالغان.

www.munber.org

- شەيخنىڭ تەپسىر قىلىشتا ئۆزىگە خاس بىر خىل فىقھىي مېتودى بولۇپ، ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دەلىلنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى مۇئەييەن مەزھەپكە بېقىنمىغان ھالدا كۈچلەندۈرەتتى.

- شەيخ ئىلمىي ئېنىستىتوتلارنى قۇرۇش، ساغلام ئەقىدە، دۇرۇس ئىلمەر ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلاد تەربىيلەپ چىقىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش مەقسىتىدە رىيادقا يۆتكىلىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى قورۇشقىمۇ قاتناشقان. رىيادتىكى ئالىي مەھكىمە ئېنىستىتوتىدا لىكسىيەلەرنى سۆزلەشكە ئىشتىراك قىلغان. بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان دەۋەت پائالىيەتلىرىگە سۆھبەتلەشكۈچى ياكى لىكسىيە سۆزلىگۈچى سۈپىتىدە قاتناشقان. بۇلاردىن باشقا ئۇ ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە مەككە مۇكەررەمەدىكى دۇنيا ئىسلام بىرلىكقورۇلۇش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

- ئۇ ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ قول يازما ۋە نەشىر قىلىنغان بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 1393 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى «تفسير أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن»، «منع جواز المجاز في المنزل المتعبد والإعجاز» ۋە «مذكرة أصول على روضة الناظر» لاردىن ئىبارەت.

◈ فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرراھمان ئال باز: سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ رىياد شەھرىدە ھىجرىيە 1330 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىدا دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيە 1346 ـ يىلى ئىككى كۆزىگە كېسەل تېگىش سەۋەبى بىلەن ئاجىزلاپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىككى كۆزى بىلەن ھىجرىيە 1350 ـ يىلى پاكولتىتقا بارغان ۋە دەرس باشلاپ، كىچىكىدىنلا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشكەن. بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. ئۇ سەبىي چېغىدىلا نەجد (ھازىرقى رىياد ئەتراپىدىكى رايونلار ـ ت) ۋە باشقا يەرنىڭ چوڭ ئالىملىرىنىڭ قولىدا شەرىئەت ۋە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ شەيخلىرىنىڭ مۇھىملىرى شەيخ ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ، شەيخ سەئىد ئىبنى ھەمەد ئىبنى ئەتىيق، شەيخ ھەمەد ئىبنى فارس ۋە ئۇزۇن مەزگىل سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ مۇپتىسى بولغان شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخلاردىن ئىبارەت.

- نۇرغۇن ئىلمىي مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن: قازىلىق مەنسىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىر ياردەمچىلىكىگە تەيىنلىنىگەن ۋە بۇ تاكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋاملاشقان. ھىجرىيە 1390 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ خىزمەتنى، ھىجرىيە 1395 ـ يىلى ئىلمىي ئىزدىنىش، پەتىۋا بېرىش، دەۋەت ـ ئىرشاد ئىشلىرى قاتارلىق ئىدارىلەرنىڭ ۋەزىر دەرىجىسىدىكى باش مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرغان. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك باش مۇپتىسى بولۇپ ئىشلىگەن. شەيخ ئىبنى باز بۇنىڭدىن

www.munber.org

باشقا دۇنيا مەسچىتلەر ئالىي مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكى، دۇنيا ئىسلام بىرلىكىگە قاراشلىق ئىسلام فىقھىي كېڭەشىنىڭ رەئىسى، دۇنيا ئىسلام بىرلىكى قورۇلۇش مەجلىسىنىڭ رەئىسى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى دائىرىسىدىكى دەۋەت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ـ شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز مول ھوسۇللۇق، پائالىيەتچان، ھامان ئەسلەپ تۇرۇشقا ئەرزىيدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا ھېكمەت ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن دەۋەت قىلاتتى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى. بىدئەت ئەھلىگە قاتتىق قارشى تۇراتتى، تەۋھىدنى خالىس ھالدا ئاللاھ تائالاغا مەركەزلەشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ئالىملار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىسلام ئالەمىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر پايدىلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرى: « نقد القومية العربية »، « حكم الإسلام فيمن طعن في القرآن والرسول »، « الجهاد في سبيل الله »، « الفوائد الجلية في المباحث الفرضية » قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يۈزلىگەن پەتىۋالىرى بولۇپ، بەزىلىرى بىر قانچە توملۇق كىتابلارغا توپلانغان.

◈ مەشھۇر ھەدىسشۇناس ۋە نۇرغۇنلىغان ھەدىسكە ئائىت تەھقىق ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرى شەيخ ناسىرۇددىن ئەلبانى: ئۇ مىلادى **1914** ـ يىلى ئالبانىيە دۆلىتىنىڭ ئەشقۇدرە شەھرىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. پادىشا ئەھمەد زوگو ئىسپانىيەگە ھۆكۈمدار بولۇپ، تۈركىيەدە ئاتا تۈرك تۇتقان يولنى تۇتۇپ ماڭغاندىن كېيىن، دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۈرىيەگە ھىجرەت قىلغان.

ـ دادىسى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ رادىكال ئىخلاسمەنى ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەنەفىي مەزھىپى بويىچە ئىلىم ئىگەللىگەندىن كېيىن، ھەدىس ئىلمى ئۆگىنىشكە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭدا يېتىشىپ چىققان ۋە ئۆزى ئۇنى ئۆگەتكەن ۋە سالاھىيىتى توشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ بارلىق فىقھىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەردە بىۋاستە ھالدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىش چاقىرىنى تارقاتقان. ئۇنىڭ « سلسلة الأحاديث الصحيحة »، « سلسلة الأحاديث الضعيفة »، « صحيح الجامع الصغير »، « ضعيف الجامع الصغير » ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

ـ شەيخ ناسىرۇددىن ئەلبانىنىڭ چاقىرغان يولىغا چاقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مېتودى بويىچە ماڭغان شاگىرتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار:

**1** ـ ئۇستاز مۇھەممەد ئېيد ئەلئاباسى: ئۇ شەيخنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تالىبلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر دەمەشقتە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى « بدعة التعصب المذهبي وملحقه » ناملىق كىتابىدۇر.

**2** ـ شەيخ ئابدۇرراھمان ئابدۇلخالىق: مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ دەۋەت ۋە ئىرشاد ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرى. ئۇ ھازىر كۇۋەيتتە بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دەۋەتچى ئالىملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**3** ـ ئۇستاز خەيرۇددىن ۋانلىي: ھازىر دەمەشقتە تۇرىدۇ. ئۇ يازغۇچى ۋە مول ھوسۇللۇق شائىر. ئۇنىڭ «المسجد في الإسلام»، « معجزات المصطفى »، « دليل الخيرات و سبيل

الجنات» ، «ديوان الحق المبين» ، «ديوان عصر الإسلام» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە باللارغا ئائىت شېئىرلار توپلاملىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىمۇ بار.

4 ـ شەيخ مۇقبىل ئىبنى هادي ئەلۋادىئىي: يەمەنلىك ھەدىسشۇناس، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، شۆھرەت قازانغانلىرى: «الصحيح المسند مما ليس في الصحيحين» ، «الصحيح المسند من أسباب النزول» ، «الشفاعة» ۋە باشقىلار.

5 ـ زەھىير ئەششاۋىش: ئۇ «المكتب الإسلامي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى. ئۇ ئۇستازىنىڭ كىتابلىرىنى نەشىر قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئەرەب ئەللىرىدە تارقىتىش ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

6 ـ بۇلاردىن باشقا سەلىم ئەلھىلالىي، ئەلى ھەسەن ئابدۇلھەمىيد، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلمەقدەم، ئەبۇ ئىسھاق ئەلھۇۋەينى ۋە باشقىلار ئوخشاش بۇ دەۋەتنى ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىپ كەلگەن بىر قاتار ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارمۇ بار.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى كىشىلىرى دەۋەتلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئالتە ئاساسي نوقتىغا خۇلاسىلەپ چىقتى. بۇ ئالتە نوقتا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ قۇرئان ۋە سەھىھ سۈننەتكە قايتىش ۋە ئۇنى سەلەپ سالىھ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لارنىڭ چۈشەنگەن مېتودى بويىچە چۈشىنىش.

2 ـ مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنى تونۇتۇش ۋە ئۇلارنى دىنىنىڭ تەلىماتى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ئەمەل قىلىشقا، ئۇلارغا شەرەپ ۋە بەخت ئېلىپ كىلىدىغان، ئاللاھ رازى بولىدىغانلىقى بىلەن كاپالەت بەرگەن بۇ دىنىنىڭ ئەدەب ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى زىننەتلەشكە چاقىرىش.

3 ـ مۇسۇلمانلارنى ھەر خىل تۈردىكى شېرىك، بىدئەت، زەھەرلىك پىكىرلەر ۋە ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خونۈكلەشتۈرىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئىلگىرلەتكۈزمەيدىغان مەۋزۇئ ۋە مۇنكەر ھەدىسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش.

4 ـ ئىسلامنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى دائىرىسىدە ئەركىن ئىسلامي تەپەككۈرنى جانلاندۇرۇش.

5 ـ كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىگە ئورنىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ سۈزۈك بولاقلىرىدىن يىراقلاشتۇرىۋاتقان پىكىر قاتماللىقىنى ئېلىپ تاشلاش.

6 ـ ئىسلامچە ھايات ئۇسلۇبىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش، ئىسلامي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى تەتبىقلاش.



www.munber.org

ئۇلار سۆزلىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردۇ: بۇ بىزنىڭ چاقىرىقىمىز. بىز مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك رىسالىسىنى تارقىتىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەركەتلەندۈرىدىغان بۇ ئامانەتنى يەتكۈزۈشتە بىزگە ھەمكارلىشىشقا چاقىرىمىز.

◈ ئۇستاز مۇھەممەد ئىيد ئەلئابباسي ئۆزىنىڭ «بدعة التعصب المذهبي» ناملىق كىتابىنىڭ ئىلاۋىسىدە ئۇلارنىڭ مەزھەپلەرگە بولغان كۆز قارىشىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىجتىھاد ۋە تەقلىدتە ئەگىشىشنىڭ يوللۇقلۇق ئىكەنلىكىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

- ئىجتىھاد ئىسلام شەرىئەت مەنبەلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۈزلۈكسىز دەۋاملىشىشىدىكى ئېھتىياجلارنىڭ بىرى. ھېچكىمنىڭ ئاللاھ ئېچىپ بەرگەن ئىشىكنى تاقىۋېلىشى ۋە ئاللاھنىڭ يولغا قويغان ئەمرىنى بىكار قىلىۋېتىش ھەققى يوق.

- سالاھىيىتى ۋە ھازىرلىقى بار كىشىلەر ئۈچۈن بۇ يول ئۈچۇق. ھەر دەۋر ۋە ھەر يەردە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇجتەھىدلارنىڭ بولۇشى ۋاجىب بولغاندەك، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمۇ ۋاجىب.

- ئوقۇمىغان، بىلمىگەن ئادەمنىڭ تەقلىد قىلىشىنى ئىنكار قىلمايمىز. بەلكى ئۇنى، كېيىنچە پەيدا بولغان بىر بىدئەت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇئەييەن مەزھەپكە ئېسىلىشنى مەقسەت قىلماسلىق شەرتى بىلەن تەقلىد قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمىز. يەنە بىر شەرتى شۇكى، دىنى ۋە ئىلمىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان بىر كىشى ئارقىلىق قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەرقانداق مەسىلىدە تەقلىد قىلماسلىق.

- ئىجتىھاد بىلەن تەقلىد قىلىش باسقۇچلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەگىشىشتىن ئىبارەت بىر ئوتتۇراھال بىر باسقۇچ بار، ئۇ بولسىمۇ، چۈشىنىشتە مۇناسىپ ئىقتىدارى بار ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنىڭدىكى شەرئىي دەلىلەرنى بىر قاتار كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئەگىشىشى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

- ئەمما مەزھەپلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ، دەپ قارايمىز:

بىرىنچىسى: ھەممە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ ھەقتۇر. ئۇنى ئاساس دەپ قاراش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىب.

ئىككىنچىسى: ئوتتۇرىدا تالاش - تارتىش بار مەسىلەر بولۇپ، بۇ يەردىكى تالاش - تارتىش قارىمۇ قارشىلىقتا ئەمەس، ھەر خىللىقتا بولسا، بۇلارنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلىش جائىز، ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش ئەڭ ياخشى.

ئۈچىنچىسى: قارىمۇ قارشىلىقلار بار مەسىلىلەر بولۇپ، ئوخشىمىغان قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، بارلىق مەزھەپلەردىكى توغرىنى، ھەقىقەتنى ئىزدەش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىرىنى قوبۇل قىلىش.

- ئوخشىمىغان ئەسىرلەردە فىقھىي مەزھەپلەرگە نۇرغۇنلىغان ئەيىبلەر ئارىلىشىۋالدى: بۇلارنىڭ مۇھىمى، قۇرئان ۋە سۈننەتكە قارشى نۇرغۇن

www.munber.org

يولسىزلىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى تورغۇنلۇقنىڭ يامرىشىغا ئېلىپ بارغان مۇتەئەسسىپلىكتىن ئىبارەت، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز هازىرقى دەۋردىكى ئىختىلاپنىڭ مۇهىم سەۋەبلىرىدىن بىرى سانىلىدىغان ھەدىسلەرنى ئۆگەنمەسلىك ۋە تەھقىق قىلماسلىق خاھىشىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مەزھەپلەرنى ئەيىپ ۋە زىيانلىق ئامىللاردىن تازىلاش، ئاندىن كۈچلۈك پاكىت، ئورۇنلۇق دەلىللەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ياكى مۇمكىن بولسا بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىمىز.

- هازىرقى شارائىتتا ئوقۇغۇچىلار، تەلەپ قىلىنىۋاتقان ۋەزىيەتكە هازىر تۇرۇشى ئۈچۈن، مۇتەئەسسىپلىكتىن خالىيلىق شەرتى ئاساسىدا تونۇلغان مەزھەپلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە فىقھي ئۆگۈنۈپ تۇرسا بۇنىڭدا مەسىلە يوق، دەپ قارايمىز.

- فىقھشۇناسلارنى سۆيىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەيمىز ۋە ئۇلارنى تۇۋەن كۆرگەن ياكى ئۇلارغا هۇجۇم قىلغان بارلىق كىشىلەردىن ئالاقىمىزنى ئۈزىمىز. بىز يولىمىزنى ئۇلارنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئىجرا قىلىش، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. چۈنكى ئۇلار «ئەگەر ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۇ مېنىڭ مەزھىپىم» دېيىشكەن ئىدى. ئىمام مالىك: «مەن بىر ئىنسان، توغرىمۇ قىلىمەن، خاتامۇ قىلىمەن. پىكرىمگە قاراپ بېقىڭلار ـ دە، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئويغۇن كەلسە قوبۇل قىلىڭلار، ئۇ ئىككىسىگە توغرا كەلمەيدىغان ھەرقانداق گەپنى چۆرۈۋېتىڭلار.» دېگەن بولسا، شافئىي: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنسا، ئۇنى مەن ئوتتۇرىغا قويمىسام، مېنى قايسى زېمىن كۆتىرىدۇ، قايسى ئاسمان ماڭا سايىۋەن بولىدۇ: شۇنداق باش ئۈستىگە، شۇنداق باش ئۈستىگە» دېگەن ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئەبۇ داۋۇدقا مۇنداق دېگەن: "مېنىمۇ، مالىكنىمۇ، شافئىينىمۇ، ئەۋزائىينىمۇ، سەۋرىينىمۇ تەقلىد قىلمىغىن، سەنمۇ ئۇلار ئالغان يەردىن ئال".

◈ بۇلارغا ئاساسەن، مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر مەزھەپكە ئۇنىڭ مەزھەپلىكىنى دەپلا ئەگەشمەسلىكى ياكى بىرەر ئالىمنىڭ شەخسىيىتىنى دەپلا دېگەن ھەممە گېپىنى تەقلىد قىلماسلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەمما، قۇرئان، سۈننەتكە قارشى كېلىپ قالغان جايلاردىمۇ ئۇنىڭغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ تۇرىۋالماسلىق شەرتى ئاساسىدا ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرىنىڭ بىرىگە ئەگىشىش ۋە ئالىملاردىن بىرەرىنى تەقلىد قىلسا بولىدۇ. بۇ هالدا ئاللاھ خالىسا ئۇ گۇناھكار هېسابلانمايدۇ.

◈ ئەيىپلىنىدىغان خىلاپلىق، ئەقىدە ۋە هاۋايى ـ ھەۋەسلەردىكىگە ئوخشاشلا، مەيلى دىن ياكى دۇنيا، ئەقىدە ۋەياكى فىقھىدا بولسۇن كىشىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ هۆكمىنى بىلىش، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىدا ئىزچىل تۇرىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر. خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن ئايەتلەر ئومۇمىي بولۇپ، ئۇنى چەكلەپ قويىدىغان شەكىل بىلەن كەلمىگەن.

◈ دەلىلى ئايدىڭ بولمىغان مەسىلىلەردە ئىجتىهاد قىلىش مۇباھ. ئەمما روشەن دەلىل بار مەسىلىلەردە ئىجتىهاد قىلىشقا بولمايدۇ، ھەم جائىز ئەمەس.

كېڭىيىشى ۋە تارقالغان رايونلار:



www.munber.org

◈ دەلىلگە ئېسىلىپ مېڭىش مېتودىغا ئەگىشىش، مەزھەپلەر ۋە كىشىلەرگە قارىتا مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق توغرىسىدىكى چاقىرىق قەدىمى چاقىرىقتۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەر زامان ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاقىرىپ كەلگەن. پەقەت بىر چاغلارغا كەلگەندە، ئىسلام ئۇممىتى ئاجىزلىشىپ، ئىجتىھاد بابىنى تاقاش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە دەلىلگە تايىنىش چاقىرىقى غېرىپلىق ئىچىدە قالدى. بىراق ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن يېڭىدىن جانلاندى ۋە پۈتۈن ئىسلام ئالەمگە تارقالدى. بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئۆلىمالىرى بىر قىسىم ئەرەبچە سۆزلەشمەيدىغان ئىسلام ئەللىرىدە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى ۋە تەقلىدنىڭ ناچار تەسىرىنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ جانلاندى. ھەتتا بەزىدە تەقلىدچىلىك ۋە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەزھەپكە ئەگەشكۈچىلەر ياكى تەقلىد قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى ھەتتا خىرىستىيان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلىرىغا ئوخشىشىپ قالغىلى ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقا ياقلارغا كېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، ئىجتىھاد بابىنى ئېچىش، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى قىلماسلىق چاقىرىقى تارىخى نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەقلىد ۋە مەزھەپچىلىكتىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالغان بولۇپ، دەسلەپكى ئۈچ ئەسىردە بۇ يۈنۈلۈش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، مەزھەپلەرگە چاقىرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىش باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئاقىۋەتتە ئىجتىھاد بابىنى تاقاش قارىشى ۋە ئۆلىمالار ۋە ئارقىسىغا ئادەم ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئالدىغا قويۇشلارغا ئېلىپ باردى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى پارچىلاندى. بۇ ئەھۋال شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ۋە باشقا ئۆلىمالارنى ئىجتىھاد بابىنى ئېچىش، سەھىھ بولغان دەلىللەرنى چىڭ تۇتۇش، بىر فىقھىي مەزھەپكە مۇتەئەسسىپلىك قىلىشنى يوق قىلىش قاتارلىقلارغا ۋە بىر كىشىنىڭ مۆئەييەن شەخس ياكى مۆئەييەن بىر مەزھەپنى بارلىق ئىشلاردا تەقلىد قىلىشى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى دەلىلنى بىلىشتىن ئاجىز كەلسە، مەۋجۇد مەزھەپلەرنىڭ بىرىنى مەزھەپنىڭ قارشىسىدا دەلىل ئېنىقلانغان چاغدا يەنىلا ئۇ مەزھەپكە مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق شەرتى ئاساسىدا تەقلىد قىلسا بولىدۇ، دېگەنلەرگە چاقىرىق قىلىشقا ئېلىپ باردى. ئاللاھ تائالا مۆئەييەن بىر ئالىمدىنلا سوئال سوراشنى ئەمەس، بەلكى ئالىملاردىن سوئال سوراشقا بۇيرىغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار» - نەھل سىرعسع، 43-ظايەت.

- ئىجتىھادنىڭ بابى قىيامەتكىچە ئوچۇق. ئاللاھ تائالا ئېچىپ قويغان بۇ ئىشىكنى ھېچكىم تاقاش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. تەييارلىقى ۋە سالاھىيىتى توشقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ ھامان مەۋجۇد. تەقلىد بىلەن ئىجتىھادنىڭ ئوتتۇرىسىدا

www.munber.org

ئەگىشىش باسقۇچى بولۇپ، چۈشىنىشتە مۇناسىپ ئىقتىدار بار ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھەرقانداق بىر سۆزگە ئەگىشىشتىن بورۇن ئۇنىڭ دەلىلىنى بىلىشى لازىم.

ـ بۇ قاراشنىڭ ساھىبلىرى مۇجتەھىد ئىماملاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە بىرىنى يەنە بىرىدىن يوقىرى كۆرمىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ چىقارغان كۆچلىرىنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنىڭ ئالدىدا باب ـ باراۋەر. سۆزلىگۈچىسىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دەلىلى كۈچلۈك، پاكىتى چەك باسىدىغان بارلىق قاراشلارنى قوبۇل قىلىشنى ۋاجىب، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دەلىلىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەگەشمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن» ـ زۇمەر سۈرىسى، 17،18 ـ ئايەتلەر.

## ظةتر اصلعق مةلذمات ظىحىن صايدعلنعش مةنبةلعرع:

- ئىبنى ھەزم: الإحكام في أصول الأحكام
- تويلىغۇچى ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم: مجموع فتاوى شيخ الإسلام ابن تيمية، 10،11، 19، 20، 21، 22، 24، 28، 30، 33 ۋە 35 ـ بەشىنچى جىلد.
- مۇھەممەد شاكىر ئەششەرىف: الدرة البهية في التقليد والمذهبية من كلام شيخ الإسلام ابن تيمية
- ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە: إعلام الموقعين عن رب العالمين
- ئىبنى ئابدۇلبىر: جامع بيان العلم وفضله
- ئەششاتىبىي: الموافقات في أصول الفقه
- ئەششاتىبىي: الاعتصام
- ئەششەۋكانى: إرشاد الفحول في تحقيق الحق من علم الأصول
- مۇھەممەد سۇلتان ئەلمەئسۇمىي ئەلخوجەندى ئەلمەككىي: هل المسلم ملزم باتباع مذهب معين من المذاهب الأربعة
- سالىھ ئەلفۇلانىي: إيقاظ همم أولى الأبصار
- سەييىد ئەسسابىق: فقه السنة (المقدمة)
- مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلئەلبانىي: صفة صلاة النبي كأنك تراه

www.munber.org

- **مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلئەلبانىي:** تسديد الإصابة لمن زعم نصرة الخلفاء الراشدين والصحابة

- **ئابدۇلكەرىيم زەيدان:** الوجيز في أصول الفقه

- **مۇھەممەد ئەلئەمىين ئەششەنقىيتى:** القول السديد في بطلان التقليد

- **ئەھمەد ئىبنى ئابدۇررازراق ئەددۇۋەيش، ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى غەديان، ئابدۇررازراق ئەفىيفىي ۋە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز قاتارلىقلانىڭ پەتىۋالىرى:** فتوى اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء، **5 - جىلد**

- **ئابدۇرراھمان ئابدۇلخالىق:** الأصول العلمية للدعوة السلفية

- **مۇھەممەد ئىيد ئەلئەبباسى:** المذهبية التعصبية هي البدعة أو بدعة التعصب المذهبي

- **مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەششەيبانىي:** حياة الألباني وآثاره

- **يۇسۇف ئەلقەرداۋىي:** الإجتهاد في الشريعة الإسلامية

- **مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە:** ابن حزم- حياته وعصره – آراءه وفقهه

www.munber.org

# مەزھەپچىلىك ياكى مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى

**ئىنقىلما:**

ئىجتىھاد قىلىش باسقۇچىغا يەتمىگەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق دىنى مەسىلىلىرىدە بىر مۇجتەھىد ئىمامنىڭ مەزھىپىنى، مەيلى ئۇ بىر ئىمام بولسۇن ياكى بىر مەزھەپتىن يەنە بىر مەزھەپكە يۆتكىلىشتە بولسۇن، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن پاكىت تەلەپ قىلماستىنلا تەقلىد قىلىشتىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

فىقھىي مەزھەپنىڭ قورۇلۇش جەريانى ھەققىدە سۆز ئېچىش ئەھمىيەتسىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا ماۋزۇلاردا فىقھىي مەزھەپلەر ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، تەپسىلى چۈشەندۈرگەن ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە پەقەت ھازىرقى زاماندىكى مەزھەپچىلىككە چاقىرىدىغان ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ كىتاب ۋە رىسالىلىرىنى زىكىر قىلىش بىلەنلا بولدى قىلىمىز. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى:

◈ شەيخ مۇھەممەد ئەلخالىد: ھىجرىيە **1328** ـ يىلى (مىلادى **1910** ـ يىلى)، سۈرىيەنىڭ ھۇمات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە ئەزھەر شەرىپتە ئىلىم ئىگەللىگەن. ئۇ ئۇزۇن شەھرىدە مۇدەررىس ۋە خاتىبلىق بىلەن تاكى ھىجرىيە **1389** ـ يىلى (مىلادى**1969** ـ يىلى) تۇتقاقلىق كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانغا قەدەر ھايات كەچۈرگەن.

ئۇنىڭ، دوكتور مۇستەپا سىبائىينىڭ «ئىسلامنىڭ سوتسىيالىزملىقى» ناملىق كىتابىغا قارشى يازغان «ئىسلامنىڭ سوتسىيالىزملىشىشىغا ئائىت قاراشلار» ناملىق كىتابى، «باتىللارغا رەددىيەلەر» ۋە فىقھىيغا دائىر يازغان خېلى كۆپ سانىنى ئىگەللەيدىغان ماقالە ۋە رىسالىلىرى بار. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: «دىنى ساھەدە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىماملارنىڭ مەزھەپلىرىگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى» ناملىق كىتابىدۇر.

◈ شەيخ ھەبىيبۇرراھمان ئەلئەئزەمىي: ھىندىستانلىق ھەدىسشۇناس بولۇپ، ھىجرىيە **1319** ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىر قىسىم سۈننەت كىتابلىرىنى تەھقىقلىغان ۋە ئۇلارغا ئىلاۋە يازغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا «مصنف عبد الرزاق» ۋە ئىبنى ھەجەرنىڭ «اختصار الترغيب والترهيب» ناملىق كىتابلىرى بار.

ئۇنىڭ ئاخىرقى تەھقىقلىرىنىڭ بىرى ئالتە جىلدلىق «مصنف أبي شيبة» ناملىق كىتابىدۇر. ئۇنىڭغا شەيخ ئەلى ھەسەن ئابدۇلھەمىيد، سەلىيم ئەلھىلالىي ۋە دوكتور بەكىر ئىبنى ئەبۇ زەيد قاتارلىق كىشىلەر ھەنەفىي مەزھىپىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم ھەدىسلەرنىڭ تېكىستىنى ئۆزگەرتكەنلىك سەۋەبى بىلەن قارشى چىققىدۇ. (د.بەكىر ئەبۇ زەيدنىڭ "رەددىيەلەر" ۋە شەيخ ئەلى ھەسەن ئابدۇلھەمىيد ۋە سەلىيم

www.munber.org

ھىلالىينىڭ "ھەبىيبۇرراھمان ئەلئەئزەمىيگە بىرىلگەن ئىلمىي رەددىيەلەر" ناملىق كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىڭ)

◈ شەيخ مۇھەممەد سەئىيد رامزان ئەلبۇتىي: دەمەشق ئەھلىدىن بولۇپ، ئەسلى كۇردتۇر. ئۇ دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت پاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭ ھەيئەتلىك دەرسلىرى بولۇپ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاۋام بۇ دەرسلەردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. فىقھىي، تەرجىمھال ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئىماملارغا تەقلىد قىلماسلىق ۋە ئىجتىھادنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ دەۋەتچىلىرى ئالدىدا قاتتىق چىڭ تۇردى. شەيخ بۇتىيى تەسەۋۋۇپ ۋە ئەشئەرىيلەرنىڭ ئۇسۇلىغا تايانغان سوپىزمنىڭ كۈچلۈك ھىمايىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنىڭ «كبرى اليقينيات»، «اللامذهبية أخطر بدعة تهدد الشريعة الإسلامية» ۋە «السلفية مرحلة زمنية مباركة لامذهب إسلامي» ناملىق كىتابلىرى بار. ئۇ شەيخ سالىھ ئىبنى فەۋزاننىڭ ئاخىرقى كىتابى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كىتابلىرىغا رەددىيە يازغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئىماملارنىڭ مەزھەپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئالىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ھالدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسەن ئىجتىھاد قىلىشقا قادىر ئەمەس. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزھىپى خاتالىقتىن مۇستەسنا، ئەمما ئىماملارنىڭ مەزھەپلىرى ئۇنداق ئەمەس» دېگەن سۆزنىڭ ئورنى يوق.»؛ چۈنكى ئىجتىھاد دىننىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇ مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى دەلىل ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. ئەمما ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى كىشىلەر "ئىجتىھادنىڭ خاتالىقى ئېنىقلانغانلىرى دىننىڭ بىر قىسمى ئەمەس، ئىجتىھاد قىلغۇچ ئۇنىڭغا قارشى يۈنۈلۈشتىكى ھەدىسنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۆزرىلىك، ئەمما، قارشى يۈنۈلۈشتىكى ھەدىسنى كۆرگەن تۇرۇغلۇق قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرىلىدۇ.

◈ ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەنمەك ئاسان ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سانىمۇ چەكلىك ئەمەس. ئۇ شۇ قەدەر كەڭ ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشىمىغان شارائىت ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللاردىكى ئاممىۋىي ۋە خۇسۇسىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ۋە بىۋاستە دەلىلى بىلەن بولسۇن ياكى تەتقىق قىلىش، ئىجتىھاد، يەكۈن چىقىرىشلار بىلەن بولسۇن ئاخىرىدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىدۇ.

◈ ئىسلام فىقھىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىدا مەزھەپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۆگەنگەن كىشى شاخچە مەسىلىلەردىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بولماسلا بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇ مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلىشنىڭ ئىمكانسىزلىقى ئېنىق ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلىرى بولۇپ، بۇنى ئىمام ۋەلىيۇللاھ ئەددىھلەۋىي ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ ئۆزىنىڭ «الإنصاف في أسباب الإختلاف» ۋە شەيخۇل

www.munber.org

ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ «رفع الملام عن أئمة الأعلام» ناملىق كىتابلىرىدا خۇلاسىلەپ ئۆتكەن.

ساھابىلەرمۇ نۇرغۇن ئىشلاردا تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىشقان. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا كەسكىن نەس ۋە كەسكىن دالالەتلەر كەلگەن بولۇپ ئىختىلاپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەمما بەزى ئىشلار توغرىسىدا كەلگەن دەلىللەردە چۈشەنچىلەرنىڭ ئوخشىماي قېلىش ئېھتىماللىقى بار. ساھابىلەر ئىمتىش مىقدارىنى بىر قېتىم ئىمتىسلا بولامدۇ ياكى بەش قېتىم ئىمتىشى كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ۋە بىر تۇققانلار بىلەن چوڭ دادىنىڭ مىراسى توغرىسىدىكى مەسىلىدىمۇ تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان... بۇنداق ئىشلاردىكى ئىختىلاپ ئىجتىھاد دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ شەرىئەت يول قويغان ۋە قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغان ئىختىلاپتۇر. كىشىلەرنى بىرلا قاراشقا توپلاش مەسىلىسى ئەقلىي، ئىلمىي ۋە تارىخىي نۇقتىدىنمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

◈ تەقلىدتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن قانۇنلاشقان مەسىلە. بەلكى ئىجتىھاد قىلىش ۋە يەكۈن چىقىرىش سەۋىيىسىگە يەتمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تەقلىد قىلىش ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ سۆزىدۇر: «(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار» ـ نەھل سۈرىسى، 43 ـ ئايەت. ئىمام شاتىبىي ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ مۇنداق دەيدۇ: "ئوقۇمىغان بىر تەقلىد قىلغۇچى كىشى مەسىلىسىنى ئۆلىمالاردىن سورىمىسا توغرا بولمايدۇ. كەسكىن ھالدا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدا ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىشى لازىم. ئۆلىمالار بۇ ھالدا شەرىئەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى شەرىئەت ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.»

ئىبنى خەلدۇن ئوتتۇرىغا قويغاندەك: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىنىڭمۇ ئىلىمدە ئوخشاش ئەمەسلىكى، ھەممىسىنىڭ پەتىۋا ئەھلى ئەمەسلىكى ۋە دىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېلىنمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشلارنى ھەممە بىردەك تەستىقلىغان. پەتىۋا بېرىدىغانلار ساناقلىقلا كىشىلەر ئىدى، كېيىن تابىئىنلار ۋە تابىئىنلارنىڭ تابىئىنلىرى دەۋرىگە كەلگەندە پەتىۋانىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن ۋە شۆھرەت قازانغان تۆت ئىمامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچىلىغان ئىماملارغا تەرەققىي قىلغان.

◈ تەقلىد قىلغۇچى كىشىنىڭ مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگىشىشى ۋاجىب. تەقلىد قىلغۇچىنىڭ مۇئەييەن ئىمامنىڭ يولىنى تۇتۇشى ئۇنى تەقلىد قىلىش دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلىمايدۇ. بۇنىڭ زىيىنى يوق، گۇناھمۇ بولمايدۇ.

ـ مۇجتەھىد ئىماملارنى تەقلىد قىلىشتىن يىراق تۇرۇش، ھالال ۋە ھارامغا دائىر ھۆكۈملەرنى قۇرئان سۈننەتتىن بىۋاستە چىقىرىش، بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چېلىشچىغا مەيدان ھازىرلاپ بەرگەندەك ئىجتىھاد بابىنى ئېچىۋېتىش ئوخشىمايدىغان تەسەۋۋۇرلار، خۇسۇسىي قانائەتلەر ۋە ۋەھىملەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى قالايمىقان قىلغاندىن سىرت، ئايىغى چىقماس دىنىي قالايمىقانچىلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شەيخ مۇھەممەد ئەلھامىد ئۆزىنىڭ «ئىماملارنىڭ مەزھەپلىرىگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى» ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابىدىنىنىڭ ھاشىيەسى (1 ـ

www.munber.org

جىلد، 55 ـ بەت) دىكى سۆزىگە مۇۋاپىق ھالدا مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۈستىدە تۇرۇپ، ئەمەل قىلىدىغان نوقتا، فىقھىي ئالىملىرىمىز ـ ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ـ نىڭ چىقارغان شۇ قارارىدىن ئىبارەتكى، ئەپەندىمىز ۋە خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن تۆت يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئەھكام چىقىرىشتا "مۇتلەق ئىجتىھاد" قىلىشقا بولمايدۇ." ئۇ يەنە: "دىيانىتى ئاجىز، ئىلمى كەم ۋە ئەقلى چولتا بىرى بولمىسىلا "مۇتلەق ئىجتىھاد"نى دەۋا قىلمايدۇ." دەيدۇ. (11، 12 ـ بەتلەر) يەنە شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە مۇنداق ئىبارىلەرمۇ بار: "جىددى ۋە خۇسۇسىي بولغان جۇزئىي (كىچىك بىر مەسىلىدە) مەسىلىدىكى ئەھكاملارنى بىلىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلسا ھېچ گەپ يوق."

ـ زامانىمىزدىكى مۇجتەھىدلەر پەقەت يېڭىدىن پەيدا بولغان مەسىلىلەردىلا ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ، ئەمما بۇرۇنقى مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدۇ.

ـ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىجتىھاد ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 ـ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىنى بىلىش.

2 ـ قۇرئان كەرىمنى تولۇق بىلىش.

3 ـ سۈننەتنى، بولۇپمۇ ھوقۇقچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بىلىش.

4 ـ ھۆكۈملەرنىڭ ناسىخ ۋە مەنسۇخلىرىنى بىلىش.

5 ـ مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىجمائ قىلىنغان ئورۇنلارنى بىلىش.

6 ـ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ قائىدە ـ ئۇسۇللىرىنى بىلىش.

7 ـ سالاھىيەت ۋە ئەخلاقىي سۈپىتى ياخشى بولۇش، يەنى ئىلىم، ئەمەل ۋە ئېتىقاد جەھەتتە ئەيىبلىك بولماسلىق.

◈ مەزھەپكە چاقىرىشنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن مەزھەپلەرگە بولغان مۇتەئەسسىپلىك يامراپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرىلەر كۆپىيىپ كەتتى. مەزھەپكە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ قارشىسىغا بولغان تەشۋىقاتلىرى ئەۋج ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلاپ بىر ـ بىرىگە سويىقەست پىلانلاش ۋە ئازار بېرىشلەرگىچە يېتىپ باردى. بۇ ئىشلار بەزىدە نۇرغۇن پىتنىلەرگە سەۋەب بولسا، بەزىدە ئۆز ـ ئارا جېدەل ـ ماجىراغا ئېلىپ باردى. ياقۇت ئەلھەمەۋىي «شەھەرلەر قامۇسى» ناملىق كىتابى (1 ـ جىلد، 273 ـ بەت) دا ئىسپاھاننىڭ قەدىمكى شانۇ ـ شەۋكەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن: "پىتنىنىڭ كۆپلۈكى ۋە شافىئىيچىلار بىلەن ھەنەفىيچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپلىك، ئىككى گورۇھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان ئۇرۇشلار بۇ شەھەرنى تۆت تەرەپتىن خارابىگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ھەر بىر تائىپە مەيدانغا چىققان ھامان، بىر رايۇننى بولايدۇ، كۆيدۈرىدۇ، خارابىلىككە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نە مەسئۇلىيەت، نە نومۇس ھېس قىلمايدۇ."



www.munber.org

مەرۋە ۋە رىي ۋىلايەتلىرى توغرىسىدا بايان قىلغانلىرى (4 ـ جىلد، 355،356 ـ بەتلەر) تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىگە قورال كۆتۈرۈپ «ئۇلار _ ھەنەفىي ۋە شىئەلەر ـ نىڭ ئورنىنى تېپىۋالدىم. ھەممىسى يەر ئاستىغا قورۇلغانكەن، ئولتۇرىدىغان جايىغا بارىدىغان يول ناھايىتى قاراڭغۇ ۋە ماڭماق قىيىن ئىكەن، بولمىسا ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالمىغان بولاتتى.» دېگۈدەك دەرىجىگە يەتكەن.

ـ مەزھەپ تەئەسسۇپلىقىنىڭ تىغلىرى ئاللاھنىڭ بەيتلىرىنىڭ ھۆرمىتىگىچە بېرىپ يەتكەن. تارىخچى ئىبنى كەسىير «البداية والنهاية» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ جىلد، 19، 21 ـ بەتلىرىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەلهافىز ئابدۇلغەنىي ئەلمەقدەسىينىڭ ئۇمەۋىي جامەسىدە دەرس سۆزلەش جەريانىدا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسى يۈزىسىدىن دۈچ كەلگەن پىتنىگە ئوخشاش بىر پىتنە يۈز بېرىپ باقمىغان. بۇ مەسىلىدە ئۇ باشقا مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى رەنجىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر سارمۇددىن بەرغەش باشقا مەزھەپلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرى بىلەن مۇنازىرە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن. ئەمما ئۇلار ئونىڭغا مۇۋاپىق كەلمەي، ئۇنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغان ۋە قەلئەدىن ئەسىرلەرنى ئەۋەتىپ ھەنبەلىيلەرنىڭ مۇنبىرىنى چېقىپ تاشلىغان. شۇ كۈنى ھەنبەلىيلەرنىڭ مېھرابىدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇغىلى بولمىغان. ئۇ يەردە بار خەزىنە ۋە ساندۇقلار چىقىرىلىپ، پۈتۈنلەي بوشىتىپ تاشلانغان.»

ـ ھافىز شەمسۇددىن ئەززەھەبىي ھەنەفىي مەزھىپىدىكى دەمەشق قازىسى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئەلبەلاساغۇنىنىڭ تەرجىماھالىدا ئۇنىڭ مونۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "ئىش مېنىڭ قولۇمدا بولغان بولسا شافىئىيچىلاردىن جىزيە ئالاتتىم." (ميزان الإعتدال، 4 ـ جىلد، 51،52 ـ بەتلەر). ھەنەفىي مەزھىپىدىكى «مـراحي الفـلاح» نىڭ ئاپتورى 21،22 ـ بەتلەردە نىجىس بولۇپ كەتكەن قودۇق سۈيى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرۇلسا ئىتقا تاشلاپ بېرىلىدۇ ياكى ھايۋانلارغا ھەلەپ قىلىپ بېرىلىدۇ ۋە بەزىلەر دېيىشىچە: شافىئىيغا سېتىپ بېرىلىدۇ".

ئىمام نەۋەۋىي «المجموع»نىڭ 1 ـ جىلد، 258،259 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قوشۇمچە: شافىئىي ھەنەفىيگە ئىقتىدا قىلغان ۋە ھەنەفىيمۇ شافىئىيگە ئىقتىدا قىلغان. بۇنىڭدا ئىختىلاپ بولۇپ، ئۇنى بىر بالا قاپلاپ تۇرىدۇ. ھەنەفىي تاھارەت ئالغاندا، شافىئىي ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغان بولسا.... ئۈچ خىل قاراش بار، بۇنىڭ بىرى ئۇستاز ئەبۇ ئىسهاق ئەلئىسفىرايىينىنىڭ سۆزىدۇر: مەيلى نىيەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ئۇنىڭغا نامازدا ئىقتىدا قىلىشقا بولمايدۇ؛ چۈنكى، ئۇ ھەتتا نىيەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئىقتىدانى ۋاجىب، دەپ قارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گويا ئادەتكە ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، ئالغان تاھارىتى دۇرۇس بولمايدۇ.» يەنە «المـوع»نىڭ 4 ـ جىلد، 184، 185 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھەنەفىي بىر ئايالنى تۇتقان ياكى شۇنداقلا تاشلاپ كەتكەن ۋەياكى باشقا بىر ئىش قىلغان بولسا، شافىئىي ئۇنىڭغا قولۇپسازنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭغا جۇمھۇر قارشى چىققان، ئۇ بولسا توغرىدۇر.»

بۇلارنىڭ قاتارىدا، ماراكەشتە مۇۋەھھىدلار دۆلىتى قورۇلغان چاغدا مالىكىيلار بىلەن زاھىرىيلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ بار؛ ئۇلارنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئېلىپ قېلىپ، مالىكىيلارنىڭ باشقا كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈشكە بويرۇغان ۋە كىشىلەرنى زاھىرىي مەزھىپىگە كىرىشكە قىستىغان. بۇ مالىكىي مەزھىپىگە تەۋە كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى زور پىتنە بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، مەزھەپچىلىكنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار؛ ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن، مەزھەپلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تەھقىقلىغۇچى ئالىملارنىڭ ئىجتىھادلىرى ئىسلام فىقھىسىنى بېيىتتى. يېقىنقى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلار ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە تەقلىد بىلەنلا بولدى قىلىش، ئىجتىھاد بابىنىڭ تاقىلىپ قېلىشى، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئازلاپ، نادانلىقنىڭ يامراپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن ئىسلام ئالەمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە كەڭ تارقالدى.

ئەمما مەزھەپچىلىكنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىمۇ بار؛ پەقەت ئۆزىنىڭ مەزھىپىنىلا توغرا ۋە ھەق دەپ قارايدىغان مەزھەپكە تەۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھالسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ نەتىجىدە ئىجتىھاد بابىنىڭ تاقىلىشى، بىر مۇسۇلماننىڭ بىرەر سۈننى مەزھەپكە تەۋە بولماسلىقىنى ھارام دەپ قاراش، ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ كىتەلمەيدىغان بىرەر مەزھەپكە زورلاش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان، سۈننەتتە ئاساسىي بولمىغان نۇرغۇن ئىشلارغا چاقىرىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپى فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ ئېتىبارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇتەئەسسىپلىق قىلمىغان ياكى يوققا چىقارمىغان ئەھۋالدا ھۆرمەتلەش لازىم. مۇسۇلمان كىشىدىن قۇرئان، سۈننەتتىن ئىبارەت ھەقىقەتكە قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن ئەگىشىشنىڭ تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم. گەرچە نۇرغۇن ئايەتلەر بىرلىككە، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىشقا ۋە بۇ پاك دىنىنىڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى چېچىلاڭغۇلۇق قىلماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ كىلىۋاتسىمۇ، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا "ئىختىلاپ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئاساسى ئوخشايدۇ" دىگەن قاراشنى ئەكىلىپ قويىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئىمامۇل ھەرەمەين ئەلجۇۋەينى: مغيث الخلق في ترجيح المذهب الحق
- ئىبنى ئابىدىن : حاشية ابن عابدين
- ئىبنۇل ئەسىر: الكامل في التاريخ، 6 ـ جىلد، 106 ـ بەت.
- ئىمام سۇيۇتىي: الرد على من أخلد إلى الأرض ونسي أن الاجتهاد في كل عصر فرض

www.munber.org

- ئەلهافىز ئىبنى كەسىير: البداية والنهاية، 13- جىلد، 18،21 ـ بەتلەر.
- ئىبنى ئەلهۇمام: فتح القدير، بىرىنچى جىلد، 311، 312 ـ بەتلەر
- ئىمام ئەننەۋەۋىي: المجموع ، 1 ـ جىلد، 258،259 ـ بەتلەر ۋە 2 ـ جىلد، 184،185 ـ بەتلەر.
- ياقۇت ئەلهەمەۋىي: المعجم البلدان، 1 ـ جىلد، 273 ـ بەت ۋە 4 ـ جىلد، 355،356 ـ بەتلەر.
- ئىبنى تەيمىييە: رفع الملام عن الأئمة الأعلام
- شاھ ۋەلىييۇللاھ ئەددىھلىۋىي: الإنصاف في بيان أسباب الاختلاف
- مۇھەممەد ئەلخۇزەرىي بك: تاريخ التشريع الإسلامي
- ئەھمەد ئەمىين : ظهر الإسلام
- مۇھەممەد ئەلھامىد: لزوم اتباع مذهب الأئمة حسما للفوضى الدينية
- د.مۇھەممەد سەئىيد رامادان ئەلبۇتىي: اللامذهبية أخطر بدعة تهدد الشريعة الإسلامية
- مۇھەممەد ئەۋامە: أثر الشريعة في اختلاف الأئمة الفقهاء
- ئەھمەد ئەلبەيانۇنىي: الإجتهاد والمجتهدون
- مۇھەممەد سەئىيد رامادان ئەلبۇتىي: السلفية مرحلة زمنية مباركة لامذهب إسلامي
د.بەكىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ زەيد: الردود

www.munber.org

# يېقىنقى زامان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى

## ئومۇمىي مۇقەددىمە:

بۇ باپتا كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى سۈننى ئەقىدىدىكى ھەرىكەتلەر بولۇپ، ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان، سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ۋە سىكولارىزمنى ياقلايدىغان ئېقىملارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردۇ. بىراق بۇلار سەلەپلەرنىڭ مېتودىغا يېتىش يولىدا كىچىك، قوشۇمچە ئىشلارنى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان.

بىز بۇ يەردە، ھازىرقى زامان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدىن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىس جامائىتى، مىسىر ۋە سۇداندىكى سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتىنى تەتقىق قىلىپ چىقىمىز. بۇ ھەرىكەتلەر بىر تەرەپتىن، سەلەپ - سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان، سۈننەتكە قايتىش ۋە تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك شەرەپلىك شەرئىي ئىشقا دەۋەت قىلسا، ئىككىنچى تەرەپتىن بىدئەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس ساھىبلىرىغا ۋە دىننى دۇنيادىن ئايرىۋېتىش پىكرىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇستەملىكىچى، ھالال - ھارامنى پەرقلەندۈرمەيدىغان سىكولارىزمچى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردۇ. بو نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە سەلەپىييە ئەقىدىسىنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكى يېگانە دائىرىگە ئايلاندۇرۇۋىدىغان ئويغاق ئىسلامىي ۋىجدان بەربا قىلىپ چىقىشنىڭ ئۈمىدى سۈپىتىدە، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيتى بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىشى ۋە ئىختىلاپنىڭ باسمىقىدىن ئازات بولۇشى ئۈچۈن يېگانە ئۈمىدتۇر.

بۇ پەسىلدە يەنە ئوخشاش مېتود بويىچە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدىن مۇھىم، دەپ قارىلىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام جامائىتى، تۇنىستىكى ئىسلامىي يۈنۈلۈش (گۈللىنىش پارتىيىسى) ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى مىللىي سالامەت پارتىيىسى، كۇردىستان ئىسلام پارتىيىسى، سۇداندىكى ئىسلام مىللەتچىلىك ئالدىنقى سېپى، پەلەستىندىكى ھاماس تەشكىلاتى ۋە ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى قاتارلىق تەشكىلات ۋە پارتىيىلەر ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ مېتودلىرى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ قاراشلىرىدا بىر قىسىم ئىجتىھادلار ئۇلارنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ماڭىدىغان بىرلىككە كەلگەن بىر مېتودقا يېتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى غايىدىن چەتنىتىۋېتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مەركىزىگە ئەكىرىپ قويۇشى مۇمكىن.

www.munber.org

# بىرىنچى پەسىل

## ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ـ تەسلىم بولۇش، بويى سۇنۇش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ رازى بولغان يولغا ئۆز ئىرادىسى بىلەن تەسلىم بولۇش، قۇرئان كەرىم ۋە پاك سۈننەتلىرىدە پەرۋەردىگارى نامىدىن بۇيرۇلغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ دىنىنىڭ پرىنسىپى ئىسلامنىڭ ئاساسىي تېمىسىدا ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدىن بولۇپ، ئىككى شاھادەتنى ئادا قىلىش ئىسلامغا كىرىش ئىشىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان بۇ ئىككىسىدىن كىرىپ، ئىسلامنىڭ، ئىماننىڭ ئەركانلىرى ۋە ئېھسانلىرىغا بۇ ئەركانلارغا مەنسۇپ ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىي بولمىغان ئەھۋالدا ئەمەل قىلىدۇ. ئىسلام كۆپ ئىلاھلىق ئىدىيىسىنى رەت قىلىدۇ. نامازنىڭ، زاكاتنىڭ، روزىنىڭ ياكى ھەجنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش،ئاللاھ تائالاغا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە بولغان ئىماننى رەت قىلىش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما دىندىكى موقىم نەرسىلەرنىڭ سىرتىدىكى شاخچە مەسىلىلەردە، قۇرئان _ سۈننەت دائىرىسىدە ئىجتىھادنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىجتىھاد قىلىش ھەققى بار، دەپ قارايدۇ.

ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەن بۇ مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەنگەندە، بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ خۇسۇسەن ئىسلامغا دائىر تېمىلاردىكى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالايدۇ.

مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا مەنسۇپ تېمىلارنى تەقسىم قىلدۇق. ئالدى بىلەن ئىسلام ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇلىشى، تەبلىغ قىلىنىشى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەلگۈلىرى ۋە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىش ۋە توغرا يولدا مېڭىشنى ئارزۇ قىلىدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئومۇملاشتۇرغان ھالدا مەلۇمات بەردۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن، فىقھى، ئەقىدە ۋە پىكرى مەزھەپلەرگە دائىر تېمىلارنى تەتقىق قىلدۇق ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپى بىلەن باشلىدۇق. ئۇ ئۆزىدىن باشقا پىرقە ۋە مەزھەپلەرگە نىسبەتەن ئادىل ھۆكۈم، كۈچلۈك مىزان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر تۇتۇپ ماڭغان يولنىڭ نېگىزىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى پەيغەمبىرى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر بىلەن ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن،قىياپىتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ۋە ئوبرازلاشتۇرماستىن سۈپەتلەيدىغان ئىماندا ئەكس ئېتىدۇ. قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ كالامى، مەخلۇق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشلانغان يەنە شۇنىڭغا قايتىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى



www.munber.org

ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ. ئۇ تائەتكە بۇيرۇپ، مەئسىيەتتىن توسىدۇ. ئىشنى ھەقىقى ئېلىپ بارغۇچى بەندىدۇر، ئۇلار قىبلە ئەھلىدىن بىرسىنى بىرەر چوڭ گۇناھنى ھالال سانىمىغان بولسىلا كاپىر دېمەيدۇ. ئىمان ئەھلىدىن بىرىنى دۇزاختا مەڭگۇ قالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خەلىپىلەر: ئەبۇ بەكرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر، ئارقىسىدىن ئوسمان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەلى( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)لاردۇر. ئۇلارنىڭ شەرەپ مەرتىۋىسى خەلىپىلىك تەرتىۋى بىلەن ئوخشاشتۇر. كېمىكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇدىن ئەۋزەل دەپ قارىسا، بۇ ھەقتە ئىلىمسىز سۆزلىگەن، ھەق يولدىن ئازغان بولىدۇ؛ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ تۆت مەزھىپى نېگىزىدىن بۇ ئەقىدىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەتتىن باشقا مەزھەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ نەشرىدە ئىبازىي، ئون ئىككى ئىمامچىلار، زەيدىييە ۋە مۇئتەزىلە مەزھەپلىرى بىلەنلا بولدى قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان كالامىزم تەرەپدارلىرىنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: ئەشئەرىيلەر ۋە ماتۇرىيدىلارنى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرەلىشى، ساغلام ھەقىقەتلەرنى ئۆزى يەكۈنلىيەلىشى ئۈچۈن، ھەقىقەتنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ھەقىقەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق.

ئىبازىيلارنىڭ قۇرئان مەخلۇق، چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلەرنى كاپىر (نېمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىش) دېيىش، ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق ئاساسلىق مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەگە قارشى مەيداندا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما، زەيدىييە بولسا، شىئەلەرنىڭ ئەھلى _ سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ يولىغا (مېتودىغا) ئەڭ يېقىن بىر پىرقىسى بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشسىمۇ، ئۇنى قىسمەن ئىشلاردا ئەيىپلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ئون ئىككى ئىمامنى ياقلايدىغان شىئەلەر ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) لارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئەلىنىڭلا خەلىپىلىككە ھەقلىق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلار ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يوشۇرۇنىۋالغان، ئۇ قايتىپ كېلىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلار ئىماملارنى گۇناھلاردىن پاك، دەپ بىلىدۇ، ئىدىيىسىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇش ۋە ۋاقىتلىق نىكاھنى مۇباھ دەپ قارايدۇ. چوڭ ساھابىلەرنى ھاقارەت قىلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى دەپ تونۇلغان تۆت فىقھى مەدرىسىسىنى ئۆگەندۇق ۋە ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرىنىڭ سىرتىدىن جەئفەرىييە مەزھىپىنى تاللىدۇق. بۇ مەزھەپلەر ئەمەلىيەتتە فىقھى مەدرىسلىرى ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇنى ئۇقۇرمەنلەرگە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلاپ، ئىسلاممۇ خرىستىئان دىنىغا ئوخشاشلا مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن دەيدىغان بىلجىرلاش خاراكتېرلىك ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەسىلەن، ئىسلامدىكى فىقھى مەدرىسلىرى ئىسلامنىڭ ئېھسان، ئىمان، ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ تەبىئىتى ياكى تەۋھىدىنىڭ ھەقىقىتىدىن ھەر قانداق ئەھۋالدا ھالقىپ

www.munber.org

كەتمەستىن، شاخچە مەسىلىلەر خۇسۇسىدا ئىلىپ بارغان ئىجتىھادلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خرىستىئان دىنى بۆلۈنگەن مەزھەپلەرنىڭ دەل ئەكسىنى ئەتتۇرىدۇ. مەسىلەن، كاتولىك، ئورتودوكس ۋە پروتىستانت مەزھەپلىرى دىنىنىڭ نېگىزىدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇقۇرمەن مالىكىي، شافىئىي، ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىيدىن ئىبارەت ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقان ئەھلى سۈننەت مەدرىسىلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەندە، ئۇلارنىڭ شەكسىز ھالدا ئىسلام ئاساسىغا ئويغۇن كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پەقەت ۋارىيانتلار ئۈستىدە ئىلىپ بېرىلغان ئىجتىھادلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا ئىجتىھادنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالماستىن قوبۇل قىلىشقىمۇ، ئۇلارنى قويۇپ ئىجتىھاد قىلىشقىمۇ بولىدىغان بۇ فىقھى مەزھەپلەرنى بايان قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام ئالەمدە تەسىرى ۋە تەرەپدارلىرى بار ئىككى خىل چاقىرىقنىڭ بايانىنى كەلتۈردۇق. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ئىجتىھاد قىلىشنىڭ شەرتى توشقان، ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالمايدىغان، مەزھەپ تەئەسسۇپلىقى يوق كىشىلەرنى ئىجتىھاد قىلىشقا چاقىرىش. ئىككىنچىسى: يوقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىھاد ئىشىكلىرىنى تاقاپ، مەزھەپلەرگە ئېسىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا چاقىرىدىغان، مەزھەپ تەئەسسۇپلىقى بار كىشىلەر. يۇقىرىدا جەئفەرى مەزھىپىنى بۇ قاتاردا ساناپ ئۆتكەن ئىدۇق.

تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئارىلىشىۋالغان بىدئەت ۋە شېرىكلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلاھاتچى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپى ھەرىكىتى يېقىنقى دەۋردە سەلەپىلەر دەئۋىتىنىڭ يېڭىلىشى ۋە داۋامى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ چاقىرىقنى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلدۇق. ئۇنىڭ سەلەپى ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بەلكى ئۇ، يېقىنقى دەۋر ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ بايراقدارى؛ چۈنكى باشقا بارلىق ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى بۇ سەلەپى ھەرىكىتىدىن پايدىلاندى. ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر قوبۇل قىلدى. بۇ سەلەپىلەر دەئۋىتى مۇقىم بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىك بىلەن سۈپەتلەندى. ئۇنىڭ مۇھىملىرى: پۈتۈنلەي ئىسلام ئەقىدىسىگە ، ئۇنىڭ ساپ ئەسلىگە قايتىشقا چاقىرىدىغان ھەرىكەت. قۇرئان _ سۈننەتتە بايان قىلىنغىنى روشەن ھەقىقەت بولۇپ، چىگراسىدىن ئىرناق مىقدارى ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەت، تەۋھىد ئۇقۇمىنى ئۇنىڭغا يېپىشىۋالغان شېرىكنىڭ تۈرلىرىدىن تازىلاش، جىھاد پەرزىنى تىرىلدۈرۈش، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارنى باستۇرۇش، بىدئەت خاراكتېرىدىكى ۋاستە ئىشلىتىشلەرنى يوق قىلىشقا، سۈپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ كاكىراشلىرىغا، قەبرىلەرنى ياساش، ئۇنىڭغا يۆپۈق يېپىش ۋە چىراق يېقىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. بەلكى بۇ چاقىرىقتا قەتئى چىڭ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈممەتنى پىكرى جەھەتتىن ئويغۇتۇپ، ئەنئەنە، تىنچلىق، قالاقلىق ئاستىدا بىر مەزگىل قالغان ئۈممەتنى ھەقىقىي ئىسلام مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ دەۋەت ساھىبى ۋە قۇرغۇچىسىنىڭ كىتابلىرىنىڭ نېگىزى تەۋھىد ئەتراپىدا ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. بۇنداق ئالاھىدىلىك باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ بىرىدىمۇ تېپىلمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر قىسىم سەلەپى ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەسىلەن: ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ رولىنى يېڭىلاش



www.munber.org

مەقسىتىدە مەيدانغا كەلگەن ھەرىكەت. بۇ ھىجرىيە V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە، بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي (ۋاپاتى 421 ـ يىلى) دەۋرىدە تازا گۈللەنگەن.

شاھ مۇھەممەد ئىسمائىل ئەددېھلىۋى قۇماندانلىقىدا ئىنگلىز باسمىچىلىرىغا قارشى جىھاد ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇلار ھەقىقىي ئىسلامغا چاقىرىش، تەۋھىد چۈشەنچىسىنى شېرىك ۋە بۇددىزىمنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن تازىلاش، بىدئەت، خۇراپات ۋە مەزھەپ تەئەسسۇپلىقىنى يوق قىلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ ھەدىس خىزمەتلىرى، يېزىق ئىشلىرى، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەرنى بىنا قاتارلىق ساھەلەر بويىچە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بار.

مىسىر، سۇدان ۋە باشقا جايلاردىكى ”أنصار السنة المحمدية“ "سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى" جامائىتىمۇ ئەقىدە ۋە يۆنىلىشتە سەلەپىلەرنىڭ مېتود ئاساسىي ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ، خالىس تەۋھىدگە ۋە ساغلام سۈننەتكە چاقىرىپ، خۇراپات ۋە بىدئەتلەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى تازىلاش، غەربلىشىش، سېكولارىزم، يوشۇرۇن ھەرىكەتلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان تەسەۋۋۇپچىلارغا قارشى تۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىنى پاش قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى بايان قىلىش ۋە سەلەپ_ سالىھلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە كىتاب_ سۈننەتكە چاقىرىش پائالىيىتىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي تەسىرلىرى بار.

◈ قۇرئان ۋە سۈننەت، شەرىئەت ۋە ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ئىدى. لېكىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىنگلىز ۋە فرانسۇزلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا گۇمران بولدى. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بەشەرى① قانۇن ـ نىزاملارنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇ ئىككى مەنبەدىن يىراقلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھاياتنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ نۇقتىدا، يېقىنقى زامان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام جامائىتى، تۈنىستىكى ئىسلام يۆنىلىش ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى سالامەت پارتىيىسى، كۇردىستان ئىسلام پارتىيىسى، سۇداندىكى مىللىي ئىسلام بىرلىكسېپى، پەلەستىندىكى ھاماس (ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى) ھەرىكىتى ۋە ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى قاتارلىقلارنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بۇ خۇسۇستا بىر قانچە خىل ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ:

ـ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى، رىئال تۇرمۇشتا ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، قۇرئان _ سۈننەتكە ئويغۇن بولغان ئىسلامغا قايتىش ۋە مۇكەممەل بولغان مېتود ئارقىلىق سېكولارىزم ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى.

ـ ھىندىستان_ پاكىستان يېرىم ئارىلىدا شەيخ ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئىسلام جامائىتى شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ

① ئىنسانلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قانۇن ـ نىزاملار، دېمەكچى ـ تەرجىمان.



www.munber.org

دەۋتتىدىن زور دەرىجىدە تەسىر قوبۇل قىلغان. ئۇ يەنە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ ئىمان ئېتىقادىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولغان ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش قارىشىغا ئوخشاش بىر قىسىم مەنھەج (مېتود) لىرىدىنمۇ تەسىر قوبۇل قىلغان. لېكىن ئۇ دىققىتىنى ئەقىدە ۋە تەۋھىد مەسىلىسىگە سەلەپىلەر دەۋىتىدەك كۈچلۈك مەركەزلەشتۈرمىگەن.

- تۇنىستىكى ئىسلام يۆنىلىش ھەرىكىتى (گۈللىنىش پارتىيىسى) ئىسلام تارىخىدىكى ئەقلىيەتچىلىك مەدرىسىسىدىن روشەن تەسىر قوبۇل قىلغىنىدىن باشقا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ پىكىر - چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان.

- تۈركىيەدىكى سالامەت (رىفاق) پارتىيىسى، ئىسلام پارتىيىسى بولۇپ، ھاياتنى ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇ، ئالدىدا سكولارىزم ئېقىمىنىڭ تۈرىۋېلىشى بىلەن ھەقىقىي تۈردە دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارالماي يۈنۈلۈش ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، تۈركىيەدىكى سكولارىستىك تۈزۈم (دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمى) ھەرقانداق دىنى جامائەت ياكى پارتىيەنىڭ قانۇنلىششىغا يول قويمايدۇ. بۇ پارتىيە ئۆز پىكرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە سىياسىي يولنى تاللىغان.

- كۇردىستان ئىسلام پارتىيىسىمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن تەسىر قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ سىرتىدىمۇ ھىمايىچىلىرى بار.

- سۇداندىكى مىللى ئىسلام بىرلىكسېپى، باشقا بارلىق غەيرى ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە قارشى بىر بىرلىكسەپ تەسىس قىلغان. گەرچە ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن بىخلىنىپ چىققان بىرلىكسەپ بولسىمۇ، كېيىن مۇستەقىل يول تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىجتىھادلارنىڭ بىر قىسىملىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە سەلەپىلەرنىڭ بىردەك تەنقىدلىشىگە ئۇچرىغان.

- شۇنىڭدەك، ھاماس ھەرىكىتى پەلەستىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ قوچىقىدا يېتىلگەن پەلەستىن جىھاد ھەرىكىتى. ئۇ پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ۋاقىت زايا قىلىش دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا قىيامەت كۈنىگىچە ۋەقف قىلىنغان، ئۇنىڭدا كەڭچىلىك قىلىش ياكى بىرەر بۆلىكىنى ئايرىپ قويۇش توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

- ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى ئالجىرىيەنى دۇچ كىلىۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا كىرىزىسلەردىن قۇتقۇزۇشقا قادىر، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى يېگانە يول بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ قىسمەن تەسەۋۋۇرلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر سەلەپى ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

- بۇ ھەرىكەتلەر نىگىزلىق مەسىلىلەردە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس. ئەمما، ئۇ خاتالىقلار ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ۋە ئىجابىي تەرەپلىرىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

www.munber.org

◈ يۇقىرىقىلاردىن ئىسلامنىڭ يۈكسەك شەرىئەت ۋە ساپ ئەقىدىگە ئىگە دىن ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. ئۇ ماھىيەتتە، پىرقە ۋە تەرىقەتلىرى يوق دىن. بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ماۋزۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭدىن خىمىر تۇرۇچ ئالغان بىرلىۋى، خەتمىييە، سەنۇسى، تىيجانى ۋە شازىلى قاتارلىق تەرىقەتلەر توغرىسىدا توختالدۇق. تەسەۋۋۇپ دەسلىۋىدە روھنى پاكلاپ، ئۇ ئارقىلىق يۈكسىلىشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق شەھەر ھاياتىنىڭ باياشاتلىقىغا ئىنكاس قايتۇرغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى زاھىدلىقنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بەكلا ئاددى ۋە قولاي بولىدىغان زاھىدلىقنىڭ، نىگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرەققى قىلغانچە دىندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا كىرىپ كەتكەن تەسەۋۋۇپ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. چۈنكى سۈپىلار دىننى شەرىئەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. ئۇلار، شەرىئەتنى دىننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ھەممە ئادەم كىرىدىغان ئىشىك، ھەقىقەتنى بولسا، پەقەت تاللانغان ياخشى كىشىلەرلا يېتەلەيدىغان يوشۇرۇن قىسمى، دەپ ئېزاھلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماۋزۇنى ئوقۇش جەريانىدا توختاپ ئۆتۈش مۇمكىن بولىدىغان نوقتىلارمۇ بار.

- سەنۇسىلارغا كەلسەك، گەرچە ئۇلار شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ سەلەپىلىك دەۋىتىدىن تەسىر قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، سالىھ كىشىلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى ۋاستە قىلىشتەك خۇراپات، بىدئەتلەردىن خالى يېرىم ساغلام شەكىلدىكى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئېغىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا، مۇكەممەل ئۇسۇلى بار. لېكىن، سەنۇسى تەسەۋۋۇپتىن بەيئەت ئۇسلۇبى ۋە نەسەپ دەرىجىسى، قېرىنداشلىق دەرىجىسى، خاسلىق دەرىجىسى دېگەنگە ئوخشاش روھنى پاكلاش دەرىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ بىدئەت ئۇسلۇپ ۋە ۋەسىلىلەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

- شازىلىيىيە _ قىپقىزىل سۈپىزم تەرىقىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇپ تەرىقەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە تەرەپلىرى بار. گەرچە تىيجانىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاياتىي دۇنيادا شەخسەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەپسەتىلىرى بولسىمۇ، باشقا جەھەتلەردە ئۇلار تىيجانىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن خەتمىييەلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش.

- بىرلىۋىلار ئىنگلىزلار مۇستەملىكىسى دەۋرىدە ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن. پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالارغا، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە دائىر مەسىلىلەردە بەكلا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەن.

- بۇلاردىن كېيىن، سۈپىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دىيوبەندىيىيە، سۇدانىدىكى مەھدىييە، ھىندىستاندىكى تەبلىغ جامائىتى ۋە تۈركىيەدىكى ئىلغار پىكىرلىك نۇرچىلارغا ئوخشاش دەۋەت جامائەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

◈ ئاندىن، رادىكال جامائەتلەردىن، ئۆزلىرىگە ”مۇسۇلمانلار جامائىتى“ ياكى ئاممۇي ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن ”كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە



www.munber.org

ياتلاشتۇرۇش“ جامائىتى دەپ نام بىرلىگەن جامائەتنى تەتقىق قىلىپ چىقتۇق. بۇ مىسىر تۇرمىلىرىدىكى قىيناش، زىيانكەشلىك قىلىشلارغا قارشى مەيدانغا كەلگەن جامائەت بولۇپ، مىسىر ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيگەن. بۇ جامائەت بىر گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلمىغان ھەرقانداق ئادەمنى كاپىر، دەپ قارايدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمدارلارنى، ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالارنى، ھاكىم ۋە مەھكۇم (پۇقرا) لارنى كاپىر، دەپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالارنى... كاپىرلار قاتارىغا چىقىرىدۇ.

◈ ئارقىدىن، ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىرىلدۈرۈشكە چاقىرىدىغان مىسىردىكى ئىسلام جامائىتى ۋە ئىسلام ئازاتلىق پارتىيىسى (ھىزبۇتتەھرىر) قاتارلىق بىر قىسىم جامائەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئىسلام جامائىتى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىدە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ھاياتىدىن يوقىلىپ كەتكەن پەرز - جىھادقا چاقىرىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مەقسىتى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، كېيىن خەلىپىلىك تىكلەشتىن ئىبارەت.

ئازاتلىق پارتىيىسى (ھىزبۇتتەھرىر) مۇ خەلىپىلىك تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدۇ. بىراق، پەلەستىندە قۇرۇلغان بۇ پارتىيە تەرىپىدىن قانچىلىغان شەرئىي ئىجتىھادلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ تەنقىدلىشىگە ئۇچرىغان.

◈ ئارقىدىن، غەربتىكى ئىرقچى جامائەتلەرنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ”ئىسلام ئۈممىتى“ نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىسلامنى ئىرقچىلىق روھىي غالىپ كەلگەن بىر خىل خاس چۈشەنچىدە قوبۇل قىلغان ھەرىكەت بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلىغان.

◈ بۇلاردىنمۇ كېيىن، ئىسلامغا قارشى يۈشۈرۈن ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇلار: يەزىدىييە، قىرامىتە، ئىسمائىلىييە، ئەنسار، بابىييە، بىرىلۋىييە، جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى، ھەششاشىلار، دۇرۇزلار، قادىيانىيلار، ئەمەل، نۇسەيرىييە ۋە خۇمەينىيەلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش، ئۇنى يوق قىلىشتا ئورتاقلىققا ئىگە.

◈ كېيىن، دىنىي بولمىغان سىياسىي ئېقىملارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇلار مۇسۇلمان دۆلەتلەردە مەۋجۇد پارتىيىلەر بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلارنى بۇ باپقا كىرگۈزۈۋېتىشىمىزگە ئۇلارغا ئەزا كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بولغانلىقى سەۋەب بولدى. ئويغىنىش شامىلى - بولۇپمۇ كوممۇنىزم يىقىلغاندىن كېيىن - ئۇنىڭ بەزى بۆلەكلىرىنى سەگىتىشكە باشلىدى. تۆۋەندە بۇ پارتىيىلەرنىڭ مۇھىملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

- ئەرەب مىللەتچىلىكى: بۇ مۇتەئەسسىپ سىياسى ھەرىكەت بولۇپ، ئەرەبلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلار ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئورنىغا تارىخ، تىل، قان، ئۇرۇقداشلىق قاتارلىق ئامىللار ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

www.munber.org

- مىسىر ۋەكىل (ئەلچى) پارتىيىسى: مىسىرنىڭ خەلق پارتىيىسى بولۇپ، كونكىرت دىنى يۆنىلىشى يوق. ئۇ 1952 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى كۆپ سانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە ئىدى. ئۇ ھازىر "يېڭى ۋەكىل (ئەلچى)" نامىنى قوللىنىۋاتقان بىر ئۆكتىچى پارتىيە. ئۇنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىلىرى، بولۇپمۇ سەئد زەغلۇل سكولارىزىملىق يۆنىلىشى بار، ئاياللارنى غەرب ئوقۇمىدىكى مەنىسى بويىچە ئازات قىلىش تەرەپدارلىرىدىن ئىدى. بۇ پارتىيە ئۆزىگە مۇئەييەن ئەقىدە تەسەۋۋۇرى بەلگۈلىمىگەن.

- ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى: بۇ سىكولارىزىم ئېقىمىدىكى ھەرىكەت بولۇپ، مىسىردا مەيدانغا كەلگەن ۋە نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىگە تارقالغان. ئۇ، ئاياللارنى ئىسلامىي ئەدەب - ئەخلاقلاردىن ۋاز كېچىشكە، ئېچىۋېتىشكە، ئىسلام ئەھكاملىرىغا قارشى ئىسيان قىلىشقا، تالاقنى تىزگىنلەشكە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەشكە، مىراستا باراۋەر بولۇشقا ۋە ھەرقانداق ئىشتا غەرب ئاياللىرى بىلەن ئوخشاش ئېقىمدا يۈرۈشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دوست تۇتۇشىنى، ئۇ ئارقىلىق پەزىلەتنى جانلاندۇرۇشىنى ۋە ئەشۇ ھەرىكەتنىڭ بارلىق جەريانىدا ئاياللارنىڭ ئىسلامغا قايتىشىنى خالايدۇ. بىراق، ناھايىتى تاسادىپىيكى، قىسمەن قەلەمىلەر (قەلەمكەشلەر) بۇ خىلدىكى ھەقىقەتكە قايتىشنى "قالاقلىق" دەپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ۋەيرانە ھەرىكەتنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، شۇنداق قەلەمىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇلىدۇ.

- كۇردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى: بۇ، تۈركىيەدىكى سالامەت پارتىيىسىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، سكولارىستىك ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇ پارتىيە، ئىران دۆلىتى ئىچىدە كۇرد خەلقى ئۈچۈن ئاپتونومىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

- سۈرىيە مىللەتچى پارتىيىسى: بۇ پارتىيە ئۆزىنى ئەرەب مىللەتچىلىكىدىن مۇستەقىل دەپ قارايدۇ ۋە سۈرىيە مىللەتچىلىكىگە چاقىرىدۇ. بۇ پارتىيەنىڭ ئەزالىرى دىنغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

- پانچاسىلا ھەرىكىتى: بۇ ھىندونېزىيە سابىق باش ۋەزىرى سوكارنو تەرىپىدىن 1954 - يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئېلان قىلىنغان بەش ئاساسىي پرىنسىپتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندونېزىيە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى ئورنىغا بۇ پرىنسىپلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن مېڭىشى ئۈچۈن ئۇنى ھىندونېزىيە دۆلەت دەستۇرىغا كىرگۈزگەن.

- ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى: بۇ سكولارىستىك مىللەتچى پارتىيە بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىسلامىي پىكىردىن يىراق ھالدىكى سوتسىيالىستىك ئېقىمغا ئايلاندۇرۇش ۋە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ.

- ناسىرىييە ھەرىكىتى: بۇمۇ بىر ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولۇپ، جامال ئابدۇنناسىرنىڭ ھۆكۈمدارلىق مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىسمىنى ئابدۇنناسىرنىڭ ئىسمىدىن ئالغان. ئابدۇنناسىرنىڭ ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم ۋە



www.munber.org

بىرلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلغان. بۇ باشقا بارلىق ئەرەب سولچىل پارتىيىلەرنىڭ ئورتاق ئىدىيىسى ئىدى.

www.munber.org

# شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ
# سەلەپىييە دەۋتى

## ئېنىقلىما:

سەلەپىييە دەۋتى رىسالەت دەۋرىدىن باشلانغان سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ تۇتقان يولىغا قايتىشقا چاقىرىدىغان دەۋەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپىييە دەۋتى ئىسلام دۇنياسىدىكى پىكىر جەھەتتىكى قاتماللىق ۋە قالاقلىق نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ساغلام ئاساسىغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. تەۋھىد ئوقۇمىنى ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالغان تۈرلۈك شېرىكلەردىن تازىلاشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنى، بەزىلەر شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن خاتا ھالدا «ۋەھھابىيلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يېڭى بىر مەزھەپ ياكى ئىجاد قىلىنغان بىر تەرىقەمۇ ئەمەس، ئۇ سەلەپىييە دەۋتىنىڭ داۋامى ۋە يېڭىلىنىشى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن اللہ رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللہ دىن مەمنۇن بولدى. اللہ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[1] دېگەن ئايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان پىرقە ھەققىدە ئېيتقان «ئۇلار مەن ۋە ئەسھابلىرىم تۇرىۋاتقان يولغا ئوخشاش يولدا ماڭغانلار» دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلغان ھالدا، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ سىزىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە مېڭىشقا چاقىرىدىغان مېتود ۋە چاقىرىقتىن ئىبارەت.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى سەلەپىييە دەۋتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن بىرى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھاب ئەلمۇشەررىفى ئەتتەمىيمي ئەننەجدي (1115ھـ ـ 1206ھـ/ 1703م ـ 1791م) دۇر.

ـ رىيادقا يېقىن يەردىكى ئۇيەينە دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى ھەنبەلىي فىقھىسى، تەپسىر، ھەدىس ئىلىملىرىنى دادىسىنىڭ قولىدا ئۆگەنگەن، ئون ياشقا كىرگەندە قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان.

ـ مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئالىملىرىدا ئوقۇغان، ئارقىدىن شەرئىي ئىلىملىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن مەدىنىگە بارغان ۋە ئۇ يەردە شەيخ مۇھەممەد ھايات ئەسسىندىي (1165ھـ ۋاپات بولغان) بىلەن ئۇچراشقان, ئۇنىڭ كۆچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ يەنە شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبراھىم ئال سەيفتىنمۇ دەرس ئالغان.

---

([1]) تەۋبە سۈرىسى، 100 ـ ئايەت.



www.munber.org

ـ ئۇيەينەگە قايتىپ كىلىپ، ئارقىدىنلا بەسرە، مۇسىل ۋە باغدادلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن (1136ھ ـ 1724ھ) ئىراققا بارغان ۋە ھەر بىر شەھەرگە بارغاندا ئۇ يەرنىڭ شەيخ ۋە ئۆلىمالىرى بىلەن ئۇچىرىشىپ ئۇلاردىن ئىلىم ئىگەللىگەن.

ـ ئۇ ئىلاجىسىز ھالدا بەسرەدىن ئەھساغا. ئۇ يەردىن دادىسى قازىلىق قىلىۋاتقان شەھەر ھۇرەيملاغا قايتىپ كەلگەن ۋە ئاشكارا ھالدا تەۋھىدكە چاقىرىشنى باشلىۋەتكەن. ئۇ ۋاقىت ھىجرىيە 1143، مىلادى 1730 ـ يىلى ئىدى. بىراق، بىر قىسىم ئەخمەقلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەست قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ ھۇرەيملادىن ئۇيەينەگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ۋالىسى ئوسمان ئىبنى مۇئەممەرگە ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى ئىزاھلىغان. ۋالي ئۇنى ھىمايە قىلغان ۋە بىرلىكتە قەبىر ۋە گۈمبەزلەرنى چېقىپ تاشلىغان، ئۆز جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن بىر ئايالنى رەجىم قىلىشتا ھەمكارلاشقان.

ـ بىر قىسىم ناچار ئۆلىمالار ئىبنى مۇئەممەرنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ دەۋىتىدىن شەكلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خەت يازغىنىغا ئوخشاش، ئەھسانىڭ ۋالىيسىمۇ ئۇرەيئىر ئىبنى دەجىين ئۇيەينە ۋالىيسىغا شەيخنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان. ئىبنى مۇئەممەر شەيخنىڭ خالىغان بىر يەرگە كېتىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن شەيخ ئۇيەينەدىن چىقىپ كېتىپ، ئال سەئۇد ئەمىرلىكىنىڭ مەركىزى بولغان دىرئىييە تەرەپكە يول ئالغان ۋە مۇھەممەد ئىبنى سۇۋەيلىم ئەلئۇرەينىنىڭ ئۆيىگە (1158ھـ) مېھمان بولۇپ چۈشكەن. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ قېشىغا تالىبلار كىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغان.

ـ ھىجرىيە 1139 ـ يىلىدىن ھىجرىيە 1179 ـ يىللىرى ئارلىقىدا ھۆكۈمدارلىق قىلغان ئەمىر مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد شەيخنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان، ئۇنى قوللايدىغانلىقى بىلدۈرگەن ۋە ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى سۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن، بۇ سۆھبەتنىڭ تارىخي ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئەمىر: ئۆز يۇرتۇڭدىن ياخشى بىر يۇرتقا خوش كەلدىڭىز! ئىززەت ۋە خەيرلىك بىلەن قارشى ئېلىنىسىز!

شەيخ: مەن سىزگە ئىززەت ۋە تەمكىنلىك بىلەن خوشخەۋەر بېرىمەن. بۇ "بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ" دېگەن سۆز، كىمكى ئۇنىڭغا ئېسىلسا، ئەمەل قىلسا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن يۇرتىنىمۇ، ئەلنىمۇ تۇتالايدۇ. ئۇ تەۋھىد كەلىمىسى، ئۇ ئاللاھنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى چاقىرغان كەلىمە. زېمىنغا بۇ كەلىمە ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئەمىر شەيخقا ئىككى شەرتنى قويىدى:

بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىپ، ئۇلارغا باشقا بىرلىرىنى تېگىشىۋەتمەسلىكى.

ئىككىنچىسى، شەيخنىڭ ھوسۇل مەزگىلىدە دىرئىييە خەلقىدىن داۋاملىق ئېلىنىپ كىلىۋاتقان سېلىقنى ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى.



www.munber.org

بىرىنچى شەرتكە قارىتا شەيخ "قولۇڭنى ئاچ بەيئەت قىلىمەن.. قانغا قان، بۇزغۇنچىلىققا بۇزغۇنچىلىك" دەپ جاۋاب بەردى.

ئىككىنچى شەرتكە قارىتا "ئاللاھ ساڭا نۇرغۇن جايلارنى فەتھى قىلىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق غەنىمەتلەرنى تولدۇرۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس." دەپ ئىنكاس قايتۇردى.

- شەيخ ھەققەتنى ھىمايە قىلىدىغان چوقۇم بىر كۈچ بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان بىلەن توختىمىغاننى سۇلتان بىلەن توختىتاتتى.

- شەيخ بىلەن ئەمىر نەجدلىكلەرگە دەۋەتنى يەتكۈزۈش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن. ئەمىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد (1111ھـ - 1218) شەيخ دىرئىييەدە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانغا قەدەر شەيخقا ياردەملىشىشنى داۋاملاشتۇرغان.

- شەيخنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، مۇھىملىرى «كتاب التوحيد فيما يجب من حق الله على العبيد»، «كتاب الإيمان»، «كشف الشبهات»، «آداب المشي إلى الصلاة» ۋە «مسائل الجاهلية» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا فىقھى، ئۇسۇل ۋە كۆپىنچىراق تەۋھىدنىڭ ئاساس قىلىدىغان رىسالە، كىتابچىلىرىمۇ بار.

◈ شەيخنىڭ قولىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئوقۇغان، ئۇنىڭ تالىبلىرى ۋە تالىبلىرىنىڭ تالىبلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- سەئۇد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بولۇپ، ئۇ شەيخ بىلەن بىرگە ياشىغان، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئىگەللىگەن ۋە ئىبارەت ئوقۇپ بەرگەن.

- دىرئىييە رايۇنىنىڭ قازىسى ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب.

- ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب: ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم، ئاللاھدىن بەكلا قورقىدىغان كىشى بولۇپ، قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىنغاندا رەت قىلغان.

- ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (1165ھـ - 1224ھـ): سەئۇد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد مەزگىلىدە دىرئىييەنىڭ قازىسى بولغان. ئىنچىكە چۈشىنىدىغان ۋە مەرىپەتلىك كىشى بولۇپ، مىسىردا ۋاپات بولغان.

- ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب: سىلىشتۇرمىچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان پەزىلەتلىك ئالىم كىشى ئىدى.

- ئابدۇرراھمان ئىبنى خۇمەيس: دىرئىييەدىكى ئال سەئۇد قەسرىنىڭ ئىمامى بولغان ۋە پادىشا ئابدۇلئەزىز ۋە ئوغلى سەئۇد دەۋرىدە قازىلىق قىلغان.

- ھۈسەين ئىبنى غەننام: «روضة الأفكار» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ، مەرىپەت دائىرىسى كەڭ ئالىم ئىدى.

- ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھۈسەين (1237 - ۋاپات بولغان).

www.munber.org

- ھەمەد ئىبنى ناسىر ئىبنى مۇئەممەر

- ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (1193ھ - 1284ھ): يۈز ئابرۇيلۇق ئالىم ئىدى، ئۇ چوڭ دادىسىدا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بۇۋاست ئىلىم ئىگەللىگەن, قازىلىق ۋە ئوقۇتقۇچىلىق ئىشلىرىنى قىلغان. ئۇ « الـرد النفـيس على شبهات داود بن جريس » ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتۇرى.

- سۇلەيمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب (1200ھـ 1233ھ) : زىرەك ۋە جاسارەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنى دىرئىييە قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم پاشا ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇ « تيسير العزيز الحميد في شرح كتـاب التوحـيد » ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتۇرى.

- شەيخنىڭ نەۋرىلىرىدىن شەيخ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم (1389ھ ۋاپات بولغان): سەئۇدى ئەرەبىستانىننىڭ مۇپتىسى، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ۋە قازىلارنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئىلمى، تەھقىق قىلىش، ئەستە تۇتۇش، يىراقنى كۆرۈش قاتارلىقلار بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غۇرۇر ئاتا قىلغان. ئۇ يەنە تەمكىنلىك، كۆپ ئىبادەت قىلىش ۋە كەڭ قوللۇقلىقى بىلەن تونۇلغان.

- شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئىيسا: « نونيـ ـة ابـ ـن القـ ـيوم » ناملىق كىتابىنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى بولۇپ، ھىجرىيە 1329 - يىلى ۋاپات بولغان.

- شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرراھمان بابتېين: بۇ كىشىنىڭ ئۆز دەۋرىدە "نەجد دىيارىنىڭ مۇپتىسى" دېگەن نامى بار ئىدى. ئۇ 1282ھ دە ۋاپات بولغان.

- سۇلەيمان ئىبنى سەھمان: ئۆتكۈر قەلەم ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ساھىبى بولۇپ، ھىجرىيە 1349 - يىلى ۋاپات بولغان.

- شەيخ ھەمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەتىيق (1306ھ دە ۋاپات بولغان)

- يەنە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن بىرى ھازىرقى[①] سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ باش مۇپتىسى مۆھتەرەم شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازدۇر.

- سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ سىرتىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار مۇھەممەد بەشىير ئەسسەھسەۋاني ۋە مەھمۇد ئەلئالۇسي ۋە باشقىلار.

- نۇرغۇنلىغان ئالىملار، دەۋەتچىلەر ۋە باشقا بىر قىسىم ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى سەلەپىييە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

(①) بۇ كىتاپ نەشر قىلىنغان دەۋردە شۇنداق ئىدى. ئەمما ھازىر ۋاپات قىلىپ كەتكەن بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىننىڭ ھازىرقى مۇپتىسى شەسخ ئابدۇلئەزىز ئال شەيخدۇر - تەرجىمان.



www.munber.org

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ھەنبەلىي مەزھىپى بويىچە ئوقۇغان، بىراق پەتىۋالىرىدا بۇ مەزھەپتە چىڭ تۇرىۋالماستىن، ئۇنىڭغا قارشى دەلىل ئوتتۇرىغا چىققان ھامان ئۇنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ دەۋىتى سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئويغۇن ھالدا دەلىلگە ئەگىشىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ـ ئۇ، قۇرئان، سۈننەتكە قايتىش زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە مەزھىپىنىڭ بېسىلىپ قالغان تەرەپلىرىنى جانلاندۇرۇشنى تەكىتلىگەن.

ـ دەلىللەرنى چۈشىنىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ يولىغا تايانغان.

ـ تەۋھىد ئوقۇمىنى ساپلاشتۇرۇشقا چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلام تەۋھىد ئارقىلىق ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قايتىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە پەيغەمبىرى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن، ئوبرازلاشتۇرماستىن، ئۆزگەرتمەستىن، بورمىلىماستىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى تەۋھىدىنى ئاساس قىلغان.

ـ ئىبادەت تەۋھىدىگە مەركەزلىشىش. «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» ـ نەھل سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.

ـ جىھادنىڭ پەرزلىكىنى تىرىلدۈرۈش: شەيختا بىر يەرلەرنى فەتھى قىلىۋاتقان، دەۋەتنى تارقىتىپ، كىشىلەر ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان شېرىكنىڭ ئالامەتلىرىنى يوقىتىۋاتقان مۇجاھىدنىڭ ئۆلگىسى بار ئىدى.

ـ ئۆز دەۋرىدىكى قالاقلىق ۋە نادانلىق سەۋەبىدىن ئومۇملىشىپ كەتكەن خۇراپات ۋە بىدئەتلەرنى بېسىقتۇرۇش. مەسىلەن:

ـ زىرار ئىبن ئەزور ئىسىملىك ساھابىنىڭ قەبرىسى، سورىغان نەرسەڭنى بېرىدۇ، دېگەن سەپسەتە بىلەن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش.

ـ زەيد ئىبنى خەتتابنىڭ دەپ گۈمبەزلەرنى زىيارەت قىلىش.

ـ بىرى ئەبۇ دەجانىڭ دەرىخى دېسە، ئىككىنچىسى تەرەفىيە دەپ ئاتىۋالىدىغان دەرەخلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈش.

ـ مەغارە دەپ ئاتىلىدىغان ئەمىرنىڭ قىزىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش.

◈ شەرئىي دەلىللەردىن چىقىرىلغان يەكۈنگە ئاساسەن ۋەسىلە قىلىشنى ئىككى تۈرگە ئايرىش:

ـ بىرىنچىسى توغرا، دورۇس ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ياكى سالىھ ئەمەللەر ۋەياكى مۇسۇلمان بۇرادىرىنىڭ دۇئاسى ئارقىلىق ۋەسىلە قىلىش.



www.munber.org

ـ ئىككىنچىسى، بىدئەت، چەكلەنگەن ۋە ئۇ ھەقتە ساغلام دەلىل بولمىغان ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ زاتىدىن بىر نەرسە سوراش. مەسىلەن "پەيغەمبەرنىڭ ھۆرمىتى، پالانى شەيخنىڭ ھۆرمىتى..." دېگەنگە ئوخشاش.

◈ قەبرىلەرنى ياساش، يۆپۈق ئارتىش، چىراق يېقىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىدئەتلەرنى چەكلەش.

◈ تەسەۋۋۇپ تەرىقەتلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنغا ئىلگىرى يوق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىگە قارشى تۇرۇش.

◈ ئىلمىسىز ھالدا ئاللاھنىڭ نامىدىن سۆزلەشنى ھارام دەپ قاراش: «ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى» ـ ئەئراف سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

◈ تاغۇتلارغا قارشى كۈرەش قىلىش: ئۇنىڭ قارىشىچە تاغۇت بەندە ئۆزىنىڭ بەندىلىك ياكى بويسۇنغۇچىلىق ۋەياكى ئىتائەت قىلغۇچىلىق چېگراسىدىن ھالقىپ كېتىشتىن ئىبارەتتۇر. تاغۇتلار بەش تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار، ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئىبلىس، ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى راۋا كۆرگەن كىشى، كىشىلەرنى روھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغانلار، غەيبتىن بىر نەرسە بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلار ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلاردۇر. ئىنسان تاغۇتلارنى كۇپۇرغا چىقارماي تۇرۇپ ئاللاھقا مۆمىن بولالمايدۇ.

◈ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سۈكۈت قىلغان بارلىق ئىشلار ئىنسانلارغا قىلىنغان مەرھەمەت بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنى ھارام، ۋاجىب، مۇستەھەب ياكى مەكرۇھ دېيىش ھەققى يوق. «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار.» ـ مائىدە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت.

◈ روشەن دەلىلنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى دەلىل كەلتۈرۈش رافىزىي ۋە خاۋارىجلارغا ئوخشاش ئازغۇنلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. «دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەرپىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ).» ـ ئال ئىمران سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالالنىڭ ئېنىق، ھارامنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئىشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىپ ئۆتكەن. كىمكى بۇ قائىدىنى بوزۇشقا ياكى ھەر بىر مەسىلە ھەققىدە مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنى قىلىشقا ئورۇنىدىكەن، ئۇ ئازغۇنلۇق ئىچىدەدۇر ۋە ئازدۇرغۇچىدۇر.

◈ شەيخ شېرىكنىڭ تۈرى ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ـ چوڭ شېرىك: ئىبادەت، نىيەت، تائەت ۋە مۇھەببەت شېرىكىدۇر.

www.munber.org

- كىچىك شېرىك: ھاكىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدىكى «كىچىككىنە بولسىمۇ رىيا قىلىش شېرىكتۇر» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن - رىيادۇر.

- يوشۇرۇن شېرىك: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بۇ ئۇممەتتىكى شېرىك قاراڭغۇ كېچىدە، سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەۋاتقان قارا چۈمىلىدىنمۇ بەكرەك يوشۇرۇندۇر» دېگەن سۆزىدە بايان قىلىنغا ئوخشاش شېرىكلەر بولۇپ، مۆمىنلەر بىلمەستىن ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قېلىشى مۈمكىن.

◈ بۇ چاقىرىقنىڭ ئۆلىمالىرى زامانىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھېس قىلغان ۋە ئۆز ئەسرىنىڭ پالاكىتىنى چۈشەنگەن. مەسىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ ئىبادەت تەۋھىدىنى سىڭدۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئىشلارنى بايان قىلىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. چۈنكى، ئىبادەت تەۋھىدى ئىنسان بالاغەتكە يەتكەن چاغدا ئۇنىڭغا تۇنجى بۇيرۇلغان مەسئۇلىيەتتۇر، يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىكى ئاساسلىق ئېغىشىمۇ بۇ ساھەگە مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇ چاقىرىق باشقا ئەللەردە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بابىدا تېخىمۇ تەپسىلى، تېخىمۇ ئېنىق بايانلارنى بېرىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. چۈنكى، كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە، مىسال ئۈچۈن، شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەسەن ۋە ئوغلى ئەللامە شەيخ ئابدۇللەتىيف، شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئىيسالارنىڭ رىسالىلىرىدە ئۇچرىتىدىغىنىمىزدەك، سۈپەتلەرنى بورمىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالغان ئىدى.

- غەربنىڭ بەشەريي قانۇنلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تاغۇت ھۆكۈملىرى كۆپىيىپ كەتكەن بۇ ئەسىردە، بۇ چاقىرىقنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ قانۇنلارغا قارشى تۇرۇش ۋە بۇ ھەقتىكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن جىددى جاۋاب ۋە موقىم مەيدان بولۇشى كېرەك ئىدى. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ پەتىۋا ۋە رىسالىلىرى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

◈ بۇ چاقىرىق، قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش، ھارغىنلىق ۋە قالاقلىق پەردىلىرى يېپىشقۇالغان ئىسلام ئۇممەتلىرىنى پىكرى جەھەتتىن ئويغۇتۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ باردى.

◈ ئاۋامغا تەلىم بېرىش، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيالىيلارنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، ئېتىبارلىرىنى دەلىل ئىزدەشكە يۈزلەندۈرۈش، ئەمىلىلەشتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەرقانداق بىر پىكىرنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى مەنبەلەر ۋە ئاساسلىق كىتابلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشقا چاقىرىش قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ مەنبەسى:

بۇ دەۋەت، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ۋە ياخشى كۆرىلىدىغان ئەسىرلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى، ئۇنىڭدىن قالسا ساھابىلەر..... - تەرجىمان) دىكى



www.munber.org

كىشىلەر تۇتۇپ ماڭغان يولنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئويغۇن ھالدا قۇرئان ۋە سۈننەتكە چاقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقىنى ئومۇمىي دەۋەت ۋە خەلق ھەرىكىتى سۈپىتىدە نەجدلىكلەرنىڭ ئاساسىي قاتلىمى قوبۇل قىلغان. سەئۇدى ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ھىمايىسى بىلەن مەككە مۇكەررەمەدە ھىجرىيە 1219 ـ يىلى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ھىجرىيە 1220 ـ يىلى ھۆكۈمەتتە ئەڭ يۇكسەك ئورۇننى ئىگەللىگەن.

ـ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇرۇشىۋاتقان ئەسكەرلەر سېپىدە بۇ دەۋەتنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ ئەسكەرلەر توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىشىدۇ: «ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە مۇئەززىنلەر ئەزان ئوقۇيدۇ ۋە بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا قورقۇش ۋە ھېيىقىش ئىچىدە ئىنتىزاملىق بىر سەپكە تىزىلىدۇ.» ۋە گازارمىلىرىدا «مۇشرىكلەرگە، ساقاللىرىنى ئالغۇچىلارغا، زىنانى ھالال سانىغۇچىلارغا، ھەزىلەكلەرگە، ھاراق ئىچكۈچىلەرگە، نامازنى تاشلىغۇچىلارغا، ئۆسۈم يىگۈچىلەرگە، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرگە ۋە ھارامنى ھالال سانىغۇچىلارغا قارشى ئاتلىنىڭلار!» دەپ نىدا قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نامى ھەممە يەردە زىكىر قىلىنىدىغان بولدى، ئۇلار ھەققىدە ياخشى كىشىلەرمۇ، يامان كىشىلەرمۇ سۆزلىدى، ئىشلىرى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە تارقالدى.

◈ بۇ ھەرىكەت ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئىز ۋە ئەسەرلىرىنى قالدۇردى.

شۇ نەرسە ئايانكى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقى ئۇنىڭغا يامانلىق كۆزى بىلەن قارىغان، ئۆزلىرىگە تەھدىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە يالغانلارنى تارقاتقان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپ ئەھلى ۋە ئازغۇن پىرقىلەردىن ئىبارەت بىدئەتچىلەرنىڭ دۈشمەنلىكلىرىدىن ئەمىن بولالمىدى. ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىدىكى كۆرەشتە بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى نورمال ۋە تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ سەلەپىييە دەۋىتىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى توغرا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بىر قىسىم ئىشلاردا ئەيىبلەشتى.

مەسىلەن بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ بىرى، بۇ دەۋەتنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرىنى بىر خاتالىقنى كۆرگەندە قاتتىق تۇرىۋېلىش، شېرىك ۋە بىدئەت مەسىلىلىرىگىلا مەركەزلىشىۋېلىپ، ئىسلامنىڭ سىياسەت، جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك باشقا تەرەپلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلەش. بۇ ئىش يېڭى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆزگەردى، ئۇلار جەمئىيەتكە ۋە ئىسلامنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىيلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى ۋە بۇ كۆڭۈل بۆلۈش دەۋەتنىڭ پائالىيەتلىرىدە روشەن ئىپادىلەندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

دۇنيانىڭ نۇرغۇنلىغان ئەللىرىدىكى ئومۇمىي دەۋەت ۋە قوتقۇزۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كونتروللىقىنى قوللىرىغا ئالدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقى ـ خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىگە قايتىش ۋە روشەن دىنىمىز مەيدانىغا كەلگەندىن بويان سەلەپ ـ سالىھلار تۇتۇپ كەلگەن يول بىلەن مېڭىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ دەۋەت قۇرئان، سۈننەتكە ۋە دەلىللەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشتا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودىغا تايانىدى. شەرتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئىجتىھاد بابىنى ئېچىشقا، تەۋھىدنى شېرىككە ئوخشاش ئىشلاردىن تازىلاشقا ۋە شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار تەۋھىد ئەقىدىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە ئوخشاش رەببانىي تەۋھىد بىلەن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھنى ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىر، دەپ تونۇيدىغان ئىلاھىي تەۋھىد بىلەن تەڭ ئېلىپ مېڭىشى ۋاجىب. ئاللاھ تائالا يېگانە بىردۇر، ھەممە الله غا مۇھتاجدۇر، الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاللاھ تائالانى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن، ئوبرازلاشتۇرماستىن، ئۆزگەرتمەستىن ۋە بورمىلىماستىن يېگانە دەپ تونۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. جىھادنى تىرىلدۈرۈش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن شېرىككە ئائىت ئىشلار، خۇراپات ۋە بىدئەتلەرنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردۇ. بۇ يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇشقا قادىر بولالىغان يېگانە ئىسلاھات چاقىرىقىدۇر.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى بىشر ئەلھەنبەلىي: عنوان المجد في تاريخ النجد، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى مائارىپ مىنىستىرلىكى نەشرىياتى.
- شەيخ ھۇسەين ئىبنى غەننام: روضة الأفكار، د.ناسىرۇددىن ئەلئەسەد تەرىپىدىن تەھقىق قىلىنغان، ئەلمەدەنىي باسمىخانىسى، مىسىر.
- د.ئەھمەد مۇھەممەد ئەززەبىيب: آثار الشيخ محمد بن عبد الوهاب، ئوفسىت ئەھلىييە باسمىخانىلىرى، رىياد ـ 1397ھـ.
- ئابدۇلھەلىيم ئەلجۇندىي: الإمام محمد بن عبد الوهاب انتصار المذهب السلفي، مائارىپ نەشرىياتى ـ مىسىر.
- ئەھمەد ئابدۇلغەفۇر ئەتتار: محمد بن عبد الوهاب، - 1397ھـ باسمىسى.

www.munber.org

- ئابدۇرراھمان سۇلەيمان ئەررۇۋەيشىد: الوهابية: حركة الفكر والدولة الإسلامية، پەنلەر نەشرىيات ـ قارھىرە . 1977م/ 1397ھـ

- ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنۋېرسىتىتى تەتقىقات مەركىزى: بحوث أسبوع الشيخ محمد بن عبد الوهاب ، رىياد_ 1403ھـ / 1983م .

- ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنۋېرسىتىتىكىتابچىلىرى: مؤلفـات الشيخ الإمام محمد بن عبد الوهاب – رىياد .

- مەنەر باسمخانىسى: مجموعة الرسائل والمسائل النجدية

- شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇللەتىيف ئال شەيخ تەرىپىدىن تەھقىق قىلىنغان ۋە ئىلاۋە يېزىلغان كىتاب: في سيرة محمد بن عبدالوهاب، پادىشا ئابدۇلئەزىز نەشرىياتى كىتابچىلىرىدىن .

- مۇھەممەد كامال جۇمئە: انتشار دعوة الشيخ محمد بن عبد الوهاب خارج الجزيرة العربيـة، پادىشا ئابدۇلئەزىز نەشرىياتى كىتابچىلىرى ـ رىياد . ئىككىنچى باسما، 1401ھـ/ 1981م .

- نامەلۇم يازغۇچى: كيف كان ظهور شيخ الإسلام محمد بـن عـبد الوهـاب، د.ئابدۇللاھ ئەسسالىھ ئەلئۇسەيمىين تەرىپىدىن تەتقىق، تەھقىق ۋە ئىلاۋە يېزىلغان_ پادىشا ئابدۇلئەزىز نەشرىياتى كىتابچىلىرىدىن ـ رىياد، 1403ھـ ـ 1983م .

- ئابدۇلئەزىز ئەلئابدۇللەتىيف: دعاوى المناوئين لدعوة الشيخ محمد بن عبد الوهاب، ۋەتەن نەشرىياتى .

- ئابدۇلمۇتەئال ئەسسەئىيدى: الددون في الإسلام من القرن الأول إلى القرن الـرابع عشـر الهجري

- د.مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئەلئەجلان: حركة الإصلاح والتجديد في نجـد، (بۇ 1405ھـ/ 1986مىلادىدا بەھرەيندە ئۆتكۈزۈلگەن ھازىرقى زامان ئىسلامىي پىكىر يۈزلىنىشلىرى ناملىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا سونۇلغان ماقالە.)

- د.راجىھ ئەلكۇردى: الاتجاه السلفي بين التأصيل والمواجهة، (بۇ 1405ھـ/ 1986مىلادىدا بەھرەيندە ئۆتكۈزۈلگەن ھازىرقى زامان ئىسلامىي پىكىر يۈزلىنىشلىرى ناملىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا سونۇلغان ماقالە.)

- سالاھۇددىن مەقبۇل: أثر دعوة شيخ الإسلام ابن تيمية في الحركـات الإسـلامية المعاصـرة، ئىسلام ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بىرلىگى ـ يىغى دىلھىي .

- سالىھ ئەلئەبۇد: عقيدة الشيخ محمد بن عبد الوهاب

- ئەھمەد ئىبنى ھەجەر ئال بۇتامىي: الشيخ محمد بن عبد الوهاب

- مەسئۇد ئەننەدەۋىي: محمد بن عبد الوهاب مصلح مظلوم ومفترى عليه

www.munber.org

- **ئابدۇللاھ ئەلئۇسەيمىين:** محمد بن عبد الوهاب حياته وفكره
- **مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەلمان:** دعوة الشيخ محمد بن عبد الوهاب
- **ئابدۇللاھ ئەلبەسسام:** علماء نجد خلال ستة قرون
- **ئابدۇرراھمان ئال شەيخ:** مشاهير علماء نجد
- **ئابدۇرراھمان ئەلقاسىم (توپلىغۇچى):** الدر السنية في الأجوبة النجدية
- **مۇھەممەد جەمىيل زەينۇ:** دعوة الشيخ محمد بن عبد الوهاب بـين المؤيديـن والمعارضـين والمناوئين
- **د.مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئەششۇۋەيئىر:** تصحيح خطأ تاريخي حول الوهابية

www.munber.org

# ئەھلى ھەدىس جامائىتى

## ئېنىقلىما:

ئەھلى ھەدىس جامائىتى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ، قۇرئان، سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ساھابە، تابىئىن ۋە ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەن سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ مېتودى ئاساسىدا چۈشىنىشكە، مەيلى ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق ياكى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ھېچقانداق سۆز ۋە كۆرسەتمىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويماسلىققا، ھەدىسشۇناس فىقھىي ئالىملارنىڭ تۇتقان يولىغا تولىنىشقا، شېرىك، بىدئەت ۋە خۇراپاتنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئەھلى ھەدىسلەر تارىخى:

ـ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ تارىخى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگە قايتىدۇ. ئۆز دەۋرىدە ھىندىستان دېڭىز ساھىللىرىدىكى گۇجرات، مالابار، سىند رايونلىرىغا يېتىپ كەلگەن ئەرەب تىجارەتچىلىرى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە ئىسلامنىڭ نۇرى ھىندىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى يورۇتقان ئىدى. سىند ۋە مۇلتان قاتارلىق جايلاردىكى ھەدىس مەركەزلىرىگە ئەرەب ۋە ئەجەملەردىن تەركىب تاپقان ھەدىسشۇناسلار كېلەتتى. مەشھۇر ساياھەتچى ئەبۇلقاسىم ئەلمەقدەسىي ھىجرىيە 375 ـ يىلى ئۇ جاينى زىيارەت قىلغان ۋە سىند رايونىدىكى دىنىي ئەھۋاللارنى ئۆزىنىڭ «ئەڭ ئېسىل تەقسىمات» ناملىق كىتابىدا تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ مەزھەپلىرى ئەھلى ھەدىس ئىكەن، ئەبۇ ھەنىيفە ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ نىڭ مەزھىپىدىكى فىقھىي ئالىملىرىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بار ئىكەن. ئۇلار دورۇست يولدا، ماختاشقا تېگىشلىك مەزھەپلەردە، ئىپپەتلىك ۋە پاكىز ئىكەن. ئاللاھ ئۇلارنى چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش، مۇتەئەسسىپلىك ۋە پىتنىدىن يىراق قىپتۇ.»

ـ تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەھلى ھەدىسنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئۆملەشكە باشلىغان ھالسىزلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە سىياسىي ئىختىلاپلارنىڭ يامىرىشى، ئەھلى سۈننەت ئۈچۈن پىتنە ۋە ئاپەت بولغان باتىنىييەچى ئىسمائىلىييەلەرنىڭ پىتنىسى، سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، تەقلىد ۋە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ ئەۋج ئېلىپ قاتاللىشىشى ۋە يۇنان ئىلىملىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھىجرىيە توققۇزىنچى ئەسىرگە كەلگەندە ئاخىرقى نوقتىسىغا يەتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانىي، ئىمام سەخاۋىي، شەيخۇل ئىسلام زەكەرىييا ئەلئەنسارىي ۋە باشقىلارنىڭ تالىبلىرىدىن تەركىب تاپقان قانچىلىغان ئەھلى ھەدىس ئۆلىمالىرى



www.munber.org

ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كىلىپ، ئەھلى ھەدىس مېتودىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى.

◈ يېقىنقى زامان تارىخىدا ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىس ھەرىكىتى:

- ھىجرىيە ئون بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەيخ ئەھمەد ئەسسەرھەندىي (1024ھ ۋاپات بولغان) نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئەھلى ھەدىس ئۆچۈن يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. بۇ دەۋر، ئەنجالنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ھەدىسشۇناس ئىمام شاھ ۋەلىيۇللاھ ئەددىھلىۋىي (1175ھ ۋاپات بولغان) نىڭ ئوغۇللىرى، بولۇپمۇ چوڭ ئوغلى شاھ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ۋەلىيۇللاھ ئەددىھلىۋىي (1159ھ - 1239ھ) كۆچلەندى. ئۇلار دەۋەت ۋە ئىرشاد (يول كۆرسىتىش)تا، ئوقۇتۇشتا، ئىپادىلەش ۋە ئەسەر يېزىشتا، قاتماللىق ۋە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىنى پاچاقلاپ تاشلاشتا دادىسىنىڭ مېتودىدىن پايدىلاندى. ئىمامنىڭ نەۋرىسى «تقوية الإيمان» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى، جىھاد ۋە دەۋەتنىڭ قوماندانى ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇلغەنىي ئەددىھلىۋىي (1243ھ ۋاپات بولغان) نىڭ مەزگىلىدە ئەھلى ھەدىسنىڭ كۆچى تېخىمۇ ئاشتى ۋە كەڭ تارقالدى.

- ئىسمائىل شەھىد نامى بىلەن تونۇلغان ئىمام شاھ ئىسمائىل ئەددىھلىۋىي بالاكوت ئۇرۇشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەھلى ھەدىس جامائىتى دەۋەت ۋە جىھاد مەسئۇلىيەتلىرىنى ئىخلاس ۋە ئامانەتدارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشتى. بۇ باسقۇچتا ئۇلارنىڭ كۆچى ئاساسلىق ئۈچ مەيدانغا مەركەزلەشكەن ئىدى:

1 - جىھاد مەيدانى: شاھ ئىسمائىل ئەددىھلىۋىينىڭ ھەرىكىتى پەقەت قۇرئان، سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنى جانلاندۇرۇش، پەيغەمبەرنىڭ ئوسۇلى بويىچە خەلىپىلىك تۇرغۇزۇش، مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى، قاتماللىق، بىدئەت ۋە باتىل ئەقىدىلەرنى يوقىتىشقىلا قارىتىلمىغان بولۇپ، ئۇ يەنە سىيخلارغا ۋە بولۇپمۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىي چېگرالىرىدىكى ئىنگلىز باسقۇنچىلىرىغا قارشى تاكى ئۇلار 1947 - مىلادى ھىندىستاندىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر جىھاد ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ رايۇن ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككىگە قىسمغا ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار جىھادلىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە بىر گۇرۇپپىسى مۇزەپپەر ئاباد شەھرىنى فەتھى قىلدى. شەيخ فەزلى ئىلاھىي ئەلۋەزىير ئابادىينىڭ قوماندانلىقىدا ھازىرقى ئازات كەشمىرنى تەشكىل قىلىدىغان رايونلار فەتھى قىلىندى. بۇ مەيداندىكى ئەڭ ئاساسلىق كىشىلەر شەيخ ۋىلايەت ئەلى ئەسسادىقفۇرىي (1269ھ ۋاپات بولغان)، قېرىندىشى ئىنايەت ئەلى ئەسسادىقفۇرىي (1274ھ ۋاپات بولغان) ۋە جىھادنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن، بۇ ساھەدە ئىسىل شەرەپلەرگە ئېرىشكەن سادىقفۇر ئائىلىسى قاتارلىقلار.

2 - يېزىقچىلىق مەيدانى: قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئىلىملىرى، ھەدىس ئىلىملىرى، سۈننەتنى بايان قىلىش ۋە ئىزاھلاش، باتىل ئەقىدىدىكىلەر ۋە بىدئەتچىلەرگە رەددىيە بېرىپ، سۈننەتنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق تېمىلار بويىچە ئەسەر يېزىش ساھەسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش ۋە تارقىتىشتا كۆرىنەرلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالىملار ۋە ھەدىسشۇناسلار بار ئىدى. بۇ ساھەدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بەبھەبال ھاكىمى شەيخ ئەللامە نۇۋۋاب



www.munber.org

سىددىيق ھەسەنخان ئەلبەبھەبالىي (1307ھ ۋاپات بولغان) بولۇپ، يېزىقچىلىق، ھەدىس ــ سۈننەت كىتابلىرىنى تارقىتىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۈچ يۈز پارچىغا يېقىن كىتاب يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يېزىقچىلىق، تەرجىمە ۋە ئوقۇتۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان سەلەپىي ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان بىر ئىلمىي مەجلىس تەشكىللىگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ كىتابلىرى، بولۇپمۇ ئېتىقاد، تەپسىر، ھەدىسنىڭ ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى نەشر قىلىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ شەخسى خىراجىتىگە بىر قانچە باسمىخانا قۇرۇپ چىققان.

3 ـ ئوقۇتۇش مەيدانى: ئەھلى ھەدىسنىڭ دەۋەت، ئوقۇتۇشقا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قورۇشى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ساھەدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى ئەللامە شەيخ ھۈسەين ئەلمۇھەددىس ئەددىھلىۋىي (1320ھ ۋاپات بولغان) بولۇپ، ھىندىستان ئېلىدە ھەدىسنىڭ رىئاستى ئۇنىڭغا يەتكەن. ئۇ ساغلام ئىسلام دىنىغا چاقىرغاندىن سىرت، ئاتمىش يىلغا يېقىن ۋاقىت دېھلىدا شەرىئەت ئىلىملىرى ۋە ھەدىس ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىككى مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان شېرىك ۋە بىدئەت ئەقىدىلىرىدىن يېنىپ، توغرا ئەقىدىنى قوبۇل قىلغان، دىگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. ئۇنىڭ قولىدا يېقىنقى زاماندىكى دەۋەت ۋە سۈننەتنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ھەدىسشۇناس ئىمام ئابدۇللاھ ئەلغەزنەۋىي (1298ھ ۋاپات بولغان)، «عون المعبود شرح سنن أبي داود» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى شەمسۇلھەق ئەزىيم ئابادىي (1329ھ ۋاپات بولغان)، «تحفة الأحوذي شرح سنن الترمذي» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئەللامە ئابدۇرراھمان ئەلمۇباركفۇري ((1335ھ ۋاپات بولغان)، «صيانة الإنسان عن وسوسة الشيخ دحلان» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى ئەللامە مۇھەممەد بەشىير ئەسسەھسەۋانىي (1326ھ ۋاپات بولغان)، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ئىدرىس ئەسسەنۇسىي ئەلمەغرىبىي، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ناسىر ئەلمۇبارەك ئەننەجدىي، ئۇستازىنىڭ رىۋايەتلىرىنى ھىجاز ۋە نەجدىدە تارقاتقان شەيخ سەئد ئىبنى ھەمەد ئىبنى ئەتىيق ئەننەجدىي ۋە باشقىلار ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردۇر. ئۇنىڭ سەيىيد ھۈسەين ئەددىھلىۋىي ئۇنىۋېرستىتى نامى بىلەن تونۇلغان دېھلىدىكى مەدرىسىسى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقماقتا.

### «ئەھلى ھەدىس جەمئىيتى» نىڭ شەكىللىنىشى:

ھىجرىيە 1324، مىلادى 1906 ـ يىلى ئەھلى ھەدىس ئۆلىمالىرى شەيخۇل ئىسلام ئەبۇلۋەفا سەنائۇللاھ ئەلئەمرتسەرىي (1367ھـ ۋاپات بولغان) باشچىلىقىدا، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن قۇرئان، سۈننەت مېتودى بويىچە دەۋەت ئېلىپ بارىدىغان، ۋايران قىلغۇچ ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان ۋە دەۋرنىڭ دۈئىللىرىغا قارىمۇ قارشى تۇرالايدىغان «ئومۇمىي ھىندىستانلىقلار ئەھلى ھەدىس قورۇلتىيى» نامى ئاستىدا بىر جەمئىيەت تەشكىللەش قارارىغا كەلگەن. بۇ



www.munber.org

جەمئىيەتكە ھىندىستان ئۆلىمالىرى جەمئىيىتى ۋە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئەزاسى، قادىيانىييە پىتنىسىنىڭ زوۋانىنى بېسىقتۇرغۇچى، ھىندۇسلار، خرىستىئانلار، سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە باشقا ئازغۇن پىرقە ۋە مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىسلامنى ھىمايە قىلىش بويىچە يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، سىياسىي ۋە مىللىي ھەرىكەتلەر ۋە ئومۇمىي مىللەت قورۇلتايلىرى قاتارلىقلارغا ئاكتىپ ھەسسە قوشۇپ كىلىۋاتقان شەيخۇل ئىسلام ئەبۇلۋەفا سەنائۇللاھ ئەلئەمرتسەريي باش رەئىس، ھەدىسشۇناس ئەللامە ئابدۇللاھ ئەلغازىفۇريي رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ چىقارغان كۈچلىرى ھىندىستاننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان.

- مىلادى **1947** - يىلى ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى مەلۇم مەزگىل بوشىشىپ قالغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ دىلھىدىكى ئەڭ چوڭ ئوقۇتۇش ئاپاراتى ھېسابلىنىدىغان «دارۇل ھەدىس ئەررەھمانىييە» نى قولدىن بېرىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر ئىككى دۆلەتتە جەمئىيەتنى قايتىدىن تەشكىللەش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كىلىپ، كۈچلىرىنى يىغىۋالالىغان. سەلەپ - سالىھلارنىڭ مېتودى بويىچە قۇرئان، سۈننەت ئىلىملىرىنى ئۆگىتىش ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى مەكتەپ، ئېنىستوت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قورۇپ چىققان.

- بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئاساسلىقلىرى:

**1** - ھىندىستاندا: بىنارىستىكى سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھىندىستاندىكى ئەرەب - ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، ھىجرىيە **1383**، مىلادى **1963** - يىلى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ، ئۆمەر ئابادتىكى رەھمانىييە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەھمەدىييە سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى، دارۇسسالام ئۇنىۋېرسىتېتى، كىيرلا سەلەپىييە يېزىسىدىكى سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى، بومبايدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، پىشاۋۇردىكى ئىبنى تەيمىييە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىمام بۇخاريي (ئاخىرىدىكى ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت پاكىستاندا - ت) ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بار.

**2** - پاكىستاندا: ھىجرىيە **1374** - يىلى شەئبان ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى، **1951** - يىلى ئاپرىل ئېيىدا قورۇلغان فەيسال ئابادتىكى سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى بۆلۈنۈشتىن كېيىنكى پاكىستاندا قورۇلغان ئەڭ چوڭ ۋە تۇنجى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جەھلەمدىكى ئۇلۇم ئەلئەسەرىييە ئۇنىۋېرسىتېتى، كاراچىدىكى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە گۇجرانۋالادىكى مۇھەممەدىييە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوخشاش ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە مىڭلىغان قول يازما ۋە نادىر كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۈتۈپخانىلىرى بار. ئەمما ئاخبارات - تەشۋىقات ساھەسىدە بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ قانچىلىغان شۆبىلىرىدە ئەرەب ۋە ئوردو تىللىرىدا نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللارنى چىقارغان. مىسال ئۈچۈن، ئەمرتسار ئەھلى ھەدىس ژۇرنىلى، لاھۇردا نەشىر قىلىنىدىغان ئەھلى ھەدىس ژۇرنىلى، "تەرجۇمانۇل ھەدىس"، "ئەلمۇھەددىس"، "ئىئتىسام"، "رىبات"، "سوۋتۇل ئۇممە"، "مۇسلىم"، "تەۋھىد"، "سوۋتۇل ھەق" ۋە "سىراتال مۇستەقىم" لەرنى ساناش مۇمكىن.



www.munber.org

- ئۇلار 1985 - يىلى پاكىستاندا، ئەھلى ھەدىس تەلەبەلىرى جەمئىيىتىدىن باشقا ئەھلى ھەدىس ياشلىرى جەمئىيىتىنى قورۇش قارارىنى ئالغان ۋە ئارقىدىنلا بۇ پىكىرنى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى بارلىق جەمئىيەتلەرگە ئومۇملاشتۇرغان.

- 1993 - يىلى پاكىستاندىكى جەمئىيەت پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشقان ۋە بىر قانچە كاندىداتى پاكىستان پارلامېنتىدا ئورۇنغا ئېرىشكەن. جامائەتنىڭ باشلىقى پروففېسور ساجد مىير پاكىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

ظاساسلعق كعشعلعرع:

◈ پاكىستاندا:

1 - شەيخ مۇھەممەد داۋۇد ئەلغەزنەۋىي (1895م - 1963م): پاكىستاندىكى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە تۇنجى رەئىسى. ئەللامە مۇھەممەد ئىسمائىل فەيسال ئاباد شەھرىدىكى سەلەپىيىە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قورۇلىشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ پاكىستاندا ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش، ئىسلامىي تۈزۈم تۇرغۇزۇش ئىشلىرىدىكى مەيدانى رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك. ئۇنىڭ يەنە ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە قادىيانىيلارغا رەددىيە بېرىشتىمۇ ئىلمىي تۆھپىسى بار. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ تۇنجى مەسلىھەت كېڭەشكە ئەزا بولۇپ تاللانغان ۋە ئۇنىڭ دەرسلىك پروگراملىرىنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

2 - ئەللامە مۇھەممەد ئىسمائىل ئەسسەلەپىي: ھىجرىيە 1314 - يىلى دەھۇنكى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە بىر دىندار ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇغان ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىدا بولغان. ئۇ - ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن - پاكىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنى قورۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ دەۋەت ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ دۆلەتتە كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى. ئۇ گۇجرانۋالادىكى ئەھلى ھەدىس جامەسىنىڭ خاتىبلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۆزى قۇرغان مۇھەممەدىيىە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، يەنجابتىكى ئەھلى ھەدىسنى تەرتىپكە سېلىش جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىسى بولغان. كېيىن، 1946 - يىلىدىكى دىلھىي قورۇلتىيىدا ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى خىزمەت كومىتېتىنىڭ باش رەئىسى بولۇپ سايلانغان. 1947 - يىلى پاكىستان ھىندىستاندىن بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، پاكىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ باش رەئىسلىكىگە سايلانغان ۋە 1968 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ خىزمەتنى ئۆتىگەن. شەيخ مۇھەممەد ئىسمائىل ئەسسەلەپىي قادىيانىيىە پىتنىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قورۇلغان خەتمۇننۇبۇۋۋە (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاخىرلىششى) ھەرىكىتى ئىجرائىيىە كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ، 1924 - يىلى ھىندوستلارنىڭ مىل كانون رايۇنىدىكى مۇسۇلمانلارنى ھىندوسلاشتۇرۇشقا باشلىغان شىددىي ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغان تەبلىغ ئۇمىگىنىڭ ئالاھىدە ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئوقۇتۇش، پەتىۋا بېرىش، دەۋەت ۋە ئىرشاد ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك رولىي بار ئىدى. شەيخ 1947 - يىلى ھىندىستاندىن پاكىستانغا كەلگەن

www.munber.org

مۇھاجىرلار ئائىلىلىرىگە ياردەم بېرىش ۋە كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقاندىن باشقا، مەسچىت ۋە دىنىي مەدرىسلەرنى قورۇشقىمۇ كۈچ چىقارغان. بۇنچە كۆپ ئىشلىرى تۈرۈغلۇق شەيخ مۇھەممەد ئىسمائىلنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك سىياسىي پائالىيىتىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدا شەيخ ئەبۇلكالام ئازاد ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. شەيخ مۇھەممەد داۋۇد ئەلغەزنەۋىي پاكىستاندا ئىسلامىي ھۆكۈم تۈرغۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان پاكىستان ھۆكۈمىتىدىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ 1952 ـ يىلى پاكىستاندا ئىسلامىي دەستۇر تۈرغۈزۈش ئۈچۈن شەكىللەنگەن كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندى. ئۇ ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ ھىجرىيە 1387 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ يىگىرمىسى، يەنى سەيشەنبە (مىلادى 1968 ـ يىلى، 20 فېۋرال) كۈنى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىتابلىرىنىڭ بىرى «مشكاة المصابيح» نىڭ ئوردو تىلىدىكى تەرجىمە ۋە شەرھىسىدىن ئىبارەت.

3 ـ ئەللامە ئەلمۇھەددىس ئەلئۇسۇلىي ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى فەزلۇددىن ئەلغۇندلەۋىي (1985 ـ يىلى ۋاپات بولغان): بۇ كىشى شەيخ مۇھەممەد ئىسمائىل ئەسسەلەپىيدىن كېيىن جەمئىيەتكە رەئىس بولغان.

4 ـ ئەللامە شەيخ ئىھسان ئىلاھىي زەھىير (1987 ـ يىلى ۋاپات بولغان). مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە بىدئەتچىلەرگە رەددىيە بېرىپ يېزىلغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

5 ـ جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى رەئىسى پروففېسسور ساجىد مىير. 1994 ـ يىلى، مارت ئېيىدا پاكىستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا تاللانغان. پالاتانىڭ باش رەئىسى شەيخ مىيان مۇھەممەد جەمىيل ئىدى.

6 ـ يەنە ئاساسلىق كىشىلىرىدىن بىرى ئەللامە ھەدىسشۇناس ئەبۇ مۇھەممەد بەدىيئۇددىن شاھ ئەرراشىدىي ئەسسىندىي بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ئەسىردىكى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە ئۇلىشىدىغان رىۋايەتلەرنىڭ ساھىبى. ئۇنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەت ئىلىملىرى ساھەسىدىكى يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئوبدانلا تۆھپىسى بار. ئۇ ئىككى ھەرەم شەرىفتە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ھىندىستان، پاكىستان ۋە باشقا جايلاردىن نۇرغۇن تالىبلىرى بار.

◈ ھىندىستاندا:

ـ ھىندىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ قايتا تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى رەئىسى شەيخ ئابدۇلۋاھھاب ئەلئەرەۋىي.

ـ شەيخ ئابدۇلجەلىيل ئەررەھمانىي (1989م ۋاپات بولغان) ـ جەمئىيەتنىڭ باش رەئىسى. ئۇ قۇرئان كەرىمنى ئوردۇچە تەپسىر قىلغان ۋە ئوردو تىلىدا «مىسباھ» ناملىق ژۇرنال چىقارغان.

ـ شەيخ ئابدۇلھەفىيز ئەسسەلەپىي: شەيخ ئەلئەرەۋىيدىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر بىيھار ۋىلايىتىدىكى ئەھمەدىييە سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان.



www.munber.org

ـ شەيخ ئابدۇلۋەھىد ئىبنى ئابدۇلھەق ئەسسەلەپىي (1989م ۋاپات بولغان): شەيخ ئابدۇلھەفىيز ئەسسەلەپىيدىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن باشقا بىنارىستىكى سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتتى قورۇلغاندىن باشلاپ تاكى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ئۇنىڭ باش كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

ـ شەيخ ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەررەھمانىي: مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتتىنى پۈتتۈرگەن. ئىلگىرىكى مەزگىللەردە جەمئىيەتنىڭ باش رەئىسلىك مەنسىپىنى ئۆتىگەن. ئۇ ھازىر دىلھىدىكى ئەبۇلكالام ئازاد ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش مەركىزىنىڭ رەئىسلىكىنى قىلىۋاتىدۇ.

ـ بومبايدىكى سەلەپىييە مەدرىسسىنىڭ مودىرى شەيخ مۇختار ئەھمەد ئەنئەدەۋىي.

ـ جەمئىيەتنىڭ سابىق رەئىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالىغا ئائىت يېزىلغان «رحيق المختوم» قا ئوخشاش مەشھۇر كىتاب ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى شەيخ سەفىييۇرراھمان ئەلمۇبارەكفۇرى.

ـ جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى رەئىسى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتتىنى پۈتتۈرگەن شەيخ ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ئەلخىلجى قاتارلىقلاردۇر.

ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ باش شتابىدا تۇرۇپ ۋەكىلى بولغان كىيرلا ۋىلايىتىدىكى مۇجاھىدلار كېڭىشى جەمئىيىتى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان سەلەپىييە جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 280 مەسچىت، 3 ئۇنىۋېرسىتېت، 400 ئىسلامىي ۋە ئادەتتىكى مەكتەپ، بىر قانچە پاكولتېت، يېتىملار ساناتورىيەسى، دوختۇرخانىلار ۋە كەسپى تەربىيىلەش مەركەزلىرىنى قورغان. ئۇنىڭ يەنە تۆت پارچە يەرلىك گېزىت ۋە ژۇرناللىرى بولۇپ، ئۇلار ياشلار، ئاياللار ياكى باللارنى تېما قىلىپ، مەخسۇس چىقىرىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ يەنە كىيرلا ۋىلايىتىدە «مۇسۇلمان دوختۇرلار جەمئىيىتى» ناملىق بىر نازارەتچى ئورگىنى بار.

ـ ھىندىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جامائىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كىشىسى، بىنارىس سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ رەئىسى ۋە ھىندىستان دىيارىنىڭ ھەدىسشۇناسى، «مرعاة المفاتيح شرح مشكاة المصابيح» ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى شەيخ ئۇبەيدۇللاھ ئەررەھمانى، ئەللامە شەيخ ئابدۇسسەمەد شەرەفۇددىن ۋە بىنارىس سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتتىنىڭ ۋەكىلى، «ئۇممەتنىڭ ئاۋازى» ناملىق ژۇرنالنىڭ باش تەھرىرى، ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ رەئىسى، ئەدەبىياتچى دوكتور مۇقتەدا ھۇسەين ئەلئەزھەرىيلەردۇر. بۇنىڭدىن باشقا سۈننەت ۋە دەۋەت خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كۆپ ساندىكى ئۆلىما ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارمۇ بار.

◈ كەشمىيردە:

ـ ئەللامە نەزىر ھۇسەين ئەلمۇھەددىس ئەددىھلىۋىينىڭ شاگىرتى، مىراس مەسىلىلىرىدە يېتىشكەن ئالىم شەيخ مەۋلانا ئەنۋەر شاھ شۇبيانىينىڭ سەپدىشى شەيخ مەۋلانا مۇھەممەد ھۇسەين شاھنىڭ چىقارغان كۈچىنىڭمۇ كەشمىردىكى ئەھلىي ھەدىس دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىدا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەسىرى بولغان.

www.munber.org

- **1923** - يىلى كېيىنكى دەۋرلەردە ئەھلى ھەدىس مەركىزى جەمئىيىتى دەپ تونۇلغان ئەھلى ھەدىس ئومۇمىي ھىندىستان قورۇلتىيى مەۋلانا ئابدۇلكەبىير ۋە سەييىد شەمسۇددىيننى كەشمىرگە ئايلىنىپ يۈرۈپ تەبلىغا قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ياردىمى بىلەن **1945** - يىلى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش نامى بىلەن تونۇلغان "ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ كەشمىرلىكلەر قورۇلتىيى" نامى ئاستىدا ئەھلى ھەدىس ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. **1946** - يىلى جەمئىيەتنىڭ ئىسمى ھازىرقى "جاممۇ ۋە كەشمىر ئەھلى ھەدىسلىرىنىڭ مەركىزى جەمئىيىتى" گە ئۆزگەرتىلگەن ۋە ۋىلايەت بويىچە بەش يۈزدىن ئاشىدىغان تارماق ئىدارىلىرى ئارقىلىق خىزمەت ۋاستىلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان، غايىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر دەستۇر تۈزۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى يېرىم مىليوندىن ئارتۇق دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ ئىدارىلەر بىر قانچە كىشىدىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ، ئۇلار تەلىم - تەربىيە، پەتىۋا، ۋەقىپلەر، مەسچىتلەر، ئىلمىي تەتقىقات، دەۋەت ۋە تەشۋىقات خىزمىتىگە قارايدىغان ئاساسلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار پايتەخت سىرىنەگاردا بىر قانچە مەكتەپ ۋە ئىسلام ئېنىستىتوتلىرىنى قورغاندىن باشقا، تۇنجى ئەرەب ئىسلام پاكولتېتى - سەلەپىييە پاكولتېتىنى قۇرۇپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا **500**دىن ئارتۇق مەسچىت بىنا قىلغان. بۇلاردىن باشقا جەمئىيەت يەنە دەۋەتچى ۋە تەربىيەلىگۈچىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان تۆرلۈك كۇرسلارنى ئېچىش ۋە پۈتۈن كەشمىر ئىچىدىكى دەۋەت ئۇمەكلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. **1957** - يىلدىن تاكى **1994** - يىلىغىچە **28** قېتىم قورۇلتاي چاقىرغان، پايتەخت مەركىزىدە مۇسۇلمانلار ئاممىۋىي كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلغان ۋە بۇ پىكىرنى ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق تارماق ئىدارىلىرىگە ئومۇملاشتۇرغان. ئاخبارات ساھەسىدە «ئەلمۇسلىم» ژۇرنىلىنى چىقارغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم ۋە ئەمەلدە سەلەپ - سالىھلارنىڭ مېتۇدىغا ئەگىشىش ئېتىقادىنى سىڭدۈرۈش ۋە شەرئىي ئىلىملەردە يېتىشكەن، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دەۋرنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشەنگەن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش يولىدا قىلىنغان ئورۇنۇشلاردىن ئىبارەتتۇر.

- شاھ ئىسمائىل ئەششەھىيد ئەددىھلىۋىي قوماندانلىق قىلغان مۇجاھىدلارنى قوزغىتىش ھەرىكىتى ۋە ئازاد كەشمىرنىڭ ئازاد قىلغۇچىسى شەيخ فەزل ئىلاھىي ئەلۋەزىير ئابادىينىڭ باتالىيونىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە، ئىككى يىلدىن ئارتۇق مۇستەملىكە كەشمىرنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان شەيخ ئابدۇلغەنىي دارنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە **1993** - يىلىغا قەدەر زەنجىرسىمان شەكىلدىكى ئۈچ باسقۇچ بويىچە كەشمىرنىڭ ئون ئۈچ جىھادى تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە جىھاد كېڭىشىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن شەيخ تەنۋىيرۇل ئىسلامنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا جاممۇ ۋە كەشمىير مۇجاھىدلىرىنى قوزغىتىش ھەرىكىتى تەسىس قىلىنغان. مۇجاھىدلارنى قوزغۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىقىنى شەيخ مۇھەممەد ئىلاھىي ئۈستىگە ئالغان. ھەرىكەتنىڭ «شاھادەت» ئىسىملىك ئايلىق ژۇرنىلى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن كەشمىر جىھادىنىڭ، خۇسۇسىي جەھەتتىن مۇجاھىدلارنى قوزغۇتۇش ھەرىكىتىنىڭ رىئال تىلى بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ، ئەرەبچە ۋە ئوردۇچە نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ خەيىر - ساخاۋەت، مائارىپ، دەۋەت ۋە



www.munber.org

مەيلى مۇجاھىدلار ياكى مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلىرى بولسۇن ئوخشاشلا خىزمەت قىلىشقا ئوخشاش پائالىيەتلىرى بار.

- مۇستەملىكە كەشمىردىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى جەمئىيەتنىڭ تۇنجى رەئىسى ھاجى مۇھەممەد شەھداد. مەۋلانا مۇھەممەد ئابدۇلغەنىي شوبيانىيدىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئەللامە مەۋلانا غۇلام نەبىي مۇبارەك. جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە كەشمىر ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى بولغانلىق تۈپەيلى ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى يىلدىن ئارتۇق قاماققا ئېلىنغان شەيخ ئابدۇللاھ تاۋپيلاردۇر. جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى رەئىسلىكىنى شەيخ مۇھەممەد رامادان سۇفىينىڭ ئارقىسىدىن تەيىنلەنگەن شەيخ سەييىد مۇھەممەد مەقبۇل كەيلانى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

◈ بىنگالدا:

- شەيخ نىمەتۇللاھ ئەلبەردەۋانىي، **1914**-يىلى ئاسام رايونىدا ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ رەئىسى بولغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بىنگالچە تەرجىمىسىنىڭ ساھىبى شەيخ ئاباس ئەلى باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئىككىسىنىڭ دەۋرىدە جەمئىيەت قۇرئان ۋە سۈننەتكە چاقىرىش، شېرىك ۋە بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇلار قانچىلىغان ژۇرنال، ھەپتىلىك، ئايلىق رىسالىلەرنى چىقارغان.

- شەيخ مۇھەممەد ئابدۇللاھ كافىي ئەلقۇرەشىي، **1946** - يىلىدىكى قۇرۇلتايدىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ قۇرۇلتايدا ئۇنىڭغا بىنجىل بىنگو ئاسام ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى دېگەن يېڭى ئىسىم قويۇلغان. باش كاتىپلىقنى مەۋلانا بەخش ئەننەدەۋىي ئۈستىگە ئالغان. بىر قانچە قېتىم قورۇلتاي ئېچىلىپ، ئۇنىڭدا دەستۇر، مىتود ۋە پروگراملار ماقۇللانغان ۋە رايون، ناھىيە دەرىجىلىك جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش قارارىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا «تەرجۇمان ئەلھەدىس» ژۇرنىلىنى چىقارغان. يەنە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇللاھ كافىي پاكىستاندا ئىسلام ھۆكۈمىتى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدىغان سىياسىي نارازىلىق كېڭەش ۋە يىغىنلارغا بىر قانچە قېتىم قاتناشقان ۋە بۇ ھەقتە «ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ دەستۇر ئاساسلىرى» ۋە «پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىسلامىي دەستۇر» ناملىق كىتابلىرىنى يازغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىسلام پارتىيىلىرى ئومۇمىي قورۇلتىيىنى چاقىرغان.

- دوكتور مۇھەممەد ئابدۇلبارىي، **1960**-يىلى ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللاھ كافىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. شەيخ مۇھەممەد ئابدۇرراھمان باش كاتىپلىقنى ۋە ھەپتىلىك چىقىرىلىدىغان «ئەرافات» ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە، يەنى **1972**-يىلى پاكىستاننىڭ شەرقىي غەربىي قىسمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەت نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ نامى "بىنگال ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە رايونلار بويىچە **369** شۆبە، ئۇنىڭغا قاراشلىق **5100** ئەترەت ۋە بەش مەركىزىي قورۇلتاي تەشكىللىگەن.

◈ نىپالدا:



www.munber.org

ـ شەيخ ئابدۇررەئۇف ئەررەھمانىي. ئۇ نىپالدىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، نىپالدىكى سىراجۇل ئۇلۇم سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش كاتىپى ۋە مەككە مۇكەررەمەدىكى دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەسىس كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى بولۇپ، ھەدىس ۋە ئۇنىڭ ئىلىملىرى، ھەدىسشۇناسلارنى مۇداپىئە قىلىش تىمىلىرىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سانى 45 يېقىنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىدا «ئاللاھ تائالانى بىر بىلىشنىڭ دەلىللىرى»، «توغرا يولدىكى خەلىپىلەر» ۋە «ئۆسۈم ۋە قىمارنىڭ ھاراملىقى» ناملىق كىتابلىرىمۇ بار.

ـ شەيخ ئابدۇللاھ تەۋۋاب ئەلمەدەنىي. نىپالدىكى خەدىيچەتۇل كۇبرا مەدرىسەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئايلىق «تەۋھىد نۇرى» ژۇرنىلىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ۋە باش تەھرىرى. دەسلەپتە بىنارىس سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى، كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دەۋەتچىلەر ئۇمىكىنىڭ باش مەسئۇلى بولغاندىن سىرت، نىپالدىكى ئەھلى ھەدىس ياشلىرى جەمئىيىتىنىڭمۇ مەسئۇلى.

ـ ئەھلى ھەدىسىنىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا دەۋەت، ئوقۇتۇش ۋە ئەسەر يېزىشقا ئوخشاش ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە ناھايىتى چوڭ رولى بار. ئۇلارنىڭ يەنە مەيلى ئەقىدە ياكى ئىبادەت، مەيلى ھەق ـ تەلەپ مەسىلىلىرى ياكى ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ پۇخرالار ئىشلىرى ۋەياكى شەرئىي سىياسەت جەھەتتە بولسۇن ئوخشىمىغان ئىلمىي ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك ئىشلىرى بار. ساناش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مىسال ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز: شەيخ مۇھەممەد ھەسەن ئەلبىتالەۋىي، شەيخ مۇھەممەد ئىبراھىم ئەسسىيالكۇتى، شەيخ ئابدۇللاھ روبىرىي ۋە ئۇنىڭ بىر تۇققىنى شەيخ ھافىز مۇھەممەد ھۇسەين، شەيخ ئاتائۇللاھ ھەنىيف، شەيخ مۇھەممەد سىددىيق ئەسسەرجۇدىي، شەيخ ئابدۇسساتتار ئەددىھلەۋىي، شەيخ جەمىيلۇرراھمان ئەلئافغانىي، شەيخ ئابدۇلجاببار ئەلكەندلەۋىي، شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئەللەكەۋىي ئەلمەدەنىي، شەيخ ئابدۇلھەق مۇلتانىي، شەيخ مۇھەممەد جۇناكەرىي، شەيخ ئەلھافىز ئابدۇلھەي ئەلكەيلانىي، ئۇستاز ئابدۇلئەزىز ئەلمىيمىي، شەيخ ئابدۇسسالام ئەلبەستەۋىي، شەيخ ئەبۇلقاسىم ئەلبىنارەسىي، شەيخ مۇھەممەد ئەسسۇرەتىي، شەيخ ئابدۇلجەلىيل ئەسسامەرۇدىي، شەيخ مۇھەممەد ئەشرەف سىنھەۋى، شەيخ ئابدۇلقادىر قوسۇرىي، شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ئەلفەللاھ، مەۋلانا مۇئىينۇددىين ئەللەكەۋىي، ھافىز ئابدۇرراھمان ئەلمەدەنىي، ھافىز مۇھەممەد سەئىيد قاتارلىقلار.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

ئەھلى ھەدىسىنىڭ ئەقىدىسى سەلەپ ـ سالىھلار ـ «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە»نىڭ ئەقىدىسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىغا قورۇلغان. ئەھلى ھەدىس جامائىتىنىڭ ئىلمىي ئاساس ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىلەرنى چىقىش قىلىدۇ:

www.munber.org

ـ تەۋھىد: ئەھلى ھەدىسلەر تەۋھىدنى دىنىنىڭ ئاساسى، دەپ ئىشىنىدۇ، پائالىيەتلىرىنى ساغلام تەۋھىدنى تارقىتىش ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىخلاندۇرۇش بىلەن باشلايدۇ. تەۋھىدنىڭ ئۈچ خىل تۈرىنى، بولۇپمۇ كۆپىنچە كىشىلەر خاتالىشىپ كېتىدىغان ئىلاھىي تەۋھىدنى بەكرەك ئىزاھلايدۇ. گەرچە كىشىلەر رەببانىي تەۋھىد ۋە ئىۇ تەقەززا قىلىدىغان ھاكىمىيەتنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشسىمۇ، ئەھلى ھەدىسلەر ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى ماقوللاش ۋە تەتبىقلاش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ. ئۇلار ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ھاياتتىكى بارلىق ئىشلىرى، شۇ جۈملىدىن قانۇن تۈزۈش ۋە شەرىئەت يولغا قويۇشلارغا قەدەر بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىم بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ.

ـ ئەگىشىش: ئەھلى ھەدىس دىققىتىنى سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن سەھىھ سۈننەت ۋە ھەدىسلەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. دەلىلىنى سورىماستىنلا مۇئەييەن بىر فىقھىي مەزھەپكە ئەگىشىشكە چاقىرىدىغان تۈرغۇن ھالدىكى تەقلىدنى توغرا، دەپ قارىمايدۇ. شەرتلىرى ھازىرلانغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئىجتىھاد بابىنى ئېچىشقا چاقىرىدۇ. ئوقۇمىغان كىشىنىڭ مەزھىپى مۇپتىسىنىڭ مەزھىپىدۇر. ئۇلار مۇجتەھىد ئۆلىمالار، بولۇپمۇ ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىماملارنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىدۇ.

ـ دەلىلنى ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويۇش: رىۋايەتنى قاراشنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، شەرىئەت بىلەن باشلايدۇ، ئەقلنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرىدۇ؛ چۈنكى، ئۇلار ساغلام ئەقىل سەھىھ بولغان شەرئىي نەسلەر بىلەن ئويغۇنلىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت بىلەن ئەقىلنى قارىمۇ قارشى قىلىش ۋە ئەقىلنى شەرىئەتنىڭ ئالدى قويۇش توغرا ئەمەس.

ـ تەزكىيە شەرئىييە (شەرىئەت ئارقىلىق پاكلىنىش): يەنى نەفسىنى شەرئىي يوللار ئارقىلىق پاكلاش. بۇنىڭدا قۇرئان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان يوللۇق ۋەسىلىلەرنى قوللىنىدۇ. مەيلى سوپى ياكى باشقىلار بولسۇن بىدئەت ئۇسۇللار ئارقىلىق پاكلىنىدىغانلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ.

ـ بىدئەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش: ئۇلار، بىدئەت پەيدا قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا ئىش ئۆگىتەكەنلىك، قاراش ۋە ئەقىل ئارقىلىق شەرىئەت يولغا قويغانلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە بىدئەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

ـ مەۋزۇئ ۋە ئاجىز ھەدىسلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش: چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئۈممەتكە بولغان خەتىرى ناھايىتى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت قىلىنغان ھەدىسلەرنى، بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە ھۆكۈملەرگە ئائىت ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش: ئەھلى ھەدىس جىھادنى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە زېمىندىن پاساتچىلىقنى يوقىتىشىكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەل، دەپ قارايدۇ. «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ...» ـ ئەنفال سۈرىسى، 39 ـ ئايەت.

www.munber.org

ـ شەرىئەت تۈزۈمىنى تەتبىقلاش: ئۇنى ئاساسقا ئايلاندۇرۇش ۋە ھاياتنىڭ شەخسى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بارلىق ساھەلىرىدە شەرئىي يوللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىش.

ـ ئەھلى ھەدىس تەۋھىدنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلغاندا نۇسرەت ۋە تەمكىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى شەرتلەردۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى يەنى غەلىبىگە ئېرىشىش ۋە تەمكىنلىك ئىلاھىي ۋەدىگە ئاساسەن ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ قايتىپ كىلىشىدىكى شەرتلەردۇر. «الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى» ـ نۇر سۈرىسى، 55 ـ ئايەت. شۇنىڭ ئۈلار تەۋھىدنى بىدئەت ۋە ئەقىدە ـ ئەمەللەردىكى ئېغىشلاردىن پاكلاش ۋە ھەدىسلەردىن مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى پاكلاش ئۈچۈن شەرئىي ۋەسىلىلەرگە تايىنىپ دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا، ئۈممەتنى شۇنىڭ ئاساسىدا تەربىيىلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ـ شىئە، قادىيانىييە، بىرىلەۋىييە، بابىييە، باھائىييە، سۇپىزم ۋە باشقىلارغا ئوخشاش يولدىن چىققان، ئازغۇن پىرقىلەر بىلەن ئېلىشىدۇ. شۇنىڭدەك سىكولارىزم، كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم ۋە كومىنىزم ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامغا قارشى ۋەيران قىلغۇچ پىكىرلەرنىڭ دولقۇنلىرىغا قانۇنلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق قارشى تۇرىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئەھلى ھەدىس جامائىتى ھۆكۈملەرنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە يولىدىكى سەلەپ ـ سالىھلار ئارىسىدىن چىققان ھەدىسشۇناس فىقھىي ئالىملارنىڭ يولى بويىچە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەھلى ھەدىس ئۇمۇمەن سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ كىتابلىرىنى، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە، ئىمام ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ـ قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار يەنە ھازىرقى زامان سەلەپىييە دەۋىتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى مۇپتىسى شەيخ ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز ۋە ھەدىسشۇناس ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلئەلبانىي قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى تارقىتىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:



www.munber.org

ئەھلى ھەدىس جامائىتى ھىندىستان، پاكىستان، بىنگال، نىپال، كەشمىر، سىرلانكا ۋە فىيجى ئاراللىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنگىلىيىدە مەركىزى بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى نامى بىلەن تونۇلغان.

- زىكىر قىلىنغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە جەمئىيەتنىڭ مەركىزى بولۇپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تارقالغان مەركەزگە قاراشلىق شۆبىلىرى بار.

- ئەمما، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر دۆلەتتە مۇستەقىل باشقۇرۇش ئاپپاراتى بار بولۇپ، بۇ پەقەت ئىدارە ئىشلىرى ئۈچۈنلا شۇنداق بولغان، بىراق، جەمئىيەت ئەسلىدە يىتەكچى ئىدىيە قىلغان بىرلىككە كەلگەن سەلەپىي مېتودى ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىدۇ.

- ھىندىستاننىڭ كىيرلا ۋىلايىتىدىكى جەمئىيەت بەش تۈرلۈك سەلەپىييە ئىسلاھات جەمئىيىتى ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ:

1 - مۇجاھىدلار بىرلىگى: ئاساسلىق خىزمىتىنى ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىيلار ئارىسىدا دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلەشتۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ باشقا قاناتلار ئۈچۈن ئانا جەمئىيەتتۇر. ئۇنىڭ **475** شۆبىسى بار.

2 - كىيرالادىكى ئۆلىمالار جەمئىيىتى: ئۇ پەتىۋا بىرىش، ئىلمىي تەتقىقات، دەۋەت ۋە ئىرشاد ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىدۇ.

3 - مۇجاھىد ياشلار بىرلىگى: پائالىيەت نوقتىسى ياشلار (دەۋەت، تەربىيە...) بولۇپ، شۆبىلىرىنىڭ سانى**471** گە يىتىدۇ.

4 - مۇجاھىد ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى: ئوخشاش بولمىغان ئوقۇش باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، شۆبىلىرىنىڭ سانى **277**گە يەتكەن.

5 - مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلار جەمئىيىتى: شۆبىلىرىنىڭ سانى **127**گە يەتكەن.

- ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتىنىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدىكى ئۆزى بىلەن مېتود ۋە ئۇسۇلدا ئورتاقلىشىدىغان ئافغانىستاندىكى قۇرئان، سۈننەتكە چاقىرىش جامائىتى، ئىندىنوزىيە، سىنگاپور ۋە مالايزىيالاردىكى مۇھەممەدىيە جەمئىيىتى، مىسىر، سۇدان، ئىرترىيەلەردىكى سۈننەتى مۇھەممەدىيە جامائىتى، كۇۋەيتتىكى ئىسلامىي مىراسلارنى جانلاندۇرۇش جەمئىيىتى، دۇبەيدىكى دارۇلبىر جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان سەلەپىييە دەۋەتچىلىرىگە ئوخشاش جەمئىيەتلەر بىلەنمۇ ئالاقىسى بار. بۇنىڭدىن باشقا ئەھلى ھەدىس جەمئىيەتلىرى دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى، دۇنيا ئىسلام بىرلىگى، لوندۇندىكى دۇنيا ئىسلام كېڭىشى ۋە قاھىرەدىكى ئىسلام دۇنياسى دەۋەت ۋە قۇتقۇزۇش كېڭىشى قاتارلىق ئورگانلارغا ئەزا.



www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى جەمئىيەت ۋە ئىسلامىي جامائەتلەرنىڭ ئەڭ بورۇنقىسى. ئۇنىڭ تۇنجى غايىسى ئىسلامنى بىدئەت، ئازغۇنلۇقلاردىن تازىلاش، ئىلىم ۋە ئەمەل ساھەسىدە كىشىلەرنى سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ مېتودىغا ئەگىشىشكە چاقىرىش، فىقھىي مەسىلىلەردىكى دەلىلگە ئەگىشىشتە ھەدىسشۇناس فىقھىي ئالىملارنىڭ يولىنى تاللاش ۋە مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكىنى بارلىق شەكىل ۋە سۈرەتلىرى بىلەن يوق قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەرھەمىتى كەڭ بولدى. مىسىر، شام، ئىراق ۋە ھىجاز قاتارلىق رايونلاردىكى ئىلمىي ھەرىكەتنىڭ ھىجرىيە ئونىنچى ئەسىردىن باشلاپ تاكى ئون تۆتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن چاغلىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق سۈننەتنى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ساقلاپ قالغان. شەيخ رەشىد رىزا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسىردە ھىندىستانلىق ئۆلىما قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەدىس ئىلىملىرىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى بولمىغان بولسا، شەرق شەھەرلىرىدە ئۇنىڭغا زاۋاللىق يەتكەن بولاتتى...» ئەنۋەر شاھ ئەلكەشمىرى ئەددىيوبەندىينىڭ شاگىرتلىرىدىن شەيخ مۇنازىر ئەھسەن ئەلكەيلانىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەنەفىيلەرنىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا دىنىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي مەنبەسىنى پەرۋىش قىلدى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئەھلى ھەدىس ھەرىكىتىگە كىرىپ، تەقلىد قىلىشنى رەت قىلىشتى. گەرچە كىشىلەر تەقلىدنى ئومۇمىيۈزلۈك چۆرۈپ تاشلىمىغان بولسىمۇ، قاتمال تەقلىد ۋە قارىغۇلارچە تايىنىش سېھرى پاچاقلىنىپ كەتتى.» پاكىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى ئافغانىستاندىكى جىھاد ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- ئابدۇلۋاھھاب خەلىيلۇرراھمان: الحركة السلفية في الهند، (دوكتورلۇق تىزىسى، نەشىر قىلىنمىغان ـ ئەرەبچە)
- مۇھەممەد مۇسلىھۇددىن: الحركة السلفية في البنغال، (ماگىستىرلىك تىزىسى)
- قاتاردا نەشىر قىلىنىدىغان «ئەلئۇممە» ژورنىلى، 30 ـ سان، 1404ھ، 1983م، دىكابىر.
- د.ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەلفەرىۋائىي: جهود مخلصة في خدمة السنة، بىنارىس سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى، 1406ھ، ئەرەبچە.
- د.ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەلفەرىۋائىي: جهود أهل الحديث في خدمة القرآن الكريم، بىنارىس سەلەپىييە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى، 1413ھ، ئەرەبچە.
- ئەبۇلمەكرەم ئىبنى ئابدۇلجەلىيل ئەسسەلەپىي: دعوة الإمام محمد بن عبد الوهاب في شبه القارة الهندية، دارۇسسالام كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى ـ رىياد، 1413ھ، ئەرەبچە.


www.munber.org

- **ھىندىستان ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى:** جمعية أهل الحديث المركزية بالهند– نشأتها وأهدافها، **بىنارىس سەلەپىيە باسمىخانىسى.**

- **ئەبۇ يەھيا ئىمام خان ئەننۇشرەھرەۋي:** تراجم أهل الحديث في الهند، **1391ھ، لاھۇر باسمىسى.**

- **مۇھەممەد ئەسلەم فىيروزفۇرى:** مساهمة أهل الحديث في سياسة شبه القارة الهندية، **ماۋنكاجىن ئىسلام تەلىم بېرىش ئۇنۋېرسىتېتى باسمىسى، پاكىستان ـ ئوردۇچە.**

- **مۇھەممەد مۇستەقىيم ئەسسەلەپىي:** جماعة أهل الحديث كي تصنيفي خدمات، **بىنارىس سەلەپىيە ئۇنۋېرسىتېتى باسمىسى، 1412ھ.**

- **ئابد ھەسەن ئەررەھمانىي ۋە ئەزىزۇرراھمان ئەسسەلەپىي:** جماعة أهل الحديث كي تدريسي خدمات، **بىنارس سەلەپىيە ئۇنۋېرسىتېتى باسمىسى، 1400ھ.**

- **د.مۇھەممەد ئابدۇرراھمان:** التذكار – المؤتمر الدولي السادس 1992م، **بىنگال ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى، ئەرەبچە.**

- **سەلەپىيە پاكولتېتى:** تاريخ أهل الحديث جامون وكشمير، **ئەرەبچە.**

- **سالاھۇددىن مەقبۇل ئەھمەد:** أثر دعوة شيخ الإسلام ابن تيمية في الحركات الإسلامية المعاصرة، **ئىسلام ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتوتى نەشرى ـ يېڭى دېلھىي، ئەرەبچە.**

- **ئابدۇررەئۇف ئەرراھمانىي:** الخلافة الراشدة.

- **شەيخ مۇھەممەد ئىبراھىم ئەسسىيالكۇتىي:** تاريخ أهل الحديث.

- **شەيخ ئەددېھلىۋىي:** تاريخ أهل الحديث.

- **مۇھەممەد ئىسھاق ئەلبېھتى:** فقهاء الهند، **توققۇز جىلد.**

- **شەيخ ئەبۇ يەھيا ئىمام خان ئەننۇشرەھرەۋي:** الجهود التأليفية لعلماء أهل الحديث.

- **«ئۇممەتنىڭ ئاۋازى» ژۇرنىلى: بىنارىس سەلەپىيە ئۇنۋېرسىتېتى نەشىر قىلىدۇ.**

**«ئەھلى ھەدىس» ژۇرنىلى: ئەمرىتسار، لاھور، دېلھىلاردا نەشىر قىلىنىدۇ.**

www.munber.org

# سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى

## ئېنىقلىما:

سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى: ئىسلام سەلەپىي جامائىتى بولۇپ، دەسلەپتە مىسىردا مەيدانغا كەلگەن، كېيىنچە، خەلىپىلىكنىڭ قايتىپ كېلىشى ۋە ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ ئويغىنىشىنىڭ شەرتلىرى بولغان ئېتىقادنى پاكلاش، بىدئەت ۋە خۇراپاتلارنى يوقىتىشتا ساغلام تەۋھىد ۋە سەھىھ سۈننەت ئاساسىدا ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن باشقا جايلارغا تارقالغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

مىسىردىكى سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى ئىككى قېتىملىق تارىخىي باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن:

قورۇلۇش باسقۇچى:

سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى 1926 ـ يىلى قاھىرە شەھىرىدە، دىنى مۇئەسسەسەلەر ۋە پىكرى ساھەلەرگە تەسەۋۋۇپ ۋە سۇپىزمنىڭ ھاكىم بولىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن خۇراپات، بىدئەت ۋە شېرىك مىسىر ۋە كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە قايناۋاتقان بىر پەيتتە، شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىينىڭ قولى ئارقىلىق، ئۇنىڭ شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلۋاھھاب ئەلبەننا، مۇھەممەد سالىھ ئەششەرىيف، ئوسمان سەباھۇلخەير، ھىجازىي فەزل ئابدۇلھەمىد قاتارلىق بىر قىسىم دوستلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن قورۇلغان. جامائەتنىڭ قورۇلۇشى ساغلام تەۋھىد ۋە سەھىھ سۈننەت ئاساسىدا شېرىك ۋە بىدئەتنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن دىننى يېڭىلاشقا چاقىرىشنى مەقسەت قىلغان.

ـ شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىي (1310ھـ ـ 1378ھ/ 1892م ـ 1959م) بىر مەرىپەتپەرۋەر، دىندار ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ،ئاتىسى شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھنىڭ مەكتەپتىكى ساۋاقدېشى ئىدى. ھـ 1322 ـ يىلى (1904م) شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىي ئەزھەردىكى ئوقۇشىنى باشلىغان. ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە خېلىلا يېتىشىپ قالغان بولۇپ، تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەيخى بىلىشكەن.

ـ 1917 ـ يىلى شەيخ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ دوكتورلۇق دىبلومىغا ئېرىشكەن ۋە ئۆزى ئىماملىق قىلىدىغان قاھىرەدىكى شېرىكس مەسچىتى ۋە كېيىنچە، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىماملىق قىلغان ھەددارە مەسچىتىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ساغلام تەۋھىدكە چاقىرىش ۋە سۈننەتنى ھىمايە قىلىش دەۋىتىنى باشلىۋەتكەن. قاھىرەدىكى ئىلمىي يىغىلىشلار ۋە كەچلىك زاللاردا ئۇنىڭ چاقىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپەيگەنسىرى، ئۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە ئازغۇنلۇقتىكى



www.munber.org

كىشىلەر ۋە سوپىزم تەرىقەتچىلىرىنىڭ بىسىم ئىشلىتىشى ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىمۇ بارغانچە ئېشىپ بارغان.

- ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، دەۋەتلىرىنى تارقىتىدىغان بىر مەركەز ياكى جەمئىيەت قورۇش پىكرى رەسمىي شەكىلدە باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن 1926 - يىلى دىكابىر ئېيىدا، «سۈننەتى مۇھەممەدىيە ئەنسارلىرى جامائىتى» ئىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئېچىلىشىنى قىلغان ۋە شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىي رەئىسلىكىگە سايلانغان. بۇنىڭ بىلەن دەۋەتكە يېڭى بىر تۈس كىرىپ، ئەگەشكۈچىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ ئابىدىن ئەلى شەيختىكى ھۆكۈمەت قەسىرىنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرىغا بىئارامىلىق ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار شەيخ ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىدىن كىشىلەرنى توسۇش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان، ھەتتاكى بىر قىسىم يالالنىملارغا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇل بېرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. قۇرغۇچىسىنىڭ ھىجازغا ئۈچ يىللىق سەپەر قىلىشى جەريانىدا جامائەت تۇرغۇنلۇق مەزگىلىنى ياشىغان.

- شەيخ ھىجازدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم جامائەتنىڭ پائالىيىتى جانلىنىشقا باشلىغان. شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىي جامائەتنىڭ ئەقىدىسى، دەۋىتى ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ ئىپادىلىگۈچى تىلى بولسۇن ئۈچۈن «الهدى النبوي»ناملىق ژۇرنال تەسىس قىلغان ۋە ئۇنىڭ باش تەھرىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. تەھرىرلىك خىزمىتىگە ھەدىسشۇناس ئالىم ئەھمەد شاكىر، ئۇستاز مۇھىببۇددىن ئەلخەتىيب، شەيخ مۇھىيددىن ئابدۇلھەمىد، ئەزھەرنىڭ شەيخى شەيخ مەھمۇد شەلتۇت ۋە باشقا تونۇلغان بىر گۇرۇپ ئۆلىمالار ئىشتىراك قىلغان.

- جامائەتنىڭ دەۋەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەيخ ئەلفەقىي سەلەپلەرنىڭ كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى قەييىمنىڭ كىتابلىرىنى بېسىپ تارقىتىش ئۈچۈن سۈننەتى مۇھەممەدىييە مەتبەئەسىنى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن دەۋىتىنى يېقىندىن قوللاپ كەلگەن ئەزھەرنىڭ ئىككى شەيخى شەيخ مەھمۇد شەلتۇت ۋە شەيخ ئابدۇلمەجىيد سەلىيملارنىڭ ئوتتۇرىسىنى قىزغىن بىر خىل مۇھەببەت بىر ئارىغا ئېلىپ كەلگەن.

- شەيخ ھامىد ئەلفەقىي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيەنىڭ مىسىرغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى مۇجاھىدلارنىڭ جىھادلىرىغا ئىشتىراك قىلغان ۋە ئەنگلىيەنىڭ مىسىرغا قىلغان باسمىچىلىقىغا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بېسىشقا ھەسسە قوشقان.

- بىر تەرەپتىن جامائەت بىلەن سوپىزم تەرىقەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش كۈچىيىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىكولارىزم ۋە غەربلەشتۈرۈش چاقىرىقىنى توۋلايدىغانلار بىلەن قاتتىق سۈركىلىش كۈچەيمەكتە ئىدى. شەيخنىڭ ئۇلارغا ۋە بەشەرىي قانۇنلارنى تۈزگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئاۋازى يوقىرى بولدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىنگلىزلارنىڭ سۆزىنى ئېلىپ، ئۇ ئارقىلىق قان، ئار - نۇمۇس ۋە مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن ۋە ئۇنى بىلىنگەن ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەردىن يوقىرى ئورۇندا قويىدىكەن، ئۇ شەكسىز كاپىر، مۇرتەددۇر. ئەگەر ئۇنىڭدا ئىزچىل تۇرىۋەرسە، ئاللاھ



www.munber.org

نازىل قىلغان ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قايتمىسا، ئۇ ئاتىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىسىمنىڭ، ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا، ئادا قىلغان ۋە باشقا ئەمەللەرنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.» ئۇنىڭ مۇھىم سۆپەتلىرىنىڭ بىرى شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى سۆزىدە ھېچقانداق ياغلىمچىلىق ياكى ھەقىقەتتە ياساللىق قىلماستىن ئەينەن ئاتايتتى. ھەقىقەتتە ياساللىق قىلىشنى تەخسكەشلىك ۋە پاسىقلىق، ھەقنى سۆزلەمەي جىم تۇرىۋېلىشنى قورقۇنچاقلىق ۋە خارلىق، دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا، باتىل يولدىكىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئارتىشىغا ۋە خىزمىتىدىن بىر قانچە قېتىم يۆتكىلىشىگە سەۋەپ بولغان.

- ئۇ – ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن - ھىجرىيە **1378** - يىلى، رەجەب ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى جۈمە (**16** - يانۋار، **1959** - مىلادى) ئەتتىگەندە جامائەتنىڭ مەركىزىدە ۋاپات قىلدى. ئۇ بۇ مەركەزگە ئۆزىنىڭ ئوپراتسىيىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا، ئۆزىنى بامدات نامىزىغا مەركەزگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان تەلىۋىگە ئاساسەن يۆتكەپ كىلىنگەندى.

- ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بەزى ئەرەب، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۆلىما ۋە رەئىسلىرى قاتتىق قايغۇرغان. ئۇنىڭ جىنازىسىنى شەيخ ئابدۇرراھمان تاج ۋە شەيخۇل ئەزھەر ھۆسنىين مەخلۇفلار باشچىلىقىدىكى ئەزھەرنىڭ شەيخ ۋە ئۆلىمالىرى چىقارغان.

◈ قۇرغۇچىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، جامائەتنىڭ رەئىسلىكىنى بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆلىمالار داۋاملاشتۇرغان، ئۇلار:

- شەيخ ئابدۇررازىزاق ئەفىيفي (**1323**ھ - **1415**ھ/ **1904**م - **1994**م): ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىدە فىقھىي ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلى (مېتودى) دا ماگىستىرلىك، كېيىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە ئەزھەرنىڭ دىنىي ئىنىستىتوتلىرىدا مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ جامائەتنىڭ قورۇلۇشىغا زاماندىش ياشىغان. ئۇنىڭ «الهدى النبوي» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىغا ئەسەر يازغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى ۋە جامائەتتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار تۇنجى ھەيئىتىنىڭ شەيخ ئەھمەد شاكىر، شەيخ ئابدۇلھەلىيم ئەررۇممانىي ۋە شەيخ ھامىد ئەلفەقىيغا ئوخشاش بىر تۈپ ئالىملىرى بىلەن بىر قاتاردىكى ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى.

- ھىجرىيە **1365** - يىلى، سەپەر (فېۋرال، **1946**) ئېيىدا، ئىسكەندىرىيىدىكى جامائەتنىڭ مەھرەم بېك شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولىۋاتقان مەزگىلدە، جامائەتنىڭ بىرىنچى رەئىس مۇئاۋىنىغا سايلانغان.

- سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى مۆپتىسى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ مەخسۇس تەكلىۋىگە بىنائەن، تائىفتىكى دارۇتتەۋھىيدتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن شەيخ مۇھەممەد خەلىيل ھىراسنى ئېلىپ سەئۇدىغا سەپەر قىلغان. ھىجرىيە **1370** - يىلى ئىلمىي ئىنىستوتلار ۋە شەرىئەت پاكولتىتىدا دەرس بېرىش ئۈچۈن رىيادقا يۆتكەلگەن.

- **1379** - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ **24** - كۈنى (**29** - ئاۋغۇست، **1959** - يىلى) شەيخ ھامىد ئەلفەقىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شەيخ ئابدۇررازىزاق ئەلئەفىيفي ھەممىنىڭ



www.munber.org

بىرلىككە كېلىشى بىلەن جامائەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل «الهدى النبوي» ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرلىكىگە سايلانغان.

- ھىجرىيە 1380-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، ئوقۇتۇش لىنىيەسىنى بويلاپ، ھىجرىيە 1385-يىلى پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقىرىش ئالىي ئىنىستىتوتىنىڭ باش رەئىسلىكىگىچە تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇ پادىشاھلىقتىكى ئوقۇتۇش پروگراملىرىنى تۈزۈش كومىتېتىغا قاتناشقان. ھىجرىيە 1391-يىلى، ئىلمىي تەتقىقات، پەتىۋا، دەۋەت ۋە ئىرشاد (يول كۆرسىتىش) باش ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالار ھەيئىتى كېڭىشىنىڭ ئەزاسى قىلىنغاندىن سىرت، ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا ئىشلىرى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ ھىجرىيە 1415-يىلى، رەبىيئۇل ئەۋۋەلنىڭ 25-كۈنى (مىلادى 1994-يىلى، 1-ئاۋغۇست) ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇنىڭ قولىدا پادىشاھلىق ۋە ئىسلام ئالىمىنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى جىبرىن، شەيخ سالىھ ئەللۇھەيدان، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ئىبنى قەئۇد، شەيخ ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى غەديان، شەيخ سالىھ ئەسسەدلان، دوكتور سالىھ ئەلفەۋزان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەتتۈركىي، شەيخ مەننائ ئەلقەتتان.... ۋە باشقىلارغا ئوخشاش بىر ئەۋلاد ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان. مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ جامائەت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

- شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل (1332ھ- 1390ھ/ 1913م- 1971م): ئەزھەردە ئوقۇپ، ئۇسۇلۇددىين (دىن مېتودولوگىيەسى) پاكولتېتىدا ئالىي دىبلومغا ئېرىشكەن. گەرچە ئۇ نەزەر دائىرىسى كەڭ، تىلى كۈچلۈك، پىكرى ئېنىق ۋە بالاغىتى گۈزەل بولسىمۇ. كېسەللىك سەۋەبىدىن يوقىرى سەۋىيىدىكى ئوقۇشىنى تاماملىيالمىغان.

- مىلادى 1936-يىلى «التبرج»ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى نىئمە سىدقىي خانىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەتنىڭ ئوخشىمىغان پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئاخىرىدا جامائەتنىڭ بىرىنچى قول ۋەكىلىگە ئايلانغان ۋە شەيخ ھامىد ئەلفەقىينىڭ نەزىرىدە ئورنى يوقىرى كۆتىرىلگەن. «الهدى النبوي» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئۇنى قايىل قىلىشقىتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى، «تاغۇتلار» تىمىسى ئاستىدا ھازىرلىنىدىغان زەنجىرسىمان ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق تەرىقەتچىلەر، ئازغۇنلار، قادىيانىييە ۋە باھائىييەگە ئوخشاش پىرقىلەر ۋە باشقىلاردىن تەركىپ تاپقان خۇسۇمەتچىلىرىنى جىمىقتۇرىدىغان پاكىتلىرى ئارقىلىق تونۇغان. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرى ئۇنىڭغا «تاغۇتلارنى ۋەيران قىلغۇچى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. بۇ ئۇنى سۇپىزم تەرىقەتلىرى شەيخلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئاچقان شىكايىتى سەۋەبى بىلەن باش تەپتىشنىڭ تەكشۈرۈشىگە دۇچ كەلگەن. ئۇ بۇ شىكايەتلەرگە ئۆزىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە «مانا بۇ سۇپىزم» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان «سۇپىزم شەيخلىرىنىڭ شەيخىغا خەت» ناملىق كىتابىدا رەددىيە بەرگەن، بۇ كىتاب



www.munber.org

ئىندونوزىيەچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خىل رەددىيەلەر سۈدانىدىكى سۈننەت ئەنسارلىرى، سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرىدىكى شەيخ مۇھەممەد نەسىب ئەررىفائىي رىياسەتچىلىكىدىكى مۇھەممەدىييە توغرا يولغا چاقىرىش جامائىتى قاتارلىقلار تەرىپىدىنمۇ ئۆزلۈكسىز كىلىپ تۇرغان.

- ھىجرىيە 1371 - يىلى (1952م) جامائەتنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلۋاھھاب ئەلبەننانىڭ ھەمرالىقىدا رىيادتىكى ئىلمىي ئىنىستىتوتتا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان.

- شەيخ ئابدۇررازاق ئەلئەفىيفىي جامائەتنىڭ باش رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كىيىن، ئۇ ھىجرىيە 1379 - يىلى، سەپەر ئېيىنىڭ 22 - كۈنى (مىلادى 1959 - يىلى، 27 - ئاۋغۇست) ئەفىيفىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلانغان. شەيخ ئابدۇررازاق ئەفىيفىي سەئۇدىغا سەپەر قىلغاندىن كىيىن، ئۇ 1380ھ مۇھەررەم ئېيىنىڭ 15 - كۈنى (9 - ئىيۇل، 1960 - يىلى) جامائەتنىڭ باش رەئىسلىكىگە، دوكتور مۇھەممەد خەلىيل ھەرراس مۇئاۋىنلىككە تەيىنلەنگەن.

- مىلادى 1969 - يىلى مىسىر ھۆكۈمىتى سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى توختىتىش مەقسىتىدە شەرئىي جەمئىيەت بىلەن بىرلەشتۈرىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن شەيخ ۋەكىل باش تەھرىرلىكىنى قىلىۋاتقان «الهدى النبوي» ژۇرنىلى توختاپ قالغان. بۇ جەرياندا شەيخ ۋەكىل مەككە مۇكەررەمەدىكى شەرئەت پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن ۋە تاكى ھىجرىيە 1390 - يىلى، جامادىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 22 - كۈنى، (1971م) ئۆزىنىڭ يۇكسەك ئىلمىي ئورنىغا ئىشارە قىلىدىغان يازغان ۋە تەھقىق قىلغان ئىلمىي ئەسەرلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ، ۋاپات بولغانغا قەدەرماگىستىرلىك قىسمىنىڭ ئەقىدە ئوقۇتقۇچىلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

قايتا جاكارلىنىشى:

◈ رەشاد ئەششافىئىي نامى بىلەن تونۇلغان شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلمەجىيد ئەششافىئىي (1338ھ - 1411ھ/ 1919م - 1990م) جامائەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جىيزە ناھىيىسى تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باش مۇدىرلىق خىزمىتى بىلەن بىرگە، جامائەتنىڭ پائالىيەتلىرى توختىتىلىشتىن ئىلگىرىكى باش سىكرىتارى ۋە شۆبىلەرنىڭ رىياسەتچىسى ئىدى. ئۇ جامائەتنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلغان ۋە بۇ ئىش ھىجرىيە 1390 - يىلى (مىلادى1972 - يىلى) مىسىرنىڭ سابىق رەئىسى ئەنۋەر ساداتنىڭ دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان.

- قايتا قورۇلغاندىن ئۈچ يىل كىيىن، 1393ھ دە «الهدى النبوي» ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى باسسۇن ئۈچۈن «تەۋھىد» ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ ژۇرنالىنىڭ باش تەھرىرلىكىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان، كىيىن ئەنتەر رەشاد، ئۇنىڭدىن كىيىن شەيخ ئەھمەد فەھمىيلار باش تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆز



www.munber.org

ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ پائالىيەتلىرى ئىلگىرىكى پەيتلىرىگە قايتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە تەۋە شۆبىلەرمۇ كۆپەيگەن.

◈ 1975 ـ يىلى جامائەتنىڭ ئىككىنچى قۇرغۇچىسى ئۇستاز مۇھەممەد رەشاد ئەششافىئىينىڭ ھايات ۋاقتىدا شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئابدۇررەھىيم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ جامائەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا (1411ھ/1990م) قەدەر جامائەتنىڭ جىيزە ناھىيىسى شۆبىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قىلغان.

ـ شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئابدۇررەھىيم ئىسكەندەرىييە رايونىدا تۇغۇلغان. كىچىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغاندىن ئىسكەندەرىييەدىكى پېداگوگىكا مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ يەردىكى ئوقۇشىنى 1923 ـ يىلى تاماملاپ، مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. ئوخشىمىغان مائارىپ خىزمەتلىرىگە ئۆسۈپ ئاخىرىدا يېتەكچى بولغان.

ـ ئۇ 1943 ـ يىلى ھەج قېرىنداشلىرى جامائىتىنى تەسىس قىلغان ۋە ھەج سەپەرلىرىنىڭ بىرى جەريانىدا (1948م) شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلفەقىي بىلەن تونۇشقان.

ـ ئۇنىڭ سۈننەت ۋە تەۋھىدكە بولغان مۇھەببىتى «السنن والمبتدعات» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇسسالام ئەششەقىيرىي، سەئىيدنىڭ ئەللامەسى شەيخ ئەبۇلۋەفا دۇرەيۋىيش ۋە شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى راشىد ئەننەجدىيلارنى بىر ئارىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىسكەندەرىييە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا تەۋھىد دەۋتى تارقالغان.

ـ شەيخ جۇغراپىيە ئىلمىدا ۋايىغا يەتكىنىدىن سىرت، سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلۈش سىپىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدىكى ئىلمىي ئىنىستىتوتلارنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مېتودلىرىنى يېزىشتا كۆرنەرلىك رول ئوينىغان. ئۇنىڭ مەككىدىكى ھەرەم شەرىفتە ئۇزۇن يىل دەرس ئۆتكەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ.

ـ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سابىق رەئىسى ھايات چاغدا جامائەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە جامائەت بارلىق مۇسۇلمانلارغا مۇكەممەل خىزمەت قىلىپ بىرەلەيدىغان ئىسلام مەركەزلىرىنى قۇرۇش، ئىسلامىي دوختۇرخانا ۋە ساغلىق مەركەزلىرىنى بىنا قىلىشلاردىن باشقا يېتىم ۋە ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە كاپالەت نورمىسى بېرىش ئىشلىرىنى كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە يەنە تەۋھىد ژۇرنىلىنىڭ سانى ئىلگىرى 5 مىڭدىن 36 مىڭغا كۆپەيتىلگەن.

ـ شەيخ ۋە جامائەت ئۆلىمالىرىنىڭ دەرسلىرىنىڭ ياشلارغا، بولۇپمۇ ئىسكەندەرىييە ۋە قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ياشلارغا چوڭقۇر تەسىرى بولغان. شېرىك بىلەن كۆرەش قىلىدىغان، بىدئەتنى يوقىتا چىقىرىشقا ئىنتىلىدىغان، سۈننەتنى بايان قىلىپ، تەۋھىدكە چاقىرىدىغان ئىسلام ئويغىنىش ئېقىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان سەلەپىيلەرنىڭ مېتودى ۋە دەۋەت چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتى. غەربلەشتۈرۈش،

www.munber.org

ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ياقلايدىغانلارنىڭ ۋە سۈپىلارنىڭ كىتابلىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنغان كىتاب بازارلىرىدا ساغلام ئىسلامىي كىتابلار كەڭ تارقالدى. ھىجاپ قايتىدىن جانلاندى، پەزىلەت ئەتراپقا يېيىلدى. تەسەۋۋۇپ ئېقىمى چەكلىك يەرلەرگىلا قامىلىپ قالدى.

ـ شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئابدۇررەھىمنىڭ دەۋرىدە قورۇلتايلار ئەينى زامانقى ھالىتىگە قايتتى ۋە دەۋەتچىلەر ئۇچۇن بىرىنچى قېتىملىق قورۇلتاي چاقىرىلدى. شەيخ ئەھمەد فەھمى باش تەھرىرلىك رىياسىتى ئاستىدىكى تەۋھىد ژۇرنىلى غەربلەشتۈرۈش ۋە سكولارىزملاشتۇرۇش ئېقىمىغا قارشى تۇردى، ئۆز ۋاقتىدا سوۋىت ئويىقۇسىدا ئوخلاپ ياتقان باتىنىي ۋە رافىزىيلار ئېقىمىنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مىسىر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى قېيىنچىلىق ۋە ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە شۇ خۇسۇستىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ تۇردى.

ـ جامائەتنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى ۋە ئەزالىرى نۇرغۇن جايلاردا باشقىلار كۆرمىگەن قىيىن ـ قىستاق، بېسىم ۋە قاماققا ئېلىنىشلارغا دۇچ كەلدى.

◈ 1991 ـ يىلى شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئابدۇررەھىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا جامائەتنىڭ ھازىرقى باش رەئىسى شەيخ سەفۋەت نۇرۇددىن رەئىسلىككە سايلاندى. شەيخ سەفۋەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۆلىمالارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ رەئىسلىك مەزگىلى دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئىنىستىتوتلارنى قۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا كاپالەت پۇلى بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭدەك جامائەت مەسچىتلەرنى بىنا قىلىش، دەۋەت ئۇمەكلىرىنى يوللاش، قۇرئان يادلاش مەركەزلىرىنى تەسىس قىلىش پۈتۈن مىسىر سەۋىيىسىدە جامائەتنىڭ بارلىق شۆبىلىرىدە ئۆزلۈكسىز ھالدا مەدەنىيەت ھەپتىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى كېڭەيتتى. ئوخشاش ۋاقىتتا ھاجەتمەنلەرگە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ياردەملەرنى بېرىش، يېتىملارنى كاپالەتكە ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا پەرۋاسىز قارىمىدى. بۇنىڭدىن باشقا مىسىر جەمئىيىتىنى سكولارىستلاشتۇرۇش ۋە غەربلەشتۈرۈشنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قارشى تۇردى. يەنە شەيخ سەفۋەت شۇۋادفىي باش تەھرىرلىكىنى قىلغان "تەۋھىد" ژۇرنىلى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنى تونۇتۇشقىمۇ سەل قارىمىدى.

ـ ئۇنىڭ رەئىسلىك مەزگىلى يەنە ئەزھەر ۋە ۋەقىپلەر مىنىستىرلىكىگە ئوخشاش رەسمىي ھەيئەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە يېقىنچىلىقلارنىمۇ باشتىن كەچۈردى. جامائەت يەنە قاھىرەدىكى ئىسلام دۇنياسى قۇتقۇزۇش ۋە دەۋەت قىلىش كېڭىشىنىڭ يىغىنلىرىغا نازارەتچى ئەزا سۈپىتىدە قاتنىشىپ كەلدى.

◈ جامائەتنىڭ سېپىدە بىر قانچىلىغان مەشھۇر ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار: مەككىدىكى ھەرەم شەرىفنىڭ ئىمامى، مەككە مۇكەررەمە ھەدىس خەيرى ـ ساخاۋەت ئىنىستىتوتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مۇدىرى شەيخ ئابدۇززاھىر ئەسسەمەھ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ سابىق ئەزاسى ئابدۇرراززاق ھەمزە، جامائەتنىڭ سوھاج شۆبىسى رەئىسى شەيخ ئەبۇلۋافا



www.munber.org

دۇرەيۋىش، ئەزھەر ۋە ئۇمۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئەقدە ئوقۇتقۇچىسى دوكتور مۇھەممەد خەلىل ھەرراس، مەككىدىكى ھەرەمنىڭ مۇدەررىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلۋاھھاب ئەلبەننا، جامائەتنىڭ سابىق باش رەئىسى دوكتور مۇھەممەد جەمىل غازى ۋە باشقىلار.

## ◈ جامائەتنىڭ ئىدارە قورۇلمىسى:

- جامائەتنىڭ باش رەئىسى: جامائەتنىڭ ئومۇمىي مەجلىسى تەرىپىدىن سايلىنىپ چىقىلىدۇ.

- جامائەتنىڭ ئومۇمىي مەجلىسى: بۇنىڭغا ئورنى چوڭ، شۆبىلىرىنىڭ سانى كۆپ دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، ئون بەش ئەزا ۋەكىللىك قىلىدىغان قاھىرە ۋە يەتتە ئەزا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسكەندەرىيىيە شەھەرلىرىدىن باشقا ھەر بىر شۆبىدىن ئىككىدىن ئەزا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

- جامائەتنىڭ ئىدارە مەجلىسى: جامائەتنىڭ ئومۇمىي مەجلىسى ئەزالىرى ئارىسىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ. ئۇ رەئىس ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى، ۋەكىل، باش سېكرېتار، مالىيە مەسئۇلى ۋە ئون ئەزادىن تەركىپ تاپىدۇ.

- ئىجرائىييە ھەيئىتى: ئىدارە مەجلىسى ئەزالىرى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى ئىدارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: پىلان ۋە سۈرۈشتۈرۈش، دەۋەت ۋە ئاخبارات، ئىلمىي ئىزدىنىش، دەۋەت ۋە قۇتقۇزۇش لايىھەلىرى، مالىيە، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، شۆبىلەر، ياشلار ۋە قانۇنىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سذدان ۇة ظئرتعرعيةدة:

◈ جامائەت تەۋھىدكە چاقىرىدىغان بىر كىچىك گۇرۇپ سۈپىتىدە **1935**-يىلى شەيخ ئەھمەد ھەسسۇنىنىڭ قولى ئارقىلىق باشلانغان. ئۇ بۇ دەۋەتنى سۇدانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى نۇھۇد شەھرىدە **1917**-يىلى ئۆزى مۇنتىزىم ھالدا دەرسلىرىگە قاتنىشىپ كەلگەن شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەجەردىن قوبۇل قىلغان.

- شەيخ ئەھمەد ھەسسۇن، شەيخ مۇھەممەد ئەلفازىل ئەتتەقلاۋىي ئىسىملىك بىر كىشىدىن ئەزھەرنىڭ ئالەمى دىبلومىغا ئېرىشكەن، شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ۋە مۇھەممەد رەشىد رىزالارنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشقان شەيخ ئېۋەز ئەلكەرىم ئەلئەزھەرىيدىن دەۋەتنى قوبۇل قىلغان بىر كىشى بىلەن ئۇچراشقان. بۇ ئىككىسى «الهدى النبوي» ژۇرنىلى ئۆزلىرىگە كىلىپ تۇرىدىغان مىسىردىكى سۈننەت ئەنسارلىرى جامائىتىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا «سۈننەتى مۇھەممەدىيىە ئەنسارلىرى جامائىتى» نامى ئاستىدا تەۋھىدكە چاقىرىدىغان بىر جامائەت قۇرۇشقا كىلىشكەن. جامائەتنىڭ رەئىسلىكىنى **1939**-يىلدىن **1948** يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە شەيخ



www.munber.org

مۇھەممەد ئەلفازىل ئەتتەقلاۋىي ئۇستىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ مىسىردىكى باش مەركىزى بولغان ئالاقىسى كوچەيگەن ۋە مىسىردىكى جامائەتنىڭ ئۆلىمالىرى خورتۇمدىكى شۆبىسىگە زىيارەت ۋە لېكسىيەلەر سۆزلەش ئۈچۈن بارىدىغان بولغان. 1948 ـ يىلى شەيخ ئەتتەقلاۋىي ئىرترىيەدىكى ئەرەب تىلى مەدرىسلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى ئۈچۈن تەيىنلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇمۇدەرماندىكى قۇرئان كەرىمنى مۇھاپىزەت قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئەزھەردىن ئالىي دىبلومغا ئېرىشكەن شەيخ ئابدۇلباقىي يۇسۇف نەئمە شەيخ ئەتتەقلاۋىيدىن كېيىنكى جامائەتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان.

ـ 1956 ـ يىلى جامائەتنىڭ ھازىرقى رەئىسى شەيخ مۇھەممەد ھاشىم ئەلھەدىييە جامائەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۇستىگە ئالدى. ئۇ، خەتمىييە ۋە كېيىنچە ئەزائىمىييە تەرىقەتلىرى بويىچە ھاياتىنى باشلىغان بولۇپ، شەيخ ئابدۇلباقىي يۇسۇف نەئمەنىڭ دەرىسلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق سۈننەت ئەنسارلىرى دەۋىتىگە ئىشەنگەن ۋە تەسەۋۋۇپتىن قول ئۈزگەن. جامائەتنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ رەئىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامىمنىڭ ھاياتىغا ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ئەتراپلىق قەدەملەرنى باسقان. ئۇنىڭ دەۋرىدە جامائەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئالاقىلىرى جانلانغان. 1962 ـ يىلى دۇنيا ئىسلام بىرلىكىنىڭ قورۇلۇشىدا سۇداندىكى سۈننەت ئەنسارلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ قاتناشقان، مۇپتى ئەمىن ئەلھۇسەينى رىياسەتچىلىكىدە 1963 ـ يىلى كاراچىدا چاقىرىلغان قورۇلتايغا قاتناشقان. ئافرىقىدىكى ئىسلام مەركىزى «دۇنيا ئافرىقا بىرلىكى» نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغدا ئافرىقىنىڭ كېنىيە، تانزانىيەگە ئوخشاش بىر قىسىم دۆلەتلىرىگە بېرىپ، مەركەزدە ئوقۇتۇش ۋە ئۆز دۆلەتلىرىدە دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ كەلگەن.

ـ ئۇنىڭ دەۋرىدە جامائەتنىڭ چىقارغان ئاساسلىق كۈچلىرى:

1 ـ جامائەت، سۇدان جەمئىيىتىدە ھېلھەم كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە بولىۋاتقان سوپىزم رادىكاللىرىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە پىكىرلىرىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. بۇ جەريان جامائەتنىڭ قانچىلىغان سىقىلىش ۋە بېسىملارغا دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار رافىزىي، مۇئتەزىلە، خاۋارىجلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە باتىنىي (يۇشۇرۇن)، ئەقلىيەتچىلىك، سېكولارىزم يۈزلىنىشلىرىنىڭ بارلىق شەكىللىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرغان.

2 ـ جامائەت سۇداندىكى خەلقنىڭ ھاياتىدا ئاكتىپلىق بىلەن ھازىر بولاتتى: ئۇ، 1975 ـ يىلى سۇداندا ئىسلامىي دەستۇر تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىش ئىسلام ئالدىنقى سېپىگە قاتناشقان. يەنە 1964 ـ يىلى ئىسلام ئەھدىنامىسى ئالدىنقى سېپىگە قاتناشقان. 1986 ـ يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا ئىسلامچى نامزاتلارنى قوللىغان ۋە كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت نىزامى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، سېكولارىزمچىلار، غەربچىلىكنى ياقلايدىغانلار، پاسىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خاتا يۈنۈلۈشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن لېكسىيەلەر سۆزلىگەن، ئىلمىي يىغىلىشلارنى ئويۇشتۇرغان. شۇنىڭدەك ئۇلار 1989 ـ يىلى دېموكراتىك سىياسىي ھاياتقا ئىشتىراك قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرئىي ھۆكمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك قورۇلتاي چاقىرغان.



www.munber.org

3 ـ جامائەت، جەنۇپتىكى جون گەران ۋە ئۇنىڭ باندىتلىرىغا قارشى جىھادقا چاقىرغانلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

4 ـ جامائەت ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش يولىدا مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، بازارلار، جامائەت سورۇنلىرى، چوڭ مەيدانلاردا يىغىلىش تەشكىللەش بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇنىڭدىن باشقا يىراق سەھرالارغا دەۋەت ۋە قۇتقۇزۇش كارۋانلىرىنى ئەۋەتىش، لېكسىيە، ئىلمىي مۇزاكىرە، ھېكمەتلىك ۋاراقچىلار، يەرمەنكە، كىتاب ۋە شەرئىي ھىجابلارنى تارقىتىشتىمۇ نام قازانغان. قۇدۇق كولاش، كوللىتىپ پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەندىن باشقا، نۇرغۇن مىقداردىكى كىتاب ۋە ئىسلامىي رىسالىلەرنى، بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەرنى دۇرۇس قىلىش، سۈننەتكە چاقىرىپ، بىدئەتتىن توسۇشقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تارقىتىدۇ. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە جامائەت ئاياللارغىمۇ سەل قارىماستىن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆڭۈل بولگەن ھالدا ئاياللارغا مەخسۇس پروگراملارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

5 ـ جامائەت، مىسسىئونېرلىققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدە جەنۇبلۇق بودددىست ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئارىسىدا دەۋەت ئېلىپ بېرىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىپ، ئىسلامنى تارقىتىش بىلەن شوغۇللىنىشى ۋە ئۆز يۇرتلىرىدا مەسچىتلەرنى بىنا قىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇلار يەنە خىرىستىيانلار بىلەن مۇنازىلەرنى ئويۇشتۇرۇپ تۇرغان، بۇنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر مۇنازىرە 1979 ـ يىلى جامائەت تەرىپىدىن تەشكىللىگەن، ئون سەككىز يوبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنازىرە بولۇپ، بىر قانچە كۈن داۋاملاشقان ۋە مىسىردىكى جامائەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور مۇھەممەد جەمىيل غازى، قوماندان ئەھمەد ئابدۇلۋاھابلار باشچىلىقىدىكى بىر گورۇپ مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ قولىدا يوبلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

◈ جامائەتنىڭ مۇستەقىل ئىدارە ھەيئىتى بولۇپ، گەرچە بىر قىسىم ئاتالغۇلاردا پەرق بولسىمۇ، جامائەتنىڭ مىسىردىكى باش مەركىزىنىڭ ئىدارە قورۇلمىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

◈ سۈننەت ئەنسارلىرىنىڭ دەۋىتى ئېرترىيە، ئېپوفىيە، چاد، ئوتتۇرا ئافرىقا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئافرىقا ئەللىرىگە سۇدان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ياكى سۇداندا تۇرۇپ قالغانلار ۋەياكى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس زېمىنغا مېڭىش جەريانىدا سۇدانغا كىرىپ ئۆتكەن ياكى بولمىسا ئاچلىق ۋە ئۇرۇش سەۋەپلىك پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تارقالغان.

◈ جامائەتنىڭ تىلى بولسۇن ئۈچۈن ھىجرىيە 1405 ـ يىلى «ئەلئىستجابە» ژۇرنىلىنى چىقارغان.

◈ جامائەتنىڭ سۇداندىكى ئاساسلىق ئالىم ۋە دەۋەتچىلىرى:

ـ شەيخ ئەبۇ زەيد مۇھەممەد ھەمزە. بۇ كىشى مىسىردىكى جامائەتنىڭ قۇرغۇچىسى ھامىد ئەلفەقىي ۋە جامائەتنىڭ ئالىملىرىدىن بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلغان. ئۇ 1959 ـ يىلى شەيخ ئەلفەقىينىڭ ۋاپاتىغا قەدەر مىسىردا تۇرۇپ، ئاندىن سۇدانغا قايتقان ۋە ئۆزىنىڭ «ھەلفا ۋادىسى» دېگەن شەھىرى ۋە خوشنا رايونلاردا



www.munber.org

دەۋەتنى تارقىتىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئاياللارغا مەخسۇس جاي ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەرسلىرىدىن ئاياللارمۇ تېگىشلىك نەسىۋە ئالغان. ئەتراپىغا كىشىلەر توپلىشىپ، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىيىشى خەتمىيە تەرىقىتى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۈغىسىنى قايناتقان. 1977 ـ يىلى سۇدان تېلېۋىزىيەسى ئۇنىڭ بىلەن خەتمىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسلىقى كىشىلىرىدىن بىرى بولغان شەيخ ئەلى زەينۇلئابىدىن ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇنازىرىنى تارقاتتى. ئۇنىڭدا شەيخ خەتمىيە تەرىقىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسسىز، ئېتىقادلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ئىش جامائەتنىڭ دەۋىتىنىڭ سۇداننىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىشىدا كۈچلۈك رول ئوينىدى.

ـ شەيخ مۇھەممەد ئەلھەسەن ئابدۇلقادىر: ئۇ بۇ دەۋەتنى 1946 ـ يىلى شەيخ ئابدۇرززاھىر ئەبۇسسەمھىنىڭ تالىبى، مەككە مۇكەررەمەدىكى دارۇلھەدىس ئىنىستىتوتىنى پۈتتۈرگەن شەيخ مۇھەممەد ئەتتايىبتىن قوبۇل قىلغان. ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرىشتا ئېرترىيەنىڭ ئاگۇردات شەھرىدە كۆرىنەرلىك پائالىيەت ئېلىپ بارغان شەيخ تايىبنىڭ ۋە كېيىنراق ئۇنىڭ تالىبى شەيخ مۇھەممەد ئەلھەسەننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇپىزم تەرىقەتچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان قېيىنچىلىق ۋە توسالغۇلۇقلىرىغا دۇچ كەلگەن، نەتىجىدە ئۇ دەۋەت ئىشىنى كىران، ئەسمىران شەھەرلىرىگە يۆتكەپ، ئۇ يەردىكى بىر ئەرەب تىلى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا دەۋىتىنى بۇ رايۇنغا تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىشلىرىنىڭ بىرى ئېرترىيەدىكى سۈننەت ئەنسارلىرىنى بىر ئارىغا توپلاش، پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دەۋىتى بۇ رايۇندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئېفوپىيە ۋە ئۇنىڭ يانتاياقلىرىنىڭ ئېرترىيەگە قىلغان مۇستەملىكىسىگە قارشى جىھاد ھەرىكىتىدىمۇ كۆرىنەرلىك رولى بولغان.

1963 ـ يىلى شەيخ سۇداننىڭ كەسلا رايۇنىدا مۇقىملىشىپ، ئۇ يەردە دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان، بۇنىڭ بىلەن جامائەتنىڭ كەسلا، بورتسۇدان ۋە سۇداننىڭ شەرق تەرەپلىرىدە تەسىرلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شەيخنىڭ ماراكەش، مورىتانىيا، گانا، ئېفوپىيە، گىنىيە، نىگىرىيە ۋە كېنىيە قاتارلىق بىر قانچىلىغان ئافرىقا دۆلەتلىرى، ھىندىنوزىيە، تايلاند ۋە بېگالغا ئوخشىغان بىر قىسىم ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە گوللاندىيەگە ئوخشىغان قىسمەن ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە دەۋەت پائالىيەتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ـ شەيخ مۇستەفا ناجى: بۇ كىشى ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن شەيخ ئەبۇ تاھىر مەھمۇد سۇۋاكىننىڭ قولىدا ئوقۇغاندىن كېيىن سۈننەت ئەنسارلىرى جامائىتىگە قوشۇلغان. 1957 ـ يىلى خورتۇمدىكى سەجانە مەھەللىسىگە جامائەتنىڭ تۇنجى مەسچىت (بۇ يەر جامائەتنىڭ ھازىرقى باش مەركىزى) تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئىماملىقىنى قىلغاندىن باشقا، جامائەتنىڭ خاتىب ۋە دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

www.munber.org

◈ لىبىرىيەدە:

- جامائەت دەسلەپتە لىبىرىيەدە شەيخ ھەبىب ئەششەرىفنىڭ رىئاسەتچىلىكىدە ئەھلى سۈننەت جامائىتى نامىدا قورۇلغان. 1988 - يىلى شەيخ ھەبىب ئەزھەردىكى دەۋەتچى ۋە ئىماملارنى تەربىيلەش كورسلىرىدىن بىرىگە قاتنىششىش جەريانىدا مىسسىردىكى سۈننەت ئەنسارلىرى جامائىتىنى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، مېتودىنىڭ ساغلاملىقىغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، جامائىتىنىڭ ئىسمىنى ئەھلى سۈننەتتىن سۈننەتى مۇھەممەدىيىيە ئەنسارلىرىغا ئۆزگەرتكەن ۋە ئۇنىڭ مېتود ۋە دەۋەت قىلىش يوللىرىغا ۋارىسلىق قىلغان.

## صعكعر ۈة ظئتعقادلار:

◈ جامائەتنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى ئۇنىڭ نىشانى ۋە ئاساسلىق پىكىرلىرىنى بەلگۈلەپ چىققان بولۇپ، بۇنى جامائەتنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى (مۇھەممەد ھۈسەين ھاشىم) سۈننەتى مۇھەممەدىيىيە ئەنسارلىرى جامائىتىنىڭ ئومۇمىي قورۇلتاي رىسالىسىدە مۇنداق دەپ خۇلاسىلەيدۇ:

- مانا بۇ ئۇن ئاساسىي پرىنسىپتا ئېنىق بايان قىلىنغىنى سۈننەتى مۇھەممەدىيىيە ئەنسارلىرىنىڭ ئەقىدىسىدۇر:

1 - دىنىنىڭ ئاساسىي قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر (سەلەپ - سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە)، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. مۇجتەھىد ئىماملار، ئۆلىمالار ۋە ھەدىسشۇناسلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىسلام ئۈچۈن غايەت زور خىزمەت قىلغان ئىماملاردۇر. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلار ۋە دەۋەتنى يەتكۈزگۈچىلەر مەرتىبىسىدىكى كىشىلەردۇر. ئۇلارنى سۆيىمىز، قەدىرلەيمىز، چوڭ بىلىمىز، ھىمايە قىلىمىز، ئاقىللارچە ئەگىشىمىز ۋە دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان، ئۆتكۈر كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر يەرگە كىلەلەيدىغان يەرلەردە ھەمكارلىشىمىز، ئوخشىمايدىغان يەرلەر چىقىپ قالغاندا، ئۆز - ئارا كەچۈرىشىمىز (ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلا بولىدىكەن، ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشلىقى ئاساسىدا تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ زىيىنى يوق).

2 - ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنى ئوخشىتىش، ئوبرازلاشتۇرۇش، تەۋىل قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە بورمىلاشتىن خالىي، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش قىلىشتىن يىراق تۇرىمىز. ساھابىلەر سۈكۈت قىلغان نوقتىلاردا سۈكۈت قىلىمىز، سۆزلىگەن نوقتىلىرىدا سۆزلەيمىز، بىز ئۈچۈن ئۇلار ياخشى ئۆلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ تائالانىڭ خەيرلىكلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، زاتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇنى ئۆزىگە



www.munber.org

مۇناسىپ ئورۇنغا قويالمايسىلەر» دېگەن سۆزىگە، شەرىئەت ۋە يارىتىشتىكى ئىلاھىي ھېكمەتكە ئاساسەن ئەمەل قىلىمىز.

3 ـ نەزىر، قەسەم، قوتقۇزۇش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئوخشىغان ئىبادەتلەرنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە ئاللاھ تائالانى يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە مەيلى ئاشكارە ياكى ئىسمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بۇ ئىبادەتلەر يۈزلەندۈرۈلگەن ئاللاھدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە قارشى تۇرىمىز.

4 ـ ئىماننى، ئەمەلنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان، ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىتائەت خاراكتېرلىك تەستىقلاش، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئىمكانىيىتى، قۇدرىتى بار تۇرۇغلۇق ئەمەلنى تولۇق قىلماسلىقنى ئىتائەتنى مۇناسىپ شەكىلدە قىلماسلىق، دەپ قارايمىز. ئىمان پەقەت بىر شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۇنى دەۋا قىلىش ياكى تىلغا ئېلىپ قويۇشلا بولماستىن، ئۇ سۆز، ئېتىقاد، ئەخلاق، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت، دەپ ئىشىنىمىز.

5 ـ شەرىئەتتىكى بىدئەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە مەيلى ماھىيەت ياكى ئادا قىلىش جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىبادەتلەردە پەيدا بولغان بارلىق يېڭى ئىشلاردۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

6 ـ ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى بارلىقىمىز بىلەن سۆيىمىز، بۇيرىغان بارلىق ئىشلىرىنى ئىمكانىمىزنىڭ يېتىشىچە چىڭ تۇتىمىز ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئار ـ نومۇسلۇق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۆپلەپ سالام يوللاشقا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمىز.

7 ـ ئادەم باللىرى ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ ئۈچ ئىش ـ ھەدىس ـ تىن باشقا بارلىق ئىشلاردىن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولغان خالىغان بەندىلىرىنى شاپائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ شاپائەت قىلغۇچى ۋە ئۇ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ يوقىرى ئورۇنغا، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك ئورۇننىڭ ئىگىسى، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

8 ـ ئاللاھ تائالانىڭ «ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھېپزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟»[1] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن، قۇرئان كەرىمنى ئىبرەت ئېلىش، پىكىر ـ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇيمىز ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى سۈزۈپ ئېلىش، ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىشى، دەپ ئېتىراپ قىلىمىز.

9 ـ ئىسلام دىنى دىن ۋە دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ئۇ ئۆز ئەھلىدىن زېمىننىڭ ۋارىسلىرى بولۇش ئۈچۈن ئەمەللىرىدە كۈچلۈك مۇھسىنلاردىن بولۇشنى خالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشىدۇر» ـ ھەدىس.

10 ـ ئىسلام دىن ۋە دۆلەت، ئىبادەت ۋە ھۆكۈم، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا مۇناسىپ، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

---

[1] قەمەر سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.



www.munber.org

◈ جامائەتنىڭ خىزمەت ئىستراتېگىيىسى ۋە ئومۇمىي غايىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تىزىملىكىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

- جامائەت بىلەن باشقا ئىسلام جامائەتلىرى ئارىسىدا ھەمكارلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىش.

- ئىسلام تارىخىي مىراسلىرىنى جانلاندۇرۇشتا ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي، مەدەنىي ھەيئەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش.

- ياشلارنى دىنى، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن پائاللاشتۇرۇش.

◈ «تەۋھىد» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسى جامائەت ئىجرا قىلىشقا سەئيى قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا بىر قىسىم غايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- بارلىق بولغىنىشلاردىن خالىي خالىس تەۋھىدكە، تەقۋالىق ۋە تائەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان سۆيگۈ بىلەن ئاللاھ تائالانى سەمىمىي سۆيۈشكە، ئەگىشىش ۋە ئۇنى ياخشى ئۇلگە قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان سۆيگۈ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن سۆيۈشكە چاقىرىش.

- بارلىق شۈبھىلەردىن يىراق خالىس تەۋھىدكە، ئاللاھ تائالانى تەقۋالىق ۋە ئۇنىڭغا بولغان تائەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان سەمىمىيەت ۋە دۇرۇستلۇق بىلەن سۆيۈشكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بولسا، ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭدىن گۈزەل ئۈلگىلەرنى ئېلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان سەمىمىيەت ۋە دۇرۇستلۇق بىلەن سۆيۈشكە چاقىرىش.

- دىننى قۇرئان ۋە سەھىھ سۈننەتتىن ئىبارەت ساغلام ئىككى مەنبەدىن قوبۇل قىلىشقا، بىدئەت، ئازغۇنلۇق ۋە دىنغا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىش.

- دۇنيا بىلەن دىننى ئەقىدە، ئەمەل ۋە ئەخلاق جەھەتتە بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە چاقىرىش.

- مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى تۇرغۇزۇپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىش. چۈنكى، ھاياتنىڭ قايسى قىسمىدا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئاللاھ تائالاغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقتۇر.

◈ بۇ پىكىر ۋە غايىلەرگە جامائەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئوخشىمىغان جايلاردا ئۇچرايدىغان تۆۋەندىكى نوقتىلارمۇ ئىلاۋە قىلىنىدۇ:

- پىرقىلەر ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىدىغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، رادىكال تەسەۋۋۇپچىلار، ھەددىنى ئىنكار قىلغۇچىلار، باھائىيلار، رافىزىلار، باتىنىيلارغا قارشى تۇرۇش، غەربلەشتۈرۈش، سكولارىستلاشتۇرۇش، ئاتېئىستلاشتۇرۇش ۋە زىندىقلاشتۇرۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

- مۇسۇلمانلارنى بىر ئەقىدە، سەلەپلەرنىڭ مېتودىنى ئاساس قىلغان بىر خىل قانۇن مېتودى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش؛ چۈنكى، بۇ ئۈممەتنىڭ

www.munber.org

ئاخىرىدا كەلگەنلىرىنى پەقەت ئىلگىرىكىلەرنى ئىسلاھ قىلغان مېتودتىن باشقىسى ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

ـ كونا ـ يېڭى مەسىلىلەرگە دائىر ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئويغۇن شەكىلدە بىلىش ئۈچۈن، سۈننەت ئۆلىمالىرى ۋە سەلەپىلەرنىڭ تۇتقان يوللىرى ئاساسىدا دىننى يېڭىلاش، زېمىندا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران ئورۇنىدا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تونقۇنۇش ياكى ئالدىراقسانلىق قىلماستىن ئاقىلانە سىياسەت قوللىنىشقا چاقىرىش.

◈ جامائەتنىڭ سىياسىي پىكىر ساھەسىدىكى قاراشلىرىنى دوكتور جامال مەراكەبىي جامائەتنىڭ مىسىردىكى ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتىغا قاراشلىق دەۋەت ۋە تەشۋىقات ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «يېڭى دەۋر ھۆكۈمەت سىستېمىلىرى ئارىسىدا ئىسلام خەلىپىلىكى» ناملىق كىتابىدا ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنىڭ سىياسىي سىستېمىسى قانداقلا بولمىسۇن دېموكراتىك سىستېما ئەمەس، ئۇ ئاساس ۋە پرىنسىپ جەھەتلەردە دېموكراتىيە بىلەن ئاز بولمىغان ئوخشىماسلىقلارغا ئىگە.

ـ ئىسلامنىڭ سىياسىي سىستېمىسى كوممۇنىستىك ياكى سوتسىيالىستىك سىستېمىمۇ ئەمەس، مەيلى نەزىرىيەگە تايانغان ياكى پادىشاھلىق شەكلىدىكى بولسۇن ھەرقانداق دىكتاتۇر تۈزۈملەرگىمۇ يېقىن كەلمەيدۇ.

ـ ئىسلامىي تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكى بار. ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا يۇقىرىقىلارنىڭ قاتارىغا تىزىشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئاستىدا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ سىياسىي سىستېمىسى خالىس ئىسلامىي تۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭ دىنى كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان سېيوكراتىك تۈزۈم ياكى ھوقۇق مەركەزچىلىكى بىلەن، دېموكراتىيە ياكى سوتسىيالىزم بىلەن ئالاقىسى يوق.»

ـ 1989 ـ يىلى جامائەت تەرىپىدىن خورتۇمدا ئېچىلغان قورۇلتاينىڭ تەۋسىيەلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

1 ـ دېموكراتىيە كاپىر تۈزۈم؛ چۈنكى ئۇ ئىنسانغا ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈم پەقەت الله غىلا خاس»[①]

2 ـ نامزات كۆرسىتىش ۋە ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سايلام ئېلىپ بېرىش يوللۇق ۋاستە.

3 ـ ئىشچى ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلىكلىرى: ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا ئويۇشمىلارنىڭ شەرئىي قانۇنلار بىلەن ئىشى يوق. ئۇلارغا ئىشتىراك قىلىش شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەرئىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن پايدىلىق ياكى زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

[①] يۇيۇف سۈرىسى، 67 ـ ئايەت.



www.munber.org

4 ـ مەنپەئەت زىيانغا قارىغاندا كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدىغان ئەھۋالدا شەرئىي بەلگىلىمىلەرنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا، دېموكراتچىلارنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئومۇمىي سايلام ۋە باشقا ئىشلارغا ئاكتىپ قاتناشسا بولىدۇ.

◈ دەۋەتنىڭ ئاساسى ساھەسىدە: جامائەت كوللىكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى قانۇنلۇق، دەپ قارايدۇ. سۈننەت ۋە جامائەتنىڭ شۇئارلىرىدىن باشقا شەكىللەردە پارتىيىلىشىشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تەشكىلاتچىلىقنى شەرئىي بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا قوللايدۇ.

◈ تەربىيە ۋە تەزكىيە (پاكلىنىش) مەسىلىلىرىدە ئىسلامدىن ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت ساھەلىرىدىكى ئىبغىشلارنى، خۇراپاتنى تازىلاش، ھەدىسلەرنى ئىشەنچىسىز ھەدىسلەردىن ئايرىپ ئېلىش ۋە ئۈممەتنى بۇنىڭغا كۆرە تەربىيلەپ كەلگەن سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ مېتودىغا تايىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ مەيلى دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىش ياكى ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ئەخلاق ساھەسىدە بولسۇن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتود ۋە ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

◈ ئېتىقاد ۋە ئۇسۇلدا قەدىمكى سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ كىتابلىرىنى يېتەكچى قىلىدۇ.

◈ يەنە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيىيە، ئىبنى ئەلقەييىم، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى دەۋەت ئۆلىمالىرى، شەۋكانى، سەنئانىي، ئەلبانىي ۋە سەلەپىيىيە دەۋىتىنىڭ باشقا ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئاساس قىلىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ سۈننەتى مۇھەممەدىيىيە ئەنسارلىرى جامائىتى مىسىرغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىسىردا يۈزگە يېقىن شۆبىسى ۋە مىڭدەك مەسچىتى بار. ئۇلار يەنە سۇدان، ئېرترىيە، لىبىيرىيە، چاد، ئېفوپىيە، جەنۇبى ئافرىقا ۋە باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرى، شىۋىنىڭدەك تايلاند، سىرلانكىغا ئوخشىغان بىر قىسىم ئاسىيا ئەللىرىدىمۇ مەركەزلەشكەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە جامائەتنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، بۇلارغا قاراشلىق رايونلارغا تارقالغان شۆبىلىرى بار. ئىراق، ئۇلارنى بىر خىل مېتود بىر ئارىغا جەملەپ تۇرغان بولسىمۇ جامائەتنىڭ ھەر بىر دۆلەتتە مۇستەقىل رەھبەرلىك ئورگىنى بار.



www.munber.org

◈ شۇنىڭدەك، جامائەتنىڭ مىسىردىكى سەلەپىييە دەۋىتى جامائىتى، سەئۇدىدىكى دەۋەت ئۆلىمالىرى، كۇۋەيتتىكى ئىسلامىي مىراسلارنى جانلاندۇرۇش جەمئىيىتى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىگىدىكى دارۇلبىر، بەھرەيىندىكى ئىسلام تەربىيىسى جەمئىيىتى، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى ھەدىس جەمئىيىتى، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى مۇھەممەدىييە جەمئىيەتلىرى، يەنە ياۋرۇپا، ئامېرىكىلاردىكى ئويۇشما ۋە جەمئىيەتلەر، ئافرىقىدىكى سەلەپىييە جەمئىيەتلىرى بىلەنمۇ كۈچلۈك ئالاقىسى بار.

<u>يذقعـر عقعلار دعن شـذ نةرسـة ظايدعثلعشــعدذكع</u>، سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى سەلەپىييە ئەقىدىسى ئاساسىغا قورۇلغان رادىكال تەسەۋۋۇپچىلارغا قارشى تۇرۇش، بىدئەتنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش، تەۋھىدنى تەشۋىق قىلىش ۋە سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىدىغان ئىنتىزاملىق كوللىكتىپ خاراكتېرىنى ئالغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ تار دائىرىگە قامىلىپ قېلىشىدا ئىجابىي رولىي بار. بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئويغىنىش ئېقىمىدىكى كەڭ ياشلار قاتلىمىغا نىسبەتەن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

◈ بۇ، سەلەپىلەرنىڭ كىتاب ۋە مېتودلىرىنى تارقىتىشتا باشقا ئىسلاھات ۋە سەلەپىي دەۋەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر جامائەت. بۇنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىسلام ئويغىنىش ئېقىمىنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودىنى ئاساس قىلىشى، خۇسۇسىي جەھەتتىن ئىسلام دۇنياسىدا ھىجابنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى ۋە غەربلىشىشكە قارشى تۇرۇشتا ئىجابىي تەسىرى بولغان.

◈ بۇ جامائەتنىڭ ئۆلىمالىرى كىتابلىرىنىڭ ئازلىقى، شۆھرەتكە بېرىلمەسلىكى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. جامائەتكە چاقىرىشىغا قارىغاندا مېتودقا دەۋەت قىلىشى يۇقىرى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ ئۆلارنىڭ جامائەتكە ئائىت كىتابلىرى ۋە بۇ ساھەدىكى كۈچىنىڭ ئازلىقى رىقابەتچىلىرىنىڭ بۇلارنى تۆۋەن كۆرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

◈ جامائەت، ئىلمىي ئىنىستىتوتلار، شەرئىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ دەرسلىك پروگراملىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدىكى ئىلمىي ئويغىنىشنىڭ ئۇل تېشىنى قويۇشتا يېتەرلىك نەسىۋىسى بار. بۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ دەۋىتىگە قارشى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى «ۋەھھابىيلار» دەپ ئاتىشىغا سەۋەب بولغان.

◈ بۇلارنى تەنقىد قىلىدىغانلار "بۇلارنىڭ تەۋھىد ۋە سۈننەت مەسىلىلىرىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي مەسىلىلەرگە ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قارشى ئىش ئېلىپ بارىدىغان ھۆكۈمەتلەر بىلەن تىركەشمەيدىغانلىقى، شۇنىڭدەك تەربىيلەش مېتودلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقتا ئىگە ئەمەسلىكى" نى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما جامائەت ساغلام تەۋھىدنى رىئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنى سەمىيلىك بىلەن ئەمىلىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى ئۇممەتنىڭ ئاۋازىنى بىر يەرگە



www.munber.org

توپلاشنىڭ ئاساسى ۋە نۇسرەت بىرىش، كۈچكە ئىگە قىلىش، خەلىپىلىكنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەللىشىشىنىڭ شەرتى، دەپ قارايدۇ. دوكتور مەراكەبىي « يېڭى دەۋر ھۆكۈمەت سىستېمىلىرى ئارىسىدا ئىسلام خەلىپىلىكى » ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئىسلام دۆلىتى قورۇلغان تارتىپ تاكى بۈگۈنمىزگە قەدەر ئىسلام شاھىد بولغان قارشى چىقىش ھەرىكەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ياخشىلىقتىن بىشارەت بىرىدىغان بىرمۇ ئەھۋالنى ئۇچرىتالمايمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈتكەن مېۋىنى بەرمىدى. ئۇ كۆپىنچە مەغلۇب بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پىتنىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ... بۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلام دۆلەتلىرىگە شاھىت بارلىق ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەتنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈش ۋە ئۇرۇش قىلىشنى ۋاستە قىلىپ تاللىمىدى... » بۇلاردىن كېيىن، مەراكەبىي سۆزلىرىنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىسلاھاتلىرى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بار تۇرۇغلۇق پىتنىگە ئادەمسىز، قىلىچسىز قانداق قارشى تۇرغانلىقى قاتارلىقلار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىگە توسۇش ئارقىلىق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى كۆرىدىغان بىر ياخشى ئىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن يامان ئىشلارنى توسۇشنى ۋاجىب قىلىپ بەلگۈلىگەن. ئەگەر ھاكىمدا ئاللاھ تەرىپىدىن ئېنىق پاكىتى بولغان ئاشكارە كاپىرلىق ئەھۋالى بايقالسا، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن پايدا ـ زىياننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ۋاجىبتۇر.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مىسىر سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى : مقاصد الجماعة
- مۇھەممەد ھۇسەين ھاشىم: المؤتمر العام لجماعة أنصار السنة
- سۈننەتى مۇھەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتى: لائحة الجماعة
- مۇھەممەد ئەبۇ زەيد مۇستەپا: المفهوم السلفي للعمل السياسي
- د.جامال مەراكەبىي: الخلافة الإسلامية بين نظم الحكم المعاصرة
- شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل: رسالة إلى شيخ مشايخ الطرق الصوفية
- شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل: هذه هي الصوفية
- د.مۇھەممەد جەمىيل غازى: الصوفية الوجه الآخر
- شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل: البهائية
- شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل: دعوة الحق

www.munber.org

- **1988 - يىلى، 18 - ئىيول/ سۇدان سۈننەت ئەنسارلىرى جامائىتىنىڭ سۈننەتنىڭ پاكىتلىقى توغرىسىدا چىقارغان باياناتى.**

- **فەتھى ئەمىين ئوسمان:** جماعة أنصار السنة المحمدية نشأتها وأهدافها ورجالها

- **د.ناسىر ئابدۇلكەرىم ئەلئەقل:** مباحث في عقيدة أهل السنة والجماعة وموقف الحركات الإسلامية المعاصرة منها

- **سەلىيم ھىلالىي، زىياد دەبىيج:** الجماعة الإسلامية في ضوء الكتاب والسنة

- **ھۈسەيىن ئىبنى مۇھسىن ئىبنى ئەلى جابىر:** الطريق إلى جماعة المسلمين

- **د.مۇھەممەد خەلىيل ھەرراس:** شرح القصيدة النونية لابن القيم

- **د.مۇھەممەد خەلىيل ھەرراس:** شرح العقيدة الواسطية- لشيخ الإسلام ابن تيمية

- **د.مۇھەممەد خەلىيل ھەرراس:** دعوة التوحيد والأطوار التاريخية التي مرت بها

- **د.مۇھەممەد خەلىيل ھەرراس:** ابن تيمية السلفي

- **شەيخ ئابدۇررازاق ئەفىيفىي:** مذكرة التوحيد

- **شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل:** الصفات الإلهية بين السلف والخلف

- **شەيخ ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل:** زندقة الجيلي

- **شەيخ ئابدۇرراھمان ئابدۇلخالىق:** الأصول العلمية للدعوة السلفية

- **شەيخ ئەبۇلۋەفا مۇھەممەد دەرۋىش:** الإسلام والروحية

- **شەيخ ئەبۇلۋەفا مۇھەممەد دەرۋىش:** خواطر في الدين والاجتماع

- **شەيخ مۇستەپا دەرۋىش:** التوراة والإنجيل ومدى التزام المسلمين بالإيمان بهما

- **شەيخ مۇستەپا دەرۋىش:** رسالة إلى بابا شنودة: مذكرة دفاع

- **شەيخ مۇستەپا دەرۋىش:** وصية المسيح- شرح وتحليل

- **شەيخ مۇستەپا دەرۋىش:** الولايات الإسلامية المتحدة: الخلافة الإسلامية

- **تارىق ھەدىييە:** أوراق من تاريخ جماعة أنصار السنة في السودان «مخطوط بتاريخ 1406هـ»

- **مىسىردىكى جامائەت تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىدىغان** «الهدى النبوي» ژۇرنىلى.

- **جامائەتنىڭ نامىدا ھازىرغىچە نەشىر قىلىنىپ كېلىۋاتقان** «التوحيد» ژۇرنىلى.

www.munber.org

- سۇداندىكى جامائەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «الإستجابة» ژۇرنىلى.

www.munber.org

## مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى

### ئېنىقلىما:

مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. كۈندىلىك ھاياتتا ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت دىننى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش سىياسىتى ۋە ئەرەب ئەللىرى، ئىسلام ئالەمىدىكى سكولارىزم ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن.

### قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ئېقىمنىڭ قۇرغۇچىسى شەيخ ھەسەن ئەلبەننا (**1324ھ ـ 1368ھ/ 1906م ـ 1949م**) مىسىردىكى بۇھەيرا يېزىلىرىنىڭ بىرىدە دۇنياغا كەلگەن. پۈتۈن ھاياتىغا روشەن ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر دىندار ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن.

ـ ئۆيىدە ۋە مەسچىتلەردە دىنى تەلىم تەلىم ئالغاندىن سىرت ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، قاھىرىدە دارۇل ئۇلۇم (ئېلىملەر يۇرتى)غا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە **1927** ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ـ ئىسمائىلىييەدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. خەلق ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ قەھۋەخانىلار ۋە سۈۋەيس قانىلى ئىشچىلىرى ئارىسىدىكى دەۋەت پائالىيەتلىرىنى بۇ يەردىن باشلىغان. ھجرىيە **1327** ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيى، مىلادى **1928** ـ يىلى ئاپرېل ئېيىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تەسىس قىلغان.

ـ **1932** ـ يىلى شەيخ ھەسەن ئەلبەننا قاھىرەگە يۆتكەلگەندە، ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىكىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قاھىرەگە يۆتكەلگەن.

ـ **1332ھ/ 1933**مىلادى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنى چىقارغان ۋە ئۇنىڭغا شەيخ مۇھىببۇددىن ئەلخەتىب (**1303ھ ـ 1389ھ/ 1886م ـ 1969م**)نى مۇدىرلىققا تاللىغان. كېيىن «ئەننەزىر» **1357ھ/ 1938**م، ئارقىدىن «ئەششىھاب» **1367ھ/1947**م... لارنى چىقارغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن گېزىت ۋە ژۇرناللارنى چىقارغان.

ـ **1941** ـ يىلى يۈز ئەزادىن تەشكىللەنگەن ھەرىكەتنىڭ تۇنجى تەسىس قىلىش ھەيئىتى شەكىللەنگەن. بۇ ئەزالارنى شەيخ ئەلبەننا ئۆزى بىۋاستە تاللىغان.

ـ قېرىنداشلار ئۆزلىرى تەشكىللىگەن كۈچلىرى بىلەن **1948** ـ يىلىدىكى پەلەستىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئىئوردانىيەنىڭ سابىق ۋەزىرى، ئىختىيارى ئۇرۇشقا قاتناشقان قېرىنداشلارنىڭ قوماندانى، ئىسلام دۇنياسى دەۋەت ۋە قۇتقۇزۇش كېڭىشى ھازىرقى باش سېكرېتارى ئۇستاز كامىل شەرىف «مۇسۇلمان قېرىنداشلار پەلەستىن ئۇرۇشىدا» ناملىق كىتابىدا بۇنىڭغا كەڭ ئورۇن بەرگەن.

www.munber.org

ـ 1948 ـ يىلى، 8 ـ نويابىر نەقراشى(شۇ چاغدىكى مىسىرنىڭ رەئىسى ـ ت) سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قېرىنداشلار ئۇنى ئۆلتۈرگەن، دەپ ئەيىبلەنگەن. نەقراشىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى جەريانىدا "نەقراشىنىڭ بېشى ئۈچۈن بەننانىڭ بېشىنى ئالىدىغانلىقلىرىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق جار سالغان. دەرۋەقە، بەننا 12 ـ فېۋرال، 1949 ـ يىلى سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ 1950 ـ يىلى رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن نۇھھاس ھەل قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ماھىيەتتىن خاتا ئىكەنلىكىگە ئائىت چىقىرىلغان دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارارىغا بىنائەن تەشكىلات ئۇستىدىكى بېسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

◈ 1950 ـ يىلى ئۇستاز ھەسەن ئەلھۇدەيبىي (1306ھ ـ 1393ھ/ 1891م ـ 1973م) مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇرشىد (ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى يولباشچى رەھبەر)لىقىغا سايلانغان. بۇ كىشى مىسىرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇقچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم قولغا ئېلىنغان، 1951 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، ئارقىدىن مۇددەتسىزلىككە يەڭگىللىتىلگەن. ئۇ ئاخىرقى قېتىم 1971 ـ يىلى قاماقتىن بوشىتىلغان.

ـ 1951 ـ يىلى ئوكتەبىر ئېيىدا مىسىر بىلەن بىرىتانىيە ئوتتۇرىسىدىكى كىرزىس ئەۋجىگە چىققىتى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قېرىنداشلار تەشكىلاتى سۇۋەيس قانىلىدا ئىنگلىزلارغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. بۇ ۋەقەنى كامىل شەرىف «سۇۋەيس قانىلىدىكى يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىش» ناملىق باشقا بىر كىتابىدا خاتىرلەپ ئۆتكەن.

◈ 1952 ـ يىلى، 23 ـ ئىيول قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى بىلەن مۇھەممەد نەجىيب رەھبەرلىكىدىكى بىر قىسىم ساقچىلار ئىنقىلاب قوزغىغان. بىراق قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئۆزلىرى بىلەن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مېتود پەرقى ئېتىبارى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى رەت قىلغان. جامال ئابدۇنناسىر بۇ خىل رەت قىلىشنى ئىنقىلابنى كونتروللىقىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇش دەپ قارىغان ۋە ئىككى تەرەپ زەنجىرسىمان شەكىلدىكى تارتىشىش، تىركىششلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ خىل ئوقۇشماسلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت 1954 ـ يىلى ئىسكەندىرىييەنىڭ مەنشىييە مەيدانىدا ئابدۇنناسىرنىڭ ھاياتىغا سۈيقەست قىلىشقا ئورۇنغان دېگەننى ھۆججەت قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئالغان، مىڭلىغان كىشىلەرنى سوراق تۇتقاي قىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئابدۇلقادىر ئەۋدە، مۇھەممەد فەرغەلىي، يۈسۈف تەلئەت، ھەنداۋىي دۇۋەير، ئىبراھىم تايىيب ۋە مەھمۇد ئابدۇللەتىيف قاتارلىق ئالتە كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

◈ 1965، 1966 ـ يىللىرى ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان يوشۇرۇن ئاپپارات تەشكىللىگەن دېگەن باھانە بىلەن قېرىنداشلارنى تۇتقۇن قىلىش تەكرارلانغان. بۇ قېتىم ھۆكۈمەت قولغا ئېلىش، ئازابلاش دولقۇنى قوزغاپ، تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئۈچ كىشىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان، ئۇلار:

ـ سەييىد قوتۇب (1324ھ ـ 1387ھ/ 1906م ـ 1966م): بۇ كىشى تەشكىلاتنىڭ بەننادىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇتەپەككۇرى ۋە يېقىنقى زامان ئىسلام پىكىر سەركىلىرىنىڭ بىرى ئىدى... ئۇ 1954 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، ئون يىل تۈرمىدە



www.munber.org

ياتقان ۋە 1964 ـ يىلى ئىراق پرېزىدېنتى ئابدۇسسالام ئارىفنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن قاماقتىن بوشىتىلغان، بىراق ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا تەكرار قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

ـ ئۇنىڭ ئەدەبىيات ۋە پىكىر ساھەسىدە نۇرغۇن ئىسلامىي ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئاساسلىقلىرى «قۇرئاننىڭ سايىسىدا»، «ئىسلامدا ئىجتىمائىي ئادالەت»، «ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تايىنىش مەنبەلىرى»، «يولدىكى بەلگۈلەر» ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

ـ يۇسۇف ھەۋاش

ـ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل

◈ تەشكىلات 1970 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئابدۇنناسىر ۋاپات بولغانغا قەدەر يۇشۇرۇن ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

◈ ئەنۋەر ساداتنىڭ دەۋرىگە كەلگەن ئابدۇنناسىر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشىلەر باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ قاماقتىن بوشىتىلغان.

◈ ئۆمەر ئەتتىلمەسانى (1904م ـ 1986م) ئەلھۇدەيبىدىن كېيىن تەشكىلاتنىڭ باش مۇرشىدلىقىغا سايلانغان. ئۇنىڭ مۇرشىدلىك مەزگىلىدە قېرىنداشلار رەھبەرلىكى تەشكىلاتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلىرى ۋە ئابدۇنناسىر دەۋرىدە مۇسادىر بارلىق مۈلۈكلىرىنىڭ قايتۇرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ جەرياندا تىلمەسانى قېرىنداشلارنى ھۆكۈمەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان يوللارغا يېتەكلىگەن ۋە داۋاملىق دەۋەت قىلىش، ھېكمەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش ۋە رادىكاللىق، زورۋانلىقتىن يىراق تۇرۇشى لازىم، دېگەنلەرنى تەكرارلاپ كەلگەن.

◈ تەشكىلات تۆۋەندىكى گېزىت ۋە ژۇرناللارنى چىقارغان: «ئەننەزىير» (ھەپتىلىك ژۇرنال)، «ئەددەئۋە» (ھەپتىلىك ژۇرنال)، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» (كۈندىلىك گېزىت)، «ئەششىھاب» (ئايلىق ژۇرنال) ۋە «مۇسۇلمانلار» (ئايلىق ژۇرنال) قاتارلىقلار بولۇپ، ھازىر بۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدىن باشقىلىرى توختىتىپ قويۇلغان.

◈ مۇھەممەد ھامىد ئەبۇننەسر: ئۇستاز تىلمەسانىدىن كېيىن مۇرشىدلىققا سايلانغان. ئۇ، تىلمەسانىنىڭ ئۇسلۇب ۋە مېتودلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان.

◈ مۇستەپا مەشھۇر: تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغۇچى ۋە ئەللىكىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئالاھىدە تۈزۈم رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ 1996 ـ يىلى ئۇستاز مۇھەممەد ھامىد ئەبۇننەسر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ باش مۇرشىدلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ ئەسىر[1]نىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى تەشكىلات رەھبەرلىكى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپ بىرى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ غەرب ئەللىرىدە تەشكىلاتقا قاراشلىق «شۆبە» نامىدىكى ئىسلام مەركەزلىرىنى قورۇشقا چىقارغان ئالاھىدە كۈچىدىن باشقا، نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

---

[1] بۇ كىتاپ 20 ئەسىردە نەشر قىلىنغان. ئاپتۇر بۇ يەردە 20 ئەسىرنى كۆزدە تۇتىدۇ. ـ تەرجىمان



www.munber.org

◈ مىسىرنىڭ سىرتىدا ئوتتۇرىغا چىققان «قېرىنداشلار»نى ياقلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

- شەيخ مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋۋاف: بۇ كىشى ئىراقتىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش نازارەتچىسى بولۇپ، بىر قانچە پارچە كىتاب يازغان. ئۇ **1959** - يىلى ئىراقتىن ھىجرەت قىلىپ مەككە مۇكەررەمەگە ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئافرىقىدا ئىسلام تارقىتىش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

- دوكتور مۇستەپا سىبائىي (**1334**ھ - **1384**ھ/ **1915**م - **1964**م)، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ سۈرىيەدىكى تۇنجى رەھبىرى. ئۇ **1949** - يىلى ئەزھەرنىڭ شەرىئەت پاكولتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. **1948** - يىلى پەلەستىنگە ئەۋەتىلگەن قېرىنداشلار باتالىئونىغا قوماندانلىق قىلغان. **1949** - يىلى ئۆزىنى دەمەشقنىڭ مىللەت ۋەكىلى نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن. ئۇ سۆزلىرىنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان، يېتىشكەن خاتىب ئىدى. سىبائىي **1954** - يىلى دەمەشقتىكى شەرىئەت پاكولتېتىنى تەسىس قىلغان ۋە ئۇنىڭ تۇنجى مۇدىرى بولغان. ئۇنىڭ «سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنچىلىقىدىكى ئورنى»، «قانۇن بىلەن فىقھىي ئارىسىدا ئايماللار» ۋە «ھەق - تەلەپ ئىشلىرى قانۇنى» ناملىق بىر قاتار كىتابلىرى بار.

- شەيخ ئابدۇللەتىيف ئەبۇ قۇررە، ھىجرىيە **1364** - يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ **13** - كۈنى (**1945** - يىلى، **19** - نويابىر) ئىئوردانىيەدە قۇرۇلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دەسلەپكى رەئىسى بولغان. ئۇ **1948** - يىلى پەلەستىنگە ئەۋەتىلگەن قېرىنداشلار باتالىئونىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.

- ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇرراھمان خەلىيفە(**1919** - يىلى توغۇلغان): ئۈچ ئىلمىي دىپلومغا ساھىب پروففىسسور خەلىيفە **1953** - يىلى **11** - ئاينىڭ **26** - كۈنى ئىئوردانىيەدىكى قېرىنداشلارنىڭ باش نازارەتچىسى بولۇپ سايلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇستاز ئابدۇلمەجىيد زەنىيبات ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ قېرىنداشلار ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈنلۈشىنى بەلگۈلەيدىغان ئەقىدە، ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇكەممەل مېتود، ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. زېمىندا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ يۇقىرى ئورۇندا بولۇشى ئۈچۈن سەئيى قىلىدىغان بىر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

- شەيخ ھەسەن ئەلبەننا بۇ ئوقۇمنى ئۆزىنىڭ «ئىسلام ئىبادەت ۋە رەھبەر، دىن ۋە دۆلەت، روھانىيلىق ۋە ئەمەل، ناماز ۋە جىھاد، تائەت ۋە ھۆكۈم، قۇرئان ۋە قىلىچ، بۇلارنىڭ ھېچ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلمايدۇ» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ.

www.munber.org

ـ قېرىنداشلار تەشكىلاتى مەيدانغا كەلگەندىن بىرى پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ دۇنياۋىلىققا ئىگە بولۇشى ۋە قۇرۇلغان مەركەزلىرىنىڭ كۆپلىكىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىر خىل پائالىيەت ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلاتتى.

ـ ھەسەن ئەلبەننا بۇ دەۋەت ھەققىدە توختىلىپ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار سەلەپىي دەۋەت، سۈننى تەرىقەت، سۈفى ھەقىقەت، سىياسى ھەيئەت، ئاكتىپ جەمئىيەت، ئىلمىي ۋە مەدەنىي بىرلىك، ئىقتىسادىي ئورتاقلىق ۋە ئىجتىمائىي پىكىردىن ئىبارەتتۇر.» دەيدۇ.

◈ ئەلبەننا قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تۆۋەندىكى شەكىلدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ:

- ئىختىلاپلىق نۇقتىلاردىن يىراق تۇرۇش.
- ئورۇن، مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ كونترولluقىدىن يىراق تۇرۇش.
- سىياسىي پارتىيە ۋە ھەيئەتلەردىن يىراق تۇرۇش.
- پىلانلارنىڭ تەشكىللىنىش ۋە پەيدىن پەيلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش.
- ئەمىلى نەتىجىنى تەشۋىقات ۋە ئېلانلاردىن يوقىرى ئورۇندا قويۇش.
- ياشلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىش.
- يېزا ـ قىشلاقلارغا تىز تارقىلىش.

◈ قېرىنداشلار چاقىرىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ـ رەببانىيلىك: چۈنكى غايىمىزنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان نەرسە، ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىشى.

ـ يەر شارى خاراكتېرلىك: چۈنكى بۇ بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان بىر چاقىرىقتۇر. بارلىق ئىنسانلار ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قېرىنداشتۇر... ئۇلارنىڭ ئەسلى بىردۇر، ئىنسانلار پەقەت تەقۋالىق، جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن ياخشىلىقى ۋە ئېھسانلىرى ئارقىلىقلا بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈندۇر.

ـ ئىسلامىيلىك: چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئاساسى ئىسلامدۇر.

◈ ئۇستاز ئەلبەننا ھەقىقي بىر قېرىنداشتىن كۈتىدىغان ئەمەلنىڭ باسقۇچلىرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ـ ئۆزىنى كۈچلۈك جىسىم، ساغلام ئەخلاق، يېتەرلىك سەۋىيە، جانغا ئەسقاتىدىغان قۇۋۋەت، دورۇست ئەقىدە ۋە توغرا ئىبادەت قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنكەنگە قەدەر ئىسلاھ قىلىشى لازىم.

ـ پىكىرلىرىنىڭ ئائىلە كىشىلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن ئاساستا مۇسۇلمانچە ياشايدىغان بىر ئائىلە قۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ

www.munber.org

ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىنى ئائىلە ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تەتبىقلاشنى داۋاملاشتۇرۇش.

ـ جەمئىيەتنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق يېتەكلەش، رەزىل ۋە گۇناھ ئىشلارغا قارشى تۇرۇش.

ـ ئىسلامىي بولمىغان بارلىق ئەجنەبى سۇلتانلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە روھىي بېسىملىرىدىن ۋەتەننى ئازات قىلىش.

ـ ھەقىقىي ئىسلامىي بولغانغا قەدەر ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش.

ـ ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ ۋەتەنلىرىنى ئازات قىلىش ۋە شەرەپلىرىنى يېڭىدىن تىكلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

ـ ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقىتىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئۇستازلىقىنى قىلىش. ئىسلام چاقىرىقى شۇنداق تارقىلىدۇكى، پۈتنە تۈگەپ، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ بولىدۇ. «الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ». ـتەۋبە سۈرىسى، 32 ـ ئايەت.

◈ ئەلبەننا دەۋەتنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىيدۇ:

1 ـ تونۇتۇش

2 ـ قورۇش

3 ـ ئىجرا قىلىش

◈ شەيخ ئەلبەننا «تەلىماتلار رىسالىسى» دە «بەيئىتىمىزنىڭ ئاساسى، چۈشىنىش، ئىخلاس، ئەمەل، جىھاد، پىداكارلىق، ئىتائەت ۋە مۇستەھكەملىك، خالىسلىق، قېرىنداشلىق ۋە ئىشەنچتىن ئىبارەت ئون تۈرلۈكتۇر، بۇنى ئىسخلاردا چىڭ تۇتۇڭلار». دەيدۇ ۋە ئارقىدىن بۇ ئاساسلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرھىيلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

«ھەقىقىي قېرىندىشىم، بۇ سېنىڭ چاقىرىقىڭنىڭ خۇلاسىسى، پىكرىڭنىڭ قىسقارتىلغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن شەكلىدۇر. سەن بۇ پرىنسىپلارنى"ئاللاھ غايىمىز، پەيغەمبەر نەمۇنىمىز، قۇرئان شەرىئىتىمىز، جىھاد يولىمىز، شەھىدلىك يۈكسەك ئارزۇيىمىز" دىن ئىبارەت بەش جۈملىگە يىغىنچاقلىيالايسەن. بۇنىڭ ئىپادىلىنىشىنى يەنە "ئاددى ـ ساددىلىق، قۇرئان ئوقۇش، ناماز ئوقۇش، ئەسكەرلىك ۋە ئەخلاق" تىن ئىبارەت باشقا بەش سۆزگە يىغىنچاقلا».

◈ سەييىد قۇتۇب ئۆزىنىڭ «ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تايىنىش مەنبەلىرى» ناملىق كىتابىدا ئۆزى ۋە قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىسلامغا نىسبەتەن چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى (رەببانىيلىق... تەۋرەنمەسلىك... ئومۇمىيلىق... مۆتىدىللىك... ئىجابىيلىق... ئەمەلىيەتچىل... تەۋھىد) قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يازغۇچى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم بىر باب قىلىپ، شەرھىيلەيدۇ ۋە مەنىسىنى ئايدىڭلىتىدۇ.

www.munber.org

◈ قېرىنداشلارنىڭ بەلگىسى: قۇرئان كەرىمنى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرغان ئىككى قىلىچ، قۇرئان كەرىمنىڭ «ھازىرلىق قىلىڭلار» دېگەن كەلىمىسى ۋە "ھەقىقەت، كۈچ، ئەركىنلىك" دېگەن ئۈچ كەلىمە سۆز.

◈ تەشكىلات ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن بىۋاستە قارشىلىشىش ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەن. چۈنكى ئۇ خىل ئۇسلۇب مەيلى مىسىر ياكى سۈرىيەدە بولسۇن تەشكىلاتقا زىيان ئېلىپ كەلگەن، قانچىلىغان تەسىرى ياخشى رەھبەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان، تەشكىلاتقا قاتناشقانلارنىڭ تۈرمە، قاماقخانىلاردا قىيناشلارغا دۇچار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ھالدا دەۋەتنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەھۋالىنى قولدىن بېرىپ قويغان.

◈ تەشكىلاتنىڭ كەسپى ئورگانلارغا نىسبەتەن تەسىرى روشەن بولغان، تۈرلۈك سىياسي ساھەلەردە كۆرىنەرلىك رول ئوينىغان.

◈ مىسىر ھۆكۈمىتى ھازىرغا قەدەر دىننىڭ سىياسەتكە سوقۇنۇپ كىرمەسلىكىنى باھانە قىلىپ، دىنى ئاساسقا ئىگە پارتىيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا رۇخسەت قىلماي كىلىۋاتىدۇ. يەنە مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىقلارنىڭ بولۇشىمۇ قېرىنداشلارنى ئېتىراپ قىلىنىدىغان قانۇنلۇق ۋۇجۇدىنىڭ بولۇشىدىن مەھرۇم قىلغان. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى مەۋجۇت ئۆكتىچى سىياسي پارتىيىلەر بىلەن ئىتىپاقلىشىشقا ۋە تەشكىللەنگەن شۇ ئىتىپاق ئارقىلىق مىسىر مىللەت مەجلىسىگە كىرىش ئىزنىگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ھەمكارلىق ۋە تەشكىلاتنىڭ باشقا بىر قىسىم پائالىيەتلىرى ئوخشاش بولمىغان نوقتىلاردا قىسمەن قوللىغۇچىلىرى ۋە ئۆكتىچىلىرىنىڭ بىر قىسىم تەنقىدلەشلىرىگە سەۋەب بولغان.

◈ قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا قارىتىلغان بۇ تەنقىدلەر يالغۇز سىياسي پوزىتسىيىسىگىلا ئەمەس، ئەقىدە، مېتود ۋە ھىمايە قىلغۇچىلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئىبارەت باشقا بىر قىسىم تەرەپلەرگىمۇ قارىتىلغان. ئەقىدە بابىدا ئەلبەننانىڭ ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەتنىڭ سۈپەتلىرىنى ساناش جەريانىدىكى "سۈپىزمچە ھەقىقەت" دېگەن سۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بابىدىكى "ۋاكالەت"لىك مەيدانىنى تەنقىد قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە ئىنتايىن ئېنىقكى، ھەسەن ئەلبەننانىڭ سۈپىزم چۈشەنچىسى ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتە ئېغىپ كەتكەن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسى ئەمەس، زاھىدلىققا ئويغۇن كېلىدىغان تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەتتۇر. ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تىمىغا كەلگەندە بەننا سەلەپلەرنىڭ مېتودىنى ئىنسان، ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەنىلەرنى مەيلى ھېس قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇ يەنىلا "ئەڭ ساغلام، ئەگىششكە ئەڭ مۇۋاپىق" مېتود، دەپ قارايدۇ.

◈ تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى شەيخ ھەسەن ئەلبەننانى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاش بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. ھالبۇكى، رەھبەرلەر ۋە ئاتاقلىق كىشىلەرنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاش ئىنسانلاردىكى بىر خىل ئادەت بولۇپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن ساقلىنىپ بولالمايدۇ؛ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن بىر قىسىم سالىھ كىشىلەرنىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختىشىدۇ. بۇ خىل چېگرادىن ھالقىپ ماختاش ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە تەۋە

www.munber.org

كىشىلەردە باسقۇچ ۋە تارقىلىشىغا قاراپ ئوخشىمىغان سەۋىيىدە روشەن مەۋجۇت. بىرى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنى دەرىجىدىن تاشقىرى ماختىسا، يەنە بىرى ھەسەن ئەلبەننانى ماختايدۇ، ئۇچىنچىسى مەۋدۇدىنى كۆككە كۆتۈرسە، تۆتىنچىسى سەييىد قۇتۇب... ۋاھاكازالارنى دەرىجىدىن ھالقىغان ھالدا كۆككە كۆتىرىدۇ. ئەسلىدە ھەممەيلەن سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئاساس قىلغان ئىسلامىي مېتودنى چىڭ تۇتۇشلىرى كېرەك ئىدى؛ چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسىمۇ، ئەتتىلمەسانى، سەئىيد ھەۋاغا ئوخشىغان بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلامنىڭ ساغلام چۈشەنچىسى توغرا دەپ قارىمايدىغان ئىجتىھاد ۋە ئىبارىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتەك، چىگرادىن ھالقىپ ماختاش دىنىمىزدا چەكلەنگەن. ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر بىر كىشىنىڭ سۆزلىرىدىكى خاتالىق ئۆزگە قايتۇرىلىدۇ.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ مەنبەسى:

◈ قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىقى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقى، سەنۇسى ۋە سەييىد رەشىيد رىزالارنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ چاقىرىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىجرىيە **728** (مىلادى **1328** ـ يىلى) ـ يىلى ۋاپات بولغان ئىبنى تەيمىييە مەدرىسىسىنىڭ داۋامى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ مەدرىسە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ مەدرىسىسىگە تايىنىدۇ.

◈ قېرىنداشلار تەسەۋۋۇپتىن نەپسىنى تەربىيلەش، پاكلاش ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن ساغلام ئەقىدىدىكى سەلەبىلىك ۋە يولەنمىلىكتىن خالىي ھالدىكى مۇتەسەۋۋۇپلار ياشىغان ھاياتنى ياشاشقا ئائىت نوقتىلارنى قوبۇل قىلغان.

◈ ئەلبەننا يۇقىرىقى چاقىرىقلارنى ئۆز دەۋىتىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن باشقا، ئومۇمەن بارلىق رايونلاردا، خۇسۇسەن مىسىردا جانلىنىشقا باشلىغان ئېقىملارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مۇھىت ۋە دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن نوقتىلارنى ئىلاۋە قىلغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ ھەرىكەت ئىسمائىلىيىيەدە باشلىنىپ، كېيىنچە قاھىرەگە يۆتكەلگەن. ئۇ يەردىن مىسىرنىڭ كۆپ ساندىكى ناھىيە ـ قىشلاقلىرىغىچە تارقالغان. قىرىقىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مىسىردىكى شۆبىلىرى **3000** يەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن ئەزا قوبۇل قىلغان.

www.munber.org

◈ بۇ ھەرىكەت باشقا ئەرەب ئەللىرىگە يۆتكىلىپ، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، لىۋىيە، ئىراق، يەمەن، سۇدان ۋە باشقا رايونلاردا كۈچلۈك نۇپۇزغا ئىگە بولغان. ھازىرقى كۈندە، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئەگەشكۈچىلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، نىشانى قۇرئان ۋە سۈننەت بويىچە ھۆكۈم قىلىش، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش، دىنىنى دۇنيادىن ئايرىش سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، سكولارىزمنىڭ تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زېمىندا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ يوقىرى ئورۇنغا چىقىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، تارتىشىش نوقتىلىرىدىن يىراق تۇرىدىغان، ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش مەقسىتىدە ئۆزلىرى، مۇھىتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بۇ چاقىرىق ئارقىلىق ياشلارنى تەربىيلەيدىغان دۇنياۋىي بىر ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. باشقا ھەرىكەتلەرگە ئوخشاشلا، قېرىنداشلار ھەرىكىتىمۇ مېتود ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تەنقىدلەرگە دۇچ كەلگەن.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ھەسەن ئەلبەننا: ئالاھىدە قورۇلتايلاردىكى ئۇسۇل ۋە پرىنسىپلار - المؤسسة الإسلامية- شىھاب نەشرىياتى، قاھىرە، بىرىنچى نەشرى، **1400ھ/1980**م. مۇسۇلمان قېرىنداشلار نەشرىياتى، **1354**ھ.
- مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ تۈزىتىلگەن ئومۇمىي قانۇنىي
- مەھمۇد ئابدۇلھەلىيم: الإخوان المسلمون: أحداث صنعت التاريخ- دەۋەت نەشرىياتى، ئىسكەندەرىييە، بىرىنچى نەشرى. سەفىير گېزىتى مەتبەئەلىرى - **1979**م.
- ئەنۋەر ئەلجۇندىي: حسن البنا، الداعية الإمام المجدد- قەلەم نەشرىياتى، بېيرۇت.
- يۇسۇف ئەلئەزم: الشهيد سيد قطب- قەلەم نەشرىياتى، بېيرۇت.
- د.زەكەرىييا سۇلايمان بەييۇمىي: الإخوان المسلمون والجماعات الإسلامية- ۋەھبە كىتابخانىسى، قاھىرە.
- ھەسەن ئەلبەننا: مذكرات الدعوة والداعية- (المكتب الإسلامي)، تۆتىنچى باسما بېيروت، **1399ھ/1979**م، شىھاب نەشرىياتى - قاھىرە.
- مجموعة رسائل الإمام حسن البنا



www.munber.org

- د.ریچارد میچل: الإخوان المسلمون- تەرجمە: ئابدۆسسالام ریزۆان، مەدبۆلی کتابخانسی، بیرینچی نەشری ـ قاهرە، 1977م.

- ئیسهەق مۆسا ئەلهۆسەینی: الإخوان المسلمون كبرى الحركات الإسلامية الحديثة.

- مۆهەممەد شەۆقیي زەكیي: الإخوان المسلمون والمجتمع المصري.

- د.رەفئەت سەییید ئەهمەد: الحركات الإسلامية في مصر و إيران- سینا نەشریياتی.

- تقرير أستراتيجي عن جماعة الإخوان المسلمين والجماعات الأخرى ـ بۆ دوكلاتنی مسر ئەلئەهرام گێزتی سیاسیي ئیستراتیگیه تەتقىقات مەركىزى هازیرلىغان. (بۆنىڭغا يەنە د.ئەلی جۆرەيشی ئىلاۋە يازغان.)

- ئۆمەر ئەتتىلمەسانیي: شهيد المحراب.

- سەئىيد هەۋا: جند الله ثقافة وأخلاقا.

www.munber.org

# ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى

# ئىسلام جامائىتى

ظئنعقلعما:

ئىسلام جامائىتى (الجماعة الإسلامية) ھىندىستان - پاكىستان يېرىم ئارىلىدىكى ھازىرقى زامان ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، كۈچىنى ئىسلام شەرىئىتىنى يولغا قويۇش، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلاش، رايۇنىنى كونتروللۇقىغا ئېلىشقا ئورنىتىۋاتقان سكولارىستىك ئېقىملارنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا قاراتقان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئەبۇلئەئلا ئەلمەۋدۇدى (1321ھ - 1399ھ/ 1903م - 1979م) ھەيدەر ئاباد ۋىلايىتىنىڭ ئۆرنەك ئاباد شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ تەلىم - تەربىيەسىنى ئاتىسى سەييىد ئەھمەد ھەسەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىگەللىگەن. بۇ كىشى نەسەب جەھەتتىن دىندارلىق ۋە روھانىيلىق ئورنى بىلەن شۆھرەت قازانغان قۇتبۇددىن مەۋدۇد ئائىلىسىگە تەۋە ئىدى.

- ئۇ دەۋەت ھاياتىنى 1918 - يىلى ئاخبارات ساھەسىگە قەدەم قويۇش بىلەن باشلىغان. 1920 - يىلى ئىسلامنى يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بىر ئاخباراتچىلار سېپىنى تەشكىللىگەن. ئۇ بىر قانچە گېزىتتە يازغۇچى، مۇدىر ۋە رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

- ئۇنىڭ 1928 - يىلى نەشىر قىلىنغان «ئىسلامدا جىھاد» ناملىق كىتابى ئىنگلىزلار، بۇددىستلار ۋە ھەر قايسى ئەللەردىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان.

- 1933 - يىلى ھەيدەر ئابادتا «تەرجۇمانۇل قۇرئان» ژۇرنىلىنى چىقارغان بولۇپ، شۇئارى «ئەي مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ چاقىرىنى كۆتۈرۈڭلار، ئويغۇنۇڭلار، دۇنيانىڭ ئۈستىدە قانات قېقىپ ئۇچۇڭلار» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ۋاستىسى بىلەن كېيىنكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ئىسلام جامائىتىنىڭ قورۇلۇشىغا زېمىن ھازىرلانغان بولدى. ئۇ ھىندىستان, پاكىستان يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارغا بۇ ساھەدىكى پىكىرلىرىنى مۇشۇ خىل شەكىلدە يەتكۈزگەن.

- 1937 - 1938 يىللىرى مۇھەممەد ئىقبال (1873م - 1938م) نىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن لاھورغا كەلگەن ۋە باتھانكوتتا بىر ئىسلام سارىيى قورۇپ، بۇ يەردە بىر ياندىن ئەرلەرنى تەربىيلىسە، يەنە بىر ياندىن كىتابلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن.



www.munber.org

ئەمما مەۋدۇدى كىلىپ بىر قانچە ئاي ئۆتمەيلا ئىقبال ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان.

- مەۋدۇدى نەشىر قىلىنىۋاتقان «تەرجۇمانۇل قۇرئان» ژۇرنىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە رەھبەرلىرىنى دەۋەت قىلىپ، **1941**-يىلى، **26**-ئاۋغۇستتا لاھوردا ئېچىلماقچى بولغان بىر قورۇلتايغا ئىشتىراك قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلغان. دەرۋەقە بۇ قورۇلتايغا ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 75 كىشى قاتناشقان. بۇ قېتىملىق قورۇلتايدا ئىسلام جامائىتى قورۇلغان ۋە مەۋدۇدى ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

- ئۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنى بىرىتانىيىلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. مەۋدۇدىنىڭ مۇستەملىكە كۈچلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا چىقارغان جاسارەتلىك پەتىۋاسى ئىسلام جامائىتىنىڭ دەسلەپ قورۇلۇشىدىن باشلاپلا تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن.

- **1947**-يىلى، **28**- ئاۋغۇست بۇددىست ھىندىستاندىن ئايرىلغان پاكىستان مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندىكى جامائەت ئۈچۈن پەقەت ئىدارە ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، يېڭى بىر رەھبەرلىك ئوتتۇرىغا چىقتى. بارغانچە كۈچلەنگەن جامائەت مۇسۇلمان مۇھاجىرلار ئۈچۈن چېدىرلارنى قورۇش، ئەھۋال تۇراقلاشقانغا قەدەر ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشتەك ئىشلاردا ئۆز پۈتىغا تايىنىپ تۇرالايدىغان دەرىجىگە كەلدى.

- مەۋدۇدى پاكىستاندا ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا قارشى چىققۇچىلار بىلەن قىلغان مۇجادىلىدىكى پوزىتسىيە ۋە جاسارىتى سەۋەبىدىن ھاياتىدا بىر قانچە قېتىم قولغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىنچە يەڭگىللىتىلگەن. بۇ خىل قاماققا ئېلىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوي ئەگدۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرگەن، دەۋەت ۋە ئىسلامىي پرىنسىپلىرىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشقا ئېلىپ بارغان.

- ئىسلام جامائىتى كەشمىر مۇجاھىدلىرىنىڭ ھىندىستانغا قارشى ئېلىپ بارغان جىھاد ھەرىكەتلىرىگە ياردەم قىلغان. سەھىيە مەركەزلىرى، چېدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ساھە بويىچە ئۇلارغا ھەمدەم بولغان.

- **1971**-يىلى پاكىستان ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، غەربىي قىسمى پاكىستان ئىسمىدا قېلىپ قېلىپ، شەرقىي قىسمى بىنگال نامى بىلەن تونۇلغان. بۇ خىل بۆلۈنۈش شەيخ مەۋدۇدىنى تولىمۇ بىئارام قىلغان.

- **1972**-يىلىدىن باشلاپ، مەۋدۇدى ئۆزىنىڭ تەلۋى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەپلىك جامائەتنىڭ رەئىسلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ، تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ «تەفھىيمۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىنى پۈتتۈرۈشكە بەل باغلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، جامائەتنىڭ رەئىسلىكىگە مىيان مۇھەممەد تۇفەيل تەيىنلەنگەن.

www.munber.org

ـ 1979 ـ يىلى، 27 ـ فېۋرال كۈنى، پادىشاھ فەيسالنىڭ ئىسلام خىزمىتى مۇكاپاتى مەۋدۇدىگە بېرىلگەن. ئۇ مۇكاپاتنىڭ پۇلىنى لاھوردىكى ئىسلام مائارىپ مەركىزىنى قورۇشقا ئىئانە قىلغان.

ـ ھىجرىيە 1399 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (22/9/1979) مەۋدۇدى نىيو يوركتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، رەببىنىڭ رەھمىتىگە يول ئالدى. ئۇنىڭ جەسىتى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ غايەت زور قايغۇسى ئىچىدە لاھورغا يۆتكەپ كېلىنگەن.

ـ مەۋدۇدى ئارقىسىدا دەۋەت، تەربىيىلىگەن ئىنسانلار، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە قانچە قېتىملاپ نەشىر قىلىنغان كۈتۈبخانا توشقۇزغۇدەك ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ـ مەۋدۇدى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ دەۋەتچىلەر ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشقا سەۋەپ بولغان بىر قىسىم قاراشلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرگە ئائىت نوقتىلاردا تېخىمۇ شۇنداق.

◈ مىيان تۇفەيل مۇھەممەد: 1914 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، جامائەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. مەۋدۇدىي مەزگىلىدە جامائەتنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن، 1972 ـ يىلىدىن كېيىن جامائەتكە رەئىس بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن. 1977 ـ يىلى قايتا رەئىسلىككە سايلىنىپ تاكى 1987 ـ يىلىغىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. مەۋدۇدىي بىلەن بىرگە قاماققا ئېلىنغان. ئۇ پاكىستان ۋە چەتئەللەردە بولۇپ نۇرغۇن قورۇلتايلارغا قاتناشقان ۋە ئۇچرىششلاردا بولغان. ئۇ فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە قانۇن ساھەلىرى بويىچە باكالاۋۇرلۇق دىپلوملىرىغا ئىگە.

◈ قازىي ھۈسەيىن ئەھمەد: جامائەتنىڭ باش كاتىپى ئىدى، مىيان تۇفەيل مۇھەممەدتىن كېيىن، يەنى 1987 ـ يىلى رەئىسلىككە سايلانغان.

◈ خۇرشىد ئەھمەد: مۇئاۋىن رەئىس. ئۇ 1978 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەتتە مىنىستىر ۋە پاكىستان مىللەت ۋەكىللىرى مەجلىسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

◈ مۇھەممەد ئەسلەم: جامائەتنىڭ باش كاتىپى.

◈ خەلىل ئەھمەد ئەلھامىدى: ئەرەب تىلى بۆلۈمى ۋە مەۋدۇدىي خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات ئىنىستىتوتىنىڭ مودىرى.

◈ خۇررەم جاھ مۇراد: (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھىجرىيە 1416 ـ يىلى پاكىستاندا ۋاپات بولغان. ئۇ ئەنگىلىيە (لىستەر) ئىسلام مۇئەسسەسەسى مۇدىرى ۋە بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئىسلام جامائەتنىڭ شەرقىي پاكىستان پايتەخت مۇدىرى ئىدى. ئۇ ھازىر باش كاتىپلىق قىلىۋاتىدۇ.

◈ ئەمىين ئەھسەن ئىسلاھىي: ئالدىنقى سەپتىكى ئالىملاردىن بىرى، ئۇ مەۋدۇدىي بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان. ئۇ ئىلگىرىلا، جامائەتنىڭ سىياسەتكە ئارىلاشقانلىقى ۋە سايلامغا قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن جامائەتتىن ئايرىلغان. ئەمما ئۇنىڭ كىتابلىرى ھېلىھەم جامائەتنىڭ پروگراممىلىرى قاتارىدا دەرسلىك قىلىنىپ كەلمەكتە.

www.munber.org

◈ پروففېسسور ئابدۇلغەففۇر ئەھمەد: جامائەتنىڭ كاراچىسى شۆبە مۇدىرى بولۇش بىلەن بىرگە 1978 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى پارلامېنت ئەزاسى، سانائەت ۋە كان ئىشلىرى مىنىستىرى بولغان.

◈ مەھمۇد ئەئزەم ئەلفارۇقىي: 1978 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى پارلامېنت ئەزاسى ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرى بولغان.

◈ سەييىد ئەسئەد ئەلجەيلانى: پەنجاب رايونىنىڭ رەئىسى, ئىسلام جامائىتىنىڭ مەركىزى پارلامېنتىدىكى سابىق ئەزاسى. ئۇ ئىسلام ھايات ساھەسىنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدا 80 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان.

◈ چودىرى رەھمەت ئىلاھىي:1978 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەتتە سۇ ۋە ئېنېرگىيە مىنىستىرى بولغان.

(ئىككىنچى ھىندىستاندا، ـ ت)

◈ ئەبۇللەيس ئەلئىسلاھىي ئەنندەۋىي: جامائەتنىڭ ھىندىستاندىكى تۇنجى رەئىسى بولغان بولۇپ، كېيىن رەئىسلىكنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قايتا سايلانغان، ئۇ ھازىرغىچە ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

◈ شەيخ مۇھەممەد يۇسۇف: ئەبۇللەيسنىڭ تۇنجى قېتىملىق رەئىسلىكىدىن كېيىنلا جامائەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

◈ سەييىد ھامىد ھۇسەين: كۆزگە كۆرۈنگەن دەۋەتچى ۋە يېتىشكەن خاتىب. ھىجرىيە 1405 ـ يىلى ھەج پائالىيىتىدىن كېيىن جىددىدە ۋاپات بولغان.

◈ ئەفدال ھۇسەين: جامائەتنىڭ ھازىرقى باش كاتىپى. ئۇ تەلىم ـ تەربىيە مۇتەخەسسىسى بولۇپ، بۇ ساھەدە ئوتتۇز پارچىغا يېقىن كىتاب يازغان.

◈ سەييىد ئەھمەد ئۇرۇج ئەلقادىرى: ھازىر جامائەتنىڭ رەئىس مۇئاۋىنى ۋە جامائەتنىڭ ھىندىستاندىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان مەتبۇئاتى بولغان «زىندەگى» (ھايات) ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى.

◈ ئەبۇلكەلام مۇھەممەد ئەبۇ يۇسۇف: بىنگالدىكى جامائەتنىڭ 1972 ـ يىلى پاكىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى رەئىسى.

◈ ئاببas ئەلى خان: جامائەتنىڭ ھازىرقى رەئىسى.

◈ غۇلام ئەئزەم: ھۆكۈمەت ئۇنىڭ دەۋەت ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش، دەۋەت پائالىيىتىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇخرالىق سالاھىيىتىنى تارتىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە پۇخرالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان ھالدا ياشىغان. پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى شەرقىي پاكىستاندىكى جامائەتنىڭ رەئىسى بولغان. تۆرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىنگالدىكى جامائەتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

◈ دەۋەت نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جامائەتنىڭ ئەقىدىسى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، تەۋھىدكە چاقىرىش، ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇش، ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەردە پىكرى ئاساسىي جەھەتتىن بۇ ئەقىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيتتى.

- مەۋدۇدىنىڭ قارىشى ئىزچىل ھالدا «ئىسلام يالغۇز ھايات پەلسەپىسى ئەمەس، ھاياتنىڭ قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر. كۆز ئالدىمىزدا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نەمۇنىلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ، پەقەت گەپ - سۆز ئارقىلىقلا ئىسلامغا خىزمەت قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» تىن ئىبارەت ئىدى.

◈ جاماظةتنعث غايعسع:

جامائەتنىڭ غايىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- ئىسلام بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەخسۇس ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نىزامدۇر.

- مۇسۇلمانلارنى دىنىنى پەقەت يالغۇز ئاللاھقا خالىس قىلىشقا، ئۆزلىرىنى قارىمۇ قارشىلىق ۋە پاسىقلىقتىن پاكلاشقا چاقىرىش.

- بارلىق زېمىن ئەھلىنىڭ مۇستەبىت تاغۇتلار ۋە چىرىك ئاسىيلارنى مەۋجۇت ھۆكۈملەردىن يىراق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى پىكرى، ئىلمىي رەھبەرلىكنى تارتىپ ئېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش.

◈ مەۋدۇدىي جىھادىنى تۆت نوقتىغا قارشى ئېلىپ بارغان:

- ھىندىستان دائىرىسىدىكى بىر مىللەتچىلىك نەزىرىيىسى: بۇ كونگرېس پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندوسلار ئارىسىدىكى ئورتاق مىللەتچىلىك چاقىرىقى ئىدى. مەۋدۇدىي بۇ ساھەدە ئۆزىنىڭ «مۇسۇلمانلار ۋە ھازىرقى توقۇنۇش»، «مىللەتچىلىك مەسىلىسى» ناملىق ئىككى كىتابىنى يېزىپ چىققان.

- غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كونترولluqى ۋە ھاكىملىقى.

- ئىسلامغا قارشى قاراشتىكى رەھبەرلەر.

دىنى قاتماللىققا ياتىدىغان پىكىرلەر.

◈ مەۋدۇدىي ھەرىكەتنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ ئىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى:

- پائالىيەتلىرىدىكى بۇرادەرلىرىنىڭ پەقەت ئىمان ئېتىبارى بىلەن كۈچلۈك بولۇشى يېتەرلىك بولماستىن، بۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسى يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشلىرى كېرەك ئىدى.

- دەۋەتنىڭ تۈزۈمى پىلانلىق ۋە ساغلام تۈزۈلۈشى، بىپەرۋالىق ۋە ھارغىنلىقنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم.

www.munber.org

- دەۋەتچىلەرنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا كىلاسسىك ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە يېڭى ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىلدىن خەۋەردار بولۇشتەك ئىككى تۈرلۈك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇشى لازىم.

◈ مەۋدۇدىي 1948 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لاھوردىكى ھوقۇق پاكولتىتىدا سۆزلىگەن بىر نوتقىدا، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ غايىسى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى لازىم دەپ قارىغان تۆت نوقتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلار:

- پاكىستاندىكى ھۆكۈمدارلىق يالغۇز ئاللاھنىڭدۇر. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن باشقا سالاھىيىتى يوق.

- ئىسلام شەرىئىتى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى.

- ئىسلام شەرىئىتىگە ئويغۇن بولمىغان بارلىق قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە كېلەچەكتىمۇ ئىسلام شەرىئىتىگە زىت قانۇنلارنى تۈزمەسلىك.

- پاكىستان ھۆكۈمىتى ئىسلام شەرىئىتى سىزىپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىشى لازىم.

◈ مەۋدۇدىي ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نوقتىلارنىڭ تەسىرى زور بولغان. ئوخشىمىغان رايۇنلاردىن بۇ قاراشلارنى تەلەپ قىلغان، قوللىغان يۈسۈندا مىڭلارچە خەتلەر كەلگەن. ئىشنىڭ بېشىدا پاكىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بۇ سەۋەبلىك مەۋدۇدىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قولغا ئالغان. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت بۇ نوقتىلارغا ئىللىق قاراشقا باشلىغان ۋە بۇگۈنگە قەدەر دۆلەتنىڭ دىنىي ساھەدە ئاساسى سانىلىدىغان غايىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممىگە تونۇشلۇق «تەسىس جەمئىيىتى» قارارى 1949 - يىلى، 3 - مارتتا ئېلان قىلىنغان.

◈ جامائەتنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋاستىلىرى:

- پىكىرنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى بېيىتىش، بىخلاندۇرۇش ئارقىلىق ۋەدە ئېلىش. كۆپىنچە كىشىلەر مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەن غەرب مەدەنىيىتىنى تەنقىدلەش.

- سالىھ كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى ساغلام ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەش.

- جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ قېرىنداشلىق، ئادالەت ۋە باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئىلمىي ھەل قىلىش.

- ئىجتىمائىي چىرىكلىكلەر ئۈچۈن ئىسلاھات پروگراملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى ئاساسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنىنى سالىھ كىشىلەرگە تۇتقۇزۇشقا شارائىت ھازىرلايدىغان ئىسلامىي ئاڭنى تارقىتىش.



www.munber.org

◈ جامائەت ئىنتىزاملىق بىر ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، «ئىسلامىي ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى» نامىدا شەكىللەنگەن بۇ تەشكىلات پائالىيەت ۋە ئىدارە ئىشلىرىدا مۇستەقىل ئىدى.

- جامائەت ئافغان مۇجاھىدلىرى، پاناھلانغۇچىلىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى، ئۇلارغا چېدىر، دوختۇرخانا ۋە باشقا جەھەتلەردە ھەمدەم بولدى. جامائەت ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئوخشاش شەكىلدە پاكىستاندا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

◈ جامائەت 1947 ـ 1956 ـ يىللار ئارىسىدىكى توققۇز يىل بويىچە سوتسىيالىستلار، ھىندىلار ۋە دىنسىزلار بىلەن توقۇنۇشتى. نەتىجىدە ئىسلامىي ئېقىمنىڭ بىر تۈرلۈك غەلىبىسى سۈپىتىدە 1956 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن تۈزۈلدى. بۇ توقۇنۇش بۈگۈنگە قەدەر ئوخشىمىغان شەكىللىرى بويىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

◈ پاكىستاندىكى جامائەتنىڭ ئاساسىي قانۇندا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئورۇن ئالغان:

- جامائەت ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئاساسىي مەنبە سۈپىتىدە ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ.

- جامائەت دۇنيادىكى باشقا يۇشۇرۇن جەمئىيەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە غايىسىگە يېتىش يولىدا قەتئىي ھالدا يۇشۇرۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارمايدۇ. ئېلىپ بارغان بارلىق ئىشلىرىنى ئاشكارا ۋە يورۇقچىلىقتا ئېلىپ بارىدۇ.

- جامائەت ئۆزى چاقىرىۋاتقان ئىسلاھاتلار ۋە مەقسەت قىلغان ئۆزگىرىشلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا قانۇن ۋە دەستۇرنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. جامائەت پىكرىنىڭ ھىمايىگە ئېرىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

◈ جامائەتنىڭ ئەمىرى (رەئىسى) ۋە كېڭەش مەجلىسى بولۇپ، ئىسلام دەۋەت ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلامىي ھەيئەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋىتى بار.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ مەنبەسى:

◈ ئەبۇلئەئلا ئەلمەۋدۇدىينىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى دەرىجىكى مەنبەسى ئاللاھنىڭ كىتابى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر.

◈ ئۇنىڭ چاقىرىقى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ دەۋىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغان؛ چۈنكى، ئۇمۇ ئەقىدىنىڭ شىرىكنىڭ بارلىق شەكىللىرىدىن تازىلىنىشى، ئىككى ساغلام مەنبەگە قايتىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ھەر بىر ئىشتا دەلىلگە تايىنىش ۋە بىدئەتنى تەرك ئېتىش ئىشلىرىدا ئالاھىدە چىڭ تۇراتتى.

◈ مەۋدۇدىي مۇسۇلمان پاكىستاننىڭ بۇددىست ھىندىستاندىن ئايرىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن ئىسلام پەيلاسوپى مۇھەممەد ئىقبالنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغان. ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار پەقەت ئۈچ قېتىم ئۇچراشقان ۋە بۇ



www.munber.org

ئۇچىرىششلاردا قاراشلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن يىتەرلىك دەرىجىدە ئوخشاش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان.

◈ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلاردىن بىرى ئىسلام جامائىتىنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دەۋىتى ئارىسىدا ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنىڭ بارلىقى. ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئۆز ئارا ئوقۇلىدۇ ۋە ئوقۇتىلىدۇ. ھەسەن ئەلبەننا مەۋدۇدىنىڭ «ئىسلامدا جىھاد» ناملىق كىتابىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن مەۋدۇدىنىڭ جىھاد قارىشىدا ئورتاقلىق بار ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىپ، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەنلىكىنى تىلغان ئالغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ئىسلام جامائىتى ھىندى ـ پاكىستان يېرىم ئارىلىغا مەركەزلەشكەن.

◈ پاكىستاندىكى مەركىزى لاھورنىڭ مەنسۇرى شەھرى.

◈ گەرچە جامائەت ئەزالىرىنىڭ بىنگال، ھىندىستان، سىرىلانكا، كەشمىر.. قاتارلىق جايلاردا بىر قانچىلىغان رەھبەرلىك ئورگانلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پىكرى، يۆنۈلىشى بىر بولۇپ، بىر جايدىكىسى يەنە بىر يەردىكىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇ پەقەت ئىدارە ئىشى ئۈچۈنلا شۇنداق بولغان.

◈ جامائەتنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىن بارغان كىشىلەر ئارىسىدا ئورنى ۋە پائالىيەتلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى پاكىستاندىكى دەۋەت ئىشلىرى ۋە تاپقان نەرسىلىرى بىلەن ئىسلام ئەۋلادلىرىنى تەربىيلەش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان.

◈ ئىسلام جامائىتىنى تەنقىد قىلغۇچىلار مەۋدۇدىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جامائەتكە قارىتا بىر قىسىم تەنقىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، گاھىدا ھارامنىمۇ ئۆز ئالىدۇ.

<u>**يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى**</u>، ھىندى ـ پاكىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام جامائىتى بىر ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ۋە سكولارىزمنىڭ بارلىق شەكىللىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنى شەيخ ئەبۇلئەئلا ئەلمەۋدۇدىي تەسىس قىلغان بولۇپ، سۈننى ئەقىدىسىدىكى، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ياقلايدىغان، ئىسلامنى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزۈمى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي يىتەكچىسى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ جامائەت مۇسۇلمانلارنى تار مىللەتچىلىك نەزىرىيىسىدىن يىراق ھالدا تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىش، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇش، ئىسلام پىكرىگە ئويغۇن بولمىغان بارلىق قاراشلارنى يوقىتىش ۋە دىنى قاتماللىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان پىكىرلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەش كېرەك، دەپ قارايدۇ. مەۋدۇدىي ھاكىمىيەتنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا

خاس ئىكەنلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان. ئۇ، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان بارلىق قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋاجىب، دەپ قارىغان ۋە پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى ئىسلام شەرىئىتى كۆرسىتىپ بەرگەن دائىرىدە يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەۋدۇدىي بۇ باياناتى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان، ئەمما بىر مەزگىل كېيىن، ھۆكۈمەت بۇ پرىنسىپلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلغان. بۇ جامائەت ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، ئىسلامىي ئىدىيىنى تارقىتىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يوقىرى قىلىش يولىدا خىزمەت قىلىدىغان تەرتىپلىك ئىسلامىي ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشلەرنى ۋاجىب، دەپ قارايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- ئەسئەد جەيلانى: أبو الأعلى المودودي فكره ودعوته – تەرجىمە: د. سەمىر ئابدۇلھەمىد ئىبراھىم – فەيسەل شىركىتى – لاھور، ئەرەبچە بىرىنچى نەشرى 1398ھ/ 1987م.
- خەلىل ئەھمەد ئەلھامىدى: الإمام أبو الأعلى المودودي: حياته، دعوته، جهاده_ المكتبة العلمية– لاھور – پاكىستان، 1980م.
- فەتھىي يەكەن: الموسوعة الحركية– (ئىككى جىلد) – بەشىر نەشرىياتى، ئەممان – ئىئوردانىيە، 1403ھ/ 1982م
- (ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: خەلىل ئەھمەد ئەلھامىدى): پاكىستاندىكى ئىسلام جامائىتى ئاساسىي قانۇنى – ئورۇبە نەشرىياتى، مەنسۇرە – لاھور، پاكىستان، 1982م.
- مۇھەممەد ئەلھەسەن: المذاهب والأفكار المعاصرة في التصور الإسلامي
- ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىنىڭ كىتابلىرى(بۇلار تونۇشلۇق ۋە ناھايىتى كۆپ)
- الجماعة الإسلامية في سطور
- ئەبۇلمۇكرىم ئىبنى ئابدۇلجەلىل: دعوة الشيخ محمد بن عبد الوهاب في شبه القارة الهندية – سالام نەشرىياتى كىتابخانىسى، رىياد – لاھور.
- سالاھۇددىن مەقبۇل: أثر دعوة شيخ الإسلام ابن تيمية في الحركات الإسلامية المعاصرة – ئىسلام ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى نەشرى – يېڭى دىلھىي، 1412ھ/ 1992م.




www.munber.org

# تۇنىس ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتى
# «ئويغىنىش پارتىيىسى»

## ئېنىقلىما:

تۇنىس ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتى ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ پىكرى مېتودىغا تايانغان ئىسلامىي ھەرىكەت. بۇ پارتىيە ئىسلامنى، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھكاملىرىنى مەنسىتمەستىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان رادىكال سكولارىستلارغا قارشى خەلقنىڭ ئىنكاسى، سىياسىي ئىستىبداتنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىششى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھەرىكەتنى راشىد ئەلغەننۇشى، ئابدۇلفەتتاھ مورو ۋە ئەھمىيدە ئەننەفىيرلەر باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ياشلار توپلانغان. بۇلار بىرلىكتە ئىسلامىي پىكىرنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمنى شەكىللەندۈرگەن. مەسچىتلەر، ئىنىستىتوتلار، ئۇنىۋېرسىتېتلەر بېقىنىش ۋە غەربلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ گۇماشتىلىرىغا قارشى كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي مەركىزىگە ئايلانغان. ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ دەۋرىدە بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ياشلىرىنى قاماققا ئېلىش باشلىنىپ، ئۇنىڭ تاقىلىش قارارى چىققانغا قەدەر تۇنىستا پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەمما بۇ ھەرىكەت قارار چىقىرىش ئىشلىرىدا مۇستەقىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈرگۈن قىلىشلارغا قارىماي ئۇنىڭ ھېلىھەم تۇنىسنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا تەسىرى بار.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

تۇنىسنىڭ ئىسلامىي سالاھىيىتىنى يوقىتىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار ھادىسىلەردىن كېيىن، 1969 ـ يىلى تۇنىستا قۇرۇلغان بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ دوكتور راشىد ئەلغەننۇشىي:

ـ ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى.

ـ 1939يىلى تۇنىسنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قابىس ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئەلھامە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. دەمەشقتە ئوقۇغان.

ـ پەلسەپە ۋە تەربىيە ساھەسىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى فىرانسىيىدە تاماملىغان. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا نۇرغۇن قېتىم قولغا ئېلىنغان. 1981 ـ يىلى يازدا سوتلىنىپ، ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1984 ـ يىلىغا كەلگەندە قاماقتىن بوشىتىلغان. كېيىن، 1987 ـ يىلى، 9 ـ مارت قايتا قولغا



www.munber.org

ئېلىنغان. تۇرمىدىن بوشىتىلغاندا دۆلەتتىن چىقىپ كەتكەن. ئۇ ھازىر چەتئەلدە ياشايدۇ.

◈ شەيخ ئابدۇلفەتتاھ مورو:

- ئىسلام يۈنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ باش كاتىپى.

- 1948 - يىلى تۇنىستا تۇغۇلغان. 1980 - يىلى ھوقۇق پەنلىرى بويىچە دىبلومغا ئېرىشىپ، 1977 - يىلىغا قەدەر قازىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كېيىن سودىيەلىككە يۆتكەلگەن.

- 1969 - يىلى راشىد ئەلغەننۇشىي بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش، ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ۋەدىلەشكەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ پىكرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

- ھىجرىيە 1412 - يىلى (1992 - يىلى) ئىبنى ئەلى (خەلىيفە بۇرقەيبە) دەۋرىدىكى ھەرىكەتنىڭ قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ھەرىكەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، يېڭى بىر جامائەت تەشكىللىگەن.

## ۋەقە ۋە ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى:

◈ بۇرقەيبەنىڭ 1954 - يىلى، يەنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تۇنىستا دىنسىز بىر ھۆكۈمەت قورۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېلان قىلغىنىدىن تارتىپ، بۇرقەيبە ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى ئەمەلىيەتتىمۇ دۆلەتتىن ئىسلامنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى تازىلاشقا قارار قىلدى... 1957 - يىلى ئائىلە ساھەسىدە ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھەق تەلەپ ئىشلىرى قانۇنىي ئېلان قىلىندى. 1958 - يىلى ئومۇمىي ۋەقفلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1959 - يىلى دىنىي تەلىم - تەربىيە چەكلەندى. 1960 - يىلى بۇرقەيبە روزىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. 1962 - يىلى ھىجرىيە كالىندارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 - يىلى تۇنجى يالىڭاچلار كۇلۇبى ئېچىلدى. 1968 - يىلى مۇسۇلمان ئاياللارنى ئىسلامىي كىيىملىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش باشلاندى. 1969 - يىلى مەسچىتلەرنى تاقاش دولقۇنىنى قوزغىدى. 1974 - يىلى بۇرقەيبە ئىسلام مەدەنىيىتىگە قارشى لىكسىيەلەرنى سۆزلەشكە، قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، شەرىئەتنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى ۋە ئىسلامىي ئادەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

- بۇ ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدە 1969 - يىلى شەيخ راشىد ئەلغەننۇشى، ئابدۇلفەتتاھ مورو قاتارلىق ئىسلامنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇ رەھىمسىز ھۇجۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتىنى تەسىس قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

- ئاللاھ تائالا بۇ ئىسلامىي دەۋەتكە ياردەم بەردى، ئۇنىڭغا قىز - ئوغۇل ياشلار، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى. ئۇلاردا شەرئىي شەكىلدە ساقاللىرىنى قويۇۋېتىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئىسلامىي تۈس شەكىللەندى.



www.munber.org

## تۇنىستىكى ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ غايىلىرى:

◈ ئافرىقىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك مەركىزى سۈپىتىدە ئوينايدىغان ۋەزىپىسىنى قايتا تىكلىشى، ئازغۇنلۇق، غەربلىشىش ۋە بېقىندىلىك ئەھۋاللىرىغا چەك قويۇش ئۈچۈن تۇنىسنىڭ ئىسلامىي سالاھىيىتىنى تۇرغۇزۇش.

◈ تەرەققىي قىلغان ھاياتنىڭ تەقەززاسى، ئىسلامنىڭ سابىت ئاساسلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئىسلام پىكرىنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى غەربلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرلىرى، يىمىرىلىش ئەسىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن تازىلاش.

◈ ئىچكى تەۋسىيەلەر، سىرتقى تەسىرلەردىن يىراق ھالدا ئاممىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەشتىن ئىبارەت قانۇنلۇق ھەققىنى قايتۇرىۋېلىش.

◈ ئىقتىسادىي ھاياتنى ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىغا كۆرە قورۇپ چىقىش ۋە دۆلەتتىكى بايلىقلارنى «كىشى ۋە ئۇنىڭ مۇسىبىتى، كىشى ۋە ئۇنىڭ ھاجىتى» تىن ئىبارەت ئىسلامىي پرىنسىپ ئاستىدا ئادىل تەقسىم قىلىش. يەنى «جامائەتنىڭ مەنپەئەتى دائىرىسىدە ھەر بىر كىشى ئۆز كۈچىنىڭ مېۋىسىدىن پايدىلىنىش ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئېرىشىش ھەققى بولىدۇ.» بۇ چاغدا كۆپچىلىك پۇرسەتپەرەستلىكنىڭ زەربىلىرى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي كۈچلىرى پەلەكلىرىنىڭ ئايلىنىشلىرىدىن يىراق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تارتىپ ئېلىنغان قانۇنلۇق ھەققىگە ئېرىشەلەيدۇ.

◈ يەرلىك، مەغرىبى (ماراكەش)، ئەرەب ۋە خەلقئارا سەۋىيىدە ئىسلامنىڭ مەدەنىي ۋە سىياسىي قورۇلمىسىنى تىكلەشكە ھەسسە قوشۇش ئارقىلىق، روھىي يوقۇلۇش، ئىجتىمائىي قۇرغاقچىلىق ۋە خەلقئارالىق بېسىملار ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغان خەلقىمىزنى ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش.

## ھەرىكەت بۇ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشتا تۆۋەندىكى ۋاستىلەرگە تايىنىدۇ:

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مەسچىتنى نەمۇنە قىلغان ھالدا، ئىبادەتنىڭ مەركىزى ۋە بارلىق ئاممىنىڭ توپلىنىش ئورنى، شۇنىڭدەك، بۈيۈك زەيتۇنە جامىئەسىنىڭ ئىسلامىي سالاھىيەتنى ھىمايە قىلىشتىكى رولىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەتنى پارلىتىشتىكى دۇنياۋىي مەركەزلىك ئورنىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئورۇن سۈپىتىدە ھاياتنى قايتىدىن مەسچىتكە باشلاپ كىرىش.

◈ ئىلمىي يىغىلىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزىش، نەشىر ھەرىكىتىنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئەدەبىيات ۋە ئومۇمىي مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىسلامچە قىممەت قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى يەرلەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقات،



www.munber.org

ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋە قىزلارنى شەرئىي كىيىملەرگە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق پىكىر ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇش.

- بۇ ئەھۋال ھەققىدە فرانسىيەنىڭ «لوموند» گېزىتى غولغۇلا قىلدى ۋە 1974-يىلى گېزىتنىڭ تولۇق بىر بېتىگە بۇرقەيبەنى ئىسلام ئويغىنىش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ تۇنىستىكى مەدەنىيەت، تەرەققىيات ئىشلىرىغا كەلتۈرىدىغان خەترى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ماقالە يازدى.

- يەنە شۇ يىلى ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان پارتىيەنىڭ گېزىتلىرى ئىسلامچىلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش دولقۇنى قوزغىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مەسخىرە قىلدى. ئارقىدىن تەھدىد قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۆتتى. راشىد ئەلغەننۇشىي ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى ئاشكارا سىياسىي ئىشخانىسىنى تەشكىل قىلىشى توغرىسىدىكى ئېلانى ۋە سىياسىي پائالىيەت ساھەسىگە كىرىش ئۈچۈن پارتىيە تەشكىللەشنىڭ قانۇنىي رۇخسىتىنى ئېلىشقا رەسمىي ئىلتىماس سۇنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى.

◈ 1981-يىلى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئادەملىرى ئۈچۈن تۈرمىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىۋېتىلدى. ئويدۇرما جىنايەتلەر بىلەن 200 گە يېقىن كىشى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

◈ 1984-يىلى ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ مەنسۇپلىرى قاماقتىن بوشىتىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئېلىپ تاشلاندى، ئىسلامىي گېزىتلىرى ۋە مەسچىتلەردىكى دەرسلىرى چەكلەندى.

◈ 1986-يىلى بۇرقەيبە ھاياتىنىڭ كەلگۈسى ئون يىلىنى ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتى بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن بېغىشلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

◈ 1987م/ ھىجرىيە 1407-يىلى رەجەب ئېيىدا ھەرىكەتكە تەۋە كىشىلەر تۇنىس تۈرمىلىرىگە قايتۇرۇپ كىلىندى.

- يەنە شۇ يىلى بۇرقەيبە يىقىلدى ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ قولىدا ئولدى.

◈ بۇرقەيبەدىن كېيىن ئىبنى ئەلى ھۆكۈمەتنى قولىغا ئالدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقتىن بىشارەت بەردى. كېيىن ئومۇ ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشتا بۇرقەيبەنىڭ سىياسىتىنى قوللاندى... بۇ ھەرىكەتنىڭ كىشىلىرى ھازىر (1417ھ) قاماق بىلەن قىچىشنىڭ ئارىسىدا يۈرمەكتە.

## پرىنسىپ ۋە پىكىرلىرى:

◈ ئىسلامىي يۆنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ قورۇلۇش باياناتىدا ھەرىكەتنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان:



www.munber.org

- بورمىلانغان، ساختا ئاخباراتنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان دىنغا ئويغۇن ئاخبارات مەيدانغا كەلتۈرۈش.

- چەتئەل تىللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، ئىدارە ۋە مائارىپ ساھەسىنى ئەرەبچىلەشتۈرۈشنى ھىمايە قىلىش.

- ئۆزگەرتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە زوراۋانلىقنى رەت قىلىپ، سۈركۈلۈشنى كېڭەش ئاساسىغا مەركەزلەشتۈرۈش؛ بۇ سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە پىكىر ساھەلىرىدە جانلىق ئۇسلۇبتۇر.

- ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىنى ئۈلتۈرۈش، خەلقنىڭ كۈچىنى پالەچلەشتۈرۈش ۋە دۆلەتنى زوراۋانلىق يولىغا ئىتتىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاق يۈنۈلۈشلۈك ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىلىدىغان ئىستىبدات پرىنسىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە، بارلىق خەلق كۈچلىرىنىڭ پىكىر، تىپلىنىش ۋە بارلىق قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش. شۇنىڭدەك بۇ نوقتىدا مىللىي كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ھەمكارلىشىش.

- ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي چۈشەنچىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا ئايدىڭلىتىش، قۇرغاقچىلىق ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۇنىسنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدىغان روشەن يىشىمگە يېتىش.

- بۇزەك قىلىنغان ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە بارلىق ئۆز ھەققىدىن مەھرۇم قىلىنغانلارنىڭ چوڭچى، ئىسراپخور كۈچلەر بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدە بوزەك قىلىنغانلارنىڭ سېپىدە تۇرۇش.

- مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ساھەلىرى بويىچە مىللىي ھۆرلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان قۇدرىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان نازارەتچىلىك پائالىيىتىنى قوللاش.

- ئىسلامنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش تەسەۋۋۇرىغا تايىنىش ۋە دىنسىزلىق، پۈرسەتپەرەستلىكلەردىن يىراق ھالدا سىياسىي پائالىيەتنى چىڭ تۇتۇش.

- مۇسۇلمانلارنىڭ ۋىجدانىنى غەربكە قارىتا مەدەنىيەت مەغلۇبىيىتىدىن ئازات قىلىش.

- ئەرەب، ئىسلام ۋە بارلىق بوزەك قىلىنغانلار دۇنياسىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تارىخ، ئەقىدە ۋە چىنلىق دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئىسلام ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ زامانىۋىي ئوبرازىنى ئايدىڭلىتىش ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈش.

- تۇنىس، مەغرىبىستان رايونلىرى ۋە بارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى چىڭىتىش.

- دۇنيادىكى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش.



www.munber.org

### پىكرى ۋە ئەقىدىلەرىنىڭ يىلتىزلىرى:

ـ ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتى مىسىر ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ مېتودى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ـ شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەت ئىسلام تارىخىدىكى ئەقلىيەتچىلىك مەدرىسىلىرى (مۇئتەزىلە، ئەھلى كالام) نىڭ مېتودلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

### تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ پىكرى تۇنىستا ئالاھىدە شەكىلدە تارقالغان. ھەرىكەت **1985**ـ يىلى ئۇستاز راشىد ئەلغەننۇشىينىڭ رەھبەرلىكىدە، باش كاتىپى ئۇستاز ئابدۇلفەتتاھ مورو ۋە ھەمادىي ئەلجىبالىي، ھەبىيب ئەللۇر، ھەبىيب ئەسسۇۋەيسى ئەپەندىلەرنىڭ ئەزالىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇچىنچى ئىجرائىييە ئىشخانىسى قورۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بىرىنچى ۋەزىر مۇھەممەد ئەلمەزالىي ھۆكۈمەت سارىيىدا ئۇلارنى قوبۇل قىلغاندا ھەرىكەت رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان ۋە بارلىق مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىك ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ رېئال سىياسىي ۋۇجۇدىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. «ئەررەئىيە» گېزىتى دوكتور ئابدۇلمەجىيد ئەننەججار، مۇھسىن ئەلمىيلىغا ئوخشىغان ھەرىكەتنىڭ بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ۋاستىسى ئىدى. ئىبنى ئەلى ھۆكۈمەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، باشتا ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنى قاماقتىن بوشاتتى. ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى **1989**ـ يىلى **8**ـ فېۋرال پارتىيىلەر قانۇنىغا ماسلىشىپ مېڭىش ئۈچۈن «ئويغىنىش پارتىيىسى» دېگەن يېڭى ئىسىم ئاستىدا ھەرىكەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن رۇخسەت كىنىشكىسى ئېلىتماسىنى سۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. بىراق، ھۆكۈمەت تىزدىنلا ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا تەتۈر قارىدى ۋە ناھايىتى تېزلا پارتىيەنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىنى تۇتۇپ، تۈرمىگە تاشلىدى. ھەرىكەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق كىشىلىرى پائالىيەتلىرى توختىتىلغاندىن كېيىن، دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چەتئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، تۇنىستىكى ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىنىڭ كۆپلىگەن چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلىدىغان ئىسلامىي ھەرىكەت. غايىسى سكولارىزمنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىپ، ئىسلامنىڭ مۇقىم ئاساسلىرى ئاستىدا ئىسلامىي پىكرنى يېڭىلاش، ئىسلامنىڭ سالاھىيىتىنى تىكلەش، ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا ئىقتىسادىي ھايات بەرپا قىلىش، ئىسلامنى چەتكە تۈتۈپ ماڭىدىغان مەتبۇئات ئارقىلىق ئىسلامنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ئورنىنى قايتىلاش، ئۆزگەرتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە زوراۋانلىقنى تولۇق رەت



www.munber.org

قىلىش، كوللىكتىپلىق، كېڭەشلىك ئىسلامىي ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇش ۋە بۇزەك قىلىنغان ئىشچى، دېھقانلار سېپىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- تۇنىس ئىسلامىي يۈنۈلۈش ھەرىكىتى ھەققىدە مەلۇمات، (ھەرىكەت توغرىسىدا ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەتراپلىق مەلۇمات)

- تۆۋەندىكى ژۇرناللاردا شەيخ راشىد ئەلغەننۇشىي ۋە شەيخ ئابدۇلفەتتاھ مورولارنىڭ باياناتلىرى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر:

- كۇۋەيتتىن چىقىدىغان «ئەلمۇجتەمەئ» ژۇرنىلى - 15/ 1 / 1985، 4 / 10/ 1981

- «ئەلئىسلاھ» ژۇرنىلى، 113 ۋە 114 - سانلار، 1981/ 6/ 1

- «غۇرەبائ» ژۇرنىلى، رامىزان - 1407 ھ/ 1987م.

- 1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ1 - كۈندىكى ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلىنىش بايانىنامىسى

راشىد ئەلغەننۇشىي: حركة الإتجاه الإسلامي في تونس، قەلەم نەشرىياتى نەشرى - كۇۋەيت، 1409ھ/ 1989م.

www.munber.org

# سۇدان مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى

**ئېنىقلىما:**

مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى: مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن بىخلىنىپ چىققان يېڭىلىقنى ياقلايدىغان ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، سۇداندىكى باشقا پارتىيىلەرگە قارشى بىرلىكسەپ تەشكىللەش ئۈچۈن بىر قىسىم ئىسلامىي كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتقان. كېيىن، نىسبىي ھالدا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەرىكەت مېتودىدىن يىراقلىششقا باشلىغان.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ قۇرغۇچىسى دوكتور ھەسەن ئابدۇللاھ ئەتتۇرابىي بولۇپ، 1932-يىلى سۇداننىڭ ئەلجەزىرە رايونى ۋەددۇدتۇرابىي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. دادىسىدىن ئەرەب تىلى ئىلىملىرى، فىقھىي، ھۆكۈم چىقىرىش قائىدىلىرى، مەزھەپلەرنىڭ فىقھلىرى، قۇرئان ۋە تەفسىر ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان كەرىمنى بىر قانچە خىل قىرائەت بويىچە يادلىغان.

- سۇدان ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پاكولتېتىدا دەسلەپتە لېكتور، كېيىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. بىر مەزگىل كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە باش مىنىستىر بولغان. ئاخىرىدا سۇدان پارلامېنتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

- ئىنگىلىزچە، فرانسۇزچە سۆزلىيەلەيدۇ ۋە يازالايدۇ، نېمىسچىنى ئوقۇپ چۈشىنىدۇ.

- مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ باش نازارەتچىسى سۈپىتىدە ئاتمىشىنچى يىللاردىن تارتىپ سۇداندىكى ئىسلامىي ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

- 1964-يىلدىن 1969-يىلغىچە ئىسلام ئەھدىنامىسى ئالدىنقى سېپى، 1985-يىلدىن 1989-يىلغىچە مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلانغان.

- ئىسلامىي پائالىيەت ساھەسىدە يەتتە يىلدىن ئارتۇق يۇشۇرۇن قاماقتا ئېلىنىشقا دۇچ كەلگەن.

- ئۇنىڭ، دىن ۋە ئىبادەت، ئاياللار ۋە جەمئىيەت، يېڭىلىق، دەستۇر، ھۆكۈم مەسىلىلىرى ۋە تۈرلۈك ئىسلامىي، سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

- دوكتور تۇرابىينىڭ ئىسلام ئۆلىمالىرى توغرا دەپ قارىمىغان بىر قاتار ئىجتىھاد ۋە قاراشلىرى بار بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالدىنقى سەپنىڭ پىكىرلىرى، خۇسۇسىي جەھەتتىن دوكتور تۇرابىغا قارىتىلغان نۇرغۇن تەنقىدلەرگە سەۋەب بولغان.

www.munber.org

**ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى:**

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ بىر قانچە خىل باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى ھالغا كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

◈ شەكىللىنىش دەۋرى: بۇ دەۋر **1949** ـ يىلدىن **1955** ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، **1954** ـ يىلى كەڭ كۆلەملىك بىر قورۇلتايدا رەسمىي قورۇلغان. بۇ چاغدا، مەدەنىيەت، تەرتىپ، خۇسۇسىي ۋە ئىجتىمائىي تەربىيەلەشلەرگە ئوخشاش بارلىق ئىشلاردا مىسىردىكى مۇمۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىگە تايىناتتى.

◈ دەسلەپكى ئوتتۇرىغا چىقىش دەۋرى: **1956** ـ يىلدىن **1959** ـ يىللار ئارىسى بولۇپ، سۇدانىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋردە دەۋەت تۇنجى قېتىم گېزىت ۋە خۇتبىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دەۋەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دەۋردىكى ھەرىكەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىرىنچى مەسىلە ئىسلامىي دەستۇر مەسىلىسى ئىدى.

◈ دەسلەپكى يۈشۈرۈن ھەرىكەت دەۋرى: **1959** ـ يىلدىن **1964** ـ يىلىغىچە سوزۇلغان. بۇ ئەببۇد گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرى كۈچلىرىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن ئىسلامىي رەھبەرلەر يېتىشىپ چىققان ۋە ئىشچى ـ نازارەتچىلەر ھەرىكەتلىرى جانلانغان.

◈ ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلىش دەۋرى: **1964** ـ يىلدىن **1969** ـ يىللار. بۇ دەۋردە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى مەيدانغا كەلگەن ۋە بۇ ئىنقىلابتا ھەرىكەت تۇنجى قېتىم ئىنتىزاملىق خەلق بايرىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. نەتىجىدە جامائەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھەنى ئاساس قىلغان «ئىسلام ئەھدىنامىسى ئالدىنقى سېپى»نى قۇرۇپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام جامائەتلىرى ۋە شەخسلەر بولۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا تۈپلىنىپ بىرلەشكەن بىر سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە ئۇ ئارقىلىق ئىسلامىي دەستۇر دولقۇنىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ سىياسىي دولقۇن ئېلىپ بېرىلغان.

بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىسلام ھەرىكىتىدە ئىچكى ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بىر قىسىم سىرتقى قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىر مەزگىل كېيىن ھەرىكەت بىرلەشكەن ۋە تالاش ـ تارتىشلىرىنى تۈگەتكەن.

◈ كۆرىشىش ۋە يېتىلىش دەۋرى: **1969** ـ **1977** ـ يىللار. بۇ دەۋر دېموكراتىيەنى، مىللىي كۈچلەرنى، كوممۇنىستىك ۋە ئەرەب مىللەتچى ھەرىكەت كۈچلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بوغۇپ تاشلىغان جەئفەر نۇمەيرىي ھۆكۈمىتى ۋە ماي نىزامىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سەۋەپلىك ھەرىكەت قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا، ئىزىش، قاماش، تازىلاش ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشلارغا دۇچ كەلدى. قامىلىش شارائىتىدا ھەرىكەت ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئېتىقاد، دەۋەتنى، تۈزۈمنى تارقىتىش ۋە ئايالللار مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈردى.

◈ يارىشىش ۋە تەرەققىيات دەۋرى: **1977** ـ **1984** ـ يىللار: بۇ، مايۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولۇپ، بۇ دەۋردە مىللىي يارىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، جەئفەر نۇمەيرىينىڭ سولچىل ئىقىملىرى تازىلاندى ، ئىسلام تەرەپكە يۈزلىنىش

www.munber.org

باشلاندى. بۇ دەۋردە يەنە سۈداندىكى جەنۇب مەسىلىسى ئېغى ئويغاندى. ھەرىكەتنىڭ بىر قىسىم كۈچلىرى، دەۋەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق سۈداندىكى مۇسۇلمانلار رايۇنلىرىدا ئىسلامنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان "ئىسلام دەۋەت تەشكىلاتى"نى قورۇشقا يۈزلەندى.

بۇ دەۋردە يەنە، ئاياللارنىڭ پائالىيەتلىرى جانلاندى، ئاياللار تولۇق شەكىلدە ھەرىكەتكە قاتناشتى.

بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرىدا، نۇمەيرىي ئېلان قىلغان، تۇرابىي كۈچلۈك ياردەم بەرگەن ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ئەمەلگە ئاشتى.

◈ تاكامۇللىشىش دەۋرى: 1984 ـ 1987 ـ يىللار: بۇ دەۋردە ھەرىكەت ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكى رىئاللىقنى يۇقۇرى دەرىجىدە تونۇپ يەتكەن. بۇ دەۋردە شەرىئەت تەتبىقلىنىشقا باشلانغاندىن بويان تولۇقلانغان خەلق ئىرادىسىگە ئاساسەن "مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى" تەسىس قىلىنغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئىسلام مىللىي ئالدىنقى سېپى ھەرىكىتى ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، پرىنسىپال پىكىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن ئالغان ۋە ئەزالىرىنى ئۇستاز ھەسەن بەننا، سەييىد قۇتۇب، مۇھەممەد غەزالىي، ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي، مالىك ئىبنى نەبىي ... ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن تەربىيىلىگەن.

◈ ئالدىنقى سەپتىكى دەۋەت پىكىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن مونۇلارنى كۆرىمىز:

ـ ئىسلامنىڭ سالاھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، باشقا تەرەپلەرگە تەۋە بولۇشتىن يىراق پىكىر.

ـ بۇ دىننى تولۇق ئېلىپ مېڭىشقا ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئاجىزلىتىلغان تەرەپلىرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تىرىلدۈرۈشكە تىرىشىدىغان پىكىر.

◈ ھەرىكەتنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆكۈمەتكە تۇتقان پۈزىتسىيەسى ئوتتۇراھال بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك دېموكراتىك تۈزۈمنى نوقسانلىرى بىلەن قوبۇل قىلغان.

◈ جەمئىيەتنى ھەزىم قىلىش، يوقۇرى دەرىجىدە جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئەنئەنىۋي پارتىيىلەر بىلەن بەيگىگە چۈشۈش ئىستىراتىگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يولدا ئەزالىق جەدۋىلى ئۆزگىرىپ، يەككە ھالدىكى تاللاش مېتودىدىن ھالقىدى. كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدا ئەمەس، گۇرۇپپىلار بويىچە ئەزا بولۇش شارائىتى بارلىققا كەلدى؛ قەبىلىلەر، تائىپە ۋە پىرقىلار كىچىككىنىمۇ قېيىنچىلىققا دۇچ كەلمەستىن گوياكى شەخسلەردەكلا كىرەلەيدىغان بولدى. ھەتتا سۈپىزم تەرىقەتلىرى، قەبىلىلەر، پىكرى ياكى سىياسىي پارتىيىلەرگە نىسبەتەن مايىللىقى بار



www.munber.org

كىشىلەرنىڭمۇ ئەگەر يۈكسەك سۆيگۈسىنى ئىسلام ئالدىنقى سېپىگە قاراتسىلا، ئەزا بولۇپ كىرىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

ھەرىكەت بۇ ئارقىلىق سۇداندىكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ھەممىسىنى ئۆز دائىرىسىدە بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

ـ مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى ياۋروپانىڭ كۆپلىگەن تۈزۈم ئورنىتىش پىكرى ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلاندى. ئۇلارنىڭ ئىدارە قىلىش پىكرى تۇرابىي ئېيتقاندەك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىدى، ئەمما ئىسلامىي پىكرنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى.

◈ ھەرىكەتتە جىھاد روھى يۇقۇرى ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە دىننى يېڭىلاش چاقىرىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىغان قانچىلىغان ئىجتىھادلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان.

◈ بىرلەشكەن ئىسلامىي ئالدىنقى سەپ تەشكىللەش يولىدا، بۇ ھەرىكەت جەمئىيەتتىكى سۇپىزم، سەلەپىيە ۋە ئۆلىمالارغا ئوخشىغان باشقا ئىسلامىي ئېقىملار بىلەن تارتىشىش، تىركىشىشتىن يىراق تۇردى.

◈ ئالدىنقى سەپتە ئاياللار ئاكتىپ رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئۇلار دەۋەت، تەشكىلاتچىلىق، مائارىپ، جىھاد قاتارلىق ساھەلەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇ. ھەرىكەتتىكى ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىغا يېقىنلاپ قالدۇ.

◈ بۇ ھەرىكەت مۇسۇلمان دەۋەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىلمىي پروگرام ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ توققۇز تۈرلۈك پەننى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ:

- قۇرئان ئىلىملىرى. ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى. ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى.
- ئەقىدە. ـ فىقھىي. ـ ئۇسۇلۇل فىقىي (فىقھىي مېتودلىرى).
- ئىسلام تارىخى. ـ سۇدان ھەققىدە ئوقۇشلۇق. ـ ئەرەب تىلى.

صروضرامنع ظىضعنعش ۋة ظذنعثدعن صايدعلعنعش بويعحة دقرعجعمذ دقرعجة ظىح باسقذحقا بألضةن.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

بۇ ھەرىكەت ئومۇمىي شەكىلدە سۇداندا تارقالغان. ئۇنىڭ خۇسۇسىي شەكىلدە تۇنىستىكى ئىسلامىي يۈزلىنىش ھەرىكىتى بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسى بار. ھەرىكەت، ھازىرقى ئوتتۇرا تۈزۈمنى ھىمايە قىلىۋاتقان بەشىر تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ كەلگەن ھەربىي ئىنقىلابنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: سۇداندىكى مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىدىن بىخلىنىپ چىققان بىر ئالدىنقى



www.munber.org

سەپـتۇر. ئـەمما ئـۇ هـازىر ئۆنـىڭغـا ئوخشـىمايدىغان مۇسـتەقىل سىسـتېما، دەپ قـارىلىدۇ. ئـۇ بـارلىق پارتىيىلەرگـە قارشـى بىـر ئـالدىنقى سـەپ بولـۇپ، ئـۆزىنىڭ ئىجتىهـادى بويىچـە ئىسـلامنىڭ خـىـزمىتى ئۈچـۈن پـائالىيەت ئـېلىپ بـارىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇ، گەرچە ئىسلامغا نىسبەتەن هەممىگە تونۇشلۇق پۇزىتسىيىسى، ئالدىنقى سەپ هەرىكىتىنىڭ ئەقىدە يۆنۈلىنىشىگە يۆنۈلىشىنىڭ زىت ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئالەمىيلىكى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكى بىلىپ تۇرۇپ، پارىس قولتۇغى كىرىزىسىدە زالىم، سوتسىيالىستىك ئىراق تەرەپتە تۇردى. ئاخىرىدا ئالدىنقى سەپ هەرىكىتىنىڭ پىكرى هاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە هەربىي ئىنقىلابنى قوللىنىش تەرەپكە يۈزلەنگەن. بۇ پىكىر بىر قىسىم ئىسلامىي مۇتەپەككۇرلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىپ قالدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- د.هەسەن تۇرابىي: الحركة الإسلامية في السودان
- د.هەسەن تۇرابىي: تجديد الفكر الإسلامي
- مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى نەشىر ئەپكارى: البرنامج الثقافي للجبهة الإسلامية القومية
- سۇدان مىللىي ئىسلام ئالدىنقى سېپى نەشىر ئەپكارى: الأصول الفكرية والعلمية لوحدة العمل الإسلامي، 1976م.
- د.مۇهەممەد شەتا ئەبۇ سەئد: شرح نظام الأحكام القضائية الإسلامي السوداني، قاهىرە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىخانىسى،1985م.
- ئەلئەمىين ئەلهاج: حوار هادئ مع الترابي

www.munber.org

# ھاماس

## (پەلەستىندىكى ئىسلامىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى)

### ئېنىقلىما:

ھاماس پەلەستىندىكى جىھادىي ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، پەلەستىنىنىڭ غەززە شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن، كېيىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق زېمىنغا تارقالغان. ھەرىكەتنىڭ ھىجرىيە 1409 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، (18/8/1988) ئېلان قىلغان ئەھدىنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇ ھەرىكەت پەلەستىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانىتى ھېسابلىنىدۇ.

### قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ھاماس 1987 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىردە ئېلان قىلغان بىرىنچى قېتىملىق باياناتىدا، مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ ئۇرغۇچى بىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە يەھۇدىي دۈشمەنلىرىگە زوراۋانلىقىنى كۈچەيتكەنسىرى، تېخىمۇ ئارتۇق قاتتىق قوللۇقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىد سالغان... ئىسلامنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەمەلىي يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ھاماس ئەرزىمەس خەلقئارالىق كونفېرىنسلار، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش پەردىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىت ۋە كۈچنى ئىسراپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

◈ ھاماس ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى، 1987 ـ يىلى، 8 ـ دېكابىر كۈنى "تاش ئىنقىلاۋى" دەپ ئاتالغان قەيسىرانە خەلق قوزغىلىڭىدۇر. ئۇلار يۈزلىگەن شېھىدلارنى، مەھبۇسلارنى قۇربان قىلدى ۋە ھېلىھەم قىلىۋاتىدۇ... ھەرىكەت پەلەستىن يەھۇدىي پاسكىنىچىلىكلىرىدىن ئازات بولمىغۇچە ئىنقىلاۋىنى قەتئىي توختاتمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

◈ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى:

ـ شەيخ ئەھمەد ياسىن: ئەللىك يىلدىن ئارتۇق زاماندىن بىرى ئولتۇرۇپ قالغان كىشى بولۇپ، ھاماس ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى قوماندانى. 1984 ـ يىلى غەززەدىكى ئۆيىدىن يەھۇدىي قىساسچىلىرىغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان قوراللار چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىر قانچە يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندىكى يەھۇدىي تۈرمىسىدە گۆرۈدە ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا قويۇپ بېرىلدى.[1]

ـ ئۇستاز خەلىل قەۋقا: ھاماس قوماندانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق قوزغىلىشىدىن كېيىن، يەھۇدىي باسقۇنچى كۈچلىرى ئۇنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندىن سۈرگۈن قىلغان.

---

[1] شەيخ ئەھمەد ياسىننىڭ ھاياتىغا ئائىت بۇ مەلۇماتلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شەيخ ياسىن ھايات ئىدى. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ مەلۇماتلارنى بۈگۈنكى شۇ ۋەزىيەتتە تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ـ تەرجىمان.

www.munber.org

**پىكىر ۋە ئېتىقادلار:**

◈ ھاماس ھەرىكىتىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى ئۇنىڭ ھىجرىيە **1409** ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ **1** ـ كۈنى (**18/8/1988**) ئېلان قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئەھدىنامىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: بىز ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

ـ ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى: ئىسلام ئۇنىڭ مېتودى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان توغرىسىدىكى پىكىر، چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئالىدۇ. بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن (ئىسلامدىن) ئالىدىغان قەدەملىرىنىڭ يۆنۈلۈشىنى بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (بىرىنچى ماددا)

ـ ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ كەڭ مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ سايىسىدا بارلىق دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جېنى، مېلى ۋە ھوقۇقلىرىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆز ـ ئارا ياشىيالىشى تامامەن مۇمكىن، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ـ پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا قىيامەتكە قەدەر قالدۇرۇلغان ئىسلامىي ۋەقف زېمىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدا ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋەياكى ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بىرەر ئەرەب دۆلىتى ياكى بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى، پادىشاھ، رەئىس ياكى بارلىق پادىشاھ ۋە رەئىسلەر، مەيلى پەلەستىنلىك ياكى ئەرەبلەرنىڭ بولسۇن بىرەر تەشكىلات ياكى بارلىق تەشكىلاتلار بۇنى ئاشۇرۇۋېتىش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ـ پەلەستىن زېمىندا يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد قىلىش بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين بولۇپ، ئايال كىشى يولدىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇرۇشقا چىقالايدۇ... پەلەستىن مەسىلىسى جىھادسىز ھەل بولمايدۇ.

ـ پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش، دەپ ئاتىلىدىغان تەكلىپلەرگە قارشى تۇرۇش؛ چۈنكى ئۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىش، ئەھمىيەت كۈچ سەرپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ـ ئازاتلىق ھەرىكىتىدە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رولى ئەرلەرنىڭ رولىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئۇلار ئەرلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئىسلامدىن ئېلىنغان ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلار بويىچە ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

ـ پائالىيەتلىرىدە ئىسلامىي دائىرىدىلا بولىدىكەن باشقا ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

◈ بۇ ئەھدىنامە **36** ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئەڭ يېقىن

www.munber.org

ھەرىكەت، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ئەمما، ئۇنىڭ سىكولارىستىك[①] پىكرى ئۆزىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلغانلىقىنى قوللىمايدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزى:

«ھاماس» ئەھدىنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ئۆزىنىڭ پەلەستىندىكى موسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانىتى ئىكەنلىكىنى، پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئىسلامنىڭ ھايات، ئىنسان ۋە كائىنات توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ھاماس ھەرىكىتى پەلەستىندىكى جىھادىي ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، پەلەستىننىڭ غەززە رايونىدا مەيدانغا كەلگەن، كېيىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق پەلەستىن زېمىنىغا تارقالغان. ئۇنىڭ تۇنجى قوماندانى شەيخ ئەھمەد ياسىن، ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۆلتۈرۈپ قالغان. ھاماس ھەرىكىتى ئىسلامنى ئۆزىنىڭ مېتودى قىلغان. ئۇ ئىسلامنىڭ مەرھەمەتتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان ئىنسانپەرۋەر ھەرىكەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ سايىسىدا بارلىق دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى بار، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك، پەلەستىن زېمىنىنى بارلىق ئىسلام ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇلغان ۋەقف زېمىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدا ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋەياكى ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، بۇنداق قىلىشقا بىر ياكى بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەققى يوق، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد قىلىش بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين، دەپ قارايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۆچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەھمەد ئىززۇددىن: حركة المقاومة الإسلامية (حماس) في فلسطين، ئىسلامىي نەشىر قىلىش، تارقىتىش نەشرىياتى ـ قاھىرە.
- ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى (ھاماس)نىڭ ئەھدىنامىسى.
- ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كەلگەن باياناتلىرى...
- سەئۇدى ئەرەبىستان: مجلة الدعوة، 1409ھ/ 10/ 13.

[①] سىكولارىزم: بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزدا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچىدىن كەلگەن بولۇپ، "دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ياقلاش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنى ئەرەبچىدىكى "ئىلمانىي" ياكى "تۈركچىدىكى "لايك" ئاتالغۇلىرى بىلەن ئەمەس، ئىنگلىزچىدىكى سىكولارىم، دېگەن شەكىلدە ئالساق، ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى ھازىر يۇسۇف قەرداۋىيغا ئوخشاش بۇ تېمىدا مەخسۇس ئەسەر يازغان ئىسلام ئالىملىرىمۇ "ئىلمانىي" دەپ ئېلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. ــ تەرجىمان.



www.munber.org

- "المجتمع" ژۇرنىلى نەشىر قىلغان، مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن سۇرگۇن قىلىنغان هاماسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەت.

**د.ئابدۇللاھ ئەززام:** حماس حركة المقاومة الإسلامية في فلسطين، **ھۇدا نەشرىياتى**

www.munber.org

# ئالجىرىيە ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى

**ئېنىقلىما:**

بۇ ئالدىنقى سەپ ماھىيەتتە سەلەپىي ئىسلامىي ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئالجىرىيەنى دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كىرىزىسلەر، پىكرىي، مەدەنىي مۇستەملىكىلەردىن قۇتقۇزۇشقا قادىر، **132** يىل داۋام قىلغان مۇستەملىكىدىن كېيىنكى مۇسۇلمان ئالجىرىيە خەلقىنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداپ قىلىش، فرانسۇزلاشتۇرۇش ۋە غەربلەشتۈرۈش ھادىسىسى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىغان دۆلەتتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا ئىسلامغا قايتىشقا چاقىرىدۇ. بۇ بىر تۈركۈم ئۆلىمالارنىڭ ئالجىرىيەنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىش ۋە دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەرەپكە يۈزلىنىشكە ھەرىكەت قىلىشى ئۇلارنىڭ بېسىملارغا دۇچ كېلىشىگە سەۋەپ بولغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ **1989**-يىلىدىكى ئالجىرىيە ئىسلام قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەرلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋەت پائالىيەتلىرى ۋە ئىسلامىي يىغىلىش ئەھۋاللىرىنى "قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى"نى تەسىس قىلىنىشىنىڭ ئىشارىلىرى، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن:

-يەتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالجىرىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە باشقا جايلاردا ئىسلام ياشلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. **1988**-يىلدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئىنتىزاملىق ئىسلامىي خىزمەتلەرنى شەيخ مەھفۇز نەھناھ رەھبەرلىكىدىكى خەلقئارالىق قېرىنداشلار جامائىتى، شەيخ ئابدۇللاھ جابۇللاھ رەھبەرلىكىدىكى يەرلىك قېرىنداشلار جامائىتى ۋە دوكتور مەھمۇد بۇجەلخە، ئارقىسىدىن شەيخ مۇھەممەد سەئىيد رەھبەرلىكىدىكى ئوقۇغۇچىلار جامائىتى ياكى مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېت مەسچىتى جامائىتى ۋەياكى مالىك ئىبنى نەبىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەپ ئاتالغان جامائەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ جامائەت تەقسىملەپ ئۈستىگە ئالغان.

-**1982**-يىلى **12**-نويابىر، شەيخ ئەھمەد سەھنۇن، شەيخ ئابدۇللەتىف سۇلتانىي ۋە دوكتور ئابباس مەدەنىي قاتارلىق بىر گورۇپ ئۆلىمالار يىغىن ئاچقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئاياللار ۋە شۈبھىلىك كىشىلەرنىڭ مەھكىمە خىزمەتلىرىگە تەيىنلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىقتىسادتا ئىسلامىي كۆرسەتمىلەرگە تايىنىشقا چاقىرىش، مۇئەسسەسىلەردە ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ ئىشلىشىنى رەت قىلىش، چىرىكلىكنى ئەيىپلەش، مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش، دۆلەت ئاپپاراتىدا دىنغا قارشى دۈشمەن جاسۇسلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىش ... قاتارلىق ئون تۆت ماددىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان. (پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى پاراگرافىغا قاراڭ)

www.munber.org

◈ شەيخ ئەھمەد سەھنۇن: ئىمام ئابدۇلھەمىد ئىبنى باديسنىڭ تالىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، مۇستەقىللىككە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىسلام بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرغان؛ چۈنكى ئالجىرىيە ، ئۇ بىر قاتار ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈستىگە ئالغان ئىسلام دۆلىتى. يۇقىرىدا زىكىر قىلغان باياناممىگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، قولغا ئېلىنغان ۋە 1984 ـ يىلىغا قەدەر نازارەتنىڭ رەنىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان.

◈ 1989 ـ يىلى شەيخ ئەھمەد سەھنۇن رەھبەرلىكىدە "دەۋەت بىرلىكى" جامائىتى تەسىس قىلىنىدى؛ چۈنكى ئۇ ئەزالارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭ كىشى بولۇپ، 83 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. دەۋەت بىرلىكى بارلىق ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ سايىۋىنى ئىدى. دەۋەت بىرلىگىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا مەھفۇز نەھناھ، ئابباس مەدەنىي، ئابدۇللاھ جابۇللاھ، ئەلى بىلھاج ۋە مۇھەممەد سەئىيدلار بار ئىدى.

دەۋەت بىرلىگىنىڭ ئاساسلىق نىشانى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـ ئەقىدىنى ئىسلاھ قىلىش.

ـ ئىسلامىي ئەخلاققا دەۋەت قىلىش.

ـ ئالجىرىيەدىكى ۋەيران بولغان ئىقتىسادنى ياخشىلاش.

ـ پىكىر سەۋىيىسى بويىچە كۆرەش قىلىش.

◈ "دەۋەت بىرلىگى"نىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن دىئالوگلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قانچە ئېقىم مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

ـ ياش شەيخ ئەلى بىلھاجنىڭ "ئىسلام بىرلەشمە ئالدىنقى سەپ" نى تەشكىل قىلىشقا قىلغان چاقىرىقى. ئەمما دوكتور شەيخ ئابباس مەدەنىي ئۇنىڭغا "ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى" دېگەن ئىسمنى قويۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە بۇنداق ئاتاشنى مۇلاھىزە قىلىپ مۇنداق دېدى: ئالدىنقى سەپ ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. بۇ ئالدىنقى سەپنىڭ ئىسلامىي بولۇشى؛ چۈنكى ئىسلام ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ يېگانە يولىدۇر. ئەمما، "قۇتقۇزۇش" سۆزى « سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. »[1] دېگەن ئايەتتىن ئېلىنغان.

ـ ئەمما شەيخ مۇھەممەد سەئىيد دەسلەپتە ئالدىنقى سەپ تەشكىل قىلىشنى رەت قىلغان. بىراق ئۇ، شەھەر سايلىمىدىن كېيىن ئۇنىڭغا كىرگەن.

ـ مەھفۇز نەھناھمۇ دەسلەپتە "پارتىيە" پىكرىنى رەت قىلغان... كېيىنچە، ئىسلام جەمئىيىتى ھەرىكىتىنى تەسىس قىلغان. شەيخ ئابدۇللاھ جابۇللاھمۇ "ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتى"نى تەسىس قىلغان.

◈ 1989 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىسلام قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ قورۇلغانلىقى رەسمىي ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىش ئالدىنقى سەپنىڭ رەئىسى دوكتور ئابباس مەدەنىي

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.



www.munber.org

ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەيخ ئەلى بىلھاجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مۇستەقىل ئۆلىمالارنىڭ تەكلىۋى بويىچە باشقا ئېلىپ چىقىلغان.

◈ دوكتور ئابباس مەدەنىي: 1931 ـ يىلى ئالجىرىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سىيدى ئەقەبە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. فرانسىيە ئىستىلاسى دەۋرىدە فرانسۇزلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ، كېيىنچە، ئۆلىمالار جەمئىيىتىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. پىداگوگىكا پاكولتىتىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. كېيىن، فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جىھاد يولىغا كىرگەن ۋە قولغا ئېلىنىپ يەتتە يىل تۈرمىدە ياتقان. مۇستەقىللىق دەۋرى كېلىپ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى 1975 ـ 1978 ـ يىللىرى سىلىشتۇرما ئوقۇتۇش بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن لوندونغا ئەۋەتكەن. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئالجىرىيىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە 1982 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەتكە سۇنغان چاقىرىققا قاتناشقان... شۇ يىلىدىكى ۋەقەگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان... تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بەزى ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە "دەۋەت بىرلىكى"، 1988 ـ يىلىدىكى نان نامايىشى (ئۇلار شۇنداق دەپ ئاتىغان) دىن كېيىن، "ئىسلام قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى" نى تەشكىل قىلغان... ئۇ ئاخىرىدا باشقا كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە قايتا قولغا ئېلىنغان... ئۇ ھازىرغىچە قاماقتا. (يەنى بۇ كىتابنىڭ1996 ـ يىلىدىكى نۇسخىسى بېسىلغانغا قەدەر).

◈ شەيخ ئەلى بىلھاج: 1956 ـ يىلى تۇنىستا دۇنياغا كەلگەن. فرانسىيە مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغالغان ئىنقىلابتا ئاتا ـ ئانىسى شەھىد بولۇپ كەتكەن. ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن. يەتىمىشىنچى يىللارنىڭ ما بەينىدە ئىسلام دەۋىتىگە ئىشتىراك قىلغان. مۇستەفا بۇيەئلىينىڭ جىھادى ھەرىكىتىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بەش يىل قاماقتا ياتقان. ئابدۇللەتىيف سۇلتانىي، ئەھمەد سەھنۇن قاتارلىق ئالجىرىيەلىك ئۆلىمالارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ يەنە شەيخ ھەسەن بەننا، سەيىيد قۇتۇب، ئابدۇلقادىر ئەۋدە ۋە باشقىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگەنگەن.

ـ سەلەپىي ئېقىمغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىران ئىنقىلاۋىدىن ھاياجانلانمىغان. خۇمەينىنىڭ كىتابلىرىنى تەنقىد قىلغان ۋە بەزى ئالجىرىيەلىكلەرنىڭ شىئەلىشىشىنى ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن خەتەرلىك، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋاجىب، دەپ ھېسابلىغان. ئىسلام قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1988 ـ يىلىدىكى ئالجىرىيەدە يۈز بەرگەن نامايىشتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان... كېيىن قويۇپ بېرىلىپ، ئالدىنقى سەپ ھەرىكىتى تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئومۇمىيۇزلۇك ئىش تاشلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن، قايتا قولغا ئېلىنغان.

◈ ئالدىنقى سەپ ھەرىكىتى 1990 ـ يىلىدىكى شەھەر باشلىقلىرى سايلىمىغا قاتنىشىپ، 856 شەھەردە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن، ئالجىرىيەنىڭ ھۆكۈمەت بېشىدىكى پارتىيە (ئازادلىق ئالدىنقى سېپى) ئىسلام قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئورنى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئالجىرىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئالدىنقى سەپنىڭ ئىلگىرىلەش

www.munber.org

يوللىرىغا نۇرغۇنلىغان توسالغۇلۇقلارنى قويۇشقا باشلىغان ۋە يېڭى سايلام تۈزۈمى يولغا قويغان.

◈ بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىسلاھات تەلەپ قىلغان كەڭ كۆلەملىك نامايىش چىققان ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوق چىقىرىش بىلەن قارشى ئېلىشى سەۋەبلىك قانلىق توقۇنۇش بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ ئىشتىن كېيىنلا ئابباس مەدەنىي بىلەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئەلى بىلھاج دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە سۇيىقەست قىلغان، دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنغان.

◈ ئالدىنقى سەپ رەھبەرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا قارىماي، **1991**-يىلى ئالجىرىيەدىكى ھۆكۈمەت سايلىمىغا قاتنىشىپ، بىرىنچى باسقۇچتا ئەسلىدىكى **228** ئورۇندۇقنىڭ **188**نى قولغا كەلتۈرگەن. ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان پارتىيە ئاران **16** ئورۇندۇققا ئېرىشەلىگەن.

-ھۆكۈمەت سايلىمىدا ئالدىنقى سەپنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى پۈتۈن غەربكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان خەتەر، دەپ ھېسابلاندى. (**1990**-يىلىدىكى فرانسۇز، ئىنگلىز گېزىتلىرىغا قاراڭ!)

-ئەھلى سەلىپ كۈچلىرى تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپكە قارشى يۇشۇرۇن سۇيىقەستلەر باشلاندى. ئاممىۋي ئاخبارات ۋاستىلىرى قوتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەركەزلىك ھالدا دولقۇن قوزغىدى...ئالدىنقى سەپ كىشىلىرى ئىدارە قىلغان شارائىتتا ئالجىرىيەنى كۈتىدىغان قاراڭغۇ كېلىچەكلەردىن بىشارەتلەرنى بېرىشكە باشلىدى.

-ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىسى، سايلامنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى تاماملاتقۇزماسلىق ئىدى.

◈ ئالدىنقى سەپنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى شەيخ ئابدۇلقادىر ھەششانىي ھىجرىيەنىڭ **1412**-يىلى، رەجەب ئېيىنىڭ **18**-كۈنى (**22/01/1992**) ئەسكەرلەرنى ئىنقىلابقا قۇترىتىش جىنايىتى بىلەن قولغان ئېلىندى.

-بۇلاردىن كېيىن، ئالدىنقى سەپ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قولغا ئېلىنىش باشلىنىپ كەتتى، مىڭلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىندى. مانا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئىسلام قوتقۇزۇش ھەرىكىتى ئالجىرىيە ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئىسلامغا قارشى كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشۇش، قېيىن قىستاقلار باسقۇچىغا كىردى.

◈ ۋەقەلەر جەريانىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالدىنقى سەپنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ساناش مۇمكىن:

-قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ ۋاقىتلىق ئىجرائىييە ئورگىنى سىياسىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى رابىھ كەبىير.

- شەيخ مۇھەممەد سەئىد، ئاباس مەدەنىينىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە قولغا ئېلىنغان.

-كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى شەيخ زۇبدە ئىبنى ئەزۇز.



www.munber.org

ـ شەيخ يەخلۇف شەراتىي: ئۇمۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان بولۇپ، سىركاجى تۈرمىسىدا قەتل قىلىنغان (ئالالاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى ئىسلام بارلىق زامان ۋە ماكانغا مۇناسىپ كېلىدۇ، ھاياتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ... ئالدىنقى سەپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم پرىنسىپلىرىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

◈ ئالدىنقى سەپ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە دەۋەت دائىرىسىنىڭ ئەقىدە، قانۇن ۋە ھۆكۈم ساھەلىرىنىڭ كىتاب ۋە سۈننەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكىر ئۆرنىكى ئىسلام تارىخىدىكى سەلەپى ئېقىمدۇر.

◈ ئالدىنقى سەپ ھەرىكىتى **1989**ـ يىلى 7ـ مارتتا ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي پروگراملىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر دوكلاتنى ئالجىرىيەنىڭ رەئىسىگە تەقدىم قىلغان. بۇ دوكلات تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ـ دۆلەت رەئىسى مۇسۇلمان خەلققە ھاكىم بولغانكەن، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇش.

ـ ساۋابنى كۆزدە تۇتۇپ مەھكىمىنى مۇستەقىل قىلىش.

ـ مائارىپ سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش.

ـ ئالجىرىيە ئاياللىرىنىڭ ئۆي ۋە ئىش ئورۇنلىرىدىكى ھۆرمەت ۋە ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش.

ـ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىغان ساھەلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈرغۈزۈش.

ـ مىللىي جەمئىيەتلەرنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۈچ ئاي ئىچىدە سايلام ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىش.

ـ يەرلىك سايلاملارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇستەقىل ھەيئەتلەرنى تەشكىل قىلىش.

ـ مالىيە نازارىتى ھەيئىتىگە قايتا قاراپ چىقىش.

ـ بىخەتەرلىك سىياستىگە قايتا قاراپ چىقىش.

ـ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رەسمىي شەكىلدە مونوپۇل قىلىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ـ خەلقنىڭ تەلىۋىگە قارشى دۆلەت زوراۋانلىقىنى توختىتىش.

www.munber.org

- ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ سىرتقا ئېقىشى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىق ئىشلارغا چەكلىمە قويۇش.

- ئالجىرىيەلىك مۇھاجىرلارنى ھېمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىش.

- جۇڭگو، ھىندىستان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بۇلغارىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئېزىش مەسىلىسىگە چەك قويۇش ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىش.

- پەلەستىندىكى خەلق قوزغىلىڭىغا ياردەم قىلىش ۋە ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش.

◈ ئالدىنقى سەپنىڭ پىكىر ۋە پرىنسىپلىرى دوكتور ئابباس مەدەنىيگە ئوخشىغان بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ "1989 - يىلى 12 - نويابىر نىداسى" دەپ ئاتىغان نىدالىرى ۋە ئالدىنقى سەپنىڭ ھۆكۈمەتكە، خەلققە قاراتقان باياناتلىرىدىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە قىسقارتىش مۇمكىن:

- خەلققە ئەركىنلىك پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلاردىن زۇلۇم ۋە ئىستىبدادنى كۆتىرىۋېتىش.

- ئىسلام ئىقتىسادىغا تايىنىپ، ھارام بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن چەكلەش.

- يالىڭاچلىققا چاقىرىدىغان فرانسىيىچە ئۇسلۇبنى رەت قىلىپ، ئائىلە ئىشلىرىدا شەرىئەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

- مەدەنىيەت مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىش، مەدەنىيەت ئوقۇمىنى بورمىلاشقا قارشى تۇرۇش.

- تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەتتىن ئىسلامىي مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئەيىپلەش.

- ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئىسلامىي ئويغىنىشىغا قارشى دۆلەت تەرىپىدىن ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش.

- ئەقىدىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە جازالاش.

- قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلغان ئۇسلۇب بويىچە خەلقنى ئويغىتىش.

- قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە تولۇپ ياتقان ھىدايەت نۇرى بىلەن ئەقىللەرنى نۇرلاندۇرۇش، ئۇنىڭدىكى روھىي غىزالار ئارقىلىق ۋىجدانىنى قانائەتلەندۈرۈش ۋە ئاكتىپ ئىمانى ئېنېرگىيە ئارقىلىق ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش.

- خەلقنىڭ تارىخىي مەنپەئەتلىرى، ئىنسانىي ۋە تەبىئىي بايلىقلىرىنى ۋاقىت زايا قىلماستىن قوتقۇزۇش ئۈچۈن دورۇست دىنغا ئەمەل قىلىش.

- ئىسلامىي سەپنى بىرلەشتۈرۈش، ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ

www.munber.org

دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.»[①]

«مۆمىن مۆمىنگە نىسبەتەن، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىناغا ئوخشايدۇ» ـ ھەدىس شەرىف.

ـ بارلىق ئىدىلوگىيەلىك، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قېيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە مۇكەممەل بەدەل (سەپلىمە) تەقدىم قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الدينَ عِندَ اللَّهِ الإِسْلاَمُ﴾ «ھەقىقەتەن اللە نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.»[②]

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ﴾ «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ»[③]

ـ ئىنسانىيەتنىڭ قوتقۇزغۇچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلگە قىلغان ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك قۇتقۇزۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «وَكُنتُمْ عَلَىَ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ النَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا» «سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى.»[④]

ـ تەشەببۇسكارلىق روھىنى رىغبەتلەندۈرۈش، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ھازارىي قورۇلمىلاردا ئەقىلنى، ھوشيارلىقنى ۋە بارلىق ياخشى ئىرادىلەرنى ئىشقا سېلىش.

◈ ئالدىنقى سەپ ئومۇمەن غەرب، خۇسۇسەن فرانسىيە مەنپەئەتلىرىگە قارشى مەيداندا تۇردى. بۇ مەنپەئەتلەر تۆۋەندىكىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

ـ ئىسلامنى پۈتۈنلەي سىياسىي ساھەدىن يىراقلاشتۇرۇش.

ـ بازارلارنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ماللىرى ئۈچۈن ئېچىۋېتىش.

ـ مۇسۇلمان ئالجىرىيە جەمئىيىتىنى غەربلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش ۋە بارلىق شەكىللىرى بىلەن فرانسىيە مەدەنىيىتىدە قالدۇرۇش.

◈ مانا بۇ سەۋەبلىك، ئالدىنقى سەپنىڭ مەملىكەتلىك سايلامدا ئۇتۇپ چىقىشى غەربنىڭ قارىشى بويىچە بۇ مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ھەقىقىي خەتەر بولۇپ قالغان ئىدى. سەييىد ئەھمەد غەزالىي، بىلەت نەتىجىسى ئوتتۇرىغا چىققاندا "خەلق دېموكراتىيىگە قارشى ئاۋاز بەردى." دەپ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ نەتىجىسى سايلامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن تۈگەللەندى؛ چۈنكى ئۇلار ئىسلامسىز دېموكراتىيەنى ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇنىڭدەك ئەسكەرلەر ئارىلاشتى، سايلامدا ئۇتۇنلۇك قازانغان تەرەپكە ھۆكۈمەتنى تىنچلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتىنى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەسكەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان ھۆكۈمەت تەشكىللەش ئۇسلۇبىغا زورلۇق ئىشلەتتى. ئىسلامىي كۈچنىڭ تەسىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپنىڭ ياشلار ۋە رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان كۈچلىرىنى قولغا ئېلىپ، سەھرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىراق تۈرمىلەرگە يوللاشقا باشلىدى. ئىدارە

[①] ئەنبىيا سۈرىسى، 92 ـ ئايەت.
[②] ئال ئىمران سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.
[③] ئىسرا سۈرىسى، 9 ـ ئايەت.
[④] ئال ئىمران سۈرىسى، 103 ـ ئايەت.

www.munber.org

مەھكىمىسى ئالدىنقى سەپنى توختىتىۋېتىش، بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يولىدىكى بارلىق ئىشلارنى بىجىرىش ئىمكانىيىتى يارىتىش ئۈچۈن پۈتلىرى ئاستىدىكى بىساتلارنى تارتىۋېلىش قارارىنى چىقاردى. ئەمما ئالدىنقى سەپنىڭ رەھبەرلىرى ئالجىرىيەدە ئىسلام دۆلىتى مەۋجۇت، ئۇ، ئاللاھ خالىسا بۈگۈن ياكى ئەته ئۇلار ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئالدىنقى سەپنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن نەتىجە قازىنىشى بىلەن ئالجىرىيە رەئىسى ئەششازىلىي ئىبنى جەدىيد ئىستىپا سوردى. رەئىسلىكنى سۈيقەسىت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مۇھەممەد بۇزىياف ئۈستىگە ئالدى. ۋەقەلەر ھازىرغىچە توختىماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ يىلتىزى:

كىتاب، سۈننەت ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ مېتودلىرىغا قايتىش نوقتىسىدا ئالجىرىيەدىكى ئىبنى باديىستىن ئەلئىبراھىمىيغا قەدەر بولغان ئۆلىمالار جەمئىيىتىنىڭ قاراشلىرى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىنىڭ پىكرى يىلتىزلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھەسەن بەننا، سەييىد قۇتۇبلارنىڭ كىتابلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئالدىنقى سەپ تايىنىدىغان ئىسلامىي ئويغىنىشنىڭ پىكرىي قائىدىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭ يىلتىزىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، سەلەپىي يۆنۈلۈشتىكى ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ مۇتىدىل يولىنى تۇتىدۇ. ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئىسلام بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىدۇ. دۆلەت رەئىسىنىڭ مائارىپ، بىخەتەرلىك ۋە ئاخبارات سىستېمىلىرىنى ئىسلامنىڭ ساغلام ئەقىدىسى نۇرى ئاستىدا ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمان خەلقنى ئىدارە قىلغانكەن ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئالدىنقى سەپ ئومۇمەن غەربنىڭ، خۇسۇسەن فرانسىيىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەنپەئەتلەر ئىسلامنى پۈتۈنلەي سىياسىي ساھەدىن يىراقلاشتۇرۇش، بازارلارنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ماللىرى ئۈچۈن ئېچىۋېتىش، مۇسۇلمان ئالجىرىيە جەمئىيىتىنى غەربلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش ۋە بارلىق شەكىللىرى بىلەن فرانسىيە مەدەنىيىتىدە قالدۇرۇشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان بولۇپ، بۇنى ئالجىرىيە جەمئىيىتى رەت قىلىدۇ. بۇ ئالدىنقى سەپ، ئالدىراقسانلىق، خىتابنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش ۋە باسقۇچلارنى ئېتىبارغا ئالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە ئەيىپلىنىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

www.munber.org

ئىسلامىي ساھەدىكى يېڭىلىقى سەۋەپلىك قوتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە مەۋجۇت بولغان مەنبەلەر تۆۋەندىكىچە:

- د.مۇستەفا ھىلمىي: الصحوة الإسلامية والعودة إلى الذات.
- د.مۇھەممەد فەتھىي ئوسمان: تأثير السلفية في المجتمعات المعاصرة.
- د.مۇھەممەد فەتھىي ئوسمان: عبد الحميد بن باديس رائد الحركة الإسلامية المعاصرة بالجزائر.
- سەفۋەت مەنسۇر: نماذج من الحركات الجهاد الإسلامية الحديثة- "السنوسية- الباديسية- القسامية".
- "بايان" ژۇرنىلى _ 23،48 ـ سانلار ( بۇلاردا ئالجىرىيەدىكى ھادىسىلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار بار.)
- "مۇجتەمەئ" ژۇرنىلى ـ 26/6/1990 ـ كۈنكى سانى: ئالدىنقى سەپنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى بىلھاج بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت.
- "ئىسلاھ" ژۇرنىلى، 169 ـ سان (ھىجرىيە 1412 ـ يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 2 ـ كۈنى)
- "ھايات" گېزىتى: 10588، 10589، 10590 ـ سانلىرى/ مىلادى1992 ـ يىل فېۋرال، ھىجرىيە 1412 ـ يىل شەئبان.
- ئەلى بىلھاجنىڭ ئەلبانىي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى (لىنتا)
- ئابدۇلۋاھھاب تارىيرىي، سەلمان ئەلئەۋدە ۋە بىشر ئەلبىشر قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ لىنتا ۋە جۇمە خۇتبىلىرى.

www.munber.org

# مىللىي سالامەت پارتىيىسى
## (رىفاھ ئىسلام پارتىيىسى)

**ئېنىقلىما:**

سالامەت پارتىيىسى تۈركىيەدىكى ئىسلامىي پارتىيە بولۇپ، ھاياتنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنى ئىسلام پرىنسىپلىرى ئاساسىدا يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئوسمانىيە خەلىپىلىكى يىمىرىلگەندىن كېيىن تۈركىيەنى كونترول قىلغان سېكۇلارىزم ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى توپلىغان بۇ پارتىيە پىكىرلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي يولنى بىر ۋاستە سۈپىتىدە تاللىغان. يېقىندا پارتىيەنىڭ ئىسمى رىفاھ[1] ئىسلام پارتىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

**قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ قۇرغۇچىسى نەجمۇددىن ئەرباقان، 1926 ـ يىلى قارا دېڭىز رايونىنىڭ سىنوپ شەھرىدە، نەسەب جەھەتتىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 ـ يىلى ئىستانبۇل تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنژېنېرلىك پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1953 ـ يىلى موتور ۋە تېرمودىنامىك ساھەسىدە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ ئاخېن ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئەۋەتىلگەن.

ـ ئوخشىمىغان ئوقۇش ھاياتى بويىچە ھەر دائىم بارلىق ساۋاقداشلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن.

ـ گېرمانىيە تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇنىڭ ماتېرىيالىدا « ئۇنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئىككى نەرسىسى ناماز ۋە پىلان تۈزۈش ئىدى.» دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

ـ دۆلەتتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خېلى كۆپ ساندىكى يۇقىرى مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن ۋە موتور ـ ماشىنىلارغا ئائىت ئوخشىمىغان تېمىلاردا بىر قانچە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلغان.

ـ سىياسەتكە تۇنجى قېتىم 1968 ـ يىلى، يەنى تۈركىيە تىجارەت ۋە سانائەت مىنىستىرلىكلىرى بىرلىگى ئىدارە مەجلىسىگە ئەزا بولغاندىن تارتىپ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان.

ـ 1969 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئەرباقان ئۆزىنى كونىيا مۇستەقىل مىللەت ۋەكىللىكى نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن. دىنىي ئىنىستىتوتلاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن

[1] بۇ پارتىيەنىڭ ئىسمى بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىشلەرگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئېنسىكلوپېدىيە ھازىرلىنىۋاتقان مەزگىلدە «رىفاھ» قا ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن «رىفاھ»تىن «پەزىلەت» كە، ئارقىدىن «سائادەت» كە ئۆزگەرتىلگەن. پارتىيەنىڭ ھازىرقى ئىسمى «سائادەت»تۇر. ـ تەرجىمان.



www.munber.org

مىڭلىغان ياشلارنىڭ قوللىشى بىلەن سايلامدىكى ئاۋازلارنىڭ كۆپ قىسمىغا ئېرىشىپ مىللەت ۋەكىلى بولغان.

- كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامىي كىشىلەر بىلەن قانچە قېتىملاپ سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەندىن 1971 - يىلى، 26 - يانۋاردا مىللىي نىزام پارتىيىسىنى قۇرغان. بىر گۇرۇپ دوستلىرى بىلەن قۇرغان بۇ پارتىيەنىڭ گىرىبى ھاۋادا تۇرۇلگەن بىر مۇش ۋە ئالدى تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرغان كۆرسەتكۈچ بارماق شەكلىدە ئىدى.

- 1971 - يىلى ئاپرىل ئېيىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر قىسىم جىنايەتلەر توقۇلۇپ مەھكىمىگە بېرىلدى. مەھكىمە ئۇنىڭ پەقەت 16 ئاي داۋام قىلغان پارتىيىسىنى تاقاش بىلەن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ باشقا ھەر قانداق سىياسىي پارتىيىلەردە خىزمەت قىلىشىنى چەكلەش، ھەر قانداق يېڭى پارتىيە تەسىس قىلىشىغا يول قويماسلىق، شۇنىڭدەك مۇستەقىل شەكىلدە بولسىمۇ ئۆزلىرىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى.

- 1971 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تۈركىيەدە قالايمىقانچىلىق، زوراۋانلىق دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇ چاغدا ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىغا قايتىپ كېلىشى ئىشلارنى تۇراقلاشتۇرۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى.

- بۇ ئەھۋالدا ئەرباقاننىڭ يېڭى بىر پارتىيە قۇرۇشقا رۇخسەت ئېلىش ئىلتىماسى سۇنۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى تۆۋەندىكى كىشىلەر ئۈستىگە ئالدى:

1 - ئابدۇلكەرىم دوغرۇ: ئازوت شىركىتىنىڭ مۇدىرى. كېيىن سانائەت مىنىسترى بولغان.

2 - تۇرھان ئاقيول: كارخانىچىلارنىڭ بىرى.

- 1972 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن مىللىي سالامەت پارتىيىسى رەسمىي قورۇلدى.

- 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سايلامدىن كېيىن جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. ئەرباقان بۇ ھۆكۈمەتتە پىرىزىدېنت ياردەمچىسى بولدى. شۇنىڭدەك دۆلەت، ئىچكى ئىشلار، ئادالەت، تىجارەت، تاموژنا، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت مىنىستىرلىكلىرىدىن ئىبارەت يەتتە مىنىستىرلىكنى بۇ پارتىيە قولىغا ئالدى.

- بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت توققۇز يېرىم ئايدىن كېيىن يېقىلدى.

- 1977 - يىلى، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللىي سالامەت پارتىيىسى يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى ۋە ئادالەت پارتىيىسىگە قوشۇلدى.

- 1978 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇمھۇرىيەت باش سودىيەسى، ئەرباقاننىڭ سىياسەتتە دىنىي پۇرسەتپەرەستلىك قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاتا تۈركنىڭ سكولارىزملىق پرىنسىپىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ پارتىيىسىدىن يىراقلىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

www.munber.org

ـ 1980 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گېنېرال كەنئان ئەۋرەن ئىنقىلاب قوزغىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەسكەرلەر ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى.

ـ ئەرباقان كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرى ۋە پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 33 كىشى بىلەن قولغا ئېلىندى ۋە 1981 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھەربى سوتنىڭ ۋاقتى قىلىپ بەلگۈلەندى.

ـ 1985 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا ئەرباقان تۈرمىدىن چىقتى ۋە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نەزەر بەنت ئاستىدا ياشىدى. 1986 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۆمرە ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. ئۇ «رىفاھ پارتىيىسى» دېگەن نام ئاستىدىكى يېڭى پارتىيىسى ئارقىلىق يېڭىدىن پائالىيەتلىرىنى باشلىدى.

ـ 1996 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا بۇ پارتىيە رىقابەتچىلىرى ئارىسىدىن ئۆزۈپ چىقالىدى. شۇنىڭ بىلەن نەجمۇددىن ئەرباقان تۇنجى قېتىم پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

◈ ھەسەن ئاقساي: سالامەت پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن بىرى. ئەرباقان دەۋرىدە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى بولغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ مىللىي نىزام پارتىيىسى بىلەن سالامەت پارتىيىسىنىڭ پىكىرلىرى ئارىسىدا ئوخشىماسلىق يوق. چۈنكى ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى شەكلىي ئىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

◈ سالامەت پارتىيىسىنىڭ غايىلىرى بەش پرىنسىپقا مەركەزلەشتى:

- دۆلەتنىڭ تىنچ ۋە بەختەرلىگى
- مىللەتنىڭ دۆلەت بىلەن بىرىكىشى
- يېڭىدىن بۈيۈك تۈركىيە
- ئەخلاقىي ئويغىنىش
- ماددى يۈكسىلىش

◈ 1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نەجمۇددىن ئەرباقان تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە نوتۇق سۆزلىگەن ۋە نوقتىدا تۆۋەندىكى نوقتىلارغا چاقىرغان:

- ئىسلام ئەللىرى بىرلەشكەن مىللەتلىرى
- ئىسلام ئورتاق بازىرى
- بىرلەشكەن ئىسلامىي پۇل مەيدانغا كەلتۈرۈش
- ئىسلام ئالەمىنى قوغدايدىغان ھەربىي كۈچ تۈرغۈزۈش.

www.munber.org

- ئىسلام پرىنسىپلىرىغا تايانغان مەدەنىي ۋە پىكرى بىرلىكنى يېتەكچى قىلغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش.

◈ پارتىيىنىڭ باشقا بىر قىسىم پىكىر ۋە قاراشلىرى:

- ئىسلام ئەقىدىسىنى يەرلەشتۈرىدىغان مۇھىم مۇئەسسەسەلەرنىڭ قايتىپ كېلىش زۆرۈرىيىتى.

- كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا پۈتۈۋەتكەن فىترەت (تەبىئەتكە) كە قايتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

- ھۆكۈمەت ئىنسانلارغا خىزمەت ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ بىر ۋاستىسى.

- ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەش ۋاستىسى بولالايدىغان شەكىلدە ئىسلاھ قىلىش.

- ئاناتولىيەدە زاۋۇتلارنى ئېچىپ، دىنىي ۋە ئەخلاقلىرىنى يوقىتىپ تاشلايدىغان ياۋروپاغا ئىش ئىزدەپ ھىجرەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ياشلارنىڭ بۇ زاۋۇتلاردا ئىشلىشىنى قولايلاشتۇرۇش.

- ياۋروپا ئورتاق بازىرىنى يىتىم قالدۇرۇش زۆرۈرىيىتى.

- مەتبۇئات ئاپاراتلىرىنى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، مەدەنىيەتنى بېيىتىدىغان شەكىلدە ئىسلاھ قىلىش.

- ئېغىر سانائەت ۋە شۇنىڭدەك ھەربىي سانائەتكە يۈزلىنىش.

◈ پارتىيە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىۋاتقان جەريانىدا «ھەر ۋىلايەتتە بىر زاۋۇت» شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن. ئەمما ئۇنىڭ باشلىغان ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرغىدەك ۋاقتى بولمىغان. ئۇنىڭ يەنە مۇنداق تەسەۋۋۇرلىرى بار ئىدى:

- كۆپ ساندا ئىمام - خاتىب مەدرىسلىرىنى ئېچىش.

- مەكتەپلەردە ئەخلاق دەرسىنى ئۆگىتىش ۋە ئۇنى مەجبۇرى پەن دەپ تونۇش.

- تۈركلەرنىڭ قورۇقلۇق ئارقىلىق ھەجگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىش.

- ئىسلامچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي كەچۈرۈم.

- ئۆسۈمنى بارلىق شەكىللىرى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىش.

- ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىشقا قايتىش ۋە لاتىن ھەرپلىرىدىكى يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىش.

- شەھەر، يېزىلاردا مەسچىتلەرنى سېلىش ۋە ئىسلامىي ۋەقپىلەر ئۈچۈن كۆچلۈك ئىدارە تەشكىل قىلىش.

- پەلەستىن مەسىلىسىگە يارىدەم بېرىش ۋە ئۇنى ئىسلامىي مەسىلە، دەپ تونۇش. بۇ ئىشلار تۆۋەندىكى نوقتىلاردا ئىپادىسىنى تاپتى:

www.munber.org

1 ـ  تۈركىيە ھۆكۈمىتىدە ئىسرائىل مايىللىقىغا قارشى تۇرۇش.

2 ـ  پايتەختنى قۇددۇسقا يۆتكەش تەكلىپىدىن كېيىنلا، تۈركىيەنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلىش.

3 ـ  تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خەيرۇددىن ئەركمەنگە بىرلىگەن ئىشەنچ سالاھىيىتىنى تارتىۋېلىش مەسىلىسىدە ئوتتۇق قازانغان ۋە غەربكە، ئىسرائىلغا بولغان كۆچلۈك دوستلۇقى سەۋەبلىك بۇ مىنىستىرنىڭ خىزمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

4 ـ  1980 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قۇددۇستىن يەھۇدىيلارنى تازىلاشنى، ئۇنى ئازات قىلىش ئۈچۈن جىھاد بابىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىسلامىي شۇئارلارنى تەكرارلاۋاتقان 100 مىڭ مۇسۇلمان قاتناشقان كونيا ئىسلام قورۇلتىيىنى چاقىرىش.

5 ـ  تۈركىيەدە پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىنى ئېچىش.

6 ـ  سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ پەلەستىن مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەخىرلىنەرلىك مەيداندىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىش.

7 ـ  ئىسلام ئۈممىتىگە تەۋە بولغانلىق شەرەپ تۇيغۇسىنى بېيىتىش.

8 ـ  ئوڭ، سول ۋە ئوتتۇرىغا ئوخشاش ئېقىملارنىڭ ھەممىسى بىر سكولارىزم داچىنىنىڭ ئوخشىمىغان يۈزلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلامىي ئېقىمغا قارشى بىر سەپ بولالايدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە ئىسلامغا قارشى مەيداندا «ئادالەت پارتىيىسى» نىڭ ناچارلىقى «جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى» دىن ئاز، دەيدىغانلارنى ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش.

◈ ئەرباقان بىر قېتىم «ئۇلار بىزنى قالاقلىق بىلەن ئەيىبلەيتتى. ئەگەر ئۇلار پارلامېنتتىكى 50 نەپەر سالامەت پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ بۇيۇك مىللەت مەجلىسىدىكى مەدەنىيەتلىكلەر نىسبىتىنىڭ 95% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى بىلسە خىجىللىق ھېس قىلىدۇ» دېگەن ئىدى.

◈ پارتىيە ماسونىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە تويلىنىش ئورۇنلىرىغا قايتا قاراپ چىقىشنى، دىن ۋە ۋەتەنگە قارشىلىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

◈ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى مەزگىلىدە تۈركىيە ئەسكەرلىرى قىبرىس ھەرىكىتىنى قوزغىدى ۋە نۇرغۇن ئەسكىرى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

◈ بۇ پارتىيە يەنە، كامالىزمچە تۈركىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى.

◈ 1975 ـ يىلى يانۋاردا سالامەت پارتىيىسى پارلامېنتتىن ئاتا تۈرك ھۆكۈمىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن 1924 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چىقىرىلغان قارارىدىن باشلاپ سۈرگۈن قىلىنغان ئوسمان ئەۋلادلىرىنىڭ تۈركىيەگە قايتىشىغا يول قويىدىغان بىر قانۇن چىقارغۇزدى.

www.munber.org

◈ پارتىيىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان «مىللىي گېزىت» ۋە «يېڭى دەۋر» گېزىتىدىن ئىبارەت ئىككى گېزىتى بار.

◈ بۇ پارتىيە مائارىپ ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئىشلەش ھېسابىغا سانىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. دەپ تەنقىد قىلىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان سۈننى ئىسلامىيدۇر.

◈ سالامەت پارتىيىسى نۇر جامائىتى تەرىپىدىن ھازىرلانغان ئوخلاۋاتقان دىنىي ھېسلاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇنى سىڭدۈرۈۋېتىش، گەرچە نۇرچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يېڭى پارتىيەگە قېتىلمىغان بولسىمۇ ئۇنى تۈركىيەدە قوغداپ قىلىش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

◈ سالامەت پارتىيىسى مىللىي نىزام پارتىيىسىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى «رىفاھ پارتىيىسى» بۇ ئىككىسىنىڭ داۋامىدۇر.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ غەربلەشتۈرۈش، سكولارىستلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن سابىتلىقى يىمىرىلىشكە ئازلا قالغان تۈركىيە زېمىنى، ئىسلامىي مىراسلارنى قوغداش، ئىسلام روھىنى ئويغىتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ ئىسلامىي پارتىيەنىڭ پائالىيەت سورۇنىدۇر.

◈ سالامەت پارتىيىسىنىڭ سايىسىدا ئىسلامىي مەدرىسىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، قۇرئان كەرىمنى يادلىتىش مەكتەپلىرىنىڭ سانى 2800گە، ئىمام ـ خاتىب تەربىيىلەش مەكتەپلىرىنىڭ سانى 112گە، ئالىي ئىنىستىتوتلارنىڭ سانى تۆتكە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدا 24 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇغاندىن سىرت 5000مىڭ ئوقۇتقۇچى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تۈركىيەدە دىنىي دەرس ھېسابلىنىدىغان ئەخلاق دەرسىنى ئۆگىتىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، مىللىي سالامەت پارتىيىسى ياكى ھازىر «رىفاھ پارتىيىسى» دەپ تونىلىۋاتقان پارتىيە گەرچە ھېچقاندىق دىنىي جامائەت ياكى پارتىيەگە رۇخسەت بەرمەيدىغان سكولارىزمچى تۈركىيەنىڭ تۈزۈملىرى سەۋەبىدىن بىرەر ئىسلامىي ئىسىم ياكى بەلگۈگە ساھىب بولمىسىمۇ، ئۇ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئەخلاققا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى قەدىرلەش ۋە تۈركىيەنى ئىسلامىي مىراسلىرىغا قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىسلامىي ئىدىئولوگىيەنى ئاساس قىلىدۇ.

www.munber.org

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- ئابدۇلكەرىيم مەشھەدانىي: العلمانية وآثارها على الأوضاع الإسلامية في تركيا، خەلقئارا كىتابخانىسى تەشۋىقات ماتېرىيالى ـ رىياد، خافقىين كىتابخانىسى ـ دەمەشىق، بىرىنچى نەشرى 1403ھ/1983م.

- مۇستەفا مۇھەممەد: الحركة الإسلامية الحديثة في تركيا، غەربىي گېرمانىيە، بىرىنچى نەشرى 1404ھ/1984م.

- فەتھىي يەكەن: الموسوعة الإسلامية (ئىككى توم) – بەشىير نەشرىياتى ـ ئەممان، بىرىنچى نەشرى 1403ھ/1984م.

- «ئەششىھاب» ژۇرنىلى ـ بېيرۇت، بەشىنچى سان، توققۇزىنچى يىل، 1974م.

- «ئەششىھاب» ژۇرنىلى ـ بېيرۇت، ئالتىنچى سان، توققۇزىنچى يىل، 1975م.

- «ئەلمۇجتەمەئ» ژۇرنىلى ـ كۇۋەيت، 296 ـ سان، يەتتىنچى يىل، ئاپرېل/1976م.

- «ئەلمىيساق» گېزىتى ـ ماراكەش، 291 ـ سان، رەبىيئۇل ئاخىر/ 1399ھ.

- «ئەلقەبەس» ژۇرنىلى ـ كۇۋەيت، 12 ـ ئاپرېل/1977م (لوس ئانجىلىس ۋاقىت گېزىتىدىن نەقىل قىلىپ ئېلان قىلغان)


www.munber.org

## سۈپىزم ھەققىدە ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ئەزەلدىن خالىس ئەمەل ۋە ئىلىم دىنىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ» «بىلگىنكى، اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن»[1] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «وَقُلِ اعْمَلُواْ فَسَيَرَى اللّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ» «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى اللە، اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەي پاتىمە، ئەمەل قىلغىن! مەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ساڭا بىر نەرسىگە كېپىللىك قىلالمايمەن". ئىسلام دىنى يەنە خالىس تەۋھىد دىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت يالغۇز ئاللاھ تائالالا بار" « ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ» «بۇ توغرا دىندۇر.»[3]

ئىسلام بۇ نوقتىدىن قارىغاندا ساپ ئەقىدە، ساغلام ئېتىقاد دىنىدۇر، ئەقىدىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسى) ۋە دىنىنىڭ مېتودى ۋە ماھىيىتى ئەتراپىدا ئىختىلاپ بولمىغان مەزھەپلەرسىز، تەرىقەتلەرسىز دىندۇر.

ئىسلامنىڭ فەتھى قىلغان رايونلىرى كېڭەيگەن، باياشاتچىلىققا تولغان، مەدەنىي كەيپىچىلىككە چۆككەن بىر زامانلار كەلگەنگە قەدەر، ئىسلام بۇ يىگانە، ئۇلۇغ سۈرىتى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئىخلاسمەن، زاھىد بىرلىرى، ھاياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شەكىللىرى بويىچە ئىزچىل مېڭىش ئارزۇسى بىلەن، ھاياتنىڭ قاتتىقچىلىق تەرىپىگە قايتىش چاقىرىقىنى كۆتىرىپ چىقتى، ئەنە شۇ زاھىدلارنىڭ بىرلىرى باشقا بىر تەرەپكە، يەنى تەسەۋۋۇپ تەرەپكە يۈزلەندى؛ بۇ خىل يۈزلىنىش ئۆزىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئەقىدىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن نەپسىنى تەربىيلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىنىشىدىن باشقىنى كۆزلىمەيتتى.

ئەمما، نادانلىقنىڭ يامرىشى، باياشاتلىقنىڭ ئىزچىڭ داۋام قىلىشى، پىتنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ھەسەتخورلارنىڭ سۈيىقەستلىرى، دىن نامىدىن مەنپەئەت قوغلايدىغان دىنسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى قاتارلىق ئىشلار ئەقىدىدىن ياتلاشقان بىر يېڭى مەدرىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ مەجۇسى پىكرىنى بويلاپ ماڭغان يېڭى سۈپىزم مەدرىسىسى ئىدى. قۇرئاننى تەۋىل قىلىشتى، ۋەيران قىلغۇچ باتىنىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىۋەتتى؛ ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بەدىنىگە ئۇلاشقان زەھەرگە ئوخشاش تارقاشقا باشلىدى. كىتاب ۋە سۈننەتتىن بىر قەدەم يىراقلاشقانچە، مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ بەدىنىكى زەھەر بىر قانچە قەدەم ئىچكىرلەپ ماڭدى، شۇنداق

[1] مۇھەممەد سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.
[3] يۇسۇف سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.

www.munber.org

قىلىپ، ئەسلى ماھىيىتىدە ئېغىشنىڭ ئامىللىرى بولمىغان سوپىزمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئازغۇن تەرىقەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام دۇنياسىدا مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇسۇلمان ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىدە بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە تەسەۋۋۇپنى ئومۇمىي شەكىلدە، ئارقىدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان تىيجانىييە، خەتمىييە، سەنۇسىييە ۋە شازىلىييەگە ئوخشاشلار تەرىقەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇلاردىن كېيىن، ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دىيوبەندىييە، تەبلىغ ۋە مەھدىييەگە ئوخشىغان ئېقىملارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. گەرچە مەھدىييە سوپىزمنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ ماڭغان بىر ئېقىم بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپقا باشقا ئىشىكتىن كىرگەن. بۇلارنى تەتىق قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ قەيەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاللاھنىڭ ياردىمى تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ جامائەتلەرنى ئۈگىنىپ چىقىمىز.

www.munber.org

# سوپىزم

## ئىنقلىما:

تەسەۋۋۇپ ـ ھازارەت بابىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە چوكۇشكە بولغان قارشىلىقنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە قاتتىق ئىبادەت قىلىشقا ۋە زاھىدلىققا چاقىرىدىغان شەخسى ئىنتىلىشلەر شەكلىدە ھىجرىيە ئۇچىنچى ئەسىردە ئىسلام ئالەمىگە تارقالغان بىر خىل دىنىي ھەرىكەت. كېيىنچە بۇ خىل مايىللىقلار تەرەققىي قىلىپ، سوپىزم نامى بىلەن تونۇلغان پەرقلىق تەرىقىلەرگە ئايلانغان. تەسەۋۋۇپچىلار شەرئىي ۋاستىلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەس، كەشىف (بايقاش) ۋە كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى بىلىشكە يېتىش مەقسىتىدە نەپسىنى تەربىيەلەش ۋە ئۇ ئارقىلىق يۈكسىلىشنى كۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن،ئۇلار ئايرىم يول تۇتقان ۋە تەرىقەتلىرى ھىندىستان، پارىس (ئىران)، يۇنان قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىمىغان بۇددىسىت پەلسەپىلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. زاھىدلىق بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوقۇمى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى: زاھىدلىق شەرىئەت تەرىپىدىن بۇيرۇلغان بىر خىل ئەھۋال بولسا، تەسەۋۋۇپ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە تۇتۇپ ماڭغان ھەق يولدىن ئېغىشنىڭ مەركىزى نوقتىسىدا ياتىدۇ.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

مۇھىم مۇقەددىمە:

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، توغرا يولدىكى خەلىپىلەر ھەتتا ھەسەن ئەلبەسرىي ۋاپاتىغىچە بولغان دەسلەپكى ئىككى ئەسىر جەريانىدا، سوپىزم نە ئىسمى، نە رەسمى ۋەياكى سۇلۇكلىرى بىلەن تونۇلمىغان ئىدى. ئۇ دەۋردىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىنى ئالىدىغان ئاتالغۇلار: مۇسۇلمانلار، مۆمىنلەر ياكى ساھابە، بەدر ئەھلى، بەيئەت ئەھلى، تابىئىن دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس ئىسىملاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ دەۋردە، ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەپسىكە ئېغىرچىلىق سېلىش خۇسۇسىدىكى شەخسىي ئىنتىلىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەمەلىي خۇداگۇيلۇق ياكى ئىلمى ئەقىدە پەرەستلىك ساھەسىدە بۇ دەرىجىدە رادىكاللىق يوق ئىدى. بۇ ئىشلاردىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە يەردە چەكلىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى توغرىسىدا سورىغان بىر گۇرۇپ كىشىلەرگە ئېيتقان سۆزىدۇر: «لېكىن مەن روزا تۇتىمەن ۋە روزىسىزمۇ يۈرىمەن، مەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن ھەم ئاياللار بىلەن توي قىلىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.»

www.munber.org

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدىكى، كىچە ئوقۇيدىغان نامىزىدا ئوخلاپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى باغلاپ قويغان ھەۋلا بىنتى تۇۋەيتكە دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭ دەلىلى: «سىلەر تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار كېرەك، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىلەر زېرىكمىگۈچە زېرىكىپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل، ئاز بولسىمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان ئەمەلدۇر.»

ـ ساھابە، تابىئىن ۋە تابىئىنلارنىڭ تابىئىنلىرىنىڭ دەۋرىدە مۇشۇ خىل ئۆلچەم بويىچە مېڭىشاتتى. ئىلىم بىلەن ئەمەلنى، ئىبادەت بىلەن نەپس ۋە ئائىلىگە ھەمدەم بولۇشنى، ئىبادەت بىلەن جىھادنى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇفە مەسچىتىدىكى كوللېكتىپ زىكىر قىلىش بىدئىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغىنى ۋە مۇئەززىن ئىبنى يەزىد ئەلئەجلىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بەزى تاغلاردا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس يەر تۇتقانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇ ئىشتىن قايتۇرغانلىقىغا ئوخشاش، بىدئەت ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئارا مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىدى.

◈ ئابىدلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى: ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە، يەنى تابىئىنلار ۋە قالغان ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە، بىر گورۇھ ئابىدلار مەيدانغا كېلىپ، يالغۇزچىلىقنى، كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىقنى ئەۋزەل كۆردى، ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆزلىرىنى ئىبادەتكە زورلىدى. ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى، بەزى ئىچكى پىتنىلەرنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى، گۇناھسىز قانلارنىڭ ئېقىتىلىشى قاتارلىقلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، جەمئىيەتتىكى پىتنىلەردىن ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىش، دىنىي جەھەتتىكى ساغلاملىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئايرىم ياشاشنى ئەۋزەل كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ ئېچىلىپ كېتىشى، بولۇپمۇ ئىسلامىي پەتھلەرنىڭ كېڭىيىشى، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىشى ۋە ئەدەبسىز كىشىلەر ئارىسىدا ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ھاياسىزلىقنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىقلار بەزى ئابىدلاردا بولۇپمۇ بەسرە، كۇفە قاتارلىق جايلاردىكى ئابىدلاردا ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئەمما، دەسلەپتىكى مېتودتىن ئېغىشنىڭ باشلىنىشى سۇلۇك قىسمىدىلا ئىدى.

ـ كۇفىلىكلەردىن بىر جامائەت چىقىپ، كىشىلەردىن ئايرىلىپ چىقتى، ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەتل قىلىنىشىدىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقلىرىنى ئاشكارىلاشتى ۋە ئۆزلىرىنى كۆپ تەۋبە قىلغۇچىلار ياكى يىغلىغۇچىلار، دەپ ئاتاشتى. يەنە، ئىبادەت ساھەسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، دۆلەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشتىن يىراق تۇرىدىغان بىر تەبەقە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئەمەل، پەزىلەت ۋە شەرىئەتنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى چىڭ تۇتۇشتا، كىتاب ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللىنىشلاردىن باشقا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئەھلىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇلاردا يەنە ئاللاھ تائالادىن قاتتىق قورقۇش، قۇرئان كەرىمنى ئاڭلىغاندا ھوشىدىن كېتىش ۋە ئاۋازىنى كۆتىرىش قاتارلىق ئەھۋاللىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئىشلار، يەنە شۇ دەۋردە قارىلار، زاھىدلار ۋە ئابىدلار، دېگەنگە ئوخشىغان لەقەملەرنىڭ تارقىلىشىغا ئوخشىغان ئىشلار سەۋەبلىك، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكر، ئابدۇللاھ ئىبنى



www.munber.org

زۇبەير، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان(ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) بىر قىسىم ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ رەت قىلىشلىرىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەفۋان ئىبنى سەلىيم، تەلقە ئىبنى ھەبىيب ئەلئىنەزىي، ئەتائ ئەسسىلمىي، ئەسۋەد ئىبنى يەزىيد ئىبنى قەيس، داۋۇد ئەتتائىي ۋە ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ بىر قىسىم ئەسھابلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

◈ ئىغشىنىڭ باشلىنىشى: ھەر قانداق بىر ئىغشىنىڭ باشلىنىشى كىچىكتىن باشلىنىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن تەدرىجى كېڭىيىدۇ. زۇھد ئوقۇمى كۇفە، بەسرەلەردە، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، مالىك ئىبنى دىينار، بىشىر ئەلھافىي، رابىئەتۇل ئەدەۋىييە، ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيدكە ئوخشىغان زاھىدلارنىڭ چوڭلىرى ئارقىلىق بورۇنقى زاھىدلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان تاماق يېمەسلىك ئارقىلىق نەپسىنى قىيناش، گۆش يېيىشنى ھارام قىلىش، سەھرا، تۈزلەڭلىكلەرگە ساياھەت قىلىش، ئۆيلىنىشتىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئوقۇملارغا تەرەققىي قىلدى.

مالىك ئىبنى دىينار "بىر كىشى ئايالىنى گويا تۇل ئايالغا ئوخشاش تاشلاپ قويۇپ، ئىتلارنىڭ زەمبىللىرىدە پاناھلانمىغۇچە، سىددىقىينلار دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ" دەيدۇ. بۇلارنى ھېچقانداق تايانچى ياكى كىتاب، سۈننەتتىن نەس بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ئىيتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئىيتقانلىقى ئىنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن تۇترۇقسىز، رەزىللەرچە ئىيتىلغان سۆزلەر ئەشۇ زاھىدلارغا مەنسۇپ قىلىپ قويۇلغان ئەھۋاللارمۇ بار.

- كۇفەدە مۇئەزەد ئىبنى يەزىيد ئەلئەجلىي ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى ئۆزلىرىنى ئوخلىماسلىقتا، نامازنى داۋاملاشتۇرۇشقا كۆندۈرۈشكە باشلىدى. كۇفىنىڭ بىر تۈركۈم زاھىدلىرى ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭدى ۋە باشتا دېيىلگەندەك ئىبنى مەسئۇدنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تاغلارغا چىقىپ كېتىشكە باشلىدى.

- ئۇلارنىڭ رابىئەتۇل ئەدەۋىييەگە ئوخشىغان بىر قىسىملىرىدىن، پەرۋەردىگار بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە، ئىلاھىي ئىشىق، سۆيگۈگە ئائىت ناتوغرا سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارغا ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ «(رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى»[1] دېگەن سۆزىگە خىلاپ ھالدا. ئىبادەت ھەققىدە نە جەننەتنى تاما قىلىپ، نە جەھەننەمدىن قورقۇپ قىلماسلىق دېگەندەك خاتا چۈشەنچىلەر مەيدانغا كەلدى.

- شۇ باسقۇچتىكى بۇ خىل تەرەققىياتلارنى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە مونۇ سۆزى ئارقىلىق خۇلاسىلەيدۇ: "تابىئىنلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆز قاراش، كالام ۋە تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىش يۈز بەردى: كۆز قاراش تەرەپدارلىرى كۇفەدە ئىدى. كالام ۋە تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى بەسرەدە ئىدى. ھەسەن ۋە ئىبنى سىيرىينلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەمرۇ ئىبنى ئۇبەيد، ۋاسىل ئىبنى ئەتائ ۋە ھەسەن ئەلبەسرىينىڭ شاگىرتى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيدنىڭ تالىبى ئەھمەد ئىبنى ئەلى

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 90-ئايەت.



www.munber.org

ئەلھۇجەيمي (200ھ ۋاپات بولغان) لار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ قەدەر توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى بار ئىدى. ئۇ ئىسلامدا تۇنجى بولۇپ، ئاڭلاش ۋە زىكىر قىلىش ئۈچۈن مەسچىتتىن مۇستەقىل ھالدا بەسرىگە سۇپىلار ئۈچۈن بىر خانىقا ياسىدى. ئۇلاردا مۇزىكىغا ئىشارە قىلىدىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاش ئەھۋاللىرى شەكىللەندى. مەدىنىلىكلەر ئۇلارغا قارىغاندا سۆز ۋە ئەمەلگە يېقىنراق ئىدى. ئەمما شامىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇجاھىدلار ئىدى."

◈ شۇ دەۋردىن باشلاپ، تەسەۋۋۇپ بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى:

ـ باشلىنىش ۋە مەيدانغا كېلىش: تەسەۋۋۇپ ۋە سۇپىزم ئاتالغۇسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئاتالغۇ تۇنجى بولۇپ، پارىس ئېلىگە يېقىن بولۇش سەۋەبى ۋە تەرجىمە دەۋرىدىن كېيىن، يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئەھلى كىتاب راھىبلىرىنىڭ سۇلۇكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى يۈزىسىدىن كۇفىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۆلىما ۋە تارىخچىلار بۇ ئاتالغۇ بىلەن كىمنىڭ دەسلەپتە ئاتالغانلىقى مەسىلىسىدە ئۈچ خىل قاراشتا كەلگەن:

1 ـ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ۋە ئۇنىڭ قارىشىنى ئويغۇن دەپ قارىغانلار: تۇنجى سۇفىي، نامى بىلەن تونۇلغان كىشى ئەبۇلھاشىم ئەلكۇفىي (150ھ ياكى 162ھ ۋاپات بولغان) شامغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە تونۇلغان. ئۇ سۇفىيان ئەسسەۋرىي بىلەن زاماندىاش ئىدى. سۇفىيان ئۇنىڭ توغرىسىدا "ئەبۇ ھاشىم بولمىغان بولسا، رىيانىڭ ئىنچىكىلىكلىرى تونۇلمىغان بولاتتى." دېگەن. ئۇ يەنە جەئفەر ئەسسادىق بىلەن ئەسىرداش ئىدى. ئۇ دەسلەپكى شىئەلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، شىئەلەر ئۇنى سۇپىزمنىڭ ئىجادچىسى، دەپ ئاتىشىدۇ.

2 ـ بەزى تارىخچىلار ئەبدۇھەك (ئابدۇلكەرىم ياكى مۇھەممەد) (210ھ ۋاپات بولغان) نىڭ سۇفىي، دەپ ئاتالغان تۇنجى كىشى، ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. ھارىس ئەلمۇھاسىبىي ئۇنىڭ ئۆزىنى كۇفىدە تەسىس قىلىنغان سۇپىزمچىلار، دەپ ئاتىلىدىغان يېرىم شىئە تائىپىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما مەلتىي ئۆزىنىڭ "التنبيه والرد على أهل الأهواء والبدع" ناملىق كىتابىدا ئەبدۇھەكنىڭ، "دۇنيانىڭ ھەممىسى ھارام، دۇنيادىكى ئۇزۇقلۇقتىن باشقا نەرسە ھېچكىمگە ھالال ئەمەس، توغرا يولدىكى ئىماملار دۇنيانىڭ ئادىل ئىمامسىز ھالال بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئادىل ئىمام بولمىغاندا ئۇ ھارامدۇر، ئۇنىڭ ئەھلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھارامدۇر." دېگەنلەرنى دەۋا قىلغان زىندىقلار پىرقىسىنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ.

3 ـ فىھرەستتىكى ئىبنى ئەننەدىيم جەئفەر ئەسسادىقنىڭ شاگىرتى جابىر ئىبنى ھەييانىنىڭ تۇنجى سۇفىي، دەپ ئاتالغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شىئەلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلايدۇ ۋە پەيلاسۇپلارمۇ ئۇنى شىئەلەرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

ـ ئۆلىمالار يەنە، سۇپىزم سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىدە بىر قانچە خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:



www.munber.org

1 ـ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى خەلدۇن ۋە كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار، دەسلەپكى سۇپىلار تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەھلى كىتاب راھىبلىرىنىڭ چاچلىرىغا قارىتا، سۇف (يۇڭ)دىن تۇرلەنگەن، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسەن باشقا بارلىق تۇرلىنىش ۋە قاراتمىلىقلىرىنى يوققا چىقىدۇ. يەنە سۇپىلارنىڭ ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرىنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە مەنسۇپ، دېيىشكە ئورۇنۇشلىرى ياكى ئۆزلىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ھەسەن ئەلبەسرىي، سۇفيان ئەسسەۋرىي (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنۇشلىرىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ. بۇ يەردىكى مەنسۇپلۇق قارىشى دەلىلگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھۆججەت، پاكىتلىرى تولۇق ئەمەس.

2 ـ ئەبۇ رەيھان بىيرونىي (440ھ ۋاپات بولغان) ۋە يېقىنقى زاماندىكى فون هامىر ۋە بۇ ئىككىسىدىن باشقىلار تەرىپىدىن كۇچلۇك، دەپ قارالغان باشقا بىر خىل كىلىپ چىقىش بولۇپ، ئۇلار ئۇنى يۇنانچىدىكى ھېكمەت مەنىسىنى بىرىدىغان SOHP (سۇف) سۆزىدىن كىلىپ چىققان، دەيدۇ. بۇ قاراشنىڭ ھىمايىچىلىرى ئۇنىڭ ساغلاملىقىنى ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ئاكتىپلاشقان تەرجىمە ھەرىكىتىدىن كېيىن باغداد ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تارقالغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئوخشاش ۋاقىتتا ئىسلام ئالەمىنىڭ غەرب ۋە جەنۇبىدا بۇ ئاتالغۇ تونۇلمىغان. زامان ۋە ماكاندىن باشقا، سۇپىزم ۋە يۇنانلارنىڭ نەزىرىدىكى پىكىرنىڭ ئەسلىدىمۇ ئوخشاشلىق بار. ھەر ئىككىلا گۇرۇپتا "ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد"، "ھۇلۇل"، "ئىشراق" ۋە "فەيز" پىكىرلىرى مانا مەن چىقىپ، تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ قاراشنىڭ كۇچلۇكلىكىگە دەلىل قىلىپ، دىندىن چىققانلىقى سەۋەبلىك ئۆلتۇرۇلگەن سۇھرەۋەردىيگە ئوخشىغان سۇپىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ "بۇ يېقىن زامانلاردىكى سۇلۇكنىڭ نۇرلىرى فىيساگورسىنىڭ خېمىر تۇرۇچىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ قېرىندىشىم ئەخمىيم "زۇنۇن ئەلمىسرىي" گە ئۇنىڭدىن سىيارىستىرىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۇچىلىرىگە كۆچتى." دېگەن سۆزلىرىنى دەلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۇ دەۋردە يۇنانچىدىن تەرجىمە قىلىنغان پەلسەپە، مۇزىكا، مۇزىكىشۇناس، سەپسەتە ۋە ھىيولىي دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنىمۇ ئىلاۋە قىلىپ، دەلىل قىلىشىدۇ.

◈ سۇپىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى كىشىلەر: ھىجرىيە ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىردە تەسەۋۋۇپقا مەنسۇپ ئۇچ تەبىقە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار:

◈ بىرىنچى تەبىقە: كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ۋەسۋەسىگە سالغۇدەك دەرىجىدىكى زاھىدلىقتا، دۇنيادىن يىراقلىشىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ياشىغان ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋاللارغا قارشى شەكىلدىكى ئىبادەت ۋە سۇلۇكتىكى ئېغىشقىلا ئەمەس، بەلكى بورۇنقى ئەسىردىكى ئابىدلارغىمۇ قارشى شەكىلدىكى ئېغىشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، "سەمىمىيەت" بىلەن مەشھۇر بولغان ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ، گەرچە جۇنەيدكە ئوخشىغان بەزىلىرىدىن ئۆلىمالار تەرىپىدىن توترۇقسىزلىق، دەپ قارىغان بەزى ئىبارىلەر رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ كۆپىنچىسىنىڭ ئەقىدىدە دورۇستلىقى، سۈننەت ۋە سەلەپلەرنىڭ مېتودىنى چىڭ تۇتۇش چاقىرىقىنى كۆپ قىلىشى ئومۇمىيۈزلۇك ئەھۋال ئىدى. بۇ ئېقىمنىڭ تونۇلغان كىشىلىرىدىن:



www.munber.org

ـ جۇنەيد: تولۇق ئىسمى، ئەبۇلقاسىم ئەلخەراز (298ھـ ۋاپات بولغان) بولۇپ، سوپىلار ئۇنى "تائىپىنىڭ ئەپەندىسى" دەپ ئاتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سوپىلار بولۇپمۇ تەۋھىد، مەرىپەت ۋە مۇھەببەتكە ئائىت مەسىلىلەردە ئۇنىڭ سۆز ۋە قاراشلىرىغا تايىنىدۇ. ئۇ زۇنۇن ئەننۇبىينىڭ قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، شاگىرتى شىبلىي ئۇنى تەھقىقلاپ، توپلاپ تارقاتقان. ئەمما ئۇ، فەنا قارىشىدا زۇنۇن، ھەللاج ۋە بەستامىيلارنىڭ يوللىرىغا قارشى يول تۇتقان؛ ھوشسىزلىقتىن سەگەكلىكنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، تۇترۇقسىز قاراشلارنى رەت قىلىدۇ، فەنادىن بەقانى ياخشى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ سوپىلاردىن شەرئىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ساقىت ئىكەنلىك قارىشىنى رەت قىلىدۇ. جۇنەيد تۇنجى بولۇپ تەسەۋۋۇپ بىلەن كالامنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ئۇستازى ھارىس ئەلمۇھاسەبىي ۋە تاغىسى سىرىي ئەسسەقتىي (253ھ ۋاپات بولغان) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

بۇ تەبىقە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلار يەنە، ئەبۇ سۇلەيمان ئەددارانىي، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەتىيىيە ئەلئەنىي (205ھ ۋاپات بولغان)، ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ ئەلھەۋارىي، ھەسەن ئىبنى مەنسۇر ئىبراھىم ئەبۇ ئەلى ئەششەتاۋىي ئەسسۇفىي (بۇخارىي سەھىھىدە ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلغان)، سىررىي ئىبنى مۇغلىس ئەسسەقتىي ئەبۇلھەسەن (253ھ ۋاپات بولغان)، سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ ئەتتەستەرىي (273ھ ۋاپات بولغان)، مەئرۇف ئەلكەرخىي ئەبۇ مەھفۇز (200ھ ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن، شۇلارنىڭ تەرىقىلىرى بويىچە داۋام قىلغان ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسىلمىي (412ھ)، مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن ئەلئەزدىي ئەسسىلمىي، خەتىيبۇل بەغدادىينىڭ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى فەزل ئىبنى ئەلئەبباس ئەبۇ يەئلا ئەلبەسرىي ئەسسۇفىي (368ھ) لارمۇ بار.

ـ بۇ تەبىقىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇھىملىرى قاتارىدا، مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئۆلىمالىرىدىن پەرقلىق تۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى، بەزىلىرىنىڭ سۆزلىرىدىكى "ئىلمىمىز، مەزھىپىمىز، يولىمىز" دېگەنگە ئوخشىغان كېيىنچە تەرىقەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلايدىغان شەكىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى قاتارلىقلار بار. جۇنەيد مۇنداق دەيدۇ: "ئىلمىمىز ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن". بۇ خىل مەنسۇپلۇق شەرئىي جەھەتتىن ھارام بولۇپ، بۇ بىدئەتكە، مەئسىيەتكە، ھەتتا شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەرىقىسىدە مېڭىشنى مەقسەت قىلغانلارغا مال ـ دۇنياسىنى تاشلاش، تاماقلىرىنى كېمەيتىش ۋە سۈلۈك ئىچىدىلا بولغانكەن ئۆيلىنىشتىن يىراق تۇرۇش قاتارلىقلارنى شەرت قىلىدۇ.

ـ ئىلىم ۋە دىنىي چۈشەنچىسىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ۋەز ـ نەسىھەت ۋە قىسسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەھلى كىتابنىڭ ئىستىقامەتچىلىرى ۋە راھىبلىرىنىڭ سۈلۈكلىرىغا ئەگىشىۋاتقان بولغاچقا ساغلام شەكىلدىكى ۋەز ـ نەسىھەت ۋە قىسسىلەرنى ئۆگۈنىشتىن ھەزەر ئەيلەش كۆپەيدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز ئارا ئۇچراشقان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن يىراقلىشىشنى كۈچەيتىۋەتتى. ئاقىۋەت بۇ ئىشلار ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىتتىن باشقا ئورۇن تۇتۇش بىلەن نەتىجىلەندى؛ ئۇ يەرگە

www.munber.org

زاھىدلارنىڭ قەسىدىلىرى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختاش مەقسىتىدە، كۆرنىشى غەزەلگە ئوخشايدىغان قەسىدىلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. بۇ ئىش فىقھىي ئالىملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك دۈشمەنلىككە سەۋەب بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە كەشف (بايقاش)، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارغا دائىر دەۋا قىلىشلار ۋە كالامىزمغا ئائىت بەزى سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەرياندا، ئەبۇ تالىب ئەلمەككىينىڭ كىتابى، ئەبۇ نەئىيم ئەلئىسفەھانىينىڭ "قوت القلوب و حلية الأولياء" ناملىق كىتابى ۋە ھارىس ئەلمەھاسىبىينىڭ كىتابلىرىغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئىلگىرىكى ئۆلىمالار، مەۋزۇئ، مۇنكەر، ئىسرائىلىييات قىسسىلىرى ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابلارنى ئوقۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىمام ئەبۇ زەرئەدىن: بۇ كىتابلاردا ئىبرەت بارمۇ، دەپ سورالغاندا ئۇ: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن ئىبرەت ئالمىغانلار ئۈچۈن بۇ كىتابلاردا ئىبرەت يوق، دەپ جاۋاب بەرگەن.

◈ تەسەۋۋۇپ مەزھەپلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇھىملىرىنىڭ يەنە بىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەت ۋە باشقا مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىكى پەرقلىق مېتودىنىڭ ئورتاق نوقتىسى بولغان "زوق" دەپ ئاتايدىغان نەرسىسىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كالامپايلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سوپىلىق ئۆزىنى بىرىكىپ كېتىش ياكى ئىسلامىي بولمىغان پەلسەپە ۋە ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇشتىن ھىمايە قىلىشقا قادىر بولالمىغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ تەبىقىنىڭ يېمىرىلىشىنى قولايلاشتۇرۇپ، رادىكاللىقى ۋە ئېغىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ۋە ئىككىنچى تەبىقىنىڭ تارقىلىشىنى كۈچەيتكەن.

◈ ئىككىنچى تەبىقە: زاھىدلىق باتىنىيلارنىڭ ئىبارىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەمەلىي ئىش، رىئال سۇلۇك بولۇشتىن چىقىپ يالغۇز پىكىر يۈرگۈزۈش، نەزەرىۋىي سۆزلەر باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە، يالغۇزلۇق، فەنا، ئىتتىھاد (بىرلىشىش)، ھۇلۇل، سۇكر (ھوشسىزلىنىش)، سەھۋ (سەگەكلىك)، كەشف، بەقا، مۇرىد، ئارىف ، ئەھۋال، ماقاملار دېگەنگە ئوخشىغان ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەرىئەت بىلەن ھەقىقەتنى پەرقلەندۈرۈش، ئۆزلىرىنى ھەقىقەت ئىگىلىرى، باتىنىيلار، دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار بىلەن ئاتاش، ئۆزلىرىدىن باشقا فىقھىي ئالىملىرىنى زاھىرىيلار، رەسىمچىلەر، دەپ ئاتاشلار كەڭ ئومۇملاشتى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى كۆپەيتىۋەتتى. بۇلاردىن باشقا سەلەپ ـ سالىھلار ۋە "سائادەت دەۋرى" دەپ تونۇلغان دەۋردىكى كىشىلەرگە، ھەتتا سۈپىزمغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ بىرىنچى تەبىقىلىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇلار ئۇنىڭ ئېغىشىنى ئاشۇردى. ئۇ دەۋر ھەقىقەتەنمۇ ھازىرغىچە شەكىللەنگەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ رىئال باشلانغۇچى بولۇپ قالغان ئىدى.

◈ بۇ تەبىقىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى: ئەبۇ يەزىد ئەلبەستامىي (263ھـ ۋاپات بولغان)، زۇننۇن ئەلمىسرىي (245ھ ۋاپات بولغان)، ھەللاج (309ھ ۋاپات بولغان)، ئەبۇ سەئىيد ئەلخەزار (277 ـ 288ھـ)، ھەكىم ئەتتىرمىزىي (320ھ ۋاپات بولغان) ۋە ئەبۇ بەكر ئەششىبلىي (334ھ ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار. بۇ يەردە ئۇلاردىن كېيىن

www.munber.org

هازىرغىچە تەسىرى كۈچلۈك بولغانلارنىڭ تەرجىمە ھالى بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

مەسىلەن:

-زۇننۇن ئەلمىسرىي: تولۇق ئىسمى، ئەبۇلفەيز سەۋبان ئىبنى ئىبراھىم بولۇپ، ئەسلى مىسىر ئىگىزلىكىنىڭ ئەخمىيم يېزىسىدىكى نەۋبەلىك قىبتىيلاردىن. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 245 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئىبنى خىللىكان ۋە ئابدۇرراھمان ئەلجامىينىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇ تەسەۋۋۇپنى شەقران ئەلئابىد ياكى ئىسرائىل ئەلمەغرىبىيدىن ئۆگەنگەن. شىئەلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ خىمىيەنى جابىر ئىبنى ھەييانىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى تەكىتلىنىدۇ. ئىبنى نەدىيمۇ "ئەلفىھرىست" ناملىق كىتابىدا ئۇلار بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ. ئىبنى خىللىكان ئۇنىڭ كىشىلەردىن تەقۋالىقنى يوشۇرۇپ، شەرىئەتنى مەسخىرە قىلغانلىقنى ئاشكارا قىلىپ يۈرۈيدىغان "مەلامەتىييە"لەردىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېكمەت ۋە پاساھەتتە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ.

سۇپىزىم يازغۇچىلىرى ئۇنى مەرىپەت ۋە سۆيگۈگە دائىر تەرىقىلىرىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى، مىسىردا ماقاملار، ئەھۋاللار توغرىسىدا دەسلەپ ئېغىز ئاچقان كىشى، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇ "كەشف" ۋە شەرىئەتنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇشەيرىي ئۆزىنىڭ رىسالىسىدە ئۇنىڭ تەۋھىدكە سۇپىزىم ئوقۇمى بويىچە ئېنىقلىما بەرگەن تۇنجى كىشى، ۋەجد ۋە ئاڭلاش (سۇپىزمدىكى ئىككى خىل ئاتالغۇ ـ ت)نىڭ تۇنجى قېتىم ئېنىقلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقنى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىپادىلەشتە تۇنجى قېتىم ئىشارە ئىشلەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. ئىسمائىلىييەلەرنىڭ باتىنى ئەقىدىسى ۋە ئىخۋانۇسسەفالار بىلەن بولغان كۈچلۈك ئالاقىسى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغان؛ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل مەزھەپلىرىگە چاقىرىش جەريانىدا ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان. ئۇنىڭ باتىنى ئىلىم، ئىلاھىي ئىلىم، ئىتتىھاد (بىرلىشىش) ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەسلىنىڭ نۇرى مۇھەممەدىيگە قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرى بار. ئۇنىڭ قىبتىي تىلىدىكى ئىلمى يېزىسىدىكى قىبتىيلارغا ئائىت ئىزلارغا سىزىلغان ئالامەتلەر، نەقىش چۈشۈرۈشلەرگە قەدەر تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۇنىڭ پالچىلىق، سېھىر ۋە ئۆزى شۇغۇللانغان تىلسىمات ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشىگە ئىمكان يارىتىپ بەرگەن. زۇننۇن مۇتەسەۋۋۇپلار ئىچىدىكى يۇنان مەدەنىيىتى، يېڭى ئەفلاتۇنچىلار مەزھىپى، بولۇپمۇ ئارىستوتىلنىڭ ئىلاھىيەتكە دائىر سىيولوگىيەسى قاتارلىقلار بىلەن دەسلەپ تونۇشقا كىشى، ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەرىپەت ۋە فەنا قارىشىدا گنوسىيس (يۇنانچە مەرىپەت ئوقۇمىدا)نىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغان مەخسۇس مەزھىپى بار ئىدى.

ـ ئەبۇ يەزىيد ئەلبەستامىي:تولۇق ئىسمى، تەيفۇر ئىبنى ئىيسا ئىبنى ئادەم ئىبنى سىروشان بولۇپ، بەستامدا ئەسلى مەجۇسىي بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر سۆزلەر مەنسۇپ قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار بۇ خىل مەنسۇپلۇقنىڭ ساغلاملىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ "مەن ھەقتىن ھەققە چىققىنىمدا، ماڭا: "ئەي مەن سەن كىم ؟" دەپ ۋاقىرىدى، مەن ئاللىقاچان ئاللاھتا فەناھلىق ماقامىغا ئېرىشتىم"، "پاكلىقىم، مېنىڭ شەنىم نېمە دېگەن ئۇلۇغ!" دېگەن سۆزلىرى. بۇ مەيلى مەست ياكى سەگەك ھالەتتە ئېيتىلغان سۆزلەر

www.munber.org

بولسۇن، ساھىبنى كەچۈرگىلى بولمايدىغان سۆزلەردۇر. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە ئۇنى بۇ تەبىقىنىڭ ئەسھابلىرىدىن ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ قارالغان سۆزلەرنىڭ ساغلاملىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۈننەتنى چىڭ تۇتۇدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان سۆزلەر بار. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئۇنى ھەللاج ۋە سەھرۇۋەردىيلار بىلەن بىر تەبىقىدە قويىدۇ.

- ھەكىيم ئەتتىرمىزىي: تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەين ئەتتىرمىزىي (320ھـ ۋاپات بولغان) بولۇپ، ھامىيلىقىنىڭ ئاخىرلىششى توغرىسىدا تۇنجى ئېغىز ئاچقان كىشى. ئۇ بۇ ھەقتە كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭغا "ئەۋلىيالىقنىڭ ئاخىرلىششى" دەپ نام بەرگەن. بۇ كىتاب ئۇنىڭ كاپىرلىق بىلەن ئەيىبلىنىشى ۋە يۇرتى تىرمىزدىن چىقىرىۋېتىلىشىگە سەۋەب بولغان. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "سۇپىلارنىڭ بىر تائىپىسى "ئەۋلىيالىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى"نى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە ئۇنى ھەكىيم ئەتتىرمىزىيغا ئوخشاش كىشىلەر چۈشەيتتى. بۇ ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ بىرى. كۆپ نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدىغان ئىبنى ئەرەبىينىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ساغلامدۇر."[1] يەنە "پەيغەمبەرلەنىڭ خاتىمىسى بولغاندەك، ئەۋلىيالارنىڭمۇ خاتىمىسى بولىدۇ" دېگەن سۆز ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ، ئىبنى ئەرەبىي، ئىبنى سەبئىين، ئىبنى ھۇد ۋە ئەتتىلمەسانىيغا ئوخشىغان سۇپىزم پەيلاسوپلىرىنىڭ ئالدىدا "ئەۋلىيالار خاتىمىسى" سۆزىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ ماقامىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسىنىڭ ماقامىدىن ئەۋزەل، دەپ قارايدۇ.

◈ ئۈچىنچى تەبىقە: بۇ تەبىقىدە تەسەۋۋۇپ يۇنان پەلسەپىسى بىلەن يوغۇرۇلۇپ، "ھۇلۇل"، "ئىتتىھاد"، "ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد" ۋە پەيلاسوپلارنىڭ سۆزلىرىگە ماسلاشقان ھالدا، "ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى خىيالى، مەۋھۇم ۋە يالغان سۈرەتلەردىن ئىبارەت" دېگەنگە ئوخشىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭدەك، غەزالىي، سۇھرەۋەردىيلەرنىڭ قولىدا "ئىشراق"، "فەيز" نەزىرىيەلىرىنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى سەۋەپلەر تۈپەيلى، بۇ تەبىقە تەسەۋۋۇپ باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ خەتەرلىك تەبىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەبىقە ئەمەلىي بىدئەتلەردىن تەسەۋۋۇپنى ئىسلامدىن تامامەن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئىلمى بىدئەتلەرگە ھالقىغان. بۇ تەبىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن، ھەللاج (309ھ ۋاپات بولغان)، سۇھرەۋەردىي (578ھ ۋاپات بولغان)، ئىبنى ئەرەبىي (638 ھ ۋاپات بولغان)، ئىبنى ئەلفارىز (632ھ) ۋە ئىبنى سەبئىين (667ھ ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

- ھەللاج: ئەبۇ مۇغىيس ئەلھۇسەين مەنسۇر ئەلھەللاج (244ھ ـ 309ھ)، ئىراندا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، زەردۇشت دىنىدىكى بىر كىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ ئىراقنىڭ ۋاسىت شەھرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ، "ھۇلۇل" ۋە "ئىتتىھاد" چىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى. كاپىرلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن ۋە تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك جىنايەت سەۋەبىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن:

---

[1] مجموع الفتوى، 1-جىلد، 363-بەت.

1 ـ قەرامىتەلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى.

2 ـ "ئەنەلھەق" دېگەن سۆزى.

3 ـ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۇنى ئىلاھىي، دەپ ئېتىقاد قىلىشى.

4 ـ ھەج توغرىسىدىكى سۆزى. ئۇ ھەرەم بەيتىگە ھەج قىلىش ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پەرزلەردىن ئەمەس، دەپ قارايتتى.

ھەللەج رادىكال، جاھىل ۋە دەبدەبىچى بولغىنىدىن سىرت ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە نۇرغۇن گوڭگىلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ "تەۋاسىين" نامىلىق بىر كىتابى بولۇپ، ئۇنى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ماسنيون تەھقىقلاپ چىققان.

◈ بەزى تەتقىقاتچىلار ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىدە بۇ تائىپىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بىر خىل باتىنى ئىلىمنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى يوشۇرغانلار بولۇپ، "مەن ۋە ھۇسەين ئىبنى مەنسۇر ئەلھەللاج بىر ئىدۇق، ئۇ ئاشكارىلىدى ۋە مەن يوشۇرۇپ قالدىم" دېگەن سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىسى شىبلىيدىن سىرت بىرىنچى تەبىقىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە، ئۇنى ئاشكارىلىغان، جار سالغانلار بار بولۇپ، ھەللاج ۋە ئۇنىڭ تەبىقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۇمۇرنىڭ تەمىنى تېتىتتى. بۇ سۆزنى، فرانسىيەلىك شەرقشۇناس ماسنيوننىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، جۇنەيدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەللەج دارغا ئېسىلغان چاغدا بىر ئايال ئېيتقان.

◈ تەرىقەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى:

ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسىلمىينىڭ شاگىرتى، ئەبۇ سەئىيد مۇھەممەد ئەھمەد ئەلمەيھەمىي ئەسسۇفىي ئەلئىرانىي (357ھ ـ 430ھ) ۋارىسلىق بويىچە زەنجىرسىمانلىق شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق سۈپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ تۇنجى تەرتىپ ئاپپاراتىنى ئورناتقان.

◈ بەشىنچى ئەسىر، ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەسسىلمىي (412ھ ۋاپات بولغان) نىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق راۋاجلانغان ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىكى پىكىرلەرنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى تەيمىييە ئۇنى مۇنۇ سۆزى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ: "ئۇنىڭ كىتابلىرىدا سەھىھ رىۋايەتلەر ۋە دىندا پايدىلىنىشقا بولىدىغان نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر بار. ئۇنىڭدا يەنە، ساغلام بولمىغان رىۋايەتلەر ۋە تەجرىبىسىز كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان رەت قىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەرمۇ بار. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ رىۋايىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ."[1] ئۇ سۈپىزمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھەدىسلەرنى توقۇيتتى.

◈ بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى بىلەن ئالتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئىسلامنىڭ ھۆججىتى، تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي (505ھ ۋاپات بولغان) زامانىدا تەسەۋۋۇپ ئەھلى سۈننەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئورنىنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىي بولمىغان پرىنسىپ ساھىبلىرىدىن

[1] مجموع الفتوى، 1 ـ جىلد، 578 ـ بەت.



www.munber.org

تەركىپ تاپقان ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشقان بولدى. بۇ باسقۇچنىڭ زامانىمىزغا قەدەر سۇزۇلغان مەشھۇر كىشىلىرىدىن:

- ئەبۇ هامىد ئەلغەزالىي: مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەتتۇسىي (450ھ ــ 505ھ) بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھۆججىتى، تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان. خۇراسان رايونىنىڭ تۇس شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلمىي كالام، پەلسەپە، باتىنىيە ۋە تەسەۋۋۇپقا ئوخشىغان قاراش ۋە مەزھەپلەر كۆپ بىر مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە شەكلىنىش بەخشەندە قىلغان ۋە باغدادتا تۇرۇش جەريانىدا يۇقىرىدىكى تۆت مەزھەپنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۇرۇشكە ئېلىپ بارغان. جورجان، نىسابۇرلارغا بارغان. نىزامۇل مۇلكنىڭ يېنىدا تۇرغان. باغدادتىكى نىزامىييە مەدرىسىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. دەمەشق مەسچىتىنىڭ مۇنارىدا ئېتىكافتا تۇرغان. قۇددۇسقا، ئۇ يەردىن ھىجازغا بىرىپ، ئاخىرىدا يۇرتىغا قايتقان. ئۇ بىر قانچە پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇلاردىن، "تهافت الفلاسفة"، "المنقذ من الضلال" ۋە ئەڭ مۇھىمى "إحياء علوم الدين" ناملىق كىتابلىرىنى ساناش مۇمكىن. غەزالىي پارىس ئەسلىلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن تەسەۋۋۇپنىڭ بايرىقىنى ئېلىپ، سۈننى ئەسلىلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان مەرىپەتتىكى كەشىپ مەدرىسىسىنىڭ رەئىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ بىرى، يۇنان پەلسەپىسىنى ۋەيران قىلىشى، "المستظهري" ياكى "فضائح الباطنية" ناملىق كىتابىدا باتىنىيلارنىڭ ئەپتى بەشىرىنى ئېچىپ تاشلىشى بولدى. شاگىرتى ئابدۇلغافىر ئەلفارىسى ئۇنىڭ يۇرتى تۇسقا قايتقاندىن كېيىنكى، ئاخىرىقى ھاياتىنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ: "ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ھەدىس تەرەپدارلىرى بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈش، ئىسلامنىڭ ھۆججىتى ھېسابلىنىدىغان سەھىھۇلبۇخارىي ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدىن ئىبارەت ئىككى كىتابنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتتى." بۇ ئىشلار يۇرتىدا ئۇنىڭغا سەھىھۇل بۇخارىينى ئوقۇپ بەرگەن، ئەبۇ سۇھەيل مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھەفسىي، سۈنەن ئەبۇ داۋۇدنى ئوقۇپ بەرگەن قازىي ئەبۇلفەتھە ئەلھاكىمىي ئەتتۇسىيلاردىن ئىبارەت ئەھلى ھەدىسلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن.[1]

- بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىلمى كالام ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئەيىبلەپ "إلجام العوام عن علم الكلام" ناملىق كىتابىنى يازغان. سەلەپلەرنىڭ مەزھەپ ۋە مېتودلىرىنى ھىمايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: "سەلەپلەرنىڭ مەزھىپىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، ئۇنىڭ قارشىسىنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىدۇر. بىدئەت گۇناھتۇر، ئازغۇنلۇقتۇر. ئاۋامنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ تەۋىلگە ئېچىلىپ كىرىشى بىدئەتتۇر، گۇناھتۇر. ئۇنىڭ قارشىسى گۈزەل سۈننەتلەر بىلەن كۆپايىلىنىشتۇر."[2]

[1] 4 ـ جىلد، 110 ـ بەت.
[2] 96 ـ بەت.



www.munber.org

ـ ئۇنىڭدا يەنە، كەشفتىن، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئامىللىرىنى بايقاش، دېگەن سۆزلىرى ۋە كىشىلەرنى تىزگىنلەشتىن ئىلگىرىكى تەۋىل ياكى ئىسپاتلاشتا كەشفكە تايىنىش، دېگەن قاراشلىرىدىن يانغان.

◈ ھىجرىيە ئالتىنچى ئەسىر سۇپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ ئەمەلىي باشلىنىشى ۋە تارقىلىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە سۇپىزم ئىراندىن ئىسلام شەرقىگە يۆتكەلدى. يەنە بۇ دەۋردە ئابدۇلقادىر جەيلانىي (561ھ ۋاپات بولغان) غا مەنسۇپ "قادىرىيە" تەرىقىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ قىرىق توققۇز پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئون بىرى ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئۆگەندى ۋە ئىسلام ئالەمگە تارقاتتى. گەرچە ئۇ ھەسەن ئەلبەسرىي بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ۋە خىرقەنى ھەسەن ئەلبەسرىيدىن، ئۇ ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن ئالغان، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بۇلاردىن باشقا غەيبنى بىلىش، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، كائىناتتا ئۆلۈك ياكى تىرىك بولسۇن خالىغىنى قىلىش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدىغان بۈيۈك ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغاندىن سىرت، بىر يۈرۈش زىكىر، ۋىرد ۋە رەزىل سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئائىت، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا دېگەن "مېنىڭ بۇ پۇتۇم ئاللاھنىڭ بارلىق ئەۋلىيالىرىنىڭ بويىنىدا" سۆزىدۇر. ئۇ: "كىمكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، مەندىن مەدەت تىلىسە، قىيىنچىلىق ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. كىمكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا مېنى چاقىرسا، ئۇنىڭدىن خالاس بولىدۇ، كىمكى ھاجىتىدە مېنى ۋەسىلە قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ" دەيتتى. بۇ سۆزلەردىكى شېرىك ۋە پەرۋەردىگارلىقنى دەۋا قىلىش مانا مەن، دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

ـ سەييىد مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دەيدۇ: "شەيخ جەيلانىدىن باشقا ھېچكىمدىن رىۋايەت قىلىنمىغان كارامەتلەر، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار رىۋايەت قىلىندۇ. رىۋايەت ئەھلىنىڭ باھالىغۇچىلىرى بۇ تۈردىكى نەقىللەرنى تايىنىدىغان دەلىللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قارشى ئېلىپ كەتمەيدۇ."[①]

◈ ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى ئەبۇلھۇسەين ئەررىفائىي (540ھ ۋاپات بولغان) غا مەنسۇپ "رىفائىييە" تەرىقىتى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭغا يەنە ئىراقتىكى شىغىللىق بىر يېزىغا يېقىن بىر ۋىلايەتنىڭ ئورنىغا قارىتا "بەتھائىييە" (شىغىللىقچىلار) دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. سۇپىلارنىڭ يازغۇچىلىرى سۇپىزمغا مەنسۇپ باشقا كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆلىشىپ، ئەپسانە ۋە خۇراپاتلارنى توقۇيدۇ، ھەتتا ئۇنى پەرۋەردىگارلىق ئورنىغا كۆتىرىدۇ. بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ بىرى: "ئۇ زېمىندىكى قۇتۇبلارنىڭ قوتۇبى ئىدى، كېيىن ئۇ ئاسمانلارنىڭ قۇتۇپلىقىغا كۆچتى، ئارقىدىن يەتتە ئاسمان ئۇنىڭ پۇتىدىكى ھالقىلارغا ئايلاندى."[②]

ـ رىفائىي بىر قانچە ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن، ئەمما، پەرزەنتى بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەيخلىقىغا ئەلى ئىبنى ئوسمان (584ھ ۋاپات بولغان) ۋارىس بولغان، ئۇنىڭغا ئابدۇررەھىم ئىبنى ئوسمان (604ھ ۋاپات بولغان) ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ

---

[①] دائرة المعارف الإسلامية، 11 ـ جىلد، 171 ـ بەت.

[②] طبقات الشعراني، 141 ـ بەت، قلادة الجواهر، 42 ـ بەت.

www.munber.org

ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ غەلىتە ئىش ۋە ئەھۋاللىرى بولۇپ، ئۇلارنى ھافىز ئىبنى ئەززەھەبىي زىكىر قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: "ئەمما ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ بار."

- يەنە بۇ ئەسىردە، پەلسەپەنى ئاساس قىلغان ئىشراقىييە مەدرىسىسىنىڭ ئاساسچىسى سۇھرەۋەردىي شىھابۇددىن ئەبۇلفۇتۇھ مۇھيىددىن ئىبنى ھەسەننىڭ زىندىقلىقى، جۆيلۈشلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مەدرىسىنىڭ ئاساسى قەدىمقى پارىسلارنىڭ دىنلىرى، ۋۇجۇدنىڭ ئىككىلىكى توغرىسىدىكى مەزھەپلىرىنىڭ قاراشلىرى بىلەن، يېڭى ئەپلاتۇنچىلىق شەكلىدىكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ فەيز، ئىزچىل كۆرۈنۈشلەرگە دائىر مەزھەپلىرىنى بىر يەرگە مۇجەسسەملەشتۈرۈشتىن شەكىللەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەلەب ئۆلىمالىرى ئۇنى زىندىقلىق، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى پاسسىپلاشتۇرۇش ۋە ئىشراقىييە پەلسەپىسى توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئەيىپلىگەن. بۇ ئۇلارنىڭ سۇلتان سالاھۇددىن ئەييۇبىيغا ئۇنىڭ كاپىرلىقى ۋە زىندىقلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال يوللىشىغا ئېلىپ بارغان. سالاھۇددىن ئەييۇبىي ئۇنى دىندىن چىققانلىق جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان. سۇھرەۋەردىييە تەرىقىتى ۋە ئۇنىڭ فەيز ياكى ئىزچىل كۆرۈنۈش دەپ ئاتالغان مەزھەپلەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ "حكمة الإشراق"، "هياكل النور"، "التلويحات العرشية" ۋە "المقامات" قاتارلىق كىتابلىرى بار.

◈ بورۇنقى ئەسىرلەردىكى سۈپىزم مەدرىسىلىرىنىڭ كۆپلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىبنى ئەرەبىي، ئىبنى ئەلفارز ۋە ئىبنى سەبئىيلار ھەللەج، زۇننۇن ئەلمىسرىي ۋە سۇھرەۋەردىيلارنىڭ ئەقىدىسىنى قايتىلىدى.

◈ ھىجرىيە يەتتىنچى ئەسىردە تەسەۋۋۇپ ئەندەلۇسقا (ھازىرقى ئىسپانىيەگە) كىردى. ئىبنى ئەرەبىي ئەتتائىي ئەلئەندەلۇسىي سۈپىزم كاتىۋاشلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى ۋە شەيخۇل ئەكبەر (ئەڭ چوڭ شەيخ) دەپ ئاتالدى.

- شەيخۇل ئەكبەر (**560ھ – 638ھ**)، تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىي: ئۇ ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد مەدرىسىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۆزىنى ئەۋلىيالارنىڭ خاتىمىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىسپانىيەدە تۇغۇلغان، مىسىرغا سەپەر قىلغان، ھەج قىلغان، باغدادتا زىيارەتتە بولغان. دەمەشقتە ئولتۇراقلاشقان، شۇ يەردە ۋاپات بولغان ۋە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ھازىر زىيارەت قىلىنىدىغان قەبرىسى بار. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھدانىييىتىگە تولۇق بىرلىش مۇمكىن بولسىلا، بارلىق مەخلۇقاتلار ئىچىدىن پەقەت ئىنساندىلا بارلىق ئىلاھىي سۈپەتلەر تەجەللى قىلىشى مۇمكىن، دېيىشنى مەركەز قىلىدىغان كامىل ئىنسان نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى بار، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ۋە كىتابچىلىرىنىڭ سانىنى **400**گە يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ھېلىھەم كونيادىكى يۇسۇف ئاغا كۇتۇپخانىسى ۋە تۈركىيەنىڭ باشقا كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدىن: "روح القدس"، "ترجمان الأشواق"نى ۋە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى قاتارىدا "الفتوحات المكية وفصوص الحكم" قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.



www.munber.org

- ئەبۇلھەسەن ئەششازىلىي (593ھ - 656ھ): ئىلىم تەلەپ قىلىش مەزگىللىرىدە ئىبنى ئەرەبكە يولداش بولغان، ئەمما كىيىن، ئەبۇلھەسەننىڭ كەشىف مەسىلىسىدە غەزالىي مەدرىسىسىنى تاللىشى ۋە ئىبنى ئەرەبىينىڭ ھەللاج ۋە زۇننۇن ئەلمىسرىينىڭ مەدرىسىسىنى تاللىشى سەۋەبىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. ھەر ئىككىسىنىڭ ئايرىم مەدرىسىلىرى شەكىللەنگەن، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھازىرغىچە سۈپىزم تەرىقەتلىرى ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەزىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىككىسىنىڭ چۈشەنچىلىرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەششازىلىي مەدرىسىسىنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدىن ئەبۇلئابباس ئەلمىرسىي (686ھ ۋاپات بولغان)، ئىبراھىم ئەددەسۇقىي، ئەھمەد ئەلبەدەۋىي (675ھ ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. بۇ مەدرىسە تەرەپدارلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىبنى ئەرەبىينىڭ سۆزلىرى ۋە مەدرىسىسىنى تەۋىل قىلىدىغانلىقى ۋە كۆپلەپ ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ.

◈ يەنە يەتتىنچى ئەسىردە، تۈركىيەدىكى مۆۋلىۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى جالۇددىن ئەررۇمىي (672ھ ۋاپات بولغان) ئوتتۇرىغا چىقتى.

◈ سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى ئەسىرلەر ئىبنى ئەرەبىي، ئىبنى فارىز ۋە باشقىلارنىڭ كىتابلىرىنى شەرھلەش، شاخلاندۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ دەۋرلەردە تەسەۋۋۇپتا يېڭى نەزىرىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ گەۋدىلىك سىمالىرىنىڭ بىرى ھەر ئىككى مەدرىسىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى بولدى. سەككىزىنچى ئەسىردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بەھائۇددىن نەقشىبەندىي (791ھ ۋاپات بولغان) ئوتتۇرىغا چىقتى. ئونىنچى ئەسىرمۇ ئىبنى ئەرەبىينىڭ كىتابلىرىنى ئىزاھلاش، ئۇنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن ئۆتتى. بۇ ئەسىردە تەسەۋۋۇپتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ ھاياتلىرىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىش بىلەن تونۇلدى. "الطبقات الصغرى والكبرى" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇلۋاھھاب ئەششىئرانىي (973ھ ۋاپات بولغان)بۇ ئەسىردىكى سۈپىزمغا ئائىت تەرجىمەھال يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى.

◈ كېيىنكى ئەسىرلەردە سۈپىزمغا باشقا ئىشلار ئارىلىشىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق ئومۇملاشتى. ھەر ئىككى مەدرىسىنىڭ پىكىرلىرى ئۆز ئارا كىرىشىپ كەتتى ۋە دەرۋىشلىك باسقۇچى باشلاندى.

- كېيىنكى ئەسىرلەردە ئاساسلىق كۆزگە چېلىققان ئىشلار: جەيناماز شەيخى (شيخ السجاده)، سۈپىزم تەرىقەتلىرى شەيخلىرىنىڭ شەيخى، خەلىپە ۋە سۈپىلارنىڭ ئۆيلىرى (خانىقا) قاتارلىق تەخەللۇسلار پەيدا بولدى. خانىقالار بىر تەرىقەتنىڭ شۆبىلىرى بولۇپ، خەلىپىنىڭ خەۋەردارلىقى بىلەن نىسپىي مۇستەقىل ھالدا پائالىيەت ئېلىپ باردۇ. يەنە بۇ ئەسىرلەردە تەرىقەتلەرنىڭ مۇئەييەن مەجلىس ۋە ئىدارە كونتروللۇقى ئاستىدىكى ئىنتىزاملىق قانۇن - تۈزۈملىرى مەيدانغا كەلدى. مىسىرنىڭ ۋالىسى مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ مۇھەممەد ئەلبەكرىينىڭ ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، بەكرىيە سەججادىسىگە تەيىنلىنىشى ۋە بارلىق مازارلىقلار مەسچىتلەر، بولۇك - پۇشقاقلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشى توغرىسىدا چىقارغان قارارى بىلەن مەجلىس باشلاندى. ئۇنىڭ يەنە ئۇنىڭدا بىرلىدىغان دەرس

www.munber.org

پروگراملىرىنى تۈزۈش هوقۇقىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەزھەرنىڭ شەيخى ۋە ئۆلىمالىرىنىڭ تەسىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنۇشلار ئىدى. ئۇنىڭ تۈزۈم ۋە قانۇنلىرى تەرەققىي قىلىپ، كېيىنچە، مىسىر سۈپىزم تەرىقەتلىرى ئالىي كېڭەشى، دەپ تونۇلدى.

- كېيىنكى ئەسىرلەردىكى مەشھۇر كىشىلىرىدىن:

- ئابدۇلغەنىي ئەننابلىسىي (1050ھ ـ 1143ھ).

- ئەبۇسسۇئۇد ئەلبەكرىي (1812م ۋاپات بولغان): ئۇ غەيرى رەسمىي شەكىلدە مىسىردىكى سۈپىزم تەرىقەتلىرى شەيخلىرىنىڭ شەيخى بولۇپ تونۇلغان.

- ئەبۇلهۇدا ئەسسەيادىي ئەررىفائىي (1220ھ ـ 1287ھ).

- ئۆمەر ئەلفۇتىي ئەتتۇرىي ئەسسىنغالىي ئەلئەزھەرىي ئەتتىيجانىي (1281ھ ۋاپات بولغان). ئۇنىڭ زىكىر قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى تەرىپى، بۇددىستلار ئارىسىدا ئىسلامنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن لەشكەر تەشكىللەپ، بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە سىگو مەملىكىتى، ماسىنە شەھەرلىرىنى ئىگەللىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن: "سيوف السعيد"، "سفينة السعادة"، "رماح حزب الرحيم على نحور حزب الرجيم" قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

- مۇھەممەد ئوسمان ئەلمىيرغەنىي (1268ھ ۋاپات بولغان). بۇ كىشىنىڭ تەرجىمەھالى خەتمىيە تېمىسىدا بايان قىلىنىدۇ.

- ئەبۇلفەيز مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلكەبىير ئەلكەتتانىي، قاراشلىرى پەلسەپىۋىلەشكەن فىقھىي ئالىمى. ماراكەشنىڭ فاس شەھرىدىن بولۇپ، ئۇ "كەتتانىيە" (1290ھ ـ 1327ھ) تەرىقىتىنى تەسىس قىلغان. فاس ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرىنى تەنقىد قىلغان ۋە ئېتىقادى بۇزۇق، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن: "حياء الأنبياء"، "لسان الحجة البرهانية في الذب عن شعائر الطريقة الأحمدية الكتانية" لەرنى ساناش مۇمكىن.

- ئەھمەد ئەتىيجانىي (1230ھ ۋاپات بولغان). بۇ كىشىنىڭ تەرجىمەھالى تىيجانىيە تېمىسىدا بايان قىلىنىدۇ.

- "أرجوزة روض القلوب المستطاب في التصوف" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى ھەسەن رىزۋان (1239ھ ـ 1310ھ).

- سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلجەئفەرىي ئەسسادىقىي (1328ھ ـ 1399ھ): مىسىرغا بېرىپ ئەزھەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئەھمەدىييە ئىدرىسىييە تەرىقىتىگە كىرگەن. تەرىقەتنى شەيخ مۇھەممەد بەخىيت ئەلمۇتىيئىيى، شەيخ ھەبىيبۇللاھ ئەششەنقىيتىي ۋە يۇسۇف ئەددەجۋىيلاردىن ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ "الإلهام النافع لكل قاصد"، القصيدة التائية" ۋە "الصلوات الجعفرية" قاتارلىق كىتابلىرى بار.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

◈ ئىلىم ۋە ئەھكام قوبۇل قىلىدىغان مەنبەلىرى:

ـ كەشىف: سۈپىزمچىلار ئىلىم ۋە مائارىپلاردا، بەلكى ئىبادەتلىرىنى غايىسىگە يەتكۈزۈشتە كەشفكە كۆچلۈك مەنبە سۈپىتىدە تايىنىدۇ. سۈپىلاردىكى كەشفنىڭ دائىرىسىگە شەرىئەت ۋە كائىناتقا دائىر تۆۋەندىكى بىر قاتار ئىشلار كىرىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئويغاق ياكى ئۇخلىغان چاغدا بولسۇن ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2 ـ خىزىر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىق، شەرئىي ھۆكۈم، دىنىي ئىلىم، ۋىرد، زىكىر، دۇئالارنى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ.

3 ـ ئىلھام: بىۋاستە ئاللاھ تائالادىن ئىلھام ئېلىش. بۇنىڭ بىلەن سۈپىنىڭ ماقامىنى پەيغەمبەرنىڭ ماقامىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويىدۇ. ئۇلار ئەۋلىيا ئىلمىنى بىۋاستە ئاللاھ تائالادىن ئالىدۇ، ئەمما پەيغەمبەر ياكى ئەلچى ئۇنىڭ ۋەھيىنى ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتىدىن ئالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

4 ـ پاراسەت: بۇ روھنىڭ پىكرى ۋە سۆزلىرىنى بىلىشكىلا خاستۇر.

5 ـ پىچىرلاش: خىتابنى ئاللاھ تائالادىن ياكى پەرىشتىلەردىن ياكى سالىھ جىندىن ياكى بىرەر ئەۋلىيادىن ياكى خىزىردىن ۋەياكى ئىبلىستىن ئۇيقۇدا ياكى ئويغاقلىقتا ۋەياكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلاشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

6 ـ ئىسرا ۋە مىراجلار: بۇنىڭدا ئەۋلىيانىڭ روھىنىڭ يۇقىرىقى ئالەمگە ئۆرلەپ، ئۇ يەردە كىزىشى ۋە تۈرلۈك ئىلىم ۋە سىرلارنى ئېلىپ چۈشىشى، دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ.

7 ـ ھىسسىي كەشىف: قەلب ۋە كۆزنىڭ كۆرۈش نوقتىلىرىدىكى ھىسسىي پەردىلەرنىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشى بىلەن مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقەتلىرىنى كەشىپ قىلىش.

8 ـ چۈش ۋە ئۇيقۇدىكى ئىشلار: بۇ ئەڭ كۆپ تايىنىلىدىغان مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار چۈشلىرىدە ئاللاھ تائالادىن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەياكى شەيخلىرىنىڭ بىرىدىن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئائىت كۆرسەتمىلەرنى ئالىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

ـ زەۋق: بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك قاراتمىلىقى بار:

1 ـ بارلىق ئەھۋال ۋە ماقاملارنى ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان ئومۇمىي زەۋق. غەزالىي ئۆزىنىڭ "المنقذ من الضلال" ناملىق كىتابىدا، سۈلۈك تۇتقان كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقىقىتىدىن زوقلىنىشى ۋە كۆرىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى بايقىيالىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

2 ـ ئۆزگىچە زەۋق بولۇپ، ئۇ زەۋق، ئارقىدىن ئىچىش (الشرب) بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ئۇنىڭ دەرىجىسى پەرقلىق بولىدۇ.



www.munber.org

ـ ۋەجد: بۇ ئۈچ مەرتىۋىسى بار:

1 ـ هازىر بولۇش (التواجد).

2 ـ سۆيگۈ (الوجد).

3 ـ ۋۇجۇد (الوجود).

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە قەبرىلەردىكى شەيخلىرىدىنمۇ تەلىمات قوبۇل قىلىش.

◈ سوپىزمنىڭ ئەقىدە ۋە پىكىرلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ۋە تەرىقەت مەدرىسلىرىنىڭ سانىغا كۆرە كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەش مۇمكىن:

ـ مۇتەسەۋۋۇپلار ئاللاھ تائالاغا ئوخشىمىغان ئەقىدىلەر بويىچە ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەللاجنىڭ مەزھىپىگە ئوخشاش ھۇلۇلچىلار، ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇقلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىماسلىقنى ياقلايدىغان ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدچىلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى مەسىلىسىدە ئەشئەرىيىيە، ماترىيدىيىيە ئەقىدىلىرى بويىچە ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار.

ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەلگىلىمىدىن ھالقىپ مۇبالىغە قىلىدىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ تۇرلۇك ئەقىدىلەر بويىچە ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئەھۋالىغا يېتەلمەيدۇ ۋە ئۇنى، بەستامىينىڭ "پەيغەمبەرلەر قىرغىقىدا توختاپ قالغان دېڭىزغا كىردۇق" دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشاش تەسەۋۋۇپ كىشىلىرىنىڭ ئىلىملىرىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كائىناتنىڭ مەركىزى، ئۇ ئەرشتە قارار ئالغان ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنلار، ئەرش، كۇرسىي ۋە بارلىق كائىنات ئۇنىڭ نۇرىدىن يارىتىلغان، ئۇ تۇنجى مەۋجۇتلۇق، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇ ئىبنى ئەرەبىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەقىدىسى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە، يۇقىرىقىلار بويىچە ئېتىقاد قىلمايدىغان، ئۇلارنى رەت قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ رىسالىتىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. بىراق ئۇلار شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شاپائەت تىلەيدۇ، ئۇنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىدۇ.

ـ ئەۋلىيالار مەسىلىسىدىمۇ سۈپىزمچىلار ئوخشىمىغان ئەقىدىلەر بويىچە ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلىيا پەيغەمبەردىن يۇقۇرى، دەپ بىلىدىغانلار، ئەۋلىيانى بارلىق سۈپەتلىرىدە ئاللاھ تائالا بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ، ئۇ يارىتىدۇ، رىزىق بېرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، تىرىلدۈرىدۇ، كائىناتتا خالىغىنى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار. ئۇلار ئەۋلىيالىقنى غەۋس، قۇتۇبلار، بەدەللەر، نۇجەبالار[①] دېگەن مەرتىۋىلەر بويىچە تەقسىم قىلىدۇ. ئۇلار ھەر كېچىسى ھىرا غارىدىكى سارىيىدا توپلىنىپ، قەدەرلەرگە قاراپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ شەكىلدە ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بولسىمۇ، ئەمما، ھايات ۋەياكى ئۆلگەندىن

[①] بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈپىزمچىلار نەزىرىدىكى ئەۋلىيالارغا قارىتىلغان تەبىقە، مەرتىۋە ئاتالغۇلىرى.ـ تەرجىمان.



www.munber.org

كېيىن بولسۇن ئەۋلىيالارنى ئۆزلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىسلامدىكى دىيانەت، تەقۋالىق، ياخشى ئەمەللەر، تولۇق شەكىلدە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغىلا يېلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەۋلىيالىق قارىشىغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئەۋلىيا باشقىلار ئۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۆزلىرىگىمۇ پايدا ـ زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن (بۇنىڭغا پەقەت الله قادىر بولالايدۇ)»[1]

ـ ئۇلار دىن شەرىئەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەتتۇر، شەرىئەت دىنىنىڭ ئاشكارا قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى كىرىدۇ. ھەقىقەت باتىن (يوشۇرۇن) قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت تاللانغان كىشىلەرلا كىرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ـ تەسەۋۋۇپمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەرىقەت ۋە ھەقىقەتتىن تەركىپ تاپىدۇ.

ـ تەسەۋۋۇپتا، تەرىقەتنى باشقا بىر شەيختىن ئالغان بىر شەيخنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان روھىي تەسىر بولۇشى لازىم.

ـ زىكىر قىلىش، روھىي پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرگە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەبجە ئەۋلىيالىق دەرىجىسى.

ـ سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشى بويىچە، پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارغا خاس ئىلاھىي ئىلىم ھەققىدە سۆز قىلىدۇ. ئۇ ئىلىم خىزىر ئەلەيھىسسالامغىمۇ بېرىلگەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبىنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى»[2]

ـ فەنا: ئەبۇ يەزىيد ئەلبەستامىي بۇ پىكىرگە چاقىرغان ئىسلامدىكى تۇنجى كىشى ھېسابلىنىدۇ. بەستامىي بۇنى شەيخى ئەبۇ ئەلى ئەسسۇندىيدىن نەقىل كەلتۈرگەن. فەنا، ئاللاھ تائالادا پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىش، ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇش، دېمەكتۇر. قۇشەيرىي مۇنداق دەيدۇ: "باشقىلاردىن بىر كۆز، ئىز، رەسىم، جىسمىنى كۆرمىگۈدەك دەرىجىدە ھەقىقەت سۇلتانىنىڭ كونتروللىقىغا كىرگەن كىشى ئۇچۇن، پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىش، مۇمكىن بولىدۇ." فانى بولۇش دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا "جەمئۇل جەم" (كۆپلۈكنىڭ كۆپى) دېگەن نام بېرىلىدۇ. بۇمۇ "بەندىنىڭ ھەقنىڭ بارلىقىدا ئۆزىنىڭ فەنالىقىنى پەرق قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە كېلىشىدۇر."

فەنا مەقامى, بۇ يولدىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئىككى قارىمۇ قارشى قۇتۇب ئارىسىدىكى كېتىپ كېلىدىغان بىر خىل ئەھۋال بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتە تەنزىيھ (پاك، دەپ تونۇش) ۋە تەجرىيد (بارلىق سۈپەتلەرىن زېھنىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈش)، يەنە بىر تەرەپتە ھۇلۇل ۋە تەشبىھتۇر.

[1] جىن سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[2] كەھف سۈرىسى، 65 ـ ئايەت.



www.munber.org

◈ سۈلۈك دەرىجىلىرى:

- بۇ يەردە سۈپىي بىلەن ئابىد ۋە زاھىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، مېتود ۋە غايىلىرى بار.

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى سۆيۈش سۈلۈك دەرىجىلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، دەلىلى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئەگىشىشتۇر.

ئارقىدىن گۈزەل ئۆلگە: «سىلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر»[1]

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەۋبە كېلىدۇ: بۇ، گۇناھدىن قول ئۈزۈش، ئۇنى قىلىپ سالغانغا پۇشايمان قىلىش، قايتا سادىر قىلماسلىققا قەتئىي ئىرادە باغلاش ۋە ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھۋالدا ئۇلاردىن ئەپۇ سوراش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

- ماقاملار: "سۈلۈك تۈتقۈچىنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېتىش يولىدىكى مەنۋىي مەنزىللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە مۇئەييەن مەزگىل توختاپ، ئىككىنچى مەنزىلگە ئاتلىغانغا قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ." ئەمما، باشقا مەنزىلگە ئاتلاش ئۈچۈن جىھاد ۋە تەزكىيە (پاكلىنىش) مۇھىمدۇر. مۇرىد بىلەن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا مال، مەرتىۋە، تەقلىد ۋە گۇناھدىن ئىبارەت، تۆت نەرسە توسالغۇدۇر، دەپ قارايدۇ.

- ئەھۋاللار: بۇلار سۈلۈك تۈتقۈچىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن مەيىن شاماللار بولۇپ، بۇ ئەسنادا سۈلۈك تۈتقۈچى ئۆزىنى يوقىتىدۇ. قىسقا بىر جەريان داۋام قىلغان بۇ ئەھۋالدىن كېيىن، ئىنتايىن ھۇزۇرلۇق بىر ئەھۋالدا قالىدۇ ۋە ئاخىرىدا روھ يېڭىدىن ئۇ مەيىن شاماللاردىن نەپەسلىنىش ئىشتىياقىنى ھېس قىلىدۇ." جۇنەيد: "ھال قەلبلەرگە چۈشىدۇ، ئەمما داۋاملاشمايدۇ" دەيدۇ.

ئەھۋاللار تالانتتۇر، ماقاملار كۈچ سەرپ قىلىپ ئېرىشىدىغان نەرسىدۇر. بۇنى ئۇلار "ئەھۋاللار سۆيگۈنىڭ كۆزىدىن كېلىدۇ، ماقاملار كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ" دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

- ۋەرئ: سۈلۈك تۈتقۈچىنىڭ شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك قىلىشىدۇر. بۇ سۆزدە، قەلبتە ۋە ئەمەلدە ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ.

- زاھىدلىق: كۆرۈنۈشتە دۇنيا بىلەن بولۇش، ئەمما قەلبى ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسىلەر بىلەن باغلانغان بولۇش. ئۇلارنىڭ بىرى زاھىد توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "پالانى توغرا ئېيتقان، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى دۇنيادىن يۈيۈۋېتىپ، كۆرۈنۈش ئېتىبارى بىلەن دۇنيانى ئۇنىڭ قولىغا بەرگەن." ئىنسان بىر ۋاقىتتا ھەم باي، ھەم زاھىد بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى زاھىدلىق پېقىرلىق دېگەنلىك ئەمەس، بارلىق پېقىرلار زاھىد بولمىغىنىدەك، بارلىق زاھىدلارمۇ پېقىر ئەمەس. زاھىدلىق ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ:

**1 -** ھارامنى تەرك قىلىش، بۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ زاھىدلىقى.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.



www.munber.org

2 ـ ھالال نەرسىلەر ئىچىدىكى ئېھتىياجدىن ئارتۇق نەرسىلەرنى تەرك قىلىش، بۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ زاھىدلىقى.

3 ـ بەندىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەيرى بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەرنى تەرك قىلىش، بۇ ئارىفلارنىڭ زاھىدلىقى.
ـ تەۋەككۇل: ئۇلار: تەۋەككۇل باشلىنىش، بويسۇنۇش ۋاستە، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچنىڭ نىھايىتى بولىدىغان بولسا، ھاۋالە قىلىش ئاخىرلىششتۇر، دېيىشىدۇ. سەھل ئەتتەستەرىي: "تەۋەككۇل قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا تەسلىم بولۇش، دېمەكتۇر" دەيدۇ.

ـ مۇھەببەت: ھەسەن ئەلبەسرىي (110ھ ۋاپات بولغان) مۇنداق دەيدۇ: "مۇھەببەتنىڭ ئالامىتى سۆيگەن نەرسىسىگە ماسلىشىش، ھەر ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش، بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ يولىغا ھەمدەم بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر."

ـ رازىلىق (مەمنۇنلۇق): سوپىلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىلەن رازى بولۇش بەك ئۇلۇغدۇر. ئۇ، بەندىنىڭ قەلبىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى ئاستىدا سۈكۈناتقا چۆمىشىدۇر." يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: "رازىلىق ماقاملارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن، قەلب ئىگىلىرى، غەيبنى مۇتالىئە قىلغانلار، زىكرلەرنىڭ ساپلىقى ۋە ئەھۋاللارنىڭ ھەقىقەتلىرىگە ئىگە بولغانلار داۋاملاشتۇرىدۇ.

ـ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن خىيالنى قويۇپ بېرىدۇ، سۈلۈك تۈتقۈچى ئاخىرىدا ئەڭ ئىشەنچلىك نوقتىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ خىل كەسكىن ئىشەنچ ئۈچ مەرتىۋىگە بۆلىنىدۇ:

1 ـ ئىشەنچلىك ئىلىم: بۇ، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغان ئەمەلىي دەلىللەر ئارقىلىق كېلىدۇ. «ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار)»[1]

2 ـ كۆز بىلەن كۆرۈش: بۇ، كۆرۈش ۋە بايقاش ئارقىلىق كېلىدۇ: «ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر»[2]

3 ـ ئېنىق ھەقىقەت: بۇ زوقلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېتىرازلىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن»[3]

ـ ئەمما ھۆكۈم، ھاكىمىيەت ۋە سىياسەت توغرىسىدىكى سوپىلارنىڭ تۇتقان مېتودى يامانلىققا ۋە ھاكىملارنىڭ يولسىزلىقلىرىغا قارشى تورۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدۇر؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى خالىغىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان.

ـ سوپىزم شەرىئىتىدىكى ئەڭ خەتەرلىك مەسىلە تەلىم ـ تەربىيەدىكى مېتودى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار، كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرىنى كونتروللۇقىغا ئېلىپ، ئۇنى كاردىن چىقىرىدۇ، بۇ ئۇلارنى تەدرىجى يولغا كىرگۈزۈش بىلەن كۆندۈرۈشتىن

[1] تەكاسۇر سۈرىسى، 5 ـ ئايەت.
[2] تەكاسۇر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[3] ۋاقىئە سۈرىسى، 95، 96 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

باشلايدۇ، ئارقىدىن تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھەيۋەتلىكلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر كىشىگە يېپىشتۇرۇشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى بىر ـ بىرلەپ تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىگە سۆرەپ كىرىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدىن تەرىقەتكە باغلاپ، قايتىپ چىقىدىغان بارلىق يوللارنى ئېتىپ تاشلايدۇ."

### ◈ سۇپىزم مەدرىسلىرى:

ـ زۇھد مەدرىسىسى: ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نۇسۇك تۇتقۇچىلار، زاھىدلار، ئابىدلار ۋە كۆپ يىغلىغۇچىلار (البكائين) دىن تەركىب تاپىدۇ. ئاساسلىق كىشىلىرى، رابىئەتۇل ئەدەۋىييە، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ۋە مالىك ئىبنى دىنار قاتارلىقلار.

ـ كەشىف ۋە مەرىپەت مەدرىسىسى: بۇ مەدرىسە، يالغۇز ئەقلىي مەنتىقىگە تايىنىشنىڭ ئۆزىلا مەرىپەت ھاسىل قىلىش ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بايقاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس، دېگەن ئاساسقا تايىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان نەپس رىيازەتلىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ ـ دە، قەلب كۆزلىرىدىن جاھالەت پەردىلىرى كۆتىرىلىپ كېتىدۇ ۋە ھەقىقەتلەرنى قەلب ئەينىكىدە بىرمۇ بىر سەير قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ داھىسى ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي.

ـ ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد مەدرىسىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ داھىسى مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىي، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "تەھقىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەۋجۇتلۇقتا بار بولغان نەرسە يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر بىز مەۋجۇت بولساق، بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز پەقەت ئۇنىڭ بىلەندۇر. مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق نەرسە ھەقىقەتتۇر. مەۋجۇتلۇق ھەقىقەتتۇر ۋە يىگانىدۇر. ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىمۇ يوقتۇر. چۈنكى، ھەر قانداق چاغدا، بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى مەۋجۇتلۇقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر."

ـ ئىتتىھاد ۋە ھۇلۇل مەدرىسىسى: بۇ مەدرىسىنىڭ رەئىسى ھەللاج بولۇپ، بۇ مەدرىسىدە ھىندى ۋە خىرىستىيان تەسەۋۋۇپىنىڭ تەسىرلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. چۈنكى بۇ مەدرىسىدە سۇفىي ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ھۇلۇل (چۈشمەك) بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئاللىقاچان بىرلىشىپ (ئىتتىھاد) كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. "مەن ھەق"، "جۇۋۋىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاللاھ بار" دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەر ئۇلارغا ئائىتتۇر. ئۇلارنىڭ دەۋالىرىغا كۆرە، مۇشاھىدىلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇش لەھزىلىرىدە تىللىرىدىن چىققان بۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا قالايمىقان سۆزلىرىمۇ بار.

### ◈ سۇپىزم تەرىقەتلىرى:

ـ جەيلانىي تەرىقتى: بۇ تەرىقەت ئابدۇلقادىر جەيلانىي (470ھ ـ 561ھ) غا مەنسۇپتۇر. ئۇ باغدادقا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى تەۋەررۇك بىلگەنلىكى ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ خېلى

www.munber.org

كۆپ ئىلمىلىرى بىلەن تونۇشقان. يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان كارامەتلەرنى مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ تەرىقىتى ئافرىقىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان، ئىسلام مەركەزلىرىنى قورۇشقا ھەسسە قوشقان ۋە مەغرىبكە باستۇرۇپ كىلىۋاتقان ياۋروپانىڭ تەسىرىگە قارشى چەكلىگۈچىلىك مەيداندا تۇرغان.

ـ رىفائىييە تەرىقىتى: ئەرەبلەرنىڭ رافىئىي قەبىلىسىدىن ئەھمەد ئەررافىئىي (580ھ ۋاپات بولغان) غا مەنسۇپ بىر تەرىقەتتۇر. بۇ تەرىقەتنىڭ جامائىتى كارامەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوتقا كىرىش، قىلىچ ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قوللىنىدۇ. شەيخ ئەلۇسىي ئۆزىنىڭ "غاية الأماني في الرد على النبهاني" ناملىق كىتابىدا ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئەسىردىكى دىن ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن خەتىرى ئەڭ قورقۇنلۇق كىشىلەر رىفائىييە بىدئەتچىلىرىدۇر. سىز مەنبەسى، كىلىپ چىقىشى ۋە ئېلىنىشى ئۇلارغا چېتىلمايدىغان بىدئەتنى ئۇچىرىتالمايسىز. ئۇلارنىڭ زىكىرلىرى ناخشا، ئۇسۇل، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىگە تېۋىنىش ۋە شەيخلىرىغا ئىبادەت قىلىش ، ئەمەللىرى بولسا يىلانلارنى تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر."

رىفائىييە تەرىقىتى شىئەلەر بىلەن بىر قانچە ئىشتا بىر يەردىن چىقىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جەئفەرنىڭ كىتابىغا بولغان ئىمانى، ئون ئىككى ئىمامغا بولغان ئېتىقادلىرى، ئەھمەد ئەررافىئىينى ئون ئۈچىنچى ئىمام دېيىشلىرى ۋە ئاشۇرا كۈنىدىكى قايغۇرۇش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىشلىرى قاتارلىق ئىشلىرى ۋەباشقىلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

گەرچە بۇ تەرىقەتنىڭ شەيخى ئەھمەد ئەررافىئىينىڭ سۈننەتكە كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرۈش ۋە بىدئەتتىن يىراقلىشىش توغرىسىدىكى سۆزلىرى رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، تەرىقەت ئىچىدە يۇقىرىقى ئىشلار سادىر بولىۋاتىدۇ. رافىئىي مۇنداق دەيدۇ: "سۈننەتنى ئېتىبارغا ئالمىغان، بىدئەتكە سەل قارىغان قەۋمگە ئاللاھ دۈشمەنلەرنى ھاكىم قىلىپ قويىدۇ، سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرگەن، بىدئەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىغان قەۋمگە بولسا ،ئۆز پەزلىدىن ھەيۋەت بېغىشلايدۇ، ئۇلارغا ياردەم بىرىدۇ ۋە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ."

رىفائىييە تەرىقىتى غەربى ئاسىيادا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تارقالغان.

ـ بەدەۋعيية تەرعقعتع: بۇ، فاستا توغۇلغان ئەھمەد ئەلبەدەۋىي (596ھ ـ 634ھ)گە مەنسۇپ تەرىقەتتۇر. ھەج قىلغان ۋە ئىراققا سەپەر قىلغان. ۋاپاتىغا قەدەر تەنتادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىنىدىغان قەبرىسى بار. ئۇنىڭغىمۇ باشقا سۇپىزم ئەۋلىيالىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەنگە ئوخشاش، ھەر يىلى توغۇلغان كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزىلىدۇ؛ ئۇ يەردە ئىسلامدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان شېرىكلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ۋەسىلە قىلىش، تەۋەررۇك قىلىش، مەدەت سوراش ۋە دۇئا قىلىشتەك ئەقىدە ئېغىشلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان بىدئەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مىسىرنىڭ بەزى ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. بۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ بېيىۇمىييە، شەنناۋىييە، نۇھ ئەۋلادلىرى ۋە شەئبىييە دېگەنگە ئوخشاش تارماقلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەلگۈسى قىزىل سەللىدۇر.

www.munber.org

ـ دۇسۇقىييە تەرىقىتى: ئىبراھىم ئەددۇسۇقىي (633ھ ـ676ھ) غا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇ مىسىرنىڭ دۇسۇق شەھرىگە دەپنە قىلىنغان. مۇتەسەۋۋۇپلار ئۇنى، بۇ كائىناتتىكى ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى تاپشۇرۇلغان تۆت قۇتۇبنىڭ بىرى، دەپ دەۋا قىلىدۇ.

ـ ئەكبەرىييە تەرىقىتى: بۇ تەرىقەت شەيخ مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىيگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرىقىتى ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد، سۈكۈت، يالغۇزلۇق، ئاچلىق، كېچىسى ئۇخلىماسلىق ئەقىدىسى بويىچە ماڭىدۇ. بۇ تەرىقەتنىڭ ئۈچ خىل سۈپىتى بار: بالاغا سەۋر قىلىش، باياشاتلىقتا شۈكۈر قىلىش ۋە قازا رازى بولۇش.

ـ شازىلىييە تەرىقىتى: ئەبۇلھەسەن ئەششازىلىي (593ھ ـ 656ھ) غا مەنسۇپ تەرىقەتتۇر. شازىلىي ماراكەشنىڭ مىرسىييەگە يېقىن جايدىكى ئەممارە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. تۇنىسقا كۆچۈپ بارغان. بىر قانچە قېتىم ھەج قىلغان. كېيىن ئىراققا كىرگەن. ئاخىرىدا ھەجگە مېڭىش يولىدا مىسىر ئېگىزلىكىدىكى ئەيزاب سەھراسىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ توغرىسىدا "ئۇ تەرىقەتنى كىشىلەرنى قولايلاشتۇرۇپ بەردى" دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەرىقىتى تەرىقەتلەرنىڭ ئەڭ ئاسىنى ۋە ئەڭ يېقىنىدۇر؛ ئۇنىڭ تەرىقىتىدە كۆپ كۆچ چىقىرىش يوق. ئۇنىڭ تەرىقىتى مىسىر، يەمەن ۋە ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. مۇخا شەھرىنىڭ ئەھلى ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلىيالىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ تەرىقىتى يەنە ماراكەش، ئالجىرىيەنىڭ غەربى، شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئافرىقىغا ئومۇمەن تارقالغان.

ـ بەكداشىييە تەرىقىتى: ئوسمانىيە تۈركلىرى بۇ تەرىقەتكە تەۋە ئىدى. بۇ تەرىقەت ھېلىھەم ئالبانىيەگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇ سۈننى تەسەۋۋۇپىغا قارىغاندا شىئە تەسەۋۋۇپىغا بەكرەك يېقىن. بۇ تەرىقەتنىڭ تۈرك ۋە مۇڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلامنىڭ تارقىشىدا كۆرۈنەرلىك رولى بولغان. ئەينى زاماندا ئوسمانىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئۈستىدىمۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى.

ـ مەۋلەۋىييە تەرىقىتى: بۇ تەرىقەت پارس شائىرى جالالۇددىن ئەررۇمىي (672ھ ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئۇ كونيادا دەپنە قىلىنغان. بۇ تەرىقەتنىڭ ئۆزگىچىلىگى زىكىر ھەلقىلىرىدە رىتىم ئىچىدە ساما سېلىشىدۇر. تۈركىيە ۋە غەربىي ئاسىيادا تارقالغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەرىقەتكە دائىر، تۈركىيە، ھەلەب ۋە بەزى شەرق ئەللىرىدىكى ئازغىنا ئەگەشكۈچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن بىر نەرسە قالمىغان.

ـ نەقشىبەندىييە تەرىقىتى: بۇ تەرىقەتنىڭ قورۇلۇشى شاھ نەقشىبەند تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان شەيخ بەھائۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇخارىي (618ھ ـ 791ھ) غا مەنسۇپتۇر. بۇمۇ شازىلىييەگە ئوخشاش ئاسان تەرىقەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىران، ھىندىستان ۋە غەربىي ئاسىيادا تارقالغان.

ـ مەلامىتىييە تەرىقىتى: قۇرغۇچىسى ئەبۇ سالىھ ھەمدۇن ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەممار (271ھ ۋاپات بولغان) بولۇپ، قەسسار نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى ۋە كەمچىلىكلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشنى مۇباھ، دېگەن. يېقىنقى زامانلاردا بۇ



www.munber.org

تەرىقەتنىڭ رادىكاللاشقان مەنسۇپلىرى ھەممە نەرسىگە "ھېچ گەپ يوق" قارىشى بويىچە بەڭۋاشلىق قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار بارلىق ئىشلارنى شەرىئەتنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغان ئاساستا ئېلىپ بارغان.

بۇنىڭدىن باشقا قەننائىييە، قەيرەۋانىييە، مۇرابىتىييە، بەشبەشىييە، سەنۇسىييە، مۇختارىييە، خەتمىييە... ۋەباشقا نۇرغۇن تەرىقەتلەر بار. شەكسىزكى بۇ تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسى بىدئەت تەرىقەتلەردۇر.

◈ سۈپىزمنىڭ خۇراپاتلىقلىرى:

بەزىلەر تەسەۋۋۇپنىڭ دائىرىسىدىن دەپ قاراپ، روھلارنى توپلاش يولىنى تۇتقان بولسا، يەنە باشقىلىرى سېھىرگەرلىك ۋە دەججاللىنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار گۇمبەز ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەۋرىلىرىنى ياساشقا، ئۇنىڭغا چىراق يېقىشقا، ئۇنى زىيارەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنى سىلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بىرىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە ئورنى بولمىغان بىدئەتلەردۇر.

- بەزىلىرى ئەۋلىيادىن شەرئىي مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ يەنى ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمەس؛ چۈنكى ئۇ ئۇلارنى ئادا قىلىشقا ئېھتىياج قالمىغان بىر ماقامغا يەتكەن؛ ئەگەر ئۇ شەرئىي ۋەزىپىلەر ۋە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسا، باتىنىنى ساقلاپ قېلىش تۈگەپ كېتىپ، زاھىر (ئاشكارا) نىڭ يۈزىدىن باتىنى (روھىي) پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە سەل قارىلىپ قالىدۇ.

- غەزالىينىڭ مەغرۇرلۇق بېسىپ كەتكەنلەرنى تەنقىد قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى پىرقىلەر شەكلىدە سانىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

كىيىنىش، قىياپەت ۋە لوگىكا ئارقىلىق مەغرۇرلانغان پىرقە.

مەرىپەت ئىلمىنى، ھەقنى كۆرۈشنى ۋە ئەھۋال، ماقاملاردىن ھالقىش دەۋاسىنى قىلغان پىرقە.

1 ـ ھەرقانداق نەرسىنى مۇباھ سانايدىغان، شەرىئەتنىڭ بىساتىنى چۆرۈپ تاشلىغان، ئەھۋاللارنى رەت قىلغان ۋە ھالال بىلەن ھارامنى ئوخشاش كۆرگەن پىرقە.

2 ـ بەزىلىرى مۇنداق دەيدۇ: بەدەن ئەزالىرى بىلەن قىلغان ئەمەلنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، مۇھىم بولغىنى قەلبتۇر. بىزنىڭ قەلبىمىز ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغان، ۋە ئۇنىڭ مەرىپىتىگە يەتكەندۇر. بىز قوللىرىمىز بىلەن دۇنياغا كىرىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنسەكمۇ، قەلبىمىز پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىدا ئېتىكاپتىدۇر. بىز قەلبلىرىمىز بىلەن ئەمەس، پەقەت تاشقى قىياپىتىمىز بىلەن شەھۋەتكە بېرىلىپ كەتكەندەك كۆرىنىمىز.

- ئىبنى ئەرەبىيدىن ئىلگىرى مۇتلەق بىرلىك مەزھىپىنىڭ مۇكەممەل شەكلىدە ئىسلامدا ۋۇجۇدى يوق ئىدى. ئىبنى ئەرەبىي ئۇنىڭ ئاساسىنىڭ تۇرغۇزغۇچىسى، مەدرىسسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مەنە، مەقسەتلىرىنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ "فصوص الحكم" ۋە "الفتوحات المكية" ۋە باشقا كىتابلىرى بار.



www.munber.org

ـ ئەمما، ھەللەج ئىتتىھاد ۋە ھۇلۇل مەدرىسسىنىڭ ساھىبى سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك سۆزلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن:

أنا من أهوى ومن أهوى أنا　　نحن روحان حللنا بدنا

فإذا أبصرتني أبصرته　　وإذا أبصرته أبصرتنا

مەن يېقىلغىنى، يېقىلغىنى مەن　　بىز ئىككى روھمىز بەدەنگە چۈشكەن،

ئەگەر كۆرسەڭ مېنى كۆردۈڭ ئۇنى،　　ئۇنى كۆرسەڭ گەر بىزنى كۆرىسەن.

ئۇنىڭ يەنە مۇنداق سۆزىمۇ بار:

مزجت روحك في روحي كما　　تمزج الخمرة في الماء الزلال

فإذا مسك شيء مسني　　فإذا أنت أنا في كل حال

سېنىڭ روھىڭ مېنىڭ روھىمدا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى　　گويا زىلال سۇدا يۇغۇرۇلغان خېمىردەك

ئەگەر سېنى بىر نەرسە تۇتسا، مېنىمۇ تۇتىدۇ،　　ئەگەر بارلىق ئەھۋالدا سەن مەن بولساڭ،

ـ سۇپىلار "غەۋس" ۋە "غەييەس" (مەدەت تىلەش) كەلىمىلىرىنى قوللىنىدۇ. ئىبنى تەيمىييە "مجموع الفتوى" ناملىق كىتابىنىڭ 437 ـ بېتىدە مۇنداق پەتىۋا بېرىدۇ: "غەۋس ۋە غەييەس كەلىمىلىرى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە لايىق ئەمەس. ئۇ مەدەت سورىغۇچىلارنىڭ مەدەتكارى، ھېچكىمگە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەيلى يېقىن پەرىشتە ياكى پەيغەمبەر بولسۇن بىرسىدىن مەدەت تىلىشى جائىز ئەمەس."

ـ بارلىق سۇپىزم تەرىقەتلىرى زىكىرنىڭ زۆرۈرلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. نەقشىبەندىييەلەرنىڭ نەزىرىدە زىكىر پەقەت ئاللاھ لەفزىدۇر، شازىلىييەلەرنىڭ نەزىدە "لا ئىلاھە ئىلللەللاھتۇر. باشقىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىستىغپار ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللاش بىلەن يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش لەفزىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زىكىر ئەۋجىگە چىققاندا "ھۇۋە، ھۇۋە" يەنى "ئۇ، ئۇ" دەپ كىشىلىك ئالماشنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىييە ئۆزىنىڭ "مجموع الفتوى" ناملىق كىتابىنىڭ 229 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئايرىم كىشىلەرنىڭ، ئارىفلارنىڭ زىكرى بولغىنىدىن سىرت، مەيلى ئاشكارا، مەيلى يۇشۇرۇن شەكىلدە ئىپادىلەنسۇن، زىكىردا يالغۇز ئىسىم بىلەن كۇپايىلىنىشنىڭ ئەسلى يوق بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقلارغا ۋاسىتە، ئىتتىھادچىلار ۋە دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئائىت يولسىز تەسەۋۋۇرلارغا يول ئاچىدۇ."

www.munber.org

ئۇ يەنە يۇقىرىقى كىتابنىڭ 228 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشى زىكىر ئەسناسىدا "ياھۇ، ياھۇ" ۋەياكى "ھۇ، ھۇ" غا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى دېسە،بۇ يەردىكى ئالماش پەقەت قەلب تەسەۋۋۇر قىلغان نەرسىگە ئائىت بولىدۇ. قەلب توغرا يولدا بولۇشىمۇ، خاتامۇ يولدا بولۇشىمۇ مۇمكىن."

ـ تەسەۋۋۇپقا مەنسۇپ بەزى كىشىلەر ئادەمنى ھەيران قالدۇرىغان ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئىبنى تەيمىييە يۇقىرىقى كىتابنىڭ 494 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "باشلارنى ئېچىش، چاچلارنى ئۆرۈش ۋە يىلانلارنى كۆتۈرۈش سالىھ كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەيخلىرىنىڭ، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ ھەتتا ئەھمەد ئىبنى ئەررىفائىيىنىڭ قىلغان ئىشى، تۇتقان يولىمۇ ئەمەستۇر. بۇ ئىشلار شەيخنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن مەزگىل كېيىن پەيدا قىلىنغاندۇر."

ـ ئۇ يەنە 504 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرلەر، شەيخلەر ۋە باشقىلاردىن ئۆلگەنلەرگە ياك ئۇلارنىڭ قەبىرلىرىگە ۋەياكى قەبىرلىرى ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار ئۇچۇن نەزىر قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكتۇر."

ـ يەنە شۇ كىتابنىڭ 506 ـ بېتىدە: "يەنە، ئاللاھ تائالادىن باشقا پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مەشايىخلار، پادىشاھلار ۋە باشقىلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش بولسا، چەكلەنگەندۇر." دەيدۇ.

ـ يەنە شۇ كىتابنىڭ 505 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "يات ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆز ـ ئارا بۇرادەر بولۇشى، ئۇلار بىلەن يالغۇز قېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يۇشۇرۇن زىننەتلىرىگە بېقىشلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ھارامدۇر. كىمكى شۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى دىنىنىڭ ئىچىدىن سانىسا، ئۇ شەيتانلارنىڭ بۇرادەرلىرىدىندۇر."

ـ فەنا مەقامىدىكى ئاللاھتىن باشقا نەرسىنى كۆرمەسلىك، دېمەك، ئىرادىنىڭمۇ فەنالىقى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە كىتابىنىڭ 337 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "فەنانىڭ بۇ ئەھۋالىدا مۇرىد: "مەن ھەقمەن"، "مەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ!" ۋە ياكى "جۇۋىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاللاھ بار"، دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بۇ نوقتىدا كۆرۈش بىلەن ئەمەس، كۆرۈنگەن نەرسە بىلەن، ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەس، مەۋجۇد نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا فەنا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى فەنالىقتا، ئىمانىنىڭ ھۇزۇرى بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئەۋزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدىغان بىر تۈرلۈك مەستلىككە دۇچار بولىدۇ. گويا ھاراقنىڭ ۋە سۈرەتلەر ئىشقىدىكى مەستلىكتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ئوخشاش. ئۇلارغا مۇنداق ھۆكۈم بېرىلىدۇ: ئەگەر ئەقىللىرىنىڭ كېتىشىگە ھارام بولمىغان بىر نەرسە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇلاردىن سادىر بولغان ھارام سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرى گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىلنىڭ كېتىپ قېلىشىغا ھارام ئىشلار سەۋەب بولغان بولسا، گۇناھ بولىدۇ. ھالال ئىشلار ئارقىلىق ئەقلىدىن كېتىپ قالغاندا قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە گۇناھ بولمىغاندەك، ئۇ سۆزلەرنى نەقىل قىلىشقا، ئىشلىرىنى توغرا، دەپ قاراشقا ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ. ئېنىق شەرئىي مەسئۇلىيەتلەردە ئۇلار غاپىل ۋە مەجنۇنلار قاتارىدا ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىدۇ."



www.munber.org

- "سۇا"نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن فانى بولۇش مەقامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا، كىتابنىڭ 337 ـ بېتىدە مۇنداق دېيدۇ: "ئۇچىنچى: "سۇا"نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن فانى بولۇش، دېگەنلىك، مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە پەقەت ئاللاھنىلا كۆرۈش، دېمەكتۇر. ئۇنىڭ باشقىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى نە ئۇنىڭسىز، نە باشقىسىسىز يوقتۇر. بۇ سۆز كېيىنكىلەر ئارىسىدىن چىققان بىلىيانىي، تىلمىسانىي، كونەۋىيلار ۋە شۇلارغا ئوخشىغان ئىتتىھادىي زىندىقلارنىڭ سۆزلىرىدۇر. بۇلارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، ھەقىقەت مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزىدۇر. كائىناتنىڭمۇ ھەقىقىتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يوقتۇر. بۇ، شەيئىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يۇرىشىدىغانلىقى ۋە مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۇقۇمىدا ئەمەس بولۇپ، ئۇلار، ئۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزى، دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بولسا، كۇپۇر ۋە ئازغۇنلۇقتۇر."

◈ ھازىرقى دەۋردە سۈپىزمغا مەنسۇپ بەزى كىشىلەرنىڭ بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كېتىشى:

- سۈپىزمنىڭ خاتالىقى، دەپ قارىلىۋاتقان شېرىككە ئائىت ئەڭ گەۋدىلىك ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىش.

2 ـ ھۇلۇل ۋە ئىتتىھاد

3 ـ ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد

4 ـ ئەۋلىيالار توغرىسىدا بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىش.

5 ـ نۇرغۇنلىغان يالغان دەۋالىرى. ۋەھىينىڭ توختىمىغانلىقى ۋە ئۇلارغا قىلىنىدىغان دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەۋزەللىكلەرگە دائىر قىلغان دەۋالىرىغا ئوخشاش.

6 ـ ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش دەۋاسى بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا ھەمكارلىشىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلاپ قويۇش. ئەمما، ئەمىر ئابدۇلقادىر ئەلجەزائىرىيغا ئوخشىغان مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك مەيداندا تۇرغانلىرىمۇ بار.

7 ـ تەسەۋۋۇپقا تەۋە بەزى كىشىلەر كۆپىنچە ئەھۋاللاردا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چىڭ تۇتۇشقا سەل قارايدۇ.

8 ـ شەيخلەرگە بولغان تائەتلىرى، ئۇلارغا باش ئېگىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشلىرى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى سىيلاشلىرى قاتارلىقلار.

9 ـ زىكىر دەپ ئاتاپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىش. مەسىلەن، بەدەننى تىترىتىپ، ئۇلۇق ۋە سولغا قىيىش، ھەر قېتىمدا يالغۇز ئاللاھ كەلىمىسىنىلا تەكرارلاش، مەشايىخلارنىڭ قەلب كۆزلىرى ئېچىۋېتىلگەن، دەپ دەۋا قىلىش، ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ۋەسىلە

www.munber.org

قىلىش ۋە ھايات ۋە ئۆلگەن كىيىن ئاللاھ دەرگاھىدا ئۆلارنىڭ ماقامىلىرى بىلەن دۇئا قىلىشقا ئوخشىغان مەسىلىلىرى بار.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

- سۇپىزم ئەقىدىسى بويىچە كۆچ چىقىرىش مەسىلىسى، ئىنسانىنىڭ نەپسىنى چىنىقتۇرۇش، ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غالىپ كىلىشكە بولغان ئېھتىياجنى ھېس قىلغان ناھايىتى قەدىمىي زامانلارغا سۇزىلىدۇ.

- سۇپىزم چاقىرىۋاتقان زاھىدلىق، تەقۋالىق، تەۋبە ۋە رازىلىق... قا ئوخشىغان ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىسلام ئۆلارنى چىڭ تۇتۇشقا ۋە شۇلار ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ. ئەمما، سۇپىزم بۇ مەسىلىدە ئىسلام چاقىرغان نوقتىلارغا خىلاپلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تۇتقان يولنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئاتالغۇلار ئۈچۈن ئوقۇم ۋە سۇلۇكلارنى پەيدا قىلىشتى.

ھۇلۇل، ئىتتىھاد، فەنا ۋە كۆپلىگەن كۈچ سەرپ قىلىش يوللىرىنىڭ بەزى مۇرتىلىرى يېتىپ بارغان بىر قاتار مەسىلىلەر بولسا، ھىندۇزم، جايىنىلىق، بۇددىزم، ئەپلاتۇنچىلىق، زەردۇشت ۋە خىرىستىيانچىلىققا ئوخشاش، ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى مەنبەلەردىن سىزىپ كىرگەن مەسىلىلەردۇر. تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلغان بىر قاتار تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار:

- شەرقشۇناس ماركوسقا كۆرە، تەسەۋۋۇپ شام راھىبلىرىدىن كەلگەن.

- شەرقشۇناس جونس ئۇنى ھىندىستان ۋىداسىغا قايتۇرىدۇ.

- نىكولسونغا كۆرە، ئۇ شەرق دىنلىرى بىلەن يۇنان پىكرىنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ياكى تېخمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا: يېڭى ئەپلاتۇنچىلىق پەلسەپىسى، خىرىستىيانچى دىنلار ۋە گانۇسى مەزھىپىنىڭ بىرلىشىشىدىن تۇرەلگەن.

- شەرئىي بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كىتىش، شەرئىي مەسئۇلىيەتلەرنى ساقىت قىلىش ئارقىلىق يوقلۇق دائىرىسىگە يېقىلىش مەسىلىلىرى بىراھمانىزم بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل ئەھۋال. چۈنكى بىرەھمانچى مۇنداق دەيدۇ: "بىرەھما بىلەن بىرلەشكىنىمدە، بىرەر ئىش ياكى پەرزنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالمايمەن".

- ھەللاجنىڭ "ھۇلۇل" ۋە ئىبنى ئەرەبىينىڭ "كامىل ئىنسان" توغرىسىدا ئېيتقانلىرى خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى مەزھىپىگە ماس كىلىدۇ.

- توغرا يولدىن چىققان تەسەۋۋۇپ ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىشلەك ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سۆرەلمىلىك، پاسسىپلىق، ئىنساننىڭ سالاھىيىتىگە سەل قاراش، شەيخىنىڭ سالاھىيىتىنى يوقىرى بىلىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا ساھىبىنى ئىسلامدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان نۇرغۇن بىدئەت ۋە ئازغۇنلاردىن ئىبارەت كۆپلىگەن شۇملۇقلار ئېقىپ كىرگەن.

www.munber.org

## تارقىلىشى ۋە نۇپۇز دائىرىسى:

سۈپىزم تەرىقەتلىرى ھىندىنوزىيە، ئافرىقىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە باشقا يىراق يەرلەردە، "جەزب" دەپ ئاتىشىدىغان بىر خىل روھىي تەسىر كۈچلىرى ئارقىلىق ئەسكەرلەر تەربىيىلەپ فەتھى قىلىنمىغان نۇرغۇن جايلاردا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان.

تەسەۋۋۇپ زامان بويلاپ تارقىلىپ، ئىسلام ئالەمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ پىرقىلىرى مىسىر، ئىراق، ئافرىقىنىڭ غەربى شىمالى ۋە ئاسىيانىڭ شەرق، ئوتتۇرا ۋە غەرب قىسىملىرىدا مەيدانغا كەلدى ۋە كېڭەيدى.

ئۇلار شېئىر، نەسىر، مۇزىكا، ناخشا ۋە غەزەل تۈرلىرىدە مۇھىم ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ قونالغۇ ۋە راباتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىمۇ ئىزلىرى بار.

غەربلىك ماددا پەرەستلەرنى ئىسلامغا جەلپ قىلىشتىمۇ سۈپىزم روھانىيىتىنىڭ تەسىرى بولدى. مارتىن لىڭس بۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ياۋرۇپالىقمەن، روھىمنىڭ قوتۇلۇشى ۋە نىجاتلىقىنى تەسەۋۋۇپتا ئۇچىراتتىم". غەربلىكلەرنىڭ تەسەۋۋۇپ روھانىيىتىگە بېرىلىشى ۋە تەسەۋۋۇپ توغرىسىدا ئىزاھ ۋە نەزىرىيەلەرنى يازغان ماددىي ئىنتىلىشلىرىگە بولغان ھەيرانلىقلىرىدىن باشقا، غەربلىكلەر ۋە غەرب، شەرق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق مەركەزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپقا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ئادەمنى شەكلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردە شەرقشۇناسلار، ئاكادېمىك مۇئەسسەسەلەر ۋە ئومۇمەن غەربلىكلەرنىڭ تەسەۋۋۇپقا كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. بۇ سەۋەبلەر:

- تەسەۋۋۇپتا بار بولغان پاسسىپ، تەسلىمچانلىقا ياتىدىغان تەرەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلام، دەپ تەسۋىرلەش.

- تەسەۋۋۇپتا خىرىستىيان راھىبلىقلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىدىغان تەرەپلەر بولۇپ، ئۇنى شۇ خىل ئېقىمنىڭ داۋامى، دەپ قاراش.

- ئازغان مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ بارلىق دىنلارنى قوبۇل قىلىشقا بولغان مايىللىقى ۋە ئۇنى روھىي تەربىيەنىڭ ۋاستىسى، دەپ ھېسابلىشى. غەربتە ئۆزىنى مۇتەسەۋۋۇپ دەپ ھېسابلايدىغان، مۇسۇلمان بولماستىنلا، بىر قىسىم ئىسلامىي ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدىغان، ئىسلامىي سۇلۇكلارنى ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار يەھۇدىي، خىرىستىيان، بۇددىزىم ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىن چىققان.

- ئىسلام فىقھشۇناسلىرى بىلەن ئازغۇن مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى موقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىسلام فىقھىسى ۋە ئەقىدىسىكى ئاساسلىق ئەھۋال قىلىپ كۆرسىتىش.

- سۈپىزم ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چېكىنىشكە باشلىدى. گەرچە بىر قىسىم ئىسلام دۆلەتلىرى ھەممە جەھەتتىن ئىسلامنى تەتبىقلاشتا مۇسۇلمانلارنى قوزغىتىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى

www.munber.org

سوپىتىدە ئۇلارغا ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى نوپۇزى تۆگەپ كەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: تەسەۋۋۇپ ئۇزۇن تارىخى بويىچە ئىلىم، ئەمەل، جىهاد، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئۇممەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە دىننى تارقىتىشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىسلام قىزىقتۇرغان سۈلۈك يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مېتودتىن ئېغىپ كەتكەن بىر ئېقىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ئۇنداق قىلىشنى توسقان. كېيىنكى دەۋرلەردە ھىندى، يۇنان پەلسەپىلىرى ۋە خرىستىيان راھىبلىقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن چاغدا بۇ خىل ئېغىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. ھالال رىزىق تېپىپ يېيىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى كەملەپ، ئىلمىي دەسمايىلىرى ئازلاپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان سېھرىگەر ۋە دەججاللارنىڭ تىجارىتىگە ئايلانغان چاغدا ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. بۇنى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بايقاپ، تەسەۋۋۇپ ئارقىلىق ئىسلامنى ئىچكى قىسمىدىن خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئىسلامنىڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ساپلىقىنى يوقىتىپ تاشلاش ۋە مۇسۇلمانلارنى مەڭگۈ مىدىرلىماس شەكىلدە پاسسىپلىققا ئەسىر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- ئەھمەد تەۋفىق ئەيياد: التصوف الإسلامي –ئەنگىلو ئەلمىسرىييە، 1970م.
- ھۆججەتۇل ئىسلام ئەلغەزالىي: المنقذ من الضلال – د.ئابدۇلھەلىيم مەھمۇدنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر تەتقاتلىرى، ھەسسان باسمىخانىسى – قاھىرە.
- ئىبنى تەيمىييە: مجموع فتوى، 11 – جىلد، تەسەۋۋۇپ توغرىسىدا، 10 – جىلد سۈلۈك توغرىسىدا، 1398ھ نەشرى.
- د.ھەسەن ئىيسا ئابدۇززاھىر: الدعوة الإسلامية في غرب أفريقيا، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى كىتابچىلىرى، 1401ھ/ 1981م.
- د.ئىرفان ئابدۇلھەمىيد فەتتاھ: نشأة الفلسفة الصوفية وتطورها، ئىسلامىي كىتابخانا – بېيرۇت، 1394ھ/1974م.
- ئەبۇلئەلا ئەفىيفىي: في التصوف الإسلامي وتاريخه.
- نىيكلسون: الصوفية الإسلامية، شەرىيبە تەرجىمىسى.
- ئىمام غەزالىي: إحياء علوم الدين، ئەرەب كىتابلىرىنى جانلاندۇرۇش نەشرىياتى، 1957م.




www.munber.org

- شەيخۇل ئەكبەر مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىي: الفتوحات المكية ، بېيرۇت ـ سادىر نەشرىياتى، چىسلاسىز.

- ھەللاج: كتاب الطواسين ، بۇ كىتابنى لويىس ماسىنيون 1913 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلدۇرغان.

- أخبار الهلاج ، بۇنى لو.م سىراب، نويىنسام س.ش لار نەشر قىلدۇرغان.

- ديوان الحلاج، بۇ كىتابنى لويىس ماسىنيون 1931 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلدۇرغان.

- ئەبۇ نەسر ئەسسىراج ئەتتۇسىي: كتاب اللمع، (بۇ كىتابنى د.ئابدۇلھەلىيم مەھمۇد ۋە تاھا ئابدۇلباقىي سۇرۇرلار تەھقىق قىلغان)، يېقىنقى زامان كىتابلىرى نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1960م.

- ئەبۇلقاسىم ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ھەۋازىن: الرسالة القشيرية، مۇھەممەد ئەلى سۇبەيھ كىتابخانىسى ـ قاھىرە، 1957م.

- ئارنولد رېنولدز نىيكلسون: في التصوف الإسلامي وتاريخه، (بىر يۇرۇش ماقالىلار بولۇپ، د.ئەبۇلئەلا ئەلئەفىيفىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان) ـ قاھىرە، 1947م.

- ئابدۇلھەكىيم ئابدۇلغەنىي قاسىم: المذاهب الصوفية ومدارسها .

- ئابدۇررەھمان ئابدۇلخالىق: الفكر الصوفي في ضوء الكتاب والسنة.

- سادىق سەلىيم سادىق: المصادر العامة للتلقي عند الصوفية.

- ئابدۇررەھمان دەمەشقىييە: أبو حامد الغزالي والتصوف.

- ئېھسان ئىلاھىي زەھىير: دراسات حول التصوف.

- مۇھەممەد ئەلئەبدۇھ، تارىق ئابدۇلھەلىيم: الصوفية.

- مۇھەممەد ئەلھەسەن: المذاهب والأفكار في التصور الإسلامي.

- ئابدۇللاھ ئەلئەمىين: دراسات في الفرق والمذاهب القديمة والمعاصرة.

- زەكىي مۇبارەك، د.ئابدۇررەھمان بەدەۋىي: التصوف والأدب.

- د.ئابدۇررەھمان بەدەۋىي: تاريخ التصوف.

**چەتئەل مەنبەلىرى:**

- Nicholson. R. A. Studies in Islamic Mysticism, Combridge 1961.
- Spencer Trimingham. T. The Sufi Orders of Islam, Oxford 1971.

www.munber.org

- Arberry. A.J. An Interduction to the History of Sufizm, Oxford 1942.

- Nicholson: Literary History of the Arabs.

- Macdonald: Development of Moslem Theology

- Sufizm: An Account of the Mystics of Islam, London 1956.

- Fazlur Rahman: Islamk London 1966.

- Encyclopedia of Religion anda Ethics 1908. The Articles: Soul-Pantheism Sufis.

- Encyclopedia of Islam. The New Edition. The Articles: Al-Hallaj – ibn-Arabi Al-Bistami- Asceticism.

www.munber.org

# شازىلىييە

## ئىنقىلما:

« شازىلىييە » ئەبۇلھەسەن ئەششازىلىيغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدىغان سۈپىزم تەرىقىتى بولۇپ، بۇ تەرىقەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى سۈپىزمنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار مۇرىتلىرىنىڭ سۇلۇكى، ئۇنى تەربىيلەش ئۇسلۇبى ۋە زىكىر قىلغاندىكى "ئاللاھ" ياكى "ھۇ(ھۇۋە )" ئالمىشىنى ئىشلىتىشكە دائىر مەشھۇرلۇقلىرى بىلەن سۈپىزمدىن پەرقلىنىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئەبۇلھەسەن ئەششازىلي: نەسەبى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەرخىل. ئەمما مۇرىت ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى شەرەپلىك ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بارلىق سۈپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئوخشاشلا ئۇنىمۇ ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا، بەزىلىرى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، يەنە بەزىلىرى باشقىلارغا باغلايدۇ.

ـ ئىمام ئەززەھەبي "العبر" ناملىق كىتابىدا ئۇنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئەششازىلي: ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلجاببار ئەلمەغرىبي ئەززاھىد بولۇپ، شازىلىييە تائىپىسىنىڭ شەيخى، ئىسكەندەرىييەدە ماكان تۇتقان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپقا ئائىت مەۋھۇم ئىبارىلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن كەچۈرۈم سورىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئەبۇلئابباس ئەلمىرسي ئۇنىڭدا ئوقۇغان. شازىلي ھىجرىيەنىڭ 656 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئاللاھنىڭ بەيتىنىڭ زىيارىتى ئۈچۈن كىتىۋاتقاندا ئەيزاب چۆلىدە ۋاپات بولغان. (ئەيزاب ـ مىسىر ئېگىزلىكى يولىدىكى بىر سەھرا).

ـ ئەبۇلھەسەن ئەششازىلي كىچىك چېغىدا ماراكەشتە ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇسسالام ئىبنى بەشىيشنىڭ قولىدا ئوقۇغان. بۇ كىشى ئۇنىڭ ئىلمي ۋە سۈپىزملىق ھاياتىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان.

ـ كېيىن تۇنىسقا، زەغۋان تېغىغا بېرىپ، ئىبادەت ئۈچۈن ئېتىكاپتا تۇرغان. ئۇ شۇ يەردە سۈپىزمچىلارنىڭ دەۋاسىغا كۆرە، يۇكسەك ئورۇنلارغا ئۆرلىگەن.

ـ ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىرغا بېرىپ، ئىسكەندەرىييەدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردە ئۆيلىنىپ، شىھابۇددىن ئەھمەد، ئەبۇلھەسەن ئەلى، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ۋە قىزى زەينەپلەردىن ئىبارەت پەرزەنتلىرى بولغان. ئىسكەندەرىييەدە ئۇنىڭ مۇرىت ۋە ئەگەشكۈچىلىرى پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەرىقىتى مىسىردا تارقالغان، چوڭ سۈپىلار قۇتۇبلىرىنىڭ بىرى، دېگەن نامى شۆھرىتى تارقالغان.

ـ سۈپىلارنىڭ كىتابلىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن كارامەتلىرى ۋە ئۆزى دەۋا قىلغان دەۋتىنىڭ ئىككى ئاساسي يەنى كىتاب، سۈننەتكە، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىنقلا



www.munber.org

خىلاپ كېلىدىغان، ئىشىنىش مۇمكىن بولمايدىغان سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ سۆز ۋە كارامەتلەردىن:

- د.ئابدۇلھەلىيم مەھمۇد "درة الأسرار" ناملىق كىتابتىن مۇنداق نەقىل ئالىدۇ: "مەدىنىگە كەلگەن چېغىدا، ئاللاھ تائالا مەدىنىنىڭ شەرەپ ۋە ئۇلۇغلىقىنى ئاشۇردى. ئۇ ھەرەمنىڭ ئىشىكىدە ئەتتىگەندىن چۈشكىچە بېشى ئۇچۇق، يالاڭ ئاياق ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراش ئۈچۈن ساقلاپ تۇردى. قاچانغىچە تۇرىدىغانلىقى سورالغاندا، ماڭا رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر، چۈنكى ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر، پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە سىلەرگە رۇخسەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار.»[1] دەيدۇ، دېگەن. ئۇ، مۇبارەك رەۋزەنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئەي ئەلى، كىر!" دېگەن نىداسىنى ئاڭلىدى." بۇ ئەقىدىگە خىلاپ. ئۇ ئۆزى توغرىسىدا "ئەگەر تىلىمدا شەرىئەتنىڭ تىزگىنى بولمىغىنىدا ئىدى، مەن سىلەرگە، ئەتە، ئۆگۈن تا قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەن بولاتتىم." دەيدۇ. بۇ غەيبنى بىلىش دەۋاسى بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا كەلتۈرۈلگەن شېرىكتۇر.

- شازىلىينىڭ "حزب الشاذلي" ۋە "رسالة الأمين في آداب التصـوف" ناملىق ۋىردلىرى بولۇپ، ئۇنى بابلار بويىچە تەرتىپلىگەن. ئۇنىڭ يەنە "السر الجليل في خـواص حسـبنا الله ونعـم الوكـيل" ناملىق بىر كىتابىمۇ بار. ئىمام تەقىييۇددىن ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئۇنىڭ ۋىردلىرىغا يازغان رەددىيەسىمۇ بار.

◈ ئەبۇلئابباس ئەلمىرسىي: ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئەلمىرسىي ئەبۇلئابباس شىھابۇددىين، ئىسكەندەرىييە ئەھلىدىن. توغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق، ئائىلىسى ئىسپانىيەنىڭ مىرسىي شەھرىدىن. ئۇ ھىجرىيە 686 ـ يىلى (1287م) ۋاپات بولغان.

- ئەبۇلھەسەن ئەششازىلىينىڭ ئىزباسارىي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، شازىلىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قۇتۇب بولغان. سوپىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسكەندەرىييە شەھرىدە چوڭ بىر ماقامى ۋە ئۆز ئىسمىدا بىر مەسچىتى بار.

- ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىرەر لەھزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا كۆرۈنمەي قالسا، ئۆزۈمنى مۇسۇلمان سانىمىغان بولاتتىم."

- ئۇ خىزىر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولغانلىقىنى دەۋا قىلاتتى.

- ئۇنىڭمۇ شەيخى ئەبۇلھەسەنگە ئوخشاش، باتىنىي تەۋىللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ مىساللىرىنىڭ بىرى، شاگىرتى ئىبنى ئاتائۇللاھ ئەسسەكەندەرىي زىكىر قىلغان مەسىلىدۇر: "شەيخىمىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ: «قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز.»[2] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 106 ـ ئايەت.



www.munber.org

مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: يەنى ئاللاھنىڭ ۋەلىلىرىدىن بىرىنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرساق ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرىنى ئېلىپ كېلىمىز، دېمەكتۇر." بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە نىسبەتەن روشەن دىنسىزلىقتۇر.

ئەبۇلئابباس ئەلمىرسىيدىن كېيىن شازىلىييە تەرىقىتىنىڭ شەيخلىقىغا ياقۇتۇل ئەرش ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ھەبەشلەردىن ئىدى. ئۇ، ئەرش دەپ ئاتالغان؛ چۈنكى سوپىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېلىھەم ئەرشنىڭ ئاستىدا بولۇپ، زېمىندا ئۇنىڭ پەقەت جىسمىلا بار. يەنە "ئەرشنىڭ كۆتىرىپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ ئەزانلىرىنى ئاڭلايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرش، دەپ ئاتالغان" دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بۇ "طبقات الشـ عراني" دا كەلگەن مەسىلىلەر بولۇپ، مۇئەييەن سىزىقتا تۇرمايدىغايدىغان سوپىزمنىڭ خۇراپاتلىقلىرىدىندۇر.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ بارلىق سوپىزم تەرىقەتلىرى، گەرچە مۇرىتلارنىڭ سۇلۇكى ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش ئۇسلۇپلىرىدا پەرقلىق بولسىمۇ، پىكىر ۋە ئەقىدىلەردە ئورتاقلىقتا ئىگە. شازىلىييە تەرىقىتىنىڭ پىكىرلىرىنى مۇئەييەن نوقتىلارغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن. ھالبۇكى بۇ نوقتىلار سوپىلاردا ئومومىي ئۆلىما ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئىزاھلاش مېتودىغا ئوخشىمايدىغان نەرسىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ نوقتىلار تۆۋەندىكىچە:

- تەۋبە: بۇ مۇرىت ياكى سۇلۇك تۇتقۇچىنىڭ ئاللاھ تەرەپكە ئاتلىنىدىغان نوقتىسى.

- ئىخلاس: ئىخلاس ئۇلارنىڭ نەزرىدە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1 ـ سادىقلارنىڭ ئىخلاسى.

2 ـ سىددىقلارنىڭ ئىخلاسى.

- نىيەت: ئەمەل، ئەخلاق ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسي ھېسابلىنىدۇ.

- پىنھانلىق: يەنى كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش بولۇپ، بۇ، سوپىزمچە تەربىيەنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. شازىلىييە تەرىقتى بويىچە، مۇرىت تەرىقەت سۇلۇكىنى باشلاشتىن بورۇن ئۈچ كۈن مۇددىتىدە پىنھان بىر جايدا تۇرۇشى لازىم.

- زىكىر: بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش، ئارقىدىن كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئوخشاش بولمىغان ۋىردلارنى ئوقۇش. شازىلىييەنىڭ مەشھۇر زىكرى "ئاللاھ" كەلىمىسى ياكى "ھۇ، ھۇ" لاردىن ئىبارەت. زىكىر بۇ خىل شەكىلدە بىدئەتتۇر. بىز ئىبنى تەيمىييەنىڭ بۇنىڭ كىتاب ۋە سۈننەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلمىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. شەرئەت پەقەت تولۇق مەنىسى بار "لا ئىلاھە ئىللەللاھ. ئاللاھۇ ئەكبەر" دېگەنگە ئوخشىغان زىكىرلەرنى يولغا قويغان.



www.munber.org

ـ زۇھد: بۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ نەزىرىدە بىر قانچە تۈرلۈك ئېنىقلىمىلىرى باردۇر. بۇلار:

1 ـ قەلبتىن ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش بولۇپ، بۇ ئارىفلارنىڭ زاھىدلىقىدۇر.

2 ـ يەنە، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھالالدا زاھىدلىق قىلىش، ھارامنى تاشلاشتۇر.

ـ نەپس: شازىلىيە تەرىقىتى نەپس مەسىلىدە بىر قانچە خىل ھالەتكە تايىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ نەپس ئەگەر پاك ۋە تەقۋا بولسا، تائەتنىڭ مەركىزى بولىدۇ.

2 ـ نەپس ناتوغرا ئىشلاردا شەھۋەتنىڭ مەركىزىدۇر.

3 ـ نەپس راھەتلەرگە مايىللىقنىڭ مەركىزىدۇر.

4 ـ نەپس، بەلگىلىمىلەرنى ئادا قىلىشتا ئاجىزلىق مەركىزىدۇر.

شۇڭا ئۇنىڭ يالغۇز تائەتنىڭ مەركىزى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى پاكلاش لازىم.

ـ تەقۋالىق: ئاللاھ ئۈچۈن روشەن دەلىل ۋە يوشۇرۇن كۆز ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن ئەمەل قىلىش.

ـ تەۋەككۈل: قەلبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈتىش.

ـ رازىلىق: بۇ ئاللاھنىڭ بەندىدىن رازى بولۇشى، دېمەكتۇر.

ـ مۇھەببەت: بۇ ئۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە: قەلبنىڭ مەھبۇبىنى ئىزدەپ سەپەر قىلىشى، تىلنىڭ ئۇنى ئىزچىل زىكىر قىلىپ تۇرۇشىدۇر.

ـ شازىلىيەلەرنىڭ قارىشىدا سۆيگۈنىڭ دەرىجىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسى رابىئەتۇلئەدەۋىيەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە سۈپەتلەنگەن دەرىجىدۇر.

أحبك حبين: حب الهوى وحبا لأنك أهل لذاك

سېنى ئىككى تۈرلۈك سۆيىمەن: بىرى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، يەنە بىرى سەن سۆيۈشكە لايىق بولغانلىقىڭ ئۈچۈن.

ـ زەۋق: ئۇلار بۇنىڭغا، روھلارنىڭ كارامەت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردىكى پاك سىرلار بىلەن ئۇچرىشىشى، دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ يولى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ سەۋەپلىك سۈپىلار زەۋق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىلىمنى فىقھىي فىقھىي ئۇسۇلى ۋە باشقا شەرئىي ئىلىملەردىن ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇلار "زەۋقلەر ئىلمى ۋاراقلار ئىلمىگە ئوخشىمايدۇ" دەيدۇ. ئۇلار يەنە: "ئەھۋاللار ئىلمى زەۋق ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن سۆيگۈ، ئىشىق ۋە شەۋق ئىلىملىرى شاخلىنىپ چىقىدۇ" دەپ قارايدۇ.

www.munber.org

ـ شەكسىز ئىلىم: بۇ ئاللاھ تائالانى شەكسىز بىلىش ئارقىلىق تونۇش بولۇپ، بۇ ئەھۋال پەقەت زەۋق ياكى ئىلاھىي ئىلىم ۋەياكى كەشىف ... ۋەھاكازالار بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

◈ شۇنداق بولسىمۇ، شازىلىي، كىتاب ۋە سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش ئۇنىڭ تەرىقىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سېنىڭ كەشىفىڭ كىتاب ۋە سۈننەتكە خىلاپ كەلسە، كىتاب ۋە سۈننەت بويىچە ماڭغىن ـ دە، كەشفىنى تاشلا ۋە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە "ئاللاھ تائالا ماڭا كىتاب ۋە سۈننەت ئارقىلىق نىجاتلىقنى ۋەدە قىلدى، كەشىف، ئىلھام، مۇشاھىدىلەردە ئۇنداق ۋەدە قىلمىدى، دېگىن" دەيدۇ."

ـ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "گەرچە ھەق بولسىمۇ، مەنەسى قەلبىڭگە بورۇنلا كىلىپ قالغان، نەپسىڭ ئۇ تەرەپكە مايىل بولغان ۋە تەبىئىتىڭ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ھەر قانداق ئىلىمنى چۆرىۋەت! ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ئىلىمنى ئۆگەن ۋە ئۇنىڭغا، خەلىپىلەرگە ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ساھابىلەرگە ئەگەشكىن."

◈ شۇنىڭدەك شازىلىييە تەرىقىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سۈپىلار كىتاب ۋە سۈننەت ئىلمى پەقەت شەيخ ياكى تەربىيىلىگۈچى ۋەياكى مۇرشىد (يول كۆرسەتكۈچى) نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىگەللىنىدۇ. مۇرىتنىڭ شەيخىغا "شەيخنىڭ قولىدىكى مۇرىت مېيىت يۇغۇچىنىڭ قولىدىكى جەسەتكە ئوخشاش" شەكلىدە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلمىغۇچە مۇرىتقا دۇرۇست ئىلىم ھاسىل بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيخلارغا مۇقەددەسلىك قارىشى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەرتىۋىسىدىن يوقىرى ئورۇندا قويىدۇ.

ـ سىمائ (السماع): بۇ سۈپىزمغا ئائىت غەزەل تۈسىدىكى شېئىرلار ۋە ناخشىلارنى ئاڭلاشتىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىنىڭ بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "سۈپىي سىمائنى ئاڭلاپ، ئۇنى سەۋەپلەردىن ئەۋزەل بىلگەن كىشىدۇر." شېئىرانىي ھارىس ئەلمۇھاسىبىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: "پەقىرلەرنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نەرسە گۈزەل ئاۋازلارنى ئاڭلاشتۇر." ۋە "ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋۇجۇدتىكى سىرلىرىنىڭ بىرىدۇر."

ـ تەسەۋۋۇپ يازغۇچىلىرى سىمائ ئۈچۈن ئەسەرلىرىدە مەخسۇس بابلارنى ئاجراتقان؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىدە ئۆزگىچە ئەھمىيىتى بار ئىدى.

ـ سىمائدا كۈپۈر ۋە شېرىك دەرىجىسىگە يېتىدىغان شېئىرلار كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئېيتقاندەك مۇناجات ئەمەس، مەدەت تىلەشلەردىن سىرت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلىرىنىڭ ھېچ بىرى تىلغا ئېلىپ باقمىغان، نە كىتاب، نە سۈننەتتە بولمىغان يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتىرىۋېتىدۇ:

يا كتاب الغيوب　　　　قد لجأنا إليك

يا شفاء القلوب　　　　الصلاة عليك

www.munber.org

"ئـىـي غەيبلـەرنىڭ كىتـابى، سـەندىن پـاناھلىق تىلـەيمىز. ئـىـي قەلبلـەرنىڭ شىفاسى، ساڭا دۇئالار بولسۇن"

◈ ئىسلام پىكىرلىرىگە يۇنان ۋە ھىندىستان پەلسەپىلىرى ئارقىلىق كىرگەن بۇ تۈردىكى نۇرغۇن پىكىر ۋە ئېتىقادلارنى ئوقۇرمەن تەسەۋۋۇپنىڭ بىدئەتكە تولغان كىتابلىرىدا ئۇچرىتىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

سۇپىزم مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى نەپسىنى پاكلاشقا، دۇنيادا زاھىد بولۇپ ياشاشقا ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا چاقىرىدىغان تەربىيۋى مەدرىسلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما بۇ مەدرىسلەرگە ھىجرىيە تۆتىنچى ئەسىردىكى تەرجىمە ھەرىكىتى جەريانىدا يۇنان، ھىندىستان پەلسەپىلىرى، ھەتتا خىرىستىيان، يەھۇدىي ۋە باشقا پەلسەپىلەر كىردى؛ سۇپىلار بۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ۋە بۇ مەدرىسلەردە مۆتىدىل ئىسلامىي يولدىن ئېغىش باشلاندى.

سۇپىزم ھىندىستان پەلسەپىسىدىن فەنا ياكى نىرفاناغا يۈكسىلىش باسقۇچلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدا، ھەقىقىي سائادەتكە ئېرىشكەنگە قەدەر ئاچلىق، زاھىدلىق ۋە دۇنيانى تەرك قىلىش ئارقىلىق نەپسىنى پاكلايدۇ.

سۇپىزم ئازغان خىرىستىيان دىنىدىن راھىبلىقنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈش، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە زاھىدلىقتىن ئىبارەت.

يۇنان پەلسەپىسىدىن بەزى سۇپىلار تايىنىپ كىلىۋاتقان فەيز ئىلاھىي، ئىتتىھاد ۋە ھۇلۇل نەزىرىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

ئەگەر بىرسى سۇپىزم مەزھەپلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روشەن، ئېنىق تەلىماتلىرىدىن تامامەن يىراقلىشىپ كەتكەن غەلىتە ئۇچۇر ۋە ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىدۇ.

## تارقالغان رايونلار:

شازىلىيە تەرىقىتىنىڭ بىرىنچى مەركىزى مىسىر، بولۇپمۇ ئىسكەندەرىيە، تانتا، كوفرۇششەيخ رايونىدىكى دۇسۇق شەھەرلىرى بولۇپ، ئارقىدىن باشقا ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيەت نوقتىسى سۇرىيە ۋە ماراكەشتىن ئىبارەت. ئۇلار بۈگۈنكى كۈنلەردە لىۋىيە ۋە سۇدانلاردىمۇ بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى، شازىلىيە تەرىقىتى تولۇق ئىسمى ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلجاببار ئىبنى يۇسۇف ئەبۇلھەسەن ئەلھەزەلىي ئەششازىلىيغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ. شازىلىيە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ماراكەش رايونىدىكى شازىلە شەھرىگە نىسبەتەن قوللىنىلغان. بۇ تەرىقەت، گەرچە مۇرىتلارنىڭ

www.munber.org

سۈلۈكلىرى ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش مېتودلىرىدا پەرقلىق بولسىمۇ، باشقا سۈپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن ئۇرغۇن پىكىر ۋە ئېتىقادلاردا ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ تەرىقەتنىڭ ئاساسلىق پىكىرلىرى: تەۋبە، ئىخلاس، نىيەت، پىنھانلىق، زىكىر، زۇھد، نەپس، تەقۋالىق، تەۋەككۇل، رازىلىق، مۇھەببەت، زەۋق، شەكسىز ئىلىم ۋە سىمائىلاردىن ئىبارەت. كەلىمىلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە شەرئىي مەنىلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ئەمما، قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئىلمى شازىلىيە تەرىقىتىنىڭ قارىشىچە پەقەت، شەيخ، تەربىيلىگۈچى ياكى بىرەر يول كۆرسەتكۈچىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا ئىگەللىنىدۇ. بۇ مۇرىتلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۇلارغا ئەتائەت قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شازىلىيە تەرىقىتىمۇ تۇتقان يولىدا باشقا سۈپىزم تەرىقەتلىرىگە ئوخشاشلا، ساغلام، مۆتىدىل ئىسلامىي مېتودتىن قېيىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئەيىپلىنىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- د.ئابدۇلھەلىيم مەھمۇد: المدرسة الشاذلية الحديثة – إمامها أبو الحسن الشاذلي.
- ئېھسان ئىلاھىي زەھىير: دراسات في التصوف، لاھور ـ پاكىستان، 1409ھ.
- ئابدۇلھەكىيم ئابدۇلغەنىي قاسىم: المذاهب الصوفية ومدارسها، مەدبۇلىي كىتابخانىسى ـ قاھىرە، 1989م.
- ئابدۇلقادىر ھەبىبۇللاھ ئەسسەندىي: التصوف في ميزان البحث والتحقيق، ئىبنى ئەلقەييىم كىتابخانىسى ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرە، 1410ھ/ 1990م.
- شەئرانىي: الطبقات الكبرى، قاھىرە كىتابخانىسى، 1390ھ.
- ئىبنى ئەتائۇللاھ ئەسسەكەندەرىي: لطائف المنن، ھەسسان باسمىخانىسى – قاھىرە.
- تاھە ئابدۇلباقىي سۇرۇر: من أعلام التصوف الإسلامي، مىسىر ئۆيغىنىش نەشرىياتى.
- ئىمام زەھەبىي: سير أعلام النبلاء، بېيرۇت باسمىسى.
- د.مۇھەممەد رەشاد سالىم (تەھقىقلىغۇچى): جامع الرسائل، ابن تيمية، قاھىرە، 1389ھ/1969م.
- د.مۇھەممەد رەشاد سالىم (تەھقىقلىغۇچى): الاستقامة، ابن تيمية، ئىمام ئۇنۇۋېرسىتېتى باسمىسى، 1403ھ/1983م.


www.munber.org

# تىيجانىييە

## ئىنىقلىما:

تىيجانىييە: سۈپىزم تەرىقتى بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى سۈپىزمنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇ دۇنيادا ئەمەلىي شەكىلدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە "تاقىلىپ قالغان يەرلەرنى ئېچىپ بەرگۈچى" بىر نامازنى مەخسۇس قىلىپ بەرگەنلىكىگە ئائىت ئېتىقادنى ئىلاۋە قىلىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ قۇرغۇچىسى ئەبۇلئابباس ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلمۇختار ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد سالىم ئەتتىيجانىي بولۇپ، ھىجرىيە 1150 ـــ 1230 يىللار (1737 ـ 1815م) ئارىسىدا ياشىغان. ئۇ ھازىرقى ئالجىرىيە سەھراسىدىكى ئەين مازىي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

ـ قۇرئان كەرىمنى يادلىغان، بىر ئاز ھەدىس ئۆگەنگەن.

ـ شەرئىي ئىلىملەرنى ئىگەللىگەن. ئۇ فاس، تىلمىسان، تۇنىس، قاھىرە، مەككە مۇكەررە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە ۋەھران قاتارلىق جايلارنى كەزگەن.

ـ ھىجرىيە 1196 ـ يىلى ئەبۇ سەمغۇن يېزىسىدا ئۆزىنىڭ تەرىقىتىنى تەسىس قىلغان. فاس شەھرى بۇ تەرىقەتنىڭ تۇنجى مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى بۇ يەردىن پۈتۈن ئافرىقىغا تارقاش ئۇچۇن ئاتلانغان.

ـ ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىزلىرى فاستىكى تىيجانىييە گۈمبىزى ۋە شاگىرتى ئەلى ھەرازم تەرىپىدىن توپلاپ ھازىرلانغان "جواهر المعاني وبلوغ الأماني في فيض سيدي أبي العباس التيجاني" نامىلىق كىتابىدىن ئىبارەت.

قۇرغۇچىسىدىن كېيىنكى مەشھۇر كىشىلىرى:

ـ ئەلى ھەرازم ئەبۇلھەسەن ئىبنى ئەلئەرەبىي بۇرادەتۇل مەغرىبىي ئەلفاسىي بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولغان.

ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەلمەشرىي ئەلھۇسنى ئەسسابىھىي ئەسسىبائىي (1224ھ ۋاپات بولغان). ئۇ "الجامع لما افترق من العلوم" ۋە "نصرة الشرفاء في الرد على أهل الجفاء" نامىلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى.

ـ ئەھمەد سەكىيەرج ئەلئەياشىي (1295 ـ 1363ھ): فاستا تۇغۇلغان. قەرەۋىيلەر مەسچىتىدە ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلىقتا تەيىنلەنگەن، قازىلىق ۋەزىپىسىنى

www.munber.org

ئۆتكەن ۋە ماراكەشنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىنى كەزگەن. ئۇنىڭ "الكوكب الوهاج" ۋە "كشف الحجاب عمن تلاقى مع سيدي أحمد التيجاني من الأصحاب" ناملىق كىتابلىرى بار.

ـ ئۆمەر ئىبنى سەئىيد ئىبنى ئوسمان ئەلفۇتىي ئەسسىنغالىي: 1797 ـ يىلى هازىرقى سىنگالنىڭ دىيمار شەھرى فار يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم ئىگەللىگەن. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن بۇددىستلار ئارىسىدا ئىلىملىرىنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ يەنە فرانسۇزلارغا قارشى چىقىشتا مەدھىيەشكە تېگىشلىك تۆھپىسى بار. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 1283 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ۋاپاتىدىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئىككىسى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ "رماح حزب الرحيم على نحور حزب الرجيم" ناملىق بىر كىتابى بولۇپ، ئۇنى 1261ھ/1845م يىلى يازغان.

ـ مۇھەممەد ئەلھافىز ئىبنى ئابدۇللەتىيف ئىبنى سالىم ئەششەرىيف ئەلھۇسنىي ئەتتىيجانىي ئەلمىسرىي (1315ھ ـ 1398ھ): بۇ كىشى مىسىردىكى تىيجانىيلارنىڭ بايراقدارى. ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغا قەدەر مىسىردىكى تىيجانىيلار گۇمبىزىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ "الحق في الحق والخلق" ، "الحد الأوسط بين من أفرط ومن فرّط" ۋە "شروط الطريقة التيجانية" ناملىق كىتابلىرى بار. ئۇ يەنە ھىجرىيە 1370، مىلادىي 1950 ـ يىلى "طريق الحق" (ھەقىقەت يولى) ناملىق ژۇرنال تەسىس قىلغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئەسلىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا نۇرغۇن شېرىكلەرنى ئىلاۋە قىلغان ھالدا ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

◈ ئۇلارغا مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ ئەقىدىلىرى، پىكىر ۋە پەلسەپىلىرىنى تۇتۇپ مېڭىش نوقتىسىدىن سوپىزم تەرىقەتلىرىگە قارىتىلغان بارلىق مەسىلىلەر بۇلارغىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ.[1] بۇلاردىن "ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد" قا بولغان ئىمانى، "ۋەھدەتۇششۇھۇد" دەپ ئاتىۋالغان فەناغا بولغان ئىمانى قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.[2]

◈ ئۇلار غەيبنى: ئىلمى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان مۇتلەق (شەرتسىز) غەيب ۋە بەزى مەخلۇقاتلارغا خاس بولغان غەيب، بەزىلىرىگە غەيب بولمىغان شەرتلىك غەيبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىدۇ. گەرچە بۇ مەسىلىدە ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇنىڭغا ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، غەيبنى ئىلمىنى شەيخلىرىغا مەنسۇپلاشتۇرۇشتا ئىچكىرلەپ كېتىدۇ.

[1] "جواهر المعاني"، 1 ـ جىلد، 259 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] "جواهر المعاني"، 1 ـ جىلد، 191 ـ بەتكە قاراڭ.



www.munber.org

- ئۇلار، شەيخلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرىدىكىنى بىلەلەيدىغانلىقىنى، دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇلار شەيخلىرى ئەھمەد تىيجانىي توغرىسىدا مۇنداق دېيىشىدۇ: " ئۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ نىڭ كامالىتى، رەببانىي كۆزىنىڭ نۇرى ۋە ئۇنىڭدا ئاشكارا بولغان نۇرانى پاراستى ئۇنىڭ، مۇرىتلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا يۇشۇرۇن ئىشلارنى ئاشكارىلاش، غەيبلەردىن خەۋەر بېرىش، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن كىلىپ چىقىدىغان پايدا، زىيانلارنى، يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.[①]

◈ ئۇلار يەنە باشلىقى ئەھمەد ئەتتىيجانىينىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇچراشقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز ئارقىلىق سۆزلەشكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن "تاقىلىپ قالغان يەرلەرنى ئېچىپ بەرگۈچى" دەپ ئاتىلىدىغان نامازنى ئۆگەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

- بۇ نامازنىڭ شەكلى مۇنداق: "ئىي ئاللاھ! تاقىلىپ قالغان يەرلەرنىڭ ئاچقۇچىسى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتىمىسى، ھەقنى ھەق بىلەن كۈچلەندۈرگۈچى، سېنىڭ توغرا يولۇڭغا ھىدايەت قىلغۇچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئۇلارنىڭ قەدرى ۋە بۈيۈك مىقدارىغا كۆرە دۇرۇدلارنى يەتكۈز." ئۇلارنىڭ بۇ نامازغا دائىر بىر يۈرۈش ئېتىقادلىرى بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، بۇ نامازنى بىر قېتىم ئوقۇسا، قۇرئان كەرىمنى ئالتە قېتىم ئوقۇغانغا توغرا كېلىدۇ، دەپ خەۋەر بەرگەن.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا، بۇ نامازنى بىر قېتىم ئوقۇش، بارلىق چوڭ ـ كىچىك دۇئالار، زىكىرلەر ۋە قۇرئاننى ئالتە مىڭ قېتىم ئوقۇغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ خەۋەر بەرگەن؛ چۈنكى ئۇ زىكىرلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى.[②]

- بۇ پەزىلەت پەقەت شەيخىدىن ئۇ نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىزنىنى ئېلىش شەرتى ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئۇلار دەۋا قىلىشىۋاتقاندەك، بۇ يەردىكى ئىزىن ـ رۇخسەت بۇ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن ئەھمەد ئەتتىيجانىيغىچە زەنجىرسىمان ھالدا يېتىپ بېرىشى، دېمەكتۇر.

- بۇ ناماز ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدىن بولۇپ، قۇدسىي ھەدىسنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.[③]

- بۇ نامازنى ئون قېتىم ئوقۇغان كىشىنىڭ ساۋابى مىلىيون يىل ياشىغان بولسىمۇ، زىكىر قىلمىغان ئارىفنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدۇ.

---

[①] "جواهر المعاني"، 1 ـ جىلد، 63 ـ بەتكە قاراڭ.

[②] "جواهر المعاني"، 1 ـ جىلد، 136 ـ بەتكە قاراڭ.

[③] "الدرة الفريدة"، 4 ـ جىلد، 128 ـ بەتكە قاراڭ.



www.munber.org

- ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كائىناتتا بولىۋاتقان بارلىق زىكىر، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ئالتە مىڭ ئەجىر يېزىلىدۇ... ۋاھاكازالار.[1]

◈ ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە كۆرە كىچىك ئىشلارغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، چوڭ ئىشلارنى كىچىك ساناشلىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا ھورۇنلۇق قىلىدىغان، سۆرەلمىلىك قىلىدىغان، ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارايدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئېلىپ بارغان؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىبادەت بىلەن ئالىدىغان بۈيۈك ئەجىر ۋە ساۋابلارنى ئالالايدىغانلىقى ئومۇملاشقان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ئەھۋال كېلىپ چىققان.

◈ ئۇلار يەنە، ئۆزلىرىدە قىيامەت كۈنى باشقا كىشىلەردىن يوقىرى ئورۇندا تۇرغۇزىدىغان ئەۋزەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلار:

- ئۇلاردىن ئۇلۇمنىڭ سەكراتى يېنىكلىتىلىدۇ.

- ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىدىتىدۇ.

- ئۇلار قالىدىغان مەخسۇس بەرزەخ بار.

- ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن جەننەتنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە بولىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن بىللە بىرىنچى تۈركۈمدە جەننەتكە كىرىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھمەد ئەتتىيجانىينى ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى چاقىرىشتىن چەكلەپ، ئۇنى "تاقىلىپ قالغان يەرلەرنى ئاچقۇچى" ناماز، دەپ ئاتىلىدىغان نامازنى ئوقۇشقا بۇيرىغان. بۇ سۆز «الله نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[2] دېگەن ئايەت كەرىمەگە روشەن شەكىلدە خىلاپتۇر.

- ئۇلار يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھمەد ئەتتىيجانىينى "تاقىلىپ قالغان يەرلەرنى ئاچقۇچى" ناماز بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشنى بۇيرىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ھېچكىمگە بۇنى بۇيرىمىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا ۋەھيى قىلغان نەرسىنى تاكى ۋاقتى كېلىپ، ئۇلارنىڭ شەيخى ئەھمەد ئەتتىيجانىيغا ئېيتىپ بەرگەن ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمان ئۈممەتتىن يوشۇرغان، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇچۇقتىن ئۇچۇق تۆھمەتتۇر.

◈ ئۇلار باشقا سۈپىزم تەرىقەتلىرىگە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاتى بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىشنى جائىز، دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، سالىھ بەندىلەردىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانيى ۋە ئەھمەد ئەتتىيجانىيلاردىنمۇ مەدەت تىلەيدىغان بولۇپ، بۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ شەرىئىتىدە چەكلىگەن.

---

[1] "مشتهى الخارف الجاني"، 299، 300 ـ بەتلەرگە قاراڭ!

[2] ئەئراف سۈرىسى، 180 ـ ئايەت.



www.munber.org

◈ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا "نۇجەبا"، "نۇقەبا"، "ئەبدال" ۋە "ئەۋتاد" دېگەنگە ئوخشىغان سۆپىزم لەقەملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە "غەۋس" يەنى مەدەت سۆزى بىلەن "قۇتۇب" يەنى بىر كىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئارقىلىق كائىناتنىڭ نىزامىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، دەيدىغان سۆزى ئوخشاش مەنىگە ئىگە.

◈ ئۇلار يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسى بولغاندەك، ئەھمەد ئەتتىيجانىيمۇ ئەۋلىيالارنىڭ خاتىمىسى، دەپ قارايدۇ.

◈ ئەھمەد ئەتتىيجانىي "كىمكى مېنى كۆرسە جەننەتكە كىرىدۇ." دەيدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆزىگە جۇمە، دۈشەنبە كۈنلىرى قارىغان كىشىلەرنى جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ بىلجىرلايدۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا، ئۇ ۋە ئەشگۈچىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى ھېسابسىز، جازاسىزلا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

◈ ئۇلار ئەھمەد ئەتتىيجانىينىڭ " ئاللاھنىڭ بارلىق ئارىپ بەندىلىرىگە بېرىلگەن بارلىق نەرسە ماڭا بېرىلدى." دېگەن سۆزىنى بىر ـ بىرىگە نەقىل قىلىشىدۇ.

◈ ئۇنىڭ يەنە مۇنداق سۆزىمۇ بار: ئۇنىڭ بىر تۇركۇم ئەسھابلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ئۇممەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ بىرەر مويىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا تىيجانىينىڭ ئۆزى بولۇپ قالسىچۇ؟!

◈ ئۇنىڭ يەنە: "مېنىڭ بۇ ئىككى پۇتۇم ئاللاھ ئادەمنى ياراتقاندىن تارتىپ تاكى سۇر چېلىنىدىغان چاغقىچە ئۆتكەن بارلىق ئەۋلىيالىرىنىڭ بويىنىدا" دەيدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ ئەتتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئوقۇيدىغان ۋىردلىرى، ئەتتىگەن ياكى ئاخشاملىرى ئوقۇيدىغان ۋەزىپىلىرى، ھەر جۇمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئولتۇرۇپ نامازشامغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان زىكىرلىرى بار. كېيىنكى ۋەزىپە بىلەن زىكىر ئىككىسىگە سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش لازىم. ئۇلاردا يەنە پەرقلىق يىغىلىشلارغا خاس بولغان ھەر خىل ۋىردلەرمۇ بار.

◈ كىمكى بىر ۋىردنى باشلايدىكەن، ئۇ ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ، تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر تاشلىۋەتسە ھالاك بولىدۇ ۋە بۈيۈك جازاغا دۇچار بولىدۇ!![1]

---

[1] دۇنيا ئىسلام ياشلىرى بىرلىكى ئۆزىنى ھاجى ئابدۇللاھ ئەتتىيجانىي، دەپ ئاتىغان بىر كىشىدىن يۇقىرىقى بەزى نوقتىلارنى ئىنكار قىلغان ئۇزۇن بىر پارچە رىسالىنى تاپشۇرىۋالدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇ، تىيجانىي ۋە تىيجانىيلىق توغرىسىدا زىكىر قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرگە ئىزاھاتلارنى بېرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا ئۇنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى ۋە ئاقلىماقچى بولغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاياتى دۇنيادا كۆرۈشنىڭ ھەقىقەتەن مۇمكىنلىقىدىن ئىبارەت. گەرچە ھاجى ئابدۇللاھنىڭ رىسالىسىدە تىيجانىيلىقنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاقلاش يولىدىكى جىددى تىرىشچانلىقلار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بۇ ئانسىكلوپېدىيەنىڭ بۇ تەرىقەتنى تەتقىق قىلىش مېتودىدا كۆرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ توغرا يولىنى ئىزاھلاش ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلىشتا ئېغىپ كەتكەن يەرلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر نەرسە زىكىر قىلىنمىغان. بىزنىڭ ھاجى ئابدۇللاھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاك، مۇكەممەل پرىنسىپىدىن ئېغىپ كەتكەن بارلىق مۇسۇلمانلار پىرقىلىرىنىڭ زەيد ياكى ئەمرۇنىڭ قاراشلىرىنى مۇداپىئە قىلىشىنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەتكە قايتىش، نىجاتلىق يولىنى بايقاش ساھەسىدە بەرگەن قۇۋۋەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ سۆزىدە سەھۋەنلىك بولىدۇ، گۇناھدىن پاك پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھەر بىر ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا دۇچار بولىدۇ.



www.munber.org

◈ ئەھمەد ئەتتىيجانىي ئۆزىنى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرنىڭ ئورنىدا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا قىيامەت كۈنى نۇردىن بىر مۇنبەر قويۇلىدۇ، بىر چاقىرغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ: ئەي، كىشىلەر جامائەسى! سىلەر ھېس قىلماستىن مەدەت ئېلىۋاتقان ئىمامىڭلار مانا بۇ" دەپ ۋاقىرايدۇ.①

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ شەكسىزكى ئۇ، كۆپ ساندىكى پىكىرلىرىنى سۈپىزمدىن قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم پىكىرلىرىنى ئىلاۋە قىلغان.

◈ ئابدۇلقادىر جەيلانىي، ئىبنى ئەرەبىي، ھەللاج ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن قانغۇچە بەھىر ئالغان.

◈ تەرىقەت تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى شەكىللىنىش جەريانىدا سۇپىلارنىڭ بىر قانچە شەيخلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلاردىن رۇخسەت ۋە ۋىردلەرنى ئالغان. ئۇ تەرىقەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى قادىرىييە ۋە خىلۋەتىييە تەرىقەتلىرىدۇر.

◈ ئۇ ھىجرىيە **1351**-يىلى فاستا بېسىلغان ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇسسالام ئىبنى ئەتتايىيب ئەلقادىريي ئەلھۇسەينىينىڭ "المقصد الأحمد في التعريف بسيدي أبي عبد الله أحمد" ناملىق كىتابىدىن پايدىلانغان.

◈ نادانلىقنىڭ ئومۇملىششىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەزھىپىنىڭ تارقىلىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە تەسىرى بولغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ ھەرىكەت فاستا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە يېيىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر ماراكەش، غەربىي سۇدان (سىنگال)، نىگىرىيە، شىمالىي ئافرىقا، مىسىر، سۇدان ۋە ئافرىقىنىڭ باشقا جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەگەشكۈچىلىرى بار.

◈ "تىيجانىييە" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەددەخىيلۇللاھ ھىجرىيە **1401**، مىلادىي **1981**-يىلى يالغۇز نىگىرىيەدىكى تىيجانىيلارنىڭ سانى ئون مىليۇندىن ئاشىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: تىيجانىيلار ئىبادەتلىرىدە بىدئەت پەيدا قىلغۇچىلاردۇر. بارلىق بىدئەت زالالەت ئىچىدىدۇر؛ چۈنكى ئۇلار شەرىئەتتە زىكىر قىلىنمىغان ئۆزلىرىگە خاس دۇئالارنى ھازىرلىغان، كىشىلەرنى ھېچقانداق

---

① "الإفادة الأحمدية"، 74-بەتكە قاراڭ!



www.munber.org

ئاساسقا تايانمىغان ھالدا مۇئەييەن ئىبادەتلەرنى مۇئەييەن ۋاقىتلاردا قىلىشقا زورلىغان. بۇلاردىن ئۇلاردا ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان "ھۇلۇل" ۋە "ئىتتىھاد" ئوخشىغان ئېتىقادلارمۇ بار.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- د.مۇھەممەد تەقىييۇددىن ھىلالىي: الهدايه الهاديه ولۆ الطايفه التيجانيه، يېڭى باسما - نەشرىياتى - دارۇلبەيزائ، ئىككىنچى نەشرى، 1397ھ/ 1977م.
- مۇھەممەد ئەلخىزىر ئىبنى سەييىدي ئابدۇللاھ مايابىي ئەلجېكنى ئەششەنقىيتىي: كتاب مشتهى الخارف الجاني في رد زلقات التيجاني الجاني، ئەرەب كىتابلىرىنى جانلاندۇرۇش نەشرىياتى باسمىخانىسى - مىسىر.
- ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەددەخىيلۇللاھ: التيجانيه، نەشىر ۋە تارقىتىش تاييبە نەشرىياتى - رىياد/ مىسىر باسما نەشرىياتى، 1401ھ/ 1981م.
- ئابدۇرراھمان ئىبنى يۇسۇف ئەلئافرىيقىي: الأنوار الرحمانية لهداية الفرقة التيجانية، تۆتىنچى نەشرى، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بېسىپ تارقاتقان. 1396ھ/ 1976م.
- ئەلى ھەرازم (توپلىغۇچى): جواهر المعاني وبلوغ الأماني في فيض سيدي أبي العباس، التيجاني، وبهامشه رماح حزب الرحيم على نحور حزب الرجيم، مۇستەفا ئەلبابىي ئەلھەلەبىي ۋە ئەۋلادلىرى باسمىخانىسى - مىسىر، 1380ھ/1961م.
- ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇسسالام ئىبنى تەييىب ئەلقادىرىي ئەلھۇسەينىي: المقتصد الأحمد في التعريف بسيدنا أبي عبد الله أحمد، ھەجەرىييە باسمىخانىسى - فاس، 1351ھ باسمىسى.
- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئەسسۇسىي ئەننەزىيفىي: الدرة الخريدة شرح الياقوتة الفريدة، 1398ھ/ 1978م باسمىسى.
- مۇھەممەد ئەلئەرەبىي ئەسسائىھ: بغية المستفيد بشرح منية المريد، ھەممە ئۈچۈن ئىلىملەر نەشرىياتى، 1393ھ/1973م.
- ھۈسەين ھەسەن ئەتتائىي ئەتتىيجانىي (توپلىغۇچى): أقوى الأدلة والبراهين على أن أحمد التيجاني خاتم الأقطاب المحمديين بيقين، مۇھەممەدىييە باسمىلىرى نەشرىياتى - قاھىرە.
- "ھەقىقەت يولى" ژۇرنىلىنىڭ سانلىرى؛ بۇ ژۇرنال تىيجانىييە تەرىقىتىگە خاس بولۇپ، قاھىرەدە نەشىر قىلىنىدۇ.


www.munber.org

- **ئابدۇرراھمان ئابدۇلخالىق:** الفكرة الصوفي في ضوء الكتاب والسنة، **ئىككىنچى باسمىسى ـ ئىبنى تەيمىييە كىتابخانىسى، كۇۋەيت.**

www.munber.org

# سەنۇسىيە

## ئېنىقلىما:

سەنۇسىيە لىۋىيەدىكى ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان سۇپىزم يۆنىلىشىدىكى ئىسلامى ئىسلاھات دەۋىتى بولۇپ، بۇ دەۋەتنىڭ دىنى مەركەزلىرى شىمالىي ئافرىقا، سۇدان، سۇمال ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىدە ئاساسىنى تىكلىگەن.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ سەنۇسىيە چاقىرىقى قۇرغۇچىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى، دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدىن كېيىن، ھىجرىيە ئون ئۈچىنچى ئەسىر (مىلادىيە ئون توققۇزىنچى ئەسىر)دە لىۋىيەدە تەسىس قىلىنغان. ئۇ، بۇ يېڭىلىق ھەرىكىتىنى كىتاب ۋە سۈننەت ئاساسىغا قۇرغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:

**- شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى سەنۇسىي 1202ھ ـ 1276ھ (1787م ـ 1859م):** ئۇ سەنۇسىيە دەۋىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، سەنۇسىيە ئۇنىڭ تۆتىنچى چوڭ دادىسىغا مەنسۇپ، دەپ قارىلىدۇ.

ئالجىرىيەدىكى مۇستەغانىم رايونىدا تۇغۇلغان ۋە ئىلىم پەرۋەر، تەقۋادار بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. بالاغەت يېشىغا كەلگەندە، ماراكەشتىكى قەرەۋىيىنلار مەسچىتىدە دەرس ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئارقىدىن، ئىلمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەقسىتىدە تۇنىس، لىۋىيە، مىسىر، ھىجاز ۋە يەمەن قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن. كېيىن، مەككىگە بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە "سەنۇسىيە ھەرىكىتى" دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ھەرىكەتنىڭ تۇنجى ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇنىڭ قىرىق پارچىغا يېقىن كىتاب ۋە كىتابچىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن "الدر السنية في أخبار السلالة الإدريسية"، "إيقاظ الوسنان في العمل بالحديث والقرآن" ناملىق كىتابلىرىنى ساناش مۇمكىن.

**- شەيخ مەھدىي مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەسسەنۇسىي 1261ھ ـ 1319ھ (1844م ـ 1902م):** ئۇ ئون ئىككى ياش چېغىدا سەنۇسىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە دادىسىغا ۋارىسلىق قىلغان.

- شەيخ ئەھمەد ئەششەرىف ئەسسەنۇسىي (مەھدىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى): ئۇ ھىجرىيە 1290 ـ يىلى (1873م) تۇغۇلغان بولۇپ، ياۋرۇپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شىمالىي ئافرىقىغا، ئىتالىيەنىڭ لىۋىيەگە قىلغان ھۇجۇملىرى دەۋرىگە شاھىد

www.munber.org

بولغان. ئۇ 1917 ـ يىلى ئوسمانىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دىنى مەركىزىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن ۋە دىنىنىڭ ھامىسى (ئۇنى شۇنداق، دەپ ئاتايتتى) دەپ قاراپ مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك بىلەن، غەربنىڭ تۈركىيەگە قىلدىغان ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە بىر سەپتە تۇرغان... ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى ھەقىقى مەقسەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن شەيخ ئەھمەد تۈركىيەنى تاشلاپ، 1923 ـ يىلى دەمەشىققە كەلگەن. فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قورچاق ھۆكۈمەتكە بولغان خەتىرىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقارغان. شەيخ ئەھمەد ماشىنا بىلەن سەھرا ئارقىلىق ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قاچقان.

ـ شەيخ ئۆمەر مۇختار 1275ھ ـ 1350ھ (1856م ـ 1931م): ئۇ، يەتمىش يىللىق ئۆمرىنى لىۋىيەدىكى ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جىھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قەھرىمان مۇجاھىد، بىر قەيراۋان يولۋىسى ئىدى. ئۇ ئون يىل بويىچە ئۆزىدىن ئون ھەسسىلەپ چوڭ ۋە شۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇستەملىكە كۈچلىرى بىلەن تاكى زالىم ئىتالىيە مۇستەملىكە كۈچلىرىنى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلغانغا قەدەر ئېلىشقان. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم ھۆكۈمى 1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (دۈشەنبە) ئىجرا قىلىنغان. ئۇ، ئاللاھ يولىدىكى شېھىت قاتارىدا قوبۇل قىلىنغاي!

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ سەنۇسىيىيە ھەرىكىتى لىۋىيەدىكى ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى تۇرغان قۇرئان ۋە سۈننەتكە تايانغان سۈپىرىم ھەرىكىتىدۇر.

ـ سەنۇسىي ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى تەيمىييە، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ۋە ئۇنىڭ بولۇپمۇ ئەقىدە ساھەسىدىكى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ـ سەنۇسىي يەنە سالىھ كىشىلەرنى، ئۆلۈكلەرنى ۋاسىتە قىلىدىغان بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلاردىن خالىي شەكىلدىكى ساغلام سۈننى تەسەۋۋۇپىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ مۇسۇلمانلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن مۇكەممەل لاھىيە تۈزۈپ چىققان.

ـ سەنۇسىيىيە ئىبادەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم ـ كېچەك ساھەسىدە زاھىدلىق قىلىدۇ. سەنۇسىيلار ئۆزلىرىگە چاي، قەھۋە ۋە تاماكو قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن يىراق تۇرۇشنى ۋەزىپە قىلغان.

ـ سەنۇسىيلار ئىجتىھاد قىلىپ، تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. گەرچە سەنۇسىي مالىكىي مەزھىپىدە بولسىمۇ، ھەقىقەت باشقا مەزھەپلەردە بولسا ئۆز مەزھىپىگە خىلاپلىق قىلىۋېرىدۇ.

ـ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ھېكمەت ۋە گۈزەل ئۇسلۇبلار بىلەن چاقىرىش ۋە كۈچ ئىشلىتىش ۋە زوراۋانلىق ئۇسلۇبلىرىدىن يىراق تۇرۇش.



www.munber.org

- قول ئارقىلىق قىلىدىغان ئەمەلىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، سەنۇسىييە تەلىماتلىرىنىڭ بىرى. سەنۇسىي ھەمىشە: "قىممەتلىك نەرسىلەر تىكىلگەن بىر تۇپ دەرەخ ۋە ئۇنىڭ يۇپۇرماقلىرىدا ئۇچرايدۇ" دەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن لىۋىيەدىكى سەنۇسىي دەۋىتىنىڭ مەركەزلىرى بار جايلاردا تېرىقچىلىق ۋە تىجارەت جانلانغان.

- "ئاللاھ يولىدا ئەھلى سەلىپ مۇستەملىكىچىلىرى ۋە باشقىلارغا قارشى ئۆزلۈكسىز جىھاد قىلىش" مانا بۇ سەنۇسىيلارنىڭ مەڭگۈلۈك شۇئارى. ئۇلار ئىتالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان جىھادلىرىدا بۇنىڭ بەدەلىنى مىڭلاپ تۆلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز يولىدىكى شاھادەتنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغاي!

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ سەنۇسىينىڭ زىرەكلىكى ۋە ئىرادىلىكلىكىدىن سىرت، ئىسلامىي تەربىيىسى، كۈچلۈك ئىخلاسى ۋە ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي جەھەتتىن سەنۇسىييە ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار، ھېسابلىنىدۇ.

◈ ئۇنىڭ دەۋىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن پىكرىي ۋە ئەمەلىي ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىشىمىز مۇمكىن:

- ئۇنىڭ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى تەيمىييە ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئەقىدە بابىدىكى سەلەپى پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ بۇ تەسىرنى ھىجرىيە **1254** ـ يىلى (**1837**م) ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھىجازغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا يۇقتۇرغان. بۇ سەپەر ئۇنىڭ سەنۇسىييە ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ قالغان. سەنۇسىي سۈپىزمدىن بەيئەت قىلىش ئۇسلۇبلىرى ۋە مۇنتەسىپ، ئارقىدىن ئىخۋان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خاسلار دېگەنگە ئوخشىغان روھنى پاكلاش دەرىجىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ تىرابلىس بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى لىۋىيە سەھراسىنىڭ جەنۇب بوستانلىقى سەنۇسىييە دەۋىتىنىڭ بوستانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىدا ھەر يىلى يۈزلىگەن دەۋەتچىلەر تەربىيىلىنىدۇ ۋە ئافرىقىنىڭ بارلىق رايونلىرىغا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ.

◈ سەنۇسىييەنىڭ شۆبە مەركەزلىرىنىڭ سانى **121** گە يەتكەن بولۇپ، بارلىق ئىرقلاردىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلغان سەنۇسىييە دەۋىتىنىڭ كېڭىيىش ۋە ئۇنىڭ ئىدارە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نوقتىلاردا بۇيرۇق ۋە تەلىماتلارنى باش مەركىزىدىن ئالىدۇ.



www.munber.org

◈ سەنۇسىييە دەۋىتى پۈتۈن شىمالىي ئافرىقىغا تارقالغان بولۇپ، شۆبىلىرى مىسىردىن ماراكەشكە قەدەر سوزۇلىدۇ. جەنۇبتا سۇدان ۋە سومالىدىكى سەھرالارغىچە، غەربتە ئالجىرىيىگىچە يېتىپ بارغان. شۇنىڭدەك سەنۇسىييە دەۋىتى ئافرىقىنىڭ سىرتىغىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئۇ يىراق شەرقتىكى مالاي ئاراللىرىدىمۇ تېپىلىدۇ.

◈ سەنۇسىييە ئافرىقىدىكى بۇددىست قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىسلامنى تارقىتىشقا، شۆبە ۋە مەكتەپلەرنى قورۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. تەلىم ـ تەربىيىدە يالغۇز ئوغۇللار بىلەنلا بولىدى قىلماستىن، قىزلارغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ دەۋەت كاپىر قەبىلىلەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئىسلامنى تارقىتىش ئىشلىرىدا ئاياللارنىڭ كۈچىگە تايانغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: سەنۇسىييە سۈپىرىم يۈنۈلىشىدىكى ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ياكى دەۋىتى بولۇپ، ھىجرىيە ئون ئۈچىنچى ئەسىردە لىۋىيەدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردىن شىمالىي ئافرىقىغا، سۇدانغا، سومالىيغا ۋە بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. بۇ ھەرىكەت ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە، ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي ۋە ئەقىدە ساھەسىدە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ سەلەپىي ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەت سالىھ كىشىلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ۋاستە قىلىدىغان بىدئەت، خۇراپاتلاردىن خالىي ساغلام شەكىلدىكى سۈننىي تەسەۋۋۇپنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ھازىرلىغان مۇكەممەل مېتودى بار. بۇ ھەرىكەتنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەسسەنۇسىي (1202ھ ـ 1276ھ) مالىكىي مەزھىپىنىڭ تەسىرى دائىرىسىدە بولسىمۇ، ھەققەت باشقا مەزھەپلەردە بولسا، مەزھەپكە خىلاپلىق قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئاللاھ تائالاغا چاقىرىشتا ھېكمەتنى، گۈزەل ئۇسلۇبلارنى ئاساس قىلىدۇ، زوراۋانلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. بۇ ھەرىكەت يەنە جانلىق ئەمەلىي ئىشلارغا ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە، ئەھلى سەلىپلەرگە ۋە باشقىلارغا قارشى ئۆزلۈكسىز جىھاد قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئاباس مەھمۇد ئەلئەققاد: الإسلام في القرن العشرين.
- جامالۇددىن ئابدۇررەھىم مۇستەفا: حركة التجديد الإسلامي في العالم العربي الحديث.
- جامالۇددىن ئەششەييال: محاضرات عن الحركات الإسلامية.
- د.ئابدۇلفەتتاھ مەنسۇر: محاضرات عن تاريخ العالم الإسلامي المعاصر.
- ئەھمەد ئابدۇلغەفۇر ئەتتار: محمد ابن عبد الوهاب.
- مەھمۇت شىيت خەتتاب: قادة الفتح المغربي العربي.

www.munber.org

- لوتروب ستىۋدارد: حاضر العالم الإسلامي ، (شەكىيب ئارسلان ئىلاۋە قىلغان).
- زەركەلىي : الأعلام.
- ئەلمەھدىييە مەريەم جەمىيلە: الإسلام في النظرية والتطبيق.3

www.munber.org

# خەتمىييە

## ئىنىقلىما:

خەتمىييە سوپىزم تەرىقىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدىكى چەكتىن ئاشقان مۇبالىغىلەر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئۆزلىرىگە خاس بولغان تەلىماتلار، ۋىردلەر ۋە زىكىرلەرنى بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالغانلىقىغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئېتىقادلىرىدا باشقا سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە يەنە، بۇ تەرىقەتنىڭ شىئە ئەقىدىسى ۋە پىكرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شىئەلەرنىڭ ئەدەب ۋە مۇنازىرىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ھازىرقى زاماندىكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بۇ تائىپىنى ھازىرقى زامان شىئە ھەرىكىتىگە چېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئورۇنۇشلىرىمۇ بار.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى: مۇھەممەد ئوسمان ئىبنى مۇھەممەد ئەبۇ بەكر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلمىرغەنىي ئەلمەھجۇب بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەۋلىيالارنىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان ئاساستا "خەتم" دەپ لەقەم قويۇلغان. ئۇنىڭ بۇ لەقىمىدىن "خەتمىييە تەرىقىتى" تۇرلىنىپ چىققان. خەتمىييە تەرىقىتى يەنە قۇرغۇچىسىنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئەلمىرغەنىي ئەلمەھجۇبقا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەن ھالدا "مىرغەنىييە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

- مۇھەممەد ئوسمان ئەلمىرغەنىي (خەتم) ھىجرىيەنىڭ **1208**-يىلى (**1783**م) مەككىدە توغۇلغان ۋە ئۇيەرنىڭ ئۆلىمالىرىدا شەرئىي ئىلىملەرنى ئىگەللىگەن. ئۇنىڭدا بارلىق ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاشلا، تەسەۋۋۇپقا بولغان مايىللىق ئۇستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن. ئۇ، قادىرىييە، جۇنەيدىييە، نەقشىبەندىييە، شازىلىييە ۋە چوڭ دادىسىنىڭ مىرغەنىييە تەرىقەتلىرىگە ئوخشىغان بىر قانچىلىغان تەرىقەتلەرنى تۇتۇپ باققان. ئۇ يەنە شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئىدرىستا ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ ئىدرىسىييە تەرىقىتىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ تەرىقەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنىڭ خەتمىييە تەرىقىتىنىڭ تەلىماتلىرىنى سۈزۈپ ئالغان.

- ئۇنى شەيخى ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس سۇداندا ئىدرىسىييە شازىلىييە تەرىقىنى تارقىتىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ سۇداننىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا چەكلىك شەكىلدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

- ھىجرىيە **1253**-يىلى (**1838**م) شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئىدرىسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مىرغەنىي بىلەن سەنۇسىييە تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەسسەنۇسىي شەيخقا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە بەسلەشكەن، ئەمما شەيخنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مىرغەنىي بەسلىشىش ۋە ھىمايە

www.munber.org

قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ خەتمىييە تەرىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىغان ۋە مەككە، جىددە، مەدىنە ۋە تائىف قاتارلىق جايلاردا ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى تەسىس قىلغان.

- مىرغەنىي پەرزەنتلىرىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى، مىسىر، سۇدان قاتارلىق بىر قانچە تەرەپكە خەتمىييە تەرىقىتىگە چاقىرىش ۋە ئۇنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

- ئۇ تەپسىر ۋە تەۋھىدكە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە پارچە كىتاب، ۋە بىر قانچە پارچە شېئىر دىۋانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىل ۋە مەزمۇنىدا سۈپىرزىملىق خاھىش ئېغىر بولغان. بۇ كىتابلارنىڭ مۇھىملىرى: "تاج التفاسير"، "النفحاف المكية واللمحات الحقية في شرح أساس الطريقة الختمية"، "النور البراق في مدح النبي المصداق"، "ديوان النفحات المدنية في المدائح المصطفوية"، "ديوان مجمع الغرائب والمفرقات من لطائف الخرافات الذاهبات"، "مجموعة فتح الرسول" ۋە "مولد النبي المسمى بالأسرار الربانية" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

- مەككىدىكى بەزى ئۆلىمالار بىلەن تارتىشىپ قالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئوسمان مىرغەنىي تائىفقا كەتكەن ۋە ئۇيەردە تاكى ھىجرىيە **1268**-يىلى (**1853**م) يەنى ۋاپاتىغا قەدەر تۇرۇپ قالغان.

◈ ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئوسمان (خەتم):

ھىجرىيە **1235**-يىلى (**1816**م) سۇداننىڭ غەربىدىكى بارا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىزدەك، دادىسىنىڭ سۇدانغا قىلغان ساياھىتى جەريانىدا ئۆيلەنگەن شۇ شەھەرلىك بىر ئايالدىن تۇغۇلغان، كېيىن مەككىگە - دادىسىنىڭ قېشىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئوقۇغان. دادىسى ئۇنى سۇدانغا خەتمىييە تەرىقىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ھەسەن بولۇپمۇ سۇداننىڭ شىمالىي، شەرقىي قىسىملىرىدىكى دەۋەتلىرىدە يۇقىرى دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن تەرىقەتنىڭ سۇداندىكى شەيخىغا ئايلانغان ۋە بۇ تائىپىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە سۇداننىڭ شەرقىدىكى كىسلا شەھرىگە يېقىن بىر جايدا خەتمىييە يېزىسىنى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ شۇ ئەتراپلاردىكى يۇقىرى ئورنى تەرىقەتنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان دادىسىنىڭ ئورنىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ھەسەن ھىجرىيە **1286**-يىلى (**1869**م)، يەنى ۋاپاتىغا قەدەر بۇ تەرىقەتنىڭ شەيخى بولۇپ تۇرغان.

◈ مۇھەممەد ئوسمان تاجۇسسىر ئىبنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئوسمان (خەتم):

دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەرىقەتنىڭ شەيخى بولغان. ئۇ تەرىقەتكە باشچىلىق قىلغان مەزگىلدە سۇداندىكى مەھدىييە ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئوسمان تاجۇسسىر ناھايىتى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خەتمىييە تەرىقىتىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان، سۇداننىڭ شەرقىدىكى مەھدىييە ئەسكەرلىرىگە قارشى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشقا كىرگەن. ئەمما ئۇرۇش ئۇنىڭ مەغلۇب بولۇپ، مىسىرغا قېچىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.



www.munber.org

ئۇ ۋاپات بولغانغا يەنى ھىجرىيە 1303 ـ يىلى (1886م)غا قەدەر مىسىردا تۇرۇپ قالغان.

◈ ئەلى ئەلمىيرغەنىي ئىبنى مۇھەممەد ئوسمان تاجۇسسىر (1880م ـ 1968م):

1880 ـ يىلى سۇداننىڭ شىمالىدىكى مەركەز مۆرۋي مەسساۋىي ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دادىسى بىلەن كىسلا شەھرىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. دادىسى مەھدىييە ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇپ، مىسىرغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئۇنى تاغىسى تاجۇسسىرنىڭ يېنىدا سۇۋاكىندا قالدۇرۇپ كەتكەن. كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن مىسىرغا بېرىپ، تاكى ئىنگىلىز باسقۇنچىلىرى سۇدانغا كەلگەنگە قەدەر ئۇيەردە تۇرۇپ قالغان. ئىنگىلىز ئەسكەرلىرى مەھدىييە دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۇدانغا قىلغان يۈرۈشىدە ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىۋالغان. ئىنگىلىزلار سۇداننى ئىستىلا قىلىپ، مەھدىييە ئەسكەرلىرى مەغلۇب بولغاندا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى قىلغان ۋە ئۇنۋانلارغا ئىگە قىلغان. ئۇلارغا قىلغان خىزمەتلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلارنى بەرگەن ۋە مېداليونلارنى تاقىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنى سۇداندىكى بارلىق خەتمىييە تائىپىلىرىنىڭ باشلىقى، دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئىنگىلىزلار بىر تەرەپتىن مەھدىييە ئىنقىلاۋىي تەرىپىدىن قوزغىتىلغان دىنىي ھېسسىياتلارنى يوقىتىشتا ئۇنىڭغا تايانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۇدانلىقلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

ـ مەھدىييە ھەرىكىتى ئىنگىلىزلارنىڭ قوللىشى بىلەن، مەھدىي ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، ئەلى ئەلمىيرغەنىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىلىكىنى، بولۇپمۇ ئىنگىلىزلارنىڭ خەتمىييە ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئىككى تائىپىنى ئۇرۇشنى پەملەۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋىي دۈشمەنلىكلەردىن، ئىككى باشلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن پايدىلانماقچى بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەتمىييەنىڭ باشلىقىنىڭ ئىتائىتى مىسىر تەرەپكە يۈزلەنگەن ۋە سۇدان بىلەن مىسىرنىڭ بىرلىشىشىگە چاقىرىدىغان سىياسىي ھەرىكەتنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان. ئۇ 1968 ـ يىلىغىچە، يەنى ۋاپاتىغا قەدەر سىياسىي ھەرىكەتلەرنى پەردە ئارقىسىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلگەن.

◈ مۇھەممەد ئوسمان ئىبنى ئەلى مىيرغەنىي:

1936 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1968 ـ يىلى دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەرىقەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ خەتمىييە تەرىقىتىنىڭ ھازىرقى رەھبىرى. سىياسىي ھەرىكەتلەرنى پەردە ئارقىسىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قاتنىشىپ ئادەتلىنىپ قالغان دادىسىدىن پەرقلىق ھالدا مۇھەممەد ئوسمان ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاشكارا قاتناشتى. ئۇ يەنە تائىپىسى ۋە دېموكراتىك بىرلىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىگە ئايلاندى. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھىمايىسىنى پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى؛ بۇ پارتىيە كۆپلىگەن سىكولارىستلار، سولچىلارنى، ھەتتا ئۇنىڭدا يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن خرىستىيانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىنچە بۇ پارتىيە بىر دىنغا تەۋە تائىپىگە پەقەت ياراشمايدىغان، كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلىشىش، توپىلاڭچىلار بىلەن بىر تەرەپلىمىلىك كېلىشىم



www.munber.org

تۇزۇش ۋە ئاخىردا، ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى، ئىسلامغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان باندىتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قوللايدىغان سولچىلار، سىكولارىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دېموكراتىك كوللىكتىپقا رەھبەر بولۇشتەك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ خەتمىيىە بىر سوپىزم تائىپىسى بولۇپ، سوپىلارنىڭ ئەقىدە، پىكىر ۋە پەلسەپىلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ.

بورۇن ئىبنى ئەرەبىي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد قارىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار يەنە نۇر مۇھەممەدىي ۋە ھەقىقەتى مۇھەممەدىيىە پىكىرلىرىنى كۆتىرىپ چىققان ۋە ئۇلارنى شېئىرىي، نەسرىي شەكىللەردە ئىپادىلەپ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن مەدھىيە، مۇناجات، زىكىر ۋە ۋىردلىرى سۈپىتىدە تارقاتقان. خەتمىيىلەر يەنە ۋەھدە، تەجەللىي، ئىنبىجاس، زۇھۇر، فەيز ۋەباشقا سوپىزم پەلسەپىسىگە ئائىت ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ نەزىرىيىلەرنىڭ ساھىبلىرى تەرىپىدىن تەۋىل قىلىنىپ دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەر، ئويدۇرما ھەدىسلەر ۋە "مېنىڭ" قىلىۋالغان پىكىرلەرنى دەلىل كەلتۈرىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ئىشلىتىشكە بولمايدىغان سۈپەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەشتە قوللىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، زاتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۈپەتلەرنىڭ ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى فەنالىرىنىڭ غايىسى ۋە يېتىپ بارىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسى قىلىۋالغان. دۇئالىرى، مەدەت تەلەپ قىلىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈزلىنىدۇ، شىكايەتلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرۇشىنى، دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بېرىشىنى سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەم ـ غۇسسە ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ يوققا چىقارغۇچىسى، قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشىلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىسى سۈپىتىدە خىتاب قىلىدۇ.

◈ بۇ تەرىقەتنىڭ شەيخلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەنلىكلىرىنى، كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكلىرىنى، ئۆزىنىڭ توغۇلغان كۈنىگە مۇناسىۋەتلىك بايراملىرىغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەتلىرىنىڭ ئاساس، ۋىرد ۋە تەلىماتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

ـ بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخستى بىلەن قويغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى توغۇلغان كۈنى ھەققىدە ئەسەر يېزىشقا، بىرىنچى قاپىيىسىنى ھ ھەرپى بىلەن، ئىككىنچى قاپىيىسىنى ن ھەرپى بىلەن قىلىشىنى، ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خوشخەۋەر بەرگەنلىكىنى، ئۇنى ئاخىرلاشتۇرغاندىكى ۋە توغۇلغان كۈنىنى زىكىر قىلغاندىكى دۇئانىڭ ئىجاۋەت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ.



www.munber.org

- ئۇ يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتە رىزۋانغا، ئۇنىڭ ئۈچۈن (بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسىغا)، پەرزەنتلىرى، ساھابىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە قىيامەتكە قەدەر ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن ئورۇنلارنى، جەننەتلەرنى بىنا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىگە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن جەھەننەمدىن جاي ھازىرلىشنى بۇيرىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

◈ خەتمىيىەنىڭ شەيخلىرى ئۆزلىرىنى ئىلاھنىڭ ھوزۇرىدا بولۇشنىڭ كىرىش ئىشىكى، ماقاملىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك بىلەن ئەۋلىيالىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەردە ئىكەنلىكىنى، كائىناتتا خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنى پاناھىغا ئالىدىغانلىقى، ھىمايىسىنى سورىغانلارغا ھامىي بولىدىغانلىقلىرىنى مۇسىبەت ئىچىدىكىلەرنىڭ مۇسىبەتلىرىنى، غەمكىنلەرنىڭ غەملىرىنى تۈگىتىدىغانلىقلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا بەخت ـ سادەتنىڭ، ئاخىرەتتە ئازاپتىن قۇرتۇلۇشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

◈ بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالارنىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىلگىرىكى بارلىق ئەۋلىيالاردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ماقامىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقامىدىن كېيىنلا تۇرىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

◈ بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى يەنە "مېنى كۆرگەن كىشى ياكى مېنى كۆرگەن كىشىنى كۆرگەن بەشىنچى كىشىگىچە جەھەننەمگە كىرمەيدۇ" دەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: "ساڭا ئۈچ كۈن ھەمرا بولغان كىشى پەقەت ئەۋلىيا ھالىتىدە ئۆلىدۇ" دېگەنلىكىنى ۋە ئۇ مەدىنىگە قەدەم باسقان چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: "كىمكى مېنى سېنىڭ مۇشۇ سۈننىتىڭ بويىچە زىيارەت قىلسا، ئىلگىرىكى، كېيىنكىسى بولسۇن، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قوبۇل قىلىنىدۇ" دېگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ.

◈ خەتمىيىە تەرىقىتىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس شەكىلدىكى دۇئا ۋە زىكىرلىرىدە ئوقۇيدىغان زىكىر، ۋىرد ۋە مۇئەييەن ئەدەب ـ قائىدىلىرى بولۇپ، باشقىلارنى تاشلاپ قويۇپ شۇلارغىلا مەركەزلەشكەن.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش، تەرىقەت شەيخلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلىرىنى خاتىرلەش، ئۇلاردا زىكىر كېچىلىرى ياكى يىللىق زىكىرلەر دەپ تونۇلغان پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇشقا ئوخشىغان مۇئەييەن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، ئايرىم كۈنلەرنى جانلاندۇرۇشتەك ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس كىيىم، زىكىر ۋە ناخشىلار بىلەن ئادا قىلىدۇ.

- بۇ تەرىقەتنىڭ زىكىر ۋە ۋىردلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان زىكىرلەردىن تامامەن يىراقتۇر. ئۇلار يەنە ھېچقانداق شەرئىي دەلىلگە ياكى بىرەر رىۋايەتكە تايانماستىنلا، مۇئەييەن زىكىر ۋە ۋىردلەرنى ئايرىم ۋاقىتلارغا خاسلاشتۇرىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋىرد ۋە

www.munber.org

زىكىرلىرىدە زېھنىنى ئاللاھ تائالاغا سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىشتىن باشقا ياققا بۇراپ كىتىدىغان زورىقىپ ئېيتىلغان قاپىيىلىك سۆزلەر ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ بەزى ۋىردلىرى ئەجەمىي كەلىمىلەر ۋە ئۇلار خىتاب قىلىدىغان روھانىيلارنىڭ يۇچۇن ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار شۇلارنى ئىدارە قىلىشقا، ئەگەشكۈچىلىرىگە ياردەم بېرىش ۋە رەقىبلىرىگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

◈ خەتمىييە تەرىقىتىنىڭ مەخسۇس بىر بەيئىتى بولۇپ، مۇرىت ئۇنى تەكرارلايدۇ. تەكرارلايدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار: "پەرۋەردىگارىم مەن ساڭا تەۋبە قىلدىم، خوجام مۇھەممەد ئوسمان ئەلمىيرغەنىينى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك شەيخىم، دەپ رازى بولدۇم. پەرۋەردىگارىم مېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە تەرىقىتىدە مۇستەھكەم قىلغىن".

◈ خەتمىييە تەرىقىتىنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن ئايرىلغان بىر خىلۋەتگاھى بولۇپ، ئۇ يەردە مۇرىتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، جىبرىئىلدىن، تەرىقەتنىڭ شەيخلىرىدىن مەدەت سورىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە سەييىد مۇھەممەد ئوسمان (خەتم)نى ئوبرازىنىڭ مۇرىتتا روھانىيتى كۆرۈلگەنگە قەدەر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئارقىدىن قەلب تەرەپتىن بىر نۇر كۆرىنىدۇ، بۇ نۇر (ئۇلارنىڭ دەۋا قىلىشلىرىچە) مۇرىتقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھانىيتى كۆرۈنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

◈ شىئەلەرنىڭ پىكرى بىلەن خەتمىييەنىڭ پىكرى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت بار. ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تائىپىسى بىلەن ھازىرقى زامان شىئە ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە ئورۇنىۋاتىدۇ.

- بۇ تەرىقەتنىڭ شەيخلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسەبلىرىنى شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمامىغا باغلايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ سۇلالىسىدىن دەپ ھېسابلايدۇ. مەلۇمكى (شۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كۆرە) شىئەلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئون ئىككىنچى ئىمام ئۈچ ياكى بەش ياشقا توشمىغان كىچىك چېغىدىلا غايىب بولغان ياكى يۇشۇرۇنغان.

- بۇ تائىپە شىئەلەرنىڭ ئال بەيت، ئۇلارنىڭ ئىماملىق مەسىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ خەلىپىلىككە ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىك قاراشلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، شىئەلەردىكى ئەھلى بەيتنىڭ ئىماملىق ۋە رەھبەرلىككە ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاش يولىدىكى دەلىل پاكىتلىرى، ئەدەب- قائىدىلىرىگە تايىنىدۇ؛ چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئۇلار بۇ ھەقنى شەيخلىرىغىمۇ ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

- ھازىرقى زاماندىكى بەزى خەتمىييەچىلەر ساھابىلەرگە تىل ئۇزىتىش، ساھابىلەرنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە دائىر بەزى ھەدىسلەرنى يۇشۇرغان (شۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا كۆرە) دەپ ئەيىبلەش جەھەتلەردە شىئەلەر دەسسىگەن پاتقاققا ئوخشاشلا دەسسىگەن. ئۇلار يەنە ئىسلام تارىخىدىكى

www.munber.org

ھادىسىلەرنى شىئەلەرگە ئوخشاش ئىزاھلاپ، ئەھلى بەيتنى ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر خىل سۇيىقەستنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

– ھازىرقى زاماندىكى خەتمىييەچىلەر تائىپىسىنىڭ تارىخى ۋە كىلەچىكىنى بىر تەرەپتىن شىئە ۋە تەسەۋۋۇپىنىڭ كىلىپ چىقىش يولى ئارقىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي گۇللىنىش ھەرىكىتىنى ( شىئەلەرنىڭ دەۋا قىلىشىچە) ئەھلى بەيتنىڭ خەلىپىلىككە ئىشىنىدىغان شىئە بىلەن خەتمىييەدىن ئىبارەت ئىككى تائىپىگىلا باغلاش يولى ئارقىلىق شىئە ھەرىكىتىنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

تەرىقەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى مۇھەممەد ئوسمان ئەلمىيرغەنىي تەرىقىتىنىڭ ئاساسىنى قوبۇل قىلغان مەنبەلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىلگىنكى، بىزنىڭ بۇ تەرىقىتىمىز "نقش جم" دىن ئىبارەت بەش ھەرپتىن تەشكىل تاپقان؛ تەسەۋۋۇپنىڭ يۈرىكىدە "جىم" نەقىش قىلىنىدۇ، "ن" ھەرپى نەقشىبەندىيىگە، "ق" ھەرپى قادىرىيىگە، "ش" ھەرپى شازىلىيىگە، "ج" ھەرپى جۇنەيدىيىگە ۋە "م" ھەرپى مىيرغەنىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بۇ بەش تەرىقەتنىڭ سىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ۋىردلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ."

◈ ئۇلارنىڭ ئەقىدە ۋە پىكىرلىرى توغرىسىدىكى ئانالىزلاردىن ئۇلارنىڭ ھەللاج باشلاپ بەرگەن گەنۇسىي سۇپىزم پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىبنى سەبئىين ۋە ئىبنى ئەلفارزلار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن، ئىلاۋە قىلىنغان، تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ۋە فەنا، ھۇلۇل، ئىتتىھاد، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدقا ئائىت نەزەرىيەلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن تەسەۋۋۇپ مىراسلىرىدىن پايدىلانغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

◈ خەتمىييەچىلەر (بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكىلىرى) كۆپلىگەن پىكىرلىرىنى شىئەلەرنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىدىن قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدەك، شىئەلەرنىڭ ئىمامىلىق توغرىسىدىكى تارتىشىشتا تايىنىدىغان مىتود ۋە ئەدەب، قائىدىلىرىدىن پايدىلانغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

– بۇ تەرىقەت مەككە ۋە تائىفتا باشلانغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن. شۇنىڭدەك سۇدان ۋە مىسىرغىچە يىتىپ بارغان.

– بۇ تەرىقەت ھازىر ئەگەشكۈچىلىرى ۋە تەسىر دائىرىسى نوقتىسىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا، سۇدانغا مەركەزلەشكەن. بولۇپمۇ سۇداننىڭ شىمال، شەرق تەرەپلىرى، ئىپوفىيەنىڭ سۇدانغا يانداش كىلىدىغان رايۇنلىرى ۋە مىسىرلارغا مەركەزلەشكەن.

www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: خەتمىييە بىر خىل سۈپىزم تەرىقىتى بولۇپ، باشقا سۈپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن كۆپلىگەن ئازغۇن ئېتىقادلاردا بىر يەردىن چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدىن ھالقىغان مۇبالىغە، ھۇلۇل ۋە ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ (ھازىرقى دەۋردىكى) شەئەلەرنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىماملىق مەسىلىسىدىكى تارتىششلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرى بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋىتى بار. بۇ تەرىقەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھازىرقى دەۋردە مىسىر، سۇدان، بولۇپمۇ شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرى، شۇنىڭدەك ئېپوفىيەنىڭ سۇدانغا يانداش كىلىدىغان جايلىرىغا تارقالغان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇستەفا ھەلەبىي: **مجموعة النفحـات الربانيـة،** المشتملة على سبع رسائل ميرغنية، مىسىر ـ ئىككىنچى باسمىسى، **1400ھ/1980م**.

بذ كعتاب ظأز طعحعضة ظالدعغان مذهعم ر عسالعلةر:

(ئا) مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي ئەلمەككىي: النفحات المكية واللمحات الحقية في شرح أساس الطريقة الختمية.

(ب) جەئفەر ئەسسادىق مۇھەممەد ئوسمان: لؤلؤة الحسن الساطعة في بعض مناقب ذي الأسرار اللامعة.

(س) مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي ئەلمەككىي: النور البراق في مدح نبي المصداق، قاھىرە كىتابخانىسى ـ قاھىرە .د.ت.

- مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي: تاج التفاسير ، مەرىپەت نەشرىياتى ـ بېيرۇت، **1399ھ/1979م**.

- مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي: ديوان النفحات المدنية في المدائح المصطفوية (ملحق بالنور البراق).

- مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي: مجموعة فتح الرسول، مىسىر، مۇستەفا ھەلەبىي، **1367ھ/1948م**.

- مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي: ديوان مجموع الغرائب والمفارقات من لطائف الخرافات الذاهبات، مىسىر، مۇستەفا ھەلەبىي، **1355ھ/1936م**.

- مۇھەممەد ئوسمان مىيرغەنىي: (مولد النبي المسمى) بالأسرار الربانية، خورتۇم ـ ئىسلام كىتابخانىسى، بىرىنچى باسمىسى، **1396ھ/1976م**.

www.munber.org

- جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئوسمان مىرغەنىي: (الديوان الكبير المسمى) رياض المديح، بېيرۇت ـ مەدەنىيەت كىتابخانىسى.

- ئەھمەد مۇھەممەد ئەھمەد جەلىي: طائفة الختمية أصولها التاريخية وأهم تعاليمها، بېيرۇت ـ خىزىر نەشىر ۋە تارقىتىش ئورنى، بىرىنچى باسمىسى، 1413ھ/ 1992م.

- مۇھەممەد ئەھمەد ھامىد مۇھەممەد خەيرۇلخورتۇم: الختمية: العقيدة والتاريخ والمنهج، مەئمۇن نەشرىياتى، ئىككىنچى باسمىسى، 1407ھ/ 1987م.

- ئەلى زەينۇل ئابىدىين: تاج الأولياء والأولياء، ھىلال كىتابخانىسى نەشرىياتى، بىرىنچى باسمىسى، 1984م.

مۇھەممەد ئوسمان مىرغەنىي: مجموع الأوراد الكبير، مىسىر، مۇستەفا ھەلەبىي، 1358ھ/1939م.

www.munber.org

## برېلەۋىييە

### ئىپنىقلىما:

برېلەۋىييە بىر سۈپىزم پىرقىسى بولۇپ، بىرتانىيە مۇستەملىكىسى مەزگىلىدە، ھىندى ـ پاكىستان يېرىم ئارىلىدىكى ھىندىستاننىڭ ئەترابىردىش ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىرېلىي شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئومۇمەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنى، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈشتە شۆھرەت قازانغان.

### قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ پىرقىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئەھمەد رىزاخان ئىبنى تەقىي ئەلىخان بولۇپ، ھىجرىيە **1272 ـ 1340** يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان. ئۇ ئۆزىگە ئابدۇلمۇستەفا دەپ ئىسىم قويىغان. بۇنداق ئاتاش ئىسلامدا جائىز ئەمەس؛ چۈنكى بەندىچىلىك يىگانە ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئەترابىردىش ۋىلايىتىنىڭ بىرېلىي ئېلىدە دۇنياغا كەلگەن. مىيرزا غۇلام قادىر بىكنىڭ قولىدا ئوقۇغان.

ـ ھىجرىيە **1295** ـ يىلى مەككە مۇكەررەمەنى زىيارەت قىلغان ۋە ئۇيەردىكى بەزى شەيخلاردا ئوقۇغان. ئۆزى ئورۇق، تەبىئى نازۇك، تۆتقاقلىق كېسەللىرى بار، دائىم باش ۋە بەل ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلىدىغان، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، تىلى ئىتتىق، ئەمما ھوشيار، زىرەك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرىدىن "أنباء المصطفى"، "خالص الإعتقاد"، "دوام العيش"، "الأمن والعلى لناعتي المصطفى"، "مرجع الغيب والملفوظات" قاتارلىقلارنى، "حدائق بخش" ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ساناش مۇمكىن.

◈ دىيدار ئەلى: برېلەۋىي، ھىجرىيە **1270** ـ يىلى ئالور ۋىلايىتىنىڭ نەۋاپپور ئېلىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە مىلادى **1935** ـ يىلى ئۆكتەبىردە ۋاپات بولغان. "تفسير ميزان الأديان وعلامات الوهابية" ناملىق كىتاب ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

◈ نەئىيمۇددىن مۇراد ئابادىي **1300**ھ ـ **1367**ھ (**1883**م ـ **1948**م): ئۇ، نەئىيمىييە جامەسى ناملىق مەدرىسىنىڭ ساھىبى بولۇپ، پەزىلەتلىكلەرنىڭ بىشى، دەپ ئاتىلىدۇ. "الكلمة العليا في عقيدة علم الغيب" ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ بىرىدۇر.

◈ ئەمجەد ئەلى ئىبنى جامالۇددىن ئىبنى خۇدابەخش: كھوسىدا توغۇلغان. ھىجرىيە **1320** ـ يىلى گونپورردىكى ھەنەفىييە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن. ھىجرىيە **1367** ـ يىلى (**1948**م) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ "شەرئەت باھارى" ناملىق كىتابى بار.

◈ ھەشمەت ئەلىخان: لىكھنۇدا دۇنياغا كەلگەن، ھىجرىيە **1340** ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغان. ئۇ ئۆزىنى "ئەھمەد رىزاخاننىڭ ئىتى" دەپ ئاتايتتى ۋە بۇنىڭدىن

www.munber.org

پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ "ئەھلى سۈننەتتىن يىراق تۇرۇش" ناملىق كىتابى بار. ئۇ "مۇناپىقلارنىڭ غەزىۋى" دەپ لەقىمى بار ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 1380 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ ئەھمەد يارخان (1906م ـ 1971م): بۇ پىرقىگە تولىمۇ مۇتەئەسسىپ كىشى ئىدى. ئۇنىڭ "ھەقىقەت كەلدى" ۋە "مۇستەفانىڭ سەلتەنىتى" ناملىق كىتابلىرى بار.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ بۇ تائىفىنىڭ ئەۋلادلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا كائىناتنى ئىدارە قىلىدىغان قۇدرەت بار، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمجەد ئەلى مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ شەرتسىز ۋەكىلى، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە خالىغان نەرسىنى بېرىدۇ، ئىككى دۇنيادا ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى ئىدارە قىلىدىغان بىرسى يوق، ئۇ ئىنسانلارنىڭ خوجىسى، كىمكى ئۇنى ئۆزىنىڭ مالىكى (يەنى ئىگىسى) قىلمىسا، سۈننەتنىڭ ھالاۋىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ."

◈ ئۇلار يەنە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەۋلىيالارنىڭ كائىناتتا ئىدارە قىلىش قۇدرىتى بار، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەھمەد رىزاخان مۇنداق دەيدۇ: "يا غەۋس (يەنى ئىي، ئابدۇلقادىر جەيلانىي)، "كۇن" (ھازىر بول) قۇدرىتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مۇھەممەدكە، مۇھەممەدتىن ساڭا ھاسىل بولغاندۇر. سەندىن سادىر بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ سېنىڭ ئىدارە قىلىش قۇدرىتىڭگە ئىشارە قىلىدۇ، جەزمەنكى سەن، پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي ئىش ئېلىپ بارغۇچىسەن."

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاراشلىرىدىمۇ چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئىلاھلىق مەرتىۋىسى (ئاللاھ ساقلىسۇن) گە يېقىن بىر يەرگىچە يەتكۈزگەن. ئەھمەد رىزاخان "حدائق بخش" ناملى كىتابىنىڭ 2 ـ جىلد، 104 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مەن ساڭا سەن ئاللاھ دېيەلمەيمەن، ئىككىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنىمۇ پەرقلەندۈرەلمەيمەن، سېنىڭ ئىشىڭ ئاللاھقا قالدى، ئۇ سېنىڭ ھەقىقىتىڭنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ."

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتكە ئويغۇن كەلمەيدىغان سۈپەتلەرنى بېرىشتىمۇ چەكتىن ھالقىپ كېتىپ، ئۇنى غەيبنى بىلىدىغان ئورۇنغا قويغان. ئەھمەد رىزاخان ئۆزىنىڭ "خالص الإعتقاد" ناملىق كىتابىنىڭ 33 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تابارەك ۋەتائالا قۇرئاننىڭ ساھىبى ئەپەندىمىز ۋە خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا لەۋھۇل مەھفۇزدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەرگەن."

◈ ئۇلاردا "شۇھۇد ئەقىدىسى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەقىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ماكاندا مەۋجۇت بولۇپ، بەندىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد يارخان ئۆزىنىڭ "ھەقىقەت كەلدى" ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ جىلد، 160 ـ



www.munber.org

بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "مەۋجۇت ۋە كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېگەننىڭ شەرئىي مەنىسى، مۇقەددەس كۈچنىڭ ساھىبى تۇرغان يېرىدىن گويا ئالقىنىنى كۆرگەندەك ئالەمنى كۆرەلەيدۇ، يېقىن ـ يىراقتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان جەرياندا ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم بېرىدۇ ۋە دۇئا قىلغۇچىلارغا جاۋاب بېرىدۇ، دېگەن بولىدۇ."

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ نۇرلىرىدىن بىر نۇر، دەپ قارايدۇ. ئەھمەد يارخان ئۆزىنىڭ "مواعظ نعيمية" ناملىق كىتابىنىڭ 14 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ نۇرلىرىدىن بىر نۇردۇر، بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭ نۇرىدىندۇر." ئەھمەد رىزاخان شېئىرلىرىدا مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسان ئوبرازىدىكى ئىلاھىي نۇر چۈشمىگىنىدە بۇ لاي بىلەن سۇنىڭ نېمە قىممىتى بار."

◈ ئەگەشكۈچىلىرىنى پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. كىمكى بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىرلىققا چىقىرىدۇ. ئەمجەد ئەلى ئۆزىنىڭ "شەرىئەت باھارى" ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ جىلد، 122 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن مەدەت تەلەپ قىلىشنى ئىنكار قىلغانلار، كاپىرلاردۇر."

◈ قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىدۇ، ياسايدۇ، قاتتۇرىدۇ، ئۇنىڭدا شاملارنى، پانۇسلارنى يورۇتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىرلەرنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن بەرىكەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۈستىگە چېچەك، گۈل، رىدا ۋە يۆپۈقلارنى قويىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۇنىڭدىن بەرىكەت تىلەپ تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

◈ ئۇلار، ئابدۇلقادىر جەيلانىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە چەكتىن تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن. يەنە مۇتەسەۋۋۇپ ئىماملارنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئەۋلىيالارنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا ئەپسانىۋى، خۇراپى توقۇلمىلار بىلەن سۈپەتلەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى خىيالىي ئىشلارنى مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ.

◈ "ئىسقات" نى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنى بۇ، مېيىتقا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ تۇتمىغان روزا، ئوقۇمىغان ناماز ۋە باشقىلار ئۈچۈن بىرىلىدىغان سەدىقە بولۇپ، مېيىتنىڭ بارلىق ئادا قىلمىغان ناماز، روزىلىرىنىڭ مىقدارى يېتەر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۇلار ھىلىنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى، بىر يىلغا يېتەرلىك مىقدارنى تارقىتىدۇ، ئارقىدىن ئۇلارنى ھەدىيە، دەپ يىغىۋالىدۇ، ئارقىدىن يەنە تارقىتىدۇ، بۇ ئىشنى شۇ يەرز تاشلىنىپ قالغان يىللارنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ھالدا تەكرارلايدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھېيتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش كۈنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى زور مىقداردا مەبلەغ سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس كۈندۇر. بۇ كۈندە خۇراپى قىسسىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلايدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشىدۇ، ئەھمەد رىزاخان تەرىپىدىن يېزىلغان، خىيال ۋە ئەپسانىلەرگە توشۇپ كەتكەن "سرور القلوب في ذكر المولد المحبوب" ناملىق كىتابنى ئوقۇشىدۇ.

www.munber.org

◈ تويلار: بۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەرگە تويلىنىش، دېگەن بولىدۇ. مەسىلەن دىيۇە ئېلىدىكى شەيخ شاھ ۋارىسنىڭ تويى، خۇۋاجە مۇھيىددىن جەشتىينىڭ تويى، دېگەنگە ئوخشاش. ئۇ يەرگە مىليۇنلىغان ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش تويلىنىدۇ، ئۇ يەردە شەرىئەتتە چەكلەنگەن بەزى پاساتچىلىقلار كۆرىلىدۇ.

ـ رۇزا، نامازلىرىنى تەرك قىلغانلار ئۇنىڭدىن خالاس بولالايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ بۈيۈك قىيامەت، ئەڭ چوڭ مۇسىبەت مەۋلۇد پائالىيەتلىرىگە، فاتىھەلەر، تويلارغا كىچىكىپ قالغانلارنىڭ ئۈستىگە كېلىدۇ. ئۇلار بىرىلەۋىيلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارنى ئەڭ ئاددى سەۋەپلەر تۈپەيلى كاپىرلىققا چىقىرىدۇ. ئۇلار كاپىرلىق سۈپىتىنى بەرمىگەن ھېچقانداق ئىسلامىي جەمئىيەت، ئىسلامىي شەخس قالمىغان. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئىبارە، بىر كىشىنى كاپىرلىققا چىقىرىپ بولغاندىن كېيىنكى "ئۇنى كاپىر، دېمىگەنلەر كاپىردۇر" ئىبارىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار كاپىرلىققا چىقارغانلار، دىيوبەندىيلەر، نەدەۋىيلەر، مائارىپ ۋە ئىسلاھاتنىڭ بايراقدارلىرى، ھىندىستاننى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلدۇرغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كاپىرلىق سۈپىتى بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارغا قارشى چىققان ھىندىستان ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى شەيخ ئىسمائىل ئەددىھلىۋىنى، مۇھەممەد ئىقبالنى، پاكىستاننىڭ مەرھۇم رەئىسى زىيائۇلھەق ۋە قانچىلىغان ۋەزىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ـ ئۇلار، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنى كاپىرغا چىقىرىدۇ ۋە ساراڭ، ئەقلىي بۇزۇق، دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئۇنىڭ قاتارىغا تالىبى ئىبنى قەييىمنىمۇ كىرگۈزىدۇ.

ـ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر تۆھمەتلەرنى توقۇيدۇ، ئەڭ رەزىل سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ پەقەت ئۇنىڭ خۇراپاتلىقلارغا قارشى كەسكىن پوزىتسىيەدە تۇرۇپ، خالىس تەۋھىدكە چاقىرغانلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان ھاقارەتلەردىن ئىبارەت.

◈ بىرىلەۋىيلەر ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى پارچىلاش، كۈچلىرىنى يىمىرىش، ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان ئىختىلاپلارغا سۆرەپ كىرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىشلارنىڭ بىرى، ئەزان ئوقۇلغان چاغدا ئىككى كۆرسەتكۈچ بارماقنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىنى سىلاشتىن ئىبارەت بىدئەتتە چىڭ تۇرۇشىدۇر. ئۇلار بۇنى ئاساسىي ئىشلار قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇپ، (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەن بولمىغان ھەر قانداق كىشى بۇنى تەرك قىلمايدۇ ۋە كىمكى شۇ ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز چاقا چىقىپ قالمايدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ. (ئۇلارنىڭ "منير العينين في تقبيل الإبهامين"ناملىق كىتابىغا قاراڭ).

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

بۇ پىرقە ماھىيەت جەھەتتىن خاتا ھالدا ھەنەفىي مەزھىپىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ قاتارىغا قويىلىدۇ. بەزى ئىزدەنگۈچىلەر بۇ پىرقىنىڭ



www.munber.org

تەسىس قىلغۇچىسىنىڭ ئەسلىدە شىئە ئىكەنلىكى، كېيىنچە تەقۋا سۈننىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى باشقا ئەقىدىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، مىلادىيە يېڭى يىل بايرام پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇ پىرقە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان خۇراپاتلارغا تەڭ كېلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە چەكتىن ئاشقان ھالدا مۇبالىغىلەرنى قىلىدۇ.

◈ كۆپ دىنلىق ھىندىستاندا ياشىغانلىقى سەۋەپلىك ھىندوس ۋە بۇددىزم پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىلىرىگە سىڭىپ كىرگەن.

◈ ئۇلار شىئەلەرنىڭ (ئۆزلىرىچە) گۇناھدىن پاك دەپ قارايدىغان ئىماملىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۈپەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەۋلىيالارغا ئىلاۋە قىلىدۇ.

◈ يەنە ئۇلارغا رادىكال مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ، مازارچىلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ "ھۇلۇل"، "ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد" ۋە "ئىتتىھاد" قا دائىر شېرىك ۋە نەزىرىيەلىرى سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بىرىلەۋىيىەلەرنىڭ باشقا خاتالىقلىرى:

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېغىر رادىكاللىق ۋە مۇبالىغە قىلىش ۋە بۇلارنى مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىش.

◈ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ۋە ئىسلام ئۈممەتلىرى ئارىسىدىكى خالىس تەۋھىدكە چاقىرىدىغان پەزىلەتلىك ئۆلىمالارغا قاراتقان ھۇجۇم ۋە تۆھمەتلىرىدە ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كېتىش.

◈ يالغۇز كۆز قاراشتا بىر يەردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىشتا تىللىرىنى بولۇشىغا قويىۋېتىش.

◈ مۇسۇلمانلارنىڭ كەلىمىلىرىنى بۆلۈپ، كۈچلىرىنى يىمىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىزچىل ھەرىكەت قىلىش.

◈ يۇقىرىقىلاردىن قەتئىي نەزەر، بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان پىرقىلەر بىر قىسىم رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغىنىدەك، دۇرۇست، ساغلام يولدا بولۇشى ئۈچۈن، ھېكمەت ۋە گۈزەل ئۇسلۇبلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يۇرىتىپ بېرىدىغان، شەيخ ۋە مۇرىتلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن نادانلىق، خۇراپات ۋە قالاقلىقنىڭ ۋەھىملىرىنى كۆتۈرىۋېتىدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ چاقىرىق ھىندىستاننىڭ ئەترابىردىش ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىرېيلىي شەھرىدىن قوزغىلىپ، پۈتۈن ھىندىستان قىتئەسى (ھىندىستان، پاكىستان، بىنگال، بورما ۋە سىرىلانكا)گە تارقالغان.

◈ ئۇلارنىڭ ئەنگىلىيەدە ئەگەشكۈچىلىرى بار. شۇنىڭدەك، جەنۇبىي ئافرىقا، كىنىيە، مورشىيوس ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى بىر قاتار ئەللەردىمۇ نۇپۇزى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: بىرىلەۋىيە بىر سۇپىزم پىرقىسى بولۇپ، بىرىتانىيە مۇستەملىكىسى مەزگىلىدە ھىندى ـ پاكىستان يېرىم ئارىلىدامەيدانغا كەلگەن. ئۇلار پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار توغرىسىدا چەكتىن ئېشىپ مۇبالىغە قىلىدۇ، خالىس تەۋھىد دەۋەتچىلىرىگە قارشى كۆرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كائىناتنى ئىدارە قىلىش قۇدرىتى بار، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلىيالارنىڭ كائىناتتا خالىغىنى قىلىش قۇدرىتى بار، دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا يەنە "شۇھۇد" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەقىدە بولۇپ، بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر زامان، ھەر ماكاندا ھازىر بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرىنى پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. قەبرىلەرنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئۇنى ياسايدۇ، شام ۋە پانۇسلار ئارقىلىق ئۇنى يورىتىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۆچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئېھسان ئىلاھىي زەھىير: البريلوية: عقائد وتاريخ ، بىرىنچى باسمىسى، 1403ھ/1983م، تەرجىمان ئەسسۇننە ئىدارىسى ـ لاھور، پاكىستان.

- البريلوية: ئۇسۇل ئەددىن (دىن مېتودولوگىيىسى) پاكولتېتى، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىگە سۇنۇلغان ماگىستىرلىك دىسسېرتاتسىيەسى ـ رىياد.

- ئەھمەد رىزاخان: الأمن والعلى لناعتي المصطفى ، قادىري بەكدىبو ـ بىرىلىي، ھىندىستان.

- ئەھمەد رىزاخان: أنباء المصطفى، سۇبھىي سادىق باسمىخانىسى، ھىندىستان، 1318ھ.

- بىر گۇرۇپ يازغۇچىلار: أنوار رضا، لاھور، 1397ھ.

- ئەمجەد ئەلى ئەلئەئزەمىي: شەرىئەت باھارى، دىلھىي ـ ھىندىستان.

- ھەشمەت ئەلى خان: ئەھلى سۇننەتتىن يىراق تۇرۇش ، بىيلى بىھىيت نەشرىياتى، ھىندىستان، 1361ھ.

- ئەھمەد يارخان نەئىيمىي: جاء الحق وزهق الباطل، كانفور – ھىندىستان.

- ئەھمەد رىزاخان: ھەدىيە باغچىلىرى، مۇرادئاباد ـ ھىندىستان.

- ئەھمەد رىزاخان: خالص الإعتقاد ، بىرىلىي – ھىندىستان، 1328ھ.

- ئەھمەد يارخان: مۇستەفانىڭ سەلتەنىتى، كانفور – ھىندىستان.



www.munber.org

- مەھمۇد ئەھمەد مىيرفۇرىي: مجلة صراط المستقيم، بىرمىڭھام ـ بىرىتانىيە، ئاۋغۇست 1980م.

- ئەھمەد رىزاخان: ملفوظات، لاھور ـ پاكىستان.

- ئەھمەد رىزاخان: الكوكبة الشهابية في كفريات أبي الوهابية، ئەزىيم ئاباد ـ ھىندىستان، 1316ھ.

- ئەھمەد سەئىيد: تسكين الخواطر في مسألة الحاضر والناظر ، سەكىر باسمىسى، پاكىستان.

www.munber.org

# دىيوبەندىييە

## ئېنىقلىما:

دىيوبەندىييە ھىندىستاندىكى دارۇل ئۇلۇم ـ دىيوبەند ئۇنىۋېرسىتىتىغا مەنسۇپتۇر.

ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پىكرى مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئىلمىي مۆھۈرىنى باسقان، ھەتتا كىشىلەر ئارىسىدا دارۇل ئۇلۇم دىيوبەندى ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، دېگەن كۆز بىلەن قارايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ دىيوبەند ئۇنىۋېرسىتىتى 1857 ـ يىلى ھىندىستاندا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ئىنقىلاۋىي ئىنگلىزلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ھىندىستان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەرب ۋە ئۇنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا باستۇرۇپ كىرىشىنى توختىتىش ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ ۋەزىيەتنىڭ خەتىرىدىن قوتۇلدۇرۇش يولىدىكى كۈچلۈك ئىنكاسىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ پايتەخت دېلھى ئىنقىلابتىن كېيىن ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، ئىنگلىزلار ئۇنى تامامەن كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان ئىدى. ئۆلىمالار دىنىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەيخ ئىمدادۇللاھ ئەلمۇھاجىر ئەلمەككىي، ئۇنىڭ شاگىرتى شەيخ مۇھەممەد قاسىم نانوتىۋىي ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ياردەمچىلىرى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى قوغداپ قېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار، ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ دىنىي مەدرىسە ۋە ئىسلامىي مەركەزلەرنى قورۇپ چىقىشتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنگلىزلار ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە ھىندىستاندىكى دىنىي ۋە شەرئىي مەركەز سۈپىتىدە دىيوبەندتىكى ئەرەب ئىسلام مەدرىسىسى تەسىس قىلىندى.

ـ دارۇلئۇلۇم دىيوبەند يېزىسىدا ھىجرىيە 1283 ـ يىلى 15 ـ مۇھەررەم (30/5/1866) دە تەسىس قىلىنغان كىچىك بىر دىنىي مەدرىسە بىلەن ئىشىنى باشلىدى. كېيىنچە بۇ مەدرىسە، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئەرەب دىنىي ئىنىستىتوتلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ـ 1921 ـ يىلىغا كەلگەندە، توققۇز يىل بويىچە بىناسى يوق، دەرسلەر ئوچۇق ھاۋادا، كىچىك مەسچىتنىڭ سەيناسىدا ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتىتنىڭ مەخسۇس بىناسى قورۇلدى.

## بۇ پىكرىي مەدرىسىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:

www.munber.org

◈ شەيخ مۇھەممەد قاسىم، ھىجرىيە 1248 ـ يىلى ناتۇتەدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدا سىھارنپورغا سەپەر قىلغان. شەيخ مۇھەممەد نەۋاز سىھارنپوردا قىسقا ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. ئارقىدىن دىلھىغا سەپەر قىلغان ۋە شەيخ مەملۇك ئەلى نانوتىۋىيدا بارلىق دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇغان. شەيخ ئابدۇلغەنىي ئىبنى ئەبۇ سەئىيد ئەددىھلىۋىيدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. تەرىقەت (سۈپىزم تەرىقىتىنىڭ تەلىماتلىرى)نى شەيخ ھاجى ئىمدادۇللاھ ئەلئۆمەرى ئەتتەھانەۋىي ئەلمۇھاجىر ئەلمەككىيدىن ئالغان. شەيخ مۇھەممەد قاسىم ھىجرىيە 1273 ـ يىلىدىكى بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مەشھۇر ئىنقىلابتىكى كىشىلەر سېپىدە بار ئىدى. ھىجرىيە 1273 ـ يىلى 15 ـ مۇھەررەمدە ديوبەندىكى دارۇلئۇلۇم مەدرىسىسىنى تەسىس قىلىپ، ئىدارە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ دوستى شەيخ رەشىيد ئەھمەد كەنكۇھىي ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلەش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان. شەيخ مۇھەممەد قاسىم غايىلىرىنى مونۇ سۆزى بىلەن خۇلاسىلەيدۇ: "تەلىم ـ تەربىيەدىكى مەقسىتىمىز، رەڭگى ۋە ئامىللىرى ھىندىستانلىق بولغان، قەلبى ۋە ئەقلىي ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلانغان، قەلبىدە ئىسلامىي ھېسيات، مەدەنىيەت، ھازارەت ۋە سىياسەت ئورغۇپ تۇرىدىغان بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت."

بۇ ئۇنىڭ ئىنگلىز لورد مىكالىينىڭ "بىزنىڭ مائارىپ پىلانىمىزنىڭ نىشانى نەسلى ۋە رەڭگى ھىندىستانلىق، پىكىر ۋە زېھنى ياۋرۇپاچە بولغان بىر ئەۋلات ھىندىستانلىق يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت." دېگەن سۆزىگە بەرگەن رەددىيەسى ئىدى.

◈ شەيخ رەشىيد ئەھمەد ئەلكەنكۇھىي: ھەنەفىييە مەزھىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى ۋە فىقھىي، تەسەۋۋۇپ ساھەسىدىكى ئىماملىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى چوڭ شەيخلەردە ئوقۇپ، يېتىشكەن ۋە تەڭتۇشلىرىدىن رىۋايەت ۋە ئەقلىي ئىلىملەردە ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كىشىلەر پايدىلانغان. ئۇ، شەيخ ئىمدادۇللاھ ئەلمەككىينىڭ تەسەۋۋۇپتىكى تەرىقىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى بىدئەت بەيئەتكە بەيئەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ شەيخ مۇھەممەد قاسىم نانۇتىۋىينىڭ ساۋاقدېشى ۋە ديوبەندىكى دارۇلئۇلۇم مەدرىسىسىنىڭ ئىدارە ئىشلىرىدىكى ياردەمچىسى ئىدى. شەيخ كەنكۇھىينىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بىر قانچە جىلدتىن تەركىب تاپقان "پەتىۋا توپلىمى" دۇر. ئۇ ھىجرىيە 1323 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ شەيخۇل ئىسلام،نامى بىلەن ئاتىلىدىغان شەيخ ھۇسەين ئەھمەد مەدەنىي: ھىجرىيە 1296 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 19 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ئىلىملەرنى ھىندىستاندىكى ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى پەيزئاباد ئېلىنىڭ تاندى كەنتىدە ئۆگەنلىگەن. ھىجرىيە 1309 ـ يىلى ديوبەندىيدىكى دارۇلئۇلۇمغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆزى ئۈزۈن مۇددەت ھەمرا بولغان شەيخ مەھمۇد ھەسەن ديوبەندىيدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. شۇنىڭدەك، شەيخ خەلىيل ئەھمەد سىھارنپورىيدىنمۇ تەلىمات ئالغان. ئۇنىڭغا بەيئەت، ئىرشاد مەسىلىلىرىدە ئىجازەت بەرگەن شەيخ رەشىيد ئەھمەد كەنكۇھىينىڭ قولىدا تەرىقەتكە بەيئەت قىلغان. بۇ سۇلۇكنىڭ سەلەپ ـ سالىھلاردا كۆرۈلمىگەن بىر بىدئەت سۇلۇك ئىكەنلىكىدە شەك يوق.



www.munber.org

- شەيخ ھۈسەين ئەھمەد مەدەنىي (بىرىنچى) دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دادىسىنىڭ ھەمرالىقىدا مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە سەپەر قىلغان بولۇپ، شۇ يەردىكى مەسئۇللار (ئوسمانىيە دۆلىتىگە قارشى چىققاندىن كېيىنكى شەرىف ھۈسەين) ئۇنى ئەسىر ئالغان ۋە ئۇنى شەيخى مۇھەممەد ھەسەن دىيوبەندىينىڭ ھەمرالىقىدا مىسىرغا، ئارقىدىن مالتاغا ئەسىر سۈپىتىدە ئۈچ يىل ئىككى ئايلىق يوللىغان. ھىجرىيە 1338 - يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ھىندىستانغا قايتىپ، ھەدىس ئۆگىتىش، ئىنگىلىز مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغاتقۇچ خۇتبە ۋە لىكسىيەلەرنى سۆزلەشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن شەيخ ھۈسەين مەدەنىي ھىجرىيە 1361 - يىلى جەمادىئۇل ئاخىرە ئېيىدا قايتا قولغا ئېلىنغان ۋە ھىجرىيە 1363 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 6 - كۈنى قويۇپ بېرىلگەنگە قەدەر مۇرادئاباد، ئىلاھ ئاباد تۈرمىلىرىدە ئىككى يىل بىر قانچە ئاي ياتقان. ئۇ ھىجرىيە 1377 - يىلى جەمادىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 13 - كۈنى، يەنى ئەجەل مۇددىتى توشقانغا قەدەر مائارىپ ۋە مۇستەملىكىگە قارشى جىھادلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىككى جىلدتىن تەركىپ تاپقان "ھايات نەقشلىرى" ۋە "كەززاب ئوغرىغا ئېتىلغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇز" قاتارلىق كىتابلىرى بار.

◈ مۇھەممەد ئەنۋەر شاھ كەشمىرىي: ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ھەنەفىييە مەزھىپىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى فىقھىي ئالىملىرى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ بىرى. دىيوبەند ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. دىلھىدىكى ئەمىنىييە مەدرىسىسىدە ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. كېيىنچە دىيوبەند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەدىس شەيخلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھىجرىيە 1346 - يىلى گۇجرات دابھىل ئۇنىۋېرسىتېتىدە ھەدىس شەيخلىرىنىڭ مەسئۇللىقى ۋە ئوقۇتۇش رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. كەشمىرىي يادلاش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە مەلۇماتىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۆز دەۋر ئۆلىمالىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇلاردىن باشقا ئۇ، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئوتتۇرىغا چىققان قادىيانىييە پىتنىسىنى بېسىقتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. كەشمىرىي ھىجرىيە 1352 - يىلى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

◈ **يېقىنقى زامان دىيوبەندىيلىرىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:**

- لىكھىنودىكى ئۆلىمالار بىرلىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكىنىڭ رەئىسى شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلى ھۈسنىي نەدەۋىي. ئۇ بىر دەۋەتچى ئالىم بولۇپ، شۆھرىتى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇيۇقلىرىغا قەدەر تارقالغان.

- ھەدىسشۇناس شەيخ ھەبىيبۇرراھمان ئەلئەئزەمىي. (تەرجىمەھالى "مەزھەپچىلىك" بابىدا سۆزلەنگەن.)

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ دىيوبەندىيلەر فىقھىي ۋە شاخچە مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ مەزھىپىنى، ئېتىقاد ۋە ئۇسۇل بابىدا ئەبۇ مەنسۇر ئەلماترىيدىينىڭ مەزھىپىنى

www.munber.org

تۇتۇپ ماڭىدۇ. سۈپىزم ساھەسىنىڭ سۇلۇك ۋە تەرىقەتلىرىدە نەقشىبەندىيىە، جىشتىيىيە، قادىرىيىە، سۇھرەۋەردىيىە تەرىقىتىگە تەۋە. بۇ شەكىسىز بىر بىدئەت سۇلۇك بولۇپ، دىيوبەند مەدرىسىسىنىڭ بايراقدارلىرى بىلەن ئېتىقاد، سۇلۇك ۋە ئەگىشىشتە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتوتىدىن يىراق بىر يولغا كىرىپ كەتكەن. ھىندىستان يېرىم ئارىلى بۇگۈنگىچە مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

◈ دىيوبەندىيىە مەدرىسىسىنىڭ پىكىر ۋە پرىنسىپلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەش مۇمكىن:

- ئىسلام تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىسلامنىڭ شان ـ شەۋكىتى ۋە مۇقەددەسلىكىنى ساقلاپ قىلىش.

- ئىسلامنى تارقىتىپ، باتىل ۋە مىسسىئونىرلىق مەزھەپلىرىگە قارشى تۇرۇش.

- ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، باسقۇنچى ئىنگىلىز مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇش.

- ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى تارقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ قۇرئان ۋە سۈننەت ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە پىكرىي ئاساسى بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرگە تايىنىدۇ:

- ئېتىقادتا ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىيدىنىڭ مەزھىپى.

- فىقھىي ۋە شاخچە مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئەننۇئماننىڭ مەزھىپى.

- سۇلۇك ۋە ئەگىشىشتە، نەقشىبەندىيىە، جىشتىيىيە، قادىرىيىە، سۇھرەۋەردىيىەلەردىن ئىبارەت زەنجىرسىمان سۈپىزم تەرىقەتلىرى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ دىيوبەندتىكى دارۇلئۇلۇمنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شۆھرەت قازانغان ۋە ئۇنىڭغا ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن ئىسلام دىنى ئوقۇغۇچىلىرى يىغىپ كەتكەن.

◈ دارۇلئۇلۇم ھىندىستاننىڭ سىرتىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق بىر قانچە رايۇندا دارۇلئۇلۇمغا تەۋە شەرئىي مەدرىسىلەر كەڭ تارقالغان.



www.munber.org

◈ مـەلۇمكى، ھىندىستان ۋە ئىسلام ئالـەمىدىكى مەشھۇر «تـەبلىغ جامائـەتى» نىڭ كۆپ ساندىكى كىشىلىرى دارۇلئۇلۇمنى پۈتتۈرگەنلەردۇر. مەسىلەن "ساھابىلەر ھاياتى" نامىلىق كىتابنىڭ ئاپتورى شەيخ مۇھەممەد يۈسۈف، جامائەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى شەيخ مۇھەممەد ئىلياسقا ئوخشىغان كىشىلەر.

◈ ھىندىستاننىڭ لېكنو ۋىلايىتىدىكى ئۆلىمالار بىرلىكىگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆپ سانلىق ئۆلىمالىرى دارۇلئۇلۇمنى پۈتتۈرگەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ھازىرقى رەئىسى ئەللامە، دەۋەتچى ئەبۇلھەسەن نەدەۋىيمۇ بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: دىيوبەندىيىە بىر گۇرۇپ ھىندىستان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بىر پىكرىي مەدرەسە بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ، ھىندىستاندىكى ھەنەفىيلەرگە قاراشلىق ئەڭ چوڭ ئەرەبچە دىنىي ئىنىستىتوتلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر كىشىلىرىنىڭ بىرى شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدەۋىي ھۇسىنىي ئەلى ھۇسەنىي نەدەۋىيدۇر. بۇ مەدرىسىنىڭ غايىسى، ئىسلامىي تەلىماتلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىسلامنى تارقىتىش، ۋايىران قىلغۇچ باتىل مەزھەپلەرگە قارشى تۇرۇش، چەتئەل مەدەنىيىتىگە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئولۇغ شەرىئەتنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەرەب تىلىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دىيوبەندىيىلەر فىقھىي ساھەسىدە ھەنەفىي مەزھىپىنى، ئېتىقاد ساھەسىدە ماتۇرىدىيە ئەقىدىسىنى، سۇلۇك ۋە ئەگىشىش ساھەسىدە مۆتىدىل مېتود ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقادى، سۇلۇك ۋە ئەگىشىش ئۇسلۇبىدىكى دۆرۋىشت يولىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان چىشتىيىە، سىھرۇۋەردىيىە، نەقشىبەندىيىە، قادىرىيىە ۋە سۆپىزم سۇلۇكىنى ئاساس قىلىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- بىر گۇرۇپ ئۆلىمالار: جامعة ديوبند، رسالتها وإنجازاتها
- جامعة دار العلوم بديوبند، تاريخها وخدماتها
- دارۇلئۇلۇم ـ دىيوبەند: مائة وسبعة عشر عاما للجامعة الإسلامية في ضوء خدماتها العلمية والدعوية والإجتمائية.

(يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى، دىيوبەندتىكى دارۇلئۇلۇم ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقى پائالىيەتلىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردۇر.)

- نەجمۇددىن ھەقەقاتى: أرواح ثلاثة، (ئوردۇچە) مەزھەبىي كىتابخانىسى ـ كاراچى.
- ھۇسەين ئەھمەد مەدەنىي: الشهاب الثاقب، (ئوردۇچە)، مەدىنە كىتابخانىسى باسمىسى ـ لاھور.

www.munber.org

- مەۋلانا ئاللاھ يار: عقائد وكمالات ديوبند، (ئوردۇچە)، رەشىيدىيە كىتابخانىسى باسمىسى ـ لاھور.

- ھۈسەين ئەھمەد مەدەنىي: نقش حيات، (ئوردۇچە) ئەشائەت باسمىخانىسى ـ كاراچى.

- مەۋلانا يۇسۇف بىنۇرىي: مقدمة مسلك علماء ديوبند، (ئوردۇچە) ئەشائەت باسمىخانىسى ـ كاراچى.

- مۇنازىر ئەھسەن كىيلانىي: سوانح قاسمي، رەھمانىييە كىتابخانىسى ـ لاھور.

- ھاجى ئىمدادۇللاھ مۇھاجىر ئەلمەككىي: شمائم إمدادية.

- ئەشرەف ئەلى تەھانىۋىي: مقالات حكمت ـ تەلىف قىلىش ئىدارىسى.

- ئەھمەد سەھارنپورىي: المهند على المفند، مەدىنە كىتابخانىسى ـ لاھور.

- ئەشرەف ئەلى تەھانىۋىي: نشر الطيب.

- ئەشرەف تەھانىۋىي: كرامات إمدادية.

- ھىندىستان ـ ديوبەند دارۇلئۇلۇم ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىدىغان "الداعي" گېزىتى، 18،17 ـ سان، 16 ـ يىل/ 10 ـ سان، 17 ـ يىل.

ديوبەندىيلەردىن باشقىلارنىڭ كىتاب ۋە رىسالىلىرى:

- سالاھۇددىين مەقبۇل ئەھمەد: دعوة شيخ الإسلام ابن تيمية وأثرها في الحركات الإسلامية المعاصرة.

- ئەبۇلمۇكرىم ئىبنى ئابدۇلجەلىيل: دعوة الإمام محمد ابن عبد الوهاب في شبه القارة الهندية بين مؤيديها ومعانديها، دارۇسسالام كىتابخانىسى ـ رىياد.

سەيىيد تالىبۇرراھمان: الديوبندية، نازكو پرىنتېرز، راۋالپىندى ـ پاكىستان.

www.munber.org

### ئىنقىلما:

مەھدىييە ھەرىكىتى ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب، ئىسلام ئالەمىدە دۇنياغا كەلگەن ئەڭ گەۋدىلىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، بىر قىسىم پىكرىي ۋە ئەقىدىۋىي ئېغىش ھالەتلىرىگە ياندىش كىتىۋاتقان دىنىي سىياسىي خاراكتېردىكى ھەرىكەت. ھېلىھەم مەھدىنىڭ نەۋرىلىرى ۋە ھىمايىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۇداندىكى دىنىي، سىياسىي ھاياتتا رولىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

### قۇرغۇچىسى:

◈ مۇھەممەد ئەھمەد ئەلمەھدىي ئىبنى ئابدۇللاھ، 1260ھ – 1302ھ (1845م – 1885م): دەنقەلە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇبەب ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ شەرەپلىك ئائىلىگە يېتىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. كىچىك چېغىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلىغان. شەيخ مەھمۇد شەنقىيتىينىڭ تالىپى بولغان ۋە دىنىي مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شەيخى مۇھەممەد شەرىف نۇرۇددائىمدىن قوبۇل قىلغان سۆپىزمنىڭ سەممانىييە قادىرىييە تەرىقىتىنى قوبۇل قىلغان.

– مۇھەممەد شەيخىنىڭ بەزى ئىشلارغا سەل قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى نەتىجىسىدە شەيخىدىن ئايرىلىپ، جەزىرىدىكى شەيخ قۇرەشىي ۋەدئەززەيىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدا بەيئەتنى يېڭىلىغان. ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيخىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سۆپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ شەيخلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ.

– مىلادى 1870-يىلى ئائىلىسى تۆرىدىغان ئەبا ئارىلىدا ماكان تۇتقان ۋە پىكىر، تەپەككۇر يۇرگۈزۈش ئۈچۈن غارلارنىڭ بىرىدە مۇقىم تۇرغان.

– ھىجرىيە 1297-يىلى (1880م) شەيخى قۇرەشىي ۋاپات بولغان. مەھدى بۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى سۈۋىغان، قاتنىغان ۋە گۈمبەز بىنا قىلغان. قۇرەشىيدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋارىسى بولغان. ئۇ ئارقىلىق تەرىقىتىگە بولغان مۇھەببىتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن بەيئەت قىلغۇچىلار توپ-توپ بولۇپ كەلگەن.

– 1881-يىلى كاپىرلارغا، ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جىھاد ئېلان قىلغانلىقىغا ئائىت پەتىۋاسىنى چىقارغان ۋە سۇداننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بارلىق جايلاردا نۇپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

– ئەبا ئارىلىدىكى بىر غاردا قىرىق كۈن ئېتىكاپ قىلغان. ھىجرىيە 1298-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ بېشىدا (29-ئىيۇن، 1881م) فىقھىي ئالىملىرىغا، شەيخلەرگە

www.munber.org

ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ "زېمىننى گويا زولۇم ۋە تەڭسىزلىككە توشۇپ كەتكىنىدەك ئادالەتكە توشقۇزىدىغان مەھدىي" ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

- ھىجرىيە 1298 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 16 - كۈنى (1881 - يىلى ئاۋغۇست) ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھۆكۈمەت كۈچلىرى بىلەن قارشىلاشتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە دەۋالىرىنى كۈچلەندۈردى.

- ماسسە تېغىغا ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە بايرىقىنى تىكلىدى ۋە ئۆزىگە تۆت خەلىپە (ئىزباسار) تەيىنلىدى، ئۇلار:

1 - ئابدۇللاھ ئەتتەئايۇشىي: كۆك بايراقنىڭ ساھىبى بولۇپ، ئەبۇ بەكر لەقىمىنى بەرگەن.

2 - ئەلى ۋەدھەلۇ: يېشىل رەڭلىك بايراقنىڭ ساھىبى بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، لەقىمىنى بەرگەن.

3 - مۇھەممەد ئەلمەھدىي ئەسسەنۇسىي: لىۋىيەدىكى كەڭ نۇپۇزغا ئىگە سەنۇسىيە تەرىقىتىنىڭ رەئىسى. مەھدىي ئۇنىڭغا خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ مەنسىپىنى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما سەنۇسىي ئۇنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئىنكاس قايتۇرمىغان.

4 - مۇھەممەد شەرىيف: ئۇ مەھدىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل رەڭلىك بايراقنى ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب لەقىمىنى بەرگەن.

- 1882 - يىلى ھۆكۈمدار مۇئاۋىنى جىجلېرنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان شەلالىي ئابدۇلقادىر ھىلمىي بىلەن تۇتۇشقان ۋە شەلالىي بۇ جەڭدە ئۆلگەن.

- 1883 - يىلى نويابىردا ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۆلگەن ھىكس بىلەن قارشىلاشقان.

- مەھدىي ئەسكەرلىرى خورتۇمدا گوردۇن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى، 1885 - يىلى 26 - يانۋار ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا، گوردۇن ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى كېسىلگەندىن كېيىن، مەھدىگە يوللاپ بېرىلدى. مەھدىي ئۇنى تىرىك تۇتۇپ، مىسىردىن سۈرگۈن ياشاش ئۈچۈن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىنغان ئەھمەد ئەرابى بىلەن ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ چاغدا سودانىنىڭ مەھدىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، ئوسمانىيە خەلىپىلىگىنىڭ سۇداندىكى دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

- شۇ كۈندىن باشلاپ مەھدىنىڭ رەقىبى قالمىدى. ئۇ ھىجرىيە 1305 - يىلى جەمادىئۇل ئۇلا ئېيىنىڭ 17 - كۈنى ۋاپات بولغان ۋاپات بولغان ئۆزىنىڭ مەخسۇس مەسچىتىنىڭ بىناسى بىلەن باشلانغۇچ شەكىلدە دۆلىتىنى تەسىس قىلىشقا باشلىدى.

- شەيخ مۇھەممەد ئەھمەد جەببارەنى قازىلىققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئىسلام قازىسى، دەپ لەقەم بەردى.

- ھىجرىيە 1302 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 9 - كۈنى (1885 - يىلى، 22 - ئىيۇن) يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغاندىن كېيىن، مەھدىي ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغان يەرنىڭ ئۆزىگىلا دەپنە قىلىندى. تىلغا ئېلىشقا



www.munber.org

ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە، بۇ دۆلەت ئۇزۇن داۋاملىشالمىدى. 1896 ـ يىلىغا كەلگەندە مىسىرنىڭ سەردارى لورد كىچنىر بۇ دۆلەتنى يېقىتتى ۋە مەھدىنىڭ گۈمبىزىنى غولىتىپ، قەبرىسىدىن ئۇنىڭ ھەيكەل ۋە سۆڭەكلىرىنى چىقىرىپ گۈردۈننى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ ئىنتىقامى سۈپىتىدە بىرىتانىيە مۇزىيخانىسىغا يوللاپ بەردى.

باشقا مذهعم كعشعلعرع:

◈ ئابدۇللاھ ئەتتەئايۇشي: دارفوردىكى «يارىششى» ئۆيىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ شەيخى قۇرەشىينىڭ گۈمبىزىنى سۇۋاۋاتقان چاغدا مەھدىي ئارالدىكى ھەلاۋىيىينىغا كەلگەن. ئابدۇللاھ مەھدىگە بەيئەت قىلغان ۋە مەھدىنىڭ كۆڭلىدىكى مەھدىيلىك دەۋالىرىنى كۈچلەندۈرگەن. ئابدۇللاھ مەھدىينىڭ ھاياتىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، تەتبىقلاش، باشقۇرۇش ۋە ئىجرائىييە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ـ مەھدىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەھدىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئابدۇللاھ بىرىنچى خەلىپە بولدى. مەھدىي "ئۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن" دەيتتى.

ـ خەلىپىلىك مەنسىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەۋەتنى تارقىتىش بىلەنلا مەشغۇل بولدى، بىر توققىنى ئەمىر يەئقۇبنى مەھدىينىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ـ سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە خەت يېزىپ، مەھدىييەنىڭ نۇپۇزىنى نەجد، ھىجاز ۋە سۇدانىنىڭ غەربىگىچە يەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

◈ ئابدۇرراھمان ئەننۇجۇمي: ھەربى قۇماندانلارنىڭ بىرى، ھىجرىيە 1306 ـ يىلى رامىزاننىڭ 3 ـ كۈنى چوڭ بىر قۇشۇننى باشلاپ مىسىر ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن شىمالغا يۈرۈش قىلغان. بىراق، ھېچقانداق ئىلگىرلەش ياكى مۇۋەپپىقەت قازانمايلا قايتقان.

◈ سۇفىي شائىر ھۇسەين ئەززەھرا (1833 ـ 1895م): مەھدىييەلەرنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىبنى سىينانىڭ ئىشراقىييە پەلسەپىسى بىلەن مەھدىييە ئەقىدىسىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە ئورۇنغان.

◈ ھەمدان ئەبۇ ئەنجە: ئاقنىڭ سىرتىدا ئۇچراشقان ھېكسىنىڭ ئالدىدىكى مەھدىي قۇشۇنىنىڭ قوماندانى ئىدى.

**مەھدىينىڭ پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرى:**

◈ ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئەلمەھدىي (1885 ـ 1956م): ئۇممۇ دەرماندا توغۇلغان، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغان. ياشلىق مەزگىلىگە يەتكەندە تۈگۈنلىرى يېشىلىشكە باشلىغان مەھدىييەنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشكەن. 1914 ـ يىلى ھىمايىچىلىرىنىڭ روھانىي داھىسىغا ئايلانغان. 1919 ـ يىلى ھۆكۈمەت ئۇنى ئىتتىپاقداشلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرىتانىيە پادىشاھىنى تەبرىكلەشكە ئەۋەتكەن. ئۇ، دادىسىنىڭ قىلىچىنى ئۆزىنى قوبۇل قىلغان پادىشاھقا ھەدىيە قىلغان. ئارقىدىن پادىشاھ ئۇ قىلىچنى، ئىمپېراتورلۇقنى قوغداش ئۈچۈن پادىشاھقا ۋاكالىتەن ئۆز يېنىدا ساقلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئابدۇرراھمانغا قايتۇرۇپ

www.munber.org

بەرگەن. بۇ ماھىيەتتە، تائىپىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئابدۇرراھمان سوداندىكى ئىنگلىز مۇستەملىكىسى دەۋرىدە "ئۇممە پارتىيىسى"نى قۇرۇپ چىققان. بۇ، مەھدىيلەرنىڭ سىياسىي پارتىيىسى ئىدى.

◈ ئەسسىددىق ئىبنى ئابدۇرراھمان، 1961 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ ئەلھادىي ئىبنى ئابدۇرراھمان، 1971 ـ يىلى قەتل قىلىنغان.

◈ ئۇممە پارتىيىسى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن:

- سادىق ئىبنى سىددىق ئىبنى ئابدۇرراھمان رەھبەرلىكىدىكى قىسمى بولۇپ، سوداندىكى ھازىرقى ئەڭ كۈچلۈك قىسىم.

- ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرراھمان رەھبەرلىكىدىكى قىسىم.

- ۋەلىييۇددىن ئابدۇلھادىي رەھبەرلىكىدىكى قىسىم.

◈ مەھدىيیە تارىخىنىڭ دۇنياۋى قۇرۇلتىيى 1981 ـ يىلى 29 ـ نويابىردىن 2 ـ دېكابىر ئارىسىدا خارتۇمدىكى مەھدىينىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرراھمان بۇ پائالىيەتتە نۇتۇق سۆزلىگەن.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ مەھدىنىڭ كۈچلۈك ئورنى، ئۇ چاقىرىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد، كىشىلەرگە ئېغىر باجلارنى تېڭىۋاتقان ئەمەلدارلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك نەپرەت، پارىخورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ ئەۋج ئېلىشى، تۈرك ۋە ئىنگلىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان چىرىك ۋەزىيەتتىن قوتۇلۇش مەقسىتىدە بۇ چاقىرىقنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇلار مەھدىي قۇتقۇزىدۇ، قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى.

◈ مەھدىي، ئۆزىنىڭ ئىختىلاپ ۋە پاسسىپلىقى بىلەن نورمال مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىن يىراقلاپ كەتكەن، دەپ قارايدىغان باشقا كىتابلارنى قويۇپ، بىۋاستە ھالدا قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتكە قايتىشقا چاقىرغان.

◈ ئوخشاش بولمىغان فىقھىي مەزھەپلەر بويىچە ئەمەل قىلىشنى توختاتقان، كالام ئىلمىي بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھارام، دەپ قارىغان، دىندا ئىجتىھاد بابىنى ئاچقان. شۇنىڭدەك، شەئرانىينىڭ "كشف الغمة"، "سعيرة الحلبية"، بەيزاۋىينىڭ "تفسير روح البيان" ۋە "تفسير الجلالين" قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ماقۇللىغان.

◈ بارلىق سۈپىزم تەرىقەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن ۋىردلارنى يوققا چىقارغان. ھەممىيلەننى ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ مەھدىيیە تەرىقىتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا چاقىرغان، ئۇلارغا كۈندىلىك ئوقۇيدىغان ۋىردلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ئىشتىن ئىككىنچى قېتىم سۈپىزمنىڭ قويىنىغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇدا ـ باجا بولغان. مەھدىي ئۆزىنىڭ گۇناھتىن خالىي ئىكەنلىكى ۋە كۈتۈلىۋاتقان

www.munber.org

مەھدىي ئىكەنلىكىگە ئوخشىغان سۆزلىرى بىلەن ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى كىرگۈزگەن.

◈ ھۆكۈمەت ئەبا ئارىلىدا مەھدىيلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا، مەھدىي بەش دانە ئەلەم ھازىرلاپ، ئۇنىڭدا "بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر" دېگەن شۇئارنى كۆتۈرگەن. تۆت ئەلەمنىڭ ھەر بىرىگە مۇتەسەۋۋۇپلار ئىچىدىكى جەيلانىي، رىفائىي، دۇسۇقىي ۋە بەدەۋىيلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ قۇتۇبنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى يازغان. بەشىنچىسىگە بولسا، "ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد ئەلمەھدىي" دەپ يازغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىمام مەھدىي ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

◈ ئۇنىڭ چاقىرىقى جەريانىدىكى ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان مەسىلىلىرى جىھاد، كۆچ ۋە پەتىۋادىن ئىبارەتتۇر.

◈ مەھدىي ئۆزىنىڭ مەھدىيلىكىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمرى (بۇيرۇقى) بىلەن كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ قېشىمغا ئويغاق چېغىمدا كەلدى، ئۇنىڭ قېشىدا توغرا يولدىكى خەلىپىلەر، قۇتۇبلار ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالام بار ئىدى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كۇرسىسىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ماڭا مۇنداق دېدى: "سەن كۈتۈلۈۋاتقان مەھدىي سەن، كىمكى سېنىڭ مەھدىلىكىڭدىن گۇمانلىنىدىكەن ئۇ جەزمەن كاپىر بولغان بولىدۇ."

◈ ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھدىن خالىي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن كەلگەن ئۇلۇغ نۇرنىڭ ئۇ ئارقىلىق قىيامەتكە قەدەر سۈزۈلىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھتىن خالىي ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلغان!

◈ ئۇ، كەمتەرلىكنىڭ مۇھىملىقىنى، تۆزكورلۇق قىلماسلىقنى تەكىتلەيتتى، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە باياشاتچىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى. جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەرنىڭ ئارىسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ھاياتىنى ياماق جۇۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن. بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن نەۋرىلىرى باياشات ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشىدى.

◈ تىوي، خەتنە پائالىيەتلىرى ۋە باشقا چىقىم، ئىسراپچىلىقلارغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنى چەكلىدى.

◈ مەھىرنىڭ يەڭگىللىكى، مېھماندارچىلىقنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن ئۆيلىنىشنى قولايلاشتۇردى. ناخشا ـ ئۇسۇل، داپ چېلىشلارنى چەكلىدى.

◈ ئۆلۈكلەرگە يىغلاشتىن، تومار ۋە پال ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشتىن توستى. تاماكا چېكىش، تېرىقچىلىقنى قىلىش ۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قارشى ئۆت ئاچتى، ئۇنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

◈ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا قىساس، غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىش، هاراقكەشلەرنىڭ، ئوغرىلارنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا ئوخشىغان شەرئىي



www.munber.org

هۆكۇملەرنى ئىجرا قىلدى. 1885 ـ يىلى فىۋرال (1302ھ، جەمادىئول ئۇلا) ئېيىدىن باشلاپ ئۆز ئىسمىدا پۇل باستۇردى.

◈ ئۆزىنىڭ نۇپۇز دائىرىسىدىكى رايونلاردا ئىسلامىي تۈزۈم ئورناتتى. مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى، زاكات توپلاش ئۈچۈن خىزمەتچىلەرنى تەيىنلىدى. ئۇ تەشكىللىگەن دۆلەتنىڭ مالىيەسى، زاكات ۋە توپلانمىلاردىن كەلگەن نەرسىلەردىن شەكىللىنەتتى.

◈ ھىجرىيە 1300 ـ يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى چاقىرىقنىڭ دۇنياۋىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا، ئالدى بىلەن ئەبىيەزدە، ئاندىن بەربەردە،ئارقىدىن مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىدە، يەنە مەدىنە مەسچىتى، قاھىرە مەسچىتى، بەيتۇل مۇقەددەس، باغداد ۋە كۈپەلەردە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىدىن خوشخەۋەر بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

## ◈ مەھدىينىڭ ئىجتىھادلىرىغا قارىتىلغان بىر قىسىم تەنقىدلەر:

- مەھدىي ئۆزىگە قارشى چىققان ياكى مەھدىيلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنى كاپىرغا چىقارغان.

- ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى جاھىلىيەت دەۋرى ياكى زامانى، دەپ ئاتىغان.

- نامازغا سەل قارىغان كىشىلەرگە ئۇنى تەرك قىلغان كىشىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆلتۈرۈش قىلىپ بېكىتكەن.

- تاماكو چەككەن كىشىنى تەۋبە قىلغان ياكى ئۆلگەنگە قەدەر ئەدەبلەش توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن.

- فىقھىي مەزھەپلەر ۋە سۈپىزم تەرىقەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بۈيۈك دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان كىچىككە ئېقىنلار، دەپ قارىغان.

- زېمىن بەيتۇل مالغا خاس بولۇپ، مۈلۈك قىلىنمايدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىرىگە بولغان تەۋەلىكىنى رەت قىلغان.

- ۋەلىيسى ۋە مەھرى بولمىغان ئەھۋالدا بالاغەت يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ ئۆيلىنىشىنى چەكلىگەن.

- ئايالالارنى شەرئىي جەھەتتە مۇباھ ھېسابلىنىدىغان ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن قىلىنغان زىبۇ ـ زىننەتلەرنى تاقاشتىن توسقان.

## ◈ پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

www.munber.org

◈ مەھدىي ئۆزىنىڭ "زېمىننى گويا زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە توشۇپ كەتكىنىدەك ئادالەتكە توشقۇزىدىغان مەھدىي" ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەۋاسى ۋە نەسەبىنىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىچە سوزۇلىدىغانلىقىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەكىتلىشى، گۇناھتىن خالىي ئىمام ۋە گۇناسىزلىق پىكرى جەھەتلەردە شىئەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.[1]

- ئۇ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ دەۋىتىدىن بۇۋاستە كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئېلىش زۆرۈرىيىتى، ئىجتىھاد بابىنى ئېچىش، گەرچە ئۇ شەيخى ئۇچۇن گۇمبەر ياسىغان بولسىمۇ، قەبرە بىنا قىلىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان.

◈ مەھدىينىڭ سالاھىيىتى ۋە تەرىقىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە سۇپىزم پىكرىنىڭ مۇھىم رولى بولغان.

◈ جامالۇددىن ئافغانىي ۋە ئىمام مۇھەممەد ئەبدۇ (بۇ ئىككىسىنىڭ پىكرى بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى) لاردىن ئىسلام ئەللىرىنى ياۋرۇپا مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا شەرىئەتنى تەتبىقلاش زۆرۈرىيىتىگە بولغان دەۋەتنى قوبۇل قىلغان.

◈ مەھدىي مىسىردا يۈز بىرىۋاتقان ۋەقەلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەھمەد ئەلئەرابىينىڭ ئىنگلىز مۇستەملىكىسىدىن مۇستەقىل بولۇش، ھۆرلۈك قاتارلىقلارغا چاقىرىدىغان ھەرىكىتىگە يېقىن تۇراتتى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ مەھدىي ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كىلىۋاتقان ئەبا ئاراللىرىدىن دەۋەت قىلىشنى باشلىغان ۋە سۇداننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرگەن.

◈ مەھدىي ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارىي تەئايۇشىي مەھدىييە ئېقىمىنى سۇداننىڭ سىرتىغا تارقىتىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، 1891-يىلى توكەرنىڭ يېقىلىشى بىلەن بۇ ئىش سۇغا چىلاشقان.

◈ ھازىرغىچە مەھدىي ھەرىكىتىنىڭ كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى سوداندىكى ھازىرقى سىياسىي ۋەقەلەرگە ھەسسە قوشۇپ كىلىۋاتقان ئۇممە پارتىيىسى

---

[1] ئەسكەرتىش: ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدىكى نۇرغۇن ھەدىسلەردە ، بەلكى مەنىۋىي مۇتەۋاتىرلىك دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەردە دالالەت قىلىنغان "كۈتىلىۋاتقان مەھدىي" بىلەن شىئەلەرنىڭ نەزىرىدىكى مەھدىينىڭ قەتئىي ئالاقىسى يوق. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز ئېيقاندەك بىر ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدۇ:

"بۇ ۋەدە قىلىنغان شەخسنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، چىقىشى ھەقتۇر. ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئۇلەۋىي ئەلھۇسىنىي بولۇپ، ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) نىڭ نەسلىدىندۇر. بۇ ئىمام، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى زاماندىكى ئۇممەتلەرگە قىلغان رەھمىتى بولۇپ، ئۇ چىقىدۇ ۋە ئادالەت، ھەقىقەتنى يۈرگۈزىدۇ، زۇلۇم ۋە يولسىزلارنى مەنئىي قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ ئارقىلىق ئادالەت، ھىدايەت، تەۋپىق ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ياخشىلىقنىڭ بايرىقىنى ئۇممەتنىڭ ئارىسىغا تارقىتىدۇ." (تېخىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن: ئەللامە شەيخ ئابدۇلمۇھسىن ئىبنى ھەمەد ئەلئەببادنىڭ "عقيدة أهل السنة والأثر في المهدي المنتظـر" ناملىق كىتابى ۋە دوكتور مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىسمائىل ئەلمۇقەددەمنىڭ "المهدي حقيقة لا خرافة" ناملىق كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ!)



www.munber.org

بىر يەرگە توپلايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە ئامېرىكا، بىرىتانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھىمايىچىلىرى بولۇپ، ئومۇمەن ئىسلام جامائەتلىرى، خۇسۇسەن سۇدانلىقلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: مەھدىي ئىنقىلاۋىي سودانلىقلارنى بىر يەرگە توپلىيالىغان ۋە ئۇلارنى بىر خەلق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى ۋە روھانىي داھىسى بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلدى، دۈشمەنلىرىگە قارشى كۆزگە كۆرۈنەرلىك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەھدىي ھەرىكىتى مەزھەپچىلىكنىڭ ئاساسىنى يېقىتتى، سۇپىزم تەرىقەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەۋھىد ۋە يېڭى مەنپەئەتلەرگە كۆرە ئىجتىھاد قىلىش مەسىلىلىرىدە سەلەپ ئەقىدىسىگە چاقىرىدىغان سەلەپىيە ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى باشقا پەرزلەرنىڭ ئالدىدا تۇردۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئىسلام ئالەمىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى. ھەرىكەتنىڭ ئىجتىھادلىرى بىر قىسىم ئەقىدە ئېغىشلىرىغا ئېلىپ بارغان. مەھدىي ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ۋىجدانىنى قوزغىتىش، خەلقىنىڭ ھىمايىسىنى ھەر خىل روھىي تەربىيەلەرگە باغلاش مەقسىتىدە ھەرىكىتىگە سۇپىزم تۈسىنىمۇ بەرگەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە سۇپىزمنىڭ ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان مەسىلە.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۆچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- تەۋفىق ئەھمەد بەكرىي: محمد أحمد المهدي، ئىسلام مائارىپ قامۇسى تەرجىمە كومىتېتى — ئەرەب كىتابلىرىنى جانلاندۇرۇش نەشرىياتى - **1944**م.
- د.ئەھمەد ئەمىين بىك: المهدي والمهدوية، مائارىپ نەشرىياتى نەشرى - مىسىر.
- د.ئۆمەر ئابدۇررازاق ئەننەقر (نەشرگە ھازىرلىغۇچى): دراسات في تاريخ المهدية، تارىخ قىسمى ماتىرىياللىرى - خورتۇم ئۇنىۋېرسىتېتى، **1982**م.
- ئىسمائىيل ئابدۇلقادىر ئەلكۇردىفانىي: سعادة المستهدي بسيرة الإمام المهدي، (د.مۇھەممەد ئىبراھىم ئەبۇ سەلىيم تەرىپىدىن تەھقىقلىغان) ئىككىنچى نەشرى، ئەۋلاد نەشرىياتى - بېيرۇت، **1402**ھ/**1982**م.
- فەتھىي يەكەن: الموسوعة الحركية (في جزءين)، ئىككىنچى نەشرى، بەشىير نەشرىياتى - ئىئوردانىيە، **1403**ھ/**1983**م.
- د.ئابدۇلقادىر مەھمۇد: الفكر الصوفي، بىرىنچى نەشرى، مەرىپەت باسمىخانىسى - قاھىرە، **1968**م.
- ئابباس مەھمۇد ئەلئەققاد: الإسلام في القرن العشرين.




www.munber.org

- د.مەككىي شەبىكە: السودان عبر القرون، مەدەنىيەت نەشرىياتى، بېيرۇت ـ لىۋان (چىسلاسىز).

- نۇئۇم شەقىير: تاريخ السودان وجغرافيته.

- مۇھەممەد فەرىد ۋەجدىي: دائرة معارف القرن العشرين.

- منشورات المهدي — بۇ ئەسەرلەرنىڭ خورتۇم ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگى مەركىزى ئىدارىسىدە ئەسلىسى بار. بۇ ئەسەرلەرنى سۇدان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگى تاش مەتبەئەدە ھىجرىيە 1382 ـ يىلى (1963م) ئۇمۇ دەرماندا بېسىلغان ئەسلى نۇسخىدىن كوپىيلاپ ئېلىپ، "منشورات الإمام المهدي عليه السلام" ماۋزۇسى بىلەن چوڭ ئىككى توملۇق قىلىپ نەشر قىلغان.

- سادىق ئەلمەھدىي: يسألونك عن المهدية.

- د.مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلمۇقەددەم (ئۇنئالغۇ لىنتىسى): المهدية.

www.munber.org

# تەبلىغ ۋە دەۋەت جامائىتى

**ئىنقلما:**

تەبلىغ جامائىتى بىر ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، ئىنتىزاملىق بىر تەشكىلاتقا قارىغاندا، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىرشاد جامائىتىگە يېقىنراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋىتى يېتىپ بېرىش مۇمكىن بولىدىغان بارلىق كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ پەزىلىتى يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەر بىرى سىياسىي مەسىلىلەر، پارتىيە، تەشكىلاتچىلىقلاردىن يىراق ھالدا ئىسلامنى يەتكۈزۈش، تارقىتىش ئىشلىرىغا مۇئەييەن ۋاقتىنى ئاجرىتىشى مۇھىم. بۇ جامائەتنىڭ ئەزالىرى دەۋەت قىلىشقا چىقىش، مەسچىتلەر، ئۆيلەر، دوككانلار، يىغىلىش ئورۇنلىرى قاتارلىق جايلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، دەرس بېرىش ۋە كىشىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە تەبلىغ قىلىشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا تايىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلماسلىق، ھۆكۈمەتلەر بىلەن تىركەشمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ قۇرغۇچىسى: شەيخ مۇھەممەد ئىلياس كاندەلۋىي (1303ھ ـ 1364ھ) بولۇپ، ھىندىستاننىڭ سەھارنپۇر رايونىنىڭ كاندەلە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ تەلىمنى شۇ يەردە ئىگەللىگەن. ئارقىدىن دېھلىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، 1283 ـ يىلى (1868م) تەسىس قىلىنغان ھىندىستاندىكى ھەنەفىيلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مەدرىسلىرىنىڭ بىرى دىيوبەند مەدرىسىسىدە ئوقۇشنى تاماملىغان.

ـ باشلانغۇچ تەلىماتىنى سەھارنپۇردىكى مەزاھىرۇل ئۇلۇم مەدرىسىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئاكىسى شەيخ مۇھەممەد يەھيادىن ئالغان.

ـ شەيخ رەشىد ئەھمەد كەنكۇھىي (1829م ـ 1905م): شەيخ مۇھەممەد ئىلياس بۇ كىشىگە ھىجرىيەنىڭ 1315 ـ يىلى بۇ تەرىقەت ئۈستىگە بەيئەت قىلغان.

ـ دىيوبەندىيە ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى شەيخ خەلىل ئەھمەد سەھارنپۇرىغا بەيئەتنى يېڭىلىغان.

ـ شەيخ ئابدۇررەھىم رائىي پۇرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىلىم ۋە تەربىيىسىدىن پايدىلانغان.

ـ بەزى ئۆلىمالىرىنى شەيخ ئەشرەف ئەلى تەھانۋىي 1280ھ ـ 1364ھ (1863م ـ 1943م) دىن ئالغان بولۇپ، ئۇ كىشىنى ئۇلار "ئۈممەتنىڭ ھەكىمى" دەپ ئاتىشاتتى.

ـ شەيخ مەھمۇد ئەلھەسەن (1851م ـ 1920م) دىمۇ ئوقۇغان بولۇپ، بۇ كىشى دىيوبەند ئۆلىمالىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ۋە تەبلىغ جامائىتى شەيخلىرىنىڭ بىرى ئىدى.



www.munber.org

### ◈ يېقىن دوستلىرى:

- شەيخ ئابدۇررەھىيم شاھ دىيوبەندىي ئەتتەبلىيغىي: بۇ كىشى شەيخ مۇھەممەد ئىلياس ۋ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەد يۇسۇف بىلەن تەبلىغ ئىشلىرىغا ئۇزۇن مۇددەت ۋاقتىنى سەرپ قىلغان.

- شەيخ ئىھتىشام ھەسەن كاندھلىۋىي: مۇھەممەد ئىلياسنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ يولدىشى ۋە ئالاھىدە تايانچلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئۇزۇن بىر قىسمىنى جامائەتنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىس قىلغۇچىسىنىڭ ھەمرالىقىدا ئۆتكۈزگەن.

- ئۇستاز ئەبۇلھەسەن ئەلى ھۇسنىي ئەننەدەۋىي: ھىندىستاننىڭ لېكنودىكى ئۆلىمالار بىرلىكىگە قاراشلىق دارۇل ئۇلۇمنىڭ مۇدىرى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامىي يازغۇچى بولۇپ، جامائەت بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسى بار.

- شەيخ مۇھەممەد يۇسۇف كاندھلىۋىي: (1917م ـ 1965م): بۇ كىشى شەيخ مۇھەممەد ئىلياسنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزباسارىدۇر. دىلھىدا توغۇلغان. بىرىنچى، ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئىككىنچى دەۋەتنى تارقىتىش مەقسىتىدە كۆپ جايلارغا بارغان. ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننى بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلغان. پاكىستاننىڭ ھەر ئىككى قىسمىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ لاھوردا ۋاپات بولغان بولۇپ، جەسىتىنى دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىش ئۈچۈن دىلھىدىكى نىزامۇددىين قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ بېرىلغان.

- شەيخ، تاھاۋىينىڭ "معاني الآثار"ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسى "أماني الأخبار" ناملىق كىتابىنى ۋە مەشھۇر كىتابى "ساھابىلەر ھاياتى" نى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يەنە شەيخ مۇھەممەد ھارۇن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ مېتود ۋە تەرىقتى بويىچە ماڭغان.

- شەيخ مۇھەممەد زەكەرىييا كاندھلىۋىي (1315ھ ـ 1364ھ): شەيخ مۇھەممەد يۇسۇفنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە ھەمشىرىسىنىڭ يولدىشى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇنى تەربىيلەش ۋە يېتەكلەش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇنى ھىندىستاننىڭ رەيھانى ۋە ئەسىرنىڭ بەرىكىتى، دەپ سۈپەتلىشەتتى. ئۇ ھەدىس شەيخى ۋە تەبلىغ جامائىتىنىڭ يوقۇرى دەرىجىلىك رىياسەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر جامائەت سېپىدە پائالىيەتلىرى يوق.

- شەيخ مۇھەممەد يۇسۇف بىنۇرىي: كاراچى نيوتاۋنىدىكى ئەرەب تىلى مەدرىسىسىنىڭ مۇدىرى ۋە شۇ مەكتەپتىكى ھەدىس شەيخى، ئوردۇچە ئايلىق ژۇرنالنىڭ مۇدىرى. ئۇ، دىيوبەند ۋە تەبلىغ جامائىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى.

- مەۋلىۋىي غۇلام غەۋس ھەزارەۋىي: جامائەتنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

- مۇپتى شەيخ شەفىيئ ھەنەفىي: پاكىستاننىڭ باش مۇپتىسى ۋە تەبلىغ جامائىتىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى. ئۇ كاراچىدىكى لاندھىي دارۇل ئۇلۇم



www.munber.org

مەدرىسىسىنىڭ مۇدىرى ۋە (ئۇممەتنىڭ ھەكىمى) ئەشرەف ئەلى تەھانىۋىينىڭ ئىزباسارىي ئىدى.

- شەيخ مەنزۇر ئەھمەد نەئمانىي: ئۇ، جامائەت ۋە دىيوبەند ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى. شەيخ زەكەرىيىيانىڭ بۇرادىرى ۋە ئۇستاز ئەبۇلھەسەن نەدەۋىينىڭ دوستى.

- ئىنئامۇل ھەسەن: جامائەتنىڭ ئۈچىنچى رەئىسى بولۇپ، شەيخ مۇھەممەد يۇسۇفتىن كېيىن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ھازىرغىچە شۇ مەنسىپىدە. ئۇ، شەيخ مۇھەممەد يۇسۇفنىڭ ئوقۇش ۋە سەپەرلىرىدىكى دوستى. ئۇلار ياشتا بىر - بىرلىرىگە يېقىن، ھەرىكەت ۋە دەۋەتتە ئوخشاش ئىدى.

- شەيخ مۇھەممەد ئۆمەر بىننەبۇرىي: شەيخ ئىنئامنىڭ ھەمراھلىرى ۋە يېقىن مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى.

- شەيخ مۇھەممەد بەشىير: جامائەتنىڭ پاكىستاندىكى رەئىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پاكىستاندىكى باش مەركىزى لاھورغا يېقىن رايۋەند، دېگەن جايدا.

- شەيخ ئابدۇلۋاھھاب: پاكىستاندىكى مەركەزنىڭ ئالدىنقى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللىرىنىڭ بىرى.

- شەيخ ئىبراھىم ئىززەت: قاھىرەنىڭ زەمالىك مەھەللىسىدىكى ئەنەس ئىبنى مالىك مەسچىتىنىڭ ئىمامى، جامائەتنىڭ مىسىردىكى رەئىسى. ئۇ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) 1981 - يىلى ھەج سەپىرى جەريانىدا ۋاپات بولۇپ كېتىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەلبەقىيئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ بۇ جامائەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئالتە تۈرلۈك پرىنسىپنى توختىتىپ، ئۇنى دەۋەتنىڭ ئاساسى قىلىپ بېكىتكەن. قورۇلتايلىرى ۋە ئومۇمىي بايانلىرىدا سۆزلىرىنى مونۇلارغا يىغىنچاقلايدۇ:

- كەلىمە تەييىبە (لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ).
- قورئاننى ھالدا ناماز قىلىش.
- ئىلىم ۋە زىكىر.
- مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش.
- ئىخلاس قىلىش.

◈ دەۋەتنى تارقىتىشتىكى ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلىدۇ:

- ئۇلار بىر گۇرۇپ كىشى ئۆزلىرىنى بىرەر ئورۇننىڭ كىشىلىرىگە تەبلىغ قىلىشقا تاللايدۇ. ھەر بىرى ئاددى سېلىنچا ۋە ئاددى - ساددا ھاياتىغا كۇپايە قىلغۇدەك ئۇزۇق ۋە پۇل - مال ئېلىۋالىدۇ. ئاددى - ساددىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سىمالىرىنىڭ بىرى.



www.munber.org

- ئۆزلىرى دەۋەت قىلماقچى بولغان يېزا ياكى شەھەرگە يېتىپ كەلگەن چېغىدا بىرىنچى بولۇپ ئۆزلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. بەزىلىرى ئۆزلىرى تۇرماقچى بولغان جاينى تازىلاشقا كىرىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى شەھەرنى، بازارلارنى ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرىنى ئايلىنىدۇ. ئاللاھنى زىكىر قىلغاچ كىشىلەرنى خۇتبىنى ياكى شۇلارنىڭ ئاتىشىچە باياننى ئاڭلاشقا چاقىرىدۇ.

- باياننىڭ ۋاقتى كەلگەندە، ھەممەيلەن ئۇنى ئىشتىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىنىدۇ. بايان تۈگىگەندىن كېيىن، باياننى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنى ئاللاھ يولىدا دەۋەتكە چىقىشقا چاقىرىدۇ. بامدات نامىزىدىن كېيىن، جامائەتنى گورۇپپىلارغا تەقسىم قىلىپ، ھەر بىر دەۋەتچى بىر گۇرۇپقا بېرىپ، ئۇلارغا فاتىھە سۈرىسىنى ۋە بىر قىسىم قىسقا سۈرىلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىلار ھالقا شەكلىدە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئىش بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدۇ.

- بۇ جايدىكى تۇرۇش مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تەبلىغ قىلىشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. كىشىلەر ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بىر كۈنلۈك، ئۈچ كۈنلۈك، ياكى ھەپتىلىك.... ئايلىق... يەنى ھەر كىشى ئۆزىنىڭ تاقىتى، ئىمكانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان الله غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»[1] دېگەن ئايىتىنى روھىغا ئاساسەن چىقىرالايدىغان ۋاقىتلىرىغا كۆرە ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ چىقىشىدۇ. تەبلىغ قىلىشقا چىقىشتىكى ئەڭ گۈزەل سانلار ھەپتىدە بىر كۈن، ئايدا ئۈچ كۈن، يىلدا قىرىق كۈن، پۈتۈن ئۆمرىدە تۆت ئايدىن ئىبارەت.

- يېزا ياكى شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان زىياپەت دەۋەتلىرىنى رەت قىلىدۇ؛ يەنى ئەمەللىرىنىڭ خالىس ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشى ۋە زىكىر، دەۋەتتىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

- ئۇلار ، ئىسلامىي ھاياتقا ماسلىشالايدىغان مۇھىت بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يامان ئىشلارنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرۇش پىكرىگە ئارىلاشمايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىش ئۇلارنىڭ يولىغا قىيىنچىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى، كىشلەرنىڭ ئۇلاردىن قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

- ئۇلار ئەگەر كىشىلەرنى يەككە، يەككە ھالدا ئىسلاھ قىلسا، يامان ئىشلار جەمئىيەتتىن ئۆزلىكىدىن يوقاپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

- تەبلىغ قىلىشقا چىقىش، كىشىلەرنى چاقىرىش ئىشلىرى بولسا، دەۋەتچىنى تەربىيلەش، ئۇنى ئەمەلىي چېنىقتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر؛ ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئۈلگە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنى چاقىرغان مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجرا قىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 110 ـ ئايەت.



www.munber.org

◈ ئۇلار، مەزھەپلەرگە تەقلىد قىلىش ۋاجىب دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى زامانىنىڭ ئۆلىمالىرىدا مۇجتەھىدتە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر تېپىلمايدۇ دەپ ئىزاھلاپ، ئىجتىھاد قىلىشنى چەكلەيدۇ.

◈ ئۇلار يەنە ھىندىستان ئېلىدە كەڭ تارقالغان سۇپىزىم تەرىقەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلاردىمۇ مۇتەسەۋۋۇپلار سۇپەتلىنىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر تېپىلىدۇ. مەسىلەن:

- ھەر بىر مۇرىتنىڭ بەيئەت قىلغان شەيخى بولۇشى لازىم، كىمكى بەيئەتسىز ئۆلۈپ كەتسە جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش. كۆپىنچە شەيخقا قىلىنىدىغان بەيئەت ئاما توپلانغان ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەرگە بىر-بىرىگە باغلانغان رەختلەر تارقىتىلىدۇ، ئۇلار كوللىكتىپ شەكلىدە بەيئەتنى تەكرارلايدۇ. بۇ شەكىلدىكى بەيئەتنى ئاياللارمۇ ئېلىپ بارىدۇ.

- شەيخنى ياخشى كۆرۈشتە مۇبالىغە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشتىمۇ ئېشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇلارنى بەزى چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك بەلگۈلەنگەن ئەدەب-قائىدىلەرنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

- ھەقىقەتلەرنىڭ ئورنىغا دېگەندەك ساغلام بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قويىلىشى بولۇپ، بۇلارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئىشلارنىڭ دەۋەتكە تەسىرى يېتىدۇ.

- تەسەۋۋۇپ قەلبتە ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشتىكى ئەڭ يېقىن يول، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

- ھىجرىيە **470**-يىلى جىلاندا دۇنياغا كەلگەن ئابدۇلقادىر جەيلانىي، سۈھرىۋەردىي، ئەبۇ مەنسۇر ماترىيدىي (**332**ھ ۋاپات بولغان) ۋە ھىجرىيە **604**-يىلى دۇنياغا كەلگەن "مەسنەۋىي" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جالالۇددىين ئەررۇمىي قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى سۇپىلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

- ئۇلارنىڭ مېتودى قىزىقتۇرۇش، قورقۇتۇش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن تەسىرلەندۈرۈش قاتارلىقلارغا تايىنىدۇ. ئۇلار، ھۈزۈر-ھالاۋەتكە، گۇناھ-مەسىيەتكە پېتىپ كەتكەن كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىمان باغچىسىغا جەلىب قىلالىغان ۋە ئۇلارنى ئىبادەت، زىكىر، تىلاۋەت قىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتەلىگەن.

- ئۇلار سىياسەتتىن سۆز ئاچمايدۇ، جامائەتكە تەۋە كىشىلەرنى سىياسىي مەسىلىلەرگە كىرىشتىن چەكلەيدۇ ۋە سىياسەتكە ئارىلاشقان كىشىلەرنى تەنقىد قىلىدۇ. سىياسەتنى تاشلاپ چىقىش سىياسەتىمىز، دېيىشىدۇ. ئۇلار بىلەن ھىندىستاندىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش زۆرۈر، دەپ قارايدىغان ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ماھىيىتى موشۇ يەردە بولسا كېرەك.

## ◈ ئۇلارغا قارىتىلغان بىر قىسىم مۇلاھىزە ۋە تەنقىدلەر:



www.munber.org

- ئۇلار سوۋېت جەھەتتىن ئەمەس، سان جەھەتتىن زورىيىدۇ. سوۋېت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەش ئۇلارغا ئەھمىيەت بىرىش، كۆزتىپ تۇرۇش ۋە ئىلمگە ئېھتىياج بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال بۇ دەۋەتتە تېپىلمايتتى؛ چۈنكى بۇگۈن ئۇچراشقان كىشى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشماسلىقى، ئۇ كىشى قايتىدىن ھاياتنىڭ قېزىقتۇرۇشلىرى، پىتنىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن.

- بۇ سەۋەپلىك خەتەرلىك ماددىي ئېقىمنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشالمايدۇ؛ چۈنكى كۈچەتنى تىككەن كىشى ئۇنى پەرۋىش قىلىشى لازىم.

- ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زەنجىرسىمان شەكىلدە ئىنتىزام يوق. دەۋەتچىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەت چۈشىنىش ۋە مۇھەببەت ئاساسىغا تۇرغۇزىلىدۇ.

- جىھاد ھەدىسلىرىنى "تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن چىقىش" دەپ تەۋىل قىلىپ، ئاللاھ يولىدا قىلىدىغان جىھادنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاجىز ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىشقا پەرۋاسىز قارايدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا سالىھ كىشىلەر دۇچ كەلگەن كارامەتلەرنى كۆپلەپ زىكىر قىلىدۇ.

- چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن ئوخلاش، يىمەك - ئىچمەك ئىشلىرىدا مەسچىتلەردە پاناھلىنىدۇ. بەزىلەر، بولۇپمۇ چەت دۆلەتلەردە، ئۇلارنى بۇ خىل ئىشلىرى سەۋەبىدىن تەنقىدلەيدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەيىپ سانالمايدۇ؛ چۈنكى بۇرۇنقىدىنمۇ تەرتىپلىك، تېخىمۇ پاكىز ھالەتكە كەلتۈرمەي تۇرۇپ، مەسچىتلەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

- ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. يەنە بارلىق كۈچلىرىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشقا سەرپ قىلىۋاتقان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىكرىي ئېقىملىرىغا قارشى تۇرۇشقىمۇ يېتەرلىك ئەمەس.

- ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى مەسچىتلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلاردا روشەن تەسىر قالدۇرىدۇ، ئەمما، مۇئەييەن پىكىر ۋە ئىدىلوگىيەلەرگە ئىگە كىشىلەرگە بولغان تەسىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

- ئۇلار ھەققىدە "ئۇلار ئىسلامنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، يېرىمىنى ئالمىغان" دېيىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بۇ شەكىلدە تەقسىملەش، ئىسلامنىڭ بىرلىك، ئومۇمىيلىق روھىغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەمىشە تەكرارلايدىغان لوگىسى "سىياسەتنى تاشلاش سىياسىتى"دىن ئىبارەتتۇر. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا زالىملارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن قوتۇلۇپ قالالمىدى، پائالىيەتلىرى بىر قانچە ئەلدە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى، ئەۋزەللىكلىرىگە كۆز يۇمماسلىق لازىم. ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىردى، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى شۇغۇللىنىپ كەلگەن رەزىللىك، پەسكەشلىكلەردىن قول ئۈزدى.



www.munber.org

ھەتتا، باشقىلاردىن ئىلگىرى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە كومىنىستلار تەرىپىدىن تارتىلغان تۆمۈر پەردىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە قادىر بولالىدى.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئۇ بىر ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، ئاساسلىق مەنبەسى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى تەسىس قىلغۇچىسى، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆلىمالىرى ۋە دەۋەتچىلىرىنىڭ ئەقىدىسى دەل ماترىيدىييەنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، فىقھىي مەزھىپى بولسا ھەنەفىي مەزھىپىدۇر.

◈ ئۇلار ھىندىستاندىكى مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ، خۇسۇسەن جىشتىييە، قادىرىييە، نەقشىبەندىييە ۋە سۇھرۇۋەردىييەنىڭ تەرىقەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تەربىيە ۋە يېتەكلەش ئىشلىرىدا ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەسەۋۋۇپلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

◈ ئۇلار پىكىرلىرىنى تۈركىيەدىكى نۇر جامائىتىدىن ئالغان، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

◈ ئەرەب ئەللىرىدىكى يىغىلىشلىرىدا "ياخشىلارنىڭ باغچىسى"نى ئوقۇشقا، باشقا دۆلەتلەردە "ساھابىلەر ھاياتى" ۋە خۇراپاتلىق، يالغان ھەدىسلەرگە تولۇپ كەتكەن "تەبلىيغىي نىساب" ناملىق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

◈ سەلەپىي ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنى تىلسىماتلارغا تولغان تومار يېزىشلاردىن قول ئۈزۈشكە، بىدئەت زىكىر ۋە ۋىردلارنى تاشلاشقا، چۈشلەرنى دەلىل سۈپىتىدە قوللانماسلىققا ۋە شەرئىي ئىلىملەرگە، بولۇپمۇ تەۋھىدكە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ئۇلارنىڭ دەۋىتى ھىندىستاندا باشلانغان پاكىستان ۋە بىنگاللارغا تارقالغان، ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىگىچە كېڭەيگەن. ئۇلارنىڭ سۈرىيە، ئىئوردانىيە، پەلەستىن، لىۋان، مىسىر، سودان، ئىراق ۋە ھىجاز قاتارلىق ئەللەردە ئەگەشكۈچىلىرى بار.

ـ ئۇلارنىڭ دەۋىتى ياۋرۇپا، ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قاتارلىق رايۇنلاردىكى دۇنيانىڭ كۆپىنچە ئەللىرىگە تارقالغان. ئۇلارنىڭ ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدا غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئىسلامغا چاقىرىشتا كۆرىنەرلىك تۆھپىلىرى بار.

ـ باش مەركىزي دىلھىدىكى نىزامۇددىينغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن دۇنيادىكى دەۋەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ.

www.munber.org

◈ مالىيە تەمناتىنى دەۋەتچىلەر ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىر قىسىم بايلار بىۋاستە مۇنتىزىم بولمىغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئىئانىلەرنى قىلىدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ھېسابىغا دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: تەبلىغ جامائىتى سۈننىلەرگە مەنسۇپ جامائەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مېتودىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئالىدۇ. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ھېسسىي تايانچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىدىغان دەۋەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ جامائەتنىڭ نەزىرىدە دەۋەت كەلىمە تەييىبە، نامازدا قۇرقان ھالدا تۇرۇش، ئىلىم ۋە زىكىر، مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش، ئىخلاس قىلىش ۋە دەۋەت يولىدا سەپەرگە چىقىشتىن ئىبارەت ئاساسلارغا تايىنىدۇ. دەۋەتچىلىرى زاھىدلىق بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئەمما ئۇلار تەسەۋۋۇپنى (مەۋجۇت ئوقۇمى بويىچە) ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشتىكى ئەڭ يېقىن يول، دەپ قارايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- شەيخ مۇھەممەد يۇسۇف كاندھلىۋي: حياة الصحابة، قەلەم نەشرىياتى ــ دەمەشق، ئىككىنچى نەشرى، 1402ھ/1983م.
- فەتھي يەكەن: الموسوعة الحركية، بەشىر نەشرىياتى ـ ئەمان ـ ئىئوردانىيە، 1403ھ/1983م.
- مىيان مۇھەممەد ئەسلەم پاكىستانىي: جماعة التبليغ عقيدتها وأفكار مشايخها، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت پاكولتېتىغا سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالە، 1396ھ/1397ھ ــوقۇش يىلى.
- ھۈسەين ئىبنى مۇھسىن ئىبنى ئەلى ئىبنى جابىر: الطريق إلى جماعة المسلمين، دەۋەت نەشرىياتى ـ كۇۋەيت، بىرىنچى نەشرى، 1405ھ/1984م.
- فەتھي يەكەن: مشكلات الدعوة والداعية، رىسالە مۇئەسسەسىي ـ بېيرۇت ـ لىۋان، ئۈچىنچى باسمىسى، 1394ھ/1974م.
- د.تەقىييۇددىن ھىلالىي: السراج المنير.
- د.سادىق ئەمىين: الدعوة الإسلامية فريضة شرعية بشرية، ئىشچىلار جەمئىيىتى ھەمكارلىق باسمىخانىسى ــ ئەمان، ئىئوردانىيە، 1978م.
- سەئد ئىبنى ئابدۇرراھمان ھۈسەين: حقيقة الدعوة إلى الله تعالى وما اختصت به جزيرة العرب، شەيخ سالىھ ئىبنى فەۋزانۇل فەۋزان مۇقەددىمە يېزىپ بەرگەن.

www.munber.org

- سەئد ئەلھۇسەين: رأي آخر في جماعة التبليغ، ھازىرقى زامان ئىسلامىي پىكىر يۆزلىنىش بىرلىكىگە سۇنۇلغان ئىلمىي تەتقىقات ـ بەھرەين، 1405ھ/1985م.

www.munber.org

# ”نۇر ئۇقۇغۇچىلىرى“ (نۇرچىلار) ھەرىكىتى
# (تۈركىيە)

## ئېنىقلىما:

نۇر ئوقۇغۇچىلىرى ھەرىكىتى: بىر دىنىي ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، قورۇلما جەھەتتە ئىنتىزاملىق ھەرىكەتكە قارىغاندا تەسەۋۋۇپ تەرىقەتلىرىگە تېخىمۇ يېقىن. بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى دەۋىتىنى ئوسمانىيە خەلىپىلىكى يىقىلىپ، كامال ئاتا تۈرك ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كامالىزمچە سكولارىستىك ماسون كۈچىگە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە بىر ئىسلامىي ئېقىم شەكىللەندۈرۈپ، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىش، نەپسىنى تازىلاش ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرگەن.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ قورغۇچىسى شەيخ سەئىيد ئەننۇرسىي (1873م ـ 1960م) شەرقىي ئاناتولىيەگە قاراشلىق بىتلىس ئۆلكىسى ھازان رايۇنىدىكى ۋان كۆلىگە يېقىن نۇرس يېزىسىدا بىر كۇرد ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ تەلىماتىنى ئۆز يۇرتىدا ئىگەللىگەن. ياشلىق مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇنىڭ ھۇشيارلىق ۋە پەزىلەت ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرى بىلەن مۇنازىرىلەرگە چۈشكەن ۋە شۆھرىتى تارقىلىپ، "مەشھۇر سەئىيد" دەپ لەقەم قويۇلغان.

ـ ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئەقلىي ئىلىملەر بىلەن بىرگە، دىنىي ئىلىملەردىن ياخشى مەلۇمات ئىگەللىگەن. قۇرئان كەرىمنى يادلىغاندىن سىرت، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، ئات مىنىش قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن زاھىدلىق ۋە ئاددا ـ ساددا ھاياتنى تاللىغان.

ـ 1892 ـ يىلى شەيخ سەئىيد نۇرسىي ماردىنغا بارغان ۋە شەھەرنىڭ جامە مەسچىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەربىيە، يول كۆرسىتىش دەۋىتىنى باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇنى "تىبلىس"غا سۈرگۈن قىلغان ماردىن ۋالىسىغا يەتكەن.

ـ 1894 ـ يىلى نۇرسىي ۋان شەھرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش بىرگە ئالگېبرا، ئاسترونومىيە، خېمىيە، فىزىكا، گېئولوگىيە، پەلسەپە ۋە تارىخقا دائىر كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئۇلارغا ئىچكىرلەپ كىرگەن. ئۇ بۇ تېمىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئەسەر يازغان بولۇپ، ۋان شەھرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى، كەڭ ئىلمىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا "بەدىئۇززامان"، دەپ نام بىرىشكەن.

ـ 1896 ـ يىلى مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش شەكىلنى ئالدۇرۇش مەقسىتىدە زەھرا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا يۆتكىلىپ كەلگەن ۋە ئۇ يەردە بەدىئۇززامانغا يۇقىرى باھا بەرگەن مىسىر مۇپتىسى

www.munber.org

شەيخ مۇتىپىئىي (1333ھ ـ 1339ھ) نىڭ شەيخى شەيخ بەخىيت بىلەن ئۇچىرىشىپ قالغان.

ـ ئىتتىپاقداشلار قوشۇنى ئىستانبۇلغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلغان مۇجاھىدلار سېپىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ـ ئەسلىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك ۋە سۇيىقەست قىلىشتىن باشقا بىر نىيىتى بولمىغان، ئەمما بىرلىك، ھۆررىيەت ۋە ئىسلاھاتقا ئوخشىغان شۇئارلارنى كۆتىرىۋالغان بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ سۇيىقەست قىلىشى بىلەن 1908 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بەدىئۇززامان بىرلىك ۋە تەرەققىياتچىلار بىلەن ئوخشاش شۇئار كۆتۈرگەن. ئەمما ئۇنىڭغا ئىسلامىي روھ بېغىشلىغان ئىتتىھادىي مۇھەممەدىي جەمئىيىتىنى كۈچلەندۈرگەن. بۇنداق قىلغاندا تەرەققىياتچىلارنىڭ ماسونلارچە ھەققەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇلار پاناھلىنىۋالغان ئالدامچىلىقلارنى ئېچىپ تاشلىغىلى بولاتتى.

ـ ماسونىيلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن كاراسۇ ئىسىملىك بىر يەھۇدىينى ئەۋەتكەن. ئۇ بەدىئۇززاماننىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: "بۇ غەلىتە ئادەم سۆزلىرى ئارقىلىق مېنى ئېلىپ (ئىسلامغا) كىرگىلى تاسلا قالدى." دېگەن.

ـ 1911 ـ يىلى (1327ھ) سۈرىيەگە بېرىپ، دەمەشىققە ئورۇنلاشقان ۋە ئۇمەۋىيلەر جامەسىدە "شامىيە خۇتبىسى" دەپ تونۇلغان خۇتبىسىنى سۆزلىگەن. ئۇ بۇ خۇتبىسىدە ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

1 ـ مۇسۇلمانلاردىكى چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك.

2 ـ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتتىكى ئەخلاقنىڭ چىرىشى ۋە سەممىيەتنىڭ يوقىلىشى.

3 ـ مۇسۇلمانلار سېپىدە ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ يامراپ كېتىشى.

4 ـ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، ياردەملىشىش ۋە سۆيگۈ ئامىللىرىنىڭ يوقىلىشى.

5 ـ ئىستىبدادنىڭ تارقىلىشچان كېسەلگە ئوخشاش ئومۇملىشىشى.

6 ـ خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئومۇمنىڭ مەنپەتىنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ـ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈرك ئەسكەرلىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بىر گۇرۇپپا تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭدا سوبايلىق قىلغان. ئاخشاملىرى سەپداشلىرىغا ۋە ئەسكەرلىرىگە قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر دەرسلەرنى بەرگەن.

ـ روسلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلغان. ئەمما ئۇ قېچىپ، گېرمانىيە، بۇلغارىستانلار ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كىلەلىگەن. ئۇنى خەلىپە، شەيخۇل ئىسلام ۋە ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ئىنتايىن دەبدەبىلىك قارشى ئالغان ۋە دۆلەت ئۇنىڭغا ئۇرۇش مەدالىيونى بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئوسمانىيە دۆلىتىدىكى ئەڭ يوقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي مەجلىس ھېسابلىنىدىغان "دارۇل ھېكمە

www.munber.org

ئەلئىسلامىيە" نىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. 1923 - يىلى نۇرسىينىڭ پىكرى ھاياتىدا بىر يېڭى باسقۇچ باشلانغان. نۇرسىي، ئىمانى ساقلاپ قېلىش، بولۇپمۇ ياشلار سېپىدە ئىمانى ساقلاش قېلىش ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە كۆرسەتمە بېرىشنى كۆزلىگەن نۇر رىسالىلىرىنى يېزىش ئىشلىرى ئاكتىپلاشقان بۇ مەزگىلنى "يېڭى سەئىيد" دەپ ئاتىغان.

- مۇستەفا كامال ئاتاتۈرك (1880 - 1938م) ئاناتولىيەدە ئىسيان ئېلان قىلغاندا، بەدىئۇززامانى يېنىغا تارتىش ئۈچۈن ئورۇنغان ۋە ئۇنىڭغا ئالىي سارايى، يۇقىرى مەنسەپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئەمما ئۇ بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، سىياسەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك يۈز ئۆرىگەن ۋە "شەيتان ۋە سىياسەتتىن ئاللاھقا سېغىنىمەن" دېگەن سۆزىنى شۇئار قىلىپ، ئۆزىنى ئىبادەت قىلىشقا ۋە نەپسىنى تەربىيىلەشكە قاراتقان.

- خەلىپىلىك يېقىلغاندىن كېيىن تۈركىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان سېكولارىستلار ئۇنىڭ دەۋىتىدىن ئەندىشە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك قارشى تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ھاياتىنى تۈرمىدە، قېيىن - قىستاقتا، تۈرمىدىن سۈرگۈنگە، سۈرگۈندىن مەھكىمىگە يۆتكىلىش بىلەن ئۆتۈشكە مەجبۇرلىغان.

- مەھكىمىلەر ئۇنى بىر قانچە قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بىراق، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ھىمايىچىلىرىنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن يالتايغان.

- ئاخىرقى ھاياتىنى كىشىلەردىن يىراق ھالدا ئىسپارتادا ئۆتكۈزگەن. ۋاپاتىدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى رەسمىي رۇخسەت ئالماستىنلا ئۇرفاغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ ئۇرفادا پەقەت ئىككى كۈنلا ياشىغان. ئۇ، ھىجرىيە 1379 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 25 - كۈنى (23/3/1960) ۋاپات بولغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ بۇ جامائەتنىڭ پىكرى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەردە ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنىڭ پىكرىگە ئىلاۋە قىلغان كۆرىنەرلىك بىر نەرسىلىرىنى تېپىش قىيىن.

◈ بۇ جامائەت ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاساسەن ئەمەل قىلىدۇ.

◈ بۇ ھەرىكەت ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئىسلام ئەقىدىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدى. ئۇ يالغۇز ئىسلامغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئېغىر شارائىتلارغا ۋە بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان تاكتىكىلارغا دۇچ كېلەتتى، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن جازالىنىدىغان جىنايەت سانىلاتتى.

www.munber.org

◈ بەدىيئۈززامان شۈبھىلىك مەسىلىلەردىن يىراق تۇرىدىغان، زاھىد ۋە كەمتەر كىشى ئىدى. "شەكىلىك ئىشلارنى قويۇپ شەكلەنمەيدىغان ئىشلارغا يۈزلەنگىن" ئۇنىڭ دائىملىق شۇئارى ئىدى.

◈ سىياسەتتىن قول ئۈزۈش ۋە ئۇنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى، دەپ قاراش. بۇ قاراش، بەدىيئۈززامان بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ سىپىگە تارتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن مۇستەفا كامال ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش ۋە تىركىشىشتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. سەئىيد نۇرسىي 1923 ـ يىلى سىياسەتنى ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلاپ، ئەنقەرەدىن ئايرىلغان ۋە بۇ كۈننى "كونا سەئىيد بىلەن يېڭى سەئىيد" جەريانلىرىنىڭ پاسىلى، دەپ تەسۋىرلىگەن.

◈ بەدىيئۈززامان ئەسكى شەھەر تۈرمىسىدە مەھبۇس چېغىدا مەھكىمىگە مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ سۈپىزم تەرىقتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ سىپىدىن ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىدىڭلار، مەن سىلەرگە مۇنداق دەيمەن: بىزنىڭ دەۋرىمىز تەرىقەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەمەس، ئىماننى ساقلاپ قېلىشنىڭ دەۋرى. تەرىقەتسىزلا جەننەتكە كىرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما، ئىمانسىز ھېچكىم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ."

◈ ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىرىتانىيەنىڭ رەزىل ۋەزىرىنىڭ سۆيىقەستىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مەن ھاياتىمنى قۇرئان ئۈچۈن بېغىشلايمەن." ئۇ بۇ سۆزىدە، "مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا قۇرئانلا مەۋجۇت بولىدىكەن، بىزگە قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئاننى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرۇشىمىز لازىم." دېگەن نەزىرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىرىتانىيە مۇستەملىكىلىرى ۋەزىرى گلادستوننى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

ـ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر مېنىڭ مىڭ روھىم بولغان تەقدىردە، ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن پەقەت بىر ھەقىقەت ئۈچۈن ئۇلارنى پىدا قىلىشتىن ئىككىلەنمىگەن بولاتتىم... مەن ئىسلام مىللىتىدىن باشقا مىللەتنى ئېتىراپ قىلمايمەن... مەن، سىلەر تۈرمە، دەپ ئاتايدىغان بەرزەخنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى، مەن مېنى ئاخىرەتكە ئېلىپ بارىدىغان پويىزنى ساقلاۋاتىمەن.

ـ يەنە مۇنداق دېگەن: بىر پەزىلەتلىك شەيخ ئۈچۈن ئۇسۇلچىلارنىڭ كېيىمى مۇناسىپ بولمىغاندەك، ئىستانبۇلغىمۇ ياۋرۇپانىڭ مەدەنىيىتىنى كەيدۈرۈش مۇناسىپ ئەمەس."

◈ مەھكىمىلەردە بەدىيئۈززامانغا قارىتىلغان ئاساسلىق ئەيىبلەشلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

- سىكولارىستىك دۆلەت ۋە كامالىزم ئىنقىلاۋىنى يىمىرىشكە ھەرىكەت قىلىش.
- تۈركىيەدە دىندارلىق روھىنى قوزغاش.
- يوشۇرۇن جەمئىيەت قۇرۇش.



www.munber.org

- مۇستەفا كامال ئاتاتۈرككە ھۇجۇم قىلىش.

ئەمما ئۇ ئەيىبلەشلەرگە كۈچلۈك ھۆججەت، پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بەرگەن. بۇ خىلدىكى مەھكىمىلەر ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن تەشۋىقاتقا ئايلانغان.

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئۆزىنىڭ پائالىيەت ۋە دەۋىتىنى ئىلمانىزمنىڭ تەسىرىگە قارىشى كۆرەش قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

- ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

- بەشەريي (ئىنىق قىلىپ ئېيتقاندا سۋىتزىرلاند) قانۇنلارنى شەرئەت قانۇنىنىڭ ئورنىغا قويۇش.

- دىنى مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

- ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىشنى چەكلەپ، لاتىن ھەرپىنى تىقىش.

- ئەزاننىڭ كەلىمىلىرىنى ئەرەبچىدىن تۈركچىگە ئۆزگەرتىش.

- تۇرانچىلىك نەزىرىيىسىنى يەنى "تۈركلەر ھازارەتلەرنىڭ ئەسلىسى" دەيدىغان نەزىرىيىنى تىقىش.

- ئەرلەرنى بېشىغا دوپپا كىيىشكە، ئاياللارنى يالىڭاچلىققا، ھىجابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قىستاش.

- جۈمە كۈنىنىڭ ئورنىغا يەكشەنبە كۈننى رەسمىي ئارام ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتىش.

- قارا تون، ئاق سەللە كىيىشنى پەقەت دىنىي كىشىلەرگىلا خاس قىلىپ قويۇش.

- قۇرئان كەرىمنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ مەسچىتلەرگە تارقىتىش. (1350ھ/1931م).

- قۇربان ۋە رۇزا ھېيت پائالىيەتلىرىنى چەكلەش، ھىجرىيە كالىندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە مىراسخورلۇق سىستېمىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش.

- غەرب تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە ئادەت، ئەنئەنە، ئىنتىلىشلىرىدە ئۇنىڭغا تېۋىنىش.

- ئومۇمىيۈزلۈك ئاۋامدا، خۇسۇسەن يېتىلىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆچۈرۈش.

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆپ ساندىكى ياشلىرى ئېپپەتلىكلىكى ۋە پاكىزلىكلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلار پىتنە - پاسات، ئازغۇنلۇق ۋە ئۈچۈقچىلىق قاپلىغان بىر دەۋردە دىنىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ياشلاردۇر.

### ◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر قىسىم خاتالىقلىرى:



www.munber.org

- شۇ دەۋردىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى سىياسىي ھاياتنىڭ كۆپىنچىسىگە سىڭىپ كىرىۋالغان يەھۇدىيلارنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان ئىنتىزاملىق ئىسلامىي ھەرىكەت تەسىس قىلىپ چىقالمىغان. ئەمما، ئىنساپ بىزنى، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلىنىش دەۋرىدىكى شارائىت ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىققان شەكىلدىن باشقا شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

- بەدىئۇززاماننىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىتتىھادىي مۇھەممەدىينى قۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشى ئۇنىڭدىكى بىر ئۆتكۈنچى ئىنكاسنىڭ نەتىجىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىتتىھادچىلارنىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشى، ئۇنى ۋە دەۋىتىنى يوقىتىش، قەستلەش ئۈچۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان.

- بۇ ھەرىكەتنىڭ سىياسەتتىن قول ئۈزۈشى ۋە سەئىد نۇرسىينىڭ **1923** - يىلدىن كېيىن، "شەيتان ۋە سىياسەتتىن ئاللاھقا سېغىنىمەن" دېگەن شۇئارنى كۆتىرىپ چىقىشى ئەگەشكۈچىلىرىگە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سكولارستىك پارتىيىلەرنىڭ ئۆلجىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

- بەزىلەر ئۇنى، **1925** - يىلى مۇستەفا كامالغا قارشى خەلىپىلىك تەرەپتە تۇرۇپ ئىنقىلاب قوزغىغان شەيخ سەئىد كۇردىيغا ياردەم بېرىشتىن قول تارتقانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كامالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا دىيار بەكىردە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان مۇسۇلمانلار ئۆلگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى نۇرسىينىڭ بۇ پوزىتسىيىسىنى ئۇنىڭ ھوشىيارلىقى ۋە يىراقنى كۆرەر ئىكەنلىكىدىن، دەپ قارايدۇ.

- ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى ئۆزىنىڭ ئالدى بىلەن نەپس بىلەن جىھاد قىلىش، ئاندىن پىكىرلەنى يۇرۇتۇش ئۈچۈن دەۋەت ئېلىپ بېرىش، دېگەن پىكىردىن كېلىپ چىققان. بۇ ھەرىكەت، قەلبلەرنى ئىسلاھ قىلىش، قارشى مەيداندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مەيلى ئۇلار ھاكىم ياكى پۇخرا بولسۇن، ئېچكى ئۇرۇشلارغا كىرمەسلىك، تىنچ دەۋەت يولىدا چىڭ تۇرۇش، تەدرىجى تەرەققىي قىلىش، كاپىر ۋە زىندىقلاردىن تەركىپ تاپقان سىرتقى دۈشمەنلەردىن باشقىلارغا قارشى قۇراللىق جىھادقا كىرمەسلىك قاتارلىقلارغا چاقىرىدۇ.

- نۇر ھەرىكىتىنىڭ بەزى كىشىلىرىدە _ كېيىنكى مەزگىللەردە - ئايرىمچىلىق، ئۆزىنى يۇقىرى ساناش خاھىشلىرى پەيدا بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى دەۋەت، ۋەز - نەسىھەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىش جەھەتتە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

◈ بۇ ھەرىكەت، قۇرغۇچىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۈچ ئاساسىي قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن:

- سالامەت پارتىيىسىگە قاتناشقان قىسىم.

- تەرەپسىزلىكتە چىڭ تۇرغان قىسىم.

- ئۈچىنچى قىسىمى دېمىرال باشچىلىقىدىكى ئادالەت پارتىيىسى بىلەن بىرلەشكەن، سالامەت پارتىيىسى (رىفاق پارتىيىسى)نى ئۆچ كۆرىدىغان قىسىم بولۇپ، بۇ



www.munber.org

قىسمىنىڭمۇ قوللىغۇچى ۋە ھىمايە قىلغۇچىلىرى بار. بۇ ھەرىكەتنىڭ ياشلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئورۇنۇشلار مەۋجۇت. بۇ ھەرىكەتتە ئورۇن تۇتقان يېڭى ئاسىياچىلار گۇرۇپپىسى، ئۆزلىرى نەشىر قىلىدىغان «يېڭى ئاسىيا گېزىتى» ۋە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان «يېڭى نەسىل» ئىسىملىك باشقا بىر گېزىت بىلەن ئورتاق شەكىلدە ئېلىپ بارغان نەشىر ــ ئەپكارلىرىدا مىللى سالامەت پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى نەجمۇددىن ئەرباقانغا قارشى پائالىيەتلەردە بولىدۇ.

## ◈ پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ـ نۇر جامائىتى، تۈركىيە ۋە ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەقىدىسى بولغان ماترىيدىيە ئەقىدىسىدىكى ئەھلى سۈننەتكە مەنسۇپ ئىسلامىي جامائەتلەرنىڭ بىرى.

ـ بۇ جامائەت تەربىيەش ئۇسۇلىنى تاللىغان بولۇپ، نەپسلەردە ئىمانى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ بەزى جەھەتلەردىن سۈپىزم تەرىقەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

## ◈ تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

ـ نۇر جامائىتى ئاناتولىيەنىڭ شەرقىي غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بارلادىكى كۈردلار رايۇنىدا باشلانغان ۋە رۇم، ئىسپارتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايۇنلارغا، ئارقىدىن ئىستانبۇلغا تارقالغان.

ـ بۇ دەۋەت پۈتۈن تۈركىيە زېمىنىغا تارقالغان ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق ئورگانلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ـ ئۇنىڭ ئەزالىرى تەسىس قىلغۇچىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا 500 مىڭغا يەتكەن.

ـ بۇ جامائەتنىڭ پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىمۇ ھىمايىچىلىرى بار. شۇنىڭدەك، ئامېرىكىدىمۇ پائالىيەتلىرى بار بولۇپ، بۇلارغا "نۇر رىسالىلىرى ئېنىستىتوتلىرى" ئىسمى بىلەن قورۇلغان مەدرىسىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەركىب تاپقان تۈرك ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇستەفا زەكىي ئاشۇر: بديع الزمان (نظرة عامة عن حياته وآثاره).

www.munber.org

- د.مۇھەممەد سەئىيد رامادان ئەلبۇتىي: النورسي (حياته وبعض آثاره).

- فەتھىي يەكەن: الموسوعة الحركية (جزءان)، بەشىير نەشرىياتى، ئەممان ـ ئئوردانىيە، 1403ھ/1983م.

- ئابدۇلكەرىيم مەشھەدانىي: العلمانية وآثارها على الأوضاع الإسلامية في تركيا، رىياد خەلقئارا كىتابخانىسى ۋە دەمەشق خافقىين كىتابخانىسى باسمىلىرى، بىرىنچى نەشرى، 1403ھ/ 1983م.

- مۇستەفا مۇھەممەد: الحركة الإسلامية الحديثة في تركيا، غەربى گېرمانىيەدە بېسىلغان، بىرىنچى نەشرى، 1404ھ/1984م.

- ئىھسان قاسىم ئەسسالىھىي (تەھقىقلىغۇچى) المثنوي العربي النورسي، ئىراق.

- نۇرسىي: المثنوي النوري، د.مۇھەممەد ئابدۇسسالام كەفافىي تەرىپىدىن ھەم تەرجىمە قىلىنغان، ھەم ئىزاھات بېرىلگەن ۋە تەتقىق قىلىنغان. ئەسرىييە كىتابخانىسى ـ بېيرۇت، 1966م.

- سابىق تۈرك قوماندانى: الرجل الصنم كمال أتاتورك، ئابدۇللاھ ئابدۇرراھمان تەرجىمىسى، رىسالە مۇئەسسەسەسى، بېيرۇت ـ بىرلەشمە شىركەت، ئىككىنچى نەشرى، 1398ھ/1987م.

- شەيخ سەئىيد قۇرئان ۋە ھەدىسنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھەر خىل دىنىي، روھىي، نەپسىي ۋە ئەقلىي تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك قىيىنچىلىقلار توغرىسىدا 130 پارچىدىن ئارتۇق رىسالە يازغان بولۇپ، ئۇستاز قاسىم ئەسسالىھىي تەرىپىدىن بۇ رىسالىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار:

- سەئىيد نۇرسىي: قطوف أزاهير النور، ئانىي باسمىخانىسى، باغداد، 1983م.

- سەئىيد نۇرسىي: الحشر، كۇتتاب نەشرىياتى، باغداد، 1983م.

- سەئىيد نۇرسىي: الآية الكبرى، ئانىي باسمىخانىسى، 1983م.

- سەئىيد نۇرسىي: الإنسان والإيمان، ئىئتىسام نەشرىياتى، قاھىرە، 1983م.

- سەئىيد نۇرسىي: حقائق الإيمان، ئانىي باسمىخانىسى، باغداد، 1984م.

- سەئىيد نۇرسىي: زهرة النور، ئانىي باسمىخانىسى، باغداد، 1984م.

- سەئىيد نۇرسىي: الملائكة، زەھرا باسمىخانىسى، مۇسىل، 1984م.

- سەئىيد نۇرسىي: الشكر، قۇددۇس كىتابخانىسى، باغداد، 1984م.

- سەئىيد نۇرسىي: الشيوخ، زەھرا باسمىخانىسى، مۇسىل، 1984م.

- سەئىيد نۇرسىي: الإيمان وتكامل الإنسان، قۇددۇس كىتابخانىسى، باغداد، 1984م.



www.munber.org

بۇلاردىن باشقا شەيخ سەئىيد نۇرسىينىڭ تۆۋەندىكى كىتابلىرىمۇ بار:

- سەئىيد نۇرسىي: إشارات الإعجاز في مظان المجاز (بۇ ئۇنىڭ تۇنجى يازغان ئەرەبچە كىتابى.)

- سەئىيد نۇرسىي: الصيقل الإسلامي.

- سەئىيد نۇرسىي: التفكير الإيماني.

- سەئىيد نۇرسىي: ذو الفقار.

- سەئىيد نۇرسىي: رائدة الشباب.

- سەئىيد نۇرسىي: الخطبة الشامية.

- سەئىيد نۇرسىي: الخطوات الستة (بۇ كىتابتا ئىنگىلىزلارنىڭ سۈيىقەستلىرى ۋە رەزىللىكلىرى ئۈستىدە توختىلىدىغان بولۇپ، بۇ كىتاب كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىنگىلىزلارغا قارشى ئىنقىلاب قوزغاش ۋە ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى تىزلىتىشتە ھەسسە قوشقان.)

www.munber.org

## رادىكال جامائەتلەر: ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ساپ ئەقىدە ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇناسىۋەتلىك بۈيۈك ئارمانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھاياتنى بارلىق ئىغىرچىلىقلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇش دىنىدۇر. ئۇ مۆتىدىللىك دىنىدۇر، ماددا بىلەن روھ، غايىۋىيلىك بىلەن رېئاللىق، غايە بىلەن ۋاسىتىلەر ھەققىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلغان دىندۇر. رادىكاللىق، قېيىنلاشتۇرۇشتىن خالىي، ئېتىكىدە تۇترۇقسىزلىق بولمىغان بىر مۇۋازىنەت دىنىدۇر. ئىسلام دىنى باشقا دىنلارنىڭ ئارىسىدىكى مۆتىدىل دىن بولغىنىدەك، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئۈممەتنىڭ پىرقىلىرى ئارىسىدىكى مۆتىدىل پىرقىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى رادىكاللىق بىلەن پەرۋاسىزلىقنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال دىن بولۇپ، مەيلى مېتود، مەنبە، ئېتىقاد، ئەخلاق، يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا بولسۇن، دىنىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئەھلى سۈننەتنىڭ مۆتىدىللىكى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئەھلى سۈننەت ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بۇ خىل مۆتىدىللىك ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىشكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارغا بولسا، ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن.

رادىكاللىق ۋە بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىش يېقىن ۋە قەدىمقى زاماندىكى قىبلە ئەھلىنىڭ بەزى تائىپىلىرىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئېغىشلارنىڭ بىر قاتار كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل رادىكاللىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا بىر قانچە خىل سەۋەب بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:

1 - ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بىلمەسلىك، شەكلىك نەرسىلەرگە ئەگىشىش، شەرىئەتنىڭ نەسلىرىنى خاتا چۈشىنىش.

2 - ئۈممەتنىڭ سەلەپلىرىگە تىل ئۇزۇتۇش، ئۇلارنىڭ چۈشەنچە ۋە فىقھىلىرىنى رەت قىلىش.

3 - يەنە بىر تەرەپتىن چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش بىلەن تۇترۇقسىزلىقنىڭ ئۇچرىشىشى .

رادىكاللىق ۋە رادىكالچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن سەلبىي تەسىرى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېنسىكلوپېدىيە مۇسۇلمان ياشلارنىڭ رادىكاللىق ۋە پەرۋاسىزلىقتىن خالىي، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا ئوتتۇراھال يولنى تاللاپ مېڭىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم رادىكال جامائەتلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئۆتۈشكە ئېھتىياج تۇغۇلدى.

www.munber.org

# مۇسۇلمانلار جامائىتى
# (كاپىرغا چىقىرىش ۋە ھىجرەت جامائىتى)

## ئىپنقلىما:

◈ بۇ جامائەت ئۆزىنى "مۇسۇلمانلار جامائىتى" دەپ ئاتايدۇ، ئەمما ئاخبارات ساھەسى ئۇنىڭغا "كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە ھىجرەت جامائىتى" دەپ نام بەرگەن. بۇ، گۇناھ بىلەن كاپىرلىققا چىقىرىش مەسىلىسىدە خاۋارىجلارنىڭ مېتودىنى تۇتقان رادىكال ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، دەسلەپتە مىسىر تۈرمىلىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەزالىرى تۈرمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، پىكرىنى راۋاجلاندۇرغان، مىسىردا، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپەيگەن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ مىسىر تۈرمىلىرىدە كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە ھىجرەت جامائىتى ئىسمى بىلەن تونۇلغان مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ پىكىر ۋە پرىنسىپلىرى جانلانغان، بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ ھاكىمى جامال ئابدۇنناسىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1965 ـ يىلىدىكى قولغا ئېلىش دولقۇنى ۋە بۇ قولغا ئېلىش ئارقىسىدا سەييىد قۇتۇب، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ قەتل قىلىنىشىدىن كېيىن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەن.

◈ تۈرمىلەردىكى دىيانەتلىك كۆچلۈك مۇسۇلمانلار تىلغا ئېلىنسىلا بەدەنلەرنى تىكەنلەشتۈرىۋېتىدىغان تۈرلۈك ئازابلارنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى كۆز ئالدىلىرىدا قىيناش دەستىدىن شېھىت بولۇپ كەتكەن، زالىملار ئۇلارغا قىلچىمۇ رەھىم قىلمىغان. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق مۇھىتتا رادىكاللىق ئاپىرىدە بولغان، كاپىرلىققا چىقىرىش ئىدىيىسى يېتىلگەن ۋە قوللاشقا ئېرىشكەن.

◈ 1967 ـ يىلى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى تۈرمىدىكى بارلىق دەۋەتچىلەردىن دۆلەت رەئىسى جامال ئابدۇنناسىرنى ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ مەسىلىدە مەھبۇسلار ئۈچ گورۇپپا ئايرىلغان:

ـ بىر قىسىم كىشىلەر، تۈرمىدىن چىقىرىلىشى ۋە خىزمەتلىرىگە قايتىشلىرىنى كۆزلەپ، رەئىس ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىنى دەرھاللا ھىمايە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق دەۋەتچىلەرنىڭ نامىدىن سۆزلىگەنلىكلىرىنى دەۋا قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاسۇسلار بولۇپ، ئىسلامىي ھەرىكەت ئىچىدە بەشىنچى سەپ كىشىلەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بەزىلىرى ھەقىقىي جاسۇسلار بولمىسىمۇ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە جامائەتكە قېتىلغان سىياسەتچىلەر ئىدى.

ـ ئەمما قاماقتىكى دەۋەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سۈكۈت قىلغان، زورلىنىش ۋەزىيىتىدە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ھىمايىمۇ قىلمىغان، قارشىمۇ تۇرمىغان.

www.munber.org

- ئاز ساندىكى بىر قىسىم ياشلار ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلغان، رەئىس ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىنى كاپىر دەپ ئېلان قىلغان. ھەتتا، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلغان پۇقرالىرىنى ئىسلامدىن چىقىپ كەتتى، دەپ ھېسابلىغان. ئۇلارنى كاپىر دېمىگەنلەر كاپىر، ھۆكۈمدارلارنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرى كاپىر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا رۇزا، نە نامازنىڭ پايدىسى يوق، دەپ قارىغان. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىسى ۋە پىكىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى شەيخ ئەلى ئىسمائىل ئىدى.

## بۇ جامائەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشلىرى:

◈ شەيخ ئەلى ئىسمائىل: بۇ كىشى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ گورۇپپىنىڭ تۇرمىدىكى يېتەكچىسى بولۇپ، ئەزھەرنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، ئۇستاز سەييىد قۇتۇب بىلەن ئۆلۈم ئىجرا قىلىنغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى شەيخ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنىڭ بىر توققىنىدۇر. شەيخ ئەلى شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە، جامائەتتە كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە باشقىلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش پرىنسىپلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنى گويا كىتاب ۋە سۈننەتتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدىكى ھاياتىدىن دەلىللىرى بار شەرئىي ئىشلاردەك قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ مەسلىدە خاۋارىجلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ ئەمما ئۇ ھەقىقەتكە قايتىپ، ئۆزى چاقىرغان شۇ تۈردىكى پىكىرلەردىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

◈ شۇكرىي ئەھمەد مۇستەفا (ئەبۇ سەئد)، **1942** ـ يىلى ئەسيۇت ناھىيىسىنىڭ ھەۋاتكە يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ **1965** ـ يىلى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇ **23** ياشتىن ئاشمىغان ئىدى.

- شەيخ ئەلى ئىسمائىل پىكىرلىرىدىن قايتقاندىن كېيىن، تۈرمە ئىچىدە جامائەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان.

- **1971** ـ يىلى قاماقتىن بوشىتىلغان. يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، جامائىتىنىڭ ئىدارە ھەيئىتىنى تەشكىللەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ قوماندانى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى سۈپىتىدە بەيئەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە ۋە رايونلارغا باشلىقلارنى تەيىنلىگەن ۋە جامائەتنىڭ مەخپىي مەركەزلىرى سۈپىتىدە قاھىرە، ئىسكەندەرىيىيە، جىيزە ۋە بىر قىسىم قەبىلىلەر رايونلىرىدا قانچىلىغان ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئالغان.

- **1973** ـ يىلى ھىجرەتكە ئائىت پىكىرلىرىنى تەتبىقلاش مەقسىتىدە، مال ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، ئۆزلىرىنى كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر ۋە ئاق قۇراللار بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ ئەزالىرىنى تاغلىق رايونلارغا، ئەلمىنيا ناھىيىسىدىكى ئەبۇ قەرقاس ئەتراپىدىكى ئورمانلىقلارغا چىقىشقا بۇيرۇق بەرگەن.

- **1973** ـ يىلى **26** ـ ئوكتەبىر كۈنى بۇ ئىشلىرى سەۋەپلىك مىسىر بىخەتەرلىك كۈچلىرى بىلەن تىركىشىپ قالغان. بۇ تىركىشىشتە ئۇ قولغا ئېلىنىپ، مىسىر دۆلەت

www.munber.org

بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن 1973 - يىلى 618 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن مەھكىمىگە بېرىلگەن.

- 1973 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەنى 1974 - يىلى 21 - ئاپرىلدا جۇمھۇرىيەت تەرىپىدىن شۇكرىي مۇستەفا ۋە ئۇنىڭ جامائىتىنى كەچۈرۈم قىلىش قارارى چىققان. ئەمما ئۇ بۇ پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن باشلىغان. ئۇ بۇ قېتىم پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئاكتىپ شەكىلدە ئېلىپ بارغان، جامائەتنىڭ ئاساسىنى كېڭەيتىش، سەپلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. مىسىرنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدىن جامائەتكە يېڭى ئەزالارنى قوشقان، بىر تۈركۈم كىشىلەرنى بۇ جامائەتنى مالىيە بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە چەتئەللەرگە ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىر قانچە دۆلەتكە تارقالغان.

- شۇكرىي مۇستەفا ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنى دەۋەت، ئەمەل، ناماز ۋە ئۆگۈنۈشلەر بىلەن مەشغۇل قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى جەمئىيەتتىن يىراق تۇتقان، ئەزالىرى بارلىق ئېھتىياجلىرىدا جامائەتكە تايىنىدىغان بولغان. ئەزالىرى ئىچىدىن ئېغىپ كەتكەنلەر تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ، جامائەتنى تاشلاپ كەتسە كاپىر، ھېسابلىنىدۇ. جامائەتنىڭ سىرتىدىكى پۈتۈن جەمئىيەت كاپىر، دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىلىدۇ، يوقىتىلىدۇ.

- گەرچە شۇكرىي مۇستەفا چىقىرىدىغان قارارلىرىدا بىر مۇستەبىت كىشى بولسىمۇ، ئەگەشكۈچىلىرى جامائەتكە دەسلەپ كىرگەندە ئۇنىڭغا قىلغان بەيئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ.

- ھەممىگە مەلۇم ۋە ئېنىقكى، بۇ جامائەت بولۇپمۇ مىسىرنىڭ سابىق ۋەقپلەر مىنىستىرى شەيخ مۇھەممەد ھۇسەين ئەززەھەبىينىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن كېيىن، مىسىر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇشقا دۇچ كەلگەن. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن جامائەتنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك تىركىشىشلەردىن كېيىن، جامائەتنىڭ يۈزلىگەن كىشىلىرى قاماققا ئېلىنىپ، 6 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن مەھكىمىگە بېرىلگەن، بۇ مەھكىمە باشتا شۇكرىي مۇستەفا، ماھىر ئابدۇلئەزىز بەكرىيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جامائەتنىڭ بەش رەھبىرىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان، قالغان ئەزالىرىغا ئوخشىمىغان مۇددەتلەر بويىچە ھۆكۈمنامە چىقىرىلغان.

- 1978 - يىلى 30 - مارت، سادات قۇددۇسقا سەپەر قىلغان كۈنى شۇكرىي مۇستەفا ۋە سەپداشلىرىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان.

- جامائەت قاتتىق زەربىگە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، پائالىيەتلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ئارقىلىق جامائەتنىڭ ۋۇجۇدى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، مەيلى تۇرمىدە ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن ئۇلار بىلەن سۆھبەت، مۇنازىرىلەرنى قىلىپ تۇرىدىغان سەلەپى ئەقىدىسى ۋە مېتودىغا ئىگە ئىسلام ئويغىنىش ئېقىمىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تەسىرى يوق. سۆھبەت ۋە مۇنازىلەر ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئەقلىنى تېپىشىغا ۋە جامائەتتىن قول ئۈزۈشىگە ئېلىپ بارغان.

www.munber.org

◈ ماھىر ئابدۇلئەزىز زىناتىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ): مۇستەفا شۆكرىينىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ۋە مىسىردىكى جامائەتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىكى مۇئاۋىنى. ئۇ جامائەتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرى مەسئۇلىي ئىدى. شەيخ مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبىي مەسىلىسىدە، 1977 ـ يىلى، 6 ـ نويابىرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇستەفا شۆكرىي بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈم ئىجرا قىلىنغان. ئۇنىڭ «ھىجرەت» ناملىق كىتابى بار.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ كاپىرلىققا چىقىرىش بۇ جامائەتنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىدىكى ئاساسلىق ئامىل.

ـ ئۇلار گۇناھىي كەبىرە سادىر قىلغان، تەۋبە قىلماستىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بارلىق كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان ھۆكۈمدارلارنى مەسىلىنىڭ تەپسىلاتىغا كىرمەستىنلا كەسكىن ھالدا كاپىرغا چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ كاپىرغا چىقىرىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار شۇ ھۆكۈمدارلارغا رازى بولغان، ئۇلارغا ئەگەشكەن بولۇپ، بۇلارنىمۇ سوروشتۇرمەستىنلا كاپىرغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆلىمالارنىمۇ كاپىرلار قاتارىغا چىقىرىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار يۇقىرىقى كىشىلەرنى كاپىرغا چىقارمىغان. ئۇلار يەنە، پىكىرلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ جامائىتىگە قېتىلمىغان ۋە ئىمامىغا بەيئەت قىلمىغان بارلىق كىشىلەرنى كاپىرلار قاتارىغا چىقىرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ جامائىتىگە قوشۇلۇپ، كېيىن تاشلىۋەتكەن كىشى مۇرتەد بولۇپ، قېنى ھالال سانىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرى يەتكەن تۇرۇغلۇق، ئۇلارنىڭ ئىماملىرىغا بەيئەت قىلمىغان ئىسلامىي جامائەتلەرمۇ دىندىن چىققان دۈشمەن كاپىرلاردۇر.

ـ ئىماملارنىڭ سۆزلىرى، ئىجماﺋ، ھەتتا ساھابىلەرنىڭ ئىجماسى بولسىمۇ، ياكى قىياس، مەسالىھ مۇرسەلە، ئىستىھسان ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان فىقھىي مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلغان بارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇشرىك، كاپىردۇر.

ـ ئاللاھنى قويۇپ تەقلىدچىلىكتىن ئىبارەت «بۇت»نى مۇقەددەسلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھىجرىيە تۆتىنچى ئەسىردىن كېيىنكى بارلىق ئىسلامىي دەۋرلەر كۇپۇر ۋە جاھالەت دەۋرىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن، ھۆكۈملەرنى دەلىللىرى بىلەن بىلىش شەرت بولۇپ، ئۇلارچە دىنىنىڭ ھېچبىر ئىشىدا تەقلىد قىلىش جائىز ئەمەس.

ـ ھەتتا توغرا يولدىكى خەلىپىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ساھابىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى دەلىل بولالمايدۇ.

◈ ھىجرەت جامائەتنىڭ پىكرىدىكى ئىككىنچى ئامىل بولۇپ، بۇنىڭدا جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن يىراق تۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھازىرقى بارلىق جەمئىيەتلەر جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئايرىم تۇرۇش ئورۇن ۋە ھېس جەھەتتىن ئايرىم تۇرۇش بولۇپ، پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككە دەۋرىدە ياشىغاندەك (ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بويىچە) ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مۇھىتتا ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

- مۇسۇلمانلار، ئىسلام ئاجىزلاشقان ھازىرقى باسقۇچتا مۇسۇلمانلار (كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە ھىجرەت) جامائىتى ئارقىلىق ئىسلامغا بولغان سۆيگۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېسسى ئايرىمچىلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتەرلىك كۈچكە ئېرىشكەنگە قەدەر جىھاد قىلماي تۇرۇشى لازىم.

◈ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام تارىخىنىڭ قىممىتى يوق؛ چۈنكى تارىخ، پەقەت قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئەڭ گۈزەل قىسسىلەردۇر.

◈ يەنە، تەھقىقلىغۇچى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى، ئاساسلىق تەپسىر ۋە ئەقىدە كىتابلىرىمۇ ئەھمىيەتسىز؛ چۈنكى قەدىم ۋە يېقىنقى زاماندا ئۈممەتنىڭ ئۆلىمالىرى (ئۇلارنىڭ دەۋالىرىغا كۆرە) ئىسلامدىن چىققان مۇرتەدلەردۇر.

◈ ئۇلار پەقەت كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئېلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئۇلارمۇ باشقا بىدئەتچىلەرگە ئوخشاشلا، بىر پىكىرنى توغرا دەپ قاراپ، قۇرئاننىڭ ئىبارىلىرىنى ئۇنىڭغا بورايدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە توغرا كەلگەن سۈننەتنى قوبۇل قىلىدۇ، توغرا كەلمىگەننى رەت قىلىدۇ ياكى دالالىتىنى رەت قىلىشقا ئورۇنىدۇ.

◈ «بىز ساۋاتسىز ئۈممەتمىز...» دېگەن ھەدىسنى خاتا تەۋىل قىلىپ، ساۋاتسىزلىققا چاقىرىدۇ. پاكولتېتلارنى تاشلاش، ئىسلامىي ياكى غەيرى ئىسلامىي ئىنىستىتوت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىشتىن چەكلەشكە چاقىرىدۇ؛ چۈنكى بۇلار تاغۇتلارنىڭ مۇئەسسەسەلىرى بولۇپ، زىيانلىق مەسچىتلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

- ساۋاتسىزلىقنى تۇگىتىش چاقىرىقىنى كىشىلەرنى ئىسلامنى ئۆگىنىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، كاپىرلارنىڭ ئىلىملىرى بىلەن ئاۋارە قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەھۇدىيلارنىڭ چاقىرىقىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئىلىم پەقەت ئۇلارنىڭ ئايرىم ئولتۇرۇشلىرىدىلا ئېلىنىدىغان ئىلىمدۇر.

◈ جۈمە نامىزىنى، مەسچىتلەردە جامائەتلەرنى تەرك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ چۈنكى مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى زىيانلىق مەسچىتلەر، ئىماملىرى كاپىر ئىماملاردۇر. پەقەت ھەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر مەسچىتى، قۇبا مەسچىتى ۋە ئەقسا مەسچىتىدىن ئىبارەت تۆت مەسچىت بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئىمام ئۆزلىرىدىن بىر كىشى بولغان تەقدىردە ئۇلاردا ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ.

◈ ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرى شۇكرىي مۇستەفانىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ كۈتىلىۋاتقان مەھدىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جامائىتى ئارقىلىق ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرمىغان ئىسلامنىڭ بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

- بۇلارغا ئاساسەن، جامائەتنىڭ رولى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان يەرشارى خاراكتېرلىك بىر ئۇرۇش ئارقىلىق زامانىۋىي بومبا، ئايروپىلان ۋە باشقا قوراللار مۇنقەرز بولۇپ، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانلار ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش، قىلىچ،

www.munber.org

ئوقيا، شەمشەر... لەر ئارقىلىق ئۇرۇشىدىغان ئەھۋال مەيدانغا كەلگەندە ئاندىن باشلىنىدۇ.

◈ جامائەتنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىق ۋە مۇتلەق ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكلىرىنى، بارلىق ئۈممەتكە ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرگە قارشى چىقىش ھەقلىرى بارلىقىنى، دەۋا قىلىشىدۇ.

ـ ئۇلارنىڭ دەۋىتى ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ئەڭ مۇھىم كىتاب كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنى تاشلاپ چىققان جامائەتنىڭ ئەزاسى ئابدۇرراھمان ئەبۇلخەيرنىڭ "ذكرياتي مع جماعة المسلمين – التكفير والهجرة" ناملىق كىتابىدۇر.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسى قەدىمىي مەسىلە بولۇپ، خاۋارىجلار دەۋرىدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىسلام پىكىر تارىخىدا يىلتىزى بار. ئۇ، بىر قانچە ئەۋلادتا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئىزلارنى قالدۇرغان. بۇ ھادىسە ئۆلىمالار زىكىر قىلىپ ئۆتكەن بىر قانچە خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئويغانغان بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

ـ ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە، نە ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن، نە زالىم تاغۇتلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ كەتكەن ئىسلام جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن ھېساب ئېلىنمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، چىرىكلىك، پىتنە ـ پاسات ۋە دىنسىزلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى.

ـ مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشى، تۈرمىلەرنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرى بىلەن توشقۇزۇلۇشى ۋە مەۋجۇت بولغان بارلىق قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، قىيىنغۇچى ۋە گۇندىپايلار تەرىپىدىن كۇپۇرغا ياتىدىغان سۆزلەرنىڭ سادىر بولۇشى.

ـ مۇشۇ خىل قىيىن شارائىتتا يېزىلغان بۇ خىل پىكىرلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر قىسىم ئىسلامىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشى ۋە بۇ پىكىرنى مۇشۇ جامائەت (كاپىرغا چىقىرىش ۋە ھىجرەت)نىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ئۇنىڭغا رادىكاللىق ۋە زورۋانلىق تۈسىنى بېرىشى.

ـ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان نەرسىلەر: دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇشنىڭ ئاجىزلىقى، نەسلەرنى چۈشىنىشتە زاھىرى (سىرتقى) غا قاراش، ھارامغا چىقىرىشقا ئالدىراش، ئوقۇملارنى ئارىلاشتۇرىۋېتىش، بەزى ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبەرلىرىدىكى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودى ۋە ئەقىدىلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشلەردىن باشقا ئېنىق ھۆكۈملەرنى تاشلاپ قويۇپ، شۈبھىلىك مەسىلىلەرگە ئەگىشىش، تارىخ، رىئاللىق، كائىنات ۋە ھاياتنىڭ سۈننەتلىرى، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودلىرىغا نىسبەتەن تونۇشنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت.

www.munber.org

## تارقالغان رايونلار:

بۇ جامائەت مىسىرنىڭ كۆپ ساندىكى ناھىيىلىرىگە، بولۇپمۇ مىسىر ئىگىزلىكىگە تارقالغان. ئۇنىڭ يەنە يەمەن، ئىئوردانىيە، ئالجىرىيە... ۋاھاكازالار قاتارلىق بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئادەملىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: بۇ جامائەت، گۇناھنى كەبىرە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بارلىق كىشىلەرنى، پۈتۈن ھۆكۈمدارلارنى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، قارا ـ قويۇق كاپىرغا چىقىرىدىغان خاۋارىجلارنىڭ پىكرىنى جانلاندۇرغان بىر رادىكال جامائەتتۇر. شۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ باشقۇرىشىغا رازى بولغان بارلىق پۇخرالارنىڭ قارا ـ قويۇق ھەممىسىنى كاپىر، دەپ قارايدۇ. ئۇ ھۆكۈمدارلارنى كاپىرغا چىقارمىغان ئۆلىمالارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ. بۇ جامائەتنىڭ پىكرىدە ھىجرەت ئىككىنچى ئامىل بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتىغىنى جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى ماكان ۋە ھېسسى جەھەتتىن تاشلاپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ جاھىلىيەتنىڭ ئىبادەت ئورۇنلىرى (بۇنىڭدا مەسچىتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ) دىن يىراق تۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىگە نىسبەتەن ئېنىق پۈزىتسىيەدە بولۇش ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى ئوقۇمىنى تارقىتىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جامائەتنىڭ پىكىر ۋە مېتودلىرىنىڭ، ھۆكۈم قوبۇل قىلىش، دەلىل كەلتۈرۈش مەنبەلىرى، ئىمان ۋە كۇپۇر مەسىلىلىرى ۋە بۇلاردىن باشقا يۇقىرىدا بايان قىلغان مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننەتنىڭ ۋەلجامائەنىڭ مېتودلىرىغا قانچىلىك خىلاپ كېلىدىغانلىقى ھېچقانچە سىر ئەمەس.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

(ئا) جامائەتنىڭ كىتاب ۋە كىتابچىلىرى (قولىيازمىلار):

- شۇكرىي مۇستەفا ئەبۇ سەئد: رسالة الحجيات.
- شۇكرىي مۇستەفا ئەبۇ سەئد: رسالة التوسمات.
- شۇكرىي مۇستەفا ئەبۇ سەئد: كتاب الخلافة.
- ماھىر بەكرىي ئەبۇ ئابدۇللاھ: رسالة الهجرة.
- ماھىر بەكرىي ئەبۇ ئابدۇللاھ: رسالة إجمال تأويلهم والرد عليها.
- ئابدۇرراھمان ئەبۇلخەير: ذكرياتي مع جماعة المسلمين – التكفير والهجرة، كۇۋەيت، 1980م.

(ب) جامائەتنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ كىتاب ۋە كىتابچىلىرى:

- رىچارد گىرر دكمجيان: الأصولية في العالم العربي، ۋەفا نەشرىياتى ـ مەنسۇرە.
- د.يۇسۇف قەرداۋىي: ظاهرة الغلو في التكفير، ئىئتىسام نەشرىياتى ـ قاھىرە.



www.munber.org

- **سالىم بەھەنساۋي:** الحكم وقضية التكفير المسلم، **كۇۋەيت – 1981م.**

- **ھەسەن ھۇزەيبىي:** دعاة لا قضاة، **قاھىرە - 1977م.**

- **ئابدۇرراھمان ئەللۇۋەيھىق ئەلمۇتەيرىي:** الغلو في الدين.

- **ئابدۇللاھ ئەلقەرنىي:** ضوابط التكفير عند أهل السنة والجماعة.

- **مۇھەممەد سۇرۇر ئىبنى نايىف زەينۇلئابىدىن:** الحكم بغير ما أنزل الله وأهل الغلو.

- **نوئمان سامىرائىي:** التكفير جذوره، أسبابه، مبرراته.

- **مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئال شەيخ:** تحكيم القوانين.

- **ئىسھاق ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەسەن ئال شەيخ:** حكم تكفير المعين والفرق بين قيام الحجة وفهم الحجة.

- **ئىبنى تەيمىييە:** الإيمان الأوسط.

- **لالكائىي:** أصول إعتقاد أهل السنة والجماعة.

- **رەجەب مۇختار مەزكۇر:** التكفير والهجرة وجها لوجه.

- **شەيخ ئەلبانىينىڭ كاپىرلىققا چىقىرىش جامائىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنازىرىسى - ئىئوردانىيە (لىنتا).**

- **مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلمۇقەددەم:** مناقشة حد الإسلام وحد الإيمان، "سلسلة قضايا الكفر والإيمان". **(لىنتا).**

www.munber.org

# خەلىپىلىكنى قايتىدىن تىكلەشكە چاقىرىدىغان جامائەتلەر

## ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام خەلىپىلىكى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋىجدانىدىكى بۈيۈك ئىسلامىي ئۈمىدكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، خەلىپىلىكنى قايتا تىكلەشنىڭ ئۈنىڭغا چاقىرىدىغانلارنىڭ نەزىرىدە بىر قانچە خىل ئوقۇمى بار:

1 ـ دىننى دۆلەت بىلەن باغلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامىنى ئۆلارنىڭ ئىمانى ۋە ئەمەلىي ھاياتلىرىنىڭ قوماندانى قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىنى بېشىدىكىلىرىنى ئىسلاھ قىلغان نەرسە بىلەن ئىسلاھ قىلىش.

2 ـ ئىسلامنىڭ دىن ۋە دۆلەت سۈپىتىدە ھاياتنىڭ يېڭىلىقلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش سالاھىيىتىنى تەكىتلەش، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ غالىپلىقىنى تەكىتلەش. بۇنىڭ بايانى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۈيۈك ئىسلامىي فەتھلەر پەقەت ئىسلامىي خەلىپىلىك ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3 ـ ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ مۇستەقىل سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاش.

4 ـ ئىسلام ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە يىگانىلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ شەنىنىڭ يۈكسىلىدە، ئەقىدىسىنىڭ ھاكىم بولۇشىدا ۋە بايرىقىنىڭ لەپىلدىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قۇرئان ئارقىلىق ئىشقا ئاشمىغاننى سۇلتان ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەش.

ئەگەر خەلىپىلىك ئۇنىڭ ھىماچىلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇ مەنەلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز بۇ ئانسىكلوپېدىيىمىزدە ھىزبۇتتەھرىر ۋە مىسىردىكى ئىسلام جامائىتى ئارقىلىق بۇلارنى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىشىمىز زۆرۈردۇر.

بۇ ئىككى جامائەتنىڭ پىكىرلىرى ئىسلام خەلىپىلىكنى قايتىدىن تىكلەشكە قادىرمۇ؟ بىز بۇنى ئېنسىكلوپېدىيە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ خۇلاسە چىقىرىشىغا قالدۇرىمىز.

www.munber.org

# هزبۇتتەهرىر (ئازاتلىق پارتىيىسى)

## ئېنىقلىما:

هىزبۇتتەهرىر بىر خىل ئىسلامىي سىياسىي پارتىيە بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئوقۇملىرى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى مەلۇماتلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا چاقىرىش، ئىسلام خەلىپىلىكى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلارغا چاقىرىدۇ ۋە بۇ پىكىرلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەرىكەت تەرىپىدىن كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان تۈرلۈك شەرئىي ئىجتىهادلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ قۇرغۇچىسى شەيخ تەقىيۇددىن نەبهانىي **1326 ـ 1397**ھ (**1908 ـ 1977**م): پەلەستىنلىك بولۇپ، پەلەستىننىڭ ھەيفاغا قاراشلىق بىر يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ئوقۇشىنى يېزىسىدا تاماملىغاندىن كېيىن، ئەزهەرگە، كېيىن قاھىرەدىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن پەلەستىنگە قايتقان ۋە بىر قانچە شەھەردە قازىلىق قىلغان.

ـ **1948** ـ يىلىدىكى ۋەيرانچىلىقتىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن ۋەتىنىنى قويۇپ، بېيرۇتقا كۆچكەن.

ـ كېيىن، بەيتۇلمۇقەددەستىكى شەرئەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىقىغا، ئارقىدىن ئۇممانىدىكى ئىسلام پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن.

ـ **1952** ـ يىلى پارتىيىسىنى تەسىس قىلىپ ئۇنىڭ مەسئۇللىقى ۋە پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىي مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان كىتاب ۋە نەشىر ئەپكارلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. بېيرۇتتا ۋاپات قىلىپ، شۇ يەرگە دەپىن قىلىنغانغا قەدەر، ئىئوردانىيە، سۈرىيە، لىۋان قاتارلىق رايونلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن.

◈ نەبهانىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ پارتىيىگە پەلەستىننىڭ خەلىل شەھرىدە تۇغۇلغان ئابدۇلقەدىيم زۇلۇم رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ ئەزهەرنى پۈتتۈرگەن ئالىمدۇر. ئۇنىڭ "خەلىپىلىك ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىندى" ۋە "خەلىپىلىك دۆلەتتە مال ـ مۈلۈك"ناملىق كىتابلىرى بار.

◈ ئەلى فەخرۇددىن، تاللۇل بەسات، مۇستەفا سالىھ، مۇستەفا نەھھاس ۋە مەنسۇر ھەيدەرلەر سۇنغان تەلەپلەرگە ئاساسەن ھىجرىيە **1378** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ **19** ـ كۈنى بۇ پارتىيىنىڭ لىۋاندا شۆبىسى تەسىس قىلىنغان.

◈ شەيخ ئەھمەد دائۇر: پەلەستىننىڭ قەلقىيلىيا رايونىدىن بولۇپ، ئەزهەرنى پۈتتۈرگەن ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ، پارتىيىنىڭ ئىئوردانىيەدىكى شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. **1969** ـ يىلى پارتىيىنىڭ ھۆكۈمەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئورۇنىشى



www.munber.org

ئارقىسىدا قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. كېيىن بۇ ھۆكۈم بىكار قىلىنغان.

◈ ئابدۇلئەزىز بەدرىي: باغداد ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تونۇلغان ئىسلام دەۋەتچىسى، ئۇ گۇللىنىش پارتىيىسى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان.

◈ ئادۇكات ئۇستاز ئابدۇرراھمان مالىكىي: دەمەشىقتىن بولۇپ، ئۇ "ئۆلگىلىك سىياسىي ئىقتىساد" ۋە "جازا تۈزۈمى" ناملىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى.

◈ ئۇستاز غانىم ئەبدۇھ: ھازىر ئۇممانىدا ياشايدۇ. ئۇ "ماركسىزمچە سوتسىيالىزمنىڭ يىمىرىلىشى" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

◈ 1984 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ھىزبۇتتەھرىر (ئازادلىق پارتىيىسى)گە تەۋە 23 كىشىنىڭ مىسىردا مەھكىمىگە ئېلىپ چىقىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇلغەنىي جابىر سۇلەيمان (ئىنژىنېر)، سالاھۇددىن مۇھەممەد ھۇسەين (خىمىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور)، بۇ ئىككىسى ئاۋىستىرىيەدە تۇراتتى. پەلەستىنلىك كامال ئەبۇ لىھيە (ئېلېكترونىك پەنلىرىدە دوكتور بولۇپ، شۇ چاغدا گېرمانىيە ئىتتىپاقىدا تۇراتتى)، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئالائۇددىن ئابدۇلۋاھھاب ھەججاج.. قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى:

◈ ئۇلارنىڭ غايىسى، بىرىنچى بولۇپ ئەرەب ئەللىرىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامىي ھاياتنى قايتۇرۇپ كېلىش، ئارقىدىن ئىسلام خەلىپىلىكى تىكلەش. بۇلاردىن كېيىن دەۋەتنى ئىسلام ئۇممىتى ئارقىلىق ئىسلامىي بولمىغان ئەللەرگە تارقىتىش.

◈ بۇ پارتىيىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە ھاللاردا كۈچىنى مەدەنىي ساھەگە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرىنچى بولۇپ ئىسلامىي شەخسلەرنى، ئىككىنچى بولۇپ ئىسلام ئۇممىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تايىنىدۇ. بۇ پارتىيە ئۆزىگە مەنسۇپ كىشىلەردە بۇ ساھەنى جانلاندۇرۇشقا ئىنتايىن كۈچلۈك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

◈ بۇ پارتىيە ئىسلامغا بولغان ئىشەنچنى بىر تەرەپتىن ئىلمىي پائالىيەتلىرى، ئىككىنچى تەرەپتىن سىياسىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق تىرىلدۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرىدۇ:

ـ ئىلمىي پائالىيەت: "مىليۇنلىغان كىشىلەرنى جامائەت شەكلىدە ئىسلامىي مەدەنىيەت بىلەن قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئەھۋال، پارتىيىنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى، ئۇلارنى ئىسلام بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ مۇنازىرە، سۇئال، شەك ـ شۈبھىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ." ("ئاساسلىق چۈشەنچىلەر" ناملىق كىتابنىڭ 87 ـ بەت).

www.munber.org

ـ سىياسىي پائالىيەت: مەيدانغا كەلگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بۇلارنى ئىسلامنىڭ پىكرى ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا ۋە ساغلاملىقىنى دەلىللەيدىغان شەكىلدە ئىزاھلايدىغان قىلىش. ("نداء حار"، ناملىق كىتاب، 96 ـ بەت)

◈ بۇ پارتىيە غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: ئادەملەر ياشايدىغان ھەر قانداق جەمئىيەت ئەقىدە ۋە پىكىر تېمى، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ياشاش ئۇسۇللىرىنى تەشكىل قىلىدىغان تۈزۈم تىمىدىن ئىبارەت قىلىن ئىككى تامنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن، بۇ جەمئىيەتنى ئۆز ئەھلىنىڭ قولى ئارقىلىق يىقىتىشتا، ھۇجۇمنى پىكرى توقۇنۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سىرتقى تام (يەنى پىكىرلەرگە ھۇجۇم قىلىش) غا مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. بۇنداق بولغاندا ئالدى بىلەن پىكىر ئىنقىلابى، كېيىن سىياسىي ئىنقىلاب مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ چاقىرىقىدا "جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىل، شەخس ئىسلاھ بولىدۇ، بۇ ئىسلاھات داۋاملىشىدۇ" دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ.

◈ بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى تۆۋەندىكىچە ئۈچ باسقۇچقا ئايرىيدۇ:

ـ بىرىنچى باسقۇچ: پىكرىي توقۇنۇش بولۇپ، پارتىيە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىي قاراشلار ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

ـ ئىككىنچى باسقۇچ: پىكرىي ئىنقىلاب بولۇپ، مەدەنىي ۋە سىياسىي پائالىيەت ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلىشىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

ـ ئۈچىنچى باسقۇچ: ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئېلىش بولۇپ، ئۈممەت ئارقىلىق تەل ـ تۆكۈس قولغا ئېلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

ـ ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ رەئىسى ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ رەئىسى، ياكى جامائەتنىڭ قوماندانى ياكى قەبىلە كاتتىۋېشى ۋەياكى ئەلچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ.

◈ بۇ پارتىيە، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنىشىدىن باشلاپ ئون ئۈچ يىللىق مۇددەت بەلگىلىگەن. كېيىن شارائىت ۋە ئوخشىمىغان قېيىن ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مۇددەتنى ئوتتۇز يىلغا ئۇزارتقان. ئەمما يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق جەريان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە مەيدانغا كەلمىگەن.

◈ بۇ پارتىيە روھىي ئامىللارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا پىكرىي نۇقتىدىن قاراپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساندا روھىي ئىستەك، جىسمانى ئارزۇلار يوق، ئۇنىڭدا پەقەت قاندۇرۇلمىسا بولمايدىغان ئېھتىياج ۋە ئىنتىلىشلەر بار." "ئەگەر بۇ جىسمانىي ئېھتىياج ۋە ئىنتىلىشلەر ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر تۈزۈم سىستېما بىلەن قاندۇرۇلغىنىدا، ئۇ روھىي نوقتىغىمۇ ماسلاشقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سىستېمىسىز ياكى ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بىر سىستېما بىلەن قاندۇرۇلغىنىدا، ئۇ ئىنسانىنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان بىر ماددىي قاندۇرۇشتۇر."

www.munber.org

◈ شەيخ تەقىيۇددىن ئىسلام دۆلىتىنى قورۇشتا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى تۆۋەندىكىچە مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

- ئىسلامىي بولمىغان پىكىرلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئالەمىنى ئىستىلا قىلىشى (پىكرى كېڭەيمىچىلىك).

- ئوقۇتۇش پروگراملىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەر بەلگۈلەپ بەرگەن ئاساس بويىچە تۈزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل تەتبىقلىنىشى.

- بەزى مەدەنىي ئۇچۇرلارنىڭ نورمىدىن يوقىرى دەرىجىدە چوڭ بىلىپ، بۇلارنى خەلقئارالىق ئىلىملەر قاتارىدا قوبۇل قىلىش.

- ئىسلام دۇنياسىدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ غەيرى ئىسلامىي هاياتتا ياشىغانلىقى.

- مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلامىي هۆكۈمىنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقنىڭ كېڭىيىشى. يەنى هېچقانداق دۆلەت نە سىياسىي هۆكۈم، نە مالىيە سىياسىتىنى مۇكەممەل شەكىلدە ئىجرا قىلمايدۇ. بۇ خىل يىراقلىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي هاياتقا بولغان تەسەۋۋۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

- ئىسلام ئەللىرىدە دېموكراتىيە ئاساسىغا تۈرغۈزۇلغان دۆلەتلەرنىڭ بولۇشى ئەمما، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ھەممىسىنى خەلققە تەتبىقلىشى، چەت دۆلەتلەرگە چېتىلىشى ئەمما، رايون خاراكتېرلىك ئىش بېجىرىشى.

- ئىسلام چۈشەنچىلىرىدىن يىراق ھالدىكى سوتسىيالىستىك، مىللەتچىلىك قاراشلىرىدىن بىخلىنىپ چىققان جامائەت پىكرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى.

◈ بۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەبىر ئازابى، دەججالنىڭ چىقىشى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىشىنى هارام، دەپ قارايدۇ. كىمكى شۇنداق ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۇناھكار بولىدۇ.

◈ بۇ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ چۈنكى بۇ ئىش، ئۇلارنىڭ ھازىرقى باسقۇچلۇق پائالىيەتلىرى يولىدىكى توسالغۇلارنىڭ بىرى، بۇنىڭدىن سىرت، بۇيرۇش ۋە توسۇش ئىشى ئىسلام دۆلىتى قورۇلغاندا شۇ دۆلەتنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر، دەپ قارايدۇ.

◈ پارتىيىنىڭ قورۇلىشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن هازىرلىغان 187 ماددىدىن تەركىب تاپقان دەستۇرى بار بولۇپ، بۇ دەستۇر تەپسىلى شەرھلەنگەن. گەرچە بۇ دەستۇر ئەمەلىي تەتبىقلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇ، هازىرقى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدىغانلىقى بىلەن تەنقىدلىنىدۇ.

## بۇلاردىن باشقا، تەتقىقاتچىلار بۇ پارتىيەنى بىر قانچە ئىشتا ئەيىبلەيدۇ:

### بىرىنچى ـ دەۋەت مەسىلىلىرى:

www.munber.org

- كۆچىنى پىكرىي ۋە سىياسىي ساھەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەربىيىۋىي ۋە روھىي تەرەپلەرگە ئەھمىيەتسىز قاراش.

- پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشقا بارلىق ئىسلامىي ئېقىملار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ، ۋاقىت زايە قىلىشى.

- شەخسىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئەقلىگە نورمىدىن تاشقىرى ئەھمىيەت بېرىش.

- پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتا، كۆتۈلمىگەن كىلىشمەسلىككە سەۋەب بولۇپ قېلىشى ئېھتىماللىقى بولغان يارىدەم تەلەپ قىلىش يولى ئارقىلىق سىرتقى ئامىللارغا تايىنىشى.

- ھاكىمنىڭ كۆچى ئارقىلىق ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنىدىغان ئىسلام دۆلىتى قورۇلغانغا قەدەر، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تاشلاپ قويۇش.

- پارتىيىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوقۇغان كىشى، ئۇنىڭ بىرىنچى نىشانىنىڭ ھۆكۈمەتنى قولغا ئېلىش ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

- غايىلەردىكى چەكلىكلىك. يەنى، ئىسلامنىڭ بىر قىسىم نىشانلىرى بىلەنلا بولدى قىلىپ، يەنە بىر قىسىم نىشانلىرىنى تاشلاپ قويۇش.

- ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، مەدەنىي پائالىيەت باسقۇچى ئۇلارنى ھەرىكەت باسقۇچىغا، ئۇ باسقۇچ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش باسقۇچىغا ئېلىپ بارىدۇ. ھالبۇكى بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتنى سىناشتىكى ئىلاھىي قانۇنلىرىغا، مىخلىغان توسالغۇلار بىلەن توشقان بۇ رىئاللىققىمۇ ئويغۇن كەلمەيدۇ.

- زېمىن ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغۇاتقان بارلىق تۈزۈملەرگە دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز شەكىلدە قولغا ئېلىش دولقۇنلىرىغا سەۋەب بولۇش. گەرچە بۇ خىل قوغلاپ تۇتۇش ئىسلام ئالەمىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى ئىسلامىي ئېقىملارغىمۇ ئۇرتاق قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاتتىق مەخپىيلىكى ۋە ھاكىمىيەتكە يېتىش ئارزۇلىرى مەۋجۇت تۈزۈملەرنىڭ ئۇلاردىن قورقۇشىغا، رەھىمسىزلەرچە سۈرگۈن قىلىپ، قوغلاپ يۈرىشتىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

## ئىككىنچى - فىقھىي مەسىلىلىرى:

- بۇ پارتىيە، فىقھىي ۋە ئىسلامىي ھېسلارغا يات پەتىۋالارنى چىقىرىش، ھۆكۈملەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەگەشكۈچىلىرىنى بۇ ھۆكۈملەرنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنى تارقىتىشقا زورلاش. بۇلاردىن:

- مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنى ئەزالىققا ئېلىش ۋە ئايال كىشىنىڭ كېڭەش مەجلىسىگە (شۇراغا) ئەزا بولۇشى قاتارلىقلارنى جائىز، دەپ قاراش.

- يالىڭاچ رەسىملەرگە قاراشنى مۇباھ، دەپ قاراش.

- قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن سىرت، يات ئاياللارنى مەيلى شەھۋەت بىلەن ياكى شەھۋەتسىز ھالەتتە سۆيۈشنى جائىز، دەپ قاراش.

www.munber.org

ـ ئايال كىشىنىڭ چاچ ياكى ئىشتان (تار ئىشتان) كىيىشىنى جائىز، دەپ قاراش ۋە بۇ مەسىلىلەردە يولدىشىغا بوي سۇنمىسا، ئىسيان قىلغان ھېسابلايمايدۇ، دەپ ھېسابلاش.

ـ مۇسۇلمان دۆلەتتە كاپىرنىڭ باشلىق بولۇشىنى جائىز، دەپ قاراش.

ـ مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ كاپىر دۆلەتكە جىزيە بېرىشىنى جائىز، دەپ قاراش.

ـ ئۇرۇش كاپىرغا قارشى ئۇرۇشلا بولىدىكەن، كاپىر دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ساتقۇنلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىشنى جائىز، دەپ قاراش.

ـ بوشلۇققا چىققان مۇسۇلمان كىشىدىن ناماز ساقىت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ـ قوتۇپلاردا ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ناماز ۋە روزا ساقىت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ـ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىنىڭ بىرى بىلەن ئۆيلەنگەن كىشىگە ئون يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ـ سوۋەيس قانىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سۇ يوللىرى، قانالارى ئورتاق قانالار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق كارۋاننى توسۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ـ چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ قاتناش ۋاستىلىرى (پاراخوت، ئايروپىلان...)غا مىنىشنى جائىز، دەپ قارايدۇ. ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ شىركەتلىرىنىڭ قاتناش ۋاستىلىرىگە مىنىشنى چەكلەيدۇ؛ چۈنكى ئىككىنچىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىلىشىم قىلىشقا لايىق، ئەمەس.

ـ زېمىننىڭ مۇلۇكدارلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭدا تېرىقچىلىق قىلىش، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۈچ يىل بويىچە تېرىلمىغان، ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغان يەرلەر ئىگىسىدىن تارتىپ ئېلىنىپ، باشقىلارغا بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن زېمىننى ئىجارە قىلىش قەتئىي جائىز ئەمەس.

ـ زاكاتى چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ، مال توپلاشنى ھارام دەپ قارايدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ـ قۇرغۇچىسىنىڭ مىللەتچىلىككە دائىر پىكىرلىرى بار ئىدى. ئۇ **1950** ـ يىلى "ئەرەب رىسالىسى" ناملىق كىتابىنى چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى، ئىسلام دۆلىتى قورۇشىنىڭ تەرتۇنى ئالدى بىلەن ئەرەب ئەللىرىدە، ئارقىدىن ئىسلام ئەللىرىگە تىزىشتىلا ئەكس ئىتىدۇ.

ـ نەبھانىينىڭ دەسلەپتە ئىئوردانىيەدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىدا لېكسىيەلىرىنى سۆزلەيتتى، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىنى ۋە قۇرغۇچىسى شەيخ ھەسەن ئەلبەننانى مەدھىيىلەيتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەسىس ۋە نەزىرىيە جەھەتتىكى مۇستەقىل پارتىيىسىنى ئېلان قىلغانغا قەدەر شۇنداق داۋاملاشقان.

ـ نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بۇ چاقىرىقتىن باش تارتىشقا چاقىرغان ئىدى. **1953** ـ يىلى قۇددۇسقا زىيارەت قىلىش جەريانىدا سەييىد قوتۇب ئۇنى بۇ دەۋەتتىن يالتىيىشقا

www.munber.org

چاقىرغان. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم مۇنازىرىلەشكەن، كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش تەكلىۋىنى بەرگەن، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرغان.

- ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىدىغانلارغا بېرىدىغان دائىملىق جاۋابى، ئىسلامدىكى مۇئەييەن قاراتمىلىقى بولمىغان نەسلەرنى چۈشىنىشتىكى ئەسلى پرىنسىپ ئىختىلاپتۇر، ئىسلام بۇيرىغان بىرلىك كۆز قاراشتىكى بىرلىكنى ئەمەس، بىر خىل يۈنۈلۈشتىكى سىياسىي بىرلىكتىن ئىبارەتتۇر، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

- بۇ پارتىيە پائالىيەتلىرىنى دەسلەپتە ئىئوردانىيە، سۈرىيە ۋە لىۋانلارغا مەركەزلەشتۈرگەن. كېيىن پائالىيەتلىرى ئوخشىمىغان ئىسلام ئەللىرىگىچە سوزۇلغان. ئاخىرىدا ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ياۋروپاغا، بولۇپمۇ ئاۋسترىيە ۋە گېرمانىيەلەرگىچە يېتىپ بارغان.

- بۇ پارتىيىنىڭ ئىئوردانىيەدىن نەشىر قىلىنىدىغان "رايە" ناملىق بىر گېزىتى بار ئىدى. بۇ گېزىت توختىتىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن، بېيرۇتتا "ھازارەت" نامى بىلەن بىر گېزىت چىقارغان. بۇمۇ توختاپ قالغان.

- بۇ پارتىيە، ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلارنىڭ ئىسىملىرىنى ۋىلايەتلەر، دەپ ئاتايدۇ. تەشكىلاتنى ھەر بىر ۋىلايەتتە بىر ئالاھىدە كومىتېت ئىدارە قىلىدىغان بولۇپ، "ۋىلايەت كومىتېتى" دەپ ئاتىلىدۇ، ئۈچتىن ئونغا قەدەر ئەزادىن تەشكىللىنىدۇ.

- ۋىلايەتلەرنىڭ كومىتېتلىرى يۇشۇرۇن رەھبەرلىك كېڭىشىگە بويسۇنىدۇ.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى:</u> ھىزبۇتتەھرىر (ئازاتلىق پارتىيىسى) ئىسلام خەلىپىلىكى دۆلىتى قورۇشقا چاقىرىدىغان سىياسىي ئىسلامىي پارتىيىدۇر. ئۇ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، پەقەت ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆججەت قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئالدى بىلەن پىكىر ئىنقىلاۋى، ئارقىدىن سىياسىي ئىنقىلاب يۈز بېرىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ پارتىيە، ئەقلىنى شەرئىي نەسلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇش مەسىلىسى بىلەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ يول تۇتقانلىقى، بۇ نوقتىدا مۇئتەزىلە ۋە باشقىلاردىن چىققان ئەھلى كالاملار بىلەن بىر يەردىن چىقىپ، قەبىر ئازاۋى ۋە دەججالنىڭ چىقىشىنى ئىنكار قىلغانلىقى، تەربىيىۋىي تەرەپلەرگە سەل قارىغانلىقى، ئىسلام دۆلىتى قورۇلىدىغان چاغقىچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەسىلىسىگە ئېتىبارسىز قارىشى، ئىسلام فىقھىسى ۋە ئىسلامىي ھېسلارغا يات پەتىۋالارنى چىقىرىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەيىپلىنىدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

www.munber.org

◈ **پارتىيەنىڭ كىتابلىرى:**

- الفكر الإسلامي.
- هكذا هدمت الخلافة.
- نظام الإسلام.
- النظام الإقتصادي في الإسلام.
- نظام الحكم في الإسلام.
- الدستور الإسلامي.
- نقطة الإنطلاق.
- التكتل الحزبي
- مفاهيم سياسية لحزب التحرير.
- كتاب التفكير.
- كتاب الخلافة.
- سرعة البديهة.
- نقد النظرية الإشتراكية.
- الشخصية الإسلامية.
- نداء حار مفاهيم سياسية لحزب التحرير.
- كتاب التفكير.
- كتاب الخلافة.
- سرعة البديهة.
- نقد النظرية الإشتراكية.
- الشخصية الإسلامية.
- نداء حار إلى العالم الإسلامي.

◈ **پارتىيەگە ئائىت بولمىغان كىتابلار:**

- **د.سادىق ئەمىن:** الدعوة الإسلامية فريضة شرعية وضرورة بشرية، **مەتبەئە ئىشچىلىرى جەمئىيىتى، ئەممان ـ 1978م.**

www.munber.org

- فەتھي يەكەن: الموسوعة الحركية (جزءان) ، بېرىنچى نەشرى، بەشىير نەشرىياتى ـ ئەممان، 1403ھ/1983م.

- ھۇسەين ئىبنى مۇھسىن ئىبنى ئەلى جابىر: الطريق إلى جماعة المسلمين، بىرىنچى نەشرى، دەۋەت نەشرىياتى ـ كۇۋەيت، 1405ھ/1984م.

- پەلەستىن ئېنسكلوپېدىيە ھەيئىتى: الموسوعة الفلسطينية، ئىتالىيە ـ مىيلانو ستامبا باسمىخانىسىدا بېسىلغان، بىرىنچى نەشرى، دەۋەت نەشرىياتى، 1389ھ/1969م.

- غازىي تەۋبە: الفكر الإسلامي المعاصر، 1389ھ/ 1969م.

- فەتھي يەكەن: مشكلات الدعوة والداعية، رىسالە مۇئەسسەسەسى ـ بېيرۇت، ئۇچىنچى نەشرى، 1394ھ/1974م.

- الدوسية، (پارتىيە تايىنىدىغان ئاساسلىق ئىشلار)

- مۇتەخەسسىسلەر كومىتىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇلغان ئىراننىڭ دەستۇر پىلانىغا قارىتا يېزىلغان تەنقىدنىڭ تېكىستى بىلەن ھىزبۇتتەھرىر تەرىپىدىن ھىجرىيە 1399 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى (1979م) ئايەتۇللاھ خۇمەينى ۋە مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىغا سۇنۇلغان ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان ئىسلامىي دەستۇرنىڭ تېكىستى.

www.munber.org

## مىسىردىكى ئىسلام جامائىتى

### ئېنىقلىما:

ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، مۇسۇلمانلارنى ئىسلامغا قايتۇرۇش، ئارقىدىن يېڭىدىن ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىن يوق بولۇپ كەتكەن پەرز ـ جىھادقا چاقىرىدىغان ئىسلامىي جامائەت بولۇپ، مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ جامائەتنى مەتبۇئات ۋاستىلىرى «جىھاد جامائىتى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. بىراق ئۇ، بىر قىسىم پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىدىن سىرت، ئىدارە قۇرۇلمىسى، چاقىرىق ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردە «جىھاد جامائىتى» دىن پەرقلىنىدۇ.

### قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئىسلام جامائىتى يەتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرى تۇرغۇنلىشىپ قالغان مەزگىلدە ئۇقۇغۇچىلار دائىرىسىدە ئاددىي شەكىلدىكى بەزى ئىجتىمائىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دىنىي جەمئىيەتلەر شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىغا، بولۇپمۇ قاھىرە، ئەينۇششەمس، ئىسكەندەرىييە ۋە ئەسيۇت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ماركسىزم ۋە ناسىرىييە مىللەتچىلىك ئېقىملىرى ھۆكۈمران بولىۋالغان بۇ مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ سانى ئاز، كۈچى ئاجىز ئىدى.

◈ بۇ دىنىي جامائەت ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پاكولتېتلىرىدا راۋاجلانغان، ئاساسىنى كېڭەيتكەن، ئىسلامىي پائالىيەتكە نىسبەتەن قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى تەرەققىي قىلغان. بۇ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قانچەيلەن تونۇلۇپ، ئۇنىڭغا «ئىسلام جامائىتى» دەپ نام بەرگەن ۋە تۈزۈم قۇرۇلمىسىنى بېكىتكەن. بۇ قۇرۇلما ھەر بىر پاكولتېتنىڭ ئىچىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، بىر باشلىق رەھبەرلىكىدە كېڭەش مەجلىسى (شۇرا مەجلىسى) بولۇشىنى، بۇ كېڭەشنىڭ ”ئىسلام جامائىتى رەھبەرلىرىنىڭ رەھبىرى“، يەنى باش رەھبەر يېتەكچىلىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار كېڭەش مەجلىسگە قاراشلىق بولىدىغانلىقىنى بېكىتىپ چىققان.

◈ ھىجرىيە 1393 ـ يىلىدىكى رامىزان ئۇرۇشى (1973 ـ يىلى ئۆكتەبىر) دىن كېيىن، مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئىسلامىي پائالىيەتلەر تېخىمۇ كېڭەيگەن. ئىسلام جامائىتى، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى يېتەكلەپ كىتەلىگەن ۋە ئاساسىي جەھەتتىن مىسىرنىڭ بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكلىرىنىڭ سايلاملىرىدا كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن.

◈ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىسلام جامائىتىنىڭ يىغىلىش، ئىلمىي كونفېرېنس ۋە سەيلە ـ ساياھەتكە ئوخشىغان تەربىيۋىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرى



www.munber.org

كۆپەيگەن ۋە ئاكتىپلاشقان. ھەتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ ئاشقان. بۇ مەسىلە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ھالقىپ، جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكىچە يېتىپ بارغان.

◈ 1977 ـ يىلى بۇ جامائەت، بىر قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ شۇ دەۋردە پائالىيەتلىرى سۈركىلىشىشكە باشلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن بۆلۈنگەن. بۇ ئەھۋال، قېرىنداشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسلام جامائىتى ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ بارغان. بۇ ئىش قاھىرە ۋە ئىسكەندەرىيىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىر قىسىم پاكولتېتلىرىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئاز، تەسىرى چەكلىك ئىدى. ئەمما ئىسلام جامائىتىنىڭ تەسىر ۋە سان جەھەتتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان يەنە بىر ئېقىمى «سەلەپى ئېقىمى»غا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ئېقىم ئاساسىي جەھەتتىن بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى، خۇسۇسەن مىسىر ئېگىزلىكىدىكى سېكولارىزمچىلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ تەسىرىنى توسۇشقا قادىر بولالىغان.

◈ جامائەتنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسى بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن، ”كامدېيۋىد ئىتتىپاقى“، شاھ ۋە بىر قىسىم يەھۇدىي ۋەزىرلىرىنىڭ مىسىرغا قىلغان زىيارەتلىرىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ئاساسىدا گەۋدىلەنگەن. ئۇلار بۇ ئىشلارغا قارىتا قورۇلتايلارنى، نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرغان، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ سىرتىدا بۇ ئىشلارنى ئەيىبلەيدىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقان، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلىكلىرىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئارىلىشىشىغا ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويىدىغان «1979 ـ يىللىق يېڭى ئوقتۇرۇش»، ئىسمى بىلەن تونۇلغان قارارنى چىقارغان. جامائەتنىڭ رەھبەرلىرىگە ئاخبارات ۋە بىخەتەرلىك دائىرىلىرىنىڭ بېسىمى كۈچەيگەن، بولۇپمۇ مىسىر ئېگىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈش، بىر قىسىم رەھبەرلىرىنى قولغا ئېلىش، ئۇنىۋېرسىتېتتىن قوغلاپ چىقىرىش قاتارلىقلار ئەۋجىگە چىققان.

◈ 1979 ـ يىلى جامائەت كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى كەرەم زۇھدىي جىھاد تەشكىلاتىغا قاراشلىق بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى، كېيىنكى دەۋرلەردە جامائەتنىڭ كېڭەش مەجلىسىگە ئەزا بولغان ئىنژېنېر مۇھەممەد ئابدۇسسالام فەرج بىلەن ئۇچراشقان. ئۇنىڭ «يوقالغان پەرز» ناملىق كىتابى بولۇپ، كەرەم زۇھدىيغا جىھاد ، ھاكىمنىڭ كاپىرلىقى، ئىسلامدىن چىققانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى چىقىش، بويسۇنماسلىق، تۈزۈمنى ۋە ئۇ تۈزۈمنىڭ ئوخشىمىغان تەشكىللىنىشلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش پىلانى ئۈچۈن تەشكىلاتقا قاتنىشىش تەكلىپىنى سۇنغان.

◈ كەرەم زۇھدىي بۇ پىكىرنى دوكتور ناجىھ ئىبراھىم رەھبەرلىكىدىكى مىسىر ئېگىزلىكىدىكى جامائەتنىڭ كېڭەش مەجلىسىگە سۇنغان. مەجلىس ئومۇمىي كېڭەش مەجلىسى ۋە قاھىرە كېڭەش مەجلىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، جامائەتنىڭ

www.munber.org

رەھبەرلىكنى ”تاغۇت“غا قارشى كۈچلۈك مەيدانى بار ئۆلىمالارنىڭ بىرى(دوكتور ئۆمەر ئابدۇرراھمان) نىڭ ئۈستىگە ئېلىشى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق كۆرگەن. ئەسكىرى قاناتنىڭ تەشكىللىنىشى، دەۋەت قىلىش ئاپپاراتى، ئىلمىي ئىزدىنىش، ئەسكەرلىككە ئەۋەتىش، ئىسلام قانۇنلىرىنى تەتبىقلاش، شۇنىڭدەك ئوخشىمىغان ساھەلەر بويىچە ھەرىكەتكە كېرەكلىك ياردەملەرنى سۇنۇش ئاپپاراتى تەشكىللەش قاتارلىقلارنى ماقۇللىغان. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ جامائەت ئومۇمىي جەھەتتىن «ئىسلام جامائىتى» ئىسمى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدىغان دەۋەت ساھەسىدىكى سەلەپىي ئېقىمدىن ئايرىلغان.

◈ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتتى ئەسيۇت شۆبىسى ئۇسۇلۇددىن پاكولتىتىنىڭ تەپسىر ۋە قۇرئان ئىلىملىرى ئوقۇتقۇچىسى شەيخ/دوكتور ئۆمەر ئابدۇرراھمان جامائەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. ئۆمەر ئابدۇرراھمان، جامال ئابدۇنناسىر ھۆكۈمىتى ئەسناسىدا قولغا ئېلىنغان، ساداتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش مەسىلىسىدە ئەيىپلەنگەن «جىھاد تەشكىلاتى» جامائىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قىلغان. ساداتنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن، دېگەن جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلەنگەن. ئەمما سوت ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەر بىلەن ئالاقىسى يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ «جىھاد تەشكىلاتى» غا تەۋە ئىكەنلىك مەسىلىسىنىمۇ يوققا چىقارغان. بۇلاردىن كېيىن ئۇ ناھىيىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، دەۋەت پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، قورۇلتاي ۋە ئىلمىي يىغىلىشلارغا قاتناشقان، جامائەتنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشلارنى جىھادغا چىقىشقا، ھۆكۈمەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا قىزىقتۇرغان. بۇ ئىش، ئۇنىڭ قانچە قېتىملاپ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەپ بولغان، ئاممىنى توپلاش، جۈمە نامىزىدىن كېيىن نامازغا كەلگەنلەرنى توپلىنىشقا كۈشكۈرتۈش بىلەن ئەيىپلىنىپ فەييۇمدىكى ئۆيىگە نەزەربەنت قىلىنغان. ئەمما دۆلەت بىخەتەرلىك مەھكىمىسى ئۇنىڭغا قارىتىلغان ئەيىپلەشلەردىن ئۇنى يەنە ئاقلاپ، دىلونى ساقلاپ قالغان. ئاخىرىدا ئۇ، ئەگەشكۈچىلىرى كۆپ بولغان نيۇجىرسىي ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا سەپەر قىلالىغان. ئۇنىڭغا ئائىت دەپ قارالغان ئىشلاردىن، سېكولارىست يازغۇچى فەرەج فەۋدەنى ئۆلتۈرۈشكە پەتىۋا بەرگەنلىكى، مىسىردىكى ساياھەت ھەرىكىتىگە قوراللىق ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكىدا تۈرمىگە تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان «دۇنيا تىجارەت مەركىزى»نى پارتىلىتىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

◈ **1981** ـ يىلى **6** ـ ئوكتەبىر، جامائەتنىڭ ھەربىي قانىتى، باشقارما بىرىنچى قولى خالىد ئەھمەد، شەۋقىي ئىسلامبۇلىينىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ساۋاقداشلىرىدىن مىسىر ئارمىيىسىنىڭ سابىق ئوفىتسىرى ئابدۇلھەمىد ئابدۇسسالام، قاناس پىدائىيلىرىنىڭ نازارەتچىسى باتۇر مەرگەن ۋە ئۆلتۈرگۈچ تۇنجى ئوقنىڭ ئاتقۇچىسى ھۈسەين ئابباس مۇھەممەد ۋە بىرىنچى قول ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەتا تايىل ھەمىدە رەھىيللەرنىڭ ھەمرالىقى ئارقىسىدا قاھىرەنىڭ نەسىر شەھىرىدىكى ئوكتەبىر غەلبىسىنى قوتلاش پائالىيىتى جەريانىدا ئەنۋەر ساداتنى ئۆلتۈردى. جامائەتنىڭ ئەنسىزچىلىك، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىنالىرى ۋە مىسىر ناھىيىلىرىدىكى جانلىق ئورۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈش پىلانى ئۈچۈن ھازىرلىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇ ئەسنادا، ئەنە

www.munber.org

شۇ ۋەقە جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، سوتقا بېرىلدى. سوت ئۇلارغا ئۆلۈم بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمىنى چىقاردى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ سەپدىشى «يوقالغان پەرز» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى، ئىنژېنىر مۇھەممەد ئابدۇسسالام فەرجىكىمۇ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمى ئىجرا قىلىندى. مىسىرنىڭ ھاكىمى ئەنۋەر ساداتنىڭ سۇيىقەستتە بىلەن ئۆلتۈرۈلىشىدىن كېيىن بۇ جامائەت كۈچلۈك شەكىلدە مەيدانغا چىقتى.

◈ پولكوۋنىك ئەببۇد ئابدۇللەتىيف زۇمەر: ئۇرۇش ئۇچۇرلىشىش ئەسلىھەلىرى قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى ۋە قاھىرە لىيمان تۇررە تۈرمىسىدىكى بەزى پىكىر ئىختىلاپلىرى تۈگىتىلگەندىن كېيىن «ئىسلام جامائىتى»گە قوشۇلۇپ كەتكەن قاھىرە جىھاد تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ دەسلەپتە ۋاقتىنىڭ مۇناسىپ بولمىغانلىقى سەۋەپ ساداتنى ئۆلتۈرۈش پىلانىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا ئايرىم ئەھۋاللارنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ، ”جىھاد تەشكىلاتى دىلوسى“ دەپ تونۇلغان دىلودا 40 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

◈ 1981-يىلى 8-ئوكتەبىر، ئىسلام جامائىتىگە قاراشلىق ھەربىي قانىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئەسيۇت بىخەتەرلىك ئىدارىسى، ساقچى مەركەزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان، شەھەرنى باسقان. ئۇلار بىلەن مىسىر بىخەتەرلىك كۈچلىرى ئارىسىدا قاتتىق تىركىشىش يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا ساقچى ۋە ئالاھىدە قىسىمنىڭ چوڭلىرىدىن بىر قانچىسى ئۆلگەن. بۇ ئىش، ناجىھ ئىبراھىم، كەرەم زۇھدىي ۋە ئىسام دەرباللە قاتارلىقلار باشتا ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە ئۆز دەۋرىدە جىھاد تەشكىلاتى دىلوسى، دەپ تونۇلغان دىلودا 25 يىللىق ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ھۆكۈمىگە مۇپتىلا بولۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان.

◈ 1984-يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى جامائەتنىڭ تەشكىلات دىلوسىدا ئەيىبلەنمىگەن نۇرغۇن ئەزالىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدىن كېيىن، مۇھەممەد شەۋقىي ئىسلامبولىينىڭ رەھبەرلىكىدە جامائەت قايتىدىن تەرتىپلەشتۈرۈلگەن. ئارقىدىن مەسچىتلەردە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش پائالىيەتلىرى كۆچەيگەن. 1981-يىلىدىكى ۋەقەنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىسىرنىڭ كۆپىنچە ناھىيىلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە مەدرىسلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇچرىشىش، ئىلمىي يىغىلىش، بارگاھ قۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ھاكىمغا قارشى چىقىش، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلىمىغان تائىپىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش قاتارلىقلارغا چاقىرغان. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ ھەمىشە مىسىر بىخەتەرلىك كۈچلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشىغا، نۇرغۇنلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا، قىينىلىشى، قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىشىشىغا ئېلىپ بارغان. ھەتتا ئىش ئۇلارغا قارشى تەن جەھەتتىن تازىلاش سىياسىتىنى قوللىنىشقا قەدەر بېرىپ يەتكەن. بۇ ئىش جامائەت ئەزالىرى ئارىسىدا قاتتىق قول ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن ئوفىتسېر، ساقچى ۋە باشقىلارنىڭ قوربان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

◈ جامائەت ئافغانىستان جىھادىدا رول ئوينىغان بولۇپ، ئافغانىستان زېمىندا قانچىلىغان شېھىدلارنى بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىنىڭ بىرى جامائەتنىڭ



www.munber.org

ئەلمنيادىكى سابىق رەئىسى شەيخ ئەلى ئابدۇلفەتتاھتۇر. جامائەت ئافغانىستاندا تۇرۇپ «مۇرابىتۇن» ژۇرنىلىنى چىقارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھەربىي بازىسىنى قۇرغان.

- جامائەتنىڭ، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرىغا قارىتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەن جەھەتتىن تازىلاش ۋە كوللىكتىپ ھالدا قىيناش ئۇسلۇبلىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، مىسىر خەلق مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور رەفئەت مەھجۇب، سېكولارىست يازغۇچى فەرج فەۋدەگە ئوخشىغان بىر قىسىم مىنىستىرلار، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ۋە ساقچىلارغا سۇيىقەست قىلىشقا ئورۇنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

ئىسلام جامائىتىنىڭ كۆپىنچە پىكىرلىرى كىتاب ۋە رىسالىلەر شەكلىدە «لىيمان تۇررە» تۇرمىسىدە راۋاجلانغان بولۇپ، بۇنىڭ مۇھىملىرى:

◈ «ئىسلامىي پائالىيەتلەر ئەھدىنامىسى» ناملىق كىتاب: بۇ كىتاب جامائەتنىڭ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پىكىرلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

- غايىمىز: ئىخلاسنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قارىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە پەيغەمبىرى –ئەلەيھىسسالام– غا ئەگىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

- ئەقىدىمىز: باشتىن ئاخىر سەلەپ – سالىھلارنىڭ ئەقىدىسى.

- چۈشەنچىمىز: ئىسلامنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ سۈننىگە ئەگەشكەن ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئۆلىمالىرى چۈشەنگەندەك ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ چۈشىنىمىز.

- نىشانىمىز:

1 – كىشلەرنى پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلدۇرۇش.

2 – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېتودى بويىچە خەلىپىلىك تىكلەش.

- يولىمىز: دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئالغان، ياغلىمچىلىق ۋە تۇرغۇنلۇقنى رەت قىلىدىغان ساغلام شەرئەت تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن مۇكەممەل جامائەت ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش.

- ئوزۇقىمىز: تەقۋالىق ۋە ئىلىم، ئىشەنچ ۋە تەۋەككۇل، شۈكۈر ۋە سەبىر، دۇنيادا زاھىدلىق قىلىپ، ئاخىرەتنى ئەۋزەل بىلىش.

- دوستلۇقىمىز: ئاللاھقا، پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە قارىتىلىدۇ.

www.munber.org

- دۈشمەنلىكىمىز: زالىملارغا. كۆپۈرنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولغىنىدەك، زۇلۇمنىڭمۇ چوڭ ـ كىچىكى بار، كىچىك زۇلۇمى بار كىشى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كۆرە ياخشى كۆرىلىدۇ, قىلغان زۇلمىغا كۆرە يامان كۆرىلىدۇ.

- تونۇلىنىشىمىز: بىر غايە، بىر ئەقىدە ئۈچۈن، بىر پىكرىي بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

◈ «يوقالغان پەرز» ۋە «ئىسلام بەلگۈلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقان تائىپىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى» ناملىق كىتاب: ئۇلار مۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇ:

- ”جىھاد“ ـ ئۇرۇش، يەنى قارشىلىشىش ۋە قان، دېمەكتۇر. جىھاد يالغۇز يېزىش، خۇتبە سۆزلەش، ئىلمىي ۋە پىكرىي ئۇممەت تەربىيەلەشكە ھازىرلىق قىلىش ۋەياكى سىياسەتچىلەرنى ئۇلارنىڭ سىياسىي پارتىيە ۋە سىياسىي ئۇسلۇبلىرىدا قىستاپ يۇرۇشتەك تىنچلىق ۋاستىلىرىگە قارىتىلمايدۇ. ھىجرەتكە كۆڭۈل بۆلۈش قورقۇنچاقلىق، ئاجىزلىق سانىلىدۇ. مۇسۇلمانلار قۇرال كۈچىسىز ھەرگىز غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار سانى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ جىھادقا يۈزلىنىشى لازىم. بۇ خىل قاراشتا ئىسلامدىكى جىھاد ئۇقۇمىغا نىسبەتەن بىر خىل بورمىلاش بار بولۇپ، ئۇلار باشتىلا ئۇنى ئۇرۇش ياكى قارشى چىقىش، دەپ ئاتىغان[1]: چۈنكى جىھاد ھەر قانداق ئەھۋالدا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەمما ئۇرۇش ھەر دائىم مەدھىيىلەنمەيدۇ، ئۇ ئۆزى قارشى چىقىلغان كىشى ۋە قارشى چىققۇچىنىڭ مۇددىئاسىغا قاراپ بەلگۈلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا ئىشارە قىلىدىغان نوقتىلار بار. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنى «جىھاد» دەپ ئاتىماستىن «قىتال» (ئۇرۇش) دەپ ئاتىغان. شۇڭا ئۆلىمالارمۇ زالىملارغا قارشى ئۇرۇشلارنى ئايرىم بابلارغا بۆلۈپ، ئۇنىڭغا قارىتا جىھادنىڭ ھۆكۈملىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقارغان.

- ئىسلامغا مەنسۇپ، ئەمما ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە سەل قارىغان تائىپىلەرگە قارشى، تاشلاپ قويغان شەرئىي بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارغا ھەمدەم بولغان ساقچى ۋە باشقىلارغا قارشىمۇ ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەجبۇرىي چىقىرىلغان بولسىمۇ ئۆلتۈرىلىدۇ، قىيامەت كۈنى نىيەتلىرىگە كۆرە ھەشىر قىلىدۇ.

- ئۇرۇش پەقەت دىيارىمىزغا بېسىپ كەلگەن، ئىسلام زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلارغىلا خاس بولماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا چاقىرىشىمىز ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشىمىزدا كىشىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى رەت قىلغان، دەۋىتىمىزنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەتى ۋە قىلىچلىرى بىلەن

---

[1] ئۇلار بۇ مەسىلىدە، ئەگەر بىر ئىمامدىن ئاشكارا كاپىرلىق بايقىلىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن پاكىت كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنىڭ ۋاجىب، دېگەن بىر ئاساسقا خىلاپلىق قىلىدۇ. بۇ يەردىكى قارشى چىقىش، كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدىكى قارشى چىقىشنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ئىككى ھەرەم ئىمام ئەلجۇۋەينى ئۆزىنىڭ "غياث الأمم" ناملىق كىتابىنىڭ 116،115 ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ خىل قارشى چىقىش، شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ قوزغىلىپ چىقىشنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، خارلىق، زاۋاللىقنى كەلتۈرىدۇ، پىتنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، زۇلۇمنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، باشقىلار بويسۇنىدىغان، ئەگەشكۈچىلىرى، ھىمايىچىلىرى بار، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىق توسىدىغان، ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ئىشتا مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان كىشىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولسا، ئوتتۇرىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئامىللارغا قاراپ، مەنپەئەتنى ئېتىبار ئېلىپ، بىرىدىغانلىرى بىلەن ئالىدىغانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، يۇقىرى شەرتلەر بويىچە قەدەم ئالسا بولىدۇ."



www.munber.org

تۇرىۋالغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى مۇستەملىكە يىراق دۈشمەن، كاپىر ھۆكۈمدارلار بولسا يېقىن دۈشمەندۇر. شۇڭا ئۇلار يىراق دۈشمەنلەرگە قارىغاندا ئۇرۇشۇشقا ئەڭ مۇناسىپ.

- زېمىن يۈزىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ شەرىتىدىن باشقا نەرسە بىلەن كىشىلەرگە ھۆكۈمدارلىق قىلغان مەيلى كاپىر بولسۇن ياكى ئىسلامغا مەنسۇپ بولسۇن، ھەرقانداق تائىپە بىلەن ئۇرۇشۇش.

بۇلارغا ئاساسەن ئۇلار «روبىرو بولۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغىنىدەك، تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى قارشىلىششنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

- ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى تېگىشتۈرگەن كاپىر ھاكىمدىن يۈز ئۆرۈش.
- ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان تائىپىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش.
- خەلىپىلىك تىكلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىنى تۇرغۇزۇش.
- يۇرتلارنى ئازات قىلىش، ئەسىرلەرنى قوتقۇزۇش، دىن تارقىتىش.

◈ مىسىر دىيار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارنى ئاھالىسى ”مۇسۇلمان“ ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان تىنچلىق دىيارىمۇ ئەمەس، ئاھالىسى ”كاپىر“ ئۇرۇش دىيارىمۇ ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان ئۆزىگە تېگىشلىك مۇئامىلە قىلىنىدىغان ئۈچىنچى بىر قىسىمدۇر، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە بوي سۇنمىغانلارغا قارشى تېگىشلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۈممەتنى كاپىرغا چىقارماي، ئىسلام شەرىئەتلىرىنى پاسسىپلاشتۇرغان، تېگىشتۈرگەن ھۆكۈمدارلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ. بۇنىڭغا كۆرە، «كاپىرلىققا چىقىرىش جامائىتى» گە ئوخشاش ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى ھارام، دەپ قارىمايدۇ.

◈ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى ھەتتا يەككە ھالدا بولغان تەقدىردىمۇ ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىشنى ۋاجىب، دەپ قارايدۇ. بىراق ئۇلار، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئالدىراقسانلىققا مايىل بولۇش مەسىلىلىرىدە شەرئىي بەلگىلىمىلەرنى ئېتىبارغا ئالماسلىق بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. قائىدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”كىمكى بىر ئىشقا پەيتى كېلىشتىن ئىلگىرى كىرىشسە، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن جازالىنىدۇ.“

◈ بۇ جامائەت ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ ئىسلامغا قارشى سېكولارىست ھۆكۈمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل ئىشتىراك قىلىش نۇرغۇنلىغان زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، كەڭ ئاممىنى ئىككىلىنىش، قايمۇقۇش، شەكلىنىشكە دۇچار قىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىش بەشەرىي قانۇنلارنى تەتبىقلايدىغان، ئۇنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئىشارە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.



www.munber.org

پىكىرى يىلتىزلىرى:

◈ ئىسلام جامائىتى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى پىكىرلىرىنىڭ ئىككى مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، جىھاد ئايەتلىرىنى ۋە جىھادقا قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەرنى كۆپ دەلىل كەلتۈرىدۇ.

◈ شۇنىڭدەك جامائەت ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا تايىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە (661ھ ـ 728ھ) بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئىبنى تەيمىييەنىڭ پەتىۋا ۋە سۆزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن.

◈ ئىسلام جامائىتى يەنە پىكىر ۋە پرىنسىپلىرىغا دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارىخىي ۋەقەلەرگە، ئىبنى قەييىم، قازىي ئىياز، ئىبنى كەسىر، نەۋەۋىي، سەييىد قۇتۇب قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىگە تايىنىدۇ.

◈ بۇ جامائەت، «جىھاد» ئاتالغۇسى قوللىنىشتا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش ۋە ئۇنى پەقەت ئۇرۇش ساھەسىگىلا يىغىنچاقلاپ قويۇش بىلەن ئەيىپلىنىدۇ. چۈنكى ساغلام ئىسلامىي تەسەۋۋۇردا جىھاد ئۇرۇش مەنىسىگىلا ئەمەس، كەڭ مەنىگە ئىگىدۇر. ئۇ شەرىف ئەلجورجانى ئېيتقاندەك، ھەق دىنغا چاقىرىدىغان بارلىق يوللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (التعريفات، بىرىنچى نەشرى ـ قاھىرە، 1938م).

تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق كېلىدۇ: «مۇشرىكلار بىلەن مېلىڭلار، جېنىڭلار ۋە تىلىڭلار ئارقىلىق جىھاد قىلىڭلار.»

## تارقالغان رايۇنلىرى:

◈ ئىسلام جامائىتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى مىسىر ئېگىزلىكىگە، بولۇپمۇ ئەسيۇت ناھىيىسىگە مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ مىسىرنىڭ بارلىق شەھەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تەرەپدارلىرى بار. بۇلاردىن سىرت مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ سور توقاي قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ تارقالغان.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى:</u> ئىسلام جامائىتى جىھادنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام خەلىپىلىكى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ ئۇنۇملۇك دەۋا، مەنپەئەتلىك دورا، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش، ئارقىدىن خەلىپىلىك تۇرغۇزۇشنى ”پەرز ئەيىن“ دەپ قارايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنى رەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى كاپىرلار بولۇپ، ئۇلارغا قارشى چىقىش ۋاجىبتۇر.» بۇ جامائەت، «كاپىرلىققا چىقىرىش ۋە ھىجرەت جامائىتى»گە ئوخشاش ئۈممەتنى كاپىرغا چىقارمايدۇ. جىھادنى ئۇرۇش، ئۇ ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ يۈكسىكى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما يالغۇز تىنچلىق يولى بىلەن جىھاد قىلىشنى قورقۇنچاقلىق، دۆتلۈك دەپ قارايدۇ.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ يەردە «جىھاد تەشكىلاتى» نامى بىلەن تونۇلغان، ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارلارغا قورallıq قارشى چىقىشقا چاقىرىدىغان سالىھ سەرىييە، كارىم



www.munber.org

ئانازولىي رەھبەرلىكىدە 1974 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن «ئەسكىرىي پەنلەر تەشكىلاتى»، 1976 ـ يىلىدىكى «ئىسكەندەرىيە جىھادى» تەشكىلاتى ياكى «سالىم رىھال ئەلئۇردۇنىي تەشكىلاتى» غا ئوخشىغان باشقا تەشكىلاتلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلام جامائىتى بىلەن ئالاقىسى يوق.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلنىش مەنبەلىرى:

◈ جامائەتنىڭ ئەسەر ۋە رىسالىلىرى:

- د.ئۆمەر ئابدۇرراھمان: كلمة الحق.
- د.ئۆمەر ئابدۇرراھمان: أصناف الحكام وأحكامهم.
- مۇھەممەد ئابدۇسسالام: الفريضة الغائبة.
- د.ناجىھ ئىبراھىم، ئاسىم ئابدۇلماجىد، ئىسامۇددىن دەرباله: ميثاق العمل الإسلامي.
- ئىسامۇددىن دەرباله: الطائفة الممتنعة عن شريعة من شرائع الإسلام.
- جامائەتنىڭ ئىزدىنىش كومىتىتى: حتمية المواجهة.
- جامائەتنىڭ ئىزدىنىش كومىتىتى: العذر بالجهل.
- تەلئەت فۇئاد: الذب عن الصحابة.
- رىفائىي تاھە: شحذ الهمة في جمع شمل الأمة.
- ئىزدىنىش كومىتىتى: الرد على فكر التكفير.
- ئابدۇلئاخىر ھىماد: الرد على شبهات الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر.
- ئىزدىنىش كومىتىتى: من نحن وماذا نريد؟ .
- ئىزدىنىش كومىتىتى: أإله مع الله؟ إعلان الحرب على مجلس الشعب.
- ناجىھ ئىبراھىم، كەرەم زۆھدىي: سلسلة الطريق إلى الله.
- ئەببۇد زەمر: منهج جماعة الجهاد الإسلامي.

◈ جامائەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان ژۇرنالار:

- «كلمة الحق» ژۇرنىلى.
- «صوت الأزهر» ژۇرنىلى.

www.munber.org

- «المسلمات» ژۇرنىلى.

- «المرابطون» ژۇرنىلى.

- تەلئەت فۇئاد قاسىم (ئەبۇ تالال ئەلئەنسارىي): الجماعة الإسلامية- فكرة ومنهاجا، (ۋىدىيو لىنتىسى).

◈ جامائەتكە مەنسۇپ بولمىغان ئەسەر ۋە رىساللەر:

- ئابدۇلقادىر ئابدۇلئەزىز: العمدة في إعداد العدة.

- د. سەئىيد ئابدۇلئەزىم: تحصيل الزاد في تحقيق الجهاد.

- سەلاھ ئەبۇ ئىسمائىيل: الشهادة.

- ئابدۇرراھمان ئەللۇۋەيھىق ئەلمۇتايرىي: الغلو في الدين.

- ياسىر بەرھامىي: الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر.

- ھۇسەين ئەبۇلىيەزىد: من قتل السادات.

◈ ئۈنئالغۇ لىنتىلىرى:

- سەييىد سەئدۇددىن ئەلغەباشىي: الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر.

- د.مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىسمائىيل ئەلمەقدەم: مراحل تشريع الجهاد.

◈ ژۇرنالالار:

- «مجاهد» ژۇرنىلى ـ ئافغانىستان.

- «صوت الدعوة» ژۇرنىلى، ئىسكەندەرىيىيەدىكى سەلەپىيىيە ھۆدا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ، ئالتىنچى سان.

www.munber.org

# غەربتىكى ئىسلام ئۈممىتى (بىلالچىلار)

**ئېنىقلىما:**

«ئىسلام ئۈممىتى» ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ھەرىكەت. بۇ ھەرىكەت، ئىرقچىلىق روھى بېسىپ كەتكەن ئايرىم چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئىسلامنى ئاساس قىلغان. بىر قاتار ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنى توغرىلىغاندىن كېيىن «بىلالچىلار» ئىسمى بىلەن تونۇلغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ۋالىيس د.فارد (Wallace D.Fard) ئىسىملىك نەسەبى ئېنىق بولمىغان نىگىر كىشى. ئۇ 1930 ـ يىلى تويۇقسىزلا ، دېترويتتىكى نىگىرلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مەزھىپىگە چاقىرغان ھالدا پەيدا بولغان ۋە 1934 ـ يىلى ئېيتوندا سىرلىق شەكىلدە ئارىدىن غايىب بولغان.

◈ ئەلىجاھ پول ياكى ئەلىجاھ مۇھەممەد (1898 ـ 1975م): بۇ ھەرىكەتكە كىرگەن ۋە مەنسەپلىرىدە ئۆسۈپ، فاردتىن كېيىن رەئىس بولغان. 1959 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننى زىيارەت قىلغان, ئۇنىڭ تەرجىمانلىقنى قىلىدىغان ئوغلى ۋالاس مۇھەممەدنى ھەمرا قىلىپ تۈركىيە، ئېپوفىيە، سۇدان، پاكىستانلارنى كەزگەن.

◈ مالكولم ئېكس (Malcolm X) «مالىك شەھباز»): نيۇيوركتىكى 7 ـ نومۇرلۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ناتىق ۋە مۇتەپەككۇر كىشى ئىدى. ئەرەبىستاننىڭ شەرقىنى كەزگەن 1963 ـ يىلى ھەج قىلغان. ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن ئىرقچى ھەرىكەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، «ئەھلى سۈننەت جامائىتى» نامىدا بىر پىرقە شەكىللەندۈرگەن. ئۇ 1965 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ لويىس فەرراخان: 1950 ـ يىلى ئىسلامغا كىرگەن. مالكولم ئېكسقا ۋارىسلىق قىلىپ، 7 ـ نومۇرلۇق ئىبادەتخانىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇمۇ ناتىق، يازغۇچى ۋە لېكسىيەلەر بېرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر پولكوۋنىك قازافىي بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسى بار. ئۇ، نىگىرلار ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىغا تولۇق ئېرىشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكىدا بىر مۇستەقىل نىگىرلار دۆلىتى قورۇشقا چاقىرىدۇ.

◈ ۋالاس ۋ.مۇھەممەد (ۋارىسىددىن مۇھەممەد، دەپ ئاتىلىدۇ): 1933 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر كۈنى دېترويتتا دۇنياغا كەلگەن. 1958 ـ 1960 ـ يىللىرى فىلادېلفىيا ئىبادەتخانىسىدا ھەرىكەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1967 ـ يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. ئۇنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىغا بولغان زىيارىتى كۆپ قېتىم تەكرارلانغان.

www.munber.org

ـ 1964 ـ يىلى ھەرىكەتتىن ئايرىلىپ، ئاتىسىنىڭ پرىنسىپلىرىنى تاشلىغان، ئەمما ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن بەش ئاي ئىلگىرى ھەرىكەتنى ئىچكى قىسمىدىن ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاپ ھەرىكەتكە قايتقان.

ـ ھىجرىيە 1397، مىلادى 1977 ـ يىلى نيۇيوركتىكى «دۇنيا ئىسلام بىرلىكى»نىڭ شۆبىسى تەرىپىدىن نيۇجېرسىي ۋىلايىتىدە چاقىرىلغان قورۇلتايغا قاتناشقان.

ـ 1975 ـ يىلى دىكابىردا ۋاشىنتوندىكى «ئىسلام مەركىزى»نى زىيارەت قىلغان.

ـ 1977 ـ يىلى كانادادا چاقىرىلغان ئىسلام قورۇلتىيى ھەيئىتىنىڭ بىشىدىن ئورۇن ئالغان. ھەر قېتىمدا ئىسلامىي يۈزلىنىشىنىڭ سەممىيىتىنى ئىپلان قىلاتتى. جامائەتنى ئىچىدىكى توغرا بولمىغان قاراشلارنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى.

ـ 1976 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى، تۈركىيە ۋە بىر قانچە شەرق ئەللىرىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ، بارغان دۆلەتلىرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەتتى.

ـ 1975 ـ يىلى جامائەتكە رەھبەرلىك قىلىشتا تايىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىپلان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى:

* خاس يارىدەمچىلىرى كەرىيم ئابدۇلئەزىز، د.نەئىيم ئەكبەر.

* تەشكىلات باياناتچىسى: ئابدۇلھەلىيم فەرخان.

* مەدەنىي ساھەدىكى مەسلىھەتچىلىرى: د.ئابدۇلئەلىم شەھباز، د.فاتىمە ئەلى ۋە فەھمىيە سۇلتان.

* باش كاتىپ: جون ئابدۇلھەق.

* ئەسكەرىي قۇماندان رەئىسى: ئەلجاھ مۇھەممەد ئىككىنچى.

◈ رىيموند شەرىيف: باشتا ئىسلام سەمەرىسى (Fruit of Islam) ناملىق ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە باش قوماندانى بولغان، ئارقىدىن ئادالەت مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ھەرىكەتكە 1937 ـ يىلىدىن، يەنى تەسىس قىلىنىشىدىن بويان «F.O.I» قىسقا ھەرپلىرى بىلەن ئىشارە قىلىنىدۇ.

◈ ئەمىينە رەسۇل: ئاياللارنى جانلاندۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلى (M.G.T).

◈ د.مايكىل رەمادان: بارلىق مەسچىتلەر كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

◈ سىرون مەھدى: 1967 ـ يىلى ھەرىكەتكە قوشۇلغان. ئۇ 1976 ـ يىلى تەشكىللىگەن «Blingt Arrest Pioneer Patrol» نامى ئاستىدا، ھەرىكەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى ئىنقىلاش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولغان. بۇ ھەرىكەتكە «F.O.I» نىڭ ئورنىغا «B.A.P.P» قىسقا ھەرپلىرى بىلەن ئىشارە قىلىنىدۇ.

www.munber.org

◈ ئىبراھىم كامالۇددىن: جەنۇبى چىكاگو رايونى يەرلەشتۈرۈش پىلانىغا رىياسەتچىلىك قىلدىغان يېڭى زىمىن گۇرۇپپىسى (N.E.T) ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىسى.

◈ سۇلتان مۇھەممەد: ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئۇ ۋاشىنتوندا ئىمام بولغان. ئۇ، ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنۋېرسىتېتىدا ئوقۇيتتى، ھجرىيە 1410 ـ يىلى رىيادتا ۋاپات بولغان.

◈ مۇھەممەد ئەلى كىلاي: مەشھۇر خەلقئارالىق بوكسىيورچى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مالكولم ئىكسنىڭ ئۇنى ھەرىكەتكە جەلىپ قىلغان. ئۇ، ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا ئالغان ۋالاس مۇھەممەد تەرىپىدىن جامائەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى پىلانلاش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەجلىس ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

شۇنى ھېس قىلىش كېرەككى، بۇ ھەرىكەتنىڭ پىكىرلىرى ئۇنى ئىدارە قىلىدىغان باشلىقنىڭ قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھالدا تەدرىجى تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈچ مەزگىلگە ئايرىش لازىم (فەرراخانىيىە بابىغا قاراڭ).

### بىرىنچى: ۋالىيىس د.فارد مەزگىلى:

◈ بۇ تەشكىلات تەسىس قىلىنغىنىدىن تارتىپلا «ئىسلام ئۈممىتى» نامى بىلەن تونۇلغىنىدەك، «يوقلىپ بايقالغان ئىسلام ئۈممىتى» دېگەن باشقا بىر ئىسىم بىلەنمۇ تونۇلغان. ئاساسلىق نىشانلىرى تۆۋەندىكىچە گەۋدىلەنگەن:

ـ ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، ئادالەتكە چاقىرىشنى تەكىتلەش ۋە جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش.

ـ كۆچىنى قارا تەنلىكلەرنىڭ يوقۇرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى(ئىنسان ـ ت) ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئۈزلىرىنىڭ ئەسلى ئافرىقا ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرىنى تەكىتلەش، ئاق تەنلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ "شەيتانلار" دەپ سۈپەتلەش.

ـ بەزى پىكىرلىرىنى مۇقەددەس كىتابتىن ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەگەشكۈچىلىرىنى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن قۇرئان كەرىمگە بوراش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش.

ئۇنىڭ باشلىقى ئىككى تەشكىلات تەسىس قىلغان: بىرى ئايالالارغا خاس بولۇپ ئۇنىڭغا «مۇسۇلمان قىزلارنى تەربىيلەش» (Training Muslim Girls) دەپ نام بەرگەن، بۇ تەشكىلات قىسقارتىلىپ T.M.G دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەرىكەتنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىنى

www.munber.org

كۆچلەندۈردىغان كۈچلۈك ھەربىيلەرنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە قورۇلغان ئەرلەرگە خاس تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىسلام سەمەرىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

ظعككعنجع: ظةلعجاه مذهةممةد مةزضعلع:

◈ ئەلىجاھ مۇھەممەد ئىلاھنىڭ غەيىب نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ بىر ئىنساندا مۇجەسسەم بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇ ئىلاھ چۈشكەن ئىنسان، يەنى فارد ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۇئا ۋە ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ئارقىلىق جامائىتىنىڭ پىكرىگە باتىنى چۈشەنچىلەرنى كىرگۈزگەن.

◈ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئورنىدا قويغان ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى، دېگەن لەقەم بىلەن سۈپەتلىنىشكە باشلىغان. (Messenger of Allah).

◈ ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، تاماكو چېكىش، تائام ۋە زىناغا بېرىلىپ كېتىشلەرنى ھارام قىلغان، ئايال كىشىنىڭ يات ئەر بىلەن ئارىلىشىشىنى چەكلىگەن، ھەرىكەتكە قاراشلىق قىز- ئوغۇللارنى ئۆز ئارا ئۆيلىنىشكە قىزىقتۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى، ئاممىۋى يىغىلىشلارغا بېرىشتىن توسقان.

◈ قارا تەنلىكلەرنى يۈكسەكلىككە كۆتىرىشتە چىڭ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ بارلىق ياخشى مەنىلەرنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئاق تەنلىكلەرنى ئىزچىل پەس كۆرۈپ كەلگەن، ئۇلارنى پەسلىك، تۆۋەنلىك بىلەن سۈپەتلىگەن. ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش نوقتىسىنىڭ سۆزسىز ھالدا نېگىرلار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق بولۇپ، بۇ ساھەدە مۇنازىرە قىلىشنىڭ كىچىككىنىمۇ ئورنى يوق.

◈ ئەلىجاھ مۇھەممەد پەقەت قول بىلەن تۇتۇش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇ پەرىشتىلەرگە ئىشەنمەيدۇ، تەننىڭ ھەشىر قىلىنىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەشىر ئامېرىكىلىق نېگىرلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ھەشىر قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

◈ ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ، چۈنكى ھەرقانداق پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ، يەنى ئەلىجاھ مۇھەممەد فارىد تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ نېگىر قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ۋەھيى قىلىنىدىغان پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن.

◈ ئۇ ساماۋىي كىتابلارغا ئىشىنىدۇ، ئەمما، ئۆزىنىڭ نېگىر قەۋمىگە خاس بىر كىتابنىڭ نازىل بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋىي كىتاب بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

◈ ئۇنىڭ دەۋرىدە قىلىنغان ناماز بولسا مەككىگە يۈزلەندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن فاردنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە فاتىھە سۈرىسى ياكى بىر قانچە ئايەت ۋە دۇئا ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ناماز كۈندە بەش ۋاخ ئوقۇلاتتى.

◈ رامىزان رۇزىسىنىڭ ئورنىغا ھەر يىلى دېكابىر ئېيىدا رۇزا تۇتۇش.



www.munber.org

◈ ھەر بىر ئەزا كىرىمىنىڭ ئوندىن بىرىنى ھەرىكەتكە تاپشۇرىدۇ.

◈ پىكىرلىرىنى ئىزاھلايدىغان بىر قاتار كىتابلارنى يازغان. ئۇلار:

- (ئامېرىكىدىكى) «قارا ئادەمگە ئۇچۇر» (Message to the Black Man).

- «نىجاتكارىمىز يېتىپ كەلدى» (Our Saviour Has Arrived).

- «يۈكسەك ھېكمەت» (Supreme Wisdom).

- «ئامېرىكىنىڭ يىقىلىشى» (The Fall of America).

- «ياشاش ئۈچۈن قانداق يېيىش؟» (How to Eat to Live).

◈ ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە بىر گېزىت تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «مۇھەممەد سۆزلەيدۇ» (Muhammad Speaks) دەپ نام بەرگەن.

ئۈچىنچى: ۋارىسۇددىين مۇھەممەد مەزگىلى:

◈ 1975 ـ يىلى 24 ـ نويابىر، ۋارىسۇددىين تەشكىلاتقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بىلال ئەلھەبەشىينىڭ ئىسمىغا ئاساسلىنىپ "بىلالچىلار" دېگەن بىر يېڭى ئىسمنى تاللىغان.

◈ 1975 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن، ۋارىسۇددىين ئاق تەنلىكلەرنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1976 ـ يىلى 25 ـ فېۋرال، پائالىيەت زاللىرىدا ھەرىكەتكە قوشۇلغان ئاق تەنلىكلەر نېگىرلار بىلەن يانمۇ يان تۇرغان ھالدا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغان.

◈ "كۆك كۆزلۈك كاپىكاز شەيتىنى ئاق تەنلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ" دەپ قارىلىدىغان ئامېرىكىنىڭ بايرىقى تەشكىلاتنىڭ بايرىقىنىڭ يېنىغا قويىلىدىغان بولغان.

◈ 1975 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست، رامىزان رۇزىسىنى تۇتۇش ۋە رۇزا ھېيت ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا قارار چىقىرىلغان.

◈ 1975 ـ يىلى 14 ـ نويابىر، «مۇھەممەد سۆزلەيدۇ» گېزىتىنىڭ ئىسمى «بىلالچىلار خەۋەرلىرى» گە ئۆزگەرتىلگەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «مۇسۇلمان گېزىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

◈ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنۋانىنى «رەئىسلەرنىڭ رەئىسى» نىڭ ئورنىغا «ئىمام ئەكبەر» گە ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «ئىبادەتخانىلارنىڭ باشلىقلىرى» دېگەن سۆزنى ئىمام سۆزىگە ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى دىنىي ئىشلارغىلا يىغىنچاقلاپ قويغان. باشقا ئىشلارنى ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىكى كىشىلەرگە تەقسىمات بويىچە بۆلۈپ بەرگەن.

◈ ئىبادەتخانىلار ناماز ئوقۇغىلى بولغۇدەك شەكىلدە ھازىرلانغان.

◈ 1975 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر، نامازنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئوقۇلۇۋاتقان ساغلام شەكلى بويىچە بەش ۋاقىت ئوقۇلىشى ئۈچۈن بۇيرۇق چىقارغان.

www.munber.org

◈ ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاق، ھۆزۈر، گۈزەل كىيىنىش ۋە ئاياللارغا نىسبەتەن شەرئىي كىيىملەرنى كىيىش مەسىلىلىرى تەكىتلەنگەن.

◈ ھەرىكەتكە قاراشلىق دەۋەتچىلەر تۈرمىلەرنى زىيارەت قىلىپ، مەھبۇسلارنى ئىسلامغا چاقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تۈرمىلەردىكى جىدەلخور، بۇيرۇققا بويسۇنمايدىغان نىگىر مەھبۇسلارنىڭ يالغۇز ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا دۇرۇسلاشقانلىقى ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدىغان بولغانلىقىنى بايقاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەۋەتچىلەرنىڭ مەھبۇسلار ئارىسىدا تەبلىغ قىلىشى مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنى مەمنۇن قىلىدۇ.

◈ فارد ۋە ئەلىجاھ مۇھەممەد دەۋرلىرىدىن باشلاپ ھەرىكەت تەرىپىدىن خاتا قوبۇل قىلىنغان ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى توغرىلاش ۋە تۈزىتىشكە تىرىشقان.

◈ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ھەرىكەتنىڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىسلامىي يۈزلىنىشتە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمايدۇ. بىراق بۇلار، ھەرىكەتنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرىدا ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ھېلىھەم ھەقىقىي ئىسلامىي سىزىققا چۈشىشى ئۈچۈن ئەقىدىۋىي ۋە ئەمەلىي ئىسلاھاتلارغا ئېھتىياجلىق.

◈ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل قالايمىقانچىلىقلار نەتىجىسىدە ۋارىسۇددىن 1985 ـ يىلى 25 ـ ماي، جامائەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق شۆبىلىرىنىڭ يەككە ھالدا خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىشنى ئېلان قىلىشىمۇ مەيدانغا كەلگەن. دېمەك، ھەر كۈن ھەرىكەتنىڭ تەقدىرىدە يېڭى ئۆزگۈرۈشلەر بولۇپ تۇراتتى.

◈ ھەرىكەتنى ئۆزگە قارىتىش ۋە ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئىدارە قىلىش مەقسىتىدە بىر تەرەپتىن پولكونىك قازافىي، يەنە بىر تەرەپتىن ئىران كۈچ چىقارماقتا. ئۇنىڭدىن يېڭى كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ، رەھبەرلەر بېسىلىپ قالماقتا، بۆلۈنۈش ھەممىگە ئورتاق تەھدىد تۈسىنى ئالماقتا.

◈ بۇ جامائەت بىر قانچە تۈرلۈك ئىسىم بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئاخىرقى ئىسمى «غەربتىكى ئىسلام ئۈممىتى» (The Nation of Islam in the West).

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەت ئىلگىرى نىگىرلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىككى كۈچلۈك ھەرىكەتنىڭ يېمىرىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئىككى ھەرىكەت:

ـ ئامېرىكىلىق زەنگى تىموسىي نوبل درېۋ ئەلى (1886 ـ 1929م) تەرىپىدىن 1913 ـ يىلى قورۇلۇپ تارقىتىلىشقا باشلىغان مۇرىيىي ھەرىكىتى. بۇ ھەرىكەت ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي پرىنسىپلار ۋە دىنى ئەقىدىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بىر چاقىرىقنى مەركەز قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى داھىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاجىزلاپ كەتكەن.



www.munber.org

- ماركوس گارۋېي (1887 - 1940م)نىڭ تەشكىلاتى. بۇ، 1916 - يىلى Universal Negro Improvement Associatation نامى ئاستىدا نېگىرلار ئۈچۈن قورۇلغان بىر سىياسىي تەشكىلات ئىدى. بۇ ھەرىكەت مەسىيھ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش شەرتى ئاساسىدىكى «خىرىستىيان ھەرىكىتى» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. 1925 - يىلى ئۇنىڭ داھىسى ئامېرىكىدىن سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىش ئۇ ھەرىكەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان.

◈ شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەتنى ئىسلامغا، نېگىرلارنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزىدىغان، ئۇلارنى ھوقۇق، ئىگىلىك ۋە ئورۇنلىرى بولغان ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بىر ئۈممەت قىلىپ چىقىدىغان بىر روھىي مىراس سۈپىتىدە قارايتتى، دېيىش مۇمكىن.

◈ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ئەلىجاھ مۇھەممەد ئىسلامدىن ئالغان پىكىرلىرىدىن سىرت، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى پىكىرلەرنىڭ ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى ئىرقىي كەمسىتىش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ئامېرىكىدىكى نېگىرلارنىڭ سانى 35 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مىليوندەك مۇسۇلمان بار.

◈ ئۇلار مەسچىتلىرىنى «ئىبادەتخانىلار» (Temples)، دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئوخشىمىغان شەھەرلىرىدە سەكسەن شۆبىسى ۋە ئامېرىكا بويىچە ئاتمىشتىن ئارتۇق ئىنستىتوتلىرى بار. ئۇلار ھەر كۈنكى بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئايرىغان.

◈ قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار دىتروئىت، چىكاگو، ۋاشىنتون ۋە ئامېرىكىنىڭ كۆپ ساندىكى چوڭ شەھەرلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قورۇش ئارمانلىرى بار. ئۇلار نېگىرلار مەسىلىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھىمايە قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: غەربتىكى ئىسلام ئۈممىتى بىر پىكرىي ئېقىم ھەرىكىتى بولۇپ، ئۆزىنى ئىسلامغا مەنسۇپ، دەپ قارىغان. ئەمما، ئۇ ئۆزۈن مۇددەت، يەنى دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىسلامنىڭ ماھىيەت ۋە مەزمۇنىدىن يىراق ياشىغان. گەرچە ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىنى قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىشكە ئۈزگەرتىشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئىزچىل ھالدا تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن ئىدىيىلەرنى ئېلىش پىكرىدە قالغان. ئىككىنچى مەزگىلدە باتىنىي چۈشەنچىلەرگە ئەگىشىپ، ئىلاھىنىڭ غەيب ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن شەخستە مۇجەسسەم بولۇشى كېرەكلىكى، ئۇ كىشىنىڭ بولسا، (شۇلارنىڭ دەۋالىرىغا كۆرە) ئەمەلىيەتتە ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن فارد ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبەرلىك رىسالىسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشمايدىغانلىقى، نېگىرلارغا بىر ساماۋىي كىتابنىڭ نازىل بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەنلىكى ۋە رامىزان روزىسىنىڭ ئورنىغا دېكابىر ئېيىدا روزا تۇتۇش كېرەكلىكى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى



www.munber.org

سوْرگەن. ئۇچىنچى مەزگىلدە بۇ تەشكىلات، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بىلال ئەلھەبەشىينىڭ ئىسمىغا ئاساسەن «بىلالچىلار» دېگەن يېڭى ئىسمىنى قوللانغان. ۋارىسۇددىن مۇھەممەد ئۇلاردىكى سابىق ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنى توغرىلاش بىلەن بىرگە نامازنى توغرا، ساغلام شەكلى بويىچە ئوقۇشقا بۇيرىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي يۈزلىشىنى ئىسلامنىڭ ھەق چۈشەنچىلىرى بىلەن باشلانغان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- دوكتور ج.ئەرىك لىنكولىن: المسلمون الزنوج في أمريكا، (تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر دىيراۋىي) — ئەلئىلمۇ لىلمەلايىين نەشرىياتى، بىرىنچى نەشرى —بېيرۇت، 1964م.
- مۇھەممەد يۇسۇف شەۋاربىي: الإسلام في أمريكا، ئەرەب بايان كومىتېتى - قاھىرە، 1379ھ/1960م.
- د.ئابدۇلۋاھھاب ئىبراھىم ئەبۇ سۇلەيمان: منظمة إليجا محمد الأمريكية، بىرىنچى نەشرى — شۇرۇق نەشرىياتى - جىددە، 1399ھ/1979م.
- ئابدۇللاھ ئەھمەد دارىي: الوجود الإسلامي في الولايات المتحدة الأمريكية، بىرىنچى نەشرى - سەئۇدى ئەرەبىستانى پەن - مەدەنىيەت جەمئىيىتى باسمىخانىسى - جىددە، 1403ھ/ 1983م.
- بىلال فلىيبس: الفرق الباطنية المعاصرة في الولايات المتحدة، پادىشاھ سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا پاكولتېتىغا سۇنۇلغان ماگىستىرلىك دىسسېرتاتسىيىسى - رىياد، 1405ھ/1984م.
- مەھمۇد ئەھمەد شاكىر: المسلمون تحت السيطرة الرأسمالية، ئەلمەكتەب ئەلئىسلامى، بىرىنچى نەشرى - بېيرۇت، 1397ھ.
- د.ئەلى مۇنتەسىر ئەلكىتتانىي: المسلمون في أوربا و أمريكا، ئىدرىس نەشرىياتى، بىرىنچى نەشرى - رىبات، 1396ھ.
- «ئەلمۇسلىمۇن» ژۇرنىلى، 1405ھ/20/9 (1985م/8/6).
- «ئەلمۇستەقبەل» ژۇرنىلى، 422 - سان، 23 - مارت، 1985م.
- سەئۇدى ئەرەبىستان «ئەلجەزىرە» گېزىتى، 1683 - سان، 12 - مۇھەررەم، 1397ھ (2 - يانۋار، 1977م).
- «ئىسلام دۇنياسى خەۋەرلىرى» گېزىتى، 470 - سان، 23 - رەبىئۇل ئەۋۋەل، 1396ھ. مەككە مۇكەررەمەدىكى دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلىندۇ. شۇنىڭدەك 510 - سان، 1397ھ/20/1.




www.munber.org

«ئەلمۇجتەمەئ» ژۇرنىلى ـ كۇۋەيت، **428** ـ سان، **1399ھ/28/3** ( **30** ـ مارت، **1979**م ) .

www.munber.org

# فەرراخانىييە

## ئىنقىلىما:

◈ بۇ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا كەڭ تارقالغان ھازىرغىچە ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ مېتودىنى ياقلاپ كېلىۋاتقان باتىنى پىرقىلەرنىڭ بىرى.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى لۇئىس ۋولكت ئەسلى كارىبىي دېڭىز ئارالLIRI كەلگەن ئارتىسلىق ۋە مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

- 1956 - يىلى پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ پىرقىسىگە قوشۇلغان. ئۇنىڭ ئۇستازى فارد مۇھەممەد ئۆزىنى تەڭگە ئىگە ئاللاھ، دەپ دەۋا قىلغان. مالكولم بوستۇندا «11 - نۇمۇرلۇق ئىسلام ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبادەتخانىسى»نى ئاچقاندا لۇئىس ئىكسنى ۋائىز ۋە مۇدىرلىققا تەيىنلىگەن.

- لۇئىس ئىكس بىر قىسىم مۇزىكا ۋە دىراممىلارنى يازغان بولۇپ، ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ تەلىماتلىرىنى بايان قىلىشتىكى ئەھمىيىتىگە ئاساسەن بارلىق ئىبادەتخانىلاردا ئورۇنلانغان. بۇ مۇزىكىلار ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان.

- ئەلىجاھ مۇھەممەد مالكولم ئىكسنى ئىشتىن بوشاتقاندىن كېيىن، لۇئىسنى پىرقىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك باياناتچىلىق مەنسىپىگە تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا فەرراخان ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئارقىدىن ئۇنى، ئىشتىن قوغلىنىشتىن ئىلگىرى مالكولم ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان «ئىسلام ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبادەتخانىسى»دىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ئىبادەتخانىنىڭ ۋائىزى قىلىپ تەيىنلىگەن.

- ئەمما، ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن رەھبەرلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋالاس، فەرراخاننى بارلىق مەنسەپلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى چىكاگودا بىر قورچاق مەنسەپكە تەيىنلەپ قويغان. بۇ جەرياندا لۇئىس ئەلىجاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە فارد مۇھەممەدنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتە ۋالاسنىڭ ئىنكار قارىشى بىلەن ئوخشاش يول تۇتقان.

- ئەمما فەرراخان 1977 - يىلى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان سايلىسىنىڭ چىكىنىپ چىقىشىدىن كېيىنلا، مەنسەپ ۋە پىرقىدىن ئىستىپا بەرگەن.

www.munber.org

ـ ئۇ نيويۇركقا قايتىپ ئەلىجاھنىڭ ئەسلى تەلىماتلىرىغا قايتىش چاقىرىقى ئاستىدا ئىلگىرىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلىغان. نيويۇرك، چىكاگو ۋە لوس ئانجىلسلاردا ئىبادەتخانىلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەرگە ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلىغان. لوئىس فەرراخان چىكاگونى ئۆز پىرقىسىنىڭ مەركىزى قىلغان. ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ تەلىماتلىرىغا قايتىش ئارقىلىق ئىسلام ئۇممىتىنى قايتىدىن قوروۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر گېزىت چىقىرىپ، ئۇنى «ئاخىرقى نىدا» دەپ ئاتىغان.

ـ فەرراخان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا لېكسىيە بېرىش ۋە نېگىرلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىغان. رادىئو ـ تېلېۋىزيۇنلارغا چىقىشى كۆپەيگەن.

ـ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان سايلىسقا ئوخشاش، فەرراخاننىڭ چاقىرىمۇ «ئىسلام ئۇممىتى»نى قايتىدىن قوروۇپ چىقىش، ئۇنىڭ خۇسۇسىي دەۋالىرىدىن خالىي ساپ تەلىماتلىرىنى جانلاندۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلىجاھ ئائىلىسىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان.

ـ **1981** ـ يىلى مۇقەددەس ئىسىملارنى تارقىتىش تۈزۈمىنى قايتىدىن يولغا قويۇپ، پىرقىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ "قۇتقۇزغۇچى رىسالىسى" يېزىشىنى، ئۇ ئارقىلىق فارد مۇھەممەد ئەپەندى سۈرىتىدىكى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە ھۆرمەتلىك ئەلىجاھ مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ شاھادەت ئېيتىشى شەرت قىلىنغان.

ـ فەرراخان نېگىر راھىب جېيسى جېكسونغا سايلام پائالىيەتلىرىدە ھەمدەم بولۇش ئارقىلىق ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى:

◈ فەرراخانىييە ئەقىدىلىرى:

فەرراخان ئادەتتىكىچە ئۆزگەرتىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەلىجاھ مۇھەممەدنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ يەنە، پىرقىنىڭ «ئاخىرقى نىدا» ناملىق گېزىتىنىڭ بارلىق سانلىرىنىڭ ئاخىرقى بېتىدە «مۇسۇلمانلار نېمىنى خالايدۇ؟» ۋە «مۇسۇلمانلار نېمىگە ئېتىقاد قىلىدۇ؟» دېگەن ئىككى ماۋزۇ ئاستىدىكى باپلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىككى تېما ئەلىجاھ دەۋرىدىكى «مۇھەممەد سۆزلەيدۇ» گېزىتىنىڭ بارلىق سانلىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەلىجاھ پىرقىسىنىڭ مەقسەت ۋە ئېتىقادلىرىنى بىرمۇ بىر ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە ھەر ساندا «مۇھەممەد سۆزلەيدۇ» گېزىتىنىڭ كونا سانلىرىدىن ئېلىنغان ئەلىجاھنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

◈ فەرراخان قايتىدىن جانلاندۇرغان ئەلىجاھنىڭ بەزى ئاساسلىق ئەقىدىلىرى:

ـ ئاللاھ ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان.



www.munber.org

- بارلىق نىگىرلار ئىلاھىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەر 25مىڭ يىلدا بىر مۇتلەق ئىلاھ دۇنياغا كىلىدۇ.

- يەئقۇب ئىسمىلىك بىر نىگىر ئىلاھ بىر قىسىم گىنىتىك سىناقلار نەتىجىسىدە ئاق تەنلىك ئىنسانىنى ياراتقان.

- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ئەرەبلەرگىلا ئەۋەتىلگەن، ئەلىجاھنى ئاللاھ تائالا ئامېرىكا نىگىرلىرىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى.

- فەرراخان پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇخلىسلىرى دىگەندىن خىرىستىيان دىنىدىكى مەشھۇر بوترۇس كۆزدە تۇتىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئەلىجاھنىڭ ئاۋازىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پۈتۈن ئۈممەتنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

- ئاق تەنلىك ئىنسان شەيتاندۇر.

- قارا تەنلىك ئىنسان بارلىق ساماۋىي كىتابلارنى تەلىف قىلغان.

- قۇرئان تەلىماتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەلچى ئەلىجاھ مۇھەممەدكە ۋە ئامېرىكىدىكى نىگىرلارغا قارىتىلغان.

- ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتلەرنىڭ تىرىلىشى يوق، تۇرغۇزۇلۇش ۋە تىرىلدۈرۈلۈش خىيالىي قەبرىلەردە ئۇخلاپ قالغان نىگىرلارنىڭ روھىي ئويغىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئەلىجاھ مۇھەممەدنى، ئۇنىڭ ئىلاھىنى بىلىش ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ.

- ئۇلار يەنە، ئەگەر ئەرەبلەر مۇھەممەدنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، دەپ شەكسىز ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا، ئۇلار بىلەن بىر يەرگە كىلىشىمىز، بىر نوقتىغا كەلگەنگە قەدەر دەلىللەرنى تالاش - تارتىش قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئەي ئەرەبلەر سىلەر ئىرقچىلارسىلەر، سىلەر شەيتاندىن ئىبارەت ئاق تەنلىك ئىنسان تەبىئىتىگە ۋەكىللىك تەبىئەتلاردىكى بۇ تەرەپلەردىن ھالقىپ كېتەلمەيسىلەر. سىلەر، يەھۇدىيلار ۋە ئاق تەنلىك ھەممىڭلار شەيتانسىلەر.

## فەرراخاننىڭ ئىلاۋىلىرى:

- فەرراخاننىڭ ئەلىجاھ ھەققىدە يېڭى ئەقىدىلىرى بار بولۇپ، ئۇ خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغاندەك، ئۇمۇ ئەلىيجاھنى ئىلاھ قىلىۋالغان. بەلكى فەرراخان ئەلىجاھنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام، دەپ دەۋا قىلغان.

- گەرچە ئۇ تەنىنىڭ تىرىلدۈرىلىشىنى قەتئىي رەۋىشتە ئىنكار قىلىدىغان بىرى بولسىمۇ، ئەلىجاھنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى تىرىك ئەۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ.

www.munber.org

ـ فەرراخان مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ يەردە شۇنداق گۈۋاھلىق بېرىمەنكى، پەزىلەتلىك ئەلجاھ مۇھەممەد كۆتىرىلىپ كەتتى. سىلەر ئىزدەۋاتقان، قايتىشىنى كۈتىۋاتقان ئىيسا ئاراڭلاردا قىرىق يىل تۇرغان ئىدى، ئەمما سىلەر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭلار.»

ـ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھۆرمەتلىك ئەلجاھ ھايات بولۇپ، ھازىر ئىلاھ بىلەن بىرگە، ئۇ يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭغا گۈۋاھلىق بېرىمەنكى ئاراڭلاردىكى ئەلىيجاھنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرى ئىلاھنىڭ ئوڭ يېنىدىكى مەدھىيىلىنىشكە لايىق ئورۇنغا كۆتىرىلدى ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا تەبىئەتنىڭ بارلىق ئېنىرگىيىلىرى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى بەردى.»

ـ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەزىلەتلىك ئەلجاھ مۇھەممەد بىز (قارا تەنلىكلەر)نىڭ زېمىنىنىڭ ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، كائىناتنىڭ ئەڭ پاكلىرى، بارلىق كائىناتنىڭ ئىلاھلىرى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈردى. ئەگەر پەزىلەتلىك ئەلجاھ مۇھەممەد ئىلاھ بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ئىلاھىيلىق دەرىجىسىگە يېتىشەلمىگەن بولاتتۇق. ئەگەر ئۇ تىرىك ئەۋەتىلمىسە، بىزنىڭ زېھنىي، روھىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆلۈمىمىزنىڭ تىرىك ئەۋەتىلىشىدىن ئۈمىد يوق.»

## فەرراخاننىڭ تەۋىللىرىدىن مىساللار:

ـ لوئىس فەرراخان ئەلجاھ توغرىسىدا دەۋالىرىنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە مۇقەددەس كىتابنىڭ ئابزاسلىرىنى تەۋىل قىلىش ئاساسىغا تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ:

ـ فەرراخان دەۋاسىنىڭ باشلانغۇچى قىلىپ، قۇرئان كەرىم، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 44 ـ ئايىتىنى تەۋىل قىلغان ھالدا ئەلجاھ مۇھەممەد ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ ئۆزى، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ـ ئۇ، ھەزرىتى مەريەمنى ئامېرىكىدىكى نېگىرلار يۇزلىنىدىغان سىمۋولغا ئايلاندۇرغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ ئىيسا قەيەردىن ئىزدەيمىز؟ بۇ ئىبارە ”بەتۇل“ (قىزلىق) سىرنى بايقاشتىكى ئاچقۇچ، دېگەن ئوقۇمنى بېرىدۇ. ”بەتۇل“ كەلىمىسى بىزنىڭ ماددا دۇنياسىدىكى چۈشەنچىمىز بويىچە ئەر كىشى يېقىنلاشمىغان ئايال، دېگەن بولىدۇ. ئەمما، مۇقەددەس كىتابتا بولسا ئىلاھ كەلمىگەن كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تەسەررۇپاتىمىزدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، ئامېرىكىدىكى نېگىرلار ”بەتۇل“ كىشىلەردۇر.»

ـ ئۇ ئاخىرىدا، نىسا سۈرىسىدىكى 157،158 ـ ئايەتلەرگە تايانغان ھالدا، ئەلجاھنىڭ ئاسمانغا كۆتىرىلىپ كەتكەنلىكىگە ئائىت تەۋىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ـ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئەلجاھ مۇھەممەد ئۆلدى، دەپ ئويلايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، لېكىن مەن دۇنياغا ئۇنىڭ ھايات، سالامەتلىكى



www.munber.org

ياخشى ۋە نۇپۇزى يۇقىرى بىر ئورۇندا تۇرىۋاتقانلىقىدىن گۇۋاھلىق بىرىش ئۈچۈن ئالدىڭلاردا تۇرىۋاتىمەن.»

- «مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھ، بىز ئۇنىڭغا گۇۋاھمىز. ئۇ قۇرئاندا يېزىلغان: ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: ” ئى ئىسا!مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)...“ »[1] يەنە باشقا بىر ئورۇندا قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا شۇبھە سېلىندى» (ئۇنى ئۆلدى، دەپ). بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەكرى بولۇپ، رەزىل دۈشمەنلىرىنىڭ مەكرىدىن ئۈستۈندۇر.» ئۇ بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ نىسا سۈرىسى، 157 ـ ئايىتىدىكى سۆزىگە ئىشارە قىلدۇ.

## فەرراخاننىڭ پىكىرلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنۇشلار:

ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدا زىيارەتتە بولغان بولۇپ، پادىشاھلىقتىكى دەۋەتكە مەسئۇل بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ ئاخىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، چۈشىنىش ۋە تەكشۈرۈش تەرەپكە يۈزلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، تىلغا ئالغۇچىلىكى بار بىرەر ئىسلاھات ئېلىپ بارماستىنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پىكىر ۋە سۆلۈكلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. بىراق بۇرۇنقىغا قارىغاندا تەتۈر تەشۋىقاتلىرىنى بىر قەدەر ئازراق ئېلان قىلىدىغان بولغان. ئوتتۇرىغا چىققان نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ كىشى ئىخلاسسىز، مەنسەپ قوغلىشىدىغان، نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۇنى ۋە بارلىق توغرا يولدىن ئازغان كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ دۇرۇست، ساغلام يولىغا قايتۇرىشىنى تىلەيمىز.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئالدىنقى تېمىدىكى «غەربتىكى ئىسلام ئۈممىتى (بىلالچىلار)» قىسمىنىڭ مەنبەلىرىگە قارالسا بولىدۇ.

[1] ـ ئال ئىمران سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.



www.munber.org

يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنلىرىدا ۋەيران قىلغۇچ پىرقىلەر كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى ئىسلام تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. نەتىجىدە بۆلۈش، پارچىلاش ئوقىياسىنى ئىسلامغا قاراتتى. ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىغان «سۈنئىي» مۇسۇلمانلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، بۇ دىنغا قانداق سۇيىقەست قىلىش، قانداق ئاجىزلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەلىماتلارنى بەردى. ئۇلار قارىماققا بۇ دىننى چىڭ تۇتقاندەك قىلىسمۇ، ماھىيەتتە ۋەيران قىلغۇچ باتىنى ئىزاھلار، دىندا پەقەتلا ئورنى، ئاساسى بولمىغان تەۋىللەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاساسىنى يىقىتىشقا ئورۇندى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئەھلى سۈننەتتىن باشقا ھېچقانداق مەزھەپكە يول، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ۋە كوللېكتىپلىكىنى يىمىرىدىغان بۇزغۇنچى پىرقىلەرگە رۇخسەت بەرمەي ياشاپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلامغا قارشى باتىنى پىرقە ۋە ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار دىننى ئاجىزلىتىش، ئۇنىڭغا ئىختىلاپ ئورۇغىنى چېچىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

دەرۋەقە بۇ ۋەيران قىلغۇچ پىرقىلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندۇ. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدىكى نىشانى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنى تۇتقان يولدىن يىراقلاشتۇرۇش، دىنىي ئەقىدىنىڭ ئاساسىي ئەركانلىرى ۋە سۆزسىز باش ئېگىشكە تېگىشلىك مەسىلىلىرىگە قارشى چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاشكارا پىرقىلەر ئارىسىدىن ئىسلامغا دۈشمەن «يەزىدىيىيە»، «قەرامىتىيىيە»، «ئىسمائىلىيىيە»، «نۇسەيرىيىيە»، «دۇرۇزىيىيە»، «ھەششاشلار»، «بابىيىيە»، «باھائىيىيە»، «قادىيانىيىيە»، «جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى»، «ھەبەشلەر»، «ئەنسارلار»، «خۇمەينىلار» ۋە «ئەمەل ھەرىكىتى»گە ئوخشىغان باتىنى ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ پىرقىلەر تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى ئىدى (ئۇلار يەنە شۇ يۈنۈلىشىدە قالىدۇ): ئۇلار، مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى سەلەپ ياكى كېيىنكىلىرىنىڭ بولسۇن ئارىلىرىغا پاسىقلىق ئامىللىرىنى چېچىش، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان تائىپىلىرىگە ئوخشاش ئىسلامنىمۇ ھەر خىل مەزھەپ ئېقىملىرىغا، ئەقىدە پىرقىلىرىگە بۆلۈشنى مەقسەت قىلىدىغان خىرىستىيان، يەھۇدىي دەۋەتلىرىنىڭ ئوقىدا ئايلاندۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا دۈشمەن سېكولارىستلار، ماتېرىيالىستلار، كومۇنىستلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ ئايىتىنى تەستىقلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى: «ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ»[1]

بۇ ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن بىز بۇ قىسقىغىنە تەتقىقاتىمىزدا، بۇ ئۈممەتنىڭ سەلەپ ـ سالىھلىرىدىن ئىبارەت ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ مېتودى بويىچە مېڭىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پولاتتەك ئاغامچىسى، روشەن دىنى ۋە تۈز يولىنى چىڭ تۇتۇشتىن باشقا نىجاتلىق يولىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغان ھالدا يۇقىرىقى پىرقىلەردىن

[1] نىسا سۈرىسى، 89 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرالىشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەقىقەت يوللىرىنىڭ ئېچىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ،مۇسۇلمان ياشلارغا يۇقىرىدا ئىشارە قىلىنغان ھەر بىر پىرقە ھەققىدە قىسقىچە بولسىمۇ مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

www.munber.org

# يەزىدىيىيە

## ئېنىقلىما:

يەزىدىيىيە: ھىجرىيە 132 ـ يىلى ئۇمەۋىيلار دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئازغۇن پىرقە. دەسلىۋىدە ئۇمەۋىي ئەۋلادلىرىنىڭ شان ـ شەرىپىنى قايتىدىن تىكلەشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر سىياسىي ھەرىكەت ئىدى. ئەمما شارائىت ۋە خۇراپاتلىق ئامىللىرى ئۇنى يۇقىرىقى يۇنىلىشتىن ئاغدۇرۇپ، يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ۋە ئەزازىيل (تاۋۇس مەلىك) ئىسمى بىلەن ئاتىشىدىغان ئىبلىسنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ قويغان.

## قورۇلىشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ باشلانغۇچ: ھىجرىيە 132 ـ يىلى ئىراقنىڭ شىمالىدىكى يۇقىرى ئەززاب ئۆرۈشى بىلەن ئۇمەۋىيلار دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئەمىر ئىبراھىم ئىبنى ھەرب ئىبنى خالىد ئىبنى يەزىد ئىراقنىڭ شىمالىغا قاچقان ۋە يەزىدنىڭ خەلىپىلىك ۋە رەھبەرلىككە ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۈتۈلىۋاتقان سۇفيانى ئىكەنلىكى، زېمىننى گويا زۇلۇمغا توشۇپ كەتكەندەك ئادالەتكە توشقۇزىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى دەۋا قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئۇمەۋىيلارنىڭ قالدۇقلىرىنى توپلىغان.

ئۇلارنىڭ كۇردلارنىڭ ماكانىنى پاناگاھ قىلىشىدىكى سەۋەب، ئىككىنچى مەرۋان (ئۇمەۋىيلار دۆلىتى شۇنىڭ دەۋرىدە يىمىرىلگەن)نىڭ ئانىسى كۇردلاردىن ئىدى.

◈ ئەدىي ئىبنى مۇساپىر: ئابباسىيلار ھۆكۈمىتىدىن قاچقانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ لىۋاندىن كۇردىستاننىڭ ھەككارىي دېگەن يېرىگە كەتتى. ئۇنىڭ نەسىبى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە ئۇلىشىدۇ. ئۇنىڭ لەقىمى شەرەفۇددىين ئەبۇلفەزائىل ئىدى. ئۇ شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانىي بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭدىن تەسەۋۋۇپنى قوبۇل قىلغان. 1073م ياكى 1078 ـ يىلى توغۇلغان، توقسان يىللىق ھاياتتىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئىراقنىڭ شەيخان رايونىغا قاراشلىق لالىشقا دەپن قىلىنغان.

◈ سەخر ئىبنى سەخر ئىبنى مۇساپىر: بۇ كىشى شەيخ ئەبۇلبەركات نامى بىلەن تونۇلغان، تاغىسى ئەدىينىڭ ھەمراھى ۋە خەلىپىسى بولغان. ۋاپات بولغاندا لالىشتىكى تاغىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپن قىلىنغان.

◈ ئەبۇلبەركاتقا شەيخ ھەسەن ئىسمى بىلەن تونۇلغان ئوغلى سەمشۇددىين ئەبۇ مۇھەممەد ۋارىسلىق قىلغان: ئۇ ھىجرىيە 591 ـ يىلى (مىلادى 1154 ـ يىلى) توغۇلغان. ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق يەزىدىيىيە تائىپىسى يەزىد ۋە ئەدىي ئىبنى مۇساپىرنى سۆيۈشتىن ئۇلارنى ۋە ئىبلىس شەيتاننى مۇقەددەسلەشتۈرۈش تەرەپكە



www.munber.org

ئېغىپ كەتكەن. ئۇ «الجلوة لأصحاب الخلوة»، «محك الإيمان» ۋە «هداية الأصحاب» ناملىق كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 644 - يىلى (مىلادى 1246 - يىلى) ۋاپات بولغان. زامانىمىزدىكى بىر قىسىم يەزىدچىلەردە ئۇچرىتىدىغىنىمىزدەك، ئىسمىنى شاھادەتكە كىرگۈزىۋالغان.

◈ شەيخ ھەسەننىڭ قېرىندىشى شەيخ فەخرۇددىن: دىنىي رەھبەرلىك ۋە پەتىۋا ھوقۇقى ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا خاس قىلىنغان.

◈ شەرەفۇددىن مۇھەممەد ئىبنى شەيخ فەخرۇددىن: ھىجرىيەنىڭ 655 - يىلى، مىلادي 1257 - يىلى سۇلتان ئىززۇددىن سەلچۇقىي تەرەپكە كىتىۋاتقاندا يولدا ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ زەينۇددىن يۇسۇف ئىبنى شەرەفۇددىن مۇھەممەد: بۇ كىشى مىسىرغا بېرىپ، ئۆزىنى ئىلىم ۋە ئىبادەتكە بېغىشلىغان. ھىجرىيەنىڭ 725 - يىلى قاھىرەدىكى ئەدەۋىيىيە تەكىيىسىدە ۋاپات بولغان.

◈ بۇلاردىن كېيىن، ئۇلار بىلەن مۇڭغۇللار، سەلچۇقىيلار ۋە فاتىمىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تارىخى مەۋھۇملۇق باسقۇچىغا كىرىپ قالغان.

◈ بۇ جەرياندا شەيخ زەينۇددىن ئەبۇلمەھاسىن مەيدانغا چىققان: بۇ كىشىنىڭ نەسەبى ئەدىي ئەبۇلبەركاتنىڭ بىر توققىنىنىڭ نەسەبىگە تۇتىشىدۇ. ئۇ شامدىكى يەزىدىيىيەلەرنىڭ ئەمىرى (باشلىقى - ت) قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن، ئەگەشكۈچىلىرى كۆپىيىپ خەتەرلىك بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالغاندا پادىشاھ سەيفۇددەۋلە قىلاۋۇن ئۇنى قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى شەيخ ئىززۇددىن مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئونىڭ ئورنى شام ئىدى. ”ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى“ دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. ئۇ ئۇمەۋىيىيە ئىنقىلاۋىنى قوزغاشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، ھىجرىيە 731 - يىلى قولغا ئېلىنغان. ئۇمۇ تۈرمىدا ۋاپات بولغان.

◈ ھۆكۈمدارلارنىڭ يەزىدىيىيەچىلەرنى ئىزىشى ئىزچىل داۋاملاشقان. ئىراقتىكى شەيخان رايۇنى ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغان. سىر ساقلاش بۇ پىرقىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

◈ بۇ تائىپىنىڭ ئاخىرقى رەئىسى ئەمىر بايەزىد ئەلئۇمەۋي 1969 - يىلى باغدادنىڭ رەشىد كوچىسىدا يەزىدىيلەر دەۋىتىگە چاقىرىدىغان بىر ئىشخانا ئېچىش رۇخسەتنامىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ بۇ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇمەۋىيچى يەزىدىيلەرنىڭ ئەرەبلىگىنى تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. «ئىرقى ئۇمەۋي، ئەقىدىسى يەزىدىي ئەرەبلەر» شۇئارىنى كۆتىرىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆتكۈنچى ۋە مەنىۋي ھەقىقەتلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈپ ئىرقچىلىك پائالىيەتلىرىنى تارقىتىشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە قوللانغان.

◈ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى رەئىسى شەيخان رايۇنىنىڭ ئەمىرى ئەمىر تەھسىين ئىبنى سەئىدتۇر.



www.munber.org

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

- بىرىنچى باسقۇچ: ئۇمەۋىيلار سىياسىي ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنى سۆيۈشتە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى.

- ئىككىنچى باسقۇچ: ئەدىي ئىبنى مۇساپىر ئەلئۇمەۋىينىڭ دەۋرىدە بۇ ھەرىكەتنىڭ "ئەدەۋىييە" تەرىقىتىگە ئۆزگىرىشى.

- ئۈچىنچى باسقۇچ: شەيخ ھەسەننىڭ ئائىلە يىل ئوتتۇرىدىن يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى كىتابلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى.

- تۆتىنچى باسقۇچ: ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن تولۇق چىقىشى ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ھارام، دەپ قارىشى، تەلىماتلىرىغا باتىل، بۇزۇق ئەقىدىلەرنىڭ كىرىشى.

www.munber.org

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

### بىرىنچى: يەزىدىي ئەقىدىسىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە كىرىش:

◈ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە دەۋرىدە كەربالا ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، ئۇنىڭدا ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەيەنە نۇرغۇن ئال بەيت كىشىلىرى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قەتل قىلىنغان.

◈ شىئەلەر يەزىدكە لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇنى زىندىقلىق ۋە ھاراقكەشلىك بىلەن ئەيىبلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

◈ ئۇمەۋىيلار دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، يەزىدىييە بىر سىياسىي ھەرىكەت شەكلىدە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان.

◈ يەزىدىيلەر يەزىدنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا لەنە ئوقۇشنى سۆيمەيدۇ.

◈ ئومۇمىيۈزلۈك لەنەت قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

◈ قۇرئاندىكى شەيتانغا لەنەت ئوقۇش مەسىلىسىگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق لەنەت، شەيتان ياكى پاناھلىق تىلەش قاتارلىق كەلىمىلەرنى شام ئېقىتىش ئارقىلىق ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئائىت دەلىلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ تۆر كەلىمىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلىسىدە يوق بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇۋالغان ئارتۇق كەلىمىلەردۇر.

◈ ئارقىدىن قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان مەلئۇن ئىبلىسنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە باشلىغان. ئۇلاردىكى بۇ خىل پەلسەپىۋىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكى نوقتىلارغا قايتىدۇ:

- چۈنكى ئۇ ئادەمگە سەجدە قىلمىغان. ئۇ، بۇ ئىشى بىلەن (يەزىدىيچىلارنىڭ نەزىرىدە) تۈنجى مۇۋەھھىد (تەۋھىدنى ياقلىغۇچى) بولۇپ سانىلىدۇ. باشقا پەرىشتىلەر ئۇنتۇپ قىلىپ ئادەمگە سەجدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر نەرسىگە سەجدە قىلماڭلار، دېگەن تەۋسىيەسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. چۈنكى ئادەمگە سەجدە قىلىش مەسىلىسى پەقەت سىناق مەسىلىسى ئىدى. ئىبلىس بۇ سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن تەۋھىدچىلەرنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ تاۋۇسى ۋە ئۇلارنىڭ رەئىسلىكى بىلەن مۇكاپاتلىغان!!

- ئۇلار يەنە، ئۇنىڭ ئىلاھقا قارشى تۇرغۇدەك، بۇيرۇقلىرىنى رەت قىلغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ.

- ئىبلىسنىڭ ئىسيان ۋە بويۇنتاۋلىق قىلىشتىكى قەھرىمانلىقىنى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ.

◈ ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكلەنگەن مېۋىدىن يېيىشى ئۈچۈن قۇتراتقۇلۇق قىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرسىقى ئىششىپ كەتكەن، نەتىجىدە ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەن.

◈ ئىبلىس جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان، بەلكى ئۇ زېمىن يۈزىدىكى يەزىدىيىيە تائىپىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن چۈشكەن (شۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ـ ت).

## ئىككىنچى: ئەقىدىلىرى:

◈ شەيتاننى پەرىشتىلەرنىڭ تاۋۇسى، دەپ قوبۇل قىلىشى تۈچتىن ياسالغان تۇرۇلگەن مۇش ھەجمىدىكى خۇراز شەكىللىك بىر تاۋۇس ھەيكىلىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان. ئۇلار پۇل ـ مال توپلاش ئۈچۈن يېزىلاردا بۇ ھەيكەلنى كۆتىرىپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

◈ ئىراقتىكى لالىش ۋادىسى: ئېگىز تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بەلۇت ۋە ياڭاق ياغىچى بىلەن ئورالغان مۇقەددەس جاي بولۇپ "بەيت ئۆزري" دەپ ئاتىلىدۇ.

◈ لالىش ۋادىسىدىكى تۆپىلىك: مۇقەددەس زېمىن سانىلىدىغان بولۇپ، ئىسمى شام تۆپىلىكىدىن ئېلىنغان. ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى (شۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كۆرە)دا ئەرەفات تېغى ۋە زەمزەم بولىقى بار.

◈ ئۇلارنىڭ «رىش» (يەنى قارا كىتاب) دەيدىغان بىر كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭدا تائىپىنىڭ تەلىمات ۋە ئەقىدىلىرى زىكىر قىلىنىدۇ.

◈ شاھادەت: «ئاللاھنى بىر، سۇلتان يەزىدنى ئاللاھنىڭ ھەبىبى، دەپ شاھادەت ئېيتىمەن.» دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ.

◈ روزا: ھەر يىلى ئون ئىككىنچى ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ كۈن ئوخشاش ۋاقىتتا يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

www.munber.org

◈ زاكات: تاۋۇسنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق توپلايدۇ. بۇ ئىشلار زاكات توپلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، تائىپە رەھبەرلىكىگە تاپشۇرىلىدۇ.

◈ ھەج: ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئىراقنىڭ لالىش رايۇنىدىكى نۇرانىيىە تۇپىلىكىدىكى ئەرەفات تېغىدا تۇرىدۇ.

◈ ناماز: شەئبان ئېيى يېرىملاشقان كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار بۇ نامازنى تولۇق بىر يىللىق نامازنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

◈ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە توپلىنىش: سىنجار تېغىدىكى باتتىت يېزىسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، مىزانلار كىشىلەردىن ھېساب ئالىدىغان شەيخ ئەدىينىڭ قولىغا تاپشۇرىلىدۇ. ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ.

◈ باتىل نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىدۇ. بۇ خىل قەسەملەرنىڭ ئىچىدە سۇلتان ئىبنى يەزىيدنىڭ چاپىنىنىڭ پىشمۇ بار.

◈ شەيخ ئەدىي، شەيخ شەمسۇددىين، شەيخ ھەسەن ۋە شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانىيغا ئوخشىغان كىشىلەرنىڭ خانە ۋە مازارلىرىغا كۆپ قاترايدۇ. ھەر بىر خانىنىڭ خىزمەتچىسى بار. ئۇلار ئۇنى يۇرۇتۇشتا شام ۋە ياغلارنى ئىستېمال قىلىدۇ.

◈ تەبىقىلەر ئارىسىدا ئۆيلىنىشنى چەكلەيدۇ. بىر يەزىيدچىنىڭ ئالتە ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى جائىز.

◈ تويلىشىش ئالدى بىلەن يىگىتنىڭ قىزنى قاچۇرىشى، ئارقىدىن ئائىلىنىڭ ئۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىلىش يولى بىلەن تاماملىنىدۇ.

◈ تاۋۇس قۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رەڭلىرىنىڭ بىرى بولغان يېشىل رەڭنى چەكلەيدۇ.

◈ يېسىسۇلەك، قاتكۆك، قاپاق، فاسولىيا، خۇزار گۆشى، شۇنىڭدەك مۇقەددەس سانالغانلىقى ئۈچۈن تاۋۇس گۆشى (چۈنكى پەرىشتىلەرنىڭ تاۋۇسى ئىبلىسقا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن) قاتارلىقلارنى يېيىشنى ھارام، دەپ قارايدۇ.

◈ بۇرۇتنى چۈشۈرۈشنى ھارام دەپ قارايدىغان بولۇپ، ئۇنى كۆزگە چېلىققۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن قويىۋېتىدۇ.

◈ يەزىيدچىنىڭ ئەتراپىغا بىر چەمبەر شەكىللىك سىزىق سىزىپ قويۇلسا، ئۇ ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى ئۈچىرىۋەتمەي تۇرۇپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى سىزىق سىزىشنى شەيتاننىڭ بۇيرىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

◈ ئوقۇش، يېزىشنى دىنىي جەھەتتىن ھارام، دەپ قارايدۇ؛ چۈنكى ئۇلار قەلبتە ساقلانغان ئىلىمگە تايىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نادانلىقنىڭ يامرىشىغا، يەزىيد، ئەدىي ۋە ئىبلىس بىلەن مۇناسىۋەتلىك چەكتىن ئاشقان مۇبالىغە ۋە ئېغىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەپ بولغان.

◈ ئۇلارنىڭ قولىدا ئىككى دانە مۇقەددەس كىتاب بار: ئىلاھنىڭ سۈپەت ۋە ۋەسىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان «الجلوة» دېگەن كىتاب، يەنە بىرى



www.munber.org

كائىناتنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى، يەزىدىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان «مصحف ريش» ياكى «قارا كىتاب» ناملىق كىتاب.

◈ يەزىدىينىڭ پەرزەنتىنى سۈننەت قىلىش جەريانىدا قۇچىغا ئالغان كىشى بۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەر بۇ كىشىنى تاكى ئۆلۈمگە قەدەر ھىمايە قىلىشى لازىم.

◈ يەزىدىي ئەقىدىسىكى كىشى قۇياش چىققان ۋە پاتقان چاغدا قوياشقا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن تۇپراقنى ئېلىپ سۆيىدۇ ۋە يۈزىگە سۈرتىدۇ. ئۇ يەنە ئوخلاشتىن ئىلگىرىمۇ دۇئا قىلىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ يېتتە يىل بايرىمى، مەرىبائانىيە، قۇربان، جامائەت، يەزىد، خىزىر ـ ئىلياس ۋە بۇلەندە بايراملىرىغا ئوخشىغان ئۆزگىچە بايراملىرى بار. ئۇلارنىڭ يەنە «شىفىرشىك قارا كىچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچىدە نامەھرەملىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلەردە بولۇشىدۇ. ھاراق ـ شاراپلارنى ھالال سانىشىدۇ.

◈ كىتابلىرىدا مۇنداق دېيىشىدۇ: «خىزمىتىمدە بولغانلارنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل كېلىمەن. يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدىدا بۇلارنى قوبۇل قىلماڭلار؛ چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ. سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار يوق ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا كىتابلىرىڭلارنى بەرمەڭلار.»

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئەدىي ئىبنى مۇساپىر مۇتەسەۋۋۇپ شەيخ ئابدۇلقادىر جەيلانىي بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن «ھۇلۇل»، «تەناسۇخ» ۋە «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» ھەققىدە پىكىرلەشكەن. ئۇلارنىڭ ئىبلىس توغرىسىدىكى سۆزلىرى تەۋھىدچىلارنىڭ ئىمامى دەپ قارىشىدىغان ھەللاجنىڭ سۆزى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

◈ خىرىستىيان دىنىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەتتا راھىبنىڭ قولىنى سۆيىدۇ، ئۇلار بىلەن «ئىلاھىي كەچلىك تاماق»نى بىرلىكتە يەيدۇ. ھاراقنى "مەسىھنىڭ ھەقىقىي قېنى" دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنى ئىچكەن چاغدا بىرەر قەترىسىنىڭ زېمىنغا تۆكۈلۈپ كېتىشىگە ياكى ئىچكۈچىنىڭ ساقىلىغا تېگىپ كېتىشىگىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ.

◈ خىرىستىيانلاردىن «چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلغان. بوۋاقنى چۆمۈلدۈرۈش ئۈچۈن "ئاق بۇلاق" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاققا ئېلىپ بارىدۇ. ھەيتە توشقاندىن كېيىن بالىنى شەيخ ئەدىينىڭ خانىسىدىكى زەمزەمگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى سۇغا قويۇپ، ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋازدا چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يەزىدىيچى، مۆمىن (پەرىشتە تاۋۇسى) يەنى ئىبلىس بولۇشىنى تىلەيدۇ.

www.munber.org

◈ ئىسلام كۇردىستان رايۇنىغا كىرگەندە ئۇ يەرنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلىرى زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. نەتىجىدە بۇ ئەقىدىنىڭ بەزى تەلىماتلىرى يەزىدىيىەچىلەرگە يۆتكەلگەن.

◈ ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە يەنە مەجۇسىي ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىمۇ ئارىلىشىۋالغان. ئۇلار يەزىدنى ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگىچە كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى تەرتىپ «ئاللاھ، يەزىد، ئەدىي» دىن ئىبارەتتۇر.

◈ «پەرىشتە تاۋۇسى» ئىبلىسنىڭ ھەيكەللەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە.

◈ شىئەلەردىن «بەرائە»نى قوبۇل قىلغان. "بەرائە" شەيخ ئەدىينىڭ خانىسىدىن ئېلىنغان تۇپراقتىن ياسالغان بىر توپ بولۇپ، بارلىق يەزىدىيلار ئۇنى تەۋەررۇك سۈپىتىدە يانچۇقلىرىدا توشۇپ يۈرىدۇ. بۇ جەئفەريي شىئەلىرى كۆتىرىپ يۈرىدىغان تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئەگەر يەزىدىچى بىرى ئۆلۈپ قالسا، بۇ تۇپراقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ. بولمىسا ئۇ كاپىر ئۆلمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.

◈ ئومۇمەن ئۇلار تارقالغان رايونلاردا زەردۇشت، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش، تەبىئەت كۈچلىرىگە ئىبادەت قىلىش، يەھۇدىيلار، خرىستىيانلارغا ئوخشىغان تۈرلۈك دىنلار قايناپدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاشۇر، بابىل، سۇمىر ئىلاھلىرى ۋە "خۇتۇۋە"چى سۈپىلار بىلەن ئالاقىسى بار. بۇ دىنلار يەزىدىيلار ئەقىدىسىگە ئوخشىمىغان سەۋىيىدە تەسىر كۆرسەتكەن. نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقى تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ ساغلام ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئېغىپ كېتىش دەرىجىسى ئاشۇرىۋەتكەن.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ شەيتانىنى مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان بۇ تائىپە سۈرىيە، تۈركىيە، ئىران، روسىيا، ئىراق قاتارلىق ئەللەرگە تارقالغان. ئۇلارنىڭ يەنە لىۋان، گېرمانىيە ۋە بىلگىيە قاتارلىق ئەللەردە سان جەھەتتە ناھايىتى ئاز ھىمايىچىلىرى بار.

◈ ئۇلارنىڭ سانى 120 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، يەتمىش مىڭى ئىراقتا، قالغانلىرى باشقا ئەللەردە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇمەۋىيلار ئائىلىسى رەھبەرلىكىگە قارايدۇ.

◈ ئۇلار كۇردلار بولۇپ، ئارىلىرىدا ئەسلى ئەرەب بولغانلارمۇ بار.

◈ ئۇلارنىڭ تىلى كۇردچە بولۇپ، كىتابلىرى، دۇئالىرى ۋە دىنىي ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ تىل بىلەن يېزىلغان.

◈ ئۇلارنىڭ باغدادنىڭ رەشىيد كوچىسىدا «ئۇمەۋىي ئەرەب دەۋاسى ئىشخانىسى» نامى ئاستىدا رۇخسەت بىلەن ئېچىلغان رەسمىي بىر ئىشخانىسى بار.



www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: يەزىدىيىيە ئېزىپ كەتكەن بىر ئىسلامىي پىرقە بولۇپ، يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە، ئىبلىس ۋە ئەزرائىلنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ. مازار ۋە قەبرىستانلىقلارغا كۆپ قاترايدۇ. ئۇلاردا ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ ھەر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىچە ئەقىدىلىرى، يېڭى يىل بايرىمىغا ئوخشاش پەرقلىق بايراملىرى بار. ئۇلار يەنە يەزىدىيلارنىڭ ئالتىگە قەدەر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشىنى جائىز، دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئازغان ۋە ئازدۇرىدىغان سۆزلىرى بار.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- سەئىيد دىيۋەجىي: اليزيدية.
- ئابدۇررازاق ھۇسنىي: اليزيديون في حاضرهم وماضيهم.
- د.سامىي سەئىيد ئەلئەھمەد: اليزيدية، أحوالهم ومعتقداتهم.
- ئاببas ئەززاۋىي: اليزيدية وأصل عقيدتهم.
- ئەھمەد تىيمۇر: اليزيدية ومنشأ نحلتهم.
- سىددىق دەملۇجىي: اليزيدية.
- ھاشىم ئەلبەنناﺋ: اليزيديون.
- مەھمۇد ئەلجۇندىي: ماهي اليزيدية؟ ومن هم اليزيديون؟، تەداموﻥ باسمىخانىسى، بىرىنچى نەشرى ـ باغداد، 1976م.
- ئېدمونىدز: كرد وترك وعرب، جىرجىس فەتھۇللاھ تەرجىمىسى.
- يەئقۇب سىيرىكس: مباحث عراقية.
- باسىيل نىكتىن: الأكراد.
- شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە: مجموعة الرسائل والمسائل.
- جېيمىس بىككىڭھام: رحلتي إلى العراق، سەلىيم تاھا تىكرىيتىي تەرجىمىسى.
- ئىراق «تەئاخىي» گېزىتى ـ باغداد، 1974م/9/16.
- د.شاكىر خەسباك: العراق الشمالي.
- سۇلەيمان ئەسسايىغ: تاريخ الموصل.


www.munber.org

## قەرامىتىييە

**ئېنىقلىما:**

قەرامىتىييە ھەرىكىتى يوشۇرۇن، ۋەيران قىلغۇچ ھەرىكەت بولۇپ، ئىسمى ھەمەدان ئىبنى ئەشئەس، لەقىمى قەرامىت (بويى پاكار، پۇتى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق لەقەم قويۇلغان.) دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشىگە مەنسۇپتۇر. ئۇ ئەھۋازنىڭ خۇزىستان رايونىدىن بولۇپ، كېيىن كۇفىگە كۆچۈپ بارغان. بۇ ھەرىكەت يوشۇرۇن ھەربى تۈزۈمگە تايىنىدىغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئال بەيتنى قوللاش، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر ئەسسادىقنى قاراشلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ماھىيىتى ئاتېزملىق، ھەممە ئىشنى ھالال ساناش، ئەخلاقنى ۋەيران قىلىش ۋە ئىسلام دۆلىتىنى يېقىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

**قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە مەجۇسى دىنىدىكى ئاساسلىق كىشىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىزگە نىسبەتەن ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار، ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا ئۆز تارىخى ۋە تەشكىللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك ئىزلارنى قالدۇرغان:

ـ قەرامىتلار چايىنىنىڭ كاتىتۇبشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئەلقەداھ ھىجرىيە 260 ـ يىلى فارىس (ھازىرقى ئىران ـ ت) نىڭ جەنۇبىدا ئىسمائىلىيە پرىنسىپلىرىنى تارقىتىشقا باشلىغان.

ـ كېيىن ئۇنىڭ ئىراقتا دەۋەتىنى يوشۇرۇن تارقىتىشقا كىرىشكەن زىكرەۋەيھ ئىسمى بىلەن تونۇلغان فەرج ئىبنى ئوسمان ئەلقاشانىي ئىسىملىك بىر دەۋەتچىسى پەيدا بولغان.

ـ ھىجرىيە 287 ـ يىلى ھەمەدان قەرمىت ئىبنى ئەشئەس كۇفىگە يېقىن بىر جايدا دەۋەتىنى ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىغان، ئارقىدىن بىر ساراي ياساپ، ئۇنى «ھىجرەت سارىيى» دەپ ئاتىغان. نامازنى ھەر كۈنى ئەللىك ۋاقىت ئوقۇيدىغان قىلغان.

ـ زىكرەۋەيھ قېچىپ، يىگىرمە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. پەرزەنتلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا رايونلاردىكى كىشىلەرنى ھەرىكەتكە دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن.

ـ زىكرەۋەيھ تەرىپىدىن ئۆزىگە خەلىپە قىلىنىپ تەيىنلەنگەن ئەھمەد ئىبنى قاسىم تىجارەت ۋە ھەج كارۋانلىرىنى بۇلىغان، ھىمىس ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن. ئاخىرىدا ئۇمۇ باغدادقا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 294 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

www.munber.org

- بەھرەيندىكى قەرامىتلەر ھىجرىيە 283 - يىلى بەسرەگە يۈرۈش قىلىپ يېڭىلگەن ئەبۇ سەئىيد ئەلجەنابىي ئىسمى بىلەن تونۇلغان ھەسەن ئىبنى بەھرامنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ بېشىغا ئوغلى سۇلەيمان ئىبنى ھەسەن ئۆتتى. ئەبۇ تاھىر ئىسمى بىلەن تونۇلغان سۇلەيمان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەللەرنىڭ كۆپىنى ئىستىلا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئوتتۇز يىل داۋاملاشتى. ئۇ قەرامىتىلەر دۆلىتىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى، سىياسىي، ئىجتىمائىي دەستۇرىنىڭ تەرتىپلەشتۈرگۈچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئورنى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن باغداد ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا خەراج (باج ـخىراج) تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. سۇلەيماننىڭ سادىر قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى مونۇلاردىن ئىبارەت:

- ئۇ ۋە ئەگەشكۈچىلىرى مەككىدىن قايتقان ھاجىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى بولىغان ۋە قاقاسلىقتا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

- مۇقتەدىر دەۋرىدە ( 295ھ ـ 320ھ) كۇفىنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئالتە كۈنلۈك ئىشغالىدىن نەسىۋىسىنى ئالغان.

- ھىجرىيە 319 - يىلى مەككىگە ھۇجۇم قىلغان، ھاجىلارغا قارشى قانلىق ئۇرۇش ئاچقان، زەمزەم بۇلىقىنى يېقىتقان، مەسچىتى ھەرەمنى ئۆلۈكلەر بىلەن توشقۇزىۋەتكەن، كەبىنىڭ يوپۇقىنى چۇشىرىۋەتكەن، كەبىنىڭ ئىشكى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى چىقىرىۋەتكەن. ھەتتا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئوغۇرلاپ ئەھساغا ئېلىپ كەتكەن. ھەجەرۇل ئەسۋەد ئۇ يەردە ھىجرىيەنىڭ 339 - يىلىغا قەدەر تولۇق يىگىرمە يىل قالغان.

◈ سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەھبەرلىك ئىشى بىر توققىنى ھەسەن ئەلئەئسەمگە ئۆتكەن. ھۆكۈمدارلىقىنى كۈچلەندۈرگەن ھەسەن ھىجرىيە 360 - يىلى شامنى ئىشغال قىلغان. كېيىن مىسىر تەرەپكە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن فاتىمىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ئەئسەم يېڭىلىپ، قەرامىتلار ئەھساغا قايتىپ كەلگەن.

◈ ھەسەن ئاباسىيلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چاقىرىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قەرامىتلار ئۇنىڭدىن باش تارتىپ، ئورنىغا جەئفەر ۋە ئىسھاق ئىسىملىك ئىككى كىشى ئولتۇرغان. كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن، بەھرەين ۋە ئەھسانىڭ پادىشاھى ئەسغەر تەغلىبىي ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، شانۇ - شەۋكەت ۋە دۆلىتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغان.

◈ قەرامىتلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆت تۈرلۈك ئىجتىمائىي سىنىپ شەكىللەنگەن:

- بىرىنچى سىنىپ: ئىخۋانۇسسەپا رىسالىلىرى ئۇلارنى «رەھمدىل، پاك قېرىنداشلار» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سىنىپ يېشى ئون بەش بىلەن ئوتتۇز ئارىسىدىكى ياشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار قەرامىتلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئەقىدە ۋە قەلبلىرىدە بوي سۇنۇش جەھەتتىن قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.



www.munber.org

ـ ئىككىنچى سىنىپ: «پەزىلەتلىك، تاللانغان قېرىنداشلار» دەپ تونىلىدۇ. بۇ سىنىپ، يېشى ئوتتۇز بىلەن قىرىق ئارىسىدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار سىياسەتچى باشلىقلار مەرتىۋىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار «قېرىنداش»لارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش، ئۇلارغا ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

ـ ئۈچىنچى سىنىپ: بۇ سىنىپ يېشى قىرىق بىلەن ئەللىك ئارىسىدىكى قەرامىتلار چۈشەنچىسىگە ئويغۇن ئىلاھىي سىرلارنى بىلىدىغان، ئەمرۇ مەرۇپ، نەھيى مۇنكەر ھوقۇقىغا ئىگە، قەرامىتلار دەۋىتىنى ھىمايە قىلىپ، دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار قەرامىتلەر ئەقىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك رىسالىلەرنى يازغان ۋە ئەتراپقا تارقاتقان كىشىلەردۇر.

ـ تۆتىنچى سىنىپ: بۇ سىنىپقا ئائىت كىشىلەرگە «مۇرىدلار»، كېيىن «مۇئەللىملەر» ئارقىدىن «ئاللاھقا يېقىن كىشىلەر» ئىسىملىرىنى بېرىدىغان بولۇپ، يېشى ئەللىكتىن ئاشقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇ، قەرامىتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدۇر. ئۇ مەرتىۋىگە يەتكەن كىشىلەر بۇ پىرقىنىڭ نەزىرىدە ئىلاھىي سىر ۋە تەبىئەتنى بىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئىلاھىي ئىلىملەرنى بايقاش ئەھلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ قىيامەتكە ئائىت تىرىلدۈرۈش، ھەشىر قىلىش، ھېساب، مىزان .... قاتارلىق ھالەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ.

◈ قەرامىتلەر ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان چاغدا بىر قىسىم پىكىر ۋە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلغان. گەرچە ئەھلى بەيت ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىدىن قوتۇلۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئەھلى بەيت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان.

◈ كېيىن ئۇلار، بايلىقنى تەڭشەشتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە ھۆرمەت قىلماسلىقنى ياقلايدىغان كومىنىستىك دۆلەت تەسىس قىلغان.

◈ ”ئۆچمەنلىكنىڭ ئاساسىنى كۆچەيتىدۇ“ دېگەننى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاياللارنى كىشىلەرگە ئورتاق قىلىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئايالىنى باشقا قېرىنداشلىرىدىن يىراق تۇتۇشى جائىز ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قىلىشنى يېقىنلىق ۋە ئۆز ـ ئارا مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرۈشكە پايدىلىق، دەپ سەپسەتە قىلىشىدۇ. (قەدىمكى ئىرانلىق مۇزدەكىيلاردا مۇشۇ خىل ئەھۋال بار ئىدى.)

◈ ئىسلامنىڭ رۇزا، ناماز ۋە باشقا بارلىق پەرزلىرىگە ئوخشىغان ئاساسلىق ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

◈ غايىگە يېتىش ئۈچۈن زوراۋانلىقنى ۋاستە قىلىش.

◈ جازا ۋە مۇكاپات ھەققىدىكى سۆزلەرنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە، جەننەتنى دۇنيانىڭ نېمىتى، ئازابنى شەرىئەتچىلەرنىڭ ناماز، رۇزا، ھەج ۋە جىھاد بىلەن مەشغۇل بولۇشى، دەپ ئىشىنىدۇ.

◈ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنى ئىشچىلار، دېھقانلار، ساۋاتسىز تاغلىقلار ۋە روھىي دۇنياسى ئاجىز كىشىلەر، شۇنىڭدەك ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئاسان مايىل بولىدىغان

www.munber.org

كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرامىتلار دىنسىزلار، كىشىلەرنىڭ مال ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان قانخورلارغا ئايلىنىپ قالغان.

◈ گۇناھتىن خالىيلىق نەزىرىيىسىنى، يەنى ھەر قانداق بىر دەۋردە زاھىرنى تەۋىل قىلىدىغان، گۇناھ سادىر قىلىشتىن خالىيلىقتا پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئىمامنىڭ چوقۇم بولۇشى شەرت، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەۋىللىرىدىن:

- روزا: سىرنى ئېچىش ئۈچۈن چەكلىنىش.

- قايتىدىن تىرىلىش: ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرىگە كىرىش.

- پەيغەمبەر: بىرىنچى تەڭرىدىن مۇئەييەن بىر سەۋەب بىلەن ساغلام ۋە مۇقەددەس كۈچ ئالغان كىشىدىن ئىبارەتتۇر.

- قۇرئان: مۇھەممەدكە كەلگەن مەلۇماتلارنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن تەبىر قىلىنىشى، تەرتىپلىنىشى بولۇپ، ماجاز ھالدا «ئاللاھنىڭ كالامى» دەپ ئاتالغان.

◈ ئەگەشكۈچىلىرىگە باج قويىدىغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ كىرىمىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىپ قالغىلى ئازلا قالىدۇ.

◈ ”ئىككى ئىلاھ“ قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: بىرى ئىككىنچىسىنىڭ بارلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. بىرىنچىسى ئالەمنى ئۆزى ئەمەس، ئىككىنچىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياراتقان. بىرىنچى كامىل، ئىككىنچىسى ناقىستۇر. بىرىنچىسى بارلىق ياكى يوقلۇق بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. ئۇ سۈپەتلەنگۈچىمۇ، سۈپەتلەنمىگۈچىمۇ ئەمەس.

◈ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىدىغان چاغدا ئۇممەتنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە ھۆسەيىننىڭ قەتل قىلىنغانلىقى نوقتىسىدىن كىرىدۇ.

◈ قايتىش (رەجئە) قارىشىنى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقى قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشىنى ئۆزىگە كۆندۈرەلىسە، ئۇنىڭغا شەرئىي مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقى، دىنىي ۋەيران قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلايدۇ.

◈ ئىماملار، دىنلار، ئەخلاق قاتارلىقلارنى ئازغۇنلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ يەھۇدىيلار، سابىئىيلار، خىرىستىيان ۋە مەجۇسىيلارنى، پەلسەپىچىلەرنى، روھىي چۈشكۈن كىشىلەرنى، ئىنكارچى ــ ئاتېئىستلارنى مەزھەپلىرىگە دەۋەت قىلىدۇ. ھەر بىرىگە ئەڭ ئويغۇن يوللار ئارقىلىق يېقىنلىشىدۇ.

## ئەقىدە ۋە پىكىرلىرىنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئاساسىي پەلسەپىلىرى ماددىنى ياقلاش بولۇش بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭغا ئىرانلىق ئاتېئىست ۋە سۈيىقەستچى رەھبەرلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى سىڭىپ كىرگەن.



www.munber.org

◈ كالام ۋە سىياسىي ساھەدىكى خاۋارىجلارنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە دىنسىزلارنىڭ مەزھەپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

◈ مەزدەك، زەرادىشتقا ئوخشىغان دىنسىزلارنىڭ مەزھىپلىرىگە ئېسىلىدۇ.

◈ ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسى ئىبادەت ۋە چەكلىمىلەرنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرۇش، ھەممىگە يول قويىدىغان، ئاياللار ۋە مال ـ مۈلۈك ئورتاق بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

◈ پىكىرلىرىنىڭ مېغىزىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل: ئۆزلىرىگە قاراشلىق كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلار بىلمەيدىغان غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ ھەرىكەت ئاساسەن بىر ئەسىر داۋام قىلغان. ئىراننىڭ جەنۇبىدا باشلىنىپ، كۇپە ۋە بەسرەلەرگە يۆتكەلگەن. ئەھسائ، بەھرەين، يەمەنلەرگە قەدەر سوزۇلغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمى، ئوتتۇرا سەھرا، ئەممان ۋە خۇراسانلارنى كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان. مەككىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىنغان بۇ شەھەردە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھالال سانىغان، دەمەشقنى ئىشغال قىلىپ، ھىمس ۋە سەلمىيىيەلەرگىچە يېتىپ بارغان. ئەسكەرلىرىگە مىسىرغا يۈزلىنىپ قاھىرە يېنىدىكى ئەين شەمستە بارگاھ تىككەن، كېيىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تارىيىپ، دۆلىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماكانى بەھرەين ۋە ئەھسادىكى نۇپۇزىمۇ يىمىرىلگەن. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە بار: زامانىمىزدىكى بەزى شەكلىك ماتىرىياللار قەرامىتە ۋە باشقىلىرىغا ئوخشىغان مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرىنى بىرەر ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى ئادالەت ۋە ئەركىنلىككە چاقىرىدىغان كىشلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئورۇنماقتا.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: بۇ ھەرىكەتنىڭ نىشانى بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىسلامغا قارشى تۇرۇش. بۇ ۋاستىلەر گۇناھي كەبىرە (چوڭ گۇناھ) لەرنى سادىر قىلىش، ئىپپەتكە تاجاۋۇز قىلىش، قان تۆكۈش، مال ـ مۈلۈكنى كونترول قىلىۋېلىش، ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا «ھارامنى ھالال» دەپ تونۇتۇش، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن ھاۋايى ـ ھەۋەس ساھبىلىرى، يېتىلىۋاتقان ياشلار ۋە پەس كىشىلەرنى توپلاپ بىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ئىسمائىلىيلارنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزى ئەمەلىي تەرەپلەردە ئازراق پەرقلەر بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسمائىلىيلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلىشىدىن قورقۇپ ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن بەزى تەرەپلىرىلا خالاس. ئۇلارنى ئىسلامنىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئەقىدىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى: ئاللاھ تائالانى ئىنسان سۈرىتىدە تونۇش ئېتىقادى.

www.munber.org

ئىككىنچى: ئىككى ئىلاھلىق قارىشى.

ئۈچىنچى: مال ـ مۈلۈك ۋە ئاياللارنى ئورتاقلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرىشى.

تۆتىنچى: مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ئىسلام تەلىماتلىرىغا بوي ئەگمەسلىكى.

بەشىنچى: ۋەھيى، پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالىگە ئائىت ئەقىدىلىرىنىڭ بوزۇقلىقى.

ئالتىنچى: ھاجىلارغا ھۇجۇم قىلىش، كەبىگە باستۇرۇپ كىرىش، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئېلىپ تاشلاش ۋە باشقا جايغا يۆتكەشتەك ئىسلام ھارام قىلغان ئىشلارغا قول تىقىشى.

يەتتىنچى: قىيامەت، جەننەت ۋە جەھەننەمنى ئىنكار قىلىشى.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- **مۇھەممەد ئىبنى مالىك ئەلھەمادىي ئەليەمانىي:** كشف أسرار الباطنية وأخبار القرامطة.
- **مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئەنان:** تاريخ الجمعيات السرية والحركات الهدامة.
- **مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە:** تاريخ المذاهب الإسلامية.
- **ئەنۋەر جۇندىي:** المؤامرة على الإسلام.
- **ئابدۇرراھمان ئىبنى جەۋزىي:** القرامطة.
- **د.مۇستەفا شەكئە:** إسلام بلا مذاهب.
- **ئەبۇلفەتھ شەھرىستانىي:** الملل والنحل.
- **ئەبۇ ھامىد غەزالىي:** فضائح الباطنية.
- **ئابدۇلقاھىر بەغدادىي:** الفرق بين الفرق.
- **ئابدۇللاھ ئەلئەمىين:** دراسات في الفرق والمذاهب القديمة والمعاصرة.

www.munber.org

# ئىسمائىلىييە

## ئېنىقلىما:

«ئىسمائىلىييە» ئىمام ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر ئىبنى سادىققا مەنسۇپ قىلىنغان بىر باتىنى پىرقە بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئەھلى بەيتنى ھىمايە قىلىدىغاندەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىرقىلىرى زامان بويىلاپ كۆپىيىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈزى ساغلام ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ پىرقە ئۆز ئەزالىرىنى كاپىرغا چىقىرىدىغان ئون ئىككى ئىمامچى شىئەلەر سەۋىيىسىدە بولۇپ، چەكتىن ئاشقان رادىكاللىقا مايىل.

## قۇرغۇچىسى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

**بىرىنچى: قەرامىتچى ئىسمائىلىيلار:** (قولىڭىزدىكى كىتابنىڭ "قەرامىتىييە" بابىغا قاراڭ.)

◈ ئۇلار، ئىمام ئىسمائىلىيگە قارشى ئىسيان قىلىپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى بولىغاندىن كېيىن بەھرەين ۋە شامدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئىمام ئىسمائىلىي ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، سۈرىيەنىڭ سەلمىييە دېگەن يېرىدىن ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:

- ھىجرىيەنىڭ 260 ـ يىلى ئىراننىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئەلقەداھ.
- ئىراقتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ”غايىپ بولغان ئىمام“غا ئەگىشىشكە چاقىرغان فەرج ئىبنى ئوسمان ئەلقاشانى.
- كۈپىگە يېقىن بىر جايدا ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەن ھەمەدان قەرمىت ئىبنى ئەلئەشئەس.
- تىجارەتچىلەرنىڭ، ھاجىلارنىڭ كارۋانلىرىنى بولاپ ـ تالىغان ئەھمەد ئىبنى قاسىم.
- بەھرەيندە ئوتتۇرىغا چىققان، قەرامىتىلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدىغان ھەسەن ئىبنى بەھرام (ئەبۇ سەئىيد ئەلجەنابىي).
- ئۇنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئىبنى ھەسەن ئىبنى بەھرام (ئەبۇ تاھىر)، ئوتتۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقى مەزگىلىدە ئىستىلا ۋە كېڭىيىش

www.munber.org

ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان. ھىجرىيەنىڭ 319 ـ يىلى كەبىگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئوغۇرلىغان ۋە يېنىدا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ تۇرغان.

- ھىجرىيەنىڭ 360 ـ يىلى دەمەشقنى ئىستىلا قىلغان ھەسەن ئەلئەئسام ئىبنى سۇلەيمان.

## ئىككىنچى: فاتىمىيەچى ئىسمائىلىيلار:

◈ بۇ نىگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر ”ئىسمائىلىيە“ ھەرىكىتى بولۇپ، بىر قانچە باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن:

- يوشۇرۇنلۇق باسقۇچى: ھىجرىيەنىڭ 143 ـ يىلى، يەنى ئىسمائىلىينىڭ ئۆلۈمىدىن ئۇبەيدۇللاھ ئەلمەھدىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قەدەر بولغان جەريان. ئۇلار ياقلاپ كەلگەن مەخپىي تۇتۇش مېتودى سەۋەبلىك بۇ مەزگىلدىكى ئىماملارنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىشلار بار.

- ئاشكارىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى: ھىجرىيەنىڭ 266 ـ يىلى يەمەندە ئىسمائىلىيە دۆلىتىنى تەسىس قىلغان ھەسەن ئىبنى ھەۋشەبنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى شىمالىي ئافرىقىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى كەتامە شەيخلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا ياندىشىپلا، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان ۋە ھەمايىچىلىرىدىن روزا، نامازنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئارقىسىدىن دوستى ئەلى ئىبنى فەزلىنىڭ دەۋرى باشلانغان.

- ئوتتۇرىغا چىقىش باسقۇچى: بۇ باسقۇچ سۈرىيەنىڭ سەلەمىيە رايونىدا تۇرىدىغان، كېيىن شىمالىي ئافرىقىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى كەتتامىيلاردىن تەشكىللەنگەن ھىمايىچىلىرىگە تايانغان ئۇبەيدۇللاھ ئەلمەھدىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن باشلىنىدۇ.

◈ ئۇبەيدۇللاھ. دەۋەتچىسى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەششىيئىي ئەسسەنئانىي بىلەن قىرىندىشى ئەبۇلئابباسنىڭ ئۇنىڭ سالاھىيىتىدىن شەكلەنگەنلىكى ۋە سەلەمىيەدىكى ئورنىنى يۇقاتقانلىقى باھانىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ ئەبەيدۇللاھ ئافرىقىنىڭ (تۇنىسنىڭ) مەھدىيە رايونىدا تۇنجى فاتىمىيەچى ئىسمائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 297 ـ يىلى رەقادەنى ئىستىلا قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن فاتىمىيلار تۆۋەندىكىچە:

- ئەلمەنسۇر بىللاھ (ئەبۇ تاھىر ئىسمائىل). 334 ـ 341ھ.

- ئەلمۇئىز لىدىنىللاھ (ئەبۇ تەمىيم مەئد): ئۇنىڭ دەۋرىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 361 ـ يىلى مىسىر فەتھى قىلىنغان، ئۇ 362 ـ يىلى مىسىرغا كۆچكەن.

- ئەلئەزىيز بىللاھ (ئەبۇ مەنسۇر نەززار). 365 ـ 386ھ.

- ئەلھاكىم بىئەمرىللاھ (ئەبۇ ئەلى ئەلمەنسۇر). 386 ـ 411ھ.

- ئەززاھىر (ئەبۇلھەسەن ئەلى). 411 ـ 427ھ.

www.munber.org

- ئەلمۇستەنسىر بىللاھ (ئەبۇ تەمىيم). ھىجرىيەنىڭ 487 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن فاتىمىييەچى ئىسمائىلىيلار شەرقىي نىزارىييە ۋە غەربىي مۇستەئلىيەدىن ئىبارەت ئىككىگە تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ بۆلۈنۈشتىكى سەۋەپ، ئىمام ئەلمۇستەنسىر ئۆزىدىن كېيىنكى تەختت ۋارىسى سۈپىتىدە چوڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن نەززارنى تاللاپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئەمما ۋەزىر ئەفزەل ئىبنى بەدر ئەلجامالىي نەززارغا قالدۇرۇلغان بۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغۇل مۇستەئلىينىڭ ئىمام بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان، كىچىك ئوغۇل ئوخشاش ۋاقىتتا ۋەزىرنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن نەززارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان ۋە ئۆلگەنگە قەدەر تۈرمىنىڭ تاملىرىنى ئورىۋەتكەن.

◈ مۇستەئلىينىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى فاتىمىييەچى ئىسمائىلىيلار سۇلەيھىلار ۋە ئىمامىلارنىڭ ياردىمىدە مىسىر، ھىجاز ۋە يەمەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار:

- ئەلمۇستەئلىي (ئەبۇلقاسىم ئەھمەد). 487 ـ 495ھ.
- ئەلئامىر (ئەبۇ ئەلىي ئەلمەنسۇر). 495 ـ 525ھ.
- ئەززافىر (ئەبۇلمەنسۇر ئىسمائىل). 544 ـ 549ھ.
- ئەلفائىز (ئەبۇلقاسىم ئىيسا). 549 ـ 555ھ.
- ئەلئازىد (ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ). ھىجرىيەنىڭ 555 ـ يىلىدىن تاكى ئۇلارنىڭ دۆلىتى سالاھۇددىن ئەييۇبىينىڭ قولىدا يىمىرىلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان.

## ئۈچىنچى: ھەششاشچى ئىسمائىلىيلار:

◈ ئۇلار شام، ئىران ۋە شەرق ئەللىرىگە تارقالغان نەززار تەرەپدارىدىكى ئىسمائىلىيلار بولۇپ، ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ھەسەن ئىبنى سەباھ: ئەسلى ئىرانلىق بولۇپ، ئىمام مۇستەنسىرنى ھىمايە قىلىشنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ ئىراندا ئىمام مەستۇرنى ھىمايە قىلىشقا چاقىرغان، كېيىن ئالمۇت قەلئەسىنى ئېلىپ، شەرقىي نىزارچى ئىسمائىلىييە دۆلىتىنى تەسىس قىلغان. ئۇلار ھەددىن ئارتۇق نەشىگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن "ھەششاشىلار" (نەشىكەشلەر) دەپ تونۇلغان. بەزى كىشىلىرىنى ئىمام ئاخىر ئىبنى ئەلمۇستەئلىينى ئۆلتۈرۈشكە مىسىرغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھىجرىيەنىڭ 525 ـ يىلى ئۇنى ئىككى پەرزەنتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. ھەسەن ئىبنى سەباھ مىلادىيە 1124 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ كىيابۇزرۇك ئامىيد، مىلادىيە 1135 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ مۇھەممەد ئىبنى كىيابۇزرۇك ئامىيد، مىلادىيە 1162 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ ھەسەن ئەسسانى ئىبنى مۇھەممەد، مىلادىيە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ مۇھەممەد ئەسسانى ئىبنى ھەسەن، مىلادىيە 1210 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

www.munber.org

◈ ھەسەن سالىس ئىبنى مۇھەممەد ئەسسانى، مىلادىيە 1221 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ مۇھەممەد سالىس ئىبنى ھەسەن سالىس، مىلادىيە 1255 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

◈ رۇكنۇددىن خۇرشاھ: ئۇنىڭ سەلتەنىتى مىلادىيە 1255 ـ يىلىدىن تاكى موڭغۇل ھۇلاكۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە قەلئەلىرى يىقىلغانغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، ھۇلاكونىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار تۆت تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئەگەشكۈچىلىرى بار.

### تۆتىنچى: شام ئىسمائىلىيلىرى:

◈ ئۇلار نەزارىيغا قاراشلىق ئىسمائىلىيلار بولۇپ، ئۇزۇن جەريانلار بويىچە ئېتىقادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقان، قەلئە ۋە سېپىللىرىدا بۇنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئەمما ئۇلار سەلەمىيە، قەدمۇس، مەسياف، بانىياس، خەۋابىي ۋە كەھف قاتارلىق رايونلاردا ئويىنغان ۋە ھېلىھەم ئويناۋاتقان كۈچلۈك روللىرىغا قارىماي، ھامان دۆلەتسىز بىر دىنىي تائىپە سۈپىتىدە قېلىپ قالغان.

ـ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ بىرى «شەيخۇل جەبەل» (تاغ شەيخى) لەقىمى بىلەن تونۇلغان راشىدۇددىن سىنان بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ «سىنانىيە» مەزھىپىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىسمائىلىيەنىڭ باشقا ئەقىدىلىرىدىن سىرت «تەناسۇخ» (يەنى روھنىڭ كۆچۈشىگە) قا ئىشىنەتتى.

### بەشىنچى: بۇھرە ئىسمائىلىيلىرى:

◈ بۇلار مۇستەئلىينى ھىمايە قىلىدىغان ئىسمائىلىيلار بولۇپ، ئىمام مۇستەئلىي، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئامىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تايىيبلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار «تايىيبىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار يەمەن ۋە ھىندىستان ئىسمائىلىيلىرى بولۇپ، سىياسەتنى تاشلاپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ھىندىستانغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلار "بۇھرە" نامى بىلەن تونۇلغان ئىمان ئېيتقان ھىندوسلار ئارىلاشقان. "بۇھرە" قەدىمقى ھىندىچە سۆز بولۇپ، "تىجارەتچى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ـ ئىمام تايىيب ھىجرىيەنىڭ 525 ـ يىلى سەترەگە كىرگەن (پەردىلەنگەن). ھازىرغىچە ئۇنىڭ نەسلىدىن چىققان پەردىلەنگەن ئىماملاردىن ھېچقانداق بىر ئۇچۇر يوق، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇھرە ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنى بىلمەيدۇ.

◈ بۇھرە ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن:

ـ داۋۇدچى بۇھرەلەر: يەنى قۇتۇبشاھ داۋۇدنى ياقلايدىغان بۇھرەلەر: ھىجرىيە ئونىنچى ئەسىرنىڭ مابەينىدە ھىندىستان ۋە پاكىستانلارغا تارقالغان بولۇپ، داھىسى بومبايدا تۇرىدۇ.

ـ سۇلەيمانچى بۇھرەلەر: يەنى سۇلەيمان ئىبنى ھەسەننى ھىمايە قىلىدىغان بۇھرەلەر بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ مەركىزى يەمەندۇر.



www.munber.org

## ئالتىنچى: ئاغاخانچى ئىسمائىلىيلار:

◈ بۇ پىرقە مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە ئىراندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەقىدىسى نەزارىيچى ئىسمائىلىيلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى:

ـ ھەسەن ئەلى شاھ: بۇ تۇنجى ئاغاخاندۇر. ئىنگلىزلار ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكلىرىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئىشقا سالغان. ئۇ نەززارىنى ياقلايدىغان ئىسمائىلىيلىككە چاقىرغان، ئافغانىستانغا، ئۇ يەردىن بومبايغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ جەرياندا ئىنگىلىزلار ئۇنىڭ ئاغاخانلىق ئۇنۋانىنى تارتىۋالغان. ھەسەن ئەلى شاھ 1881 ـ يىلى ئۆلگەن.

ـ ئىككىنچى ئاغاخان ئاغا ئەلى شاھ: (1881 ـ 1885م).

ـ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەينىي كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۈچىنچى ئاغاخان بولغان (1885 ـ 1957م): ياۋرۇپادا ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھەممەد ھۈسەينىي ئەيش ـ ئىشرەتكە پېتىپ كەتكەن، ئۆلۈش ئالدىدا ئىسمائىلىيلارنىڭ چوڭ ئوغۇلنى ۋارىس قىلىش پىرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا نەۋرىسى كەرىمنى ۋارىس قىلىش ۋەسىيىتىنى قالدۇرغان.

ـ كەرىيم ـ تۆتىنچى ئاغاخان: 1957 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ئاغاخان بولماقتا. ئۇ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇغان.

## يەتتىنچى ۋاقفە ئىسمائىلىيلىرى:

◈ غايىپ بولغان ئىماملارنىڭ تۇنجىسى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ئىماملىقىدا توختىغان (ۋاقفە) ئىسمائىلىيە پىرقىسى بولۇپ، غايىپ بولغان بۇ ئىمامنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىدىن شەك بولمىغان بىر مەسۇم (گۇناھتىن خالىي بولۇش ـ ت) ئىمامنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ، ئۇ چوقۇم چوڭ ئوغۇل بولۇشى لازىم. ئەمما بۇ پىرىنسىپ قانچە قېتىملاپ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغان.

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ”مەسۇملۇق“ گۇناھ ياكى خاتالىق سادىر قىلماسلىقتا ئىپادىلەيمەندىغان بولۇپ، ئۇلار گۇناھ ۋە مەسىيەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىغا مۇناسىپ ھالدا تەۋىل قىلىشىدۇ.

◈ كىمكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمامىنى بىلمىگەن، بەيئەت قىلمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.

◈ ئىمامنى بىر قاتار سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغان بولۇپ، ئۇنى ئىلاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە باتىنى (يوشۇرۇن) ئىلىملەرنىڭ ئىماملىرىغا

www.munber.org

خاس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، تاپقان نەرسىلىرىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ.

◈ تەقۋالىق ۋە يۈشۈرۈنۈشقا ئىشىنىدۇ ۋە بۇلارنى باشلىرىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەندە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

◈ ئىمام ئىسمائىلىيە چاقىرىقىنىڭ مەركىزى نوقتىسى بولۇپ، بۇ ئەقىدىنىڭ ئوقى ئۇنىڭ شەخسىيىتى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

◈ زېمىن ئاشكارا، ئېنىق ياكى يۈشۈرۈن ئىمامدىن خالىي بولمايدۇ. ئەگەر ئىمام ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭ پاكىتلىرىنىڭ يۈشۈرۈن بولۇشى جائىزدۇر. ئەگەر ئۇ يۈشۈرۈن بولسا، ئۇنىڭ پاكىت ۋە دەۋەتچىلىرى چوقۇم ئاشكارا بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

◈ ئۇلار تەناسۇخ (روھنىڭ كۆچىشى)قا ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىمام بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق ئىماملارنىڭ ۋارىسىدۇر.

◈ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى شۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەقلىي بىلىشلەرنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاللاھ نە باردۇر، نە يوقتۇر. نە ئالىمدۇر، نە ناداندۇر. نە قادىردۇر، نە ئاجىزدۇر. نە مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدۇ ۋەياكى مۇتلەق ئىنكار قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ تەڭرىسى، ئىككى رەقىبنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىككى زىت نەرسىنىڭ ھاكىمىدۇر. نە قەدىمدۇر، نە يېڭىدۇر. قەدىم بولغىنى ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە سۆزى، يېڭىسى ئۇنىڭ يارىتىشى ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىشى...

### بۈھرە ئېتىقادلىرى:

◈ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىدە ناماز ئوقۇمايدۇ.

◈ ئەقىدىدىكى كۆرىنىشى بارلىق مۆتىدىل ئىسلام پىرقىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

◈ ھەقىقەتتى باشقا نەرسە بولۇپ، ئۇلار ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما نامازلىرى تاييىب ئىبنى ئامىرنىڭ نەسلىدىن چىققان غايىپ بولغان ئىمام ئىسمائىلىيغا قارىتىلىدۇ.

◈ ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مەككىگە ھەجگە بارىدۇ. بىراق ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: شەكسىزكى كەبە ئىمامغا ئائىت بىر خىل ئالامەتتۇر.

◈ ھەششاشلارنىڭ شۇئارى «مەۋجۇتلۇقتا ھەقىقەت يوقتۇر، بارلىق نەرسىلەر مۇباھتۇر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، تەشكىلى قورۇلمىسىنىڭ ۋاستىسى پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا سۇيىقەست ئېلىپ بېرىشتۇر.

◈ ئىمام غەزالىي ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن قالغان نەرسە شەرتسىز مۇباھلىق، پەردە شەپىنىڭ كۆتىرىلىشى، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى "مۇباھ ۋە ھالال" دەپ تونۇش، شەرىئەتلەرنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما، ئەگەر بۇ ئىشلار ئۇلارغا نىسبەت بېرىلسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىشىدۇ.»

◈ ئۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى بۇۋاستە ياراتمىغانلىقىنى، بۇنى "ھىجاب" دەپ ئاتىلىدىغان بارلىق ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ ئورنى بولغان،

www.munber.org

ھەممىنى بىلدىغان ئەقىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ياراتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ھەممىنى بىلدىغان ئەقىل بىر ئىنسانغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەردۇر. ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن غايىپ بولغان ئىماملارغا بېرىلگەن. بۇ ھالدا مۇھەممەد باياناتچى، ئەلى بولسا ئۇنى ئىزاھلايدىغان ئاساستۇر.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئۇلارنىڭ مەزھىپى ئىراقتا مەيدانغا كەلگەن. كېيىن ئىران، خۇراسان ۋە ھىندىستان، تۈركىستانغا ئوخشىغان ماۋەرائۇننەھرگە قاچقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ مەزھىپى قەدىمقى پارىسلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە ھىندى پىكىرلىرىدىن ئېلىنغان قاراشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلەرنىڭ ھەۋەسلىرىگە كۆرە سىرتتىن قاتقان نەرسىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىشى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن.

◈ ئۇلار، ھىندى براھمانلىرى، ئىشراقىييەچى پەيلاسوپلار، بۇددىستلار، كىلدانىيلار، پارىسلاردىن قېلىپ قالغان روھانىيلىق، يۇلتۇزلارغا ئائىت پىكىر ۋە ئەقىدىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ خۇراپاتلىقلاردىن ئوخشىمىغان مىقداردا قوبۇل قىلىشقان. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئېقىشىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك دەرىجىدە ئېغىشىغا ياردەمچى بولغان.

◈ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەممىنى ھالال ساناش (ئىباھىييە) ۋە شېرىكچىلىك (كومىنىزم) مەسىلىسىدە مەزدەك، زەردۇشت مەزھەپلىرىنى قوبۇل قىلغان. (مەسىلەن قەرامىتىلار).

◈ ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئېلىنمىغان. ئۇلارغا نۇرغۇن ئەقىدە ۋە پەلسەپىلەر كىرىپ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقىرىۋەتكەن.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ئىسمائىلىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ئۇلار داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇزۇن جەريانلاردىكى ۋەقە ۋە شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئىسلام ئالەمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما بومۇ زامان ۋە شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن:

- قەرامىتىلەر يېرىم ئارال، شام، ئىراق ۋە ماۋەرائۇننەھر ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان.

www.munber.org

- فاتىمىيلار ئاتلانتىك ئوكيانىدىن شىمالىي ئافرىقىغىچە سوزۇلغان بىر دۆلەت قۇرۇپ، مىسىر ۋە شامنى قولغا كىرگۈزگەن. باغدادلىقلار ئۇلارنىڭ مەزھىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرىيە **540**-يىلى ئۇلارنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇغان. ئەمما ئۇلارنىڭ دۆلىتى سالاھۇددىن ئەييۇبىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ قولىدا يىمىرىلگەن.

- ئاغاخانىييە: ئۇلار نايروبىي، دارۇسسالام، زەنجىبار، ماداغاسكار، كونگو، بىلگىيە، ھىندىستان، باكىستان، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك مەركىزى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدىدۇر.

- بۇھرە: بۇلار يەمەن، ھىندىستان ۋە بۇ ئىككى دۆلەتكە خوشنا كېلىدىغان يېقىن ساھىللاردا ياشايدۇ.

- شام ئىسمائىلىيلىرى: يۇرتىنىڭ ھەممە تەرىپىدە قەلئە ۋە سېپىللارغا ساھىب بولغان بولۇپ، ھىلىھەم سىلمىييە، خەۋابىي، قەدمۇش، مىسياف، بانىياس ۋە كەھف قاتارلىق جايلاردا ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى بار.

- ھەششاشلار: ئىراندا تارقالغان. قەزۋىن دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالمەۋت قەلئەسىنى ئىگەللىگەن، سۇلتانلىقنى كېڭەيتىپ، سۈننىي ئەقىدىسىدىكى ئاباسىيلار دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئىقلىمنى مۇستەقىل قىلغان. قەلئە ۋە سېپىللارنى ئىگەللەپ، بانىياس، ھەلەب ۋە مۇسىل قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئەھلى سەلىپ دەۋرىدە دەمەشىقنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇلار موڭغۇل ھۇلاكونىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ، يىمىرىلگەن.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: ئىسمائىلىيلار دەسلىۋىدە شىئەلەرنىڭ بىر پىرقىسى ئىدى. ئەمما ئۇلار ئىماملىرىنى دەرىجىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىدىغان ۋە نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا ئىش كۆپ ساندىكى ئىسلام پىرقىلىرىنىڭ ئۇلارنى، ئىماملىرىنى ئىلاھىي ماقامغا ئوخشاش ئورۇنلارغا كۆتۈرىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى، روھنىڭ كۆچۈشىگە دائىر سۆزلىرى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، ئەقىدىلىرىنى كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئالمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك كاپىر ھېسابلايدىغان ۋە ئىسلامنىڭ دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۆچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە: تاريخ المذاهب الإسلامية (بىرىنچى قىسىم).
- د.مۇستەفا شەكئە: إسلام بلا مذاهب.
- د.مۇھەممەد كامىل ھۇسەين: طائفة الإسماعلية، تاريخها، نظمها، عقائدهـا، مىسىر ئويغىنىش كىتابخانىسى، **1959**م.



www.munber.org

- ئىسلام مائارىپ قامۇسى، ئىسمائىلىيىيە قىسمى.
- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىيم شەھرىستانىي: الملـل والـنحل، ئىككىنچى نەشرى ـ مەرىپەت نەشرىياتى.
- ئەنۋەر ئەلجۇندىي: المؤامرة على الإسلام.
- مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئەننان: تاريخ الجمعيات السرية والحركات الهدامة.
- بېرنارد لوئىس: أصول الإسماعلية والفاطمية والقرمطية.
- مۇھەممەد ئىبنى مالىك ئەليەمانىي ئەلھەمادىي: كشف أسرار الباطنيـة وأخبـار القرامطة.
- ئەبۇ ھامىد ئەلغەزالىي: فضائح الباطنية.
- ئېھسان ئىلاھىي زەھىير: الإسماعلية.

www.munber.org

# نۇسەيرىييە (ئەلەۋىييە)

## ئېنىقلىما:

« نۇسەيرىييە » ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان بىر باتىنى پىرقە بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا ئىلاھىي ۋۇجۇدنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇنى ئىلاھلاشتۇرغان رادىكال شىئەلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەقسەتلىرى ئىسلامنى ۋەيران قىلىش، شەرىپىنى يەرگە ئۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئىسلام ئەللىرىگە ھۇجۇم قىلغان ھەر قانداق كۈچ بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. سۇرىيەنى باسقان فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇلارنىڭ باتىنىي ۋە رافىزىيلىقتىن ئىبارەت ھەقىقىي يۈزلىرىنى يۇشۇرۇش ۋە جامائەتچىلىكنى بىخودلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا « ئەلەۋىيلەر » دېگەن نامنى بەرگەن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ پىرقىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ئەبۇ شۇئەيب مۇھەممەد ئىبنى نۇسەير ئەلبەسرىي ئەننۇمەيرىي (ھىجرىيەنىڭ 270 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئۇ ئەلى ھادىي(ئونىنچى)، ئەلھەسەن ئەلئەسكەرىي (ئون بىرىنچى) ۋە مۇھەممەد ئەلمەھدىي ئەلمەۋھۇم (ئون ئىككىنچى) لاردىن ئىبارەت شىئەلەرنىڭ ئۈچ ئىمامىي بىلەن زاماندىش ياشىغان.

ـ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمام ئەلھەسەن ئەلئەسكەرىيگە ئېچىلغان ئىشىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شىئەلەرنىڭ پاكىت ۋە مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئىشىكلىك ۋە مەنبەلىك سۈپىتىنىڭ ئىمام مەھدىينىڭ غايىپ بولۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قېلىپ قالىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

ـ ئۇ پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەت دەۋاسى قىلغان ۋە ئىماملارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاپ، ئۇلارنى ئىلاھلىق ماقامىغا كۆتۈرگەن.

◈ ئۇنىڭدىن كېيىن، تائىپىنىڭ رىياسەتچىلىكىگە مۇھەممەد ئىبنى جۇندەب ۋارىسلىق قىلغان.

◈ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلجىنان ئەلجۇنبىلانىي (235ھ ـ 287ھ) كەلگەن. ئەسلى مىسىرلىق بولۇپ، ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلجۇنبىلانىي بىلەن بىرلىكتە مىسىردىن جۇنبىلاغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تائىپىنىڭ رىياسەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. ھەلەبتىكى ھەمەدان دۆلىتىنىڭ ھىمايىسىدە ياشىغان. ئۇ يەنە نۇسەيرىيلار ئۈچۈن ئىككى مەركەز تەسىس قىلغان،

www.munber.org

ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھەلەبتە، رەئىسى مۇھەممەد ئەلى ئەلجەلىي، ئىككىنچىسى باغدادتا بولۇپ، رەئىسى ئەلى ئەلجىسرىيدۇر.

- ئۇ ھەلەبتە ۋاپات بولغان بولۇپ، قەبرىسى مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ مەزھەپ ۋە ئال بەيتنى ماختايدىغان شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان ئەسەرلىرى بار. ئۇ «روھنىڭ كۆچىشى» (تەناسۇخ) ۋە «ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا چۈشىدىغانلىقى» (ھۇلۇل) قارىشىنى ئىلگىرى سۈرەتتى.

◈ ھۇلاكونىڭ باغدادقا ھۇجۇم قىلىشىدىن كېيىن، ئۇ يەردىكى مەركىزى مۇنقەرز بولغان.

◈ ھەلەبتىكى مەركىزى لازىقىييەگە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭغا ئەبۇ سەئىد ئەلمەيمۇن سۇرۇر ئىبنى قاسىم ئەتتىبرانىي (358ھ-427ھ) رەئىس بولغان.

◈ كۇرد ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇلارغا قارشى ھۇجۇملىرىنىڭ كۆچىيىشى ئۇلارنىڭ ئەمىر ھەسەن ئەلمەكزۇن ئەسسىنجارىي (583ھ-638ھ) دىن ياردەم تەلەپ قىلىشىنى ۋە رايونغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە قىلىپ، لازىقىييە تاغلىرىدا نۇسەيرىي مەزھىپىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان.

◈ ھىجرىيەنىڭ 700-يىللىرى (مىلادىي 1300-يىللىرى) ئەتراپىدا قىبرىس رىسالىسىنىڭ يازغۇچىسى ئىسمەتۇد دەۋلە ھاتىم ئەتتۇبانىي ئوتتۇرىغا چىققان.

◈ ھەسەن ئەجرەد ئەئنا رايونىدا توغۇلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 836-يىلى (مىلادى 1432-يىلى) لازىقىييەدە ۋاپات بولغان.

◈ بۇلاردىن كېيىن باشقا نۇسەيرىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى، مەسىلەن، ئانتاكىيە ئەتراپىدا شائىر ئەلقەمەرىي مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف كلازىي (ھ 1011/م1602) ۋە ئەلى ئەلماھۇس، نەسىر نەيسافىي ۋە يۇسۇف ئۇبەيدىيغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

◈ سۇلەيمان ئەفەندىي ئەلئەزنىي: ھىجرىيەنىڭ 1250-يىلى ئانتاكىيەدە توغۇلغان. نۇسەيرىييە تائىپىسىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. ئەمما، بىر مىسسىيونېرنىڭ قولىدا خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە بېيرۇتقا قېچىپ بېرىپ، «الباكورة السليمانية» ناملىق كىتابىنى نەشىر قىلىپ، نۇسەيرىييە تائىپىسىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. بۇلاردىن كېيىن، نۇسەيرىيلار ئۇنى ئاستا-ئاستا ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان، قايتىپ كەلگەن ھامان ئۇنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىدىنى لازىقىييەدىكى مەيدانلارنىڭ بىرىدە كۆيدۈرىۋەتكەن.

◈ ئۇلار تارىختىن بىرى «نۇسەيرىيلار» نامى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئىسمى. بىراق سۈرىيەدە «مىللىي گۇرۇپ» نامى ئاستىدا بىر سىياسىي پارتىيە تەسىس قىلىنغاندا، بۇ پارتىيە نۇسەيرىيلارنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا «ئەلەۋىيلەر» ئىسمىنى قوللانغان. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە شۇنىڭغا ھېرىسمەن. بۇنىڭدىن باشقا فرانسىيە ئۇلارغا «ئەلەۋىيلەر دۆلىتى» نامى



www.munber.org

ئاستىدا بىر دۆلەت قورۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ دۆلەت 1920 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان.

◈ مۇھەممەد ئەمىين غالىب ئەتتەۋىل: نۇسەيرىيلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، فرانسىيەنىڭ سۇرىيەنى مۇستەملىكە قىلىش مەزگىلىدىكى قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ "ئەلەۋىيلەر تارىخى" ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابىدا بۇ پىرقىنىڭ كىلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىدۇ.

◈ سۇلەيمان ئەلئەھمەد: 1920 ـ يىلى ئەلەۋىيلەر دۆلىتىدە دىنىي مەنسەپ بىلەن شۇغۇللانغان.

◈ سۇلەيمان ئەلمۇرشىد: پادىچى ئىدى. ئەمما فرانسىيەلىكلەر ئۇنى باغرىغا باسقان ۋە پەرۋەردىگارلىقنى دەۋا قىلىشىدا ھەمدەم بولغان. ئۇنىڭغا يەنە سۇلەيمان ئەلمىيدە ئىسىملىك بىر قويچىنى پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەن. ئىستىقلال ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئالغان ۋە 1946 ـ يىلى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مۇجىيب مەيدانغا كىلىپ، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان. ئەمما ئۇمۇ 1951 ـ يىلىدىكى سۇرىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ رەئىسىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. نۇسەيرىيلارنىڭ مۇۋاخەسە پىرقىسى ھازىرمۇ ئۇنىڭ نامىنى قوربانلىقلىرىدا زىكىر قىلىدۇ.

◈ سۇلەيمان ئەلمۇرشىدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇغىيس دادىسى دەۋا قىلغان پەرۋەردىگارلىققا ۋارىسلىق قىلغان، دېيىلىدۇ.

◈ ئەلەۋىيلەر (نۇسەيرىيلەر) سۇرىيەدىكى مىللىي سەپلەرگە سىڭىپ كىرەلىگەن ۋە ئەھلى سۈننىيلەرگە قارشى يۈزى بىلەن 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەتتىكى نۇپۇزى زورايغان. 1970 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىنقىلاپ قوزغىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان. 1971 ـ يىلى 12 ـ مارتتا جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى:

◈ نۇسەيرىيلار ئەلىنى ئىلاھ قىلىۋالغان. ئۇلار «ئەلىنىڭ روھانىي چىقىشى فانىي، جىسمانىي ۋۇجۇدىي بىلەن كۆزگە چېلىقىشى جىبرىئىلنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ شەكلىدە كۆرۈنىشىگە ئوخشايدۇ» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ «تەڭرى ئەلىنىڭ ئىنسان سۈرىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بەندىلىرى ۋە مەخلۇقلىرىنى كۆندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ ئىمام ئەلىنىڭ قاتىلى ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇلجەمنى ياخشى كۆرىشىدۇ. تەڭرىنى ئىنسانلاردىن قوتۇلدۇرغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇغانلارنى خاتا تەرەپكە چىقىرىدۇ.



www.munber.org

◈ بەزلىرنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى باغلىۋالغان جەسەتتىن قوتۇلغاندىن كېيىن، بولۇتقا يەرلەشكەن. شۇڭا ئۇلار ئۈستىلىرىدىن بولۇتلار ئۆتكەندە: «ساڭا سالام ئەي ئەبۇلھەسەن» دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە، گۈلدۈرمامىنى ئۇنىڭ ئاۋازى، چاقماقنى ئۇنىڭ قامچىسى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە، ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەلمان ئەلفارىسىينى، سەلمان ئەلفارىسىي تۆۋەندىكى بەش يېتىمنى ياراتقان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ:

- ئەلمىقداد ئىبنى ئەلئەسۋەد: ئىنسانلارنىڭ تەڭرىسى، ياراتقۇچىسى ۋە گۈلدۈرمامىلارنىڭ يېتەكچىسى.

- ئەبۇ زەر ئەلغەففارىي: يۇلتۇزلار ۋە پىلانتلارنىڭ مۇۋەككىلى.

- ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە: شامال ۋە ئىنسانلارنىڭ روھلىرىنى ئېلىشقا مەسئۇل.

- ئوسمان ئىبنى مەزئۇن: ئاشقازان، تەننىڭ قىزىقلىقى ۋە ئىنسان كېسەللىكلىرىنىڭ مەسئۇلى.

- قەنبەر ئىبنى كادان: ۋۇجۇدلارغا روھنى پۈۋلەشنىڭ مۇۋەككىلى.

◈ باشقا باتىنى گورۇپپىلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ ئىرمىشىپ، چىرمىشىدىغان ئايرىم كىچىسى بار.

◈ ئۇلار ھاراقنى ئۇلۇغلايدۇ، ئىچىشىدۇ. بۇ سەۋەپلىك ئۈزۈم دەرىخىنى چوڭ بىلىدۇ. ئۇلار «نۇر» دەپ ئاتايدىغان ھاراقنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈزۈم دەرىخىنى قومۇرۇپ تاشلاش ياكى كېسىشنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ.

◈ ئۇلار ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدۇ. ئەمما بۇ نامازنىڭ رەكئەت سانلىرى ئوخشمايدۇ، گەرچە ئۇنىڭدا بەزىدە رۇكۇئ بولسىمۇ، سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

- جۈمە ئوقۇمايدۇ، ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى جۇنۇبلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىشنى چەك تۇتمايدۇ.

- ئۇلارنىڭ ئاممىۋى مەسچىتلىرى يوق بولۇپ، نامازلىرىنى ئۆيلىرىدە ئوقۇيدۇ. نامازلىرىدا ئاساسسىز، خۇراپاتقا ئائىت نەرسىلەرنى تىلاۋەت قىلىدۇ.

◈ ھەجنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى كۇپۇرلۇق، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش، دەپ قارايدۇ.

◈ بىز مۇسۇلمانلاردىكى شەرئىي زاكاتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولۇپ، ئۇلار مال ـ مۈلكىنىڭ بەشتىن بىرىنى شەيخلىرىغا باج سۈپىتىدە تۆلەيدۇ.

◈ ساھابىلەرنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ئەبۇ بەكر، ئۆمەر، ئوسمان (ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن) لارغا لەنەت ئوقۇيدۇ.



www.munber.org

◈ ئۇلار ئەقىدىنىڭ باتىنى ۋە زاھىرى تەرەپلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇلارلا سىرلارنىڭ باتىنى قىسىملىرىنى بىلىدىغانلىقلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- جۇنۇپلۇق: قارىمۇ قارشى نەرسىلەرنى دوست تۇتۇش ۋە باتىنى ئىلىمنى بىلمەسلىك.

- تاھارەت: قارىمۇ قارشى نەرسىلەرنى ئۆچ كۆرۈش ۋە باتىنى ئىلىمنى بىلىش.

- روزا: ئوتتۇز ئەر، ئوتتۇز ئايال بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىرنى ساقلاش.

- زاكات: سەلماننىڭ شەخسىيىتى بىلەن سىمۋول قىلىنىدۇ.

- جىھاد: دۈشمەنلەرگە ۋە سىرلارنى ئاچقانلارغا لەنەت ياغدۇرۇش.

- دوستلۇق: نۇسەيرى ئائىلىسىگە ئىخلاس قىلىش، رەقىبلىرىنى يامان كۆرۈش.

- شەھىدلىك: بۇ «ئا.م.س» ھەرپلىرىگە ئىشارە قىلىدۇ.

- قۇرئان: ئەلىگە نىسبەتەن ئىخلاس قىلىش تەلىماتىنىڭ باشلانغۇچىدۇر. سەلمان «جىبرىئىل ئىسمى ئاستىدا» قۇرئاننى مۇھەممەدكە ئۆگەتكەن.

- ناماز: ئەلى، ھەسەن، ھۈسەين، مۇھسىن ۋە فاتىمەدىن ئىبارەت بەش ئىسىمدۇر. «مۇھسىن»نىڭ بىر سىر ئىكەنلىكىنى، فاتىمە تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ ئىسىملارنى زىكىر قىلىش غۇسۇل، جۇنۇپلۇق ۋە تاھارەتنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

◈ ئىسلام ئۆلىمالىرى، نۇسەيرىيلار بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ جائىز بولمايدىغانلىقى، بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېگىلى بولمايدىغانلىقى، ئۆلگەنلىرىنىڭ نامىزىنىڭ قىلىنمايدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىستىراتىگىيىلىك جايلاردا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنىڭمۇ جائىز ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

◈ ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دەيدۇ: «”نۇسەيرىيلار“ دەپ ئاتىلىدىغان ئۇ قەۋم ۋە بارلىق باتىنى قەرامىتىلەرنىڭ تۇرلىرى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىرىدىنمۇ ئارتۇق، ھەتتا نۇرغۇنلىغان مۇشرىكلارنىڭ كاپىرلىرىدىنمۇ ئارتۇق كاپىرلاردۇر. ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرى تاتار، پەرەڭ ۋە باشقىلارغا... ئوخشىغان ئۇرۇشقاق كاپىرلارنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئارتۇقتۇر. ئۇلار ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىيانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسىبەت تاتارلارغا قارشى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. تاتارلار پەقەت شۇلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ياردىمى بىلەن ئىسلام دۆلىتىگە كىرگەن، باغداد خەلىپىسى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۆلتۈرگەن.»

www.munber.org

◈ بايراملار: ئېتىقاد شەكىللىرىنى قىسقىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بايراملىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

- نورۇز بايرىمى: ئاپرىلنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ كۈن ئىران يىلنامىسىنىڭ تۇنجى كۈنىدۇر.

- غەدىر (ئالداش) بايرىمى: فىراش بايرىمى ۋە ئاشۇرا كۈنى بولۇپ، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. هۈسەيىننىڭ كەربالادا شەھىد قىلىنغانلىقىنىڭ يىل بېشىدۇر.

- مۇباھەلە ۋەياكى كىسائ كۈنى: رەبىيئول ئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجران يەھۇدىيلىرىنى قۇرال تاشلاشقا چاقىرىشىنىڭ يىل بېشى.

- قۇربان بايرىمى: زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى.

- غەتتاس، ئۇنسەرە، راھىبە بەرىبارە، مىيلاد بايراملىرى، زىرائەت تېرىش، هوسۇل يىغىش، تىجارەت مۇئامىلىلىرىنىڭ باشلىنىشى، ئىجارىگە ئېلىش - بېرىشلەرنىڭ باشلىنىش تارىخى قىلغان سەلىپ بايراملىرىغا ئوخشىغان بايراملارنى ئۆتكۈزىشىدۇ.

- دالام كۈنى: رەبىئول ئەۋۋەل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قەتىل قىلىنغان كۈنى بولۇش ئېتىبارى بىلەن بۇ كۈننى تەبرىكلەيدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئەقىدىلىرىنى قەدىمقى بۇتپەرەستلىكتىن ئالغان. يۇلتۇزلارنى، پىلانىتلارنى مۇقەددەسلەشتۇرىدۇ ۋە بۇلارنى يەنە ئىمام ئەلىنىڭ تۇرالغۇسى، دەپ بىلىدۇ.

◈ ئۇلار «يېڭى ئەپلاتۇنچىلار» ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شەيئىلەرنىڭ ئۇستىدىكى «نۇرانىي پەيز» نەزىرىيىسىنى يېڭى ئەپلاتۇنچىلاردىن قوبۇل قىلغان.

◈ ئېتىقادلىرىنى مەجۇسىي پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىغا ئاساسەن قۇرۇپ چىققان.

◈ ئۈچ بىر گەۋدە، مۇقەددەسلىك ۋە هاراقنى مۇباھ، دەپ قاراشقا ئوخشىغان خىرىستىيانچە قاراشلارنى قوبۇل قىلغان.

◈ هىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيا ئېتىقادلىرىدىن روھنىڭ كۆچىشى ۋە هۇلۇلغا ئوخشىغان پىكىرلەرنى يۆتكەپ كىرگەن.

◈ بۇلار رادىكال شىئەلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئومومىي جەھەتتىن رافىزىيلار، خۇسۇسەن سەبەئىييە (يەھۇدىي ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئنىڭ جامائىتى)لەر ئوتتۇرىغا قويغان شىئەلەرنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

www.munber.org

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ نۇسەيرىيلار لازىقىييەدىكى نۇسەيرىيلار تاغلىرى رايۇنىدا ياشايدۇ. كېيىنچە شۇ يەرگە خوشنا كېلىدىغان سۇرىيە شەھەرلىرىگە تارقالغان.

◈ ئاناتولىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىمۇ خېلى كۆپ ساندىكى نۇسەيرىيلار بار بولۇپ، ئۇلار «تاختىچىلار ، ئوتۇنچىلار» نامى بىلەن تونىلىدۇ. شەرقىي ئاناتولىيە بولسا، ئۇلارنى «قىزىل باشلار» دەپ ئاتايدۇ.

◈ تۈركىيەنىڭ باشقا رايۇنلىرى ۋە ئالبانىيەدە «بەكتاشىيلار» نامى بىلەن تونىلىدۇ.

◈ ئىراندا، تۈركىستاندىمۇ نۇسەيرىيلار بار بولۇپ، ئۇلار «ئەلئەلى ئىلاھىييە» نامى بىلەن مەشھۇر.

◈ ئۇلارنىڭ بەزى لىۋاندا ياشايدۇ.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: نۇسەيرىيلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىلاھلاشتۇرىدىغان بىر باتىنى پىرقە بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ يەنە بىر رادىكال پىرقە بولۇپ، ئىسلامنىڭ تىزگىنى چۆرۈپ تاشلىغان، مەنىلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان. بۇ سەۋەپلىك ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئىسمىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىغان. ئۇلارنىڭ رادىكال پىكىر، ئازغۇن قاراشلىرى تۈپەيلى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن چىققانلىقىنى، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئىچىدە ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان قاراشلارمۇ بار. ئۇلار جۈمە ئوقۇمايدۇ. تاھارەتنى مۇھىم، دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ خىرىستىيانلارنىڭكىگە ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان نەرسىلىرى بار. ئۇلار ھەجنى ۋە ئىسلامدىكى يولغا قويۇلغان قانۇنلۇق زاكاتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەلھۇسەينى ئابدۇللاھ: الجذور التاريخية للنصيرية العلوية، ئىئتىسام نەشرىياتى ـ قاھىرە، 1400ھ/1980م.
- ئەبۇلفەتھ ئەششەھرىستانىي: الملل والنحل.
- ئىبنى ئەبۇ ئەلھەدىيد: شرح نهج البلاغة، ئەرەب كىتابلىرى نەشرىياتى ـ قاھىرە.
- ئىبنى تەيمىييە رىسالىلىرى: رسالة في الرد على النصيرية.

www.munber.org

- سۈلەيمان ئەفەندىي ئەلئەزنىي: الباكورة السليمانية في كشف أسرار الديانة النصيرية، بېيرۇت، 1864م.

- مۇھەممەد ئەمىين غالىب ئەتتاۋىل: تاريخ العلويين، 1924 ـ يىلى ئەلەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ پايتەختى لازىقىيەدە بېسىلغان.

- مۇھەممەد كۇردىي ئەلى: خطط الشام، دەشىق نەشرى، 1925 ـ يىل، 3 ـ جىلد، 265 ـ 268/ 6 ـ جىلد، 109 ـ بەتلەر.

- ئىسلام مائارىپ قامۇسى، ئۇسەيرىيلار تېمىسى.

- د.مۇستەفا شەكئە: إسلام بلا مذاهب، قەلەم نەشرىياتى نەشرى ـ قاھىرە، 1961م.

- شەرقشۇناس رىينو دوسو: تاريخ العقيدة النصيرية، ئەمىيل لىيۇن كىتابخانىسى نەشر قىلغان بولۇپ، ئىچىدە كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىمۇ بار.

- زەركەلىي: الأعلام، 2 ـ جىلد، 254 ـ بەت، بېيرۇت ـ 1956م.

- لىبروكلمان: تاريخ الأدب العربي، 3 ـ جىلد، 357 ـ بەت، مائارىپ نەشرىياتى نەشرى، 1962م.

- د.ئەھمەد مۇھەممەد ئەلخەتىيب: الحركات الباطنية في العالم الإسلامي، ئەقسا كىتابخانىسى ـ ئۇممان.

- د.سابىر تائىيمە: دراسات في الفرق، مائارىپ كىتابخانىسى ـ رىياد، 1401ھ/1981م.

چەتئەل مەنبەلىرى:

-L.Massignon Minora, Beyrouth 1963.

www.munber.org

# دۇرۇزلار

## ئېنىقلىما:

«دۇرۇزلار» فاتىمىيلار خەلىپىسى ئەلھاكىم بىئەمرىللاھنى ئىلاھلاشتۇرغان بىر باتىنىي پىرقىدۇر. ئېتىقادىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىسمائىلىيلاردىن ئالغان «دۇرزىيلىك» نەشتەكىين ئەددۇرۇزىيغا مەنسۇپتۇر. مىسىردا دۇنياغا كەلگەن، ئەمما كۆپ ئۆتمەي شامغا كۆچۈپ بارغان. ئەقىدىسى بىر قانچە خىل دىن ۋە پىكىرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ پىرقە پىكىرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاشنى مۇھىم، دەپ قارايدۇ، كىشىلەرگە تارقاتمايدۇ، ھەتتا بالىلىرىغىمۇ قىرىق ياشقا كىرمىگۈچە بىر نەرسە ئۆگەتمەيدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ دۇرۇزىيلار ئەقىدىسىنىڭ مەركىزى نوقتىسى فاتىمىيلار خەلىپىسى ئەبۇ ئەلى ئەلمەنسۇر ئىبنى ئەلئەزىيز بىللاھ ئىبنى ئەلمۇئىز لىدىينىللاھ ئەلفاتىمىيدۇر. ھاكىم بىئەمرىللاھ نامى بىلەن تونۇلغان خەلىپە 375ھ/985م توغۇلغان ۋە 411ھ/1021م ئۆلتۈرۈلگەن. كۆز قاراش، يۈرۈش-تۇرۇش، ئەخلاق جەھەتتە غەلىتە، قاتتىق قول، مۇرەككەپ ۋە كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەسەتخور ئادەم ئىدى. ئۇ مۇناسىپ بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى كىشىلەرنى قىيناش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان.

◈ بۇ ئەقىدىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ھەمزە ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەززۇزنى (375ھ-430ھ)دۇر: ئۇ ھىجرىيەنىڭ 408-يىلى ئىلاھ روھىنىڭ ئەلھاكىمغا چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە چاقىرغان. دۇرۇزىيلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئائىت كىتابلارنى يازغان.

◈ نەشتىكىين نامى بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەددۇرۇزىي: بۇ كىشى دۇرۇزىي ئەقىدىلىرىنى تەسىس قىلىشتا ھەمزە بىلەن بىرگە ئىدى. بىراق ئۇ، ھىجرىيەنىڭ 407-يىلى ئەلھاكىمنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېلان قىلىشتا ئالدىراپ كەتكەن. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھەمزە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتكەن. ئۇ بۇ سەۋەپلىك شامغا قاچقان ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ مەزھىپىگە چاقىرىشقا باشلىغان. گەرچە تەلىماتلىرىدىن چىققانلىقى تۈپەيلى ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىشسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلغان دۇرۇزىيلار پىرقىسى ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ، ھىجرىيەنىڭ 411-يىلىدا ھەمزىنىڭ تەلىماتلىرىدىن ئېغىپ كەتكەنلىكى سەۋەپلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

◈ ئەخرەم ياكى ئەجدەئ نامى بىلەن تونۇلغان ئەلھۇسەين ئىبنى ھەيدەرە ئەلفەرغانىي: بۇ كىشى ھەمزىنىڭ چاقىرىقىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تارقاتقۇچىسى ئىدى.

◈ زەئىيف نامى بىلەن تونۇلغان بەھائۇددىين ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئەسسۇمۇقىي: ھىجرىيەنىڭ 411-يىلىدىكى ھەمزىنىڭ غايىب بولغان مەزگىلىدە بۇ



www.munber.org

مەزھەپنىڭ تارقىلىشىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرى بولغان. ئۇلارغا ئائىت «التنبيه والتأنيب والتوبيخ»، «رسالة التعنيف والتهجين» ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ، ئۆزى، ھەمزە ۋە تەمىيمي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مېتودنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەزھەپتىكى ئىجتىھاد بابىنى تاقاشقا چاقىرغان.

◈ ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئىبنى ھامىد ئەتتەمىيمي: ھەمزىنىڭ قودىسى، مەرتىۋە جەھەتتە ھەمزىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئوڭ قول يارىدەمچىسى.

◈ بۇ پىرقىنىڭ ھازىرقى زامان رەھبەرلىرىدىن:

- كامال جانبۇلات: لىۋانلىق سىياسىي رەھبەر بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلگىرلەش پارتىيىسىنى قۇرغان. 1977 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

- ۋەلىيد جانبۇلات: بۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى رەئىسى بولۇپ، دۇرۇزلارنىڭ باشلىقلىقى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك مەسلىسىدە دادىسىغا ۋارىسلىق قىلغان.

- د.نەجىيب ئەلئەسراۋىي: بىرازىلىيەدىكى دۇرۇزىيلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى.

- ئەدنان بەشىير رەشىيد: ئاۋسترىيەدىكى دۇرۇزىيلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى.

- سامىي مەكارىم: بۇ كىشى، دۇرۇزلارنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىشتا كامال جانبۇلاتقا ھەمكارلاشقان.

◈ دۇرۇزىييە مەزھىپى بويىچە كىشىلەر ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ:

- ئەقىل: بۇلار ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان دىنى كىشىلەر تەبىقىسى. بۇلار رەئىسلەر ياكى ئاقىللار ۋە ياكى ئەجاۋىيدلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. شەيخلىرىنى «ئەقىل شەيخى» دەپ ئاتىشىدۇ.

- ئەجاۋىيد: بۇلار دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى كۆرۈپ چىققان ۋە ئۇنى چىڭ تۇتقان كىشىلەردۇر.

- نادانلار: ئاۋام.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئەلھاكىم بىئەمرىللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، تەكرار قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقان.

◈ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى «ئىبلىس» دەپ ئاتايدۇ.

◈ ھەرىكەتنىڭ بېشىدىكى دەۋەتچىسى ھەمزىنى مەسىھ (ئىيسا ئەلەيھىسسالام ـ ت) دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ باشقا بارلىق دىن ئەھلىلىرىنى، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قانلىرىنى، ماللىرىنى مۇباھ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئىمكان يار بەرگەن دەرىجىدە ئالداشنىڭ جائىزلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.



www.munber.org

◈ ئۆزلىرىنىڭ دىنىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكام، ئىبادەت ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.

◈ ھازىرقى زاماندىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بەزى مۇتەپەككۇرلىرى ئەقىدىلىرىنىڭ ھىندىستان ھېكمەتلىرىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى زىيارەت قىلغان.

◈ ئىنسان ئىلتىماس يازماي ياكى مەخسۇس ئەھدىنامىنى ئوقۇماي تۇرۇپ، دۇرۇزىي بولالمايدۇ.

◈ روھلارنىڭ كۆچىشىگە، جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ روھنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ بەدىنىدىن ئۇنىڭدىن بەختلىكراق ياكى بەختسىرەك بىر بەدەنگە كۆچىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

◈ جەننەت، جەھەننەم ۋە ئاخىرەتتىكى جازا، مۇكاپاتنى ئىنكار قىلىدۇ.

◈ قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى سەلمان ئەلفارىسىي يازغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ «ئەلمۇنفەرد بىزاتىھى» (يىگانە كىتاب) دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس بىر قۇرئىنى بار.

◈ ئەقىدىلىرىنى ئەڭ قەدىمىي زامانلارغا قايتۇرىدۇ، ئۆزلىرىنى قەدىمكى پىرئەۋنچىلىك ۋە ئۆتمۈشتىكى ھىندىستان ھۆكۈمالىرىغا مەنسۇپ، دەپ قاراش بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ كالىندارى ھەمزىنىڭ ئەلھاكىمنى «ئىلاھ» دەپ ئېلان قىلغان چېغى، يەنى ھىجرىيەنىڭ 408 ـ يىلىدىن باشلايدۇ.

◈ ئۇلارغا كۆرە قىيامەت ئەلھاكىمنىڭ قايتىپ كېلىشىدۇر. ئەلھاكىم قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلارنى ئارقىسىغا سېلىپ، كەبىنى يىقىتىش، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى، خىرىستىيانلارنى ئىزىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۇلار دۇنيانى ئەبەدكە قەدەر سورايدۇ. مۇسۇلمانلارنى خارلايدۇ، جىزيىنى مەجبۇرى يولغا قويىدۇ.

◈ ئۇلار ئەلھاكىمنىڭ ھەمزە، ئىسمائىل، مۇھەممەد ئەلكەلىمە، ئەبۇلخەير ۋە بەھائىدىن ئىبارەت بەش پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ باشقىلار بىلەن ئۆيلىنىش، سەدىقە بېرىش ۋە ياردەم بېرىشنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتىن، تالاق قىلىنغان ئايالنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشتىن توسىدۇ.

◈ قىزلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدۇ.

◈ ئىمىلدەش قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ھارام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

◈ دۇرۇزىيلار بىر كىشىنى دىنىغا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بىرىنىڭ دىنىدىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ يول قويمايدۇ.

www.munber.org

◈ هازىرقى زامان دۇرۇزىيلار جەمئىيىتى (ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا)دىنىي نوقتىدىن ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

- روھانىيلار: ئۇلارنىڭ قولىدا بۇ تائىپىنىڭ سىرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار: رەئىسلەر، ئاقىللار ۋە ئەجاۋىيدلارغا ئايرىلىدۇ.

- جىسمانىيلار: ئۇلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، باشلىقلار ۋە نادانلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

◈ ئىجتىمائىي نوقتىغا كەلگەندە، مەۋجۇت ھۆكۈمەتلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار «ئەقىل شەيخلىرى» ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن دىنىي فېئۇدال تۈزۈم بويىچە باشقۇرىلىدۇ.

◈ ئۇلار ئەقىدە جەھەتتە پەيلاسوپلارنىڭ تەڭرىنى كوللىي ئەقىل ياراتقان ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۇللىي نەپس مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا مەخلۇقاتلار شاخلىنىپ چىققان، دەيدىغان ئەقىدىلىرىگە ئىشىنىدۇ.

◈ ساھابىلەر ھەققىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەبۇ بەكر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى «ناچار» ۋە «مۇنكەر» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەيدۇ.

◈ ئورنىنىش ۋە يۇشۇرۇنلۇق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى. ئۇ تەقۋالىق ئەمەس، بەلكى دىنى ئەقىدىسى يول قويغان ئاساستىن ئىبارەتتۇر.

◈ ئۇلار تۇرىۋاتقان جايلاردا مەسچىت يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توپلىنىش ئۈچۈن باشقا خىلۋەت جايلارنى تۇتىدۇ، ئۇ يەرگە يات كىشىلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويمايدۇ.

◈ رامىزاندا روزا تۇتمايدۇ، ئاللاھنىڭ بەيتىگە ھەج قىلماستىن، لىۋاننىڭ ھاسىبىييە رايونىدىكى بەييازە خىلۋەتگاھىغا ھەج قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنى زىيارەت قىلغاننىڭ ئورنىغا، دەمەشققە قاراشلىق مەئلۇلا يېزىسىدىكى مۇرەيمىييە چىركاۋىنى زىيارەت قىلىدۇ.

◈ دۇرۇزىيلار قىرىق ياشقا كىرمىگۈچە دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن تونۇشمايدۇ، باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە تەلىمات بەرمەيدۇ، دىنىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە قىرىق ياش «ئەقىل» يېشىدۇر.

◈ تەقىييەگە بولغان ئىمانى، ئېتىقادنى مەخپى تۇتۇشى قاتارلىق تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن دۇرۇزىيلارمۇ باتىنىي پىرقىلار قاتارىغا تىزىلىدۇ.

◈ ئۇلار روھنىڭ كۆچىشىگە ئىشىنىدۇ. يەنى، ئەگەر بىر ئادەم ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ روھى ئىككىنچى ئىنسانغا چاپلىشىدۇ ـ دە، بىرىنچىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىككىنچىسى تۇغۇلىدۇ، ئىككىنچى ئۆلگەندە بۇ روھ ئۈچىنچىسىگە كۆچىدۇ. بىر ئىنسان ئۆزلۈكسىز ھالدا بۇ خىل شەكىل بويىچە داۋاملىشىدۇ.

◈ دۇرۇزىيلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە كۆرە، بەش ۋە يەتتە سانلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار.



www.munber.org

دۇرۇزىيلارنىڭ كىتابلىرى:

- ئۇلارنىڭ "ھېكمەت رىساللىرى" دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس رىساللىرى بار بولۇپ، جەمئىي 111 رىسالىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ رىساللەرنى ھەمزە، باھائۇددىن ۋە تەمىيمىيلار تەلىق قىلغان.

- ئۇلار يەنە "المنفرد بذاته" دەپ ئاتايدىغان بىر مۇسھەفى بار.

- "النقاط والدوائر" ناملىق كىتابنى بەزىلەر ھەمزە ئىبنى ئەلىگە مەنسۇپ دېيىشسە، بەزى تارىخچىلار ھىجرىيەنىڭ 900 ـ يىلى قەتل قىلىنغان ئابدۇلغاففار تەقىييۇددىن ئەلبەئلىيغا مەنسۇپ، دەپ قارىشىدۇ.

- "ميثاق ولي الزمان" : بۇ كىتاب ھەمزە ئىبنى ئەلى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، دۇرۇزىيلارنىڭ ئەقىدىسى بىلەن تونۇشۇش پەيتى كەلگەندە، ئۇلارغا ئېتقادىنى ئۆگىتىدىغان كىتابتۇر.

- "النقض الخفي": ھەمزە تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ كىتابتا، بارلىق دىنلار، خۇسۇسەن ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي نوقتىلىق ھالدا كەمسىتىلگەن.

- د.سامىي مەكارىم تەرىپىدىن يېزىلغان "أضواء على مسلك التوحيد" ناملىق كىتاب.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ دۇرۇزىيلار ئومۇمىي جەھەتتىن باتىنىيلارنىڭ، خۇسۇسەن ئارستوتىل، ئەپلاتون ۋە فىيساگورسلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋەكىللىكىدىكى يۇنان باتىنىيەچىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ روھانىي خوجىلىرى، دەپ ھېسابلاشقان.

◈ ئېتقادلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىسمائىلىيە تائىپىسىدىن قوبۇل قىلغان.

◈ ئەبەدىيلىك ھايات قارىشىدا دەھرىيلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

◈ يەنە بىر قاتار پىكىر ۋە ئېتقادلىرىدا ئىران، ھىندىستان پەيلاسوپلىرى ۋە قەدىمقى پىرئەۋنلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىغا ئوخشاشلا، بۇددىستلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ دۇرۇزىيلار بۈگۈنكى كۈندە لىۋان، سۈرىيە ۋە پەلەستىندە ياشايدۇ.



www.munber.org

◈ دۇرۇزىيلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى لىۋاندا ياشايدۇ. پەلەستىندە ياشاۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسرائىلىيە گىرەجدانلىقىغا ئۆتكەن بولۇپ، بەزىلىرى ئىسرائىل ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىدۇ.

◈ ئۇلارنىڭ بىرازىلىيە، ئاۋىستىرالىيە ۋە باشقا جايلاردا مەركەزلىرى بار.

◈ ئۇلارنىڭ لىۋاندىكى نوپۇزى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ۋەلىيد جانبولات رەھبەرلىكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. سىياسىي ساھەدە سوتسىيالىستىك تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىكىدىكى دۇرۇزىيلار لىۋان ئۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ يەنە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئادەۋەتلىرى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

◈ دۇرۇزىيلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن **290** مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، **121** مىڭى سۇرىيەدە، **90**مىڭى لىۋاندا، قالغانلىرى پەلەستىن ۋە بىر قىسمى ياۋرۇپا ئەللىرىدە ياشايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: دۇرۇزىيلار باتىنىي پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، فاتىمىيلار خەلىپىسى ئەلھاكىم بىئەمرىللاھنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. مىسىردا مەيدانغا كىلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن شامغا تارقالغان. ئۇلار بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ داھىسى ھەمزىنى مەسىھ (ئىيسا ئەلەيھىسسالام) دەپ ئېتقاد قىلىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- **مۇھەممەد ئەھمەد ئەلخەتىيب:** عقيدة الدروز عرض ونقد.
- **ئەھمەد ئەلفەۋزان:** أضواء على عقيدة الدروزية.
- **د.مۇستەفا شەكئە:** إسلام بلا مذاهب.
- **ئەمىين تەلئ:** أصل الموحدين: الدروز وأصولهم.
- **مۇستەفا غالىب:** تاريخ الدعوة الإسماعيلية.
- **مۇھەممەد ئەبۇ زوھرە:** تاريخ المذاهب الإسلامية.
- **كەرىيم ناشىد:** الدروز والثورة السورية.
- **مۇھەممەد كامىل ھۇسەين:** طائفة الدروز.
- **ئابدۇللاھ ئەننەججار:** مذاهب الدروز والتوحيد.
- **ئەبۇ ئىسمائىل سەلىيم: الدروز:** وجودهم، مذهبهم.


www.munber.org

- **يۈسۈف ئەبۇ شەقرا:** الحركات في لبنان إلى عهد المتصرفية.
- **ئابدۇرراھمان ئەلبەدەۋىي:** مذاهب الإسلاميين.
- **ئابدۇللاھ ئەلئەمىين:** دراسة في الفرق والمذاهب القديمة المعاصرة.

www.munber.org

# ھەششاشلار

## ئىنقلىما:

«ھەششاشلار» فاتىمىيىەچى ئىسمائىلىيىەچى ۋە شەرقىي نەززارىيىەچى بىر تائىپە بولۇپ، نەززار ئىبنى مۇستەنسىر بىللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملىقىغا چاقىرىش ئۈچۈن فاتىمىيلاردىن ئايرىلىپ چىققان. بۇ تائىپە، ئىراندىكى ئال مەۋت قەلئەسىنى دەۋىتىنى تارقىتىش ۋە دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىش مەركىزى قىلىپ بىكىتكەن ئەلھەسەن ئىبنى ئەسساباھ تەرىپىدىن تەسس قىلىنغان.

بۇ تائىپە، مۇتەسسىپ دىنىي، سىياسىي غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا سۇيىقەست قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ھەششاش (Assassin) كەلىمىسى ياۋروپا تىللىرىدا، ”سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈش“ ياكى ”كىرالىق ماھىر قاتىل“ دىن ئىبارەت ئوخشىمىغان مەنىلەردە قوللىنىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئەلھەسەن ئىبنى ئەسساباھ: ھىجرىيەنىڭ 430 ـ يىلى رەيدە دۇنياغا كەلگەن. شىئە ئەقىدىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەندە فاتىمىيىەچى ئىسمائىلىيلار تەرىقىتىنى قوبۇل قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 471 ـ يىلى (مىلادى 1078 ـ يىلى) ئىمامى مۇستەنسىر بىللاھنى زىيارەت قىلغان ۋە بۇ دەۋەتنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىرانغا قايتقان. ھىجرىيەنىڭ 483 ـ يىلى ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلغان ئال مەۋتكە ئوخشىغان بىر قاتار مۇھىم قەلئەلەرنى قولغا كىرگۈزىۋالغان.

ـ ئۇنىڭ دەۋرىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 487 ـ يىلى (مىلادى 1094 ـ يىلى) ئىمام مۇستەنسىر بىللاھ ئۆلگەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ۋەزىر بەدر ئەلجەمالىي، كىچىك ئوغۇل، ئوخشاش ۋاقىتتا سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئەلمۇستەئلىينى ئىماملىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن، تەخت ۋارىسى چوڭ ئوغۇل نەززارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فاتىمىيلار شەرقىي نەززارىيلار ۋە غەربىي مۇستەئلىيلاردىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ـ ئەلھەسەن ئىبنى ئەسساباھ ئىماملىقنىڭ نەززارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى قارىشىنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىماملىق مىسىردىن يۇشۇرۇن ھالدا ئىرانغا قاچۇرۇلۇپ، ئالمەۋتكە كەلتۈرۈلگەن نەززارنىڭ كىچىك نەۋرىسىگە ياكى ھامىلە مەزگىلىدە ئالمەۋتكە ئېلىپ كېلىنىپ، شۇ يەردە تۇغۇلغان نەززارنىڭ ئوغلى ئىمام بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يېڭى ئىمامنىڭ مەسىلىسى ھەل بولماي قېلىپ قالغان.

ـ ئەلھەسەن ئىبنى ئەسساباھ، ھىجرىيەنىڭ 518 ـ يىلى (مىلادى 1124 ـ يىلى) ھايات ۋاقتىدا ئىككى ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھېچقانداق ئەۋلادسىز، نەسەبسىز ئالەمدىن ئۆتكەن.

www.munber.org

◈ كىيابۇزرۇك ئامىد: ھىجرىيەنىڭ 518 ـ يىلىدىن 532 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1124 ـ يىلىدىن 1138 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. باشتا يىگىرمە يىل لاماسار قەلئەسىنىڭ قوماندانلىقىنى قىلغان. ھۆكۈمدارلىق مەزگىلىدە خوشنىلىرى سەلجۇقىيلار بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇشقا كىرگەن. ئۇ كەڭ قورساقلىق ۋە سىياسەت جەھەتتە ئەلھەسەن ئىبنى ئەسساباھتىن ياخشىراق ئىدى.

◈ مۇھەممەد كىيابۇزرۇك ئامىد: ھىجرىيەنىڭ 532 ـ يىلىدىن 557 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1138 ـ يىلىدىن 1162 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. ئىمامنى تونۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئىسلامىي پەرزلەرگە يۈزەكى ئىھتىرام بىلدۈرۈشنىمۇ چەكلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئىماملىقىغا ئىشەنگەن كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرىنى قەتل قىلغان، يەنە نۇرغۇنلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىينىغان ۋە سۈرگۈن قىلغان.

◈ ئەلھەسەن ئەسسانىي ئىبنى مۇھەممەد: ھىجرىيەنىڭ 557 ـ يىلىدىن 561 ـ يىلىغا (مىلادى 1162 ـ يىلىدىن 1166 ـ يىلىغىچە) قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. ھىجرىيەنىڭ 559 ـ يىلى قىيامەت قايىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان، شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىنىي مەسئۇلىيەتلەرنى بىكار قىلغان ۋە رزۋا تۈتماسلىقنى مۇباھ، دەپ قارىغان. بۇلاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شەكلىي جەھەتتىن كىيا بۇزرۇكنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ دەۋرىنىڭ ئىمامى ۋە نەززارنىڭ نەسلىدىن بولغان سابىق ئىمامنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان تېخىمۇ خەتەرلىك بىر قەدەمنى باسقان.

◈ مۇھەممەد ئەسسانىي ئىبنى ئەلھەسەن ئەسسانىي: ھىجرىيەنىڭ 561 ـ يىلىدىن 607 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1166 ـ يىلىدىن 1210 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. قىيامەت نەزىرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە كۈچلەندۈرگەن. چۈنكى بۇ دەۋردە سەلچۇقلار ئاجىزلاشقان، ھالسىزلاشقان، تۈركمەنلەر باش كۆتۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ كېڭىيىشى باشلانغان. بۇ ۋەزىيەت ئۇنىڭغا پۇرسەت توغدۇرۇپ بەرگەن.

◈ جالالۇددىن ئەلھەسەن ئەسسالىس ئىبنى مۇھەممەد ئەسسانىي: ھىجرىيەنىڭ 607 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە (مىلادى 1210 ـ يىلىدىن 1221 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ ئاتىلىرىنىڭ قىيامەت توغرىسىدىكى ئەقىدىلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى لەنەتلىگەن ۋە كاپىرلار قاتارىغا چىقارغان. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئاbباسىيلار خەلىپىسى ئەنناسىر لىدىنىللاھ، سەلچوقلار سۇلتانى خارەزمشاھ ۋە باشقا پادىشاھ، ئەمىرلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام تەلىماتلىرىغا چاقىرىشتىكى سەمىمىيىتىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «يېڭى مۇسۇلمانلار» نامى بىلەن تونۇلىدىغان بولغان.

◈ مۇھەممەد ئەسسالىس ئىبنى ئەلھەسەن ئەسسالىس (بەزى كىتابلاردا ئۇ ئەلائۇددىن مەھمۇد، دەپمۇ ئاتىلىدۇ): ئۇ مىلادىينىڭ 1221 ـ يىلىدىن 1225 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. توققۇز ياش چېغىدا ئاتىسىغا خەلىپە بولغان، يەنى ئورنىغا چىققان. ئاتىسىنىڭ ۋەزىرى ئالمەۋتنىڭ ھاكىملىقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ مەزگىلىدە كىشىلەر ھارام ئىشلارغا، خاتالىقلارنى سادىر قىلىشقا ۋە دىنسىزلىققا

www.munber.org

قايتقان. بۇ ئۆسمۈر بالا بەش ـ ئالتە يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ئەقلىي كېسەللىككە دۇچار بولغان. نەتىجىدە ئوغۇرلۇق، قاراقچىلىق ۋە ھۇجۇملار ئومۇملىشىپ، ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

◈ رۇكنۇددىين خۇرشاھ 1258/1255م: ھۇلاكو 1256 ـ يىلى ئىسمائىلىييە قەلئەسىنى ئېلىشنى كۆزلىگەن بىر ھۇجۇمنى باشلىغان. قوشۇن ئىلگىرلەپ كىلىۋاتقاندا رۇكنۇددىين تەسلىم بولۇپ، ھۇلاكوغا ئالمەۋت قەلئەسىگە قوشۇپ، يەنە قىرىق قەلئەنى تاپشۇرغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان. ھۇلاكو ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە بىر مۇڭغۇل قىزى بىلەن ئۆيلەپ قويغان. 1258 ـ يىلى ئۇنى ھىلە بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئىشنى ئاخىرلاشتۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىراندىكى ھەششاشلار دۆلىتى سىياسىي جەھەتتىن ۋەيران بولغان.

◈ شەمسۇددىين مۇھەممەد ئىبنى رۇكنۇددىين: ئىسمائىلىييە رىۋايەتلىرىگە كۆرە، رۇكنۇددىين ھۇلاكونىڭ زۇلمىدىن قېچىپ، كاپكازنىڭ جەنۇبىدىكى نامەلۇم بىر يەرگە كەتكەن ئوغلى شەمسۇددىين مۇھەممەدنى يۇشۇرۇپ قالغان. كېيىن شەمسۇددىين ئىسپاھان بىلەن ھەمەدان ئوتتۇرىسىدىكى يول بويىغا جايلاشقان ئەنجۇدا دېگەن بىر يەردە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ بۇ يەردە ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر تۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىماملىق زەنجىرسىمان شەكىلدە داۋاملاشقان بولۇپ، ئون توققۇزىنچى ئەسىردە ئاغاخان ئائىلىسى ئوتتۇرىغا چىققان.

ھەششاشلار شەمسۇددىيندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنگەن:

ـ بەزىلىرى مۇھەممەد شاھنىڭ ئىماملىقىغا چاقىرغان ۋە ئۇنى، ئۇنىڭدىن نەسلىدىن چىققان ئىماملارنى ھىجرىيە ئونىنچى ئەسىرنىڭ يېرىملىرىدا نەسەپ شەجەرىسى ئۈزۈلۈپ قالغانغا قەدەر بولغان جەرياندىكى ئىماملارنى ئېتىراپ قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى «دۇكنى» نامى بىلەن تونۇلغان ئىمام زاھىر شاھ ئۈچىنچى بولۇپ، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغان ۋە تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 950 ـ يىللىرى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بۇ قىسىم، گەرچە سۈرىيەنىڭ مىسياف، قەدمۇس قاتارلىق رايونلىرىدا ھازىرغا قەدەر ئەگەشكۈچىلىرى بولسىمۇ، نەسەپ شەجەرىسى جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئىككىنچى گۇرۇپ تەرەپدارلىرى قاسىم شاھنىڭ ئىماملىقىنى قوللايدۇ. جەيھۇن دەرياسى تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن بۇ گۇرۇپ، بۇ تائىپىگە ئەگەشىدىغانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ.

◈ شامدىكى ھەششاشلار:

ـ شامدا بەھرام ئىستىرابادي، دەۋەتچى ئىسمائىل ئەلفارىسىيغا ئوخشىغان بىر قاتار يېتەكچىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار، ھەلەب ۋالىسى رىزۋان ئىبنى تەتىشنىڭ بۇ مەزھەپكە بولغان مايىللىقىدىن پايدىلانغان. بۇنىڭ سايىسىدا كۆپ ساندا ئىران ئىسمائىلىيلىرى ھەلەبكە كۆچۈپ كىلىپ، ئۇلارنىڭ شامدىكى نۇپۇزىنى ئارتتۇرغان.

ـ شامدىكى ئەڭ ئاساسلىق كىشىلىرى رەشىدۇددىين نامى بىلەن تونۇلغان شەيخۇل جەبەل سىنان ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، بەسرەدە ئۆسۈپ

www.munber.org

يېتىلگەن. ئالمەۋت قەلئەسىدە تەلىم كۆرگەن. ئۇ تەخت ۋارىسى ئەلھەسەن ئىبنى مۇھەممەدنىڭ ساۋاقدېشى ئىدى. ئەلھەسەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى شامغا كىتشكە بۇيرىغان.

- ئۇ شامغا بارغاندىن كېيىن، ئىسمائىلىيلارنى ئەتراپىغا توپلىغان. ئۇنىڭ نۇپۇزى ۋە تەسىرى كۆچەيگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىمامىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنىلا ئالمەۋتتىكى ئىماملارغا ئىتائەت قىلىشقا باشلىغان. قورقۇنچلۇق بىر كىشى ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ قىل سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئەڭ كاتتا كىشىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

- ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تائىپىگە ئاجىز كىشىلەر ھۆكۈمدارلىق قىلغان بولۇپ، زاھىر بېيبىرسنىڭ ئۇلارنى ئاسانلا يوق قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

- شامدا ئۇلارنىڭ بانىياس، قەدمۇس، مىسياف، كەھف، خەۋابىي، مەنىيقە ۋە قەلىيئەگە ئوخشىغان قەلئەلىرى بار ئىدى.

- بىر قاتار قەلئەلەرنى قولغا كىرگۈزگەن، زەنكىيلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان، ھەتتا بىر قانچە قېتىم سالاھۇددىن ئەييۇبىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنغان.

- ئۇلارنىڭ ئەھلى سەلىپلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقلىرىنى ئىسپاتلايدىغان نوقتىلار:

1 - مۇستەملىكچى ئەھلى سەلىپلەرنىڭ بىرىنچىمۇ ئۇلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالماسلىقى ياكى ھېچبىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قورالى بىلەن ئۆلتۈرۈلمەسلىكى.

2 - ئەھلى سەلىپلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا رەددىيە بىرىش مەقسىتىدە مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىگە ياردەم بىرىش ئۇچۇن دەمەشىققە كەلگەن مۇسىلىنىڭ سەلچۇق ھاكىمىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى.

3 - بانىياس قەلئەسىنى تاپشۇرۇپ بىرىپ، قوماندانى ئىسمائىلىنىڭ ئەھلى سەلىپلەر سېپىگە كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلىشى.

4 - نۇرۇددىين ھەلەبنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر گۇرۇپ ئىسمائىلىيلارنىڭ ئانتاكىيەدە ئەھلى سەلىپلەر بىلەن بىر بولىۋېلىشى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئىلگىرىكى ئىمامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇشى شەرتى بىلەن مەسۇم (گۇناھدىن يىراق) بىر ئىمامنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئېتىبارغا ئالغاندا، ئېتىقادلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىسمائىلىيلاردىن ئالغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

◈ ھەششاشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىنى ئىگەللىگەن بارلىق كىشىلەر يۇشۇرۇن ئىمام دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلاردىن پەقەت، ئەلھەسەن ئەسسانى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى



www.munber.org

مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەززار نەسلىدىن كىلىپ چىققان ئىماملار ئىكەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

◈ ھەششاشلارنىڭ شامدىكى ئىمامى رەشىدۇددىن سىنان ئىبنى سۇلەيمان ئىسمائىلىيىيەگە ئائىت ئەقىدىلەرنى ياقلىغاندىن سىرت، روھنىڭ كۆچىشى نەزىرىيىسىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ دەۋا قىلغان.

◈ ئەلھەسەن ئەسسانى ئىبنى مۇھەممەد: قىيامەتنىڭ قايىم بولغانلىقى ئىلان قىلغان، شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە دىنىي مەسئۇلىيەتلەرنى بىكار قىلغان.

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەجىنىڭ يۈزەكى كۆرۈنىشى ھەرەم مەسچىتىگە بېرىشتۇر. ئەمما ئەمىلىيەتتە مەيلى يۈشۈرۈن ياكى ئاشكارە بولسۇن دەۋرنىڭ ئىمامىغا قارىتىلىدۇ.

◈ بەزى باسقۇچلاردىكى شۇئارلىرىدا «مەۋجۇتلۇقتا ھەقىقەت يوق، ھەممە نەرسە مۇباھ» دېگەن جۈملىلەر بار.

◈ قولىنىدىغان ۋاستىلىرى پىلانلىق سۇيىقەستتۇر. كىچىك بالىلارنى قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشقا، ئۆزلىرىگە دىيىلگەن ھەممە سۆزگە ئىشىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ. بىر ئاز چوڭىغاندىن كىيىن، خەنجەرگە ئوخشىغان ھەممىگە ئورتاق قۇراللارنى ئىشلىتىشنى ئۈگىتىدۇ. پىدائىيلىرىغا سىرلىرىدىن بىر ئېغىز سۆزلەپ قويۇشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋە مەخپىيەتلىك مەسىلىلىرى بويىچە تەلىم بىرىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام ئالەمىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەنسىزلىككە ئىلىپ كەلگەن پىدائىيلار گورۇھىنى ئۇلار ئەنە شۇنداق يېتىشتۈرگەن.

◈ بىر قاتار قەلئە ۋە سىپىللارنىڭ ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەۋە رايونلاردىكى ئېگىز يەرلەرنى قەلئە، سىپىلسىز تاشلاپ قويمايتتى. قەيەردە بىر قەلئە بولسا، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكىشەتتى.

◈ تارىخچى كامالۇددىن ئىبنى ئەلئەدىيم ئۇلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرىيە 572 ـ يىلى (مىلادى 1176 ـ يىلى) سىماق تېغى ئاھالىسى ھەر تۈرلۈك گۇناھ ۋە پاساتلار ئارىسىغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۆزلىرىنى ''پاكلانغۇچىلار'' دەپ ئاتىشاتتى. ھاراق ـ شاراپ سورۇنىدا ئەر ـ ئاياللار بىر يەرگە توپلاندى، ھېچكىم ئۆزلىرىنىڭ ھەمشىلىرى، ھەتتا قىزلىرىدىن يىراق تۇرۇشمىدى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى سىناننىڭ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئىلان قىلدى.»

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئەسلىنى ئىلىپ ئېيتقاندا شىئە ئاساسلىرىغا، ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسمائىلىيلارغا تايىنىدۇ.



www.munber.org

◈ ئۆلتۈرۈش، سۈيقەست قىلىشقا ئوخشىغان ۋاستىلەر، ئېتىقادلىرىنى تارقىتىش ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبلىرىدە قورقۇنچ پەيدا قىلىشتىكى دىنىي ۋە سىياسىي ۋاستىلىرى ئىدى.

◈ رەشىدۇددىن سىنان تەرىپىدىن چاقىرىلغان «روھنىڭ كۆچىشى» ئىدىيىسى نۇسەيرىيىلەردىن ئېلىنغان.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ئۇلارنىڭ كىرماندىن باشلانغان بۇ دەۋىتى (ئېقىم) ئىراننىڭ ئوتتۇرىلىرىغا، ئىسپاھان، خۇزىستان، دەيلەم تۇپىلىكلىرىگە قەدەر سوزۇلغان ۋە ئەلمەۋت قەلئەسىدە مۇقىملاشقان. شەرقتە مازەندارانى، قەزۋىنگىچە يېتىپ بارغان. رۇدبار، لاماسار ۋە كۇھىستان.. قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. نۇرغۇنلىغان قەلئەلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەيھۇن دەرياسىغا قەدەر يېتىپ بارغان.

◈ دەۋەتلىرىنى سۈرىيەگە قەدەر كېڭەيتكەن ۋە ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قەلئەلەرنى قولغا كىرگۈزگەن. بانياس، مىسياف، قەدمۇس، كەھف، خۇۋابىي ۋە سىلمىيەلەر ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

◈ ئۇلارنىڭ ئىراندىكى ھالاكىتى مۇغۇللار ھۇلاكونىڭ قولىدا ئىشقا ئاشقان بولسا، سۈرىيە (شام) دىكى نۇپۇزى ئەززاھىر بېيبەرسنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان.

◈ بۈگۈنكى كۈندە ئىران، سۈرىيە، لۇبنان، يەمەن، نەجران، ھىندىستان ۋە ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا رايونلارنىڭ بىر قىسمىدا ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: «ھەششاشىلار» ئىسمائىلىيلار (نەززارىيلار)نىڭ بىر قانىتى بولۇپ، ئۆلتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ غايىگە يېتىشتىكى ۋاستىسى قىلىپ تاللىغان. ئۇلار ئىسمائىلىيىلەرگە قارشى مەيداندىكى پادىشاھلار، ھەربىي قوماندانلاردىن ئىبارەت مەشھۇر شەخسلەرگە، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئاداۋىتى بار بارلىق كىشىلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك سۈيىقەسلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ قانلىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكى، زېمىنى ئۇلارنىڭ پاسكىنىلىقلىرىدىن تازىلاشنىڭ ۋاجىبلىقى، ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك ياكى ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق مەسىلىلىرى بويىچە پەتىۋالارنى بەرگەن.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئېھسان ئىلاھى زەھىير: الإسماعيلية تاريخ وعقائد.



www.munber.org

- يەهيا ئىبنى هەمزە ئەلئەلەۋىي: مشكاة الأنوار.
- ئەبۇ هامىد ئەلغەزالىي: فضائح الباطنية.
- بەرنارد لوئىس: حشاشـون، مۇھەممەد ئەلئەزب مۇسا تەرجىمىسى، بۇيۇك ئەرەب مەشرىقى نەشرىياتى ـ بېيرۇت، بىرىنچى نەشرى، **1400ھ/1980**م.
- د.مۇھەممەد كامىل ھۇسەين: طائفة الإسماعيلية: تاريخها، نظمها، عقائدها.
- د.مۇستەفا شەكئە: إسلام بلا مذاهب.
- بەرنارد لوئىس: أصول الإسماعيلية والفاطمية والقرمطية.

www.munber.org

# بابىيە ۋە باھائىيە

## ئېنىقلىما:

«بابىيە ۋە باھائىيە» ھەرىكىتى روسىيە مۇستەملىكىچىلىرى، خەلقئارالىق نۇپۇزغا ئىگە يەھۇدىيلار ۋە ئەنگىلىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ۋەيران قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئۇلارنى ئاساسلىق مەسىلىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە پەردە ئارقىسىدا يېتەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ھىجرىيە 1260/مىلادى 1844 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن، شەيخلىق قارىشىنى ياقلايدىغان شىئەلەرنىڭ مەزھىپىنى مەنبە قىلغان ھەرىكەتتۇر.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەتنىڭ قۇرغۇچىسى مىرزا ئەلى مۇھەممەد رىزا ئەششىرازىي 1235 ـ 1265ھ (1819 ـ 1849م) دۇر. ئالتە ياشقا كىرگەندە شىئەلەرنىڭ شەيخىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ دەۋەتچىلىرىدىن باشلانغۇچ تەلىماتىنى ئالغان. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن دەرسنى تاشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ـ ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە، يېڭىدىن ئوقۇش ھاياتىنى باشلاپ، سوپىزم ۋە روھنى تاۋلاشقا ئائىت كىتابلارنى، خۇسۇسەن ھۇرۇفىيلارنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئادەمنى چارچىتىپ قويىدىغان باتىني پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق كۈننى ئۆتكۈزگەن.

ـ ھىجرىيە 1259 ـ يىلى باغدادقا بارغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى شەيخچىلارنىڭ ئىمامى كازىم ئەررۇشتىينىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىششقا، ئۇنىڭ شەيخچىلىققا ئائىت پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئەررۇشتىينىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ئىيسا ئەننەكرانىي نامى بىلەن ئىسلامنى دەۋا قىلىدىغان روسىيەلىك جاسۇس كىنازد گوركى بىلەن تونۇشقان. گوركى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك سېپىنى پارچىلاشقا دائىر پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىشقا يارايدىغانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن، شەيخچىلارنىڭ ئارىسىغا مىرزا ئەلى مۇھەممەد ئەششىرازىينىڭ كۈتۈلۈۋاتقان مەھدى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە يېتىشتىكى «باب»[1] ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ئەررۇشتىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاشكارىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈشكە باشلىغان.

ـ ھىجرىيە 1260 ـ يىلى جەمادىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى (1844 ـ يىلى 23مارت) پەيشەنبە كېچىسى ئۇ، شەيخچىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەرنىڭ ئەررۇشتىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن (1259ھ ۋاپات بولغان) «باب» ئاشكارىلىنىدۇ، دېگەن ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شۇ «باب» ئىكەنلىكىنى، مۇسا، ئىيسا

---

[1] بۇ مەزھەبتىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان. ـ تەرجىمان.



www.munber.org

ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ھەتتا (ئاللاھدىن پاناھدا ساقلىسۇن) مەرتىۋە جەھەتتىن ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ـ ئەررۇشتىينىڭ شاگىرتلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئاۋام خەلق ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئالدانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئون سەككىز مىسسىئونېرنى تاللاپ، ئۇلارغا «مەھەللىنىڭ پاقلانلىرى» دەپ نام بەرگەن. ئەمما، ھىجرىيە 1261 ـ يىلى قولغا ئېلىنغاندا، ئەگەشكۈچىلىرى پىتنە ـ پاساتلارنى تېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا جەڭگە ـ جېدەل پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەتراپىنى بولغاپ بولغاندىن كېيىن، ۋەكىل مەسچىتىنىڭ مۇنبىرىدە ئۆزىنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ـ ھىجرىيەنىڭ 1266 ـ يىلى ئۆزىگە ماددى، جىسمانىي جەھەتتىن ئىلاھنىڭ يەرلەشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان. ئەمما، ئۆلىمالار ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلغانلىقى، بۇ ئىدىيىدىن يانغانلىقىنى ئاشكارىلاشقا ئورۇنغان، ئەمما ئۆلىمالار ئۇنىڭ مۇنازىرە مەيدانىدىكى قورقۇنچاقلىقى، تۇراقسىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى ھۈسەين ئەليەزىيدىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغان. ھۈسەين ئەليەزىيدى ئۆلۈم ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بابىييە ئەقىدىسىدىن يانغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن ھىجرىيەنىڭ 1266 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى، مىلادى 1850 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇل قاماقتىن بوشىتىلغان.

◈ قۇررەتۇل ئەين: ئەسلى ئىسمى ئۇممۇ سەلما بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 1231 ياكى 1233 ۋەياكى 1235 ـ يىلى قەزۋىندە شىئە ئۆلىمالىرىدىن موللا مۇھەممەد سالىھ ئەلقەزۋىينىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. قۇررەتۇل ئەين بۇ موللا مۇھەممەدتە ھەر خىل ئىلىملەرنى ئىگەللىگەن. كىچىك تاغىسى موللا ئەلى ئەششەيخىينىڭ ۋاستىسى بىلەن شەيخىييە ئېقىمىغا مايىل بولغان، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. كېيىن كەربالادا كازىم ئەررۇشتىينىڭ يېنىدا ئوقۇش جەريانىدا «باب» قا ھەمرا بولغان. پاساھەتلىك ئەدىب، تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەشكە ماھىر ۋە جەلب قىلىش كۈچىگە ئىگە گۈزەل قۇررەتۇل ئەيىنى «باب» نىڭ پىكىرلىرىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى، دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. بۇ ئايال پاسكىنا، ھەممە ئىشنى ھالال سانايدىغان بولغاچقا، يولدىشى ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن. ئۇ پارسچە «زەرىين تاج» يەنى ئالتۇن چاچلىق ئايال، تەخەللۇسىنى قوللىناتتى.

ـ ھىجرىيە 1264 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا چاقىرىلغان بەدەشت قورۇلتىيىدا بابىييە كاتتىۋاشلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ خەلقنىڭ سۆزچىسى، بابنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەگەشكۈچىلىرىنى نامايىشقا چىقىشقا قۇتراتقۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇ قېتىملىق نامايىشتا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ـ شاھ ناسىرۇددىن ئەلقاجارىيغا سۈيىقەست قىلىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ قولغا چۈشۈپ قالغان. سوت ئۇنىڭ تىرىك ھالەتتە كۆيدۈرۈلىشىگە ھۆكۈم قىلغان. ئەمما



www.munber.org

جاللات ئۇنى ھجىرىيە 1268 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ بېشىدا (مىلادي 1852 ـ يىلى) كۆيدۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن.

◈ مىرزا يەھيا ئەلى: ئەلبەھائىنىڭ بىر توققىنى بولۇپ، «سۇبھى ئەزەل» تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. «باب» ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى بولۇشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئۇ، ھىمايىچىلىرىنى ئەزەلىيلەر، دەپ ئاتىغان. قېرىندىشى مىرزا ھۈسەين ئەلبەھائ ئۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىكنى، ئارقىدىن رىسالەت ۋە ئىلاھىيلىقنى تالاشقان. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنغان. ئۇلار بىلەن شىئەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك تالاش ـ تارتىشلار سەۋەپلىك 1863 ـ يىلى «بابىيلار» تۈركىيەنىڭ يەھۇدىيلار ياشايدىغان شەھرى ئەدىرنەگە سۈرگۈن قىلىنغان. سۇبھى ئەزەل بىلەن ئەلبەھائىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئىزچىل داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوسمانىيە خەلىپىلىگىنىڭ سۇلتانى ئەلبەھائىنى ئەگەشكۈچىلىرى ۋە قېرىندىشىنىڭ بىر قىسىم ھىمايىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەككاغا، سۇبھى ئەزەلنى ھىمايىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قىبرىسقا سۈرگۈن قىلغان. سۇبھى ئەزەل 1912 ـ يىلى، 29 ـ ئاپرىل ئەتتىگەندە 82 يېشىدا قىبرىستا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ بىر كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭغا «الألـواح» (پارىسچىدىكى «ئەلباياننىڭ» نامىلىق كىتابىنىڭ تولۇقلىمىسىنى) والمستيقظ (باياننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى) دەپ ماۋزۇ قويغان. ئۇ، خرىستىئان بولۇپ كەتكەن ئوغلىنى ئىزباسارلىققا كۆرسەتكەن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن يىراقلاشقان.

◈ مىرزا ھۈسەين ئەلى: 1817 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن، بەھائۇللاھ تەخەللۇسىنى قوللانغان. قېرىندىشى بىلەن «باب» قا ۋارىسلىق قىلىشنى تالىشىپ قالغان. باغدادتا مۇرىدلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ «باب» ئىشارە قىلغان كىشىنىڭ كامىل ھالەتتىكى كۆرۈنىشى ئىكەنلىكىنى، ئىلاھىي روھ چۈشكەن، «باب» تەرىپىدىن خوشخەۋەر بېرىلگەن ئىشلارنى تاماملايدىغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە دەۋىتىنىڭ ئەقىدە باسقۇچىدىكى ئىككىنچى بالداق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ـ قېرىندىشى سۇبھى ئەزەلنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ تۈركىيەنىڭ ئەدىرنە شەھرىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. باھائىيلار ئۇ يەرنى «سىر زېمىنى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ئۇ يەردىن ئەككاغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ قېرىندىشى سۇبھى ئەزەلنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. 1892 ـ يىلى بىر قىسىم ئەزەلىيلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مىرزا ھۈسەين ئەلى ئەككانىڭ بەھجە رايونىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ «البيان والإيقان» نامىلىق كىتابىنى ئىنكار قىلىدىغان «الأقدس» نامىلىق كىتابى بار. ئۇنىڭ كىتابلىرى ئومۇمەن يەھۇدىيلارنى پەلەستىن زېمىنىغا توپلىنىشقا چاقىرىشنى چىقىش قىلاتتى.

◈ ئاببا س ئەپەندى: 1844 ـ يىلى، 23 ـ ماي دۇنياغا كەلگەن، ئەبدۇلبەھائ تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئۇ دۇنياغا كەلگەن كۈنى ئۆزىنىڭ «باب» ئىكەنلىكىگە چاقىرغان ئاتىسى ئەلبەھائ ئوغلى ئابباسنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى، دەپ ئېلان قىلغان. ئاببا س ناھايىتى ئاكتىپ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە تارىخچىلار «ئەگەر ئاببا س بولمىغان بولسا، بابىيە ۋە باھائىيەنىڭ توتقۇلۇق ئورنى بولمىغان بولاتتى» دېيىشىدۇ.



www.munber.org

باھائىيلار ئۇنىڭ سۆزسىز ھالدا گۇناھلاردىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ ئاتىسىغا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىنى قوللىناتتى.

ـ ئۇ، شۋېتسىيەنى زىيارەت قىلغان. **1911** ـ يىلىدا چاقىرىلغان بال قورۇلتىيىغا ئوخشىغان ئەھلى سەلىپلەرنىڭ قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىپ تۇرغان. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئەھلى سەلىپلەرنىڭ قوللايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. گېنېرال ئەللىنبىي پەلەستىنگە كەلگەندە قىزغىن قارشى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مېداليونلارنى تاقىغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا « سېر »" (ئەپەندىم)لىك ئۇنۋانىنى بەرگەن.

ـ ئىسلامىي دائىرىدە دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، لوندون، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ماجارىستان، ئاۋستىرىيە، ئىسكەندەرىيىيە قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. چىكاگودا باھائىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىسىنى تەسىس قىلغان. **1913** ـ يىلى ھېيفاغا، ئارقىدىن قاھىرەگە كۆچكەن. **1921** ـ يىلى (**1340**ھ) ئاتىسىنىڭ بەزى تەلىماتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا « كونا ئەھد »تىن ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان نوقتىلارنى ئىلاۋە قىلغاندىن كېيىن، قاھىرەدە ئۆلگەن.

◈ شەۋقىي ئەپەندى: **1921** ـ يىلى (**1340**ھ) يىگىرمە تۆت يېشىدا بوۋىسى ئەبدۇلبەھائىنىڭ ئورنىنى باسقان. ئۇ خەلقئارالىق ئادالەت ئۆيى بەربا قىلىش ئۈچۈن دۇنيادىكى باھائىييەچى كۈچلەرنى تەربىيىلەشتە بوۋىسىنىڭ مېتودىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ يۈرەك كېسىلى سەۋەبى بىلەن لوندوندا ئۆلگەن ۋە ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باھائىيلارغا ھەدىيە قىلىنغان تۇپراققا دەپنە قىلىنغان.

◈ **1963** ـ يىلى فىرناندو سانىت رەھبەرلىكىدىكى تۆتى ئامېرىكىلىق، ئىككىسى ئەنگىلىيەلىك، ئۈچى ئىرانلىق جەمئى توققۇز يەھۇدىي ئەزادىن تەركىپ تاپقان باھائىييەچىلەر گورۇھى خەلقئارالىق ئادالەت ئۆيى بەربا قىلىش ئۈچۈن باھائىييە مەسىلىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. فىرناندودىن كېيىن، ئامېرىكىلىق ئەھلى سەلىپچى يەھۇدىي مېيسون بۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ باھائىيلار، « باب » بارلىق نەرسىلەرنى سۆزى ئارقىلىق ياراتقان، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى مەنبە، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ ھۇلۇل، ئىتتىھاد، روھنىڭ كۆچىشى، كائىناتنىڭ ئەبەدىيلىكى ئەقىدىلىرىنى، مۇكاپات ۋە جازانىڭ روھلارغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يەنى بۇلارغا خىيالىي نەرسىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

◈ **19**نى مۇقەددەس سان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايلىرىنىڭ سانى **19** بولۇپ، ھەر ئاي **19** كۈندىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ پۈچەك قاراش مۇھەممەد رەشاد خەلىفە ئىسىملىك بىرسىنىڭ **19**نىڭ مۇقەددەس سان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن باشلاپ



www.munber.org

ئۇلار تەرىپىدىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. ئۇ، قۇرئان كەرىم نەزمىنىڭ ئون توققۇز كەلىمە ۋە ئون توققۇز ھەرىپتىن تەركىپ تاپىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى قايسى خىل قىياس بىلەن ئۆلچەنسۇن، يەنىلا ئاساسسىزدۇر.

◈ باھائىيلار، بۇزا، كۇڭزى، براھما، زەردۇشتقا ئوخشىغان قەدىمقى ھىندىستان، جۇڭگۇ ۋە ئىران ھۆكۈمالىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىسقا مىخلانغانلىقى قارىشىدا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ.

◈ قۇرئان كەرىمنى ئۆزلىرىنىڭ مەزھىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، باتىنى تەۋىللەر بىلەن ئىزاھلايدۇ.

◈ جەننەت ۋە جەھەننەمنى ئىنكار قىلغاندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى، پەرىشتە ۋە جىنلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

◈ ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىنى توسىدۇ، ۋاقىتلىق نىكاھنى ھالال، دەپ قارايدۇ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئاياللارنىڭ ئورتاقلىق نەزىرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ بابنىڭ دىنى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ قىيامەتنى بەھائىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئىزاھلايدۇ، ئۇلارنىڭ قىبلىسى ھەرەم مەسچىتى بولماستىن، پەلەستىننىڭ ئەكا رايونىغا قاراشلىق بەھجەدۇر .

◈ ناماز توققۇز رەكئەتتىن ئۈچ ۋاقىتتا ئادا قىلىنىدۇ. تاھارەت گۈل سۈيى بىلەن، گۈل سۈيى بولمىسا، بىسمىللاھ بىلەن ئېلىنىدۇ. بىسمىللاھ گۈل سۈيىدىن بەش ھەسسە ئارتۇق پاكلايدۇ.

◈ مېيىت نامىزىدىن باشقا جامائەت نامىزى بولمايدۇ. مېيىت نامىزى ئالتە قېتىم تەكبىر ئوقۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر تەكبىردە «ئاللاھۇ ئەبھا» نى تەكرارلايدۇ.

◈ روزا ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، ئون توققۇزىنچى ئايدا، يەنى ئەلا ئېيىدا بولۇپ، قۇياش چىققاندىن تارتىپ تاكى پاتقانغا قەدەر تاماقتىن يىراق تۇرۇش ۋاجىب. ئۇلارنىڭ روزىسى ئون توققۇز كۈن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، «باھائىي ئېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرىق كۈنىدە، يەنى 21 ـ مارتتا نورۇز بايرىمى بولىدۇ. بۇ روزا 11 ياشتىن 42 ياشقىچە بولغانلارغا خاس بولۇپ، بۇ ياشتىن كېيىن باھائىيلار روزىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

◈ مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن جىھادنى، دۈشمەنلەرگە قارشى قۇرال ـ ياراق چىقىرىشنى ھارام، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ ۋەھىينىڭ ئىزچىل داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمگە قارشى بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب، قۇپال ئۇسلۇب ۋە خاتا ئىستىمال قىلىنغان سۆزلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن.



www.munber.org

◈ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى باتىل، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەججى بەھائۇللاھ دەپن قىلىنغان پەلەستىننىڭ ئەكا رايۇنىدىكى بەھجەگە قىلىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئىمامچى رافىزىيلار.

◈ شەيخ ئەھمەد ئەلئىھسائىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مەزھىپى شەيخىييە.

◈ دۇنيا ماسونلىرى.

◈ دۇنيا ئەھلى سەلىپلىرى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ باھائىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىراندا. ئازراق بىر قىسمى ئىراق، سۇرىيە، لىۋان ۋە باش مەركىزى ئورۇنلاشقان مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىنىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە مىسىردىكى تەرەپدارلىرى بولۇپ، 1960 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتنىڭ 263 ـ نومۇرلۇق قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ مىسىردىكى مەركەزلىرى تاقىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئافرىقىدىكى ئەدىس ئابابا، ھەبەشىستان، ئوگاندانىڭ كامبالا، زامبىيەنىڭ لوساكا (1989 ـ يىلى 23 ـ مايدىن 13 ـ ئىيۇلغىچە ئېچىلغان يىللىق قۇرۇلتىيى لوساكادا چاقىرىلغان)، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جوھانىسبىرگ قاتارلىق شەھەرلەردە، شۇنىڭدەك پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە ئاساسلىق ئىبادەتخانىلىرى بار. ئۇلارنىڭ غەرب ئەللىرىدىمۇ تەرەپدارلىرى بولۇپ، لوندون، ۋىيەننا، فرانكفورت، ئاۋستىرالىيەنىڭ سىيدنى شەھەرلىرىدە مەركەزلىرى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ چىكاگو شەھرىدە ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىسى بار؛ ئۇلار بۇ ئىبادەتخانىنى «زىكىرلەر مەشرىقى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەردىن «غەرب يۇلتۇزى» نامىلىق ژۇرنال چىقىرىدۇ. ۋىلمىنت نويىزدا «ئامېرىكا باھائىييە ئەقدىسى مەركىزى»، نىيۇيوركتا باھائىييە پرىنسىپلىرىغا تايانغان «شەرق ـ غەرب كارۋىنى» نامىلىق بىر ياشلار ھەرىكىتى بار. بۇ ھەرىكەتنىڭ «كارۋان ۋە ئىلىم دوستلىرى قوللانمىسى» نامىلىق بىر كىتابىمۇ بار. ئۇلار ھيوستىن، لوس ئانجېلىس ۋە نىيۇيوركنىڭ بىركلىن شەھەرلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدىكى باھائىيلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئىككى مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، 600 جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر. ھەيران قالارلىق تەرىپى شۇكى، بۇ تائىپىنىڭ نىيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋېكتور دي ئەرخۇ ئىسىملىك ۋەكىلى، نايروبى ۋە جەنۋە[1]دىكى بىرلەشكەن دۆلەتكەن تەشكىلاتىنىڭ مەركەزلىرىدە ۋەكىللىرى، ئافرىقا

---

[1] ئىسمى ئانتوۋان بلانكا بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياۋروپا مەركىزىنىڭ باش مۇدىرى بولغان. كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى بوتروس غالىي ئۇنى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قورۇلتىيىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەن ـ ۋىيەننا ـ 93 ـ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شىۋىتسىيەدىكى باھائىييە تائىپىسىنىڭ باش مەركىزى ـ لادىڭ ئاكادېمىيىسىدە تەييارلىق يىغىنى چاقىرغان.

ئـالاھىدە ۋەكىلـى بـار. شـۇنىڭدەك بـۇ تائىپـە، بىرلەشـكەن دۆلەتلـەر تەشـكىلاتىغا قاراشـلىق ئىجتىمـائىي، ئىقتىسـادىي مەجلىسـى ECOSCOنـىڭ، بىرلەشـكەن دۆلەتلـەر تەشـكىلاتى مۇھىـت پروگرامىسـى ئىدارىسـى UNEP نـىڭ، يۇنىسـىف UNICEFنـىڭ، بىرلەشـكەن دۆلەتلـەر تەشـكىلاتى ئۇچـۇر ئىشخانىسـى قاتـارلىقلارنىڭ مەسـلىھەتچى ئەزاسـى. دىنـي بـوس بىرلەشـكەن دۆلەتلـەر تەشـكىلاتىدىكى خـەلقئارا باھـائىيلار جامائەتلىرىنىڭ ۋەكىلى بولسا، رۇستەم خەيرۇف خەلقئارا ئىنسانلارنى ئاسراپ قىلىش مۇئەسسەسەسىنىڭ ئەزاسىدۇر.

يۇقىـرىقىلاردىن بابىييـە ۋە باھائىييەلـەرنىڭ پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى، باب ياكى باھائىغا ئاللاھ تائالانىڭ روھى چۈشكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى، ئىلاھىي جازالارنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، ئىزچىل ھالدا يەھۇدىيلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى يۇقىتىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە «ئەلبايان» ناملىق كىتابىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلىشى قاتارلىقلار تۈپەيلى ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن ئازغۇن تائىپە ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

مەككە مۇكەررەمەدىكى ئىسلام فىقھىي ئاكادېمىيەسى ۋە مىسىر پەتىۋا جەمئىيىتىگە ئوخشـىغان ئىلمىـي مەركەزلـەر بابىييـە ۋە باھائىييەلـەرنىڭ ئىسـلام شـەرىئىتىدىن چىققانلىقى، ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچقانلىقى، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تەۋبە قىلىشقا بولمايدىغـان دەرىجىدىكـى ئـوپ ئۇچـۇق كاپىـرلار ئىكەنلىكىگـە ئـائىت پـەتىۋالارنى چىقارغان. (مەدىنە گېزىتى، يەكشەنبە ـ 1399ھ/2/11 ـ 23 ـ سىنتەبىر، 1979م.)

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

◈ بابىييە ۋە باھائىييەلەرنىڭ كىتاب ۋە رىسالىلىرى:

- «غەرب يۇلتۇزى» ژۇرنىلى ـ چىكاگودىكى «زىكىرلەر مەشرىقى» ناملىق باھائىييە مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ.

- «ئامېرىييە خەۋەر» گېزىتى ـ دۇنيا باھائىيلار مەركىزىنىڭ زۇۋانى ـ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن.

- ئىران ۋە ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «البيان الفارسي».

- ھىندىستان ۋە ئىراقتا نەشر قىلىنغان «البيان العربي».

- ئەلبەھائى: الإيقان، كاراچىدىكى مىللىي مەركىزىدە نەشر قىلىنغان ـ لوندون ۋە پارىس كىتابخانىلىرىدا نۇسخىلىرى بار.

- شىمالىي ئافرىقىدىكى باھائىيلار روھانىي مەركىزى: بهاء يا إلهي نسائم الرحمن.

- دل گوركي خاتىرىلىرى، روسىيە شەرق گېزىتى، 1925 ـ يىل.



www.munber.org

- ئەبۇلفەزائىل ئەلجەرفەدقانىي: الفرائد - ئەمىن ھىندىييە باسمىخانىسى - قاھىرە، پاكىستانىنىڭ كاراچى شەھرىدىكى مىللىي مەركىزى قايتا نەشىر قىلغان.

- الحجج البهية - سائادەت باسمىخانىسى - قاھىرە، 1925م. شەرقى شىمالى ئافرىقىدىكى باھائىييە روھانىيلار مەركىزى قايتا نەشىر قىلغان.

- شەرقى شىمالى ئافرىقىدىكى باھائىييە روھانىيلار مەركىزى: مختصر المبادئ الإلهية.

- باھائىييە تارىخچىسى مىرزا ئابدۇلھۈسەيىن: الكواكب الدرية في تاريخ ظهور البابية والبهائية - قاھىرە ئىدارىسى، 1924م.

- شەرقى شىمالى ئافرىقىدىكى باھائىييە روھانىيلار مەركىزى: خطب عبد البهاء في أوربا وأمريكا - ئەدىس ئابابا - ھەبەشىستان.

- ئەلبۇستانىي: دائرة العارف، ئىراندا نەشىر قىلىنغان.

- ئابدۇلبەھائ: مقالة سائح في البابية والبهائية - سائادەت باسمىخانىسى - قاھىرە، 1341ھ/1922م.

- ئەلبەھائ: الألواح المباركة - سائادەت باسمىخانىسى - قاھىرە، 1343ھ/1925م.

◈ بابىييە ۋە باھائىييەلەرگە ئائىت بولمىغان كىتاب ۋە رىساللەر:

- سەييىد مەھمۇد شۇكرىي ئەلئەلۇسىي: مختصر التحفة الإثني عشرية.

- د.مەھمۇد ئەھمەد ئەۋف: خفايا الطائفة البهائية[1] - ئەرەب ئويغىنىش نەشرىياتى باسمىسى - قاھىرە، 1972.

- ئىھسان ئىلاھى زەھىير: البابية عرض ونقد.

- ئىھسان ئىلاھى زەھىير: البهائية أضواء وحقائق.

- دۇنيا ئىسلام بىرلىكى: هذه هي البهائية.

- ئابدۇررازاق ئەلھۇسەيىن: البابيون والبهائيون ماضيهم وحاضرهم.

- ئابدۇرراھمان ئەلۋەكىيل: البهائية تاريخها وعقيدتها.

- ئەبۇلئەئلا ئەلمەۋدۇدىي: البيانات.

---

[1] بۇ كىتاپقا ئەرەب تىلىدا يېزىلغان "البيان" و "الأقدس" ناملىق كىتاپلارنىڭ يازما شەكلى ئىلاۋە قىلىنغان.



www.munber.org

# قادىيانىييە

## ئېنىقلىما:

«قادىيانىييە» 1900 ـ يىلى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى كۈچلىرى تەرىپىدىن پىلانلانغان بىر ھەرىكەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى دىنلىرىدىن، خۇسۇسەن جىھاد روھىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىسلام نامى بىلەن مۇستەملىكىچىلىككە قارشى چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرىكەتنىڭ تىلىدىن سۆزلەيدىغان «دىنلار» نامىدا ئىنگلىز تىلىدا بىر ژۇرنال چىقارغان.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ مىرزا غۇلام ئەھمەد ئەلقادىيانى (1839 ـ 1908م) قادىيانىييە ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى ئاساسلىق ئىجرا قىلغۇچى ۋاستە ئىدى. ئۇ 1839 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ پەنجاب ۋىلايىتىگە قاراشلىق قادىيان يېزىسىدا ، دىن ۋە ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ غۇلام ئەھمەد مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە ۋاپادار، ھەرقانداق ۋەزىيەتتە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان شەكىلدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ مۇستەملىكىچى كۈچلەر تەرىپىدىن «پەيغەمبەرلىك دەۋاسى» رولىنى ئويناشقا تاللانغان. بۇنداق قىلغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى قىلىدىغان جىھادلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قالىدىغان ۋەزىيەت يارىتىش مۇمكىن ئىدى. بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا نۇرغۇن ئېھسانلارنى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئىپادىلىگەن. ھىمايىچىلىرى غۇلام ئەھمەدنىڭ مىزاجىنىڭ تۇراقسىزلىقى، ھەر خىل كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ـ ئۇنىڭ بۇ خىل يىرگىنىشلىك چاقىرىقىغا قارشى چىققان كىشىلەرنىڭ بىرى پۈتۈن ھىندىستاندىكى ئەھلى ھەدىس جامائىتىنىڭ رەئىسى شەيخ ئەبۇلۋەفا سەنائۇللاھ ئەمىرتسەرىي ئىدى. ئۇ، غۇلام ئەھمەد بىلەن مۇنازىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ پاكىتلىرى بىتچىت قىلدى، ئۇنىڭ چاقىرىقىدىكى يوشۇرۇن رەزىللىكلەرنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئازغانلىقىنى، دىندىن چىققانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. غۇلام ئەھمەد ئەقلىنى تاپمىغاندىن كېيىن، شەيخ ئەبۇلۋەفا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي بىرسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا يالغانچىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلەپ ئۇنىڭغا دوئىل ئېلان قىلدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا، يەنى 1908 ـ يىلى ئەللىك پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ۋە ماقالىلەرنى قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇھىم كىتابلىرى «إزالة الأوهام» ، «إعجاز أحمدي» ، «براهين أحمدية» ، «أنوار الإسلام» ، «إعجاز المسيح» ، «التبليغ» ۋە «تجليات الإلهية» لەردىن ئىبارەت.

www.munber.org

◈ نۇرۇددىن: قادىيانىيلارنىڭ تۇنجى خەلىپىسى. ئىنگلىزلار خەلىپىلىك تاجىنى ئۇنىڭ بېشىغا كەيدۈرگەن، مۇرتىلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. «فصل الخطاب» ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

◈ مۇھەممەد ئەلى ۋە خوجا كامالۇددىن: بۇ ئىككىسى لاھوردىكى قادىيانىيلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، بۇ ئىككىسى قادىيانىييە نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى قۇرئان كەرىمنى ئىنگلىزچىغا ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ «حقيقة الإختلاف» ۋە «النبوة في الإسلام» ناملىق ئەسەرلىرى بار. ئەمما خوجا كامالۇددىننىڭ «المثل الأعلى في الأنبياء» ۋە باشقا كىتابلىرى بار. لاھوردىكى غۇلام ئەھمەدچى جامائەت غۇلام ئەھمەد مىرزىنى پەقەت مۇجەددىد (يېڭىلىقچى) دەپلا قارايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر ھەرىكەت بولۇپ، بىرىگە ئېغىر كەلگەننى ئىككىنچىسى قوبۇل قىلىپ كۆتۈرىدۇ.

◈ مۇھەممەد ئەلى: لاھوردىكى قادىيانىيلارنىڭ باشلىقى، قادىيانىييە نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى، مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ جاسۇسى، قادىيانىيلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ژۇرنالنىڭ تەھرىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنگلىزچىغا ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغان. يۇقىرىدا زىكىر قىلغانىدەك، ئۇنىڭ «حقيقة الإختلاف» ۋە «النبوة في الإسلام» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

◈ مۇھەممەد سادىق: قادىيانىيلارنىڭ مۇپتىسى. «خاتم النبيين» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

◈ بەشىير ئىبنى ئەھمەد ئەلغۇلام: «سيرة المهدي» ۋە «كلمة الفصل» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

◈ مەھمۇد ئەھمەد ئىبنى ئەلغۇلام ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىزباسارى: ئۇنىڭ «أنوار الخلافة»، «تحفة الملوك» ۋە «حقيقة النبوة» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

◈ زۇفرۇللاھ خان ئەلقادىيانىينىڭ پاكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تۇنجى مىنىستىرى سۈپىتىدە تەيىن قىلىنىشى بۇ ئازغۇن پىرقىغا يارىدەم بېرىشتە كۈچلۈك رول ئوينىغان. ئۇ بۇ تائىپىنىڭ دۇنياۋىي مەركىزى قىلىش ئۈچۈن پەنجاب ۋىلايىتىدىن كەڭ زېمىن ئايرىم بەرگەن ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ «وَآوَيْنَاهُمَا إِلَىٰ رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ» «ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق»[1] دېگەن ئايىتىدىن "رەبۋە" سۆزىنى ئىستىئارە سۈپىتىدە ئېلىپ، يۇقىرىقىدا تىلغا ئېلىنغان جاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

---

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى، 50 ـ ئايەت.

www.munber.org

◈ غۇلام ئەھمەد ئەتراپىغا ئادەم توپلاش ئۈچۈن پائالىيەتلىرىنى بىر ئىسلامىي دەۋەتچى سۈپىتىدە باشلىغان. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ يېڭىلىقچى (مۇجەددىد) ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىلھام (ۋەھيى) كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈتىلىۋاتقان مەھدى، قايتىپ كېلىدىغان مەسىھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، بۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى كۆتىرىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئەۋزەل، دەپ بىلجىرلىغان.

◈ قادىيانىيلار ئاللاھ تائالا رۇزا تۇتىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇخلايدۇ، ئويغىنىدۇ، خەت يازىدۇ، خاتالىشىدۇ، ئاياللار بىلەن بىرگە بولىدۇ (ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن پاكتۇر) دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ قادىيانىيلار ئىلاھنى ئىنگلىز، شۇڭا ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ قادىيانىيلار پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ پەيغەمبەر ئەۋەتىپ تۇرىغانلىقى ۋە غۇلام ئەھمەدنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ياخشىسى ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا ئىشىنىدۇ.

◈ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام غۇلام ئەھمەدنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ۋەھيى يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىلھام قۇرئان بىلەن ئوخشاش، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ قايتىپ كەلگەن مەسىھ (غۇلام)نىڭ قالدۇرغانلىرىدىن باشقا قۇرئان، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئاستىغا كىرمەيدىغان ھەدىس، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان پەيغەمبەر يوق، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ «روشەن كىتاب» ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

◈ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى، مۇستەقىل بىر دىن، مۇستەقىل بىر شەرىئەت ئىگىلىرى، غۇلامنىڭ ھەمراھلىرى بولسا، ساھابىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

◈ قاديان رايۇنىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە، مەككە مۇكەررەمەگە ئوخشايدىغانلىقىغا، ھەتتا ئۇ ئىككىسىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە، ئۇ زېمىن ھەرەم ۋە ئۇلارنىڭ قىبلىسى، ھەج قىلىدىغان ماكانى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

◈ جىھاد ئەقىدىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىدۇ .ئىنگلىز ھۆكۈمىتىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دەۋا قىلىشىچە ئىنگلىز ھۆكۈمىتى قۇرئاننىڭ نەسلىرىگە كۆرە مەسئۇل كىشىلەردۇر.

◈ ئۇلارنىڭ قارىشىچە قادىيانىيە ئەقىدىسىگە كىرمىگۈچە بارلىق مۇسۇلمانلار كاپىردۇر. يەنە قادىيانىيلاردىن باشقىلار بىلەن قىز ئېلىش، بېرىش قىلىشمۇ كاپىرلىقتۇر.

www.munber.org

◈ ئۇلار ھاراق، ئەپيۇن، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە مەست قىلغۇچى ماددىلارنى مۇباھ، دەپ قارايدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ سىر سەييىد ئەھمەدخاننىڭ غەربلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئاساسىنى ياراتقان ئازغۇن ئىدىيىلەر قادىيانىييە ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

◈ ئىنگلىزلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قادىيانىييە ھەرىكىتىنى مەيدانغا چىقارغان ۋە بۇ ئىشنى رۇياپقا چىقىرىش ئۈچۈن خائىنلىقتا شۆھرەت قازانغان بىر ئائىلىدىن بىرسىنى تاللىغان.

◈ 1953 ـ يىلى پاكىستاندا خەلق ئىنقىلاۋي قوزغىلىپ، ئەينى چاغدىكى پاكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زۇفرۇللاھ خاننىڭ ئىستىپا بېرىشىنى، قادىيانىيلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىقلار، دەپ قارىلىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىنقىلابتا ئون مىڭدەك مۇسۇلمان شېھىت بولغان ۋە قادىيانى مىنىستىرنى ئىستىپا بەرگۈزۈشتە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەن.

◈ ھىجرىيە 1394 ـ يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا (مىلادي 1974 ـ يىل، ئاپرىل) مەككە مۇكەررەمەدە دۇنيا ئىسلام بىرلىكىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قورۇلتىيى چاقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارلىق جايلىرىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان. قۇرۇلتاي بۇ تائىپىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى، ئىسلامدىن چىققانلىقىنى ئېلان قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇلاردىن كېلىدىغان خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش، قادىيانىيلار بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۆلۈكلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلغان.

◈ پاكىستان خەلق كېڭىشى (پارلامېنتى) بۇ تائىپىنىڭ رەئىسى مىرزا ناسىر ئەھمەد بىلەن مۇنازىرە ئۆتكۈزگەن، شەيخ مۇفتى مەھمۇد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۇنىڭغا رەددىيە قايتۇرغان. بۇ مۇنازىرە تەخمىنەن ئوتتۇز سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشقان بولۇپ، بۇنىڭدا ناسىر ئەھمەد جاۋاب بېرىشتىن ئاجىز كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تائىپىنىڭ كاپىرلىقىنى ئوراپ تۇرغان نىقاب ئېچىلىپ كەتكەن. نەتىجىدە پاكىستان پارلامېنتى قادىيانىيلارنى مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىقلار، دەپ قاراش قارارىنى چىقارغان.

◈ مىرزا غۇلام ئەھمەدنى كاپىرغا چىقىرىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

- پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشى.
- مۇستەملىكىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن جىھاد پەرزىنى يوققا چىقىرىشى.
- مەككىگە ھەج قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى قادىيانغا ھەج قىلىشقا ئۆزگەرتىشى.
- ئاللاھ تائالانى ئىنسانغا ئوخشىتىشى.



www.munber.org

- روھنىڭ كۆچىشى ۋە ھۆلۈلغا بولغان ئىمانى.

- ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېيىشى ۋە ئۆزىنى ئىلاھنىڭ ئوغلى، دەپ دەۋا قىلىشى.

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئىنكار قىلىشى ۋە پەيغەمبەرلىك بابىنى خالىغان ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇق قويۇپ قويىشى.

◈ قادىيانىيلارنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسى بار. ئىسرائىلىيە ئۇلارغا مەركەزلەرنى، مەكتەپلەرنى ئېچىپ بەردى، ئۇلارنى ئۆز نامىدىن سۆزلەيدىغان ژۇرناللارنى چىقىرىش، كىتاب بېسىپ دۇنياغا تارقىتىش شارائىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

◈ گەرچە سىرتقى جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشسىمۇ، خىرىستىيانلار، يەھۇدىيلار ۋە باتىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئەقىدە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا مانا مەن، دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ ھازىر قادىيانىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ. ئازراق بىر قىسمى ئىسرائىل ۋە ئەرەب دۇنياسىغا تارقالغان. مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايونلاردىكى مۇھىم نوقتىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ.

◈ قادىيانىيلارنىڭ ئافرىقا ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ يالغۇز ئافرىقىدىلا كىشىلەرنى قادىيانىيىيەگە چاقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان بەش مىڭدىن ئارتۇق دەۋەتچى، تەبلىغچىسى بار. بۇ قەدەر كەڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچى كۈچلەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

◈ بۇلاردىن باشقا ئىنگىلىز ھۆكۈمىتى بۇ مەزھەپنى باغرىغا باسقان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى خەلقئارالىق شىركەت ۋە كومىسسارلىقلارغا ئوخشىغان رەسمىي ئورۇنلاردا خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

◈ قادىيانىيلار مەزھىپىگە چاقىرىش پائالىيەتلىرىدە بارلىق ۋاستىلەردىن، خۇسۇسەن مەدەنىي ۋاستىلەردىن ياخشى پايدىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىملار، ئىنژېنېرلار ۋە دوختۇرلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئەنگىلىيەدە «ئىسلام تېلېۋىزىيەسى» نامىدا بىر تېلېۋىزىيە قانىلى بولۇپ، بىر ئايال قادىيانى ئىدارە قىلىدۇ.



www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: قادىيانىييە ئازغۇن بىر پىرقە بولۇپ، ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەقىدىسى ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بارلىق نوقتىلاردا قارىشمۇ قارشى ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەنكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئىھسان ئىلاھىي زەھىير: القاديانية.
- ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەلھۇسنىي ئەننەدەۋىي، ئەبۇلئەئلا مۇھەممەد ئەلخىزىر ئەلھۇسەين: القاديانية.
- سەنائۇللاھ ئەمرتسەرىي: القاديانية.
- سەنائۇللاھ ئەمرتسەرىي: تاريخ القاديانية.
- مۇھەممەد ئەلى ئەمرتسەرىي: سوداء القاديانية.
- ئەتىيقۇرراھمان ئەتىيق: (بۇرۇنقى قادىيانى): فتنة القاديانية.
- ئىلياس بىرنىي: المذهب القادياني.

www.munber.org

## سۇدان جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى

**ئېنىقلىما:**

سۇداندىكى جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى، مەھمۇد مۇھەممەد تاھا تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، فېدرال، دېموكراتىك ۋە ئىنسانلار شەرىئىتى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك بىر ھۆكۈمەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چاقىرىق ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي پارتىيە. بۇ پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى رادىكال سوپىلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارغا ئائىت گوڭگا، مەۋھۇم پەلسەپىلەردىن تەركىپ تاپقان. بۇلار بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى دەرىجىدە كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، ئىككىنچى دەرىجىدە زىيالىلارنىڭ نەزەرلىرى ئۆزلىرى تەرەپكە ئاغدۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ بۇ پارتىيىنىڭ قۇرغۇچىسى مەھمۇد مۇھەممەد تاھا ئىسىملىك بىر ئېنژېنىر بولۇپ، 1911 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. 1936 ـ يىلى، يەنى ئىنگلىزلار دەۋرىدىكى خوتۇم خاتىرە پاكولتىتى (ھازىرقى خورتۇم ئۇنىۋېرسىتىتى) نى پۈتتۈرگەن.

ـ مۇنازىرە قىلىش ۋە غەۋغا چىقىرىش ئىقتىدارى بىلەن تونۇلغان ئىدى.

ـ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈرمىگە تاشلانغان ۋە بىر مەزگىلدىن تۈرمىدىن بوشىتىلغان. ئەمما تۈرمىدىن چىقىپلا سۇداندا ئىسلام شەرىئىتى تەتبىقلاشقا قارشى پائالىيەتلىرىنى باشلاپ، سۇداننىڭ جەنۇبىدىكى خرىستىيانلارنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتكەن. بۇ ئەھۋال ئۇ ۋە ئەتراپىدىكى تۆت ئادەمنى زىندىقلىق ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا قارشى تۇرۇش جىنايىتى سەۋەبلىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىغا ئېلىپ بارغان.

ـ تەۋبە قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلگەن، ئەمما ئۇ تەۋبە قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ھىجرىيە 1405 ـ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى (جۈمە) (18/1/1985) تۆت ئەگەشكۈچىسىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ تۆت كىشى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرىنى دارغا ئېسىلىشتىن ساقلاپ قالغان:

1 ـ تاجۇددىن ئابدۇرراززاق، 35 ياش، توقۇمىچىلىق فابرىكا شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشچى.

2 ـ خالىد بەكىر ھەمزە، 22 ياش، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى خورتۇم شۆبىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

www.munber.org

3 ـ مۇھەممەد سالىھ بەشىر، 36 ياش، ئەلجەزىيرە تىجارەت شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى.

4 ـ ئابدۇللەتىيف ئۆمەر، 51 ياش، «ئەسساھافە» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ بۇ سىياسىي ئېقىمنىڭ ئىسلامىي ھېسقا ئويغۇن بولمىغان، ئۆزىگە خاس پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى بار. بۇ ھەرىكەتنىڭ كاتتىۋېشى يەتمەكچى بولغان غايىلىرىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەپ چىققان:

1 ـ خالىقنى بويىچە تەپەككۇر قىلىدىغان، تەپەككۇر قىلغىنىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە ئوتتۇرىغا قويغىنىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ئەركىن كىشىلەرنىڭ يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

2 ـ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ئاساسىدا يارامىلىق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش.

ـ ئىقتىسادىي باراۋەرلىك: سوتسىيالىزم بىلەن باشلىنىپ، كوممۇنىزمغا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. (يەنى سوتسىيالىزمنىڭ ئاخىرقى يىمىرىلىشىدىن ئىلگىرىكى پەيتلىرىدە سۆزلەنگەن. سوتسىيالىزم يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ ئېقىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز.)

ـ سىياسىي باراۋەرلىك: بىۋاستە پارلامېنت تۈسىدىكى دېموكراتىيە بىلەن باشلىنىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى قارارگاھ قىلىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدا ياشايدۇ (بۇنداق قىلىش قالايمىقانچىلىقنىڭ ۋايىغا يېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس).

ـ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك: سىنىپ، رەڭ، ئىرىق ۋە ئېتىقادى پەرقلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

3 ـ قورقۇنچقا قارشى كۆرەش قىلىش... «ئاللاھدىن قورقۇش بارلىق ئەخلاقىي پالاكەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ئاتىسىدۇر. قورقۇپ تۇرىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئەركەكلىكى كامالەتكە ئېرىشەلمىگىنىگە ئوخشاش، قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغان بىر ئايالنىڭ تاكامۇللىقىدىن ئېغىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. سۆزلىنىۋاتقان قورقۇنچىنىڭ دەرىجە ۋە باسقۇچلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، نەتىجە ئوخشاشتۇر. شۇنداقكەن تاكامۇللۇق قورقۇنچتىن قورتۇلۇش، دېمەكتۇر.» (رسالة الصلاة، 26 ـ بەت)

◈ باشلىقىنىڭ قارىشىچە، دىن قورقۇنچتىن ئاپىرىدە بولغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تۇنجى ئىنسان ئۆزىنى، ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي بىر مۇھىتتا، تۆت تەرىپى دۈشمەنلىكلەر بىلەن قورشىلىپ قالغان بىر خىل ئەھۋالدا ئۇچراتتى. ئەھۋال بۇنداق بولغانىكەن ئۇ، ھاياتىنى قوتۇلدۇرۇپ قېلىش ھەققىدە ئويلاندى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش يولىنى تاللىدى. ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭغا ئەقلى ۋە قەلبى ئارقىلىق ئەتراپىنى ئۆراپ تۇرغان كۈچلەرنى دوست ۋە دۈشمەندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىشنى،

www.munber.org

ئارقىدىن بۇ دۈشمەنلەرنى كۆچى يېتىدىغان، كونترول قىلغىلى بولىدىغان دۈشمەن، كۆچى يەتمەيدىغان، بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان دۈشمەندىن ئىبارەت يەنە ئىككى قىسىمغا ئايرىشنى ئۆگەتتى... كۆچى يېتىدىغان، كونترول قىلغىلى بولىدىغان دۈشمەن يىرتقۇچ هايۋان ۋە ئىنسانلارغا ئوخشىغان كۆچلەر بولۇپ، ئىنسان بۇلارنىڭ قارشىسىغا هۇجۇم پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ چىقىدىغان بولدى. ئەمما چوڭ دۈشمەن ۋە دوستلارغا تەخسكەشلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان هەدىيەلەرنى سۇندى، خۇشامەتلىرى ئارقىلىق ئىتائىتىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. بۇ ئەهۋال دوستلارغا بولغان تەلپۈنۈش، دۈشمەنلەردىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئامىللار سەۋەپلىك ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەنە شۇ كۆنلەردىن تارتىپ ئىبادەت پائالىيەتلىرى باشلاندى، دىن ئاپىرىدە بولدى.» (رسالة الصلاة، 31 ـ بەت)

◈ بۇ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سوداندا جۇمهۇرىيەتچى، فىدرال، دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىست بىر هۆكۈمەت قورۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

◈ ئۇ يەنە ۋاستىسىز هالدا ئاللاھ توغرىسىدا رىسالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان.

◈ ئۇنىڭچە بولغاندا دىن كىر ۋە گۇناهتىن ئىبارەتتۇر. دىن خىيال، خۇراپات ۋە باتىللارنىڭ سايىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ئاللاھ ۋە شەيئىلەرنىڭ ماهىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىمىزنى، ئاللاھ ۋە جامائەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇلىرىمىزنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرىۋەتكەن.

◈ ئەسلى شەرىئەت باسقۇچى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى رىسالەت يەنى پەيغەمبەرلىك باسقۇچىدۇر، بۇ سەۋەپتىن هاياتنى بۇنىڭدىن خوشخەۋەر بېرىشكە ۋە بۇنىڭغا چاقىرىشقا قاراتقان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ، ئۈممەتنى ئارىسىدا ئىسلامىي ئۇسۇل ئاساسىغا قۇرۇلغان مەخسۇس بىر شەرىئەتنى بار بولۇپ، ئۈممەتنىنىڭ شەرىئەتنى ئىسلامنىڭ شاخچە مەسىلىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، دېگەن ئىددىئانى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

◈ كومىنىزم سوتسىيالىزمدىن مىقدار جەهەتتە پەرقلىنىدۇ، يەنى سوتسىيالىزم كومىنىزمغا ئۆتۈش باسقۇچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كومىنىزمنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە ياشىغان، دېگەنلەرگە ئىشارە قىلىدۇ. (بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭ «ئىككىنچى رىسالە» ناملىق كىتابىنىڭ 147 ـ بېتىدە زىكىر قىلىنىدۇ.)

◈ جۇمهۇرىيەتچى ئاياللارنىڭ جىنازە مۇراسىملىرىغا قاتنىشىشىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلىرىدا جۇمهۇرىيەتچى ئايال ئەرلەر تۇرغان تەقدىردىمۇ نامازغا ئەزان ئوقۇيدۇ.

◈ جۇمهۇرىيەتچىلەر توي قىلغاندا توي تامىقى بەرمەيدۇ، سۈننەتكە خىلاپ هالدا قۇربان هېيتلىرى قۇربانلىق قىلمايدۇ.

◈ ئىككى شاهادەت: بۇلارنىڭ رەهبىرى «ئىككىنچى رىسالە» ناملىق كىتابىنىڭ 164،165 ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئاللاهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇهەممەد ئاللاهنىڭ ئەلچىسىدۇر» ئىشىكىدىن كىرگەن بىر كىشى بۇ ئادەتنى ئادا قىلىدۇ ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى غەيرەت بىلەن هەرىكەت قىلىدۇ ـ دە، بۇ ئارقىلىق يۈكسەكلىككە



www.munber.org

ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە ئىككى شاھادەتنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە بارغانچە شاھادەتنىمۇ ئارقىدا قالدۇرىدىغان بىر مەرتىۋىگە ئۆلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شاھىدلىق قىلغۇچى شاھىدلىق قىلىنغۇچىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئىشىكتە تۇرۇپ، پەردىسىز، تۇسالغۇسىز ھالدا يۈزمۇ يۈز خىتاب قىلىشىدۇ. «(بۇ قۇرئاننى) الله (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن»[1]

◈ ناماز: ئەڭ يېقىن مەنىسىدە ناماز، ھەممىگە تونۇشلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن ئادا قىلىنغان شەرئىي ئىبادەتتۇر. نامازنىڭ يىراق مەنىسى بولسا، ئاللاھ بىلەن ۋاستىسىز ئۇچرىشىشتۇر ۋەياكى بۇ ئاسالەت (ئەسلى) نامىزىدۇر.

◈ جۇمھۇرىيەتچىلەرمۇ رادىكال سۈپىلارغا ئوخشاشلا، مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە ئىنساننىڭ سالاھىيىتى توشقانلىقى ئۈچۈن بەندىچىلىك مەسئۇلىيەتلىرى ساقىت قىلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىبادەت قىلىشقا ئېھتىياج قالمايدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ پارتىيىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: «.. ئۇ باسقۇچتا بەندە مەجبۇرى ئەھۋالدا ئەمەس، تاللاش جەريانىدىدۇر. ئۇنىڭ ئىتائىتىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ھاياتى بىلەن تىرىك، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇدرەتلىك، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىرادىلىك بولىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئاللاھتۇر.» (ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن مۇنەززەھتۇر) مانا بۇ سۈپىلارنىڭ ۋەھدەتۇل ۋۇجۇدقا نىسبەتەن تۇتقان مەزھىپىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

◈ يەنە بۇلارنىڭ رەئىسى مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىئىل پەيغەمبەر بىلەن بىرگە كىلەلمىدى. پەيغەمبەر ۋاستىسىز ھالدا زاتى شۇھۇدنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يۈردى؛ چۈنكى زاتى شۇھۇد ۋاستە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايتتى... مانا بىزنىڭ جىبرىئىلمىز بولغان پەيغەمبەرمۇ بىزنى ھەر بىرىمىزنىڭ سىدرەتۇل مۇنتەھاسىغا كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇ يەردە تۇرىدۇ، گوياكى جىبرىئىلنىڭ ئۇ يەردە تۇرغىنىغا ئوخشاش. بۇنداق بولغاندا ئۆزىنى ئىبادەتكە بېغىشلىغان كىشى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ۋاستىسىز ھالدا رىئاللىققا ئايلانغان بولىدۇ. مانا بۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان يول بىلەن ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى ئىبادەت قىلىدىغان ھەر بىر كىشى خۇسۇسىي شەرىئىتىنى ۋاستىسىز ھالدا ئالىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ شاھادىتى، نامىزى، روزىسى، زاكىتى، ھەججى ئەسلى شەرىئەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.»

◈ زاكات، ھىجاب ۋە كۆپ خوتۇنلۇققا ئوخشىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىسلامنىڭ ئەسلى مەسىلىلىرى، دەپ قارىمايدۇ.

◈ بۇلارنىڭ كاتتىۋېشى مۇنداق قارايدۇ: «يۇمشاق نەرسىلەر قۇيۇق نەرسىلەردىن چىقىدۇ. بۇ ئومۇمىي قائىدىگە ئاساسەن، تەۋراتتىن ئىنجىل چىققان، گويا مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدىن مۇسۇلمانلار چىقىدىغىنىغا ئوخشاش. بۇنىڭغا

---

[1] ئەنئام سۈرىسى، 91 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئوخشاشلا ئەھمەدىي رىسالىسىمۇ (يەنى جۇمھۇرىيەت) مۇھەممەدىي رىسالىسىدىن، قېرىنداشلار ئەسھابىلار ئارىسىدىن چىقىدۇ.»

◈ مەھمۇد تاھا قۇرئان كەرىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان يۈكسەك ماقامدىكى مۇزىكىدۇر. ئۇ ساپا مۇئەييەن بىر نەرسە ئۆگەتمەيدۇ. ئەمما ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ تويغۇ كۈچلىرى ۋە ئورگانلىرىنى ئويغىتىدۇ. ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئارقىدىن ئۇنى ئۆز ئۇسلۇبىڭ بويىچە بايقىشىڭ ئۈچۈن ماددا دۇنياسى بىلەن سىنىڭ ئاراڭغا تاشلاپ قويىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندۇر.»

◈ ئۇنىڭ شېرىك ۋە تەۋھىد ئوقۇملىرى ھەققىدە ئۆزگىچە خاس قاراشلىرى بار:

- ئۇنىڭچە شېرىك: «ئىنسان نەپسىنىڭ بىر ـ بىرىگە قارشى پوزىتسىيەدىكى ئاڭلىق ئەقىل ۋە باتىنى ئەقىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بۆلۈنۈشكە يول ئاچقان بوھراندۇر.»

- ئۆز كۆز قارىشى بويىچە تەۋھىدنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بىر ـ بىرىگە قارشى پوزىتسىيەدىكى ئاڭلىق ئەقىل بىلەن باتىنى ئەقىلنىڭ بىرلىشىش نوقتىسىدا ئېرىشكەن ساغلام ۋە توغرا پىكىر ـ تەۋھىدتۇر.»

◈ ئۇ ئىسلام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئەسلى نىگىزى ئېتىبارى بىلەن ئىنسان شەرىئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ۋارىيانتلىق ئېتىبارى بىلەن ھېلىھەم ئورمان قانۇنىدىن سىلىقلاشتۇرۇلغان بەزى سىمالارنى تۇشۇپ يۈرىدۇ.»

◈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ساھابىلەر ئىدى، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشكەنلەر قېرىنداشلاردۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ نوقتىدا ئىبنى ماجەنىڭ زۇھۇد بابىدا ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان مونۇ ھەدىسكە تايىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرگەن بولساقچۇ كاشكى، دېگەن. ساھابىلەر: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بىزنىڭ سىنىڭ قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟ دەپ سوراشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: سىلەر مېنىڭ ئەسھابىلىرىم، قېرىنداشلىرىم مەندىن كېيىن كېلىدۇ ۋە مەن سىلەرنى كۆلنىڭ بېشىدا ساقلايمەن...»

◈ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «...بوۋاقنىڭ توغۇلىشى بىز بىلەن ئايالىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا قەدىمىي زات بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى كامىل ئىنسان (ئىلاھىي ئىلىملەر ساھىبى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مېۋىسىدۇر. چۈنكى بەندىچىلىكنىڭ پەرۋەردىگارلىقا ئىنتىلىشى بىزنىڭ ئەسلىمىز بولغان نەپس (ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى)نىڭ بىزنى توسۇپ قالغان پەردىلىرىنى ئېلىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئىككى باراۋەرلىك ئوتتۇرىسىدا، ئىلاھىي زات بىلەن كامىل ئىنسان (جۇمھۇرىيەتچى ئەر ياكى ئايال) ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش ئەمەلىيلەشكەن چاغدا ئىلاھىي ئىلىم مەيدانغا كېلىدۇ. ياخشى بەندىنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئوراپ تۇرغان ئىلاھىي ئىلىم ئەر ۋە ئاياللارنىڭ توغۇشىغا مەنبەلىك قىلىدۇ.»

◈ داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلاھىي زات بىلەن كامىل ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەھۋال، يەنى بەندىلىك بىلەن پەرۋەردىگارلىق مۇناسىۋىتى،



www.munber.org

ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ”جىنسىي مۇناسىۋەت“ دەپ ئاتىلىدىغان ئەرلىك ۋە ئاياللىق مۇناسىۋەتتى مەيدانغا كەلتۈرگەن.»

◈ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ”جىنسىي مۇناسىۋەت“ دەپ ئاتايدىغان ئەر ـ ئاياللىقنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى ھاياتقا چوڭقۇرلۇق بېغىشلاش ۋە توسالغۇسىز شەكىلدە ئاللاھقا باغلاشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مانا يۈكسەك مەنىدىكى لەززەت».

◈ يەنە شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئاللاھنىڭ ئۇنداق، مۇنداق دەيدىغان شەكلى، يىتىپ بارغان نىھايىتى يوقتۇر. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى نەسۋىسى ھەر ۋاقىت چۈشەنچە ۋە تۇيغۇ جانلىقلىقىنى يېغىلاپ ئىزچىل ھالدا بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. ئىبادەتنىڭ غايىسى مانا بۇدۇر.»

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ بۇ پارتىيىنىڭ پىكىرلىرى كونا ـ يېڭى نۇرغۇن دىن، مەزھەپ ۋە مەدرەسە قاراشلىرىنىڭ شەكىلسىز ھالدا ئارىلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن:

ـ بۇ پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ مۇھىيىددىن ئىبنى ئەرەبىينىڭ «فصوص الحكم» ناملىق كىتابىدىكى قاراشلىرىغا تايانغان. بۇ ئەھۋال بەزى تەنقىدچىلەرنى «بۇ سۇپىزم ھەرىكىتى» دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. يەنە بۇنىڭغا جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ زىكىر ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىلىشلىرى مۇناسىۋەتتى بىلەن كۆچىلاردا ئىسرىق يېقىپ، مۇزىكىلارغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسۇل ئويناشلىرىنىمۇ ئىلاۋە قىلىشىدۇ.

ـ كۆپىنچە قاراشلىرىدا فروید ۋە دارۋىننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ـ ئاللاھ نامىدىن ئىنسانلاردىن ھېساب ئالىدىغان كامىل ئىنسان قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىن ئۇلارنىڭ خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار پىكىرلىرىنى ئابدۇلكەرىم ئەلجىبلىينىڭ «كامىل ئىنسان» ناملىق كىتابىدىن ئالغان.

ـ قۇرماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىۋاتقان دۆلەتنىڭ يۈنۈلۈشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ماركىسىزمچە سوتسىيالىزم پىكىرلىرىگە تايانغان.

ـ ئۇلار كۆپىنچە پىكىر ۋە قاراشلىرىدا باھائىيە ۋە قادىيانىيىلەر بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ.

ـ يۇقىرىدا زىكىر قىلىغانلىرىمىزدىن قەتئىي نەزەر ئۇلار ئايەت، ھەدىسلەرنى ئۆز ئېچىگە ئالغان كىتابلارنى نەشىر قىلىدۇ، خەلققە خىتاب قىلغاندا سۆزلىرىنى ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئەمما، بۇلارغا قەتئىي ئىسلام سۈپىتىنى ئىلاۋە قىلمايدىغان بولۇپ، ھەقىقەتنى ئېلىپ بۇ بىر خىل شەكىلدىكى دىندىن چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

www.munber.org

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ بۇ پارتىيە سوداندا مەيدانغا كېلىپ، شۇ يەردە راۋاجلانغان، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانى ئون مىڭلارغا يەتكەن. ئەمما باشلىقىنىڭ دارغا ئېسىلىشىدىن كېيىن سانى ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىكرى تامامەن ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىدىن خالىي مەلۇم نىسبەتتىكى زىيالىيلىرى بار. سوداندىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە بۇ پارتىيەنىڭ تەل تۆكۈس مۇنقەرز بولۇپ كېتىشى مۇمكىنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

<u>يوقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: سوداندىكى جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى ئىسلامدىن ئېغىپ كەتكەن بىر سىياسىي پارتىيە. بۇ پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىسى ئىسلامىي ئاتالغۇلارنى شەرئىي مەنىلىرىدىن ئايرىپ تاشلاشقا كىرىشكەن، ھاياتىنى ئىسلامنى ۋەيران قىلىش، ئۇسۇلىنى بورمىلاش ئۈچۈن بېغىشلىغان. ھەقنى باتىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەگەشكۈچىلىرىنى توغرا دىندىن يىراق تۇتىدىغان يولنى تاللىغان، دىننىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلانغان، يۇنان پەلسەپىلىرىگە ئوخشىغان ئىسلامىي بولمىغان مەنبەلەرگە تايانغان، ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد چاقىرىقىدا ئازغۇن سوپىلارنىڭ يولىنى تۇتقان، ياشلار ۋە ئىلىم ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەرنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن پارتىيىسىگە ئىلمىيلىق تونىنى كىيگۈزگەن. ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ئاشۇرۇپ ماختاپ، كۈتۈلۈۋاتقان مەسىھ (ئىيسا ئەلەيھىسسالام ـ ت) دەپ ئېتىقاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن، ئۇ بۇ خىل ماختاشنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سودان جەمئىيىتىنى ئۇنىڭ شۇملۇقىدىن خاتىرجەم قىلدى، ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشى بىلەن مىڭلىغان ياشلار ۋە ئىنساپلىق زىيالىيلارنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئامان قىلدى.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مەھمۇد مۇھەممەد تاھا: أسس دستور السودان، بۇ ناھايىتى نادىر تېپىلىدىغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ بازارلاردىن يوقۇلىشى ئاچۇن ھەرىكەت قىلماقتا.
- مەھمۇد مۇھەممەد تاھا: تطوير شريعة الأحوال الشخصية.
- مەھمۇد مۇھەممەد تاھا: طريق محمد.
- مەھمۇد مۇھەممەد تاھا: كتاب، رسائل ومقالات.
- مەھمۇد مۇھەممەد تاھا: رسالة الصلاة.
- جۇمھۇرىيەتچىلەر: الضحية ليست واجبة لا على الأغنياء ولا على الفقراء.

www.munber.org

- ئەنۋەر مۇھەممەد ئەھمەد: الفكر الجمهوري تحت الهجر، ئۇممۇ دەرمان ئۈنۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى مەدەنىيەت ئىشلىرى بۆلۈمى نەشر قىلغان.

- دۇنيا ئىسلام ياشلىرى بىرلىكى: دراسة مفصلة عن الحزب الجمهوري.

www.munber.org

## ئىنقلما:

«ھەبەشلەر» ئابدۇللاھ ئەلھەبەشىيگە مەنسۇپ بىر ئازغۇن تائىپە بولۇپ، لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن نەتىجىلەنگەن نادانلىق، كەمبەغەللىك قاتارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، كالامىزم، سۇپىزم ۋە باتىنىيلارنىڭ مېتودلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا چاقىرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئەقىدىلىرىنى چىرىتىش، ئۇلارنى ئاساسىي مەسىلىلەردىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرىكەتتۇر.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ئابدۇللاھ ھۇرەرىي ئەلھەبەشىي: تولۇق ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەششەيبىي ئەلئەبدۇھرىي بولۇپ، ھەبەشىستاننىڭ ھۇرەر شەھرىدە ياشايدىغان بەنىي شەيبە ئىسىملىك ئەرەب قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۇرەردە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ھۇرەرىي، دەپ ئاتالغان. ئۇ ھۇرەرنىڭ سەھراسىغا بېرىپ شەيخ ئابدۇرراھمان ئەننۇرىي، شەيخ مۇھەممەد يۈنۈس جامىئۇلفۇنۇن قاتارلىقلاردا ئەرەب تىلى ۋە شافىئىي فىقھىسىنى ئۆگەنگەن. ئۇيەردىن جۇممە رايونىغا بېرىپ، شەيخ ئەششەرىيفنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئېغىشى، ئېزىشى تىيجانىييە تەرىقىتىگە بەيئەت قىلىشى بىلەن جۇممەدە مەيدانغا كەلگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن، داۋئىنىڭ ئەرمۇ رايونىغا بېرىپ، ھاجى ئەھمەد ئەلكەبىيرنىڭ ھۇزۇرىدا سەھھۇل بۇخارىي ۋە قۇرئان ئىلىملىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئارقىدىن داۋئىقا يېقىن بىر يېزىغا يۆتكەلگەن ۋە ئۇ يەردە «شواهد الحق في الاستغاثة بسيد الخلق» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى شەيخ يۈسۈف نەبھانىينىڭ شاگىرتى شەيخ مۇفتى ئەسسىراج بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ يەردىن باشلاپ سۇپىزمغا باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن ۋە رىفائىييە تەرىقىتىگە بەيئەت قىلغان. ئۇ 1969 ـ يىلى ئافرىقىنىڭ ھەبەشىستان ئىقلىمىدىن سۈرىيەگە، ئاندىن لىۋانغا كەلگەن. ئەمما ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ ھىجرىيەنىڭ 1367 ـ يىلى (مىلادى 1948 ـ يىلى) ھۇرەر شەھرىدىكى قۇرئان كەرىم يادلىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە قارشى شۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئىندىراجى سىھر ھەيلا سەيلاسىي بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا «ئىتلار ئىقلىمى پىتنىسى» ناملىق بىر پىتنىنى رويابقا چىقارغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىللىرى بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇ قېتىملىق پىتنىدە قۇرئان كەرىم يادلىتىدىغان مەدرىسىنىڭ مۇدىرى ئىبراھىم ھەسەنگە سۈرگۈن قىلىنىش بىلەن بىرگە 23 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. ئەپسۇسلىنارلىقى



www.munber.org

جۇربي رايۇنىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان. ئابدۇللاھ ھۆرەرىنىڭ ھەيلا سەيلاسىي رىجىمى بىلەن ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان شەيخلەر، دەۋەتچىلەر ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى مەنسۇپلىرى مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قېچىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا كىشىلەر «پىتنىخور» ياكى «پىتنە شەيخى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان.

ـ ئۇ لىۋانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ گويا ئۆز يۇرتىدىكىگە ئوخشاشلا، شېرىك بىلەن بولغانغان ئەقىدىسىنى تارقىتىش، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بورمىلاش، جەبىر، تەسەۋۋۇپ، باتىنىييە ۋە رافىزىيلىقنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە جەھمىيلارنىڭ مەزھىپىگە تايىنىش، ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىش، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىسيان قىلىش بىلەن ئەيىپلەش قاتارلىقلاردىن باشقا يات، يۇچۇن پەتىۋالىرىنى تارقىتىش ئىشلىرىنى توختاتمىغان.

ـ ھەبەشىي كېيىنكى مەزگىللەردە، شەيخىنىڭ ئىماندا چېكىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئەفئاللىرىدا زورلۇق بار، دەپ قاراش ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلمىغان ھېچقانداق مۇسۇلماننى كۆرەلمەيدىغان خېلى كۆپ ساندىكى مۇتەئەسسىپ، جېدەلخور كىشىلەرنى تەربىيلەپ چىقىش ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىشكىلىرىنى قېقىپ، ھەبەشىي ئەقىدىسىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپ جاھىللىق بىلەن تۇرىۋالىدۇ، شەيخىنىڭ كىتابلىرىنى ئۇلارغا ھەقسىز تارقىتىدۇ.

◈ نەززار ئەلھەلەبىي: ھەبەشىينىڭ ئىزباسارى ۋە ئىسلام پىلان ـ لاھىيە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرى «مەرھەمەتلىك شەيخ» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ، پەتىۋا بېرىش ئورگىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇفتىسى مەنسىپىنى تۇتىدىغان كىشى بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ. ئۇلار يوللاردىكى تاملارغا «كاپىر مۇفتى ھەسەن خالىدنىڭ مۇپتىلىقىنى قوبۇل قىلمايمىز، مۇفتى نەززار ئەلھەلەبىينى قارشى ئالىمىز» دېگەن شۇئارلارنى يېزىپ قويۇشاتتى. ئۇ كېيىنكى مەزگىلدە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

◈ ئۇلارنىڭ يەنە ئاۋام ئىچىدىمۇ قانچىلىغان مەشھۇر كىشىلىرى بار. مەسىلەن پارلامېنت ئەزاسى ئەدنان ئەتتەرابلىسىي، ئىككىنچى نامزاتى تاھا ناجى؛ بۇ كىشى كۆپىنچىسى خىرىستىيانلاردىن تەركىب تاپقان 1700 ئاۋازغا ئېرىشكەن، ئۇ ئاۋاز تويلاش جەريانىدا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنى يوقىتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن، بىراق نەتىجە قازىنالمىغان. ئىسلام پىلان ـ لاھىيە جەمئىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەسسان قەراقىرا، كامال ئەلھۇت، ئىماددۇدىن ھەيدەر، ئابدۇللاھ ئەلبارۇدىي قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار خەلىققە خىزمەت سۇنۇش مەدەنىي مۇئەسسەسەسى ۋە خەلق خىزمىتى ۋە تەتقىقات مەركىزى، دېگەنگە ئوخشىغان ئەڭ چوڭ يازما يادىكارلىقلار ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىدارە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە تارىخىي كىتابلارنى ئەشئەرىي ۋە جەھمىييەلەرنىڭ مېتودى بويىچە تەھقىقلاشنى باشلىغان بولۇپ، ھەتتا ئىلىم ئىگەللىگۈچىلەرمۇ بىلەلمەيدىغان يات ـ يۇچۇن ئىسىملارنى مەلۇم غەرەزلەر ئۈچۈن قوللانغان. مەسىلەن «ھافىز ئەلئەبدۇھرىي ئۆزىنىڭ دەلىلدە مۇنداق دېگەن» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ ـ دە،

www.munber.org

كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھافىز ئىبنى ھەجەر ياكى نەۋەۋىيغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئەلئەبدۇھەربي ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ شەيخى بولۇپ، ئۇنىڭ «دۇرۇس قوللانما» ناملىق كىتابىدىن ئالغان نەقىللىرىدۇر.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ھەبەشلەر فىقھىي ۋە ئېتىقادتا ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپىدە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئىمام شافىئىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ مەزھىپىدىن تولىمۇ يىراقتا. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى شەرئىي بەلگۈملەردىن يىراق ھالدا تەۋىل قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ «ئىستىۋا» سۈپىتىنى «ئىستىلائ» دەپ مۇئتەزىلە ۋە جەھمىيىلەرنىڭ ئەقىدىسى بويىچە تەۋىل قىلىدۇ.

◈ ھەبەشىي قۇرئان كەرىمنىڭ لەپزىنى ئاللاھ تائالا ئەمەس، جىبرىئىل ۋۇجۇدقا چىقارغان، دەپ بىلجىرلايدۇ؛ ئۇنىڭ قارىشىچە قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئەمەس، جىبرىئىلنىڭ كالامىدىن ئىبارەتتۇر. («إظهار العقيدة السنية» ناملىق كىتابىنىڭ 591 ـ بېتىدە بۇلارنى زىكىر قىلىدۇ.)

◈ ھەبەشلەر ئىمان مەسىلىسىدە مۇرجىئىي ۋە جەھمىيلار بىلەن ئوخشاش ئەقىدىدە بولۇپ، ئىمان بولسىلا، ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا بىرسى ناماز ۋە باشقا ئەركانلارنى تەرك قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. («الدليل القويم» ، 7 ـ بەت/ «بغية الطالب» ، 51 ـ بەت.)

ـ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىگە قارشى بەشەرىي قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىلىرىنى دېگەندەك ئەھمىيەتلىك دەپ قارىمايدۇ. ھەبەشىي مۇنداق دەيدۇ: «بىرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقى ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىر نەرسە ئادا قىلمايدۇ ياكى بىرەر ھارام ئىشتىن ئۇنى توسۇپ قالمايدۇ. كىمكى ھاياتىدا بىر قېتىم ”بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېسە، ئۇ مۆمىندۇر، ئۇ مۇسۇلماندۇر. ئۇنى يەنە ”گۇناھكار مۆمىن“ دېيىش مۇمكىن.» («الدليل القويم» ، 9،10 ـ بەت/ «بغية الطالب» ، 51 ـ بەت.)

◈ ھەبەشلەر قەدەر مەسىلىسىدە جەبرىيەنىڭ ئازغۇن ئەقىدىسىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا كاپىرنىڭ كۇپۇرلۇقىغا ياردەم بەرگەن، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇنى قوللىمىغان بولسا، كاپىرنىڭ كاپىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دەپ بىلجىرلايدۇ. («النهج السليم» ، 71 ـ بەت.)

◈ ھەبەشلەر كىشىلەرنىڭ قەبرىلەرگە يۈزلىنىشكە، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ چۈنكى قەبرىدىكى ئۆلۈكلەر ئۇلارنىڭ قارىشىچە كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قەبرىدىن چىقىدۇ ۋە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ قايتىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقىلاردىن مەدەت تەلەپ قىلىشنى جائىز، دەپ قارايدۇ. تاشلارنى تەۋەررۇك



www.munber.org

بىلىشكە چاقىرىدۇ. («الدليل القويم»، **173** ـ بەت/ «بغية الطالب»، **8** ـ بەت/ «صريح البيان»، **62**، **57** ـ بەتلەر). ئەگەر بىرەيلەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن جەھەننەمدىن پاناھلىق تىلەيمەن، دېسە ئۇلارنىڭ مەزھىپى بويىچە ھېچقانداق مەسىلە يوق.

◈ ھەبەشىلەر مەزھەپلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئاجىز، مەۋزۇئ ھەدىسلەرنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدۇ، مەزھىپىگە توغرا كەلمەيدىغان كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئاجىز ھەدىسلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر «المولد النبوي» ناملىق كىتابىدا روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

◈ ھەبەشىي كۆپىنچە ساھابىلەرنى، خۇسۇسەن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنى تىللايدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە باشقىلارنىڭ سالاھىيىتىگە تىل ئۇزىتىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققانلارنى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. رافىزىيلارنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن كاپىرلىشىپ كەتكەن ساھابىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئىككى شەيخنىڭ كۇپرىدىن ھەزەر ئەيلەشنى ھەر دائىم ئىغىزغا ئالىدۇ. («إظهار العقيدة السنية»، **182** ـ بەت.)

◈ ھەبەشىي، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ھېكمەتسىز ياراتقان، پەيغەمبەرنىمۇ ھېكمەتسىز ئەۋەتكەن، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن باشلىغان دېگەن كىشىنى مۇشرىك، دەپ قارايدۇ.

◈ ھەبەشىي كۆپلىگەن ئۆلىمالارنى كاپىرغا چىقارغان. مەسىلەن شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنى كاپىرغا چىقارغان ۋە بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ ئۇنى كاپىر، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ۋاجىبلارنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ بېكىتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ يەنە، ئىمام زەھەبىي رەزىل، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنى گۇناھكار، قاتىل ۋە كاپىر، دەپ ھېسابلايدۇ. شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئالبانىينىمۇ كاپىر، دەيدۇ. شەيخ سەييىد ئەسسابىقنى مەجۇسىي كاپىر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇستاز سەييىد قۇتۇبنى كاپىر خاۋارىجلارنىڭ كاتتىۋېشى، دەيدۇ. (ھەبەشلەرنىڭ «منار الهدى» ژۇرنىلى، **3** ـ سان، **234** ـ بەتتىكى «سەييىد قۇتۇب ۋە ئەگەشكۈچىسى فەيسال مەۋلىۋىگە رەددىيە بېرىشتىكى مۆتىدىل يول» ناملىق ماقالىگە قاراڭ). ئەمما، ئۆلىمالار كاپىرلىقىغا شاھىدلىق بەرگەن ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد مەزھىپى، ھۇلۇل ۋە ئىتتىھاد نەزىرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى ئىبنى ئەرەبىنى ھەبەشىي شەيخۇل ئىسلام، دەپ ھېسابلايدۇ. ھەبەشىي يەنە سۈپىزمنىڭ نەقشىبەندىييە ۋە رىفائىييە تەرىقەتلىرىگە چاقىرىدۇ.

◈ ھەبەشىينىڭ دىندا ھىلە ئىشلىتىشنىڭ جائىزلىقى، يات ئاياللارغا قاراش، ئارىلىشىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتە ھېچقانداق مەسىلە يوق ئىكەنلىكى، ئاياللارنىڭ ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئەرلىرىنىڭ رۇخسەتسىزلا يېرىم يالىڭاچ ھالدا سىرتلارغا چىقىشنى يوللۇق، دېيىشلىرىگە ئوخشىغان دائىرە سىرتىدىكى تۇترۇقسىز پەتىۋالىرى بار.



www.munber.org

◈ هور سەبىلەرنى ئېلىپ سېتىشنى مۇباھ، دەپ قارايدۇ. زاكاتنىڭ قەغەز پۇل بىلەن ئالاقىسى يوق، ئۇ پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئۈچۈن ۋاجىبتۇر، دېگەن دەۋا بىلەن كىشىلەرنىڭ قەغەز پۇللىرىغا زاكات ئايرىماسلىقىنى جائىز، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك ئۆسۈم يېيىشنىڭ، نىجاسەت ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ ناماز ئوقۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.(«بغية الطالب»، 99 ـ بەت.)

◈ ھەبەشلەر ئامېرىكا، كانادالاردا قىبلىنى ئۆزگەرتىش پىتنىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ مەخسۇس بىر مەسچىتى بولۇپ، قىبلىنى $90^{o}$ ئۆزگەرتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىنىڭ دەل ئەكسىگە يۈزلىنىدىغان بولغان. چۈنكى ئۇلار يەر شارىنى يېرىم ئاپلىسىن شەكلىدە يوملاق، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. لىۋاندا ئايرىم بىر جامائەت بولۇپ، مەسچىتنىڭ جامائىتى نامازلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايرىم ناماز قىلىشىدۇ. ئۇلار مەسچىت ئىماملىرىنى ئۇرۇش، ئۇلارغا زورلۇق قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن خالىمىغانلىرىغا قارىماي مەسچىتلىرىدە دەرس سۆزلەشتەك ئىشلىرى بىلەن نام چىقارغان. مەسچىتلەردە قوتراتقۇلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارغا سۇنغان ياردەم ۋە قوللاشلىرى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ يۇقىرىقىلاردىن ئوتتۇرىغا چىققاندەك، ھەبەشلەرنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ يىلتىزلىرى تۆۋەندىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

ـ سۈپەت مەسىلىلىرىدە جەھمىيە مېتودىغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەشئەرىيلەر.

ـ ئىمان مەسىلىلىرىدە جەھمىيە ۋە مۇرجىئەلەرنىڭ يولى.

ـ رىفائىييە، نەقشىبەندىييەگە ئوخشىغان ئازغۇن سۈپىزم تەرىقەتلىرى.

ـ باتىنى جەبىر ئەقىدىسى (ئىنسانلار بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ مەجبۇرى قىلىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بارىدۇ، دەيدىغان ئەقىدە ـ ت).

ـ ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بۆلۈش غايىسى ئاساسىدا بىر يەرگە توپلانغان بىر قاتار ئازغۇن پىكىر ۋە مېتودلار توپلىمى. ئىسپانىيە، ئەنگلىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئابدۇلقادىر ئەسسۇفي، ئەلمۇرابىتىيغا ئوخشاش، ھەبەشي ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭمۇ بىر قىسىم سىرتقى كۈچلەر تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش غەرىزى بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:



www.munber.org

ھەبەشلەر لىۋاندا ئادەملەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ناھايىتى چوڭ مەدرىسىلىرى، شەھەرنى توشقۇزغۇدەك ئاپتوبۇسلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلغان، بىرگە ئىشلىگەنلەرگە بېرىلىدىغان كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغۇدەك يۇقىرى مائاشتىن باشقا، مەدرىسىلىرىنىڭ دائىرىسى ھۆكۈمەت مەدرىسىلىرىنىڭ دائىرىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىدىغان، مەزھىپىگە چاقىرىدىغان بىر رادىئو ئىستانسىسى بار. ھەبەشلەر لىۋاندىن باشقا ياۋروپا، ئامېرىكىلارغىمۇ تارقالغان. كانادا، ئاۋستىرالىيە، شىۋىتسىيە ۋە دانىيە قاتارلىق ئەللەردە ئەنسىزلەرگە سەۋەپ بولغان. ئۇلار يەنە لىۋاندىمۇ شەيخىنىڭ قىبلىنى شىمال تەرەپكە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بەرگەن پەتىۋاسى سەۋەبلىك لىۋاندىمۇ پىتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئازغۇن مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى باشتا لىۋانلىقلار تۇرغان دۇنيانىڭ بىر قانچە يېرىدە ۋە ھەبەشىنىڭ دەۋىتىدىن تەسىرلەنگەن بىر قىسىم ئازغۇنلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: ھەبەشلەر ئازغۇن بىر تائىپە بولۇپ، سىرتقى جەھەتتىن ئىسلامغا مەنسۇپتەك كۆرىنىدۇ، ئەمما ئىچكى جەھەتتىن ئىسلامنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ تائىپە ئۆزىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ پرىنسىپلىرىغا چاقىرىش، زامانلارنىڭ بىلەن ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قۇرئان مەخلۇق مەسىلىلىرىگە ئوخشاش باتىل پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنى جانلاندۇرۇش، ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئۆلىمالىرى قارشى تۇرۇپ كەلگەن سۈپەتكە ئائىت ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن تالاش - تارتىشلارغا چاقىرىشتا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىقى، لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان نادانلىق ۋە نامراتلىقنى غەنىمەت بىلدى. ھەدىسشۇناس شەيخ ئالبانىيغا ئوخشىغان زامانىمىزدىكى بىر قاتار ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ كەلدى. شەيخ ئىبنى باز ھىجرىيە **1406** - يىلى **10** - ئاينىڭ **30** - كۈندىكى **2392** - نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەبەش تائىپىسى ئازغۇن تائىپەدۇر، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئەلھەبەشىنىڭ ئازغۇنلىقى، توغرا يولدىن ئازغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇلارنى بويقۇت قىلىش، باتىل ئەقىدىلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋاجىب، كىشىلەرنى ئۇلارغا قۇلاق سېلىشتىن، دېگەن سۆزلىرىنى قوبۇلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.»

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلنىش مەنبەلىرى:

◈ ھەبەشلەرنىڭ كىتاب ۋە رىسالىلىرى:

- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي**: المقالات السنية في كشف ضلالات ابن تيمية.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي**: التعقيب الحثيث.



www.munber.org

- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** النهج السوي في الرد على سيد قطب وتابعه فيصل مولوي.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** الدليل القويم على الصراط المستقيم.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** بغية الطالب في معرفة علم الدين الواجب.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** إظهار العقيدة السنية شرح العقيدة الطحاوية.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** كتاب المولد النبوي.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** صريح البيان.
- **كامال ئەبۇلمىنا (كامال ئەلھۇت):** الرسائل السبكية في الرد على ابن تيمية.
- **كامال ئەبۇلمىنا (كامال ئەلھۇت):** التوفيق الرباني في الرد على ابن تيمية الحراني.
- **ئابدۇللاھ ئەلھەبەشي:** بهجة النظر.
- "منار الهدى" **ژۇرنىلى.**

◈ **ئۇلارغا رەددىيە قايتۇرغان كىتاب ۋە رەددىيەلەر:**

- **شەيخ ئۇسمان ئەسسافىي:** الرد على الشيخ الحبشي.
- **ئۇسامە ئەلقەسساس:** استواء الله على العرش.
- **ئۇستاز ئىۋەز مەنسۇر:** الاستواء بين التنزيه والتشويه.
- **شەيخ ئەلھاشىمىغا:** إطلاقة الأعنة.
- **ئەدنان ياسىن ئەنقەشبەندىي:** رسالة الرد على الحبشي في موضوع إعانة الكافرين على كفرهم.
- **ئابدۇرراھمان دەمەشقىيە:** عبدالله الحبشي: عقائده وشذوذه.
- **ئابدۇرراھمان دەمەشقىيە:** الرد على عبد الله الحبشي.
- **ئابدۇرراھمان دەمەشقىيە:** بين أهل السنة وأهل الفتنة.
- **ئابدۇرراھمان دەمەشقىيە:** شبهات أهل الفتنة وأجوبة أهل السنة. **قولىيازما ۋە ئۇنئالغۇ لىنتىسى.**
- **شەيخ ئۇسمان ئىبنى ئابدۇلقادىر ئەسسافىي:** الأضواء الساطعة على ما في كتاب "الدليل القويم على الصراط" من أفكار زائفة وعقائد زائغة.
- **«فۇرقان ژۇرنىلى» كۇۋەيت، 23 ـ سان، 1413ھ/1993م، ئىسلام مەدەنىي مىراسلىرىنى جانلاندۇرۇش جەمئىيىتى نەشر قىلغان ـ كۇۋەيت.**

www.munber.org

- «مۇجتەمەئ» ژۇرنىلى، 1029 ـ سان، جامادىئۇل ئاخىرنىڭ 20 ـ كۈنى 1413ھ/ 15 ـ دېكابىر، 1992م، ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتى نەشىر قىلغان ـ كۇۋەيت.

- «مۇجتەمەئ» ژۇرنىلى، 679 ـ سان، 10/2/1993.

- «شىرائ» ژۇرنىلى ـ لىۋان، مۇئاۋىن پارلامېنت رەئىسى ئەدنان ئەتتىرابلىسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت، 574، 639 ـ سان، 1/8/1994.

- «ئەلمۇسلىمۇن» گېزىتى، 407 ـ سان، 20/1/1992 ـ 410 ـ سان، 11/12/1992.

- «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتى، 5117 ـ سان، 1/12/1992.

شەيخ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلئالبانىي: الرد على الأحباش، ۋىدىيو لىنتىسى.

www.munber.org

# ئەنسارلار

## ئېنىقلىما:

«ئەنسارلار» ئىرقچى باتىنى پىرقە بولۇپ، ئاتمىشىنچى يىللاردا (20 ـ ئەسىر ـ ت) ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى نېگىرلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە پائالىيەت كۆچىگە قاراپ كانادا، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىلارغىچە تارقالغان. بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ئىسلامغا، سۇداندىكى مەھدىيچىلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسىمۇ، ئەقىدىسى خرىستىيان، يەھۇدىي، بۇددىست ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ پىرقىنىڭ قۇرغۇچىسى دۋايت يورك 1935 ـ يىلى نيۇيورك شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. زەھەرلىك چېكىملىك سەۋەبىدىن ھاياتىنىڭ بىر مەزگىلىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ تۈرمىدا ئىسلام پرىنسىپلىرى بىلەن تونۇشقان، خرىستىيان، يەھۇدىي ۋە باشقا دىن ۋە پىرقىلەرنى ئۆگەنگەن. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، نيۇيورك شەھىرىنىڭ بروكلىن مەھەللىسى، ستايت سترىيت مەسچىتىدە مۇسۇلمان بولغان ۋە ئۆزى ئىسا ئابدۇللاھ دېگەن ئىسمىنى قوللانغان. ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ئېنېرگىيىسىنى ئۆز دەۋرىدىكى مىللىي تۈيغۇلاردىن ئالاتتى. ئىسامۇ نيۇيورك ئەتراپىدىكى نېگىر ياشلارنى ئىسلامغا چاقىرىشقا باشلىغان. مىللىي خاھىشى ئېغىر بۇ چاقىرىقتا ئۇ، ئىنجىل ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ نەسلىرىنى تەۋىل قىلىشقا تايانغان. پىرقىسىگە بىر لوگو قوللانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ھىلالنى، ھىلالنىڭ ئىچىگە داۋۇد يۇلتۇزىنى، ئۇنىڭ ئىچىگە پىرئەۋنىنىڭ كىرىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان. باشتا پىرقىسىنى «ساغلام سۇفىي ئەنسارلىرى» دەپ ئاتىغان، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، پىرقىسىنىڭ ئىسمىنى سۇدان ۋە مىسىردىكى نەۋبە قەبىلىسىگە مەنسۇپلىقى ۋە مىللىي يۇزلىنىشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەپ «نوبىيانلار» دەپ ئۆزگەرتكەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئىسمىنى تەكرار ئۆزگەرتىپ «ئەنسارۇللاھ جەمئىيىتى» دەپ ئاتىغان ۋە دەسلەپتە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سول قولىقىغا كىچىك سۆڭەك پارچىسى ئېسىشىنى، غەربىي ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن قارا دوپپا ۋە كىيىم كىيىشىنى تاڭغان. ئارقىدىن كېيىنىشنى بورۇنغا كۈمۈش ھالقا ئېسىش، باشقا سەللە ئوراش بىلەن سودانىنىڭ كېيىمنى كېيىشكە ئۆزگەرتكەن.

www.munber.org

◈ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم:

- ئىسا ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كوللىكتىپ تۇرالغۇدا تۇرۇشىنى شەرت قىلغان. ئاياللار ئايرىم، ئەرلەر ئايرىم خانىلارغا، باللار يەنە ئايرىم بىر خانىگە توپلىنىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئاياللارنىڭ خانىسى تەرەپتە ئەر - خوتۇنلارنىڭ نۆۋەت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى ئۈچۈن بىر ياتاق ئاجرىتىپ، ئۇنى «يېشىل خانە» دەپ ئاتىغان. پىرقە ئاياللىرى بىلەن خانىلىرىدا ئەركىن ئارىلىششىغا بولىدىغان بىرلا كىشى ئىسا ئىدى. باشقىلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولۇشى، ئۇنىلغان ئاياللارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن هامىلدار قىلىشى سەۋەپلىك بۇ پىرقىدىن چىكىنىپ چىقىدىغان ئايال ئەزالارنىڭ ئىلتىماسلىرى كۆپىيىپ كەتكەن. ئىبىسا، پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆت خوتۇنىدىن باشقا، بەزى ئاياللارنى قۇل سۈپىتىدە تاللىۋالغان. ئۇ ئاياللىرى ۋە قۇللىرىدىن باشقا بارلىق ئاياللارغا تاماق ئىتىش، كىيىم تىكىش، كىر يۇيۇش ۋە ئۇنىڭ نامىدا كىتاب يېزىپ ئىيلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇمات توپلاشقا ئوخشىغان مۇئەييەن كوللىكتىپ ۋەزىپىلەرنى بەلگۈلەپ بەرگەن.

- ئىسا ئۆز پىرقىسىگە يېڭىدىن قوشۇلغانلارنىڭ يېنىدىكى بارلىق مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى ۋە ئىشلەيدىغان، ئۇنىۋېرسىتىتلاردا ئوقۇيدىغانلارنىڭ خىزمەت ۋە دەرىسلىرىنى تاشلىشىغا مەجبۇرلىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ ماددى ياكى پىكرىي مۇستەقىللىقىنى قولىغا بەرمەسلىك ئۈچۈن، يېقىن - يۇرۇقلىرىنى بويىقۇت قىلىشقا، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە چاقىردى. ئىسا، ئۆز دەۋرىدە ئاق تەنلىك ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان «هارى كىرىشان» ئىسىملىك هىندۇس پىرقىسىنىڭ كوللىكتىپ تىلەمچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىپ، بارلىق ئەر ئەگەشكۈچىلىرىگە تاڭدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، نيۇيورك مەهەللىلىرىنىڭ كوچا دوقمۇشلىرى، كەنەدىي ئايرودرومىنىڭ پىيادىلەر يوللىرى، پويىزلاردا پەيدا بولۇپ، قوياش كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ تا پاتىدىغان چاغقىچە تىلەمچىلىك قىلىشتى، تاپقانلىرىنىڭ هەممىسىنى ئىسانىڭ خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىشىغا تاپشۇرۇدى. ئىسا تەرىپىدىن بەلگۈلەپ بىرىلگەن تۆۋەن ئۆلچەم 50 دوللارنى توپلىيالمىغانلارنىڭ كېچىدە ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولۇشىنى چەكلەندى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ئىسا 1973 - يىلى سودانىنى زىيارەت قىلىپ، مەهدىي ئائىلىسى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇ ئائىلە كىشىلىرى بىلەن بىر قانچە پارچە رەسىمگە چۈشۈۋالغان. ئامېرىكىغا قايتىپلا ئىسمىنى ئىسا ئابدۇللاھ ئەلمەهدىيگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ مۇهەممەد ئەهمەد ئەلمەهدىينىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە رەسىملەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە سوداندا ئۆتكۈزگەن تۆت ئاي جەريانىدا شەرىئەت ئىلىملىرى بويىچە دوكتورلۇق دىبلومىغا ئېرىشتىم، دەپ بىلجىرلىغان. سادىق ئەلمەهدىي ۋە ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرى نيۇيوركتا ئۇنى

www.munber.org

زىيارەت قىلغان، سادىقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن يەرلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن يەرلىرىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا دەۋەتنى ھىمايە قىلىپ خۇتبە سۆزلەۋاتقان ھالالەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈرەتكە ئېلىۋالغان ۋە يەنە بىر قېتىم ئىسمىنى ئىسا ئەلھادىي ئەلمەھدىيگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزى ۋە ئائىسىنىڭ ئىسمىنى مەھدىيلىك دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ نەسەپ شەجەرىسىگە قوشۇپ قويغان.

◈ ئىسا يەتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەسىرنىڭ مۇجەددىدى (يېڭىلىقچىسى) دەپ ئېلان قىلغان ئىبنى ئەلجاھ مۇھەممەد (ۋارىسۇددىن مۇھەممەد نامى بىلەن تونۇلغان) بىلەن رىقابەتلەشكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئەسىرنىڭ مۇجەددىدى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنگە ئىگە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى كىتابلىرىدا ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويغان.

◈ ئەگەشكۈچىلىرى ئاق تەنلىكلەرنى ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئەمەس، ئۇلارنىڭ روھلىرى يوق، ئۇنىڭ تەنلىرىگە يامان روھلار چاپلىشىۋالغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئاق تەنلىكلەر ئادەم سۈرىتىدىكى شەيتانلاردۇر. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قارا تەنلىكلەردىن چىققان، دەپ ئېتقاد قىلىدۇ.

◈ ئىسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مەريەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، نەتىجىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان، ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئاللاھ تائالا دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتمىگەن، بەلكى زېمىندا ۋاپات بولغان، دەپ بىلجىرلىغان.

◈ ئىسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىسامۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۇ ئىككى كىتابنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

◈ ئىسا يەنە، ئادەم، شىيس، ئىبراھىم ۋە ئىدرىس ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل بولغان مۇسھەفلەرنى تاپقانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر قىسىم نەسلىرىنى ئىنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى دەۋا قىلىدۇ.

◈ نامازغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىلاۋە قىلغان. مەسىلەن نامازخان ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا (ئىي ئاللاھ، رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد ئەھمەدكە سالام يوللا) دېگەنلەرنى ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللاشنى شېرىك، ئاللاھنى قويۇپ پەيغەمبەرگە ئىبادەت قىلغانلىق، دەپ ئەمەلدىن قالدۇرغان.

◈ ئەگەشكۈچىلىرىنى جۈمە كۈنىنى ھەپتىلىك بايرام كۈنىنىڭ يەنى شەنبە كۈنىنىڭ باشلىنىشى، دەپ ھېسابلايدۇ. شەنبە كۈنى ئۇلار يەھۇدىيلاردىن قوبۇل قىلغان بەزى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدۇ.

◈ ئەنسارلار جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى نەپسى (نەپسى ئارقىلىق ھېس قىلىنىدىغان) نېمەت، جەھەننەمنىڭ ئازابلىرىنى نەپسى ئازاب، ھەقىقي ئەمەس، دەپ ئېتقاد قىلىدۇ.

www.munber.org

◈ ئەنسارلار تۇگە ۋە كىلە گۆشى يېيىشنى هارام دەيدۇ، شەنبە ئىشلەشنى جائىز ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئاياللارنىڭ كۆتىگە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى هالال سانايدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن هاراق ئىچىشنى مۇباھ، دەپ قارايدۇ.

◈ بۇ پىرقىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى، ئىككى پارچىدىن ئارتۇق كىتابى بولۇپ، ھەممىسى ئىساغا مەنسۇپتۇر. بۇ ماتېرىياللار سۆزلىنىۋاتقان پىرقىنىڭ پىكىرلىرى، ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە سوداندىكى مەھدىيلىك دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ ۋەزىپە قىلىپ ئوقۇلىدىغان ۋىردلىرىنىڭ تەرجىمىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسىم ئايەتلىرىنىڭ تەرجىمە، تەپسىرلىرىمۇ بار.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

بۇ پىرقىنىڭ مەركىزى نيۇيوركتا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ۋاشىنتون، فىلادېلفىيا، كانادانىڭ مونترىيال، ئوتتۇرا ئامېرىكىنىڭ ترىنىداد ئارىلىدىكى سان ۋان قاتارلىق شەھەرلىرىدە چوڭ ـ چوڭ مەھەللىلىرى بار. ئۇنىڭ يەنە جورج تاۋن، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ گىيانا جۇمھۇرىيىتى ۋە كارىيبى دېڭىزىنىڭ سانت ۋىيسانت ئارىلىدا ئوتتۇراھال شۆبىلىرى بار.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى:</u> ئەنسارلار ئاتمىشىنچى يىللاردا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى نېگىرلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن باتىنىي، ئىرقچى پىرقىدۇر. ئۇ ئامېرىكىدىن خوشنا دۆلەتلەرگە كېڭەيگەن. ئۇ ئىسلامنى دەۋا قىلىدۇ، سوداندىكى مەھدىيىيە ھەرىكىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ پىرقىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئاق تەنلىكلەرنىڭ روھى يوق، ئۇلار ئىنسان ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ پىرقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۆزىنىڭ تەڭگە ئىگە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. مەريەم رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ناھايىتى ئېغىر بۆھتانلارنى قىلىپ، جىبرىئىلنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغانلىقى، نەتىجىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغقانلىقىنى ئېيتقان. بۇ پىرقە تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆتىگە جىنسىي ئالاقە قىلىشنى ھالال، دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىشلار، يوچۇن ئەقىدىلەرمۇ بار.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

ـ ئەبۇ ئەمىينە بىلال فىلىپس: الفرق الباطنية المعاصرة في الولايات المتحدة، نەشىر قىلىنمىغان ـ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ماگىستىرلىك تېزىسى بولۇپ، 1985 ـ يىلى رىيادتىكى پادىشا سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتىغا سۇنۇلغان.



www.munber.org

# خۇمەينىيە

## ئىنقىلما:

خۇمەينى ئۆزگىچە پىكىر ۋە قاراشلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇ پىكىرلەرنى ئىران ھۆكۈمىتىگە تاڭدى، ئىران سىرتىدىكى بەزىلەر بۇنى قوللىمىدى دېگەندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئىراندىكى شىئەلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى.... بۇ ئەھۋال بىزنى ئۇنىڭ بىدئىتىنى «خۇمەينىيە» دەپ ئاتىشىمىزغا ئېلىپ باردى. بۇنداق ماۋزۇ قويۇش بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ھەقىقەت.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ خۇمەينى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ ئارىسىدا ئىمامچىلىق مەزھىپىنىڭ ئىماملىرىنىڭ ھېچبىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىجتىھادى سانىلىدۇ. بۇلاردىن ئىران دۆلەت دەستۇرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

◈ فىقھىي ئالىمنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگەللىشى(ولاية الفقيه): خۇمەينى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىر ئىلمىي ئىقتىدار ۋە ئادالەت سۈپىتى مۇجەسسەملەشكەن فىقھىي ئالىمنىڭ خەلق ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىشى، شەرتسىز باشقۇرىشى ئۈچۈن كۈتىلىۋاتقان غايىب ئىمامنىڭ ئورنىدا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئېتىقاد ئاساسىغا قورۇلغان. بۇ پىكىر شىئە مەزھىپىنىڭ مەيلى ئۆتمۈشتىكى، مەيلى ھازىرقى زاماندىكى ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان. ھالبۇكى ئۇلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرى شەرتسىز ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىنساپلىق فىقھىي ئىمامنىڭ مۇئەييەن ئورگانلارغا رەھبەرلىك قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك دەلىلگە تايانغان:

بىرىنچى: مەئسۇم (گۇناھلاردىن خالى) ئىماملارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىلغان، مەيلى ئومۇمىي ۋە مەيلى خۇسۇسىي ھۆكۈملەر دائىرىسىدە بولسۇن، فىقھىي ئالىمغا شەرتسىز ھالدا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئىشارە قىلىدىغان بىۋاستە دەلىللەرنىڭ بولماسلىقى.

ئىككىنچى: فىقھىي ئالىمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇنىڭ بىلەن مەئسۇم ئىمامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكىنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى مەيلى ئەقلىي، مەيلى نەقلىي (شەرئىي) پاكىتلار كۈچلەندۈرمەيدۇ.

- مەنتىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فىقھىي ئالىمغا ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش ھەققىنى بېرىش ئۇنىڭ ئورنىنى مەئسۇم ئىمام ئورنىغا كۆتىرىش، دېگەنلىك



www.munber.org

بولۇپ، بۇ ئىدىيىنى خۇمەينى مەھدىنىڭ غايىبلىق مەزگىلىدە ئومۇمىي جەھەتتىن ئىماملىق ۋە رەھبەرلىكنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش چاقىرىقى ئاستىدا ئۆزى ئۇچۇنمۇ بۇنى تەلەپ قىلغان. فىقھىي ئالىمنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگەللىشى توغرىسىدىكى بۇ ئىدىيە ئىستىبدادقا، ھۆكۈمەت، قانۇن، فىقھىي ۋە ھۆكۈملەرنى چۈشىنىشنىڭ مونوپول قىلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ھاكىم خاتالىقتىن خالى بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ، ھېچقانداق بىر ئىمام ئۇنى ھېچقانداق بىر ئىشتا خاتا قىلغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ، ھەتتە كېڭەش مەجلىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ.

◈ خۇمەينىنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ساماۋىي رىسالىلەرنى تولۇقلىمىغان، دۇنيادا ئادالەت ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن، كىشىلەر ئارىسىدا مۇكەممەل ئادالەتنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇۋەپپەق بولىدىغان كىشى كۈتىلىۋاتقان مەھدىيدۇر، دېگەن قارىشى.

ـ بۇ قاراشنى خۇمەينى ھىجرىيەنىڭ **1400** ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ **15** ـ كۈنى، شىئە ئىماملىرىنىڭ بىرى ئىمام مەھدىينىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش پائالىيىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

ـ ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئىسلام ئەقىدىسى ماقۇل كۆرگەن بارلىق پرىنسىپلارغا قارشى ئىدىيىدۇر. چۈنكى بۇ قاراشتا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەڭ بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تەلىماتلىرى، ئۈممەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قاتارلىقلار ئىنكار قىلىنىدۇ. ئەمما، ئاللاھ تائالا: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1] بۇ سۆزىدە ئېيتقاندەك، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ تولۇق رىسالىلەرنى ئەۋەتكەن.

◈ خۇمەينى ئىماملارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىزاھلاپ: ئىماملارنىڭ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك مەرتىۋىسى، يۈكسەك دەرىجىسى ۋە بۇ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرگە قارىتىلغان ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇشقا بويسۇنىدىغان بىرىككەن خەلىپىلىك ئورنى بار، دەيدۇ.

ـ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىماملارنىڭ مۇگدىشى ياكى غاپىل بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.»

ـ ئۇ يەنە «ئىماملىرىمىزنىڭ نە يېقىن پەرىشتە، نە پەيغەمبەر يېتىپ بارالمايدىغان ماقاملىرى بار، دېيىش مەزھىپىمىزنىڭ زۆرۈر مەسىلىلىرىنىڭ بىرى» دەيدۇ.

ـ ئىماملارنىڭ تەلىماتلىرى قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىبتۇر.

ئۇ، بۇ ئىدىيىلىرى بىلەن، ئىماملارنى (ئاللاھ پاناھىدا ساقلىسۇنكى) ئىنسانلارغا بېرىلگەن ماقاملارنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.

[1] مائىدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

www.munber.org

◈ شىئەلەرنىڭ قارىشىدىكى دوست ـ دۈشمەنلىك قارىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىماملارنى سۆيۈش، دۈشمەنلىرىدىن قول ئۈزۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئىماملارنىڭ دۈشمەنلىرى ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)دۇر. خۇمەينى سەجدىلەرنى دوست ۋە دۈشمەنلىك دۇئاسىنى قىلىدىغان جاي قىلىپ بەلگۈلىۋالغان بولۇپ، ئۇ دۇئاسىدا: «دىنىم ئىسلامدۇر، پەيغەمبىرىم مۇھەممەدتۇر، ئىماملىرىم ئەلى، ھەسەن، ھۈسەين...(ئاخىرىغىچە سانايدۇ) قاتارلىقلاردۇر، ئۇلارنى سۆيىمەن، دۈشمەنلىرىدىن قول ئۈزىمەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شىئەلەردە خۇمەينىغا ئائىت، ئىراننىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن، كىتابلىرىدا نەشىر قىلىنغان ئومۇمىي پىكىر ۋە قاراشلار مەۋجۇت.

◈ خۇمەينىنىڭ قارىشىچە ھۆكۈم قوبۇل قىلىش مەنبەلىرى بارلىق شىئە مەنبەلىرى بولۇپ، مۇھىملىرى تۆت كىتابتىن ئىبارەت:

ـ مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئەلكۇلەينى ئەررازىي تەرىپىدىن يېزىلغان «كتاب الكافي» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدىكى «بۇخارىي» نىڭ ئورنىدا قارىلىدۇ.

ـ ئۆزلىرىنىڭ ھەدىسشۇناسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى بابەۋەيھ ئەررازىي تەرىپىدىن يېزىلغان«من لايحضره الفقيه» ناملىق كىتابتۇر.

ـ ھىجرىيەنىڭ 460 ـ يىلى نەجەفتە ۋاپات بولغان شەيخ ئەتتائىفە ئىبنى ئەلھەسەن ئەتتۇسىي تەرىپىدىن يېزىلغان «تهذيب الأحكام» ناملىق كىتاب.

ـ يەنە ئەتتۇسىينىڭ «الاستبصار» ناملىق كىتابى.

خۇمەينى بۇ تۆت كىتابقا تايىنىدىغان بولۇپ، بۇلارنى بارلىق ئىشەنچلىك سۈننەت كىتابلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويىدۇ.

◈ تەقىييە (تەقۋالىق) شىئە مەزھىپىنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە خۇمەينى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تەقىييە نەپسىنى ئەمەس، مەزھەپنى يىمىرىلىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۈتۈلىدۇ.»

◈ ئىمام بولمىغان ئەھۋالدا ئىسلامىي جىھاد بىكار قىلىنىدۇ.

◈ خۇمەينىنىڭ ساھابىلەرگە بولغان قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك شىئەلەرنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش.

◈ ئۇنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىگە بولغان قارىشىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىسلام پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزگىلىدىلا ۋەكىللىك ئورنىغا ئىگە بولغان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ خۇمەينى باغدادنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغان، ئىسلام خەلىپىلىكىنى يوق قىلغان ھۇلاكۇنىڭ ۋەزىرى نەسىرۇددىن ئەتتۇسىيغا ئوخشاش دىنسىزلارنى ئىشەنچلىك، دەپ قارايدۇ.

◈ ئەسلى پارىسلارنىڭ بولغان نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈشمۇ بار بولۇپ، بۇ كۈندە يۇيۇنۇش ۋە روزا تۇتۇشنى يوللۇق، دەپ قارايدۇ.



www.munber.org

◈ خۇمەينىنىڭ «تحرير الوسيلة» ناملىق كىتابىدا ئۆزىگە خاس ۋە ئومۇمىي شىئەلەرگە ئائىت فىقھىي قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام سۈننەتكە تايانغانلىرى يوق:

- ئىستىنجا قىلغان سۇنىڭ پاكىزلىقى.
- نامازنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى قولنى قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش.
- پاكىزلىق نامازنىڭ پەقەت سەجدىدىن باشقا ئورۇنلىرىدا شەرت ئەمەس.
- ئاياللارغا ئارقا تەرىپىدىن يېقىنلىشىش جائىز.
- بىر ئايالنى ھاممىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىشنىڭ جائىزلىقى.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ئىمامىلىقنى ياقلايدىغان شىئەلەر ياكى جەئفەرىيلەر مەزھىپى خۇمەينى پىكىرلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خۇمەينى پىكىرلىرىنى شىئەلەرنىڭ كىتابلىرى ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن... ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەزھىپىگە نىسبەتەن رادىكال ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: خۇمەينىيىنىڭ بارلىق پەلسەپىسى ئىسلام تارىخىنى بورمىلاپ ئوقۇش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق كىشىلىرى، باشتىكى قۇرغۇچىلىرى ۋەيران قىلىش، خۇنۇكلەشتۈرۈش، بورمىلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەھلى بەيتكە بولغان كۆچلۈك سۆيگۈسى نامىدا ئەقىدىنى ۋەيران قىلىش، ئىسلامىي سىمۋوللارنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ يۈكسەك مەقسەتلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. قۇرئاننى كەمىتىش كەملىكى، ئۆزگەرتىلگەنلىكى، ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىشى، ئۇممەتنىڭ ئىجماسىغا (بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلىرىگە) قارشى چىقىش، ۋاقىتلىق نىكاھ (مۇتئە)نى جائىز، دەپ قاراش، مەزھەپچىلىكنى ئىران دەستۇرىنىڭ بىر ماددىسىغا ئايلاندۇرۇش، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىستىراتىگىيىلىك ئىتتىپاقلىشىشلار ۋە بۇلاردىن باشقا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىشتەك ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان مەسىلىلەرنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- د.ھەسەن ھەنەفىي (ھازىرلىغۇچى): الحكومة الإسلامية (ولاية الفقية)، قاھىرە - 1979م.



www.munber.org

- خۆمەینی: تحرير الوسيلة.
- د.ئابدۆللاھ مۆھەممەد ئەلغەریب: وجاء دور المجوس.
- د.ئەھمەد ئەلئەفغانـي: سراب في إيران.
- د.ئابدۆللاھ مۆھەممەد ئەلغەریب: الخميني بين التطرف والاعتدال.
- ئەھمەد مۆغنىييە: الخميني في أقواله وأفعاله.
- فەتھـي ئابدۆلئەزىز: الخميني الحل الإسلامي البديل.
- ھەسەن ئەززەين: الثورة الإيرانية في أبعادها الفكرية والاجتماعية.
- د.فارۇق ئابدۆسسالام: ولاية الفقية في ميزان الإسلام، قاھىرە - 1407ھ.
- (بىر گۇرۇپ مۆتەپەككۇرلار): نهج خميني في ميزان الفكر الإسلامي.
- د.مۆھەممەد ئەمماره: الفكر القائد للثورة الإيرانية، قاھىرە - 1402ھ/1982م.
- د.مۇسا ئەلمەۋسۇۋي: إيران بعد سقوط الخميني، د.سەمىير ئابدۇلھەمىيد ئىبراھىم (چىسلا ۋە نەشرىيات ئىسمى بىرىلمىگەن).

www.munber.org

# ئەمەل
# (لىۋان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى)

**ئېنىقلىما:**

«ئەمەل ھەرىكىتى» شىئەلەرنىڭ مەھرۇم قىلىنغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ ھەربىي قانىتى بولۇپ، لىۋاندىكى دىنىي ئېقىملار توقۇنۇشىدا سۈننىيلەردىن پەرقلىق بىر مەزھەپ سۈپىتىدە شىئەلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، 1975 ـ يىلى مۇسا سەدىر تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان لىۋان شىئەلىرىنىڭ قوراللىق ھەرىكىتىدۇر.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ ھىجرىيە 1393 ـ يىلى (1973م) دىكى رامىزان ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇسا سەدىر يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشتا مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىنلىك شىئەلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق توقۇنۇش سەۋەبى بىلەن لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى شىئەلەرنى ھازىرلىقتا سەپەرۋەر قىلدى. ھىجرىيە 1394 ـ يىلى (1974م) سەدىر لىۋاندىكى شىئەلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن مەھرۇم قىلىنغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەسىس قىلدى. بۇ ھەرىكەتكە قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە 1975 ـ يىلى بۇ ھەرىكەتنىڭ نامىنى «لىۋان قارشىلىق كۆرسىتىش» ھەرىكىتى، دەپ ئاتىدى. بۇ خەلق ئەسكەرلىرى ھەرىكىتى قىسقارتىلىپ «ئەمەل» (ئۈمىد) نامى بىلەن تونۇلدى. ئەمەل ھەرىكىتى پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ گازارمىلىرىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆردى.

◈ ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرى مۇسا سەدىرنىڭ نامەلۇم بىر سەۋەب بىلەن يوق بولۇپ كېتىشىگىچە بولغان جەريانىدا ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەشكىلاتنىڭ ھازىرقى قوماندانى نەبىيھ بەررىيئىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

ئەمەل ھەرىكىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر:

◈ مۇسا سەدىر: 1928 ـ يىلى ئىراننىڭ قۇم شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرئىي ئىلىملىرى ئەمەس، ھوقۇق، ئىقتىساد ۋە سىياسەت پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ خۇمەينى بىلەن توققاندارچىلىقى بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا خۇمەينىنىڭ ئوغلى ئەھمەد مۇسا سەدىرنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن. سەدىرنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى خۇمەينىنىڭ نەۋرىسى بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان. سەدىر 1958 ـ يىلى ئىران پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن

www.munber.org

لىۋانغا بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. 1958 ـ 1964 ـ يىللىرى لىۋاننىڭ جۇمھۇرىيەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن فۇئاد شىھادنىڭ قارار چىقىرىشى بىلەن لىۋان پۈخرالىقىغا ئۆتكەن. بۇ تۈردىكى بۇ خىل يىگانە قارارنىڭ سىرلىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ؛ چۈنكى لىۋاننىڭ پۇخرالىقىغا خىرىستىيانلاردىن باشقىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. لىۋاندا قەدىمدىن بىرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمما لىۋان گىرەجدانلىقىغا ئۆتەلمىگەن قەبىلىلەر ۋە لىۋان خەلقلىرى بار تۇرۇغلۇق، قانداقسىگە ئىرانلىق بىر مۇسۇلمانغا بۇنداق تېز سۈرئەتتە پۇخرالىق سالاھىيىتى بېرىلدى؟!

ـ ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا سەدىر ئۆزىنى شىئەلەرنى قوماندانى قىلىپ بەلگۈلىدى. بۇ مەنسەپ 1969 ـ يىلى شىئەلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان شىئەلەر ئالىي كېڭەشىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندە ماقۇللاندى. مارۇنىيلارنىڭ ماقۇل كۆرىشى ۋە سەدىر كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا لىۋاندىكى سىياسىي ھاياتتا ئۇلارنىڭ ئاۋازى يۇكسىلىشكە، تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شىئەلەر ئالىي كېڭەشىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى بىلەن لىۋاندىكى شىئەلەر سۇننىيلەردىن ئايرىلىپ، مارۇنىيلارغا ئوخشاش مۇستەقىل تائىپە تۈرىگە كىردى. بۇلاردىن كېيىن سەدىر مەكتەپ ۋە كەچلىك يىغىلىش سورۇنلىرىنى تەسىس قىلدى ۋە ئۇ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ گۇمان تۇسى كۈچلۈك سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلدى.

ـ سەدىر 1978 ـ يىلى لىۋىيەگە قىلغان بىر قېتىملىق زىيارىتى مەزگىلىدە ئوتتۇرىدىن غايىب بولدى. لىۋىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى ياۋرۇپاغا كەتكەن، دەپ باياناتا بەردى. ئۇنىڭ يوق بولۇپ كېتىش سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى.

◈ نەبىيە بەررىئ: لىۋانلىق ئادۇكات، ئۇ سىرالىيۇندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغاندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ كۆپىنچە مەزگىلىنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ئۆتكۈزگەن. دېترويتتىن لىۋاندىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئادەم بولۇش كەلگەن ياكى كەلتۈرۈلگەن. 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەمەل ھەرىكىتى رەھبەرلىك كېڭەشىنىڭ رىياسەتچىلىكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان.

◈ مەھدىي مۇھەممەد شەمسۇددىين: شىئەلەرنىڭ مۇپتىسى ۋە لىۋان شىئەلەر ئالىي كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ ئەمما مۇسا سەدىر ھازىرغىچە ئۇ ئورگاننىڭ رەئىسى، ھېسابلىنىدۇ.

◈ ھۈسەيىن ئەلھۇسەينى: ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

◈ مۇستەفا جەمران ياكى مۇستەفا شەمران: ئىراندىكى شىئەلەر ئىنقىلابى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ لىۋاندا شۇنداق، دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئىراندا شاھقا قارشى ئىنقىلاب قوزغالغاندىن كېيىن، ئىراننىڭ مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان. ئۇ مۇسا سەدىر ئەڭ چوڭ ياردەمچىلىرىنىڭ بىرى. ئىران ئىنقىلابى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئەمەل ھەربى ھەرىكىتىنىڭ شۆبىلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

◈ ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ مەزھىپى شىئە بولۇپ، بارلىق ئېتىقادلىرىدا جەئفەرىي مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ.

◈ ئىنقىلاب ۋە قوراللىق توقۇنۇش ئەمەل ھەرىكىتىنى تەسىس قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنىڭ بىرى، بىراق بۇ ئىنقىلاب كىمگە قارشى؟!

- مارۇنىيلارغا قارشى ئەمەس؛ چۈنكى مارۇنىيلار ھەرىكەتنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى مۇسا سەدرىگە ياردەم بەردى، گېرەجدانلىق بېرىپ، ئۇنىڭغا بارلىق ئىشىكلەرنى ئېچىپ بەردى... ئۇنى لىۋاندىكى شىئەلەرنىڭ داھىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

- يەھۇدىيلار (ئىسرائىل)غىمۇ قارشى ئەمەس؛ چۈنكى مۇسا سەدرىنىڭ ھەققىي ئوبرازى ئاشكارىلانغاندىكى باياناتلىرى بىلەن روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ: «بىز ئىسرائىل بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدىكى كىشىلەر ئەمەسمىز، پىدائىي ھەرىكەتلىرى بىزنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

- ئۇنداقتا ئۇلار قارشى تۇرىدىغان سۈننىيلەر بىلەن سۈننىيلەردىن تەشكىللەنگەن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك، دەپ ھېسابلايدىغان پەلەستىن تەشكىلاتلىرىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ... بۇ مەسىلە ئىش ئۇنىڭ تىزگىنىگە ئۆتكەندىن كېيىن لىۋاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئارقىلىق ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى. 1974-يىلى لىۋان گېزىتلىرى ئۇنىڭ «ئىنقىلاب كەربالا قۇملۇقىدا ئۆلمىگەن، بەلكى ئۇ ئىسلام ئالەمىنىڭ ھايات ئېقىمىدا مەۋج ئۇرىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى، يەنە «بۈگۈندىن باشلاپ شىكايەت قىلمايمىز، يىغلىمايمىز، بىزنىڭ ئىسمىمىز ”رافىيلار“ يەنى ئىسيانكار كىشىلەر. ھۈسەيىن يەتمىش كىشى بىلەن دۈشمەنگە دۇچ كەلدى، ئۇ چاغدا دۈشمەنلەر كۆپ ئىدى. ئەمما ھازىر بىز يەتمىشتىن ئارتۇق، دۇنيانىڭ تۆت بىر نۇپۇسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز سانالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى نەشر قىلدى.

◈ مۇسا سەدرىنىڭ ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى سانىلىدىغان مەھرۇم قىلىنغانلار ھەرىكى ئۈچۈن كۆتىرىپ چىققان شۇئارلىرىنى بايان قىلساق يامىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان بۇ شۇئارلارنىڭ بىر قىسمى ئاللاھقا ۋە لىۋاننىڭ ئاسارە ئەتىقىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك... ، بولۇپمۇ جەنۇب تەرەپتىكى قۇماندانلىرىنىڭ ئىسرائىل بىلەن پەلەستىن ئازادلىقى توغرىسىدا قىلغان مۇئامىلە شۈبھىلىرىنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرگەن شۇئارى «بۇ ھەرىكەت شىئەلەرنىلا ئەمەس، بارلىق مەھرۇم قىلىنغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئەمەل ھەرىكىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ دىنىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئاساسلىق غېمى لىۋان، سىرت بىلەن ئالاقىسى يوقتەك تۇيغۇ بېرىدىغان

www.munber.org

سىياسىي ھەرىكەت... ئەمما ئەمەلىيەت بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇسا سەدىرنىڭ قولىدا تەسىس قىلىنغىنىدىن تارتىپ، سۈننىيلەرگە قارشى رادىكال شىئەلەر پىكرى بىلەن چىتىشلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ لىۋاندىكى سۈننىيلەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تۈزگەن ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىتتىپاقلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ... گەرچە ئەمەل ھەرىكىتىگە قارىغاندا دىنىي يۆزلىنىشى كۈچلۈكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئىران تەرەپدارى ھىزبۇللاھ پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىغا قارىماي، ھېلىھەم دۈشمەنلەر تەرىپىدىن سىزىلغان رولنى ئويناش ئۈچۈن بارلىق ياردەملەرنى سىرتتىن ئېلىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: لىۋاندىكى ئەمەل ھەرىكىتى دىنىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى سېكولارىزمچە ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن مۇئەييەن تائىپىگە قاراشلىق مەنپەئەتلەرنى چىقىش قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ بارلىق مەھرۇم قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىدۇر. ئەھدىنامىسى ئىسلامىي مەلاردىن يىراق بولۇپ، لىۋاندا ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا چاقىرمايدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەھدىنامىسى 1975 ـ يىلى كۆپىنچىسى خرىستىيانلاردىن تەشكىللەنگەن 180 كىشىلىك زىيالىيلار ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ ھەرىكەت بەزىدە مەنپەئەتلەرنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قېلىشى تۈپەيلى، يەنە بەزىدە بۇ مەنپەئەتلەرنى تەقسىم قىلىشىش مەسىلىلىرىدە، غەربىي بېيرۇت، لىۋاننىڭ جەنۇبىدا پەلەستىنلىكلەرگە قارشى سەھيۇنىزم كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- د.ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئەلغەرىب: وجاء دور المجوس.
- د.ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئەلغەرىب: أمل والمخيمات الفلسطنية، ئۈچىنچى نەشرى 1409ھ (نەشرىيات ئىسمى يوق).
- د.مۇسا ئەلمەۋسۇۋىي: إيران في ربع قرن.
- مۇھەممەد ئابدۇلغەنىي ئەننەۋاۋىي: رؤية إسلامية في الصراع العربي الإسرائيلي الجزء الثاني دور الشعوبيين الباطنيين في محنة لبنان، ئىسلام ئاباد ـ پاكىستان، 1410ھ/1989م.

www.munber.org

# ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

## ئېنىقلىما:

بۇ ھەرىكەت دىنى ئاساسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قان، يېقىنلىق، تىل ۋە تارىخ ئاساسىدا بىرلەشكەن ئەرەب دۆلىتى قۇرۇش ۋە ئەرەبلەرنى ئۇلۇغلاشقا چاقىرىدىغان رادىكال شەكىلدىكى سىياسىي، پىكرىي ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەت ئىلگىرى ياۋرۇپادا مەيدانغا كەلگەن مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

⟐ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختىدە بۇ ئىدىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە شەكىللەنگەن مەخپىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن باشلانغان. ئارقىدىن دەمەشىق ۋە بېيرۇتلارنى مەركەز قىلغان ئاشكارا ئەدەبىي جەمئىيەتلەر ھەرىكىتى سۈپىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن **1912**-يىلى پارىستا چاقىرىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئەرەب قۇرۇلتىيىدا چەك-چېگراسى ئېنىق بىر سىياسىي ھەرىكەت شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

تۆۋەندە مىللەتچىلىك يۆنۈلۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم جەمئىيەتلەرگە كىلىپ چىقىش تارىخى بويىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتىمىز:

- سۈرىيە جەمئىيىتى: بۇ جەمئىيەت **1847**-يىلى دەمەشىقتە بوتروس ئەلبوستانىي ۋە ناسىيف يازجى قاتارلىق خرىستىيانلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

- بېيرۇتتىكى سۈرىيە جەمئىيىتى: **1868**-يىلى سەلىيم ئەلبوستانىي ۋە مۇنىيف خورىي قاتارلىق خرىستىيانلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

- يوشۇرۇن ئەرەب جەمئىيىتى: **1875**-يىلى مەيدانغا چىققان، دەمەشىق، ترابلىس ۋە سەيدا قاتارلىق جايلاردا شۆبىلىرى تەسىس قىلىنغان.

- ئەرەب ئاياللىرى ھوقۇقى جەمئىيىتى: **1881**-يىلى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ شۆبىلىرى بار. بۇ جەمئىيەت مۇسۇلمان ۋە خرىستىيانلارنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.



www.munber.org

- ئەرەب مىللىي بىرلىك جەمئىيىتى: 1904 ـ يىلى پارىستا نەجىيب ئازۇرىي تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئازۇرىي "ئەرەبلەرنىڭ ئويغىنىشى" ناملىق كىتابنىڭ ئاپتۇرى.

- ئەرەب ۋەتىنى جەمئىيىتى: 1905 ـ يىلى پارىستا خەيرۇللاھ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئۇ شۇ يىلى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ياقلايدىغان "ئەرەب مىللىي ھەرىكىتى" ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان.

- قەھتانىييە جەمئىيىتى: 1909 ـ يىلى ئوتتۇرىغا مەخپىي جەمئىيەت بولۇپ، خەلىيل ھەمادە ئەلمىسرىي تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

- "ياش ئەرەبلەر" جەمئىيىتى: 1911 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلبەئلەبەككىي قاتارلىق ئەرەب ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن پارىستا تەسىس قىلىنغان.

- ئەرەب ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى: 1911 ـ يىلى ئوتتۇرىغا چىققان.

- مەركەزسىز پارتىيە 1912 ـ يىلى قورۇلغان.

- ئىسلاھات جەمئىيەتلىرى: 1912 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بېيرۇت، دەمەشىق، ھەلەب، باغداد، بەسرە، مۇسىل قاتارلىق جايلاردا تەشكىللەنگەن بولۇپ، مۇسۇلمان ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن.

- پارىستىكى ئەرەب قورۇلتىيى: 1912 ـ يىلى بىر قىسىم ئەرەب ئوقۇغۇچىلىرى تەسىس قىلغان.

- دەۋر پارتىيىسى: 1912 ـ يىلى قورۇلغان بولۇپ، مەخپىي ھەرىكەت قىلىدۇ، ئوسمانىيە ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى ئەرەب ئوفىتسېرلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

- يېشىل بايراق جەمئىيىتى: 1913 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قۇرغۇچىلار ئارىسىدا دوكتور فائىق شاكىرمۇ بار.

- ئىلىم جەمئىيىتى: 1014 ـ يىلى مۇسىلدا مەيدانغا كەلگەن.

◈ بۇلاردىن باشقا ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە چاقىرىدىغان بىر ھەرىكەت مۇسۇلمان بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تار دائىرىدە داۋاملىشىپ كەلدى. مىسىرنىڭ سابىق رەئىسى جامال ئابدۇنناسىرنىڭ بۇ پىكىرنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلغان مەزگىلىگە قەدەر بۇ پىكىر ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئېقىمغا ئايلىنالمىدى. ئابدۇنناسىر بۇ ھەرىكەتكە ئۆزىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، دۆلەتتە بار ئىمكانىيەتلەردىن بەھرىمەن قىلدى. ھازىر بۇ ھەرىكەتنى مۇنقەرزلىك ياكى ھېچ بولمىغاندا تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە ياشاۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن.

◈ ساتىئ ئەلھەسىرىي (1880 ـ 1968م) ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى، ئەڭ ئاساسلىق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى، مەشھۇر دەۋەتچىسى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ



www.munber.org

ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇھىملىق نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى ئورۇننى مېچىل ئەفلەق ئىگەللەيدۇ.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى دىننى ئاساس قىلغان بىرلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قانداشلىق، تۇغقاندارچىلىق بىرلىكىنى يۇقىرى ئورۇندا قويىدۇ. گەرچە بەزى ئەرەب مىللەتچى يازغۇچىلىرى دىن ھەققىدە ئېغىز ئاچمىسىمۇ، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇممەتنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئامىللار قاتارىدا دىننى ئاساس قىلغان بىرلىكنى تامامەن يىراقلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارچە دىنىي ئامىل مىللەتنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان بولمىغان تائىپىلەرنىڭ بولۇشى سەۋەبلىك پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەننى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تىل، ئىرق قاتارلىق ئامىللار ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتە دىنغا قارىغاندا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

◈ ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مائارىپ ۋە قانۇنچىلىق ھايات سەھنىسىدىن ئىسلام دىنىنى يىراقلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى، جاھىلىيەتكە قايتىشنىڭ ۋە ئىسلام ئالەمىگە كەلگەن پىكىر كېڭەيمىچىلىكنىڭ بىر ئورنىكىدىن ئىبارەتتۇر؛ ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرىكەت ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرىنىڭ ساداسىدىن ئىبارەت.

◈ شەيخ ئىبنى باز ئۇلارنىڭ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «دىنسىز، جاھىلىيەتپەرەس چاقىرىق بولۇپ، ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش، ئۇنىڭ ھۆكۈم ۋە تەلىماتلىرىنى بەربات قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «غەرب خىرىستىيانلىرىنىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرۇش، قالايمىقان سۆزلەر ئارقىلىق ئۆز خانىسىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەرىكەتتۇر... ئىسلامغا دۈشمەن ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلدى، تۇراقسىز كىشىلەر ئۇلارغا ئالداندى، نادانلار قارىغۇلارچە دوراشتى. بۇ ئىشتىن ھەر تەرەپتىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى ۋە دىنسىزلار سۆيۈنۈشتى.»
ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر باتىل چاقىرىق، بۈيۈك خاتالىق، ئاشكارا نەيرەڭ، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نادانلىق، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە قىلىنغان ئۇچۇقتىن ئۇچۇق دۈشمەنلىكتۇر.»

◈ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ داھىلىرى (بۇ ئىدىيىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى تەرتىپلەشتۈرۈش قارىشىنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ھەر خىل بولۇشى بىلەن بىرگە) ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ئورتاق تىل، قان، تارىخ، زېمىن، ئازاب ۋە ئۈمىدلەردىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

◈ ئۇلار، ئەرەبلەر بىر مىللەت، ئۇنىڭدا مىللەت بولۇشتىكى ئامىللار تولۇق. بۇ مىللەت قولتۇقتىن ئوكيانغىچە سوزۇلغان بىر ئەرەب زېمىنىدا ياشايدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

www.munber.org

◈ بۇ ۋەتەنگە قاراشلىق زېمىن ئىچىدىكى چېگرالار ئۆتكۈنچى چېگرالاردىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ سېكولارىزم ئىدىيىسى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمىتى، بىرلىككە كەلگەن دۆلىتى بولۇشى لازىم.

◈ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئۆزلىرى دەۋا قىلىشىۋاتقاندەك، ئەرەب ئىنسانىنى دىنلار غەيبكە مۇناسىۋەتلىك تىمىلىرىدىن، خۇراپاتلىقلاردىن ئازات قىلىش ئۈچۈن چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

◈ شۇنىڭ ئۈچۈن: «دىن ئاللاھنىڭ، ۋەتەن ھەممەيلەننىڭدۇر» شۇئارىنى ئۆزلىرىنىڭ تايانچى قىلىۋالدۇ. بۇ شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ مەقسىدى بىر تەرەپتىن ئىسلام ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى تونۇماسلىق، ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا، ۋەتەن قېرىنداشلىقىنى دىني قېرىنداشلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇش ئىدى.

◈ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە كۆرە كەلگۈسىنىڭ مىللىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن دىنلار، ئاز سانلىقلار ۋە ئۆتمۈشتىن قالغان ئەنئەنىلەردىن ئىبارەت توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش لازىم، دەپ قارايدۇ.

◈ بۇ ئىدىيىنىڭ بىر قاتار رەھبەرلىرى "بىز ئىيسا، مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىلگىرىلا ئەرەب ئىدۇق" دېيىشىدۇ.

◈ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئەرەب بىرلىكىنىڭ رىئال، ئىسلام بىرلىكىنىڭ خىيالىي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

- بۇ قاراشنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ سۆزلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئۆيدۇرۇپ چىقالايدىغان سۈنئىي قاراشلار ئەمەس، ئەكسىچە ئىجتىمائىي تەبىئەتنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئوخچۇپ چىققان تەبىئىي ئېقىملارنىڭ بىرىدۇر.

- مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپىدىكى كىشىلەر كۆپىنچە شائىر قورەۋىينىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

«مېنى ئەرەبلەرنى مىللەت قىلىدىغان بىر سىمۋول دەپ قوبۇل قىلىڭلار ،جەسەدىمنى بىراھمان دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ئېلىپ مېڭىڭلار، بىزنى بىرلەشتۈرىدىغان كۇپۇرغا سالام، ئەرەبلەر بىرلەشكەندىن كېيىن جەھەننەم بولسىمۇ خوش كەلسۇن»

- بىر قىسىم مىللەتچىلىك ئېقىمىنىڭ رەھبەرلىرى: ئەرەب دانالىقى ئۆزىنى ھەر خىل شەكىللەر بويىچە ئىپادىلىگەن، مەسىلەن بىر قېتىم ئۆزىنى ھۇمۇرابىي ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم جاھىلىيەت شېئىرى بىلەن، ئۈچىنچى قېتىم ئىسلام بىلەن ئىپادىلىگەن، دەيدۇ.

- ئۇلارنىڭ تونۇلغانلىرىدىن بىرى «مۇھەممەد پۈتۈن ئەرەبلەر دېگەنلىك بولاتتى، شۇنداقكەن پۈتۈن ئەرەبلەرمۇ مۇھەممەد بولسۇن» دېگەن.

◈ ئەرەبلەرنىڭ ھايات سەھنىسىدىن ئىسلامنى يىراقلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا خاتىمە بېرىدىغان ئەھۋال كۆرىنىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مىللەتچىلىك

www.munber.org

ئىدىيىسىنىڭ بايراقدارلىرى ئەرەبنىڭ ئەرەب ئىرقچىلىق ئىدىيىسىدىن يېنىپ، دۇنياۋىيلىق ياكى ئۇممەتچىلىك پىكرىنى قوللىنىشى جىنايەت، دەپ قارايدۇ.

◈ ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلىرى «ئەرەبچىلىك ئۆزۈن كەچمىشكە ئىگە ئەرەبلەرنىڭ ئىشەنگەن دىنىدۇر. ئۇ مۇسۇلمان، خرىستىيان ھەممىمىزنىڭ دىنىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىسلامدىن، خرىستىيان دىنىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرنىڭ قۇرئانىغا، خرىستىيانلار ئىيسانىڭ ئىنجىلىغا يېپىشقاندەك يېپىشىشىمىز لازىم» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

◈ يەنە بەزىلىرى «ئىرقچىلىق مىللەت ھاياتىدىكى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر باسقۇچتۇر. ئۇ ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۇكسەك باسقۇچى بولغىنىدەك، تەرەققىياتنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسىدۇر» دېگەنلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ مىللەتچىلىك چاقىرىقى ياۋرۇپادا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەگە ئوخشىغان دۆلەتلەر مەيدانغا كەلگەن.

◈ مۇستەملىكە كۈچلىرى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئىسلامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقاتتى ۋە بۇنىڭغا ئىلھام بەردى. بۇنداق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ يىمىرىلىشىگە، سىياسىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇشىغا، خەلقلەر ئارىسىدا كۆتىلىۋاتقان دۈشمەنلىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئېلىپ باراتتى.

◈ ئوسمانىيلار دۆلىتى مەزگىلىدە شام ۋە لىۋاندىكى خرىستىيانلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىدىيە بىر تەرەپتىن ئۇلار ياخشى كۆرمەيدىغان مۇسۇلمان ئوسمانىيلار دۆلىتى بىلەن ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاداۋەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئېلىپ بارسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئەرەبلەردىكى دىنىي بولمىغان ئامىللارنى چوقچىلاپ ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئوسمانىيلاردىن يىراقلاشتۇرۇشنى كۆزلەيتتى.

◈ بەزى تەرەپلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تۈركلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتچى، تۇرانچى ئىدىيىنىڭ ئىنكاسى دېيىش مۇمكىن.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

www.munber.org

◈ بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇنلىغان ئەرەب ياشلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بار. بۇ سەۋەپتىن تۇنىستىكى خەلق بىرلىك ھەرىكىتى، ئىراق ۋە سۇرىيەدىكى تىرىلىش پارتىيىسى، مىسىر، شام ۋە لىۋىيەلەردىكى ناسىرىيچىلارنىڭ قالدۇقلىرى ۋە بۇلارغا ئوخشىغان بىر قاتار مىللەتچى پارتىيە ۋە ئېقىملار مەۋجۇت.

◈ كۆپىنچە ئەرەب ھۆكۈمدارلىرى مىللەتچىلىكنى دەۋا قىلىشتا بىر ـ بىرلىرى بىلەن بەسلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ بايراقدارى، دەپ پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ.

◈ بۈگۈنكى كۈندە مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ چېكىنىش ۋە يوقىلىش باسقۇچىدا ئىكەنلىكى دىققەتنى تارتىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇستەفا ئەششھابىي: القومية العربية تاريخها وقوامها.
- ساتىئ ئەلھەسرىي: اللغة والأدب وعلاقتهما بالقومية.
- ساتىئ ئەلھەسرىي: العروبة أولا.
- ساتىئ ئەلھەسرىي: الإقليمية جذورها وبزورها.
- ئەلى ناسىر: قضية العرب.
- د.ئەبۇلفۇتۇھ رىزۋان: القومية العربية.
- ئابدۇلھەي ھەسەن ئەلئۇمرانىي: أرض العروبة.
- ئەبۇلئەئلا ئەلمەۋدۇدىي: بين الدعوة القومية والرابطة الإسلامية.
- ئەنىس سائىغ: تطور المفهوم القومي عند العرب.
- مۇھەممەد ئەلغەزالىي: حقيقة القومية العربية.
- د.مۇھەممەد مەئرۇف ئەددەۋالىيبى: دراسات تاريخية عن أسـل العـرب وحضـارتم الإنسانية.
- مۇھەممەد مۇستەفا رەمازان: الشعوبية الجديدة.
- ئەركان ئىبادىي: محنة القومية العربية.
- جورج ھەننا: معنى القومية العربية.
- زەين نۇرۇددىن زەين: نشوء القومية العربية.



www.munber.org

- شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز: نقد القومية العربية.

- نەجىيب ئارۇزىي: يقظــة العــرب، د.ناسىرۇددىن ئەلئەسەد ، د.ئىهسان ئابباسلار تەرجىمىسى.

- سالىه ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلئەبۇد: فكرة القومية العربية على ضوء الإسلام.

- مۇھەممەد ئىززە دروزە: نشأة الحركة العربية الحديثة.

- ئابدۇلمەجىيد ئابدۇررەھىيم: حول القومية العربية.

www.munber.org

# مىسىر ۋەكىل (ئەلچى) پارتىيىسى

**ئېنىقلىما:**

«ۋەكىل پارتىيىسى» خەلقچىل سىياسىي پارتىيە بولۇپ، مۇئەييەن دىنىي يۆنۈلۈشى يوق. 1918 ـ يىلى مىسىردا تەشكىللەنگەن بۇ پارتىيە، پادىشاھلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەت تۈزۈمىنى جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتكەن، 23 ـ ئىيۇل ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى كۆپ سانلىقلارنىڭ پارتىيىسى ئىدى. بۇ پارتىيە ئەنۋەر سادات دەۋرىدە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن باشلىغان. 1978 ـ يىلى «يېڭى ئەلچى پارتىيىسى» ئىسمىنى قوللانغان، ئۇ ھازىر مىسىردىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ بىرى.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشلىرى:

◈ سەئد زەغلۇل: 1918 ـ يىلى مىسىر مەسىلىسىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن «مىسىر ئەلچىلىرى گۇرۇپپىسى» ئويۇشتۇرۇش پىكرىگە كەلگەن ۋە تىنچلىق (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى)دىن كېيىن، مىسىر مەسىلىسى ھەققىدە نىيملەرنى قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىش ئۈچۈن بۇرادەرلىرىنى ۋەسىيەف مەسچىتىگە چاقىرغان.

ـ سەئد زەغلۇل، ئابدۇلئەزىز فەھمىي، ئەلى شەئراۋىي، ئەھمەد لۇتفىي ئەسسەييىد ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسىر ۋەكىللىرى تەشكىللەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە «مىسىر ۋەكىللىرى (ئەلچىلىرى)» نامىنى بەرگەن.

ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىمزالىرىنى توپلىغان. ئىمزا قەغىزىگە «بىز بۇ يەرگە ئىمزا قويغۇچىلار سەئد زەغلۇل ۋە... لارنى بۇيۈك بىرىتانىيە دۆلىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كىتىۋاتقان ئادالەت ۋە ھۆررىيەت پىرىنسىپلىرىغا ئەگەشكەن ھالدا مىسىرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىش ۋە قانۇنلۇق، تىنچ يوللار ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تاللىدۇق.» دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغان ئىدى.

ـ سەئد زەغلۇل قولغا ئېلىنىپ، 1919 ـ يىلى 3 ـ مارت، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە مالتاغا سۈرگۈن قىلىنغان. سەئد زەغلۇلنى رەھبەرلىك ئورنىغا كۆتۈرۈش ۋە ۋەكىل پارتىيىسىنى موقىملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئامىلى بولغان 1919م ئىنقىلاۋىي پارتىلىغان.

www.munber.org

◈ ۋەكىل پارتىيىسى كۆپ سانلىقلارنىڭ پارتىيىسى سۈپىتىدە داۋام قىلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 1924 ـ يىلدىن تاكى 1952 ـ يىلىغىچە بولغان جەريانىنىڭ كۆپىنچىسىدە مىسىردىكى مىنىستىرلىكلەرنى قولىدا تۇتۇپ كەلگەن كۆپ سانلىق ئاممىا پارتىيىسى، دەپمۇ ئاتالغان.

◈ ۋەكىل پارتىيىسىدىن مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر ئىچىدە ئابدۇلخالىق سەرۋەت ۋە 1952 ـ يىلدىن ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم مىنىستىرلىك رەئىسى بولغان مۇستەفا ئەننۇھاس پاشا قاتارلىقنى ساناش مۇمكىن.

◈ فۇئاد سىراجۇددىن: 1946 ـ يىلى ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1948 ـ يىلى پارتىيىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. يېزا ئىگىلىك، ئىچكى ئىشلار ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىدە مىنىستىر بولغان. 1950 ـ يىلى بىرلا ۋاقىتتا مالىيە ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن... 1978 ـ يىلى يېڭى ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ ھازىرغىچە پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىنى قىلىۋاتىدۇ.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ ئېلان قىلغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پرىنسىپلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ـ دۆلەتنىڭ بىرلىك ۋە مۇستەقىللىقىنى، مىسىر بىلەن سۇداننىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ـ بىرلەشكەن دۆلەتلەر ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئەھدىنامىلىرى بويىچە مېڭىش.

ـ پەلەستىننىڭ ئەرەبلەر مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چىڭ تۇرۇش.

ـ لىبىرال سىستېما ئارقىلىق خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ـ دېموكراتىك، دەستۇرغا تايانغان تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش.

بۇلاردىن بۇ پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىدا دىنغا ھېچقانداق ئورۇن يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

◈ پارتىيە تەرىپىدىن ئېلان پرىنسىپلار كۆپىنچە ئەھۋالدا قەغەزدىكى رەڭ ھالىتىدە قېلىپ، پارتىيە ۋە شەخسىي مەنپەئەتلەر پارتىيە ئىچىدە ئاساسلىق قوزغاتقۇچ ئامىللىق رولىنى ئوينايدۇ.

◈ ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى سەئد زەغلۇل ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

◈ بۇ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى چىقارغان قارارلىرىدا ئىسلامغا ئەھمىيەت بەرمىگەنىدەك، ئىسلامىي يۆنۈلۈشلەرگىمۇ دۈشمەنلىك قىلمايدۇ.



www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ۋەكىل پارتىيىسى مىسىردىكى خەلقچىل سىياسىي پارتىيە بولۇپ، پروگراملىرىدا مۇئەييەن دىنىي يۈزلىنىشكە ئىشارە قىلىدىغان ئامىللار يوق. 1918 ـ يىلى تەشكىل قىلىنغان بۇ پارتىيە، 1952 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى سابىق رەئىس ئەنۋەر سادات مەزگىلىدە «يېڭى ۋەكىل» نامى بىلەن قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. سەئد زەغلۇل پارتىيىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ دەسلەپكى رەھبىرى. بۇنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى: ئابدۇلخالىق سەرۋەت، مۇستەفا ئەننۇھاس پاشا ۋە يېڭى ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ رەئىسى فۇئاد سىراجۇددىن پاشالاردىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى دەستۇر تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، لىبىرال سىستېمىغا تايانغان ھالدا خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ پارتىيە ئىسلامىي يۈزلىنىشكە دۈشمەنلىك قىلمايدۇ، ئەمما رەھبەرلىك ئورنىدىن چىقارغان قارارلىرىدا ئىسلامغا ئەھمىيەت بېرىپمۇ كەتمەيدۇ. سەئد زەغلۇل سېكولارىزم مايىللىقى بار ۋە غەرب ئوقۇمىدىكى ئاياللارنى ئەركىنلەشتۈرۈش تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مەھمۇد زايىد: نشأة حزب الوفد المصري 1918- 1924.
- د.مەھمۇد مۇتەۋەللىي: مصر والحياة الحزبية والنيابية قبل سنة 1952م، مەدەنىيەت نەشرىياتى قاھىرە ـ 1980م.
- «ۋەفد» گېزىتى (پارتىيەگە قاراشلىق گېزىت)، ئۇ ھازىرغىچە نەشىر قىلىنىۋاتىدۇ.

www.munber.org

# ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى

### ئېنىقلىما:

«ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى» سېكولارىزمنى ياقلاپ ماڭىدىغان ھەرىكەت بولۇپ، دەسلەپتە مىسىردا مەيدانغا كەلگەن، كېيىن ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىگە تارقالغان. بۇ ھەرىكەت ئاياللارنى ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاق، بولۇپمۇ ھىجابقا ئوخشىغان شەرئىي ئەھكاملاردىن چىقىشقا، تالاقنى چۈشەپ قويۇشقا، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى چەكلەشكە، مىراستىكى باراۋەرلىككە، بارلىق ئىشلاردا غەرب ئاياللىرىنى دوراشقا ... چاقىرىدۇ. چاقىرىقنى غەرب دۇنياسىدىكى جەمئىيەت ۋە ئاياللار بىرلىكلىرى ئارقىلىق تارقىتىدۇ.

### قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ بۇ ھەرىكەت «ئاياللار بىرلىگى» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جەمئىيەت ئارقىلىق مۇنتىزىم شەكىلدە ئاياللارنى ئازاد قىلىشقا چاقىرىشقا تەرەققى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ پىكىر ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن قورۇلغان ئىدى... ئۇلار ئۈچ پارچە كىتاب ۋە مىسىردا نەشىر قىلىنىدىغان بىر ژۇرنال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان:

ـ خىرىستىيان دىنىغا مەنسۇپ، مەرقەس فەھمىي ئەلمەھامىي تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرقتىكى ئايال» ناملىق كىتاب. بۇ كىتابتا ھىجابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يات ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنى مەسىلە يوق، دەپ قاراش، تالاقنى چۈشەپ قويۇش، بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشنى چەكلەش، مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۈچۈن توسالغۇنىڭ يوقلىقى قاتارلىقلارغا چاقىرغان.

ـ قاسىم ئەمىين تەرىپىدىن يېزىلغان «ئاياللار ئازادلىقى» ناملىق كىتاب. بۇ كىتاب **1899** ـ يىلى شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ، سەئد زەغلۇل ۋە ئەھمەد لۇتفىي سەييىد قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن نەشىر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئاياللار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھىجابنىڭ ئىسلام بىلەن ئالاقىسى يوقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە يالىڭاچلىققا چاقىرىشنىڭ دىنغا قارشى چىقىش بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

www.munber.org

- يەنە قاسىم ئەمىين تەرىپىدىن يېزىلغان «يېڭى ئاياللار» ناملىق كىتاب. بۇ كىتاب 1900 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى كىتابتىكى پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پىكىر ۋە قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەربلىكلەرنىڭ قاراشلىرىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن.

- «السفور» (ئېچىلىش) ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاياللارنىڭ يالىڭاچلىنىشىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، كۈچىنى يالىڭاچلىنىش ۋە يات ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆز - ئارا ئارىلىشىشى مەسىلىرىگە مەركەزلەشتۈرگەن.

◈ مىسىر ئاياللىرىنىڭ ئېچىلىشىنى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. 1919 - يىلىدىكى ئىنقىلابقا ئەلى شەئراۋىينىڭ ئايالى ھۇدا شەئراۋي رەھبەرلىكىدە ئاياللارمۇ قاتناشقان. 1919 - يىلى 20 - مارت كۈنى ئەتتىگەندە ئېلىپ بارغان نامايىشى ئارقىلىق سىياسىي ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان.

◈ ئېچىلىشنىڭ تۇنجى باسقۇچى سەئد زەغلۇلنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللارنىڭ يۈزلىرىگە تارتىۋالغان ھىجابلىرىنى چىقىرىپ تاشلىشىغا چاقىرغان ۋاقتىدىن باشلانغان. سەئد زەغلۇل ھۇدا شەئراۋي ئىسمى بىلەن شۆھرەت قازانغان مىسىر ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى نۇرۇلھۇدا مۇھەممەد سۇلتاننىڭ يۈزىدىن ھىجابىنى تارتىپ ئېلىۋەتكەن. بۇ ۋەقە زەغلۇل سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسكەندەرىيىيەدە ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەت جەريانىدا يۈز بەرگەن. باشقا ئاياللار بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىجابلىرىنى ئېلىپ تاشلاشقا باشلىغان.

◈ ئاياللار ئۇيۇشمىسى 1924 - يىلى ئاپرىل ئېيىدا، يەنى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ھۇدا شەئراۋىينىڭ 1923 - يىلى رومادا چاقىرىلغان خەلقئارا ئاياللار ئۇيۇشمىسى قورۇلتىيىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان. ئەنگىلىيە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى قورۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى قىزغىن قوللىغان، ھەتتا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى روزۋېلتنىڭ ئايالى قورۇلتاينى قوللاپ تېلېگىراما يوللىغان.

ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى:

◈ شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ: «ئاياللار ئازادلىقى» ناملىق كىتابنىڭ پىكىرلىرى شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھنىڭ پىكىر باغچىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. شەيخنىڭ ئاياللار ھوقۇقى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى «مىسىر رىئالىلىقلىرى» ناملىق ماقالىلىرىدا ئوتتۇرا قويغان قاراشلىرى ۋە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرگە ئائىت ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە توختالغان مەسىلىلىرى ئۇ كىتابتىكى پىكىرلەر بىلەن ئوخشاش يەردىن چىقىدۇ. (تەپسىلاتى ئۈچۈن د.سەييىد ئەھمەد تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇسۇلمان ئاياللارغا قىلىنغان سۇيىقەست» ناملىق كىتابنىڭ 63 ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرىگە ۋە ۋاپا نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان، د.مۇھەممەد ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلمەقدەم تەرىپىدىن



www.munber.org

يېزىلغان «ھىجابنىڭ قايتىپ كېلىشى» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىغا قاراڭ.)

◈ سەئد زەغلۇل: مىسىردىكى ۋەكىل پارتىيىسىنىڭ داھىسى بولۇپ، قاسىم ئەمىننىڭ كىتابلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنى بۇ ساھەدە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن.

◈ لۇتفىي سەييىد ئەھمەد: بۇ كىشىگە «دەۋرنىڭ ئۇستازى» دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ مىسىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇممەت پارتىيىسىنىڭ «ئەلجەرىيدە» ناملىق گېزىتىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلاتتى.

◈ سەفىييە زەغلۇل: سەئد زەغلۇلنىڭ ئايالى ۋە مىسىر تارىخىدىكى ئىنگلىزلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر دوستى، ئۆز دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ باش مىنىستىرى مۇستەفا فەھمىي پاشانىڭ قىزى.

◈ ھۇدا شەئراۋىي: ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پايىتەختكە باستۇرۇپ كىرىشىدە ئۇلارغا ھەمرا بولغان مۇھەممەد سۇلتان پاشانىڭ قىزى، ئۇممەت (ھازىرقى ۋەكىل) پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ بىرى، ئاياللارنىڭ ئېچىلىپ يۈرۈشى ھەرىكىتى تەرەپدارى ئەلى شەئراۋىي پاشانىڭ ئايالى.

◈ سىيزا نەبراۋىي (ئەسلى ئىسمى زەينەپ مۇھەممەد مۇراد): ھۇدا شەئراۋىينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا قۇرۇلتايلاردىكى دوستى. بۇ ئىككىسى غەربتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى 1923 ـ يىلى رومادا چاقىرىلغان خەلقئارا ئاياللار ئۇيۇشمىسى قورۇلتىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىسىردا تۇنجى ھىجابلىرىنى چىقىرىۋەتكەن ئاياللاردۇر.

◈ دەرىييە شەفىق: لۇتفىي سەييىدنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇش ئۇچۇن يالغۇز فرانسىيەگە، ئارقىدىن ئەنگلىيەگە سەپەر قىلغان. غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنى ئىسلامنىڭ ھىجاب، تالاق ۋە كۆپ خوتۇنلۇققا ئوخشىغان زۇلۇم ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ئازاد بولۇشقا چاقىرىدىغان ئايال، دەپ سۈرەتلەرگە تارتقان.

ـ 1949 ـ يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن «نىل قىزى» پارتىيىسىنى قۇرغان.. بۇ ئەھۋال بۇ خىل ياردەملەر تۈپەيلى پارتىيىنىڭ ئەزالىقىدىن ئىستىپا بېرىپ چىققان بىر ئايال ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. دەرىييە شەفىق نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ ئۇيۇشتۇرغان ئەڭ مەشھۇر نامايىش 1951 ـ يىلى 19 ـ فېۋرالدىكى نامايىش ۋە 1954 ـ يىلى 12 ـ مارتتا ئابدۇنناسىر ھەمكارلىشىپ ئۆتكۈزگەن نامايىشتۇر. مۇخبىرلار نازارەتتىكى ئاياللار بۇ نامايىشتا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە قوشۇلمىغان تەقدىردە ئۆلگەنگە قەدەر ئاچلىق ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى قوبۇل قىلىنىپ دەرىييە شەفىق سايلامغا قاتناشقان ئەمما نەتىجىگە ئېرىشەلمەيلا ئويناپدىغان رولى ئاخىرلاشقان. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا



www.munber.org

ئۇ خەلقئارادىكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قورۇلتايلارغا ئاياللار ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن قاتناشقان.

◈ سەھىير ئەلقەلماۋىي: مىسىردىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەربىيە كۆرگەن، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن ۋە ئاخىرىدا مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن.

◈ ئەمىينە سەئىيد: مىسىرنى غەربلەشتۈرۈشكە چاقىرغان مىسىرلىق ئەدىب تاھا ھۈسەيىننىڭ ئوقۇغۇچىسى.. «ھەۋا» ژۇرنىلىنىڭ رەئىسى بولغان. ئاياللارنىڭ ھىجابىغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇنىڭ ئابدۇنناسىر دەۋرىدە سۆزلىگەن: «قولىمىزدا ئەھدىنامە بار كىشىلەر قانداق بولۇپ قاراڭغۇلۇق دەۋرىدە توغۇلغان تۆت فىقھىي ئالىمغا بويسۇنىدىكەنمىز؟» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىمۇ بار. ئۇ ئەھدىنامە دېگەن سۆزىدە ئابدۇنناسىرنىڭ كومىنىزمغا چاقىرىدىغان ئەھدىنامىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇ «ھەۋا» ژۇرنىلىنى ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قاراتقان. ئۇ ھازىرمۇ شۇ رولنى ئويناۋاتىدۇ...

◈ ھازىرقى مىسىر ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى د.نەۋۋال سەئداۋىي.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى تەرەپدارلىرىنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايمىز:

◈ ئاياللارنى بارلىق ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ئىسلامىي شەرىئەتلەردىن تۆۋەندىكى نوقتىلار بويىچە ئازاد قىلىش:

ـ ئېچىلىشقا چاقىرىش، ئىسلامىي ھىجابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ـ ئەر ـ ئاياللارنىڭ مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، بازارلار قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە چاقىرىش.

ـ تالاقنى چۈشەش، بىر ئايال بىلەن بولدى قىلىشقا چاقىرىش.

ـ مىراستا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشى.

◈ بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ھايات ساھەسىگە دىننى ئارىلاشتۇرمايدىغان غەرب سېكولارىزمىغا ياكى دىنسىزلىققا چاقىرىش.

◈ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھوقۇقلارنى تەلەپ قىلىش.

◈ ئاياللارنىڭ ئىش، جىنسىي ئەركىنلىك، مەدەنىي ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئوخشىغان ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا ياۋروپانى، ئومۇمەن غەربنى ئۈلگە قىلىش.



www.munber.org

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى خۇسۇسەن ئەرەب ئەللىرىدە، ئومۇمەن خەلقئارادا ئاياللار بىرلىكلىرى شەكلى بويىچە تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، دىنسىزلىق ياكى غەرب سېكولارىزمى ئاياللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا قارىتىلغان بولۇپ، بىرىنچى ئاياللارنى دىنىدىن چىقىرىش، ئارقىدىن ئۇلارنى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىتىشنى، ئۇلارنىڭ چىرىششى ئارقىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىش، نەتىجىدە غەرب ئەھلى سەلىپلىرى ۋە بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىسلامىي ئىززەت ـ ھۆرمەتكە خاتىمە بېرىلىدۇ. بۇ شەكىلدە ئۇنى (ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىنى) كونترول قىلىشمۇ قولايلىشىدۇ.

ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يىلتىزىنىڭ غەرب سېكولارىزمىغا چېتىشلىقلىقىغا ئائىت پاكىتلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

ـ **1894** ـ يىلى فرانسىيە يازغۇچىسى ئەلكونت داركورنىڭ بىر پارچە كىتابى نەشىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مىسىر ئاياللىرىنى ئەيىبلىگەن، ئىسلامىي ھىجابقا، شۇنىڭدەك سۈكۈت ئىچىدىكى زىيالىيلارغا ھۇجۇم قىلغان.

ـ **1899** ـ يىلى قاسىم ئەمىين داركۇرنىڭ قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرگەن ئاساستا «ئايالالار ئازادلىقى» ناملىق كىتابىنى يازغان.

ـ يەنە شۇ يىلى مىسىردىكى مىللىي پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى مۇستەفا كامىل «ئايالالار ئازادلىقى» ناملىق كىتابىنى تەنقىدلىگەن ۋە ئۇنىڭدىكى ئىدىيىلەرنى ئىنگلىز مۇستەملىكىسى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ ئىزاھلىغان.

ـ مىسىرلىق مەشھۇر ئىقتىسادچى مۇھەممەد تالئەت ھەرب قاسىم ئەمىيگە رەددىيە بەرگەن ئاساستا «ئايالالار تەربىيىسى ۋە ھىجاب» ناملىق كىتابىنى يازغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھىجابنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىششىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلە ياۋروپا ئۈمىد قىلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر.»

ـ ئىنگلىزلار (مىسىرنى مۇستەملىكە قىلىۋاتقان چاغلىرىدا) «ئايالالار ئازادلىقى» ناملىق كىتابنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ھىندىستان ۋە باشقا مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئىسلام ئەللىرىگە تارقاتقان.

ـ خەلقئارا ئايالالار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى دوكتورە رەيد ئايالالار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە دەرس بېرىش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى مىسىرغا كەلگەن.

www.munber.org

ـ ئەرەب ئاياللىرىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە شەرقتىكى ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن غەرب دائىرىلىرى سۆيۈنىشى. بۇ ئەھۋال ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى پىرىزىدېنتى روزۋېلتنىڭ خانىمىنىڭ 1944 ـ يىلى چاقىرىلغان ئەرەب ئاياللىرى قورۇلتىيىغا يوللىغان تىلگىرامىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ـ «نىل قىزى» پارتىيىسىنىڭ ئەنگىلىيە ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلاردىن ماددى ياردەم ئالغانلىقىغا ئائىت مەسىلىلەر بىلەن دەرىييە شەفىق ھەققىدىكى بايانىمىزدا تونۇشۇپ ئۆتتۇق. يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئىلاۋە قىلىش ئارتۇقچە بولماسلىقى مۇمكىن:

ـ «نىل قىزى» پارتىيىسىنىڭ رەئىسى دەرىييە شەفىقنى ئەنگىلىيە گېزىتلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىشى ۋە ئۇنى مىسىر ئاياللىرىنى ئىسلامنىڭ بېسىم ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ئازاد بولۇشقا چاقىرغان بۈيۈك داھى سۈپىتىدە تەسۋىرلىشى.

ـ ئەنگىلىيە سان جېيمس جەمئىيىتىنىڭ «نىل قىزى» پارتىيىسىنىڭ رەئىسىگە ئاياللار ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى نامايىشلىرى ئارقىلىق يېڭى يۈزلىنىشكە كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ يوللىغان تىلگىرامىسى.

ـ دەرىييە شەفىقنىڭ 1951 ـ يىلى ئاتىنادا چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئاياللار قورۇلتىيىغا قاتنىشىشى. بۇ قورۇلتاينىڭ دەرىييە مۇۋاپىق كۆرگەن قارارلىرىدىن ئۇنىڭ دۆلىتىگە قارىغاندا مۇستەملىكە كۈچلىرىگە كۆپرەك خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

ـ ھىندىستانلىق كامىلايفىنىڭ خەلقئارا ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ غەرب دۆلەتلىرى ۋە مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ كونتروللىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن چىكىنىپ چىقىشى.

ـ مىسىر ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى دوكتورە نەۋۋال سەئداۋىينىڭ 1978 ـ يىلى چاقىرىلغان قورۇلتاي جەريانىدا ئاياللار ئۇيۇشمىسى قورۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك مالىيەنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ بولسا ھېچقانداق تۆھپە قوشمىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ غەربتىكى مۇستەملىكىچى كۈچلەر بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنىڭ شەكسىزلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر قىسىم پاكىتلاردىن ئىبارەت.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى سېكولارىزمنى ياقلايدىغان ھەرىكەت بولۇپ، مىسىردا مەيدانغا كەلگەن، ئۇ يەردىن ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىگە تارقالغان. بۇ ھەرىكەت ئاياللارنى ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاق، بولۇپمۇ ھىجابنى ئېلىپ تاشلاش، تالاقنىڭ شەرتلىك ھالەتكە كەلتۈرۈش، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش،



www.munber.org

مىراستا ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش، بارلىق ئىشلاردا غەرب ئاياللىرىنى دوراشقا چاقىرىشقا ئوخشىغان شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كېسىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەرقەس فەھمىي ئەلمەھامىنىڭ «شەرقتىكى ئاياللار» ناملىق كىتابى، قاسىم ئەمىنىنىڭ «ئاياللار ئازادلىقى» ۋە «يېڭى ئاياللار» ناملىق كىتابلىرى ئېچىۋېتىشكە (يالىڭاچلىنىشقا)، دىنغا قارشى چىقىشقا چاقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم كىتابلار، ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ غايىسى ئاياللار ۋە جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى سېكولارىزم ۋە دىنسىزلىق بويىچە يۇرۇشىدىغان قىلىشنى ياقلايدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- د.مۇھەممەد فەھمىي ئابدۇلۋاھھاب: الحركات النسائية في الشرق وصلتها بالاستئمار.
- د.مۇھەممەد مۇھەممەد ھۆسەين: الاتجاهات الوطنية.
- ئاببас مەھمۇد ئەلئەققاد: سعد زغلول.
- د.مۇھەممەد ئەممارە: قاسم أمين، الأعمال الكاملة.
- سافىناز كازىم: في مسألة السفور والحجاب.
- ۋىداد سەكاكىينى: نساء شهيرات من الشرق والغرب.
- ئەھمەد مۇھەممەد جامال: مكانك تحمدي.
- "منار الإسلام" ژۇرنىلى، 1399ھ، رامىزان، "ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى" ناملىق ماقالە.
- مۇھەممەد قۇتۇب: قضية تحرير المرأة، ۋەتەن نەشرىياتى، 1410ھ.
- مۇھەممەد قۇتۇب: واقعنا المعاصر، شۇرۇق نەشرىياتى.
- مۇھەممەد قۇتۇب: مذاهب فكرية معاصرة، شۇرۇق نەشرىياتى.
- د.مۇھەممەد ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلمۇقەددەم: عودة الحجاب، تايىيبە نەشرىياتى.
- د.ئەسسەييد ئەھمەد فەرەج: المؤامرة على المرأة المسلمة، ۋاپا نەشرىياتى، 1985م.

www.munber.org

# كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى

## ئېنىقلىما:

«كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى» كوردىستاننى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇ رايونـدا كـوردلار دۆلـىتـىنى قـورۇپ چىقىشـقا چاقىرىدىغـان سېكولارىسـتىك، سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتىكى مىللەتچى پارتىيەدۇر.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ 1927 ـ يىلى چەتئەلدە تۇرىدىغان بىر تۈركۈم مۇھاجىر كوردلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان خويبون پارتىيىسى ئاستىدا بارلىق كورد تەشكىلاتلىرى بىرلەشكەن.

◈ شۇ يىلى لىۋاننىڭ ھەمدۇن ۋىلايىتىنىڭ مۇسىف رايونىدا بۇ پارتىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قورۇلتىيى چاقىرىلغان. ف.بابازيان ئىسىملىك بىر ئەرمەن كاتتىۋاش بۇ قورۇلتاينىڭ پائالىيەتلىرىگە ھەسسە قوشقان.

◈ بۇ پارتىيە تۈركىيەگە بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن كورد مەسىلىسىنى ۋاستە دەپ قارايدىغان مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسىگە تايانغان. (كوردلارنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتلەر قاتارىدا خۇسۇسىي شەكىلدە ئەنگىلىيە، فىرانسىيەلەرنى ساناش مۇمكىن).

◈ بۇ پارتىيە تۈركىيەگە ئېغىر دەرىجىدە دۈشمەنلىك قىلىدىغان، غەرب يۆنىلىشىدىكى ئەرمەن مىللەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان تاشناقلارنىڭ نۇپۇزىغا بىۋاستە بېقىناتتى.

◈ 1930 ـ يىلى ئىسلامنى ئۆچ كۆرىدىغان كامالىزمچى سېكولارىستلار دەۋرىدىكى تۈركىيەدە كوردلار شەيخ سەئىيد ئەننۇرسىي رەھبەرلىكىدە ئىسلام ئىنقىلابىنى قوزغىدى.

◈ 1944 ـ يىلى ئىران كوردىستانىنىڭ پايتەختى مەھاباد شەھرىدە «كوردلار تىرىلىش جەمئىيىتى» ئىسمىدا بىر تەشكىلات تەسىس قىلىندى.

◈ 1945 ـ يىلى 15 ـ ئاۋغۇست، ئىراننىڭ مەھاباد شەھرىدە كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى تەسىس قىلىندى ۋە «كوردلار تىرىلىش جەمئىيىتى»نى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلىپ بەلگۈلىدى.

www.munber.org

◈ **1946** ـ يىلى **23** ـ دېكابىر، ئىراننىڭ كوردىستان رايونىدا پارتىيەنىڭ رەئىسى قازى مۇھەممەد رىياسەتچىلىكىدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ياقلايدىغان كوردلار مىللىي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ جۇمھۇرىيەت بىر يىلدىن ئازراق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ئىران ئارمىيىسى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن يوق قىلىندى. بۇ ئۇرۇشتا پارتىيەنىڭ ئەزالىرى ۋە كوردلار بولۇپ **15000** دىن ئارتۇق ئادەم قەتل قىلىندى.

◈ **1947** ـ يىلى **31** ـ مارت، قازى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى، ئىران پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى سادىر قازى، شۇنىڭدەك تاغىسىنىڭ ئوغلى، كوردىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇداپىئە مىنىستىرى سەيف قازى قاتارلىقلارغا ئۆلۈم ئىجرا قىلىندى.

◈ كوردىستان مەھاباد جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ قوماندانى مۇستەفا ئەلبەرزانىي ئۇرۇشتا قورال تاشلىماستىن ئىراققا قاچتى، ئەمما ئۇنى ئىراق ئارمىيىسى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال **500** ئەسكىرىنى ئېلىپ تۈركىيە تەرەپكە قاچتى. ئارقىدىن ئىرانغا يېڭىدىن كىردى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەفا ئەلبەرزانىي ۋە ئەسكەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىردى. ئۇلار تاكى **1958** ـ يىلىدىكى ئىراق ئىنقىلابىغا قەدەر ئۇ يەردىن قايتىپ كەلمىدى. مۇستەفا ئەلبەرزانىي **1961** ـ يىلى باشلىنىپ **1975** ـ يىلى ئىران ـ ئىراق ئوتتۇرىسىدىكى ئالجىرىيە ئەھدىنامىسى بىلەن ئاخىرلاشقان ئاخىرقى ئىنقىلابلارغا يېتەكچىلىك قىلدى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنغان چاغدا ئېلان قىلغان پروگراملىرىنىڭ بىر قىسمى:

ـ ئىران دۆلىتى دائىرىسىدە كورد خەلقىنىڭ ھۆرلىكى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ـ مائارىپتا كورد تىلىنى قوللىنىش ۋە ئىدارە ئىشلىرىدا رەسمىي تىل قىلىپ بېكىتىش.

ـ كوردلار رايونىدا يوقۇرى دەرىجىلىك ھوقۇقنى ئۈستىگە ئېلىش.

ـ ئورتاق كۆرەشتە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرگە ئەزەربەيجان خەلقى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش.

ـ كوردىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش، سەھىيە ۋە مائارىپ خىزمەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

◈ بۇ پارتىيىنىڭ مىللىي ئىرقىي يۆنىلىشىدىن سىرت ماركسىزمچە سوتسىيالىزمنى ياقلاش مايىللىقى بار. بۇ پارتىيىنىڭ كۆرىشى ئىشچى ـ دېھقانلار

www.munber.org

سىنىپى پورۇلتارىياتلىرى دېموكراتىك ھەرىكىتى كۆرەشلىرىنىڭ بىر قىسمى، ھېسابلىنىدۇ.

◈ كاتىۋاشلىرى ھەمىشە پارتىيىسىنىڭ يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىن ئىلگىرىكى سوتسىيالىزم لاگىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

◈ يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۆۋەندىكىلەرنىمۇ مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن:

ـ پارتىيىنىڭ پرىنسىپ ۋە يۈنىلىشلىرىدە كوردلارنىڭ دىنى بولغان ئىسلام سۆزى قەتئىي تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇلار، خۇسۇسەن پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان ئەرمەنلەر، ئومۇمەن دۇنيادىكى رادىكال ئەرمەن پارتىيىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ.

◈ بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ يازمىلىرى، يولىيۇرۇقلىرىدا تەرەققىيات پارتىيىسى، ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى، پۇرۇلتارىيات... دېگەنگە ئوخشىغان كومىنىزم ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىدۇ.

ـ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئەرمىنىيەدە ياشايدىغان كوردلار ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ، ئۇلارنى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرى ئىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە تۈركىيەدىكى كوردلارغا ئوخشاش ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىرقچىلار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ پىكىرلىرى بۇ ئەسىرنىڭ (20 ـ ئەسىرنى دېمەكچى ـ ت) باشلىرىدا ئەرەب ئەللىرى ۋە تۈركىيەدە كەڭ تارقالغان مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىك پىكىرلىرىگە قايتىدۇ.

◈ بۇ پارتىيىنىڭ سېكولارىستلىقى نوقتىسىدىن قارىغاندا، ئەرەب ئىرقچى پارتىيىلىرىگە ئوخشاشلا ماركسىزمچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن يانمۇ يان ھەرىكەت قىلىدۇ.

## تارقالغان رايونلار:

كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە تۈركىيەلەرگە تارقالغان.

www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: كوردىستان دېموكراتىك پارتىيىسى سېكولارىزم يۇنۇلۇشىدىكى ئىرقچى پارتىيە بولۇپ، ئىران دۆلىتى دائىرىسىدە كورد خەلقى ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈشنى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى دائىم ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سوۋىت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى سايىسىدا ئەزەربەيجان خەلقى بىلەن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. كوردلارنىڭ دىنى بولغان ئىسلام كەلىمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىدا تىلغا ئېلىنمىغانلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئابدۇرراھمان قاسىملو: كردستان الۆكراد ــ بېيرۇت.
- جەۋادۇل موللا: كردستان وطن وشىب بدون دوله ـ لوندۇن، **1985**م.

چەتئەل مەنبەلىرى:

Lothar A.Heinrich: die Kurdisch Nationalbewyung in der Turdei 1989.

www.munber.org

# سۇرىيە مىللەتچى پارتىيىسى

**ئىنقىلما:**

بۇ پارتىيە ئەرەب مىللەتچىلىكىگە چاقىرىدىغان، سۇرىيە ۋەتىنىنىڭ سۇرىيە خەلقى ياشاپ ئۆتكەن تۇپراقلار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ. پارتىيىنىڭ پىكرىگە كۆرە، سۇرىيەنىڭ گۈللىنىشى ئۆز روھىنى، سىياسىي، مىللىي تارىخىنى سۇرىيە مىللىتىنىڭ ئىستەكلىرىدىن ئالغان. ئىجتىمائىي مىللەتچى پارتىيىسى نامىنى تاللىغان بۇ سىياسىي ھەرىكەت ھۆرلۈك، ۋەزىپە، تۈزۈم ۋە كۈچنى سىمۋول قىلغان تۆت باشلىق قارا بورانىنى ئۆزىنىڭ لوگوسى قىلغان.

**قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ بۇ ئەسىرنىڭ (20 ـ ئەسىرنىڭ ـ ت) ئوتتۇزىنچى يىللىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا 1932 ـ يىلى لىۋان سىياسىي سەھنىسىدە بىرازىلىيىدىن قايتىپ كەلگەن ئانتون سۇئادە ئىسىملىك بىر ياش پەيدا بولۇپ، ئىجتىمائىي مىللەتچى پارتىيىسى نامى ئاستىدا مەركەزلىك، ئىنتىزامچان بىر پارتىيىنى قورۇپ چىقتى.

ـ لىۋاندىكى تۈرلۈك دىن ۋە تائىپىلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى پۇرسەت، دەپ بىلگەن بۇ پارتىيە، ھەر خىل ئېقىم ۋە مەزھەپچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئاساستا مەيدانغا كەلدى. ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى بارلىق پەرقلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت زېمىن بىرلىكى ئاستىدا ئۆز ئارا باغلىنىشقا چاقىردى. غەرب ئەللىرى بۇ پارتىيىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇرال ـ ياراق بىلەن تەمىنلىدى.

ـ بۇ پارتىيەنىڭ چاقىرىقى زىيالىي ياشلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن راۋاجلاندى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىشىسى، روھىي يېتەكچىسى ۋە نەزىرىيىچىسى ئانتون سۇئادەنىڭ رەھبەرلىكىدە تەرەققىي قىلدى. ئانتون سۇئادە لىۋان دۆلىتىنىڭ ئاساسىغا تەھدىد ئېلىپ كېلىدىغان قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشقا ئورۇنغانلىقى تۈپەيلى 1949 ـ يىلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

◈ مەشھۇر كىشىلىرىدىن يەنە سۇرىيە ئارمىيىسىدىكى سابىق مىخبىشى غەسسان جەدىد (نۇسەيرى)، ئىسام ئەلمۇھايىرىي، دوكتور ئابدۇللاھ سۇئادە، فايىز سايىل، جورج ئابدۇلمەسىيھ ۋە ئاخىرىقى رەئىسلىرىدىن ئىنئام رەئد قاتارلىقلار ساناش مۇمكىن.

www.munber.org

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى ئانتون سۆئادەنىڭ «مىللەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى» ناملىق كىتابىدا زىكىر قىلىنغان پىكىرلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار:

- دىننى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش.

- دىنىي كىشىلەرنىڭ سىياسىي، سوت ۋە مىللىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى چەكلەش.

- ئوخشىمىغان مەزھەپ ۋە تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسىقلارنى ئېلىپ تاشلاش.

- فېئوداللىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىللىي كىرىمنى مەھسۇلاتقا قاراپ تەرتىپلەشتۈرۈش، ئىشچىلارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئاسراش.

- مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ كېلەچىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئاكتىپچانلىقى بار مىللىي ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

◈ بۇلاردىن باشقا پارتىيەنىڭ پىكىر، ئېتىقاد ۋە تارىخ ھەرىكىتىگە بولغان تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان خۇسۇسلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- سۈرىيە سۈرىيەلىكلەرنىڭدۇر، سۈرىيەلىكلەر مۇكەممەل بىر مىللەتتۇر.

- فرانسۇزلار ئىنگلىزلاردىن، روسلار گېرمانلاردىن پەرقلەنگەندەك، سۈرىيەلىكلەرمۇ باشقا ئەرەب ئۇممەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

- سۈرىيە مەسىلىسى دېمەك، سۈرىيە مىللىتى ۋە سۈرىيە ۋەتىنى دېمەكتۇر.

- سۈرىيە مىللىتى يازما تارىختىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن زامان جەريانىدىن ئاپىرىدە بولغان سۈرىيە خەلقىنىڭ تارىخىدۇر.

- سۈرىيە مىللىتى يىگانە ئىجتىمائىي ھەيئەتتۇر.

- سۈرىيەنىڭ مەنپەئەتى بارلىق مەنپەئەتلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

- سۈرىيە مىللەتچىلىرى بوددىستلىقلىرى، شاراپلىرى، تەڭرىلىرى، ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنىلىرى ۋە زوقلىرى بىلەن فىنىقىيلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان باي ئۆتمۈشنى، روھىي مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا دېڭىز نامى بىلەن تونۇلغان سۈرىيە دېڭىزى ئەتراپىغا بەرپا قىلغان بىناكارلىقلىرىنى قەدىرلەيدۇ.

- كېرىينون، بىيار سەلىيبىي، يۇھەننا فەمۇززەھەب، ئەفرام ئەلئۇمەرىي، دىك ئەلجىن ئەلھەمسىي، كەۋاكىبىي ۋە جىبرانغا ئوخشىغان كاتتا كىشىلىرى قالدۇرغان ئىزلارنى ئەزىزلەيدۇ.

www.munber.org

- سىرجون ئەلكەبىير، ئەسرەھدۇن، سىنهارىيب، نەبۇزەخ نەسر، ئاشۇر بانىبال، هانىي بەئىل... تاكى يۇسۇف ئەلئەزمەگىچە بولغان ئونتۇلماس ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنى پەخىر بىلەن ئەسلەيدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىسلامىي كىشىلەردىن چىققان بۈيۈك، مەشھۇر كىشىلەرنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويىشىدۇ.

- سۇرىيە تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر فىنىيقىي دەۋرىدۇر.

- ئۇلارچە ئىسلام فەتھىلىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ فەتھىي قىلىشى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، فەتھىدىن كېيىنكى تارىخقا يالغۇز سۇرىيە تارىخى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. خەلىپىلىكتىن ئىلگىرى دەمەشقتە يىگىرمە يىل تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇرىيەلىك بولۇپ كەتكەن، ئۇمەۋىيلارنىڭ ئولۇغلىرى پەقەت سۇرىيەنىڭ ئولۇغلىرىدۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدىكى تارتىشىش ئەمەلىيەتتە سۇرىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئىراق مىللەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تارتىششتىن ئىبارەت. ماكان، تۇپراق ۋە ھاۋانىڭ ئىنسانىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە، بىر تارىختىن ئىككىنچى بىر تارىخقا ئۆزگەرتىۋېتىدىغان سېهرى كۈچى بار، دەپ قارايدۇ.

- ئۇلار سۇرىيە ھەققىدە سۆزلىگەندە ھازىرقى سۇرىيە، لىۋان، ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك سۇرىيەنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ بۇ پارتىيەنىڭ تەرەپدارلىرى دىنغا قارشى بارلىق كۈچى بىلەن كۆرەش قىلىدۇ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قاراشلىرىدا بىر قاتار پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

- تەڭرى ئىدىيىسىنى ئىنسان قورقۇنچ، ۋەھىمە ۋە خۇراپاتلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان مەزگىللىرىدە ئىختىرا قىلىغان، دەپ بىلجىرلاش.

- ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى، قايتىدىن تىرىلىش، ساماۋىي كىتابلارنى ۋە قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلىپ، كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا ماددى كۆز بىلەن قاراش.

- ئىسلامنىڭ قېنى سوغۇق ئىدى، ئۇنى پەقەت خەلىپىلەر ۋە فىقھىي ئالىملىرى تەرەققىي قىلدۇرغان، دەپ بىلجىرلاش.

- دىننى دۆلەتتىن ئايرىپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئىسلام تەرىپىدىن قارا قويۇق رەت قىلىنىدىغان غەربچە ئىدىيىدۇر.

- دىنىي ئاساس بويىچە توپلىنىشنى تەرەققىيات يولىدىكى ئەڭ خەتەرلىك توسالغۇلارنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ ۋە سۇرىيە مىللەتچىلىك ئاساسىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقلاردىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن ئۇ خىل توپلىنىشلاردىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىدۇ.

www.munber.org

◈ خەلقئارالىق بىرىكىشلەر، ھەربىي ئىتتىپاقلار ۋە مىللەتلەرنىڭ بىر ئارىغا كېلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنىڭ تارلىقى سەۋەبىدىن بۈيۈك ئىسلام دۇنياسى خەرىتىسىنى كىچىك بىر دۇنيا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇنماقتا.

- يەككە - يىگانىلىقا ئېلىپ بارىدىغان بۇ خىل قاراش غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدۇ، بۈيۈك ئىسلام ۋەتىنىنى پارچىلاش ۋە ئىسرائىلىيەنى ئوراپ تۇرغان كۆچلەرنى ھاسىرىتىشتا يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

- ئەخلاقىي قىممەتلەرنى چىرىتىشكە چاقىرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ياش قىز - ئوغۇللارنى قىزىقتۇرۇپ، ھاراق - شاراپ قايناپ تۇرغان سورۇنلاردا ئۆزلىرىگە قېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، زىنا - پاھىشىگە يول ئېچىشتىن ئىبارەت.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

◈ لىۋاننى مەركەز قىلغان بۇ پارتىيەنىڭ سۈرىيەدىمۇ ئەگەشكۈچىلىرى بار. ئەمما بۇلارنىڭ پىكرى ئۆزىدىن كۈچلۈكرەك نۇپۇزغا ئىگە ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لىۋاندا ئۆزىگە «ئىجتىمائىي مىللەتچى پارتىيىسى» دېگەن يېڭى نامنى قويۇپ ئاشكارا پائالىيەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

◈ ئانتون سۇئادە ئۆزىنىڭ «مىللەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى» ناملىق كىتابىدا سۈرىيە مىللەتچىلىكىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ باشقا جوغراپىيىلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، شىمالدا تورۇس تاغلىرىدىن باشلانغان بۇ ئىقلىم جەنۇبتا سۇۋەيس قانىلىغىچە سوزۇلىدىغانلىقى، غەربتە سىنا يېرىم ئارىلى، ئەقەبە قولتۇقى ۋە سۈرىيە دېڭىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، شەرقتە سەھراغىچە سوزۇلغان بۇ جۇغراپىيەنىڭ دەجلە بىلەن ئۈچىرىشىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ پارتىيە ھازىر كەڭ كۆلەمدە چۆكۈش ھالىتىدە تۇرىۋاتىدۇ.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: سۈرىيە مىللەتچىلىك چاقىرىقى بىرلەشتۈرۈشنى قويۇپ پارچىلاشقا تىرىشىدىغان، ئايرىمچىلىق تەرەپدارى بىر چاقىرىقتۇر. خەلقئارا سەۋىيىدە بىرلىشىش جانلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتچىلىك جاھىللىقىغا چاقىرىدىغان بۇ پارتىيەنىڭ ئەزالىرى خىيالدىن ئاپىرىدە بولغان بىر دائىرىنىڭ، تۇيغۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئاجىز، ئۆتمۈشكە ئائىت ئامىللارنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلار زېمىننى ئەڭ كۈچلۈك باغلىغۇچى ئامىل، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىيىسى دىننى دۆلەتتىن ئايرىپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ.

www.munber.org

**ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:**

- **ئانتون سۇئادە:** نشوء الأمم.
- **ئانتون سۇئادە:** المحاضرات العشر في الندوة الثقافية.
- **ئانتون سۇئادە:** تعاليم وشروح في العقيدة القومية والاجتماعية.
- **ئانتون سۇئادە:** الإسلام في رسالتيه المسيحية والمحمدية.
- **د.مۇستەفا سىبائىي ماقالىلىرى:** في جريدة الشهاب الدمشقية، 1955م.
- **ساتىئ ئەلھەسرىي:** العروبة بين دعاتها ومعارضيها.
- **فەتھىي يەكەن:** حركات ومذاهب في ميزان الإسلام.
- **فىلىيپ ھەتتا:** لبنان في التاريخ.

www.munber.org

# پانچاسىلا ھەرىكىتى

## ئېنىقلىما:

«پانچاسىلا» (ئويۇشقان بەش پرىنسىپ) 1945 ـ يىلى مۇستەقىللىق ھارپىسىدا ئېلان قىلىنغان بەش ئاساسىي پرىنسىپ بولۇپ، ھىندونوزىيە خەلقىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئورنىغا بۇ بەش پرىنسىپ يولىيورۇقلىرى بويىچە مېڭىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان ھىندونوزىيە دۆلىتىنىڭ دەستۇرىغا كىرگۈزۈلگەن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

◈ 1945 ـ يىلى ھىندونوزىيە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈش كومىتېتى كېلەچەكتىكى دۆلەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى تۈرغۇزۇش يىغىنى چاقىردى.

ـ بۇ يىغىندا ئىسلامىي كۈچلەر بىلەن مىللىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى «دۆلەتنىڭ ئاساسى ئىسلام بولامدۇ ياكى دىنسىزلىقمۇ؟» دېگەن تالاش ـ تارتىش ئەۋجىگە چىققان.(شۇلارنىڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا كۆرە).

ـ شۇ جەرياندا مۇستەقىللىكتىن كېيىنكى ھىندونوزىيەنىڭ تۇنجى رەئىسى سوكارنو دۆلەتنىڭ پرىنسىپ ۋە پەلسەپىسى قىلىش ئۈچۈن بەش ئاساس (پانچاسىلا) نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ـ ئىسلامىي ۋە مىللىي رەھبەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز كىشىلىك كومىتېت جاكارتا ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان، 1945 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن بۇ ئەھدىنامە ئىمزالانغان. «مۇسۇلمانلارغا ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش زۆرۈر» دېگەن جۈملە چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى بۇ ئەھدىنامە 1945 ـ يىلى تۈزۈپ چىقىلغان دۆلەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان. بۇ جۈملىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىغا ھىندونوزىيەدىكى ئاز سانلىق خرىستىيانلارنىڭ «ئەگەر بۇ ئىبارە ئېلىپ تاشلانمىسا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە قاتناشمايدىغانلىقى» توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرىشى سەۋەپ بولغان، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

ـ شۇنداق قىلىپ، ئەھلى سەلىب دۆلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سېكولارىستلار يېتەكچىلەردىن تەركىپ تاپقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىكىرلىرى نەتىجىسىدە

www.munber.org

ھىندىنوزىيەدىكى ئىسلامچىلارنىڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى سۇغا چىلاشقان.

- بەش پرىنسىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى سوكارنومۇ ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىدىكى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ھەربىيلەرگە ئوخشاشلا ھىندىنوزىيەگە بىر قولىدا ئۆت، يەنە بىر قولىدا تۆمۈرنى ئېلىپ تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان.

- سوكارنو ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانى بويىچە ئىسلامدىن يىراقلىقى ۋە ئەخلاقىي چىرىكلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق مەزگىلىدە ھىندىنوزىيەدىكى ئىسلام دەۋىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

◈ رەئىس سوھارتۇ: ھەربى ئىنقىلاب قوزغاپ سوكارنونى ھۆكۈمەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن... ئەمما ئۇمۇ سوكارنونىڭ مېتودى بويىچە ئىش تۇتقان. مۇسۇلمان ھىندىنوزىيەدە سېكولارىستلارچە (دىنسىزلارچە) ئۇسلۇبقا تايانغان. بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كەڭ يول قويغان. ھىندىنوزىيەنىڭ ئىشلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇرۇش، بۇددىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن داغدام ئېچىۋەتكەن. دۆلەت ئىچىدە چىرىكلىك ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى ئەۋج ئالدۇرغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

◈ پانچاسىلا تۆۋەندىكى بەش پرىنسىپنى ياقلايدۇ:

- يىگانە، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش (يىگانە پەرۋەردىگارلىق).

- ھىندىنوزىيەنىڭ بىرلىكىگە چاقىرىدىغان مىللەتچىلىك.

- دېموكراتىيە (يەنى پارلامېنت كېڭىشىدە ئېلىنغان قارار ئارقىلىق يېتەكلىنىدىغان خەلق).

- پاك، ئادىل ئىنسانپەرۋەرلىك.

- ئىجتىمائىي ئادالەت.

بۇ پرىنسىپلار ھىندىنوزىيەدىكى بارلىق تائىپىلەرنىڭ چۈشىنىشىش نوقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

- بۇ بەش پرىنسىپ پەقەت نەزىرىيىۋىي پرىنسىپلار ياكى كۆتۈرۈپ يۈرىيدىغان شۇئارلار سۈپىتىدە تاشلىنىپ قالدى. ئىسلام ئالەمىدىكى ھەربى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشلا، ئارقىسىغا سېكولارىزم يوشۇرۇنغان بۇ ھۆكۈمەتمۇ ھىندىنوزىيەدىكى مۇسۇلمان خەلقنى ئىسلامدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى.

- بەش پرىنسىپنىڭ بىرىنچىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئاللاھقا ئىشىنىش» تە بارلىق تەسىرلەردىن يىراق ئىلاھىي ۋەھىيگە، ساغلام ئەقىدىگە تايانغان ئىماننى

www.munber.org

كۆزدە تۇتمايدۇ. بۇ پرىنسىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى سوكارنونىڭ نەزىرىدىكى «ئاللاھ» قارىشى مۇنداق: «ئىنسان تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا ئاللاھقا بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما سانائەت باسقۇچىغا يەتكەندە ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ.»

- ئەھۋال ئۇنداقكەن، «ئاللاھقا ئىشىنىش» تىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپنىڭ بولۇشىنىڭ پانچاسىيلا دىنسىزلىقنىڭ ھەقىقىتىنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

◈ سېكولارىزم ۋە غەربلەشتۇرۇش پانچاسىيلانىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئىشكتىن ھىندونوزىيەگە بارلىق تائىپە ۋە مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئەھلى سەلىپلەر، خىرىستىيانلاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى كىرىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئانىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ئاسراش، كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش... دېگەنگە ئوخشىغان پروگراملىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا ئىشقا ئاشتى.

◈ ئاھالىسى يۈزدە يۈز مۇسۇلمان بولغان مۇسۇلمان ھىندونوزىيەدە ئىسلامنى تەرك قىلىپ، كاتولىك ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى **20** مىليونغا يېتىپ قالدى.

◈ مىللىي مۇناسىۋەت (دىنسىزلىققا تايانغان) ھىندونوزىيە خەلقىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ... بۇ باغلىنىش ياۋرۇپادا ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەمدى ئۇلار مىللەتچىلىكتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار دىنلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرىنى جانلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا... ھىندونوزىيە مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەقسىدى ھىندونوزىيە خەلقىنىڭ بىرلىك ئامىللىرى قاتارىدىن ئىسلام ئەقىدىسىنى يىراقلاشتۇرۇش، نەتىجىدە خەلقتىن ئىسلامدىن تەدرىجى يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

◈ بەش پرىنسىپنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئارقىسىدا ھىندونوزىيە خەلقىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلارنى بىر ئارىغا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ئىنسانپەرۋەرلىك، دېگەندىن ئىبارەت دىنسىزلىق چاقىرىقى، ئىسلامغا ھەسەت قىلىش ئېغى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ...

◈ ئىجتىمائىي ئادالەت: ئۈچىنچى دۇنيا دۆلەتلىرىدىكى ھەربى ھۆكۈمرانلارنىڭ تەتبىقلانمايدىغان ياكى ھېچقانداق ئەمەلىيىتى بولمىغان ئورتاق سۆزى.. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمەلىيلەشكەن بولسا، ھىندونوزىيە ۋە ئۇلارنىڭ مېتودى بويىچە مېڭىۋاتقان باشقا ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا چىرىكلىك، ئوغۇرلۇق، پارىخورلۇق بۇ قەدەر يامراپ كىتەرمىدى؟!

- ھۆكۈمەت، دۆلەت ئومۇمىي سىياسىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغان يېگانە ئاساسى بولغان پانچاسىيلانى چىقىش قىلغان ئاساستا، ئىسلام دىنىنى تەتبىقلاشقا چاقىرىدىغان ھەر قانداق دەۋەتنى دۆلەت موقىملىقىغا تەھدىد ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلىك چاقىرىق، دەپ قارايدىغان قارارلارنى چىقاردى. ھۆكۈمەت **1973**-يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىنىش، تالاق، ھەق-تەلەپ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نوقتىلاردا

www.munber.org

ئىسلام شەرئىي قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشنى چەكلەشكە ئورۇندى. ئەمما بۇ خىل ئورۇنۇشنى ئۆز دەۋرىدىكى شىھاب ئەلمۇسلىم تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك تارىخىي نامايىش ئەمەلدىن قالدۇردى.

◈ ھۆكۈمەت يەنە مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ھىجابلىنىشى چەكلەش ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۆتەۋاتقان ساقچى ئاپپاراتىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسلام دەۋەت پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلاش ۋەزىپىسىنى يۈكلەشتە ئۇسۇللارنى قوللانغان.

◈ پانچاسىيلانىڭ روھىغا ئاساسەن، گەرچە **160** مىليونلۇق نوپۇسنىڭ **88%** پرسەنتى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، **5%**نى ئىگەللەيدىغان خرىستىيان دىنىنى، **2%** بوددىست، **2%** ھىندوس ۋە **2%** لىك باشقا دىنلارنىمۇ ئېتىراپ قىلدى.

◈ ھۆكۈمەت پانچاسىيلانىڭ روھىغا ئاساسەن بارلىق دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مىسسىئونېرلىق ھەيئەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خرىستىيان دىنىنى تارقىتىشى ئۈچۈن تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت تىلۋىزىيە ئېكرانلىرىدا بارلىق دىنلارنىڭ تەلىماتلىرى ئۈچۈن ئوخشاش مىقداردا پروگرام تارقىتىدۇ!!

- پانچاسىيلانىڭ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، چېركاۋلار، بۇددىزم ۋە ھىندوسلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سانى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىنىڭ سانى بىلەن يېقىنلىشىپ قالغان.

◈ ھۆكۈمەت پانچاسىيلا پرىنسىپلىرىنى تەلىم - تەربىيە ساھەلىرىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرى ئۈچۈن ئاساسلىق پەن قىلىپ كىرگۈزگەن. بۇنىڭدىن باشقا، پانچاسىيلانى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، خوسۇسى ئورگانلارنىڭ مەنسۇپلىرى ئۈچۈن تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە پانچاسىيلانىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق دىنلارنىڭ ئەركىن بولۇشنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

◈ رەئىس سوكارنو دېموكراتىيە، ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى مىللىي داھىي سۈن يات سىندىن قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىلاھ ۋە ھىندىنوزىيەنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىككى پرىنسىپنى ئىلاۋە قىلغانلىقىغا ئائىت سۆزلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

◈ شۇنداق قىلىپ، خرىستىيان جەمئىيەتلىرى ھىندوزىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان بولۇپ، غەرب تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان پانچاسىيلانى چىقىش قىلغان ھىندىنوزىيەلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققان خرىستىيان دىنىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ سانى يىگىرمە مىليۇندىن ئېشىپ كەتكەن.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: پانچاسىيلا، مۇسۇلمان ھىندىنوزىيە دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىك ھارپىسىدا ئېلان قىلىنغان يىگانە بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، مىللەتچىلىك، دېموكراتىيە، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتتىن تەركىب تاپقان بەش پرىنسىپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پرىنسىپلارنى خەلقنىڭ

www.munber.org

يېتەكچىسى قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ نەزەرىيىۋى شۇئارلارنىڭ سايىسى ئاستىدا سېكولارىزم ھىندىنوزىيەدە يىلتىز تارتتى. بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى سوكارنو بىرىنچى پرىنسىپنىڭ بايان قىلىپ «دېھقان ئۆزىنى ئاللاھقا مۇھتاج، دەپ ھېس قىلىدۇ، ئەمما، سانائەتچىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدى زۆرۈر ئەمەس» دېگەن. بۇ پرىنسىپ ئارقىسىدا ھىندىنوزىيەدىكى مىليۇنلىغان مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلاشتۇرۇلغان. يەنە مۇشۇ پرىنسىپ نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت ھىجابنى چەكلىدى، ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىۋاتقان دەۋەتچىلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- سابىق ھىندىنوزىيە رەئىسى دوكتور مۇھەممەد ناسىر: اختاروا إحدى السبيلين، سەئۇدى بېسىپ ـ تارقىتىش نەشرىياتى ـ ئىككىنچى نەشرى، **1403ھ/1983**م.

- مۇھەممەد ئەسەد شىھاب: صفحات من تاريخ إندونيسيا المعاصرة.

- «ئىئتىسام» ژۇرنىلى ـ قاھىرە، رەبىئۇل ئاخىر سانى ـ **1410ھ/ 1989**، نويابىر.

- «دېبلوماتىيە» ژۇرنىلى ـ **8** ـ سان زۇلقەئىدە **1407ھ/ 1987**، ئىيۇل: «ھىندىنوزىيە جۇمھۇرىيىدىكى دۆلەت ئاساسي پانچاسىيلا».


www.munber.org

## ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى

**ئىنىقلىما:**

«ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى» سېكولارىستىك مىللەتچى پارتىيە بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە چۈشەنچىلىرىنى سوتسىيالىستىك ئېقىمغا ئايلاندۇرۇش ۋە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ. ئىلان قىلىنغان شۇئارى «مەڭگۈلۈك رىسالىگە ئىگە بىر ئەرەب ئۈممىتى» بولۇپ، پارتىيىنىڭ يېتەكچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما غايىلىرى بىرلىك، ئەركىنلىك ۋە سوتسىيالىزمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

**قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ 1932 ـ يىلى شەرق چېركاۋىغا مەنسۇپ خىرىستىيان مىچىيل ئەفلەق ۋە سالاھ بىيتار قاتارلىقلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلىرىنى تاملىغاندىن كېيىن، مىللەتچىلىك ۋە چەتئەل مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت پىكىرلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا، پارىستىن دەمەشققە قايتىپ كەلگەن.

ـ ئەفلەق ۋە بىيتارلار ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ جەريانىدا ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ياشلار ئارىسىدا پىكىرلىرىنى تارقىتىشقا باشلىغان.

ـ ئەفلەق ۋە بىيتار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن گۇرۇپ ماركسىزمچىلار بىلەن بىرلىكتە 1934 ـ يىلى «تەلىيئە» ژۇرنىلىنى چىقارغان ۋە ئۆزلىرىنى «ئەرەب تىرىلدۈرۈش جامائىتى» دەپ ئاتىغان.

ـ 1974 ـ يىلى «ئەرەب تىرىلىش پارتىيىسى» نامى ئاستىدىكى بۇ پارتىيە تەسىس قىلىنغان. تەسىس قىلغۇچىلار ئارىسىدا مىچىيل ئەفلەق، سالاھ بىيتار، جالال سەييىد، زەكىي ئەرسۇزىي قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار «تىرىلىش» نامى ئاستىدا ژۇرنال چىقىرىش قارارىنى ئالغان.

1946 ـ يىلىدىكى سۈرىيە مۇستەقىللىقىدىن كېيىنكى ھۆكۈمەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىغان. بۇ ھۆكۈمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ 1946 ـ يىلىدىن تاكى 1949 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە قەدەر داۋاملاشقان شۈكرى ئەلقۇتلىي ھۆكۈمىتى.

2 ـ 1949 ـ يىلى بىر قانچە ئاي ھۆكۈمەتنى تۇتۇپ تۇرغان ھۆسنى زەئىيم ھۆكۈمىتى.

3 ـ ھۆكۈمدارلىقى 1949 ـ يىلى باشلىنىپ، شۇ يىلى ئاخىرلاشقان پولكوۋنىك سامىي ھەنناۋىي ھۆكۈمىتى.



www.munber.org

4 ـ 1954 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ئەدىب شىشكىلىي ھۆكۈمىتى.

5 ـ ئىككىنچى قېتىم ھۆكۈمدارلىق سەھنىسىگە قايتىپ كىلىپ، 1958 ـ يىلى مىسىر بىلەن بىرلىك ئەھدىنامىسى ئىمزالىغانغا قەدەر داۋاملاشقان شۇكرى ئەلقۇتلىي ھۆكۈمىتى.

6 ـ 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىللىرى ئارىسىدا جامال ئابدۇنناسىر رىئاسەتچىلىكىدىكى بىرلىك ھۆكۈمىتى.

7 ـ دوكتور نازىم ئەلقۇدسىي رىئاسەتچىلىكىدىكى بۆلۈنۈش ھۆكۈمىتى: ئابدۇلكەرىم ئەننەھلاۋىي رەھبەرلىكىدىكى بۆلۈنۈش ھەرىكىتى 1961 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 1963 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقان.

◈ 1963 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن ھازىرغا قەدەر سۈرىيە تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلدى. بۇ جەريان بىر قانچە تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلار:

ـ 1963 ـ يىلدىكى ئىنقىلاب رەھبەرلىكى ھۆكۈمىتى: بۇنىڭدا سالاھ بىيتار رەئىس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

ـ ئەمىين ئەلھافىز ھۆكۈمىتى: 1963 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان.

ـ 1966 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان نۇرۇددىين ئەلئەتاسىي ھۆكۈمىتى: پارتىيىنىڭ كۆپچىلىك رەھبەرلىرى بۇ ھۆكۈمەتتە گەۋدىلىك رول ئوينىغان. بۇ جەرياندا رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلىگەن سالاھ جەدىيد ۋە مۇداپىئە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئىشلىگەن ھافىز ئەلئەسەدلەر كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

ـ ھافىز ئەلئەسەد ھۆكۈمىتى 1970 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا.[①]

◈ پارتىيە تارىخىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سۈرىيەلىكلەر:

ـ سامىي ئەلجۇندىي: 1963 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ئاخبارات مىنىستىرى بولغان.

ـ ھۇمۇد ئەششۇفىي: رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق باش كاتىپى بولغان. ئەمما 1964 ـ يىلى مارت ئېيىدا ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە پارتىيىدىن ئايرىلىپ چىققان. ئۇ ھازىر ئىراقتا.

ـ مۇنىيف رىزاز (ئىئوردانىيەلىك): 1965 ـ يىلى ئاپرىل ئېيىدىن 1966 ـ يىلى فېۋرال ئېيىغا قەدەر پارتىيە مىللىي رەھبەرلىكىنىڭ باش كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

ـ مۇستەفا تالاس: 1923 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن، ھىمستىدىكى ھەربىي پاكولتېتتا ئوقۇغان. 1947 ـ يىلى پارتىيىگە قاتناشقان. 1963 ـ يىلى ئوتتۇرا رايون مىللىي بىخەتەرلىك مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1964 ـ يىلدىن 1966 ـ

[①] ھافىز ئەلئەسەد 2000 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى بەششار ئەلئەسەد 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. تەرجىمان.

يىلىغىچە بەشىنچى باتالىيون گېنراللىرىنىڭ رەئىسى، 1968 ـ يىلى فىۋرال ئېيىدىن باشلاپ قورالىق كۈچلەر باش قوماندانى، 1968 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلىغا قەدەر مۇئاۋىن مۇداپىئە مىنىستىرى، 1973 ـ يىلى مارت ئېيىدىن باشلاپ تا ھازىرغا قەدەر مۇداپىئە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

ـ گېنېرال يۈسۈف شۈكۈر: ھىمسلىق بولۇپ، مۇستەفا تالاستىن كېيىن قوراللىق كۈچلەرنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن.

ـ گېنېرال ناجى جەمىيل: دىير ئەززۇرلۇق بولۇپ، 1970 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ 1978 ـ يىلى مارت ئېيىغا قەدەر ھاۋا كۈچلىرى قوماندانى بولغان.

ـ سەلىيم ھاتۇم: 1966 ـ يىلى ئىنقىلاب قوزغاشقا ئورۇنغان ئەمما مەغلۇپ بولغان. 1967 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

ـ زەكىي ئەرسۇزىي: (ئىسكەندرون گېنراللىرىنىڭ بىرى) مېيچل ئەفلەق بىلەن بىر سەپتىكى قورغۇچىلارنىڭ بىرى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى رىقابەتچىسى.

ـ شىبلىي ئەلئەيسەمىي: 1930 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. يېزا ئىگىلىكنى ئىسلاھ قىلىش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، كېيىنچە مائارىپ مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1964،1963 ـ يىللىرى مەدەنىيەت ۋە مىللىي يولىيۇرۇق ئىشلىرى مىنىستىرى بولغان. 1965 ـ يىلى تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش رەئىسى بولغان.

ـ ئابدۇلكەرىيم ئەلجۇندىي: سالاھ جەدىيدنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1969 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

ـ سۇلەيمان ئەلئىيسا: (ئىسكەندرون گېنراللىرىنىڭ بىرى) نەزىرىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە شائىر.

ـ ئەھمەد ئەلخەتىيب: 1970 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. 1971 ـ يىلى فىۋرال ئېيىدا، يەنى نۇرۇددىين ئەتاسىي بىلەن ھافىز ئەلئەسەد ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەزگىلىدە ئىستىپا بەرگەن. 1965 ـ يىلدىن باشلاپ كېڭەيتىلگەن رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋە قىسقا مۇددەت خەلق كېڭەشىنىڭ رەئىسى بولغان.

ـ يۈسۈف زەئىين: 1931 ـ يىلى بوكمالدا دۇنياغا كەلگەن، كەسپىي دوختۇر، 1964،1963 ـ يىللىرى يېزا ئىگىلىكنى ئىسلاھ قىلىش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان. ئەنگىلىيىدە ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. 1965 ـ يىلى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىقىغا تاللانغان. 1966 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلىغىچە تۇتقان باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى 1970 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرغان.

ـ جەلال ئەسسەييد: دىيرۇززۇرلۇق بولۇپ، قورۇلۇش پارتىيىسىنىڭ قورغۇچى ئەزالىرىنىڭ بىرى. ئۇ پارتىيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، سۈرىيە سىياسىتىدە يەنىلا ئاكتىپ رول ئوينىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ـ ئابدۇلھەلىيم خەددام: 1932 ـ يىلى بانياستا دۇنياغا كەلگەن. دەمەشىق ھوقۇق پاكولتىتىنى پۈتتۈرگەن. بىر قاتار رەسمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھۇمات، قۇنەيتىرە



www.munber.org

ۋە دەمەشىق (**1964**) قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ۋالىيسى، **1969** ـ يىلى ئىقتىساد مىنىستىرى، **1970** ـ يىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان. ئۇ **1969** ـ يىلىدىن باشلاپ پارتىيەگە قاراشلىق رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزا بولۇپ كەلگەن خەددام **1984** ـ يىلى جۇمھۇرىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئۆسكەن.

ـ هافىز ئەلئەسەد: **1930** ـ يىلى لازىقىيەنىڭ قەرداھە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. **1955** ـ يىلى ھىمستىكى ھەربىي پاكولتىتنى پۈتتۈرگەن. **1963** ـ يىلى زەمىير هاۋا بازىسىنىڭ قوماندانى ، **1964** ـ يىلى هاۋا كۈچلىرى قوماندانى بولغان. **1965** ـ يىلى ئىنقىلاب رەھبەرلىكى مىللىي كېڭەشكە قېتىلغان. **1966** ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا سالاھ جەدىيدقا قوشۇلغان. **1966** ـ يىلىدىن **1970** ـ يىلىغىچە مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان. ئۇ، ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ئۆزگەرتىش ھەركىتىدىن كېيىن، يەنى **1970** ـ يىلى **11** ـ ئايدا جۇمھۇرىيەت رەئىسى بولغان.

ـ زەھىير مەشارىقە (ھەلەبلىك): كېيىنكى مەزگىللەردە جۇمھۇرىيەتنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

◈ **1953** ـ يىلى «تىرىلىش پارتىيىسى» بىلەن ئەكرەم ئەلھۇرانى رەھبەرلىكىدىكى «ئەرەب كوممۇنىستىك پارتىيىسى» «ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى» نامى ئاستىدا بىر پارتىيە بولۇپ بىرلەشتى.

◈ ئەمما تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ئىراقتىكى قىسمى تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان:

**◈ تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ئىراقتىكى ھۆكۈمەت تىزگىنىنى قولغا كەلتۈرىشى:**

ـ **1958** ـ يىلى **14** ـ ئىيۇل ئابدۇسسالام ئارىف قوماندانلىقىدىكى ئوفىتسېرلار ئىئوردانىيە تەرەپتىن باغدادقا كىرىپ، رادىئو ئىستانسىسىنى ئىگەللىۋالدى، پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاب ئېلان قىلدى، پادىشاھ فەيسەل ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى ئابدۇلئىلاھ، نۇرى سەئىيد ۋە تەرەپدارلىرى قەتل قىلىندى. پادىشاھلىق تۈزۈم يىقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن فەيسەل دەۋرى ئاخىرلاشتى، ئىراقنىڭمۇ توختاۋسىز ئىنقىلابلار دەۋرى باشلاندى.

ـ **1958** ـ يىلى **24** ـ ئىيۇل يەنى ئىنقىلاب باشلىنىپ ئون كۈندىن كېيىن تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ قورغۇچىسى ۋە رەھبىرى مىيچل ئەفلەق باغدادقا يىتىپ كەلدى ۋە يېڭى تۈزۈم تەرەپدارلىرىنى بىرلەشكەن ئەرەب جۇمھۇرىيىتى (سۇرىيە ۋە مىسىر)گە قوشۇلۇشقا قانائەتلەندۈرۈشكە ئورۇندى. بىراق، ئىراق كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى سۇغا چىلاشتۇرۇپ، ئابدۇلكەرىم قاسىمنى ئىراقنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەئىسى، دەپ ئېلان قىلدى.

ـ **1963** ـ يىلى **18** ـ فېۋرال تىرىلىش پارتىيىسى ئابدۇلكەرىم قاسىمنىڭ تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلاب قوزغىدى. بۇ ئىنقىلاب باغداد كوچىلىرىدا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تۇنجى كوممۇنىستىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رادىكال قىسمى بىلەن مۆتىدىل قىسمى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ئابدۇسسالام ئارىف



www.munber.org

بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىراق تارىخىدىكى تۇنجى كومىنىستىك ھۆكۈمەتنى 1963 ـ يىلى 18 ـ نويابىر كۈنى يىقىتتى. ئابدۇسسالام ئارىف مۆتىدىل ئېقىمدىكى كومىنىست ئوفىتسېرلارنىڭ بىرى ئەھمەد ھەسەن ئەلبەكرىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

ـ 1964 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا مېيىچىل ئەفلەق سادىدام ھۈسەيىننى تىرىلىش پارتىيىسى ئىراق شۆبىسىگە قاراشلىق رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىدى.

ـ 1966 ـ يىلى سىنەبىر ئېيىدا ئىراق تىرىلىش پارتىيىسى تىرىلىش پارتىيىسىگە مەنسۇپ بولمىغان ئوفىتسېرلار بىلەن بىرلىشىپ مۇۋەپپىقىيەتلىك بىر ئىنقىلابنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئابدۇسسالام ئارىف رىجىمىنى يىمىرىپ تاشلىدى.

ـ 1968 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ 30 ـ كۈنى تىرىلىش پارتىيىسى ئابدۇسسالام ئارىفقا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابقا ھەمكارلاشقان بارلىق كىشىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەھمەد ھەسەن ئەلبەكرىنى ئىنقىلاب رەھبەرلىك كېڭىشىنىڭ رەئىسى، جۇمھۇرىيەت رەئىسى ۋە ھەربى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. سادىدام ھۈسەيىن ئىنقىلاب رەھبەرلىك كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىچكى بىخەتەرلىك ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى بولدى.

ـ 1970 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر توغبېشى ھەردان ئەتتىكرىيتى تىكرىت شەھرىدە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئىراق تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەزالىرىنىڭ بىرى، ئىنقىلاب رەھبەرلىك كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ـ 1971 ـ يىلى نويابىر ئېيىدا سەييىد فۇئاد ئەررۇككابي سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ بىرىنچى نەزىرىيىچىسى ۋە ئىراقتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭغا تۈرمىنىڭ ئىچىدە سۇيىقەست قىلىندى.

ـ 1973 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇل ھۆكۈمەت رەئىسى نازىم كىزار، ئىچكى بىخەتەرلىك ئورگىنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئوتتۇز بەش كىشى مەغلۇپ بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاب سەۋەپلىك ئۆلۈم ئىجرا قىلىندى.

ـ 1975 ـ يىلى 6 ـ مارت ئىراق تىرىلىش پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئىران شاھى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر ئالجىرىيە كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىدى. كېلىشىمنامىگە ئىراق تەرەپتىن سادىدام ھۈسەيىن ئىمزا قويدى. مەزكۇر كېلىشىمنامە ئىراق تەرەپنىڭ ئىران شاھىنىڭ رايۇندىكى تەلەپلىرىگە قوشۇلۇشى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئىران شاھى كۇردلارنىڭ ئىراق تۈزۈمىگە قارشى قىلىدىغان ئىنقىلابلىرىغا ھەمدەم بولماسلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ـ 1978 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا تىرىلىش پارتىيىسى ھۆكۈمىتى خۇمەينىنى ئىراقتىن چىقىرىۋەتتى. 1979 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا ئىراندا خۇمەينى ئىنقىلابى قوزغالدى.



www.munber.org

- 1979 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئەلبەكرىنى بارلىق مەنسەپلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆزىگە نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن، سادداm هۇسەيىن ئىراق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

- 1979 - يىلى ئىيۇل ئېيىدا سادداm هۇسەيىن ئىراق رەھبەرلىك كېڭىشىنىڭ ئۇچتىن بىر ئەزاسىنى ۋە ئىراق تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەزالىرىدىن بەش يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش دولقۇنى قوزغىدى.

- شۇ يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ 8 - كۈنى سادداm هۇسەيىن مائارىپ مىنىستىرى غانىم ئابدۇلجەلىل، تەربىيە مىنىستىرى مۇھەممەد مەھجۇب، سانائەت مىنىستىرى مۇھەممەد ئايىش ۋە ئۇنىڭ دوستى ھەمىيم ئەدنان ئەلھەمدانى ۋە دوكتور ناسىر ئەلهاني سەئىيدلارغا ئۆلۈم ئىجرا قىلدى. ئارقىدىن مۇرتەزا سەئىيد ئەلباقي قىيناش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنكى ئىككىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەنسەپلىرىنى تۇتقان كىشىلەر ئىدى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سادداm هۇسەي تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان پارتىيە مەسئۇللىرىنىڭ سانى ئەللىك ئالتىگە يەتتى. 1968 - يىلدىكى ئىنقىلابقا ئىشتىراك قىلغانلاردىن ئىززەت ئىبراھىم ئەددۇري، تاھا ياسىن رامىزان ۋە تارىق ھەننا ئەزىزلەردىن باشقا ھېچكىم ھايات قالمىدى.

- 1980 - يىلى ئاپرىل ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى سادداm هۇسەيىن كۆزگە كۆرۈنگەن شىئە ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى مۇھەممەد باقىر ئەسسەدىر ۋە ئۇنىڭ «بىنتۇل ھۇدا» نامى بىلەن تونۇلغان ھەمشىرىسى زەينەپ سەدىرگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى.

- 1980 - يىلى 22 - سىنتەبىر كۈنى سادداm هۇسەيىن ئىرانغا قارشى ئۇرۇشنى باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا يەتتە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئاقساق - چولاق، مېيىپلاردىن سىرت بەش يۈز مىڭغا يېقىن ئىراقلىق ياشنىڭ ھاياتى نابۇت بولدى. ئۇرۇش خىراجىتى ئىككى يۈز مىليار دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. سەككىز يىلدىن ئارتۇق جەريان بويىچە بارلىق تەرەققىيات ئىشلىرى توختاپ قالدى. بۇنچە كۆپ قۇربانلارنى بەرگەندىن كېيىن سادداm هۇسەيىن دۇنيا خەلقىگە «ئىران بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇشنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئالجىرىيە ئەھدىنامىسىگە قايتىشنىڭ ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى»نى ئېلان قىلىپ باشقا چىققان بولدى.

- ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشى جەريانىدا كۇرد يۇخرالىرىغا قارشى زەھەرلىك گاز، خىمىيىلىك قوراللار، كۆيدۈرگۈچى بومبىلار ئارقىلىق نە قانۇن، نە دىن، نە ئىنسانپەرۋەرلىك، نە ئىززەت - ھۆرمەتنى تونۇمايدىغان قالايمىقان شەكىلدىكى ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئېغىر تۈردىكى ئۆلۈم، قىيناش ۋاستىلىرىنى قوللاندى. ئۇ، ۋەتىنىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە خەلقىنى ئۇلارغا كىلىدىغان بارلىق يامان ئاقىۋەتلەردىن قوغداش، ساقلاپ قېلىشنىڭ ئورنىغا، ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرلەرنى ئاياللار، بالىلار، قېرىلاردىن تەركىپ تاپقان پۇخرالىرى بىلەن قوشۇپ تۈزلىۋېتىشكە، ئۇلارنى ھەربى ماشىنىلىرى بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى.

- 1990 - يىلى 2 - ئاۋغۇست (ھىجرىيەنىڭ 1411 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 11 - كۈنى) سادداm كۇۋەيت دۆلىتىنى بېسىۋالدى، زېمىنى ئۆزىنىڭ ھېسابلىدى،



www.munber.org

خەلقنى سۇر توقاي ، زاۋۇتلىرىنى ۋەيران قىلدى، دۇككانلىرىنى بۇلىدى، ئۇنىڭ ئەركىن پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈردى، نېفىت قودۇقلىرىنى پارتلاتتى. بۇ ئەھۋال خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ تاغۇتقا قارشى ئاتلىنىشى، بۇ رايۇنغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى ئىراقتىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئاتلىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىراق مىللىي مۇداپىئەسىنىڭ مىڭلىغان ئەسكەرلىرى خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ زەربىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بۇ زەربە ئۇلارنى خار ۋە زەبۇن ھالەتتە تەسلىم بولىدىغان، ئىتتىپاقداش كۈچلەرنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە كۆنىدىغان ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئىراقتىكى بارلىق فابرىكىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان خارابىلىككە ئايلاندۇرىۋەتتى. بۇ ھۇجۇم «سەھرا بورىنى» دەپ ئاتالدى. كۇۋەيتنىڭ ئەمرى دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى، كۇۋەيت ھۆكۈمىتى سۈرگۈندىن قايتىپ كىلىپ پائالىيەتلىرىنى باشلىدى.

## ◈ ئىراقتىكى تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ پرىنسىپ ۋە ئىش ـ ئىزلىرى:

ـ پارتىيىنىڭ قۇرغۇچىسى بىر پارتىيىلىك تۈزۈمنى ياقلاپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۇ، پارتىيەنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا «بىزگە بۇ رىسالىنى قانداق بەرگەن بولسا، يەنە بىزگە بۇيرۇق ۋە سۆزنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلىش ھەققىنىمۇ بەرگەن» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنداقكەن مەيلى خۇسۇسىي ياكى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدىغان ھېچقانداق ئىراق پۇخراسى يوق. ئىراق تىرىلىش پارتىيىسى دۆلەتكە قاراشلىق بارلىق نەرسە قاتتىق قول ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى پۇخرالار بىلەن تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز مۇناسىۋەت قانىلىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ـ پارتىيىنىڭ سىياسىتى، ئەرەبلەر بىلەن ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى كېسىۋېتىشكە، دىنىنى سىياسەتتىن ئايرىۋېتىشكە چاقىرىشقا، ئىشلارغا باھا بېرىشتە ھۇمۇرابى قانۇنلىرى، جاھىلىيەت شېئىرلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ۋە مەئمۇننىڭ مەدەنىيىتىنى ئوخشاش كۆرۈشكە، شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، ئەرەب ئۇممىتىنى تىرىلدۈرۈش ۋە ھاياتقا بولغان ھېسياتلىرىنى ئىپادىلەشتە باراۋەر ئورۇندا قويۇشقا مەركەزلىشىدۇ.

ـ گەرچە ئىراقتا يۈرگۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك سىياسەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى خەلق ئۈچۈن پاراۋانلىق ئېلىپ كەلمىگەن، كەمبەغەللەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمىگەن بولسىمۇ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەرەب ئۇممىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكان يارىتىشنىڭ ئاساسىي شەرتى، ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. ھالبۇكى بۇ نەزىرىيە بارلىق كىشىلەرنى كەمبەغەللىكتە باراۋەر ئورۇنغا چۈشۈردى. مال ـ مۈلۈك، خام ئەشيا ۋە تەبىئىي بايلىقلاردا يۇكسەك ئورۇننى ئىگەللەيدىغان ئىراق، تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ سەپسەتىلىرى ئارقىسىدا خەلقى ئۈچۈن ئاساسلىق ئۇزۇقلۇقنىمۇ يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئاجىز كەلدى.

www.munber.org

- ئىراق ئاساسى قانۇنىدىكى ئىسلام بىلەن ئالاقىسى بولغان بارلىق مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى، سېكولارىزم ئىراقنىڭ دەستۇرىغا، تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ئەقىدە ۋە پرىنسىپلىرى قانۇن چىقىرىش مەنبەسىگە ئايلاندى.

- 1982 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا باغدادتا چاقىرىلغان توققۇزىنچى قېتىملىق رايون خاراكتېرلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق دوكلاتىدا تۆۋەندىكىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ:

« بۇگۈنكى دەۋردىكى دىنغا بېقىنىش ھادىسىسى نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن سەلەپىيلەرگە ئائىت قالاقلىق ھادىسىسىدۇر »

« بۇ ساھەدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارنىڭ بىرى پارتىيىگە مەنسۇپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىني پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، دىني چۈشەنچىلەر ئاستا ـ ئاستا پارتىيىنىڭ چۈشەنچىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ قالدى. »

« بۇ ھادىسىگە (دىني ھادىسەنى كۆزدە تۇتىدۇ) قارشى كۆرەشتە پارتىيە ئۇنى قەيەردە ئۇچىراتسا شۇ يەردە نىشانغا ئېلىشى لازىم... چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق، پارتىيە، ئىنقىلاب، مىللىي مەسىلىلەر...گە قارشى پوزىتسىيەلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.. »

شۇنىڭ ئۈچۈن ساددام ھۇسەيىن ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى ئىسلامغا ۋە بارلىق ساھەلەردە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئىبلىسنىڭ ئەسكىرى بولغان بىر كىشى ئىدىم، شارائىت مېنى ئىبلىس مېنىڭ ئەسكىرىم بولغانغا قەدەر يۈكسەلتتى. » ساددام ئېلان قىلغان ئۇ ئۇرۇش تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللاندى:

- ساددام ھۇسەيىن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا ئىسىملىرى ئېلان قىلىنغان 47 نەپەر ئالىم ۋە دەۋەتچىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئەھلى سۈننىلەردىن شەيخ ئابدۇلئەزىز ئەلبەدرىي، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىماملىرىدىن مۇھەممەد باقىر ئەسسەدىرلەر بار ئىدى. كۇردلارنىڭ باشلىقى مۇستەفا بارزانى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىلگەن كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار سۈيىقەستكە ئۇچرىدى. ئۇلارنى توزاق قۇرۇلغان كىيىملەرنى كىيىشكە زورلىدى، ئۇ كىيىملەر پارتىلاپ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ساددامنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامىي شەخسلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان قارارلىرى ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇردى.

- ئەركىن پىكىر قىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى دەم ئېلىشقا چىقىرىلدى، ئارقىدىن مەھكىمىگە چاقىرتىلىپ تۇرىدىغان ئورۇنلىرى بەلگۈلەپ بېرىلدى ياكى ئۆزۈن مۇددەتلىك تۈرمە ھاياتىغا مەھكۇم قىلىندى.

- پەقەت مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان جايلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىراقتىكى يۈزلىگەن مەسچىتلەرنى تاقاش ئۈچۈن بۇيرۇق چىقاردى.

- ئىسلامىي كىتابلارغا قارشى تۇرۇش، ئۇلارنى كۈتۈپخانىلاردا قويغۇزماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چىقارغان. بۇ ھەقتە سەئدۇن ھەمادىي مۇنداق دەيدۇ: « نازارەتچىلىككە قويۇلغان كىشى ئۈچۈن بىر كىتابقا رۇخسەت بېرىشكە قارىغاندا ئۇنى چەكلىۋېتىش ئاسانغا توختايتتى. چۈنكى ئۇ يۈز كىتابنى چەكلەپ قويسا، بىر

www.munber.org

ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالمايتتۇق. بىراق بىر كىتابقا رۇخسەت بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن بىرەر كەلىمە چىقىپ قالسا قىيامەت قايىم بولاتتى.»

- مۇسۇلمان قىزلارنىڭ ئىسلامىي ھىجابلارنى ئارتىشىغا قارشى تۇرۇش، قىز - ئوغۇللارنىڭ ئۆز ئارا يولسىز مۇناسىۋەتلەرنى قورۇشلىرىغا قىزىقتۇرۇش، كىچىلىك كۇلۇبلارنى ئېچىۋېتىش، بارلىق ساھەلەر بويىچە پىتنە - پاساتقا رىغبەتلەندۇرۇش، جىنايەت ۋە يالىڭاچلىق كوچا ـ كويلارغا توشۇپ كەتكۈدەك ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بار ئاچقان كىشىلەرگە سېخىيلارچە ياردەم بېرىش، تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ئېلانلىرى بىلەن مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانىلارنى توشقۇزۇۋېتىش، ئىچىملىك خانىلىرىنى پەسكەشلەرنىڭ، سېپتىلمىلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلاندى. كۈۋەيتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ھاراق دۇككانلىرىنى ئېچىشقا بۇيرۇق چىقاردى.

- ئىسلامىي جەھەتتە يالغۇز قالغانلىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام قورۇلتىيى تەشكىلاتىغا قوشۇلۇشنى ئەڭ ئاخىرىدا قوبۇل قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىراق ئىدى. ئۇ ئىسلام قورۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيتتى.

- مەيلى لىۋان، كەشمىر، پەلەستىن، قىبرىستا ياكى ئافغانىستاندا بولسۇن بارلىق ئىسلام شۇئارىنى كۆتىرىپ چىققانلارغا قارشى سېكولارىستىك تۈزۈمنى ھېمايە قىلىشقا كۈچ چىقىراتتى. شۇنىڭغا ئۇ بارلىق ئىسلامىي مەسىلىلەردە ئىسلامغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدە تۇرۇپ كەلدى.

- ئۆز دۆلىتىنىڭ تۈرمە ۋە قاماقخانىلىرىغا دەھشەتتىن ئادەم بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتىدىغان قورقۇنلۇق قىيناش ۋاستىلىرىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ جاللاتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك قورقۇنلۇق ۋاستىلەرگە تايىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى:

- ئېلىكتىر ئۇسكىنىسى ئارقىلىق قولاقتىن تۇشۇك ئېچىش.

- ئېلىكتىر ھەرىسى ئارقىلىق مەھبۇسنىڭ تىنىنى ئىككىگە پارچىلاش.

- مەھبۇسلارنى يالاڭ ئاياق ھالدا ئەينەك پارچىلىرى بىلەن ئورۇلغان شۇتىلاردا مېڭىشقا زورلاش ئارقىلىق پۇتلىرىدىن سۇ مىسالى قان ئېقىتىش، مەھبۇس شۇتىنىڭ ئاخىرىقى بالدىقىغا چىققاندا توك قويۇپ بېرىپ، توكقا سوقتۇرۇش.

- مەھبۇسلارنى ئېلىكتىر سىملىرى، توربىلارغا ئىشلىتىدىغان پىلاستىك نەيچىلەر بىلەن ئۇرۇش، باشلىرىنى پاسكىنا سۇلارغا چۈمدۈرۈش، ئالدىدا قىزىق سۇ بىلەن ئارقىدىن سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇش.

- مەھبۇسلارنى تورۇسلاردىكى شامالدۇرغۇچلارغا باغلىغاندىن كېيىن، كونۇپكىنى ئېچىۋېتىش، يالىڭاچ تەنلىرىگە كۆيۈپ تۇرغان تاماكو، ئوتتا قىزىتىلغان مىخلارنى يېقىش.

- مەھبۇسلارنى قانچە كۈنلەپ تاماقسىز، سۇسىز تاشلاپ قويۇپ، ئاندىن مۇز سېلىنغان سوغۇق سۇ بېرىش، ئەگەر ئېچىشكە تەمشەلسە قاتتىق بىر زەربە بىلەن

www.munber.org

ئەينەك ئىستاكاننى مەھبۇسنىڭ لەۋ ۋە چىشلىرىغا توغرىلاپ سۇندۇرۇش، چىشلىرىنى سوغۇرۇپ ئېلىش، ئېغىزىنى ئەينەك پارچىلىرى بىلەن توشقۇزۇش.

- قاماقتا ئېلىنغانلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆتكۈزمىگەن جىنايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، ھەمشىلىرى، قىزلىرىدىن ئىبارەت يېقىنلىرىنى تۈرمىگە ئەكىلىپ كۆز ئالدىلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىش.

## ئىراق تىرىلىش ھۆكۈمىتىنىڭ مەھسۇلاتى:

ئۇنىڭ كۈۋەيتكە باستۇرۇپ كىرىشى ۋە ئىسلام جىھادىنى شۇئار قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا ناھايىتى يامان تەسىرى بولدى. بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ رەھبەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندىكى تەسىرى يامان بولدى. ساددام ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن، دەپ ئېلان قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى تورۇغلۇق ئىسمىنى ئابدۇللاھ ئەلمۆمىن دەپ ئاتىدى.

- كۈۋەيت خەلقى ۋە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۇنى كۈۋەيىنى بېسىۋېلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ھەممە بىردەك ساددامنىڭ كەززابلىقىنى تونۇپ يەتتى. كۈۋەيتتە بىر كىشىنىمۇ ئۆزىگە قاراتماي تۇرۇپ كۈۋەيتنى ئىراقنىڭ بىر پارچىسى ، پارچىنىڭ ئومۇمغا قېتىلىش ھەققى بار، دېگەننى دەۋا قىلىپ چىقتى. ئەزالىرى كۈۋەيتلىكلەر دېگەننى دەۋا قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ھۆكۈمەتلەرنى تەشكىل قىلدى. ئەمما رىئاللىق ئۇنىڭ تۇترۇقسىز دەۋالىرىنى يالغانغا چىقاردى. كۈۋەيت خەلقى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق رەھبەرلىكىگە ۋە كۈۋەيتكە بولغان تەۋەلىك قارىشىنىڭ سەمىمىلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

- ئۇ ئىككى ھەرەمنى ئەھلى سەلىپلەردىن تەشكىل تاپقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا، دېگەن قاراشنى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى ئۆلىمالارنىڭ ئىككى ھەرەم زېمىنىدا قۇرۇلتاي چاقىرىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار بۇ دەۋانىڭ تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئىسلامىي كۈچلەر ئۇنىڭ يالغانلىرى قانچە قاچقانسىرى ئۇنىڭ ئىسلامىي شۇئارلارغا بولغان يېپىشىشى ئېشىپ باردى.

- كۈۋەيتنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشى يەھۇدىي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پەلەستىننى بېسىۋېلىشى ئۈچۈن ئاقىلغۇچىلىق رول ئوينىدى. ھەتتا لىيكود پارتىيىسىنىڭ مىللەت ۋەكىللىرىدىن بىرى «ئىسرائىلىنىڭ پارىس قولتۇقىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ پەلەستىن خەلق قوزغىلىڭىنى ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرىۋېلىشى كېرەك» دېگەن قاراشنى ئۇچۇقتىن ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى.

- تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ بىرلىككە چاقىرىش سىياستى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى، كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەرەب ئالەمىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت تاماسى پاش بولدى. ئۇلار ئىشلىرىنى ھازىرغىچە بىر قىسىم خەلقئارالىق قاراشلار بويىچە غەربلەشتۈرۈش ۋە ھۆكۈمرانلىقتىن يىراق، بارلىق خەيىر ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ۋە ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى دەپ

www.munber.org

قارىلىۋاتقان پارىستىن قولتۇقىدىن باشلىدى. بۇ ئەھۋال ئىسلامىي پائالىيەتلەرنىڭ پالەچلىشىشىگە سەۋەب بولدى.

- ئەرەب ئۈممىتىنىڭ ئوخشىمىغان مۇئەسسەسە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۈشمەننى قايتۇرۇشتىكى ئاجىزلىقى ئەرەب سىياسىي سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئىراقنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇۋەيت ۋە پارىس قولتۇقى دۆلەتلىرىگە قاراتقان ئۇرۇش يۈنۈلۈشىنىڭ پەردىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى، رىياد ۋە دەممام تەرەپلەرگە ئۇزۇن مۇساپىلىق بومبىلىرىنى قارىتىپ تىكلەپ قويىشى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ كۇۋەيتتىكى نىفىت قودۇقلىرىغا ئوت قويىۋېتىشىدىن كېيىن ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىراق ھەربى كۈچلىرىگە قارشى مەزمۇت تۇرالايدىغان كۈچلەرگە ئىگە بولۇشقا ئائىت ئارزۇ - ئۈمىدلىرى سۇسلاپ كەتتى.

- ئىراقنىڭ كۇۋەيتكە دۈشمەنلىك قىلىشى تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۈچۈن خەلقئارا بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ چاقىرىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەرەب دۆلەتلىرى دۈشمەننى توختىتىشىپ بىرىش ئۈچۈن چاقىرغان خەلقئارالىق بىرلەشمە قوشۇننىڭ چىقىملىرى كۆتىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى.

- تاجاۋۇزچىلىق كۇۋەينىڭ ئاساسى قورۇلۇشىنى ۋەيران قىلىشقا، خەلقنى قورقۇنچقا ۋە كۈتۈلمىگەن شەكىلدە سۈرگۈن قىلىنىشقا ئېلىپ باردى. ئەھۋالنىڭ ئارقا كۆرىنىشى پەلەستىندىكى ۋەزىيەتتىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى پەلەستىن زېمىننى بېسىۋالغانلار شۈبھىسىز دۈشمەنلەر ئىدى، ئەمما كۇۋەيتنىڭ مۇستەملىكچىسى بولسا سەككىز يىلدىن بىرى ئىراقنىڭ ھەربى قورۇلۇشلىرىغا ياردەم بېرىپ كەلگەن، ھەمدەم بولغان قېرىنداشنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ساغلام ئەقىل قوبۇل قىلمىغۇدەك دەرىجىدىكى رەزىللىك بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ بېسىۋېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

- پارىس قولتۇقى رايۇنىدىكى بىخەتەرلىكنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. رايۇن ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قورقۇنچ، ئەنسىزلىك ۋە تەشۋىش قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋەتتى. ئۇلاردىكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا بولغان ئىشەنچلىرىنى تارتىپ ئالدى.

- بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ئەرەب بىرلىكىنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇردى، مىللەتچىلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىلتىزىنى كەستى، ئەرەب بىرلىكى سېپىنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بۆلۈنۈشىگە ئېلىپ باردى. ئۇ مەزگىلدە مىسىرلىق ئىشچىلارنىڭ جەسەدلىرىنى ساندۇقلارغا سېلىپ يۇرتلىرىغا يوللاپ تۇرۇش ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتى.

- بارلىق ساھەلەردىكى پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇش ئورنى كەينىگە چېكىندى, نۇرغۇن پەلەستىنلىكلەرگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم كېسىلىپ قالدى. پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ۋە خىراجەت مەنبەسى كۇۋەيت ئىدى.

www.munber.org

- ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۇۋەيتنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشى بىلەن ئالدىراش بولۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 600 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي مۇھاجىرنىڭ ئىسرائىل تەرەپكە ئېقىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەردى.

- بۇ كىرىزىس كۇرد مەسىلىسى ئۈستىدىكى پەردىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ باردى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئەرەبلەرنىڭ ئىراقتا قىلغان ياغلىما مۇئامىلىلىرى سەۋەبلىك چەكلىك دائىرىدىن چىقالماي قالغان بۇ ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ئېچىلىپ كەتتى. ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىراق رېجىمىنىڭ پۈتۈن دۇنيا سەۋىيىسىدىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ تاشلىدى. ئىراقتىكى تىرىلىش تەرەپدارلىرىنىڭ جىنايەتلىرى كۇردلارنىڭ ئىراقتىن ئايرىلىپ چىقىشى ياكى ئۆز رايونىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ئەھۋال بۇ مۇسۇلمان ئۆلكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاجىزلىق ۋە ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

- بۇ كىرىزىس يەنە دۇنيا بازىرىدا نېفت باھاسىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆرلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ نېفت ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب ئەللەرگە كەلتۈرگەن مۇھىم ئاقىۋەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىرىزىسنىڭ يەنە بىر سەلبىي تەسىرى نېفت ئىمپورت قىلىدىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى نېفت سېتىۋالغان ھۆججەتلەرنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلىپ قالاتتى.

- كۇۋەيتنىڭ ئازات قىلىنىشى بىلەن تەڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئىراقنىڭ ۋەيران قىلىندى. بۇ تېپتىكى ۋەيران قىلىش يالغۇز ئىراقنىڭ ھەربى مەركەزلىرىگىلا قارىتىلغان بولماستىن، ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىش بولۇپ، ئىراق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆرۈشتا ۋەيران بولغان جايلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇشىنى كۆزدە تۇتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ۋەيران قىلىش چوڭ كۈچلەرنىڭ كۇردلارغا ئاپتونومىيە بېرىش ئارقىلىق ئىراقنىڭ كېلەچىكى ۋە نېفتىغا بولغان كونترول قىلىش ئىشلىرىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. كۇردلارغا ئاپتونومىيە بېرىش ئارقىلىق مۇسىل ۋە كەركۈكتىكى نېفت مەنبەلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىق ھەققىنى ئۇلارغا تاپشۇراتتى. ئامېرىكا، بىرىتانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ رايوندا ئىزچىل تۇرۇشى ئاز سانلىق كۇردلارغا ئامانلىق ھازىرلاپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلار ئەلۋەتتە چوڭ مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ رايوندا ئىزچىل ھالدا ھەربى تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىش پىلانىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار ئىدى. بۇ پىلان پارىس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتىن ئاساسەن تاماملىنىپ بولغان ئىسرائىلغا قارشى قۇتراتقۇچى كۈچلەرنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ھازىرلانغان پىلانلارغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئىراقنىڭ رېجىمى رايوندا چەكلىك، خەلقئارادا يالغۇزلۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئىراق ھازىر پۈتۈنلەپ ۋەيرانچىلىك ۋە خارابە ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ.

- خوشنىلىرى، قېرىنداشلىرى ۋە كۇرد پۇخرالىرىغا قارشى يۈرگۈزگەن ۋەھشىلەرچە مۇئامىلىسى سەۋەبلىك سادام ھۈسەيىننىڭ مەيلى ئۆز تەۋەلىكى، مەيلى ئەرەب دۇنياسى ۋەياكى ئىسلام ئالەمدە بولسۇن قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر كىشىگە



www.munber.org

ئايلىنىپ قالغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ يەنە رەزىللەرچە قورقۇنچاقلىقى، دۈشمەنلەرچە تۈيغۇسى، پائالىيەتلىرىگە ئۆزىنى چوڭ ساناش سارائخلىقىنىڭ ھۆكۈمران بولۇپلىشى، ئىران بىلەن بولغان ئۇرۇشىدىكى رەزىل نىيەتلىرى پاش بولغاندىن كېيىنكى ئالدامچىلىقلىرى، ئارقىدىن ئۆزى بىلەن تىنچ ياشاۋاتقان ۋە ياردەم قىلىپ كىلىۋاتقان خوشنىسى كۇۋەيكە ھۇجۇم قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر سەۋەپلىك ھەممە نەپرەت قىلىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

سادداm ھۈسەيىن ئەرەب مىللەتلىرى بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى ۋە ئەرەب مىللەتچىلىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئەرەب ھەمكارلىق تېمىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## تىرىلىش پارتىيىسى ئىشىنىدىغان پىكىر ۋە ئەقىدىلەرگە باھا:

- ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى مىللىي، سېكولارىست ۋە ئىنقىلابچى پارتىيەدۇر. ئۇنىڭ بىر قاتار پىكرى قاراشلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا قانائەت قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاشمۇ قىيىن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلدى، باشلامچىلىرى بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئەمما ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالەمچە مۇساپە بار.

- ئۇلارنىڭ قارىشىچە مىللىي باغلىنىش ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى پۇخرالارنىڭ بىر دائىرە ئىچىگە توپلىيالايدىغان، بارلىق مەزھەپ، تائىپە، قەبىلە، ئىرق ۋە رايۇن مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان يىگانە باغلىنىشتۇر. ئۇلارنىڭ شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

«تىرىلىشنى شېرىكسىز پەرۋەردىگار، ئەرەبچىلىكنى ئىككىنچىسى يوق دىن، دەپ ئىمان كەلتۈردۈم.»

- پارتىيىنىڭ تەربىيلەش سىياستى ئۆزىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەرەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقلاب ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلمىي تەپەككۇرنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئۇممىتىنىڭ بىرلىكىگە، رىسالىسىنىڭ مەڭگۈلۈكىگە ئىشىنىدىغان، قالاقلىق، ئەنئەنە، خۇراپاتلاردىن يىراق، ئاكتىپلىق، كۈرەش، پۇخرالىرى بىلەن ھەمدەملىك روھىغا تويۇنغان يېڭىچە ئەرەب ئەۋلادلىرى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. سۈرىيەدىكى پارتىيەنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىبراھىم خەلاس مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرۇش، ئەرەب جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقىشنىڭ يىگانە يولى ئاللاھ، دىنلار، فىئوداللىق، كاپىتال ۋە جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەخلاقى قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىخ مۇزېيىغا تاشلانغان قالدۇقلاردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغان يېڭىچە ئەرەب سوتسىيالىست ئىنسانلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر.»

◈ تۆتىنچى قېتىملىق مىللىي قورۇلتاي ماقۇللىغان ئومۇمىي تەۋسىيەلەرنىڭ بىر قىسمى:

www.munber.org

- تۆتىنچى تەۋسىيە مۇنداق دەيدۇ: «تۆتىنچى قېتىملىق مىللىي قورۇلتاي دىنى قالاقلىقنى ھازىرقى باسقۇچتىكى تەرەققىياتقا يۈزلىنىشكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئاساسلىق خەتەرلەرنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي رەھبەرلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەرگە، پارتىيىنىڭ سېكولارىزم بويىچە مېڭىشىقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشلىرى، سىياسىي پائالىيەتلەر دىنىي تائىپىلەر خۇنۇكلەشتۈرىۋاتقان رايۇنلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشلىرى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.»

- تۆققۇزىنچى تەۋسىيە مۇنداق دەيدۇ: «مىللىي ئىدىيىمىزنى بايان قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى، ئۇنى سېكولارىزمنىڭ تەرەققىيات ئوقۇمى بويىچە ئىزاھلاش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش، مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئەنئەنىۋي ئۇسلۇبلاردىن يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ باسقۇچتىكى كۆرىشىمىز خەلق ئىچىدىكى مۇئەييەن تائىپىلەردىنلا ئەمەس، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكىتىمىزنىڭ دىندىن يىراقلىقىنى، مەزمۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك بولۇشىنى مەركەزلىك چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.»

- بىرلىك توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب بىرلىكى ھەرگىزمۇ ئەرەب ۋەتىنىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىش، بىر - بىرىگە چاپلاپ قويۇش ئەمەس، بەلكى بۇ بۆلەكلەرنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىك بارلىق ئارقا كۆرىنىشلىرى، مەنىلىرى ۋە باسقۇچلىرى بويىچە ئىنقىلاب دېمەكتۇر. ئۇ ئىنقىلابتۇر؛ چۈنكى ئۇ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ ياشاپ كەلگەن، كېڭەيگەن ۋە يىلتىز تارتىپ كەتكەن رايون خاراكتېرلىك مەنپەئەتلەرنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇ ئىنقىلابتۇر؛ چۈنكى ئۇ، بىرلىككە زىت كېلىدىغان تەبىقە ۋە مەنپەئەتلەر بىلەن پۈت تېپىشىدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ.» (ئالتىنچى قېتىملىق مىللىي قورۇلتاينىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسلىرى).

- ئەمما سوتسىيالىزم دېمەك، ھەممىنى قوبۇل قىلالايدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن قوراللانغان، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىشىنىدىغان ئىلمىي ئەقىلگە ئىگە يېڭىچە ئەرەب ئىنسانلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈخرالارنى بارلىق قالاق, ئۆتمۈشتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئەنئەنىلەرنىڭ رامكىلىرىدىن ئازات قىلىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە بويىچە تەربىيىلەش دېمەكتۇر.

- مەڭگۈلۈك رىسالە: ئەرەب ئۈممىتى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان، تارىخ بۇيلاپ ھەر دائىم مۇكەممەل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان مەڭگۈلۈك رىسالىگە ئىگە ئۈممەتتۇر. بۇ رىسالە ئىنسانلىق قىممىتىنى يېڭىلاشنى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە دوستلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

◈ بۇلاردىن باشقا تۆۋەندىكىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن:

- دىن سۆزى سۈرىيە ياكى ئىراق دەستۇرلىرىنىڭ مەركىزىدە مۇتلەق ھالدا تىلغا ئېلىنمىغان.

www.munber.org

- ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش كەلىمىسى نە دەستۇرنىڭ مەركىزىدە، نە تەپسىلاتى، يىغىنچاق بايانلىرىدا زىكىر قىلىنمىغان. بۇمۇ ئۇنىڭ سېكولارىزملىق يۈنۈلۈشتە ئىكەنلىكىنى ئىلىگىرى سۈرىدۇ.

- ئائىلە قورۇش مەسىلىسىدە نە زىنانىڭ ھاراملىقىغا، نە ئۇنىڭ سەلبى تەسىرلىرىگە ئىشارە قىلمايدۇ.

- تاشقى سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمدە ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ھېچقانداق ئالاقىگە ئىشارە قىلمايدۇ.

- ئىنسانلار ئارىسىدا ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورنى ۋە قەدىر - قىممىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىسلام تارىخىغا ئىشارە قىلمايدۇ.

- گەرچە پارتىيە پۇخرالارغا مۇمكىن بولغان دەرىجىدە ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىشىمۇ، ئۇنىڭ باستۇرۇش سىياستى بارلىق تەسەۋۋۇرلارنى بېسىپ چۈشتى، ھەر قانداق چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ ئۆتتى، ئەركىنلىكلەرنى تىرىك دەپن قىلدى، نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن زۇلۇم ۋە بېسىمدىن قېچىپ ھىجرەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

- تىرىلىش پارتىيىسى تەرەپدارلىرى دۆلەتتە يۇرگۈزۋاتقان قانۇنلار سېكولارىزمچە قانۇنلاردۇر. ھاراق ساتىدىغان بوتكىلار كىچە - كۈندۈز ئۈچۈق. مالىيە تۈزۈمى رىباغا تايانغان. ئىسلام دەۋەتچىلىرى ئۈچۇق شەكىلدە بېسىم ئاستىدا قالغان.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

1 - بۇ پارتىيە ئەرەب ياۋرۇپا ئوتتۇرىغا قويغان، ئەرەب ئالەمدە ئوسمانىيە دۆلىتى يىمرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان، گەۋدىلەنگەن مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە تايىنىدۇ. بۇ پىكىرنى ئۆز دەۋرىدە ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئەرەب ئالەمدىكى نەزىرىيەچىسى ساتىئ ئەلھەسري كۆتۈرۈپ چىققان.

2 - پارتىيە سېكولارىزم ئىدىيىسىنى چىقىش قىلىدىغان بولۇپ، دىنى ئەقىدە مەسىلىسىنى بىر يانغا تاشلاپ قويىدۇ، دىنغا مەيلى پارتىيىنىڭ پىكىر ساھەسىدە، مەيلى پارتىيىنىڭ تەۋەلىك ساھەسىدە ۋەياكى ئەمەلي ساھەدە ھېچقانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

3 - پارتىيە تەسەۋۋۇرلىرىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسىدىن قوبۇل قىلغان بولۇپ، گەرچە يىمىرىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ يەنىلا ماركسىزم يولى بويىچە ماڭىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېگانە پەرق ماركسىزمچىلارنىڭ يۈنۈلۈشى بارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، تىرىلىش پارتىيىسى تەرەپدارلىرىنىڭ يۈنۈلۈشى ئىرقچىلىقنى ياقلايدۇ. بۇلاردىن باشقا ماركسىزم ئىدىيىلىرى بۇ پارتىيەنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ. سوۋىت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى



www.munber.org

ماركسىزمنىڭ ئاساسى يىمىرىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، بۇلار ھېلىھەم شۇلارنىڭ يۇنۇلۇشى بويىچە ھەرىكەت قىلماقتا.

4 - بۇ پارتىيە دۇرۇزىيلىق، نۇسەيرىلىك، ئىسمائىلىيلار ۋە مەسىھىيلاردىن ئىبارەت بارلىق تائىپىلەرگە قوينىنى كەڭ ئاچقان. بۇ تائىپىلەرمۇ بۇ پارتىيە ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىشنى پۇرسەت، دەپ بىلدى. ئىنقىلاب،بىرلىك، ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم، تەرەققىيات دېگەنگە ئوخشىغان شۇئارلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ تۇرۇپ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. نۇسەيرىيلەر بۇ تائىپىلەرنىڭ ئىچىدە مەقسەتلىرىگە يېتىش ۋە مەۋجۇتلۇقىنى يىلتىز تارتتۇرۇشتا ئەڭ كۈچلۈك ئورۇن ئىگەللىگەن تائىپىلەرنىڭ بىرى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

1 - بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشكارا، بەزىلىرى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار تۇرىۋاتقان دۆلەتنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ھۆكۈمنىڭ تۈرىگە ئاساسەن بىر دۆلەتتىكى ۋۇجۇدى ۋە تەسىرى يەنە بىر دۆلەتتىكىگە قارىغاندا پەرقلىنىدۇ.

2 - تىرىلىش پارتىيىسى سۈرىيە ۋە ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئەرەب دۆلىتىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۇ پارتىيە ئوخشىمىغان تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاجىز كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ ئىككى قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەۋج ئېلىپ باردى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى خىيانەت بىلەن ئەيىپلەشلەرنىڭ نىھايىتى يوق. ئىككى دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر پارتىيىنىڭ ئەھۋالى بۇ بولغان يەردە بارلىق ئەرەب ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسىلە.

تىرىلىش پارتىيىسى تەرەپدارلىرى ئەرەب دۇنياسىنىڭ بارلىق جايلىرىدا ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؛ چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ يىراق ئارزۇلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇلارنىڭ بۇ تويماس ئارزۇسى ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلىك ئاگاھلاندۇرۇش، ئۈچۈق تەھدىد ۋە ئاشكارا دۈشمەنلىكلەر ئازگىلىغا ئېلىپ باردى. ئىراقتىكى تىرىلىش پارتىيىسى تارىخ باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ناچار بىر پارتىيە بولۇشى مۇمكىن.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى</u>: ئەرەب سوتسىيالىستىك تىرىلىش پارتىيىسى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشى مىللەتچى پارتىيە بولۇپ، ئەرەب ئالەمىدىكى ۋەزىيەتنى دۇمكىۈمتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. باستۇرۇش سىياستىنى سېكولارىزم ۋە سوتسىيالىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەقەززاسى، دەپ ئاقلايدۇ. ئەرەب بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارىماستىن زورلۇق بىلەن قوشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.



www.munber.org

ئۈنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ سۆزى ئارقىلىق بىكىتىش لازىم: «الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۈنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)»[1]

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- بەشىير ئەددەئۇاق: نضال البعث، بېيرۇت ـ 1970م.
- شىبلىي ئەلئەيسەمىي: حزب البعث الاشتراكي مرحلة الأربعينات التأسيسية 1940- 1949م، بېيرۇت ـ 1975م.
- مۇنىيف ئەررەزاز: التجربة المرة، بېيرۇت ـ 1967م.
- سامىي ئەلجۇندىي: البعث، بېيرۇت ـ 1969م.
- مۇھەممەد ئۇمران: تجربتي مع الثورة، بېيرۇت ـ 1970م.
- مۇتائ سەفەدىي: حزب البعث.
- پاترىيك سىيل: الصراع من أجل سورية، لوندۇن ـ 1965م.
- فەزلۇللاھ ئەبۇ مەنسۇر: أعاصير دمشق، بېيرۇت ـ 1959م.
- ئابدۇلكەرىيم زوھرۇددىين: مذكراتي عن الانفصال.
- فۇئاد ئەلئەترەش: الدروز.
- مۇھەممەد مۇنىير نەجىيب: الحركات القومية الحديثة في ميزان الإسلام، بىرىنچى نەشرى ـ 1981م، ئىككى ھەرەم كىتابخانىسى.
- سەئىيد ئىبنى ناسىر ئەلغامىدىي: حرب البعث تاريخه وعقائده، ۋەتەن تارقىتىش نەشرىياتى.
- دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار ئۇيۇشمىسىغا كەلگەن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان رىسالە: دراسة عن حزب البعث.
- بېيرۇتتىن چىقىدىغان «ھايات» گېزىتى، 10/2/1965، 8/9/1966.
- «رىياد» گېزىتى، ئۇستاز ئەھمەد ئەششەيبانىينىڭ بىر يۈرۈش ماقالىلىرى.
- بېيرۇت «نەھار» گېزىتى، 15/12/1964م.

[1] مۇجادىلە سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

www.munber.org

- بېرۇت «مۇھەررىر» گېزىتى، 1966م/13/9.
- كۇۋەيت «مۇجتەمەئ» ژۇرنىلى، 231 ـ سان، ھىجرىيە 24/12/1394 ـ كۈنى (1975م/7/1)
- مىسىر «دەۋەت» ژۇرنىلى، 73،72،71،70ۋە 74 ـ سانلىرى.
- فەھمي ھۇۋەيدىنىڭ 572 ـ ساندىكى ماقالىسى (1991م/23/1 ـ كۈنى).

www.munber.org

# ناسىرىييە ھەرىكىتى

**ئېنىقلىما:**

«ناسىرىييە» جامال ئابدۇنناسىر ھۆكۈمدارلىقى (1952 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياندىكى مىسىر پرېزىدېنتى) مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان. ھەرىكەتنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. ئابدۇنناسىر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم ۋە بىرلىكتىن ئىبارەت ئەرەبلەرنىڭ باشقا سولچى مىللەتچى پارتىيىلىرىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش پىكىرلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسي ئىدىيىسى قىلغان.

**قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:**

◈ «ناسىرىييە» سۆزىنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئابدۇنناسىر ھۆكۈمدارلىقى دەۋرىدە كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ژۇرنالىست مۇھەممەد ھەسەنىين ھەيكەل بولۇپ، ئۇ 1972 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ئەلئەھرام» گېزىتىدە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسى بىلەن ئەرەب ئالەمىدە شۆھرەت قازانغان.

◈ ئۇنىڭ كېيىن كامال رەفئەت ئوتتۇرىغا چىققان ۋە 1976 ـ يىلى «ناسىرچىلار» ماۋزۇلۇق بىر كىتابچە يېزىپ، ئۇنىڭدا ناسىرىييە ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپ ۋە غايىلىرىنى بايان قىلغان.

◈ ئابدۇنناسىر دەۋرىدە ۋەزىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن دوكتور ئابدۇلقادىر ھاتىم ئابدۇنناسىرنىڭ ئىدىيىلىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق ناسىرىييە مەزھىپىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ 1970 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئەلئەخبار» گېزىتىدىكى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «بۈگۈنكى دۇنيادا ئابدۇنناسىرغا مەنسۇپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر سىياسي مەزھەپ ۋۇجۇدقا كەلدى.»

◈ مىسىر مەھكىمىسى ھىجرىيە 1412 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى (20/4/1992) دۈشەنبە ناسىرىييە ھەرىكىتىنىڭ مىسىر خەلق مەجلىسىنىڭ ئەزاسى، ئادۇكات زىيائۇددىن داۋۇد رىياسەتچىلىكىدىكى «ناسىرىييە دېموكراتىك پارتىيىسى» نامى ئاستىدىكى بىر پارتىيەگە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى.

◈ ئەرەب دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئارىسىدا لىۋىيە رەئىسى مۇئەممەر ئەلقەزافىيغا ئوخشىغان ئۆزىنىڭ ناسىرىييە مېتودى بويىچە ئىش تۇتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان كىشىلەرمۇ بار.



www.munber.org

ناسىرىيىە ھەرىكىتىنىڭ قورغۇچىسىغا تارىخىي نوقتىدىن قاراش:

ـ جامال ئابدۇنناسىر: 1946 ـ يىلىدىن باشلاپ، «سەيشەنبىلىك سۆز» ئۇلتۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىگە بېرىپ كېلىپ تۇراتتى. (ئابدۇلمۇنئىم ئابدۇررەئۇف ئەسلىمىلىرى).

ـ 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جامال ئابدۇنناسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ئوفىتسىرلار ئىسلام دەۋىتى يولىدا قوربان بولۇشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەيئەت قىلدى. (ئابدۇلمۇنئىم ئابدۇررەئۇف ئەسلىمىلىرى).

ـ 1952 ـ يىلى مارت ئېيىدىن، يەنى ئىنقىلاب باشلىنىشتىن تۆت ئاي ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ ئابدۇنناسىرنىڭ ئامېرىكا بىخەتەرلىك (جاسۇسلۇق) دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى باشلانغان. بۇ ئالاقىنى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىرى خالىد مۇھىيىددىين ئېتىراپ قىلغان. بۇ ئالاقىنى يەنە ئىنقىلابتىن كېيىنكى مىسىرنىڭ تۇنجى رەئىسى پولكونىك مۇھەممەد نەجىيب ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىخەتەرلىك پىلانلىرىنى سىزىپ بەرەتتى، قوغدىغۇچىلىرىنى يېتى قوراللار، ماشىنىلار بىلەن تەمىنلەيتتى.

ـ 1954 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇل بىرىتانىيە بىلەن ئەلجەلائ كېلىشىمنامىسى ئىمزالاندى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بۇ كېلىشىمنامىگە قارشى چىقتى.

ـ 1954 ـ يىلى 14 ـ نويابىر كۈنى، ئابدۇنناسىرنىڭ كامال ھۇسەيىن ۋە ھەسەن ئەتتۇھامىي قاتارلىق دوستلىرىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا مىسىرنىڭ يېڭى پرەئۋنى ئابدۇنناسىرنى رەئىسلىك ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن مۇھەممەد نەجىيب جۇمھۇرىيەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

ـ 1954 ـ يىلى دېكابىر ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى (ھىجرىيە 1374 ـ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى) ئابدۇنناسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ «ئىسلام جىنايى ئىشلار قانۇنى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى ئابدۇلقادىر ئەلئەۋدەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە نەپەر رەھبىرىگە بېرىلگەن ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت شۇ يىلى ئىسكەندەرىيىدە يۈز بەرگەن مەنشىيە ھادىسىسىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەست قىلغان، دېگەن تۆھمەت بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مىڭلىغان ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. بۇ ۋەقە، ئابدۇنناسىرنىڭ دىندىن يىراق، يەككە يۈلىنىش بويىچە يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمدارلىقى يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن قورتۇلۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى مىللىي رەھبەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسىتىدە ئابدۇنناسىر بىلەن ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر مەيدان دىراما ئىدى، دېگەن قاراشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ـ 1956 ـ يىلى مىسىرغا ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە ئىسرائىلدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۇجۇم قىلدى... تاجاۋۇزچىلار سىينادىكى شەرمۇششەيخ ۋە قىزىل دېڭىزدىكى تىيران ئارىلى ئىسرائىل تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانغا قەدەر مىسىردىن چېكىنمىدى.



www.munber.org

- يەمەنىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ مىڭلىغان مۇسۇلمان مىسىر خەلقى ئۆلتۈرۈلدى، مىليۇنلىغان كىشىلەر زىيانغا ئۇچرىدى.

- 1966 ـ يىلى ئابدۇنناسىر «قۇرئاننىڭ سايىسىدا» ناملىق تەپسىرنىڭ ئاپتۇرى سەييىد قۇتۇبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىدىن ئۇچىگە ئۆلۈم ئىجرا قىلدى. 1965 ـ يىلى قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن مىڭلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىنغان ئىدى.

- شۇ يىلى (1965 ـ يىلى، ئاپرىل) مىسىردىكى كوممۇنىستلارغا قارىتىلغان ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە بارلىق جازالارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا دائىر جۇمھۇرىيەت قارارى چىقتى. بۇ ئىشتىن كېيىن ماركسىزمچىلار مىسىردىكى بارلىق ساھەلەرگە ئىچكىرلەپ كىردى.

- 1967 ـ يىلى ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئىككىنچى قېتىملىق ئاپەت مەيدانغا كەلدى. يەھۇدىيلار دۆلىتى 1948 ـ يىلى ئىستىلا قىلىۋالغان زېمىننىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان (سىينا، گولان ئېگىزلىكى ۋە غەربىي قىرغاق) مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىننى (ھازىرقى) ئىشغال قىلىۋالدى. قۇددۇس ئۇرۇشسىزلا قولدىن كەتتى.

- ئابدۇنناسىر 1970 ـ يىلى مىسىرنى قەرزگە بۇغۇۋەتكەن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن ۋەيران قىلغان ۋە ئەرەب ئالەمنى قورۇق شۇئارلار بىلەن توشقۇزىۋەتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

◈ دوستلىرى ۋە ئەسىرداشلىرىنىڭ تەسۋىرىدىكى ئابدۇنناسىرنىڭ ئەخلاقى:

- ئابدۇنناسىر ئەڭ يېقىن كىلىشىرىنىڭ بىرى ھەسەن ئەتتۇھامىي مۇنداق دەيدۇ: «1967 ـ يىلى مىسىر ئارمىيىسىنىڭ سۇۋەيس قانىلىدىن غەربىي قىرغاققا چېكىنىپ چىقىشىغا بۇيرۇق بەرگەن كىشى ئابدۇنناسىر ئىدى. ئابدۇلھەكىم ئامىرغا ئۆز ئۆيىدە زەھەر بەرگەن كىشىمۇ ئابدۇنناسىر ئىدى.» («ئەلئەھرام» گېزىتى، 5/8/1977).

- 1952 ـ يىلىدىكى ئەسكىرى ئىنقىلاب قوزغىغان ئەركىن ئوفىتسىرلارنىڭ بىرى ھۇسەين ئەششافىئىي مۇسۇلمان ياشلار جەمئىيىتىدە بەرگەن بىر قېتىملىق لېكسىيەسىدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ، 1967 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا مىسىر ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلمىغانلىقى، بەلكى پەرۋاسىزلىق ۋە خىيانەت يۈزىسىدىن مەغلۇب بولغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ سۆزۈمنى باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار. مەن خىيانەت يۈزىسىدىن دېدىم، بۇنىڭ ئاستىغا ئون سىزىق سىزىمەن.»

- ھازىرقى مىسىردىكى سولچىل تەشكىلاتنىڭ رەئىسى، ئەركىن ئوفىتسىرلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى خالىد مۇھىيددىن مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇنناسىرنىڭ 1952 ـ يىلى، مارت ئېيىدىن، يەنى ئىنقىلاب باشلىنىشتىن تۆت ئاي ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى.»

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

◈ ناسىرىييە ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپلىرى:

ـ ئەرەب ئالەمىدىكى مۇستەملىكە، قالاقلىق، سىنىپىيلىق ۋە ئەرەب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم ۋە بىرلىك قاتارلىقلارغا تايىنىش. (بىرلىك، ئەركىنلىك ۋە سوتسىيالىزم سولچى مىللەتچى تىرىلىش پارتىيىسىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ دەل ئۆزى).

ـ تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەركىنلىك پۈتۈن خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئەمەس، ناسىرچىلارنىڭ ئەركىنلىكى؛ چۈنكى كونا ناسىرىييە (ئابدۇنناسىر مەزگىلىدىكى)چىلەر «ئەركىنلىكنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەركىنلىك يوق» دېگەن شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭغا قارشى چىققان بارلىق كىشىلەر ئەركىنلىكنىڭ دۈشمەنلىرى، ھېسابلىنىدۇ.

ـ سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كاپالىتى... پاراۋان ۋە ئادالەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى. يەنى ئۇلارنىڭ دەۋالىرىغا كۆرە، پاراۋانلىق بايراقتەك لەپىلدەپ تۇرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى.

ـ ناسىرىييەچىلەر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىللىي بايلىقنى تارقىتىشقا چاقىرغان.

ـ ناسىرىييەچىلەر يەنە غەربچە لىبىرالىزم، ماركسىزمچە سوتسىيالىزم ۋە ئازراق دىنى پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي پىكىرلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان ئىلمىي سوتسىيالىزمغا چاقىرغان.

ـ بىرلىك ئەرەبلەرنىڭ كۈچىنىڭ ئاساسى... ئەرەبچىلىك ياكى ئەرەب مىللەتچىلىكى بىرلىكنىڭ ئاساسى. ئەمما، ناسىرىييەچىلەر ئەرەب بىرلىكىنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئاساسى بولغان،ئەرەب خەلقلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان، پەقەت ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغىلا توپلىنىدىغان ئەقىدە باغلىنىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان.

ـ ناسىرىييەچىلەر دېموكراتىيەگە چاقىرغان. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى دېموكراتىيە ئوقۇمى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشىغا ئەگەشكەن سىياسىي بىرلەشمىنىڭ دېموكراتلىشىشى... ياكى مۇھەممەد ھەسەنەين ھەيكەل تەسۋىرلىگەندەك «ئويغۇن كۆرۈش دېموكراتىيىسى» يەنى باشلىق ھۆكۈم قىلغاندا ئۆز بېشىغا ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە مەسىرغا مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى چىقارغاندا يالغۇز چىقىرىدۇ... خەلقنىڭ رولى بۇ قارارلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشتىلا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، رەھبەر بولغان كىشىنىڭ پاكلىقى، دۇرۇسلىقى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنى ئىپادىلەش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

ـ سېكولارىزم (ياكى دىنسىزلىق) ناسىرىييە ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دىنىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنى، تۈزۈمى ۋە ھاياتى بىلەن ئالاقىسى يوق. دىن پەقەت مەسچىتتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەت پائالىيىتىدۇر ـ خالاس.



www.munber.org

### پىكىر ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

◈ ناسىرىييە مىللەتچى، سولچىل ۋە سېكولارىزم يۈنىلىشىدىكى ھەرىكەت بولۇپ، ئابدۇنناسىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ھەرىكەت ئەرەب ئەللىرىدە ئوسمانىيە دۆلتى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە تايىنىدۇ.

◈ ماركىسىزملىق ماتېرىيالىزم ئىدىيىسى بۇ ھەرىكەتتىكى مىللەتچىلىك يۆلۈقى بىلەن بىزەلگەن پىكىرى مەنبەلەرنىڭ بىرى.

◈ ناسىرىييە ھەرىكىتى دىننى بارلىق پرىنسىپ ۋە ئەمەلىي ساھەلىرىدىن يىراقلاشتۇرغان. بۇ نوقتىدىن ئۇنىڭ سېكولارىزمچىلىق ياكى دىنسىزلىق سۈپىتى ئوتتۇرىغا چىققان.

### تەسرى ۋە تارقالغان رايۇنلار:

ناسىرىييە ھەرىكىتى مىسىردا مەيدانغا كەلگەن، بۇ يەردىن گەرچە ئەگەشكۈچىلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاز بولسىمۇ باشقا ئەرەب ئەللىرىگە تارقالغان. ئابدۇنناسىر دەۋرىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان بەزى كىشىلەر مىسىردا ناسىرىييە پارتىيىسى قورۇش تەلىۋىنى سۇنغان ۋە بۇ تەلەپ ماقۇللانغان.

<u>يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى:</u> ناسىرىييە ھەرىكىتى ئابدۇنناسىر ھۆكۈمدارلىقى مەزگىلىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان بىر ئۇچۇم كىشىلەرگە مەركەزلىشىدۇ. مىسىردا كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەرەب مىللەتچىلىكى نامى بىلەن، ئەركىنلىك، سوتسىيالىزم ۋە بىرلىك بايرىقى ئاستىدا بۇ غايىلەرنىڭ روشەن مەزمۇننى مۇئەييەنلەشتۈرمەي توپلىنىشقا كىلىشكەن. ئەمما ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن ئابدۇنناسىرغا بولغان مۇھەببەتكە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ مىسىردىكى چىرىك پادىشاھلىق تۈزۈمگە خاتىمە بەرگەنلىكى، سۇۋەيس قانىلىنى خەلقئارالاشتۇرغانلىقى، بىرىتانىيە مۇستەملىكىسىگە خاتىمە بەرگەنلىكى، يۈكسەك توغاننى قورغانلىقى، شىمالىي يەمەننى ئازات قىلغانلىقى، ئىشچى ۋە دىھقانلارغا مەنپەئەت كەلتۈرگەنلىكىگە ئوخشىغان ئىجابىي روللىرىنى ئەسلىشىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بايراقدارى، دەپ قارايدۇ. ئەمما ناسىرىييەچىلەر ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلامىي يۈزلىنىشلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقى، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىينىغانلىقى، ئابدۇلقادىر ئەۋدە، سەييىد قۇتۇب ۋە باشقىلار كەبى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنى



www.munber.org

شەكلى مەھكىمىلەردىن ئۆتكۈزۈپ قەتل قىلغانلىقىغا ئوخشىغان يىرگىنچلىق سەلبىيلىكلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىدۇ.

◈ ئۇلار يەنە ھەر دائىم ئىسلامغا دۈشمەن كىشىلەرنىڭ سېپىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىگە ھەمدەم بولىدى. نېھرۇنىڭ پاكىستانغا قارشى زالىملارچە مۇئامىلىسىنى ھىمايە قىلدى. زەنجىبار مۇسۇلمانلىرىغا قارشى قانلىق قەتلىئام ئېلىپ بارغان نىيجىرىينى قوللىدى. قىبرىستىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان مەكارىيوسنى ھىمايە قىلدى.

- ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۆتىرىپ چىقىش، ئىسلام ئەللىرى پادىشاھلىرىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە ئىنقىلاب سۈيىقەستلىرىگە رىغبەتلەندۈرۈشتەك پائالىيەتلىرى بىلەن يىگىرمىنچى ئەسىر جاھالىتىنى جانلاندۇردى.

◈ گەرچە ئۇ ئىنقىلابىنىڭ بېشىدا دېموكراتىيەنى پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دېموكراتىيە تېخىنىڭ ئېتىشىغا رۇخسەت بەرمەستىن، ئۇنى بۇشۇكىدىلا تۇنجۇقتۇرىۋەتتى، دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى، كومىنىستىك پارتىيە تەسىس قىلىپ، دەستۇرنى (ئاساسىي قانۇننى) ئەمەلدىن قالدۇردى. بارلىق ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مۇجەسسەملەشتۇردى. ھۆكۈمدارلىق قىلغان جەريانى بويىچە گويا رەقىبىنى قولىدىكى تۇمۇر بىلەن ئۇرىدىغان مۇستەبىت ھاكىمغا ئوخشاش ئەخلاقى مىزانلارنى ھېچقانچە ئېتىبارغا ئالماستىن ئىش تۇتتى. دېموكراتىيە تەلەپ قىلغانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق سۈيىقەستلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئابدۇنناسىر دەۋرىدە ئەخلاقىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، مەنىۋىئەت ۋە چىرىكلىك تەرەپكە ئېغىش قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان. ئىسلام ۋەقفلىرى ۋە شەرئىي مەھكىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەزھەرنىڭ ئاساسى ئاجىزلاپ كەتكەن، دۆلەت بىخەتەرلىك، جاسۇسلۇق ۋە مىللىي بىخەتەرلىك كۈچلىرى دۆلەتنىڭ بارلىق ئاپپاراتلىرىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالغان. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ مىسىر ئارمىيىسىنى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن سىينا، غەربى قىرغاق، غەززە رايونى، گولان ئېگىزلىكى، قۇددۇس شەرىف قاتارلىقلار قولدىن كەتكەن، ئىسرائىل تەسىر دائىرىسىنى ئۆزىنى ئويلاپمۇ باقمىغان دەرىجىدە كېڭەيتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

◈ ئۇ يەنە سۇدانىنىڭ مىسىردىن ئايرىلىپ كېتىشى، يەمەن ئۇرۇشى ۋە ئىسرائىلنىڭ تىيران بوغۇزىنى ئىشلىتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش قاتارلىقلار مەسىلىلەرنىڭ مەسئۇلى ھېسابلىنىدۇ.

◈ ئەگەر ناسىرىيىيەچىلەر ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ قالسا (مىسىردا يېڭىدىن ناسىرىيىيەچىلەرگە سىياسىي پارتىيە تەشكىل قىلىش رۇخسىتى بېرىلگەندىن كېيىن)، ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھەقىقەتلەرگە نىسبەتەن كۆزلىرىنى ئېچىشى، ئىجتىمائىي ئادالەتتىن تەشكىل تاپقان ساغلام تۈزۈمنى رويابقا چىقىرىش، مۇسۇلمانلارنى تويلاش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ئاساسى بولغان ئەركىنلىك ۋە شۇرا (كېڭەش)نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجابىي ئامىلى سۈپىتىدە ئىسلامغا تايانغان يېڭى چۈشەنچىلەر تەرەپكە يۈنۈلۈشىنى توغرىلىشى

www.munber.org

ئۈمىد قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلغاندىلا ناسىرىيىيە ھەرىكىتىنىڭ يىرگىنچلىك يۈزىنى يۇشۇرۇپ قالالىشى، سىۋەبكەتكەن تەسىرلىرى، پەسكەش بەلگۈلىرىنى يوقىتالىشى مۇمكىن. ئۇلار ئۈچۈن ئۆتمۈشلىرىدە ئىبرەت، كۈۋەيتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە مەلۇمات ۋە ئەسلىمىلەر بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز ـ نەسىھەتكە) ھۇزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز ـ نەسىھەت بار»[1]

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- **مۇھەممەد نەجىيب:** كنت رئيسا لمصر.
- **ئىبراھىم سەئىدە:** تاريخ بلا وثائق.
- **مىنىر چافئ:** البحث عن الذات.
- **ئابدۇلمۇنئىم ئابدۇررەئۇف ئەسلىمىلىرى.**
- **سەئىد جۇمئە:** الله أو الدمار.
- **ئابدۇلمۇتەئال ئەلجەبرىي:** الناصرية في قفص الاتهام.
- **سامىي جەۋھەر:** الموتى يتكلمون.
- **د.فەھمىي شەنناۋىي:** الناضرية وثنية سياسية.

**ھۈسەيىن مۇھەممەد ئەھمەد ھەمۇدە:** من أسرار علاقة الضباط الأحرار بالإخوان المسلمين.

www.munber.org

[1] قاف سۈرىسى، 37 ـ ئايەت.

# ئومۇمىي مۇقەددىمە

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ساغلام تەۋھىد دىنى ئىدى. ئەمما سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇ دىنىنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋەتتى-دە، نەتىجىدە يەھۇدىيلىق مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى رەزىللىك، يۇرۇش- تۇرۇشلىرى خاتالىقلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلارنى ماددا پەرەستلىك بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەھۇدىي مىللىتى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىگانە ئاساسى دۇنياغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھۆكۈمران بولۇش دېگەن قاراشقا كەلدى. بۇ مەقسەت بىلەن ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى، دۇنيادا ئەخلاقى يىمىرىلىشنى ئومۇملاشتۇردى، زۇلۇمغا قولداش بولدى، دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچتى، دىنىنى خۇنۈكلەشتۈردى، قورۇق ئىرقچىلىق، ئاساسسىز ھۆكۈمرانلىقلارنى دەۋا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەبىئىتىگە قارشى ھەرقانداق قارشىلىق بولسا كۆرسەتتى. بۇ ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ دىننى چىقىش قىلغان سانسىزلىغان يەھۇدىي جەمئىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق يالغۇز بۇ دىنغا يامانلىق قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دىن ئەھلىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بۇ تۆردىكى جەمئىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىيلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىغا ياكى چاقىرىقىنىڭ بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دىنىنىڭ غايىلىرىگە خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشارە قىلمايدۇ. بۇ جەمئىيەتلەر يەنە، ۋەيران قىلغۇچ پائالىيەتلىرىنى ئىنتايىن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تولىمۇ ھوشيارلىق ۋە قۇۋلۇقلار بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرەلىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىنغا قاراتقان لەنەتكەردە ئەپتى بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىنى ئىرادە قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئوتتۇرىغا چىقتى. كۆچلۈك قاراشقا، ساغلام ئەقىلگە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مانا مەن، دەپ ئاشكارا بولدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ رىئاللىقتىن بىخەۋەر قالماقتا، بەلكى بۇلارنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماقتا.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئېنسىكلوپېدىيىمىز يەھۇدىيلىق تىمىسىنى تەتقىق قىلدى ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە سوزۇلغان، بەنى ئىسرائىلغا مەنسۇپ «ئەسبات» نامى بىلەن تونۇلغان ئىبرانىيلارنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەۋرات بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ئارىلىرىدا رەببانى مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ، تىرىلىش، ھېساب، جەننەت ۋە جەھەننەمنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ،

ئەپۇنى بىلمەيدىغان دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنىڭ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلارنىڭ، سۇيىقەست قىلىش، پىتنىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ بارلىقىنى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق، ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ مۇجەسسەملىنىشى، مەنپەئەتپەرەستلىك ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈش تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىكەنلىكلىرىنى، يەھۇدىيلارنىڭ رۇھىنىڭ ئاللاھنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ۋە جەھەننەم چوقان- سۆرەنلىرىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى.

ئىسلام ئۈچۈن بالا-قازا ھېسابلىنىدىغان يەھۇدىيلار دۆنمە يەھۇدىيلىرى بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، يەھۇدىيلىكنى يوشۇرۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كىچىك ئاسىيانىڭ غەرب تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ھەسسە قوشقان، ئاياللارنىڭ ھىجابلىرىغا ھۇجۇم قىلغان، ئېچىلىپ يۈرۈش، چۈشكۈنلۈك ۋە بارلىق مىللەتلەرنىڭ ياشلىرىنى بۇزۇلۇش تەرەپكە چاقىرغان.

مانا بۇ، پەلەستىندە يەھۇدىيلار ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلىغان رادىكال ئىرقچى سىياسىي ھەرىكەت- سەھيۇنىي ھەرىكىتىنىڭ تۇتقان يولىدۇر. بۇ ھەرىكەت پۈتۈن دۇنيانى ئۆز تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئۇ تەرەپكە قاراتقان ۋە ئەھلى سەلىپ ھۆكۈمدارلىرى دەستۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئاساسىدا يەھۇدىيلار دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. سەھيۇنىي ھەرىكىتى باشقىلارنى قورقۇتۇش، زوراۋانلىق قىلىش، دۇنيادىكى ئىقتىساد، مالىيە ۋە ئاخبارات ساھەلىرى ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى رەزىللىكلەرگە غەرق قىلىۋېتىش قاتارلىقلارغا تايىنىدۇ. سەھيۇنىيلار يەنە، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئىمان دۆلىتىنى يىمىرىپ تاشلاش، ئەقىللىرىدىكى ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدى ئىدىيىسى يوقىتىش لازىم، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا بۇ ئېنسىكلوپېدىيە ئىشارە قىلغان بۇ ۋە باشقا مەسىلىلەرنى بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

خۇنۇكلەشكەن يەھۇدىيلىق ۋە ۋەيران قىلغۇچ سەھيۇنىي ھەرىكىتىنىڭ بالىياتقۇسىدا يەھۇدىي ۋە سەھيۇنىي يۈنىلىشىدىكى قانچىلىغان ھەرىكەت ۋە ئېقىملار ئاپىرىدە بولغان. ئۇلارنىڭ بىرى ماسونى ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت گۈڭگىلىق ئوراپ تۇرغان ۋەيران قىلغۇچ يوشۇرۇن تەشكىلاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ھەرىكەتتىن، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئوخشىغان قايمۇقتۇرۇش خاراكتېرلىك شوئارلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ دىنسىزلىق، ھالال- ھارامنى ئايرىماسلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تەرەپلىرىگە چاقىرىش ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشىنى غايە قىلىدىغان تېرور خۇسۇسىيىتى

www.munber.org

يېتىشىپ چىققان. بۇ تەشكىلات دۇنيادىكى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالالىغان بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدا دىنسىز ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىجتىمائىي خەير ـ ساخاۋەت شەكلىنى ئالغان لىيونىز كۇلۇبلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ كۇلۇبلار ماسونىيلارغا قاراشلىق دۇنياۋىي تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ كۇلۇبلارنى دۇنيانى چىرىتىش ۋە ئۇنىڭ خۇجايىنلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ بارماقلىرى ئىدارە قىلىدۇ.

خەلقئارالىق روتارىي كۇلۇبلىرىنى مەنبە قىلغان بىر قانچە كۇلۇب مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىنتىراكت نامى بىلەن تونۇلغان قاپلانلار كۇلۇبى، ئىككىنچىسى روتراكت نامى بىلەن تونۇلغان ياشلار كۇلۇبى، ئۈچىنچىسى بولسا ئىنرويل نامى بىلەن تونۇلغان ئاياللار كۇلۇبلىرىدىن ئىبارەت. بۇ كۇلۇبلارنىڭ ھەممىسىگە ماسونىيلار بىلەن غايىدە ئورتاق دۇنيا يەھۇدىيلىرى ئىگىدارچىلىق قىلماقتا. دۇنيا يەھۇدىيلىرى ۋە ماسونىي تەشكىلاتلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى روتراكت كۇلۇبلىرى ياكى روتارىي ياشلىرى كۇلۇبلىرىنىڭ ئومۇمەن يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەرنى، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنى چىرىتىشتىن باشقا ھېچقانداق غايىسى يوق.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل تەشكىلات ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئېنسىكلوپېدىيىمىز بۇ تېمىلار توغرىسىدا توختالدى.

⌑ بۇ ئېنسىكلوپېدىيە يەنە سەھيونىي سىياسىيون مۇناھىم بېيجىن تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «ھېيروت» پارتىيىسىنىمۇ ئەتراپلىق بايان قىلىپ چىقتى. بۇ پارتىيە پەلەستىن زېمىنىدا ئىسرائىل دۆلىتى قورۇلغاندىن كېيىن، بۈيۈك ئىسرائىل چېگراسىنى تەلەپ قىلىش، ئەرەبلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارشى غەرب ئەللىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش، پەلەستىن ۋە ئەرەب ـ ئىسلام سالاھىيىتىنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن پەلەستىن زېمىنىغا كۆچمەن يەرلەشتۈرۈشكە قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان.

⌑ بۇ ئېنسىكلوپېدىيە يەنە بىناي بېرس ياكى ھازىرقى زامان ماسونىيلىرىغا قاراشلىق مەركەز ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى ھېسابلىنىدىغان «ئەھد ئوغلانلىرى» جەمئىيىتىنىمۇ ئەتراپلىق بايان قىلدى. بۇ بىر يەھۇدىي جەمئىيىتى بولۇپ، يەھۇدىي ئىرقىنى يۈكسەلتىپ دۇنياغا خۇجايىن قىلىشتىن باشقا ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

www.munber.org

¤ بۇ جامائەتلەرنىڭ پىكىرلىرى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇش جەريانى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار دۇچ كىلىۋاتقان قارشىلىقنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يىتەلىگۈلىدەك ۋە ياشلارنىڭ بۇ ئەقىدىنى ھىمايە قىلىش يولىدا ئوينىشى زۆرۈر بولغان روللارنى بىلەلىگۈدەك بىتەرەپ ئۇسلۇب بىلەن، چىنلىقنى چىقىش قىلغان ئاساستا بايان قىلىندى.

www.munber.org

# 62 ـ يەھۇدىيلىق

## ئېنىقلىما:

«يەھۇدىيلىق» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە سوزۇلغان، بەنى ئىسرائىلغا مەنسۇپ ئەسبات نامى بىلەن تونۇلغان ئىبرانىيلارنىڭ دىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەۋرات بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. يەھۇدىيلىق شەئىب يەھۇدىيلىرىغا مەنسۇپ بىر دىيانەتتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە بۇ مەسىلىنىڭ نىگىزىدە تالاش ـ تارتىشلار مەۋجۇت. بۇ دىيانەت، ياقۇب ئوغۇللىرىنىڭ بىرى يەھۇزاغا مەنسۇپ بولۇپ، كۆپچىلىكنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا شەئىب، دەپ ئاتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشلىرى:

❖ مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ بىرى.كۈچلۈك قاراشلارغا كۆرە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1301ـ1134ـيىللىرى مىسىر پىرئەۋنى رەمسىس ئىككىنچى مەزگىلىدە مىسىردا دۇنياغا كەلگەن ۋە بۇ پىرئەۋننىڭ قەسرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بەنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان پىرئەۋندىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىر بۆشۈككە سېلىپ دەرياغا قويۇۋېتىپ بەرگەن ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرگەن چاغدا بىر مىسىرلىقنىڭ بىر ئىبرانى كىشىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ـ دە، مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىرلىقنى ئۇرغان، ئۆلتۈرۈش پىلانلانمىغان بۇ ئۇرۇشتا مىسىرلىق كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. نەتىجىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردىن مەدىيەنگە كېتىپ، شەيخ سالىھنىڭ پادىسىنى باققان. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇ كىشىنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بىر قىزى بىلەن ئۆيلەپ قويغانلىقى ئىلگىرى سۈرىلىدۇ.

ـ مىسىرغا قايتىش يولىدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك رىسالىسىنى ۋەھيى قىلغان ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قېرىندىشى ھارۇن بىلەن بىرلىكتە پىرئەۋننى دەۋەت قىلىش، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرىشقا بۇيرىغان. پىرئەۋن بۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە دۈشمەنلىك قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئەگەشتۈرۈپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1211ـيىلى ، يەنى ئاتىسى رەمسىس ئىككىنچىگە ۋارىسلىق قىلغان پىرئەۋن مىنفىتاھ دەۋرىدە مىسىردىن چىقىپ كەتكەن. بۇ پىرئەۋن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان، بىراق ئاللاھ تائالا پىرئەۋننى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

www.munber.org

- سىنا چۆلىدە چىغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ۋە لەۋھەلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن تاغقا چىقتى. ئەمما قايتىپ كەلگىنىدە قەۋمىنىڭ كۆپىنچىسىنى سامىرىي تەرىپىدىن ئالتۇندىن ياساپ بىرىلگەن بىر مۇزايغا تېۋىنىۋاتقان ئەھۋالدا كۆردى-دە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قاتتىق چەكلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەلەستىنگە كىرىشكە بۇيرۇق بەرگىنىدە ئۇلار باش تارتىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار: ” ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك،قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز “ دېدى» ئۆز قەۋمىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇلار: ” ئى مۇسا! مادامىكى ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى“ دېدى» بۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى: «مۇسا دېدى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن» بۇ دۇئا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا غەزەپلىنىشى ۋە قىرىق بويىچە سەھرادا قايمۇقۇش ئىچىدە قويۇپ قويىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ئىشتىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋە پەلەستىنگە كىرمەستىنلا كەسىيب ئەھمەر دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئازراق ئىلگىرى قېرىندىشى ھارۇن ۋاپات بولغان ۋە ھور تېغىغا دەپنە قىلىنغان. تارىخچىلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن يولغا چىققان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن يۇشەئ ئىبنى نۇن ۋە يەنە بىر كىشىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ يولدىن ئېزىپ يۈرۈش جەريانىدا ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

❖ يۇشەئ ئىبنى نۇن: بەزى رىۋايەتلەرنىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ كەھف سۈرىسىدىكى ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى يىگىت بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئالغان. بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ، ئىئوردانىيەنىڭ شەرقىدىكى يوللار ئارقىلىق پەلەستىننىڭ ئەرىيھا شەھرىگە كىرگەن. كونا ئەھد تېكىستلىرى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ چۈنكى يۇشەئ ئەرىيھا ۋە باشقا شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈپ، تامامەن ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئۇ رىۋايەتلەر يوقىرىقى قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دېيىش بىلەن بولدى قىلماستىن، ئۇنىڭ يەنە ئوخشاش تېكىستلەرنى دەۋا قىلىدىغان راھاب ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايالدىن باشقا بارلىق كىشىلەرنى بوغۇزلىۋەتكەنلىكىنى، راھابنىڭ قىلغان خىيانىتىنى تەقدىرلەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنگەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ.

❖ (مىسىردىن-ت) چىقىش ۋەقەسىدىن كېيىنكى دەۋر: بۇنى ئۈچ ئاساسلىق باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

www.munber.org

1 ـ قازىلار دەۋرى: بۇ دەۋر يۇشەئ ئىبنى نۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ كۆچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان فەتھى قىلىنغان زېمىنلارنى ئون ئىككى سەبتىنىڭ ئۆز ئارا تەقسىم قىلىش ئىشى مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتى كىلىپ چىقىشى كاھىن قازىلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى كىچىك-كىچىك يېزىلار ھالىتىگە كىلىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بۇ جەرياندا كەم بولغاندا يەتتە قېتىم ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ، بەئلىيم (ئات)، ئىيشتارون، مەلكۇم...غا ئوخشىغان بىر قاتار بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان. بۇ ئەھۋال 140 يىل ئەتراپىدا داۋاملاشقان.

2ـ پادىشاھلار دەۋرى: كونا ئەھد تېكىستلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، پەيغەمبەر سامۇئىل ئۇلارنىڭ ئاخىرىقى قازىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىشى قۇرئان كەرىم بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدە ئىسمىنى ئېنىق بايان قىلماستىنلا ئىشارە قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: ”بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ يېنىدا دۈشمەنلەرگە قارشى) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى“ دېيىشتى.» ئۇلارنىڭ پادىشاھى سۈپىتىدە تەۋراتتا شائۇل نامى بىلەن تونۇلغان سامۇئىل تالۇتنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چىقاردى. ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئېپتىدائىيلىقتىن تەرەققى قىلغان، تىنچ بىر ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئۆزىنىڭ بۇنيامىن ئىسىملىك قەبىلىسىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كىتەلمىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق دەۋرى مەزگىلىدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مەغلۇپ بولدى، يۇرتلىرى خانىۋەيران قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەۋراتىدا ئاللاھ تائالانىڭ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۆھتانلىرىدىن پاكتۇر) سامۇئىلغا قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «مەن شائۇلنى پادىشاھ قىلغانلىقىمغا پۇشايمان قىلدىم.» (بىرىنچى سامۇئىل 15:20)

ـ پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيھىسسالام: بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن تۆمۈرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە ھەممىشە ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان دۇئالاردىن تەركىب تاپقان زەبۇرنى ئاتا قىلدى. بۇلاردىن سىرت ئۇ پادىشاھ تالۇت قوشۇنىدىكى قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېۋە كەبى جالۇتنى مەنجانىق بىلەن ئۇرغان چاغدا بەنى ئىسرائىلنىڭ ھاۋان قەبىلىسى پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئالدىدا بىر كىرىزسقا دۇچ كەلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ئورنىنى كۆتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھى سامۇئىل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى1004ـ965-يىللىرى) ئۇنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى قىلىپ بەلگۈلىدى. ئۇ قۇددۇسنى پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇ يەرگە يەھۇۋا ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سالدى ۋە ئۇنىڭ تاۋۇتىنى شۇ يەرگە قويدى. بۈگۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى مەۋجۇت تەۋراتنىڭ تېكىستلىرى پەيغەمبەرلەرگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان رەزىل ئەخلاقلارنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ، دەپ يازىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆرمىتىنىڭ دەل

www.munber.org

ئەكسىچە، تەۋراتتا ئۇنى پەيغەمبەر، دەپ ئەمەس، شائىر، ھېساۋاتچى، پادىشاھ، ئاشىق ۋە كۆپلەپ جىنايەت سادىر قىلغان كىشى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

- سۇلەيمان ئىبنى داۋۇد: سۇلەيمان ئىبنى داۋۇد شەرەپكە ئىگە بىر پەيغەمبەر بولۇپ، بەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشتا ئاتىسى پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋارىسلىق قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھېكمەتنى، پاساھەتنى بەرگەن. شامال ۋە جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بىرىشتەك ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان، ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتكەن، سەبەئ پادىشاھلىقىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. يەھۇدىي ۋە خرىستىئان مەنبەلىرىنى ئۇنى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەمەس، پادىشاھ ياكى ھەكىم سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. مۇناستىرلار تومىنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق باياناار بار: «سۇلەيماننىڭ ھېكمىتى بارلىق مەشرىق ئوغۇللىرىنى بېسىپ چۈشتى... ئۇ ئەتراپىدىكى بارلىق مىللەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، بارلىق كىشىلەر سۇلەيماننىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلىغان پادىشاھلاردىن ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن توپلىناتتى.»

كونا ئەھدىنىڭ تېكىستلىرى يەنە ئۇنىڭ قىرىندىشى ئىدونيا، دادىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ رەئىسى يۇئاب ۋە بۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق پادىشاھلىقىنى سۈيىستېمال قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭدەك مارش ئوقۇش تومىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما تارىخى تەتقىقاتلار بۇ تومىنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن توپلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى مەنبەلەردىن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇنىڭدەك «سۇلەيمان ھېكمەتلىرى» تومىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ خاتا ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

يەھۇدىي مەنبەلىرى سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئىسرائىل قەبىلىلىرى بىرلىكىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئىئوردانىيەنىڭ غەربىگىلا مەركەزلىشىپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

3- بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش دەۋرى: بۇ دەۋر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ۋە رەھەبئام ئىبنى سۇلەيماننى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى، دەپ بەيئەت قىلغان دەۋردىن باشلىنىدۇ.

- رەھەبئام: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 935-يىلى پادىشاھ بولغان. ئەمما ئۇ «يەھۇد» ۋە «بۇنيامىن» قەبىلىلىرىدىن باشقا سەبتىيلەرنىڭ بەيئەت قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن. باشقا سەبتىيلەر رەھەبئامنىڭ قېرىندىشى يەربۇئام تەرەپكە مايىل بولغان. بۇ ئەھۋال پادىشاھلىقنىڭ ئىككى قىسمىغا ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغان:

www.munber.org

ئىسرائىل- ئەفرايىم نامىدىكى شىمالىي پادىشاھلىق. بۇ پادىشاھلىق بەزىدە پايىتەختىنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن «سامىرە» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قىسمىغا يەربۇئام ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغان بولۇپ، تارىخى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىئوردانىيە دەرياسى، غەربىي قىرغاق، يەنە ئۇ تەرەپتىن نابلىس، شەرقىي قىرغاق ۋە جەلىيل رايۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

جەنۇبىي پادىشاھلىقنىڭ يەر كۆلىمى شىمالىي پادىشاھلىق يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. جەنۇبىي پادىشاھلىقنىڭ ئىسمى «يەھۇدا» بولۇپ، پايىتەختى قۇددۇس ئىدى. ئۇنىڭغا رەھەبئام ھۆكۈمدارلىق قىلاتتى. بۇ قىسمى ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىغا جايلاشقان ئىدى. پەلەستىنلىكلەر بولسا، ئاق دېڭىز ساھىللىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ياشايتتى.

ھەر ئىككى پادىشاھلىقتا ئون توققۇز پادىشاھ ھۆكۈم سۈردى. سۇلەيمان نەسلىدىن چىققان پادىشاھلار ئىسرائىل پادىشاھلىقى دائىرىسىدىكى بىر قانچە ئائىلە ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرغان يەھۇزا پادىشاھلىقى ئاستىدا بىرلەشتى.

❖ ئامۇس: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 750-يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر پەيغەمبەر بولۇپ، يەربۇئام ئىككىنچى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 738-743-يىللىرى) دەۋرىدە ياشىغان.

❖ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 721-يىللىرى ئەتراپىدا ئىسرائىل يەھۇدىيلىرى ئاشۇر پادىشاھى سەرجۇن ئىككىنچى مەزگىلىدە ئاشۇرىيلارنىڭ ئىشغالى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى ۋە بۇ شەكىلدە تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 586-يىلى يەھۇزا پادىشاھلىقى بابىللىقلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى. بۇختۇنەسىر قۇددۇس ۋە مەئبەد (ئىبادەتخانا) نى ۋەيران قىلىپ، يەھۇدىيلارنى بابىلغا سۈرگۈن قىلدى. مانا بۇ بىرىنچى قېتىملىق ۋەيرانچىلىق ئىدى.

❖ ئەشئىيا: مىلادىدىن ئىلگىرىكى سەككىزىنچى ئەسىردە ياشىغان بولۇپ، يەھۇزا پادىشاھى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 729-668-يىللىرى) ھەزقىيالنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

❖ ئىرمىيا: (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 650-580-يىللىرى) مىللىتىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئىرۇسالىم (قۇددۇس)نىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى، ئۇ بابىل پادىشاھلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى. بۇ ئىش يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىشى ۋە ھۇجۇم قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

❖ ھەزقىيال: مىلادىدىن ئىلگىرىكى سەككىزىنچى ئەسىردە مەيدانغا چىققان. تىرىلىش، ھېساب بېرىش ۋە يەھۇدىيلارغا پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن مەسىھنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغانلىقى قاتارلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

www.munber.org

ئۇ يەھۇزا پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن كېتىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىرۇسالىم تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان.

❖ دانىيال: ئىسرائىل خەلقىنىڭ كېلەچەكىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇ چۈش تەبىرلىرىدە شۆھرەت قازانغان. خەلقىنىڭ مەسىھنىڭ قولى ئارقىلىق نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

❖ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 538-يىلى ئىران پادىشاھى كورش بابىل دۆلىتىنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە بابىللىقلارنىڭ پەلەستىنگە قايتىشىغا ئىجازەت بەردى. ئەمما ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرىلا قايتتى ۋە ھەيكەل قورۇلۇشىغا قايتىدىن ئىشلىدى.

❖ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 320-يىلى پەلەستىندىكى ھۆكۈمرانلىق بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ، ئۇنىڭدىن ئارقىسىدىن باتلىموسلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

❖ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63-يىلى رومالىقلار پەلەستىن ئىشغال قىلدى ۋە بامبىيوس قوماندانلىقىدا قۇددۇسنى ئىستىلا قىلدى.

❖ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 20-يىلى ھېرودوس يېڭىدىن سۇلەيماننىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى- تەرجىمان). بۇ ھەيكەل مىلادىينىڭ 70-يىلى، يەنى ئىمپىراتور تىيتوسنىڭ شەھەرنى ۋەيران قىلىشى ۋە ھەيكەلنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغىنىغا قەدەر داۋاملاشتى. مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەيرانچىلىق ئىدى. مىلادىي 135-يىلى ، شەھەردە مەۋجۇت بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش، سۈرگۈن قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەھۇدىيلاردىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن ئورىيانۇس بۇ جايغا كەلگەن. ئورىيانۇس مۇقەددەس ھەيكەلنىڭ ئورنىغا بۇتپەرەستلەرنىڭ «جوپىيتەر» ئىسىملىق بىر ھەيكىلىنى بىنا قىلغان. بۇ ھەيكەل كونىستانتىن مەزگىلىدىكى خرىستىئانلارنىڭ يىقىتىپ تاشلىشىغا قەدەر مەۋجۇ بولۇپ تۇرغان.

❖ مىلادىينىڭ 636-يىلى مۇسۇلمانلار پەلەستىننى فەتھى قىلغان ۋە ئۇ يەردىن رومانلارنى قوغلاپ چىقارغان. خرىستىئان پاترىك سافرونىيوس شەھەردە بىرمۇ يەھۇدىينىڭ يەرلىشىپ قالماسلىقىنى شەرت قىلغان.

- مىلادىيە 1897-يىلى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن زېمىنىغا ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشىنى مەقسەت قىلغان «سەھيۇنىزم» نامىدىكى يېڭى ھەرىكىتى باشلانغان. («سەھيۇنىزم» بابىغا مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدۇ)

❖ يەھۇدىي پىرقىلىرى:

- فۇرەيسىلەر: يەنى قاتتىق قوللار. بۇلار راھىبلار ياكى رەببانىيلار، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار مۇتەسەۋۋۇپ راھىبلار بولۇپ، ئۆيلەنمەيدۇ، مەزھەپلىرىنى ئاخىرىغا قەدەر ھىمايە قىلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە، پەرىشتىلەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ.

www.munber.org

- سىدقىيلار: بۇ ئۇلار ئۇچۇن قارشى مەنىدە بېرىلگەن ئىسمدۇر؛ چۈنكى ئۇلار ئىنكار قىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغان پىرقە بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى، ھېسابنى، جەننەت ۋە جەھەننەمنى، تىلمۇدنى ۋە كۈتىلىۋاتقان مەسىھنى ئىنكار قىلىدۇ.

- مۇتەئەسسىپلەر: بۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى فۇرەيسىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىگە يېقىن. ئەمما بۇلار رەھىم قىلماسلىق ۋە ئاداۋەتخورلۇق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئۇلار مىلادىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىنقىلاب قوزغاپ رومانلارنى، شۇنىڭدەك رومانلار بىلەن ھەمكارلاشقان بارلىق يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلارغا «قانخورلار» دەپ نام بېرىلگەن.

- يازغۇچى ياكى كۆچۈرگۈچىلەر: يېزىش ۋە كۆچۈرۈش پائالىيەتلىرى جەريانىدا شەرىئەتنى ئۆگەنگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك ۋەز- نەسىھەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار «ھۆكامالار»، «ئەپەندىلەر» دەپ ئاتالغان، بىرلىرى ئۇلارغا «ئەب» يەنى ئاتا، دەپ ئۇنۋان بەرگەن. ئۇلار مەدرىس ۋە مۇرىدلىرىنىڭ ھېسابىغا ھەددى- ھېسابسىز بايلىققا ئىگە بولغان.

- ئوقۇغۇچىلار: فۇرەيسىلەرنىڭ يېقىلىشىدىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاز سانلىق يەھۇدىيلارنىڭ پىرقىسى. ئۇلار كونا ئەھدىتىن باشقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تىلمۇدقا قولاق سالمىغىنىغا ئوخشاشلا، تەۋراتنى شەرھلەشتە ئەركىن ئىكەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىپ، ئۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

- سامىرىيلار: بەيتۇل ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ سىرتىدىن يەھۇدىيلىققا كىرىپ، يەھۇدىيلىشىپ كەتكەن بىر تائىپە بولۇپ، ئۇلار مۇقەددەس تاغلىرىدا ياشايتتى، ئۇلار پەقەت مۇسا، ھارۇن ۋە يۇشەئ ئىبنى نۇنلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمما ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەلفان ئىسىملىك بىر كىشى چىقىپ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان. بۇ ئىش ئىيسا ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن يۈز يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن. كېيىن ئۇلار دوستانىيلار (ئەلفانىيلار) ۋە كوستانىيلار (مۇتەسەۋۋۇپ جامائەتلەر)دىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. سامىرىيلارنىڭ قىبلىسى بەيتۇل مۇقەددەس بىلەن نابلىس ئوتتۇرىسىدىكى جىرزىيم دېگەن تاغدۇر. ئۇلارنىڭ تىلى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرانى تىلىغا ئوخشىمايدۇ.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

❖ كىتابلىرى:

www.munber.org

- كونا ئەھد: يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى. چۈنكى ئۇ شېئىر، نەسىر، ھېكمەتلەر، مەسەللەر، ھېكايىلەر، مىساللار، پەلسەپە، قانۇن، غەزەل ۋە مەرسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. بۇ كىتاب ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

1- تەۋرات: بۇ قىسمى، بىرىكتۈرۈش ياكى يارىتىش، خۇرۇج (چىقىش)، لاۋىي (خەۋەرلەر)، سان ۋە تەسنىيە (ئىككىلىك) تىن ئىبارەت بەش بۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇسا بۆلۈمى، دەپ ئاتىلىدۇ.

- مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتى بۇختۇنەسىرنىڭ ھەيكەلنى ۋەيران قىلىشىدىن كېيىن يوقاپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم ئىران پادىشاھى ئەرتەھشتا مەزگىلىدە قايتا يېزىلغاندا ئەسلىدىن يىراقلاپ كەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار(تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى.»

2- پەيغەمبەرلەر بۆلۈمى (ئەسفارلىرى): بۇمۇ ئىككى تۈرلۈك:

ئا) ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بۆلۈمى: يەشۇئ، يۇشەئ ئىبنى نۇن، قازىيلار، بىرىنچى ساموئىل ، ئىككىنچى ساموئىل، بىرىنچى پادىشاھلار، ئىككىنچى پادىشاھلار.

ب) كېيىنكى پەيغەمبەرلەر بۆلۈمى (ئەسفارلىرى): ئەشئىيا، ئىرمىيا، ھەزقىيال، ھۇشەئ، يۇئىيل، ئاموس، ئۇبدىيا، يۇنان، يۇنۇس، مىيخا، ناھۇم، ھەبەققۇق، سەفەنيا، ھەججا، زەكەرىييا ۋە مەلاخىيلار.

❖ يېزىقلار:

1- بۈيۈك يېزىقلار (ماقالىلەر): مەزامىير (زەبۇر)، مەسەللەر (سۇلەيماننىڭ مەسەللىرى) ۋە ئەييۇب.

2- بەش ژۇرنال: نەشىيدۇل ئىنشاد، رائۇس، مەراسىي (ئىرمىيا مەرسىيەلىرى)، جامىئە، ئەستىير.

3- كىتابلار: دانىيال، ئەزرا، نەھمىيا، بىرىنچى كۈن خەۋەرلىرى، ئىككىنچى كۈن خەۋەرلىرى.

- يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۆلۈملەر (ئەسفارلار) يەھۇدىي ۋە پروتېستانتلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

- ئەمما كاتولىك چىركاۋىي توبىيا، يەھۇدىيەت، ھېكمەت، يەسۇئ ئىبنى سىيراخ، باروخ، بىرىنچى مەكابىن، ئىككىنچى مەكابىنلاردىن ئىبارەت باشقا يەتتە بۆلۈمنى بۇلارغا ئىلاۋە قىلىدۇ. بۇلار يەنە پادىشاھلارنىڭ بۆلۈملىرىنى تۆتكە ئايرىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ساموئىل بۆلۈملىرىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ.

www.munber.org

- ئەستىير ۋە يەھۇدىيىيەت: بۇ ئىككىسى ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن بولمىغان بىر ھۆكۈمدار بىلەن ئىچ قويۇن- تاش قويۇن بولغان بىر ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىتىدۇ. بۇ ئايال يەھۇدىيلارغا قىلىنغان زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارغا گۈزەللىكى ۋە جەلپكارلىقىنى ئىشقا سالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باشقا خىزمەتلىرىدىمۇ بولىدۇ.

- تىلمۇد: ھاخاملار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىزچە رىۋايەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مىلادىنىڭ 150-يىلى ھاخام يۇداس «مىشنو» ناملىق بىر كىتابقا توپلىغان. مىشنو مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتىدا ئۆزىنى يېڭىدىن ئىپلان قىلغان شەرىئەتنىڭ ئىزاھ ۋە شەرھىسى، دىگەنلىك بولىدۇ. ئېغىزچە رىۋايەتلەر ۋە ئىلاۋە قىلىدىغان نوقتىلارنى توپلاشنى يەھۇزا مىلادىي 216-يىلى تاماملىغان. كېيىنچە «مىشنو» شەرھىلەنگەن ۋە بۇ شەرھىگە «جىمارا» دەپ نام بەرگەن. تىلمۇد مىشنو ۋە جىمارادىن ئىبارەت ئىككى كىتابتىن تەركىپ تاپقان. تىلمۇد يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە تەۋراتتىنمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

❖ بايراملىرى (ھېيتلىرى):

- فەسىھ كۈنى: ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ مىسىردىن چىقىشلىرى نامىغا تەرتىپلەشتۈرۈلگەن بايرام بولۇپ، 14-ئاپرىل ئاخشىمى باشلىنىپ، 20- ئاپرىل ئاخشىمى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ بايرامدىكى تاماقلار ئارىسىدا ئېچىتىلمىغان خېمىردىن ھازىرلانغان نانلار ھازىرلىنىدۇ.

- گۇناھلارنى ئەپۇ قىلدۇرۇش كۈنى: يەھۇدىي يىلىنىڭ ئونىنچى ئېيىدا ئىنسان توققۇز كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ كۈنلەر تەۋبە كۈنلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. گۇناھلارنى ئەپۇ قىلدۇرۇش كۈنى بولغان ئونىنچى كۈندە يەھۇدىيلار يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، پۈتۈن ۋاقىتلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بارلىق گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىندى، دىگەن ئېتىقادقا كەلگەنگە قەدەر بۇ شەكىلدە داۋام قىلىدۇ ۋە يېڭى يىلنى كۈتىۋېلىشقا ھازىرلانغان بولىدۇ.

- بەيتۇلمۇقەددەسنى زىيارەت قىلىش: ئەقلىگە كەلگەن ھەر بىر يەھۇدىينىڭ يىلدا ئىككى قېتىم بەيتۇلمۇقەددەسنى زىيارەت قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

- يېڭى ھىلال: ھەر قېتىملىق ھىلال ئاينىڭ توغۇلىشىنى تەبرىكلىشەتتى. قۇددۇستا كولدۇرمىلارنى چالاتتى، خوشاللىق سەۋەبىدىن ئوتلارنى ياقاتتى.

- شەنبە كۈنى: ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ كۈندە ئىشلەش جائىز ئەمەس؛ چۈنكى بۇ كۈن ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە تەڭرى ئارام ئالىدىغان كۈندۇر. پۈتۈن يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق ئېتىقادلىرىغا كۆرە تەڭرى ئاسمان ۋە زېمىنلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن

www.munber.org

ئەرشنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقان ۋە پۇتىنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئالغان هالدا ئىستىراھەت قىلغان. (ئاللاھ تائالا بۇلاردىن دىگەنلىرىدىن پاكتۇر.)

### ❖ ئىلاھ:

- يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ساغلام تەۋھىد دىنىدىن ئېغىپ كەتكەن ئەھلى كىتابلار بولۇپ، پات- پات كۆپ ئىلاھلىق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مەنپەئەتپەرەستلىككە ئوخشىغان تەرەپلەرگە يۈزلىنىپ تۇرغان. بۇ سەۋەبتىن ئارىلىرىدا ھەر قېتىم ئىلاھ ئوقۇمىدا ئېغىش يۈز بەرگەندە، ئۇلارنى ساغلام تەۋھىدكە قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ساندا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن.

- مىسىردىن چىقار- چىقمايلا مۇزاينى ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشتى. كونا ئەھدىتىكى بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تۆچتىن بىر يىلان ياساپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا تېۋىنىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ھېكمەت ۋە جادۇگەرلىككە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇقەددەس دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

- ئۇلارنىڭ قارىشىچە تەڭرىنىڭ ئىسمى يەھۇۋا بولۇپ، خاتالىقتىن يىراق بىر تەڭرى ئەمەس بەلكى، خاتالاشقان، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، پۇشايمان قىلىدىغان، ئوغۇرلۇق قىلىشقا بۇيرۇيدىغان، رەھىمسىز، مۇتەئەسسىپ ۋە خەلقىنى ۋەيران قىلغۇچى ئىلاھتۇر. ئۇ پەقەت ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئىلاھى بولۇپ، بۇ شەكىلدە باشقىلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. يەھۇدىيلار بۇ ئىلاھنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن چىققان بىر جامائەتنىڭ ئالدىدا ۋە تۇۋرۇك شەكىللىك بىر بۇلۇت ئىچىدە ماڭىدۇ، دەپ بىلجىرلايدۇ.

### ❖ باشقا پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنغان ئوغلىنىڭ سارەدىن توغۇلغان ئىسهاق، ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. توغرىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

- دىنلىرىدا قايتىدىن تىرىلىش، ئەبەدىيلىك، ساۋاب ۋە ئازابقا ئوخشىغان مەزمۇنلارغا ئائىت ئەھمىيەتسىز بىر قىسىم ئىشارەتلەردىن باشقا بىر نەرسە يوق. چۈنكى بۇلار ماددىپەرەست يەھۇدىيلارنىڭ پىكىر تەركىۋىدىن يىراق نەرسىلەردۇر.

- ساۋاب ۋە ئازاپ بۇ دۇنيادىدۇر. ساۋاب ياردەم ۋە ھىمايە، ئازاپ بولسا، زىيان، خارلىق ۋە قوللۇق، دىمەكتۇر. ھەر بىر يەھۇدىينىڭ فەسىھ كۈنى، ھەپتىلەر كۈنى ۋە

www.munber.org

مىزال كۆنى بولۇپ يىلدا ئۈچ قېتىم قۇددۇسقا ھەج قىلىشى لازىم. بۇ خىلدىكى ھەج پائالىيەتلىرى قاتارىدا ھەيكەلگە قورۇلغان قۇربانلىق تەقدىم قىلىشمۇ بار.

- تابۇت: ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى، ھۆججەتلىرى ۋە مۇقەددەس كىتابلىرىنى ساقلايدىغان ساندۇقتۇر.

- قوربانلىق كىسىدىغان يەر: تابۇتنىڭ ئالدىدىكى پەردىنىڭ ئارقىسىدىن سەندەل كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ھازىلانغان مەخسۇس ئورۇن.

- ھەيكەل: بىنا قىلىش ئۈچۈن داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەمىر قىلىنغان، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بىر قورۇلۇش. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر مىھراب ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلاھ تابۇتىنىڭ قويۇلۇشى ئۈچۈن مەخسۇس بىر جاي ھازىرلانغان.

- كاھىنلىق: يەئقۇبنىڭ ئوغۇللىرىدىن لەۋىينىڭ ئەۋلادلىرىغا خاس بىر ئىشتۇر. يالغۇز ئۇلارلا تېكىستلەرنى ئىزاھلىيالايدۇ، قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلالايدۇ. ئۇلار ھەر قانداق سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىنغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسىدۇر. ئۇلار بۇ شەكىلدە پادىشاھلاردىنمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولغان.

- قۇربانلار: قۇربانلار كەلىمىسى ھايۋانلار ۋە مەھسۇلاتلار بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنچە تەڭرى قۇربانلىق سۈپىتىدە ئىنساننىڭ ئەڭ كىچىك بىر پارچىسىغىمۇ رازى بولغان ۋە بۇنىڭ بىلەن كۈپايىلەنگەن. ئۇ بولسىمۇ ئىنساندىن سۈننەت جەريانىدا كېسىپ تاشلانغان پارچىدۇر. يەھۇدىيلار بۇ سەۋەبلىك بۇگۈنگە قەدەر ھايۋان ۋە مەھسۇلاتلاردىن قىلىنغان قۇربانلارغا ئەھمىيەت بىرىش بىلەن بىرگە سۈننەت قىلىشقىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بىرىدۇ.

- ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، روھلىرىنى ئاللاھنىڭ روھىنىڭ بىر پارچىسى، دەپ قوبۇل قىلىشىدۇ. باشقا بىر كىشى (گويىم) بىر ئىسرائىللىكنى ئۇرسا ئىلاھىي ئىززەتنى ئۇرغان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن يەھۇدىي بولمىغانلار ئارىسىدىكى پەرق ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ.

- يەھۇدىي بولمىغان بىرىنى ئالداش، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغۇرلاش، ئارتۇق ئۆسۈم ئارقىلىق قەرزگە بوغۇپ قويۇش، ئۇنىڭغا قارشى يالغان گۇۋاھلىق بىرىش ۋە يالغان قەسەم قىلىش جائىزدۇر. يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە يەھۇدىي بولمىغانلار ئىت، توڭغۇز ۋە ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. ھەتتا يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغانلارغا قارىتا يوقۇرىقى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ.

- «تېلمۇد» ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى ناسىرىيلىق يەسۇئ ئوت بىلەن مۇز ئارىسىدا ۋە جەھەننەمنىڭ تىگىدىدۇر. ئانىسى

www.munber.org

مەريەم ئۇنى بىر گۇناھ نەتىجىسىدە ئەسكەر پاندارادىن ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بارلىق خرىستىئان چىركاۋلىرى مەينەتلىك ئورۇنلىرىدۇر، ئۇ يەرلەردە ۋائىزلىق قىلغانلارمۇ ھاۋشىۋاتقان ئىتقا ئوخشايدۇ.»

- قېيىن شارائىتلار نەتىجىسىدە بىر ئاز ئەركىن نەپەسلىنىش ۋە كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈمىد ۋە ئارزۇلار ئۇلارنىڭ زېھنلىرىدا كۆتىلىۋاتقان مەسىھ چۈشەنچىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

- ئۇلارنىڭ قارىشىچە يەئقۇب تەگرى بىلەن ئېلىشتى، لۇت شاراپ ئىچتى ۋە ئىككى قىزى بىلەن زىنا قىلدى. ئۇ بۇ ئىشنى سوغىر تېغى مۇۋەپپىقىيىتىدىن كېيىن سادىر قىلدى، داۋۇد بولسا تەگرىنىڭ كۆزىدە يىرگىنىچلىكتۇر.

- دىنلىرى ئۇلارغا خاس بولۇپ، يەھۇدىي خەلقىدىن باشقىلار قوبۇل قىلىنمايدۇ.

- چوڭ ئوغۇل پەرزەنت ئاتىسىنىڭ بىرىنچى ۋارىسى بولۇپ، قېرىنداشلىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ نىسۋەسى مىقدارى پاي ئالىدۇ. مىراسخورلۇق مەسىلىدە قانۇنلۇق نىكاھ بىلەن توغۇلغان بالا بىلەن قانۇنسىز يول بىلەن توغۇلغان بالىنىڭ پەرقى بولمايدۇ.

- ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئايال كىشى يولدىشىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئايالنىڭ مىلىمۇ يولدىشىنىڭ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ خۇسۇستىكى ئىختىلاپلار كۆپەيگەنسىرى ئۆز مال - مۈلكىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئايالغا، پايدىلىنىش ھەققى ئەرلەرگە خاس قىلىپ بەلگۈلەنگەن.

- يىگىرمە ياشقا كىرىپ ئۆيلەنمىگەنلەر لەنەتكە لايىق بولىدۇ. بىر ئەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى چەكلىمىسىز شەكىلدە جائىزدۇر. ئەمما، ئوقۇغۇچىلار بۇنى مۇتلەق ئوقۇمىدا قوبۇل قىلسا، رەببانىيلار تۆت ئايال بىلەن چەكلىنىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

❖ مۇزايىغا تېۋىنىش قەدىمقى مىسىرلىقلاردىن ئېلىنغان بىر خىل تېۋىنىش شەكلىدۇر. چۈنكى ئۇلار چىقىش ھادىسىسىدىن ئىلگىرى مىسىردا تۇرغان. كونا ئەھدىتىكى ئەسفارلار (بۆلۈملەر)نىڭمۇ ئاساسلىق مەنبەسى يەنە قەدىمقى مىسىر ئەدىبىيسىدۇر.

❖ كونا ئەھد بۆلۈملىرى تايانغان ئەڭ مۇھىم مەنبە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1900-يىللىرىغا تەۋە ھومۇرابى قانۇنلىرىدۇر. بۇ قانۇن 1902-يىلى تاشتىن ياسالغان

www.munber.org

قارا تۇۋرۇككە ئويۇقلۇق شەكىلدە بايقالغان بولۇپ، هازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى مۇقەددەس قانۇندۇر.

❖ تېلمۇد روھنىڭ كۆچۈش ئېدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىدىيە هىندىستاندىن بابىللىقلارغا ئېقىپ كىرگەن بولۇپ، بابىل هاخامىلىرى يەھۇدىي پىكرىگە يۆتكەپ كىرگەن.

❖ خرىستىئان پىكرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ نىمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ: «ئەي ئاتىمىز، شەرىئىتىڭگە قايتىشىمىز خۇسۇسىدا بىزگە يول كۆرسەتكىن! ئەي پادىشاھىمىز، بىزنى ئىبادىتىڭگە يېقىن قىلغىن ۋە بىزنى دەرگاھىڭدا ھەقىقىي تەۋبىگە مۇيەسسەر قىلغىن!»

❖ بەزى دەۋرلەردە ئۇلار بەلئىم، ئەشتارت تەڭرىلىرىگە، ئارام تەڭرىلىرىگە، سەيدوم تەڭرىلىرىگە، مۇئاب تەڭرىلىرىگە، ئامون تەڭرىلىرىگە ۋە ئاخىرىدا پەلەستىن تەڭرىلىرىگە ئىبادەت قىلغان. (قازىلار بۆلۈمى: 60/10).

تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

❖ ئىبرانىيلار ئەسلىدە (ئاتىلىرى ئىسرائىل دەۋرىدە) ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن رايونلىرىدا ياشىغان. كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسىرغا كۆچكەن. بۇ جەرياندا بىر يەھۇدىي جەمئىيىتى تەشكىل قىلىش مەقسىتىدە پەلەستىنگە كەلگەن. ئەمما يالغۇز قالغانلىقلىرى، چوڭچىلىقى، ئىرقچىلىق قىلىشلىرى، ھەر دائىم ھىيلە ۋە قىلتاق قورۇشتا تەييار تۇرۇشى سەۋەبلىك بېسىمغا ۋە سۈرگۈن قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. نەتىجىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ كەتتى. بەزىلىرى ياۋروپا، روسىيە، بالقان دۆلەتلىرى، شىمالىي، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئىسپانىيەلەرگىچە يېتىپ باردى. يەنە بەزىلىرى ئىسلام تېگىنىڭ ئېتىشى بىلەن سىقىپ چىقىرىلغان ئەرەب يېرىم ئارىلى تەرەپكە يۈزلەندى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاسىيا ۋە ئافرىقىلاردا ياشىدى.

❖ مىلادىي ئۆتكەن ئەسىر (19-ئەسىرنىڭ-ت)نىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەلەستىن تۇپراقلىرىغا توپلىنىشقا باشلىدى. سەھيۇنىيلار ۋە ئەھلى سەلىپلەر بۇ ئىشقا، قىزىقتۇردى، رىغبەتلەندۇردى.

❖ شۈبھىسىزكى، ھازىرقى 15 مىليونغا يېتىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە سوزۇلغان ئىبرانىي ئىسرائىللار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى بۇلار مۇستەملىكە نەتىجىسىدە كېيىنچە يەھۇدىيلاشقان ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت. ئىسرائىل ئەسلىلىك ھەقىقىي يەھۇدىيلار بولسا، بۈگۈنكى كۈندە، خۇسۇسەن ئىسرائىلدا تۆۋەن قاتلامنى تەشكىل قىلغان يەھۇدىيلاردۇر.

www.munber.org

❖ تەۋراتنى تەتقىق قىلغان كۆپلىگەن ئىزدەنگۈچىلەر ئۇنىڭ تىل، ئۇسلۇب ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېما، ھۆكۈم ۋە قانۇنلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان قەلەملەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا خەۋەر بەرگەندەك «ئۇلار(تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى.» نەتىجىدە ئۇلار «يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار» دېگەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش قىلىدىغانلارنى ئۆزىنىڭ مونۇ سۆزى ئارقىلىق قاتتىق ئەيىپلىدى: «كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ الله تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي!قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!»

❖ يەنە ھازىرقى زامان تەنقىدچىلىكى تەۋرات ۋە ئىنجىل تېكىستلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئىلمىي ھەقىقەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئەمما مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر ئۇنى موريس بوكاي ئېيتقاندەك ”بىر- بىرى بىلەن باغلاشمايدىغان تۇپلام“ دەپ قارىدى. مانا بۇ تەۋراتنىڭ مەزمۇنىغا تايىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن يېتەرلىك پاكىت؛ چۈنكى ئۇنىڭدا قارىمۇ قارشىلىقلار، توقۇلما ھېكايىلەر، ساغلاملىقى گۇمانلىق بولغان شېئىرلار تولۇپ ياتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: يەھۇدىيلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە سوزۇلغان، بەنى ئىسرائىل (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) غا مەنسۇپ ئەسبات نامى بىلەن تونۇلغان ئىبرانىيلارنىڭ دىيانىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەۋرات بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. يەھۇدىيلار تۆۋەندىكى پىرقىلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ ئۇلار: قايتىدىن تىرىلىشكە، پەرىشتىلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان فۇرەيسىلار؛ تىلمۇدنى، پەرىشتىلەرنى ۋە كۈتىلىۋاتقان مەسىھنى ئىنكار قىلىدىغان سىدقىيلار؛ شەرىئەتنى يېزىقچىلىق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆگەنگەن، مەدرىس ۋە مۇرىدلىرىنىڭ ھېسابىغا بايلىق توپلىغان يازغۇچى ياكى كۆچۈرگۈچىلەر؛ تىلمۇدقا بويسۇنمايدىغان، كونا ئەھدىتىن باشقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئوقۇغۇچىلار؛ ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن باشقا قەۋملەردىن يەھۇدىيلاشقان تائىپە سامىرىيلاردىن ئىبارەت. قانداقلا بولمىسۇن زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيلاردىن ئەمەس، ئۇلار يۇقىرىدا ئىشارە قىلىپ ئۆتكەندەك ئون ئىككى سەبتىلەرگىمۇ تەۋە ئەمەس...

ئۇلارنىڭ كىتابلىرى كونا ئەھد بولۇپ، ئۇ شېئىر، نەسىر، ھېكمەت، مەسەل، ھېكايە، ئەپسانە، پەلسەپە، قانۇن، غەزەل ۋە مەرسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تەۋرات



www.munber.org

ۋە پەيغەمبەرلەر بۆلۇملىرىنىڭ ئىككى تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە تىلمۇد ناملىق كىتابى ئىغىزاكى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، «مىشنو» يەنى تەكرارلانغان شەرىئەت ناملىق بىر كىتابقا توپلانغان. مىشنو «جىمارا» ئىسىملىك ئىككىنچى بىر كىتابتا شەرھىلەنگەن.

ئەسلىنى ئىلىپ ئىيتقاندا يەھۇدىيلار تەۋھىدچى ئەھلى كىتابلاردۇر. بىراق ئۇلار كىيىنچە كۆپ ئىلاھلىقتا، ئاللاھنى تەنگە ئىگە دەيدىغان ئېتىقاد ۋە مەنپەئەتپەرەستلىك تەرەپكە يۈزلىنىپ كەتكەن. مۇزايىغا ئىبادەت قىلغان، چايانىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. تەۋراتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان قەلەملەر تەرىپىدىن يىزىلغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپىنچە تېكىستلىرى ئۆز ئارا بىر- بىرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندەك، هازىرقى زامان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- زەكىي شەنۇدە: اليهود: نشأتم وعقيـدتم ومجـتمعهم, بىرىنچى نەشرى، مىسىر ئويغىنىش كىتابخانىسى-1974م.
- رەھمەتۇللاھ ئەلھىندىي: إظهار الحق.
- ئاببـاس مەھمۇد ئەلئەققاد: الله
- ئابدۇللاھ ئەتتىل: خطر اليهودية العالمية على الإسلام والمسيحية.
- د.ئەھمەد شەلەبىي: مقارنة الأديان: اليهودية، تۇتىنچى نەشرى، مىسىر ئويغىنىش كىتابخانىسى- 1974م.
- گوستاف لوبون: اليهـود في تـاريخ الحـضارات الأولى، ئادىل زەئەيتىر تەرجىمىسى- ئىيسا ئەلبابىي ئەلھەلەبىي باسمىخانىسى.
- د.فۇئاد ھەسەنەين: التوراة: عرض والتحليل.
- مۇھەممەد ئىززە دروزە: تاريخ بني إسرائيل من أسفارهم.
- ئابدۇلقادىر شەيبە ئەلھەمد: الأديان والفرق والمذاهب المعاصـرة، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرستىتى باسمىلىرى.

چەتئەل مەنبەلىرى:

- Berry: Religions of the World.
- Reinach: History of Religion.
- Smith J.W.D: God and Man in Early Israel.

www.munber.org

- .Krik: A Short History of the Middle East
- Max Margolis and Alexander Marx: A History of the Jewish .People
- .Hertzl: The Jewish State
- .Weech: Civilazation of Near East
- .Wells: A Short History of the World

www.munber.org

# دۆنمە يەھۇدىيلىرى

## ئىنقلىما:

مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى ئاشكارىلاپ، يەھۇدىيلىقنى يوشۇرۇن تۇتقان يەھۇدىيلارنىڭ بىر جامائىتى بولۇپ، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى يولى ئارقىلىق خەلىپىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئوسمانىيە دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىش ئۈچۈن ھەسسە قوشقان... ھېلىھەم ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتلەرگە ھۆكۈمران بولۇشنىڭ ۋاستىلىرى سۈپىتىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مەتبۇئات ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ۋەزنى باردۇر.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

❖ قۇرغۇچىسى ساباتاي سەۋى (1626ـ1675م): ئەسلى ئىسپانىيەلىك بىر يەھۇدىي بولۇپ، تۈركىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. 1648ـيىلى ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ مەسىھى ۋە كۈتىلىۋاتقان نىجاتكارى ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئىسمىنىڭ موردىخاي سەۋى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئۇ تۈركلەر ئارىسىدا «قارامەنچەتە» ئىسمى بىلەن تونۇلغان.

ـ ساباتاي خەتەر شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغاندا ئوسمانىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلىمالار ئىددىئالىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئۆلتۈرۈلۈشكە قارار بېرىلگەنلىكىنى بىلگەن ساباتاي ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ۋە مۇھەممەد ئەپەندى دەپ ئىسىم قويۇلغان.

ـ بىر مۇسۇلمان ۋە ھاجىبلار رەئىسلىكى سۈپىتى بىلەن يېڭى ئورنىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ۋەيران قىلغۇچ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆرىنىشتە ئىسلامدا تۇرۇشىنى، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلىقنى ساقلاپ قېلىشلىرى ئۈچۈن بۇيرۇق بەرگەن.

ـ دۆلەتتىن يەھۇدىيلار سېپىدە تۇرۇپ دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان. دۆلەت ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگەن. ئۇ بۇنداق كاتتا پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلاندى ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق رەزىللىك بولسا ئۇنى سىناپ كۆردى.



www.munber.org

- ئون يىلدىن كېيىن ھۆكۈمەت ساباتاينىڭ ئىسلامنىڭ ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۇنى ئىسپانىيەگە سۈرگۈن قىلدى. ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى.

❖ تۈركلەر بۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە دۆنمە، دەپ ئىسىم قويدى. بۇ تۈركچىدىكى "دۆنمەك" يەنى قايتماق مەنىدىكى سۆزنىڭ پېئىل تۈمۈرىدىن تۈرلىنىپ چىققان سۆز ئىدى.

❖ ئابراھام ناتھان: ساباتاينىڭ كىشىلەرگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىسى بولغان يەھۇدىيدۇر.

❖ جوزىف بلوسوۋ: بۇ كىشى ساباتاينىڭ ئىزباسارى ۋە ئىككىنچى ئايالىنىڭ ئاتىسى. ئۇ ئابدۇلغەفۇر ئەپەندى، ئىسمى بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى.

❖ مۇستەفا چەلەبىي: قاراقاش پىرقىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، بۇلار دۆنمەدىن شاخلىنىپ چىققان يەئاقىبە، قاقاشىيىيە ۋە قاپاتچىيىيەدىن ئىبارەت ئۈچ پىرقىنىڭ بىرى ئىدى.

❖ بۇلارنىڭ بېسىلغان، تارقىتىلغان كىتابلىرى يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا يوشۇرۇن يوللار بىلەن يۆتكىلىپ يۈرگەن بىر كۆپلىگەن ۋاراقچىلىرى بار.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

❖ ساباتاينى ”يەھۇدىيلارنىڭ قوتقۇزغۇچىسى ئىسرائىل مەسىھى“ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

❖ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ساباتاينىڭ بۇرۇنقى ۋۇجۇدى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن، كېيىن ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەرلىكىنى تاماملاش ئۈچۈن سەللە ۋە تون كەيگەن بىر پەرىشتە شەكلىدە قايتىپ كەلگەن.

❖ مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرىنىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنى قىلتاقققا دەسسىتىشنى پىلانلايدىغان يەھۇدىيلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ.

❖ روزا تۇتمايدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ، جۇنۇب بولۇپ قالغاندا يۇيۇنمايدۇ. ھېيت-بايراملارغا ئوخشىغان بەزى پائالىيەتلەردە خەلقنى ئالداش ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئىسلامىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلارغا تۈركلەرنىڭ ئادىتىگە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق كۆرىنىش ۋە مۇسۇلمانچە قىياپەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدۇ.

❖ مۇسۇلمانلار بىلەن نىكاھلىنىشنى چەكلەيدۇ، ئىنسان ئۆيلەنمەي تۇرۇپ بۇ تائىپىنىڭ ھاياتى ۋە پىكىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالمايدۇ.



www.munber.org

- ئۇلارنىڭ يىگىرمىدىن ئارتۇق بايراملىرى بار: چىراق ئۆچۈرۈش ۋە پاھىشە كېچىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بۇلارنىڭ بىرىدۇر. شۇ كېچىدە تۇغۇلغان باللارنىڭ بەركەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە دۆنمە كىشىلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن شەكىلدە مۇقەددەسلىككە ئېرىشىدۇ.
- ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە كىيىم-كېچەكلىرى بار. ئاياللار سېرىق ئاياقلارنى كەيسە، ئەرلەر ئاق دوپپا ئۈستىگە يېشىل سەللە ئورىۋالىدۇ.
- ئۆز مەنسۇپلىرىدىن باشقىلارغا بورۇن سالام بېرىشنى چەكلەيدۇ.
- ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئوچۇقچىلىققا، ئەخلاقىي ئەنئەنىلەرنى تاشلاشقا، ئۇممەتنىڭ ياشلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن قىز- ئوغۇللارنىڭ ئارىلاش تەلىم- تەربىيە ئېلىشى قاتارلىق تەرەپلەرگە چاقىرىدۇ.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

- ئەقىدىلىرى ساپ يەھۇدىيلىق ئەقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنىلىق، ھىلە- نەيرەڭ، تۇزكورلۇق، يالغانچىلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە ۋاپاسىزلىققا ئوخشىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرۈنۈشلىرى بولسا، ئىسلامنى ئىچكى قىسىمدىن ئۇرۇش ئۈچۈندۇر-خالاس.
- ئۇلارنىڭ ماسونىيلار بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسى بار. دۆنمەلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرى ئوخشاش ۋاقىتتا ماسونىيلارنىڭمۇ چوڭلىرىدۇر.
- ئۇلار دۇنيا سەھيۇنىيلىرىنىڭ پىلانلىرى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.
- تۈركىيەدە ئەڭ كۆپ تارقىلىدىغان «ھۆررىيەت» گېزىتى، «ھايات» ژۇرنىلى، «تارىخ» ژۇرنىلى، «مىللىيەت» ۋە «جۇمھۇرىيەت» گېزىتلىرىغا ئوخشىغان مەتبۇئاتلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىدۇ. بۇ مەتبۇئاتلارنىڭ ھەممىسى سولچىل ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، تۈركىيەنىڭ جامائەت پىكرىگە كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

- ئۇلارنىڭ مۇتلەق سانلىقى ھازىر تۈركىيەدە ياشايدۇ.

www.munber.org

ـ ئـۇلار هــازىرغىچە تـۈركـىيەدىكى ئاخبــارات ۋە ئىقتىــسادنى كــونترول قىلىــش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەتتىمۇ ئىنتايىن سەزگۈر مەنسەپلىرى بار.

ـ ئىتتىهاد ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىنىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدا بۇلار بار ئىدى. جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىنىڭمۇ كۆپچىلىكى يەنە مۇشۇلاردىن ئىدى. ئـۇلار بـۇ ئورۇنلىرىدا تـۇرۇپ، مۇسۇلمان تۈركىيەنىڭ سېكولارىستلىشىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشتى. ئالدىنىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان ياشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن باش ئەگدۈردى.

يـۇقىرىقىلاردىن شـۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: دۆنمەلەر ئىسلامنى دەۋا قىلغان، ئەمما ئىسلام بىلەن زەررە مىقدارى ئالاقىسى يوق يەھۇدىي تائىپىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئىسلامدىن ئىنتىقام ئېلىش، ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى چىرىتىش، ئىسلامىي سىمۇوللارغا ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ سولتان ئابدۇلھەمىد ئىككىنچىنى يىقىتقان ياش تۈركىيە ئىنقىلابىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىدارە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ يېتىدۇ.

### ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- مۇھەممەد ئەلى قۇتۇب: يهود الدونمة.
- ئىبراھىم گالانتى: وثائق منظمات وعادات السباتاي.
- ئالائۇددىن گەۋسە: مجموعة مقالات من الدونمة.
- د. مۇھەممەد ئۆمەر: يهود الدونمة، تارىخ تەتقىقات مۇئەسسەسەسى.

www.munber.org

# ماسونلۇق

## ئېنىقلىما:

ماسونلۇقنىڭ سۆز مەنىسى «ئەركىن قۇرغۇچىلار» دېگەن بولىدۇ. ئەمما ئىستېمالدا «دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋەيران قىلغۇچ، يۇشۇرۇن، تېرورچى ۋە ئىنتىزامچان بىر يەھۇدىي تەشكىلاتىدۇر.» بۇ تەشكىلات ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئوخشىغان قايمۇقتۇرۇش خاراكتېرلىك شۇئارلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ دىنسىزلىق، ھالال-ھارامنى ئايرىماسلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تەرەپلىرىگە چاقىرىدۇ. تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە دۇنيادىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، سىر ساقلاشقا ۋەدە بەرگەن ئىشەنچلىك كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دۇنياۋىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قورۇش (ئۇلارنىڭ دەۋالىرىغا ئاساسەن) نىڭ باشلانغۇچى سۈپىتىدە توپلىنىش، پىلان تۈزۈش، ۋەزىپە بېرىش ئىشلىرى ئۈچۈن كېڭەش يىغىنلىرى ئويۇشتۇرىدۇ. دۇنياۋىي دىنسىز ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا دائىر مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەنپەئەت ۋە پۇرسەتپەرەستلىكنى ئاساس قىلىدۇ.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

¤ ماسونلىق روما پادىشاھى ھېرودوس ئەكرىيبا (مىلادىي44-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. بۇ خۇسۇستا رەئىس مۇئاۋىنى ھەيران ئاپىئۇد ۋە بىرىنچى سىردىشى مۇئاب لامىيلاردىن ئىبارەت ئىككى يەھۇدىي مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان.

¤ ماسونىيلىق دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا ھىلە، تۇزاق، تەھدىدكە ئوخشىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا ۋەھىمە، قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار بەلگۈلەر ۋە ئىسىملارنى تاللاپ ئىشلەتكەن. مەجلىسلىرىگە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكىلى، دېگەن گۇماننى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن «ئىرۇسالىم ھەيكىلى» دەپ ئىسىم قويغان.

¤ ھاخام لاكوئەز مۇنداق دەيدۇ: «ماسونىيلىق تارىخى، دەرىجىلىرى، تەلىماتلىرى، ئاشكارا- يۇشۇرۇن سۆزلىرى بويىچە باشتىن ئاخىر بىر يەھۇدىي تەشكىلاتتۇر..»

www.munber.org

¤ ئوتتۇرىغا چىقىش تارىخى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار بولۇپ، سەۋەبى ئۇنىڭ قاتتىق مەخپىي بولغانلىقىدۇر. ئەمما كۆچلۈك قاراشلارغا كۆرە ئۇ مىلادىيەنىڭ 43-يىلى ئاشكارا بولغان.

¤ يوشۇرۇن كۈچ، دەپ ئاتالغان بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى خرىستىيانلارنى يوقىتىش، ئۇلارغا سۇيىقەست قىلىش، سۇرگۈن قىلىش ۋە دىنلىرىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

¤ تەسىس قىلىنىش دەۋرىدە «يوشۇرۇن كۈچ» دەپ ئاتالاتتى. بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە «ماسونلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ ھەرىكەت ئەركىن قۇرغۇچىلار جەمئىيىتى ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سىمۋول سۈپىتىدە پايدىلاندى. كېيىنچە ماسونىيلارغا بۇنىڭ ھەققىتى ئەمەس، ئىسمىلا قالغان بولدى.

¤ مانا بۇ ماسونلۇقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. ئەمما ماسونلۇقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى مىلادىيە 1770-يىلى دىننى ئىنكار قىلغان ۋە ماسونلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان گىرمانىيەلىك خرىستىيان ئادەم ۋېزھاۋپت ئارقىلىق باشلانغان. ئۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىتىدە ماسونلارنىڭ يېڭى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لاھىيە 1776-يىلى تاماملانغان. بۇ جەرياندا ئۆزلىرى مۇقەددەس سانايدىغان شەيتانغا قارىتىپ «نۇراني مەجلىس» نامىدىكى تۇنجى مەجلىسنى تەشكىللىگەن.

¤ ئالدىنقى قاتاردىكى سىياسەتچى ۋە مۇتەپەككۇرلاردىن ئىككى مىڭ كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ، «ئوتتۇرا شەرق مەجلىسى» نامىدىكى باش مەجلىسنى تەسىس قىلىپ چىققان. بۇ مەجلىستە ئۇ سىياسەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ماسونلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرۇپ قالىدىغان جەلىپكار شۇئارلارنى توۋلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى ئالداپ كەتكەن.

¤ مىرابو: فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىنىڭ بىرى.

¤ ماتزىنى: ئىتالىيەلىك بولۇپ، ۋېزھاۋتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىشلارنى ئىزىغا چۈشۈرگەن.

¤ ئامېرىكىلىق گېنېرال ئالبېرت مايك: ئەسكەردىن قوغلانغاندىن كېيىن بۇنىڭ دەردىنى ماسونلۇق ئارقىلىق خەلقتىن ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. ماسونلارنىڭ ۋەيران قىلغۇچ پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىجرا قىلىشقىمۇ قاتناشقان كىشى.

¤ لېئوم بلوم: فرانسىيەلىك بولۇپ، بويۇنتاۋلىقنى تارقىتىشقا مەسئۇل بۇ كىشى شەھۋانىيلىقىدا مىسالى بولمىغان بىر كىتاب يېزىپ ئىسمىنى «ئۆيلىنىش» دەپ قويىدى.

¤ يەھۇدىي كودەر لوس: «خەتەرلىك مۇناسىۋەتلەر» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.



www.munber.org

⌑ لاف ئېردىگ: بۇ كىشى 1865-يىلى ئەلچ شەھرىدە چاقىرىلغان ماسونلار قورۇلتىيىدا گېرمان، ئىسپان، روس، ئىنگلىز، فرانسۇز ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئوقۇغۇچىلار گورۇپپىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، «ئىنسان ئىلاھنىڭ ئۈستىدىن غالىب كىلىشى، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېچىشى، ئاسمانلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنى قەغەز مىسالى مىجىقلىۋېتىشى لازىم» دېگەنلەرنى ئېلان قىلغان.

⌑ ماتسىنى جوسەپپى (1805-1872م).

⌑ ئۇلارنىڭ يەنە جىين جاك روسسو، ۋولتېر (فرانسىيەدە)، جورجى زەيدان (مىسىردا)، كارل ماركس ۋە ئىنگلىز (روسسىيەدە)قا ئوخشىغان ئاساسلىق ئادەملىرىمۇ بار. كېيىنكى ئىككىسى ئىنگلىز مەجلىسىگە مەنسۇپ، ئوتتۇز بىرىنچى دەرىجىلىك ماسونلاردىن بولۇپ، ئۇلار يۇشۇرۇن ماسونلۇقنى ئىدارە قىلغانلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەشھۇر كومىنىستىك باياناممىسى ئېلان قىلىنغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

⌑ ئاللاھنى، پەيغەمبەرلىرىنى، كىتابلىرىنى ۋە بارلىق غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەخمەقلىق، خۇراپاتلىق، دەپ قارايدۇ.

⌑ دىنلارنى مۇنقەرز قىلىش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

⌑ قانۇنلۇق ھۆكۈمەتلەرنى يىقىتىش، دۆلەتتىكى مىللىي تۈزۈملەرنى يوق قىلىش ۋە بۇ ئۆلكىلەرنى كونتروللىقى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش.

⌑ جىنسى ئالاقىلەرنى نورمال ھالغا كەلتۈرۈپ، كونتروللۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئاياللارنى ئىشلىتىش.

⌑ يەھۇدىي بولمىغان مىللەتلەرنى پارچە- پارچە كوللىكتىپلار شەكلىدە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىزچىل ھالدا بىر-بىرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش.

⌑ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز- ئارا توقۇنۇش پىلانىنى تۈزەش.

⌑ بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە تەپرىقچىلىق زەھەرلىرىنى چېچىش، ئېرقچى ئاز سانلىق تائىپىلەرنىڭ روھىنى ئويغىتىش.

⌑ ئەخلاقىي،پىكرى ۋە دىنىي پرىنسىپلارنى بۇزۇپ تاشلاش، قالايمىقانچىلىق، چۈشكۈنلۈك، تېرور ۋە دىنسىزلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش.

www.munber.org

¤ ئۇمۇمەن ھەممە كىشىنى، خۇسۇسەن سەزگۈر نۇقتىلاردىكى كىشىلەرنى پارا، ئايالغا ئوخشىغان تۈزاقلار بىلەن ئوۋلاپ، ماسونلۇق خىزمەتلىرىگە كىرىشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش. ئۇلارنىڭ قارىشىچە غايىگە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاستە رەزىللىك ھېسابلانمايدۇ.

¤ ئۇلارنىڭ ئارقانلىرىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىنى تور بىلەن ئورىۋېتىش ۋە ئۇنى چوڭ- كىچىك بارلىق بۇيرۇقلىرىغا بىرمۇ بىر بويسۇندىغان، ئىجرا قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش.

¤ ئۇلارغا قېتىلماقچى بولغان كىشىنىڭ بارلىق دىنىي، ئەخلاقىي،مىللىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، مېھىر ۋە مۇھەببىتىنى يالغۇز ماسونلارغىلا قارىتىش شەرت قىلىنىدۇ.

¤ ئەگەر بىر كىشى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئويغۇن ئىش قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ سەتچىلىكتىن بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەقدىرى ئۆلۈم بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

¤ پايدىلىنىپ بولۇپ، ھېچقانداق ھاجىتى چۈشمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان بارلىق كىشىلەردىن قورتۇلۇش ئۈچۈن مۇمكىن بولىدىغان ھەر قانداق ۋاستىنى قوللىنىدۇ.

¤ ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنىڭ ئىجرائىيىە ئىشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دۆلەتلەرنىڭ رەئىسلىرىنى تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

¤ پائالىيەتلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن ھەر خىل كەسىپتىكى ئاساسلىق كىشىلەرنى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىش.

¤ تەشۋىقات، گېزىت، تارقىتىش ۋە ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئىنتايىن زور كۈچكە ئىگە ۋەيران قىلغۇچ قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش.

¤ جامائەتچىلىكنىڭ زېھنلىرىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش، ئالدىلىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن يالغان، توقۇلما خەۋەرلەرنى تارقىتىپ ئۇنى ھەقىقەتتەك كۆرسىتىش.

¤ ياش قىز- يىگىتلەرنى رەزىللىكلەرنىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىشكە چاقىرىش، ئۇنىڭ شارائىتلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش، مەھرەملىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى نورمال كۆرسىتىش، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

¤ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىيارى توغۇت كونتروللىقىغا چاقىرىش ۋە نوپۇس كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىش.

www.munber.org

¤ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى، خەلقئارا كۆزىتىش ئۆيى، دۇنيادىكى ئوقۇغۇچىلار، ياش ئوغۇل- قىزلار تەشكىلاتلىرىغا ئوخشىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا بىرەر ماسوننى باشلىق قىلىپ بىكىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كونتروللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

¤ ئۇلار ئۈچ سىنىپ بويىچە تۈپلىنىدۇ:

- كىچىك كۆرلەر: يەنى ماسونلار.

- پادىشاھلىق ماسونلىقى: بۇ سىنىپقا دىنى، ۋەتىنى، مىللىتىنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنى يەھۇدىيلىققا ئاتىغان كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ. بۇ سىنىپتىن كېيىن چىرچىل ۋە بلفورغا ئوخشاش ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرىجىگە نامزات بولۇش ھەققىگە ئېرىشىدۇ.

- دۇنياۋىي ماسونلۇق: بۇ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە بولۇپ، بارلىق ئەزالىرى يەھۇدىيلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇلار پەقەت بىر قانچە كىشىدىن تەركىپ تاپىدۇ. ئۇلار ئىمپىراتورلار، پادىشاھ ۋە رەئىسلەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار بۇلارغا ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ، قارار تەستىقلىتىدۇ. ھىرتزلغا ئوخشىغان سەھيۇنىيلارنىڭ بارلىق كاتتىۋاشلىرى دۇنياۋىي ماسونلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دۇنيانىڭ خەرىتىسىنى سىزىدۇ.

¤ يېڭى ئەزا قورقۇنچلۇق، غەلىتە ۋە سىرلىق بىر خىل شەكىلدە قوبۇل قىلىنىدۇ: رەئىسنىڭ ھۇزۇرىغا كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا ئېلىپ كىلىنگەن ئەزا مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچىدۇ-دە، قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىگە دۈچ كىلىدۇ. بويىنىدا قىلىچ، ئىككى قولىدا كونا ئەھد كىتابى... ئەتراپىدا يېرىم قاراڭغۇ ھالەتتىكى خانە، خانىدە ئىنسانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە ياغاچتىن ياسالغان گىئومىترىيەگە دائىر قۇراللار... بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئەزانىڭ قەلبىنى قورقۇنچ بىلەن توشقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىشلاردىن ئىبارەت.

¤ ماسونلار بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك «يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى ئوۋ سايمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سىياسەتچىلەرنى ئوۋلايدۇ، سىياسەتچىلەر ئارقىلىق نادان خەلق ۋە مىللەتلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ.»

¤ ماسونلۇق ئىسلام ئۇممەتلىرى دۇچ كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى بولدى. دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىنقىلابلارنىڭ ئارقىسىدا تۇردى: ئۇلار ئىسلام خەلىپىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى ھوقۇقتىن ئېلىۋېتىش قاتارلىقلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا بولغىنىدەك، فرانسىيە، بولشۇۋىك ۋە بىرتانىيە ئىنقىلابلىرىنىڭمۇ ئارقا پىلانىدا يەر ئالدى.

www.munber.org

¤ ماسونلارنىڭ ھەقىقەتلىرى ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن تەدرىجى ھالدا يەنى بىر مەرتىۋىدىن يەنە بىر مەرتىۋىگە ئۆرلىگەن چاغدا ئېچىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇز ئۈچ مەرتىۋىسى بار.

¤ دۇنيادىكى بارلىق ماسونلار بىر كىچىك سىركول ۋە بىر بۇرجەك شەكلىنى كۆتىرىپ يۈرىيدۇ. بۇ ئىككىسى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇددۇستىكى مۇقەددەس ھەيكەلنى ياسىغان چاغدىن تارتىپ ئىككى ئاساسلىق ئۈسكۈنە بولغانلىقى ئۈچۈن ماسونلار بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ لوگوسى قىلغان.

¤ ماسونىيلار «كائىناتنىڭ بۈيۈك ئىنژىنىرى» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىشارە قىلىدى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار ھەيكەلنىڭ ئىنژىنىرلىقىنى قىلغان «ھەيراما»نى كۆزدە تۇتىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كائىنات.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

¤ ماسونلۇق تايىنىدىغان پىكىر سىستېمىسى، غايە، ۋاستە ۋە تەپەككۇر پەلسەپىسى نوقتىسىدىن يەھۇدىيلارغا تۇتىشىدۇ. يەنى باشتىن ئاخىرىغا قەدەر يەھۇدىيلارنىڭ مىلىدۇر. ئۇلارنىڭ دىن ۋە ئەخلاقلارنى ۋەيران قىلغۇچى ھەرىكەتلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ماسونلار ئىسلام خەلىپىلىكىنى يىقىتىشتا تۈركىيەدىكى ئىتتىھاد ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق غەلىبە قازاندى. يەنە يەھۇدىيلار ماسون مەجلىسلىرى ئارقىلىق سۇلتان ئابدۇلھەمىيد ئىككىنچىدىن پەلەستىن زېمىنىنى تەلەپ قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما سۇلتان بۇ تەلەپنى رەت قىلدى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). 1965-يىلى ماسونلارنىڭ ئىسرائىلىنىڭ ھېسابىغا جاسۇسلۇق قىلغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مىسىردىكى مەجلىسلىرى تاقىۋېتىلدى.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

¤ تارىخ ماسونلۇقتىنمۇ مەخپىي، تەسىر جەھەتتە كۈچلۈك بىر تەشكىلاتنى كۆرۈپ باقمىغان. ماسونلۇق يەھۇدىي پىكرىنى چىقىش قىلغان ئەڭ خەتەرلىك ۋەيران قىلغۇچ مەزھەپلەرنىڭ بىرى.

www.munber.org

¤ بەزى تەتقىقاتچىلار ماسونلارنىڭ ئاپپاراتىدا ئاجىزلىق ئامىللىرىنىڭ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقىنى، تەپەككۇر ۋە تەۋەلىك ئۇسۇللىرىنىڭ قەدىمقى رەڭدارلىقى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

تۆۋەندىكىلەردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ماسونلار بارلىق دىنلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، دىنىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋەيران قىلىشقا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىشكە، بارلىق شەرىئەت، قانۇن ۋە تۈزۈملەردىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. سەھيۇن ھۆكۈمدارلىرى ئۇنى تىلمۇد ۋە دەستۇرلىرىنىڭ غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئۇنىڭغا رەڭ بەرگەن ۋە پارلاپ تۇرغان شۇئارلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرغان. مۇسۇلمانلاردىن كىمكى ئۇنىڭغا ئەزا بولسا، ئۇلارغا بىلدۈرگەن تائىتىگە ئاساسەن ئۇ ياكى ئازغۇندۇر ياكى توغرا يولدىن چىقىپ كەتكۈچىدۇر ۋەياكى كاپىردۇر.

ئەزھەرنىڭ پەتىۋا كومىتىتى ماسونلار ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق لىيۇنز، روتارىيغا ئوخشىغان كۇلۇبلار توغرىسىدا پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تۈردىكى كۇلۇبلارغا ئەزا بولۇشى ھارامدۇر. مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىق چاقىرغان، ۋاقىرىغاننىڭ ئارقىسىدىن كىتىۋىرىدىغان ماقۇلچان بولماسلىقتۇر. بەلكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى «سىلەرنىڭ بىرىڭلار: كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق قىلىمەن، يامانلىق قىلسا يامانلىق قىلىمەن، دەيدىغان ماقۇلچان بولمىسۇن، لېكىن، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق قىلىشنى، يامانلىق قىلسا ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرۇشنى نەپسىڭلارغا يەرلەشتۈرۈڭلار» دېگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئالدىنىپ كەتمەي، سەگەك تۇرۇش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس كۇلۇبلىرى بولۇشى، ئۇنىڭ ئاشكارا مەقسەت ۋە غايىلىرى بولۇشى لازىم. ئىسلامنىڭ بىز ئەنسىرەيدىغان، يوشۇرۇپ قالىدىغان نەرسىلەر يوق. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر.

ئابدۇللاھ ئەلمۇشد

ئەزھەر پەتىۋا كومىتىتى رەئىسى

¤ دۇنيا ئىسلام بىرلىكىگە قاراشلىق فىقھىي ئاكادېمىيىسى يەنە بىر پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلىدۇ:

www.munber.org

-«ئاكادىمىيەنىڭ ئەزالىرى بۇ خەتەرلىك تەشكىلات ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ باردى، بۇ تەشكىلات توغرىسىدا يېزىلغان كونا- يېڭى ئەسەرلەرنى، ئەزالىرى تەرىپىدىن يېزىلغان، تارقىتىلغان ھۆججەتلىرىنى، بەزى ئەسەرلەردىكى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نوقتىلارنى، ئۇلارنىڭ تىلى بويىچە سۆزلەيدىغان ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرنى كۆرۈپ چىقتى.

- كۆرۈپ چىقىلغا يېزىق ۋە تېكىستلەر توپلىمىدىن ئاكادىمىيە ئۇچۇن تۆۋەندىكى نوقتىلار شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى:

1- ماسونلار مەخپى تەشكىلات بولۇپ، زامان ۋە ماكانىنىڭ شارائىتىغا قاراپ تۈزۈملىرىنى بەزىدە ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن تۇتىدۇ. ئەمما ھەقىقىي پرىنسىپلىرى بارلىق ئەھۋالدا يۇشۇرۇنلۇقنى ئاساس قىلىدۇ، پائالىيەتلىرىنى نۇرغۇن قېتىملىق تەجرىبىلەردىن ئۆتۈپ، يۇكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن ئالاھىدە ئەزالىرىدىن باشقا بارلىق كىشىلەردىن مەخپى تۇتىدۇ.

2- ماسونلار زېمىن يۈزىدىكى بارلىق ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈشلىرىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. غاپىللارنى قايمۇقتۇرۇش ئۇچۇن تەشكىلاتىغا كىرگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ئەقىدە، پىرقە ۋە مەزھەپلەرنى ئايرىمايلا ئىنسانىي قېرىنداشلىق مۇئامىلىسىدە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

3- تەشكىلاتىغا قوشۇۋېلىشنى ئويلىغان كىشىلەرنى «زېمىنىنىڭ قايسى يېرىدە بولسا بولسۇن بىر ماسون قېرىنداش يەنە بىر ماسون قېرىنداشقا ياردەم قىلىدۇ. ئېھتىياجلىرىنى قامداش، مەقسىتىگە يېتىش ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ھەمدەم بولىدۇ، ئەگەر سىياسىي ئارزۇسى بار بىرسى بولسا ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ، ئەگەر بىرەر كىرزىسقا دۇچ كېلىپ قالسا باتىلدا ئەمەس، ھەقىقەت بابىدا قىلغان ياردىمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ياردەم قىلىدۇ» دېگەن ئاساسلار بويىچە شەخسى مەنپەئەتلەرگە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق جەلپ قىلىدۇ. بۇ، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مەركەزلەردىكى كىشىلەرنى ئۇۋۇلاشتىكى ئەڭ چوڭ قىزىقتۇرۇش بولۇپ، ئۇلاردىن خېلىلا قىممەتكە ئىگە پۇل ئالىدۇ.

4- ئۇنىڭغا كىرىش مەرتىۋىدىكى زەنجىرسىمانلىق شەكلى بويىچە ئۇنىڭ ئۇچۇن چىقىرىلغان قارار ۋە بۇيرۇقلارغا خىلاپلىق قىلغاندا ئەزانىڭ قورقۇشى ئۇچۇن تەھدىد تۈسىنى ئالغان شەكىللەر ئاستىدا يېڭى ئەزا قوشۇش مۇراسىمى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

5- يىراقنى ئويلىمايدىغان ئەزالار بولسا دىنىي ئىبادەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ئەركىن قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە شۇلارغا ئويغۇن كېلىدىغان دائىرىدىكى ۋەزىپە ۋە كۆرسەتمىلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى مەرتىۋىدە قېلىۋېرىدۇ. ئەمما دىنسىزلار ياكى دىندىن چىقىشقا تەييار كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى تەجرىبە ۋە تەكرار سىناشلار



www.munber.org

نەتىجىسىدە تەدرىجى ھالدا خەتەرلىك پرىنسىپ ۋە پىلانلىرىغا خىزمەت قىلىشقا بولغان ھازىرلىقلىرىغا كۆرە ئۆسىدۇ.

6- ماسونلار سىياسىي غەرەزگە ئىگە تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىنقىلابلارنىڭ، قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قولى بار.

7- ئۇ ئەسلى ۋە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى ئىلىپ ئېيتقاندا يىلتىزىمۇ، يۇقىرىقى دەرىجىلىك ئىدارە ئورگىنىمۇ يەھۇدىينى مەنبە قىلغان، خەلقئارا سەۋىيىدە مەخپى پائالىيەت ئىلىپ بارىدىغان سەھيۇنى ھەرىكىتىدۇر.

8- ئۇنىڭ ھەقىقىي يوشۇرۇن غايىسى بارلىق دىنلارغا قارشى تۇرۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇلارنى، خۇسۇسىي جەھەتتىن ئىسلامنى يوقىتىش.

9- ماسونلار ئۆزگە مەنسۇپ قىلماقچى كىشىلەرنى مالىيە، سىياسەت، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ساھەرلەردە نۇپۇزى بار ياكى ئۆز جەمئىيەتلىرىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەر قانداق ساھەدە نۇپۇزى بار كىشىلەرنى تاللاشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن پادىشاھلارنى، رەئىسلەرنى، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەرنى قوشۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ.

10- ئەگەر بىرەر جايدا ماسون دېگەن ئىسىم بىلەن قارشىلىققا ئۇچرىسا، ئوخشىمىغان ئىسىملار ئاستىدا پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بورۇۋېتىدىغان ھەر خىل ئىسىملارنى قوللىنىپ قۇرغان شۆبىلىرى بار. ئەنە شۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان شۆبىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىقلىرى روتارىي ۋە لىيونىز تەشكىلاتلىرىدۇر. بۇلاردىن باشقا ئىسلامنىڭ قائىدە- پرىنسىپلىرىغا پۈتۈنلەي زىت، قارشى كېلىدىغان رەزىل پائالىيەت ۋە پرىنسىپلىرى بار.

ماسونلارنىڭ يەر شارىدىكى يەھۇدىي سەھيۇنلىرى بىلەن كۈچلۈك ئالاقىسىنىڭ بارلىقى ھەممەيلەنگە ناھايىتى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەلەستىن مەسىلىسىدە ۋە بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ زور ئاقىۋەتلەرنى يەھۇدىيلار ۋە دۇنيا سەھيۇنلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ماس ھالدا بىتەرەپ قىلىشتا ئەرەب ئەللىرى ۋە باشقا جايلاردىكى مەسئۇللارنىڭ كۆپىنچىسىنى تەسىر دائىرىسىگە ئىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

ماسونلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا تەپسىلى مەلۇماتلار، ناھايىتى زور ھەجىمدىكى خەتىرى، پەسكەش شەكىلدىكى بورمىلاشلىرى ۋە دۈشمەنلەرچە غايىلىرى سەۋەپلىك فىقھىي ئاكادىمىيىسى ماسونلارنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەڭ خەتەرلىك ۋەيران قىلغۇچ تەشكىلاتلارنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ

www.munber.org

ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى، مۇددىئالىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەزا بولغانلار ئىسلامنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ ئەھلىدىن يىراقلاشقان بولىدۇ.

مۇۋەپپەق قىلغۇچى ئاللاھدۇر

رەئىس: ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد. سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك قازىلار مەجلىسىنىڭ رەئىسى.

مۇئاۋىن رەئىس: مۇھەممەد ئەلى ئەلھەركان. دۇنيا ئىسلام بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى.

ئەزالار: ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز. ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا ئىدارىسىنىڭ باش رەئىسى

مۇھەممەد مەھمۇد ئەسسەۋۋاف

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- لوئىس شىيخو: السر المصون في شيعة الفرمسون- 1912م.
- يۇسۇف ئەلھاج: هيكل سليمان- 1934م.
- گىنىرال رەفئەت ئەتىلخان: أسرار الماسونية.
- ئابدۇللاھ ئەننان: تاريخ الجمعيات السرية والحركات الهدامة.
- ئەھمەد ئابدۇلغەفۇر ئەتتار: الماسونية.
- جورجى زەيدان: تاريخ الماسونية العام.
- د.مۇھەممەد ئەلى ئەززەئبىي: حقيقة الماسونية.
- ئىۋەز خوريي تەرجىمىسى: أصل الماسونية.
- ۋىلىيام كار: الدنيا لعبة إسرائيل.
- سەئىيد جەزائىريي تەرجىمىسى: أحجار على رقعة الشطرنج.
- ساموئىل روس: اليهود يجب أن يعيشوا.
- جان مىينو: القوة الخفية التي تحكم العالم.
- د.ئابدۇرراھمان ئۇمەيرە: المذاهب المعاصرة.

www.munber.org

- ئەبۆ ئیسلام ئەهمەد ئابدۆللاه: الماسونية في المنطقة 245.
- ئەبۆ ئیسلام ئەهمەد ئابدۆللاه: الماسونية سرطان الأمم.
- د.ئابدۆللاه سەمەك:الماسونية العالمية في ميزان الإسلام.

www.munber.org

# سەھيۇنىزم

## ئىنقىلما:

«سەھيۇنىزم» (يەھۇدىي قىساسچىلىرى) پەلەستىن زېمىنىدا يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى ۋە بۇ ۋاستە بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنى مەقسەت قىلغان سىياسىي، ئىرقچى ۋە رادىكال ھەرىكەتتۇر. سەھيۇن سۆزى قۇددۇستىكى سەھيۇن تېغىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئونىنچى ئەسىردە داۋۇد ھېبرون (ھازىرقى خەلىل)دىن بەيتۇلمۇقەددەسكە كۆچكەن چاغدا ئۆزىنىڭ قەسرىنى بۇ جايغا تىكلىگەن. بۇ ئىسىم داۋۇد پادىشاھلىقىغا ۋە سۇلەيماننىڭ ھەيكىلىنى يېڭىدىن بىنا قىلىپ قۇددۇسنى ئۇنىڭ پايتەختى قىلىشقا ئىشارە قىلىدۇ.

يېقىنقى زامان سەھيۇنى ھەرىكىتى سەھيۇنىيلىق پىكرىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى تۈنجى داھىسى سانىلىدىغان ئاۋىستىرىيەلىك يەھۇدىي ھېرتزلىنىڭ شەخسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۇنيادىكى سەھيۇنىيلار ھەرىكىتى ئۇنىڭ قاراشلىرى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

## قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✲ خەلقئارا سەھيۇنىزمنىڭ تارىخى، پىكرى ۋە سىياسىي يىلتىزلىرى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى تەقەززا قىلىدۇ:

- «سەھيۇن» ئىبارىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-960-يىللىرى ئارىسىدا ئۆز پادىشاھلىقىنى تەسىس قىلغان داۋۇدقا نازىل قىلىنغان كونا ئەھدىتە بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

- مۇكابىيلەر ھەرىكىتى: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 586-538-يىللىرى بابىل ئاسارىتىدىن قايتىش ھارپىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى غايىسى سەھيۇنغا قايتىش ۋە سۇلەيمان ھەيكىلىنى بىنا قىلىش ئىدى.

- باركوھابا ھەرىكىتى (118-138م): بۇ يەھۇدىي يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىياتنى ئويغىتىش ۋە پەلەستىنگە توپلىنىپ، ئۇ يەردە يەھۇدىي دۆلىتى تەسىس قىلىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈردى.

- گىرتلى موزەس ھەرىكىتى: باركوھابا ھەرىكىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.



www.munber.org

- تۇرغۇنلۇق مەزگىلى: يەھۇدىيلارنىڭ بېسىمغا دۇچ كېلىشى ۋە چېچىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك يەھۇدىيلار پائالىيىتىدە تۇرغۇنلۇق يۈز بەرگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەھۇدىيلاردىكى مىللىي ھېسسىيات ئاجىزلىماي داۋام قىلىپ كەلدى.

- داۋىد روبېن ۋە ئوقۇغۇچىسى مولوخ ھەرىكىتى (1501م-1532م): بۇلار ئىسرائىل پادىشاھلىقىنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى چوقۇم پەلەستىنگە قايتىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

- مونشە ئىبنى ئىسرائىل (1604-1657م): سەھيۇنىست پىلانلارنىڭ دەسلەپكى تۇخۇمى. ئۇ، سەھيۇنىست غايىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يولىدا ئەنگلىيەنى ئىشقا سېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزگەن.

- سەباتاي سەۋى (1626-1676م) ھەرىكىتى: ئۆزىنى يەھۇدىيلارنىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ سايىسىدا يەھۇدىيلار پەلەستىنگە قايتىشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئۆلگەن ئىدى.

- روچىيلد ۋە مۇسا مونتەفىري باشچىلىقىدىكى بايلار ھەرىكىتى: مەقسەت، تۈنجى قەدەمدە پەلەستىندە زېمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەھۇدىي تۇرالغۇلىرىنى قۇرۇش، ئارقىدىن يەھۇدىي دۆلىتىنى رويابقا چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

- مۇستەملىكە ئىدىيىسى ھەرىكىتى: بۇ ھەرىكەت 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەلەستىندە يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرغان.

- 1882-يىلى روسىيەدە يۈز بەرگەن يەھۇدىي قەتلىئامىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان زوراۋان يەھۇدىي ھەرىكىتى: بۇ مەزگىلدە گېرمانىيەلىك ھېيكلېر «پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە كۆرە يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە قايتىشى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى.

- مىلادى 1893-يىلى گېرمانىيە يازغۇچىسى ناسان بېرنبائوم تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم سەھيۇنىزم (Zionism) ئاتالغۇسى ئىستېمال قىلىنغان.

- 1882-يىلى روسىيەدە تۈنجى بولۇپ «سەھيۇن سۆيگۈسى» نامىدىكى بىر ھەرىكەت ئوتتۇرىغا چىققان، ھەرىكەتنىڭ ھىمايىچىلىرى «سەھيۇن يېقىنلىرى» ئىسمىدىكى ئولتۇرۇشلار بويىچە توپلىنىپ تۇرغان. بۇ ھەرىكەت 1890-يىلى «سۇرىيە ۋە پەلەستىندىكى دېھقان ۋە سانائەتچى يەھۇدىيلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» نامى ئاستىدا ئېتىراپ قىلىنغان. بۇ جەمئىيەتكە ليون بىنسكر باشچىلىق قىلاتتى. بۇ ھەرىكەت پەلەستىنگە ھىجرەت قىلىش ۋە ئىبرانى تىلىنى تىرىلدۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

- ئاۋستىرىيەلىك يەھۇدىي ژۇرنالىست تيودور ھېرتزلغا مەنسۇپ يېقىنقى زامان سەھيۇنىزم ھەرىكىتى: ھېرتزل 1860-يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنى بوداپېشتتا دۇنياغا كەلگەن، 1878-يىلى ۋېيەننا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ھوقۇق ئىلمى دىپلومىنى ئالغان.



www.munber.org

ئۇنىڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق غايىسى پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قورۇشنى باشلانغۇچ قىلىپ تۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بۇ خۇسۇستا سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئىككىنچى بىلەن ئىككى قېتىم سودىلىشىشقا تىرشقان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ دۇنيا يەھۇدىيلىرى سۇلتاننى يىقىتىش ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان.

- ھېرتىزل 1897-يىلى فرانسىيەلىك يەھۇدىي ئوفىتسېر دريفوسنىڭ فرانسىيەدىن گېرمانىيەگە ھەربى مەلۇماتلارنى يوللاپ بەرگەنلىك خىيانىتى بىلەن (1894م) سوتقا تارتىلىشىدىن پايدىلىنىپ، تۇنجى قېتىملىق خەلقئارا سەۋىيىدىكى سەھيۇنىستلار قورۇلتىيىنى چاقىردى. ئوفىتسېر كېيىن ئاقلاندى. ھېرتزلمۇ بۇ يەككە شەكىلدىكى بىر ۋەقەنى يەھۇدىيلارنىڭ تىرادىگىيىسى، دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشتى. ھېرتزل «يەھۇدىي دۆلىتى» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى نەشىر قىلدۇردى. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا خېلى كۆپ ساندا قوللىغۇچى ھازىرلاپ بەردى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ 1897-يىلى 8-ئاينىڭ 29- 31-كۈنلىرى ئارىسىدا شىۋىتسىيەنىڭ بالى شەھىرىدە بىرىنچى قېتىملىق سەھيۇنلار قورۇلتىيىنى چاقىرىشىنىڭ ئىلھامى بولدى. ئۇ بۇ قۇرۇلتاي ھەققىدە ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەندىن ئەگەر قۇرۇلتاينىڭ پائالىيەتلىرىنى خۇلاسىلەش تەلەپ قىلىنىپ قالسا، مەن ھەممەيلەننىڭ قولىقىغا ”مەن يەھۇدىي دۆلىتىنى ئاللىقاچان قۇرۇپ بولدۇم“ دەيمەن، بەلكى ۋاقىرايمەن». ئۇ دۇنيا يەھۇدىيلىرىنى ئەتراپىغا توپلاشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. شۇنىڭدەك ئۇ دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ خەتەرلىك قارارلىرى دەپ تونۇلغان «سەھيۇن ھۆكۈمدارلىرى دەستۇرلىرى» نى ئوتتۇرىغا چىقارغان يەھۇدىيلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىرىنى توپلاشتىمۇ نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ دەستۇر يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن مۇقەددەس كىتابلىرىنى چىقىش قىلغان ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ سەپلىرىنى مۇقىملاشتۇردى، ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەزگۈرلۈك، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان بولدى؛ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىگە روشەن كۆرۈنىدىغان ئەھۋالغا كەلدى.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

✽ سەھيۇنىزم ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن مۇقەددەس كىتابلاردىن ئالىدۇ. سەھيۇنىزم ئۆزىنىڭ پىكىرىنى «سەھيۇن ھۆكۈمدارلىرى دەستۇرى» دا ئوتتۇرىغا قويغان.

(ئۇلارنى تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:-ت)

www.munber.org

✽ سەھيونىزم پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىيلىرىنى ئىسمى ئىسرائىل بولغان بىرلا دۆلەتنىڭ پۇخراسى، دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

✽ سەھيونىيلار، ئىلاھلىرى يەھۇۋا ۋەدە قىلغاندەك يەھۇدىيلارنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ، نىل دەرياسىدىن فۇرات دەرياسىغىچە سوزۇلغان ۋەدە قىلىنغان زېمىندا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنى روياپقا چىقىرىشنى چىقىش قىلىدۇ.

✽ يەھۇدىيلارنىڭ تاللانغان بىر ئىرق ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەپلىك دۇنياغا ھۆكۈم قىلىش ھەققىنىڭ بارلىقىغا، باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

✽ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ساغلام يولى قورقۇتۇش ۋە زوراۋانلىقنى چىقىش قىلغان بىر سىستېما قۇرۇپ چىقىش.

✽ جامائەتچىلىككە ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن سىياسىي ئەركىنلىكنى چەكلىمىسىز شەكىلدە خىزمەت قىلدۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى تۈزىقىمىزغا چۈرۈش ئۈچۈن قانداق يەملەرنى بېرىشىمىزنى بىلىشىمىز لازىم.

✽ دىن ھۆكۈمران بولىدىغان دەۋر ئاخىرلاشتى، دەۋرىمىزدە پۇلنىڭ ۋە سىياسەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچكە ئىگە، بىزنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشىمىزنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇل ۋە سىياسەتنى بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق قولىمىزغا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

✽ سىياسەت ئەخلاقنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭدا چوقۇم ھىلە-مىكىر ۋە رىيا بولۇشى لازىم. سەممىيەت ۋە پەزىلەت سىياسەتنىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە رەزىللىكتۇر.

✽ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، بالا تەربىيەلىگۈچى ۋە ئاياللار كۇلۇبلىرىغا ئوخشىغان يەرلەرگە بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرىمىزنى قويۇپ، كىشىلەرنى شەرتسىز شەكىلدە رەزىللىكلەر ئىچىگە چۆكتۈرىۋېتىشىمىز لازىم.

✽ غايىلىرىمىزگە خىزمەت قىلغانلا بولىدىكەن پارا، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەت دېگەنلەرنى ئىككىلەنمەستىن ئىشقا سېلىشىمىز لازىم، دەپ قارايدۇ.

✽ بىزگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قورقۇنچ سېلىشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بارلىق ئىسيان ۋە قوزغىلاڭنى ئىزىپ ئۆتۈپ كىتىدىغان قاتتىق قوللىقىمىز ئومۇملىشىپ كەتسىلا يېتەرلىك.

✽ خەلقنىڭ ئالدىنىشى، ئۇلارنىڭ زىيانلىرىنى كۆزلەيدىغان پىلانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا بىلمەستىن ياردەملىشىشى ئۈچۈن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىققا ئوخشىغان شوئارلارنى توۋلاپ تۇرۇشىمىز لازىم.

www.munber.org

✽ قولىمىزدىكى پۇل ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ كەسپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىمگە تايانغان ئاقسۆڭەكلىكنى تەشۋىق قىلىشىمىز، كۈچلەندۈرىشىمىز لازىم.

✽ باشلىقلارنى چاڭگىلىمىزغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ تەيىنلىنىش ئىشلىرىنى قولىمىزدا تۇتىشىمىز لازىم. ئۇلارنى تاللاش ئەخلاقىي سەۋىيلىرىنىڭ تۆۋەنلىكى، تەجرىبىسىزلىكى ۋە مەنسەپپەرەستلىكىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

✽ دۇنيانى بىز خالىغان تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاكتىپ كۈچ مەتبۇئاتقا هۆكۈمران بولۇشىمىز لازىم.

✽ هۆكۈمدارلار بىلەن خەلق، خەلق بىلەن هۆكۈمدارلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى كېڭەيتىۋېتىش لازىم؛ بۇنداق قىلغاندا رەهبەر هاسىسىنى يوقىتىپ قويغان قارىغۇغا ئوخشاپ قالىدۇ-دە، كۈرسىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىزدىن پاناهلىق سورايدۇ.

✽ بارلىق كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا خۇسۇمەت ئۆتلىرىنى يېقىشىمىز، هاكىمىيەتنى بارلىق كۈچلەر ئېرىشىشكە تىرىشىدىغان مۇقەددەس غايە ئورنىغا كۆتىرىشىمىز، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا، هەتتا هەر بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش ئوتلىرىنى يېلىنجىتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كۈچلەر ئاجىزلىشىدۇ، هۆكۈمەتلەر يېقىلىدۇ-دە، بىزنىڭ دۇنياۋي هۆكۈمەتلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ.

✽ زۇلۇم ئىچىدىكى كەمبەغەل خەلقلەرنىڭ يېنىغا ئۇلارنىڭ زۇلۇمدىن قۇتقۇزغۇچىلىرى، ئازات قىلغۇچىلىرى سۈپىتىدە بارىمىز-دە، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن سوتسىيالىزمچىلار، ئانارخىست، كومىنىست ۋە ماسونلاردىن ئىبارەت بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سەپلىرىگە قېتىلىشقا چاقىرساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاچارچىلىقتىن پايدىلىنىپ كۆپچىلىكنىڭ ئۈستىدىكى هۆكۈمرانلىقىمىزنى كۈچەيتىپ، قارشىمىزغا چىققانلارنى بىتەرەپ قىلىشتا ئۇلارنىڭ كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم.

✽ قانداقلا بولمىسۇن مونوپۇل قىلىۋالغان ئالتۇنلىرىمىز ئارقىلىق ئىقتىسادىي ساهەلەردىكى كىرزىسلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، هەممىنى ئۆزىمىزگە ئىتائەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

✽ بىز هازىر يۈشۈرۈن ۋاستىلىرىمىزنىڭ سايىسىدا ، ئەگەر بىر دۆلەت بىزگە هۇجۇم قىلسا، باشقا بىرى بىزنى قوغداش ئۈچۈن ئاتلانغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتىمىز.

www.munber.org

✽ «ئەركىنلىك» سۆزى كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن توقۇنۇشقا، ئۇنىڭ سۈننىگە قارشى تۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ھاكىمىيەتنىڭ قولىمىزغا ئۆتۈشى ئۈچۈن بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى جانلاندۇرۇشىمىز لازىم.

✽ بىزنىڭ مەخپى، تىپ- تىنچ ۋە كۈچلۈك شەكىلدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئەزالىرى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھېچكىم ۋەيران قىلىپ تاشلىيالمايدىغان يۇشۇرۇن كۈچىمىز بار. مانا بۇ جەمئىيەت ھۆكۈمدارلىرىنى خالىغان يەرگە يۆزلەندۈرشىمىزنىڭ كاپالىتى.

✽ كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى ئىمان دۆلىتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىدىكى ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماتېرىيالىستىك، ماتېماتىك قانۇنلارنى يەرلەشتۈرۈشىمىز لازىم؛ چۈنكى خەلق دېگەن ئىمان دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تىنچ، بەختلىك ياشايدىغان نېمە. كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنى ئوخشىمىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالدىراش قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار دۇنيا توقۇنۇش سەھنىسىدىكى ئەسلى دۈشمەنلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

✽ ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىزنىڭ خەزىنىمىزگە يۆتكەشتە ھەرقانداق ۋاستىلەرنى قوللىنىشىمىز لازىم.

✽ تۈيغۇلىرى تاشقا ئايلانغان، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي قىممەتلەردىن ئايرىلىپ قالغان دىن ۋە سىياسەتكە قارشى تۇرىدىغان جەمئىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز لازىم. ئۇ ھالدا بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ يالغۇز ئارزۇلىرى ماددى ھالاۋەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتلا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇلار ھەر قانداق شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەردىن ئاجىز كېلىدۇ، ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنى بىزنىڭ قولىمىزدا خار ھالدا ئۇچرىتىدۇ.

✽ كۈچ كۈرسىلىرى قولىمىزدا بولىدۇ، بارلىق ۋەزىپىلەرگە ھۆكۈمران بولىمىز، سىياسەت بىزنىڭ تەرەپدارلىرىمىزنىڭ قولىدا بولىدۇ، بۇ كۈچىمىز ئارقىلىق بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا قارشىمىزغا چىقىدىغانلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز كىشىلىرى ئارقىلىق يوق قىلىۋېتەلەيمىز.

✽ ھەر يەرگە تازىلاپ بولغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە پارچىلىنىش ئۇرۇقلىرىنى چاچتۇق. جەمئىيەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مىللىي مەنپەئەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تىپىشىشنى مەيدانغا كەلتۈردۇق، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتلىرىدە دىنىي ۋە مىللىي دۈشمەنلىك ئوتلىرىنى ياقتۇق، يىگىرمە ئەسىردىن بىرى شۇ خىل ئوتلارنى تۇتاشتۇرۇشقا كۈچىمىزنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قوشۇلماي تۇرۇپ ھېچقانداق دۆلەت يەنە بىر دۆلەت بىلەن بىرگە قارشى بىرلىشەلمەيدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قوزغاتقۇچ بىزنىڭ قولىمىزدا.

www.munber.org

❁ ئاللاھ بىزنى دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشىمىز ئۈچۈن تەييارلىدى، باشقا مىللەتلەردە تېپىلمايدىغان ئەۋزەللىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى بىزگە بەردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە دانالار بولغان بولسا ئىدى، بىزگە قارشى تۇرالىغان بولاتتى.

❁ بەزى قالايمىغان تۈيغۇلارنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى غايىلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىلكىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە ئۇنى بوغۇپ تاشلاشنىڭ ئورنىغا مەنپەئەتىمىزگە ئويغۇن ھالدا تەرجىمە قىلىشىمىز لازىم.

❁ جامائەتچىلىكنى ساغلام تەپەككۇر قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قىلىشىمىز لازىم. قايسى ۋەدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى، قايسىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانسىز ئىكەنلىكلىرىنى ئايرىيالمىغۇدەك ھالغا كىلىپ، بىزنىڭ يالغان باياناتلىرىمىزغا ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلەر سۈپىتىدە يېپىشىشلىرىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز كېرەك. بىز شۇنداق بىر ھەيئەت تەشكىللىشىمىز لازىمكى ئۇنىڭ ئەزالىرى خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارغا ۋەدىلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدىغان پارقىراق، ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلەشلىرى كېرەك. يەنە خەلقنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ سىياسەتنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ياخشىسى ئۇنى ئۆز ئەھلىگە تاشلاپ بېرىش قارىشىنى تارقىتىشىمىز لازىم.

❁ جەمئىيەتتە قارىمۇ قارشى پىكىرلەرنى كۆپەيتىمىز، ھېسسىيات ۋە شەھۋانىيلىقنى بىرىنچى پىلانغا قويىمىز.

❁ بارلىق دۆلەتلەرگە سۇزۇلغان ۋە پۈتۈن دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى ئىتائەت قىلىدىغان يۈكسەك ھۆكۈمەت ئىدارىسى قورۇپ چىقىمىز.

❁ سانائەت ۋە تىجارەتنى كونتروللىقىمىز ئاستىغا ئېلىشىمىز، كىشىلەرنى ھاكاۋۇر، ئىسراپخور ۋە بوشاڭلىق قاتارلىقلارغا ئادەتلەندۇرۇشىمىز، مائاشلارنى يۇقىرىلىتىپ، قەررنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە ئۆسۈمنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا بارلىق مىللەتلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سەجدە قىلغان ھالدا كىلىدۇ.

❁ كۆرۈنۈشتە قەلبىمىزدىكى سىرتقا چىقارماي، زۇلۇمغا قارشى تۇرغان، زالىملارنى ئەيىپلەپ، ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلغان بولىۋالىمىز.

❁ ئىنتايىن ئاز قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بارلىق مەتبۇئات بىزنىڭ قولىمىزدا. بىز ئۇنى خەلقنى تەسىرلەندۇرگۈدەك شەكىلدە قوللىنىمىز. خەلق مەتبۇئات سەۋەبى بىلەن ھەقىقەتلەردىن يىراق قالىدۇ، مەنپەئەتلىرىنى باشقا جايلاردىن ئىزدەيدۇ، ھەممىشە شەھۋەت ۋە لەززەت قوغلاپ، ئالدىراش ئۆتىدۇ.

❁ ھۆكۈمدارلار بىزنىڭ پەرمانلىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلىشقا خىيلىلا ئاجىزلىق قىلىدۇ؛ چۈنكى ئۇلار تۇرمە ياكى تۇيۇقسىزلا يوق بولۇپ كىتىشنىڭ ئۇلارنىڭ

www.munber.org

ئىچىدىن چىققان ئىسيانكارلارنىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزگە قاتتىق ئىتائەت قىلىدۇ، مەنپەئەتلىرىمىزنى بار كۈچلىرى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ.

* پىلانلىرىمىزنىڭ مۇددەتتىن ئىلگىرى ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ۋە ۋاقتىدىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمىز.

* ئۆزىمىز خالىغان كىشىلەرنى ھوقۇق بېشىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاۋاز بېرىش ۋە مۇتلەق كۆپ سانلىق سىستېمىسىنى بىز يولغا قويدۇق. ئەلۋەتتە جامائەت پىكرىنى شۇلارغا ئاۋاز بېرىدىغان ئەھۋالغا ئەكىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلدۇق.

* ئائىلىنى پارچىلايمىز ۋە ھەر بىرىنىڭ ئىسيان قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزلۈك روھىنى سىڭدۈرىمىز. ئىمتىياز ساھىبلىرىنىڭ يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئۆرلەپ كېتىشىگىمۇ توسالغۇلۇق قىلىمىز.

* ھاكىمىيەت بېشىغا ئېچىلىپ كەتمىگەن ئەمما دەپتىرى قارا كىشىلەرلا يېتىپ كېلەلەيدۇ، ئۇلار سىرلىرىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى ۋە سەتچىلىككە قېلىشتىن قورققان ھالدا بىزنىڭ پەرمانلىرىمىزنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۆچىسىز، توخۇ يۈرەك باشلىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز.

* پايدىسى بار، دەپ قارىغان بارلىق ئىنقىلاب ۋە قوزغىلاڭلارغا ياردەم بېرىمىز.

* غايىلىرىمىزگە يېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈچلىرىمىزنى قورۇپ چىقتۇق. سىرلىرىمىزدىن خەۋىرى يوق تەلەيسىز ئىنسانلار كېلىپ ئۇنىڭغا ئەزا بولىدۇ، ئىشىنىدۇ، بىز بولساق ئۇلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك شەكىلدە ھاكىم بولدۇق ۋە ئۇلارنى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن بويسۇندۇردۇق.

* ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى نېمەتتۇر. چۈنكى شۇ پارچىلىنىش بىزنى دۇنيانىڭ خوجايىنلىقىغا ئېلىپ باردى.

* بارلىق نەشرىيات ئورگانلىرى بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدۇ، ئىنسانىيەت پىكرى ھەققىدىكى تەبىرلەر بىزنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمىزنىڭ قولىدا بولىدۇ، پىكرىمىزگە خىلاپلىق قىلغان ھەر قانداق نەشرىيات ئورگىنىنى قانۇن نامىدىن تاقىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىمىز.

* ھەر بىرى غايىلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئوخشىمىغان تۈر ۋە ئۇسلۇبلاردا گېزىت ۋە ژۇرناللىرىمىز بولىدۇ.

* بىزنىڭ سىرتىمىزدىكى كىشىلەرنى شەرتسىز شەكىلدە ئويۇن-تاماشا، ئاممىۋى كۈلۈبلار، سەنئەت، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن



www.munber.org

ئاۋارە قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلغاندا بىز بىلەن تالىشىدىغانغا، پىلانلىرىمىزغا قارشى تۇرىدىغانغا ۋاقىت تاپالماي قالىدۇ.

✽ كوللىكتىپ شەكلىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يوقىتىپ تاشلايمىز. بۇ باسقۇچنى ئۇنۇۋېرسىتېتلارنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆزگىچە پىلانلىرىمىز بويىچە قايتىدىن قۇرۇپ چىقىمىز.

✽ يولىمىزغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلغانلارنى ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز.

✽ تەسىر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ماسونلارنىڭ تارماقلىرىنى ھەممە يەرگە ئاچىمىز.

✽ ھاكىمىيەت قولىمىزغا ئۆتكەن چاغدا زېمىنىدا بىزنىڭ دىنىمىزدىن باشقا دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايمىز.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يېلتىزلىرى:

✽ سەھيۇنىزم ئۆزگىرىپ كەتكەن تەۋرات بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە قەدىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ باشتىن تارتىپلا يەھۇدىيلاردىكى مىللەتچىلىك روھىنى ئويغىتىپ كەلگەن. ھېرتزل ھەرىكىتى بولسا قەدىمقى سەھيۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشىدۇر-خالاس.

✽ سەھيۇنىزم ئۆزگىرىپ كەتكەن تەۋرات ۋە تېلمۇدنىڭ روھىغا ئاساسەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما شۇنىڭغىمۇ ئىشارە قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ بىر قانچىلىغان كاتتىۋاشلىرى دىنسىزلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى يەھۇدىيلىق پەقەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى پەردىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

✽ يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى تېلمۇدنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي دەستۇرى، دەپ ھېسابلايدۇ. تېلمۇد يەھۇدىيلارنىڭ راھىبلىرى ۋە فىقھىي ئالىملىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ھاياتىنىڭ دائىرىسى سىزىپ چىقىلغان. ئۇنىڭدا يەنە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەتلىرىنى ئاقلايدىغان، ئۆزلىرى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى پەس كۆرۈش، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يېۋېلىش، ئۇلارنىڭ جانلىرى، ئىززەت- ئابرۇيلىرى، مال- مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش ۋە يەھۇدىيلاردىن باشقىلارنىڭ قانلىرىنى بىر قىسىم دىنىي پائالىيەتلەردە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن ئېقىتىش قاتارلىقلارنى راۋا كۆرىدىغان

www.munber.org

تەلىماتلار ۋە ئەھكاملارمۇ مۇجەسسەملەنگەن؛ چۈنكى فەسىھ كۈنىدىكى پىتىر خىمىردىن قىلىنغان تاماق ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئىنساننىڭ قېنىدىن بىر تامچە قويىلىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

* سەھيۇنىزم خەلقئارالىق يەھۇدىيلىقنىڭ سىياسىي يۈزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە تەسۋىرلىگەنگە ئوخشاش «يۈز قوللۇق ھىندىي ئىلاھىي فىشنۇ» غا ئوخشايدۇ. چۈنكى سەھيۇنىزمنىڭمۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىدارە قىلغۇچ قولى بار.

* ئىسرائىلنى يېتەكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ.

* ماسونلار سەھيۇنىزمنىڭ تەلىمات ۋە كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ باشلىق ۋە مۇتەپەككۇرلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

* سەھيۇنىزمنىڭ ئامېرىكا ۋە ياۋروپالاردا قارىماققا بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشىدەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە دۇنيا يەھۇدىيلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يۈزلىگەن جەمئىيەتلىرى بار.

* سەھيۇنىزمنىڭ كۈچىنى دەرىجىدىن تاشقىرى مۇبالىغە قىلىۋاتقانلارمۇ بولغاندەك، ئۇنىڭغا سەل قارايدىغانلارمۇ بار. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا ئەمەس. مەسىلىنىڭ ھەقىقىي يۈزى تەتقىق قىلىنغاندا شۇ نەرسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، يەھۇدىيلار زامانىمىزدا قائىدىدىن سىرت بىر خىل ئۈستۈنلۈكتە ياشىماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: سەھيۇنىزم پەلەستىندىكى يەھۇدىي دۆلىتى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىرقچى، سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىسمى پەلەستىندىكى سەھيۇن تېغىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. بۇ ھەرىكەت تەۋرات ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى پەسلەشتۈرۈشكە، يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قىزىقتۇرىدىغان تىلمۇدنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ پرىنسىپلىرىنى «سەھيۇن ھۆكۈمدارلىرى دەستۇرى» نامىدا قانۇنلاشتۇرغان. بۇ قانۇن ھەقىقەتمۇ دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ خەتەرلىك قارارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:



www.munber.org

- ئابدۇللاھ ئەتتىل: جذور البلاء .
- ئابدۇللاھ ئەتتىل: الأفعى اليهودية في معاقل الإسلام .
- ئابدۇللاھ ئەتتىل: خطر اليهودية العالمية
- ئەنۋەر ئەلجۇندىي: المخططات التلمودية الصهيونية اليهودية في غزو العالم الإسلامي.
- ئەھمەد ئابدۇلغەففۇر ئەتتار، ئۇجاج نۇۋەيھىز، شەۋقىي ئابدۇنناسىر، مۇھەممەد خەلىيفە ئەتتۇنسى ۋە ھۇسەين ئەتتەنتاۋىيلار تەرجىمىسى: بروتوكولات حكماء صهيون .
- ل.فراي: القوى الخفية
- ئەھمەد ئابدۇلغەففۇر ئەتتار: مؤامرة الصهيونية على العالم .
- ئۆمەر رۇشدىي: الصهيونية وربيبتها إسرائيل .
- ئاباس مەھمۇد ئەلئەققاد: الصهيونية العالمية.
- ھېنرىي فورد: اليهودي العالمي.
- ۋسراېيل كوھىن: هذه هي الصهيونية.
- فەرىيد ئابدۇللاھ جورجىي: إسرائيل الزائفة.
- ۋىلىيام گاي كار: أحجار على رقعة الشطرنج.
- ئابدۇللاھ ئەننەججار، كامال ئەلھاج: الصهيونية بين تاريخين.
- ئابدۇلۋاھھاب ئەلمەسىيرىي: موسوعة المفاهيم والمصطلحات الصهيونية.
- ھەسەن سەبرىي ئەلخۇلىي: سعياسة الإستئمار الصهيوني تجاه فلسطين.
- ئابدۇلمۇنئىم ئەلھەنەفىي: الموسوعة النقدية للفلسفة اليهودية.
- ئەھمەد باھائۇددىن: إسرائليات.
- ئابدۇلۋاھھاب ئەلمەسىيرىي: الإيديولوجية الصهيونية.
- زەينەپ ئىسمەت ۋە باشقىلار: الصهيونية.
- ئالمېر بورگىر: اليهودية دين لا قومية.
- ئابدۇسسەمىيئ ئەلھەراۋىي: الصهيونية بين الدين والسياسة.
- ئىسمائىل راجى ئەلفارۇقىي: أصول الصهيونية في الدين اليهودي.
- ئىسمائىل راجى ئەلفارۇقىي: الملل المعاصرة في الدين اليهودي.
- ھەسەن زازا: الفكر الديني الإسرائيلي أطواره ومذاهبه.

www.munber.org

- ھەسەن زازا ۋە باشقىلار: الصهيونية العالمية وإسرائيل.
- بول فىندلىي: من يجرؤ على الكلام.
- مۇھەممەد ھەرب ئابدۇلھەمىيد: مذكرات السلطان عبد الحميد الثاني.
- شىرىيب سىيرىد ۋە فىچ: حكومة العالم الخفية.
- رەفىق شاكىر ئەننەتچە: السلطان عبد الحميد الثاني وفلسطين.
- مۇھەممەد ئابدۇررەئۇف سەلىيم: تاريخ الحركة الصهيونية الحديثة.
- ھۆسەين تەنتاۋىي: الصهيونية والعنف.
- مەھمۇد دەيياب: الصهيونية العالمية والرد على الفكر الصهيوني المعاصر.
- سالاھ دۇسۇقىي: أمريكا مستعمرة صهيونية.
- ئەلى ئىمام ئەتىييە: الصهيونية العالمية وأرض الميعاد.
- ئەمىين سامىي ئەلغەمراۋىي: لهذا أكره إسرائيل.
- ئەلى جۇرەيشە، مۇھەممەد شەرىيف: أساليب الفرد الفكري.
- جامالۇددىن ئەلىيەرماۋىي: الإسلام والمستعمرات الصهيونية.
- مۇھەممەد ئەمىين ئەلھۇسەينىي: حقائق عن قضية فلسطين.

www.munber.org

# تەۋرات ئوغلانلىرى (بناي بېرس)

ئېنىقلىما:

«تەۋرات ئوغلانلىرى» (بناي بېرس) ئەڭ قەدىمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ۋە هازىرقى زامان ماسونلۇق مەجلىسلىرىنىڭ بىرى. ماسونلۇقنىڭ ۋەيران قىلغۇچ قوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پرىنسىپ ۋە غايە نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق دائىرىسى يالغۇز يەھۇدىيلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خىزمەتلىرىمۇ دۇنيادىكى سەهيۇنلارنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەشكە، هەر قايسى دۆلەتلەردىكى سەزگۈر نوقتىلارنى قولغا كىرگۈزۈش، ئۇلار هەققىدە ئۇچۇر توپلاشقا قارىتىلىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان شۆبىلىرى بار بولۇپ، ۋەزىپىسى ئاجىز نوقتىلاردىن پايدىلىنىش ئۇچۇن بارلىق قوماندان، سىياسەتچى، باشلىق ۋەياكى هەر قانداق بىر مۇهىم كىشىنىڭ پىسخىكىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✽ بۇ جەمئىيەت هىنرىي جونس باشچىقلىدا گېرمانىيەدىن هىجرەت قىلىپ بارغان ئون ئىككى يەھۇدىينىڭ رەسمىي رۇخسەت ئېلىشىدىن كېيىن، 1843-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ نيۇيورك شەهرىدە رەسمىي سۈپەتتە تەسىس قىلىنغان. بۇ جەمئىيەت نيۇيورك شەهرىنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلىپ تاللىغان ۋە ئۇ يەردىن تارقالغان، يەر شارىنىڭ تۆت تەرىپىدە شۆبىلىرىنى ئاچقان. لوگوسى شامدان بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى دىنىي شۇئارىدۇر.

✽ بۇ جەمئىيەت 1865-يىلىدىن باشلاپ پەلەستىندە ئۆز ۋۇجۇدىنى پەيدا قىلىشقا هەرىكەت قىلىپ كەلگەن. 1888-يىلى ئۇنىڭ تۇنجى مەجلىسخانىسى تەسىس قىلىنغان ۋە رەسمىي پائالىيەت تىلى ئىبرانى تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسلىق كىشىلىرى: ناهۇم سوكولوۋ، دەزىنكوۋ، هايىم نوهمان، داۋىد يەلىن، مائەر بەرلەن، هايىم ۋايزمەن ۋە جاد فرامكىنلاردىن ئىبارەتتۇر.

✽ پەلەستىندە كىچىك- كىچىك تۇرالغۇلارنى تەسىس قىلىش ئۇچۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. قۇددۇسقا يېقىن جايدىكى مۇتسا يېزىسى 1894-يىلى ئۇلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان تۇنجى يېزا بولۇپ، هازىرقى ئىسرائىلىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

www.munber.org

❁ مەشھۇر يەھۇدىي پسىخلوگىيە ئالىمى سىگموند فرويد (1865-1939م): 1895-يىلى بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولغان ۋە يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا قەتئىي سەل قارىمىغان.

❁ 1913-يىلى دۇنيا يەھۇدىيلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، ئىھانەت ۋە نام ئاتىقىغا ھاقارەت قىلىش ئەھۋاللىرىغا قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنى تەسىس قىلغان.

❁ فىلىپ كلۇزنىك: ئېزىنھاۋۇر دەۋرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق ئامېرىكا ھەيئىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋە ئەينى زاماندا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان جەمئىيەتنىڭمۇ رەئىسى بولغان.

❁ جون فوستېر داللاس: 1958-يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان، خىرىستىيان دىنىنىڭ پروتېستانت مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. جەمئىيەتنىڭ 1956-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنى چاقىرغان يىغىنىغا قاتناشقان ۋە بۇ يەردىكى لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەن: «غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت روھىي تەبىئىتىدىكى يەھۇدىي ئەقىدىسى ئاساسىغا قورۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب دۆلەتلىرى بۆشۈكى ئىسرائىل بولغان بۇ مەدەنىيەتنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشلىرىنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىشلىرى لازىم.»

❁ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىسلىرى بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنى ھەر دائىم مەدھىيىلەيدۇ.

❁ ئىسرائىل دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلات ئۇنىڭغا تىببىي، كىيىم-كېچەك ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى يوللاپ بەرگەن. كۈتۈپخانىلارنى تەسىس قىلىش، كۆچەت تىكىش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان، ئىسرائىلنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىگەن ۋە ئىسرائىلغا تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن تېخنىكلارنى ئامېرىكا ۋە كانادالارغا ئەۋەتكەن.

❁ بۇ تەشكىلاتنىڭ تىزگىنىنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يەرلىك مەجلىسلەردىن تەشكىل تاپقان يۇقىرى دەرىجىلىك مەجلىس تەرىپىدىن سايلانغان بىر رەئىس تۇتۇپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىدارە كومىتېتى ۋە مۇدىرلىرى بولۇپ، تەشكىلاتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

❁ ئېلان قىلىنغان كۆرۈنۈشتىكى شۇئارلىرى:

www.munber.org

- ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشىلىقنى كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش.

- كۈچسىزلەرگە، ئاجىزلارغا، چۈشكۈنلەرگە ياردەم قىلىش، خەيرى-ئېھسان خاراكتېرىدىكى دوختۇرخانىلارنى قوللاش.

- دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ياشلار ئۆيلىرىنى ئېچىش.

- كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش.

- يەھۇدىي ئىرقىغا ئىھانەت قىلىشنى توسۇش.

- ئېزىلگەن يەھۇدىيلارغا شەپقەت قولىنى سۇنۇش.

- خەلىيل مۇئەسسەسەسى ئارقىلىق يەھۇدىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا، دىنىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش.

- كەسىپ ئۆگىنىش ساھەلىرىدە يول كۆرسىتىش.

- تەبىئىي ئاپەت قۇربانلىرىغا ياردەم قىلىش.

- ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن پۇخرالار ھوقۇقى، كۆچۈش ۋە زۇلۇم مەسىلىلىرى بويىچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش.

✽ ھەقىقىي غايىلىرى:

- ئومۇمىي مەنپەئەتلەرنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا ئىسرائىلىيە ياشلىرىنى بىر يەرگە توپلاش، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنى پەلەستىننى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلاش ۋە بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبىگە قىزغىنلىق روھىنى سىڭدۈرۈش.

- يەھۇدىيلارغا دەخلى-تەرۇز قىلغان ياكى ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا سەرپ قىلغان كۈچىگە تۇسالغۇلۇق قىلغانلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھەر قانداق ئۇسۇل بولسا قوللىنىش.

- ئىسرائىلغا كۆچۈش ھەرىكىتىنى مالىيە بىلەن تەمىنلەش، لازىمەتلىكلىرىنى سېتىپ، كېرەكلىك مال ۋە مۇھاجىرلارنىڭ كىرىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ياردەم قاتارلىقلارنى توپلاش، ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلەرچە كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىسرائىلدا ھەر خىل ساھەلەر بويىچە شىركەتلەرنى، بولۇپمۇ ئامېرىكا شىركەتلىرىنى ئېچىپ مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيانىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەللىرىدە بازارغا سېلىش.

- سان ۋە سۈپەتتە جەھەتتە يەھۇدىيلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك، ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە، شۇنداقلار ئىنچىل سۈرەتتە ئىسرائىلنى قوللاش. ئىسرائىل دۆلىتى ئېلان قىلىنىشتىن

www.munber.org

ئىلگىرىكى ھەربىي ئولتۇراق جايلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بۇ جەمئىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بار.

- خرىستىيانلار بىلەن تىركىشىپ قىلىشتىن يىراق ھالدا غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېنى بىلەن ئالاقىسى يوقلىقىنى ئېلان قىلىش.

- ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا سىڭىپ كىرىش ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئامېرىكا ۋە بىرىتانىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى كونترول قىلىش. چۈنكى ئۇلار ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرى ... ھاياتلارنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ بولغان.

- يەھۇدىي ئۆزى ياشاۋاتقان ۋەتەندىن ھالقىغان ھالدا دوستلۇق تۇنۇشى باشتىن ئاخىر ئىسرائىلغا قارىتىلىشى لازىم.

✽ باشقا پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

- ئۇلار يەھۇدىيلار بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنياغا خۇجايىن بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىرقنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشقا نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

- خەلقئارا ماسونلىرىنىڭ پىلان ۋە ۋەيران قىلغۇچ پروگراملىرىنى قوللاش.

- ئىسرائىلنىڭ پەلەستىندىكى مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە يەھۇدىيلارنى پەلەستىنگە كۆچۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

- يەھۇدىي دىنىدىن باشقا دىنلار، مىللىي ھۆكۈمەتلەر ۋە ئەخلاقنى چىرىتىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش.

- پىتنە ۋە ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن سەھيۇنىزم ۋە ماسونلار بىلەن ھەمكارلىشىش. ئۇلار بۇ خۇسۇستا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

- 1933-يىلى گىتلىر ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغاندا ئۇنىڭغا ۋە ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قوزغىغان.

- ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە قورقۇنلۇق رول ئوينىغان.

- ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى سەزگۈر ئورگانلارنى قولغا كەلتۈرۈش. يۇشۇرۇن گوماشتىلىرى سايىسىدا مەخپىي ئۈچۈر توپلاش ئاپپاراتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دۆلەتتە بولىۋاتقان ئىشلارنى كونترول ئاستىغا ئېلىش.

- بۇ جەمئىيەت ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ھاياتىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن. خۇسۇسەن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان.

www.munber.org

- بۇلار يەھۇدىيلارنىڭ بۇزغۇنچى غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مال، جىنسىي ئالاقە ۋە مەركەزلىك ھالدىكى تەشۋىقاتنى قوللىنىدۇ.

- مەشھۇر ناتسىس ئادولۇف ئېيخمانىنى 1960-يىلى ئارجېنتىنادىن ئىسرائىلغا قاچۇرۇپ ئەكەلگەن، ئۇ 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى ئىسرائىلدا ئۆلتۈرۈلگەن.

- يەھۇدىيلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە ئورۇنغان بارلىق كىشىلەرگە قارشى تۇرۇش، پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر خىل شەكىلدە ئۆزلىرىدىن قورقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى پىكىر يۈرگۈزگەن قەلەم ساھىبلىرىغا سۈيىقەست قىلىش.

- بۇ جەمئىيەت پەقەت يەھۇدىي ئەۋلادلىرىغىلا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى قوللاش ئۈچۈنلا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

- 1897-يىلى شىۋېتسىيەنىڭ بالى شەھىرىدە چاقىرىلغان يىغىندا بىناي بېرس جەمئىيىتىنىڭ ئامېرىكا ۋەكىللىرى رەئىسى مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، خىرىستىيانلار ئۆزلىرى كېلىپ يەھۇدىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قوللىرىغا ئېلىشلىرىنى تەلەپ قىلىشىپ كېتىدۇ.»

- يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى مۇناسىۋەتلىشىش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقى سەۋەبلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىل تۇرغۇزۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

- بۇ بىر يەھۇدىي تەشكىلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن تىلمۇد ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە پىكىرىنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلىدۇ.

- «سەھيۇن ھۆكۈمدارلىرى دەستۇرى» پىلان ۋە غايىلىرىدىكى ئاساسىي تايانچ.

- تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ماسونىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

✽ بىناي بېرس نيۇيوركتا تەسىس قىلىنغان، مەجلىسخانىلىرى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، بىرىتانىيە، گېرمانىيە ۋە فرانسىيەلەرگە تارقالغان. ئۇنىڭ بۇ دۆلەتلەردە كۈچلۈك تەسىرى پەيدا بولغان.

www.munber.org

✲ شۆبىلىرى ئاۋستىرىيە، ئافرىقا ۋە بەزى ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ يەنە ئىئوردانىيە، سۇرىيە، لىۋان، بەھرەين، ماراكەش، تۇنىس، ئىراق، مىسىر ۋە سۇدانغا ئوخشىغان ئىسلام ئەللىرىدە قانچىلىغان كۇلۇبلىرى بار.

- مىسىردا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىككى مەجلىسخانىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىرى ماگىين داۋىد 436-نومۇرلۇق مەجلىسخانىسى، بۇ مەجلىسخانىنىڭ قانۇنى ئەرەب تىلىدا بېسىلغان. يەنە بىرى مىيمونت 365-نومۇرلۇق مەجلىسخانا بولۇپ، قانۇنى گىرمان تىلىدا بېسىلغان. ئاتمىشىنچى يىللاردا بۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى چەكلەنگەن. بىراق، مىسىر رەئىسى ئەنۋەر سادات 24 كىشىدىن تەشكىل تاپقان بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەئمۇرەدىكى ئارامگاھىدا ئۇچراشقان، شۇنىڭدەك ئۆز دەۋرىدىكى (1979م) مىسىر باش مىنىستىرى د.مۇستەفا خەلىيل بۇ ۋەكىللەرنى كۈتىۋالغان. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى بىر ئىسلام دۆلەتلىرىدە قارشى ئېلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: سەھيۇنىزمنىڭ غايىلىرى ئاشكارىلىنىپ كەتكەن، دەستۇرلىرى نەشىر قىلىنغان ۋە كۆپلىگەن ماسون مەجلىسخانىلىرىنىڭ تاقىلىپ كېتىشىدىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئىسىملارنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىغا تايانغان. پائالىيەتلىرىگە روتاري، لىيۇنز، بىناي بىرس دېگەنگە ئوخشىغان يېڭى ئىسىملارنى قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس پرىنسىپلىرىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۇچۇن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- دۇنيا ئىسلام بىرلىكى- مەسچىتلەر ئىشلىرى باش كاتىپلىقى- ئۇچىنچى باسقۇچ: الماسونية ما هي حقيقتها, وأسرارها وأهدافها، 1379ھ/1978م.

- ئابدۇللاھ ئەتتىل: خطر اليهودية العالمية على الإسلام والمسيحية- ئىسلام كىتابخانىسى، بېيرۇت ۋە دەمەشىق، ئۇچىنچى نەشرى، 1399ھ/1979م.

- كۇۋەيت ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتى رىسالىسى: حقيقة نـوادي الروتـاري، ئىككىنچى نەشرى، 1394ھ/1974م.

- مەئالىي ئابدۇلھەمىيد ھەمۇدە: الإسلام والحركات الهدامة ، دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ھەق دەۋەت رىسالىلىرى، 25-سان، 1404ھ/1984م.

- ئابدۇللاھ ئەتتىل: جـذور الـبلاء، ئىسلام كىتابخانىسى، بېيرۇت ۋە دەمەشىق، ئىككىنچى نەشرى، 1398ھ/1978م.




www.munber.org

- ھايمان لوفر: الصهيونية ودورها في السياسة العالمية, يېڭى مەدەنىيەت نەشرىياتى- قاھىرە.

- ھۈسەين ئۆمەر ھەمادە: شهادات ماسونية، قۇتەيبە نەشرىياتى-دەمەشىق، بىرىنچى نەشرى، 1400ھ/1980م.

- د.سەبرىي جىرجىس: التراث اليهودي الصهيوني في الفكر الفرويدي، كىتاب دۇنياسى- 1970م-يىل نەشرى.

- الموسوعة البريطانية (Bnai Brith)( Encyclopededia Britannica, Vol.II (1976)

www.munber.org

# روتاريي كۇلۇبلىرى

ئېنىقلىما:

«روتاريي» ماسونچى، يەھۇدىيچى جەمئىيەت بولۇپ، بايلار ۋە ئەركىن كەسىپ ئىگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش ، كەسپىي هاياتتىكى يۇكسەك ئەخلاققا رىغبەتلەندۇرۇش، دۇنيادىكى سەممىمىي نىيەت ۋە تىنچلىقنى قەدىرلەش قاتارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. «روتاريي» ئىنگىلىزچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئايلىنىش»، «نۆۋەتلىشىش» دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىنىڭ ئۆيلەر ياكى ئەزالارنىڭ ئىشخانىلىرىدا نۆۋەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان. هازىرغىچە رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئەزالار ئوتتۇرىسىدا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. كۇلۇبلار ئالتۇن ۋە كۆك رەڭدىن تەركىب تاپقان يىگىرمە تۆت چىشلىق بىر چاقنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە بەلگۇسى قىلىپ تاللىغان. چىشلىق چاق دائىرىسىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن رەڭلىك ئالتە سىزىقچە بىر- بىرىگە تۇتىشىدۇ، چىشلىق چاق ئىچىدىكى ھەر ئىككى سىزىقچە بىر ئۈچ بۇلۇڭ هاسىل قىلىدۇ، ئۇ مەركەزدىكى بىر- بىرىنى كېسىشىپ تۇرغان ئۈچ دانە ئۈچ بۇلۇڭغا توغرا كېلىدۇ، ھەر بىر بۇلۇڭنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بىلەن قالغان ئىككى بۇلۇڭنىڭ ئاخىرلىشىش نوقتىسىنى بىر- بىرىگە ئۇچراشتۇرغاندا ئىنگىلىز تىلىدىكى «روتاريي» ۋە «خەلقئارالىق» دېگەن كەلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە بۇرجەكلىك بىر يۇلتۇز شەكىللىنىدۇ.

ئالتۇن رەڭ بىلەن كۆك رەڭ يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەسلەر رەڭلىرىدىن بولۇپ، بۇ رەڭ رەڭلەر بىلەن ئىدارىلىرى، ھەيكەللىرى ۋە ماسون مەجلىسخانىلىرىنى زىننەتلەيدۇ. بۇ ئىككىسى ھازىر «ياۋروپا ئورتاق بازىرى دۆلەتلىرى» بايرىقىنىڭ رەڭگىدۇر.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✽ 1905-يىلى، 23-فېۋرال ئادۇكات پاۋۇل ھارىس ئەلىنوي شىتاتىنىڭ چيكاگو شەھرىدە تۇنجى روتاريي كۇلۇبىنى تەسىس قىلدى. بۇ ئىش بول ھارىس پىكرىنى تارقىتىپ بەزىلەر قانائەت هاسىل قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. پاۋۇل ھارىستىن باشقا سىلىۋېر شېيلر (كۆمۈر سودىگىرى)، گوستاف.ئى.لوھر (كان ئىنژېنىرى)، سىيرام.ئى.شوري (تىككۈچى، سودىگەر) قاتارلىقلار روتاريي ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە تەكرار-تەكرار مەزگىللىك يىغىلىشلاردىن كېيىن ئۇنىڭ پىكرى

www.munber.org

ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغۇچى كىشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىلىشى كېيىنچە ھازىرقى «چىكاگو 177» ئىسىمدىكى روتارىي كۇلۇبىنىڭ مەركىزى قىلىنغان ئورۇندا چاقىرىلغان. دەسلەپكى مەزگىللەردە پاۋۇل ھارىس كۇلۇبنىڭ باشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنى دوستى سىلىۋېرغا تاشلاپ بەرگەن. پاۋۇل 1908-يىلىغا كەلگەندە كۇلۇبنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان.

- بۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن ئۇنىڭغا قوشۇلغان شىيرلى بېررىي ئىسىملىك بىرى بۇ ھەرىكەتنى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كېڭەيتتى. ئۇ 1942-يىلى ئىستىپا سورىغانغا قەدەر بۇ ھەرىكەتنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

- پاۋۇل ھارىس 1947-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا روتارىي ھەرىكىتى 80 دۆلەتكە تارقىلىپ بولغان، 6800 كۇلۇب ۋە 327 مىڭ ئەزاغا ئىگە بولۇپ بولغان ئىدى.

- 1911-يىلى بۇ ھەرىكەت ئېرلاندىيەنىڭ دۇبلىن شەھىرىگە يۆتكەلدى. ئۇ يەردىن ھەر بىر يېڭى ئەزادىن ئەھۋال ئىگەللەيدىغان مىستىر مورو ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا بىرىتانىيەگە تارقالدى.

- 1921-يىلى روتارىي كۇلۇبى مادرىدتا تەسىس قىلىندى. كېيىن تاقىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئىسپانىيە ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكرار پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئىجازەت بېرىلمىدى.

- خەلقئارا روتارىي تەشكىلاتى ماتېرىياللىرىغا پەلەستىن ئىسمىنى كىرگۈزمەيدۇ، بەلكى ئېنىق قىلىپ ئىسرائىل ئىسمىنى يازىدۇ. مەلۇمكى، مىسىر ۋە پەلەستىن ئەرەب، ئىسلام دۇنياسىدىكى روتارىي كۇلۇبلىرى تەسىس قىلىنغان تۇنجى ئىككى دۆلەتتۇر. 1929-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى قاھىرە روتارىي كۇلۇبى، يەنە 1929-يىلى ئىرۇسالىم (قۇددۇس) كۇلۇبى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى دۆلەتتىكى روتارىي كۇلۇبلىرىنىڭ سانى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ. (مىسىردا يىگىرمىدىن ئارتۇق، پەلەستىندە قىرىقتىن ئارتۇق كۇلۇب بار.)

ئەرەب ۋەتىنىدىكى روتارىي تارىخى ئۈچ تۈرلۈك ھادىسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

- قورۇلۇشى ۋە كۆپ سانلىق ئەزالىرىنىڭ غەرب مۇستەملىكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

- ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى، تەسىر ۋە پۇل-مالغا ساھىبلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت.

- ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز ھالدا پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىغا قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك پائالىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت.

❊ 1930-يىللىرى فرانسىيە مۇستەملىكىسىنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا ئالجىرىيە ۋە ماراكەشلەردە رۇتارىينىڭ شۆبىلىرى تەسىس قىلىنىدى.



www.munber.org

❁ تىرابلىسنىڭ غەربىدە روتارىينىڭ بىر شۆبىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدارە ھەيئىتى جون روبىنسون ۋە فون كرەچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

❁ ئىسرائىل روتاريي كۇلۇبىنىڭ رەئىسى يەئقۇب بارزىن 1974-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىتالىيەدە چاقىرىلغان روتاريي كۇلۇب تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىنغا قاتناشقان ۋە كۆپ ساندىكى ئەرەب ۋە ئىسرائىل ھەيئەتلىرى قاتناشقان بۇ يىغىننىڭ ئەرەب-ئىسرائىل قورۇلتىيى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

- قورۇلتايدا تۈنجى بولۇپ سۆزلىگەن كىشى تۇنىس روتاريي كۇلۇبىنىڭ ۋەكىلى مۇختار ئەزىز بولغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەھۇدىي يەئقۇب بارزىن سۆزگە چىققان.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

❁ مەيلى ئەزا تاللاش ياكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، دىننى ئەھمىيىتى بار مەسىلە، دەپ قارىماسلىق. ئۇلار ۋەتەن مەسىلىسىگىمۇ ھېچقانداق ئېتىبار كۆزى بىلەن قارىمايدۇ. روتاريي كۇلۇبى ئۆزىنىڭ دىنى ياكى سىياسىي مەسىلىلەرگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەتراپىدا تالاش- تارتىش قايناپ كەتكەن ھەر قانداق بىر مەسىلە ھەققىدە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ.

❁ روتاريي كۇلۇبلىرى ئەزالىرىغا ئوخشاش سەۋىيىدىكى، ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىلغان بىر دىنلار تىزىملىكىنى بېرىدۇ: بۇددىزم، خىرىستىيانلىق، كۇڭزىچىلىق، ھىندۇزم، يەھۇدىيلىق، مۇھەممەدىيلىق... تىزىملىق ئاخىرىدا تاۋىزم ئورۇن ئالىدۇ.

❁ دىننى نەزەردىن ساقىت قىلىش يەھۇدىيلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ھايات ساھەلىرىدە پائال رول ئوينىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەر قانداق كۇلۇبتا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر، ئىككى يەھۇدىينىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

❁ ئۇلارچە بولغاندا ياخشى ئىشلارنى قىلغان چاغدا ماددىي ياكى مەنىۋى ھېچقانداق بىر نەرسە كۈتمەسلىك لازىم. بۇ بولسا، ياخشىلىقنى كۈتۈپ ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ساۋاب كۈتۈشكە ئوخشىغان دىنىي تەسەۋۋۇر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.

❁ ئۇلارنىڭ ھەپتىلىك يىغىنلىرى بار بولۇپ، ئەزالار بۇ يىغىنلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە 60%گە قاتنىششى زۆرۈردۇر.

❁ ئەزالىق ئىشىكى ھەممە ئادەمگە ئوچۇق ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا ئىنسان كۇلۇبتىن كېلىدىغان ئەزا بولۇش تەكلىۋىنى كۈتىشى لازىم. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا كېلىدىغان تەكلىپ تاللاش پرىنسىپلىرىغا ئويغۇن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىلىدۇ.

www.munber.org

✽ سىنىپلارغا ئايرىش ئاساسى كەسىپ ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىنىپلارغا ئايرىشى 77 كەسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

✽ ئىشچىلار كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ. پەقەت يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە كىشىلەرلا ئەزالىققا تاللىنىدۇ.

✽ ئەزالار مۇئەييەن ياش ئورتاقلىقىنى ساقلاپ قىلىشقا ۋە بۇ ئارقىلىق تەشكىلاتنىڭ قېرىنىمۇ ياش ۋە تىرىك ساقلاپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇنى ياشلىق مەزگىلىدىكى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ.

✽ ھەر بىر كەسىپتىن بىر كىشىنىڭ ۋەكىل بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ، بۇ پرىنسىپ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان بىر ئەزانىڭ قوشۇلۇشى سەۋەپلىك بۇزۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. خەلقئارا روتارىي ھەرىكىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۆتىنچى ماددىسى، ئۈچىنچى پاراگرافىدا تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ:

- دىن، ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە دىپلوماتلاردىن باشقا ھەر قانداق ئىشچى ۋە كەسىپ ئىگىلىرى سىنىپىدىن بىردىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىشىغا بولمايدۇ. بۇ پرىنسىپلار سىرتىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىچكى لاھىيەنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا ئىجرا قىلىنىشى لازىم.

✽ ھەر بىر كۇلۇبنىڭ ئىدارە كېڭىشىدە بۇرۇنقى كۇلۇبلارنىڭ رەئىسلىرىدىن بىر ياكى ئىككى كىشى (يەنى پاۋۇل ھارىستىن باشلانغان روتارىي ھەرىكىتىنىڭ سىرلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان كىشىلەردىن) بولۇشى شەرت.

✽ روتارىي كۇلۇبلىرىنىڭ بىرىگە ئۈچ يىل ئەزا بولغان چارلىز ماردىن ئىسىملىك بىر كىشى روتارىي ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر قاتار ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

✽ روتارىي كۇلۇبلىرىغا ئەزا بولغان ھەر 421 كىشىنىڭ 159ى ماسونغىمۇ ئەزادۇر. كۇلۇبلارغا قارىغاندا ماسونغا بولغان مۇھەببىتىنى ئالدىنقى قاتارغا قويىدىغانلىقى يەكۈنلەنگەن.

✽ 1921-يىلى بىرىتانىيەنىڭ ئەدىنبىر شەھىرىدە كۆرۈلگەنگە ئوخشاش، ئايرىم ئەھۋاللاردا پەقەت ماسونلارلا روتارىينىڭ ئەزاسى بولالىغان.

✽ 1881-يىلى فرانسىيەنىڭ نانسىي شەھرىدە چاقىرىلغان يىغىندا مونۇ جۈملىلەرگە ئورۇن بېرىلگەن: «ئەگەر ماسونلار باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ بىرەر جەمئىيەت تەشكىللىمەكچى بولسا، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىنى ماسونلاردىن باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماسلىقى لازىم. جەمئىيەت مەركەزلىرىدىكى ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ماسونلارنىڭ قولى بولۇشى ۋە ماسونلارنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىشلىرى لازىم.»

www.munber.org

✽ روتاريي كۇلۇبلىرى كىچىك نۇپۇزغا ئىگە بولۇپ، ماسون ھەرىكىتى ئاجىزلاشقان ياكى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. چۈنكى ماسونلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى روتارىيغا يۆتكەيدۇ، ئۈستىدىكى بېسىملار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدۇ.

✽ روتاريي 1905-يىلى ئامېرىكىدىكى ماسونلارنىڭ پائالىيىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىكى چاغلىرىدىلا تەسىس قىلىنغان.

✽ بۇلاردىن پىكىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە روتارىيغا ئوخشايدىغان لىيونز، كىۋانىي، مەۋجۇتلۇق، يۇمىلاق، ئۈستەل، قەلەم ۋە تەۋرات ئوغلانلىرى (بىناي بىرىس) مىسالى بىر قاتار كۇلۇبلارمۇ بار. بۇلار ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن ھالدا ئوخشاش شەكىل، ئوخشاش مۇددىئالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ پەقەت پىكىرلىرىنى تارقىتىش، ھىمايە قىلغۇچى، قوللىغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇسلۇبلارنى كۆپەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

✽ دىن، ۋەتەن، سىياسەت مەسىلىلىرى، شۇنىڭدەك تاللاش پرىنسىپلىرىغا تايىنىش مەسىلىلىرىدە ماسون بىلەن روتاريي ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئوخشاشلىق بار. بۇلارغا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئەزالار ئۆزى بارماي، ئەزالىقىقا كىرىش ئۈچۈن تەكلىپنامىسى ئەۋەتىلگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ.

✽ كىشىلەردە يېتىشتۈرمەكچى بولغان قىممەت ۋە روھ ماسون بىلەن روتارىيدا ئوپمۇ ئوخشاش. مەسىلەن باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە يەر شارى خاراكتېرلىق ھەمكارلىق پىكىرلىرى. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك روھ بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بارلىق شەكىلدىكى مېھىر - مۇھەببەتلەرنى ۋەيران قىلىش، دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كىلىۋاتقان يەھۇدىيلاردىن باشقا بىر-بىرى بىلەن ئالاقىسى بار كۈچ قويماسلىق، كىشىلەرنى قورقۇنچلۇق بوشلۇقلار ئارىسىدا قايمۇقۇپ يۈرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

✽ روتاريي ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كۇلۇبلار يەھۇدىيلارنىڭ پىلانلىرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ماسونلار نەزىرىيە ۋە ھەرىكەت ساھەسىدە يەھۇدىيلار بىلەن ئىزچىل ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى تەشكىلاتنىڭ مالىيە ۋە پائالىيەتلىرى باشتىن ئاخىر يەھۇدىيلارغا ئائىتتۇر.

✽ روتارىينىڭ ئەسلىنى، قۇرغۇچىلىرىنى بىلىش ئىمكانى بولغان بىلەن، ماسونلۇقتا مۇنداق ئىمكان يوق. ماسونلۇقتا قوماندانلىق ئورگىنى ۋە رەئىسىنى

www.munber.org

بىلگىلى بولمايدۇ. روتارىينىڭ شۆبىسىنى ئۆنىڭدىن ئىگىرىكى بىرونىڭ كونتىروللىقى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلات مەركىزىنىڭ تەستىقىسىز ئېچىشقا بولمايدۇ.

✽ ئوخشاش بولمىغان تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلىك ساھەسىدە پائالىيەت قىلىۋاتقاندەك، پائالىيەتلىرىنى ئىجتىمائىي، مەدەنىي مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرگەندەك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىنلارنى يېقىنلاشتۇرۇشقا، دىنىي ئىختىلاپلارنى تۈگىتىشكە چاقىرىدىغان ئىلمىي يىغىلىشلار، لىكسىيەلەر، پەسىللىك پائالىيەتلەر ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

✽ ئەمما بۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى، يەھۇدىيلارنى باشقا خەلقلەر بىلەن مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق نامى ئاستىدا ئۆز -ئارا كىرىشتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي يىمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇئەييەن ئادەتلەرنى تارقىتىشقا ياردىمى تىگىلىدىغان ئۇچۇرلارنى توپلىيالايدۇ. جەمئىيەتتىكى مۇھىم ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىلا ئەزالىققا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا يۇقىرىقىلارنى تەكىتلەيدۇ.

تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

✽ روتارىي كۇلۇبلىرى 1905-يىلى ئامېرىكىدا باشلانغان، كېيىن بىرىتانىيە ۋە بىر قاتار ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تارقالغان. ئاساسلىق شۆبىلىرى لوندۇن، زىيورخ ۋە پارىژدا بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدىكى ھەر بىر روتارىي رايونى رەھبەرلىكى ئاساسلىق شۆبىلىرىنىڭ خەلقئارا سەۋىيىدىكى ۋەكىللىرى ئارقىلىق بىۋاستە ھالدا ئىيفانستوندىكى باش مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. روتارىي كۇلۇبلىرى دۇنيادىكى 157 دۆلەتكە تارقالغان.

✽ 245 نومۇرلۇق رايون مىسىر، سۇدان، لىۋان، ئىئوردانىيە، بەھرەين، قىبرىس قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسرائىلدا قىرىقتىن ئارتۇق شۆبىسى، بىر قاتار ئەرەب ئەللىرىدە كۇلۇبلىرى بار. مەسىلەن مىسىردا يىگىرمە ئۈچ، ئىئوردانىيەدە ئىككى، تونىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە ۋە ماراكەشلەردە ئون ئۈچ، لىۋاندا بەش كۇلۇبى بار. بېيرۇت ئوتتۇرا شەرقتىكى جەمئىيەتلىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

www.munber.org

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: روتارىيلار دۇنيا ماسون ھەرىكىتىدىن ئېلىنغان پىكىر ۋە پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن تۇتقۇلۇق دىن ۋە مەدەنىي ئىزلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قاماق بىلەن بولقىنى شۇئار قىلىۋالىدۇ. بۇ تەشكىلات ئاياللارغا خاس ئىنرھوۋىل كومىتىتىغا ئوخشىغان باشقا ئىسىملارنىمۇ قوللىنىپ سايىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. مىسىر ۋە ئىئوردانىيە 95 نۇمۇرلۇق بىر ئىنرھوۋىل رايۇنى تەۋەسىگە كىرىدۇ. بۇلاردىن باشقا روتاراكىت، ئىنتىراكىت كومىتىتلىرىمۇ بار.

بۇ كۇلۇبلارنىڭ ئىسلامىي روھنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان قىياپەتتە كۆرۈنىشى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەمئىيەت دۇنيا يەھۇدىيلىرىنىڭ پىلانلىرى دائىرىسىدە ئىش بىجىرىدۇ. ھىجرىيە 1394-يىلى (مىلادي 1974-يىلى) مەككە مۇكەررەمەدە چاقىرىلغان ئىسلام تەشكىلاتلىرى خۇسۇسىدىكى يىغىنىدا دۇنيا ئىسلام قورۇلتىيى ماسونلار، روتارىيۋە لىيۇنز كۇلۇبلىرى، ئەخلاق چىرىتىش ھەرىكەتلىرى، ئەركىنلىك قىرىنداشلىرىغا ئوخشاش تەشكىلاتلاغا قارىتا مەخسۇس ھازىرلانغان ئون بىرىنچى نومۇرلۇق قارارىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

- ئۇلارغا قاتناشقان مۇسۇلمانلار دەرھال ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشى، ئىسلام دۆلەتلىرى ئۆز دائىرىسىدە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىشى، مەجلىسخانا، كۇلۇبلىرىنى تاقىۋېتىشى لازىم.

- ئۇنىڭغا تەۋە ھېچبىر كىشىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماسلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بويىقۇت قىلىش.

- ئۇنىڭغا تەۋە ھەر قانداق مۇسۇلماننى ھېچقانداق ئىسلامىي پائالىيەتلەرگە مەسئۇل قىلىپ تاللاش ھارام.

- چىقىمىنىڭ قىممىتىدە سېتىلىدىغان كىتابچە ۋە مەتبۇئاتلارنىڭ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەپتى- بەشرىنى ئېچىپ تاشلاش.

- شۇنىڭدەك فىقھىي ئاكادىمىيىسىمۇ بىرىنچى قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا ماسون ۋە ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ چىققان لىيۇنز، روتارىيغا ئوخشىغان باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا تامامەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- د.شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئەززەئبىي: الماسونية في العراء .



www.munber.org

- جەۋاد رەفئەت ئەتىلخان: أسرار الماسونية.
- مەسباھۇل ئىسلام فارۇقىي: الماسونية (ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان تەنقىدى تەتقىقات).
- ئابدۇللاھ ئەتتىل: خطر اليهودية العالمية على الإسلام والمسيحية.
- ئابدۇللاھ ئەتتىل: جذور البلاء.
- «ئەنۋارۇل ئەھەد» ژۇرنىلىدىكى ماقالە، 4627ـسان 23سىنتەبىر 1973م.
- «ئەلفىكىر ئەلئىسلامىي» ژۇرنىلىدىكى ماقالە، (بېيرۇت) بىرىنچى سان، زۇلھەججە 1393ھ/ ئۆكتەبىر 1974م.
- «ئەلقەبەس» گېزىتى، كۇۋەيت ـ 14/3/1974.
- لىۋىيە «ئەلەم» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سانى، ئاۋغۇست 1969م.
- «پەلەستىن» ژۇرنىلى، ئۆكتەبىر 1969م.
- كۇۋەيت ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتىنىڭ رىسالىلىرىدىن: حقيقة أندية الروتاري.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: دراسة عن أندية الروتاري الماسونية.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: الطابور الخامس.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: الماسونية في منطقة (**245**).
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: شرخ في جدار الروتاري.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: لا يا شيخ الأزهر– الفتاوى الشرعية في أندية روتاري وليونز الماسونية.
- د.ئابدۇللاھ سەمەك: الماسونية العالمية في ميزان الإسلام.
- روتارىي 245 ـ رايۇن ژۇرناللىرى ۋە مىسىر، سۇدان قاتارلىق جايلاردىكى كۇلۇبلارنىڭ نەشىر بۇيۇملىرى.
- د.ئەھمەد شەلەبىي: اليهودية.
- «ئەلئەھرام» گېزىتى 6/2/1980، 27/4/1980.
- «ئەلجەيل» ژۇرنىلى 10/6/1963.
- روتارىينىڭ خەلقئارالىق قانۇنلىرى، ئىچكى، رايۇن خاراكتېرلىك ۋە يەرلىك لائىھەلىرى.
- ماسون ئاساسىي قانۇنى.
- ماسون دەستۇرى.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: الروتاري في قفص الإتهام.
- بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى، 19ـجىلد.
- روتارىي كۇلۇبلىرى قامۇسى.
- مۇنىير ئەلبەئلەبەككىي: موسوعة المورد.
- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: حقيقة الروتاري في مصر.

www.munber.org

- هۆسەین ئۆمەر هۆمادە: شهادات روتارية.
- «روز ئەلیۆسۆف» گېزىتى، 1921-يىلللىق سانى.

چەتئەل مەنبەلىرى:

- ROTARY AND ITS BROTHERS, Charles F. Marden (Princeton University Press-1963).
- TOWARDS MY NEIGHBOUR. G.R.H Nitt.
- MY RODE TO ROTARY RAVL.P.HARRIS.
- ROTARY SERVICE
- SERVICE IN LIFE AND WORK.

www.munber.org

# لىيونز كۇلۇبى

ئىنىقلىما:

«لىيونز كۇلۇبى» كۆرۈنۈشتە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كۇلۇبلار توپلىمىدەك كۆرۈنىدىغان كۇلۇبلار بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان ماسونلارغا قاراشلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەسلى غايىسى دۇنيانى چىرىكلىككە يۈزلەندۈرۈش ۋە ئۇنى كونتروللىقى ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✽ 1915-يىلى يازدا بۇ خىلدىكى كۇلۇبلارنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى مەلۋىن جونس ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى چوڭ بايلارنى بىر يەرگە توپلايدىغان كۇلۇبلارنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. تېكساسقا قاراشلىق سانت ئانتونيۇ شەھرىدە تەسىس قىلىنغان بۇ كۇلۇب بۇ تۈر بويىچە تەسىس قىلىنغان تۇنجى كۇلۇب ئىدى.

✽ 1917-يىلى ماي ئېيىدا لىيونز كۇلۇبلىرى خەلقئارالىق تەشكىلات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىنى ئەڭ دەسلەپكى روتارىي كۇلۇبى جايلاشقان چىكاگو شەھرىدە ئاچتى.

✽ بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ كۇلۇبنىڭ 1834-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى نيۇيورك شەھرىدە تەسىس قىلىنغان بىناي بىرس (تەۋرات ئوغلانلىرى) كۇلۇبلىرىغا قاراشلىق، قارايدۇ.

✽ ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇ كۇلۇبلار ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىللەر بىلەن ئەركىن قۇرغۇچى (ماسون) لار تەشكىلاتىغا ئەگىشىدۇ.

✽ لىيونز كۇلۇبلىرى يۇقىرىدىكى تەشكىلاتلار بېسىمغا دۇچ كەلگەن ياكى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش ئۈچۈن قۇرۇلغان. چۈنكى بۇ تەشكىلاتنىڭ قىياپ

ھالبۇكى لىيونز كۇلۇبلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۇلۇبلار بېسىمغا دۇچ كەلگەن ياكى پاش بولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئىجتىمائىي ساھەدە خەير- ساخاۋەت قىلىدىغان تەشكىلاتلار شەكلىدىكى قىياپەتلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرھال ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان.

پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى:

www.munber.org

✽ ”قارا“ مەنسىدىكى «لىيونز» دېگەن بۇ ئىسىملىرى كۈچ ۋە جاسارەتكە ئىشارە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىنگىلىز تىلىدىكى (LIONS) كەلىمىسىنىڭ ھەر بىر ھەرپى بىر مەنەنى ئىپادىلەيدۇ.

✽ بارلىق ماسون كۇلۇبلىرىغا ئوخشاشلا سىياسىي ۋە دىنىي ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا تالاش- تارتىش قىلىشتىن چەكلەيدۇ.

✽ كۆرۈنۈشتە تۆۋەندىكى ساھەلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ:

- قېرىنداشلىق، ھۆرلۈك ۋە باراۋەرلىككە چاقىرىش.

- ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلەر.

- زىيارەت، سەپەر ۋە ئۇچىرىشىشلارغا قىزىقتۇرۇش.

- خەلقلەر ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە ھەمكارلىق ئاڭلىرىنى بېيىتىش.

- ئەقىدىۋىي مۇناسىۋەتلەردىن يىراق ھالدا كىشىلەر ئارىسىدىكى سەمىمىيەت روھىنى جانلاندۇرۇش.

- ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتا كۆڭۈل بۆلۈش.

- مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق مەرىپەت تارقىتىشقا تىرىشىش.

- ئەمالارغا ياردەم بېرىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش.

- پۇخرالار ئۇستىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىش.

- يەرلىك مۇھىتقا خىزمەت قىلىش.

- كۆڭۈل ئېچىش مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەش.

- خەيىر- ساخاۋەت ساھەسىدىكى پىلانلارنى قوللاش.

- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پىلانلىرىنى ھىمايە قىلىش.

✽ ئەزالىق:

- بۇ كۇلۇبلارنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى ماسون ۋە روتارىي كۇلۇبلىرىنىڭ ئەزالىق شەرتلىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

- بۇ كۇلۇبنىڭ ماسون كۇلۇبلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ كۇلۇبتا بىر خىل كەسىپكە ئىككىدىن ئارتۇق ئەزا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

- ھېچقانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭغا ئەزا بولۇش ئىلتىماسى سۇنۇلمايدۇ. ئەزانى ئۇلار ئۆزلىرى نامزاتلىقتا تاللايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىغا بىرەر ئىش قىلىپ بىرەلىشىگە كۆزلىرى يەتكەندە ئۇ كىشىنى ئەزالىققا تەكلىپ قىلىدۇ.

- ئەزانىڭ ئىشى ئېتىۋاتقان باي كىشىلەردىن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

www.munber.org

- ئەزانىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ كۇلۇب بار رايوننىڭ ئۆزىدە بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

- ھەر بىر ئەزانىڭ ھەپتىلىك يىغىلىشلارغا قاتنىشىش نىسبىتى يىلدا 60%

دىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت.

- ئەقىدە ئىگىلىرى ۋە كۈچلۈك دەرىجىدە ۋەتەن سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ كىرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ.

- تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ قولايلىقىدىن باشقا كۇلۇبنىڭ ئاكتىپلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇمكىنلا بولسا يېشى ئەڭ كىچىك قىز- يىگىتلەرنى ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىدۇ.

- يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىپ, ئۇلارغا چوڭ- چوڭ كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ خىلدىكى ئاياللارنىڭ «لىيونز خانىملىرى كۇلۇبلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىچە كۇلۇبلىرى بار.

## تەشكىلى قۇرۇلمىسى:

✲ لىيونز كۇلۇبلىرى پىرىم جوغراپىيىلىك تۈزۈم ئورنىتىشتا روتارىي كۇلۇبلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۇلۇبلارنىڭ تارقىلىش دەرىجىسىگە قاراپ دۇنيانى بىر قانچە بۆلەككە ئايرىيدۇ، بىر بۆلەكنىڭ مەخسۇس نومۇرى بولىدۇ. بىر بۆلەك بىر ياكى بىر قانچە دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رايون ياكى ۋىلايەت نومۇر بىلەن ئاتىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى رايونلارنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بىۋاستە ھالدا باش مەركەز بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى 352-نومۇرلۇق رايونغا جايلاشقان.

✲ ھەر بىر كۇلۇب تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

- رەئىس.

- بىر ياكى بىردىن ئارتۇق رەئىس ياردەمچىسى.

- ئون ئىككى ئەزادىن تەركىب تاپقان ئىدارە ھەيئىتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ياكى ئىككى ئەزا بۇرۇنقى كۇلۇبلارنىڭ رەئىسلىرىدىن بولۇشى شەرت. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئىدارە ھەيئىتىنىڭ كۇلۇبلىرى ئۈچۈن مۇناسىپ بولمىغان يوللارغا ئېغىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

- ئوخشاش بولمىغان تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىدارە مەجلىسى تەرىپىدىن ھەر خىل كومىتېتلارنى تەشكىللەش.

بۇ كۇلۇبلارنىڭ خەتەرلىك تەرەپلىرى:

✲ كۆرىنىشتىكى خەيىر- ساخاۋەت پائالىيەتلىرى ئارقىسىغا ھەقىقىي غايىلىرى يوشۇرغان قىلىتاقتىن ئىبارەتتۇر.

www.munber.org

✽ پىلاننى ناھايىتى ئەتراپلىق تۈزۈش ئۈزگىچىلىكىگە ئىگە. مەلۇمات توپلاشتىمۇ مەخپىيەتلىكنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

✽ ئۇچىرىششلار ئارقىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ سىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا يەرلىك بازارلارنىڭ كونترول قىلىش قۇدرىتىنى بىغىشلايدۇ، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ئارىلىششىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

✽ ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى توپلايدۇ ۋە تەشكىلاتنىڭ خەلقئارالىق مەركىزىگە يوللايدۇ. ئۇ بۇ مەلۇماتلار مۇلاھىزىلەردىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كېرەكلىك ۋە مۇناسىپ پىلانلار تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

✽ ئۇلار ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رايوننى بۆلىشىۋالىدۇ. ھەر قىسىم ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىكى پائالىيەتلەرنى چوقۇم تولۇق ئادا قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

✽ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىر، كىلىش مەنبە ۋە قوللانغان ۋاستىلەرنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ناھايىتى كۈچلۈك ئىنىقسىزلىقلار بار.

✽ لىيونىز رايون ئىدارە ھەيئەتلىرى كۈچلۈك شەكىلدە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئالىدۇ.

✽ ئۇلار ئىزچىل ھالدا «دىن ئاللاھنىڭ، ۋەتەن ھەممەيلەننىڭ» دېگەن شوئارنى تەكرارلايدۇ.

✽ ئۇلارنىڭ قارىشىچە مەيلى ساماۋىي ياكى بەشەرىي بولسۇن دىنلار ئوخشاش بولۇپ، ئىسلاممۇ باشقا دىنلار بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە كۆرۈنۈشتە شۇنداق قارىسىمۇ، ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى باشقا دىنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبنىڭ مەنسۇپلىرى چاقىرىق ۋە لېكسىيەلىرىدە ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئورنىنى مۇئەييەن دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىگە سەھيونىزم پىكىرلىرىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

✽ قاھىرەنىڭ يېڭى مىسىر رايونىدىكى لىيونىز كۇلۇبلىرى ئىسرائىل بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق ئەھدىنامىسى ھەققىدە توختىلىش ئۈچۈن بىر سىمىنار ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن.

✽ «خەيبەر مۇراسىملىرى» نامى ئاستىدا قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش ئۇسۇل ئوينايدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

✽ ھىجرىيە 1398 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى مەككە مۇكەررەمەدە چاقىرىلغان يىغىننىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا فىقھىي ئاكادېمىيىسى

www.munber.org

بىر قارار چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ماسون، لىيۇنز ۋە روتارىي ھەرىكەتلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئىسلام قانۇن- پرىنسىپلىرىغا تامامەن زىت كېلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

✽ لىيۇنز كۇلۇبلىرى ئۆزى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ماسونىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى بىردۇر.

✽ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇلارنى يوق قىلىش ۋە ئىنسانىي بىرلىكنى مەيدانغا كەلتۈرۈش پىكىرىگە چاقىرىدۇ.

✽ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نىيگىزىنى سەھيۇنىزم پىكىردىن ئالىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

✽ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن ئەللىرىدە كۇلۇبلىرى بار.

✽ 1970-يىلىنىڭ باشلىرىدا لىيۇنز كۇلۇبلىرى 146 دۆلەتتىكى ئەزالىرىنىڭ سانىنىڭ 943 مىڭغا يەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

✽ ھازىرقى باش مەركىزى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا قاراشلىق ئەلىنوي شتاتىنىڭ ئوك بروك شەھرىدە.

✽ لىيۇنز ۋە روتارىي كۇلۇبلىرى ئىسرائىل تىنچلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئاكتىپلىشىپ كەتكەن.

✽ بۇ تەشكىلات ئۆزلىرىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ ئورنىنى يېڭى مىسىردىكى سالام مېھمانخانىسى، ھىلتون، شىبىرد ۋە شىراتونغا ئوخشىغان ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىلاردىن تۇتىدۇ.

✽ دوستلۇق ياكى بەزى ئەھمىيەتلىك پىلانلارنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرغان يىغىنلىرىدا مۇكاپات سۈپىتىدە زور مىقداردا مەبلەغ سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ مالىيە مەنبەلىرىنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا سوئال بەلگۈلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: لىيۇنز ماسونىنىڭ يېڭى يۈزى بولۇپ، يەھۇدىيلار ماسون مەجلىسخانىلىرى تاقالغاندىن كېيىن بۇنى ئىجاد قىلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ كۆرۈنۈشى رەھمەت، ماھىيىتى ئازاپتۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇ مىسىر، ئىئوردانىيە، سۈرىيە، لىۋان، بەھرەين، ماراكەش، تۇنىس ۋە ئىراققا ئوخشىغان كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئەركىن-ئازادە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئىجتىمائىي پائالىيەت، دەپ ئاتىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى جەمئىيەتنىڭ پىلان بويىچە تەرەققىي قىلىشى، مىللىي تىركىشىش،



www.munber.org

تەۋەلىــــك مۇتەئەســــسىپلىكى ۋە دىنىـــي ئىختىلاپلارنـــى يــــوقىتىش ئۈچـــۈن قىلىنغۇاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىلىشى كېرەك بولغان ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇلار بىر گۇمانلىق جامائەت، ئۇنى شەك ۋە گۇمانلار ئـوراپ تۇرىـدۇ. بۇلارنـىڭ باشـقا ئۇلارنـىڭ نـامەلۇم ئەجنەبىـيلەر تەرىپىـدىن ھىمـايە قىلىنىـدىغانلىقىنىڭ ئۆزىمـۇ ئۇنىڭـدىن يىـراق تـۇرۇش ئۈچـۈن يېتەرلىـك دەلىـل بولالايدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ھۇسەيىن ئۆمەر ھۇمادە: شهادات ماسونية, قۇتەيبە نەشرىياتى- دەمەشق، بىرىنچى نەشرى، 1400ھ/1980م.

- ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتى: حقيقة نوادي الروتاري, ئىككىنچى نەشرى، 1394ھ/1974م.

- شەيخ مۇھەممەد ئەلى ئەززەئبىي: الماسونية في العراٴ.

- جەۋاد رەفئەت ئەتىلخان: أسرار الماسونية.

- ئابدۇللاھ ئەتتىل: خطر اليهودية العالمية على الإسلام والمسيحية.

- ئابدۇللاھ ئەتتىل: جۇور البلاٴ.

- مۇھەممەد سەفۇەت ئەسسەقا ۋە سەئدىي ئۇجىيب: الماسونية، دۇنيا ئىسلام بىرلىكى نەشر قىلغان، مەككە مۇكەررەمە ئىككىنچى نەشرى، 1402ھ/

- د.سابىر ئابدۇرراھمان تۇئەيمە: الماسونية والصهيونية والشيوعية، ئەرەب پىكىر نەشرىياتى- قاھىرە، بىرىنچى نەشرى، 1978م.

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: المخلك 352- أندية ليونز الماسونية في مصر، ھىكمەت نەشرىياتى- قاھىرە.

- «ئەلجۇندى ئەلمۇسلىم» ژۇرنىلى، ئون بىرىنچى يىل، 34-سان، زۇلھەججە 1404ھ/ 1984م.

- «ئەلئەخبار» گېزىتى- قاھىرە، 27/1/1984-كۈنى.

- لىيۇنز كۇلۇبلىرى خەلقئارا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈزۈم لائىھەسى.

- بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى، 1974-يىل باسمىسى، 4-توم، 302- بەتتىكى «ماسون ياكى ئەركىن قۇرغۇچىلار» توغرىسىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

چەتئەل مەنبەلىرى:

Encyclopaeddia Britnnica, Vol. V,p385, 1974

www.munber.org

# ھېيرۇت (ئەركىنلىك) ھەرىكىتى

ئېنىقلىما:

«ھېيرۇت» سەھيۇنىزمچى سىياسىي پارتىيە. 1948-يىلى مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن زېمىنىدا ئىسرائىل ئىسملىك بىر يەھۇدىي دۆلىتى قورۇلغاندىن كېيىن مۇناھىم بېيجىن تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھېيرۇت پارتىيىسى 1948-يىلدىن ئىلگىرىكى ئەراجون تېرورچى تەشكىلاتىنىڭ ئىز باسارى ھېسابلىنىدۇ.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✽ 1948-يىلدىن كېيىن: ئەراجۇن زەفائىي لئومىي تەشكىلاتى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئەمما ئىسرائىل ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى رەت قىلغان كىشىلەر تېرور بايرىقىنى كۆتىرىۋالغان ھېيرۇت ياكى ئەركىنلىك نامى ئاستىدا بىر سىياسىي پارتىيە تەشكىل قىلغان. بۇ پارتىيىنىڭ بېشىدا مۇناھىم بېيجىن بار ئىدى..

✽ 1965-يىلى ھېيرۇت پارتىيىسى ھۆرلەر پارتىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ «جەھل» نامىدا بىر پارتىيە تەشكىل قىلدى. جەھل «جوش، ھېيرۇت، لىبېرالىم» (ھېيرۇت ۋە ھۆرلەر تويلىمى-مەنىسىدە) پارتىيىلىرىنىڭ ئىبرانى تىلىدىكى قىسقارتىلمىسىدۇر. ئۇلار پىكىر ۋە ئەقىدە جەھەتتە ھېيرۇتنىڭ ئەقىدىلىرىنىيسىدىن قەتئىي ئېغىپ كەتمىگەن بىر سىزىق بويىچە ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى.

✽ 1973-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا جەھل ۋە ھۆر مەركەز (بۇنىڭ رەئىسى سابىق باش مىنىستىر شامىير ئىدى)، رەسمىي جەدۋەل ۋە پوتۇن ئىسرائىل زېمىنى ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئوڭچىل پارتىيىلەر ھۆكۈمەت بېشىدىكى ئىشچى پارتىيىسىگە قارشى «لىيكود» نامىدا بىر بىرلىكسەپ تەشكىللىدى. بۇ بىرلىكلەرنىڭ ئىچىدىن ئارىيىل شارون، ئەزرا ۋايزمان ۋە دوكتور بۇنيامىن ھېلفىيغا ئوخشىغان ئالدىنقى قاتاردىكى تېرورچىلار يېتىشىپ چىقتى.

✽ لىيكود كېنىسسىت (پارلامېنت) ئالدىدا ئۆزىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئېلان قىلدى. ئومۇ ئوخشاشلا تېرور سىياسىتىنى ئالدىنقى پىلانغا قويدى. زوراۋانلىقتا

www.munber.org

ئائىت پىكىرلەر قويۇق تۈس ئالغان بۇ پروگرامىدا ھەتتا مۇستەملىكە ئاستىدىكى زېمىنلاردىمۇ كۆچمەن يەرلەشتۈرۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىدى.

بۇ دائىرە ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلەر:

❃ مۇناھىم بېگىن: 1913-يىلى پولونىيەدە دۇنياغا كەلگەن. 1938-يىلى ئۇنى سەھيۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەن سەھيۇن كاتتىۋېشى جابوتىنىسكىي بىلەن ئۇچراشقان. بېگىن 1942-يىلى پەلەستىنگە كىرگەن ۋە ئەراجون تېرور تەشكىلاتىغا قاتناشقان. ئۇ شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1948-يىلى ئەراجون تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ھېيرۇت پارتىيىسىنى تەسىس قىلغان. 1973-يىلى لىيكود بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1977-يىلى مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن زېمىنىدىكى يەھۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1977-يىلى مىسىر رەئىسى ئەنۋەر سادات بىلەن كامىب دېيۋىد ئىتتىپاقىنى ئىمزالىغان.

- مۇناھىم بېگىن جابوتىنىسكىي سىياسىتىنى ياقلاپ ماڭغان ئەڭ رادىكال تېرورچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەۋجۇدلا بولىدىكەنمەن، ئۇرۇش قىلىمەن»، «ئەرەبلەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىدىغان تىل كۈچتۇر.»

❃ ئەزرا ۋايزمان 1924-يىلى تېل ئابىبتا دۇنياغا كەلگەن، بىرىتانىيە ھاۋا ئارمىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن... 1948-يىلى پەلەستىن ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1958-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە ئىسرائىلىيە ھاۋا قورallىق كۈچلىرىنىڭ قوماندانى بولغان، 1967-يىلىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئارقىدىن قاتناش مىنىستىرى بولغان. 1975-يىلىغا كەلگەندە مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان.

❃ يۇھەننا بېيدەر: ئەراجون تېرور تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. پارتىيەنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى ۋە تېرور پەلسەپە نەزەرىيەلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغۇچىسى، ھېيرۇت گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى.

❃ يەئقۇب مېرىيدور: ئەراجون ھەرىكەتلىرىنىڭ سابىق مۇدىرى.

❃ يوھەننا بارو، ناھوم يەسئەن... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېرور ۋە رادىكاللىق سۈپەتلىرى بىر يەرگە ئېلىپ كىلىدۇ.

❃ ئارىيىل شارون: 1928-يىلى پەلەستىندە دۇنياغا كەلگەن، 1944-يىلى ھاجاناھ تېرور تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان، 1948-يىلىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان، 1956-يىلىدىكى ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە ئىسرائىل بىر تەرەپ، مىسىر بىر تەرەپ تۇرۇپ قىلغان ئۇرۇشقا قاتناشقان.. 1967-يىلىدىكى ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان، ئۇرۇشتىن كېيىنلا

www.munber.org

پىنسىپىگە چىقىرىلغان. 1973-يىلىدىكى ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرگەن ۋە سۇۋەيس قانىلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى دېفىرسۇۋار ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. ھېيرۇت پارتىيىسى ئەڭ چوڭ پارتىيە سۈپىتىدە ئىشتىراك لىيكود بىرلىك سېپىگە قاتناشقان.. ۋە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يەھۇدىي كاتتىۋاشلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان... بۇلاردىن سىرت ئۇ لىۋانغا ھۇجۇم قىلغان يەھۇدىي ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى، لىۋاندىكى سەبرا ۋە شاتىيلا قىرغىنچىلىقىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئىدى.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

✲ مۇستەقىل پارتىيە سۈپىتىدە تەسىس قىلىنغاندىن، ھەتتا ئوخشاش پرىنسىپنى ياقلايدىغان بىر قانچە پارتىيىنى ئۆز ئىچىگە «لىيكود» بىرلىك سېپىگە قېتىلغىنىدىن كېيىنكى (پارتىيىگە بىرلىگەن ئېنىقلىمىدىكى) ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنىڭ گەۋدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

- بۈيۈك ئىسرائىل چېگراسىنى تەلەپ قىلىش، 1967-يىلى بېسىۋېلىنغان ھەر قانداق زېمىندىن ۋاز كەچمەسلىك، يەھۇدىي خەلقىنىڭ ئەجدادلار زېمىنى.. ئىسرائىل زېمىنىدا ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان تارىخىي ھەقلىرى بار، دەپ قاراش.

- ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارشى دۈشمەنلەرچە ھەرىكەتلەرنى تەبرىكلەش... ئۇرۇش ئەرەبلەر چۈشىنىدىغان يېگانە ۋاسىتە،دەپ قاراش.

- يەھۇدىيلاردىن كۆچمەن يەرلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، كۆچۈش مەسىلىسىگە رىغبەتلەندۈرۈشنى دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆچمەن يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك مالىيە ئاجرىتىشى زۆرۈر، دەپ قاراش.

- يەھۇدىيلاردىن ۋە دىياسپورا (تارقاق ھالەتتىكى) زېمىنىدىكى يەھۇدىي خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىش ۋە تەقدىرلىرىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش.

- مەجبۇرىي ئەسكەرلىك قىلىش ھەر بىر يۈخرانىڭ ۋەزىپىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارقا سەپ كۈچلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ئەسكەرلەرنى يېڭى ئۇسۇل بويىچە يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

- غەرب لاگېرى، خۇسۇسەن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە فرانسىيە بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ھەربىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش.

- پارتىيە سەھيۇنىيلار بىرلىكىنىڭ شۆبىسى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۆبىلىرى ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىلاردا كەڭ تارقالغان.

www.munber.org

- دۆلەت ئىچىدىكى ئەرەب ئاز سانلىقلىرىنى سىقىشتۇرۇش ۋە پاناھلانغۇچىلار لاگىرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

✻ سەھيۇنىيلارنىڭ پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي ھەققى بارلىقى، ئۇنىڭ قايتىش زېمىنى ئىكەنلىكى، يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، يەنە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ تاللانغان خەلقى ئىگەنلىكى توغرىسىدىكى دەۋالار، شۇنىڭدەك 1948-يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندە يۈرگۈزگەن تېرورلۇق، زوراۋانلىق ۋە كوللىكتىپ قەتل قىلىشقا ئوخشىغان ئۇسلۇبلىرىنىڭ ھەممىسى باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن بورۇن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن تەۋراتنىڭ مۇقەددىمىسى، دەپ قارىلىدىغان تېلمود ناملىق كىتابنىڭ تەلىماتلىرىنى چىقىش قىلىدۇ.

- كۆپ ساندىكى ئىرقچىلىق ئىدىيىلىرىنى تېلمودنىڭ سۆزلىرىدە ئۇچرىتىمىز: «يەھۇدىيلار ئاللاھقا پەرىشتىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكرەكتۇر.»، «پەقەت يەھۇدىيلارلا ئىنساندۇر، ئەمما باشقا خەلقلەر ھايۋانلارنىڭ پەرقلىق تۈرلىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.»

- يېگى سەھيۇنىزمچىلارنىڭ زوراۋانلىق ۋە ئۆلتۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئاساسىنىمۇ تېلمودنىڭ سۆزلىرىدە ئۇچرىتىمىز: «دۈشمەنلەرگە رەھىمدىل بولۇش ئادىللىق ئەمەس» ، «ئەخمەقلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش چەكلەنگەن.»، «زېمىن يۈزىدىكى خرىستىيان ۋە مۇسۇلمان...لارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىشى شەرت.»

- يەھۇدىيلارنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى تېلمودنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى پرىنسىپ ۋە ئىدىيە شەكلىدە نەزىرىيەلەشتۈرگەن. بۇ پرىنسىپلار نەتىجىدە مەخسۇس شۇلارنىڭلا پەلسەپىسىگە ئايلانغان. مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلغاندا ھېيرۇت ۋە ئىسرائىلىنىڭ باشقا پارتىيىلىرىنىڭ تېرورلۇق ئىدىيىلىرىنىڭ يىلتىزلىرى يەھۇدىي مۇتەپەككۇرى زېئىف جابوتىنىسكىيغا تۇتىشىدۇ. ئۇ 1940 - 1980-يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان، روسىيەدە دۇنياغا كەلگەن، 1908-يىلى پەلەستىننى زىيارەت قىلغان، ھاجاناھ تېرور تەشكىلاتىنى تەسىس قىلغان ۋە يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ پەلەستىن زېمىنىدىكى ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك بولغان پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پرىنسىپلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

www.munber.org

1- زوراۋانلىق ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ يېگانە يولى.

2- باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكلەرنىڭ دەۋرى ئاللىقاچان ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشىنى رەت قىلىدىغان، باشقىلارغا ھوقۇقىغا قەتئىي پەرۋا قىلمايدىغان، ئەقىل، ئەخلاق، ھەتتا بەدەن ئاكتىپلىقىنىڭ سايىسىدىمۇ ياشىرىپ كېتىشى قىيىن مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىللىي شەخسىيەتچىلىكلەرگە تايىنىدىغان يېڭى بىر دۇنيا ئىگەللىدى.

3- ئەرەبلەرگە ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىگە يېقىنلاشماسلىق. (جابوتىنسكىي 1924-يىلى يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىش يولىدىكى ھەر قانداق ئورۇنىشىغا قارشى تۇردى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا «ئەرەبلەر بىزنىڭ تاغىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارمۇ ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن كەلگەن» دېگەندە ئۇ مۇنداق رەددىيە قايتۇرغان: «ئىسمائىل بىزنىڭ تاغىمىز ئەمەس، بىز (بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن!!) ياۋرۇپاغا تەۋەمىز، ئىككى مىڭ يىل بويىچە غەرب مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا ھەمكارلاشتۇق.»)

4- يەھۇدىيلار ئاللاھنىڭ تاللىغان خەلقلىرىدۇر. ئۇنىڭ مەدەنىيىتى بارلىق مەدەنىيەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مانا بۇلار تۇنجى تېرورىست جابوتىنسكىي ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلاردۇر.

بۇ پرىنسىپلار ئىسرائىل مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ يەھۇدىيلارنىڭ رەسمىي سۈپەتتىكى مۇداپىئەلىنىش تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تەتبىقلىنىشقا باشلىغان. مۇناھىم بېيجىن ئۇستازى جابوتىنسكىينىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ياخشى ئىگەللىگەن، ئۇنىڭ ۋە ئەراجون، ماھاناھگا ئوخشىغان باشقا تېرور تەشكىلاتلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى قەلبىگە پۇختا يەرلەشتۈرگەن بىرىنچى شاگىرت ھېسابلىنىدۇ.

ئوخشىمىغان گورۇپپىلارغا مەنسۇپ سەھيۇنىزم ئېقىملىرى جابوتىنسكىينىڭ مېتودى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جان- جەھلى بىلەن ئۈچ كۆرىدىغان تۈيغۇسىنى ئەينەن داۋاملاشتۇرىدۇ. ھازىر دەۋردىكى سەھيۇنىزمچىلار ئۇنى پەقەت ئۆزگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ تەسۋىرلەشكە قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، رېئاللىق ئۇنىڭ دەل ئەكسىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

- سەھيۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ئارىسىدا گېرمانىيە پەيلاسوپى نىتزىينىڭ "يۈكسەك ئىنسان" ۋە "كائىناتتىكى ئاساسلىق ئامىلنىڭ كۈچ ئىكەنلىكى" توغرىسىدىكى پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارمۇ بار. مۇقىمسىزلىق ۋە زورلۇق ئارىلاشقان ئىنقىلاب ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇش چىقىشتىكى بىردىن بىر يول، دېگەن قاراشتىكى جوزېف بىرويشفكى (1865-1921م) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.



www.munber.org

- بۇ پىكىرنى چىقىش قىلغان بىن جوريون (يەھۇدىي دۆلەتچىكىنىڭ تۇنجى رەئىسى) مۇسۇلمان ۋە ئەرەبلەرگە قارىتىلغان سىياسىتىنى «ئىسرائىل: دوئىل ئېلان قىلىش يىلللىرى» ناملىق كىتابىدا ئاساسقا ئىگە قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىل، دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دۆلەتنىڭ كۈچ ۋە قۇرالسىز ياشىشى مۇمكىن ئەمەس»، «كۈچ ئەرەبلەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتىكى بىردىن بىر تىل.»

- مۇناھىم بېيجىنمۇ ئۆزىنىڭ "قوزغىلاڭ" ناملىق كىتابىدا تېرور ۋە ئىنقىلاب پەلسەپىسىنى تولۇق يۇرتىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇرۇش قىلمىساق بىز يوقىلىپ كىتىمىز، قورقۇلۇشنىڭ بىرلا يولى ئۇرۇشتۇر.»

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ھېيرۇت پارتىيىسى 1948-يىلى ئىسرائىل دۆلىتى قورۇلغاندىن كېيىن، مۇناھىم بېيجىن تەرىپىدىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىنىدە قۇرۇپ چىقىلغان. بۇ پارتىيە 1967-يىلى مۇستەملىكە قىلىنغان ھېچقانداق زېمىندىن ۋاز كەچمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، بۈيۈك ئىسرائىل چىگراسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارشى دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى قوللايدۇ. ئۇرۇشنى ئەرەبلەر چۈشىنىدىغان يىگانە ۋاستە، دەپ قارايدۇ. پەلەستىنگە دىن ۋە كۆچمەن يەرلەشتۇرۇش ۋە ئاز سانلىق ئەرەبلەرگە بېسىم ئىشلىتىش مەسىلىلىرىگە ئىلھام بېرىدۇ. زوراۋانلىقنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەرەب ئىنسانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تىرىكلا كۆمىتىش ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسرائىلدا تارقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىسرائىلنىڭ غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىسرائىلنى ئىزچىل ھالدا غەرب لاگىرىنىڭ ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۇرۇشكە تىرىشىدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


- مەھمۇد سەئىيد ئابدۇززاھىر: الصهيونية وسياسـة العنـف، مىسىر يازغۇچىلار باش ھەيئىتى- قاھىرە، 1979م.

- ئىبراھىم ئەلئابىد: العنف والسلام، دراسة في الاستراتجية الصهيونية، ئازاتلىق تەشكىلاتى تەتقىقات مەركىزى- بېيرۇت 1967م.

- ئەسئەد رەزۇق: نظرة في أحزاب إسـرائيل، ئازاتلىق تەشكىلاتى تەتقىقات مەركىزى- بېيرۇت 1966م.

- بۈيۈك ئىسرائىل: سەھيۇنىزم كېڭىيىش ئىدىيىسى ھەققىدە تەتقىقات.


www.munber.org

- بەسسام ئەبۇ غەزالە: الجذور الإرهابية لحزب حيروت الإسرائيلي، ئازاتلىق تەشكىلاتى تەتقىقات مەركىزى- بېيرۇت 1966م.

- ئابدۇلۋاھھاب كيالي: المطامع الصهيونية التوسعية, ئازاتلىق تەشكىلاتى تەتقىقات مەركىزى- بېيرۇت 1966م.

- مۇناھم بېيجىن: التمرد، قصة الأراجون، مىسىر يازغۇچىلار باش ھەيئىتى- قاھىرە، 1978م.

- روگىي دىلورم: إني أتهم، جەرمەق بىسىش، تارقىتىش نەشرىياتى- بېرۇت 1980م.

- بولس ھەننا مەسئەد: همجية التعاليم الصهيونية، ئىسلام كۇتۇبخانىسى- بېيرۇت.

- د.مۇھەممەد شەتتا ئەبۇ سەئد: حق الشعب الفلسطيني في تقرير مصيره، 1984-يىلى قاھىرەدىكى زەقاقىق ئۇنىۋېرسىتېتى تەرپىدىن چاقىرىلغان دۇنيا خەلقلىرى ھوقۇقى قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلغان تەتقىقات ماقالىسى، 1-6-بەتلەر.

چەتئەل مەنبەلىرى:

- Lenczowski, G: The Middle East in the World Affairs. New York 1956.

- Glubb, J.B: Soldier with the Arabs, London 1948.

- Herzle, Theodar: The Jewish State. New York 1972.

- Menuhin Mashe: The Decadance of Judaism in our Time.

- Begin.Menachem: The Revolt. Story of the Irgunn, New York 1951.

- Herzle, Theodar: The Complete Diaries Vol.4.1616.

- Ben Gurion.David: Rebirth and Destiny of Israel. New York 1964.

www.munber.org

# ئىنتراكىت كۇلۇبلىرى

ئېنىقلىما:

«ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرى» خەلقئارالىق يەھۇدىيلار ۋە ماسون تەشكىلاتلىرى كونتروللىقى ئاستىدىكى خەلقئارا روتارىي تەشكىلاتىغا قاراشلىق ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي كۇلۇبلاردىن ئىبارەت. بۇ كۇلۇبلار باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

✽ 1962/1961-يىللىرى روتارىي خەلقئارالىق قورۇلتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرى قورۇلۇپ، «ئۆرلىگۈچىلەر» كۇلۇبلىرى، دەپ نام بېرىلگەن.. بۇ كۇلۇبلارغا قاتنىشىدىغان بالىلارنىڭ يېشى 14بىلەن 18نىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرىنىڭ 1984/1983-يىللىق مەخسۇس ئىستاتىستىكىسىدا ئىنتىراكىتنىڭ 121 كۇلۇبى قورۇلغانلىقى ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئەزالىرى سانىنىڭ91مىڭ 150 كە يەتكەنلىكىگە ئىشارە قىلىنغان. بۇ ساندىكى ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرىغا روتارىينىڭ 79 دۆلەتتىكى 359 كۇلۇبى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

✽ 1986-يىلى روتارىينىڭ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى باش مەركىزى «مانا بۇ روتارىي» تېمىسىدا مەخسۇس ماتېرىيال نەشىر قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدا روتارىي، ئىنتىراكىتلارنىڭ يۈز دۆلەتتە ئون مىڭدىن ئارتۇق كۇلۇبى قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

✽ ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرى مىسىرغا ئوخشىغان بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ ئېچىلغان.. «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى سانى ئىسكەندەرىيىەدىكى سىپورتنىڭ كۇلۇبىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىنتىراكىت كۇلۇبىنىڭ يىللىق پائالىيەت مۇراسىمى توغرىسىدا خەۋەر يازغان، بۇ مۇراسىمنى «ئەلبىتتى شاھ ناخشا- ئۇسۇل گۇرۇپپىسى» قىزىتىپ بەرگەن. قولىمىزدا باشقا ئەرەب - ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىنتىراكىت كۇلۇبلىرى ھەققىدە ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوق.

پىكىر ۋە ئېتىقادلار:



www.munber.org

✽ بۇ تۇردىكى كۇلۇبلارنىڭ 14ـ 18 ياش ئارىسىكى بالىلارغا خاس قىلىپ ئاجرىتىلىشى ئەر-ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭلارنى كونتروللىقى ئاستىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە يۈرۈش- تۇرۇشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل غايىلىرىگە مۇۋاپىق شەكىلدە سىزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش مەسىلىلىرى خەلقئارالىق روتارىي تەشكىلاتى يەتمەكچى بولغان خەتەرلىك پىلاننىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبلار يېڭىچە تەلىم- تەربىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت، بوش ۋاقىت كەچۈرۈش، ئۆسمۈرلەرنى جەمئىيەت ئۈچۈن ھازىرلاش... دېگەنگە ئوخشىغان پارقىراق بىزەكلەر بىلەن بېزەلگەن قايمۇقتۇرغۇچى شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. سەھيۇنىزمنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىشلىرى بويىچە كەلگۈسىدە خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ئۆسمۈرلەرنى روتارىيچە چۈشەنچىلەر ئاساسىدا يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ھەقىقىي مەقسەتلىرىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ.

✽ بۇ خىلدىكى كۇلۇبلار چوڭلارنىڭ كۇلۇبلىرى بار روتارىي رايونلىرى دائىرىسىدە تەسىس قىلىنىدۇ. چۈنكى ئائىلىلارغا خاس ئىنىنرۋىل، ئەرلەرگە خاس روتارىيدىن ئىبارەت كۇلۇبلارنىڭ باشقۇرۇش پىلانلىرى قاتارىدا ئۇنىمۇ كونترول قىلىش ئاسانغا توختايدۇ.

✽ بۇ خىلدىكى كۇلۇبلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئەرەب- ئىسلام ئەللىرىدىكى ئاز سانلىق يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان خۇسۇسىي ئىنىستىتوتلاردا قورۇلۇپ چىقىدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبلار ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەخسۇس قىلىپ ناخشا، دىراما پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرىدۇ؛ چۈنكى بۇ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆسمۈرلەرگە كۈچلۈك ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتلىكى بولىدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبلارنىڭ ساياھەت ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سەھرالاردا چېدىر تىكىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىمۇ بار.

پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

✽ ئىنتىراكت روتارىي كۇلۇبلىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولغاچقا ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ماسون، يەھۇدىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە دۇنيا روتارىي كۇلۇبىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. بۇ كۇلۇبلار ئېلىپ بارىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك، مەدەنىيەت ۋە خەلقلەر ئارا قېرىنداشلىق نامى ئاستىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىدە دۇنيا يەھۇدىيلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

www.munber.org

تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

❁ بۇ كۇلۇبلار 1961- يىلى چاقىرىلغان خەلقئارا روتارىي قورۇلتىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا تەسىس قىلىنغان، ئۇ يەردىن ياۋروپاغا تارقالغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭ شۆبىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسرائىل ۋە مىسىر، ئىئوردانىيە، لىۋان، تونىس، ماراكەش، جازائىرغا ئوخشىغان بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىدە شۆبىلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: روتارىي كۇلۇبلىرى ماسون تەشكىلاتلىرى ۋە دۇنيا يەھۇدىيلىرى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان روتارىي تەشكىلاتىغا چېتىشلىق شەكىلدىكى كۇلۇبلاردۇر. بۇ كۇلۇبلارنىڭ يوشۇرۇن غايىلىرى بار بولۇپ، ياشلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، دەرسلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق تىنچلىق ئېقىمى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ماسونلارنىڭ پىكىرلىرىگە يوشۇرۇن ئىتائەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ماسونلارنىڭ پىكىرلىرىگە يوشاقچە ئىتائەت قىلىدىغان ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەككە مۇكەررەمەدىكى فىقھى ئاكادېمىيىسى ھىجرىيە 1398- يىلى شەئبان ئېيىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا بۇ تۈردىكى كۇلۇبلارغا ئەزا بولۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: الروتـاري في قفـص الاتـام، ئىئتىسام نەشرىياتى- قاھىرە، 1987- يىل نەشرى.

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: شـرخ في جـدار الروتـاري، ئىئتىسام نەشرىياتى- قاھىرە، 1408ھ/1988م.

- ھۇسەين ئۆمەر ھۇمادە: شهادات روتارية، قۇتەيبە نەشرىياتى، 1402ھ/ 1982م.

- «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلى - قاھىرە، 16/12/1980.

- «ئەلجۇندى ئەلمۇسلىم» ژۇرنىلى- رىياد، 55- سان، رەبىيئۇل ئەۋۋەل 1410ھ/1989م.

- كۇۋەيت ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتى رىسالىلىرىنىڭ بىرى: چقيقة أنديـة الروتاري.

www.munber.org

چەتئەل مەنبەلىرى:


- Rotary and its Brothers, Charles.F.Marden. 1963 1.
- My Road to Rotary, Ranl.P.Harris.
- Rotary Service.


www.munber.org

# روتراكت كۇلۇبلىرى

## (روتارىي ياشلىرى)

ئېنىقلىما:

«روتراكت» ماسون تەشكىلاتلىرى ۋە دۇنيا يەھۇدىيلىرى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقئارا روتارىي تەشكىلاتىغا قاراشلىق ئىجتىمائىي مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈردىكى كۇلۇبلار ئون سەككىز ياشتىن يۇقىرى يىگىرمە سەككىز ياشتىن ئېشىپ كەتمىگەن قىز- ئوغۇللاردىن تەركىب تاپقان ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، كىملەرنى قوبۇل قىلىپ، كىملەرنى قىلماسلىقنى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كۇلۇب قارار قىلىدۇ. روتارىي ياشلىرى كۇلۇبى روتارىي كۇلۇبى تەشكىلاتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، (ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى بويىچە) بارلىق پائالىيەتلەردە يۈكسەك ئەخلاقىي سەۋىيەنى ساقلاپ قېلىش، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىش ۋە رەھبەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش، خەلقئارا سەۋىيىدە چۈشىنىش ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلىدۇ.

قۇرۇلۇشى:

✽ 1917-يىلى روتارىي ياشلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى ۋە بۇ مەقسەتتە بىر فوندا تەشكىل قىلدى. بۇ فوندا كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ مۇئەسسەسەنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى.

✽ 1968/1967-يىللىدىكى خەلقئارا روتارىي قورۇلتىيى ئوقۇۋاتقان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇنىۋېرسىتېت ياشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كۇلۇبلارنى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلغان. روتارىي كۇلۇبلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتلاردا ئوقۇۋاتقان ياشلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن روتارىي رايونى دائىرىسىدە روتراكت كۇلۇبلىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

✽ 1984/1983 روتارىي يىلىدىكى روتراكت كۇلۇبلىرى توغرىسىدا مەخسۇس ھازىرلانغان ئىستاتىستىكا: موشۇ بىر يىل ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 134 كۇلۇبنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى، 90 روتارىي دۆلىتىدىكى 4011 روتارىي كۇلۇبىغا قاراشلىق روتراكت كۇلۇبلىرىنىڭ سانىنىڭ 4305 كە، ئەزالىرىنىڭ 86 مىڭغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



www.munber.org

✽ بىر قىسىم ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدىمۇ روتراكىت كۇبۇبلىرى تەسىس قىلىنغان.

## پىكىر ۋە ئېتىقادلار:

✽ روتراكىت كۇلۇبلىرىنىڭ ئېلان قىلغان غايىلىرىنىڭ بىرى ياشلار ئۇچۇن ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتلاردا ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بىرىش، يەنى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتى، سۇدان، لىۋان، بەھرەين دۆلىتى، ئىئوردانىيە ۋە قىبرىس قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە 245-نۇمۇرلۇق روتارىي رايۇنىدىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار سۈپىتىدە ئوقۇش پۇلى بىرىش. بۇ تۈردىكى ئوقۇش پۇلى روتارىي ئەزالىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگىلا بىرىلىدىغان بولۇپ، دۇنيا روتارىيسىنىڭ تۈزۈمىگە بوي سۇنىدۇ... كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۇچۇن ئوقۇش پۇلى ئۇچۇن ئىلتىماس سۇنغان ياشلارنىڭ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشى ۋە ئەپۇچان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى قىز- ئوغۇللاردىن تەركىپ تاپقان شەكلىك شەكىلدىكى ياشلارنى ئالماشتۇرۇش پىلانىدۇر. بۇ پىلاننىڭ شەرتلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- روتارىيلار كۇلۇبلىرىنىڭ بىرىگە ئەزا بولغان ياكى ئاتىسى روتارىي بولغان بىرىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش.

- يازلىق تەتىلدە ئۈچ ھەپتىلىك سەپەر قىلىش. ئوقۇغۇچى سەپەرنىڭ بېرىپ كېلىش چىقىمىنى ئۆزى كۆتىرىدۇ. تۇرۇش جەريانىدىكى چىقىملارنى ساھىبخان بولغان كۇلۇب ئۈستىگە ئالىدۇ.

- مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى 18 بىلەن 22 نىڭ ئارىسىدا بولۇشى لازىم.

- ئەڭ تۆۋەن بولغاندا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومىنى ئالغان ۋە سەپەر قىلىدىغان دۆلەتنىڭ تىلىنى بىر قەدەر بىلگەن بولۇش.

- سەپەر قىلىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزى ياكى ئوغلى سىرتتا ئۆتكۈزىدىغان ئۈچ ھەپتىلىك مۇددەت بويىچە ئۆز ئۆيىدە قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن بىر ئوقۇغۇچىنى كۆتىلىۋېلىشقا ھازىر تۇرۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

✽ بۇ پىلاننىڭ ئەمەلى كۆرىنىشىدىن نەمۇنە:

1981-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۇنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن زىمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان سەھيۇنى دۆلىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق تەلىم- تەربىيە مۇناسىۋەتلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى داۋىد روزلىين



www.munber.org

رەھبەرلىكىدىكى سەھيونىيلار ئۆمگىنى ياشلارنى ئالماشتۇرۇش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە مۇسۇلمان ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىگە سەپەر ئەۋەتتى. مىسىردىكى مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە تەتىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن بىرىنچى گۇرۇپ ئەللىك ئىسرائىلىيەلىك ئوقۇغۇچىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. يەھۇدىي دۆلىتىمۇ يەھۇدىي ئائىلىلىرى ئارىسىدا تەتىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوخشاش ساندا مۇسۇلمان ياشلارنى كۈتىۋالدى. بۇ ساھەدىكى كىلىشىم 1980-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت جەريانىدا تۈزۈلگەن ئىدى.

✽ ئېلان قىلىنغان غايىلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى، ياشلار سېپىدە ئىجتىمائىي رەھبەرلىك روھىنى، خەلق ئارىسىدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، ئەخلاق ساھەسىدە يۇقىرى ئۆلگىلەرنى يارىتىش ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپ، ساغلاملىق مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش...لاردىن ئىبارەت. بۇ قايمۇقتۇرغۇچى غايىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىش ياكى دۆلەتنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلان قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

✽ بۇ كۇلۇبلارنىڭ ھەقىقىي غايىسى بولسا، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىتىش، دىنىنىڭ قىممىتى ۋە تەلىماتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش.. ئۇنىڭدا ئوسۇللۇق مۇزىكا كېچىلىكى (بۇنى ياخشىلىق، دەپ ئاتىشىدۇ)، بارلىق شەكىللەردىكى ئارىلىشىشلار بىلەن كېچىنىڭ يېرىمىدىن كېيىنگىچە تۈنەش قاتارلىقلار ئومۇملاشقان. بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەردە ھاراق ئىچىشكە، ئىسلامىي ئەخلاققا يېقىنمايدىغان ئائىلىلەر بىلەن تەتىل ئۆتكۈزۈشكە.. ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش سەپەرلىرى ۋەياكى ئوقۇش جەريانلىرىدا ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى گۇناھ مۇناسىۋەتلەرنى ئۆتكۈزۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

✽ بۇ خىل ناچار پائالىيەتلەرنىڭ بىرىنى ئىسكەندەرىيەدىكى روتراكت كۇلۇبىنىڭ ياشلىرى «سپورتنىڭ كۇلۇبى»دا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭغا روتراكت ياشلىرى ۋە دوستلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر گۇرۇپ بىرىتانىيىلىكلەر ۋە كۆپ ساندا مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ ئەر - ئاياللىرىمۇ ئىشتىراك قىلغان. بۇ پائالىيەتنى سەنئەتچى ئۆمەر خۇرشىد ۋە جاز گۇرۇپپىسى قىزىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەغمىلىرىگە ماسلىشىپ قىز- ئوغۇللار بىرلىكتە ئۇسۇل ئوينىغان، پائالىيەت يېرىم كېچىدىن كېيىنگىچە داۋاملاشقان... (مىسىردىكى) ژۇرناللارنىڭ بىرى كۇلۇبنىڭ ئايال ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقسىز ۋە يېرىم يالىڭاچ ھالەتتىكى رەسىملىرىنى نەشىر قىلغان.

- ياشلارنى ساياھەت ۋە ساغلام بولمىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈممىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە پۇرسەت بەرمەيدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى پەلەستىن مەسىلىسى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى مۇستەملىكە قىلىشى..



www.munber.org

- ئەھلى سەلىپ سەھيۇنلىرىنىڭ خەتەرلىك پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىدە مەسئۇلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن روتارىي ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

## پىكىر ۋە ئەقىدىلەرنىڭ يىلتىزلىرى:

- ❁ روتراكت كۇلۇبلىرى ماسون ۋە يەھۇدىيلارنى ئارقا كۆرىنىش قىلغان دۇنيا رۇتاري كۇلۇبىنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەگىشىدۇ.
- ❁ شۇنداق بولغانكەن، كۇلۇبىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى دۇنيا ماسونلىرى تەرىپىدىن پىلانغان بولىدۇ ۋە خەلقئارا يەھۇدىيلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدۇ.

## تارقىلىشى ۋە تەسىر دائىرىسى:

روتراكت كۇلۇبلىرى 1916-يىلى دۇنيا روتارىيلىرىنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئاساسەن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدا تەسىس قىلىنغان. كېيىن ياۋرۇپا تارقالغان ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە شۆبىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن ۋە بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىدە شۆبىلىرى بار.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: روتراكت كۇلۇبلىرى دۇنيا يەھۇدىيلىرى كونتىروللىقى ئاستىدىكى خەلقئارا روتارىي تەشكىلاتىغا چېتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ كۇلۇبلار ماسونلارنىڭ ئۇۋىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يەھۇدىيلار كونترول قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسىتى دىنلارنى يوقىتىش، ئەخلاقىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك نامى بىلەن ۋەتەن پەرزەنتلىرىنى ئۆز ۋەتىنىگە قارشى جاسۇسلۇق قىلىشقا بۇيسۇندۇرۇش ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرىيە 1405-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 25-كۈنى ئەزھەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان پەتىۋادا كۆرسىتىلگەندەك مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ خىلدىكى كۇلۇبلارغا ئەزا بولۇشلىرى ھارامدۇر. ئىنتىراكت ۋە روتراكت كۇلۇبلىرى بىر داچەننىڭ ئىككى يۈزىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقكەن مۇسۇلمان ياشلار سەھيۇنىيلارنىڭ قايمۇقتۇرۇش ئويۇنلىرىغا ئەگىشىپ، پىتنە- پاسات تارقىتىدىغان، مەسئۇلىيەتنى بۇزۇپ تاشلايدىغان، ياغقا زەھەر سالىدىغان پار- پۇر شۇئارلىرىغا ئالدىنىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم.

## ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:



www.munber.org

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: الروتاري في قفص الاتهام، ئىئتىسام نەشرىياتى- قاھىرە، 1987-يىل نەشرى.

- ئەبۇ ئىسلام ئەھمەد ئابدۇللاھ: شرخ في جدار الروتاري، ئىئتىسام نەشرىياتى- قاھىرە، 1408ھ/1988م.

- ھۇسەين ئۆمەر ھۇمادە: شهادات روتارية، قۇتەيبە نەشرىياتى، 1402ھ/ 1982م.

- «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلى - قاھىرە، 16/12/1980.

- «ئەلجۇندى ئەلمۇسلىم» ژۇرنىلى- رىياد، 55-سان، رەبىيئۇل ئەۋۋەل 1410ھ/1989م.

- كۇۋەيت ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەمئىيىتى رىساللىرىنىڭ بىرى: چقيقة ۆندية الورتاري.

چەتئەل مەنبەلىرى:

- Rotary and its Brothers, Charles.F.Marden. 1963 1.

- My Road to Rotary, Ranl.P.Harris.

- Rotary Service.

www.munber.org